# تەلىمىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر

2



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

تەلىمىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر

2

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

تەلىمىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر

بىر تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسى بار دېگەندەك، قىسقىغىنا بىر ھېكايەت ھەجىم جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن ئالەمچە بىر پاراسەت ۋە ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئۇلۇغ مەزمۇندىكى تەربىيىنى نەزەرىيەلەشكەن ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېكايىلاشتۇرۇلغان بايانلارنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىش شەرق خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەنئەنىسى. دىققىتىڭلارغا سۇنۇلغان بۇ كىتابتىكى ھېكايەت مانا شۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ISBN 978-7-5372-4247-9
9 787537 242479 >

1001

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تېببىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايىلەر

1



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

تېببىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايىلەر

1

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

تېببىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايىلەر

بىر تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسى بار دېگەندەك، قىسقىغىنا بىر ھېكايەت ھەجىم جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن ئالەمچە بىر پاراسەت ۋە ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

تۈرلۈك مەزمۇندىكى تەربىيىنى نەزەرىيىلەشكەن ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېكايىلەشتۈرۈلگەن بايانلارنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىش شەرق خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەنئەنىسى. دىققىتىڭلارغا سۇنۇلغان بۇ كىتابتىكى ھېكايەت مانا شۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ISBN 978-7-5372-4247-9
9 787537 242479 >

1001

# تۆزگۆچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر مەھەللىگە قوشنا مەھەللىدىن بىر ئادەم كۆچۈپ كەپتۇ. ئۇ قارىماققا ئىنتايىن ساغلامدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىر ئەيىبى بار ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىكەن. ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى بەك يۇقىرى چاغلايدىكەن، ئەمما قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن. ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىكەن، ئەمما ئەقىل بىلەن ئىش قىلالمايدىكەن. ئۆزىنى چىداملىق ھېسابلايدىكەن، ئەمما نامازشامگۈلدەك كىچىككىنە ئاپتاپنى كۆرسە سولىشىپ قالىدىكەن. ئۆزىنى ناھايىتى چىقىشقاقمەن دەيدىكەن، ئەمما باشقىلار بىلەن بىرنەچچە كۈنلۈكلا دوست بولالايدىكەن. ئۆزىنى ئاز ئۇخلاپ كۆپ ئىشلەيمەن دەيدىكەن، ئەمما بىر ئۇخلىسا قورسىقى ئاچمىسا قوپمايدىكەن... دېمەك ئۇ ئەنە شۇنداق ئىللەتلىرى تۈپەيلى مەھەللىدىكىلەر ئارىسىدا «كېسەل»دېگەن ئاتاققا قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئاخىر تەنھا قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تەنھا قالغانلىقىنى پەقەت ھېس قىلالماپتۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق گاڭگىراش ئىچىدە بىرقانچە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مەھەللىگە ھەممە ياققا داڭقى كەتكەن بىر پېشقەدەم تېۋىپ سەييارە كېسەل كۆرۈپ كەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئادەم ھېچنېمىنى ئويلىماستىنلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈنۈپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كۆزىگە قاراپ، ھەر تەرەپتىن سوئال سوراپ كۆرۈپ، شۇنداق دەپتۇ:

— سىزنىڭ بەدىنىڭىزنى بىر غەيرىي كېسەللىك قاپلىۋاپتۇ. ئۇنى داۋالىماق بەسى مۇشكۇل، بىراق بۇ سەۋەبىنىڭ ئالىمى. سەۋەب قىلساق، شىپا تېپىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئۇ ئادەم تېۋىپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆڭۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— مەندە قانداق كېسەل باركەن، ھېچقانداق يېرىم ئاغرىمايدىغان تۇرسا، — دەپتۇ.

— كېسەللىك پەقەت جىسمانىي جەھەتتىلا بولمايدۇ، ئەڭ ئېغىرى روھىيەتتىكى كېسەللىكتۇر. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىغا ھېچقانداق كېسەللىك ئۆتەلمەيدۇ. بۇ كېسەللىك ئادەتتە ھورۇنلۇق، ئىچى قوتۇرلۇق، چىدىماسلىق، باشقىلارنى كۆرەلمەسلىك، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، ئۆزىنى تۇرلۇك بىلىم بىلەن قوراللاندۇرماسلىق... دېگەندەك نۇرغۇن ئالامەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇڭىمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن داۋالاشنى مۇھىم داۋالاش دەپ بىلگەن، ــ دەپتۇ تېۋىپ.

ھېلىقى ئادەم تېۋىپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىدە بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى تەن ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئېلىپ ئۆزىنى داۋالاشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئادەم مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئىززەتلىك ئادىمىگە ئايلىنىپتۇ.

بۇ قارىماققا ئاددىيلا ئېيتىلغان ھېكايەت. ئەمما بىز بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، ئادەمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلىرى تۈزەلمىسە، جىسمانىي جەھەتتىكى پۈتۈنلۈكىنىڭ رولى جارى قىلىنمايدۇ. بىز شۇ خىل ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، بىۋاستە جىسمانىيەتتىكى كېسەللىكلەر ۋە مەنىۋىيەتتىكى كېسەللىكلەرگە ئالاقىدار ھېكايەتلەرنى توپلاپ، «تېببىي ۋە تەربىيەۋى ھېكايەتلەر» دېگەن نام ئاستىدا بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھېكايەتلەر خەلقىمىزنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇشتا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ.

# مۇندەرىجە

قورسىقىڭىز ئاغرىغان بولسا، كۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ…………1
تېۋىپنىڭ تەۋسىيەسى…………1
ئاشقازان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەم…………2
ئىشتىھايىڭىز ئېچىلىدۇ…………2
لوقمان ھېكىمنىڭ پاراستى…………3
قىرىق كۈندە ئۆلىسەن…………6
كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت…………7
ياۋۇزلۇقنى تۈگىتىمەن دېسە...…………8
كېلىن تاللاش…………10
سەككىز تۇرلۇك ئەقىل…………11
مېڭىنىڭ رەڭگىنى بىلگىچە، بىرنىڭ ئىسمىنى بىل…………13
ئىلىمسىزلىك بىخۇدلۇقنىڭ دوستى…………17
نېمە تېرىساڭ…………19
ناشتىلىقنىڭ خاسىيىتى…………20
ئۆز قەدرىنى بىلگەن چۆرە قىز…………21
سۇلتان ۋە تىلەمچى…………22
قۇرۇق ۋەدە…………23
كىچىك قۇشنىڭ ئۈچ پەند ـ نەسىھەتى…………24
يالغانچى ۋەزىرلەر ۋە گاس پادىشاھ…………25
ۋەزىرنىڭ كېرىكى يوق…………25
ئالغاندا ئارامىجان، بەرگەندە چىقار جان…………26
ئاچ كۆز قاسساپ…………28
پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى نېمىدۇ؟…………29
كۆڭۈل ئىختىيارى…………30
ھەركىم بىلگىنىنى قىلىدۇ…………30
خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە بېلىقچى…………31
نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورۇيسەن!…………32
خەلپىنىڭ چۈشى…………34
ئەدەپنى كىمدىن ئۆگىنىش كېرەك؟…………34
مەردلىكنىڭ مەنىسى…………35
مېھرىبان قوشنا…………35
چىرايىڭ سەت بولسا ئەينەكتىن كۆرمە…………36
مېھماندوست بەدەۋى ۋە ئاچ كۆز خەلپە…………36
ئىبىن سىنا ۋە بىمار…………37
ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟…………38
ئىچىملىككە بېرىلگەن ئوغۇل…………39
ئىغۋاگەر تېۋىپ…………41
ئىبىن سىنا ۋە پادىشاھ…………42
ئىبىن سىنا ۋە شاگىرتلار…………44
شەرەپلىك كەسىپ…………45
تېخىمۇ سەمىرىسۇن…………47
غايىبتىن كەلگەن بەخت…………49
ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا…………51
ھەسەتخورنىڭ جازاسى…………52
ھەسەتنىڭ ئاقىۋىتى…………53
ئەمەلگە ئاشمىغان پەرمان…………56
سۇنىڭ پۇلى ــ سۇغا كەتتى…………57
خىزمەتكار كۈندە ئەمەس، كۈنىدە كېرەك…………57

ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى ............ 59
ئۆزگىگە ئورا كولىساڭ ئۆزۈڭ چۈشە- سەن ............ 60
دەرۋىش ۋە چارۋىدار ............ 61
ھىيلىگەر دەرۋىش ............ 61
ماختانچاق پادىشاھ ............ 62
ھەسەتنىڭ ئاقىۋىتى ............ 63
ئاتىسىغا قەست قىلغان ئوغۇل ............ 64
كىسرانىڭ سۆھبىتى ............ 65
ئادەم مەنسەپ بىلەن ............ 65
دەرۋىش ۋە پادىشاھ ............ 66
توغرىلىق ۋە ئادىللىق ............ 66
غۇلامنىڭ ياخشىلىقى ............ 67
ھاتەم يىگىت ............ 67
نەپسى يامان بۆرە ............ 68
قۇشقاچ ۋە لەگلەك ............ 69
باققال بىلەن چاشقان ............ 69
ئىت بىلەن نان ............ 70
تۆگە بىلەن يىلان ............ 70
غەيرەتلىك چۈمۈلە ............ 71
چاشقان بىلەن تۆگە ............ 71
تۆگە بىلەن ئېشەك ............ 72
قاغا بىلەن تۇز ............ 72
ئۆزۈم ئۈچۈن ............ 73
شېئىر ئىشقى ............ 73
پادىشاھتىن نان تىلىمە ............ 74
ھەر يۈز مىسرا شېئىرنىڭ باھاسى بىر تىيىن ............ 74
ئۆلۈككىمۇ بىر بالا، تىرىككىمۇ ............ 75
ئېتىڭىزنى بۇنىڭدىن ئارتۇققا ئالمى- دى ............ 75
نۇشىرۋان ئادىلنىڭ چۈشى ............ 76
ئىنىئامنىڭ ئۆزاققا سوزۇلغىنى ياخشى ............ 77
ئەقىللىق قازى ............ 78
ئىسكەندەر ۋە خادىم ............ 79
ساراڭنىڭ نەيرىڭى ............ 80
بەھرام گور ۋە دانىشمەن ............ 80
قۇللارنىڭ خىيانىتى ............ 81
زالىم ھاكىم ............ 82
ئىسكەندەر ۋە مەغرىب پادىشاھى ............ 84
يۇقىراغا زۇلۇم قىلساڭ، يۇرت قۇرۇپ كېتۇر ............ 85
سۇلتان ۋە موماي ............ 85
ۋەزىرنىڭ پۇشايمىنى ............ 86
دەردنى يوشۇرمىغان ياخشى ............ 87
ئۈچ ئاكا - ئۇكا ............ 88
بۇلبۇل بىلەن قاغا ............ 89
دانا ............ 90
بېخىللار ............ 91
يولۇچىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ............ 92
پوچى تۇلكە ............ 93
كېسەل داۋالاش ............ 93
ئۆچكە بىلەن ئېشەك ............ 94
تۇرمۇشنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش ............ 95
دېھقاننىڭ قىزى ............ 96
بالا بىلەن مۇئەللىم ............ 97
ئوغرى بىلەن ئۆي ئىتى ............ 98
بەرمىگەندىن بەرگەن ياخشى ............ 98

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە......99

ياخشىلىققا ئوقۇلغان ئاپىرىن......100

ھۆددە قىلالىساڭ......100

قولدىن كەلمىگەنگە ۋەدە قىلما......101

ئىنساب دېگەن......102

ھېكمەتتىن ئەمەس......102

ئايال بولمىغان بولسا......103

ئىنساننىڭ ئېسىل زىننىتى......103

ئۆزىگە بېرىلگەن تەسەللى......104

راستچىللىقنىڭ مۇكاپاتى......104

ھەق گەپ قىلىدىغان ئادەم......105

قۇلنىڭ ھازىرجاۋابلىقى......106

كىشىنىڭ ھاياتىغا قەست قىلما......106

ھېچكىمدە يوق باغ......107

سىزنىڭ خادىمىڭىز......108

سۇلتان ۋە بوۋاي......109

ئاتاڭنىڭ ئېتى......109

پاشا يوق جاي......110

قايسى ئىشىكتىن چىقىمەن......110

بۇ جاھان ئىچرە قارا يۈز تېپىلۇر......111

خاتىرجەملىكتە ئىچكەن زەھەر شېرىن-
دۇر......112

ئورۇنسىز چاقچاق نومۇسقا قويىدۇ......113

يالغانچىدا ئابرۇي نە قىلسۇن؟......114

ئۆزۈڭگە راۋا كۆرگەننى......115

ئەقىل ئەھلىدىن مۇشكۇلۇڭ ئاسان بو-
لۇر......115

ئەقىل ھەممىمىزدە بار......116

قېرىلارنىڭ قەدرى......118

چاشقان بىلەن سودىگەر......120

نىيەت ھەممىدىن ئەلا......121

ئۆزۈڭگە تەمەننا قويما......122

تىغ يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقاي-
ماس......123

خۇشاللىق ئەمگەكتە......124

پوچى پادىشاھ......125

مالغا ھېرىس، جانغا خېرىس......126

كۈچ بىرلىكتە......128

يالغاننى ئوخشىتىش......128

ئادىل شاھنىڭ ئىزباسار تاللىشى......129

ھەر ئىش قىلساڭ، كېيىنلىكنى ئويلا......131

ئىش قىلغاندا ئەتراپلىق ئويلاش كې-
رەك......132

دېھقان بىلەن موزدۇز......134

تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمە......135

بەرمەس قىزنىڭ سىلىقى ئېغىر......136

دېھقاننىڭ زېرەك ئوغلى......138

ھەقىقىي بايلىقنى بىل......139

ئاتىغا قىلغان بالىدىن كۆرەر......140

ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى......140

يالغانچىلىق جانغا ئېكەك سالىدۇ......141

مەككار ئادەم بولما......142

چۈشۈپ كەتكەن ئابرۇي......144

ئالىملارغا ھۆرمەت......145

غاپىل پادىشاھ......146

پادىشاھنىڭ لەززىتى......148

دىيانەت يۈزىسىدىن......148

ۋەدە دېگەن ۋەدە......150

ۋەدىگە ۋاپا……150
گۇمان بىلەن ئىش قىلما……151
شاھ قەسرى بىلەن ۋەيرانە ئۆي……153
مېھماندارچىلىق قائىدىسى……155
مەردانىلەرنىڭ تاللىشى……156
جاسارەتنىڭ مېۋىسى غالىبىيەت……157
پادىشاھ ئىسكەندەر بىلەن ئارىستوتېل ھېكىمنىڭ سۆھبىتى……158
خالىس مۇھتەسىب……160
ھوشيار پادىشاھ……162
يادىمغا كەپقالدى……164
ئەرلىكتىن نىشان بولسا……164
دوست ئۇيلىغاننى ئويلا……165
ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەت……166
مۇلايىملىقنىڭ بەلگىسى……167
قورساق تامام تويىدۇ……168
ئىتمۇ قىلغان ئەجرىنى بىلىدۇ……168
ماھىتاباندۇر ئانا……169
كىشىنىڭ ياخشى سۆزى……170
بىراۋغا موھتاجلىق قولىنى سۇنماق مۇشكۇلدۇر……170
نەتىجەم يوقالماسلىقى ئۈچۈن……171
كىشىنىڭ خۇي - پەيلى ئۆزىگە دۈشمەن……171
ئۆز زىيىنىڭىز ئەلادۇر……172
رومى ۋە قەرزدار……172
يامان خۇلقنى ھەمراھ قىلما……173
بولسا……173
كېمىچى ۋە ئۇنىڭ بالىسى……174
مۇز بىلەن سۇ……174
ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىك……175
كۈچ بىرلىكتە……175
ئاتىنى رەنجىتىشنىڭ ئاقىۋىتى……176
ئۈچ باش كۆكباش……178
ياخشى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىدۇ……179
ئەدەپ - ئەخلاق بىباھا بايلىق……181
قەلبلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى……182
ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەممىنى قايىل قىلىدۇ……183
گالۋاڭ ئەمەسمەن……190
بەش سانتىمېتىرلىق سودا پۈرسىتى……190
بايلارنىڭ نەزەر دائىرىسى……192
كىنگورو……193
بىەن چۈ تېبابەتچىلىك تېخنىكىسى……194
ئۆلۈكتىلا ئۈمىد بولمايدۇ……195
زالىم پادىشاھ……195
«ئىككى قۇرۇق تاغار» ھەققىدە……196
ئالتۇن بولغان بولسام……197
ئەينەك……198
ئەگەر ئۈمىد ۋە ئىنتىلىش بولمىسا……198
بېلىق قىلتىرىقىدىن ياسالغان چاشقان……199
تاللاش……200
ئەتىۋارلىق كىچىك خانىش ۋە باغ……200
پۇرسەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ……201
سولومونىنىڭ چۈشى……202

www.uyghurkitap.com



ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

# تىببىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

医疗故事:维吾尔文/艾则孜·阿塔伍拉萨尔特肯编.—乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2007.5
(2015.12重印)
ISBN 978-7-5372-4247-9

Ⅰ.医… Ⅱ.①艾… Ⅲ.疾病—治疗—通俗读物维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.R45-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第146971号

编　　者:艾则孜·阿塔伍拉萨尔特肯
责任编辑:哈斯亚提·依不拉音,艾克帕尔江·马木提
责任校对:吐尔尼沙·吾买尔
封面设计:阿里甫·夏
出　　版:新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址:乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址:http://www.xjpsp.com
印　　刷:新疆新华印刷厂
发　　行:新疆新华书店
版　　次:2007年5月第1版
印　　次:2015年12月第2次印刷
开　　本:787×1092毫米　1/16开本
印　　张:60.5
书　　号:ISBN 978-7-5372-4247-9
印　　数:3001—6100
定　　价:100.00元

---

发行科联系电话:(0991)2823055　邮编:830001

سائەت ھەققىدە ھېكايە……203
يىراقتا كۆرۈنگەن ئاشۇ چىراغ نۇرى…203
سۇ يوق سۇدان……204
ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىز شارائىت…205
كەلكۈن ئىچىدىكى «چۈمۈلە توپ»…205
شورپېشانە زەردار……206
ئەگەر ئىت ئەينەككە قاراپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتسا……207
خۇشاللىق يېنىڭىزدا……207
مەنمۇ خۇشاللىققا ئېرىشتىم……208
چىرايلىق بولۇشنىڭ سىرى……209
مۇكەممەل نىكاھ بىر خىل غايە……210
چۆكۈۋاتقان ئارالدىكى «مۇھەببەت»…210
ئايال بەرپا قىلغان قولتۇق……212
رابىبىنىڭ «بايلىق» ى……213
ئىككى يەھۇدىي يىگىت……214
كۆكنامرات ۋە مىليونېر……214
يوھاناننىڭ ئىككى سوئالى……215
باينىڭ ئۈچ ئوغلى……216
بىر دوللار قەرز پۇل……217
باي ۋە نامرات……218
ئاق كۆڭۈل دېھقان……219
ئاقىل پۇلدارنىڭ ۋەسىيىتى……220
ئانىنىڭ پۈتى……221
كۆز ئەقىل كۆرسە كۆرەر……223
ئارمان ۋە رېئاللىق……224
تەڭسىزلىك ئىچىدىكى تەڭپۇڭلۇق…224
بەخت بىر تۇيغۇدىنلا ئىبارەت……225
تاللاشنىمۇ شاللاشنىمۇ بىل……226
دۇنيادا مۇتلەق ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس……227
مېھنەتسىز نېمەتكە ئالدىراپ قول ئۇزارتما……228
پاراستىڭ ۋە جاسارىتىڭ بولمىسا…229
قارىغۇلارچە ئۇستاتلىق قىلساڭ……229
ئالدىراقسانلىقتىن ئاۋارىچىلىككە قالىسەن……231
نەپسىڭ چەكتىن ئاشسا بېشىڭغا بالا ـ قازا كېلىدۇ……232
ھەر دائىم ئۆزۈڭ ئۈستىدە ئويلان…233
تەجرىبە ھەقىقەت ئەمەس……233
بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ بىر قېتىم ئەقىل تاپىسەن……234
جەمئىيەتنى چۈشەنسەڭلا ئۇنىڭغا ماسلىشالايسەن……235
تۇرمۇش سەھنىسىدىن ئۆزۈڭگە لايىق رولنى تاللا……236
سۆرەلمە مىجەزىڭنى تاشلىساڭ تۇرمۇشقا يېقىنلىشالايسەن……237
كۆزنى ئېچىپ يولغا قارا……238
تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلان……239
ئىرادە ئەقىل ـ پاراسەتكە موھتاجدۇر……240
دۇنيانى ئۆزگەرتىمەن دەيدىكەنسەن، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ئۆزگەرت……240
تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئادەمنى ئۇچرىتىسەن……241
مەسىلىنى پىرىنسىپ ئاساسىدا جانلىق ھەل قىل……242

ئادەمنىڭ كۆڭلى ياخشى گەپكە مايىل كېلىدۇ ........ 244
ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەخپىيىتى بولىدۇ ........ 244
ئۆزۈڭگە بەك تەمەننا قويما ........ 245
چامىڭ يەتمىگەن ئىشتا ياردەمگە تايان ........ 246
قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ ........ 247
كۆڭلۈڭدە ئىددىتلىق سان بولسۇن ........ 248
قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەنىڭدە «ياق» دېيىشكە جۈرئەت قىل ........ 249
دەز كەتكەن نىكاھ پۈرژىنىغا ئوخشايدۇ ........ 250
بايلىق ئاز ـ ئازدىن جۇغلىنىدۇ ........ 251
رومانتىك ئادەم ۋە رېئال ئادەم ........ 252
رىقابەتلىشىدىغان رەقىبىڭنىڭ كىملىكىنى بىلىۋال ........ 252
باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەن ئادەم بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ ........ 253
سەزگۈرلۈك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەقىلدۇر ........ 253
ھەقىقىي ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولۇشىنى خالايدۇ ........ 254
جاسارىتىڭنى غۇرۇرۇڭ دەپ قالما ........ 254
ئۆز ـ ئۆزىنى سوراش كېرەك ........ 255
يېنىڭدىكى مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنى قەدىرلە ........ 255
ئاجىزلارنى كەمسىتمىگىن ........ 256
كەمچىلىكنى يېپىش پەقەت ئۆزىنىلا ۋەيران قىلىدۇ ........ 256
بىمەنە قەسەمگە ئەسىر بولۇپ قالما ........ 257
كەمتەر ئادەملا ئالغا باسالايدۇ ........ 257
باشقا نۇقتىدىن ئويلىغاندا، باشقىچە ئاقىۋەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ ........ 258
باتۇرلۇقۇڭنى يوقاتساڭ ھەممىنى يوقاتقان بولىسەن ........ 258
ئۆزۈڭدە بار بولغان مۇھەببەت ۋە بايلىقنى قەدىرلىگىن ........ 259
ھەممىدە يېڭىپ چىقىشنى قوغلاشما ........ 260
ئەخمەققە توغرىلانغان ياخشى ........ 260
يايلاقتا يولۇۋاس بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلەشمە ........ 261
ئاجىزلىقىڭنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك ........ 261
كىشىلىك ھاياتىڭ نىشانى ........ 262
دۈمبەڭدىكى سىرنى باشقىلارغا كۆرسەتمە ........ 262
باشقىلارنى ئەپۇ قىل ........ 263
ھەممە تەرەپكە ئېتىبار بېرىشنىلا ئويلىما ........ 263
بىرى يۇلتۇز كۆرسە، بىرى لاينى كۆرۈپتۇ ........ 264
سۈكۈتكە دۇچ كەلگەندە تىلىڭنىڭ كۈچى يوقايدۇ ........ 264
ئارىلىق ساقلاش بىر خىل گۈزەللىك ........ 265
ئون تەڭگىگە ئېرىشكەندە، كۆپ بولغاندىمۇ توققۇز تەڭگىنى خەجلە ........ 265
كەسپىڭنى ھۆرمەت قىل ........ 266

www.uyghurkitap.com

ھېچنېمىگە قارىماي تىرىشچانلىق كۆر- سەت ......... 266
ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسە ......... 267
كۆۋرۈك ياسىغان تىيىن ......... 268
قانائەت تاپقان زەردار ......... 268
كىچىك ئوقەتچىنىڭ تۇخۇم سېتىشى ......... 269
ئۈچ تىلەك ......... 269
كۆڭۈلدىكىنى بىلىدىغان قۇشلار ......... 270
ئاقىلانە تاللاش ......... 270
كىرىزىس ......... 271
چۈشىنىش ......... 271
ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت ......... 272
دۈمچەك شاھزادە ......... 272
يولۋاسقا مىنىۋالغان ئادەم ......... 273
كۆزىتىش ئىقتىدارى ......... 273
چىرايلىق تۇز ......... 274
كىشىلىك ھايات تاغقا يامىشىشقا ئوخشاي- دۇ ......... 275
جەننەت قەيەردە ......... 275
باشقىلارنىڭ غېمىنى يېگۈچى ......... 276
سايە ......... 276
توخۇ سوقۇشتۇرۇش ......... 276
ئەتىرگۈلنىڭ دوستى ......... 277
قىزىقارلىق پەرق ......... 278
سۆيگۈچى ۋە سۆيۈلگۈچى ......... 278
تىلەمچى بىلەن شەبنەم تامچىسى ......... 279
باشقىلار ماڭغان يول ......... 279
جىگدىچى بىلەن تومۇزغا ......... 280
يامان بىلەن ئارىلىق ساقلاش ......... 280
ئۈمىدۋار ئەما ......... 281
ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىش ......... 282
ئازادە ھايات ......... 283
ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ......... 283
ئوغرىلاپ كېتىلگەن پۇلنى ئالداپ قايتۇ- رۇۋېلىش ......... 284
پىر - ئۇستازنىڭ ئۆي كۆچۈشى ......... 285
سەممىيلىك تېپىلغۇسىز ئالتۇن ......... 285
ھاياتتىكى كارامەت ......... 286
بەخت دېگەن بىر قاچا سۇ ......... 287
يولۇچى ۋە پالتا ......... 288
بۆرىلەرنىڭ ئۆڭكۈردىن چىقىشى ......... 288
خۇشاللىق ئىزدە ......... 289
خۇشاللىقنىڭ پەيتى ......... 289
ئېۋەنسىز ئايال ......... 290
ئەقىل ھەممىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ ......... 290
ئۈلگە بولغان دادا ......... 292
ئاجىزنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشى ......... 292
مەغلۇپ بولۇشنىڭ سەۋەبى — نادان- لىق ......... 293
پۇچەك ئۇرۇق ......... 294
ئالدىڭدا بار نى - نى مۆجىزە ......... 295
ئۇچقۇر دەريا ......... 295
پۇرسەت ......... 296
شەيتان بىلەن ئالدار ......... 297
نەپسىڭگە قول بولما ......... 298
قىلدەك سەۋەنلىك پىلدەك ئاقىۋەت كەل- تۈرەر ......... 299
دورامچى مايمۇنچاق ......... 300

ھەممىنى تولۇق ئۆگىنىۋالدىم دېمە …301
ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار …302
كۆيۈمچانلىقتا گۇماندا قارىما …303
ئەمگىكىڭنىڭ قەدرىنى بىل …304
ئائىلە خۇشاللىقى تەڭ بەرپا قىلىنىدۇ …305
غەيۋەتخورنىڭ ھالاكىتى تېز …306
ھەقىقىي دوستنى كۆڭۈل تونۇيدۇ …307
قېرىنداشلىق مېھرى ھەممىدىن ئەلا …308
قول ئاستىڭدىكىلەرگە كۆيۈنۈشنى بىل …308
نومۇسنى بىلمىگەن ئۆزىنى بىلمەس …310
مۇتىھەم باي …311
ئەجىر سىڭدۈرگەن نەرسە ئەتىۋارلىق بولىدۇ …312
ياخشىلىقتىن ۋاپا، ئەسكىلىكتىن جاپا كېلىدۇ …313
ئىككى يىغلاڭغۇ …314
مۇكچەيگەن بەل …315
تىلىڭنى يىغمىساڭ باش كېتىدۇ …315
ھەقىقىي مېھىر ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ …316
ھەر ئىشقا پەم كېرەك …317
ئېغىزىڭنى ئۆزۈڭ تىزگىنلە …318
ھەقىقىي بايلىق ماددىي بايلىق ئەمەس …319
ئېقىن سۇ …320
تۆتىنچى يول …321
خىسلەتلىك تاش …322
قىز ۋە كېلىن …323
چويۇن …323
تاسادىپىي چېقىن …324
كىچىككىنە بىر ئىش …324
غايە ۋە رېئاللىق …325
خاتالىقنى تونۇغان مەھبۇس …325
بىپەرۋا ئادەم …326
ئالدىغا ۋە كەينىگە …326
يېرىم چىنە سۇ …327
ئۆزىنىلا ئويلىغان مەسخىرىگە قالۇر …328
سۆيۈنچە …329
ئىرادە بار يەردە مەغلۇبىيەتكە ئورۇن يوق …330
ئامىتى كەلگەن سەرگەردان …331
جاھاندا تەڭدىشى يوق قاشتېشى …332
ئالتۇن تاۋاقنىڭ ھېكايىسى …332
ئىككى تۇپ دەرەخ …334
ئاۋام بىلەن ياشاشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل …335
ئۆزۈڭنىلا ئەقىللىق چاغلىما …336
ئىنكاسىڭ تېز بولسا يېڭىلمەيسەن …337
تەكشۈرمەيلا يەكۈن چىقارما …338
ئەگرى شاخنىڭ تەقدىرى …340
سۇ بىلەن ئۆستەڭ …341
ئۈچ ھورۇن …341
ئىككى ئىت …342
كۈچ — ئۆملۈكتە …343
ئات ۋە ئېشەك …343
لاچىننىڭ نەپسى …344
بەخباش بۆدۈنە …344
ھەسەتخور …345

www.uyghurkitap.com

ئەخمەق ئادەم بىلەن چاشقان............346
قارىياغاچ بىلەن قارىغاي..................347
كىشىنىڭ ئەسلى پاك ۋە سەمىمىي بول-
سا...................................................348
چېقىمچىلىقنىڭ ئازارى..................348
سوكوت بۈيۈك ئاقىللىقتۇر............349
ھەمەدانىينىڭ ئۆگۈتلىرى..................349
ئون تۆت تۇرلۇك پەزىلەت..................350
مېھمانلارنىڭ ئارامى ئۈچۈن..............351
ئاتا - ئانا ھۆرمىتى.............................352
پاراسەتلىك بالا.................................353
پەرزەنت ئاتا - ئانا زىننىتى.................354
چېقىمچىلىقنىڭ جازاسى....................355
قاغا بىلەن مۈشۈكنىڭ دوستلۇقى......356
ۋاپا يولى...........................................357
ئورماندىكى چاشقان..........................258
تىكەنلىك دەرەخنىڭ ئاقىۋىتى.........359
ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگەن...................360
شىجائەتسىز كىشى...........................361
بىراۋنىڭ ھالىغا كۈلمە.......................362
دالىدىكى ئارسلان...............................363
ئۆز ھۈنىرىڭنى قەدىرلە......................364
ئاز ئىشلە، ساز ئىشلە........................365
ھەرە بىلەن چۈمۈلە...........................365
ھەقىقىي ۋە تاسادىپىي دوست.........366
سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر.............367
ئاتا - ئانىسىغا مۇھەببەتلىك قىز...367
ۋاپاسىز دوست..................................368
تۇتۇن ۋە چوغ.................................. 369
ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتى يامانلىقنىڭ ئا-
قىۋىتى..............................................369
ئۇستاز ۋە شاگىرت..............................370
مەقسەتكە يەتكۈچە............................370
ھەسەتچىدىن ھەزەر ئەيلە..................371
سىلىنىڭ مېھمانلىرى.........................372
ساددا ئادەم ۋە دانىشمەن....................372
سەن ياخشى بولساڭ.............................373
سىنىڭ كۆڭلۈڭ...................................374
ئىزگۈلۈكنى يوشۇرماق ئەيىبتۇر...375
بالىنى ئەركە كۆندۈرۈشنىڭ ئاقىۋەتى.....................................................376
ئۆلگە دېگەن شۇنداق بولىدۇ...........377
ئاتىنىڭ مىراسى.................................377
ئېيىق ۋە ئادەم....................................379
چوڭ خىزمەت ئەمەسمۇ......................379
سالامەتلىكىڭگە قاراپ چۆمۈل.........380
ئۇ قىزغا ئەسلا ئۆيلەنمەڭ...............380
ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز.......................381
نادانلار سەپىرى...................................381
تەنتەك ئوغۇل......................................382
قىلغان ئىشى ئەقىلدىن دېرەك بېرى-
دۇ.........................................................384
چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر...............385
يېزىشمۇ ئالاھىدە ئىقتىدار...............386
ئاكا - ئۇكا............................................387
ئىشەنچنى ئاقلىيالايدىغان ئادەم......389
ئىنسان خاراكتېرى تۇراقسىزدۇر...390
ئۆز كۈچۈڭنىڭ راھىتى چەكسىز...392
ئاتا رازى، خۇدا رازى.........................394
ئەمگىكىڭنىڭ ھوزۇرىنى خەلق سۈر-

سۈن…… 395
بىراۋنىڭ مۈلكىگە كۆز قىزارتما…… 396
بىرنى دەپ ھەممىدىن قۇرۇق قالما…… 398
يالتايغاق بوۋاي…… 400
باي بىلەن چاكار…… 401
كاجلىق قىلساڭ جىنىڭغا زامىن بولىسەن…… 402
بىلەرمەنلىك قىلمۇەرمە…… 404
كالىلەك ئالتۇن…… 406
قىزغانچۇقلۇق قىلغانغا توي…… 407
سالام ئېيىت…… 408
چېچەن قىز…… 410
پادىشاھ بىلەن چۈمۈلە…… 411
«تاۋۇس ئەللەيىن»…… 412
كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن…… 415
ئەرنى ياشارتقانمۇ، قېرىتقانمۇ خوتۇن…… 416
گۇناھكار ئۆكۈز…… 418
ئەيىب كىمدە…… 418
مېنىڭ ئۇچۇنلا… 419
ئەبۇ نۇۋاسنىڭ تەدبىرى (1)…… 419
ئەبۇ نۇۋاسنىڭ تەدبىرى (2)…… 420
مايمۇن بىلەن پۈرچاق…… 422
ئۈچ بېلىق…… 422
بەخت بىلەن نامرات…… 423
مۇغەمبەر تۇمشۇقىدىن ئىلىنار…… 424
«ھەممە» دەپ ۋارقىرايسەن…… 425
سېھىرلىك كوزا…… 426
ماختانچاق قۇشقاچ…… 427
ئەڭ يۇمشاق نەرسە تىنچلىقتۇر…… 428
ئەدەپ سۆزلىمىسىنى تارتسا…… 429
ئاتىنىڭ ھەققى ــ ھۆرمىتى ئۇچۇن…… 430
پەرزەنتىنىڭ ئەخلاقى…… 431
كاسىپنىڭ ئوغۇللىرى…… 432
قىزنىڭ سوئالى…… 432
دوستۇڭ بولسا خار…… 433
كەمبەغەل ۋە باي…… 434
تەلەي كۇلۇپ باقسا…… 434
ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىرى…… 435
بەزمىدىكى كىشىلەر…… 435
ياخشىلىقنى…… 436
ناغرا داراڭلار…… 437
گۈلئۈزارى بولمىسا…… 437
ئەڭ ئالىي پەزىلەتلەر…… 439
ئۆز ئورنىدا ئېيتىلمىغان سۆز…… 440
ئوق بىلەن يا…… 440
ئۆگۈت ــ ھېكمەت…… 441
تەمە ئىنسانلارنىلا ئەمەس…… 441
غوجايىنىنىڭ خەزىنىسى…… 442
پېئىلى ئۆزگەرگەنىنىڭ سەۋەبى…… 443
ئۆزۈم ئۆزۈمگە پادىشاھمەن…… 444
دۇنيادا قانداق يول تۇتماق كېرەك…… 444
ئىختىيار ئۆزۈڭدە…… 445
سېنىڭ رازىلىقىڭسىز…… 445
ئەمىرنىڭ ھېكمىتى…… 446
مۇنداق ئىشنى قىلىشقا…… 446
ئالدانغان رەسسام…… 447
ئادىل ھاكىم…… 448

بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ ······ 449
تۈتى بىلەن بۇلبۇل ······ 450
ئەقىللىق تېۋىپ ······ 451
ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا سەل قارىماڭ ······ 453
ئادەتتىكىدەك بولۇش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنزىلى ······ 454
ئادەم بولۇشتا ئۆزىنى بىلىش كېرەك 454
ئورنىڭىز ھەرقانچە تۆۋەن بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى كەمسىتمەڭ ······ 455
ئېرىشكەن بەختىڭىزنى قەدىرلەڭ ······ 456
كەمچىلىكىڭىزنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ھەرگىز قورقماڭ ······ 457
باشقىدىن ئىش باشلاپ بېقىڭ ······ 457
ئۆز ئورنىڭىزنى توغرا مۆلچەرلەڭ ······ 458
مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلىرىڭىزگە قادىلىپ تۇرۇۋالماڭ ······ 458
«رىزىق»ىڭىزنىڭ كەينىگە ئازگال كولانغان بولىدۇ ······ 459
پۇرسەتنى ئۆزىڭىز يارىتىڭ ······ 460
خاتالىقنىڭ قايتا سادىر بولۇشىغا يول قويماڭ ······ 461
ئەتراپىڭىزدىكى بەختنى قەدىرلەڭ ······ 463
ئۆزىڭىزنىڭ پۇتىغا ئۆزىڭىز پالتا چاپماڭ ······ 463
ئۆزىڭىزنى كىشەنلەپ قويماڭ ······ 464
تۇرمۇش خاتا چۈشەنچىنى قوبۇل قىلالمايدۇ ······ 464
گەپدانلىقىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭ ······ 466
جاھاندارچىلىقنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىڭ ······ 467
مەدھىيىلەشكە مۇيەسسەر بولغاندا ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ ······ 467
ھەركىم ئەمگىكى بىلەن قەدىرلىك ······ 468
ئۆز ئەقلىڭ بىلەن تەپەككۇر قىل ······ 469
ئۆزۈڭگە مەڭگۈ تايان ······ 470
ھەرقانداق نەرسە ئەمگەك ۋە بىلىم ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ······ 471
نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك ······ 472
غەيۋەت ھەر ئىككى تەرەپنى ئوسال قىلىدۇ ······ 473
كىچىككىنە سەۋەنلىكمۇ ئاپەت كەلتۈرەر ······ 474
ئەقىل ۋە گۆھەر ······ 475
ئەتىنىمۇ ئويلا ······ 476
دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر ······ 477
جانلىق نەرسىلەر دۈشمەنسىز ئۆتمەيدۇ ······ 478
قانائەت يارىشىملىق لىباس ······ 480
بىراۋنى خىجىللىقتا قويما ······ 480
سىزنى بىر تەپكەن شۇ كىشىگە رەھمەت ······ 481
باشقىلارغا يول قويۇشىڭىزمۇ چېكى بار ······ 483
باشقىلار بىلەن تەڭ «بېيىش» تىن ئارتۇقچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەڭ ······ 483
ئالدىراپ كۆڭۈل سىرىڭىزنى ئاشكارىلىماڭ ······ 484
ئىنسان تەبىئىتىدىكى پاجىئەنىڭ يەنە بىر تەرىپى ······ 485
دوستقا تايانغاندا ئەڭ ياخشىسى ئىشەنچ-

لىك دوستقا تايىنىڭ…… 485

ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئەڭ ياخشى ياردەم…… 486

ھەر كىم ئۆز غېمىنى ئويلايدۇ…… 486

«چىرايىدا كۈلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا پىچاق»كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەڭ…… 487

ياخشى كۆڭۈلگە ياخشى نىيەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك…… 488

باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلغۇچى ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ…… 488

باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك سىزنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ…… 490

قانائەتلىك كىشىلەر دائىم خۇشال يۈرىدۇ…… 490

باقى بولمىغان مال - دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇپ كەتمەڭ…… 491

نەپسى قانچە كىچىك بولسا، تۇرمۇش شۇنچە بەختلىك بولىدۇ…… 492

ئەڭ مۇھىمى — ئۆزىمىز…… 493

«داغدام يول»دا باشقىلار بىلەن قىستىلىشىپ مېڭىشنىڭ نېمە ھاجىتى…… 493

ئۇدۇل يولدا ماڭماي ئەتەي ئايلىنىپ مېڭىش…… 494

بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئايلىنىپ ئۆتۈش تاكتىكىسىنى كۆپرەك سىناپ بېقىڭ…… 495

ئېسىلزادىلەرنى ئىزدەپ كۆزىڭىز ئالا چەكمەن بولۇپ كەتمىسۇن…… 495

بىر تۈرلۈك ئېسىلزادىلەر باشقىچە بولىدۇ…… 495

ھاياتلىققا بەخش ئېتىلگەن نەرسىلەر 496

مەخپىيەت…… 498

تەقدىم…… 499

تەربىيە…… 500

ھەقىقەت بىلەن خاتالىق…… 500

كىچىككىنە كۈن نۇرى…… 501

كۆزىڭىزنى ئېچىڭ…… 502

چىشلەنگەن ساندىۋىچ…… 503

مەلھەم پىلاستىر…… 503

پاسخا بايرىمى ۋە رەڭلىك تۇخۇم…… 504

بوتۇلكا تەرگۈچى بالا…… 506

ۋېتىرنىڭ ئارزۇسى…… 507

ئوڭ قول ۋە سول پۇت…… 508

مېھىرنىڭ تەبىئىتى…… 510

پەرۋاسىزلىقنىڭ جەرىمانىسى…… 510

ئاجايىپ سۆيۈش…… 511

ھەقسىز كۈن نۇرى…… 511

ياردەم پرىنسىپى…… 512

باھار گۈللىرى…… 513

كېپىنەك تۇتقۇچى قىزچاق…… 514

يامانغا ھېچكىم يولىما…… 515

ئالتۇن قەدرىنى بىلىدىغانلار بىلەن قىممەتلىك…… 516

ئەگەر پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، بۇگۈن كۈچەپ ئىجتىھات قىل…… 517

ھەممىمىزنىڭ ئورنى بار…… 519

ۋەدە بەرمە، بەرسەڭ ۋاپا قىل…… 520

ۋەتەنسىزگە گۆرمۇ يوق…… 521

ھەقىقىي دۇشمەن زادى كىم…… 522

ئۆلچەم ئۆزۈڭدىن بولسۇن…… 524

نىيەت ھەممىدىن ئەلا ......524
ئەپسىڭنى ھەپسىگە ئېلىپ تۇر ......525
ئاتا - ئانا بۈيۈك غەمگۇزار ......526
ياخشى قارا، جان بالام ......527
ئىناق ئەلدە بەرىكەت كۆپ ......528
ھەممەيلەندە جان بار ......530
نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك ......531
ھۇرۇن ئاخىرى ئاچلىقتىن ئۆلەر ......532
تەكەببۇرلۇق ھاڭغا تاشلايدۇ ......533
موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە ......535
ئەتەڭنىمۇ ئويلاپ قوي ......536
ھايات كاتتا نېمەتتۇر ......537
ئەيىب زادى نېمىدە؟ ......539
ئىچى تارنىڭ ئىچىدە توڭگۇز قاترايدۇ ......540
قوي قويچە بولسۇن، ئۆچكە ئۆچكىچە ......541
نىيەت سېنى شاد قىلار يا مات قىلار ......544
ئەمگەك پەقەتلا قورساق ئۈچۈنمۇ؟ ......545
ئۆز غېمىڭنى ئۆزۈڭ يە ......546
كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى ......547
كۆڭۈل قويغان كۆكنىمۇ ئالار ......547
خىسلىتىمىزنى ساقلايلى ......548
ھەربىر گۈلنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بار ......550
ھەممەيلەننىڭ ئېشتىھاسى ئوخشىماس ......551
غەيۋەتچىگە مىڭ كالتەك ......552
ھۈنەرنىڭ ھەممىسى گۆھەر ......553
ئاجىز يېرىڭنى خەقكە كۆرسەتمە ......554
مەمەدانلىق سېنى يالغۇز قويىدۇ ......555
تەقدىرنىڭ چاقچىقى ......556
سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ......559
باھار ئەلچىسى ......559
دېرىزىنى ياقتۇرۇپ قېلىش ......560
يىقىلغان جەڭچى ......561
تۇرمۇشنىڭ مۇھەببەتكە بەرگەن ئەڭ ئالىي سوۋغىسى ......562
قەپەس بىلەن كىچىك قۇشنىڭ مۇھەببەتى ......564
چېقىلغان بىر سېۋەت تۇخۇم ......565
بىردىنبىر ھايات قالغان ئەر ......565
سىرلىق ئانا ......566
مۇھەببەتنىڭ ئاساسى كەڭ قورساق بولۇش ......568
نامرات ئوقۇغۇچى ۋە قىزچاق ......569
ئەينەكنى كىم چېقىۋەتتى ......570
ئايمۇ سىزنى قوغلاشسۇن ......571
پەرىشتە ئايال ......571
جان - جىگەر قېرىنداشلار ......572
پولات ئەينەكلىك مۇھەببەت ......573
ئاخىرىغىچە سوراش ......574
مۇھەببەت ئوغرىسىدىن ساقلىنىش ......575
ئەڭ ياخشى خەۋەر ......576
ئالاھىدىلىكى يوق بالا ......577
ئاجايىپ كۈچ ......577
ئورۇندۇقتىن قايتقان جاۋاب ......578
مەن سىزنى تاللىسام بولامدۇ ......580
ئەڭ ياخشى سوۋغات ......580

رەسساملىنىڭ ئۈچ ئېلىشى ........ 581
بېرىش ۋە تەقدىم قىلىش ........ 582
كەمبەغەللىنىڭ ئوتۇن سوۋغا قىلىشى 583
ئۈچ مويسىپىت ........ 584
شېرنىڭ مېھىر - شەپقەت قايتۇرۇشى ........ 585
قىممەتلىك بىر دوللار ........ 586
ئۈچ كىشى ........ 587
بىر پۈتۈن گەۋدە ........ 588
مۆھەببەت بىر توپ مايسىغا ئوخشايدۇ ........ 589
ۋاقىت گويا ئۆتكۈر قىلىچتۇر ........ 590
گۈزەللىك تەبىئىيلىكتە ........ 591
گۈلدىن تىكەن يەتسە ........ 591
ھوسۇلسىز ئىش جانغا جاپا ........ 592
غەيرەتسىزنىڭ ئاقىۋىتى ........ 593
كاززاپنىڭ ئۆلۈمى ........ 593
سەپەرداشلارنىڭ تەقدىرى ........ 594
بىھۇدە خىيالنىڭ ئازابى ........ 594
بورىچى شاھ ........ 595
ھالاكەتنىڭ سەۋەبى ........ 596
جان دەسمايىسى ........ 596
ئەقىل ئىگىسى بولساڭ... ........ 597
سودىگەرنىڭ ئۆلۈمى ........ 597
كۆڭۈل ئەينىكى ........ 598
بايلىق دېگەن... ........ 599
پۇشايمان پايدا بەرمەس ........ 600
يىگىتنىڭ ئاشىقلىقى ........ 601
سەۋدايى ئاشىق ........ 603
قەقنۇس ھەققىدە ھېكايەت ........ 605
بىر پادىشاھنىڭ ھېكايىتى ........ 606
پادىشاھ بىلەن باققال ........ 613
ئىككى ھۆرۈننىڭ ئۆلۈمى ........ 614
كۆرەلمەسنىڭ كۆزىنى ئۆلۈم ئاچىدۇ 616
ئوغرىغا يان باسقاننىڭ ئۆزى ئىمانسىز ........ 617
ئەخمەق پادىشاھ ........ 619
ئەقىللىق بولاي دېسەڭ، ئەقىلسىزدىن ئۆگەن ........ 619
بالىنىڭ رايىغا بېرىۋەرسەڭ «بالا» بولىدۇ ........ 620
ئالدىراڭغۇلۇق قىلساڭ ئىشىڭ ئالغا باسمايدۇ ........ 622
باي بىلەن قويچى ........ 624
ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۆچۈڭنى خار قىل ........ 625
يامان تەربىيىنىڭ ئاقىۋىتى ........ 626
ئەقىللىق بۆركۈت ........ 627
ئەينەكنى ئىپادىلەشكىمۇ ئەقىل كېرەك ........ 629
تەييارغا ھەييار مۆشۈك ........ 630
يالغان سۆزنىڭ تارقىلىشى ........ 631
ئاجايىپ تەنبىھ ........ 632
خالىس نىيەت ........ 633
دوستانىلىك دوست كۆپەيتىدۇ ........ 635
ئەقىللىق بالا ........ 635
بېخىلنىڭ ۋەسىيىتى ........ 636
ھۆرۈنلۇقتىن شاھلىققىچە ........ 637


www.uyghurkitap.com

شەمشىنۇر ........................ 644
چېچەن قىز چىمەنخان .................. 662
تۆگمەس بايلىق ........................ 665
گۈزەللىك بۇلىقى ...................... 668
40 يالغان ............................. 670
شاگىرتنىڭ قاشتېشىنى پەرقلەندۈرۈشى ........................ 672
تەگرىنىڭ جازاسى ...................... 673
قوغلىنىش ............................ 673
سىز كىم؟ ............................ 674
ئاجايىپ مەرۋايىت ..................... 675
دوغا تىكىش .......................... 676
لىق سۇ قاچىلانغان ئىستاكان ...... 677
پروفېسسور ۋە قەلەندەر ............. 677
ئورۇقلاشتىكى ئاجايىپ تەدبىر ...... 678
دىرېكتورنىڭ ئارام ئېلىش مەزگىلى 679
شىرنىڭ ھۆركىرىشى ................... 680
ئورۇندۇقسىز ساياھەت ................ 681
تۇيۇقسىز كەلگەن خوشاللىق ......... 681
مۇكەممەل يا .......................... 682
جاھىل دېھقان ........................ 682
تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇ-
سابىقىسىگە قاتنىشىشى .............. 683
چېقىلغان بايلىق ئىلاھى ............ 684
مېيخۇا گۈلى ......................... 684
شوخ بېلىق ........................... 685
تېيىز سۇدا توختاپ قالغان قولۋاق ... 686
ئىككى ئاق قۇ ........................ 686
ئېشەكنى مەسخىرە قىلىش ............ 687
مەن ھېچنېمە تېرىمايمەن ............ 687
باينىڭ ئالتۇن يوقىتىشى ............. 688
ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىش .............. 689
ئالتۇن زەنجىر ....................... 689
ئالدىغا ئىككى قەدەم ئېلىش ......... 690
ئوخشىمىغان دۈچ كېلىش ............. 691
لاياقەتلىك ياردەمچى ................ 692
ئىشەنچسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك ... 692
سەپداش ئاتقان ئوق .................. 693
بۆرگە بىلەن پىت .................... 694
مەغلۇپ بولغان كىچىك شىر ......... 694
سەمىمىي دانىشمەن .................. 695
گۆمانخور ئايال ...................... 696
ئۇماچ تەقسىملەش ................... 697
تەنقىدلەش ئوبيېكتى ................ 698
رەخت دۇكىنىدىكى قىسقا مېتىر ... 698
ئايال خوجايىن ۋە ئايال خىزمەتكار ... 699
ھۆسن تۈزەشتىن پەيدا بولغان كۆلۈمسى-
رەش ................................... 700
چوڭ قاپاق ........................... 700
چىخ قالپاق .......................... 701
ھۆل ياغاچتا ئۆي سېلىش ............ 701
كەتىرەنگۈل ......................... 702
ئۇچقۇر ئات بىلەن ئات باققۇچى ...... 703
ئوخشاشمىغان پوزىتسىيە ............ 704
بايۋەتچىنىڭ رەسمى ................ 705
ئۈۋچىنىڭ قۇش تۇتۇشى .............. 706
قۇملۇقتىكى توغراق .................. 707
سەمىمىي ئەسكەر .................... 708

ئەدەپسىز كىشى ........ 709
بەرداشلىق بېرىش ........ 709
ئىككى ئوغۇلنىڭ نەزىرىدىكى رەسىم 710
تۈل خوتۇن ۋە سودىگەر ........ 711
قۇلۇپ ئېچىلغاندىن كېيىن ........ 712
جان كەتسىمۇ سىر ساقلا ........ 713
پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيلى ........ 714
كۆرمەي تۇرۇپ سۆزلىمە ........ 715
يىرتىلغىنى كالپىندارمۇ، بىزمۇ؟ ........ 716
سىنىڭ دوپپاڭنى كىيمەيمەن ........ 717
بايقىساڭ بايسەن ........ 718
ئىززەت قىلساڭ ئىززەت تاپارسەن ........ 719
سۆزۈك سۇمۇ سېسىيدۇ ........ 721
كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز ........ 722
پىشمىغان خىش كارغا كەلمەيدۇ ........ 723
بايقىساڭ تويىمۇ ئالتۇن ........ 724
ئۇ شۇنداق نەرسىكى ........ 725
سۆلەت كىيىمدە ئەمەس، ئىلىمدە ........ 726
مەن سۇ ئىسراپ قىلمىدىم ........ 728
كونۇپېرتتىكى قۇياش ........ 729
«ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندىم ........ 730
پەرىشتە تەبەسسۇمى ........ 731
بىر تال پەلەي ........ 733
ئەڭ كاتتا مۇكاپات ........ 734
ئانىغا سوۋغا ........ 734
مېنى بوشراق كۆمۈپ قويىسىڭىز ........ 735
ئانىنىڭ جاۋابى ........ 736
لىندا قانداق باي بولدى؟ ........ 737
15 دوللارنىڭ ئىلھامى ........ 738
سۇ توشۇش ۋە قۇدۇق قېزىش ........ 739
ۋارونكا ۋە قوناق ........ 740
بىر مىنۇت ........ 740
بىر توپ ئەنجۈر دەرىخى ........ 741
پروفېسسورنىڭ بىر سائەت دەرسى 742
ئىككى ئانىنىڭ تەربىيەسى ........ 743
جىنايەتچىنىڭ پۇشايمىنى ........ 744
قېرى تۆگىنىڭ تەجرىبىسى ........ 745
مەن جەزمەنكى باتۇر بولىمەن ........ 745
سىپىنسوننىڭ كالتىكى ........ 746
يىقىلغان بالا ........ 748
لەگلەكچاقنىڭ پەرۋازى ........ 749
ئاددىي جاۋاب ........ 750
ئېلىسانىڭ جاۋابى ........ 751
مەن تىلاۋەت قىلىپ بولدۇم ........ 752
كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان ئارزۇ ........ 752
مەن سىنىڭدىن پەخىرلىنىمەن ........ 753
تۇلكە بىلەن خوراز ........ 754
يىلپىزنىڭ ئۈچ ئېلىشى ........ 755
ئىككىنچى ئوقيا ........ 756
گوللاندىيەلىك كىچىك قەھرىمان ........ 757
يەنە سەل چىدا ........ 758
سەۋزە، تۇخۇم ۋە قەھۋە ........ 759
«قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ........ 760
تىلەمچىنىڭ رەسىمى ........ 762
كېپىنەك زۇڭتۇڭ ........ 762




www.uyghurkitap.com

بۈركۈت ۋە قۇلۇلە ...... 763
تەكرار مەغلۇبىيەت ...... 764
قەيسەر ئۆمۈچۈك ...... 765
ھاياتلىق دەرىخى ...... 766
بىر قاچا ئۈگرە ...... 767
تىلەمچى ۋە قىزچاق ...... 768
بىر تال مەڭ ...... 769
توكۇر دادا ...... 770
جورجنىڭ نارازىلىقى ...... 771
جېنىننىڭ مارجىنى ...... 772
بىر تال ئەتىرگۈل ...... 773
ئەڭ ياخشىسى ياش مەزگىل ...... 775
ئەخلەت تەرگۈچى بوۋاي ...... 775
ئەينەك پارچىسى قاچىلانغان ساندۇق 776
ئىسىم ۋە پېئىل ...... 777
ماكىنىڭ قەسىمى ...... 778
ھەقىقىي ئېگىزلىك ...... 780
پادىشاھنىڭ مەسئۇلىيىتى ...... 780
بىر تال مىخ ...... 781
ئادالەت قوڭغۇرىقى ...... 783
بايدىن قېپقالغان مىراس ...... 784
يىغلىشىپ بېرەي ...... 784
گالىپى خانىمنىڭ گۈللۈكى ...... 785
مۇمكىنمۇ! ...... 786
رەقىبلەر ...... 787
چوڭلاردىنمۇ ئەقىللىق بالىلار ...... 788
سامساق يېيىشكە خۇشتار مۇزىكانت 789
مېغىز ئېلىش ...... 790
تاشلاشنى ئۆگەن ...... 790
ئانا - بالا بېلىقلار ...... 791
دېڭىز ۋە پادىشاھ ...... 791
ھارۋىنىڭ ئاۋازى ...... 793
سىناق ...... 793
ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇش ...... 794
ئىتنىڭ خۇيى قاۋاشتۇر ...... 794
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ ...... 795
كېسەلگە سەل قارىماڭ ...... 797
ئويناشنىڭمۇ ئورنى بار ...... 798
ھۇرۇنلۇق بارلىق بىچارىلىكنىڭ يىلتىزىدۇر ...... 800
ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار ...... 801
قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق ...... 801
تۆھپە ھەممىگە مەنسۇپتۇر ...... 803
ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا ...... 804
ئىشلەتمىسە ئىنساننىمۇ دات باسار 806
ھاياتنىڭ مەنىسى زادى قەيەردە؟ ...... 807
كۈچ نەدىن كېلىدۇ ...... 807
پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلىگىن ...... 810
ئىززەت قانداق بولىدۇ؟ ...... 810
دەڭسەپ يەيلى ...... 811
تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق ...... 812
كىمدە ئەيىب يوق ...... 814
يامانلىقنىڭ يۇقى قالىدۇ ...... 816
قانداق ياشاش بەك مۇھىم ...... 817
بالىنىڭ كۆزىدىكى دۇنيا ...... 817

ياردەمنىڭ ئالدى - كەينىدە ............ 818
تۇخۇم ئىزدەش ............................ 819
بىر بالا، ئىككى خىل تەربىيە ......... 820
مېنىڭ بىرلا يۈزۈم بار ................... 822
چاقماقتىن قورقۇش ۋە چاقماقتىن ھۇ-
زۇرلىنىش ............................... 823
بىز ئادىمىلىك كۆچەتلىرىنى تېرىيمىز
................................................ 824
تېلېفون ئانا ............................... 826
مۇستەھكەم ئىشىكمۇ يېرىلىدۇ ....... 826
تەربىيە قانداق بولىدۇ .................. 827
باللارغا سەمىمىيلىك كېرەك ........ 829
يالغانچىلىق مۇنداق تۇگەيدۇ ......... 831
مۇشكۇلات ئالدىدا ...................... 832
ماھارەت قانداق يېتىلدۇرۇلىدۇ ..... 833
ئوڭ ۋە سول قول .......................... 834
قۇلۇپقا ئۈزىنىڭ ئاچقۇچى كېرەك ... 835
قىزچاقنىڭ تەسەللىيسى ................ 836
كىتاب تۇشۇشنىڭ يەنە بىر مەنىسى 837
قايناق سۇ دېگەن نېمە؟ .................. 838
چىرايلىق سۇت دېگىزى ................. 839
ئەڭ ياخشى سوۋغات ...................... 840
دادىغا سوۋغات ............................ 841
بالىنىڭ نەزىرىدىكى دادا ............... 843
تالانتنىڭ يولى ........................... 844
خەت يېزىشمۇ تالانت .................... 845
سەۋر سەۋرنى تۇغىدۇ ..................... 846
يېتىلىشنىڭ پۇرستى ...................... 847
مۇھەببەت .................................. 848
ئەركە بالا ................................... 849
پادىشاھ مۇلازىمىتىگە لايىق كىشى ... 850
ياخشى تەدبىر ۋە مەسلىھەتكە كىرىشىش-
نىڭ يولى ................................... 850
كىشىلەر قىش پەسلىگە نېمە ئۈچۈن
خۇشتار ..................................... 851
سەپەر جاپا - مۇشەققەت تارتىشقا سەۋەب
بولىدۇ ...................................... 852
ياشلىقنىڭ خاسىيىتى ..................... 853
ھەممە ئىشنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسى بولى-
دۇ ........................................... 854
تىرىشىپ بىلىمىگنى ئاشۇر .............. 855
يامانلار سۆھبىتىدە بولما ................ 855
مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈڭ ................... 856
ئوتنىڭ ئىشى .............................. 856
ئوغۇلغا نەسىھەت .......................... 857
ئىنساننىڭ پەزىلىتى ....................... 857
سۆز سەنئىتى ................................ 858
ئېھتىياتچانلىق ئەڭ مۇھىم ............... 858
ئىنسان تەبىئىتى باھار گۈللىرىگە مايىل
859 ..........................................
ھەدىيە باياني .............................. 859
ئادالەتنىڭ پايدىسى ....................... 860
ئەپۇ قايسى چاغدا ياخشى ................ 860
مەقسەت مەنزىلىگە يېتىشنىڭ يولى 861
ئىناقسىزلىق ھەممە مىللەتتە چەكلىنى-
دۇ ........................................... 862
ئەقىل - ئىدراك يولباشچى ............... 863
ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ۋىسالنى ياقتۇرىدۇ
864 ..........................................




www.uyghurkitap.com

كىشى ئۆز ۋەتىنىدە مۇرادقا يېتىدۇ 865
دۇنيادىكى ئەڭ خەيرلىك ۋە ئاسان ئىش ...... 866
شائىر سۆزى يالغاندۇر ...... 866
نۇشىرۋان بىلەن ۋەزىر ...... 867
چېقىمچىنىڭ ئاقىۋىتى ...... 869
شاھلىقنى ساقلاش ...... 869
ياخشىلىقنىڭ سىرى ...... 870
لايىق جاۋاب ...... 871
نۇشىرۋاننىڭ ۋەسىيەت - نەسىھەتلىرى ...... 871
غەيرەت - شىجائەتلىك بول ...... 873
شىجائەت ھەققىدە ...... 874
شەربەت ۋە قىز ...... 875
ھۇۋقۇشلار سۆھبىتى ...... 876
ئاتلارنىڭ پادىشاھى ...... 877
پادىشاھ يەيدىغان تائام ...... 877
قايسىسى لەززەتلىك ...... 878
بىر مەنىدىكى سۆز ...... 878
گەۋدىسى ئېغىر بولسا ...... 879
مۇلازىمنىڭ سەۋەنلىكى ...... 879
ھەر ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىش ...... 879
ئەمىرنىڭ ئەرزى ...... 880
دىيانەت بىرلە بول ...... 880
ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز ...... 881
مەملىكەتنىڭ زاۋال تېپىش سەۋەبى 882
ئىشنىڭ ھەقىقىتى ...... 882
يۆتكەلمىگەن تاش ...... 883
ياۋاشلىق قانداق نەرسە ...... 883
كۆڭلۈك نېمىنى خالايدۇ ...... 884
كاتتا يىغىلىش ...... 884
يار جامالى ...... 886
مۇھەببەت دېگەن ...... 887
كۈندەشلەرنىڭ ھىيلىسى ...... 887
ئەقىللىق بالا ...... 888
دورا نۇسخىسى (رېتسېپ) ...... 889
ئادىل خەلىپە ...... 890
ئەقىللىق سەيدە ...... 890
ئادەمنىڭ رىسقى ...... 891
خاسىيەتسىز دۇئا ...... 892
ئەگەر ئادىل بولاي دېسىڭىز... ...... 893
تېتىقسىز چاقچاق ...... 893
ئىككى خىل ئارزۇ ...... 894
ئەسكەرنىڭ خوتۇنى ...... 894
ھاتەم تەيىنىڭ پەزىلىتى ...... 895
دۈشمەنلىشىش ئىنتايىن يامان ئادەتتۇر ...... 895
ئاداۋەتنىڭ جاھالىتى ۋە ساداقەتنىڭ خاسىيىتى ...... 897
مەجنۇننىڭ ھېكايىتى ...... 898
ئىككى دوستنىڭ ھېكايىسى ...... 899
ھوشيار ئۇستاز نەسىھىتىنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئىش ئۆتكەندە قىلغان پۇشايمىنىدىن پايدا تاپالمىغان غاپىل يىگىتنىڭ ھېكايىتى ...... 900
بۇلبۇلنىڭ ھېكايىتى ...... 901
بىر كەپتەرنىڭ ھېكايىتى ...... 902
مەشرىقتە خەزىنىگە ئېرىشكەن بىر ئادەمنىڭ ھېكايىتى ...... 903

جاھان بەزمىسى ...... 904
لوقماننىڭ ھېكايىتى ...... 905
لوقماندىن سورالغان سوئال ...... 906
ئىسكەندەرنىڭ ئۆلۈم ئازابىدىن تال چە-
ۋىقتەك تولغانغانلىقى ...... 906
ئۈچ خىل تاللا ...... 911
سېتىۋېلىنغان ئەقىل - پاراسەت ...... 912
چاشقان تۇتىدىغان مۈشۈك ...... 913
كاتەك سىرتىدىكى توخۇ ...... 913
تۈلكىنىڭ ياشاش يولى ...... 914
ھېس قىلغىلى بولمايدىغان «ئاغرىق» 915
ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن ئىسكىرىپكا ...... 915
گۈللۈكتىكى مورچۇۋا گۈلى ...... 916
بىر - بىرىگە لايىق كېلىش ...... 916
ئۈمىد ۋە خىيال ...... 917
يول بويىدىكى مەنزىرە ...... 918
ساياھەت ...... 918
ھويلىدىكى بىر تۈپ دەرەخ ...... 919
ئىككى «ئالۋاستى» ...... 920
باغچىدىكى ياۋا غاز ...... 921
پىلىكى يوق شام ...... 922
قېچىپ كەتكەن چېكەتكە ...... 922
ۋېلىسىپىت ...... 923
سەكسەنپۇتنىڭ پۇت ...... 923
يىتكەن چاچ قىسقۇچ ...... 924
قەھۋەخانىدىكى تام رەسىمى ...... 925
ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەنبەسى ...... 926
رەت قىلىنغان سەدىقە ...... 927
كالا ئۆلتۈرۈش ...... 927
يول بويىدىكى كىچىك دۇكان ...... 928
ئورۇندۇقتا تايىنىپ مۈز تېيىلىش ...... 928
سودىگەر بىلەن چولپان ...... 929
چاشقاننىڭ ساياھەت قىلىشى ...... 929
ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ...... 930
ئەۋزەللىكنى نامايان قىلىش ...... 931
ھەقىقەتنى ئىزدەش ...... 931
پاقا بىلەن مۈلى قۇلۇلىسى ...... 932
ئوۋ ئىتىنىڭ پۇتى ...... 933
ئوخشاشمىغان تەقدىر ...... 933
تەقدىم قىلىش ...... 934
رەخت ۋە كونا چاپان ...... 935
ئىگە بولۇش ۋە مەھرۇم قىلىش ...... 935
قىزىل ئۇسسۇل ئايىغى ...... 936
تاشلىۋېتىشكە قىيمىغان كالا ئارغامچىسى
...... 938
تالىپ ۋە بېلىقچى ...... 938

## قورسىقىڭىز ئاغرىغان بولسا، كۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ

بىر ئادەم تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ قورساق ئاغرىقى كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى.

— بۈگۈن نېمىلەرنى يېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى تېۋىپ.

— ئاران ئۈچ دانە كۆيگەن نان يېگەن ئىدىم شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بىمار.

تېۋىپ خىزمەتكارىغا دورا ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن بىر دورىنى ئېلىپ بىمارغا دېدى:

— قېنى بۇرادەر، كۆزلىرىڭىزنى يوغان ئېچىڭ، دورا قۇيۇپ قوياي.

— ۋاي تەقسىر، مەن ئۆزلىرىگە قورساق ئاغرىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلغان تۇرسام، بۇ...

— ياق، — دېدى تېۋىپ، — سىزنىڭ كۆزىڭىز چاتاق ئىكەن. ساق بولغىنىدا كۆيگەن نان يەرمىدىڭىز؟

***ھېكمەت:***

***كۆزنىسپ ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىغاندا، كۆزنىڭ بولۇشى نەھاجەت.***

## تېۋىپنىڭ تەۋسىيەسى

بىمار تېۋىپقا شىكايەت قىلدى:

— كۆلگۈنچەكلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. ياردەم قىلمىسىڭىز بىكار ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

تېۋىپ ئۇنىڭدىن قانداق تاماقلارنى كۆپرەك يەيدىغانلىقىنى سورىغانىدى، ئۇ جاۋاب قىلدى:

— كۆپىنچە تۇزلانغان بېلىق گۆشى، قاق قىلىنغان مال گۆشى، تۇخۇم ۋە باشقىلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئەگەر بۈگۈن ئۆلمەي قالسىڭىز، — دەپ تەۋسىيە قىلدى تېۋىپ، — ئەتىگە ئەلۋەتتە بىر باغ ئوتقا مىنىپ ئۆزىڭىزنى شەھەر مۇنارىسىدىن تاشلاڭ، تۇزلۇلۇپ قالسىڭىز ئەجەب ئەمەس.

*ھېكمەت:*

*كۆڭۈل تارتتى دەپ ھەممىنى يېيىش ئۆز بەدىنىنى ئۆزى خارلىغانلىقتۇر.*

## ئاشقازان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەم

بىر ئادەم تېۋىپقا ئاشقازان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى.

تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، كۆپىنچە نېمىلەرنى يەيدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى.

— بىر ئولتۇرغىنىمدا 40 قوغۇن، ئۈچ قاداق نان، بەش مەن①گۆش، بىر قاداق ئانار، ئەگەر تاتلىق نەرسىلەرنى يېگۈم كەپقالسا، سەككىز قاداق ياڭاق سېلىنغان ھالۋا يەيمەن، — دېدى بىمار.

تېۋىپ قولىغا قەغەز ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى يازدى ۋە ئۇنى تۆت پۈكلەپ بىمارغا تۇتقۇزدى:

— قەغەزگە يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ يەڭ، ئىنشائاللا، شىپا تېپىپ قالۇرسىز.

بىمار كوچىغا چىقىپ قەغەزنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىكەن: «ئون قاداق پىششىق خىشت، يىگىرمە قاداق تۇرۇنج، ئوتتۇز قاداق خورما، قىرىق قاداق بۇخارا ئالۇچىسىنى قوشۇپ ئىستېمال قىلىنسۇن.»

*ھېكمەت:*

*نورمال يېيىلمىگەن تاماق، جانغا سېلىنغان قارماق.*

## ئىشتىھايىڭىز ئېچىلدۇ

بىر ئادەم تېۋىپقا مۇراجىئەت قىلىپ:

— كېسەل بولۇپ قالدىم، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، ھېچ نەرسىگە ئىشتىھايىم يوق، شۇڭا سىلىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم، داۋالاپ قويغان بولسىلا، — دېدى.

تېۋىپ ئۇنىڭدىن بۈگۈن نېمە يېگەنلىكىنى سورىدى. بىمار ئازراقلا تاماق يېگەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، تېۋىپ قىستاۋەرگەنلىكتىن، ئىلاجىسىز يېگەنلىرىنى بىرمۇبىر ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

①مەن — تەخمىنەن 2.6 كىلوگىرام ھەجىمدىكى ئېغىرلىق ئۆلچىمى.

— سىلىنىڭ يانلىرىغا كېلىۋېتىپ يولدا كاللا - پاچاق دۇكىنىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ يەردىن تۆت قوينىڭ كاللا - پاچىقىنى سېتىۋېلىپ يېدىم، سىلى بۇنى ئىككى قوينىڭ كاللا - پاچىقى ھېسابلىغايلا؛ كېيىن تاتلىق يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن تۆت قاداق ھالۋا، ئۈزۈم بازىرىدىن ئون قاداق ئۈزۈم سېتىۋېلىپ چايخانىغا كىردىم، ئۇ يەردىن ئون نان سېتىۋېلىپ، سەككىز چەينەك چاي بىلەن ھەممىسىنى يېدىم، سىلى ئۇلارنى ئىككى قاداق ھالۋا، بەش قاداق ئۈزۈم، بەش نان، تۆت چەينەك دەپ ھېسابلىسىلا؛ يەنە تېخى تۆت قوغۇنمۇ يېدىم، سىلى ئۇنى ئىككى دانە دەپ ھېسابلىسىلا؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشخانىغا كىرىپ ئون مانتا، سەككىز زىخ كاۋاپ يېدىم، سىلى بۇلارنى بەش مانتا، تۆت زىخ كاۋاپ ھېسابلىغايلا؛ ئىشتىھايىمنىڭ يوقلۇقى مانا شۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تېۋىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىشتىپ شۇنداق دېدى:

— ئەمدى مەن ئېيتاي، سىز ساناپ تۇرۇڭ، ئالتە يىل ئاشقازان كېسەللىكى بىلەن ئاغرىيسىز، بۇنى سىز ئۈچ يىل ھېسابلاڭ. كېيىن ئون يىل مېڭە ئاغرىقى دەردىگە گىرىپتار بولىسىز، سىز بۇنى بەش يىل ھېسابلاڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كۆزىڭىز قارىغۇ، ئىككى قولىڭىز تۇتماس، ئىككى ئايىغىڭىز باسماس بولۇپ قالىدۇ. سىز بۇلارنى بىر قولۇم، بىر ئايىغىم دەپ ھېسابلاۋېرىڭ. ئەنە شۇ چاغدا ئىشتىھايىڭىز تېخىمۇ ئېچىلىدۇ.

***ھېكمەت:***

***ئاتا - بوۋىلار «ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرمە، ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئۇدۇل كەلگەننى يەۋېرىش ئەقلىنىمۇ يەيدىغانلارنىڭ ئىشى.***

## لوقمان ھېكىمنىڭ پاراستى

لوقمان ھېكىم تېۋىپلىقتىمۇ شۆھرەت قازانغانىكەن:

شەھەر پادىشاھى باشقىلاردىن «لوقمان ھېكىم بىلىملىك، ئەقىللىق، زېرەك، تەدبىرلىك دانا كىشى ئىدى» دېگەن تەرىپلەرنى ئاڭلاپ، زەردىسى قايناپ: «ئۇ شۇنچىلىك داڭلىق ئادەم بولسا، ئۇنىڭ كارامىتىنى مەن بىر كۆرەي... ئۇنى چوڭقۇر زىندانغا تاشلايمەن. ئۇ تەدبىرلىك بولسا، ئۆز ئەقىل - پاراستىنى ئىشلىتىپ چىقىپ كۆرسۇن» دەپتۇ - دە، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى تۇپلاپ، چوڭقۇر بىر زىندان قازدۇرۇپتۇ. زىندان پۈتكەن كۈنى لوقمان ھېكىمنى ئوغلى بىلەن تۇتۇپ كېلىپ، ئىككىسىنى مۇشۇ زىندانغا تاشلىۋېتىپتۇ ۋە زىنداننىڭ ئاغزىنى يوغان بىر ياپىلاق تاش بىلەن ئېتىپ، تاشنى بىرنەچچە غېرىچ قارا چىلان توپا بىلەن كۆمۈپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىرائەت تېرىپ، ئىزدەپ تاپقۇسىز قىلىۋېتىپتۇ.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شاھ ۋاپات بوپتۇ، پادىشاھنىڭ ئوغلى تەختكە چىقىپتۇ. لوقمان ھېكىم شۇ پېتى زىنداندا قاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ بېلىق يەپ ئولتۇرۇپ، ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىقتىن كانىيىغا بېلىق قىلتىرىقى تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، نە ئۇيان ـ نە بۇيان ماڭماي، سارغىيىپ ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ.

ئۇنىڭغا ئوردا تېۋىپلىرى ۋە شەھەر ھۆكۇمالىرى ھېچقانداق داۋا تاپالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياشانغان كىشىلەرنى يىغىپ:

ــ بۇنىڭغا قانداق داۋا بار؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، بىر مويسىپىت بوۋاي تۇرۇپ:

ــ ھەي ...ئامال بارمۇ؟ لوقمان ھېكىم بولسا، بۇنىڭغا داۋا تاپاتتى، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

ــ ئۇ قەيەرگە كەتتى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئۇنى ئاتىلىرى ئوغلى بىلەن قوشۇپ زىندانغا تاشلىۋەتكەنىدى. زىنداننىڭ ئاغزىنى تاش بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىنى توپا بىلەن كۆمۈپ، زىرائەت تېرىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭغا بىرقانچە يىل بولۇپ كەتتى، ــ دەپتۇ.

ــ ئاتا، ئۇ يەرنى پەرق ئېتەلەمسىز؟

ــ پەرق قىلىمەن، ئۇ يەرنى بىلىمەن!

ــ ئۇ، ئەۋلىيادەك، شاپائەتلىك ئۆلىما ئىدى، ھايات بولۇشى ئېھتىمال، ھەرنېمە قىلىپ تاپايلى، ــ دېيىشىپتۇ ئوردا ئەھلىمۇ.

شۇنىڭ بىلەن زىندان كولانغان يەرنى تېپىپ، ئاغزىنى ئېچىپ، ھېلىقى قېرى مويسىپىت بوۋاينى تەكشۈرۈپ بېقىشقا چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ بوۋايمۇ لوقمان ھېكىم بىلەن تەڭتۇش بىر ھۆكۇما ئىكەن. بوۋاي قاراڭغۇ زىنداننى ئۇيان ـ بۇيان ئىزدەپ، بىر قۇرۇق سۆڭەك تېپىپ قايتىپ چىقىپتۇ ۋە:

ــ مەن بىر ئۇستىخان تاپتىم، يەنە بىرنىڭ سۆڭىكى يوق، ئۇنى ئىزدەشكە دەرمانىم يەتمىدى، ئەتراپلىق تەكشۈرەلمىدىم، ــ دەپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر دانىشمەننى چۈشۈرۈپتۇ.

دەسلەپ چۈشكەن بوۋاي:

ــ ئەگەر تاپالىساڭ، تىرىك بولسا سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز قول تەگكۈزمە. كېيىن مەن چۈشىمەن، سەن پەقەت بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ چىق! ــ دەپتۇ.

بۇ قېتىم چۈشكەن ئادەم لوقمان ھېكىمنىڭ تېنىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئەمما ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، تەننىڭ يۇتۇنلۇكىنى خەۋەر قىلىپ چىقىپتۇ.

دەسلەپ چۈشكەن بوۋاي چوڭ خالتا شەكلىدە تور ياساپ، قاۋۇل ئىككى يىگىتنى بىللە ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار زىنداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يەتكۈدەك شوتا ياساپ، بىر ئادەم ياتقۇدەك ئورۇن تەييارلاپ، لوقمان ھېكىمنىڭ تېنىنى شۇ ئورۇنغا ئېلىپ چىقىپتۇ. قاراڭغۇلۇقتىن بىراقلا چىقىرىپ كەتمەپتۇ، ئاندىن كېيىن، لوقمان



www.uyghurkitap.com

ھېكىمنىڭ تېنىگە بىر تامچە شاراب تامدۇرۇپ، ئۇنىڭ جېنى بارلىقىنى بىلىپتۇ، بوۋاي قايتىپ چىقىپ:

— زىنداننىڭ ئاغزىغا چوڭ بىر قازان ئورۇنلاشتۇرۇپ تاماق پىشۇرۇڭلار، ھەرخىل تاماقلارنىڭ پۇرىقى ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرسۇن. بىرقانچە كۈن كۆزىتەيلى، بۇنىڭدىن بىر مەنپەئەت چىقار، — دەپتۇ.

بىر كۈندىن كېيىن بوۋاي لوقماندىن:

— ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر قوشۇق پىشقان سۈت بېرىپتۇ، بىرئازدىن كېيىن لوقمان ھېكىم مىدىرلاپتۇ ـ دە:

— تاماق ئۈچ كۈن پىشۇرۇلسۇن، تاماق ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇپ تۇرسۇن، — دەپتۇ ـ دە، باشقا گەپ قىلماپتۇ.

زىنداننىڭ ئاغزىدا ئۈچ كۈن تاماق پىشۇرۇلۇپتۇ، لوقمان ھېكىمگە پات ـ پات بىر قوشۇق شەربەت، بىر قوشۇق سۈت بېرىپ تۇرۇلۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن لوقمان ھېكىم سۆزلىگۈدەك ھالەتكە كېلىپتۇ. يۇقىرىدىكى تەجرىبىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا بوۋاي لوقماندىن ئۆگەنگەنىكەن.

— كۈن چۈشمەيدىغان بىر ئۆيگە ئاچىقىڭلار، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم تۆتىنچى كۈنى.

شۇنىڭ بىلەن لوقمان ھېكىم زىنداندىن چىقىرىلىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەرخىل تائاملاردىن ئۆلچەم بىلەن بېرىپ تۇرۇلۇپتۇ. بىر كۈنى لوقمان ھېكىم:

— 14 ـ 15 ياشلاردىكى يىگىرمە قىز، يىگىرمە ئوغۇل ئەكېلىڭلار، بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل نۆۋەت بىلەن كېلىپ مېنىڭ ئېتىمنى سىيلاپ تۇرسۇن، — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ بۇ تەلىپىمۇ ئورۇندىلىپتۇ. سەۋەبى، ياش باللارنىڭ ھارارىتى تەنگە سىڭگەن ئۇزۇن يىللىق زەردابنى قايتۇرىدىكەن. قىرىق بالا ھەر كۈنى ئىككىدىن نۆۋەت بولۇپ بۇ ئىشنى يىگىرمە كۈن داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بىراق باللارنىڭ قېنى قېچىپ چىراي سارغىيىپتۇ.

— قۇۋۋەتلىك تائاملار بىلەن يەتتە كۈن غىزالانسا، باللار ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم.

دېگەندەك باللار ئەسلىگە كەپتۇ. لوقمان ھېكىم سەللىمازا تۈزىلىپ كېتىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ سالامەتلىكى ياخشىلانغاندىن كېيىن، پادشاھ:

— ھۆرمەتلىك ھېكىمنىڭ ماڭا قىلىدىغان داۋاسى بارمىكىن! — دەپتۇ. لوقمان ھېكىم:

— بار، يالغۇز ئوغۇللىرىنىڭ قېنىدىن باشقا داۋا يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئىچسىلە، قىلتىرىق چىقىپ كېتىپ جانلىرى سالامەت بولىدۇ، — دەپتۇ.

يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىشقا چىدىمىغان پادشاھ تېخىمۇ ھەسرەتكە چۆمۈپتۇ.

ئوردا ئەھلى:

— سىلى ئۆلسىلە تىپىلمايلا. بىر بالا سىلى ئۈچۈن قۇربان بولسا، خۇدا يەنە بېرەر. شۇڭلاشقا ئوغۇللىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلسىلا ئەيىب بولماس، — دېيىشىپتۇ.

ئامالسىز قالغان پادىشاھ ئاخىر بالىسىنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئىچىشكە ماقۇل بوپتۇ. لوقمان ھېكىم كېلىپ، شاھزادىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. شاھزادە پادىشاھنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىلىپتۇ. لوقمان ھېكىم شۇ چاغدا:

— شاھزادىنى بۇ يەردە بوغۇزلىماي، ئوردىنىڭ ئالدىغا بىر چېدىر تىكىڭلار، شاھزادىنىڭ ئاۋازىنى پادىشاھ ئاڭلاپ تۇرسۇن، — دەپتۇ — دە، چېدىرغا شاھزادىنى ئەكىرىپتۇ، ئاندىن پادىشاھقا كۆرسەتمەي، بىر ئۆچكە ئالغۇزۇپتۇ، بالىنىڭ يۈزىنى يېپىپ، ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆچكىنى بوغۇزلاپتۇ...

ئۆچكىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى پۈتۈن جاھاننى بىر ئاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بالىنى بوغۇزلىدى دەپ ئويلاپ:

— ئاھ دۇنيا! بىر جېنىم ئۈچۈن يالغۇز ئوغلۇمنىڭ قېنىنى تۆكتۇم — ھە! — دەپ دەھشەتلىك ۋارقىراپتۇ — دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ.

پادىشاھ «ئاھ!» دېگەندە، گېلىدىن قىلتىرىق ئېتىلىپ يەرگە چۈشكەنىكەن...

لوقمان شاھزادىنى ئەگەشتۈرۈپ، شاھنىڭ ئالدىغا سالام بەرگىلى كىرىپ كېلىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان پادىشاھ:

— بۇ نېمە كارامەت، ئوغلۇم سالامەت ئىكەنغۇ؟! — دەپ چەكچىيىپ قاپتۇ.

لوقمان ھېكىم:

— مۇشۇنداق خەتەرلىك ئىشنى ئاشۇنداق ھەسرەتلىك تەدبىر بىلەن داۋالىغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، گېلىڭىزدىن قىلتىرىق چۈشمەيتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ھېكىم، ئاتامنىڭ سىزگە زۇلۇم سېلىشى ئىككىلا دۇنيادا كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئىكەن، رەنجىمەڭ! — دەپ ئەپۇ سوراپتۇ پادىشاھ.

شاھ لوقمان ھېكىمدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھۆرمەت قىلىپ ئۆتۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەرقانداق ئىشنى تەدبىر بىلەن ئىشلىسەڭ، تەقدىرىڭ ئۆز قولۇڭدا بولىدۇ. ئەكسىچە ئىش قىلساڭ، باشقىلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىسەن.***

## قىرىق كۈندە ئۆلسەن

بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ ئاسمان ئۆرۈلسە ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان، ئالەمگە ئوت كەتسە پەرۋايىغا، سۇ باسسا ئەرۋايىغا كەلمەيدىغان، نان بولسا ئىش بولمىسا، ياز

بولسا قىش بولمىسا دەيدىغان، ئالدىغا كەلگەننىلا يالمايدىغان، نەپسى ئۇچۇن ھەر بالادىن يانمايدىغان، يېيىشنىلا كۆزلەيدىغان، ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيدىغان، قورسىقىنىڭ تويغىنىنى سىيلاپ بىقىپ بىلىدىغان، ھەممىشە ئورۇنسىز سۆزلەيدىغان، قىلىقىدىن كىشىنىڭ غىدىقى كېلىدىغان، باشلىقىغا بېشى بىلەن، باشقىلارغا پۇتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇيقۇدىن نېرى بولمايدىغان، باشقىنى ئۇقمايدىغان ئاجايىپ بىر ئادەم ئىكەن. ئاقىۋەتتە ئۇ يەل بەرگەن تولۇمدەك، يەم بەرگەن مولۇندەك، ئېغىر ئاياغ خوتۇندەك، باغلاپ قويغان ئوتۇندەك بىر نېمە بوپتۇ - دە، ئاخىر لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئەھۋالنى دەپتۇ. لوقمان ھېكىم ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپتۇ - دە، چورتلا ئېيتىپتۇ:

— قىرىق كۈندە ئۆلىسەن.

— ھە؟...ھە؟...

— شۇنداق...قىرىق كۈنلۈكلا ئۆمرۈڭ قاپتۇ.

ئاھ! — دەپتۇ باداڭ قورساق ۋە قايغۇرغان پېتى ئۆيىگە راۋان بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەجدىھادەك ئىشتىھاسىمۇ، ئېيىقنىڭكىدەك ئۇيقۇسىمۇ قېچىپتۇ، ئۇ: «چالا قالغان ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈۋالاي...» دەپ ئۇياق - بۇياققا چېپىپتۇ. ھەركەتلىنىش بىلەن بويلىرى خېلى يېنىكلەپتۇ. قىرىق كۈنمۇ، يۈز قىرىق كۈنمۇ ئۆتۈپتۇ، ئەمما ئۇ ئۆلمەپتۇ. يەنە لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، لوقمان ھېكىم مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دەپتۇ:

ئەل ئىشىدىن ئەندىشى يوقنىڭ ئىشى ئوڭمايدىكەن،

ئۇ كەبىلەرنى ئەجەلنىڭ دورىسى ئوڭلايدىكەن..

***ھېكمەت:***

***ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ راھىتىدىن ھۇزۇرلىنالمىغانلارغا ئەجەل ئوقى تېزلا تېگىدۇ.***

## كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت

كۆزلىرى ئاغرىقتىن قىزارغان، ساقاللىرى پاخپايغان بىر كىشى لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ ئىككى قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ھالىنى ئېيتىپتۇ. لوقمان ھېكىم تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپتۇ - دە، بىردىنلا چۆچۈپ ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، جىددىي سۆزلەپتۇ.

— ئاپلا سىزگە يامان بوپتۇ، ھامىلىدار بولۇپ قاپسىز ئەمەسمۇ...، — دەپتۇ.

— ھە؟... نېمە؟... ھامىلىدار؟... — تەشۋىشلىك سوراپتۇ كېسەل كىشى.

— ھەئە، شۇنداق، قورسىقىڭىزدا بالا پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

— تەقسىر، ئۇنى يوقىتىۋېتىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟

— بار...، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم، — پەقەت بىرلا ئامال بار: ئىككى قولىڭىزنى قورسىقىڭىزدىن بىردەممۇ ئايرىماي، قىرىق كۈنگىچە داۋاملىق سىيلاپ بەرسىڭىز بالا يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئالاقزەدە بولغان كېسەل كىشى قورسىقىنى سىيلىغان پېتى كېتىپتۇ-دە، قىرىقىنچى كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ يېتىپ كەپتۇ.

لوقمان ھېكىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، قورسىقىڭىزدىكى بالا يوقىلىپ كېتىپتۇ... — دەپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى سەللىمازا ساقايغانىكەن.

***ھېكمەت:***
***كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، موللا بار يەردە تىلىڭنى تارت.***

## ياۋۇزلۇقنى تۈگىتىمەن دېسە...

لوقمان ھېكىمنىڭ ئىلىم - ھېكمەتتىكى شان - شۆھرىتى پۈتۈن دۇنياغا يېيىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باغداد شاھى لوقمان ھېكىمنى چاقىرىپ كەپتۇ - دە، ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەت - كېڭەش قىلىپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ. كۈندىن - كۈنگە لوقمان ھېكىمنىڭ پىكىر دائىرىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، بىلىم كۈچىنىڭ چەكسىزلىكىگە ھەيران قالغان پادىشاھ بىر كۈنى ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— لوقمان ھېكىم بەكمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە زېرەك ئادەم ئىكەن. بۇنى بىز باش مۇنشىلىققا تەكلىپ قىلساق، قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىغان ۋەزىر: «لوقمان ھېكىم باش مۇنشى بولسا، كېيىن بىزنىمۇ ئورنىمىزدا قالدۇرماس» دېگەن ئويغا كېلىپ:

— ھەي كەرەملىك شاھىم، دانا مەسلىھەتلىرىگە قارشى سۆزلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. بىراق مەن لوقمان ھېكىمدىن بەكمۇ خاۋاتىرلىنىمەن. چۈنكى، باشقا كىشىلەر ئىشلىيەلمىگەن ئىشلارنى ئۇ ئىشلىيەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىر كۈنى سىزگىمۇ، بىزگىمۇ بىرەر پالاكەت كەلتۈرۈپ، ئۆزى پادىشاھ بولۇۋالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، خاپا بولغان ھالدا:

— توغرا گەپ، مۇنداق ئەقىللىق كىشىلەر ئەزەلدىنلا پادىشاھقا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ كەلگەن. ئەمدى بۇ لوقمان ھېكىمنى قانداق قىلىمىز، تېزلىكتە كۆزدىن يوقىتامدۇق؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر خۇشال بولۇپ:

— كەرەملىك شاھىم، بىز ئۇنىڭدىن ئۈچ تۈرلۈك ئىلىم سورىۋېلىپ، شۇ ئىلىمنى



www.uyghurkitap.com

بىلمۇۋالايلى، ئاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلارمىز، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭ بىل! نېمە قىلساڭ ئەركىنلىك ئۆزۈڭدە. لوقماننى تېزرەك كۆزدىن يوقىتىش ھوقۇقىنى ساڭا بەردىم، ــ دەپتۇ پادىشاھ.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ لوقماننى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا يولاتمايدىغان بوپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان لوقمان ھېكىم ۋەزىردىن:

ــ مېنى ئوردىغا نېمە ئۈچۈن كىرگۈزمەيدىغان بولدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ پادىشاھنىڭ ۋاقتى يېتىشمەيۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ ۋەزىر.

لوقمان ھېكىم ئويلىنىپ ۋەزىرنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى، پادىشاھنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى قوبۇل قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ.

بىر كۈنى:

ــ ھەي لوقمان ھېكىم، شاھىمىزنىڭ ئىلمىڭىزگە بولغان ھۆرمىتى، سىزگە بولغان ئېتىقادى چەكسىز، ئۇنىڭ سىزدىن سورايدىغان بىرقانچە سوئاللىرى بارئىكەن. شۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ مەن ھەرقاچان شاھ خىزمىتىگە تەييار!

ــ بىرىنچى سوئال، - دەپتۇ ۋەزىر، ــ ئاستىدىكى دۈشمەننى تۇتۇشتا، ئۆلتۈرۈشتە قايسى ئىلىمنى ئوقۇش كېرەك؟ ئىككىنچى سوئال، پادىشاھ قانداق قىلغاندا ئىلكىدىكى خەلقىنى باي، پاراۋان قىلالايدۇ؟ مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك ئىشنىڭ ئىلمىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىز.

ــ بولىدۇ، ــ دەپتۇ لوقمان ھېكىم، ــ بىراق كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئىلمىي قانۇنىيەتنى يېزىپ چىقىشقا ئىككى يىل مۆھلەت بېرىڭلار.

ــ ئىككى يىل ئەمەس، ئىككى ئايمۇ ۋاقىت بېرەلمەيمىز، پەقەت ئىككى ھەپتىدە يېزىپ تاماملايسىز، ــ دەپتۇ ۋەزىر.

لوقمان ھېكىم ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ - دە:

ــ مېنىڭ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق پۈتۈن ئەقلىمنى سەرپ قىلىپ، بىرقانچە يىل يازغان كىتابىم بار، شۇنى بىر ھەپتە كۆرۈپ چىقىپ، خاتاسىنى تۈزىتىپ بېرەي، ــ دەپتۇ.

ۋەزىر خۇشال بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، لوقمان ھېكىم ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ كىتابنى تۈزىتىپ بولدۇم. بىراق پادىشاھقا ئۆزۈم تاپشۇرسام، ــ دەپتۇ.

ۋەزىر لوقمان ھېكىمنى شاھ ھوزۇرىغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، لوقمان ھېكىم پادىشاھقا كىتابنى بېرىپتۇ، كىتابنى ئالغان پادىشاھ:

ــ لوقمان ھېكىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر كاسا شاراب كەلتۈرۈڭ! ــ دەپتۇ.

ۋەزىر زەھەر سېلىنغان بىر كاسا شارابنى لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ

قويۇپتۇ. لوقمان ھېكىم شارابنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى سېزىپتۇ ـ دە، ۋەزىر بىلەن پادىشاھقا سەزدۈرمەي، يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر تۇگۈنچەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى تۇزغا ئوخشاش نەرسىنى كاسىغا سېلىۋېتىپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن شارابنى بىمالال ئىچىۋېتىپتۇ؛ ئۇزۇن ئۆتمەي، زەھەر ئىچكەن كىشىگە ئوخشاش قىينالغان قىياپەتتە ئۇيان ـ بۇيان تولغىنىپ، كاسىنىڭ ئاستىغا ئۇيۇپ قالغان زەھەرگە بىگىز قولىنى تەگكۈزۈپ، ۋەزىرگە قاراپ:

ــ ھۆرمەتلىك ۋەزىر، كىتابنى بەردىم، ئۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك كىتاب، بولۇپمۇ سىلەرگە كېرەكلىكى ماۋۇ بەتلىرى... نېمە ئىشلىنىدىغانلىقى مۇشۇ بەتلەرگە يېزىلغان، ــ دەپ قولىدىكى زەھەرنى كىتابنىڭ بەتلىرىگە سۈركەپ قويۇپ، شاھنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. لوقمان ھېكىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر كىتابنى ئېلىپ قارىسا: «كىمدە كىم مۇشۇ كىتابنىڭ قەغىزىنى ئون قېتىم تىلى بىلەن يالىسا، ئۇ كىشىنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۆمۈر بويى كېمەيمەيدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان پادىشاھ بىلەن ۋەزىر كىتابنىڭ بېتىنى يالاپتۇ. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ زەھىرى بىلەن ئۆزلىرى زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***پادىشاھ قول ئاستىدىكى خەلقنى تىنچ بولسۇن دېسە، كىشىلەرنى ئاق كۆڭۈل، ئەدەپلىك قىلىپ تەربىيەلىسۇن! پادىشاھ خەلقنى باي، پاراۋان بولسۇن دېسە، مەملىكەتتىكى زوراۋانلىق ۋە ياۋۇزلۇقنى تۈگەتسەن دېسە، ئالدى بىلەن ئۆزى زوراۋانلىقنى تۈگەتسۇن!***

## كېلىن تاللاش

لوقمان ھېكىم ئوغلىنى ئۆيلەمەكچى بوپتۇ ـ دە، ئۇنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ ئۇرۇپتۇ، كۆرگۈچىلەر ئەجەبلىنىپ:

ــ ھەي ئادەم، بۇ بالىنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، لوقمان ھېكىم:

ــ بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىدۇ...، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ ئەخمەق ئادەممۇ سەن؟...بۇيرۇغان ئىشنى قىلغان ئادەمنىمۇ ئۇرامسەن؟

ئۆلارنىڭ سۆزىگە لوقمان ھېكىم مىيىقىدا كۈلۈپتۇ ـ دە، ئوغلىنى كوچىمۇكوچا ئېلىپ بېرىپ يەنە شۇنداق قىپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر ھويلىدىن قاش ـ قاپاقلىرى تۇرۇلگەن بىر قىرى قىز چىقىپ غەزەپلىك ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

ــ ھەي ئاتا، بۇ ئوغۇلنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىدۇ...، ــ دەپتۇ لوقمان ھېكىم. قىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە:

— ئۇنداق بولسا تازا ئۇرۇڭ، قاچانكى ئىشنى بۇيرۇتماي، ئۆزى تېپىپ قىلغۇچە ئۇرۇڭ...، — دەپتۇ. لوقمان ھېكىم قىزنىڭ قولىدىن كاپىپىدە تۇتۇپتۇ — دە:

— مېنىڭ ئىزدىگىنىم سەن ئىدىڭ...، — دەپتۇ ۋە شۇ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئىش ئەقىلنىڭ ئەلچىسى، ئەمگەك — ئۇمۇرنىڭ گۈلچىسى،***
***كۆز — كۆڭۈلگە نۇر چىراغ، قول — پۈت ئۇتۇقنىڭ يولچىسى.***

## سەككىز تۈرلۈك ئەقىل

لوقمان ھېكىم بىر كۈنى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ كىرىپ ئۇنىڭغا سەككىز تۈرلۈك ئەقىل ئۆگىتىپ:

— بىرىنچى، ئەخلاقلىق بولۇپ، خەلققە سادىقلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىل؛ ئىككىنچى، كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلىغىنىكى، يامان ئىشتىن توس؛ ئۈچىنچى، ھاياتىڭدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەر؛ تۆتىنچى، بىرسى نامۇۋاپىق ئىش قىلسا، ئەپۇچان بول؛ بەشىنچى، باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلەڭدە ھەممىگە باراۋەر بول؛ ئالتىنچى، دۇنيادا ئابرۇي — ئاتاق ئۇچۇن ياشىما؛ يەتتىنچى، سالماق بول؛ سەككىزىنچى، سۆزلىگەندە سىلىق — سىپايە بول، ھودۇقۇپ كەتمە.

ئوغلۇم سېنىڭ ھەر دائىم مۇشۇ سەككىز تۈرلۈك ئىشنى ئەمەلىيىتىڭدە ئۇلگە قىلىشىڭنى ھەم ھەرقانداق ئىنساننىڭ بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم يەنە بىر كۈنى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ ئېغىز ھېكمەت بىلەن نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىرىنچى، ئالغان ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن ئارتۇق بولمىسۇن، ھەر ھالدا ئايالىڭدا بىر يېتىشسىزلىك بولسۇن؛ ئىككىنچى، ھەپتىسىگە بىر ئايال ئال؛ ئۈچىنچى، ئايالىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ بۇ ئۈچ كەلىمە ھېكمىتىنى چۈشىنەلمەي ئاتىسىدىن سوراۋېرىپتۇ. لوقمان ھېكىم ئوغلىغا بۇ ئۈچ كەلىمە ھېكمەتنى يېشىپ بېرىپتۇ:

— ئوغلۇم، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ تۇرغىن. بىرىنچى، ئالغان ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن ئارتۇق بولمىسۇن، ھەر ھالدا ئۇنىڭدىن بىر يېتىشسىزلىك بولسۇن، دېگىنىم ئايالىڭ سەندىن يۇقىرى بولسا سېنى ياقتۇرمايدۇ، ھەر ئىشىڭدىن قۇسۇر تېپىپ سېنىڭدىن چاندۇ — دە، ئازىدۇ. ئاخىر مۇھەببىتىڭ ياراشماي ئائىلەڭدە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ ياكى بولمىسا ھاياتىڭ خورلۇقتا ئۆتىدۇ. ئەگەر ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن تۆۋەنرەك سەۋىيەدە بولسا، يامان خىيالدىن يىراق بولىدۇ — دە، ساڭا سادىق بولۇپ ئىناق — ئىجىل

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش كەچۈرىسەن، تۇرمۇشۇڭ كۆڭۈللۈك بولۇپ، بەختلىك ياشايسەن.

ئىككىنچىسى، ھەپتىسىگە بىر ئايال ئال، دېگىنىم شۇكى، ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئايالىڭ يېنىدا بول دېگىنىم. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا ئەرنىڭ ئىشى ھەمىشە تالادا بولىدۇ. شۇڭا ھەپتىسىگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئايالىڭ يېنىدا بولغىنىڭ تۈزۈك. ھەمىشە ئۆيدە بولساڭ ھەر ئىشتىن قول ئۈزۈپ ئۆي كۈچۈكى بولۇپ قالىسەن. ئەر كىشىنى ئۈچۈن ئىشسىز، بىكار ئولتۇرۇش ــ ئايال ئالدىدا بەكمۇ نومۇس، ھەپتىسىگە بىر ئايالىڭ ئېلىشنىڭ پايدىسى بار. كۈندىلىك ئۇرۇش ــ جېدەلدىن نېرى بولىسەن، مۇھەببىتىڭ سوۋۇمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئايالىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما، دېگىنىم بولسا، ئايال خەق يېنىڭ مىجەز كېلىدۇ، ئاچچىقى كەلسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، ئىچىدە سۆز ياتمايدۇ، ئايالىڭ بىلەن ھەمىشە ئىناق ــ ئېجىل ئۆتمەن، دەپ جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سەندىن رەنجىپ قالسا، سېنىڭ ياخشىلىقلىرىڭ بىر تەرەپكە قايرىلىپ قېلىپ، سېنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىڭنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئادەم بار ــ يوق دېمەيلا يۈزۈڭگە سېلىپ سېنى رەسۋا قىلىپ قويىدۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئۈچىنچى نەسىھەتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئاخشىمى بىر ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ، مۈڭگۈزىنى كېسىۋېتىپ، ئۇنى بىر تاغارغا قاچىلاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۆيىنىڭ كەينىدە گۈپۈلدىگەن ئاۋاز ئايالىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپتۇ ــ دە، «نېمە ئىشتۇ، بىرەر ئوغرى ئۆيىنىڭ كەينىدىن تۆشۈپ ئېچىپ ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرمەكچى ئوخشىمامدۇ» دەپ بىر دانە توقماقنى كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئۆيگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «ۋاي سىزمۇ؟ نېمە ئىش بولدى، نېمانچە يوق بولۇپ كېتىسىز، دەپ بېقىڭا، سىزگە نېمە بولدى، ئەلپازىڭىز باشقىچىلىغۇ؟» دەپتۇ.

ئېرى بايا بىرسى بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم، ئۇ مېنى تىللاۋەرگەندى، ئاچچىقىمغا پايلىماي بىر مۇش ئاتسام قولۇم گۇرەن تومۇرىغا قاتتىق تېگىپ كەتتى بولغاي، قارىسام تىنىقى توختاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بىرەرسى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ مۇشۇ ئۆيىنىڭ كەينىگە كۆمۈپ تاشلىدىم. يوشۇرغىنىم شۇ، خوتۇن. سەن ھېچكىمگىمۇ تىنما، ئەگەر يەڭگىللىك قىلىپ باشقىلارغا دەپ قويساڭ، مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ، سەنمۇ مېنىڭدىن ئايرىلىپ، بالىلار بىلەن يېتىمسىراپ قالىمىغىن، ــ دەپتۇ ئايالىغا. بۇنىڭغا ئايالى ماقۇل بولۇپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى بىر كۈنى ئۇششۇمتۇتلا ئايالىنى خاپا قىلىپ قويۇپ، ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. بۇ ئايالىغا ھار كەپتۇ. ئاخىر ئايالى ئېرىگە:

ــ سىز يېقىندىلا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ھەم ئۇنى باشقىلار كۆرمىسۇن، دەپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويغان ئىدىڭىز. سىز مېنى مۇنچىۋالا تېرىكتۈرىدىغان

بولسىڭىز، مەھكىمەئىي شەرئىيگە بېرىپ، قازى ئاخۇنغا قاتىللىقىڭىزنى ئاشكارىلايمەن، — دەپلا ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇللا قازىخانىغا بېرىپتۇ ـ دە، ئەھۋالنى قازىغا مەلۇم قىپتۇ:

— مېنىڭ ئېرىم يېقىندىلا بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويىدى. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھازىر ئېرىم مېنى كۈندە خاپا قىلىپ مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى. سىلى مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسىلە، ماڭا ئادەم قوشۇپ قويسىلا، مەن ئېرىم ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەمنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپ قازىغا يالۋۇرۇپتۇ.

قازى دەرھاللا بىر ئادەمنى ئۇ ئايالغا قوشۇپ قويۇپ جەسەتنى دەرھال ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

يەر كولىنىپ تاغاردىكى جەسەت قازىنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. قازى تاغارنىڭ ئاغزىنى دەرھال ئاچقۇزۇپ ئىچىگە قارىسا، بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈكى بولماستىن، بەلكى بىر ئۆچكىنىڭ ئۆلۈكى بولۇپ چىقىپتۇ. قازى بۇ نېمە ئىش؟ بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ كېلىنى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا تاياقتەك قېتىپلا قاپتۇ.

قازى لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ ئەھۋالنى سورىغانىكەن. ئۇ قازىغا:

— مەن ئاتامنىڭ نەسىھەتىنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە، ئايالىمنى مۇشۇنداق سىناپ باققانىدىم، — دەپتۇ. قازىمۇ ئۇنىڭغا قايىل بوپتۇ①.

***ھېكمەت:***
***ئاتا ـ ئانا نەسىھەتى جانغا ئوزۇق. ئۇلارنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلا، جېنىڭ ياشارسۇن.***

## مىڭنىڭ رەڭگىنى بىلگىچە، بىرنىڭ ئىسمىنى بىل

بىر كۈنى لوقمان ھېكىمنىڭ يېنىغا بىر يىگىت ئەقىل سوراپ كىرىپتۇ. لوقمان ھېكىم كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۈچ خىل ئەقىل ئۆگىتىپتۇ:

— بىرىنچى، مىڭنىڭ رەڭگىنى بىلگىچە بىرنىڭ ئىسمىنى بىل؛ ئىككىنچى، مېھمانغا بارغاندا تۆردە ئولتۇرۇپ قالساڭ، كېيىن كەلگەن مېھمانغا ئولتۇرغان ئورنۇڭنى بەرمە؛ ئۈچىنچى، يېنىڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پىچىقىڭنى ھەرگىز بەرمە.

بىر كۈنى لوقمان ھېكىم ئەقىل سورىغان ياشنى چاقىرىپ، ئۆزى ئۆگەتكەن ئەقىلنى شۇ يىگىتتىن نەق مەيداندا سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. لوقمان ھېكىم

① بۇ ھېكايەتنى پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى ئۇيلاپ رەتلىگەن بولۇپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. شۇ بويىچە ئېلىندى.

ھېلىقى يىگىتكە:

— مەن بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باراي دەۋاتىمەن، بىللە بارغىن، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. لوقمان ھېكىم ھېلىقى يىگىتكە:

— بىز مېھمان بولىدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە يېقىن قالغاندا سەن ئالدىنئالا بېرىپ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈپ، ئۆي ئىگىسىدىن سۆيۈنچە سورا، كۆپ پۇل ھەم ئابرۇي تاپىسەن، — دەپتۇ. بۇ يىگىت لوقمان ھېكىمنىڭ ئىسمىنى سورىۋالمىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى زادىلا بىلمەيدىكەن. شۇڭا بارىدىغان ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپلا:

— دوستلىرى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ سۆيۈنچە ئالماقچى بوپتۇ. لوقمان ھېكىم بارماقچى بولغان ئۆي بىر پادىشاھنىڭ ئۆيى ئىكەن. پادىشاھ ھېلىقى يىگىتكە:

— ھەي بالا، مېنىڭ دوستلىرىم بەكمۇ كۆپ، كېلىۋاتقان مېھمان كىم؟ ئىسمى نېمە؟ — دەپتۇ. بالا بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۆز ئادەملىرىدىن بىرىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئادەم لوقمان ھېكىم ئىكەنلىكىنى پادىشاھقا تېزلا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدا سۆيۈنچە مانا، دوستۇمنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ كەلگەن ئادەمگە مەنسۇپ، دەپ ھېلىقى كىشىگە كۆپ سۆيۈنچە ئىنئام قىپتۇ. ھېلىقى يىگىت سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قاپتۇ. بۇ يىگىت شۇنداق قىلىپ بىرىنچى سىناقتىن ئۆتەلمەپتۇ.

پادىشاھ لوقمان ھېكىمنىڭ دوستلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ، ھېلىقى يىگىتمۇ تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ. يىراق - يېقىندىكى مۆتىۋەرلەر لوقمان ھېكىمنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى يىگىت مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ سالاپىتىدىن، سالاھىيىتىدىن قورۇندى بولغاي، كىرگەنلەرگە تۆردىكى ئورنىنى بوشىتا - بوشىتا پەگاغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆگەتكەن ئىككىنچى نەسىھەتى ئىدى. بۇ يىگىت ئىككىنچى نەسىھەتكىمۇ ئەمەل قىلالماپتۇ. مېھمانلارغا كاتتا داستىخان سېلىنىپ، گۆش - قېزا، پولۇ، مانتا، قورداق - كاۋاپ قاتارلىق نازۇ - نېمەتلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. داستىخاندا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى تونۇر كاۋىپىنى يېمەكچى بولۇپ گۆشكە تەمشەلگەندە قولىدا پىچاق يوق بولغاچقا، يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتكە قارىغانىكەن، بۇ بالا يېنىدىكى پىچىقىنى غىلاپتىن چىقىرىپلا ھېلىقى كىشىگە ئىككى قوللاپ تەڭلەپتۇ. بۇ كىشى بىر بالىغا، بىر پىچاققا قارىغىنىچە پىچاقنى ئېلىپ گۆشنى كېسىپ ھۇزۇرلىنىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە داستىخاندىكى ياخشى تاماقلار قۇرۇقدىلىنىپ قاپتۇ.

ھېلىقى يىگىت سېپى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن پىچىقىنى تېزرەك ئېلىۋېلىش كويىدا بولغان بولسىمۇ بىراق پىچاق ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتمىغاچقا، يىگىت پىچاق بەرگەن مېھماندىن پىچىقىنى قايتۇرۇپ ئېلىش قارارىغا كېلىپ، پىچىقىمنى

قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا دېيىشىگە، پىچاق ئالغان كىشى:

— بۇ پىچاق راست سىزنىڭمۇ؟ — دەپ ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ سوراپتۇ. يىگىت ئۈچ قېتىم مېنىڭ، دەپ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ مەغرۇرانە.

پىچاقنى ئالغان ئادەم تۆردە ئولتۇرغانلارغا:

— ھۆرمەتلىك مۆتىۋەرلىرىم، قولۇمدىكى مۇنۇ ئالتۇن ساپلىق پىچاق بولسا ئاتامنىڭ پىچىقى ئىدى، بىرسى ئاتامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ پىچىقنى ئېلىپ كەتكەنىكەن. مەن ھازىرغىچە ئاتامنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، كىمنىڭ بۇ ئېسىل پىچاقنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي يۈرگەنىدىم. بۈگۈن مانا مۇشۇ سورۇندا ھەممە ئايان بولدى، مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قانلىق قول جاللات مۇشۇ يىگىت ئىكەن. مەن مەھكىمەئىي شەرئىيگە ئەرز قىلىمەن، — دەپ يىگىتكە ئېسىلىپتۇ. بۇ يىگىت تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلاردىن نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لوقمان ھېكىم يىگىتنى پىنھان يەرگە باشلاپ چىقىپ:

— ھەي نادان يىگىت! مەن ساڭا يېقىندىلا ئۈچ ئىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان ئىدىمغۇ، شۇ ئۈگەتكەن ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنىمۇ يادىڭدا، دىلىڭدا تۇتالمايسەنغۇ؟ مەن «مېڭىنىڭ رەڭگىنى بىلگىچە، بىرنىڭ ئىسمىنى بىل» دېگەنىدىم، لېكىن سەن مېنىڭ دېگىنىمنى قىلماي سىلجا - سىلجا ئاخىر پەگاغا بېرىپ قالدىڭ، شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتتىن مەھرۇم بولدۇڭ. «يېنىڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پىچىقىڭنى بەرمە» دېگەن ئاخىرقى نەسىھەتىمنىمۇ يادىڭدا تۇتماي پىچىقىڭدىن ئايرىلدىڭ. بۇنى ئاز دەپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇپ قالدىڭ. سەن بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلماقچىسەن؟ — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم ئاخىرىدا يەنە:

— سەنمۇ مەھكىمەئىي شەرئىيگە ئەرز قىل. مەن پىچاقچىغا قانداق پىچاق سوقتۇرغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن، پىچاقنىڭ سېپىدىن تارتىپ تىغىغىچە قانداق نۇسخىدا ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن، دېگىن. ئاخىر تالىشا - تالىشا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىسىلەر، مەن شۇ چاغدا بۇ دەۋانى ئوبدان ئايرىپ قويىمەن. خاتىرجەم بول. بۇ سېپى ئۆزىدىن ئۆششۇقنى راسا ئەدەپلەپ قوياي، — دەپ ھېلىقى بىچارە يىگىتكە ئىلھام بېرىپتۇ.

بۇ ئىككى دەۋاگەر ئاخىر لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەر ئىككىلىسى ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپتۇ.

لوقمان ھېكىم:

— خوش، مەن سىلەرنىڭ دەۋايىڭلارنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. سىلەردىن پىچاق ھەققىدە سوئال سورايمەن، پىچاق يېنىمغا كەلتۈرۈلسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

لوقمان ھېكىم پىچاقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ھېلىقى پىچاقنى مېنىڭ دېگەن

كىشىدىن:

— پىچاق راستلا سىلىنىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست، ئاتامنىڭ.

— ئۇنداق بولسا قانداق دەلىل ـ ئىسپاتلىرى باركىن؟ — دەپتۇ لوقمان ھېكىم.

— مەن ئاتامنىڭ يېنىدا بىر ئالتۇن ساپلىق پىچىقى بارلىقىنى كۆرگەن. ئاتامنىڭ ئۆلۈمىدە بۇ پىچاق يېنىدا يوق. ھازىر راستلا تېپىلدى. ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ پىچاقنى تېپىش ئارقىلىقلا تېپىلىدى، بېگىم، — دەپ ھېلىقى يىگىتكە ئالىيىپ قويۇپتۇ.

— ئەمدى سەن سۆزلىگىن يىگىت، ئالدىرىما، تەپسىلىي سۆزلە، — لوقمان ھېكىم يىگىتكە بۇيرۇپتۇ.

يىگىت پىچاق ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. يىگىتنىڭ دېگەنلىرى لوقمان ھېكىمنىڭ پىچاقنى كۆزەتكىنى بويىچە ئوخشاش بولغاچقىمۇ، بۇ يىگىت دۇدۇقلىمايلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

لوقمان ھېكىم ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك دەۋاگەرلەر! راست گەپمۇ، يالغان گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. جانمۇ ھەم ئېغىزدىن چىقىدۇ. بۇ پىچاق راستلا مۇنۇ يىگىتنىڭ. چۈنكى ئۇ پىچاق تۇغرىسىدا دەلىل ـ ئىسپات ئارقىلىق مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. سىلى ئاتامنىڭ پىچىقى دېگەن ساختا ئىسپاتنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بۇ ئالتۇن ساپلىق پىچاققا ئىگە بولۇۋالماقچى. سىلى بەكمۇ ياۋۇز، بەكمۇ قارانىيەت كىشى ئىكەنلا، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم دەرغەزەپتە.

لوقمان ھېكىم ئاخىرىدا كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— يىگىت! پىچاق ھەقىقەتەن سېنىڭ، — دەپ پىچاقنى ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

لوقمان ھېكىمدىن ئەقىل سورىغان يىگىت لوقمان ھېكىمنىڭ ئىشتا ئادىل، پاراسەتلىك، كىچىك پېئىل ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، راستچىل، كەمتەر بولۇشقا بەل باغلاپتۇ[1].

***ھېكمەت:***
***بىلگىن، راست گەپمۇ، يالغان گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. ئويدان ئويلاپ سۆزلە ۋە ئاڭلا.***

---

① بۇ ھېكايەتنى پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى توپلاپ رەتلىگەن بولۇپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 200 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. شۇ بويىچە ئېلىندى.

# ئىلىمسىزلىك بىخۇدلۇقنىڭ دوستى

بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ زامانلار ئىلگىرى زېمىنى كەڭ ھەم مۇنبەت، بايلىقى مول، ئاھالىسى ئۆم بىر ماكان بولغانىكەن. ئۇ ماكاندا لوقمان ئىسىملىك خىزىر دەك ئاپئاق ساقال، دانىشمەن بىر ئادەممۇ ياشىغان ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بەندىلەرنىڭ كېسەل ـ ئاغرىقىنى داۋالايدىغان تېۋىپ ھېكىملىك ئالاھىدىلىكى بولۇشتىن باشقا، قۇتلۇق كۇنلىرى كىتاب كۆرۈش، بىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتىدىكەن. كىشىلەرگە سىلىق، مۇلايىم ئىكەن، يامان ئىشتىن يىرگىنىپ، كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئاجىز ـ ئورۇق، يېتىم ـ يېسىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىكەن. ھەمىشە باشقىلارنىڭ غېمىدە ئوت بولۇپ كۆيىدىكەن، سۆيىدە ئاقىدىكەن. ئۇلارنىمۇ ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلەشكە دەۋەت قىلىدىكەن.

ھېكمەت ـ دانىشمەنلىكتە كامال تاپقان بۇ ئادەمدە ئاجايىپ خاسىيەتلەر بار ئىكەن. ئۇ كىتابىغا قاراپلا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلەلەيدىكەن، ئەمما ئۇ جايدىكى كىشىلەر دانىشمەن لوقماننىڭ ئالدىنئالا بىلىۋالىدىغان كارامىتىگە زادىلا ئىشەنمەيدىكەن، ئۇنىڭ بۇ خاسىيىتىنى «ئالدامچىلىق» دەپ قارايدىكەن.

بىر كۇنى دانىشمەن لوقمان كىتابىنى ۋاراقلىغۇدەك بولسا، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى چۈشىدىغانلىقى ئايان بولۇپتۇ. دانىشمەن لوقمان دەرھال قوشنىسىغا خەۋەر قىلىپ:

ــ قوشنام، بۈگۈن كېچە ساق، سەگەك ياتقىن، قويۇڭغا ئوغرى چۈشىدىكەن، ــ دەپتۇ. قوشنىسى لوقماننىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ، بەلكى توڭ تېگىپ:

ــ سەن كىمنىڭ ئالداپ ئەخمەق قىلماقچى، سەنزە مېنى بىر كېچە ئۇخلىمىسۇن دەمسەن، سېنىڭ بۇ يالغان سۆزلىرىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ سەن يا خۇدا بولمىساڭ غايىبنى بىلىدىغان، ــ دەپتۇ.

لوقمان دانىشمەن قاتتىق خۇرسىنىپتۇيۇ، قوشنىسىغا باشقا گەپ قىلماي ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، كۆرگەن كىتابلىرى ئىچىدىكى ھېكمەتلەر ئۈستىدە مۇتالىئە قىلغاچ قوشنىسىنىڭ غېمىدە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. دېگەندەك تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە قوشنىسىنىڭ مال قوتىنىغا ئوغرى چۈشۈپتۇ. لوقمان دانىشمەن ھەممىنى بىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قوشنىسىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمىگىنىگە، نادانلىقىغا ئېچىنىسىمۇ، ئۇنىڭ زىيان چېكىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغۇسى كەلمەپتۇ، قوشنىسىنىڭ مېلىنى قوغداپ قېلىشنى راۋا كۆرۈپ ھېكمەت قىلىپتۇ. قوتانغا چۈشكەن ئوغرى ئۆي ئىگىسىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ، قوتاندا ئەركىن، خاتىرجەم ھەرىكەت قىپتۇ. قۇيرۇقى ئەگلەكتەك بولغان بىر سېمىز قويغا بۆرىدەك ئېتىلىپتۇ، بىراق

ئوغرى كۆشەپ ياتقان قوينى مىدىر - سىدىر قىلالماپتۇ ئۆرۈپ - تېپىپ بېقىپتۇ. قوي ھېچنېمە بولمىغاندەك جايىدا يېتىۋېرىپتۇ. جىلى بولغان ئوغرى قوينى قوتاندىلا بوغۇزلاپ، سويۇپ گۆشىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ، قوينىڭ كانىيىغا پىچاق سۇراپتۇ. بىراق، شەمشەردەك ئىتتىك پىچاق قوينىڭ كانىيى تۇگۇل يۇڭىنىمۇ كېسەلمەپتۇ. ئۇنداق قىلىپمۇ، بۇنداق قىلىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئوغرى بۇ كارامەتتىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ھەيران بولغىنىچە قۇرۇق قول چىقىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە دانىشمەن لوقمان ئۆز كارامىتى بىلەن قوينى ئېغىرلاشتۇرۇپ، تېرىسىنى قاتتىق قىلىۋەتكەنىكەن. ئۆي ئىگىسى بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر بىخارامان ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋېرىپتۇ. دانىشمەن لوقمان يەنە بىر ھېكمەت ئىشلىتىپ قويلارنى ئەسلىدىكىدەك قىلىپ قويۇپتۇ. قوشنىسى بولسا ئەتىسى كىشىلەرگە «لوقمان ئالجىپ قاپتۇ...» دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىپ، ئۇنى مەسخىرە قىپتۇ، ئەمما دانىشمەن لوقمان ھېچنېمە بىلمىگەن، ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئىلگىرىكىدەكلا يۈرۈۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى دانىشمەن لوقمان كىتابىنى ۋاراقلاپ كۆرگۈدەك بولسا ئۆز ئۆيىگە ئىككى ئوغرىنىڭ چۈشىدىغانلىقى ئايان بولۇپتۇ. ئۇ جامائەتكە:

— بۈگۈن كېچە ئىككى ئوغرىنى تۇتىمەن. ئەگەر ئۇلار گۇناھىغا توۋا قىلسا، مەنمۇ ئەپۇ قىلىپ قويۇپ بېرىمەن. ئۇنداق بولمىسا ئەتە سەھەردە قىلمىشىغا تۇشا سازايى قىلدۇرىمەن، — دەپتۇ.

جامائەت ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ، ھەممىسى ئۇنىڭغا يامان كۆزلىرى بىلەن قاراپتۇ ۋە مەسچىتتىن تارقىلىپ كېتىپتۇ. شۇ كېچىسى دانىشمەن لوقمان ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا ئىككى ئوغرى راستىلا قوتانغا چۈشۈپ دانىشمەن لوقماننىڭ داڭلىق ئېشىكىنى ئوغرىلىماقچى بولۇپتۇ. ئوغرىلار قوتانغا چۈشۈپ بىرى تانىغا، بىرى نوقتىغا ئېسىلىپتۇ. بىراق، ئۇلار شۇ قىياپىتى بىلەن قاتقاندەك تۇرۇپ قاپتۇ، يا ئالدىغا، يا ئارقىغا ماڭالماپتۇ. ئېشەك ئوقۇرغا ئېڭىشسە، ئوغرىلارمۇ تەڭ ئېڭىشىپتۇ، تۇرسا تۇرۇپ، ماڭسا مېڭىپتۇ. ھاڭرىسا ۋارقىراپ، چىچاڭلىسا تەڭ سەكرەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەسلىدە دانىشمەن لوقمان ھېكىم ئوغرىلارنى ئېشەككە بەند قىلىپ قويغانىكەن.

ئەتىسى دانىشمەن لوقمان ھېكىم قوتاندىن ئېشىكىنى يېتىلەپ چىقىپ كوچىغا ساپتۇ. ئىككى ئوغرى كېچىدىكى تۇرقى — قىياپىتى بىلەنلا ئېشەككە ئۇن — تىنسىز ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. لوقمان دانىشمەن ئوغرىلارنى قىلمىشىغا تۇشا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلىتىپ، ئۆزىنى ئۆزىگە سازايى قىلدۇرۇپتۇ. كۆپچىلىك ئوغرىلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۆتكەن قېتىمدا لوقمان دانىشمەننىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئوغرىلىققا چۈشۈپ، قۇرۇق قول چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئىككى ئوغرى بىر تەرەپتىن، ئۆز - ئۆزىنى سازايى قىلىپ توۋلاپ، ئېشەككە چاپلاشقان بويىچە

كېتىۋاتقۇدەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلماسلىقتا ۋەدە بېرىپ، ئوغرىلىق قىلغانغا دات ـ پەندىيات دەپ، لوقمان دانىشمەندىن ئەپۇ سورىغۇدەك. كۆپچىلىك ئوغرىلارنىڭ قىياپىتىدىن كۈلۈشسىمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن لوقمان دانىشمەنىنىڭ ھېكمەتلىرىگە شەك كەلتۈرگىنىگە، بەزىدە تېخى مەسخىرە قىلىپ خورلاشقىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن خىجىل بولۇشۇپتۇ ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىشىپتۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى لوقماننى ھۆرمەتلەپ «دانىشمەن لوقمان» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپتۇ. ئۇنى ئۇستاز تۇتۇشۇپ قەدىرلىشىپتۇ. لوقمان دانىشمەن دائىم:

— مەندىكى دانىشمەنلىك، خاسىيەتلەر ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىشتىن كەلگەن. ئىلىمسىزلىك قارىغۇلۇق، نادانلىق ۋە بىخۇدلۇقنىڭ دوستى …، — دەپ ئەقلىيە ئېيتىپ، كىشىلەرنى كىتاب ئوقۇپ ئىلىم ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىلىمسىزلىك قارىغۇلۇق، نادانلىق ۋە بىخۇدلۇقنىڭ دوستى.***

## نېمە تېرىساڭ...

لوقمان ھېكىم بىر بايغا قۇل بولۇپ ئىشلەيتتى. باي بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— يەرگە بۇغداي تېرىۋەت، — دەپ بۇيرۇدى.

لوقمان ھېكىم بۇغداي ئورنىغا ئارپا تېرىدى. بۇنى كۆرگەن باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مەن ساڭا بۇغداي تېرىغىن دېسەم، نېمىشقا ئارپا تېرىدىڭ؟! ـ دەپ سورىدى. لوقمان ھېكىم:

— ئارپا تېرىسام بۇغداي ئۈنمەمدۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوئال قويدى. باي ئاچچىقلىنىپ:

— ئەقلىڭ بارمۇ؟ نەدە ئارپا تېرىسا بۇغداي ئۈنىدىكەن؟ — دېۋىدى، لوقمان ھېكىم:

— ئۇنداق بولسا، سىز دائىم خەلققە جەبىر ـ زۇلۇم قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىسىزغۇ؟ ياخشىلىق قىلسىڭىز ياخشىلىق، يامانلىق قىلسىڭىز ئەلۋەتتە يامانلىق قايتىدۇ. ئارپىدىن بۇغداي ئۈنمىگەندەك، خەلققە ئازار بېرىپ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلماڭ، — دەپ جاۋاب بەردى.

*ھېكمەت:*
*يامانلىق قىلىپ ياخشىلىقنى كۈتۈش قاقشال دەرەختىن مېۋە تىلەپ قىلغاندەك ئىشتۇر.*

## ناشتىلىقنىڭ خاسىيىتى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لوقمان ھېكىم تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، پۈتۈن ئىقلىمدىكى ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى بىرنەچچە قېتىمدىن، يەنە بەزىلىرى ھېچبولمىغاندا بىر ھەر قېتىمدىن بولسىمۇ لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كېسىلىنى كۆرسىتىپ كېتىشىپتۇ. بىراق، لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى كېسەل كۆرسەتكىلى بىر ھەر قېتىممۇ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن لوقمان ھېكىم بۇنىڭدىكى سىرنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقىپ، قىزى كەلگەندە قىزىدىن: «مەن تېۋىپلىق قىلغىلى خېلى ئۇزۇن زامانلار بولدى. ھەممە ئادەم دېگۈدەك مېنىڭ سەۋەبىمدىن كېسىلى شىپا تېپىپ ساقايدى. بىراق، ئېرىڭ بىر ھەر قېتىممۇ كەلمىدى. ئۇمۇ ئىنسان، ئۇنىڭمۇ ئاغرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ياكى ئاغرىقتا ئۆزى ئامال قىلىدۇ ياكى كېسەل بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان ئامالى بار. شۇڭا، سەن ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ قوي» دېگەنمىش. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى ئېرىنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغانمىش. لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا، سېۋەتتىكى ناندىن كىچىك بىر پارچە ئېلىپ يەۋېتىپ، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى بۇ ئەھۋالنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. لوقمان ھېكىم قىزىغا ناننى يوشۇرۇپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ناننى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا نان يوق، شۇنىڭ بىلەن بىرىپ خالتىدىكى ئۈنىنى ئېلىپ كاپ ئېتىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى بۇ ئەھۋالنى دادىسىغا دەپ بېرىپتۇ. لوقمان ھېكىم قىزىغا ئۈنىنىمۇ يوشۇرۇپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۈنىنىمۇ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى ئەتىگىنى تۇرۇپ قارىسا، ئۈن خالتىسى ئۆز ئورنىدا يوق ئىكەن. ئۇ بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەي سىرتقا مېڭىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئېرىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ يۈرگەنىكەن، شۇڭا ئېرىنىڭ كەينىدىن سىرتقا ئاستا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى ھارۋا يولىغا بېرىپ، يۇمشاق توپىدىن بىر سىقىم ئېلىپ كاپ ئېتىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى دادىسىغا ئېرىنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن لوقمان ھېكىم كۈيئوغلىنى چاقىرتىپ، كۈيئوغلىغا باشقىلارنىڭ ئۆز كېسىلىنى كۆرسەتكىلى بىرقانچە قېتىم كەلگەنلىكىنى ئەمما ئۇنىڭ

بىر ەر قېتىممۇ كېسەل كۆرسەتكىلى كەلمىگەنلىكىنى ھەمدە بۇنىڭدا نېمە سىر بارلىقىنى سوراپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ كۆيۈئوغلى قېينىئاتىسىغا ئەتىگەندە تۇرۇپلا بىر بۇردا نان يېيىشنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ كېلىپ «مۇبادا بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلىسەم، تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلمەيمەن» دەپتۇ، لوقمان ھېكىم گەرچە ناھايىتى ئۇستا تېۋىپ بولسىمۇ، كۈيۈئوغلىدىن سالامەتلىكنى ئاسراش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئەتىگەندە، ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن يېيىلىدىغان بىر بۇردا نان «ناشتىلىق» ۋە «ناشتا قىلىش» دەپ ئاتالغانمىش.

***ھېكمەت:***
***سالامەتلىكنىڭ ئاساسى ناشتىنى ۋاقتىدا قىلىشتۇر. تاماقنى كاتتا يېگىنىڭ ئامەت ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋاقتىدا يېگىنىڭ ئالەمچە ئامەتتۇر.***

## ئۆز قەدرىنى بىلگەن چۆرە قىز

ھارۇن رەشىدنىڭ[1] چۆرىلىرى ئارىسىدا بىرى ھۆسن ـ لاتاپەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. خەلىپە چۆرىلەرگە سوۋغا ـ سالام تارقىتىپ بەرگەن چاغلاردا باشقا چۆرىلەر زور مىننەتدارچىلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇ چۆرە قىز زادىلا ئالمايدىكەن.

بىر كۈنى خەلىپە بىر خالتا مەرۋايىتنى چۆرىلەرنىڭ ئالدىغا تۆكتى. ھەممىسى سوۋغىغا ئۆزىنى ئاتتى، ھېلىقى چۆرە قىز بولسا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمىدى. خەلىپە خەزىنىچىدىن بىر خالتا ياقۇت ئالدۇرۇپ كېلىپ يەنە چاچتى. ھەممىسى ئۆز ئۈلۈشىنى ئالدى. ئۇ يەنە پەرۋامۇ قىلماي تۇرۇۋەردى.

ــ نېمە ئۈچۈن باشقىلار قاتارىدا ئۈلۈشۈڭنى ئالمايسەن؟ ــ دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن خەلىپە.

ــ مۇبادا، مۇشۇ يەردىن ئۆزۈمگە ياققان نەرسىنى تاللىۋالسام مېنىڭكى بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى گۈزەل چۆرە قىز.

ــ مەيلى سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دېدى قىز ھارۇن رەشىدنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ــ مەن سىزنى تاللىدىم.

ھارۇن رەشىد ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

***ھېكمەت:***
***ئۆز قەدرىنى ئۆزى بىلمىسە باشقىلار نە بىلسۇن.***

---

[1] ھارۇن رەشىد ـ ئابباسىيە سۇلالىسىدە ئۆتكەن خەلىپە (809 ـ 786)

# سۇلتان ۋە تىلەمچى

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى[1] بەلختە تۇرغان ۋاقتىدا ئوۋ ئىشتىياقى بىلەن سارايدىن چىققانىدى، بىر تىلەمچى كېلىپ ئۇنىڭ يولىنى توستى ۋە خەير ـ ئېھسان تىلەپ تۇرۇۋالدى. سۇلتان بۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرمايتتى. ھاجىپقا[2] «ئۇنى توقماقلاڭلار» دەپ بۇيرۇدى ۋە ئاتنى «چۇ...» دەپ قامچىلاپ كېتىپ قالدى، ئەنە شۇ چاغدا قىممەت باھالىق ئۈزۈكىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. تىلەمچى بۇنى كۆرۈپ قالدى، ئاتلىقلار تويپى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يەردىن ئېلىپ ھەميانىغا سالدى.

سۇلتان سارايغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۈزۈكىنىڭ ياقۇت كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى ۋە غۇلاملىرىنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى. ئۇلارغا تىلەمچىنىمۇ تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. لېكىن ئۇلار تىلەمچىنىمۇ، ئۈزۈكنىڭ كۆزىنىمۇ تاپالماي قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشتى.

ئەتىسى سۇلتان شەھەر ئايلانغىلى چىقتى. يولدا يەنە ھېلىقى تىلەمچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تىلەمچى سۇلتاننىڭ يولىنى توسۇپ، يەنە خەير ـ ئېھسان تىلىدى.

ــ بۇ گەپ ئاڭلىماسنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلاڭلار، ــ دەپ بۇيرۇدى سۇلتان ھاجىپقا.

غۇلاملار توقماقلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، تىلەمچى ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقتى ـ دە، ھەميانىدىن قانداقتۇر بىر نېمىنى ئېلىپ، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ سۇلتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە تېز چۆكۈپ شەپقەت تىلىدى. سۇلتان تىلەمچى بەرگەن تۈگۈنىنى يېشىپ، تۈنۈگۈن يوقاتقان ئۈزۈكىنىڭ كۆزىنى تونۇدى، غۇلاملىرىغا «توختاڭلار، بولدى» دەپ ئىشارە قىلدى ـ دە، تىلەمچىگە ئۈچ يۈز دىنار ئىنئام قىلدى. ئاندىن:

ــ سەن تۈپەيلى مەن سەدىقە بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۈزۈمگە قويسا بىر تىيىنمۇ بەرمىگەن بولاتتىم، ــ دېدى.

***ھېكمەت:***

***جايىدا قىلىنغان خەير ـ ئېھسان ياخشىلىققا بېشارەتتۇر.***

---

① سۇلتان مەھمۇد ـ غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ھۆكۈمدار (1030~998)

②ھاجىپ ـ دەرۋازىۋەن؛ ئوردا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار؛

# قۇرۇق ۋەدە

ھارۇن ئەر رەشىد ۋەزىرى يەھيا ئىبنى خالىدقا «قاراپ قوي» دەپ بىر قاپ قىممەت باھا ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بەردى، ۋەزىر قاپنى ئېلىپ كېلىپ ئايۋانغا قويۇپ قويدى ۋە ھېچكىمگە دەپ قويماستىن ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. خىزمەتكارلاردىن بىرى پايلاپ تۇرۇپتىكەن، ئۇنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر ۋاقىتتىدا ھېلىقى قاپ ۋەزىرنىڭ يادىغا كېلىپ قايتىپ كېلىپ قارىسا ئورنىدا يوق. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. ۋەزىر ناھايىتى باش قاتۇردى، ئاخىر غۇلاملىرىدىن بىرىنى پالچىغا ئەۋەتتى. پالچى ئەبۇ ياقۇپ ئىسىملىك بىر كۆزى ئاجىز ئادەم ئىكەن. ئۇ كىرىپ كېلىشى بىلەن ۋەزىر ئەتراپتىكىلەرگە «ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمىسۇن، ھەتتا بىرەرسىنىڭ ئاۋازىمۇ چىقمىسۇن» دەپ ئىشارە قىلدى. پالچى كېلىپ سۇپىنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەھيا ئىبنى خالىد سۆز باشلىدى:

— مەن سەندىن بىر نەرسە توغرىسىدا سورىماقچىمەن، سەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەر.

— بىلىمەن، سەن مەندىن يوقالغان بىر نەرسە توغرىسىدا سورىماقچىسەن، — دېدى پالچى ئۇنىڭغا.

— قېنى ئېيت، — دېدى ۋەزىر، — مەن يوقاتقان نەرسە نېمە ئۇ؟

پالچى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، جاۋاب بەردى:

— ئاز ئۇچرايدىغان نەرسىلەرنى، مەسىلەن: قىممەت باھا مەرۋايىت تىزمىلىرىنى يوقاتتىڭ. ئۇلار قاپتا. قاپ بولسا كۆپتە.

— تاپتىڭ پالچى، — دېدى ۋەزىر خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، — ئەمدى بۇ تەرىپىنى ئېيتقىن: ئاشۇ نەرسە ھازىر قەيەردە ۋە كىمنىڭ قولىدا؟

— كۆپ خىزمەتكارلىرىڭدا. ئۇلار كۆپنى خەندەككە كۆمۈشكەن، — دەپ جاۋاب بەردى پالچى.

ۋەزىر «خەيرىيەت» دەپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ئاندىن خىزمەتكارلارغا «پالان يەردىكى ئەخلەت تۆكۈلگەن ئورەكنى ئاختۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇدى.

خىزمەتكارلار ئورەكنى ئېھتىياتلىق بىلەن ئاچتى ۋە كۆمۈلگەن كۆپنى تېپىۋالدى.

ۋەزىر سەركار قىچقىرىپ پالچىغا بەش مىڭ دىنار مۇكاپات بېرىشنى بۇيرۇدى. «يەنە ساڭا ئۆز مەھەللەمدىن كاتتا قورۇ - جاي ئېلىپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە بەردى.

— بەرگەن پۇلۇڭنى ئالىمەن، قورۇ - جاينى قويۇپ تۇر، — دېدى پالچى مۇكاپاتقا قول ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

ۋەزىر تەئەججۈپلەندى:

— چۈنكى، — دېدى پالچى، — پۇل نەق، قورۇ - جاي بولسا قۇرۇق ۋەدە.

www.uyghurkitap.com

***ھېكمەت:***
***ئۆز ۋاقتىدا ئەقلەشكەن مۇكاپات ھەقىقىي مۇكاپاتتۇر. كېيىنگە قالدۇرۇلغىنى پالاكەتتۇر.***

## كىچىك قۇشنىڭ ئۈچ پەند - نەسىھەتى

ئېتىبارغا لايىق بىر مەسىلىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر ئادەم كىچىك بىر قۇشنى تۇتۇۋالدى.

كىچىك قۇش سورىدى:

— مېنى نېمە قىلماقچىسەن؟

— سويۇپ يېمەكچىمەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

— مېنى سويۇپ نېمە قىلىسەن، قارنىڭنىڭ بۇرجىكىگىمۇ بارمايمەنغۇ، — دېدى قۇش يالۋۇرۇپ، — ئەڭ ياخشىسى قويۇپ بەر. مەيلى دېسەڭ، ساڭا ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىمەن. بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئەگەر ئەمەل قىلىدىغان بولساڭ ھاياتىڭدا ئەسقېتىپ قالىدۇ.

— خۇدا گۇۋاھ، ئەلۋەتتە سېنى قويۇپ بېرىمەن، قېنى، ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭنى ئېيتە.

— بىرىنچىسى، — دېدى قۇش، — بىرەر نەرسىنى قولدىن چىقىرىپ قويساڭ، زادىلا پۇشايمان قىلما؛ ئىككىنچىسى، تېپىلمايدىغان نەرسىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما؛ ئۈچىنچىسى، يوق نەرسىگە ئۈمىد باغلىما.

— بۇ ھېكمەتلەر ماڭا بىر توغرام گۆشتىن ئەۋزەلرەك، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئۆز - ئۆزىگە ۋە قۇشنى قويۇپ بەردى.

قۇش «پىرر...» قىلىپ ئۇچتى - دە، تامغا بېرىپ قوندى.

— ھەي، نادان، مېنى سويغان بولساڭ پايدا ئالاتتىڭ، قارنىمدا كەپتەرنىڭ تۇخۇمىدەك ياقۇت بار ئىدى.

بۇ ئادەم قىلىپ قويغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى ۋە قۇشنى ئالداشقا كىرىشتى:

— كەل ئەزىزىم، يېنىمغا كەل. سېنى كۆنجۈت بىلەن بۇلاق سۈيى بېرىپ پەرۋىش قىلىمەن.

— ئەمدى سويۇپ يېمىگىنىڭگە پۇشايمان قىلىۋاتىسەن، — دېدى قۇش ھېلىقى ئادەمگە، — نېمە، مەن ساڭا ئېيتىپ بەرگەن پەند - نەسىھەت دەرھال يادىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ ئاۋارە بولما، ئەمدى مېنى ھېچقاچان تۇتالمايسەن. ئۆزۈم بارماقچىلىك تۇرسام، كەپتەر تۇخۇمىدەك ياقۇت مېنىڭ قورسىقىمغا قانداقمۇ پاتسۇن؟

قۇش شۇنداق دېدى ــ دە، قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

*ھېكمەت:*
*ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ئەمەل قىلىدىغان بولساڭ، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىسەن.*

## يالغانچى ۋەزىرلەر ۋە گاس پادىشاھ

پادىشاھنىڭ قۇلىقى گاس ئىكەن. مەنسەپدارلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئەرز ــ شىكايەتكە كەلگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا توغرا يەتكۈزۇشمەيدىكەن. ۋاقىت ئۆتۈپ پادىشاھ بۇنى بايقاپ قاپتۇ ۋە ئەرزگە كەلگەنلەر بىلەن شەخسەن ئۆزى سۆزلىشىشكە قارار قىلىپتۇ. دەرگاھىدىكى قاراۋۇلنى چاقىرتىپ دەپتۇكى:

ــ ھۇزۇرىمىزغا ئەرز قىلىپ كەلگەنلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىز سورايمىز. لېكىن ئېيتىپ قويۇڭ، ئەرز ــ داد بىلەن كەلگەنلەر پەقەت قىزىل كۆڭلەك كىيىپ كەلسۇن.

ھەرەم قاراۋۇلى قوبۇل كۈنلىرى ئەرز ــ داد بىلەن كەلگەنلەرنى كۆرۈنۈش خانا ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىپ، ئاندىن پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ بىر ــ بىرىدىن چاقىرىپ ئەرز ــ دادىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىرى ئەزەم پادىشاھتىن پۇرسەت تېپىپ سوراپتۇ:

ــ بۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ پادىشاھ جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ بۇنداق قىلىشقا مۇلازىملار ۋە مەنسەپدارلارنىڭ دوزاخ ئازابىدىن قورقماي يالغان سۆزلەشلىرى سەۋەب بولدى.

*ھېكمەت:*
*يالغان سۆزلەش ھەر ئىككى دۇنيادا كىشىگە نەپرەت تاشلىرىنىڭ ئېتىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.*

## ۋەزىرنىڭ كېرىكى يوق

بىر كۈنى سېيىستان[①] ھاكىمى ئەمىر ئابدۇلفازىل سۇلتان ئالىپ ئارسلاندىن سورىدى:

ــ شۇنداق ئۇلۇغ پادىشاھ تۇرۇقلۇق نېمىشقا ۋەزىر تۇتمايسىز؟

ــ نېمە، سەن ماڭا دۈشمەنمۇ سەن؟ دۆلىتىمىزنى بەربات قىلماقچىمۇ سەن؟

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز ھەزرىتىم؟ ــ دېدى تەئەججۇپلىنىپ ئەمىر ئابدۇلفازىل، ــ كاشكى، مەن شۇنداق ئادەم بولسام؟ مەن سادىق قۇلىڭىزمەن. قانداق قىلىپ دۆلەتنى

① سېيىستان ــ بۇرۇنقى نامى درانگىئانا. ئىران بىلەن ئافغانىستاننىڭ ئارىسىغا جايلاشقان تارىخىي ۋىلايەت.

بەربات قىلاي! مۇنداقلا سوراپ قويغانىدىم.

ئارىغا بىر ئاز سۈكۈنات چۈشتى. ئاندىن ئالىپ ئارسلان بۇنىڭ سەۋەبىنى دوستىغا چۈشەندۈردى.

ــ كىم ماڭا دوست، كىم ماڭا دۈشمەنلىكنى بىلەي دەپ ۋەزىر تۇتمىدىم، ئۇنىڭ نىمە پايدىسى بار زادى؟ مۇبادا شۇنداق قىلغۇدەك بولسام دوستلىرىمغۇ تۇغرا چۈشىنىدۇ، ئەمما دۈشمەنلىرىم ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولۇپ پارا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ماڭا دوستلىرىم ھەققىدە يامان گەپلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. ياخشى سۆزمۇ، يامان سۆزمۇ خۇددى نەيزىگە ئوخشايدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە نىشانغا تېگىدۇ. ئاقىۋەتتە دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى دۈشمەنلىرىم ئىگىلەپ ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ۋەزىر تۇتمايمەن.

***ھېكمەت:***
***ياخشى سۆزمۇ، يامان سۆزمۇ خۇددى نەيزىگە ئوخشايدۇ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە نىشانغا تېگىدۇ.***

## ئالغاندا ئارامجان، بەرگەندە چىقار جان

خەلىفە مۇئتەسىم[①] زامانىدا دۆلەتمەن ۋە نوپۇزلۇق ئەمىرلەردىن بىرى سەركارىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ مۇنداق دېدى:

ــ زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ بەش يۈز دىنار پۇلغا موھتاج بولۇپ قالدىم. باغدادتا ماڭا قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بىرەر تونۇشۇڭ يوقمۇ؟

ــ بار، ــ دېدى سەركار بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ــ دۇكاندا تونۇشۇم بار. ئۇنىڭ پالان بازاردا كىچىك دۇكىنى ۋە ئالتە يۈز دىنار ئەتراپىدا سەرمايىسى بار. ئۇنى ھۇزۇرىڭىزغا تەكلىپ قىلىڭ، ئۆزىنىڭ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىڭ، بەلكىم ھاجىتىڭىزدىن چىقىپ قالار.

ئەمىر دۇكاندارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، زور ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا داستىخان يايدى، ئاندىن ئاستا - ئاستا مۇددىئاغا كۆچتى.

ــ سىزنىڭ ئىنسابلىق، ۋىجدانلىق، دىيانەتلىك ۋە قولى ئوچۇق ئادەم ئىكەنلىكىڭىز ھەققىدە كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىغان. مۇنداق ئويلاپ قارىسام باغداد بازارلىرىدا سەندىن ئىنسابلىق ۋە ھالال ئادەم يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزنىڭ توغراڭدا ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاپ، غايىبانە ياقتۇرۇپ قالدىم. سەن بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشماقچىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ ئۆيۈمنىڭ تۆرى سىزنىڭكى، سىزنىڭ ئۆيۈڭمۇ مېنىڭكى بولسۇن.

---

①مۇئتەسىم ـ ئاباسىيە خەلىپىلىرىدىن (842 ـ 833).

— رازىمەن، ئاكا، — دېدى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ دۇكاندار، — سىز دەك ئالىي نەسەب كىشى بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇش مېنىڭ ئۇچۇن ناھايىتى پەخىرلىك ئىش.

دۇكاندار بىلەن ئەمىر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى. ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاكا - ئۇكا بولۇپ قېلىشقا ئەھدۇ پەيمان قىلىشتى. ئەمىر دۇكاندار ئىنىسىنى ھەددىدىن ئارتۇق ھۆرمەتلەپ، مېھمان قىلدى. مېھماندارچىلىق ئاخىرلىشىپ، داستىخان يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئەمىر بۇرادىرىنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

— سېنى ئاۋارە قىلىپ چاقىرتقىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىشىڭ مۇمكىن؟

— ياق، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بەردى دۇكاندار، — بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

ئۇ بىر ئاز ساراسىمىگە چۈشتى.

— ھە، بىلىمەن، — دېدى ئەمىر ئۆزىگە خاس ئۇلۇغۋارلىق بىلەن، — ئەسلىدە شەھەردە ئاغىنىلىرىمنىڭ سان - سانىقى يوق، ئۇلار نېمىكى بۇيرۇسام دەرھال بەجا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىدىن ئەللىك مىڭ دىنار قەرز سوراپ قالغۇدەك بولسام، گېپىمنى ياندۇرماي، دەرھال تېپىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ ماڭا تېز - تېز ھاجىتى چۈشۈپ تۇرىدۇ - دە، راستىنى ئېيتسام، مەن بىلەن دوست بولغانلاردىن ھېچقايسىسى پۇشايمان يەپ باقمىدى. ئەمدى گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئەزىز بۇرادەر مۇشۇ كۈنلەردە قىرىق مىڭ دىنار پۇلغا ھاجەتمەن بولۇپ قالدىم، قەرز بېرىپ تۇرىدىغانلارمۇ كۆپ، بىراق ئۇلارنىڭ بىرەرسىدىنمۇ سورىغۇم يوق، «يوق» دېمىسەڭ شۇ پۇلنى سەندىن ئالسام دەيمەن. ئۇزاق بولسا، بەش - ئالتە ئاي ئىچىدە قايتۇرىمەن، ئۈستىگە مىڭ دىنار پۇل، باش - ئاياغ سەرۇپا قوشۇپمۇ بېرىمەن. «يوق» دېمە بۇرادەر! سەندە شۇنچىلىك، بەلكى بۇنىڭدەك ئىككى باراۋەر كېلىدىغان پۇلنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن.

دۇكاندار دەسلەپ بىر ئاز ھەيران بولدى، ئاندىن كېيىن تەۋەككۇل قىلدى.

— خوپ، تەقسىر. لېكىن مەندە ئۇنچىلىك پۇل يوق. ئالىيجاناب ئادەملەر ئالدىدا راست سۆزلەش كېرەك، خۇدا ھەققى مەندە بۇنچىلىك جىق سەرمايە يوق. نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت چېكىپ، نۇرغۇن يىللار ئىچىدە توپلىغان سەرمايەم ئالتە يۈز دىناردىن ئاشمايدۇ.

— ھىم، — دېدى ئەمىر تۆۋەن لېۋىنى چىشلەپ ۋە بېشىنى ئۇيان - بۇيان چايقاپ، — خەزىنەمدە ئالتۇن - جاۋاھىر دېگەنلەر ھېسابسىز. قەرز سوراشتىن كۆتكەن ئەسلىي مەقسەت سەن بىلەن دوستلۇق يىپىنى باغلاشتىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. بىر سىناپ كۆرمەكچى بولغانىدىم.

ئەنە شۇ چاغدىلا سۆھبەتكە سەركار ئارىلاشتى.

— سەن تېخى ئەمىرىمىزنى ياخشى بىلمەيسەن. بۇنداق ئالىيجاناب ئادەمنى دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدە تاپالمايسەن.

شۇندىن كېيىن سودىگەر بىساتىدىكى ئالتە يۈز دىنارنى ئەكېلىپ بېرىۋىدى، ئەمىر بولسا ئۇنى ئالتە ئايدىن كېيىن يەتتە يۈز دىنار قىلىپ قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى.

قەرزنى قايتۇرۇش مۆھلىتى توشۇپ تەخمىنەن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سودىگەر ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى، ئەمىر ئۇنى مېھمان قىلدى، لېكىن قەرز توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز گەپ ئاچمىدى. دۇكاندار قۇرۇق قايتتى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەمىرنىڭكىگە يەنە كەلدى. بۇ قېتىممۇ ئەمىر قەرز ھەققىدە گەپ ـ سۆز قىلمىدى، گەپنىڭ قىسقىسى، دۇكاندار ئەمىرنىڭكىگە يەنە كۆپ قېتىم باردى، لېكىن ئەمىردىن سادا چىقمىدى.

ئاخىر دۇكاندار ئەمىرنىڭ قەرزنى تۆلەشتىن باش تارتقانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرنىڭ نامىغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەت يېزىپ ئەۋەتتى: «مەن بىر ئاز قىينىلىپ قالدىم، قەرزنىڭ مۆھلىتى بولسا ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر ئەمىر جانابلىرى ئۇشبۇ بىچارىگە مۇرۇۋۋەت قىلماقچى بولسىلا، پۇلنى سەركاردىن ئەۋەتىپ بېرەلا». ئەمىر جاۋاب قىلدى: «قەرز يادىدىن چىقىپ قاپتۇ، دەپ ئويلاۋاتقان بولساڭ كېرەك. ياق بۇرادەر، يادىمدىن چىققىنى يوق. غەم قىلما، يەنە بىر ئاز كۈت. پۇلۇڭنى ئەلۋەتتە قايتۇرۇپ بېرىمەن...»

شۇندىن كېيىن يەنە سەككىز ئاي ئۆتتى. لېكىن ئەمىردىن دېرەك بولمىدى.

***ھېكمەت:***
***بۇ دۇنيا ئۆتنە دۇنيا، ئالغان ئىكەنسەن بەر. كىشىنىڭ ھەققى كېكىردىكىڭنى سىقمىسۇن.***

## ئاچ كۆز قاسساپ

سۇلتان مەلىكشاھ زامانىدا ھىراتتا ئەدىب ئىسمائىل ئىسىملىك بىر دانىشمەن ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىلىمدان، دانا ۋە ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ، پەقەت تېۋىپلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاجايىپ ـ غارايىپ بىر ھادىسىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قاپتۇ. قاسساپ قوينىڭ تېرىسىنى سويۇپ، قارنىنى يېرىپ، قولىنى تىقىپ، ئىچ باغرىنى ئېلىپ يەپ تۇرغانىكەن، ئەدىب ئىسمائىل قاسساپخانا ئۇدۇلىدىكى گەلەنتېرىيە دۇكىنىغا بېرىپ گەلەنتېرگە «ھەي، سودىگەر، ئاۋۇ قاسساپنىڭ قازاسى يېتىپ ئۆلۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ماڭا خەۋەر قىلىسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئارىدىن بەش ـ ئالتە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي قاسساپ كېچىسى تاسادىپىي ئۆلۈپ قاپتۇ. ھېلىقى گەلەنتېرچى بازار ئەھلىگە قوشۇلۇپ قاسساپنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە باردى. تەزىيەگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى مەرھۇمنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئائىلىسىگە تەسەللى ئېيتقاچ ئېچىنغانلىقلىرىنى بىلدۈرەتتى. شۇ ئەسنادا ئەدەب ئىسمائىلنىڭ دېگەنلىرى سودىگەرنىڭ يادىغا كەلدى.

ــ ئۇ ئۆلۈپ قالدىمۇ؟ ــ دەپ ئەپسۇسلاندى ئەدەب ئىسمائىل ۋە ھاسىسىنى ئېلىپ سودىگەر بىلەن بىللە ماڭدى. قاسساپنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تاۋۇتنىڭ قېشىغا بېرىپ، مېيىتنىڭ يۈزىنى ئاچتى، قولىدىن تۇتۇپ تومۇرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، يېنىدا تۇرغان ياش يىگىتكە ھاسىسىنى بېرىپ، مۇردىنىڭ تاپىنىغا قاتتىق ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن: «بولدى بەس! (بولدى قىل)» دەپ توختاتتى. قاسساپنىڭ مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇشتىن پالەچ بولۇش سەۋەبىلىك ئۆلۈشكە ئاز قالغانلىقىنى ئېنىقلىدى. ئاندىن ئۇنى كۆپ ۋاقىت داۋالاش ئارقىلىق ئۆرە قىلدى. لېكىن قاسساپ بەربىر پالەچ بولۇپ ساقايدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆپ ۋاقىت ئۆمۈر كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەب ئىسمائىلنىڭ شۆھرىتى يەنىمۇ ئاشتى. بۇنىڭدىن روھانىيلارنىڭ بىر قىسمى، بولۇپمۇ شەيخۇل ئىسلام غوجا ئابدۇللا ئەنسارى غەزەپلىنىپ، ئەدەب ئىسمائىلنىڭ بارلىق كىتابلىرىنى چارسۇدىكى مەيدانغا يىغىپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي شەيخۇل ئىسلامنىڭ ئۆزى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇ تىنىمسىز ھېق تۇتۇپ، ئۆلىدىغان بىر ئەھۋالغا كېلىپ قالدى. تېۋىپلار كۆپ ئامال قىلسىمۇ، بەربىر ئامال قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر قاچىغا ئۇنىڭ پېشابىنى ئېلىپ ئەدەب ئىسمائىلنىڭ ئۆيىگە باردى، «ياردەم قىلىڭ» دەپ يالۋۇردى. لېكىن بىمارنىڭ شەيخۇل ئىسلام ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭدىن مەخپىي تۇتتى.

ئەدەب ئىسمائىل پېشابىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىمارنىڭ شەيخۇل ئىسلام ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانچە كۈنلەردىن بۇيان ھېق تۇتۇپ، ئۆلەي دەپ قالغانلىقى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ دەردىگە داۋا تاپالمىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلارغا «شەيخۇل ئىسلام جانابلىرىغا ئېيتىپ قويۇڭلار، پىستە مېغىزىنى ئېزدەپ ئەسقەر قەندىگە قوشۇپ ئىستېمال قىلسۇن، ئاندىن تېز ئارىدا ساقىيىپ كېتىدۇ، يەنە شۇنى ئېيتىپ قويۇڭلاركى، بۇندىن كېيىن زىنھار كىتاب كۆيدۈرمىسۇن» دەپ تەكىتلىدى.

***ھېكمەت:***
***كىتابنى ئاسرىمىغانلىق قاراڭغۇ چۆلگە كىرگەنلىك. ئۇنى ئاسرا، بوستانغا قەدەم ئال.***

## پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى نېمىدۇ؟

بىر كىشى بۇزرۇجمېھرىدىن «پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى نېمىدۇ؟» دەپ سورىدى.

ــ پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى بەش نەرسىدە، ــ دېدى ئۇ سورىغۇچىغا، ــ بىرىنچىسى، ئىنسابلىق بولۇش؛ ئىككىنچىسى، دۈشمەندىن ھەممە ۋاقىت ۋاقىپ بولۇپ

تۇرۇش؛ ئۈچىنچىسى، ئالىملار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارىنى جايىدا قىلىش؛ تۆتىنچىسى، ئەل ـ يۇرتنى ئاۋات تۇتۇش؛ بەشىنچىسى، پۇقرالارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش.

***ھېكمەت:***
***دىيانەتلىك كىشى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.***

## كۆڭۈل ئىختىيارى

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن[①]نىڭ ئالدىغا بىر ئوغرىنى تۇتۇپ ئەكېلىشتى. ئىسكەندەر «ئۇنى دەرھال دارغا ئېسىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئوغرى ئۆزىنى پادىشاھنىڭ ئاياغلىرىغا ئاتتى، يىلىندى، يالۋۇردى:

ــ پادىشاھى ئالەم! بۇ ئوغرىلىقنى كۆڭۈل ئىختىيارى بىلەن قىلمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ. بۇندىن كېيىن بۇ ھۈنەرنى ئەسلا قىلماسلىققا قەسەم ئىچىمەن.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دېدى ئىسكەندەر ئوغرىغا، ــ دار ئاستىغىمۇ كۆڭۈل ئىختىيارى بىلەن كەلمەيسەن ـ دە؟!

***ھېكمەت:***
***كۆڭۈل ئىختىيارى ياخشىلىققا مايىل بولسا، خەيرلىك ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.***

## ھەركىم بىلگىنىنى قىلىدۇ

بىر پادىشاھنىڭ بىرنەچچە ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇلاردىن ئىسمائىل ئاياز ئىسىملىك بىرسى كامالەتكە يەتكەن ۋە زېرەك ئادەم ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆپرەك ئىشىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ قالغانىدى. شۇ تۈپەيلى باشقا ۋەزىرلەر ئۇنى كۆرەلمەي قالدى ۋە پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەيۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر پادىشاھ ھەممە ۋەزىرلەرنى ھوزۇرىغا يىغدى.

ئىسمائىل ئاياز مۇنداق دېدى:

ــ شاھەنشاھقا مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىپ يۈرۈپسىلەر. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، قايسىبىرىڭلار پادىشاھقا بىرەر قۇر نەرسە يېزىپ بېرىشكە قادىرسىلەر؟

ئۇلار بۇ خوشۇستا ئاجىز ئىدى. ئۇلار ھېچنېمە دېيەلمىدى. پادىشاھ دېدى:

ــ ئىسمائىلغۇ بىر ئەمەس، كۆپ نەرسىلەرنى يازدى. لېكىن سىلەردىن ئىغۋا ۋە غەيۋەتتىن باشقا نەرسە كۆرمىدۇق.

---

①ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ـ ماكېدونىيەلىك يىرىك سەركەردە ۋە دۆلەت ئەربابى (مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 356 ـ 323 ـ يىللار).

— ھەر كىم ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدۇ ـ دە، شاھىنشاھا! — دېدى غەيۋەتچى ۋەزىرلەردىن بىرى.

***ھېكمەت:***
***ھەر كىم ئۆز ئەجرىگە لايىق ھۆرمەت تاپىدۇ.***

## خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە بېلىقچى

خۇسرەۋ پەرۋىز غىزالار ئىچىدە بېلىقنى ياخشى كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامراق خوتۇنى شېرىن بىلەن چاھار باغلىرىدىن بىرسىدە ئولتۇرغان پەيتتە، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بىلىقچى كىرىپ كەلدى. ۋە چوڭ لاقىقا[1] بېلىقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. خۇسرەۋ پەرۋىز بېلىقنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى ۋە خەزىنىچىسىنى چاقىرىپ: «تۆت مىڭ دەرھەم بېرىۋەت» دەپ بۇيرۇدى. بېلىقچى پۇلنى ئېلىپ، تېخى چاھار باغدىن چىقىپ بولمىغان ئىدى. شېرىن ئېرىگە قاراپ:

— ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا پۇلنى ئىنئام قىلىپ ياخشى قىلمىدىڭ، — دەپ قالدى.

— نېمىشقا؟ — تەئەججۇپلەندى پادىشاھ.

شېرىن جاۋاب بەردى:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر خىزمەتكارغا قانداقتۇر خىزمىتى ئۈچۈن شۇنچىلىك پۇل ئىنئام قىلغۇدەك بولساڭ، «پادىشاھ مېنى بېلىقچى قاتارى كۆردى» دەيدۇ. مۇبادا ئۇنىڭدىن ئاز بەرگۇدەك بولساڭ، «مېنى بېلىقچى قاتارىمۇ كۆرمىدى» دەپ رەنجىشى مۇمكىن.

— راست دەيسەن، — دېدى پادىشاھ بېشىنى قاشلاپ، — لېكىن ئەمدى ۋاقىت ئۆتتى. قىلغان سۆزدىن يېنىۋېلىش ياخشى ئەمەس.

شېرىن بوش كەلمىدى ۋە ئېرىگە دېدى:

— بۇنىڭ چارىسى بار. بېلىقچىنى يولىدىنياندۇر ۋە ئۇنىڭدىن «مانا بۇ بېلىقنىڭ ئەركەكمىدى ياكى چىشىمىدى؟» دەپ سورا. ئەگەر «ئەركەك» دېسە، ماڭا چىشىنى ئەكەپ بەر! — دېگىن. مۇبادا «چىشى ئىدى» دېسە، ئەركىكىنى ئەكەپ بەر! دەپ تۇرۇۋال.

خۇسرەۋ پەرۋىز شېرىنىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن دېدى ۋە بېلىقچىنى قايتۇرۇپ كەلدى. لېكىن ئۇ ئەقىللىق ۋە زېرەك ئادەم ئىدى. پادىشاھ:

— ئېلىپ كەلگەن بېلىقىڭ ئەركەكمىدى ياكى چىشىمىدى؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇ:

— ئەركەكمۇ ئەمەس، چىشىمۇ ئەمەس، ئىككى جىنسلىق ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

پادىشاھ بېلىقچىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە قايىل بولدى ۋە خەزىنىچىنى

[1]لاقىقا ـ تاتلىق سۇلاردا ياشايدىغان قاسراقسىز، بۇرۇتلۇق بىر خىل يىرتقۇچ بېلىق.

چاقىرتىپ، بېلىقچىغا يەنە تۆت مىڭ دىرھەم بېرىشنى بۇيرۇدى. بېلىقچى پۇلنى ئېلىپ، ھەميانىغا سالدى ـ دە، چاھارباغ دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى. دەرۋازىغا بارغاندا بىر دىرھەم پۇل ھەميانىدىن چۈشۈپ قالدى. بېلىقچى ئۇنى دەرھال ئېلىپ، يەڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى ۋە كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ھەميانىغا سالدى. پادىشاھ بىلەن خوتۇنى ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى. بېلىقچىنىڭ بۇ ئىشىدىن تەئەججۇپلىنىشتى. شىرىن ئېرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى ۋە دېدى:

ــ ئۇ ناھايىتى ئاچ كۆز ئادەم ئىكەن، بىر بېلىق ئۈچۈن سەككىز مىڭ دەرھەمنى ئېلىپ تۇرۇقلۇق، ھەميانىدىن چۈشۈپ قالغان بىر دەرھەمنىمۇ كۆزى قىيماي، يالاپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

بېلىقچىنىڭ بۇ ئىشىغا خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ خوتۇنىغا قاراپ:

ــ توغرا دېدىڭ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئاچ كۆز ئادەم ئىكەن، ــ دېدى. ئاندىن بېلىقچىنى چاقىرتىپ، سوراققا تارتتى:

ــ بىر بېلىققا سەككىز مىڭ دەرھەم ئالدىڭ. ئاچ كۆزلۈكىڭنىڭمۇ چېكى بار. چۈشۈپ قالغان بىر دەرھەمگىمۇ كۆز ئالايتقىنىڭ نېمىسى؟ ئىنساب دېگەن بارمۇ سەندە؟!

بېلىقچى پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن چۆچۈپ كەتمىدى. بەلكى ۋەزمىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ پادىشاھىمىزنىڭ ئەزىز ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي! بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇشۇ دەرھەمنىڭ بىر تەرىپىدە پادىشاھىمىزنىڭ مۇقەددەس سىيماسى تەسۋىرلەنگەن، ئارقا تەرىپىدە بولسا، ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرى يېزىلغانىكەن. ئۇ ئاياغ ـ ئاستى بولغۇدەك بولسا، گۇناھقا پاتماي دەپ، ئۇنى يەردىن ئاۋايلاپ ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالدىم.

پادىشاھ بېلىقچىنىڭ ساداقىتىدىن مەمنۇن بولدى ۋە خەزىنىچىنى چاقىرتىپ «ئۇنىڭغا يەنە تۆت مىڭ دەرھەم بېرىۋەت!» دەپ بۇيرۇدى.

***ھېكمەت:***
***ئەقىل بىلەن پۇل تېپىش تامامەن مۇمكىن. ئەمما پۇل بىلەن ئەقىل تېپىش تەسكە توختايدۇ.***

## نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورۇيسەن!

بۇخارا شەھىرىدە بىر سۇچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ھال ـ ئوقىتى يامان ئەمەس بىر زەرگەرنىڭ ئۆيىگە سۇ توشۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا زەرگەرنىڭ ئۆيىگە سۇ ئېلىپ كەلدى. شۇ چاغدا زەرگەرنىڭ خوتۇنى دەرۋازىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقانىكەن (ئۇ ئايال ناھايىتى گۈزەل ۋە ئاقىل ئىكەن). سۇچىنىڭ كۆزى توساتتىن زەرگەرنىڭ خوتۇنىغا چۈشتى ۋە ئۇنىڭدا كۈتۈلمىگەن بىر

ھېسسىيات پەيدا بولدى. تۈلۈمنى يەرگە قويدى ـ دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇ ئايالنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇلۇغ يۈزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئاندىن ھېچنېمىگە قارىماي كوچىغا قاراپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. زەرگەر قاش قارايغاندا ئۆيىگە قايتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن خوتۇنى ئېرىدىن سورىدى:

— سەن خۇداغا ياقمايدىغان بىر ئىش قىلدىڭمۇ؟

زەرگەر كۆڭلىدە: «خوتۇنۇم بىر نەرسىنى سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلدى ـ دە، ھەممە گەپنى ئېيتىپ سالدى:

چاشگاھدا بىر ئايال دۇكىنىمغا كەلدى ۋە: «ياخشىراق ھالقا تېپىلماسمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن ياقۇت كۆزلۈك تىللا ھالقىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئايالنىڭ ئاۋازى خۇشخۇي ۋە قوللىرى ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. ئۆزۈمنى تۇتۇپ ئالالمىدىم ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ بىرنى سۆيۈۋالدىم. شۇنىڭدىن باشقا گۇناھلىق ئىش قىلغىنىم يوق.

زەرگەرنىڭ خوتۇنى مېيىقىدا كۈلدى ۋە دېدى:

— ئەي پەرۋەردىگارى ئالەم! بۈگۈن ئىككىلىمىزلا بىر خىل گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويۇپتىمىز. بۈگۈن چاشگاھدا سۇچى ئادەتتىكىدەك سۇ ئېلىپ كەلدى. بىراق كۈتۈلمىگەن بىر يامان ئىش يۈز بەردى. ئوتتۇز يىلدىن بېرى ھالال ئىش قىلىپ، بىرەر قېتىممۇ زىناغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەم بۈگۈن تۈلۈمنى قويدى ـ دە، كۆزلىرىمگە تىكىلدى، ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ «چوڭ» قىلىپ سۆيۈۋالدى.

زەرگەرنىڭ ئاچچىقى كەلدى، لېكىن خوتۇنىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئاچچىقىنى باستى، ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىنمۇ بىر ئاز پۇشايمان يېدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىر ۋاقلارغىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشتى، ئاندىن يەنە گەپلىشىپ كەتتى، لېكىن سۇچى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشمىدى.

ئەتىسى سۇچى زەرگەرنىڭكىگە سۇ ئېلىپ كەلدى ۋە ئايالنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تۆۋە قىلدى، ئاندىن دېدى:

— ئەي، كەرەملىك ساھىبە! مەن قۇلۇڭنى كەچۈر! تۈنۈگۈن مېنى شەيتان يولدىن ئازدۇرۇپتۇ، بولمىسا مۇنداق گۇناھلىق ئىشقا ئەسلا ئۆزۈمنى ئۇرمىغان بولاتتىم.

ئايال خاپا كۆرۈنمەيتتى. سۇچىغا تەسەللى بەردى:

— سەندە ھېچقانچە ئەيىب يوق. مەلۇم بولۇشىچە، شەيتان سېنى ئەمەس بەلكى مېنىڭ ئېرىمنى يولدىن ئازدۇرۇپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ساداقىتى ئائىلىگە بولغان ساداقەتتۇر. ساداقەت ئۆزئارا بولۇنغاي. شۇندىلا ھايات گۈلى ئائىلىدە ئېچىلىدۇ.***

## خەلىپىنىڭ چۈشى

بىر كۈنى ھارۇن ئەر رەشىدنىڭ چۈشىدە چىشلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەتىگەندە پالچىنى چاقىرىپ، چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغاندا، ئۇ:

— ئۇلۇغ خەلىپىمىزنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي! بىراق، يېقىن ئارىدا قېرىنداش ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزدىن بىرسىمۇ قالماي ئۆلۈپ كەتكۈدەك، — دەپتۇ. خەلىپىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: — «ئۇنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار!» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاندىن باشقا پالچىنى چاقىرىپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ:

— چۈشتە كۆرگەنلىرىڭىز شۇنىڭغا ئىشارىكى، — دەپتۇ پالچى ئىززەت - ئېھتىرام بىلەن، خەلىپىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي، سىزنىڭ دۆلەت سايىڭىزدە قېرىنداش ئۇلۇغ - تۇغقانلىرىڭىزدىن باشقا بارلىقى ئامانلىق تاپقاي.

ھارۇن ئەر رەشىد خۇرسەن بولۇپتۇ - دە، پالچىغا يۈز دىنار مۇكاپات بېرىپ يولغا سېپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئېغىزدىن چىققاننىڭ ھەممىسى سۆز ئەمەس. سۆزلە، ئەمما سۆزۈڭ دىلغا ئازار بەرمىسۇن.***

## ئەدەپنى كىمدىن ئۆگىنىش كېرەك؟

بىر قېلىن توقايلىقتا ئىنتايىن يىرتقۇچ بىر شىر ماكانلىشىۋاپتۇ. بۆرە بىلەن تۈلكە كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىكەن. بىر كۈنى شىر بىر جانىۋارنى ئۆلتۈرۈپ، بۆرىگە «سەن بۇنى ئورتىدا ئادىل تەقسىملە!» — دەپ بۇيرۇپتۇ. بۆرە ئولجىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپتۇ ۋە بىر قىسمىنى شىرنىڭ، ئىككىنچىسىنى تۈلكىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ؛ ئۈچىنچىسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا شىرنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، ئۆزىگە تېگىشلىكىنىمۇ بۆرىنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ. بۆرە قورققىنىدىن دىر - دىر تىترەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. شىر تۈلكىگە «ئولجىنى سەن باشقىدىن تەقسىم قىل!» دەپ بۇيرۇپتۇ. تۈلكى ئويلاپمۇ ئولتۇرماي، بۆرە تەقسىملىگەن ئۈچ پارچە گۆشنى يىغىپ، ھەممىسىنىلا ئېلىپ شىرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شىر تۈلكىنىڭ پاراستى ۋە ئەدەپ قائىدە - يوسۇنلۇقىغا قايىل بوپتۇ.

— سەن بۇنداق قائىدە - يوسۇننى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر تۈلكىدىن.

— شىر بىلەن بۆرىدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە.

***ھېكمەت:***
***ئىبرەت تەربىيەسى ئالمىغان كىشى ھاياتىغا توسالغۇچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ.***

## مەردلىكنىڭ مەنىسى

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن سورىدى:

— مەرد، سېخىيلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

— ئۈچتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ۋەزىر، — بىرىنچىسى، قائىدە ـ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلماسلىق ۋە ۋاپادارلىق؛ ئىككىنچىسى، ئىككىلەنمەي تەشەككۇر ئېيتالايدىغان بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىن ئېھسان بېرىش.

پادىشاھ سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەرد ـ سېخىي ئادەمنىڭ ئۆزى قانداق بولىدۇ؟

— تونۇمايدىغان ئادەمگىمۇ مال بەخشەندە قىلىپ بېرەلەيدۇ، چۈنكى تونۇش ئادەمگە مال بەرگۈدەك بولسا، مۇنۇ ئىككى نەرسىدىن خالىي بولمايدۇ: بىرىنچىسى، شەپقەتتىن؛ ئىككىنچىسى، رىياكارلىقتىن (كۆز ـ كۆز قىلىشتىن). مەردلىكنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى شۇكى، — دېدى ۋەزىر سۆزىنى داۋام قىلىپ، ـ ئادەم ئاشۇ ئىككى نەرسىدىن ئۆزىنى تارتىشنى بىلىشى لازىم.

***ھېكمەت:***
***مەرد ـ سېخىي ئادەم ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى ھامان خۇشال قىلالايدۇ.***

## مېھرىبان قوشنا

ئابدۇراخمان ئەۋزى هارپا كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيىدە ئولتۇرغانىكەن، بىرى هويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. چىقىپ قارىسا، قوشنىسى ئىكەن. ئۇ كەمبەغەل، كۆپ بالىلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— غوجام، مانا، ئەتە ھېيت، لېكىن مېنىڭ بىساتىمدا بىر پۇلمۇ يوق. بىر ئاز پۇل بېرىپ تۇرغان بولسىلا؟

— قېنى، بىر ئامال قىلىپ باقاي، — دەپ دەرۋازىنى ياپمايلا، ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئايالى: «بار ـ يوقى يىگىرمە بەش دەرھەم پۇلىمىز بار، بوپتۇ، بۇنىڭ بىر قىسمىنى قوشنىمىزغا بېرەيلى، قالغىنىنى ئەتە ئۆزىمىز ھېيتلىق قىلايلى» دەپتۇ.

— ياق! — دەپتۇ ئۇ ئايالىغا، — پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرەيلى، شۇنداق قىلساق ساۋابىنىڭ بىر قىسمى بىزگە تېگىدۇ.

***ھېكمەت:***
***ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى قۇربىتىڭنىڭ يېتىشىچە راۋا قىل. سەنمۇ بىر كۈنلەردە ھاجەتمەن بولمايمەن دەپ ئېيتالمايسەن.***

## چىرايلىق سەت بولسا ئەينەكتىن كۆرمە

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىر كۈنى نامازدىن تۇرۇپ، ئۇدۇل ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەينەكتە ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، سەتلىكىدىن رەنجىپتۇ. كېيىن باش ۋەزىر جانابى ئەھمەدكە ئەرز قىپتۇ:

— ئەينەككە قارىۋېدىم، ھۆسن - جامالىمنى ئۆزۈمگە لايىق كۆرمىدىم، ئەلۋەتتە ھۆسن - جامال دوستلىرىنىڭ كۆپىيىشى تەختۇ بەختىم ئۈچۈن كام بولسا بولمايتتى.

***ھېكمەت:***
***خەلقنىڭ ئۆزۈڭنى دوست تۇتۇشنى خالىساڭ ئالتۇننى دوست تۇتما.***
***سەلتەنەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ھۆسن بىلەن ئەمەس، ئالتۇن بىلەندۇر.***

## مېھماندوست بەدەۋى[①] ۋە ئاچ كۆز خەلىپە

بىر كۈنى خەلىپە مەھدىي ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇچرىغان جەرەننى قوغلاپ، ئۆز ھەمراھلىرىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. مۇلازىملىرى ۋە قوغدىغۇچى ئەسكەرلىرى ئۇنى خېلى يەرلەرگىچە ئىزدىشىپتۇ، لېكىن تېپىشالماپتۇ.

خەلىپە بولسا ئۇ كۈنى ئۇزۇن يول مېڭىپ بىر چاغدا بىر بەدەۋىنىڭ چېدىرىغا كېلىپ قاپتۇ. خەلىپىنىڭ قورسىقى تازا ئاچقانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنمۇ بەك ئىسسىق ئىكەن. شۇڭلاشقا خەلىپە چېدىر ئىگىسى بەدەۋىگە دەپتۇ:

— ھەي، مېھماندوست بەدەۋى، قېنى، ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋال!

— باش ئۈستىگە، — دەپتۇ بەدەۋى، ئولتۇرسىلا، بار نەرسەمنى ئېلىپ چىقاي، لېكىن ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا.

— بولىدۇ، — دەپتۇ مەھدىي — مەيلى يېگۈدەك نېمەڭ بولسا شۇنى ئېلىپ چىقساڭ بولۇۋېرىدۇ.

بەدەۋى بىر پارچە پىشلاق بىلەن قېتىپ كەتكەنناننى ئېلىپ چىقىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

مېھمان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز يەپ بوپتۇ ۋە:

— پىشلىقىڭ ئاز، نېنىڭ بەكمۇ قاتتىق ئىكەن. يەنە نېمەڭ بار؟

بەدەۋىنىڭ بار - يوقى بىر كوزا شارابى بار ئىكەن، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. مېھمان شارابنى چۆچەككە قۇيۇپ ئىچىپتۇ، ئاندىن چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن لەۋلىرىنى سۈرتۈپ، بەدەۋىدىن سوراپتۇ:

— مېنى تونۇدىڭمۇ؟

---

① بەدەۋى - سەھرالىق، كۆچمەن ئەرەب.

— يوقسۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەدەۋى.
— مەن، — دەپتۇ مېھمان، خەلىپە مەھدىنىڭ مۇلازىمى بولىمەن.
— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپتۇ بەدەۋى.
مېھمان يەنە بىر چۆچەك شارابنى ئىچىۋېتىپ، بەدەۋىدىن سوراپتۇ:
— مېنى تونۇدىڭمۇ؟
— يوقسۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەدەۋى.
— مەن، — دەپتۇ مېھمان، — خەلىپە مەھدىنىڭ خاس مۇلازىمى بولىمەن.
— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپتۇ بەدەۋى.
مېھمان يەنە بىر چۆچەك شارابنى ئىچىۋېتىپ، بەدەۋىدىن سوراپتۇ:
— ھەقىقەتەنمۇ مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟
— يوقسۇ، تونۇيالمىدىم، — دەپتۇ بەدەۋى.
— مەن خەلىپە مەھدىينىڭ ئالىي قوماندانلىرىدىن بىرىمەن، — دەپتۇ مېھمان.
— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپلا قويۇپتۇ بەدەۋى.
مېھمان يەنە بىر چۆچەك شارابنى ئىچىۋېتىپ، يەنە ئاشۇ سوئالنى تەكرارلاپتۇ.
— نېمە قىل دېمەكچى ئىدىڭ، تەقسىر، — دەپتۇ بەدەۋى دىققەت بولغان ھالدا.
— مەن خەلىپە مەھدىينىڭ ئۆزى بولىمەن، — دەپتۇ چالا كەيىپ بولۇپ قالغان مېھمان مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

بەدەۋى شاراب كوزىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، كوزىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن:

— ھەي، سەن دەسلەپتە خەلىپىنىڭ خاس مۇلازىمى دەپ ئىچتىڭ، كېيىن قوماندانى دەپ يەنە ئىچتىڭ. ئەمدى خەلىپىلىكنى دەۋا قىلىۋاتىسەن. مۇبادا يەنە بىر چۆچەك ئىچىدىغان بولساڭ، بەلكى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئوخشايسەن؟!

***ھېكمەت:***
***ئىچىملىككە بېرىلمە، ئۇنىڭغا زىيادە بېرىلگىنىڭ پەسلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگىنىڭ.***

## ئىبن سىنا ۋە بىمار

ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ئالائۇد دەۋلەنىڭ يۇرتىدىن قېچىپ، ھەمداندىن باغداتقا كېتىپ بارغىنىدا، شەتىت دەرياسى بويىدا بىر ئادەم دۇكان ئېچىپ، دورا ـ دەرمەك سېتىپ تېۋىپلىك قىلىۋاتقانىكەن. ئىبن سىنا تېۋىپنىڭ دۇكىنى ئەتراپىدا بىر ئاز ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئايال بىمار شېشىگە قاچىلانغان سۈيدۈكنى تېۋىپقا بېرىپتۇ. تېۋىپ ئايالغا قاراپ:

— كېسەل يەھۇدىيمۇ؟ — دەپتۇ ۋە يەنە ئارقىدىنلا، ـ سەن ئۇنىڭ خىزمەتكارىمۇ ـ

www.uyghurkitap.com

دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ.

ئايال ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ.

تېۋىپ يەنە ئايالغا قاراپ:

— كېسەلنىڭ ئۆيى شەرق تەرەپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ ئايال.

— كېسەل ئاخشام قېتىق ئىچكەنمىدى؟

— ھە، شۇنداق.

ھەممە ئۇنىڭ دانالىقىغا قايىل بولۇشۇپتۇ. ئىبنى سىنامۇ ھەيران بوپتۇ. تېۋىپنىڭ قولى بوشىغاندىن كېيىن، ئىبنى سىنا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ — دە:

— بۇ نەرسىلەرنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭ ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا ئىكەنلىكىڭنى قانداق بىلگەن بولسام، بۇ نەرسىلەرنى ھەم شۇنداق بىلدىم، — دەپتۇ تېۋىپ.

— بۇ ئۇنىڭدىنمۇ مۇشكۈلرەك ئىشقۇ، — دەپتۇ ئىبنى سىنا. شۇ چاغدا تېۋىپ:

— شېشىنى ماڭا ئۇزاتقاندا، ئايالنىڭ يېڭى كىر ئىكەن. دېمەك، ئۇ بىراۋنىڭ خىزمەتكارى ئىكەن دەپ ئويلىدىم. يەھۇدىي مۇسۇلماننىڭ خىزمىتىنى قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ غوجايىنىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئايالنىڭ كىيىمىگە قېتىق تامغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال پەرەز قىلدىمكى، ئاشۇ ئۆيدە قېتىق ئىچىشكەن ۋە بىمارغىمۇ بېرىشكەن. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆيى ئادەتتە شەرق تەرەپتە بولىدۇ. دېمەك، بىمار شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە ياشايدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ گەپلىرىڭغۇ توغرا، لېكىن مېنى قانداق تونۇدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىبنى سىنا.

— بۇگۈن ئەبۇئەلى ئالائۇد دەۋلەنىڭ قولىدىن قېچىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانىدىم. باغداتقا كەلسە كېرەك، دەپ تەخمىن قىلدىم. بۇنىڭدىن تاشقىرى مەلۇمكى، مېنىڭ بۇ مۇغەمبەرلىكىمگە سەندىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

***ھېكمەت:***

***كۆز كۆرۈشكىلا ئەمەس، كۆرۈش ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىشقا يارىتىلغان.***

***كۆرگىن، كۆرگەندىمۇ تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆر.***

## ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟

ئىبنى سىنا دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمىنى، تېۋىپلارنىڭ تېۋىپى ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى شەھەرلىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي، ئۇلۇغ تېۋىپ، سېنى مىڭبىر دەردكە داۋا تاپقان تېۋىپ دېيىشىدۇ، لوقمان ھېكىمدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەنمىشسەن، شۇ گەپ توغرىمۇ؟

— گېپىڭ ناتوغرا، لوقمان ھېكىمدىن ئۆتۈپ كېتىش ماڭا نەدە تۇرۇپتۇ. ئۇ

ھەزرەتكە كىچىك بىر شاگىرت بولالىسام، ئۆزۈمنى ئەڭ بەختىيار كىشى ھېسابلار ئىدىم. ئەمدى مىڭبىر دەردكە داۋا تاپقىنىمغا كەلسەك، بۇ سوئالىڭغا ھەم «ھەئە» نىڭ مەنىسى شۇكى، كۆپ دەردكە داۋا تاپقىنىم، قولۇمدا ناھايىتى كۆپ خەستىلەر شىپا تاپتى. «ياق» نىڭ مەنىسى شۇكى، تېخى مەن بىلمىگەن كېسەللىكلەر ناھايىتى كۆپ، ــ دەپتۇ ئىبىن سىنا.

ــ ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى يەنە.

ــ بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب بېرىش مۇمكىن، ـ دەپتۇ ئىبىن سىنا، ــ ئۆلۈمنى داۋالاشنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش يوللىرىنى بىلىمەن.

ــ شۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭ! ــ دەپ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھېلىقى ئادەم. ئىبىن سىنا:

ــ مەيلى، ئۆگىتىپ قويسام قويااي. سەن مەن بىلەن ئۆزۈم كۆكەرتكەن باغقا كىرسەڭ، باغدا ساڭا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورا بېرىمەن، ــ دەپتۇ ۋە ھېلىقى كىشىنى باشلاپ، ئۆز بېغىغا ئەكىرىپتۇ. ئۇنىڭ قولىغا بىر تۈپ چىنار بىلەن بىر تۈپ نەشپۈت كۆچىتىنى بېرىپ:

ــ مانا بۇ چىنار كۆچىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا ئۆزۈڭگە ئۆي سالىسەن. ماۋۇ نەشپۈت كۆچىتىنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، مېنى نەشپۈت يېيىشكە چاقىرىسەن. شۇ چاغدا مەندىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورىنى ئالىسەن، ــ دەپتۇ.

شەھەرلىك كىشى چىنارنى ئۆستۈرۈپ ئۆي سالماقچى، نەشپۈتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، ھوسۇل تويىغا ئىبىن سىنانى چاقىرماقچى بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. مېھنەت كەينىدىن مېھنەت قىلىۋېرىپ، ھايات زەۋق ـ شەۋقى بىلەن ياشاپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ يۈز ياشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بۇ ئۈمىدلىك دۇنيا ئىكەن. ئۈمىد قىلغان مۇرادىغا يېتىدۇ. نا ئۈمىد ئۆز ئايىغىدا يۈتىدۇ. ياخشى نىيەتلىك بولايلى.***

## ئىچىملىككە بېرىلگەن ئوغۇل

بىر كىشىنىڭ ئوغلى ئىچىملىككە بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ئىچىپ، ھېچكىمگە تىنچلىق بەرمەيدىكەن. دادىسى ئۇنى يېتىلەپ ئىبىن سىنانىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە:

ــ سىنى ھېكىملەرنىڭ ھېكىمى، دەپ تەرىپلىشىدۇ، مۇشۇ ئوغلۇمنى داۋالاپ، توغرا يولغا سېلىپ بەرسەڭ، ــ دەپتۇ.

ــ نېمە كېسىلى بار؟ ـ سوراپتۇ ئىبىن سىنا، ــ ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتتى. بۇ

www.uyghurkitap.com



يولدىن ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ توسۇيالمىدىم، ـ دەپتۇ ئۇ كىشى.

ئىبن سىنا مۇنداق كېسەلنى ھەققەتەن داۋالاپ باقمىغانىكەن. شۇڭا ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن: «مەيلى داۋالىسام داۋالاپ باقاي. ئۇنداقتا سىز ماڭا بىر بۇلبۇل، بىر ئېيىق، بىر توڭگۇز، ئىككى مايمۇن كەلتۈرسەن» دەپتۇ. بالىنىڭ دادىسى ئىبن سىنانىڭ دېگەنلىرىنى كەلتۈرۈپتۇ. ھېكىم ئۇنىڭ ھەربىرىنى ئالاھىدە قەپەسكە سولاپتۇ. كېيىن بىر خىزمەتكارىغا بىر پىيالە مەي ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار ۋەزىپىنى بېجىرگەندىن كېيىن ھېكىم ئۇنىڭغا بۇلبۇل تۇرغان قەپەسكە كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار قەپەسكە كىرىپ، بىردەمدىن كېيىن بۇلبۇلغا قوشۇلۇپ سايراشقا باشلاپتۇ، ناخشا ئېيتىپتۇ. ئۇ شۇچاغدا شۇنچىلىك لەززەتلىنىپتۇكى، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ھېلىقى يىگىت بىلەن ئىبن سىنانىڭمۇ ھەۋىسى كەپتۇ.

ئەتىسى ئىبن سىنا خىزمەتكارىغا ئىككى پىيالە مەي بېرىپ، ئېيىق تۇرغان قەپەسنىڭ يېنىغا كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزى ھېلىقى كېسەل يىگىت بىلەن يىراقتا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى مەي ئىچكەن خىزمەتكار راۋۇرۇس قىزىپ، ئېيىققا ئوخشاش ھۆركىرەپ ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ. ئېيىقنى ئۇرۇپ يىقىتماقچى بوپتۇ. ئىبن سىنا ئۇنى ھېلىقى ئىچەرمەن يىگىتكە كۆرسىتىپ «قانداق، تونۇدۇڭمۇ؟»دەپ سوراپتۇ. «ياق، تونۇمىدىم» ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. «ياخشى!» دەپتۇ ئىبن سىنا.

ئىبن سىنا ئەتىسى شۇ خىزمەتكارىغا ئۈچ پىيالە مەي ئىچكۈزۈپ، توڭگۇزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. خىزمەتكار توڭگۇز نېمە قىلسا شۇنى قىپتۇ، پاتقاقتا مىلەنسە مىلىنىپتۇ، توپىغا ئېغىنىسا ئېغىناپتۇ. ئىبن سىنا ھېلىقى ئىچەرمەن يىگىتكە قاراپ: «تونۇدۇڭمۇ؟» دەپتۇ يىگىت. «ياق، تونۇمىدىم» دەپتۇ. «ياخشى!» دەپتۇ ئىبن سىنا. كېيىن خىزمەتكارغا تۆت پىيالە مەي ئىچكۈزۈپ، مايمۇننىڭ قەپىسىگە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. خىزمەتكار بىر پەستە مايمۇننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قاپتۇ. ئىبن سىنا ئىچەرمەن يىگىتكە «تونۇدۇڭمۇ؟» دەپتۇ. «ياق، تونۇمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. كېيىن ئىبن سىنا ئۇ يىگىتكە:

— ھەممىسى بىر ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ كىيىمىنى ئۆزگەرتتىم، خالاس. باشقا يېرى ئۇنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇنى ئىچكەن مەي ئۆزگەرتتى. بىر پىيالىدە بۇلبۇل بولدى. ئىككى پىيالىدە ئۆزىنى ئېيىق ھېسابلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. ئۈچ پىيالىدە توڭگۇزغا ئايلاندى. تۆت پىيالىدە ئۆزىنى كۆردۈڭ، مايمۇندىن پەرقى قالمىدى. ھە، سەنمۇ ئىچكەن چاغلىرىڭدا بۇنىڭدىن بەتتەر بولاتتىڭ، — دەپتۇ.

ئىچەرمەن يىگىت:

— ھەي ئۇلۇغ ھېكىم، سەن مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مەي ئىچمىگىنىم ئىچمىگەن. ۋەدىسىدە تۇرمىغان نامەرد! — دەپتۇ ۋە ئىبن سىناغا رەھمەت ۋە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ مەينى ئاغزىغا

ئالمىغانىكەن.

***ھېكمەت:***
***مەي - شارابنى كۆڭۈل خۇشى دەيدىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي. ئۇلار «مەست بولغىنىڭ پەس بولغىنىڭ» دېگەننى بىلسە ئىدى. مەيدىن يىراق بولاتتى.***

## ئىغۋاگەر تېۋىپ

ئۇلۇغ تېۋىپنى كۆرەلمەي يۈرگەن ساراي ھېكىملىرى: «ئىبن سىنا كېچىسى مازارغا كېلىپ، يېڭى كۆمۈلگەن مۇردىلارنى تەجرىبە قىلغۇدەك، بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بار ئىكەن» دەپ ئىغۋا تارقىتىپتۇ. سۇلتانمۇ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئىبن سىنانى زىندانغا سېپتۇ. ئۇلۇغ ھېكىم زىنداندىمۇ كېسەللەرنى داۋالاپ، ئۇلارغا ھايات ئاتا قىپتۇ. شاگىرتلىرىغا خەت يېزىپ، سۆڭەك يىلىكىنى داۋالاش ئۈچۈن دورا - دەرمانلارنى تېپىپتۇ. بارا - بارا زىنداندىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان داد - پەرياد، ئاھ - زارلار ئورنىغا كۈلكە - چاقچاقلار ئاڭلىنىدىغان بوپتۇ. گۇندىپاي سۇلتانغا بېرىپ:

— ئالەمپاناھ، ھەيرانمەن، زىندان ئىلگىرىكى زىندان ئەمەس، يۆتەل، ئاھ - زارلار ئورنىنى كۈلكە، خۇش چاقچاقلىق ئىگىلىدى. ئادەملەر ھەم تېتىك، ھەم بەردەم بولۇپ كەتتى. قېرىلارمۇ ئۆزلىرىنى ھەپسىدە ئەمەس، گويا تاماشىدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلماقتا، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ۋەزىرىگە:

— زىنداننى داۋاملىق كۆزەت، يەنە نېمە گەپ - سۆز بولسا، ماڭا دەرھال يەتكۈز، ئۇلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر كېلىپ زىنداننى پايلاپتۇ، شۇ چاغدا زىندان ئىچىدىن ئىبن سىنانىڭ: «سەن تاغنى ئۆرساڭ تالقان قىلىسەن. سەن دەريانى تىزگىنلىيەلەيسەن، سەن بولساڭ ئۆكۈزنى يىقىتالايسەن، سەن پىل بىلەن ئېلىشالايسەن» دېگەن سۆزلىرى ئىشىتىلىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن قىي - چۇ كۆتۈرۈلۈپ، زىنداننىڭ ئىچىنى كۈلكە قاپلاپتۇ. ھېچكىم ئۆزىنى زىنداندا دەپ ھېسابلىماسمىش، ئەكسىچە، توي - تاماشىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىشارمىش… ئىبن سىنا يەنە: «سەن پادىشاھ، سەن ۋەزىر، سەن ئوغرى… پادىشاھ بۇيرۇق ئوغرى قولغا چۈشتى… پادىشاھنىڭ ئۆزى ئوغرى بولدىغۇ، پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولغاندەك ئوغرى باشلىقنىڭ ئەمرىمۇ ۋاجىپ…» دېگۈدەكمىش. ئارقىدىنلا يەنە كۈلكە، خۇش چاقچاقلىق ئەۋجىگە چىقىپتىمىش… ۋەزىر زىنداندا بولغان پۈتۈن گەپنى بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىپتۇ، پادىشاھ «نېمە گەپ بۇ» دەپ ئويلاۋېرىپ، ئاخىر كېسەلگە چېلىقىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ كېسىلىنى تېۋىپلار ساقايتالمىغاچقا، ئىلاجسىز ئىبن سىنانىڭ قېشىغا بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

— زىنداندىن چىقمايمەن. ئەگەر شاھ بىر شەرتىمگە كۆنسە ئاندىن چىقىمەن ھەم ئۇنى داۋالايمەن، — دەپتۇ ئىبن سىنا. پادىشاھ ئىبن سىناغا: «شەرتىڭ نېمە؟» — دەپتىكەن، ئۇ: «مەن بىلەن بىللە ياتقان بارلىق ئۆزۈمگە ئوخشاش گۇناھسىز مەھبۇسلارنى ئازاد قىلسەن، شەرتىم شۇ!» — دەپتۇ، پادىشاھ رازى بوپتۇ. ئىبن سىنا ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. كېيىن پادىشاھ:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ ئىبن سىنا پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ، — زىنداندا كىشىلەرنى كۆلدۈرمىگىنىمدە ئىدى، ھەممىمىز ئاللىقاچان ھالاك بولاتتۇق. كۆلكە، ياخشى كەيپىيات، ئۈمىد، ئىشەنچ بىزنى ئامان ساقلاپ قالدى. ئەمدى مېنىڭ گۇناھىمغا كەلسەك، بۈيرۈك، هويلامدىكى ئەسكى تامنىڭ تېگىگە كېچىسى مازاردىن ئەكېلىپ، ئىچىنى يېرىپ كۆرگەن ۋە ئۆگەنگەن مۇردىلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆمگەنمەن. ئۇلارنى ئەكېلىپ، گۇناھىمنى ئىسپاتلاپ، زىندانغا تاشلامسىز، دارغا ئاسامسىز، نېمە قىلسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، گۇناھىمنى بوينۇمغا ئالىمەن، — دەپتۇ.

«ئاخىر گۇناھىنى بويىنىغا ئالدىمۇ» دەپ ئىنتايىن خۇرسەندە بولۇشۇپتۇ ئىغۋاچىلار. ئىبن سىنا ئېيتقان جاينى كولاپ قارىسا، دۆۋە — دۆۋە سۆڭەك... توشقان، تۈلكە، يىلان، پاقا...نىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپتۇ. بىر تالمۇ ئادەم سۆڭىكى يوق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ سارايىنىڭ ئىغۋارگەر تېۋىپلىرىنى باشقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىپ، ئىبن سىنادىن ئۆزرە سوراپ، ئۇنى سارايغا باش ھېكىم قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنداق دەيدۇ: غەيۋەتخور كىشىگە قېتىلما، يىراق تۇر، غەيۋەتخورنىڭ تىلىدا ئوت كۆيىدۇ.***

## ئىبن سىنا ۋە پادىشاھ

ئىبن سىنا تاغۇ دەشتلەردە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ يۈرۈپ، شۇ ئەتراپتا تۇرۇۋاتقان بىر پادىشاھ قوشۇنى ئۈستىدىن چىقىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئېغىر كېسەل بولۇپ، ھېچقانداق تېۋىپ ساقايتالمىغانىكەن. ئىبن سىنانى كۆرگەن پادىشاھ كىشىلىرى:

— سەن نېمىدەپ بۇ يەرلەردە قاڭقىپ يۈرىسەن ياكى سەن جاسۇسمۇ؟ — دەپ سوراققا تارتىپتۇ.

— ياق، تېۋىپمەن، دورا ئۆسۈملۈكلىرى تېرىپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىبن سىنا.

— تېۋىپ بولساڭ پادىشاھىمىزنى ساقايتىسەن، ئۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى بىتاپ. ھېكىملەر ئۇنى داۋالىيالماي باشلىرى قاتتى. سەن ساقايتساڭ — ساقايتتىڭ، بولمىسا

ئۆزۈڭنى ئۇ دۇنيادا كۆرسەن، ــ دېيىشىپتۇ ۋە ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ.

ئىبن سىنا پادىشاھنى قانچە تەكشۈرسىمۇ كېسىلىنى ئېنىقلىيالماپتۇ. «نېمە بولسا بولار، قىرىق كۈن مۆھلەت سورايمەن. رازى بولسا، شۇ ۋاقىت ئىچىدە كېسىلىنى ئېنىقلاپ داۋالايمەن. بۇ جەرياندا بارلىق گىياھلارنى يىغىپ، ئۇلار ئۇستىدىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىمنى يەكۈنلەپ چىقىشقا ئۈلگۈرىمەن. كېيىن نېمە قىلسا قىلار»، ــ دەپ ئويلاپتۇ ۋە پادىشاھقا قاراپ:

ــ ئالەمپاناھ، مۇشۇ يەردە قىرىق كۈن تۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. مەن ھەر كۈنى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى تەكشۈرۈپ تۇرىمەن. خۇدا شىپالىق بېرەر، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ رازى بوپتۇ. ئىبن سىنا گىياھ يىغىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەركۈنى پادىشاھنى بىر بولسا «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە»، بىر بولسا «بۇ تەرىپىگە ئېلىپ بېرىڭلار!» ــ دەپ بۇيرۇۋېرىپتۇ. ئۆزى گىياھ يىغىشنى تەرك قىلماپتۇ. قانداقتۇر ھاۋاسى ياقتىمۇ ياكى سۇيى خىل كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ پادىشاھ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىنى ياخشى سېزىشكە باشلاپتۇ. بىر كەم قىرىق كۈن بولغاندا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىبن سىنانى چاقىرتىپ:

ــ سەن ھەقىقەتەن مۆجىزىكار تېۋىپ ئىكەنسەن، تۇزۇلۇپ قالدىم، رەھمەت، ــ دەپتۇ.

ــ سۇلتانىم، رەھمەتنى ماڭا ئەمەس، تۆت ئەتراپىڭىزدىكى مۇنۇ جايغا، تاغ ـ تاشلارغا ئېيتىڭ. مۇشۇ جاي، ھاۋا ۋە دورا گىياھلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بولمىغان بولسا، ئىككىمىزنىڭمۇ جېنىغا ۋاي ئىدى، ــ دەپتۇ ئىبن سىنا.

ــ نېمىشقا شۇنداق؟ پىكرىڭنى ئوچۇقراق ئېيت، ــ دەپتۇ پادىشاھ.

ئىبن سىنا:

ــ بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى، شىپا بەخش سۇ ۋە گىياھى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇمىدىڭىز سىزنى ساقلاپ قالدى. بولمىسا سىز تۇزەلمەيتتىڭىز، ئۇنداق بولغاندا ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. يەنە سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز «پادىشاھىمىزنى ساقايتالمىدىڭ»، ــ دەپ تېرەمنى شىلىۋېلىشاتتى. سىزنىڭ ساقىيىشىڭىزغا مېنىڭ ھېچقانداق ياردىمىم بولمىدى. بۇيرۇڭ، راستىنى ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن مېنى نېمە قىلىشسۇن، ــ دەپتۇ.

ساقىيىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولغان پادىشاھ ئىبن سىنانىڭ راست سۆزلۈكى ئۈچۈن، بىر ئات بىلەن بىر قۇر سەرپاي ھەدىيە قىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۇمىد ئۈزۈلسە، ھايات يىپى ئۈزۈلىدۇ. ئۇمىدۋار بول.***

# ئىبن سىنا ۋە شاگىرتلار

ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنا كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاتتىق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئىبن سىنانىڭ شاگىرتلىرى، ئەڭ يېقىن دوست - بۇرادەرلىرى يىغىلىشىپتۇ. دوست - بۇرادەرلىرى ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ئۇلۇغ تېۋىپنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا ھەرىكەت قىلىشسا، شاگىرتلىرى ئۇستازىنى دورا بىلەن داۋالاشقا كىرىشىپتۇ.

ئىبن سىنا دوست - بۇرادەرلىرىگە رەھمەت ئېيتىپ، شاگىرتلىرىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي شاگىرتلىرىم، مېنىڭ كۈنۈم تۈگىگەندەك قىلىدۇ. شۇڭا مېنى داۋالايمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولماڭلار. كۈنۈم تۈگەپ ۋاپات ئەتسەم، يىغا - زار قىلىشىپ ئاھ ئۇرماڭلار. پەقەت ھېكىمگە دۇئا قىلىپ، ئاندا - ساندا قەبرەمنى زىيارەت قىلىپ قويساڭلار بولىدى. ئۇستاز ئالەمدىن ئۆتتى، ئەمدى تېبابەتچىلىك ئاقمايدۇ، دەپمۇ قايغۇرماڭلار. ئورنۇمغا بەش زور تېۋىپنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتىمەن، شۇ تېۋىپلارنىڭ مەسلىھەتىگە دائىم ئەمەل قىلىڭلار. باشقىلارنىمۇ شۇنىڭغا دەۋەت قىلىڭلار، — دەپتۇ.

ئىبن سىنانىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى:

— ئۇستاز، سىز ئېيتقان تېۋىپلار كىملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا ئىبن سىنا:

— مەن قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان زور تېۋىپلارنىڭ بىرى، تازىلىق؛ ئىككىنچىسى، پەرھىز؛ ئۈچىنچىسى، تەنتەربىيەدۇر ۋە قالغان ئىككىسى مىزاج بىلەن كەيپىياتتۇر. دائىم پاكىز، ئازادە بولۇش، كۆرۈنگەن نەرسىنى، يەنى تاماقنى كەلسە - كەلمەس يەۋەرمەسلىك، ئوپۇل - توپۇل ئوزۇقلانماسلىق، ئوزۇقلىنىشتا پەرھىز، ئۆلچەمنى بىلىش، ئىچىملىككە بېرىلمەسلىك، بەدەن ئەزالىرىنى ھەرىكەتسىز قويماسلىق، مىزاجنى ئۇنتۇماسلىق ۋە كەيپىياتنى ياخشى تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىش — مانا شۇ ئېيتقانلىرىمغا ئەمەل قىلىنسا كېسەل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ۋاقىتسىز ئۆلۈممۇ ئارقىغا چېكىنىدۇ.

***ھېكمەت:***

***ياشاش تەجرىبىسى مول كىشىلەر ھامانەم كۈنلىرىنى گۈللەر بىلەن پۈركەندۈرەلەيدۇ.***

# شەرەپلىك كەسىپ

مەشھۇر تېۋىپ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىر كىشىنى داۋالاپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى مىننەتدارلىقىنى ئىزھارلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— تېۋىپلار«كېسىلىڭگە داۋا يوق، كۆپ بولغاندا بىر ئايلىق ئۆمرۈڭ قالدى» دېيىشكەنىدى. ئۆلگەن بولسام ئالتە پەرزەنتىم يېتىم قالاتتى. سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە ساقىيىپ كەتتىم، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. قانداق خىزمىتىڭىز بولسا جان ـ دىلىم بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن. مىننەتدارلىقىمنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە مۇشۇ ئازغىنە سوۋغامنى ئالسىڭىز.

— سوۋغىڭىزنى ئالمايمەن. ئۆز ۋاقتىدا سىزمۇ ماڭا ياخشىلىق قىلغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلۇغ ھېكىم.

— ئەپۇ قىلغايسىز، بەلكىم مېنى باشقا بىرىگە ئوخشىتىپ قالغان ئوخشايسىز. نېمە ئۈچۈندۇر بۇرۇن سىز بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان ئەمەس ئىدىم. سىز ماڭا دورا ـ دەرمەك بېرىپ، بىرنەچچە كۈن ئاۋارە بولدىڭىز.

— سىز بىلەن سۆزلەشمىگەن بولساممۇ، سىزنى ياخشى بىلىمەن، سىز داڭقى چىققان باتۇر ئىسىملىك مىرشەپ ئەمەسمۇ، بىر ۋاقىتلاردا يېزا مىڭبېشىنىڭكىگە كېسەل كۆرگىلى كېتىۋاتقىنىمدا بازارغىمۇ كىردىم. ئۇ يەردە مەست ئىككى لۈكچەك مېنى ئۇرماقچى بولغاندا بىر سودىگەر ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى راسا بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزى قاياققىدۇر غايىب بولدى ھەتتا ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمنى ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم، شۇ پەيتتە مىڭبېشى يېتىپ كېلىپ «كۆڭۈلسىز ۋەقە يۈز بېرىپتۇ، رەنجىمەڭ»دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى لۈكچەكلەرنى ئۇرغان سودىگەر ئەسلىي باتۇر ئىسىملىك مىرشەپ، يەنى سىز بولۇپ چىقتىڭىز. سىز ئالاھىدە تاپشۇرۇق بىلەن خەتەرلىك جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش مەقسىتىدە سودىگەرلىك قىلىپ يۈرگەنىكەنسىز.

ئىككىنچى ۋەقەنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتەي، كېسەلنى داۋالاش مەقسىتىدە سەمەرقەنتكە كېتىۋاتقىنىمدا، يولدا ئىككى دەرۋىشنىڭ مېنى ئارقامدىن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. بىر ۋاقىتتا ئېتىم كېسەل بولۇپ ماڭالماي قالدى. شۇ چاغدا ئۇشبۇ دەرۋىشلەرنىڭ بىرى قاياققىدۇر غايىب بولدى، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ ئەتراپتىكى يېزا ئاقساقىلى ھېلىقى دەرۋىشنىڭ مۇھاپىزىتىدە ئات، سۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك كەلتۈردى. كېيىن بىلسەم، بۇ دەرۋىش سىز ئىكەنسىز.

— توغرا، خانىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن مەن ۋە شېرىكىم سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىنغاندۇق.

— يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمدەك، مەن سىزنى ئىككى خىل ھالەتتە، يەنە سودىگەر ۋە دەرۋىش قىياپىتىدە ئۇچراتتىم. يەنە سىزنىڭ ئەلچىنىڭ يارەمچىسى سۈپىتىدە چەت ئەللەرگە بارغانلىقىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم.

— بىزنىڭ كەسپىمىز شۇنداقكى،لازىم تېپىلسا سودىگەر، دېھقان، ھەدىكار، ماشال ۋە باشقا كەسىپتىكى كىشىلەر قىياپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەيمىز. بىراق، بىز ئۆز خىزمىتىمىزنى ناھايىتى مەخپىي تۇتىمىز.

— باتۇرجان، بەدىنىڭىزدىكى داغلار نېمىدىن پەيدا بولغان؟

— كېچىسى شېرىكلىرىم بىلەن كوچىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقىنىمىزدا، بىر ئۆيگە ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدۇق. مەن دەرھال كۆيۈۋاتقان ئىشىكنى چېقىپ كىرىپ، ئۆي ئىچىدىن ئىككى بالىنى قۇتقۇزۇپ چىققانىدىم، ئەنە شۇ چاغدا بەدىنىم كۆيۈپ جاراھەتلەنگەندى.

— بارىكاللا، سىز ھەقىقىي باتۇر ئىكەنسىز. بۇنداق ئىسمى — جىسمىغا لايىق كېلىدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس. مەن ئوردىدا ئەمەلدارلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. مىرشەپلەر ھەققىدە سۆز بولۇپ، ۋەزىر بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى:

— مىرشەپلەر دۆلىتىمىزنىڭ كۆز — قۇلىقى ۋە خەلقنىڭ تىنچلىق، بەخت — سائادىتىنىڭ پاسىبانلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساپ دىل، ئىرادىلىك ۋە سەزگۈر كىشىلەر بار. مەسىلەن: باتۇر ئىسىملىك مىرشەپ ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇ مىرشەپ ناھايىتى جاسارەتلىك ۋە مەرد. ئۇ ئۆز كەسپىگە شۇ دەرىجىدە ماھىركى، جىنايەتچىلەرنى خۇددى خېمىردىن قىلنى سۇغۇرغاندەك سۇغۇرۇپ، قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ بار جايدا جىنايەتچىلەر ئۆزلۈكىدىنلا غايىب بولۇشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق «مىرشەپ باتۇر خىزمەت ئۆتەيدىكەن، كوچىلاردا خاتىرجەم يۈرەلەيمىز، ئىشىكلەرگە قۇلۇپ ۋە تاقاق سالمايمۇ خاتىرجەم ياتالايمىز» دېيىشىپتۇ. مەن ئۆزۈممۇ مىرشەپ باتۇرسىز كېچىدە كوچىغا چىقمايمەن. مىرشەپلەردە بىر خۇسۇسىيەت باركى، ئۇ خۇسۇسىيەت باشقا ئەمەلدارلاردا كەمدىن — كەم ئۇچرايدۇ. ئۇلار جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشقاندا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. مەسىلەن: يېقىنقى تۆت يىلدا ئونچە مىرشەپ قۇربان بولدى. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، باشقا قايسى دۆلەت خىزمەتچىلىرى بۇنداق ئىشنى قىلالايدۇ؟ ئەكسىچە ئۇلار جىنايەتچىلەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، بارلىق نەرسىلىرىنى جىنايەتچىلەرگە بېرىپ، ئۆلتۈرمىسەڭلارلا بولدى، دەپ تىز چۆكىدۇ، ھەتتا بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن بىر ئەمەلدارنىڭ خوتۇنىنى تاشلاپ قاچقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.»

مەشھۇر تېۋىپ ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ۋەزىرنىڭ سۆزىنى مانا شۇ تەرىقىدە ئاياغلاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— مىرشەپلەر كىشىلەرنىڭ جېنىنى، نومۇسىنى ۋە مال — مۈلكىنى كۆز

قارىچۇقىدەك قوغدايدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنى جىنايەتچىلەردىن تازىلاپ، ئۇنى ساغلاملاشتۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن مىرشەپلەرنى جەمئىيەت تېۋىپلىرى، دەپ ھېسابلايمەن. كۆردىڭىزمۇ ئەزىزىم باتۇرجان؟! ئىككىمىز كەسىپداشمىز.

باتۇر مىرشەپ بايان قىلىنغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىرشەپلىق جەريانىدا چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىپتۇ.

ئومۇمەن، ئەبۇئەلى ئىبن سىنادەك بۇيۇك كىشىنىڭ باھاسى مىرشەپ باتۇرنى ھاياجانلاندۇرۇپتۇ ۋە كۆچمەك كۈچ قوشۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك كەسپى بىلەن پەخىرلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن ھوزۇرلىنىش ھەقىقىي ئاقىل كىشىلەرنىڭ بۇيۇك دەسمايىسى.***

## تېخىمۇ سەمىرىسۇن

بۇ ئىيلار ئەۋلادىدىن بولغان بىر مەشھۇر كىشىدە مالىخولىيا كېسەللىكى پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى بۇقا دەپ ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ. بىمار كۈندە تىنىماي بۇقىدەك ھۆركىرەيدىكەن ۋە كۆرگەنلا ئادەمگە: «مېنى سويۇڭلار، گۆشۈم شورپىغا ئىنتايىن باب!» دەيدىكەن. ئىش ئاخىر شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، بىمار ھېچ نەرسىنى يېمەس ـ ئىچمەس بولۇۋاپتۇ. تېۋىپلار ئۇنى داۋالاشقا ئاجىز كەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ۋەزىر ئىدى. شاھىنشاھ ئەلائۇددەۋلە مۇھەممەد ئىبن دۈشمەنزىيار ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تايىنىپ قالغان ۋە مەملىكەتنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويغان، بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭ رايى ـ تەدبىرىگە قاراپ ئەمەلگە ئاشۇرار ئىكەن. ھەقىقەتەنمۇ، ئارىستوتېل ۋەزىر بولغان ئىسكەندەردىن كېيىن، ھېچبىر پادىشاھنىڭ ئەبۇئەلى ئىبن سىناغا ئوخشاش ۋەزىرى بولغان ئەمەس!

ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ۋەزىر بولۇپ تۇرغان ۋاقىتىدىمۇ، ھەركۈنى سۇبھىدىن ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ «شىفا» كىتابىنىڭ ئىككى ۋارىقىنى يازاتتى. سۇبھى سادىق ۋاقتىدا كىيە رەئىس بەھمەنىياز، ئەبۇ مەنسۇر ئىبن زىلىلار، ئابۇل ۋاھىت جۇز جانىي، سۇلايمان رىمىشقى ۋە مەن، يەنى باكالىجارغا ئوخشاش شاگىرتلىرىنى قوبۇل قىلىغاچ تاڭ ئاتقاندا دەرس سۆزلەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئادا قىلاتتۇق.

ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ئۆيدىن چىققان ۋاقىتتا، مەشھۇر كىشىلەر ۋە ھاجەت ـ تەلەپ، ئەرز قىلىپ كەلگەنلەردىن مىڭلاپ ئادەم ئۇنىڭ سارىيى ئالدىدا توپلىنىپ تۇرغان بولاتتى. ئۇ ئاتقا مىنگەندە توپلانغان جامائەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ

دۋانغا يېقىنلىشىپ بارغاندا، ئاتلىقلارنىڭ سانى ئىككى مىڭغا يېتىپ قالاتتى. ئەبۇئەلى ئىبن سىنا پېشىنگىچە دۋاندا ئىشلەيتتى. ئۆيگە قايتقاندا داستىخان يېنىغا ئولتۇرۇپ كۆپچىلىك بىلەن تاماق يەيتتى، كېيىن ئازغىنە ھاردۇق ئېلىپ ئۇيقۇدىن تۇرغاندا نامازنى ئادا قىلىپ، شاھىنشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باراتتى. ناماز ئەسىرگىچە ئۇلار بىللە دۆلەتنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆھبەتتە بولاتتى. ئۇلار پەقەت ئىككى كىشىلا يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇچىنچى كىشى بۇ سۆھبەتكە قاتناشمايتتى. دېمەك، ئەبۇئەلى ئىبن سىنانىڭ بىردەقىقىمۇ بوش ۋاقتى بولمايتتى.

شۇنداق قىلىپ تېۋىپلار ئاشۇ بىمارنى داۋالاشقا ئاجىز كەلگەچكە، ئۇلۇغ ھۆكۈمدار شاھىنشاھ ئەلا ئۇددەۋلەگە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىشتى ۋە ئىلتىماس قىلىپ، ۋەزىرنى ئاشۇ يىگىتنى داۋالاشقا كۆندۈرۈشنى سوراشتى. ئەلائۇددەۋلە بۇ ھەقتە ۋەزىرگە ئېيتقانىدى. ۋەزىر ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇئەلى ئىبن سىنا كىشىلەرگە: «بېرىڭلار، قاسساپ سېنى سويغىلى كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىڭلار!» دەپ بۇيرىدى. يىگىتكە شۇنداق دەپ خەۋەر بەرگەندە ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ئاتقا مىنىپ بىمارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىككى كىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپ، يېنىدىن پىچاقنى چىقاردى دە: «سويىدىغان بۇقا قەيەردە؟» دەپ سوردى. بىمار يىگىت گويا «مەن مۇشۇ يەردە» دېگەندەك قىلىپ ھۆركىرىدى. ئىبن سىنا: «پۇت ـ قولىنى باغلاپ، ئوتتۇرىغا ياتقۇزۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان بىمار يۈگۈرۈپ، ھويلا ئوتتۇرىسىغا باردى ـ دە، ئوڭ تەرىپىنى قىلىپ ياتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلاشتى.

ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پىچاقنى بىلىدى. قاسساپلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئولتۇرۇپ، قولى بىلەن بىمارنى تۇتۇپ باقتى ـ دە: «ئەھا، بۇ بۇقا ئىنتايىن ئورۇقۇقۇ! سويۇشقا ئەرزىمەيدۇ، كۆپرەك ئوت بېرىڭلار، سەمرىسۇن!» دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ ئادەملەرگە: «قول ـ پۇتىنى يېشىپ، مەن ئېيتقان يېمەكلىكلەردىن ئالدىغا قويۇڭلار ـ دە، يە، تېزرەك سەمرىسۇن، دەپ ئېيتىڭلار!» دېدى.

كىشىلەر ئىبن سىنانىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىشتى. ئۇنىڭ ئالدىغا تاماق ئەكەلسە بىمار توختىماي يېيەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىبن سىنا بۇيرۇغان شەربەت دورىلىرىنى ئالدىغا قويۇپ: «ياخشى يەپ ـ ئىچ! بۇ نەرسىلەر بۇقىنى سەمرىتىدۇ!» دېيىشەتتى. بىمار ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىغا قۇلاق سالاتتى، تېزرەك سەمرىسەم ئاندىن مېنى سويىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە رەت قىلماي ئىستېمال قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ كىشىلەر ئەبۇئەلى سىنانىڭ دەستۇرى بويىچە داۋالاشنى داۋام ئەتكۈزۈۋەردى. بىمار بىر ئاي ئىچىدە ئۆزىگە كېلىپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى.

***ھېكمەت:***
***يۈكسەك ماھارىتى ۋە ئۆتكۈر ئىدراكى بولمىغان كىشى ھېچقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ!***

## غايىبتىن كەلگەن بەخت

باغدادلىق بىر يىگىتكە ئاتىسىدىن زور مىقداردا مال ـ مۈلۈك مىراس قاپتىكەن، لېكىن ئۇنى بۇ يىگىت ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. ئۆزى تەس كۈنگە قاپتۇ. خېلى ۋاقىتلارغىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي، گاڭگىراپ يۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئىلاج قالماي، دەجلە دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ، دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېيىق توختىغانىكەن. قېيىقچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يىگىتنى سۇدىن سۇزۇۋاپتۇ.

ــ نەگە بارماقچى ئىدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ يىگىتتىن ھېلىقى قېيىقچى.

ــ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن، ــ دەپتۇ ھېلىقى يىگىت.

قېيىقچى پاراسەتلىك ئادەم ئىكەن، ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ يىگىت يا بىر ھىيلىگەر، يا مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ياكى بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولۇشى كېرەك» ـ دەپتۇ ـ دە، يىگىتكە:

ــ ھەي يىگىت! ئۆز ئەھۋالىڭنى ماڭا تارتىنماي ئېنىق سۆزلەپ بەر، ــ دەپتۇ.

يىگىت مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىلاجسىز قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ــ غەيرەتلىك بول، يىگىت، ــ دەپتۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ قېيىقچى، ــ سېنى بۇ دەجلە دەرياسىنىڭ ئۇ چەت قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، ئۇ يەردە خۇدا ئىشىڭنى ئوڭلاپ قويسا ئەجەب ئەمەس، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قېيىقچى ئۇنى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. يىگىت ئۇ يەردىن شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن بىر مەسچىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەرگە تۇمەنلىگەن ئادەملەر يىغىلغانىكەن. يىگىت ئۇدۇللا مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. خەلق بۇ يەرگە خەلىپىنىڭ ھەرىمىدىكىلەردىن بىرىسىنى ساراي خىزمەتچىسىگە نىكاھ قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلىشقانىكەن. نىكاھ مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغانلارنىڭ بىر تاۋاقتىن تىللا تارقىتىپ بېرىپتۇ. تاۋاقلارغا مۇشكى ئەنبەر سېپىلگەنىكەن. لېكىن يىگىتكە ھېچكىم كۆز قىرىنىمۇ سالماپتۇ. خىزمەتكارلاردىن بىرى بۇ ئەھۋالنى خەلىپىگە مەلۇم قىلىپ:

www.uyghurkitap.com

— ئىماملار ۋە ئۆلىمالار ئارىسىدا توي سوۋغىتىغا لايىق بىر يىگىت ئولتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— ھە، ئۇنىڭ ئىسمى تىزىملىكتە كىرگۈزۈلمىگەنمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەئمۇن.

— ھەئە، — دەپتۇ خىزمەتكار، — كىرگۈزۈلمىگەنىكەن. چۈنكى تىزىملىك تۈشۈپ قالغانىكەن.

— قېنى، ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلارچۇ، — دەپتۇ مەئمۇن[①] خىزمەتكارغا، — پادىشاھ ۋە خەلىپىلەرنىڭ سارىيىغا چاقىرىلمىغان ئادەمنىڭ كىرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەمدىكەن؟

يىگىت ئۇ خىزمەتكارغا دەپتۇ:

— ياق، ئۇقمايدىكەنمەن. بۇرۇن بۇنداق ئىشنى كۆرۈپمۇ باقماپتىمەن.

مەئمۇن ئۇنى يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ:

— سېنى بۇ يەرگە بىرەرسى چاقىرغانمىدى؟ — دەپتۇ.

— ياق، ئۇلارنى چاقىرىشقانىكەن، — دەپتۇ يىگىت تويلۇق سوۋغاتتىن بەھرىمەن بولغانلارنى كۆرسىتىپ.

— بىزنىڭ خىزمەتكارلىرىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خەلىپە.

— ھە، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى كۆردۈم، سارايلىرىغا كىرىش ماڭىمۇ نېسىپ بولغانىكەن، كىرىپ قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

يىگىتنىڭ دادىللىقى ۋە ساپ دىللىقى خەلىپىگە يېقىپ قاپتۇ.

— بۇ يىگىتنىمۇ ئالاھىدە مېھمانلار تىزىملىكىگە تىركەپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ ئۇ خىزمەتكارغا.

***ھېكمەت:***

***بەزىدە ئويلىمىغان يەردىن قىلىپ قويغان بىر ئىشىڭ ساڭا ئامەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس.***

---

① مەئمۇن — ھارۇن رەشىدنىڭ ئىرانلىق كېنىزىكىدىن بولغان ئوغلى. ئۇ ئاتىسىدىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ۋە مىلادىيە 813 — يىلىدىن 833 — يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئىلىم — پەنگە ھامىيلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

# ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا

سەرەخسلىك[1] سەئىد ئىبنى ناسىر دېگەن ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى ئەۋىن، ئوتتۇرانچىسىنىڭ سۇلەمە، كىچىكىنىڭ ئىبراھىم ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبراھىم ھەممىسىدىن باي ئىكەن. ئەۋىننىڭمۇ قول ئىلكىدە خېلى مال ـ دۇنياسى بار بولۇپ، سۇلەمە ئەڭ كەمبەغەل، كۆك نامرات ئىكەن. ئۇنىڭ بارغانچە بالا ـ چاقىسى كۆپىيىپ، جان باقمىقى تەس كۈنگە قاپتۇ. ئۇ ئىلاج قىلالماي، ئاكىسى ئەۋىنگە ئۆز ھالىنى ئېيتىپ:

ــ ئاكا، ئىنىم ئىبراھىم ئۆز ئالدىغا خاتىرجەم، باياشات كۈن كۆرۈپ ئۆتۈۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇ مېنى ئۆز خىزمىتىگە قوبۇل قىلىپ، ياتلارغا قانداق ئىش ھەققى بەرسە، ماڭىمۇ شۇنىلا بەرسە، شۇنىڭغا رازى بولۇپ، ياخشى ئىشلەپ، خىزمىتىنى قىلىپ، مەنمۇ كۈنۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەر ئىدىم، ــ دەپتۇ. ئەۋىن ئىنىسى سۇلەمەنىڭ ئىلتىماسىنى ئىبراھىمغا يەتكۈزۈپتۇ. ئىبراھىم ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز خىزمىتىگە ئاپتۇ. سۇلەمە بۇ يەردە جان ـ دىل بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپتۇ.

بىر كۈنى ئەۋىن خەلىپە مۇتەۋۋەككىلنىڭ[2] نايىبى (ئورۇنباسارى) ئەمىر يۇسۇپ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. گەپ ئارىسىدا ئەمىر يۇسۇپ «ماڭا بىر توغرا نىيەتلىك، ھالال خىزمەتكار لازىم بولۇپ قالدى»، دەپتۇ.

ــ مېنىڭ بىرسىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلمايدىغان بىر ئىنىم بار، ــ دەپتۇ ئۇنىڭغا.

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ بار! ــ دەپتۇ ئەمىر يۇسۇپ.

ئەۋىن سۇلەمەنى ئەمىر يۇسۇپنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەمىر ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، كىچىكرەك بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەمىر يۇسۇپ پۇلنى سانىماي خىراجەت قىلار ئىكەن. ھېساب ـ كىتاب بىلەنمۇ كارى بولمايدىكەن. كۆپ ئۆتمەي كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى سۇلەمەنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىقىم تېجىلىپ، كىرىم ئېشىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر يۇسۇپنىڭ سۇلەمەگە مېھرى ئېشىپ، ئۇنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ.

سۇلەمە ئەنە شۇنداق سادىقلىق بىلەن ئەمىر يۇسۇپنىڭ خىزمىتىنى كۆپ يىللار قىپتۇ. كۆپلىگەن چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپتۇ. ئەمىر يۇسۇپنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئېتىقادى بارغانچە ئۆرلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭمۇ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، خېلى بېيىپ قاپتۇ. مەرتىۋىسىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ.

---

①ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان، خوراسانغا قاراشلىق ۋىلايەت.

②مۇتەۋەككىل ـ ئابباسىيلار سۇلالىسىگە تەۋە خەلىپە (847 ـ 861).

بىر كۈنى مۇتەۋەككىل ئەمىر يۈسۈپ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— پەرزەنتلىرىمنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇلارغا تېگىشلىك مىراسلىرىنى بۆلۈپ بېرىپ، بىرەر ئىشەنچلىك ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ تېپىنالەيلا قويسام دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ.

ئەمىر يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ:

— قۇللىرىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە سادىق بىر ئادىمى بار، — دەپتۇ ئۇ خەلىپىگە.

ئەمىر يۈسۈپ خەلىپىگە سۈلەمەنى تەرىپلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى مۇتەۋەككىلنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەپتۇ. مۇتەۋەككىلنىڭ ئەللىك ئوغلى ۋە ئەللىك قىزى بار ئىكەن. ئوغۇللىرىدىن ھەربىرىگە ئۈچ يۈز مىڭ دەرھەمدىن، قىزلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىر يۈز ئەللىك مىڭ دەرھەمدىن مىراس بۆلۈپتۇ. ئۇلارنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى سۈلەمەگە تاپشۇرۇپتۇ.

***ھېكمەت:***
***قېرىنداشلار ئىناقلىقى مىراس داۋاسىدىن خالىي قىلىدۇ. مىراس قالدۇرۇشنى ئويلىما، ئادىمىيلىكنى مىراس قالدۇرساڭ شۇ كۇپايە.***

## ھەسەتخورنىڭ جازاسى

«خۇلۇقۇل ـ ئىنسان» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەنىكەن: بىر ھەسەتخور ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر مۆمىن ۋە تەقۋادار قوشنىسى بار ئىكەن. ھەسەتخور ئۇ قوشنىسىنى كۆرەلمەيدىكەن، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ھەسەت ئوقى قوشنىسىنى نىشانغا ئالالمايدىكەن. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىنى ئالداپ ـ سالداپ ئىشقا سېتىپتۇ.

— بىلىپ قوي، — دەپتۇ ئۇ بىر كۈنى خىزمەتكارىغا، — قوشنام تولىمۇ چىشىمغا تەگدى، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇندۇم، لېكىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئۇنىڭ دەستىدىن خاتىرجەملىكىمنى يوقاتتىم. تۇرمۇشۇم تۇرمۇشقا ئوخشىماي قالدى. سەن مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قورۇسىغا ئېلىپ چىقىپ قوي. ئەتە ئەتىگەن خەلقلەر مېنى ئۇنىڭ ھويلىسىدا كۆرۈشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ پالاكەتكە قالىدۇ. مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىدۇ. شۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى تولۇق ئازاد قىلىمەن. ئازاد بولغانلىقىڭ ھەققىدە ئىسپات خېتىڭنىمۇ يېزىپ بېرىمەن. ئەللىك دىنار پۇلمۇ بېرىمەن، كېيىن بۇ شەھەرنى تاشلاپ باشقا شەھەردىن ماكان تۇتقىن.

خىزمەتكارى دەپتۇ:

— ئەي، غوجام! ئەقىللىق ئادەم بۇنداق ئىش قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا شۇنچە ھەسەت ـ ئۆچمەنلىك قىلىپ نېمە تاپىسەن؟

لېكىن خىزمەتكارنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن

ئاچچىقى كېلىپ، غوجايىنىنىڭ بېشىنى شارتتىدە كېسىپ ئاپتۇ ۋە قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپتۇ. ئەتىسى ئۇ بۇ شەھەرنى تاشلاپ ئىسپاھان دېگەن شەھەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. قوشنىسىنى بولسا، قاتىللىقتا ئەيىبلەپ، ئۇنى ھەپسىگە ئاپتۇ. لېكىن كۆپ ئۆتمەي، ياخشى ئادەملەرنىڭ كېپىللىكى بىلەن ئاقلىنىپ ئازاد قىلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەسەت ئوتى تۇتاشقان تەن ھامان ئۆزىنى كۆيدۈرىدۇ.***

## ھەسەتنىڭ ئاقىۋىتى

ئۇلۇغ بىر پادىشاھنىڭ ئەبۇ تەمەم دېگەن بىر پەزىلەتلىك ۋە دانا ۋەزىرى بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ يېقىن مۇلازىملىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ئۆزىگە قەست قىلىشىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقتىن، بىر كۈنى كېچىسى پەيت كۈتۈپ، ئۆز مال ـ مۈلكىدىن ئۆزى كۆتۈرەلىگۈدەك ئېلىپ، ئۇ شەھەردىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇزۇن يول كېسىپ، ئالان دېگەن مەملىكەتكە بېرىپ قاپتۇ. بىر تاغنىڭ يانباغرىغا چېدىر تىكىپ، شۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ ئورۇنلىشىپتۇ. بارا ـ بارا ئۇنىڭغا ئالان مەملىكىتىنىڭ ھاۋاسى، سۇزۇك سۇلىرى يېقىپ قاپتۇ. ئادەملىرى بىلەن چىقىشىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇ تەمەمنىڭ تەرىپى ئۇ شەھەرگىمۇ تارقىلىپتۇ. بۇنىڭدىن ئالان پادىشاھى خەۋەر تېپىپتۇ.

ــ يۇرتىمىزدا ئۇلۇغ بىر زات پەيدا بولدى، ــ دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈشۈپتۇ.

پادىشاھ ئەبۇ تەمەمنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. بۇرۇن پادىشاھلار خىزمىتىنى كۆپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ھېچقانداق ئەندىشە قىلىپ كەتمەيلا ئوردىغا بېرىپتۇ. ئالان پادىشاھى ئۇنى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ ۋە ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپ قىپتۇ.

ئەبۇ تەمەمنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالان پادىشاھلىقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ، ئابروي ـ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشمەي، ئىش قىلمايدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ئەبۇ تەمەم پادىشاھقا ئەرز قىلىپتۇ:

ــ مەن بىر بىچارە ئادەم. سىلى بولسىلا، ھەزرىتى ئالىيلىرى، مەندەك بىر ئادەمگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىلتىپات قىلىۋاتىلا، باشقىلار بۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئاخىرىدا ئاداۋەتچىلەر ئارىسىدا قالارمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن.

ــ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايلى، ــ دەپتۇ پادىشاھ.

ئەبۇ تەمەم بۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولۇپتۇ ۋە خىزمىتىنى ئىشلەۋېرىپتۇ. پادىشاھ بولسا ئۇنىڭغا تولىمۇ مۇلايىم ۋە مەرھەمەتلىك مۇئامىلىدە بولۇپتۇ. بىر مەزگىل

ئۆتكەندىن كېيىن ئوردىدا مۆشەيىپىر دەيدىغان بىر ئادەم پەيدا بوپتۇ. پادىشاھنىڭ تۆت ۋەزىرى بولۇپ، مۆشەيىپىر ئۇلارغا باشلىق ئىكەن. مۆشەيىپىر ئەبۇ تەمەمگە ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ بولسا تامامەن ئەبۇ تەمەمنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەن. بۇنى كۆرۈپ مۆشەيىپىرنىڭ قالتىس غەزىپى ئۆرلەپتۇ. ئاخىرى ئۇ ۋەزىرلەر بىلەن كېڭىشىپ بىر قىلىپ، ئەبۇ تەمەمنى غۇلىتىشقا قارار قىلىشىپتۇ.

تۈركىستان خانىنىڭ گۈزەل ھەم ئەقىللىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئەتراپتىكى كۆپلىگەن پادىشاھ، خانلىقلار ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر كىرگۈزۈشكەنىكەن، لېكىن ھېچقايسىسى مەقسىتىگە يېتىشەلمەي، ئوتتۇرىدا كۆپلىگەن ئەلچىلەرنىڭ بېشى كېسىلگەنىكەن. مۆشەيىپىر ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بۇ قىزنىڭ بۇنداق ئەھۋالىدىن پايدىلانماقچى بولۇشۇپ، پۇرسەت تېپىپ، پادىشاھقا تۈركىستان خانىنىڭ قىزى توغرۇلۇق گەپ قىلىشىپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىشىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ ئۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ئىشقىدا بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ بۇ ھەقتە مەسلىھەت ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.

— بۇ كۆڭۈل ئارزۇيۇمنىڭ ھەل بولۇشى ۋە ئاشۇ مەھبۇبەنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنىڭ قانداق چارە - تەدبىرلىرى باردۇر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىرلەر بىر ئېغىزدىن:

— تۈركىستان خانىنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قىزىنى سورىتىڭ. ئېھتىمال رازىلىق بېرەر. بىز ئويلايمىزكى، تۈركىستان خانى ئالان پادىشاھى بىلەن قۇدا بولۇشتەك شەرەپتىن خۇش بولغۇسى، غايىبتىن كەلگەن بۇ بەختنى غەنىيمەت بىلىپ، قىزىنى بېرىشكە رازى بولار.

— ئەلچىلىككە كىم لايىق كېلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇ ئىشتا ھېچكىم ئەبۇ تەمەمنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ، — دەپتۇ ۋەزىرلەر بىردەك، — ئۇ كىشى پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە كۆپ بولغان، ئەدەپ ۋە مۇئامىلە يولىنى ياخشى بىلىدۇ.

بۇ پىكىر پادىشاھقا يېقىپتۇ. ئەبۇ تەمەمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىنى دەپتۇ. ئەبۇ تەمەم تازىم بىلەن دەپتۇ:

— جېنىم پىدا بولغاي، شاھىمنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى باش ئۈستىگە قويۇپ ئورۇندايمەن.

پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن سەپەر جابدۇقلىرى تەييارلىنىپتۇ. ئەبۇ تەمەمنى زور سوۋغاتلار بىلەن تۈركىستان خانىنىڭ ئالدىغا يولغا ساپتۇ.

تۈركىستان خانى ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ، زىياپەت ئۈستىدە ئۇنىڭغا خان ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپتۇ. ئەبۇ تەمەم ئۆز پادىشاھىنىڭ سوۋغا - سالاملىرىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ



www.uyghurkitap.com

كېلىش مۇددىئاسى ھەققىدە سۆز ئېچىپتۇ.

— مېنىڭ ئۈچۈن ئالان پادىشاھى بىلەن قۇدا بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولۇشتىن ئارتۇق بەخت بارمۇ؟ — دەپتۇ خان. — ئۇ بىر ئۇلۇغ پادىشاھ، مەملىكىتى بىپايان. بىز رازى، لېكىن بىزنىڭ بىر ئادىتىمىز بار. ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ قىزنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر، ئاندىن ئۆزۈڭ كېڭەشىپ، بىر نېمە دېگىن، مۇبادا شاھىڭغا لايىق كۆرسەڭ، ئاندىن دۇئايىمىزنى بېرەيلى، ياقمىسا، ئىلاجىمىز يوق. كېيىن پۇشايمان ۋە نادامەتكە ئورۇن قالمىغاي.

ئەبۇ تەمەم تەزىم بىلەن دەپتۇ:

— ئۇ كەرىمە ئۆزلىرىنىڭ پۇشتى كەمەرلىرىدىن پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، خان ئەۋلادى. مەن ئۆز پادىشاھىمگە خىزمەتكارمەن، ئۆزلىرىنىڭ ھەرەملىرىگە مۇناسىپ ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇ تۇرغان ئۆينىڭ سايىسىگە نەزەر سېلىشمۇ زور گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

خان ئەبۇ تەمەمنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئەخلاق - ئەدەپ، قائىدە - يوسۇنلىرىغا قايىل بوپتۇ.

— خۇداغا شۈكرى، پادىشاھىڭنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، سېنىڭدەك ئەدەپلىك خىزمەتكارنى تەربىيەلەپتۇ. ھەقىقىي سىرىمنى ساڭا دەي، سەندىن بۇرۇن كەلگەن ئەلچىلەر مېنىڭ بۇ سىنىقىمدىن ئۆتۈشەلمىدى. مەلىكىنى كۆرۈشكە رازى بولۇشۇپ، بېشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتى. سېنىڭدە بۇنچىلىك ئەدەپ ۋە ھۆرمەت نەمۇنىلىرىنى كۆرۈپ، پادىشاھىڭنىڭمۇ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلىمالار ۋە قازىنى چاقىرتقۇزۇپ، مەلىكە بىلەن ئالان پادىشاھىنىڭ نىكاھىغا پاتىھە بېرىشىپتۇ. ئەبۇ تەمەم مەلىكىنى ئالانغا ئېلىپ كەپتۇ...

پادىشاھ بىلەن ئەبۇ تەمەمنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇنى كۆرۈپ ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە بىر يېڭى ھىيلە - نەيرەڭنى ئويلاپ تېپىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ پۈتلىرىنى ئۇۋۇلاپ، تۇتۇپ قويىدىغان ئىككى نەپەر تۈرك غۇلامى (خىزمەتكارى) بار ئىكەن. ۋەزىرلەر ئۇلارنى ئىشقا سېپتۇ. «ئەبۇ تەمەم ئەسلىدە تۈركىستان خانىنىڭ قىزىغا ئۆزى ئاشىق بولۇپ قاپتىكەن» دېگەن گەپنى ئۆگىتىپتۇ. غۇلاملار بىر كۈنى كەچقۇرۇن پادىشاھنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاپ تۇتىشىۋېتىپ، پادىشاھقا مۇنۇ سۆزنى ئاشكار قىلىپتۇ:

— ھەي ئاغىنە، — دەپتۇ غۇلاملاردىن بىرى شېرىكىگە، — ئاڭلىدىڭمۇ ئاۋۇ تۈزكور ئەبۇ تەمەم شاھىمىزنىڭ ھالال جۈپتىگە خىيانەت قىپتۇ. يېقىندا ئۇ بىر ئادەمگە دەپتۇ: «ئەگەر تۈركىستان ھاكىمىنىڭ قىزى مېنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قالمىغان بولسا، ھەرگىز يۇرتىنى تاشلاپ بۇ يەرلەرگە كەلمىگەن بولاردى»، پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئۆزىگە ئۆزى: «مۇبادا بۇ گەپلەرنى مەنسەپدارلىرىمدىن ئاڭلىغان

بولسام، ھەسەتخورلۇقتىن تاپقان گەپ دەپ قوياتتىم. غۇلاملارنىڭ ئەبۇ تەمەمگە قانداق ھەسەت ـ ئۆچمەنلىكى بولۇشى مۇمكىن؟» دەپتۇ. پادىشاھ كېچىچە كىرپىك قاقماي قىينىلىپ چىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىگەندە ئەبۇ تەمەمنى چاقىرىپتۇ.

— ئەگەر پادىشاھ بىرەر كىشىنىڭ بېشىنى سىيلىسا، تۇرلۇك ئىنئاملار بىلەن تەقدىرلەپ تەربىيەلىسە، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرسە، ئەمما ئۇ ئادەم ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلغۇچىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىگە خىيانەت قىلىپ، ئۇنى يەرگە قاراتسا، ئۇنداق ئادەم قانداق جازاغا لايىق؟ — دەپتۇ ئەبۇ تەمەمگە تىكىلىپ تۇرۇپ پادىشاھ.

— بۇنداق ئادەمنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن روھى زېمىن ناپاكلارنىڭ بىرىدىن تازىلىنىدۇ، — دەپتۇ ئەبۇ تەمەم.

پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئەبۇ تەمەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ مەلىكىدىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ئىلتىپات قىلمىناپتۇ.

لېكىن پادىشاھ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن غەلىتە بىر ۋەقەنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى كېچىسى ئۇيقۇسى قېچىپ تاشقىرىغا چىقىپتۇ. ساراي ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئىككى تۈرك غۇلامنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ ئىچىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار بىر خالتىدىكى ئالتۇن پۇللارنى بۆلۈشۈۋېتىپ، ئۆزئارا جېدەللىشىپ قېلىشقانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى دەپتۇ:

— ئۇ گەپنى مەن پادىشاھقا دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالتۇننىڭ كۆپى مېنىڭ بولۇشى كېرەك.

— ياق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — قەلئەنى ئالغانمۇ، لەشكەرنى يوقاتقانمۇ سەن ئەمەس. ماڭا ئاشۇ تۆھمەت گەپنى ئېيتىپ قانچىلىك شۆھرەت قازاندىڭ؟!

پادىشاھ بۇ ئىككى غۇلامنىڭ جېدىلىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆتۈلگەن ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ھەيۋە قىلىپ سوراق قىلىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئىقرار بولۇشۇپتۇ.

— بۇ گەپنى بىزگە ۋەزىرلەر ئۆگەتكەنىدى، — دەپتۇ ئۇلار تۇۋا قىلىشىپ.

***ھېكمەت:***
***ھەسەتخورنىڭ قولىدىن دوزاخ، تىلىدىن قىيامەت ئاپىرە بولىدۇ. (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن)***

## ئەمەلگە ئاشمىغان پەرمان

ناسىر ئىبنى سامانىي زامانىدا بۇخارادا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ناسىر ئىبنى سامانىي بىلەن بىر كوچىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قوشنا ئولتۇرىدىكەن. سودىگەرنىڭ ئۆزى تەمبەل ئەمما نادان بىر ئوغلى بار بولۇپ، ناسىر ئىبنى ئەھمەد بەزىدە ئاتلىنىپ كوچىغا چىقىپ قالسا، ئۇنى كۆرۈپ ھەۋەسى كېلىدىكەن ۋە بۇ ئەمىر كۆزدىن غايىب

بولغۇچە ئارقىسىدىن قاراپ زوقلىنىدىكەن.

ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، قالغان مىراس مال ـ مۈلكىنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە يەپ ـ ئىچىپ تۈگىتىپتۇ. قالغان ئازراق پۇلىغا ئات ۋە ئىككى خىزمەتكار ـ غۇلام سېتىۋاپتۇ. ئۇ بەزى ـ بەزىدە ئاتلىنىپ شەھەر ئايلىنىدىكەن، قايتىپ كېلىپ شارابخورلۇق قىلىدىكەن. غۇلاملىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، نېمە خىزمەتكە بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدىكەن. شۇ تەرىقىدە ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىككى خىزمەتكارى بىلەن ئېتىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر خىزمەتكارلاردىن بىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپتۇ. قولىغا كىرگەن بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا بىر ئېشەك سېتىپ ئاپتۇ، قالغىنىنى ئۆز تىرىكچىلىكىگە خىراجەت قىپتۇ. كۈنى قېيىن شارائىتتا ئۆتىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، شەھەر ئارىلاشنى تاشلىماپتۇ. ناسىر ئىبنى ساماني كوچىغا چىقتى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەن ئۇمۇ ئېشىكىنى مىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىكەن. ئۆيىگە قايتىشى بىلەنلا، يەنە شارابخورلۇقنى قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ شاراب ئىچىپ ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىز كوچا تەرەپتىن ۋاڭ ـ چۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

— بۇ نېمە ۋاڭ ـ چۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆي خىزمەتچىسىدىن.

— ئەمىر ناسىر ئىبنى ئەھمەد ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خىزمەتكار.

سودىگەرنىڭ ئوغلى خېلىلا كەيىپ بولۇپ قالغانىكەن، «ماڭ، بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەل!» دەپ بۇيرۇپتۇ خىزمەتچىسىگە.

— يا ئاللا! بۇ گەپنى ئويلاپ دەۋاتامدىلا ياكى... — دەپتۇ ھەيران بولۇپ خىزمەتكار.

— ماڭ، دېگەندىن كېيىن ماڭ! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ غوجايىن. خىزمەتكار «خوپ، بولىدۇ» دېگىنىچە تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

غوجايىن خىزمەتكار چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۆزى گاراڭ ھالدا داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە بايۋەچچە بىر ئاز ھوشىغا كېلىپ، خىزمەتكارىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— ئاخشام مەسلىكتە ساڭا نېمىلەرنى دېدىم؟

— ناسىر ئىبنى ئەھمەد سامانىينىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇغاندىلا.

— سەن قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ غوجايىن ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا.

— مەستلىكتىن شۇنداق دەۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇقتۇم. كېيىن يانا پۇشايمان يەپ قالمىسۇن، دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمىر پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلمىدىم، — دەپتۇ

خىزمەتكار.

— ياخشى قىپسەن، — دەپتۇ غوجايىن ئەقلىنى تېپىپ. — چۈنكى ئۇ ئادەم مېنىڭ يان قوشنام ئىدى.

***ھېكمەت:***
***كۆڭۈلگە كەچكەننىلا قىلمەن دېمە، ئاقىۋىتىنى ئويلا، پۇشايمان يېنى نابۇت قىلمىسۇن.***

## سۈنىڭ پۇلى — سۇغا كەتتى

بەسىرلىك بىر ئادەمنىڭ ئازراق سېغىن قويلىرى بار ئىكەن. لېكىن ھەر كۈنى سېغىپ قويغان سۈتنىڭ بىر قىسمىنى كېچىسى شەپەرەڭلەر ئىچىۋالىدىكەن. قوي ئىگىسى بولسا قالغان سۈتكە سۇ قوشۇپ، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. بىر كۈنى قويلارنى باققۇچى بۇ ئادەمگە: «ھەي، غوجايىن، بۇنداق قىلما، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ» — دەپتۇ. لېكىن ئۇ غوجايىن قۇلاق سالماپتۇ. سۈتكە سۇنى قوشۇپ سېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى قويلار تاغ باغرىدا ئوتلاۋاتسا، تۇيۇقسىزلا قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىلا تاغ - جىرالاردىن سەل يامراپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ، ئاخىرى بۇ سەل ئۇلغىيىپ، ئوتلاۋاتقان قويلارنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قويچى قىشلاقتا قۇرۇق قول ئۆزىلا ئاران قايتىپ كەپتۇ. غوجايىن ئۇنىڭدىن قويلىرىنى سۈرۈشتۈرسە، قويچى: «سۈتكە سەن قوشقان سۇلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، سەلگە ئايلاندى - دە، قويلىرىڭنى ئېقىتىپ كەتتى» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***سەمىمىي بول، سەمىمىيلىكتە ھايات گۈلى پورەكلەيدۇ.***

## خىزمەتكار كۆندە ئەمەس، كۆندە كېرەك

ئەلى مۇقاتىل دېگەن ئادەم تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە قىلىدۇ:

يىگىتلىكىم ئەمدىلا باشلانغان چاغلىرىدا ھادىنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەھرەمى ئەسرار (سىرداش) بولدۇم. بەختكە قارشى ئۇ خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان كۈندىن باشلاپلا مېنى يېنىغا يولاتماي قويدى. بىر مەزگىل ھەسرەت چېكىپ يۈردۈم. بىر كۈنى «خەلىپە چاھار باغقا بارغۇدەك» دېگەن خەۋەر تارقالدى. مەن كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا ئۇنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ مەن تۇرغان كوچىدىن ئۆتتى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ سالام بەردىم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم:

— مەن سىلىنىڭ بۇرۇنقى قۇللىرى ئەلى مۇقاتىل بولىمەن، — دېدىم.

— ھە، سېنى كۆرۈپ تونۇدۇم، — دېدى ـ دە، باشقىچە گەپ ۋە ئىلتىپاتمۇ قىلماي، ئېتىنى قامچىلاپ كېتىپ قالدى.

بولغان ۋەقەنى نەۋقەلگە دېدىم.

— پادىشاھلارنىڭ ئادىتى شۇكى، سەلتەنەت تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەمسۆھبەت خىزمەتكارلىرىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، — دېدى ئۇ.

***ھېكمەت:***

***«پادا باققاندا دوست ئىدۇق. پاچاق چاققاندا ئايرىلدۇق» دېگەن ھېكمەتنىڭ ئېغىزىغىدىن چىقماسلىقى ئۈچۈن، دوستلار بىلەن جاپادىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغىن.***

## ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى

جاھان كەزدى سەيياھلاردىن بىرى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتتى: يىگىتلىك ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىمگە تولغان چاغلىرىمنىڭ بىر كۈنى يالغۇز يولغا چىقتىم. يول تۇسار بۇلاڭچىلاردىنمۇ گەندىشە قىلمىدىم. ئۇزۇن يولنى بېسىپ، بىر چاغدا كۆلگە جايلاشقان بىر قونالغۇ ئالدىغا بېرىپ قالدىم. سارايۋەن ئەپتىدىن ناپاك، خۇنخور ئادەمدەك تۇيۇلدى. ئۇ دائىم يالغۇز كەلگەن يولۇچىلارغا ياتىدىغان ئۆي، ئېتىغا يەم ـ خەشەك بېرىدىكەن، ياخشى مېھمان قىلىپ ياتقۇزۇپ، تۈن يېرىمى بولغاندا ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىكەن. ئۇ ماڭىمۇ زور ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۆزۈمگە ياتىدىغان ئۆي، ئېتىمغا يەم ـ خەشەك بەردى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، «شارابقا مەيلىڭىز قانداق؟» ـ دەپ سورىدى. مەن «مەيلى، ھەزمى تائام ئۈچۈن يامان بولماس»، — دېدىم. بىر كوزا شاراب كۆتەرگەن، قەددى ئېلىپتەك بىر بالا كىرىپ كەلدى. ئۇ سارايۋەننىڭ ئوغلى ئىكەن. بالا تەكەللۇپ بىلەن ساقىلىق قىلدى. كەيپىم ئۆرلەپ، ئۇيقۇ باسقىلى تۇرغان بىر چاغدا بىزگە بىر ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بەردى. بالىنىڭ ئورنى ئىشىك ئالدىدا، مېنىڭ تۆر تەرەپتە ئىدى. مەن بالىنىڭ ئورنىدا ياتىپ قالدىم. لېكىن ئۇيقۇم قېچىپ كەتتى. بىر چاغدا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى ۋە قولىدا پىچاق كۆتۈرۈپ سارايۋەن كىردى. ئۇ مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ بالىنىڭ ئۇستىگە مىنىۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى شارتتىدە كېسىپ ئالدى.

شۇ چاغدىلا بىلدىمكى، ئۇ ئەسلىدە مېنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، قوزۇقتىكى قىلىچىمنى ئالدىم ـ دە، سارايۋەنگە ئېتىلدىم، سارايۋەن شۇ چاغدىلا ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدى. پىچىقىنى تاشلاپ زارلىدى ۋە تولۋا قىلغىلى تۇردى.

**ھېكمەت:**

***كىشىگە قەست قىلساڭ، ئۆزۈڭگە يانىدۇ. ئۆزۈڭنىلا ئويلىماي ئۆزگىلەرنىمۇ ئويلا.***

## ئۆزگىگە ئورا كولىساڭ ئۆزۈڭ چۈشىسەن

سەرىق ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەردى: بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇزلا سەپەرگە چىقتىم. يولدا ئوبدان قورال-لانغان بىر ئاتلىق ھەمراھقا يولۇقۇپ قالدىم. يېرىم يولغا بارغىنىمىزدا ئالدىمىزدىن ئاتلىق ئوغرى چىقىپ قالدى ۋە شېرىكىم بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى. كۆپ ئېلىشقاندىن كېيىن، ئوغرى ھەمراھىمنى ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئاندىن ئۇ ماڭا قىلىچ شىلتىشكە باشلىدى.

— مەن ساڭا قارشى قول كۆتۈرمىسەم، نېمىشقا ماڭا تىغ كۆتۈرىسەن؟ ساڭا نېمە كېرەك؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، ئېلىپ ماڭغان ھەممە مېلىمنى ئالدى، ئاندىن پۇت - قولۇمنى باغلاپ قويۇپ، مېنى شۇ يەرگە تاشلاپ كېتىپ قالدى. مەن كەچكىچە ئاچ - يالىڭاچ ئاشۇ سەھرادا ياتتىم. كېچىسى بىر ئىلاج قىلىپ پۇت - قولۇمنى بوشىتىۋالدىم - دە، يولغا چۈشتۈم. خېلى ماڭغىنىمدىن كېيىن يىراق بىر يەردە چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم ۋە بىر ئازدىن كېيىن بىر چېدىر ئالدىغا بېرىپ قالدىم. چېدىرغا كىرىپ قارىسام، بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە قىلىچ كۆتۈردى. ئۇنىڭغا كۆپ يالۋۇردۇم، لېكىن ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى. ھېلىقى ئايال «بۇ ئادەمنى مېنىڭ ئالدىمدا ئۆلتۈرمە» دەپ نالە قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئادەم دەسلەپتە ئۇنىڭ زارىغا قۇلاق سالمىدى، مەن ھېلىقى ئادەمگە دىققەت قىلىپ قارىسام، مېنى ئاشۇ چۆلدە باغلاپ قويۇپ، ماللىرىمنى بۇلاپ كەتكەن مۇتىھەم ئىكەن. ئۇ مېنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى ۋە بىر يارداڭلىقنىڭ ئاستىغا ئېلىپ چۈشتى. مېنى بوغۇزلىۋېتىش ئۈچۈن تەييارلاندى. شۇ ئارىدا بىردىنلا شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئوغرى قىلىچىنى تاشلاپ قاچتى، ئۇنى كۆرگەن شىر ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى.

**ھېكمەت:**

***ئۆزگىگە ئورا كولىساڭ ئۆزۈڭ چۈشىسەن.***

## دەرۋىش ۋە چارۋىدار

دەرۋىش تىلەمچىلىك قىلىپ دۆلەتمەن بىر زاتنىڭ قەسرىگە كېلىپ قالدى. قەسرىنىڭ دەرۋازىسى مۇستەھكەم، تاملىرى بولسا ئېگىز ئىدى. دەرۋىش ئۆزىچە «خېلى تويۇنغان باي ئادەمنىڭكىگە كېلىپ قالغان ئوخشايمەن، ئاز ـ تولا سادىقاتلىق بولۇپ قالارمەن»، دەپ خۇشال بولۇپ، ئاۋازىنىڭ يېتىشىچە «ساخاۋەتلىك ئادەم ياخشىلىقنى ئايىمىسا كېرەك» ــ دەپ چاقىردى. قەسرنىڭ ئىگىسى بۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئىكەن، دەرۋىشنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، شېرىن ئىسىملىك چۆرىسىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاقىرىپ: «ئى، شېرىن! شېكەر دېگەندە مارجاننى، مۇبارەك دېگەندە بەختىنى چۇشەنمەك لازىم. لېكىن سوپى دېگەن ئۆيدە نان، دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى.

دەرۋىش پۈتۈن دىققىتى بىلەن قەسىر ساھىبىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ياخشى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. يېرىم ناننىڭ تىلەمچىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۇچۇن لېۋىنى چىشلىدى. قەسىر ئىگىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن: يا، رەببىم، ئىسراپىل دېگەندە مىكائىل دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ، جەبرائىل دېگەندە «ئەزرائىلغا بېرىپ شۇ بەتبەختنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەل!» دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قەسىر ساھىبىنىڭ پۇت ـ قوللىرى تىترەشكە باشلىدى، ئۇنى ۋەھىمە باستى، ئاخىرى دەرۋىشكە يېرىم نان ئېلىپ چىقىپ بەردى. دەرۋىش مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ قويىنغا سالدى. لېكىن ھاسىسى بىلەن قەسىر تاملىرىنى بۇزۇشقا باشلىدى. قەسرىنىڭ ساھىبى بولسا «بۇ دەرۋىش قەسرىمنى ۋەيران قىلماقچىمىكىن»، دەپ قورقۇپ قالغاچقا: «ئى، دەرۋىش! بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ تامنى نېمىشقا بۇزۇۋاتىسەن؟» دېدى.

دەرۋىش بولسا: «يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەسمەن. تاپقان ـ تەرگىنىمنى مۇشۇ تامنىڭ ئاستىغا يوشۇرماقچىمەن، بولۇپمۇ يامان كۈنلىرىمدە ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى.

***ھېكمەت:***
***ساخاۋەتلىك ئادەم ياخشىلىق ئىشكىنى ھەر دائىم ئوچۇق قويىدۇ.***

## ھىيلىگەر دەرۋىش

مۇئەممەن زائىد ئىبنى ئابدۇللا شەيبانىي[1] زامانىدا سېخىلىق ۋە جەرىمانە تۆلىمىگەن بىرەرمۇ كاسىپ ـ ھۈنەرۋەن قالمىغانىكەن. ھەتتا دىۋانە ۋە دەرۋىشلەردىنمۇ سېخىلىق

① Ⅷ ئەسىردىكى يەمەن پادىشاھى

ئۇندۇرۇۋېلىشىدىكەن. ئاخىرى دەرۋىشلەردىن بىرى ھېچ ئىلاج قىلالماي قەرزگە بوغۇلۇپ، قىيىنىلىپ كېتىپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمەي، ساخاۋەتلىك ئادەم دەپ نام چىقارغان مۇئەن زائىد ئىبنى ئابدۇللا دېگەن كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ كۈنى ھۆكۈمدار چاھار بېغىدا كاتتا زىياپەت ئۈستىدە ئىكەن. بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە، مىننەتسىز زاكاۋەت، كارامىتىگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇشىدىكەن. دەرۋىش چاھار باغنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپتۇ ۋە تاختىغا «ھەي ساخاۋەتلىك ئەمىر! ھاجىتىمدىن چىقسالڭ، پەيغەمبىرىمىزغۇ ساخاۋەتتە سەنچىلىك بولالمىغان ئىدىغۇ!» دېگەن مەزمۇندا بىر بېيىت يېزىپ، باغ ئىچىگە ئېقىپ كىرىۋاتقان سۇغا قويۇپ بېرىپتۇ. ھۆكۈمدارنىڭ كۆزى ئېقىپ كېتىۋاتقان تاختىغا چۈشۈپتۇ ۋە خىزمەتكارغا ئۇنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار ئېھتىيات بىلەن ئۇ تاختىنى سۇدىن سۇزۇۋېلىپ، ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ھۆكۈمدار شېئىرنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئۆزىچە «خىزمىتىمگە سادىق ۋە مەشھۇر بىر شائىر كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ»، دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەۋرىشكە ئۈچ مىڭ دىنار چىقىرىپ بېرىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى دەرۋىش يەنە ئاشۇ چاھار باغ دەرۋازىسىغا كېلىپ ھەمدۇ سانا روھىدا يېزىلغان بىر شېئىرنى تاختىغا يېزىپ، ھېلىقى ئېرىقتىكى سۇغا تاشلاپتۇ. مۇئەن زائىد ئىبنى ئابدۇللا دەرۋىشكە يەنە مىڭ دىنار چىقارتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش ئۈچىنچى كۈنى يەنە تەكرارلىنىپتۇ. دەرۋىش شۇنداق قىلىپ بەش مىڭ دىنار تېپىپتۇ ۋە پاش بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، دېرەكسىز لا غايىب بولۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى دەرۋىش كەلمىگەچكە، ھۆكۈمدار «شۇنداق ئىستېداتلىق ئىگىسىدىن ئايرىلىپ قالدىمغۇ؟» دەپ ئەندىشە قىپتۇ ۋە مۇشرىفكە[1] مىڭ دىنار بېرىپ، نېمە بولمىسۇن، ئۇنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مۇشرىف ئۇنى كۆپ ئىزدەپتۇ. لېكىن ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. شۇندىلا ھۆكۈمدار ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. قىلمىشىدىن پۇشايمان يەپتۇ ۋە قەسەم قىلىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن كىمدە - كىم مېنىڭ ساخاۋەتلىكىم ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ ماختايدىغان بولسا، تىلىنى كېسىۋالىمسام مېنى خۇدا ئۇرسۇن!» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***باشقىلارنىڭ سېنىڭ كۆزۈڭگە قاراپ تۇرۇپ ماختىشىغا ھەرگىزمۇ ئىشىنىپ كەتمە.***

## ماختانچاق پادىشاھ

پادىشاھ بىر كۈنى نۇرغۇن ئادەملىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوۋ قىلىدىغان قورۇقخانىغا يېقىن كەلگەندە ئۆز ئەتراپىدىكى يېقىنلىرى بىلەن قامەتلىك پالۋانلارغا

---

[1] سارای خوجىلىقىنى باشقۇرغۇچى.

قاراپ خىتاپ قىپتۇ: «قېنى ئېيتىڭلارچۇ، جاھاندا ماڭا تەڭ كەلگۈدەك كىم بار؟» دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇساتتىن دەرۋىش قىياپىتىدە بىر ئادەم پەيدا بوپتۇ. پادىشاھنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، كەينىگە داجىشقا باشلاپتۇ. دەرۋىش: «ھاي، پادىشاھ! بىر ئاز توختاپتۇر. ساڭا دەيدىغان زۆرۈر ئىشىم بار» دېسىمۇ بولماپتۇ. پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ دەرۋىشنىڭ يولىنى توسۇپتۇ. دەرۋىش «ئەرزىمنى پەقەت پادىشاھنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىمەن. يولۇمنى توسماڭلار!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

خىزمەتكارلار ئىلاجسىز دەرۋىشنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولۇشۇپتۇ. دەرۋىش پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا: «مەن ئەزرائىل، جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم» دەپ شىۋىرلاپتۇ. پادىشاھنى قورقۇنچ بېسىپ، ھودۇقۇشقا باشلاپتۇ. پۈتۈن ئەزايىنى تىترەك بېسىپتۇ. ئۇ ئاخىر دەرۋىشكە يېلىنىپ ــ يالۋۇرۇپ: «ئۆيۈمگە بېرىشقا ئىجازەت بەر، بالا ــ چاقىلىرىمنى بىر قېتىم كۆرۈۋالاي، ئاندىن جېنىمنى شۇ يەردە ئال» دەپتۇ.

ــ ياق، دەپتۇ ئەزرائىل پادىشاھقا، ــ سېنىڭ بىلەن «ئەتتە ــ پەتتە» دەپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق. ئىمان ئېيتىۋال!

پادىشاھ قانچىلا يالۋۇرمىسۇن. ئۇنىڭ پايدىسى بولماپتۇ. پادىشاھ بەكمۇ قورقۇپ كەتكەچكە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا جان ئۈزۈپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەرقانداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشسەڭمۇ كىبىرلىمە، ئۆلۈمنى ئويلا.***

## ھەسەتنىڭ ئاقىۋىتى

ئىراق ھۆكۈمدارى سەيپۇلمۇلۇكنىڭ يېقىن بىر ھاجىپى (ھەرەم خادىمى ــ ت) بار ئىكەن، ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ يۈرۈشىدىكەن. ئاخىر ئۇنى يوقىتىش كويىغا چۈشۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ ئۇنى ھۆكۈمدارغا چېقىپتۇ: «پالانى خىزمەتكار ھۆكۈمدارنىڭ ئاغزىدىن بىر خىل بەتبۇي پۇراق چىقتى، دەپ سىزگە تۆھمەت قىلدى» دەپتۇ.

سەيپۇلمۇلۇك بۇ گەپتىن ئىنتايىن خاپا بوپتۇ. چۈنكى بۇ گەپ قارىسىغا قىلىنغان ئۆسەك سۆز ئىكەن.

ھۆكۈمدار ئاشۇ خىزمەتكاردىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ۋەزىر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھەرىكەتكە كەپتۇ. ھۆكۈمدار چوڭ مەنسەپدارلارنى كەچقۇرۇنى مەجلىسكە چاقىرغان كۈنى (بۇنى پەقەت ۋەزىرلا بىلىدىكەن) ۋەزىر ھېلىقى خىزمەتكارنى چۈشلۈك تاماققا ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇنى ئوبدان تويغۇزۇپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن خىزمەتكار ئۇدۇل سارايغا بېرىپتۇ. ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ خاپىلىقىنى ئۇنىڭغا چاندۇرماي، ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان بولۇپ، ئۆز يېنىغا چاقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. خىزمەتكار: «مۇبادا

مەن ئىچكەن مەينىڭ پۇرىقى شاھىمىزنىڭ مۇبارەك دىمىقىغا پۇراپ قالسا قانداق بولۇپ كېتەر؟» — دېگەن ئەندىشە بىلەن قورقۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ. يىغىلىش تارقاش ۋاقتىدا پادىشاھ بىر ۋاراق قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر پۈتۈپ، ئۇنى ئوراپ باغلاپتۇ. ئۇنىڭغا مۆھۈرىنى بېسىپ، ئاندىن «خەزىنىچىگە ئېلىپ بار!» دەپ خىزمەتكارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ.

خىزمەتكار تارتۇق ئالىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاپ خۇش بوپتۇ. بۇ ئەھۋال ۋەزىرگە ئەلەم قىلىپتۇ. شۇڭا ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، خىزمەتكارنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋاپتۇ. خىزمەتكارنى ۋەزىرنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. شۇ كېچىسى خىزمەتكار مەستلىكتە قاتتىق ئۇخلاپتۇ، ۋەزىر بولسا ئۆيىگە قايتىپ بارماپتۇ. خەزىنىچىگە قارىتىلىپ يېزىلغان ھېلىقى مەكتۇپتا «ئۇشبۇ خەتنى ئېلىپ بارغۇچىغا بىر زەر تون كىيدۈرۈلسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ بېشى كېسىلىپ ئالدىمغا ئېلىپ كىرىلسۇن!» دەپ يېزىلغانىكەن.

***ھېكمەت:***
***باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلىغانلار ئاپەتنىڭمۇ يار بولىدىغانلىقىنى ئويلىشى كېرەك.***

## ئاتىسىغا قەست قىلغان ئوغۇل

شەمسۇلمەئالىنىڭ ئىككى ئوغلى بولغانىكەن. ئۆزى ئىراق ھاكىمى ئىكەن. چوڭ ئوغلى ئاتىسىنى يوقىتىش كويىغا چۈشۈپتۇ. ھاكىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئىككىنچى ئوغلىنى ئىراققا — ئۆز ئورنىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۆزى چوڭ ئوغلىنىڭ يېنىدا — خۇراساندا قاپتۇ.

شەمسۇلمەئالى بىر كۈنى كېچىسى كېسىلى ئېغىرلىشىپ قېلىپ، چوڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ھەي، يۈرىكىمنىڭ سەكپارىسى ئوغلۇم! ساڭا قىلىدىغان نەسىھەتىم بار، ئۇنى ئورۇنلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايمەن، — دەپتۇ ئوغلى ئاتىسىغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

ھاكىم دەپتۇ:

— بىرىنچىسى، ئىنىڭغا ياخشى قاراپ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئال؛ ئىككىنچىسى، مەن قۇرغان پالانى چارباغدىكى قىرى دەرەخلەرنى قومۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا يېڭى كۆچەت قوي؛ ئۈچىنچىسى، پالانى يەردىكى ئىدىشتا مەجۇن تەييارلىتىپ قويغانىدىم، مۇبادا قورسىقىڭ ئاغرىپ قالسا ياكى بەدىنىڭدە بىرەر جاراھەت پەيدا بولۇپ قالسا شۇنى ئىچ، پايدا قىلىدۇ.

چوڭ ئوغلى ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسىنى ئىراقتىن چاقىرتىۋېلىپ،

ئۇنىڭغا زور غەمخورلۇق قىلىپ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئاپتۇ، چاربىاغدىكى قىرى دەرەخلەرنى سارايدىكى نادىملار، ۋەزىرلەر ۋە باشقا چوڭ مەنسەپدارلارغا قىياس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئۆز تەختۇشلىرىدىن تەجرىبىسىز ياشلارنى قويۇپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا ئۆزى بىتاپ بولۇپ قاپتۇ. شۇندا ئۇنىڭ ئىبسىگە ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى چۈشۈپ، ئاتىسى دېگەن مەجۇندىن ئىچكەنىكەن، شۇ جايىدىلا تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. مەجۇنگە زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغانىكەن.

***ھېكمەت:***
***بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ھايات يوق. سەن بىراۋغا قەست قىلساڭ ئەجەل سېنى تاپىدۇ.***

## كىسرانىڭ سۆھبىتى

كىسرانىڭ سۆھبىتىگە ئۈچ كىشى ـــ رۇملۇق پەيلاسوپ، ھىندىستانلىق ھېكىم ۋە بۇزۇرجمېھىر جەم بولغان ئىكەن. سۆھبەت «دۇنيادا ئەڭ ئېغىر نەرسە نېمە؟» ـــ دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە ئۇلارمۇ مۇنازىرىلىشىپ قېلىشتى:

رۇملۇق پەيلاسوپ: «دۇنيادا ئەڭ ئېغىر نەرسە قېرىلىق، ئاغدۇرسىزلىق ۋە كەمبەغەللىك» دېدى.

ھىندىستانلىق ھېكىم: «كېسەللىك ۋە غەم ـ ئەندىشە» دېدى.

بۇزۇرجمېھىر: «ئۆلۈم يېقىنلاپ، بارلىق ئىشتىن يىراقلاشماق» دېدى.

***ھېكمەت:***
***ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتمىسەڭ، دۇنيا سەندىن يىراقلىشىدۇ.***

## ئادەم مەنسەپ بىلەن

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلىمدان بىر ئادەمنىڭ شەرەپلىك ۋە يۇقىرى مەنسەپتىن قالدۇرۇپ، تۆۋەن خىزمەتكە تەيىنلەپتۇ. بىر كۈنى سارايغا كەلگەندە سوراپتۇ:

ـــ قېنى، دېگىنە مەنسىپىڭ بولامدىكەن؟

ـــ پادىشاھىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! ـــ دەپ جاۋاب قىلدى ئۇ.

ـــ ئادەم مەنسەپ بىلەن شەرەپلىك بولمايدۇ، بەلكى مەنسەپ ئادەم بىلەن زىننەتلىكتۇر. قايسى بىر لاۋازىمدا بولمىسۇن، خۇش ـ تەبىئەتلىك ۋە ئەدلۇ ـ ئىنساب بولۇشى زۆرۈردۇر.

بۇ سۆزلەر ئىسكەندەرگە خۇشياقتى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەنسىپىنى قايتۇرۇپ بەردى.

***ھېكمەت:***
***ئادەم مەنسىپى بىلەن ئەمەس، ئادىمىيلىكى بىلەن قەدىرلىكتۇر.***

## دەرۋىش ۋە پادىشاھ

ئالىي ھىممەتلىك بىر دەرۋىش شەۋكەتلىك بىر پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا پات ـ پات كېلىپ تۇراركەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەردە بولىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ پادىشاھنىڭ پېشانىسىدە قانداقتۇر مالالەت ئالامەتلىرىنى بايقاپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلمەك بولدى. ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ پادىشاھنىڭكىگە پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشىدىن كۆردى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بارماي قويدى.

بىر كۈنى دەرۋىشنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قالدى ۋە سورىدى:

ــ ئى، دەرۋىش، نېمە سەۋەبتىن بىز بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ قويدۇڭ؟

ــ ھېرىپ قاپىقىڭنىڭ تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كۆرە «نېمىشقا كەلمەيسەن؟» دېگەن سوراقنى ئاڭلىغىنىم ياخشى، ــ دەپ جاۋاب بەردى دەرۋىش.

***ھېكمەت:***
***ئاتا ـ بوۋىلار توغرا ئېيتقان: ئاقىلغا ئىشارە، نادانغا جوۋالدۇرۇز.***

## توغرىلىق ۋە ئادىللىق

كۈنلەردىن بىرىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەربىي باشلىقلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇلاردىن بىرى ئىسكەندەرگە قاراپ دېدى:

ــ سەن بىھېساپ مال ـ مۈلۈك ئىگىسى بولدۇڭ. بۇنىڭدىن كېيىن سەن خوتۇنلىرىڭنىڭ سانىنى كۆپەيتكىن، كۆپ پەرزەنتلىك بولىسەن. سەندىن يادىكار بولۇپ قالىدىغان نەرسە ــ پەرزەنت.

ئىسكەندەر جاۋاب بەردى:

ــ خوتۇننى كۆپەيتكەن ئادەم جۇملەئى جاھان ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھېسابلانمىۋەرمەيدۇ، بەلكى خوتۇنلار ئۈستىدىن غالىب ھېسابلىنىدۇ.

***ھېكمەت:***
***يادىكارلىق پەقەت پەرزەنتلا ئەمەس، بەلكى ياخشى نام، توغرىلىق ۋە ئادىللىق بولۇش كېرەك.***



www.uyghurkitap.com

## غۇلامنىڭ ياخشىلىقى

ئابدۇللائىبىن جاپپاردىن نەقىل قىلىنىدۇ: كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ مۇلازىملىرى ۋە خىزمەتكارلىرى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كۆپ يول مېڭىپ قۇم ۋىلايىتىگە بېرىپتۇ. بىر خورمىزارلىقنىڭ قورۇقچىسى بىر قارا غۇلام ئىكەن. غۇلام كۈندىلىك يېيىلگەن يېمىش ئۈچۈن ئۈچتىن نان ئېلىپ تۇرىدىكەن. شۇ چاغدا قاياقتىندۇر بىر ئىت پەيدا بولۇپ، غۇلامغا تەلمۈرەتتى. غۇلام ناندىن بىرنى ئىتقا تاشلىدى. ئىت ئۇنى ھاپىلا شاپىلا يەپ بولدى. ئىككىنچى نانىنمۇ بەردى. ئۇنىمۇ يەپ بولدى. ئاندىن ئۈچىنچى نانىنمۇ بەرگەن ئىدى، ئۇنىمۇ يەۋەتتى.

شۇ چاغدا ئابدۇللائىبىن جاپپار غۇلامدىن سورىدى:

— سېنىڭ كۈندۈزلۈك يېمىكىڭ نېمە؟

— ھازىر كۆرۈپ تۇرغىنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى قۇل.

— نېمە سەۋەبتىن ئىتنى ئۆزۈڭدىن ئارتۇق كۆرىسەن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئۇزاق يولدىن كەلگەن مۇساپىر. پەرىزىمچە ئۇ بەكمۇ ئاچ، ئۇنى يەنىمۇ ئاچ قالدۇرغۇم كەلمىدى.

— ئەمدى ئۆزۈڭ نېمە يەيسەن؟

— بۈگۈنچە روزا تۇتىمەن، — دېدى غۇلام.

— ھەممە كىشى مېنى سېخىي دېيىشىدۇ، لېكىن غۇلام مەندىنمۇ سېخىيراق ئىكەن، — دېدى ئەمىر ئۆز - ئۆزىگە. ئاندىن خورمىزارىنى قورۇقچىسى بىلەن سېتىۋېلىپ، غۇلامغا ئازاد قىلىنغانلىق ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، خورمىزارلىقنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى.

***ھېكمەت:***
***كىشى ئۆز سېخىيلىقى بىلەن ھۆرمەت تاپىدۇ.***

## ھاتەم يىگىت

ھاتەم تايىدىن سوراپتۇلەر:

— ئۆمرۈڭدە ئۆزۈڭدىن سېخىيراق ئادەمنى كۆرگەنمۇ سەن؟

— ھاتەم جاۋاب بەردى:

— ھەئە، كۆرگەنمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يېتىمچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدىم. ئۇنىڭ بىر قويى بار ئىكەن. دەرھال ئۇلاردىن بىرسىنى سويۇپ پىشۇرۇپ ئالدىمغا قويدى. ئۇنىڭ بىر بۆلىكى ماڭا تېگىشلىك بولۇپ، كېسىپ يېدىم ۋە «خۇدا ھەققى بەكمۇ مەززىلىك ئىكەن» دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يىگىت تاشقىرىغا چىقىپ، قويلىرىنى بىر - بىرلەپ سويۇپ،

مەن ياخشى كۆرىدىغان يېرىنى پىشۇرۇپ ئالدىمغا قويۇۋەردى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئۈچۈن بارلىق قويلىرىنى سويۇۋەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدىم. تاشقىرىغا چىقىپ ئېتىمغا مىنەي دەپ تۇرغىنىمدا، ئىشىك ئالدىدىكى شۇنچە كۆپ قانغا كۆزۈم چۈشتى. سورىغان ئىدىم، خىزمەتكارلىرىمدىن بىرى:

— بۇ يىگىت سىزنى دەپ بارلىق قويلىرىنى سويۇۋەتتى، — دېدى.

— يىگىتكە كايىپ تۇرۇپ:

— نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ — دېسەم:

— خۇداغا مىڭ كەررە شۈكرىكىم، مېنىڭ بۇ ھاللىرىم سەندەك ئالىي زاتقا نېسىپ بوپتۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق چاغدا پىخسىقلىق قىلسام قانداق ئادەم بولۇپ قالىمەن.

كېيىن ھاتەم تايىدىن سورىدى:

— بۇنىڭ بەدىلىگە سەن ئۇ يىگىتكە نېمە بەردىڭ؟

ھاتەم جاۋاب بەردى:

— 300 تۆگە بىلەن 10 قوي بەردىم.

ھاتەمگە دېدى:

— دېمەك، سەن ئۇ يىگىتتىنمۇ سېخىيراق ئىكەنسەن.

ھاتەم جاۋاب بەردى:

— ياق، سېخىيلىقتا ئۇنىڭغا يېتەلمىدىم. چۈنكى بىھېساب بايلىقىمدىن پەقەت بىر تامچىسىنىلا ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ بولسا بارلىقىنى مەندىن ئايىمىدى.

***ھېكمەت:***

***سەن سېخىيلىقتا ئۆزۈڭنى باشقىلارغا سېلىشتۇرما. بەلكى، ئۆز ئەھۋالىڭغا يارىشا سېخىيلىق قىل.***

## نەپسى يامان بۆرە

تۈلكە بىلەن بۆرە ئايرىلماسلىق ئۈچۈن دوست بولۇشقا ۋەدە قىلىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن ئورالغان بىر چارباغ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. باغنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئاخىر كۆزلىرى تامنىڭ بىر تۆشۈكىگە چۈشتى. تۆشۈك تۈلكىگە كەڭ، لېكىن بۆرىگە تارلىق قىلاتتى. تۈلكە ئاسانلا كىرىپ كەتتىيۇ، لېكىن بۆرە تولىمۇ قىيىنىلىپ كىردى. ئۈزۈم ۋە رەڭمۇ رەڭ مېۋىلەرنى كۆرۈپ،كۆزلىرى قىزىرىپ شۆلگەيلىرى ئېقىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ تۈلكە باغدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ ئازراق، بۆرە بولسا قارنىغا سىغقانچە راسا يېدى. شۇ چاغدا باغۋەن كالتەك كۆتۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇلارنى قوغلاشقا باشلىدى. ئىنچىكە بەل تۈلكە تۆشۈكتىن لىپپىدە چىقىپ كەتتى. لېكىن بۆرە تۆشۈككە تىقىلىپ قېلىپ كالتەكلەندى. لېكىن ئۇمۇ ئىلاج قىلىپ تۆشۈكتىن چىقتىيۇ، ئەمما بىر قەۋەت تېرىسى سويۇلۇپ چۈشتى.

***ھېكمەت:***
***ئۆزلىگەندە چۈشۈشنى ئويلا، بولمىسا ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن.***

## قۇشقاچ ۋە لەگلەك

قۇشقاچ ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىنى تاشلاپ، لەگلەك ئۇۋىسىنىڭ بىر چېتىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— لەگلەك بىلەن قانداقچە مۇناسىۋىتىڭ بار، تەق - تۇرقۇڭ پىشتەكچىلىكىۇ، لەگلەكتەك چوڭ بىر قۇش بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشۇڭدىكى مەقسەت نېمە؟

قۇشقاچ جاۋاب بەردى:

— بۇ ئىشىمنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئوبدان بىلىمەن، لېكىن باشقا چارەم يوق. مەن ئىلگىرى ئۇۋا سالغان يەردە يىلان ئۆزىگە ئۇۋا تۇتۇۋالدى. ھەر يىلى بالا چىقىرىپ، جىگەر پارەم بىلەن ئۆلارنى پەرۋىش قىلىشقا باشلايمەن. ئەمما يىلان بىردىنلا ھۇجۇم قىلىپ بالىلىرىمنى يۇتۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، لەگلەك يېنىدىن پاناھ تاپتىم. ئۇمىدىم شۇكى، ئىلگىرى باللىرىم يىلانغا يەم بولار ئىدى. ئەمدى ئۆزۈم لەگلەككە يەم بولمىسام بولاتتى.

***ھېكمەت:***
***بۇ دۇنيا رىقابەتلىك دۇنيا، رىقابەتتە يېڭىلسەڭ، ياشاشتىن ئۇمىد يوق.***

## باققال بىلەن چاشقان

چاشقان بىر نەچچە يىل خاجە باققالنىڭ دۇكىنىدا ياشاپ، ئۇ يەردىكى قۇرۇق - ھۆل مېۋىلەرنى خالىغانچە يەپ ياشاپ كەلدى. خاجە باققالنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولسىمۇ، چاشقاننى تىللاپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلاتتى. لېكىن بۇنىڭ مۇكاپاتىنى كېيىن يەتكۈچە ئالدى. چاشقان بارا بارا خاجە باققالنىڭ ھەميانىغا كىرىپ، پۇللىرىنى بىر بىرلەپ ئۇۋىسىغا توشۇپ كەتتى. بىر كۈنى زۆرۈرىيەتتىن ھەميانىنى قولغا ئالغان ئىدى، پۇلدىن ئەسەر كۆرۈنمىدى. ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىر چاشقاندىن گۇمانلاندى. ئۇ مۇشۇكتەك ماراپ تۇردى دە، چاشقان چىقىشى بىلەن كاپ قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ پۇتىغا ئۇزۇن يىپ باغلاپ قويۇپ بەردى. چاشقان ئۇۋىسىغا ئېلىپ بارىدىغان تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. باققال يىپنى ئۆلچەپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇۋىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىۋالدى. تۆشۈكنى كولاپ قارىسا خاجە باققالنىڭ دۇكىنى ئاستىدا ئورىغا تەڭ كېلىدىغان ئۆي قۇرۇۋالغان ئىكەن. بۇ يەرگە ئالتۇن، كۈمۈش، دىنار ۋە دەرھەملەرنى چىشلەپ ئەكىرگەن ئىكەن. خاجە باققال ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئاجرىتىپ ئالدى. چاشقان بولسا كۆرۈشكە تېگىشلىك جاجىسىنى كۆردى.

**ھېكمەت:**
***نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمە، ئۇ سېنى ھامىنى ھالاك قىلىدۇ.***

## ئىت بىلەن نان

ئاچ قالغان ئىت شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا تۇراتتى. بىر چاغدا قارىسا ئىچىدىن بىر نان دۇگىلەپ چىققانچە سەھراغا قاراپ دۇگىلەپ كەتتى. ئىت بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى دە، قاۋاپ تۇرۇپ دېدى:

— ھاۋ، تەنگە قۇۋۋەت، دىلغا ئارام بېغىشلىغۇچى! قانداق سەپەرنى ئىختىيار قىلدىڭ ۋە قاياققا قاراپ كېتىۋاتىسەن؟

نان جاۋاب بەردى:

— شۇ سەھرادا بۆرىلەر ۋە يولۋاسلاردىن دوستلىرىم بار، شۇلارنى زىيارەت قىلغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— مېنى قورقىتىمەن دەپ ئاۋارە بولما، — دېدى ئىت.

— ھېلىغۇ بۆرە بىلەن يولۋاسكەن، تىمساھنىڭ بوغۇزى بىلەن شىرنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتكىنىڭدىمۇ ئارقاڭدىن قالمايمەن.

**ھېكمەت:**
***ئويلاپ سۆزلە، ئىش قىلغاندا ئاقىۋىتىنى ئويلا، شۇندىلا ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلۇپ قالىسەن.***

## تۆگە بىلەن يىلان

تۆگە سەھرادا ئوتلاپ يۈرەتتى. يانتاقلارنى كۆپرەك ئوزۇق قىلاتتى. بىر چاغدا بىر تۈپ يانتاقنى يېيىشكە كىرىشتى. يانتاق ئۇرۇقلىرى پاكىز ھەم تاپ - تازا ئىدى، بىردىنلا يانتاق ئارىسىدا چىرمىشىپ ياتقان يىلاننى كۆرۈپ قالدى. يانتاقتىن بەھرىمەن بولۇش ئارزۇسىدىن يېنىپ ئۇزىنى قاچۇردى. يانتاق بولسا«تۆگە مېنىڭ تىكىنىم زەربىسىدىن قورقتى» دەپ ئويلىدى.

تۆگە يانتاقنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكەن ئويلىرىنى سەزدى بولغاي:

— قورققىنىمنىڭ سەۋەبى سەن يانتاق بولماستىن، بەلكى قوينۇڭدا پىنھان ياتقان مېھمان(يىلان)دىن ئەنسىرىدىم. سەن تىكەنىنىڭ زىيىنى ئەمەس، بەلكى يىلاننىڭ زەھىرىدۇر.

**ھېكمەت:**
***قائائەت ـ كۆڭۈلگە ئوچۇقلۇق بېرىدۇ. كۆزگە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ.***
***(ئەلىشىر نەۋائىي)***

## غەيرەتلىك چۈمۈلە

چۈمۈلە جان - جەھلى بىلەن ئۆزىدىن ئون ھەسسە چوڭ چېكەتكىنى سۆرەپ ماڭاتتى. كۆرگەنلەر تەئەججۈپلەندى:
— چۈمۈلىنى قاراڭلار، قىلتىرىقتەك ھالى بىلەن ئاشۇنداق ئېغىر يۈكنى سۆرەپ كېتىۋېتىپتۇ - ھە؟
چۈمۈلىمۇ كۈلۈپ جاۋاب بەردى:
— مەردلەر يۈكنى بەدىنى ۋە قۇدرىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى غەيرەت ۋە شىجائەت بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۆزۈڭنىڭ مېھمىنى بىلەن كەلگەن بىر تىيىن باشقىلار بەرگەن خەزىنىدىن ئەلا. (ئەلىشىر نەۋائىي)***

## چاشقان بىلەن تۆگە

تۆگە چۆلۋۈرنى سۆرىگىنىچە چۆلدە ئوتلاپ يۈرەتتى. ئالدىدىن بىر چاشقان چىقىپ قالدى. قارىسا تۆگىنىڭ ئىگىسى بولمىغاچقا ھېرىسى قوزغاپ، چۆلۋۈرنىڭ ئۇچىدىن چىشلەپ ئۆۋىسىغا قاراپ يېتىلەپ ماڭدى. تەبىئىتى بويسۇنۇش ۋە ئادىتى «خوپ» دېيىشتىن ئىبارەت بولغان بۇ جانىۋار قارشىلىق كۆرسەتمەستىن چاشقانغا ئەگىشىپ مېڭىۋەردى.
ئاخىر چاشقانىنىڭ ئۆۋىسىغا يېتىپ كەلدى. تۆگە قارىسا ئۇنىڭ ئۆۋىسى بەكمۇ كىچىك ھەم تار ئىكەن.
— ئەي، خام تاما، — دېدى تۆگە چاشقانغا قاراپ، — بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۆيۈڭ شۇنچە كىچىك، مېنىڭ بەدىنىم تولىمۇ چوڭ. شۇنداق ئىكەن، يا سېنىڭ ئۆۋاڭ چوڭىيىدۇ، ياكى مېنىڭ بويۇم كىچىكلەيدۇ. شۇنداق بولغاچ، ئىككىمىزنىڭ دوستلىشىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

***ھېكمەت:***
***ھەر ئىش قىلساڭ ئۆز ئەھۋالىڭ بىلەن كېڭەش.***

## تۆگە بىلەن ئېشەك

تۆگە بىلەن ئېشەك ھەمراھ بولۇپ مېڭىپتۇ ۋە كەڭ بىر ئېرىق بويىغا يېتىپتۇ. تۆگە ئېشەكنى يەلكىسىگە ئېلىپ سۇغا كىرىپتۇ. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغانىدا سۇ تۆگىنىڭ قارنىغا كەپتۇ.

— ئەمدى يەلكەمدىن چۈش! — دەپتۇ تۆگە ئېشەككە، — سۇ قارنىمغىچە چىقتى.

— راست دەيسەن، — دېدى ئېشەك، — سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى سېنىڭ قارنىڭ بىلەن تەڭ كەلگىنى بىلەن مېنى پۈتۈنلەي چۆكتۈرۈپ كېتىدىغۇ!

*ھېكمەت:*
*ئەقىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن جايدا ھالاكەت يوق.*

## قاغا بىلەن توز

باغ ئىچىدە قاغا بىلەن توز ئۇچرىشىپ قالدى ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يۈزىگە سېلىشتى:

— پۈتۈڭدىكى قىزىل ئۆتۈك مېنىڭ زەر ئەتلەس ۋە نەقىشلىك كىمخاب لىباسىمغا يارىشاتتى، — دېدى توز، — يوقلۇقىنىڭ قارا توندىن ئۆتۈپ بارلىقىنىڭ روشەن كۆڭىگە ئۆتىۋىش ۋاقتىدا ئادىشىپ قېلىش يۈز بەرگەنگە ئوخشايدۇ. مەن سېنىڭ قارا بۆجۈر ئۆتۈكۈڭنى كىيىۋاپتىمەن، سەن بولساڭ مېنىڭ چىرايلىق قىزىل ئۆتۈكۈمنى كىيىۋاپسەن.

— يوقسۇ، — دېدى ئۇنىڭغا قاراپ قاغا، — ئەكسىچە، ئەگەر ئادىشىش يۈز بەرگەن بولسا، كىيىم كىيگەن چاغدا ئالمىشىش بولغان، چۈنكى سېنىڭ ئۆتۈكۈڭ مېنىڭ پۇتۇمغا ماس كەلگەن، لېكىن ئۇيقۇلۇقتا سەن مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىيىۋالغانسەن.

شۇ ئەتراپتا ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرگەن تاشپاقا تالاش ـ تارتىشنى ئاڭلاپ تۇرغاچقا، توز بىلەن قاغىغا دېدى:

— ئى، ئەزىز دوستلار، پايدىسىز تالاش ـ تارتىشنى يىغىشتۇرۇڭلار. مېنىڭ تالىشىشنى توختىتىڭلار. ئاللاتائالا ھەممە نەرسىنى بىر كىشىگىلا بېرىپ قويمايدۇ. بىر ئادەمدىكى خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك باشقا بىرىدە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى بىرىدىن خۇشال بولمىقى لازىمدۇر...

*ھېكمەت:*
*پايدىسى بولمىغان كېڭەش، تالاش ـ تارتىشلاردىن خالىي بول. ئەھمىيەتسىز سۆھبەت بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ.*

## ئۆزۈم ئۇچۇن

كۆزى كور بىر ئادەم قاراڭغۇ تۈندە قولىدا چىراغ، ئۆشنىسىدە كوزا كۆتۈرۈپ كوچىدا كېتىۋاتاتتى. ھەر يەرگە بۇرنىنى ئۇرۇپ يۈرىدىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ دە، ئەماغا قاراپ دەپتۇ:

— ھەي، نادان ئەما! تۈن بىلەن كۈندۈزنى ئاجرىتالمايسەن، يورۇق بىلەن قاراڭغۇنى پەرق قىلالمايسەن. شۇنداق بولغاچ چىراغنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى بار؟

كۆزى ئاجىز كۈلۈپ كەتتى ۋە جاۋاب بەردى:

— چىراغنى ئۆزۈم ئۇچۇن كۆتۈرۈپ يۈرگىنىم يوق. ساڭا ئوخشاش دىلى كور، كالتە پەملەر ماڭا ئۇرۇلۇپ كېتىپ، كۆزىدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن دەپ كۆتۈرۈپ يۈردۈم.

***ھېكمەت:***
***باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنىلا كۆزەتمەي، ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرىنى كۆزەت، شۇنداقلا خاتالاشمايسەن.***

## شېئىر ئىشقى

بىر شائىر تېۋىپنىڭ قېشىغا كېلىپ ھەسرەت چەكتى:

— كۆڭلۈمدە بىر نەرسە تۈگۈنچە بولۇپ قالدى...

تېۋىپ ئاجايىپ زېرەك ئادەم ئىدى:

— ھازىرغىچە ھېچكىمگە ئوقۇپ ئاڭلاتمىغان بىرەر شېئىرىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى تېۋىپ.

— بار، — دېدى شائىر.

— ئۇنداق بولسا ئوقۇغىن!

شائىر شېئىرنى ئوقۇپ بەردى.

— يەنە بىر قېتىم ئوقۇغىن، — دېدى تېۋىپ.

شائىر شېئىرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى.

— ئەمدى كەتكىن، — دېدى تېۋىپ شائىرغا، — دەردتىن قۇتۇلدۇڭ. كۆڭلۈڭدە تۈگۈنچە بولۇپ قالغان نەرسە شۇ شېئىرىڭ ئىكەن. بۇ شېئىرلىرىڭ قۇرۇق بولغاچقا سەن دەردكە مۇپتىلا بوپسەن. ئەمدى بۇ شېئىرلىرىڭ دىلىڭدىن چىقىپ، تۈگۈندىن خالاس بولدۇڭ.

***ھېكمەت:***
***دىلدىكى تۈگۈنچ يېشىلسە كىشى خۇشاللىقتا ئېرىشىدۇ.***

## پادىشاھتىن نان تىلىمە

ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي سۇلتان ئەبۇ سەئىد زامانىدا مۇھەممەد ئەبۇ سەئىد باھادىر بىلەن باغى سەفىتتە سەيلە قىلىپ يۈرگەندى. مۇھەممەد ئەبۇ سەئىد باھادىرنىڭ تونۇشلىرىدىن يۇسۇپ ئىسىملىك بىر يىگىت بەزى ۋەزىرلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى:

— ۋەزىر ئېكىنزارىمغا سۇ بەرمىدى.

مىرزا ئەبۇ سەئىدگە ئەرز قىلماق بولۇپ سارىيىغا بارغانىدىم. ياساۋۇللىرى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈزمىدى. ھازىر ئەھۋالىم شۇقەدەر ئېغىركى، كىشىلەردىن بىر بۇردا نان تىلەپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن.

ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي ئۇنىڭغا قارىتا مانا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

گەدايىكى نان ئەز دەرى شاھ جۇست،
بىبايەت زى ئابى خۇدەس دەست شۇست.
(پادىشاھ ئىشىكىدىن نان ئىستىگەن گاداي،
ئۆز سۈيى بىلەن قولىنى يۇيۇپ قولتۇقىغا ئۇرغاي.)

## ھەر يۈز مىسرا شېئىرنىڭ باھاسى بىر تىيىن

بىر كۈنى ئاق كۆڭۈل ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي پاساھەت ـ زەرافەت بابىدا زامانە شائىرلىرىنىڭ پېشقەدەمى بولمىش خوجا ئاسەفىيگە نەسىھەت قىلىپ دېدى:

— ھەيرانمەنكى، ئۆتكۈر زېھنىلىرى ۋە يۇقىرى تەئبىلىرى بار تۇرۇقلۇق شېئىر يېزىش بىلەن ئاز مەشغۇل بولۇۋاتىسىز، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى بىپايدا ئۆتكۈزۈۋاتىسىز.

خوجا ئاسافىي ئېتىراز بىلدۈردى:

— ئۇنداق ئەمەس، ئەكسىچە شۇ كۈنلەردە ھەرقاچانقىدىن كۆپرەك شېئىر يېزىۋاتىمەن. مەسىلەن: ئاخشام ئىككى تىيىنلىق شام يېنىپ بولغۇچە 200 بېيىت شېئىر يازدىم.

ئەمىر ئەلىشىر كۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولسا، يازغان ھەر يۈز مىسرا شېئىرلىرىڭىزنىڭ باھاسى بىر تىيىن ئىكەن ـ دە؟!

***ھېكمەت:***
***باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى كۆزگە ئىلماسلىق ئادەمىيلىك ئەمەس.***

## ئۆلۈكىمۇ بىر بالا، تىرىكىمۇ...

مۇسىيقا ئىلمىدە زامانىنىڭ يېگانىسى بولغان مەۋلانە ئەلىشاھ ئالىي دەرىجىلىك ئەمىر ئەلىشىرگە ئەرز قىلدى.

— كەمىنىلىرىدىن ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلىرىدىن ئايىماستىن ۋەخپە باشقۇرغۇچىسىغا ئېيتىپ قويسىلا ئىكەن. ھەر ئايدا بېرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي ئالتە ئايلىق مائاشىمنى بىر يولى بېرىۋەتكەن بولسىكەن.

ھەزرەت ئەمىر ئەلىشىر دېدى:

— مەۋلانە! ئۆمرىمىزدىن ئالتە كۈن قالغانمۇ يوق بۇنى بىلمەيمىز. شۇنداق ئىكەن نېمە ئۈچۈن سىز ئامانەت ھاياتقا شۇقەدەر ئېتىقاد قىلىپ ئالتە ئايلىق مائاشنى ئالدىنئالا تەلەپ قىلىسىز؟

مەۋلانە ئەلىشاھ دېدى:

— سىز بۇيرۇق قىلىۋېرىڭ، ئۆلارمۇ ئاقچىنى بېرىۋەرسۇن. ۋاقتى كېلىپ كۈنۈم تۈگەپ ئۆلۈپ قالسام، شۇ پۇل گۆر كېپىنىمگە يېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر ئەلىشىر ھەزرەتلىرى مۇنداق دېدى:

— ئۆلۈكىمۇ بىر بالا، تىرىكىمۇ بىر بالا دېگەنلىرى سىز ئىكەنسىز - دە؟!

***ھېكمەت:***
***ھاياتلىقتا ئىشەنمە، ئۆتكەن كۈنۈڭگە ئىشەن. بالا - قازا بىزدىن يىراق ئەمەس.***

## ئېتىگىزنى بۇنىڭدىن ئارتۇقتا ئالمىدى

بىر كۈنى ساخاۋەتلىك ئەمىر ئەلىشىر ئاجىز بىچارىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ قىزىق كۆرۈنۈشى ۋە گەپلىرى بىلەن باشقىلاردىن يۈكسەك بولغان مەۋلانە شەھابىددىن مۇدەۋۋىنگە مەرھەمەت قىلىپ ئىگەر - جابدۇقلۇق بىر ئات ئىنئام قىلدى. بۇ ئىلتىپاتتىن ئۇ ئۆزىنى ئالىي ھەزرەتنىڭ خاس كىشىلىرىدىن ھېسابلاپ، خىزمەتتۇ مۇلازىمەتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئەمىر ئەلىشىر ئاتلىنىپ بىرەر يەرگە بارىدىغان بولسا، ئۇ ھەم ئارقىسىدىن يۈرەر، قايتىپ كەلگىنىدە بولسا دەرۋازىسىدىن نېرى كەتمەس ئىدى. كاندەك يېپىشىۋالغان بۇ ئادەم تۈپەيلى ئەمىر ئەلىشىر كۆپ قىسىلدى. لېكىن ئۇنىڭغا بىرەر گەپ ئېيتىشقا، ھوزۇرىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا پېتىنالمىدى. ئاخىر چىداپ

بولـمىدى. خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئوغرى تەرىقىسىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى ۋە ئېتىنى ئوغرىلاپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىۋەتتى.

شەھابىددىن مۇدەۋۋىن ئوغرىنى ۋە ئاتنى كۆپ ئىزلىدى. لېكىن تاپالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر ئەلىشىر ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەرز ـ داد قىلدى.

ئەمىر ئەلىشىر دېدى:

ــ ئېتىڭىزنىڭ باھاسىنى بېرىمىز. پەقەت بىر شەرت بىلەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئات ساقلىمايسىز، سەپەرگە چىققان چاغلىرىڭىزدا بىزگىمۇ باش ئاغرىقى بولمايسىز.

شەھابىددىن مۇدەۋۋىن رازى بولدى.

ئەمىر ئەلىشىر خىزمەتكارىغا بۇيرىدى:

ــ مەۋلانىگە يۈز تەڭگە ئېلىپ چىقىپ بېرىڭ.

خىزمەتكار شەھابىددىن مۇدەۋۋىنگە 94 تەڭگە ئېلىپ چىقىپ بەردى. مەۋلانە ئاقچىنى ئالدى. لېكىن ئۇنى ساناپ كۆرۈپ ئەجەبلەندى ۋە دېدى:

ــ بەندىگە ئىنئام قىلىنغىنى 100 دانە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئالتە تەڭگىسى قېنى؟

سورۇندا ھازىر بولغانلاردىن بىرى جاۋاب قىلدى:

ئېتىڭىزنى بۇنىڭدىن ئارتۇقىغا ئالمىدى.

***ھېكمەت:***

***ئۆز مېلىنىڭ قىممىتىنى بىلمەسلىك نادانلىقتۇر.***

## نۇشرىۋان ئادىلنىڭ چۈشى

نۇشرىۋان ئادىل چۈشىدە توڭگۇز بىلەن بىر قاچىدا سۇ ئىچىپتۇ. ئەتىسى چۈشىنى ۋەزىرگە ئېيتتى. لېكىن ئۇ چۈشىنى ئۆرۈپ بېرەلمىدى.

ــ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەسقېتىپ قالار دەپ، ئۇزۇندىن بېرى بېشىڭنى سېيلاپ كېلىۋاتىمەن، دېدى پادىشاھ ۋەزىرگە كايىپ، ــ لېكىن سەن ھەتتا چۈشۈمنىمۇ ئۆرۈپ بېرەلمىدىڭ. ساڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن، چۈشىنىڭ تەبىرىنى يا ئۆزۈڭ، يا بولمىسا باشقا تەبىرچى بىلەن يېشىسەن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن.

ۋەزىر نۇشرىۋان ئادىل ھۇزۇرىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ يېنىپ چىقتى ۋە سارايدىكى ھەممە ئالىي مۇنەججىملەرنى توپلاپ، بولغان ئىشنى دېدى. لېكىن ھېچكىم پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر ئۆلۈمگە تەييار بولۇپ تۇرغاندى، كىمدۇر بىرى شەھەردىن تەخمىنەن ئىككى تاش نېرىدىكى غاردا بىر ھەكىمنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ۋەزىر ئاتلىنىپ شۇ ھەكىمنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ شۇ غار

جايلاشقان تۆپىلىككە يېقىنلاشقان ئىدىكى، كىمنىڭدۇر: «ھەي، ۋەزىر! تەبىرچى ئاختۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھەر ياققا ئۇردۇڭ، ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. ھالبۇكى، شۇ چۈشۈڭنىڭ تەبىرى مېنىڭ قولۇمدا ئۇنى مەن يېشىپ بېرىشىم مۇمكىندۇر» دېگەن قاتتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋەزىر ئىتىنىڭ يۈگىنىنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرىدى. قارىسا ئۇدۇلىدا بىر ياش بالا تۇرغۇدەك.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ۋەزىر.

— بۇزۇرجمېھىر، — دېدى بالا.

— نى - نى ئۆلىما ۋە تەبىرچىلەر يېشەلمىگەن چۈشنى مۇشتەك بېشىڭ بىلەن سەن قانداقسىگە يېشەلەيسەن؟

— ئالىم كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ھەر كىمگە ھەم نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، — دېدى بالا ھېچ تەپتارتماي.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ۋەزىر، — قېنى چۈشنىڭ تەبىرىنى يېشىپ كۆرچۇ؟!

— مېنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارسىلا، چۈشنىڭ تەبىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە يېشىپ بېرىمەن، — دېدى بالا.

ۋەزىر ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتتى ۋە دېدى:

— ئەگەر يېشىپ بېرەلمىسەڭ ئۇندا قانداق قىلىسەن؟

— ئۇ ھالدا ئۆلۈشكە رازىمەن، پادىشاھ سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مېنىڭ بېشىمنى ئالسۇن.

ۋەزىر بالىنى سارايغا ئېلىپ كەلدى ۋە بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ: «پۈتكۈل ھۆكۇما ۋە ئۇلۇغ ئۆلىمالار يېشەلمىگەن مەسىلىنى قانداق قىلىپ بۇ گۆدەك يېشەلىسۇن. كۆنىمىز ئەمدى شۇ گۆدەككە قالدىمۇ؟» دەپ ۋەزىرگە خىتاب قىلدى.

ۋەزىر بېشىنى ئەگكىنىچە يەرنى سىزىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئارىغا سۈكۈت چۈشتى. سۈكۈتنى بالا بۇزدى:

— شاھىم! — دېدى ئۇ، — سىلى مېنى گۆدەك كۆرۈپ مۇشكۇلۇمنى يېشىپ بېرەلمەيدۇ دەپ ئويلاۋاتىدۇلا - ھە!

— قېنى ئۇنداق بولسا يېشىپ باقە، — دېدى پادىشاھ سەل يۇمشاپ، ئۇنداق بولسا بىزنى يالغۇز قالدۇرسىلا، — دېدى بۇزۇرجمېھىر.

پادىشاھ بىلەن بۇزۇرجمېھىرنى يالغۇز قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بالا سۆز باشلىدى:

— ھەرەملىرىدىكى سۆيگەن چۆرىلىرىدىن بىرىگە كىمدۇر بىرى شېرىكلىك قىلىدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر قىسما بولۇپ قالدى. بۇ شېرىك كىمدۇر؟ ئۇ يېقىنلىرىنى

بىرمۇ بىر كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى، لېكىن ھېچكىمدىن گۇمان قىلالمىدى. سوڭ بۇزۇرجمېھىردىن سورىدى.

— ھەي بالا! سەن قىزىق بىر گەپنى قىلدىڭ. بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ سەن بۇنى قانداق بىلىسەن؟

— بۇنى ھازىر ئىسپات قىلىمەن، ئالىيلىرى! ھەرەملىرىڭىزدىكى ھەممە ئاياللارنى كۆزدىن ئۆتكۈزەيلى. ئۇلارغا بۇگۈن ھەرەم ساھىبەلىرىگە باشلىق تەيىنلەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى بۇزرۇجمېھىر پادىشاھقا.

بۇزۇرجمېھىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھەرەم ساھىبەلىرى قاتار تىزىلىپ، پادىشاھ، ۋەزىرلەر، خىزمەتچىلەر ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇرۇن پادىشاھنىڭ كۆزى چۈشكەن بىر چوڭرە ھەم بار ئىدى. ئاشۇ گۈزەل پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىش بىلەن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ ئاياغلىرى بوشىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇنى قاتاردىن تارتىپ چىقاردى ۋە قاتتىق سوراق قىلدى. كېنىزەك ئاخىر ئۆزىنىڭ پالانى دېگەن چىرايلىق بىر غۇلامغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە كېچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ھەرەمدىن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بوينىغا ئالدى. گۇناھكار جازاغا تارتىلدى. بۇزۇرجمېھىر بولسا ئوردا خىزمىتىگە ئېلىندى.

***ھېكمەت:***
***«ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا»، كىشىنىڭ يېشىغا ئەمەس ئەقلىگە قارا.***

## ئىنئامنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغىنى ياخشى

جەئفەر ئىبىن يەھيا ئىبىن خالىد[①] بىر ئادەمگە چوڭ نەپىقە تەيىن قىلدى، خەزىنىچىگە بولسا كۈندە ئاز ـ ئازدىن بېرىپ تۇرۇشقا تەيىنلىدى.
بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شۇ ئادەم ۋەزىرنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ: «ئىنئاملىرى ئازلىق قىلىۋاتىدۇ. كۈندىلىك خىراجەتلىرىمگە يەتمەيۋاتىدۇ. خەزىنىچىگە ئېيتقان بولسىلا، ياخشى نەپىقىنىڭ ھەممىنى بېرىۋەتكەن بولسا» دېدى.
جەئفەر ئىبىن يەكياھ دېدى: «ئىنئام ئاز بولسىمۇ ئۇزاققا سوزۇلغىنى ياخشى. چۈنكى ئۇ كۈندىلا بولۇۋەرمەيدۇ. ناگان ـ ناگاندا بولىدۇ.»

## ئەقىللىق قازى

بىر ئادەم يامان كۈنلەردە ياراپ قالار، دەپ دەرەخ تۈۋىگە بىر مىڭ مىسقال تىللانى كۆمۈپ قويىدى. ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ بېرىپ قارىسا ھېچ نەرسە يوق تۇرغۇدەك.

① جەئفەر ئىبىن يەھيا ئىبىن خالىد — بەرمەكىيلەر خانىدانىغا مەنسۇپ ئېسىلزادە. ئابباس خەلىپە ھارۇن ئەر ـ رەشىد (809 — 786) نىڭ ۋەزىرى.

دەرەخنىڭ تۈۋى قېزىلغان ھەتتا يىلتىزلىرىدىن بەزىلىرى قىرقىپ تاشلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم داد ـ پەرياد قىلغىنىچە قازىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ ياردەم سورىدى.

ــ ئۆيۈڭگە كېتىپ تۇر، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن خەۋىرىنى ئال. لېكىن بۇ گەپنى ھېچكىمگە ئېيتما، ــ دېدى قازى ئۇنىڭغا.

دەۋاگەر كەتكەندىن كېيىن ئاۋامنىڭ نىجاتكارى ھېسابلانمىش تېۋىپنى چاقىرتىپ ئۇنى خىلۋەتتە تارتىپ سورىدى:

ــ پالانى دەرەخنىڭ يىلتىزى راستلا پايدىلىق دورىمۇ؟

ــ شۇنداق، تەقسىر، ئۇنىڭ خاسىيىتى زور، پايدىسى بولسا چەكسىزدۇر، ــ دەپ جاۋاب بەردى تېۋىپ.

ــ يېقىن كۈنلەردە، ــ دېدى قازى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، ــ بىرەر كىشىنى شۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى بىلەن داۋالىدىڭىزمۇ؟

ــ ھە، تەقسىر، پالانى كۈنى بىر ئادەم ياردەم سوراپ كەلگەنىدى، شۇ دەرەخ يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغانىدىم، ــ دەپ جاۋاب قىلدى تېۋىپ.

قازى تېۋىپ ئېيتقان ئادەمنى ئالدىغا چاقىرتتى. قانۇن، ھېكمەت، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى پەش قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىددىي سۆزلەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەم دەرەخ ئاستىغا كۆمۈلگەن ئالتۇننى ئالغانلىقىنى بويىنىغا ئالدى ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ بەردى.

***ھېكمەت:***
***ئىش قىلغاندا ئەتراپلىق ئويلانساڭ، ھەرگىز خاتالاشمايسەن.***

## ئىسكەندەر ۋە خادىم

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ خاس كىشىلىرىدىن بىرى جىنايەت سادىر قىلدى. ئىسكەندەر خادىملىرى ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى يىغىپ: «بۇنىڭغا قانداق چارە كۆرۈش كېرەك؟» دەپ سورىدى.

ــ مەن ئالىيلىرىنىڭ ئورنىدا بولغىنىمدا ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغان بولۇر ئىدىم، ــ دېدى دۆلەت ئەركانلىرىدىن[1] بىرى.

ئىسكەندەر ئۇنى باشتىن ـ ئاياغ تىكىلىپ كۆزەتتى ۋە سوكۇتتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغىنىمنىڭ شۇكرانىسى ئۈچۈن ئۇنى ئازاد قىلدىم!

***ھېكمەت:***
***بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن جىنايەت ئۈچۈن، كەچۈرلۈك قىل. تۈزىتىش ھەممىدىن ئەلا.***

[1] ئەركان ــ خان ـ پادىشاھلارنىڭ يېقىن كىشىلىرى؛ ئەمىرلەر ۋە ۋەزىرلەر.

## ساراڭنىڭ نەيرىڭى

بىر كۈنى بىر ئادەم زەنجىرلەنگەن ساراڭنى غەزنە شەھىرىنىڭ شىپاخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ بولسا كۆپ ئۆتمەي شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇ يەردىكى ئادەملەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. ئادەملەر دىۋانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەرىر سەللە ئورىغان بىر باي ئادەممۇ بار ئىدى. پاراڭ قىزىپ ھەممە ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان بىر چاغدا دىۋانىنىڭ شېرىكى ھېلىقى ئادەمنىڭ سەللىسىنى بىر، ئىككى يەردىن كېسىۋەتتى. ھېلىقى ئادەم كېيىن بۇنى بىلىپ قېلىپ كۆپ كايىدى. دىۋانە بولسا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

— خاپا بولمىسىلا، بۇرادەر! پالانى يەردە ئۇستا بىر ياماقچى بار. بارسىلا سەللىلىرىنى بىلىنمەيدىغان قىلىپ تورلاپ ياماپ بېرىدۇ.

ئۇ ئادەم ياماقچىنىڭكىگە باردى ۋە ئىككى مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگە بېرىپ سەللىسىنى تورلاتتى. ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كىشى ھېلىقى ساراڭنى بازاردا ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ يەنە ئادەملەرنى ئەتراپىغا يىغىپ، گەپ سېتىۋاتقانىكەن. ئۇ كىشى ساراڭ بىكار بولغاندىن كېيىن يېنىغا بېرىپ ھال - ئەھۋاللاشتى.

— مەن، — دېدى ساراڭ نىھايەت، — ئەسلىدە ساراڭ ئەمەسمەن، مەن مانا بۇ مېنى يېتىلەپ يۈرگەن ئادەم بىلەن ياماقچىغا شېرىكمەن. بىز شۇ يول بىلەن خېرىدار ئىزلەپ تىرىكچىلىك قىلىمىز.

***ھېكمەت:***
***ئۆز ئىشىنى روناق تاپقۇزىمەن دەپ، باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمە.***

## بەھرام گور ۋە دانىشمەن

بەھرام گور زامانىسىدا پەزلۇھېكمەتتە يېتىلگەن بىر ھەكىم ئۆتكەنىكەن. كىشىلەر ئۇنى بەھرام گورگە تەرىپلەپ بەردى. بەھرام گور ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئىمتىھان ئالدى. ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، ۋەزىر قىلىۋالماقچى بولدى. لېكىن بىردەم ئويلىنىپ يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمەك بولدى ۋە خانى خاسقا[1] تەكلىپ قىلدى. داستىخانغا دۇنيادا بار نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى تارتىلدى. ھەكىم خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئالدى بىلەن نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ كۆردى ۋە كەينىدىن بىر يوغان توخۇ گۆشىنى پاك - پاكىز يەۋەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر توخۇ گۆشىنى يېمەككە

---

[1] خانى خاس — خان - خاقانلار ئالدىغا سېلىنىدىغان خاس داستىخان.

تۇتۇنغانىدى، بۇنى كۆرگەن بەھرام گور ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى: «بۇ ئادەم بەك ئاچ كۆز كۆرۈنىدۇ. مېنىڭ ئالدىمدا تەپ تارتماي شۇنچە نەرسىلەرنى يەپ كەتتى. ئەگەر ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىگۈدەك بولسام، مېنىڭ يوق چېغىمدا خەزىنىنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان ئوخشايدۇ». ئۇ شۇنداق ئويلىدى ـ دە، ھەكىمگە ھەدىيە ۋە تون ئىنئام قىلىپ، يولغا سېلىپ قويدى.

***ھېكمەت:***
***پاك بولۇشنى خالىساڭ، گېلىڭنى تازىلا، گېلىڭ پاك بولسا، پايداڭ دەر- يادەك. (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)***

## قۇللارنىڭ خىيانىتى

بىر كۈنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەمەدان شەھىرىگە كېلىپ خىراج تەلەپ قىلدى. ئۇ شەھەرنىڭ بېگى قورقماس ئادەم ئىدى، خىراج تۆلەشتىن باش تارتتى. بۇ بەگنىڭ ئىسمى دارا[1] ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا كۆپ قېتىم قاتتىق ئۇرۇش بولدى، لېكىن ئىسكەندەر دارانى يېڭەلمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەر ۋەزىرلىرى ۋە يېقىنلىرىنى توپلاپ كېڭەش قىلدى.

— قانداق قىلىپ دارانى يېڭىمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ يېغىلغانلاردىن.

بىر ۋەزىر مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— دارانىڭ ناھايىتى يېقىن قۇلى بار، كىمشى ئەۋەتىپ شۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش كېرەك. ئۇ قۇلغا «ئەگەر دارانى ئۆلتۈرسەڭ، نېمىنى تىلىسەڭ شۇنى بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغايلا.

ئىسكەندەر ئۇ قۇلغا ئادەم ئەۋەتتى. قۇل ماقۇل بولدى ۋە بىر كۈنى كېچىسى يەنە بىر ھەمراھى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ پىكىرلەشتى.

— ئەگەر سىزلەر دارانى ئۆلتۈرسىڭىزلەر، — دېدى ئۇلارغا ئىسكەندەر، — قوشۇنىمىزدىن سىزلەرگە ئەڭ يۇقىرى ئورۇن بېرۈرمەن.

دارانىڭ قۇللىرى باش ئېگىپ رازى بولۇشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى سەپ تارتىپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇشتى. شۇ چاغدا ھېلىقى قۇللار دارانى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىۋېلىپ ئىسكەندەرگە تاپشۇردى.

— دارانى زور ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن يەرلىكىگە قويۇڭلار، — دېدى ئىسكەندەر مۇلازىملىرىغا، — قەبرە يېنىغا بولسا ئىككى دار تىكىپ مانا بۇ قۇللارنى

---

[1] دارا — قەدىمكى ئىراندا ئۆتكەن ئەھمانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ھۆكۈمدار (مىلادىيىدىن بۇرۇن 486 — 522).

ئېسىڭلار!

ھېلىقى قۇللار ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشتى:

— ئەي ئىسكەندەر! بىزگە نېمىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ؟ ئۆزۈڭ ئادىل پادىشاھ تۇرۇقلۇق نېمىشقا زالىم سۇلتانلارنىڭ ئىشىنى قىلىسەن؟

ئىسكەندەر جاۋاب قىلدى:

— بەرگەن ۋەدەمدىن يېنىۋالغىنىم يوق. لېكىن سىزلەر خائىن ئىكەنسىزلەر. دارا شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سىزلەرنىڭ بېشىڭىزلارنى سىيلاپ يېنىدا ئاسراپ كەلدى. سىزلەر بولسىڭىزلار ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ ئۆلتۈردىڭىزلەر، خوجىسىغا خىيانەت قىلغان قۇلنىڭ ماڭا سادىق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەمدى سىزلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئورۇن مانا شۇ دار بولىدۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۆز ئىگىسىگە خىيانەت قىلغان كىشىگە باشقىلار مەڭگۈ ئىشەنمەيدۇ. پايدىغا بېرىلمە.***

## زالىم ھاكىم

بىر كۈنى نۇشىرۋان ئادىل بىر كىشىنى ئەزەربەيجانغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا: «خالايىققا زىنھار زۇلۇم قىلما!» دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇ ئادەم خېلى بىر چاغقىچە ئەقىل – ئىدراك بىلەن يۇرت سورىدى. بارا – بارا مال – بايلىق ئارتتۇرۇشقا باشلىدى، سوڭ ئۇنى شەيتان ئازدۇرۇپ، خەلققە زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇ زالىملىقتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ھەتتا بىر تۇل خوتۇننىڭ بىر پارچە يېرىنىمۇ تارتىۋېلىپ ئۆز يېرىگە قوشۇۋالدى. خوتۇن يەر ھەققىنى تەلەپ قىلىشۋىدى، ئۇنىمۇ بەرمىدى. بۇ خوتۇن ئىلاجسىزلىقتىن نۇشىرۋان ئادىلغا ئەرز قىلماق ئۈچۈن مەدائىن شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى. ئەلقىسسە، بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاشۇ شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ باردى. شۇ چاغدا پادىشاھ ئوۋدا ئىكەن، ھېلىقى خوتۇن ئۇنى ساقلاپ بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇردى. نۇشىرۋان ئادىل كېيىككە قۇش سالغان ئىكەن، كېيىك قېچىپ ھېلىقى خوتۇن ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ قالدى. ئۇنى قوغلاپ پادىشاھمۇ يېتىپ كەلدى. تۇل خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا سالام بەردى.

— ماڭا دېيدىغان نېمە گەپلىرى بار؟ — دەپ سورىدى نۇشىرۋان ئادىل.

تۇل خوتۇن بولغان ۋەقەنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بەردى. نۇشىرۋان ئادىل مۇلازىمىغا:

— ئۇشبۇ خوتۇننى ئاتقا مىنگۈزۈپ پالانى شەھەرگە ئاپىرىپ قوي، يولدا يېمەك – ئىچمەك بىلەن تەمىنلە، كۈندىلىك خىراجىتى ئۈچۈن يۈز دىنار بەر. مەن ئېيتقان كۈنى ئۇنى مەدائىنغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرىدى.

پادىشاھ ئەزەربەيجاندىكى نائىبىنى چاقىرتىۋېلىپ، ئورنىغا باشقا ئادەم قويدى. ئۇنىڭغا: «پالانى يەردە بىر تۆل خوتۇن بار ئىدى، سۈرۈشتۈرۈپ كۆر، ئۇ نەگە كەتتىكىن؟ دېرىكىنى ئالغىنىڭدىن كېيىن كېلىپ ھەممە بەگلەر ئالدىدا ئېيتۇرسەن»، — دەپ بۇيرىدى. نائىب ھېلىقى يەرگە بېرىپ تۇل خوتۇننى سۈرۈشتۈردى. قوشنىلىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— شۇ خوتۇننىڭ بىر پارچە يېرى بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يېرىنى شۇ يەرنىڭ ھاكىمى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى. ئۇنىڭ غايىب بولغىنىغا بىر ئاي بولدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز.

نائىب بۇ ئىشنى بىلگىنىدىن كېيىن نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ دەل چۈش پەيتى بولۇپ، ھەممە بەگ — ئەمىرلەر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى. ئۇ كۆرگەن — ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بەگلەرگە دېدى:

— ئەي، بەگلەر! ئەزەربەيجان بېگىدىن سوراڭلارچۇ، ئۇنىڭ قانچىلىك مال — بايلىقى بار ئىكەن؟

بەگلەر بۇرۇن ئەزەربەيجاندا نائىب بولۇپ، ھېلىقى تۇل خوتۇننىڭ يېرىنى تارتىۋالغان بەگدىن «قانچىلىك مال — مۈلكۈڭ بار؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ مال — دۇنيايىم مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭكىدىن كۆپتۇر.

— ئۇ يەرگە بېرىشتىن ئىلگىرى قانچىلىك مال — مۈلكۈڭ بار ئىدى؟ — دەپ سورىغانىدى.

— ھېچقانداق نەرسەم يوق ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. نۇشىرۋان ئادىل ئەمىر — بەگلەردىن سورىدى:

— شۇنچە مال — دۇنياغا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، بىر تۇل خوتۇننىڭ ئالىقانچىلىك يېرىنى تارتىۋېلىش كېرەكمىدى؟

— ياق، ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك ئىدى، ئۇ ياخشى ئىش قىلماپتۇ، — دېيىشتى بەگلەر بىر ئېغىزدىن.

نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئەمرى بىلەن ھېلىقى تۇل خوتۇننى پايتەختكە ئېلىپ كېلىشتى، ئۇنى ئىنسابسىز نائىب بىلەن يۈزلەشتۈردى. تۇل خوتۇننىڭ دېگەنلىرى راست چىقتى. پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن تۇل خوتۇننىڭ يېرى قايتۇرۇپ بېرىلدى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ يۈز دىنار ئىنئام قىلىندى. ئىنسابسىز بەگنىڭ تېرىسى تەتۈر سويۇلدى.

***ھېكمەت:***

***كىشى قەدىرلىك ئەمەس، كىشىلىك قەدىرلىكتۇر. (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)***

# ئىسكەندەر ۋە مەغرىب① پادىشاھى

بىر كۈنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن لەشكەرلىرى بىلەن مەغرىب پادىشاھىغا قاراشلىق بىر شەھەرنىڭ چېتىگە كېلىپ چۈشكۈن قىلدى. كەچقۇرۇنلۇقى خىزمەتكار ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ دېدى:

— بىر ناتونۇش ئادەم ھۇزۇرلىرىغا كىرمەكنى ئىستەيدۇ. ئۆزىنى مەغرىب سۇلتانىنىڭ ئەلچىسىمەن، دەيدۇ.

— مەيلى كىرسۇن، — دېدى ئىسكەندەر.

ناتونۇش ئادەم ئىسكەندەرنىڭ چېدىرىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى.

— خوش، بىزگە قانداق گېپىڭ بار؟ — دېدى ئىسكەندەر ئۇنىڭغا.

— نەۋكەرلىرىڭگە بۇيرۇ، قوللىرىمنى باغلىسۇن، سوڭ بىزنى يالغۇز قالدۇرۇشسۇن، شۇ چاغدا سۆزۈمنى ئېيتىمەن، — دېدى ئەلچى.

ئىسكەندەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلىدى. سوڭ ھەممە خادىم – مۇلازىملار پادىشاھ چېدىرىدىن چىقىپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچى ئىسكەندەرگە دېدى:

— ئەسلىدە مەن ئەلچى ئەمەس، مەغرىب سۇلتانى بولىمەن. ئەمدى خالىساڭ يا ئۆلتۈر، يا بىر قوشۇق جېنىمدىن كەچ! ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولدى. ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە قۇچاقلاپ كۆزلىرىدىن سۆيدى. سوڭ خىزمەتكارنى چاقىرىپ قوللىرىنى يەشتۈردى ۋە شۇ كېچىسى ئۇنىڭ شەرىپىگە چوڭ زىياپەت بەردى.

مەغرىب سۇلتانى قايتىشىدا ئىسكەندەرگە دېدى:

— ئەتىلىككە پۈتۈن قوشۇنۇڭ بىلەن ھازىر بولساڭ، سىلەرگە بىر توي بېرىپ، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىززەت – ئىكرام كۆرسەتسەم.

ئىسكەندەر ماقۇل بولدى.

مەغرىب سۇلتانى كېچىلەپ توي ھازىرلىقىنى قىلدى. داش قازانلاردا تۈرلۈك – تۈمەن تائاملار پىشۇرۇلدى. لېكىن سۇلتانىنىڭ ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا بارغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن ئىسكەندەر ھەممە ئەسكىرى بىلەن سۇلتان ئېيتقان مەيدانغا يېتىپ كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، سۇلتانىنىڭ سەپ تارتىپ تۇرغان لەشكىرى ئۇنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىكەن. تەھەمتەن② ۋە كۈچتۈڭگۈرلۈكتە ھەربىرى يۈز كىشىگە تەڭ كېلىدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا چېدىر تىكىلگەنىكەن...

---

① مەغرىب — غەربىي شىمالىي ئافرىقا، يەنى تۇنىس، جەزائىر ۋە ماراكەشنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئومۇمىي نامى.

② تەھەمتەن — باھادىر، پەھلىۋان. «شاھنامە» قەھرىمانلىرىدىن رۇستەمنىڭ لەقىبى.

ئىسكەندەر ئاتتىن چۈشتى. ئىككى پادىشاھ چېدىرغا كىرىپ كەتتى. مەيداندا ئىككى كۈن توي ـ تاماشا بولدى.

سوڭ ئىسكەندەر ئاتلىنىپ ئۆز قارارگاھىغا قايتتى. مەغرىب سۇلتانى ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى. خوشلىشىۋاتقان ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ ئەي، سۇلتان! شۇنچە زور قوشۇنىڭ تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇرۇشمىدىڭ، ئەكسىچە بوسۇغامغا كېلىپ باش ئۇردۇڭ؟

ــ ئەي ئىسكەندەر! ــ دېدى مەغرىب سۇلتانى تەۋەززۇ بىلەن، ــ قوشۇنۇڭدىن ئەمەس، سۇلتانىڭدىن قورقتۇم، چۈنكى كىمگە قۇت يار بولسا، شۇنىڭ قولى ئۈستۈندۇر. ئۈستۈنلۈك بولسا لەشكەرنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشىغا باغلىق ئەمەستۇر.

## يۇقىراغا زۇلۇم قىلساڭ، يۇرت قۇرۇپ كېتۇر

نۇشىرۋان ئادىل ئادالەت ئورناتماق بولۇپ، كېڭەشمەك ئۈچۈن ھەكىملەر ۋە بەگلەرنى چاقىردى ۋە ئوتتۇرىغا «يۇقىرا بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولغىنىمىز تۈزۈك؟» دېگەن سوئالنى قويدى.

بەگلەر مۇنداق دېيىشتى:

ــ ئەگەر ئۇلۇغ پادىشاھ بولاي دېسىلەر، نەۋكەرلەرنىڭ بېشىنى سىيلىسىلا، زور قوشۇن تۇپلاپ، خەلققە سېلىق سالسىلا، شۇ چاغدا دۈشمەن سىلىنى يېڭەلمىگەي.

لېكىن بۇزرۇجمېھىر ھەكىم ئۇلارغا قارشى تۇردى:

ــ سىلەر، ــ دېدى ئۇ بەگلەرگە قاراپ، ــ يامان كويغا كىرىپ قاپسىلەر. يۇقىرالارغا زۇلۇم سېلىپ، نۆكەرلەرنىڭ مائاشىنى بەرگەنگە قوشۇن كۆپەيمەيدۇ. خەلققە بىر يىل زۇلۇم قىلسىڭىز، ئىككى يىل زۇلۇم قىلسىڭىز، ئۈچىنچى قېتىم زۇلۇم قىلماق بولسىڭىز، ئەل ـ يۇرت تەرەپ ـ تەرەپكە توزۇپ كېتىدۇ، مەملىكەت خاراب بولىدۇ. ئۇ چاغدا سېلىقنى كىملەردىن يىغىسىلەر؟

***ھېكمەت:***
***يۇقىرالارغا زۇلۇم قىلما، ئۇلارنىڭ ئاھى تۇتسا زېمىن تەۋرەيدۇ.***

## سۇلتان ۋە موماي

سۇلتان مەلىكشاھ ئىسپاھان شەھىرىگە زىيارەتكە بېرىشىدا بىر مەنزىرىگە چۈشتى. ئۇنىڭ غۇلاملىرى كېچىسى بىر مومايىنىڭ سىيىرىنى ئوغرىلاپ، سويۇپ يېدى. ئەتىسى بۇ موماي سىيىرىنى پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سويۇپ يېگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. موماي ھاسىسىغا تايىنىپ زىندە رۇد كۆۋرۈكىگە بېرىپ پادىشاھنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردى. سۇلتان كۆۋرۈككە يېقىنلىشىشى ھامان موماي ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ داد ـ

پەرياد قىلدى:

— ئەي، سۇلتان! ئەرز – دادىمنى تىڭلا، بولمىسا پىلسىراتتا ياقاڭدىن ئالىمەن!

سۇلتان ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تارتتى ۋە سورىدى:

— قانداق ئەرز – دادىڭ بار مېنىڭدە؟

— بىساتىمدا پەقەت بىرلا سىيىرىم بار ئىدى، — دېدى موماي قار – يامغۇر بولۇپ يىغلاپ، — شۇنىڭ بىلەن جېنىمنى جان ئېتىپ كېتىۋاتقانىدىم. كېچە سىزنىڭ غۇلاملىرىڭ شۇ سىيىرىمنى ئوغرىلاپ يەپ كېتىپتۇ.

— بىر سىيىرىڭ ئورنىغا ئون سىيىر بېرەي، رازى بول، — دېدى سۇلتان.

— ياق ھەققىمنى غۇلاملىرىڭدىن ئالىمەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى موماي.

— بولمىسا، يىگىرمە سىيىر بېرەي، — دېدى سۇلتان. موماي بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى.

قىسقىسى، سۇلتان مومايغا سەكسەن باش سىيىر بەرمەك بولدى. لېكىن موماي بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى، گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

سوڭ سۇلتان ئاتتىن چۈشتى ۋە ياساۋۇلبېشىغا موماي ئېيتقان غۇلاملارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. جىنايەت ئۆتكۈزگەن غۇلاملار جازاغا تارتىلدى، موماي سەكسەن باش سىيىرنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيىگە راۋان بولدى.

***ھېكمەت:***
***كىمكى ئۆز – ئۆزىنى بىلسە، ئۇ نېمىدىگەن ياخشى ئىبادەتتۇر. (يۈسۈپ خاس ھاجىپ).***

## ۋەزىرنىڭ پۇشايمىنى

سۇلتان سەنجەرگە ۋەزىرى بىر كىشى توغرىسىدا غەيۋەت قىلىپ دېدى:

— پالانچىنىڭ كۆڭلى قارا، ئۆتۈپ كەتكەن يامان. ئەگەر ئۇنى تۇتۇپ ئەكەلدۈرگەن بولسىلا، كۆپ ئىشلار ئايان بولۇر ئىدى.

— بوپتۇ، دېگىنىڭچە بولسۇن، ئەتە ئەتىگەندە ئۇنى تۇتقۇزۇپ ئەپ كېلەيلى، — دېدى سۇلتان.

شۇنداق قىلىپ ۋەزىر خاتىرجەم بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندە زور ئۈمىد بىلەن سارايغا كەلدى. ئەمما ئىش كۈتكىنىدەك بولمىدى. سۇلتان ئۇ كىشىنى تۇتقۇزۇپ كەلدى – يۇ، لېكىن ئۇچىسىغا تون كىيدۈرۈپ ۋە ئات بېرىپ تارتۇقلاپ ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويدى.

ۋەزىر بۇ ھالدىن ئەجەپلىنىپ سورىدى:

— سۇلتانىم! كېچە ئۇ كىشىنى تۇتقۇزۇپ ئەپكېلىپ جازاسىنى بەرمەك بولغانىدىلە، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭغا تون كىيگۈزۈپ ۋە ئات سوۋغا قىلىپ، بېشىنى كۆككە كۆتۈردىلە. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟



www.uyghurkitap.com

— شۇ ئادەم ساڭا دوستمىدۇ ياكى دۈشمەنمىدۇ، دەپ كۆپ ئويلاندىم، — دېدى سۇلتان ۋەزىرگە، — دوست بولغىنىدا ئۇنىڭغا يامانلىق تىلەپ غەيۋەت قىلمىغان بولۇر ئىدىڭ، غەيۋىتىنى قىلغانلىقىڭدىن ئۇنى ساڭا دۈشمەن ئىكەن، دەپ پەملىدىم.

ۋەزىرنىڭ تىلى تۇتۇلدى، قىلغان ئىشىدىن كۆپ پۇشايمان يېدى.

*ھېكمەت:*
***قەيەردە پىتنە - پاسات بولسا، ئۇ يەردىن بەخت توزۇپ كېتىدۇ. (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)***

## دەردنى يوشۇرمىغان ياخشى

ھارۇن ئەر رەشىدنىڭ نىكاھىدا ئۈچ خوتۇنى بار ئىكەن. بىر چاغدا خەلىپىنىڭ ئاغزىغا قانداقتۇر بىر يارا چىقىپ قاپتۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئاغزىدىن سېسىق ھىد كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. لېكىن خوتۇنلىرى بۇنى ئېيتىشقا پېتىنالماي ھاممىسى ئارقىلىق ئېيتقۇزدى.

خەلىپە بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولدى ۋە ھاممىسىغا دېدى:

— نېمىشقا بۇنى ماڭا خوتۇنلىرىم ئېيتىشمايدۇ؟

— ئېھتىيات قىلىپ ئېيتىشمىغاندۇر بەلكىم، — دېدى ھاممىسى، — لېكىن مەن ساڭا راست گەپنى ئېيتىۋاتىمەن. ئىشەنمىسەڭ تېۋىپنى چاقىرتىپ سورا. يالغان سۆزلىگەن بولسام، ئۆلتۈر!

ھارۇن ئەر رەشىد ئەتىسى تېۋىپنى چاقىرتىپ ئاغزىنى كۆرسەتكەنىدى، تېۋىپ دېدى:

— ئەي خەلىپە! ئېغىزلىرىدا قانداقتۇر يارا پەيدا بوپتۇ. ئەگەر ئىجازەت بەرسىلىرى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىلاجىنى قىلىپ داۋالىغايمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزلىرىدىن گۈلاب ھىدى كېلىدىغان بولۇر.

— ئۇنداق بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىشنى باشلا، ئىلاجىنى قىل! — دېدى خەلىپە بىرئاز خاتىرجەملىنىپ.

تېۋىپ ئىشقا كىرىشتى ۋە دېگىنىدەك ئۈچ كۈن ئىچىدە خەلىپىنى داۋالاپ يارىسىنى ساقايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاغزىدىن راستلا گۈلاب ھىدى كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن خەلىپە خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قالدى ۋە ھاممىسى ئالدىغا بېرىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— رەھمەت سىلىگە ھامما! — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، — كېسىلىمنى يوشۇرماي ئېيتقانلىرىغا، بولمىسا بىر ئۆمۈر مېيىپ بولۇپ قالىدىكەنمەن.

خەلىپە ھاممىسىغا مىننەتدارچىلىق بىلدۈردى - يۇ، لېكىن خوتۇنلىرىغا دوق قىلىپ دەرگاھىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

***ھېكمەت:***
***ھەرقانداق دەرد ـ ئازابنى يوشۇرۇپ يۈرۈۋەرسەڭ، ساڭا كېسەللىك ئېلىپ كېلىدۇ. كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا بولىدۇ.***

## ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا

ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىغا ئاتىسىدىن ئون يەتتە ئات قاپتۇ. ئاتىسى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئاتلارنىڭ يېرىمىنى چوڭ ئوغلىغا، ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئوتتۇرانچى ئوغلىغا، توققۇزدىن بىرىنى كىچىك ئوغلىغا بېرىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغانىكەن. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا مىراس داۋاسى كېلىپچىقىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئەرز ـ داد قىلىشىپ ۋىلايەت ھاكىمى مالىك شاھنەزەر ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. بىراق مىراسنى قانداق تەقسىملەشتە ھاكىمنىڭمۇ بېشى قېتىپتۇ. نەتىجىدە پۈگە ئىسىملىك دانىشمەننى چاقىرىپ كېلىپ، ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ دەۋاسىنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىپتۇ. پۈگە ئويلاپ كۆرسە ئون يەتتە ساننى ئىككىگىمۇ، ئۈچكىمۇ ياكى توققۇزغىمۇ تەقسىم قىلغىلى بولمايدىكەن. «ھە بوپتۇ، ــ دەپتۇ ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلارغا، ــ سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، ئەته ئەتىگەن ئۆيۈڭلارغا بېرىپ مىراسىڭلارنى ئۆزۈم تەقسىملەپ بېرىمەن.»

ئەتىسى ئەتىگەن پۈگە ئېتىغا مىنىپ ئۇلارنىڭ يېزىسىغا بېرىپتۇ. تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكەن ئاكا ـ ئۇكىلار ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ.

ــ قېنى ئاتلىرىڭلارنى بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىڭلار، ــ دەپتۇ ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلارغا.

ئاكا ـ ئۇكىلار ئون يەتتە ئاتنى ئۇنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپتۇ. پۈگە ئۆزىنىڭ ئېتىنىمۇ ئۇ ئاتلارغا قوشۇپتۇ. ئاندىن ئاكا ـ ئۇكىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ:

ــ قېنى، دەپ بېقىڭلارچۇ، ئاتلار ئەمدى قانچە بولدى؟

ــ ئون سەككىز، ــ دەپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار بىردەك جاۋاب بېرىپ. شۇندىن كېيىن پۈگە ئاتلارنى تەقسىملەشكە باشلاپتۇ.

ــ ئون سەككىزنى ئىككىگە تەقسىم قىلساق توققۇزدىن تېگىدۇ، ــ دەپتۇ ئۇ.

ــ توغرا، ــ دېيىشتى ئاكا ـ ئۇكىلار.

پۈگە سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ دېمەك ئاتىڭىزنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن توققۇز ئات ساڭا تېگىشلىك، ــ دېدى ئۇ چوڭ ئوغۇلغا قاراپ.

ــ توغرا، ــ دېيىشتى بىردەك قالغانلىرى.

ــ ئون سەككىزنىڭ ئۈچتىن بىرى ئالتە بولىدۇ. دېمەك ئالتە نەپەر ئات ساڭا تېگىشلىك، ــ دېدى پۈگە ئوتتۇرانچىسىغا قاراپ.

بۇنىمۇ تەستىقلاشتى بىردەك قوشۇلغان ئاكا ـ ئۇكىلار.

ــ ئون سەككىزنى توققۇزغا تەقسىملىسەك، ــ دېدى پۈگە ئەڭ كىچىك ئوغلىغا

قاراپ، ــ ئىككىدىن تېگىدۇ، دېمەك ئىككى نەپەر ئات ساڭا تېگىشلىك بولىدۇ، توغرىمۇ؟

ــ توغرا، ــ دېيىشتى ھەممىسى بىردەك قوشۇلۇپ.

ــ تەقسىماتتىن ئېشىپ قالغان مۇنۇ بىر ئات، ئەگەر رازى بولساڭلار، ماڭا ھېساب بولسۇن، ــ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ پوگە.

ئاكا ـ ئۇكىلار خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ كېتىشتى. پوگە بولسا ئېتىنى يېتىلەپ يولىغا راۋان بولدى.

***ھېكمەت:***
***بۇ دۇنيا مېلى گويا تۇزلۇق سۇغا ئوخشاشتۇر، قانچە ئىچسىمۇ كىشى قانمايدۇ. تىلىمۇ نەم بولمايدۇ. (يۇسۇپ خاس ھاجىپ)***

## بۇلبۇل بىلەن قاغا

بىر كۈنى بۇلبۇل تال شېخىدا سايراپ تۇراتتى، يېنىغا قاغا كېلىپ قوندى ـ دە، بۇلبۇلنىڭ كۆڭۈلنى كۆيدۈرگۈچى ناۋاسىنى بۇزۇپ:

ــ ھەي، بۇلبۇل! مېنىڭ ئالدىمدا بولمىغۇر ناۋا قىلىشقا ئۇيالمامسەن؟! ــ بۇلبۇل دەسلەپ ھەيران بولۇپ، قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ دېدى:

ــ مەن ناۋا قىلسام پۈتۈن ئىقلىم زوقلىنىپ، سايراپ ـ ياشناپ كېتىدۇ. سايراشلىرىمغا ئادەمزات ئاڭلاپ قانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ماڭا ئالتۇندىن قەپەز ياسىشىپ، ياخشى دانلارنى بېرىپ ئالاھىدە بېقىشىدۇ. ئادەملەرنىڭ مېنى بوستان ھافىزى دەپ ئاتاشقانلىقلىرىدىن سېنىڭ تېخىچە خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ شۇنداق قۇشلارمۇ باركى، ئۇلارنىڭ نە كۆڭۈلگە ياققۇدەك ئاۋازى، نە ئاۋازىدا قىلچە جەلپكارلىق، يېقىملىقلىق يوق. مەسىلەن: يەر يۇتقۇر، پوق يەيدىغان، ساڭا ئوخشاش قۇشلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

ــ ھاي، ئۆپكەڭنى باس! ــ دېدى بوينىنى سوزۇپ قاغا، ــ مەن بىلەن بىرگە ئۇچقىن، نېرىقى يېزىغا بارايلى، بىرەر ئەقىللىقتىن ئىككىمىزدىن قايسىبىرىمىزنىڭ ئاۋازىمىزنىڭ يېقىملىقلىقىنى سوراپ كۆرەيلى. ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولسۇن. لېكىن شەرت شۇكى، كىمنىڭ ئاۋازى خۇشخۇي دەپ بېكىتىلسە ئۇ رەقىبىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالىدۇ، ــ دېدى.

بۇلبۇل رازى بولدى. ئىككىسى يېقىن ئەتراپتىكى بىر يېزىغا قاراپ ئۇچتى. كېلىپ قارىسا بىر ھويلىنىڭ ئالدىدىكى چوڭقۇر پاتقاقتا بىر توڭگۇز ئېغىناپ ياتقانىكەن. ئەپسۇس، ئاشۇ توڭگۇزغا مۇراجىئەت قىلىشتى:

ــ ھاي توڭگۇزجان، بىز ئىككىمىز ئۇتۇشماق ئويىنىغانىدۇق. سەن ئېيتقىنچۇ، قايسىمىزنىڭ ئاۋازىمىز يېقىملىق؟ ــ دېدى قاغا.

www.uyghurkitap.com

— ئېنىقكى، قاغىنىڭ ئاۋازى يېقىملىقراق، چۈنكى ئۇ يوغان، ماڭا ئۇنىڭ ئاۋازى بەك ياقىدۇ، — دېدى توڭگۇز.

قارغا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بۇلبۇلنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇۋالدى — دە، لېۋىك قىلىپ قانات قېقىپ قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. كونا جايىغا قاراپ بۇلبۇلمۇ يول ئالدى. لېكىن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ناۋاسى تېخىمۇ غەمكىن ۋە مۇڭلۇق بولۇپ قالدى.

ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ قاغا يەنە بۇلبۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ قوندى ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن:

— ھە، تەنتەك بۇلبۇل، بەسلىشىشتە ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئىككى كۆزۈڭدىن ئايرىلدىڭ، ئەمدى ئەپسۇس - نادامەت چېكىۋاتقانسەن؟! تەقدىرگە تەن بېرىپ سايرىماي يۈرۈۋەرگىن! — دېدى.

— كۆزلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشقا نىسبەتەن ئۆكۈنۈشۈمدىن كۆرە، — دەپ جاۋاب بەردى بۇلبۇل، — بەلكى ساڭا ئوخشاش بىر نېمىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، تەقدىرىمنى قاراپ تۇرۇپ لەنىتى توڭگۇزغا تاپشۇرۇپ قويغىنىمغا نىسبەتەن تېخىمۇ بەكرەك ئەپسۇسلىنىپ ئېچىنىمەن.

***ھېكمەت:***
***كىشى زېرەك بولمىسا، ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ئىنسان ئۆز ئىشىنى زېرەكلىك بىلەن ئىشلەيدۇ. (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)***

## دانا

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى چۈشۈپتۇ. ئەتىگەندە پادىشاھنىڭ بارلىق ئايغاقچىلىرى ئوغرىنىڭ كەينىدىن ئىزدەشكە چۈشۈپتۇ ۋە ئاخىر ئوغرىنى تۇتۇپ كەپتۇ. پادىشاھ ئوغرىنى ئۆزى سوراق قىپتۇ. ئاندىن قانداق جازالاش توغرىسىدا ۋەزىرلىرى بىلەن كېڭىشىپتۇ. باش ۋەزىر ئوغرىنىڭ قول - پۇتلىرىنى چېپىپ تاشلاشنى تەۋسىيە قىپتۇ. پادىشاھ ئادەتتىكىچە قىزىغا مۇراجىئەت قىپتۇ. مەلىكە ۋەزىر ئېيتقان جازانى توغرا دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرانچى ۋەزىردىن سوراپتۇ. ئۇ ئوغرىنى ئوتقا يېقىش لازىم دەپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى بۇ پىكىرگىمۇ قوشۇلۇپتۇ. كىچىك ۋەزىرنىڭ پىكرى قىزىق بوپتۇ. ئۇ ئوغرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۈستىبېشىنى يېڭىلاپ، قويۇپ بېرىشنى مەسلىھەت قىپتۇ. پادىشاھ قىزىغا قاراپتۇ. دانىشمەن قىز كىچىك ۋەزىرنىڭ ھۆكۈمىنى ھەم توغرا دەپ تەستىقلاپتۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دەپتۇ پادىشاھ تەئەججۈپلىنىپ، — بۇ قانداقچە بولىدۇ قىزىم! ئۈچىلا ۋەزىرنىڭ پىكرىنى باراۋەر، توغرا دېيىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

مەلىكە جاۋاب بېرىپتۇ:

— باش ۋەزىرنىڭ ئاتىسى قاسساپ بولغىنى ئۈچۈن شۇ يوسۇندا ئىش تۇتتى.

ئوتتۇرانچى ۋەزىر ئوت ياققۇچى ئائىلىسىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن بۇ ئوغرىنى ئوتقا يېقىشنى ماقۇل تاپتى. كىچىك ۋەزىر ياخشى ئادەمنىڭ پەرزەنتى ئىكەن. ئالىيجانابلىق بىلەن ئىش تۇتتى.

— باركاللا قىزىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — پادىشاھ قىزى مەلىكىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، — سېنى دانا دەپ ئاتاش بىكار ئەمەسكەن.

***ھېكمەت:***

***كىشىنىڭ سۆز ـ ھەركىتى ئۆزىگە مەلۇم بولغان تەرەپكە كۆپرەك مايىل بولىدۇ. ھەركىم كۆرگەننى سۆزلەر دېگەن ئەنە شۇ.***

## بېخىللار

ئۈچ يىگىت ھەمراھ بولۇپ سەپەر قىلىشىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا، كەچلىك تاماق يېيىشىپتۇ ۋە شۇ جەرياندا ئۆزلىرىنىڭ ئەل ـ يۇرتنى تاشلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىشىپتۇ.

— قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ئارىسىدا، ئۆزۈم بىلەن تەڭتۇشلىرىم بار. ئۇلار ياخشى يەپ ئىچىشىدۇ. چىرايلىق كىيىنىشىدۇ. ئۇلارنى كۆرۈشكە كۆزۈم يوق، شۇ سەۋەبتىن ئەل ـ يۇرتۇمنى تەرك ئېتىشنى قارار قىلدىم، — دېدى ئۇلاردىن بىرى.

— ئىككىمىزنىڭ دەردىمىز ئوخشاش ئىكەن ئاغىنە، — دېدى ئىككىنچىسى.

— مەنمۇ شۇ سەۋەبتىن جاھان كېزىشنى قارار قىلدىم، — دېدى ئۈچىنچىسى.

ئۇلار ئۈچىسى شۇ تەرىقىدە يولنى داۋاملاشتۇردى. بىر يەرگە كەلگەندە، يولدىن بىر خالتا ئالتۇن تېپىۋالدى. بىراق تەقسىمات جەرياندا بىرلىككە كېلەلمەي، جېدەللىشىپ قېلىشتى. شۇ چاغدا، ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ پادىشاھ يېتىپ كەپتۇ. جېدەللىشىۋاتقان يىگىتلەرنى كۆرۈپ توختاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، سەپەر سەۋەبلىرىنى، مۇرات ـ مەقسەتلىرىنى سورۇشتۇرۇپتۇ.

— مەن ھېچكىمگە ياخشىلىق قىلمىغانمەن، بىرەر كىشىنىڭ مېنىڭدىن خۇرسەن بولۇشىنى خالىمايمەن، — دېدى ئۇلاردىن بىرى.

— ئەگەر بىراۋنىڭ بىرەر كىشىگە ياخشىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسەم، ئەلەمدىن كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇم قاچىدۇ، — دېدى ئىككىنچىسى.

— خەيرىيەت ۋە ياخشىلىق يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشنى خالايمەن، — دېدى ئۈچىنچىسى.

پادىشاھ بۇلاردىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، بىرىنى مەملىكەتتىن چىقىرىۋېتىشكە، ئىككىنچىسىنى ئۆلۈمگە، ئۈچىنچىسىنى بولسا كىشەنلەپ چۆل ـ باياۋانغا ئاپىرىپ تاشلاشقا ھۆكۈم قىپتۇ.

***ھېكمەت:***

www.uyghurkitap.com



***ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ، ئورۇنسىز يەر بولسىمۇ، چۈنكى ياخشىلىق ئۇرۇقى قەيەرگە چېچىلسا، ھەرگىز زايا بولمايدۇ. (ئابدۇقادىر ئەزىزى)***

## يولۇچىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

بىر ئادەم ساياھەتكە چىقىپ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ، يېقىن ئەتراپتا يا كېمە، يا كۆۋرۈك يوقكەن. يولۇچى دەريادىن كېچىپ ئۆتسەم ھايات قېلىشىم ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا جەسىتىممۇ تېپىلماسلىقى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ئامالسىز جايىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

شۇ يەرگە يېقىن يەردە تۇرۇشلۇق بىر ئادەم ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىكتە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى يۇدۇپتۇ. بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم مەيدىسىگىچە سۇغا كىرىپ شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان ئېقىنغا تاقابىل تۇرۇپ، بۇ يولۇچىنى ساق ــ سالامەت قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

يولۇچى سەپەردە بولغاچقا، پۇلى كۆپ ئەمەسكەن، شۇڭلاشقا يېنىدىكى بوپىسىدىن ئازراق پارچە پۇل ئېلىپ ئاق كۆڭۈل ئادەمگە بېرىپتۇ. بىراق ئاق كۆڭۈل ئادەم ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. يولۇچى دەريا بويىدا خىجىل بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۇ ئادەم يەنە ئۇدۇل قىرغاققا بېرىپ، دەريادىن ئۆتەلمىگەنلەرنى داۋاملىق بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

يولۇچى ئەسلىدە بۇ ئادەم باشقىلارنى يۇدۇپ دەريادىن ئۆتكۈزۈشكە خۇشتار ئىكەن، ئۇ بۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرگەنىكەن، ئۇنىڭ ياردىمىنى خاتىرجەم قوبۇل قىلاي، دەپ ئويلاپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئەمدى مەن سەندىن مىنەتدار بولمايمەن، قارىسام، سەن غەلىتە ئادەم ئىكەنسەن، سېنىڭ باشقىلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە ياردەملىشىدىغان ھەۋىسىڭ بار ئىكەن، ــ دەپتۇ.

يولۇچى سەپىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە، ھېلىقى ئادەم ئۇنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ئۇنىماپتۇ. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا يولۇچى يەنە بىر قېتىم ئامالسىز تۇرۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***گەرچە ئۇ ئۆزىدە باشقىلارغا خالىس ياردەم قىلىشتەك خىسلەتنى يېتىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا چوقۇم باشقىلارغا ياردەم قىلىدىغان مەجبۇرىيەت يوق. گەرچە ئۇنىڭ ساڭا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتى بولسىمۇ، سەن ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك. باشقىلارغا داۋاملىق تەشەككۈر ئېيتىپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان ياردەم قىلىش مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ.***

## پوچى تۆلكە

بىر كۈنى، بىر توپ تۆلكە دەريا بويىغا توپلىشىپتۇ، دەريا سۈيى ناھايىتى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان بولغاچقا، ئۇسساپ كەتكەن تۆلكىلەر قەيەردىن سۇ ئىچسە بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ.

— بولمىسا دەرياغا چۈشۈپ سىناق باقايلى، — دەپتۇ بەزىلەر. بىراق ھېچقايسىسى دەرياغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.

— سىلەر قورقۇنچاقتەك قىلىسىلەر، دەرياغا چۈشۈپ باقىدىغان ئىشقۇ شۇ، ماڭا قاراپ تۇرۇڭلار، — دەپتۇ بىرى.

تۆلكىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا بولۇپ، ھەممىسى نەسىھەت قىلىپتۇ:

— بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمىغىن، مۇبادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

ھېلىقى تۆلكە ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن كېرىلىپ:

— سىلەرگە قەيەرنىڭ ئەڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپلا دەرياغا سەكرەپتۇ. بىراق جىددىي ئېقىن تۆلكىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. دەريا بويىدىكى تۆلكىلەر ئۇنىڭغا قاراپ:

— بىزدىن ئايرىلمىغىن، قايتىپ كېلىپ بىزگە قەيەردىن سۇ ئىچسە بىخەتەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

دەريا سۈيىدە ئېقىپ كەتكەن تۆلكە دەپتۇ:

— مەن مىلىپتۇسقا خەت ئاپىرىپ بەرمەكچى، قايتىپ كەلگىنىمدە ئاندىن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي!

بىراق ئۇ قايتىپ كەلمەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***پوچىلىق بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.***
***كۆپ ھاللاردا ئادەملەر پوچىلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ. نەتىجىدە كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىنى ئىسراپ قىلىپ مەغلۇپ بولىدۇ.***

## كېسەل داۋالاش

بىر ئادەم ياخشى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ياتسىلا بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالماي، ئەتىسى روھسىز ئورنىدىن تۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ.

— كۆڭلىڭىز پاراكەندىمۇ قانداق؟ — سوراپتۇ دوختۇر.

— ياق، ناھايىتى ياخشى، بىرەر غېمىممۇ يوق.
— ئەمسە نېمە ئۈچۈن ئۇخلىيالمايسىز؟
— سىز بىلمەيسىز، بۇنىڭغا چىدىغىلى بولمايدۇ، پۈتۈن بىر كېچە قىلىپ ئۇخلىيالمايمەن. ئوڭدا ياتسام دۈمبەم ئاغرىيدۇ، دۈم ياتسام قورسىقىم ئاغرىيدۇ، يېنىچە ياتسام بېلىم ئاغرىيدۇ، ئولتۇرسام كاسام ئاغرىيدۇ... قانداقلا ياتسام ئۇخلىيالمايمەن، ئاغرىققا چىدىغىلى بولمايدۇ. ئاخىر ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ تاڭنى ئاتقۇزىمەن.
— بىراق مەن سىزنى تەپسىلىي تەكشۈردۈم. سالامەتلىكىڭىز ئىنتايىن نورمال، — دەپتۇ دوختۇر ئەجەبلىنىپ.
— مەن بىر قانچە دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقتىم، نۇرغۇن دورىلارنى يېدىم، بىراق يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇ دوختۇرلارمۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتقان، ئەمدى قانداق قىلسام بولار، ھەر كۈنى ئاغرىقنىڭ دەستىدىن كارىۋاتنى چىقىۋەتكۈم كېلىدۇ، — دەپتۇ بىمار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي.
— كارىۋىتىڭىزدا چاتاق بارمۇ قانداق؟ سىز ئالدى بىلەن كارىۋاتنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ دوختۇر.
بىمار ئۆيىگە بېرىپ كارىۋات تەگلىكىنى ئۆرۈپ قارىسا تەگلىك ئاستىدا دىگەندەك تارازا تېشى تۇرغۇدەك.

***ھېكمەت:***
***بىز دائىم بەزىبىر ئاۋارىچىلىكلەرگە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىمىز ھەم ئار-تۇقچە ئويلايمىز. نەتىجىدە مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تاپالمايمىز. سەل قارىغان كىچىككىنە مەسىلە ئاخىر ئىشلارنى مۇرەككەپلەشتۇرۇۋېتىدۇ.***

## ئۆچكە بىلەن ئېشەك

دېھقان بىر ئۆچكە ۋە بىر ئېشەك بېقىپتۇ. ئېشەكنى بازاردىن سېتىۋالغان ياخشى يەم - خەشەك بىلەن بېقىپتۇ. بىراق ئۆچكىنى تاغ باغرىغا ئۆزى ئوتلاپ كېلىشكە قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆچكە بۇنداق ئادىل بولمىغان مۇئامىلىگە نارازى بولۇپ، ئەگەر ئېشەك ئاغرىپ قالسا، ئۇ يەيدىغان ياخشى يەم - خەشەكلەر مېنىڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپتۇ.
ئۆچكە كۆڭلىدە چوت سوقۇپ، ئېشەككە دەپتۇ:
— سەن كۈن بويى مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەيسەن، ساڭا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىردەم تۈگمەن چۆرۈيسەن، بىردەم ئېغىر يۈكلەرنى توشۇيسەن، يالغاندىن ئاغرىپ يېتىۋالساڭ ياخشى ئارام ئېلىۋالاتتىڭ ئەمەسمۇ؟
ئۆچكە ئەسلىدە، ئەگەر ئىگەم ئېشەكنىڭ يالغاندىن ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلىۋالسا ئېشەككە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. ئۇ ھالدا ياخشى يەملەر مېنىڭ بولىدۇ، دەپ

ئويلىغانىكەن.

ئېشەك ئۆچكىنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا پۇتلىشىپ يىقىلىپ ئېغىر يارىلىنىپ قوپالماپتۇ، دېھقان ئالدىراپ - تېنەپ دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ:

— ئائىلىمىزدىكى ئېغىر - يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېشەككە تايىنىپ قىلاتتىم ئېشەك ساقايسىلا بولاتتىغۇ، — دەپتۇ.

— ئاڭ ياخشى ئامال ئۆچكىنىڭ ئىچ باغرىنى قايىنىتىپ ئېشەككە ئىچۈرۈڭ، بۇنىڭ ئۈنۈمى بەك ياخشى، — دەپتۇ دوختۇر. دېگەندەك، دېھقان ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ، ئېشەكنى داۋالاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***مەككار ئادەملەر ھەممە ئىشتا مەككارلىق قىلىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن غېمىمۇ شۇنداق.***
***ھەسەت قىلىش كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت، چۈنكى ھەسەت قىلىشتىن كېلىپچىققان خاتالىقتا نىسبەتەن شۇنىڭغا يارىشا «جاۋاب» بولىدۇ.***

## تۆرمۆشنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش

ئوتۇنچى ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىنلا ئوتۇنلىرىنى يۈدۈپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، شۇ پۇل بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى باقىدىكەن. ئوتۇنچىنىڭ ئوغلىمۇ بارا - بارا چوڭ بولۇپ، ئوتۇنچىغا بويلىشىپتۇ. ئوغلىدا جاپادا قورقماسلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىر كۈنى ئوتۇنچى ئوغلىنى چاقىرىپ:

— ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ زىممەڭگە ئېلىشىڭ كېرەك، ئەتىدىن باشلاپ مەن بىلەن بازارغا ئوتۇن ساتقىلى بارىسەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئوغلى ئىككى باغلام ئوتۇننى كۆتۈرۈپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ قاتتىق چارچاپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن دادىسىغا بارغۇسى يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ.

دادىسى ئوغلىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن مۈرىسىگە قاراپ، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ، ئۇنى ئۆيدە ئارام ئېلىشقا قالدۇرۇپ ئۆزى ئوتۇنچىلىقىنى قىلىۋېرىپتۇ. زىيادە چارچاشتىنمۇ ياكى ياشىنىپ قالغانلىقتىنمۇ، بىر كۈنى ئوتۇنچى يېرىم يولدا يىقىلىپتۇ، شۇ يىقىلغىنىچە يېرىم ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. تۇرمۇشنى قامدايدىغان كىرىم مەنبەسى ئۈزۈلۈپتۇ، ئوتۇنچى ئۆيدە يەيدىغان نەرسە قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئوغلىنى چاقىرىپ:

— بۇ ئائىلە ئەمدى پۈتۈنلەي ساڭا قاراشلىق بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

ئوغلى لەۋلىرىنى چىشلەپ، ئوتۇننى كۆتۈرۈپ بازارغا مېڭىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوغلى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ، ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستا دادىسىدىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە تاغدىن ئوتۇن كېسىپ باغلاپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپتۇ. كۈنلەر

ئۆتۈپتۇ، ئوغلىغا ئەمدى ئەپكەش ئېغىر، يول يىراق بىلىنمەپتۇ، ئۆزىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلماپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار جاپالىق مۇھىتتا ئاندىن رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.***
***جاپا ــ مۇشەققەت ئادەمگە ئېغىر يۈكنى يۈكلەش بىلەن بىرگە، يەنە شۇ يۈكنى كۆتۈرەلىگۈدەك كۈچمۇ ئاتا قىلىدۇ.***

## دېھقاننىڭ قىزى

شىر دېھقاننىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، دېھقاندىن قىزىنى ئۆزىگە بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دېھقاننىڭ بىر تەرەپتىن قىزىنى بۇ ياۋايى ھايۋانغا قوشۇپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي بىر ئامال ئويلاپ تېپىپتۇ. بىر كۈنى شىر يەنە سۆيلەپ كەلگەندە دېھقان:

ــ مەن ساڭا قىزىمنى بېرىشكە رازى، بىراق قىزىم سېنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىڭ بىلەن ئۇچلۇق تىرناقلىرىڭدىن قورقىدىكەن، مەنمۇ قىزىمغا بىرەر زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر تىرناقلىرىڭنى كېسىۋېتىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىڭنى ئېكەك سېلىپ تەكشىلىگەن بولساڭ مەن تويۇڭلارغا دەرھال قوشۇلغان بولاتتىم، ــ دەپتۇ.

شىر ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

ــ قىزىڭنى بېرىدىغانلا ئىش بولسا ھەر قانداق شەرتىڭگە قوشۇلىمەن. مەن ھازىرلا دېگىنىڭدەك قىلاي، ــ دەپتۇ.

شىر قايتىپ بېرىپ ئۇچلۇق تىرناقلىرىنى كېسىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى بىلەي بىلەن تەكشىلەپ، ئۆزىنى ياساپ دېھقاننىڭ ئۆيىگە كېلىن كۆچۈرگىلى كەپتۇ. بىراق ئەمدىلا ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشىگە كالتەك تۇتۇپ تۇرغان دېھقان ئۇنىڭغا قاراپ كەپتۇ، ئەلپازىمۇ ناھايىتى يامان ئىكەن، شىر سەگەكلىشىپ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپتۇ. ئەمما كالتەك باش ـ كۆزلىرىگە يامغۇردەك تېگىشكە باشلاپتۇ. شىر ھېچقانداق قارشىلىق قىلالماپتۇ، چۈنكى شىرنىڭ ئۇچلۇق تىرناقلىرى بىلەن ئۆتكۈر چىشلىرى ھەيۋىسىنى يوقاتقانىكەن. ئاخىر شىر باياۋان تەرەپكە قېچىپ جېنىنى ساقلاپ قاپتۇ، چاتاق بولغىنى، ئۇچلۇق تىرنىقى، ئۆتكۈر چىشى بولمىغاچقا ئوۋ ئوۋلىيالماي ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئەۋزەللىكىدىن ئوڭايلا ۋاز كېچىش ئاقىلانە***

***لىك ئەمەس، مۇبادا ئەۋزەللىكنى قولدىن بېرىپ قويسىڭىز، قايتۇرۇۋالمىقىڭىز ناھايىتى تەس.***

## بالا بىلەن مۇئەللىم

بىر كۈنى بىر بالا دەريا بويىدا يۈيۈنۈۋاتقاندا تۇيۇقسىز پۇتى تارتىشىپ قېلىپ، خەتەرلىك ئەھۋالدا قاپتۇ. بالا سۇغا بارغانسېرى چۆكۈپ، بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قاپتۇ.

بالا سۇدا قاتتىق تىركىشىپ تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى غىل - پال كۆرۈپ قاپتۇ ۋە «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆز مەيلىچە سۇ ئۈزۈپ، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن دەپتۇ:

— نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسەن. ئۆزى يالغۇز سۇغا چۆمۈلۈشنىڭ قاراملىق ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن! مەن نەچچە رەت دېدىم.

مۇئەللىم دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىسىنى ئەيىبلەۋېرىپتۇ.

ئوقۇغۇچىنىڭ ئېغىزىغا يەنە سۇ كىرىپ كېتىپتۇ، ئوقۇغۇچى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئالدى بىلەن مېنى قۇتقۇزۇڭ، ئاندىن ئەيىبلەڭ، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئىشلارنىڭ ئېغىر - يېنىكى، ئالدىرىماي قىلىدىغىنى ۋە جىددىي قىلىدىغىنى بار. مۇھىمىنى ئەڭ بۇرۇن قىلىڭ.***
***جانغا خەۋپ يېتىدىغان چاغدا ئالدى بىلەن ياردەم قىلىڭ ۋە قۇتقۇزۇڭ، ئاندىن ئەيىبلەڭ ۋە تەربىيە بېرىڭ.***
***سۆزلەيدىغان چاغدا سۆزلەڭ، قىلىدىغان چاغدا قىلىڭ، بىراق پۇرسەت ۋە سورۇنغا قاراڭ.***

## ئوغرى بىلەن ئۆي ئىتى

بىر دېھقان بىر ئىت بېقىۋاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەيدىكەن، كېچىسى ئىتنى دەرۋازىغا قاراشقا قويۇپ، ئوغرىدىن ساقلىنىدىكەن. دېھقان ئىتقا ئىنتايىن كۆيۈنگەچكە ئىت ئۆزىنىڭ دەۋازىغا قاراش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىپتۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن دېھقاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئىت سىرتتا دەرۋازىغا قاراپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئوغرى ئىمىسقىلاپ يۈرۈپ دېھقاننىڭ ئۆيىگە يېقىنلىشىپتۇ، ئاندىن تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشۈپتۇ. ئىت بىر قارا كۆلەڭگىنى غىل - پال كۆرۈپ قېلىپ، بىرى ئوغرىلىققا كىردى دەپ ئويلاپ قاتتىق قاۋاپتۇ.

ئوغرى ئىتنىڭ توختىماي قاۋاۋاتقانلىقىنى، پالاننىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى

كۆرۈپ، يانچۇقىدىن بىر پارچە بولكىنى چىقىرىپ ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ ۋە بوش ئاۋازدا ئىتقا دەپتۇ:

ــ ھاي، قاۋىما، بۇ بولكىنى ساڭا بەردىم.

ئىت ئوغرىغا قارىۋېتىپ دەپتۇ:

ــ سېنىڭ مەقسىتىڭ ماڭا ئايان، بولكىنى ماڭا بېرىشىڭ مېنىڭ ئىگەمنى ئويغىتىۋەتمەسلىكىم، ئىگەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىشىڭ ئۈچۈندۇر. ئەگەر سەن ئىگەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلاپ كەتسەڭ، بۇنىڭغا مەنمۇ چېتىلىپ قالىمەن، ئىگەم مېنىمۇ جازالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ كۈن كەچۈرەلمەيمەن؛ ئەگەر سەن ھەممەيلەننى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ بۇ بىر بولكا مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوزۇقۇم بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە مەنمۇ ياشىيالمايمەن؛ ئەگەر سەن ياخشى نىيىتىڭ بىلەن، مېنى قورسىقى ئېچىپ كەتتى دەپ بۇ بولكىنى بېرىپ مېنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولغان بولساڭ خاتالىشىپسەن، مەن بىر پارچە بولكا ئۈچۈن بۇرچۇمنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەن قاۋاپ ئىگەمنى ئويغىتىپ، ئۆيگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىمەن. مەن كۆز ئالدىمدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلاردىن ئەمەس.

ئوغرى پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، قايتىپ كېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كۆز ئالدىڭىزدىكى مەنپەئەت ۋە ئېزىقتۇرۇشلارغا ئالدانماڭ، ئىشنىڭ ئالقىنى ۋە كەلگۈسىنى ئويلاڭ.***

***كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت ھەقىقەتەن ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. بىراق كەلگۈسىدە ئۇنداق جەلپ قىلالماسلىقى ياكى ئېغىر ئاقىۋەتلىك بولماسلىقى مۇمكىن.***

## بەرمىگەندىن بەرگەن ياخشى

بىر ھېيلىگەر سوقراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ بىر ئەبلەختىن ئون تەڭگە قەرز ئالغانىدىم، قايتۇرۇشقا پۇل تاپالماي غەمدە قالدىم. ئۇ ئارام بەرمەي، ھەر كۈنى سۈيلەپ كېلىدۇ، سۆزلىرى يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانجىلىدۇ، كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. خۇدا ئۈچۈن ماڭا ئون تەڭگە پۇل بەرگەندەكلا كېلىشۋېرىپ، بوسۇغامنى تېشىۋەتتى، بىر ھىممەتلىك كىشى چىقىپ ماڭا ياردەم بەرسە بولاتتى، ــ دەپتۇ يىلىنىپ.

سوقرات بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىككى تەڭگە بېرىپتۇ. ئىككى قولىغا تەڭگىنى ئېلىپ، كۆلۈپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان بىر كىشى سوقراتقا:

ــ ئۇ يالغانچى، ئۆچرىغانىنى ئالدايدىغان ھېيلىگەر، ئۆلگەندىمۇ ئەل يىغلىماس ئاق

نانچى، ئۇ ھەتتا شىرىنمۇ ئالداپ، ئىگەرلەپ مىنەلەيدۇ، ــ دەپتۇ.

سوقرات بۇ سۆزدىن ئاچچىقلىنىپ:

ــ سىنىڭ بىلگەنلىرىڭ بەلكى نائىنىقتۇر. مەن ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى ھۆرمىتىنى ساقلىدىم. توغرا ئادەم بولسا، ئۇنى ياقلايمەن، ئەگەر سۆزى ھىيلە ۋە يالغان بولسا، ئاخىر ئۆزى پۇشايمان يەيدۇ. مەن ئىككى تەڭگە بېرىپ، ئۆز قەدرىمنى ساقلىدىم ۋە ئېھسان ئېرىش ئەھدىمنى بەجا قىلدىم. ياخشىغۇ، يامانغىمۇ ئېھسان قىلىش، شۇنداقلا، بەرمىگەندىن بەرگەن ياخشى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ياخشىلىق نەچچە يىللار ياشىسىمۇ قېرىمايدۇ، يامانلىقنى قانچە پەرۋىش قىلسىمۇ تۈزەلمەيدۇ. (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)***

## ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە

سوقرات شاگىرتلىرىدىن:

ــ دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، شاگىرتلىرىدىن بىرى:

ــ كامىل ئەقىل، ــ دېسە، ئىككىنچىسى:

ــ ياخشى دوست، ــ دەپتۇ.

يەنە بىر شاگىرت:

ــ چارە ـ تەدبىر، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سوقرات ئۇلارنىڭ پىكرىنى توغرا تاپماپتۇ.

شۇ چاغدا يەنە بىر شاگىرت:

ــ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە ــ پاك قەلب، ــ دەپتۇ.

سوقرات بۇ شاگىرتىنىڭ سۆزىنى قوللاپ:

ــ بارىكاللا، توغرا ئېيتتىڭ. بۇ بولسا، ئاۋۋالقىلارنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. پاك قەلب ــ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە، ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***پاك قەلبلا بولىدىكەن، ھەممە بولىدۇ.***

## ياخشىلىقتا ئوقۇلغان ئاپىرىن

بەھرام گور بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ بىر كېيىكنى ئۇچرىتىپ ئۇنى ئاتماقچى بولۇۋاتقاندا، كېيىك قېچىپ كېتىپتۇ. بەھرام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، قوغلا بىر قەبىلە ياشايدىغان يەرگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ قەبىلىنىڭ قەبىسە ئىسىملىك بىر سەردارى بار ئىكەن. كېيىك قورقانلىقىدىن بىتاقەت بولۇپ، قەبىسەنىڭ چېدىرىغا كىرىۋېلىپ، ئۆزىگە خاس يېلىنىش بىلەن ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەپتۇ. قەبىسە ئۇنىڭ سۆيلىرىپتۇ، قارنىنى تويدۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بەھرام چېدىر ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، قەبىسەگە دوق قىپتۇ:

— ئەي ئەرەب، مېنىڭ ئوۋلىماقچى بولغان كېيىكىم چېدىرىڭغا كىرىپ كەتتى. دەرھال ئۇنى چىقىرىپ، ماڭا تاپشۇر!

— ئەي ياخشى يىگىت، مەندىن باشپاناھ ئىزدەپ چېدىرىمغا كىرگەن جانىۋارنى قولۇڭغا تاپشۇرۇشۇم ئىنسانىيەتچىلىك ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەبىسە.

بەھرام قاتتىق سۆزلەپ، ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ كېلىپ، كېيىكنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قەبىسە ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي:

— ئەي يىگىت، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلما، مەندىن پاناھ ئىزدەپ چېدىرىمغا كىرگەن بىچارىنى نېمىشقا سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن؟ قولۇڭدىكى ئوق بىلەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ، شۇ چاغدىلا كېيىكنى ئالالايسەن. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ، قەبىلەمنىڭ ئەھلى سېنى تىرىك قويمايدۇ. كەل، ئۆز جېنىڭغا رەھىم قىلىپ، بۇ جانىۋارنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىڭدىن قايت. ئەگەر ھەۋەسىڭنىڭ قېنى تىنچ قويمىسا، ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا باغلاقلىق تۇرغان چىرايلىق چاپقۇر ئېتىمنى ئېگەر – جابدۇقى بىلەن ساڭا بېرەي، — دەپتۇ.

بەھرام قەبىسەنىڭ ياخشىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېتىغا ئىلتىپات قىلماي، سارىيىغا قايتىپ، ئەتىسى قەبىسەنى ئوردىسىغا چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئەزىزلەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۇچۇن ئوچۇق قول بولۇش كېرەك، ئوچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولالمايدۇ. (ئابدۇقادىر ئەزىزى)***

## ھۆددە قىلالىساڭ

بۇقرات ئىلمۇھېكمەتتە روناق تېپىپ، شۆھرىتى ئالەمگە يېيىلغاندىن كېيىن، تەنھالىقنى ئىختىيار قىپتۇ ۋە بىر غارغا كىرىپ شۇ يەردە ياشاشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ كېسەل بولۇپ قېلىپ، بۇقراتنى ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

بۇقرات ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىرنىڭ ئۆزى بۇقراتنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ۋەزىر شۇنداق نەزەر سېلىپ قارىسا، بۇقرات

ئوت - چۆپلەرنى يېيىنچا، ھەرخىل گىياھلارنى تائام قىلىپ يوروپتۇ.

ۋەزىر بۇقراتنى پادىشاھنىڭ قەسرىگە تەكلىپ قىپتۇ. شۇ چاغدا بۇقرات:

ــ مەن ئادەملەر دەستىدىن بىزار بولۇپ، تەنھالىقنى ئىختىيار قىلغانىدىم ھەم شۇنداقلا پادىشاھلارغا خىزمەت قىلماسلىقىقا ئەھدە قىلغانىدىم، ــ دەپتۇ.

ۋەزىر شۇنچە يېلىنسىمۇ، بۇقرات سۆزىدىن يانماپتۇ.

ۋەزىر ئۇنىڭدىن رەنجىپتۇ ـ دە:

ــ پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىش قولۇڭدىن كەلسە، گىياھ يەپ ئولتۇرارمىدىڭ! ــ دەپتۇ مەسخىرە قىلىپ.

شۇ چاغدا بۇقرات كۈلۈپ:

ــ گىياھ يېيىشكە ھۆددە قىلالىساڭ، سەنمۇ پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماس ئىدىڭ! ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىشىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىل. ھەربىر ئادەم ئۆزىگە ئۆزى خان.***

## قولدىن كەلمىگەنگە ۋەدە قىلما

پادىشاھ بۇقراتقا:

ــ نېمە تىلىسەڭ ئېيت، تىلىكىڭنى يەتكۈزىمەن، ــ دېگەنىكەن، بۇقرات:

ــ ئۇنداق بولسا، مەڭگۈ ھايات، ئەبەدىي ياشلىق، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق، ھېچقانداق غەم ـ غۇسسىدىن مۇستەسنا شادلىق تىلەيمەن، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

ــ بۇلار مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ــ دېگەنىكەن، بۇقرات:

ــ قولۇڭدىن كەلمىسە، مېنى ئۆز ھالىمغا قوي. قولدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ۋەدە قىلىش نادانلىق، ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***قولىدىن كەلمىگەنگە ۋەدە قىلغان كىشى باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.***

## ئىنساب دېگەن

ــ ئىنساب دېگەن نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ بىرى بۇزۇرجىمېھردىن.

ــ ئىنساب ــ ئادەم ئۆزىگە نېمىنى راۋا كۆرسە، باشقا كىشىلەرگىمۇ شۇنى راۋا كۆرۈشتۇر، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بۇزۇرجمېھر.

ــ ئەڭ ياخشى ئادەم كىم؟

ــ ئەقىللىق ئادەم.

ــ قانداق كىشىنى ئەقىللىق كىشى دېسە بولىدۇ؟

ــ ئەقىللىق ئادەم ئۆيلىماستىن بىرەر ئىشقا كىرىشمەيدۇ.

ــ بىلىمنى نېمە بېزەيدۇ؟ شىجائەتنىچۇ؟ سېخىيلىقنىچۇ؟

ــ بىلىمنى توغرىلىق، شىجائەتنى ئەپۇ قىلىش، سېخىيلىقنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك، شېرىن سۆزلۈك بېزەيدۇ.

ــ ئىنساننىڭ ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم بولغان ئارزۇ ـ تىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

ــ ساق ـ سالامەتلىك، پاراۋان تۇرمۇش ۋە خاتىرجەملىكتۇر، ــ دەپتۇ بۇزۇرجمېھر.

***ھېكمەت:***
***ئىسان ئۇچۇن كۆڭۈل خاتىرجەملىكتىن ئۈزگە بايلىق يوق.***

## ھېكمەتتىن ئەمەس

بىرقانچە دانىشمەن نوشىرۋاننىڭ سارىيىدا مۇھىم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

بۇزۇرجمېھر جىم ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە ئارىلاشماپتۇ. دانىشمەنلەر بوزۇرجمېھردىن:

ــ نېمىشقا سىز بىزنىڭ مۇزاكىرىمىزگە ئارىلىشىپ، ئۆز پىكرىڭىزنى بىلدۈرمەيسىز؟ ــ دەپ سورىغانىكەن.

بۇزۇرجمېھر:

ــ دانىشمەنلەر خۇددى تېۋىپلارغا ئوخشايدۇ. تېۋىپ كېسەل بولمىغان ئادەمگە دورا بەرمەيدۇ. ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە ئۈستىدە ئېيتىۋاتقان پىكرىڭلارنىڭ توغرىلىقىنى بىلدىم. شۇڭا، ئۇ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر قىلمىغانلىقىم ئەلۋەتتە ھېكمەتتىن ئەمەستۇر، ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***توغرا ئېيتىلغان پىكىرگە ئىزاھات بېرىش ھاجەتسىز. سۆزمەنلىك قىلىپ ھەممىگە سۆز قېتىۋەرسەڭ كۈلكىگە قالىسەن.***

## ئايال بولمىغان بولسا

نۇشرىۋاننىڭ ھۇزۇرىغا يىراق ـ يېقىندىن ۋەكىللەر كەلگەنىكەن. نۇشرىۋان ئىلمۇ ھېكمەتتە دانا ۋەزىرى بۇزۇرجمېھرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن:

— ئەي ھەكىم، دۇنيادا ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دۇنيادا ئۈچ نەرسىدىن ئۆتىدىغان ھېچ نەرسە يوق، — دەپتۇ بۇزۇرجمېھر.

— ئۇلار نېمە؟

— ئۆلۈم، ئايال، ئېھتىياج.

نۇشرىۋان بۇ جاۋابتىن خىجالەت بوپتۇ ۋە «ھەكىم بىمەنە سۆزلەپ قويدى» دەپ ئويلاپتۇ، كېيىن مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئوچۇقراق شەرھلەپ بەرگىن، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا بۇزۇرجمېھر:

— ئەي شەھرىيار ئالەم، ئايال بولمىغان بولسا، ساڭا ئوخشىغان زات قەيەردىن تۇغۇلاتتى. ئۆلۈم بولمىغان بولسا، ئاتاڭنىڭ سەلتەنىتى ساڭا تېگەرمىدى. ئېھتىياج بولمىغان بولسا ماڭا ئوخشاش ئادەم سېنىڭ سارىيىڭدا تۇرارمىدى؟ — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەممە ئادەم ئېھتىياج بولۇپلا ياشىمايدۇ، بەلكى ئۆزى ئارقىلىق باشقىلارنى تولۇقلاپ ياشايدۇ.***

## ئىنساننىڭ ئېسىل زىننىتى

نۇشرىۋاننىڭ ۋەزىرى بۇزۇرجمېھردىن بىرى:

— ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر نەرسە نېمە؟ — دەپ سورىغانىكەن. ئۇ:

— قابىلىيەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— قابىلىيەت بولمىسىچۇ؟

— ئەدەپ ۋە ئىلىم ئۆگەنسۇن.

— ئۆگىنەلمىسىچۇ؟

— مال ـ دۇنيا، ئالتۇن ـ كۇمۇش ئاشۇرسۇن، ئىقتىسادىمۇ كۆپ ئەيىبىنى ياپىدۇ.

— ئەپلەشتۈرەلمىسىچۇ؟

— بولمىسا، مۇلايىم، خۇش چىراي ۋە كىچىك پېئىل بولسۇن، بۇ ئىنساننىڭ ئەڭ ئېسىل زىننىتى.

— بۇ ئىشمۇ قولىدىن كەلمىسىچۇ؟
— بۇ چاغدا، دەپتۇ بۇزۇرجىمېھىر، — بۇنداق ھاياتلىقتىن ئۆلگەن ياخشىراق، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلىدۇ ھەم ئۆزىمۇ ئۆزىدىن قۇتۇلىدۇ.

***ھېكمەت:***
***خۇش چىراي ۋە كىچىك پېئىللىق ئىنسانغا ئەڭ ياخشى بېزەك.***

## ئۆزگە بېرىلگەن تەسەللى

بۇزۇرجىمېھىر زىنداندا ياتقاندا، دوستلىرى ئۇنىڭدىن:
— مۇشۇ قارا كۈنگە چۈشكەنلىكىڭدىن ئۆزۈڭگە قانداق تەسەللى بېرىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىشىپتۇ.
— تۆت ھېكمەتلىك سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلاۋاتىمەن، — دەپتۇ بۇزۇرجىمېھىر، — بىرىنچىسى، بولارنىڭ ھەممىسى پېشانەمدە بار ئىكەن، كۆرۈۋاتىمەن. دېمەك، تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، بۇ كۈلپەت مەڭ ئېغىر بولسىمۇ چىدىماستىن، سەۋر قىلماستىن ئىلاجىم يوق؛ ئۈچىنچىسى، بۇ تېخى ھالىۋا، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق كۈنگە چۈشۈپ قېلىشىم مۇمكىن؛ تۆتىنچىسى، ئېھتىمال بۈگۈن - ئەتە قۇتۇلارمەن، بەلكى ئاللىقاچان قۇتۇلغان بولسامىمۇ، ئۆزۈم خەۋەرسىز دۇرمەن.

***ھېكمەت:***
***ئېغىر كۈلپەتلەرگىمۇ بەرداشلىق بەرگەن كىشىگە بەخت ئىشىكى ئېچىلىدۇ.***

## راستچىللىقنىڭ مۇكاپاتى

تارىختا زالىملىقى بىلەن نام چىقارغان ھەججاج قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشكەن كىشىلەرگە قاتتىق جازا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشى ھەججاجقا:
— ئەي ئەمىر، ماڭا قاتتىق جازا بەرمەڭ، سىزگە سادىقلىق بىلەن ياخشى خىزمەت قىلىمەن، — دەپتۇ. ھەججاج ئۇنىڭدىن قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ كىشى:
— بىر دۈشمىنىڭىز سىز توغرۇلۇق غەيۋەت قىلىپ، زالىم دەپ تەرىپلىدى، مەن ئۇنى رەت قىلدىم، — دەپتۇ. ھەججاج ئۇنىڭدىن:
— گۇۋاھىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى ئەسىرلەرنىڭ بىرىنى گۇۋاھلىققا كۆرسىتىپتۇ. ئەسىر بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، ھېلىقى كىشىنىڭ قۇتۇلۇشىنى كۆزلەپ:
— راست ئېيتىدۇ. مەن ئۇ يەردە بار ئىدىم، سىزنى يامانلاپ سۆزلەشتىن ئۇنى

قەتئىي چەكلىدى، — دەپ يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىپتۇ.

ھەججاج ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭغا:

— ئۇ يەردە سەن بار ئىكەنسەن، دۈشمىنىمنى غەيۋەت قىلىشتىن مەنئى قىلغان مانا بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى توسۇماي، نېمىشقا قول قوشتۇرۇپ جىم تۇردۇڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن سىزنى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم دەپ بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى مەنئى قىلىشنى خالىمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەسىر.

ئىككىنچى ئەسىر دادىللىق بىلەن راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەججاج ئىككىلا ئەسىرنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***راستچىل بولغان ئادەم ھامان غەلىبىگە ئېرىشىدۇ، راستچىللىقنى ھەمراھ قىل، يالغانچىلىق ساڭا يات بولسۇن.***

## ھەق گەپ قىلدىغان ئادەم

ھەججاجنىڭ يېنىغا يەمەن ۋىلايىتىدىن بىر ئادەم كېلىپ قېلىپتۇ. ئۇ ھەججاجغا دادىل مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا مەردانىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىكەن. ھەججاج يەمەن ۋىلايىتىدە ھاكىملىق قىلىۋاتقان قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قېنى، ئېيت، سىلەرنىڭ ھاكىمىڭلار — مېنىڭ قېرىندىشىم مۇھەممەت بىننى يۇسۇپنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ئۆزى سېمىز، قەددى - قامىتى پىلدەك، رەڭگىرويى خورازدەك!

— مەن سەندىن ئۇنىڭ رەڭگىرويىنى ئەمەس، ئەدلۇئىنسابىنى سوراۋاتىمەن، — دەپتۇ ھەججاج.

— رەھىمسىز، قانخور، زالىم، پاسىق، ئەخلاقسىز!

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرىگە ئەرز قىلىپ زۇلۇمدىن قۇتۇلمايسىلەر؟

— ئۇنىڭدىن چوڭراقى ئۇنىڭدىن ئۆتە زالىم بولسىچۇ؟

— مېنى تونۇمىسەن؟

— ئەلۋەتتە تونۇيمەن، سەن ھەججاج بىننى يۇسۇپسەن، ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولىدۇ.

— بۇ گەپلەرنى قورقماستىن، ئەيمەنمەستىن ماڭا ئېيتتىڭ؟

— ھەق گەپنى قىلىدىغان ئادەم ناھەقتىن قورقمايدۇ...

ھېكمەت:
*ھەق سۆزلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقىغا قورقماس يۈرەك ئاتا قىلىدۇ.*

## قۇلنىڭ ھازىرجاۋابلىقى

بىر كۈنى، ھەججاج بىننى يۇسۇپ ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن سەھرادا ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر چوپان قۇلنى كۆرۈپ قاپتۇ ــ دە، مۇلازىملىرىغا:

ــ سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئاشۇ قۇل بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆرەي، ــ دەپتۇ ــ دە، ئېتىنى چوپان تەرەپكە چاپتۇرۇپتۇ. ئۇ چوپان بىلەن سالام ــ سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن:

ــ ماڭا قارا، ھەججاج بىننى يۇسۇپ قانداق ئادەم؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەسلا سورىماڭ، ــ دەپتۇ قۇل، ــ ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان بۇنداق زالىم ھاكىمنى كۆرگىنىم يوق، شۇنچىلىك زالىم، شۇقەدەر رەھىمسىز، شۇقەدەر قانخور؛ نە خۇدادىن قورقمايدۇ، نە بەندىدىن، بىقىندا بۇ لەنىتىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشقا ئىشەنچىمىز كامىل!

ــ مېنى تونۇمسەن؟ ــ دەپتۇ ھەججاج.

ــ ياق، ــ دەپتۇ قۇل.

ــ مەن ئاشۇ ھەججاج بولىمەن!

قۇل قورقۇنچتىن تاترىپ، قېتىپ قاپتۇ.

ــ سەن كىمنىڭ قۇلى، ئېتىڭ نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ ھەججاج.

ــ ئېتىم ۋەردان، ئەسلىي ئەبى سەۋرىنىڭ قۇلىمەن، مەجنۇنلۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانمەن. ئايدا ئۈچ قېتىم تۇتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كېسىلىمنىڭ راسا ئەۋجىگە يەتكەن پەيتلىرى، ــ دەپتۇ قۇل.

ھېكمەت:
*ھازىر جاۋابلىق ھەممىلا كىشىگە زۆرۈر. بۇنداق كىشىلەرگە بەخت ئىللىق چىراي ئاچىدۇ.*

## كىشىنىڭ ھاياتىغا قەست قىلما

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئادىل ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغان، زۇلۇم، ناھەقلىقنى تۆگىتىشكە بەل باغلىغان زات ئىكەن. خەلىپىنىڭ بۇ ئېسىل خىسلەتلىرىنى كۆرەلمىگەن بەزى يامان غەرەزلىك ئادەملەر بىر ئادەمنى يالاپ، خەلىپىگە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. لېكىن زەھەر بەرگەن ئادەم تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنى ئۆمەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەكىرىپتۇ.

ئۆمەر ئۇ ئادەمدىن:

— ماڭا نېمە ئۈچۈن زەھەر بەردىڭ، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ ئادەم:

— خەلىپەم، مەن سىزنى ئالىيجاناب خەلىپە دەپ بىلىمەن. دۈشمەنلىرىڭىز ماڭا مىڭ تىللا بېرىپ، سىزگە زەھەر بېرىشكە بۇيرىدى، پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىمنى سېتىپ، شۇ پەس ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۆزۈم قىلغان ئىشتىن ئۆزۈم خىجالەتتە قالدىم، — دەپتۇ.

خەلىپە ئۇ كىشىدىن مىڭ تىللانى ئېلىپ، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپتۇ ۋە ئۇ كىشىگە ماختاپ خىتاب قىلىپ:

— پۇل، مال ئېلىپ باشقىلارغا قەست قىلىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟ ئەگەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساڭ، بۇنداق ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىڭ. مەن سېنى كەچۈردۈم. چۈنكى، ئىنسان يامانلىق قىلغان كىشىدىن ئۆچ ئالماسلىقى، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشى لازىم. ئەگەر سەن بەرگەن زەھەردىن ۋاپات بولغان بولسام، ئادەملىرىم سېنى پارە - پارە قىلىۋېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن توۋا قىل. پۇل، مالغا ئالدىنىپ، باشقىلارنىڭ ھاياتىغا قەست قىلما، — دەپتۇ.

ئۇ كىشى يىغلاپ، توۋا قىپتۇ، خەلىپىدىن ئۆزرە سوراپتۇ ۋە خەيرلىشىپ ئورنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. خەلىپە بارلىق خادىملىرىغا بۇ كىشىگە زادىلا تەگمەسلىكنى بۇيرۇپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىشىگە قەست قىلغان ئاخىر ئۆزىگە قەست قىلۇر.***

## ھېچكىمدە يوق باغ

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ناھايىتى كۆركەم بىر بېغى بار ئىكەن، بىر كۈنى باغدا ئاتىسى نەسرىددەۋلە سەبۇكتېكىن شەرىپىگە زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد ئاتىسىدىن:

— قەدىردان ئاتا، مېنىڭ بۇ بېغىم ھەققىدە قانداق پىكىردە سىز، سىزگە ياقتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاتىسى جاۋاب بېرىپ:

— ئەي، كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، بېغىڭ ناھايىتىمۇ گۈزەل ۋە دىلغا ئارام بېرىدىغان باغ ئىكەن. ئەمما، دۆلەتمەن، مال - دۇنياسى بار ھەر قانداق ئادەم بۇنداق باغنى بەرپا قىلالايدۇ، لېكىن سەن خەلققە مەنپەئەتىسىز بىر باغنى ئەمەس، بەلكى

ھېچكىمدە يوق شۇنداق بىر باغنى ئەھيا قىلغىنىكى، ئۇ باغنىڭ مېۋىسىدەك مېۋە ھېچ يەردىن تېپىلمىسۇن، — دەپتۇ.

— ئۇ باغ قانداق باغ ئىكىن؟

— ئۇ باغ ئالىم، پازىللار، ئەدىب، شائىرلار، دانىشمەنلەر ۋە باشقا ئەخلاقلىق، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئۇلۇغ زاتلارنىڭ يىغىن سۆھبىتىدۇر. شۇنداق كىشىلەردىن تەربىيە ئېلىپ ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۇرۇش — ئۇنىڭ كۆچىتىدۇر، ياخشى نامغا ئىگە بولۇش — ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاتا.

***ھېكمەت:***
***ئەدەپ - ئەخلاق ساھىبلىرىنىڭ يىغىلىشى ياخشى ئىشلارنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبتۇر.***

## سىزنىڭ خادىمىڭىز

سۇلتان مەھمۇد سەپەر ئۈستىدە ئاچ قالغانىكەن. مۇلازىملىرى ئۇنىڭغا كۆك ماش قورۇپ بېرىپتۇ. بۇ غىزا سۇلتان مەھمۇدقا ئارام بېرىپتۇ. ئۇ:

— كۆك ماشمۇ ياخشى ئوزۇق، — دەپ قويۇپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇلازىم دەرھال كۆك ماشنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ كېتىپتۇ. سۇلتان مەھمۇدنىڭ قورسىقى تويغاندىن كېيىن:

— ھەي... ي، شۇمۇ غىزا بولدىمۇ؟ تۇرغان - پۈتكىنى تەنگە زىيانلىق! — دەپتۇ.

ھېلىقى مۇلازىم شۇ ھامانلا كۆك ماشنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ يامانلاپ كېتىپتۇ.

سۇلتان مەھمۇد ھەيران بولۇپ:

— ئەي ئىنسان، ھازىرلا ئۇنى ماختىغانىدىڭغۇ؟ — دەپ سورىسا، ھېلىقى مۇلازىم:

— ئەي شەھرىيار ئالەم، مەن كۆك ماشنىڭ مۇلازىمى ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ خادىمىڭىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە خۇشياقىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىم كېرەك، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىمەن دەپ كەلسە - كەلمەس سۆزلەۋەرمە، بۇ بەئەينى ئىلغماي يەيدىغان ھايۋاننىڭ قىلىقىدۇر.***

## سۇلتان ۋە بوۋاي

سۇلتان مەھمۇد ئوتۇن يۇدۇپ كېتىۋاتقان بىر بوۋاينى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ــ دە، ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ:

ــ ئى بوۋاي، مۇشۇ ئېغىر جاپادىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن ساڭا ئۈچ ــ تۆت دىنار ئالتۇن ياكى بىر ئېشەك بېرەيمۇ؟ ئۈچ ــ تۆت قوي ئىنئام قىلايمۇ ياكى بىر باغ ئاجرىتىپ بېرەيمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، بوۋاي كۈلۈپ:

ــ سۇلتانىم، ئالتۇن بەرسەڭ، بىلىمگە باغلاپ ئالاتتىم ۋە بەرگەن ئېشەكىڭنى مىنىپ، قويلارنى ئالدىمغا سېلىپ، باغقا باراتتىم. قالغان ئۆمرۈمنى ساڭا دۇئا قىلىپ، چارباغدا ئۆتكۈزەتتىم، ــ دەپتۇ.

سۇلتانغا بۇ گەپ يېقىپ قېلىپ، سورىغان نەرسىلىرىنى بېرىشكە پەرمان بېرىپتۇ.

**ھېكمەت:**

***ياخشى ئېيتىلغان تىلەكتىن ئادەم سۆيۈنىدۇ. كىشىلەرگە بەخت ــ ئامەت تىلە.***

## ئاتاڭنىڭ ئېتى

سۇلتان مەھمۇد بىر كۈنى نېمىگىدۇر غەزەپلىنىپ ئولتۇرغانىكەن، سۇلتاننىڭ قىزىقچىسى ئۇنى خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە:

ــ سۇلتانىم، ئاتاڭنىڭ ئېتى نېمە ئىدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

بۇ سوئال سۇلتاننىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋېتىپتۇ ــ دە، يۈزىنى چەتكە ئاپتۇ. قىزىقچى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يەنە ھېلىقى سوئالنى تەكرارلاپتۇ.

سۇلتان مەھمۇد دەرغەزەپ بولۇپ:

ــ سولتەك ئىت، ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ بولدى، بولدى، ــ دەپتۇ قىزىقچى، ئاتاڭنىڭ ئېتىنى بىلدىم، ئەمدى بوۋاڭنىڭ ئېتىنى ئېيتساڭ بولدى!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلتان كۈلۈۋېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

***ئېغىزىڭدىن چىققان ھەربىر ئېغىز سۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل. ئۇ سېنى بىردە كۈلدۈرسە، بىردە يىغلىتىدۇ.***

## پاشا يوق جاي

يازنىڭ بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇدنى پاشىلار تالاپ جېنىدىن جاق تويدۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

سۇلتان بىر قىزنىقچىسىدىن:

— پاشا يوق بىرەر جاي يوقمىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئادەم بار جايدا پاشا بولىدۇ، ئادەم يوق يەردە پاشىمۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ ئۇ.

— ئادەممۇ، پاشىمۇ يوق يەرنى تاپقىلى بولماسمۇ؟ — دەپتۇ سۇلتان مەھمۇد.

— بۇ ناتايىن.

— ئەگەر شۇنداق جاي تېپىلسىچۇ؟ — دەپتۇ سۇلتان.

— ئۆز قېنىمنى سۇلتانغا بېغىشلايمەن، — دەپتۇ قىزنىقچى، — ناۋادا، مېنىڭ گېپىم توغرا چىقسا، سۇلتان نېمە دەيدىلا؟

— ئون مىڭ دىنار ئالتۇن بېرىمەن، — دەپتۇ سۇلتان.

شۇ شەرت بىلەن سۇلتان مەھمۇد مۇلازىملىرىنى ئېلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ، خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، زادىلا ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بىر چۆلگە يېتىپتۇ، سۇلتان ئاتنىڭ چۆلۋۇرىنى تارتىپ توختاپتۇ. مۇلازىملارمۇ شۇئان سەپ تارتىشىپتۇ. بىردەمدىلا پاشىلار غىڭىلداشقا باشلاپتۇ.

سۇلتان قىزنىقچىغا قاراپ:

— مانا، پاشىلارنى كۆردۈڭمۇ!؟ ۋاھالەنكى، بۇ يەرگە ئىنسان قەدىمى يەتكەن ئەمەس، — دەپتۇ.

ھېلىقى قىزنىقچى بۇنىڭغا جاۋابەن:

— سىلى ئۆزلىرىنى ئادەم ھېسابلىماسلىقلىرى مۇمكىن، ئەمما مەن ئىنسانمەن، ئادەمزاتمەن، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۆزۈڭنىڭ ئادەمىيلىكىڭنى ئۇنتۇما.***

## قايسى ئىشكتىن چىقىمەن

سۇلتان مەھمۇد بىر كۈنى، تۆت ئىشىكلىك بىر ئۆيدە ئولتۇرغانىكەن. ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي كىرىپ كەپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن:

— قېنى، ئېيت، مەن بۇ ئىشىكلەرنىڭ قايسىسىدىن چىقىپ كېتىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ، — ئەگەر سېنىڭ ئېيتقىنىڭنىڭ تەتۈرسىچە بولسا، شۇنى بىلگىنكى، كاللاڭدىن ئايرىلىسەن.

بىرۇنىي نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ھەيران بوپتۇ. سۇلتان مەھمۇدنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇڭا ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە

بىلەن ئۇياق ـ بۇياقنى تەكشۈرگەن بولۇشۇپتۇ، كېيىن قەغەزگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ پۈكلەپتۇ ـ دە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قويۇپ قويۇپتۇ. سۇلتان مەھمۇد شەرقىي شىمال تەرەپتىن ئىشىك ئېچىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە شۇ يەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن ھېلىقى قەغەزنى ئالدۇرۇپ ئېچىپ ئوقۇپتۇ. ئۇ قەغەزگە: «سۇلتان ھېچقايسى ئىشىكتىن چىقمايدۇ، بەلكى ئىشىكنى شەرقىي شىمال تەرەپتىن تېشىپ چىقىپ كېتىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. سۇلتان مەھمۇد بىرۇنىيىنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ، شۇئانلا ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز مىڭ دەرھەم مۇكاپات ۋە زەرباب تون ھەدىيە بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***كىشىنىڭ خاراكتېرىنى بىلىپ مۇئامىلە قىلساڭ، ئەسلا يېڭىلمەيسەن.***

## بۇ جاھان ئېچرە قارا يۈز تېپىلۇر

سۇلتان مەھمۇد ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرىگە:

ــ مەن بىر كىشىگە مىڭ تەڭگە بەرمەكچى، سەن نېمە مەسلىھەت بېرىسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى بىر كىشىگە بەرگىلى بولمايدۇ، ــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ئۇ كىشى.

ــ يېرىمىنى بەرسەم بولامدۇ؟

ــ كۆپلۈك قىلىدۇ.

ــ ئۈچتىن بىرىنى بەرسەمچۇ؟

ــ كۆپلۈك قىلىدۇ.

ــ تۆتتىن بىرىگە نېمە دەيسەن؟

ــ بۇمۇ كۆپ.

شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلتاننىڭ ئۇ يېقىن ئادىمى ھېلىقى كىشىگە پەقەت يۈز تەڭگە بېرىشكە مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ــ بىر كىشىگە يۈز تەڭگە بېرىش كۆپ بولسىمۇ مەيلى، يۈز تەڭگە بەرسىلە، ــ دەپتۇ ئۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ قارارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ بىر بىتەلەي ئادەم ئىكەنسەن! مەن بۇ مىڭ تەڭگىنى ساڭا بەرمەكچىدىم. بەرگەن يەسلىھەتىڭنىڭ نەتىجىسىدە مىڭ تەڭگىدىن ئۆزۈڭنى مەھرۇم قالدۇردۇڭ ۋە مېنى ساخاۋەتتىن مەنئى قىلدىڭ، ــ دەپتۇ.

ئۇ كىشى سۇلتاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىنىپتۇ ـ دە:

— مەن خاتا مەسلىھەت بېرىپتىمەن، مەرھەمەتلىكىڭىزنى ئايىماڭ! — دەپتۇ.

سۇلتان ئۇنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىنى ئېتىبارغا ئالماي:

— سەن ئازاب - ئوقۇبەتكە لايىق، ئېھسانغا قابىل بولمىغان، ھىممەتسىز ۋە پەسكەش ئادەم ئىكەنسەن. ئۆزۈڭگىمۇ، ماڭىمۇ زىيان يەتكۈزدۈڭ. مېنىڭ زېمىنىم، ئاشۇ مىلك تەڭگىنى بىر كىشىگە بەرسەم، سېخىيلىق بىلەن مەشھۇر بولاتتىم، ياخشى بولۇش نىيىتىم باقىي قالدى. شۇنچە پۇلدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن سەن زىيان تارتتىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ساڭا يۈز تەڭگە بېرىمەن. مانا ئال، بۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ سۆھبىتىمدە ھەرگىز پەسكەشلىك قىلمىغىن، — دەپتۇ - دە، ئۇ ئادىمىگە يۈز تەڭگە بېرىپ، ھۇزۇرىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بۇ جاھان ئىچرە قارا يۈز تېپىلۇر،***
***ئۇنى تاپساڭ، قىلما شەپقەت، راسا ئۇر.***

## خاتىرجەملىكتە ئىچكەن زەھەر شېرىندۇر

سۇلتان مەھمۇد شىكارغا چىقىپ، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، بىر كەپىگە كېلىپ قاپتۇ. كۆرۈمسىز، قىڭغىر كەپىدە بىر موماي يالغۇز ياشايدىكەن. كەپىنىڭ ئالدىغا بىر ئىت باغلاپ قويۇلغانىكەن. سۇلتان مومايغا سالام بېرىپتۇ. موماي سۇلتاننى ئىللىق چىراي بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپتۇ. سۇلتان ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ، يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، يېگۈدەك بىر نەرسە بېرىشنى سوراپتۇ.

— ئوغلۇم، ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان جىرادا يىلان ناھايىتى كۆپ، ئىككى - ئۈچنى تۇتۇپ كەلسەڭ پىشۇرۇپ يەيمىز، — دەپتۇ موماي.

— مەن يىلاننى تۇتالمايمەن، — دەپتۇ سۇلتان مەھمۇد مومايغا ھەيران بولۇپ قاراپ.

— يۈر، بولمىسا بىللە بارايلى، — دەپتۇ موماي ۋە ئىتنى يېتىلەپ، بىللە مېڭىپتۇ. ئۇلار ئىككى يىلاننى تۇتۇپ، قۇيرۇقى بىلەن بېشىنى كېسىۋېتىپ، پىشۇرۇپ يەپتۇ.

ئاچلىق غالىب كەلگەنىكەن، سۇلتان كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، يىلاننى پاك - پاكىز يېۋېتىپتۇ، كېيىن ئۇسساپ كېتىپ سۇ سوراپتۇ.

— كەپىنىڭ ئالدىدا بۇلاق بار، ئۆزۈڭ بېرىپ ئىچىپ كەل، — دەپتۇ موماي.

سۇلتان بېرىپ سۇدىن ئىچىپتۇ. سۇ ئىنتايىن سېسىق ۋە لاتقا ئىكەن. سۇلتان بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

— ئانا، مۇنداق جايدا قانداقمۇ ياشاۋاتقانسىز؟ — دەپ سورىغانىكەن. موماي:

— ھە... ي، بالام، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تىنچ ۋە راھەت جاي يوق. قارا، ھاۋالىق،

مەنزىرىلىك چۆللىرىنى، زىلال سۇ ئۇرغۇپ تۇرغان چەشمىلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ.

سۇلتان بۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەي ئانا، بىزنىڭ ۋىلايەتتە ئېقىن سۇلار، نازۇنېمەتكە تولغان باغۇبوستانلار، بازارلىرىدا لەززەتلىك، مەززىلىك تائاملار بار. يىلاننى يېگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆمرۈمدە ئاڭلىمىغانكەنمەن، — دەپتۇ.

— نازۇنېمەتلەرگە قوشۇمچە يەنە سىلەرگە بىراۋنىڭ زۇلمى، تەھدىتى، باج — خىراج خەۋپىمۇ باردۇر!؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ سۇلتان، — پادىشاھ ۋە ئەمىرلەر، ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرى پۇقرالارغا جەبىر — زۇلۇم قىلىشى، ئۇلاردىن باج — خىراج ئېلىشى تۇرغان گەپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان موماي:

— سىلەرنىڭ ئاشۇ شېرىن — شېكەر نازۇنېمەتىڭلار زوراۋانلارنىڭ جەبرۇجاپاسى بىلەن زەھەرگە ئايلىنىدۇ. مېنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەملىكتە ئىچىۋاتقان بۇ زەھەرلىرىم ئاشۇ شېرىن — شەربەتلەردىن مىڭ مەرتىۋە تاتلىقتۇر، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***خاتىرجەملىكتە ئىچكەن زەھەر شېرىندۇر.***

## ئورۇنسىز چاقچاق نومۇسقا قويىدۇ

مەشھۇر خەلىپە ھارۇن رەشىد زامانىدا بەھلۇلنى دىۋانە سۈپەت ھايات كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن «دىۋانە بەھلۇل»، ھېكمەتلىك سۆز ۋە شېئىرلىرى بىلەن نام چىقارغانلىقى ئۈچۈن «دانا بەھلۇل» دېيىشىدىكەن. ھارۇن رەشىد بەھلۇلنى ھۆرمەت قىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ چاقچاقلىشىدىكەن.

بىر كۈنى ھارۇن رەشىد قەبرىستانلىق ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېلىپ، بەھلۇلنىڭ بىر دىۋانە بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ — دە، مەھرەملىرىگە: «بۇلارنى سارايغا ئېلىپ بېرىڭلار» دەپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇلارنى ئەكېتىپتۇ. ھارۇن سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دىۋانىلەرنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، بەھلۇلگە:

— باغداد شەھىرىدە ئەككىڭلاردىن باشقا دىۋانە قالمىدى. ئەمدى ئىككىڭلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، باغدادنى دىۋانىدىن تازىلىماقچىمەن، — دەپ چاقچاق قىلغانىكەن، بەھلۇل دەرھال:

— بىزنى ئۆلتۈرسىڭىز، ئۆچىنچى دىۋانە بولۇپ ئۆزىڭىز قالىسىز. باغدادنى دىۋانىلەردىن تازىلاش لازىم بولسا، ئۆزىڭىزمۇ بىز بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا مەرھەمەت قىلارسىز؟ — دەپتۇ.

ھارۇن رەشىد بەھلۇلگە چاقچاق قىلغانلىقىدىن خىجالەت بوپتۇ ـ دە، كۆلۈپ قويۇپ ھەر ئىككى دىۋاننى ئىنئام بېرىپ يولغا ساپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئورۇنسىز چاقچاق كىشىنى نومۇسقا قويىدۇ.***

## يالغانچىدا ئابرۇي نە قىلسۇن؟

بەھلۇلنىڭ نەزەر ۋە ساقىپ ئىسىملىك ئىككى دوستى بار ئىكەن. بىر كۈنى بەھلۇلنىڭ ئۆيىدە نەزەر بىلەن ساقىپ چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇپ، چاقچاق چېكىگە چىققاندا، بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئاچقىلى تۇرۇپتۇ. چاقچاقنىڭ ئاخىر جېدەلگە ئايلىنىپتۇ. نەزەر ساقىپنى ئىككى قولى بىلەن سىلكىگەنىكەن، ساقىپنىڭ دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقلانغان ساقىپ نەزەرگە غەزەپلىنىپ ۋارقىراپتۇ. بەھلۇل ئۇنىڭغا:

ــ كىچىككىنە ئىشقا مۇنچە خاپا بولۇپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى نېمە؟ چاقچاقلىشىشتا بۇنداق ئىشلار كۆپ بولىدىغۇ، بۇ ئىشىڭ توغرا ئەمەس، ــ دەپتۇ.

ساقىپ غەزىپىنى باسالماي:

ــ نېمىشقا ئاچچىقلانماي؟ سەندەك ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ھۇزۇرىدا دوپپام يەرگە چۈشۈپ، يۈز ـ ئابرۇيۇم تۆكۈلدى، ــ دېگەنىكەن، بەھلۇل كۈلۈپ:

ــ دوپپاڭنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىگە بۇنچىلىك ئاچچىقلىنىپ كەتمە. مېنىڭ ئالدىمدا ئابرۇيۇڭنىڭ تۆكۈلگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولدى. ئېسىڭدە بارمۇ، بىر كۈنى ماڭا: «مېنىڭ ئېتىم بىر كېچىدىلا مەرۋە شەھىرىدىن نىشاپۇرغا يەتتى» دەپ يالغان سۆزلىگەنىدىڭ. شۇ كۈندىن باشلاپ ساڭا ئىشەنمەي قالدىم. ئەمدى ئابرۇي ئۈچۈن تالاشماي قوي، يالغانچىدا قانداق ئابرۇي بولسۇن؟! ــ دەپتۇ.

قىتئە:

گەر ئىلاجىڭ بولسا، يارەن، ياندۇرما يالغاندىن چىراغ،
چۈنكى يالغاننىڭ چىراغى ئىچرە يوق مىسقالچە ياغ.
ھەر زامانكى گەرچە يالغاندىن ئۇرار بولساڭ نەپەس،
سوڭرە ھەرگىز قىلمىغايسەن ئابرۇيۇڭدىن سوراق.

***ھېكمەت:***
***يالغانغا ئالغان قەدىمىڭ خازان كوچىسىغا باشلاپ بارىدۇ.***

## ئۆزۈڭگە راۋا كۆرگەننى...

بەھلۇلنىڭ ئۆيىدە چاشقانلار كۆپىيىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا:

— نېمىشقا ئۆيىڭىزدە مۈشۈك باقمايسىز؟ مۈشۈك چاشقانلارنىڭ كۈشەندىسى ئىكەنلىكىنى بىلىسىزغۇ؟! ئەگەر بىر مۈشۈك باقسىڭىز، چاشقانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلىسىز، — دېيىشىپتۇ.

بەھلۇل ئۇلارغا:

— توغرا دەيسىلەر، لېكىن بۇ مەسلىھەتنى ۋىجدانىم قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر مۈشۈك باقسام ھەممە چاشقانلار مۈشۈكى يوق قوشنىلىرىمنىڭ ئۆيىگە تارقىلىپ كېتىدۇ. قوشنىلىرىمغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. ئۆزۈمگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى قوشنىلىرىمغىمۇ ئەسلا راۋا كۆرمەيمەن. ئۆز مەنپەئىتىمنى كۆزلەپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزەيمۇ؟ ياق، بۇ ئىشنى ۋىجدانىم قوبۇل قىلمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بېيىت:

ھەر نېمەكى ئۆزۈڭگە بولماس راۋا،
تۇتما تاۋا ھەم ئۆزگىگە، ئەي دانا.

***ھېكمەت:***
***پىچاقنى ئۆزۈڭگە ئۇر، ئاغرىمىسا باشقىلارغا ئۇر.***

## ئەقىل ئەھلىدىن مۈشكۈلۈك ئاسان بولۇر

بەھلۇل خوتۇنلارنىڭ بەزى قىلىقلىرىنى ھەجۋىي قىلىپ بىر شېئىر يازغانىكەن. شاھ سارىيىدىكى خوتۇنلار، ۋەزىر - ۋۇزرا ۋە باي - قازىلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، ئۆز قولى بىلەن بىچارە بەھلۇلنى جازالىماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلار بۇ نىيىتىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، شائىرنى دەرھال سارايغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل كۆرۈپ، بەھلۇلنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپتۇ - دە، ئۇنى يېشىندۈرۈپتۇ ۋە قولىغا بىر تاياق ئېلىپ، خوتۇنلارغا:

— بەھلۇلنى مۇشۇ تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆچۈڭلارنى ئېلىڭلار، پەقەت بىر شەرتىم بار، ئاراڭلاردا كىم خۇنۇك، بەتبەشرە ۋە بىشەم، ئازازۇل بولسا، ئەڭ ئاۋۋال شۇ خوتۇن ئۇرۇپ ئۆچ ئېلىشنى باشلاپ بەرسۇن، — دەپتۇ.

خېلى ۋاقىت كۈتسىمۇ خوتۇنلاردىن سادا چىقماپتۇ. بىرەر خوتۇنمۇ پادىشاھ ئېيتقان نامغا ئىگە بولۇشنى خالىماپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھ بەھلۇلغا:

—ھېچبىر خوتۇن دەسلەپ تاياق ئۇرۇپ، ئۆزىنى بەتبەشرە كۆرسىتىشنى خالىمىدى. تۇر ئەمدى، كىيىملىرىڭنى كىيىپ، ئۆيۈڭگە كېتىۋەر، — دەپ شائىرنى

قايتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئۇنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىر ئىشلىتىپ، شائىرنى خوتۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئەقىل ئەھلىدىن مۇشكۈللۈك ئاسان بولۇر،***
***ياندا ئاقىل بولمىسا، ئادەم بالالەرگە قالۇر.***

## ئەقىل ھەممىمىزدە بار

بار ئىكەنۇ ـ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ ـ توق ئىكەن. قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە بىر كەمبەغەل كىشى بوپتىكەن. ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. ئۇ كۈننى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر باي ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە ئىشلەشكە يالىنىپتۇ. ئۇنى ياللاپ ئالغۇچى بىر كۈنى ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ھاي مالاي، بۈگۈن مەن دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى كەنتكە تويغا بارىمەن. سەن چىقىپ ئاتنى توقۇپ كەل، سەنمۇ ئېتىمنى يېتىلەپ مېنىڭ بىلەن بىللە تويغا بارىسەن. لېكىن ئالدىمدا ماڭماي، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئارقامدا ماڭىسەن. پەقەت ئاتنىڭ مىنى ئېلىپ قاچماسلىقى ئۈچۈن، چۇلۋۇرنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، ئۇچىنى مەھكەم تۇتۇپ ماڭساڭ بولىدۇ. تويغىمۇ مەن ئادەت بويىچە بۇرۇن كىرىمەن، سەن ئېتىمنى يېتىلەپ، سوۋۇتۇپ باغلاپ قويۇپ، ئاش تارتىلغان ۋاقىتتىلا كىرسەڭمۇ ئۈلگۈرىسەن. بۇ ئىش بۈگۈنلا ئەمەس، ھەر قاچان، ھەر ۋاقىتتا مەن بىلەن بىرەر يەرگە بارساڭ شۇنداق قىلىسەن. سەندىن بۇرۇنقىلارمۇ شۇنداق قىلغان. بۇ گەپنى ئوبدان ئېسىڭدە ساقلا، بولمىسا بۇ ئەدەپسىزلىكنىڭ ئۈچۈن كۆرىدىغان كۆرگۈلۈكۈڭ بار، — دەپ تاپىلاپتۇ.

كەمبەغەل كىشى چىقىپ، باي ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى ئېگەرلەپتۇ. باي ئاخۇنۇم ئېتىغا مىنىپ مېڭىپتۇ. ئۆيدىن سەھەردە چىققانلىقى ئۈچۈن، دەرياغا تېخى سۇ كەلمىگەن چاغدا ئۇ تەرەپكە ئۆتۈشۈپتۇ. توي بولغان ئۆيگىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. ئاخۇنۇم ئۆزى دېگەندەك قىلىپ، ئېتىنى كەمبەغەلگە يېتىلەشكە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى جامائەتنى باشلاپ ئالدىدا مېڭىپ سورۇنغا كىرىپ كېتىپتۇ. كۈن يانغاندا توي تۈگەپتۇ. ئاخۇنۇم ئالدىدا چىقىپ ئېتىغا مىنىپتۇ، مالاي ئاتنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. دەريا بويىغا كەلسە، كۈن ئىسسىق بولغانلىقتىن، دەرياغا سۇ كېلىپ كەتكەن. قايتىپ كېتىشكە موللامنىڭ كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بېشى قېتىپ مالايغا قاراپتۇ ۋە:

— ھاي مالاي، بۇ نۆۋەت سەن مېنىڭ ئالدىمغا چۈشۈپ، تېيىز يەردىن ئېتىمنى يېتىلەپ ماڭ! مېنىڭ دەريادىن ئۆتۈۋېلىشىمغا ياردەم قىلىپ يول ئاچ! — دەپتۇ.

— تەقسىر، تېخى ئەتىگەنلا سىلى «ھەر قاچان، ھەر ۋاقىتتا سەن مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتمەيسەن. بولمىسا، بۇ ئەدەپسىزلىكىڭ ئۈچۈن كۆرىدىغان كۆرگۈلۈكۈڭ بار!»

دېگەندىلە. ئەمدى تەقسىر، ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا، مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا سۇغا كىرسەم، ئەدەپسىزلىك بولمامدۇ؟ بۇ يەردىمۇ ئۆزلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىپ ئالدىدا يول باشلاپ كىرىپ بەرسىلە. مەن ئارقىلىرىدىن ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ماڭاي، — دەپتۇ.

— ياق! مەن سېنى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغقا بارغاندا، سورۇنغا مېنىڭ ئالدىمدا كىرمە دېگەن. سۇغا ئالدىدا كىرمە دېگىنىم يوق! — دەپتۇ باي ئاخۇنۇم ۋە سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — سۇغا، بولۇپمۇ بۇنداق كەلكۈن سۇغا سەن ئالدىمدا يول باشلاپ كىرىپ، كېچىك تېپىپ ماڭمىساڭ بولمايدۇ!

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مالاي، — ئاتتىن چۈشسىلە، مەن ئاتنى مىنىپ كىرەي. بۇنداق كىرسەم، سۇغا چۆكۈپ كېتىپ قېلىپ، سىلىگە كۆرۈنمەي قالىمەن! سىلى قورقسىلا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىۋالسىلا، بولمىسا مەن قايتىپ چىققىچە تۇرۇپ تۇرسىلا!

باينى ئېغىر خىجىللىق بېسىپتۇ. «مالاينى ئاتلىق ئالدىمغا سالسام، مالاي سۇدىن ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، ئاتتىنمۇ، جاندىنمۇ ئايرىلىمەن. ئەڭ ياخشىسى، ئۆزۈم ئاتلىق سۇغا چۈشسەم، ئات ئۈزۈپ ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا مەن زىيان تارتمايمەن» دەپ ئويلاپ ئاخىرى:

— ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بەر. ئۇنى تۇتۇۋالساڭ ئات ماڭالمايدۇ، — دەپ، ئېتىنى سۇغا ساپتۇ. مالىيى سۇ بويىدا، ئاخۇنۇمنىڭ سۇدىن ئۆتۈشىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخۇنۇم سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، ئېتى سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ. ئاخۇنۇم ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ:

— هاي مالاي، كەل! ئات چۆكۈپ كەتتى، مېنى قۇتقۇزۇۋال! بۇندىن كېيىن مەن ھەر جاي، ھەر ماكاندا سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭماسلىققا قەسەم قىلاي، — دەپ يېلىنىپتۇ.

— هاي تەقسىر، بۇرۇنمۇ بۇ دۇنيادا سىلى ھېچكىمنى ئالدىلىرىغا ئۆتكۈزمىگەن. ئەمدى ئۇ دۇنياغا بارىدىغان چاغدا مېنى ئالدىلىرىغا سېلىۋالسىلا ياخشى بولمايدۇ. ئۆزلىرى دەپ كېلىۋاتقان پىلسىرات كۆۋرۈكىدىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتەلمەيلا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېلىمۇ مېنىڭ ئالدىمدىراق ئۇ دۇنياغا بېرىپ تۇرغانلىرى تۈزۈك. چۈنكى ئۇ يەردىكىلەرمۇ سىلىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا! — دەپتۇ.

باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاۋاب قايتۇرغۇچە بىر دولقۇن كېلىپ يۇتۇپ كېتىپتۇ①

***ھېكمەت:***
***بايلاردا بولغان ئەقىل نامراتلاردىمۇ تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى پەرق ئىشلىتىشتە.***

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 8» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

*يەنى ئەقلىنى جارى قىلدۇرىدىغان مەيداندا. سەن ھەرقانچە ئەقىللىق بولساڭمۇ، شۇ ئەقلىڭنى جارى قىلدۇرىدىغان شارائىتقا ئېرىشەلمىسەڭ، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قالىسەن.*

## قېرىلارنىڭ قەدرى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننىڭ نېرىسىدا بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى، يۈزلىگەن كېنىزىكى بولغاننىڭ سىرتىدا، كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەلنەغمىچى، ئۇسسۇلچىلىرى بەش يۈزدىن ئاشىدىكەن. پادىشاھ كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا بىلەن بولۇپ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىكەن. پادىشاھ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھال - كۈنىمۇ پادىشاھتىن كەم ئەمەس ئىكەن. پۇقرالار بولسا، ئالۋاڭ - ياساقنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاچ - زار كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. پۇقرالار پادىشاھنىڭ سېلىقىنى تۆلىيەلمىگەنلىكتىن زىندانلارغا تاشلىنىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۇقرالاردا پادىشاھقا قارىتا نارازىلىق كۈچىيىپ، دۆلەت مالىمان بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن پادىشاھ، بىر كۈنى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئوردىغا:

— بىزنىڭ مۇشۇنداق كەڭ، مۇنبەت يېرىمىز ۋە سىلەردەك پەم - پاراسەتلىك ئاقىللىرىمىز تۇرۇقلۇق، خەلقنىڭ شۇنچىلىك ئاز سېلىقىنىمۇ تۆلەشكە مادارى نېمىشقا يەتمەيدۇ؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ سوئالىغا سول قول ۋەزىر جاۋاب بېرىپ:

— بۇنىڭ سەۋەبى، بىزدە تەييارغا ھەييار بولىدىغان تىرىكتاپ قېرىلار ناھايىتى كۆپ. ياشلار تاپقاننى ئاشۇ قېرىلار يەپ تۈگىتىدۇ. بىر كىشى ئىككى - ئۈچ كىشىنى قانداق بېقىپ كېتەلەيدۇ؟ ئەھۋالىمىزنىڭ بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. بۇنىڭغا ئۆزلىرى بىر ئەقىل ئىشلىتىپ چارە تاپمىسىلا، ھەر قايسىمىزنىڭ ئامالى بولمىدى. ئىش راۋاجلىنىپ كەتسە شەۋكەتلىك تاجۇ - تەخت، كاتتا ئابرۇيلىرىغىمۇ نۇقسان يېتىش خەۋپى بار، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ «ھىم!» دەپتۇ - دە، ئەمەلدارلىرىغا 60 ياشتىن ھالقىغان بارلىق ئەر - ئايال قېرىلارنى يوقىتىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلاپتۇ، يۇرتنى ئاھ - زار قاپلاپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى يېزىدا بىلال ئىسىملىك بىر كىشى ياشايدىكەن. بۇ كىشىنىڭ يېشى 60 تىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ پادىشاھ قۇربانلىرىنىڭ بىرسى ئىكەن. بىلالنىڭ ئوغلى چېچەن بولۇپ، دادىسىغا بەك كۆيۈمچان ئىكەن. شۇڭا، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە كۆزى قىيماي يوغان بىر كات ياسىتىپ، دادىسىنى ئۇنىڭ

ئىچىگە سېلىپ ئۇنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قاپتۇ، قىرىلار تامام ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ ئىش بولۇپ ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا بۇ ئەلدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ. پۈتۈن يۇرت قاقاسلىققا ئايلىنىپ، دەريالار قۇرۇپ، بۇلاق كۆزلىرى پۈتۈپ كېتىپتۇ، پۇقرالار ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە باشلاپتۇ. ھەتتا پادىشاھ ئوردىسىدىكىلەرمۇ يىغىۋالغان سۇلىرىنى ئىچىپ بولۇپ، جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش يولىدا توغرا مەسلىھەت بەرگۈدەك بىرمۇ كىشى چىقماپتۇ. مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا پادىشاھ: «كىمىكى بۇ قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە توغرا مەسلىھەت بېرەلىسە، ئۇنى ئۆزۈمگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىمەن» دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ. «بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك كىشى تېپىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان بولسا، پادىشاھلىقىمنىمۇ بېرىمەن» دەپتۇ ۋە شۇ سۆزنى ئېيتىپ ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۆزىمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئەمەلدارلارنىڭ تولىسى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. بىلالنىڭ بالىسى بۇ ئىشلاردىن دادىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا بىلال ئۆز ئوغلىغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ: «سەن بىر پادا كالىنى ئالدىڭغا سېلىپ ھەيدە، ئۇسسىغان كالىلار يەرنى پۇراپ ھۆركىرەپ ماڭىدۇ. سەن ئۇنىڭ يولىنى توسما، كالا پادىسى قاتتىق ھۆركىرەپ تۇپىنى چاپچىپ تۇرۇۋالغان يەرنى كولىساڭ، ئەنە شۇ يەردىن سۇ چىقىدۇ...»

بالا دادىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر پادا كالىنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ. دېگەندەك كالىلار بىر يەرگە بارغاندا قاتتىق ھۆركىرىشىپ، ئالدى ئىككى پۇتىدا يەرنى تىلغاپ، تۇپىنى ئاسمانغا پۇرقىتىپتۇ. بالا شۇ ئورۇننى قېزىپتىكەن، دېگەندەك بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپتۇ. خەلق ئۆستەڭ قېزىپ سۇنى يۇرتقا باشلاپتۇ. يۇرتىكى سۇغا قانغان يۇرت ئەھلى تىرىشىپ ئىشلەپ قۇرغاقچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش بىلەن ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ھالدا باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «قىرىلارنى كاتتا ساقلا، ئۆلۈكنى ھەپتە ساقلا» دېگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن[①].

***ھېكمەت:***
***قېرىلار نۇرغۇن ئىش كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قېرىغان، نۇرغۇن ئاچچىق - ساۋاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن چاچلىرى ئاقارغان.***

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 6» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

# چاشقان بىلەن سودىگەر

بۇرۇن بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ سودا قىلىش ئۈچۈن يىراق بىر شەھەرگە بېرىپ دەڭگە چۈشۈپتۇ. دەڭچى قىمارۋاز ئىكەن. ئۇ ئاخشامدا «قىمار ئوينايدىغانلار بارمۇ؟» دەپ توۋلاپتۇ. سودىگەر «مەن ئوينايمەن» دەپتۇ. ئىككىسى قىمار ئويناشقا كىرىشىپتۇ. دەڭچى قاراڭغۇ ئۆيدە مۈشۈكنىڭ ئۈستىگە بىر تال شامنى قوندۇرۇپ قويۇپتۇ. سودىگەر ھەيران بولۇپ:

— ھوي، بۇ شام ئۆرۈلۈپ چۈشمەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دەڭچى:

— ياق، بىز تاڭ ئاتقۇچە ئوينىساقمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ، — دەپتۇ.

سودىگەر بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ، ئىككىسى تىكىشىپتۇ. ئەگەر تاڭ ئاتقۇچە مۈشۈك شامنى ئۆرۈۋەتمىسە سودىگەر دەڭچىگە قىرىق قاچا ئالتۇن بەرمەكچى بوپتۇ. دېگەندەك مۈشۈك شامنى ئۆرۈۋەتمەپتۇ. سودىگەر ئۇتتۇرۇپ قويۇپ قىرىق قاچا ئالتۇننى بېرىپتۇ ـ دە، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بولغان ۋەقەنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ھىيلە ئىشلىتىپتۇ. بۇلار ئەر ـ خوتۇن بىرنەچچە ئاي ئۈچ ـ تۆت چاشقاننى قەپەسكە سولاپ تەربىيەلەپتۇ. چاشقان قەپەسنى توك ـ توك ئۇرسا سىرتقا چىقىدىغان، توك ـ توك ئۇرسا قەپەسكە كىرىدىغان بولۇپتۇ. سودىگەر چاشقانلارنى ئېلىپ ھېلىقى دەڭچىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. بۇلار قىمار ئويناپتۇ. دەڭچى يەنە ئۆتكەنكىدەك قىپتۇ. سودىگەرمۇ ئۇقمىغانغا سالپتۇ. دەڭچى:

— ئەگەر مۈشۈك تاڭ ئاتقۇچە شامنى ئۆرۈۋەتمىسە، مەن پۈتۈن مال ـ دۇنيايىمنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ.

سودىگەر تۈيدۈرماي قەپەسكە ئۇرۇپتىكەن، چاشقانلار قەپەستىن بىر ـ بىرلەپ چىقىشقا باشلاپتۇ. چاشقاننى كۆرگەن مۈشۈك بىر ئېتىلىپتىكەن، شام دۈمبىسىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە سودىگەر چاققانلىق بىلەن قەپەسنى يەنە ئۇرۇپتىكەن چاشقانلار قەپەسكە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سودىگەر دەڭچىنىڭ پۈتۈن ئۆي ـ بىساتىنى، مال ـ دۇنياسىنى ئۇتۇۋاپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***سېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەس، تۈزىتىشكە ئىنتىلمەسلىكىڭ مەڭگۈلۈكتۇر.***

---

① توختى قارى ئېيتىپ بەرگەن، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 6» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.



www.uygurkitap.com

## نىيەت ھەممىدىن ئەلا

بۇرۇنقى زاماندا قاسىم ئوغرى دەپ كاتتا، ئەمما پىخسىق بىر ئوغرى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر دەللال خوتۇنى بولۇپ، تۇغماي - تۇغماي ئاخىر بىراقلا يەتتە قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قىزلار تەڭلا چوڭ بوپتۇ. بۇ قىزلارغا بايلاردىن، سودىگەرلەردىن، قازىلاردىن ئەلچىلەر كەپتۇ. لېكىن قاسىم ئوغرى قىزلىرىنى ئۇلارغا ياتلىق قىلىشقا ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئۇ قىزلىرىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئۇچىغا چىققان ئوغرىغا ياتلىق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىدە ئوغرى سەككىز بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ سەككىز ئوغرى سەككىز تەرەپكە مېڭىپتۇ. قاسىم ئوغرى چوڭ بىر شەھەرگە كەپتۇ. ئۇ بازارنى ئايلىنىپ كېتىپ بارسا، بىر زەرگەرنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە زىخچە ئالتۇن تۇرغۇدەك. قاسىم ئوغرى ئالتۇننى قولىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن زەرگەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە:

— ئالتۇنىڭىزنى ساتامسىز؟ — دەپتۇ. زەرگەر:

— ساتىمەن، — دەپتۇ. ئەمما ئىككىسى باھادا كېلىشەلمەي گەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئاخىر قاسىم ئوغرى نىيىتىنى بۇزۇپ: «بۇ ئالتۇن مېنىڭ ئىدى، ساتاي دەپ كەلسەم بۇ مۇتىھەم مېنىڭ دەپ تۇرۇۋالدى» دەپ زەرگەرگە تۆھمەت قىپتۇ. زەرگەر «ياق، بۇ ئالتۇن مېنىڭ» دەپتۇ. ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قازى زەرگەردىن:

— ئالتۇنۇڭ قانچە زىخچە ئىدى؟ — دەپ سورىسا، زەرگەر دەپ بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاسىم ئوغرى بىكاردىن - بىكار بىرمۇنچە ئالتۇنغا ئىگە بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئالتۇنلارنىڭ بىر قىسمىغا نۇرغۇن مال ئاپتۇ. ماللارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەپتۇ. ئۇ بىر كىراكەش بىلەن سۆزلىشىپتۇ، ئۇ بىر سەر ئالتۇن بەرسە كىراكەش ئۇنىڭ ماللىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئەمما، دەريادىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن قىزىل كۆزلۈك قىلىپ، كىراكەشكە ھەق بەرمەكتە يوق، ئۇنىڭ قېچىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كەلسە قىزلىرى «بىزگە يېڭى كىيىم ئېلىپ بەر» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىشقا چىدىماي بىر ھىيلە ئىشلىتىش ئۈچۈن بازارغا بارسا، بىر گەزمالچى رەخت سېتىۋاتقانىكەن. قاسىم ئوغرى رەختنى كۆرۈپ يەتتە توپ تاللاپتۇ - دە:

— ھوي قارى، مەن پۇل ئالماي كەپتىمەن، ئۆيگە بېرىپ پۇل ئېلىپ كەلگەچ رەختنى قىزلىرىمغا كۆرسىتىپ كېلەي، — دەپ رەختنى ئېلىپ ئۆيگە كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يەتتە كۈيۈئوغلى ئۆيدە ئىكەن. ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي تىتىلداپ تۇرغان كۈيۈئوغۇللار قاسىم ئوغرىنىڭ ئەكەلگەن ماللىرىغا كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەتتە ئوغرى بىر بولۇپ قاسىم ئوغرىنى ئۆلتۈرۈپ،

ئۇنىڭ بارلىق مال ـ دۇنياسىغا ئىگە بولۇپ قىزلىرىنى قويۇپ بېرىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.[①]

***ھېكمەت:***
***مال ـ دۇنيانى كۆزلەپ، كىشىلەرگە ئالا نىيەتلىك قىلساڭ، ئۆز ـ ئۆزۈڭنىڭ ھاياتىڭغا كىشەن سالىسەن. شۇڭا نىيىتىڭنى دۇرۇس قىل.***

## ئۆزۈڭگە تەمەننا قويما

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر كىرپە ئەتىگەنلىكى دالىدا ئايلىنىپ يۈرسە يىراقتىن بىر توشقان كېلىپ قاپتۇ. كىرپە توشقانغا قاراپ سالام بېرىپتۇ. توشقان كىرپىنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئالماقتا يوق مەسخىرە قىلىپ:

ــ ھە، كىرپە نەگە بارىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ توشقان تەقسىر! بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، ساياھەتكە ماڭدىم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كىرپە. توشقان ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا:

ــ سېنىڭ پۇتلىرىڭ مايماق، بەللىرىڭ دوڭغاق تۇرۇپ، قانداق قىلىپ ساياھەت قىلالايسەن؟ ــ دەپتۇ.

كىرپىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇرسىمۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ تەقسىر مېنىڭ پۇتۇم مايماق بولسىمۇ يۈگۈرىدىغان بولسام مەن سىزدىن ئۆتۈپ كېتىمەن، ــ دەپتۇ. توشقاننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ:

ــ كېلە ئەمىسە چېپىشىپ باقايلى، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ بولىدۇ. مەن ئەتىگەنلىك چېپىمنى تېخى ئىچمىدىم، ئىچىپ چىققۇچە كۈتۈپ تۇرۇڭ، ــ دەپتۇ كىرپە.

شۇنداق قىلىپ توشقان بىلەن كىرپە ئىككىسى يۈگۈرۈشىدىغانغا كېلىشىپتۇ. كىرپە ئۇۋىسىغا كىرىپ، يەنە بىر سەپدىشىنى چاقىرىپ:

ــ بول، چاققان تەييارلان. بىز توشقان بىلەن مۇسابىقىگە چۈشىدىغان بولدۇق، ــ دەپتۇ. سەپدىشى چۆچۈگەن ھالدا:

ــ بىز توشقان بىلەن يۈگۈرۈشتە قانداق تەڭ كېلەلەيمىز؟ ــ دەپتۇ.

ــ ھەي، ئەخمەق ئىكەنسەن. مەن توشقان بىلەن ئۇ باشقا بارىمەن، سەن بۇ يەردە تۇرىسەن. توشقان يېنىڭغا يېتىپ كەلگەندە «مەن ئاللىقاچان كېلىپ بولغان» دەپ تۇرۇۋەر، ــ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توشقان بىلەن كىرپە ئېتىزنىڭ بېشىغا بېرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ

① جامال شىرىپ ئېيتىپ بەرگەن، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ــ 6» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.



www.uyghurkitap.com

يۈگۈرۈشنى باشلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا توشقان بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ، پەللىگە يېتىپ كېلىپ يەنە بىر كىرپىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە:

ــ سەن قاچان كەلدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. كىرپە:

ــ مەن ئاللىقاچان كېلىپ بولغان، ــ دەپتۇ. توشقاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ــ كېلە يەنە بىر قېتىم چېپىشىپ كۆرەيلى، ــ دەپتۇ. كىرپە:

ــ بولىدۇ، ــ دەپ يۈگۈرۈشكە تەمشىلىپتۇ.

بۇ قېتىم توشقان بار كۈچى بىلەن قۇيۇندەك چېپىپتۇ. ئۇ پەللىگە يېتىپ كېلىپ قارىسا، ھېلىقى كىرپە ئۆز جايىدا تۇرغۇدەك. شۇنداق قىلىپ توشقان بىر قانچە قېتىم يۈگۈرگەندىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىپ، يولدا يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئىككى كىرپە توشقاننىڭ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆز بېشىغا چىققانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىشىپتۇ[1].

*هېكمەت:*

***ئۆزۈڭنى ھامان باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلاۋەرسەڭ، ئەرزىمەس ئىشلار سەۋەبلىك كۆرسۈڭ چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ھامان كەمتەر بول. كەمتەرلىك كىشىنىڭ زەر ياسقان لىباسى.***

## تىغ يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقايماس

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوتۇنچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. بوۋاي بىر كۈنى جاڭگالدا كېتىۋېتىپ بىر ئېيىق كۈچۈكىنىڭ چوڭقۇر ئورەككە چۈشۈپ كېتىپ چىقالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى ئورەكتىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. بالىسىنى ئورەكتىن چىقىرىشنىڭ ئامالىنى تاپالماي پىرقىراپ يۈرگەن ئانا ئېيىق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بەك خۇشال بوپتۇ ۋە بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ، ــ خۇدانىڭ ياخشى بەندىسى ئىكەنسەن، ياخشىلىقىڭنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن، ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك دوست بولايلى، ــ دەپ غىڭشىپتۇ. بوۋايمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بوۋاي يەنە جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپتۇ. ئايلىنىپ يۈرۈپ قويۇق بىر جاڭگالنىڭ ئىچىدە بىر ئېيىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. توختا، ــ دەپتۇ يۈرىكى دۈپۈلدىگەن بوۋاي ئىچىدە، ــ يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل دېگەن گەپ بار، بىكاردىن ـ بىكار ئۇنىڭغا يەم بولۇپ بەرمەي يەنە، ــ دەپ قولىدىكى پالتىنى چەنلەپ ئېيىققا قارىتىپ ئېتىپتۇ، پالتا ئېيىقنىڭ قاق بېشىغا تېگىپتۇ. شۇ ھامان ئېيىقنىڭ بېشىدىن قان شورقىراپ ئېقىپتۇ. ئېيىق ئاچچىقىدا ئوتۇنچىغا قاراپ شۇنداق ئېتىلىپتۇ ـ يۇ، بوۋاينى كۆرۈپ ئورنىدا تۇرۇپلا قاپتۇ.

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ــ 6» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

بوۋايمۇ ئېيىقنى تونۇپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇقۇشماي قىلىپ قويغان ئىشىغا ئۆكۈنۈپ ئەپۇ سوراپتۇ، ئېيىقمۇ كەچۈرۈپتۇ. ئىككىسى كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئېيىق بوۋاينى ئۇۋىسىغا باشلاپ ئاپىرىپ مېۋىلەر بىلەن راسا مېھمان قىپتۇ. ئەتىسى بوۋاي قايتماقچى بوپتۇ، ئېيىق خوشلىشىۋېتىپ:

— ئۇقۇشماستىن بولغان ئىشلاردىن خىجىل بولۇپ يۈرمە، سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. ناۋادا بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا مېنى تاپقىن، — دەپتۇ. بوۋايمۇ:

— ئىككىمىز ئىككى دۇنيالىق ئاغىنە بولدۇق، شۇنچىۋالا ئىشنى كۆڭلۈڭگە ئالماي، يەنە شۇنداق ياخشى مېھمان قىلغانلىقىڭدىن بەك خۇرسەن بولدۇم. لېكىن ئاغىنە، تىنىقىڭ شۇنچىلىك سېسىقكەنكى، كېچىچە سەسكىنىپ ئۇخلىيالماي، تاڭنى ئاران ئاتقۇزدۇم، — دەپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بوۋاي جاڭگالغا كېلىپ ئېيىق بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بوۋاي يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيىق بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— ۋاي ئاداش قانداقراق؟ ھېلىقى پالتا جاراھەتلەندۈرگەن يەر ساقايدىمۇ؟ — دەپتۇ، شۇ چاغدا ئېيىق:

— ئۇ يارىغۇ ئاللىقاچان ساقىيىپ كەتتى. لېكىن، سېنىڭ ھېلىقى «تىنىقىڭ سېسىق ئىكەن» دېگەن گېپىڭ تېخىچە يۈرىكىمدىن چىققىنى يوق. چۈنكى كونىلار «تىغ يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقايماس» دېگەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***تىلدىن كەلگەن يۈرەكنى، تىغدىن كەلگەن بەدەننى تىلغايدۇ.***

## خۇشاللىق ئەمگەكتە

رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەر يۈزىدىكى بارلىق شاھلارنىڭ شاھى، ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان سۇلايمان پادىشاھ، بىر كۈنى ئوردىدىكى بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، قازى - قۇززات، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى يىغىپ بۇيرۇق قىلىپ: ھازىر پادىشاھ مۈلكىگە تەۋە خەزىنىلەردە ئالتۇن - كۈمۈش، تاغ - يايلاقلاردا مال - ۋاران، ساڭلاردا ئاشلىق ۋە باشقا يېمەكلىكلەر توپلىنىپ، ھەددى - ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتتى. بۈگۈندىن باشلاپ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر تەييارلىق قىلىپ، يەتتە مىڭ يەرگە داش قازان ئېسىڭلار. ئاندىن جاھاندىكى ھەممە ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى مېھمانغا چاقىرىڭلار. بۇلار يېمەكلىك ئىزدەپ ئاۋارە بولماي، بىر كۈن مېھمان بولۇپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، خۇشال - خۇرام ئويناپ كۆلۈۋالسۇن دەپ جاكارلاپتۇ.

بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى، مىڭلىغان ئوردا خىزمەتچىلىرى،

كېنىزەك ــ چۆرىلەر ۋە قۇللارنى ئىشقا سېلىپ، چوڭ داغدۇغا، قىقاس ــ چۇقانلار بىلەن تەييارلىق ئىشىنى باشلىۋېتىپتۇ. بۇ تەييارلىقتىن دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار خەۋەردار بوپتۇ. ئۇلار تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

سۇلايمان پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرگە: «يېڭى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىگە بارلىق ھايۋانات، ئۇچار ــ قۇشلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە يۈزلىگەن چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىڭلار» دەپ پەرمان قىپتۇ. سۇلايمان پادىشاھمۇ ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە ناغرا ــ سۇناي، داقا ــ دۇمباقلارنى چالدۇرۇپ، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئاتلىنىپ زىياپەت مەيدانىغا كېلىپ، بارلىق مېھمانلارنىڭ زىياپەتتىن كېيىن بولىدىغان ئويۇن ــ تاماشىلىرىنى كۆرۈش ۋە بۇلارنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان تەشەككۈر ئالقىشلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، مەخسۇس ياسالغان شاھ سۇپىسىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ زىياپەتنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار: «قېنى مېھمانلار تاماققا بېقىڭلار» دەپ تەكلىپ قىلغانىكەن، ئالدى بىلەن دېڭىزدىن يەتتە مىڭ لەھەڭ چىقىپ، يەتتە مىڭ قازانغا تەييارلىغان تاماقنى بىر سۇمۇرۇش بىلەن يەپ تۈگىتىپ، دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. زىياپەتكە يىغىلغان پۈتۈن جان ــ جانىۋار ئۇچار قۇشلار ئاچ قېلىپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھەزرىتى سۇلايمان تەڭلىكتە قېلىپ، ئاسمانغا قاراپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «يا ئاللا! ھەممە جان ــ جانىۋارنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈشى كۆڭۈللۈك ئىكەن، مەن خاتا قىپتىمەن» دەپتۇ[1].

***ھېكمەت:***
***ئۆز ئەمگىكىڭ سىڭگەن ھەممە نەرسە ھامان قەدىرلىك.***

## پوچى پادىشاھ

بۇرۇنىسىدا بىر پوچى پادىشاھ بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ زېرىكىپ كېتىپتۇ ــ دە، جايلارغا «كىم مېنى يالغانچىلىقتا يېڭىۋالسا، ئەلنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن!» دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ.

بىر پادىچى يىگىت ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ پادىشاھى ئالەم دادامنىڭ بىر تال ھاسىسى بار، ئۇ شۇنداق ئۇزۇنكى، ئۇنىڭ بىلەن كېچىدە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ئۇركۇتكىلى بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار، دادامنىڭ بىر چىلىمى بار، تاماكا چەككەندە ئۇنى قۇياشتا تۇتاشتۇرىدۇ! ــ دەپتۇ پادىشاھ. پادىچى يىگىت كېتىپتۇ.

---

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ــ 12» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ــ يىل نەشرى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ماشىنىچى كېلىپ:
— ھەي پادىشاھى ئالەم، مەن بۇرۇنلا كەلمەكچىدىم، بىراق تۈنۈگۈن چاقماق چېقىپ ئاسماننى يىرتىۋەتكەچ شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاسماننى ياماپ كېلەلمىدىم، — دەپتۇ.
— سەن ياخشى ئىش قىپسەن، ئەمما بوش ياماپ قويۇپسەن. بۈگۈن ئەتىگەندە يەنە يامغۇر ياغدى! — دەپتۇ پادىشاھ. ماشىنىچى غىڭ قىلالماي كېتىپ قاپتۇ. ئارقىدىنلا بىر ياغاچچى كەپتۇ. ئۇ بۇرۇن ئوردا سالغانىكەن.
— نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭدىن.
— شېرىكلىرىمگە ۋاكالىتەن سىلىدىن ئىش ھەققىمىزنى ئالغىلى كەلدىم. سىلە ئىش ھەققى ئۈچۈن بىزگە بىر كۈرە ئالتۇنغا قەرزدار، — دەپتۇ ياغاچچى.
— مەن سەنلەرگە قاچان قەرزدار بولدۇم؟ — دەپ ئالدىراپ سوراپتۇ پادىشاھ.
— سىلە قەرزدار بولمىسىلا، مەن نېمىشقا پۇل ئالغىلى كېلىمەن؟ سىلە تۇرغان ئوردىنى بىز سالمىدۇقمۇ!
— يالغانچىلىق قىلىۋاتىسەن!
ياغاچچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— سىلە يالغانچىلىقتا يېڭىلدىلە. ئەمدى ئەلنىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرەلا! — دەپتۇ.
پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ دەرھال:
— ياق، سەن راست سۆزلەۋاتىسەن! — دەپ گېپىنى ئۆزگەرتىپتۇ.
— راست سۆزلىگەن ئىكەنمەن، ماڭا بىر كۈرە ئالتۇن بېرىشلىرى كېرەكتە! — دەپتۇ ياغاچچى. پادىشاھ ئامال قىلالماي ياغاچچىغا بىر كۈرە ئالتۇن بېرىپتۇ[①].

***ھېكمەت:***
***سەن ئۆزۈڭنى ھەرقانچە ئەقىللىق چاغلىساڭمۇ، بەربىر يېڭىلىپ قالىدىغان چاغلىرىڭ بولىدۇ. شۇڭا، مەنمەنلىكنى ئۆزۈڭدىن يىراق قىل.***

## مالغا ھېرىس، جانغا خىرىس

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ تەلەيخان ئىسىملىك بىر ۋاپادار ئايالى ۋە ئامەت ئىسىملىك ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سودىگەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بىر سەھراغا يولغا چىقىپ يېرىم يولغا كەلگەندە، يوغان بىر تۈپ قېرى سېدە دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئارام ئاپتۇ ۋە ئاندىن كېيىن سەھرا بازىرىغا بېرىپ سودىسىنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ تىجارىتىدە كۆپ پايدا ئالغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى بازارغا ئوغلىنىمۇ بىللە ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە ھېلىقى يوغان سېدە سايىسىدە

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 12» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

ئارام ئاپتۇ. بىر چاغدىن كېيىن سودىگەر ئويغىنىپ قارىسا ئوغلىنى يىلان چېقىپ ھالسىزلاندۇرۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن سودىگەر يىلاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىغا تاش ئاپتۇ. يىلان زۇۋانغا كېلىپ:

— ھەي ئادەمزات! مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئوغلۇڭ تىرىلىپ قالارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئوغلۇم تىرىلمىسىمۇ جانغا جان ئالىمەن، — دەپتۇ سودىگەر.

— مەن ساڭا بىر ساندۇق ئالتۇن بېرەي، مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولمىغىن، — دەپتۇ يىلان قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ تۇرۇپ ۋە سودىگەرنى يول سىرتىدىكى بىر ئېدىرلىققا باشلاپ بېرىپ، بىر ساندۇقنى كۆرسىتىپتۇ. سودىگەر ساندۇقنى ئېچىپ ئالتۇنلارنى كۆرگەندىن كېيىن يىلاننىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ.

يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن سودىگەر بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قېرى سېدە سايىسىدە ئايالى بىلەن ئارام ئاپتۇ. بۇ قېتىم يىلان سودىگەرنىڭ ئايالىنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. غەزەپكە كەلگەن سودىگەر يىلاننى چوقۇم ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ يوغان بىر تاشنى قولىغا ئاپتۇ.

— ئەي سودىگەر، بۇ قېتىممۇ مېنى ئەپۇ قىلساڭ، مەن سېنى ئوبدان رازى قىلاتتىم، — دەپتۇ يىلان يالۋۇرۇپ تۇرۇپ. سودىگەر يىلاننىڭ ئۆتكەندىكى سېخىيلىقىنى ئەسلەپ، قولىدىكى تاشنى تاشلاپتۇ. يىلان بۇ نۆۋەت بىر ساندۇق ئالتۇن بىلەن بىر كومزەك ياقۇت بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. سودىگەر يىلاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە يىلاندىن ئالغان ياقۇت بىلەن بىر ساندۇق ئالتۇننى ئېلىپ قايتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ سودىگەر بۇ يولدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ، يىلاننىڭ ماكانى بولغان بۇ قېرى سېدىنىڭ سايىسىدە يەنە ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا يىلان نەشتىرىنى سوزغىنىچە سودىگەرگە قاراپ تۇرغۇدەك، سودىگەر يىلاننىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ قولىغا تاياق ئېلىشقا تەييارلىنىپتۇ. يىلان سودىگەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ. سودىگەر يىلانغا يالۋۇرۇپتۇ. يىلان ئۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلماي:

— ئەي ئەخمەق، ئاۋۋال ئوغلۇڭنى چاقتىم، ئىبرەت ئالمىدىڭ. كېيىن ئايالىڭنى چاقتىم، يەنە ئىبرەت ئالمىدىڭ. سەن مال - دۇنياغا ھېرىس بولغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ ئاقىۋەت ئۆزۈڭگە كېلىشىنى ئويلىمىدىڭ. مال - دۇنياغا بېرىلمەي، مېنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ بۇ ھالغا قالماس ئىدىڭ، — دەپ ئۇنى چېقىپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سودىگەرمۇ جان ئۈزۈپتۇ. سودىگەرنىڭ بۇ ھالىدىن خەۋەر تاپقان ئەل - يۇرت ئۇنىڭ بۇ ھالىغا ئېچىنىپتۇ. ئاخىر كىشىلەر سودىگەرنىڭ مال - دۇنياغا بولغان ئاچ كۆزلۈكىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «ھېرىسباي» دېگەن لەقەمنى قويۇشۇپتۇ[1].

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 12» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

***ھېكمەت:***
***مال ـ دۇنيا سەۋەبلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالمىساڭ، شۇ ئاپەت تۈپەيلى ھاياتىڭنى ئاخىرلاشتۇرىسەن. مال ـ دۇنياغا ھېرىس بولما، يالغاچ كەلگەن ئىكەنمىز، يالىڭاچ كېتىمىز.***

## كۆچ بىرلىكتە

بىر يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئۈچ ئايغىچە بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغماپتۇ. بىر ئائىلىدە بىللە ياشاۋاتقان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئاخىر قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقارماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈن قاتتىق ئىشلىگەن بولسىمۇ، سۇ چىقماپتۇ. چوڭ ئاكىسى ئالىقىنىدىكى قاپارتمىلارغا قاراپ:

— بۇ قۇدۇقتىن سۇ چىققاندىن كېيىن، سۇنى ئۆزۈم تەقسىم قىلىمەن. چۈنكى قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىش چارىسىنى سىلەرگە مەن كۆرسەتكەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كەنجى ئىنىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ياق بۇ ئەقىلنى سىلەرگە مەن كۆرسەتكەن، شۇڭا سۇنى مەن تەقسىم قىلىمەن! — ئوتتۇرانچىسى غىڭ ـ پىڭ قىلماپتۇ ـ يۇ، لېكىن ئىچىدە:

«ئاكام بىلەن ئىنىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ. ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ نەپ ئالالمىغۇدەكمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ـ دە، ئەتىسى باشقا بىر جاينى تېپىپ ئۆزى يالغۇز قۇدۇق قېزىشقا باشلاپتۇ.

كەنجىسىمۇ چوڭ ئاكىسى بىلەن بىر كۈن بىللە ئىشلەپ ھېرىپ ھالى قالماپتۇ. ئۇمۇ كۆڭلىدە: «ئاكامنىڭ يېشى چوڭ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايمەن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئەتىسى ئۇمۇ ئايرىم بىر قۇدۇق قېزىشقا كىرىشىپتۇ.

ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىشلەپتۇ. ئەمەلىيەتتە ھېچقايسىسى قۇدۇقتىن سۇ چىقىرالماي، ئۇچىلىسى ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن ئۆلۈپتۇ[1].

***ھېكمەت:***
***يۈتمىگەن ئىشقا تۆھپە تالىشىدىغان، ئۆزىنىلا ئويلاپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى مەغلۇبىيەت بىلەن تاماملىنىدۇ.***

## يالغاننى ئوخشىتىش

بۇرۇن مەلۇم بىر يېزىدا ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئوۋچى بولغانىكەن. ئاكىسى دائىم يالغان سۆزلەپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرىدىكەن، ئىنىسى بولسا راستچىل ئىكەن. ئاكىسىنىڭ يالغان سۆزلەپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرگىنىگە قاراپ، ئۇنىڭمۇ ئاكىسىنى

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 12» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

دوراپ باققۇسى كەپتۇ ـ دە، بىر كۈنى ئوۋدىن قايتىپ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەرگە قاراپ:

ـــ مەن بۈگۈن بىر كېيىكنىڭ كەينى تۇيىقىغا ئاتقانىدىم، ئوق كېيىكنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن چىقىپ كەتتى، ـــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر «يالغان» دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ ۋە زادىلا ئىشەنمەپتۇ. ئىنىسىنىڭ ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاكىسى دەرھال ئارىغا چۈشۈپ:

ـــ راست ـ راست! ھېلىقى كېيىك ئارقا پۇتى بىلەن قۇلاق تۈۋىنى قاشلاۋاتقانىكەن. ئۇ دەللەپ ئېتىۋېدى، ئوق كېيىكنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ تۇيىقىدىن كىرىپ، قۇلاق تۈۋىدىن چىقىپ كەتتى، ـــ دەپ يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنىكەن، كۆپچىلىك بۇنىڭغا ئىشىنىپتۇ. ئاكىسىنىڭ بۇ ماھارىتىنى كۆرگەن ئىنىسى ئىچىدە: «ھەرقانداق ھۈنەرنى قىلىپ كۆرگەن كىشىلا، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىكەن» دەپتۇ[①].

***ھېكمەت:***
***باشقىلارنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇلدۇرىمەن دەپ ئېيتقان يالغانلىرىڭ ئۇلارنى يالغانغا كۆندۈرگىنىڭ.***

## ئادىل شاھنىڭ ئىزباسار تاللىشى

ئۆتكەن زاماندا مۇشۇ ماكاندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. تۇرمۇشتا روناق تاپقان خەلق ئۇنىڭغا قايىل ئىكەن. پادىشاھنىڭ شانۇ شەۋكىتى خەلق ئارىسىدا كۈنسېرى ئاشقان، مال ـ دۇنياسى تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، يېشى ئەللىكتىن ئاشقىچە بىرەر پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتەلمەپتۇ. بۇ خىيال كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمەپتۇ. پادىشاھ نۇرغۇن سەۋەب، تالاي دۇئا تەلەپ قىلىپ، ئاخىر بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. «بارى ـ يوقى بىر بالام، باش ـ كۆزلىرى تاز بالام» دېگەندەك، بۇ شاھزادە تۇغما دۆت، ئەلەس ئىكەن. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئەيىبىنى ئوڭلاش ئۈچۈن كۆرسەتمىگەن داڭلىق ھېكىم ـ تېۋىپ قالماپتۇ. ئەمما شاھزادىگە قىلىنغان داۋا كار قىلماپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، شاھزادىنىڭ يېشى ئون بەشكە يېتىپتۇ. پادىشاھ ھەر قېتىم شاھزادىنى كۆرگەندە چوڭقۇر غەم ـ قايغۇغا پاتىدىكەن. پادىشاھمۇ قېرىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ، باقى ئالەمگە يېقىنلىشىپتۇ. پادىشاھ ئاجىز شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، خانلىقنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشى، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىنى بۇزۇپ، دانا، ئادىل بىر كىشىنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلەش قارارىغا كەپتۇ ۋە دەرھال ئوردا ئەھلىنى

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ـــ 12» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

يىغىپ، بۇ ئىش ئۈستىدە كېڭىشىپتۇ. ئوردا ئەھلى پادىشاھنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، باشقا بىرەر كىشىنى پادىشاھنىڭ ۋارىسلىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. خان ئوردىسىدا ئارمان ئىسىملىك قىزى نىيەت، سۈيىقەستچى بىر مۇلازىم بار ئىكەن. ئوردا ئەھلى ئۇنى «خۇشامەتگۈي» دېيىشىدە، پۇقرالار «چايان» دەپ ئاتايدىكەن. مۇلازىملار ئۇنىڭدىن بىزار ئىكەن. كاشتىچى، دېھقانلار زار - زار ئىكەن. ئۇ ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگلەرنى مېھمان قىلىپ باقىدىكەن. يېتىم - يېسىر، تۇللارنى نەشتەر ئۇرۇپ چاقىدىكەن. ئارمان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەممە ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پادىشاھتىن يۇقىرى مەنسەپ، كۆپلەپ نەپ ئېلىش ئۈچۈن، زەھەرلىك دىلىنى يوشۇرۇپ، خۇشامەت تىلىنى چايناپ، ئوردا ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ پادىشاھنى بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن شاھزادىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاشقا كۆچۈپتۇ.

— ئېھ، كەرەملىك شاھىم، جانابلىرىنىڭ بۇ دانا ھىممىتىگە پۈتۈن ئوردا ئەھلى رەھمەت ئېيتىدۇ. پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىمنى ئىشقا سېلىپ كۆپ ئويلاندىم. بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت، نىزاملارغا رىئايە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋارىسى قىلىپ يەنىلا يۈزلىرى تولۇنئايدەك، قامىتى چىناردەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، قاشلىرى بەرگى قىياقتەك، بېشى بولۇتقا تەگكەن، ئەقلى كامالەتكە يەتكەن شاھزادىمىزنى... خۇشامەتچى ئارماننىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پادىشاھنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگەپتۇ. غەزەپ - نەپرەتتىن چىرايلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ - دە:

— بەس، تىلىڭنى تارت ئىپلاس! تۆت ئاياغلىق بولۇپ ئۆمىلەپ، تىلىڭ بىلەن يەرنى يالاپ، ئوردا ئىچىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ شۇنداق ۋارقىراپتۇكى، پۈتۈن ئوردا ئىچى زىلزىلىگە كەپتۇ. ئىپلاس ئارمان پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بىر - بىرلەپ بەجا كەلتۈرۈپ، ئىتقا ئوخشاش تۆت ئاياغلىق مەخلۇق سىياقىدا ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا، ئۆز جەمەتىدىن بولمىغان تېخى ئوتتۇز ياشقا توشمىغان، ئادىل، بىلىملىك، دانىشمەن، قاۋۇل بىر يىگىتنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ بېكىتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇ ئادىل، كەسكىن تەدبىرىگە ھەممە قايىل بوپتۇ. ئوردا ئەھلى بىر قېتىم ئاچچىق ساۋاققا نائىل بولۇپتۇ. خەلقنىڭ كۆڭلى يايراپ خۇشاللىققا تولۇپتۇ[1].

***ھېكمەت:***

***مەنپەئەتنى ئۆز بېقىنلىرىغا يەتكۈزۈشنى ئويلاۋەرگەن كىشى ھامان خەلق بېشىغا ئاپەت ياغدۇرىدۇ.***

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 12» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

# ھەر ئىش قىلساڭ، كېيىنلىكنى ئويلا

بۇرۇنقى زاماندا مەخسۇت ئىسىملىك بىر سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ، تولىمۇ باي ئادەم ئىكەن. بۇ سودىگەرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ھۇسەن ئىسىملىك بىر نامرات چەۋەنداز بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىق ئارغىمىقىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. بىر كۈنى مەخسۇت پېشايۋاندا سايىداپ ئولتۇرۇپ، يىراقتىكى قۇملۇقتا ئات مىنىپ ئوقتەك تېز كېتىۋاتقان ھۇسەننى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئاتنىڭ رەڭگى سارغۇچ قۇم رەڭدە بولۇپ، مەخسۇت باي چاڭ ـ توزان ئىچىدە چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنى كۆرمەي، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھۇسەننىلا كۆرگەنىكەن. باينىڭ ئىچى قىزىپ: «پاھ ئۇنىڭ ئېتى ئادەتتىكى ئات ئەمەس، دۇلدۇل ئىكەن. بۇنداق ئات مەندەك باينىڭ قولىدا بولماي ھۇسەندەك گادايىنىڭ قولىدا بولغىنى بەكمۇ قاملاشمىغان ئىش. بۇ ئاتنى جەزمەن قولغا كىرگۈزۈشۈم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. ئەتىسى ئۇ ھۇسەننى ئۆيىگە چىللاپ:

ــ ئېتىڭنى ماڭا ساتقىن، مەن ساڭا ئىككى ئاتنىڭ پۇلىنى بېرەي، ــ دەپتۇ. ھۇسەن بۇنىڭغا كۆنمەپتۇ. باي يەنە ئارىغا ئادەم سېلىپ:

ــ مىڭ تىللا بېرەي، ئېتىڭنى ماڭا سېتىپ بەر، ــ دەپتۇ. ھۇسەن ئۇنىڭغا:

ــ بۇ ئات كىچىكىمدىن تارتىپ ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ماڭا بىر تۇغقان قېرىنداشتىنمۇ قەدىرلىك. شۇڭا، ئاتنىڭ كاللىسىدەك ئالتۇن بەرسەڭمۇ ساتمايمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باي يەنىلا نىيىتىدىن يانماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ھۇسەننىڭ يىراق بىر جايغا سەپەر قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالدىنئالا ئۆزىنى نىقابلاپ، ھۇسەن ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە كېلىپ، ئېغىر كېسەل قىياپىتىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ھۇسەن بۇ جايدىن ئۆتۈپتۇ ۋە ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ ياتقان بۇ «كېسەل» نى كۆرۈپ قىلچە ئىككىلەنمەي ئاتتىن چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئاغزىغا بىر تامچە ـ بىر تامچىدىن سۇ تېمىتىپتۇ. مەخسۇت باي كۆزىنى ئاچماي، زۇۋانمۇ سۈرمەي، بۇ ھەممىنى قوبۇل قىپتۇ. ئاندىن ھۇسەن ئۇنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ، قۇملۇقتىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، مەخسۇت باي ھۇسەننى ئاتتىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە، قېچىپ كېتىپتۇ. چەۋەنداز ھۇسەن ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ئىسقىرتىپتۇ. ئات ئۆز ئىگىسىنىڭ تونۇش بەلگىسىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ھۇسەن مانا شۇ چاغدىلا بۇ ئالدامچىنىڭ مەخسۇت باي ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ھۇسەن قاتتىق غەزەپلىنىپ مەخسۇت بايغا:

ــ بۇ قىلمىشىڭ بەكمۇ ئوساللىق بولدى. ئەگەر بۇ ئاتنى شۇنچە ياخشى كۆرسەڭ بوپتۇ ئال. ساڭا بىر تىيىن ھەق ئالماي بېرىۋېتەي. ئەمما ئادەملەرگە مۇشۇ ئاتنى مىنىپ ماختانغىنىڭدا، بۇ ئاتنى رەزىل ئۇسۇل بىلەن قولغا كىرگۈزگىنىڭنى ھەرگىز

دېمىگىن، ــ دەپتۇ.

بۇنىڭدىن ھەيران بولغان مەخسۇت باي:

ــ نېمە ئۈچۈن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئادەملەر، ــ دەپتۇ ھۇسەن، ــ ئەگەر سېنىڭ مۇنداق پىشكەش ئۇسسۇل قوللانغىنىڭنى بىلىپ قالسا، ئۇلار يولدا پالاكەتكە ئۇچرىغان ئادەملەرنى يولۇقتۇرغانلىدا ئالدامچى ئوخشايدۇ، دەپ قۇتقۇزۇۋالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئادەملەر قۇملۇقتا بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەمدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەخسۇت باي گەپ قىلالماي تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ: «ھۇسەن ئۆزى شۇنچە قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇقلۇقمۇ، يەنىلا باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ. مەن بولسام...» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئازابلانغان ھالدا ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

ــ مەن راستىلا بەك ئەسكى ئىش قىپتىمەن. سەن مېنى ئەپۇ قىلارسەنمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمىساڭلا بولدى، ــ دەپتۇ چەۋەنداز ۋە باينى ئېتىغا مىندۈرۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇلار ئىككىسى ئوبدان دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەرقانداق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرىمىز تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، توسالغۇسىز ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز. ئەكسىچە بولسا، ئەل نەزىرىدىن چۈشىمىز.***

## ئىش قىلغاندا ئەتراپلىق ئويلاش كېرەك

بۇرۇنقى زاماندا ئىككى دوست بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى زاھىت، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ساھىت ئىكەن. ئۇلار خان ئوردىسىدا بىللە ئىشلەيدىكەن.

پادىشاھ زاھىتقا بەك ئىشىنىدىكەن، ساھىت بۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ساھىت پادىشاھتىن ئۆزىگە مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئوردا ئالدىدىن بىر كالا ھارۋىسى ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

ــ سەن بېرىپ، ھارۋىدىكىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ كەلگىن، ــ دەپتۇ.

ساھىت دەرھال بېرىپ، سوراپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھقا:

ــ ھارۋىدا ئىككى ئادەم بار ئىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى رىيات، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئەمىر ئىكەن، ــ دەپ خەۋەر قىپتۇ.

ــ پادىشاھ يەنە:

ــ ئۇلار قەيەرگە بارىدىكەن، شۇنى سوراپ كەلگىن، ــ دەپتۇ.

ساھىت ھارۋىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، سورىۋالغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ

پادىشاھقا:

— ئۇلار چىمەنتاغ دېگەن جايغا بارىدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇلارنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سوراپ كەلگىن، — دەپتۇ پادىشاھ. ساھىت يەنە يوگورۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمىغا قاتناشقىلى بارىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كەپتۇ.

— ئۇلار كىمنىڭ تويىغا قاتنىشىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. ساھىت يەنە ئامالسىز ھارۋىنى قوغلاپ بېرىپ، ھارۋىدىكى بىر كىشىنىڭ ئىنىسىنىڭ تويىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى سوراپ كەلگەندىن كېيىن، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن ھالدا سورىغان ئەھۋالنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، يەنە بىر كالا ھارۋىسى خان ئوردىسى ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ زاھىتنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. زاھىت ئەھۋالنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن پادىشاھقا:

— ھارۋىدا ئولتۇرغانلار كامىل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇلار نەگە بارىدىكەن، — دەپ سورىغاندا، زاھىت ئۇلارنىڭ قازىخانىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بىر كىشى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئۇلاردىن ئۈچ مىڭ تەڭگە قەرز ئالغانىكەن، ھازىرغىچە قايتۇرۇپ بەرمەپتۇ. ئۇلار شۇ ئىش ئۈچۈن قازىغا ئەرز قىلغىلى بارىدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ زاھىت.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ساھىتقا:

— سەن ئۇقۇشماقچى بولغان ئەھۋالنى بەش قېتىم بېرىپ ئاران بىلىپ كەلدىڭ. بىراق زاھىت بولسا، بىرلا قېتىم بېرىپ ھەممە ئەھۋالنى ئىگىلەپ كەلدى. بىرەر ئىش قىلغاندا ئەتراپلىق ئويلاپ، ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك. ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە پىششىق بىلىۋېلىش كېرەك. بولمىسا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ساھىت ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تونۇپ، زاھىتنىڭ ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا يۇقىرى ئىكەنلىكىگە قايىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زاھىتقا ئىچى تارلىق قىلمايدىغان، بىرەر ئىش بولسا مەسلىھەتلىشىدىغان ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***ھەرقانداق ئىشقا مەسلىھەت بىلەن كىرىشسەڭ غەلىبە تۇغىنى كۆتۈرەلەيسەن.***

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 12» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

# دېھقان بىلەن موزدوز

بىر دېھقان بىكار بولسىلا موزدوزخانىغا بېرىپ، يېپيېڭى قويۇلغان ئاياغلارنى كۆرىدىكەن. قاقۋاش موزدوز ئۆز دۇكىنىدىكى ئاياغلارغا دېھقاننىڭ ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە بىر ھىيلە پۈكۈپتۇ.

بىر كۈنى دېھقان يەنە ئاياغ كۆرگىلى بېرىپتۇ، موزدوز ئۇنى دۇكانغا چاقىرىپ ئەكىرىپ:

— قەدىرلىك مېھمان، ئەگەر خالىسىڭىز ئاياغلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن بىر جۈپ تاللىۋېلىڭ، ھەق ئالمايمەن، — دەپتۇ. دېھقان بىر تىيىن پۇلمۇ خەجلىمەي، ئۆزى خالىغان ئاياغتىن ئالالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ ۋە موزدوزدىن نېمە شەرتى بارلىقىنى سوراپتۇ.

— پەقەت ئۈچ كۈن گەپ قىلمىسىڭىزلا بولىدۇ، باشقا شەرت يوق، — دەپتۇ موزدوز.

دېھقان بۇنى ناھايىتى ئوڭاي چاغلاپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ. ئۇزاقتىن بېرى كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن بىر جۈپ ئاياغنى تاللىۋېلىپ، مەپتۇن بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. خوتۇنى ئاي پاشاخان ئاياغنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— يائاللا، بۇنىڭغا قانچە پۇل خەجلىدىڭلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

دېھقان لام - جىم دېمەي ھەجىيىپلا تۇرۇپتۇ. ئاي پاشاخان ئاياغنى قولىغا ئېلىپ:

— ھۆي ئۆلگۈر! پۇلنى زايا قىلىپ مۇشۇنداق قىممەت ئاياغنىمۇ ئالدىڭمۇ؟ بۇنى سەن كىيەمسەن؟ — دەپ كايىپتۇ ۋە ئاياغنىڭ نەرخىنى يەنە سۈرۈشتۈرۈپتۇ. دېھقان يەنىلا گەپ قىلماي بىردەم قولىنى پۇلاڭلىتىپ، بىردەم بېشىنى لىڭشىتىپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئېرىنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ ئاي پاشاخان تېۋىپ چاقىرىپتۇ.

تېۋىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا جىن چاپلاشقانلىقىنى ئېيتىپ، باخشىنى چاقىرتىپ پىرە ئوينىتىۋېتىشنى دەۋەت قىپتۇ.

باخشى ۋە ئۇنىڭ داپكەشلىرى، ئاي پاشاخاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ دېھقاننى پىرە ئوينىتىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن دېھقان گەپ - سۆز قىلماي قولىنى قالايمىقان پۇلاڭلاتقان بولسىمۇ، بەربىر كار قىلماپتۇ. باخشى ۋە داپكەشلەر دېھقاننى پىرە ئوينىتىپ قارا تەرگە چۆمۈلدۈرۈۋېتىپتۇ. دېھقان يەنىلا ئاچچىقىنى بېسىپ، پۇلسىز ئاياغقا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممىسىگە بەرداشلىق بېرىشكە تىرىشىپتۇ.

شۇ ئەسنادا ئاي پاشاخان موزدوزنى ئۆيىگە باشلاپ ئەكەپتۇ. موزدوز دېھقان بىلەن يالغۇز پاراڭلىشىپتۇ:

— قانداق؟ گەپ قىلماسلىق تەسمىكەن؟ ئەمدى سىز سۆزلىسىڭىز بولىدۇ. گەرچە

بىز پۇتۇشكەن ۋاقىت توشمىغان بولسىمۇ، مەن ھەممىدىن كەچتىم. سىز ھازىردىن باشلاپ سۆزلەۋېرىڭ، ئاياغ سىزگە تەئەللۇق بولدى. سىز ھەقىقەتەن بۇ ئاياغقا ئېرىشتىڭىز، — دەپتۇ — دە، دېھقان بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ. دېھقان كۆرەڭلىگەن ھالدا خوتۇنىغا:

— قارا مەن بىر تىيىنمۇ خەجلىمەي بۇ ئاياغقا ئېرىشتىم! — دەپتۇ. ئارقىدىنلا ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— نېمە، نېمە؟ — دەپ سەكرەپ كېتىپتۇ ئاي پاشاخان، — ھۇ ھىيلىگەر موزدۇز! ئۇ سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالايمەن دەپ ۋەدە بېرىپ، مەندىن يۇز تەڭگە ئالغانىدى، ئەمما بۇ ئاياغ ئاران نەچچە ئون تەڭگىگىلا يارايدۇ[①].

## تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمە

ئۆتكەن زاماندا بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىنتايىن ھۇرۇن ۋە بىشەم بىر خوتۇنى بار ئىكەن. بۇ خوتۇن دائىم يېتىپ ئۇخلاشنىلا بىلىدىكەن. ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق ئىكەن. دېھقان ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم بولۇپ، مەدىكار ئىشلەپ، تاپقىنىنى خوتۇنىغا ئەكېلىپ بېرىدىكەن. خوتۇن بولسا ئېرى تېپىپ بەرگەن نەرسىلەرنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتكەننىڭ سىرتىدا، ئېرىنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىقچە تاماق ئېتىپ يەپ، ئېرىگە بىر قاچا ئاشمۇ قويمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېرىنى ھەر كۈنى «ماڭا تۇزۇك كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەرمىدىڭ» دەپ تىللايدىكەن. گاھىدا ئېرىنى كاچاتلاپمۇ كېتىدىكەن. ئۆي ئىچى ۋە تېشىنى ئاي، يىللار ئۆتۈپ كەتسىمۇ سۈپۈرۈشنى ياقتۇرمايدىكەن. ئۆيىنىڭ ياماق ئىشلىرىنى قىلمايدىكەن، ئۆزىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇمايدىكەن. دېھقان خوتۇنىغا كۆپ قېتىم تەربىيە - نەسىھەت قىلىپتۇ، لېكىن خوتۇن تۈزەلمەپتۇ. ئەكسىچە تېخىمۇ بىشەملىشىپ، ئېرىگە كۆپ قېتىم ئېسىلىپ، جېدەل چىقىرىپتۇ. دېھقان بۇ ئەھۋالدىن غەزەپلىنىپ، كۆڭلۈكى خوتۇننى ئۇرىدىغان، تىللايدىغان بولغانىنىڭ سىرتىدا، ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماقچى بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خوتۇن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى چۈشىنىپ بىر دانىشمەن كىشىنى تېپىپ، ئۇ كىشىگە مەسلىھەت سېلىپ كۆرۈشنى ئويلاپتۇ - دە، بىر دانىشمەن بوۋاينى تېپىپتۇ. ئۇ دانىشمەن بوۋايغا مۇنداق ئىلتىجا قىپتۇ:

— مېنىڭ ئېرىم بىرىگە كۆيۈپ قالدىمۇ - قانداق، داۋاملىق مېنى ئۇرىدىغان، تىللايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا «قوپ، ئۆيدىن چىق»، «خېتىڭنى ئال»، «ئۈچ تالاق قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم ئېرىمگە چىدىمايمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بۇ يۇرتلۇق ئەمەس، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىممۇ يوق، ئۆي تۇتاي دېسەم

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 12» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق ئامال قىلالماي قالدىم. سىز ئاشۇ ئېرىمنى ئۆزۈمگە ئامراق قىلىپ بەرسىڭىز، مېنى بۇ تاياق ـ توقماقتىن خالىي قىلىپ قويسىڭىز!

دانىشمەن بوۋاي ئۇنىڭغا:

ــ بۇ ئاسان ئىش، سىز خاتىرجەم بولۇپ ئەتە كېلىڭ، ــ دەپتۇ. بۇ ئايال ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە ئەتىسى يەنە دانىشمەن بوۋاينى تېپىپتۇ. بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، دانىشمەن بوۋاي يانچۇقىدىن ئۆرۈك ئۇچكىسىدەك بىر تاشنى ئېلىپ ئايالغا بېرىپتۇ ۋە سىز بۇ تاشنى ئاغزىڭىزغا داۋاملىق سېلىپ يۈرۈڭ، تاماق يېگەندىن باشقا چاغلاردا ئاغزىڭىزدا بولسۇن. بۇ تاش ئاغزىڭىزدىن چۈشۈپ كەتسە چاتاق بولىدۇ. باشقا كىشىلەر گەپ سوراپ قالسىمۇ جاۋاب بەرمەڭ. ئۆي ئىچىدە ئىش قىلىپ قولىڭىز تىنمىسۇن، بىردەممۇ بىكار تۇرماڭ. بۇ تاش ئاغزىڭىزدا بولسىلا ئېرىڭىز سىزنى پەقەت ئۇرمايدۇ، ــ دەپتۇ. ئايال بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ شۇ ھامانلا تاشنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ ـ دە، ئۆيىگە كېتىپتۇ. دېگەندەك تاماق يېگەندىن باشقا چاغدا تاشنى ئاغزىدىن چىقارماپتۇ. شۇندىن بۇيان ئۆي ئىچىدە جېدەل توگەپتۇ. خوتۇنمۇ ئېرىنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ، «قىلما» دېگىنىنى قىلماپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇلار ئاۋۋالقىدىنمۇ ياخشىراق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. خوتۇن ئاۋۋالقى ھورۇنلۇقىنى، بىشەملىكىنى تاشلاپتۇ. ئەسلىدە دانىشمەن كىشى تاشقا دۇئا ئوقۇمىغان، خوتۇنىنىڭ تولا گەپ قىلىشىنى توختىتىپ، ئىشقا كىرىشىپ كېتىشى ئۈچۈن شۇنداق ئامال قىلغانىكەن. «ئېغىرلىق رەھمانلىق، يېنىكلىك شەيتانلىق»، «تاشنىڭ ئېغىرى سايدا قالار، خوتۇن ئېغىرى ئۆيدە قالار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن①

## بەرمەس قىزنىڭ سېلىقى ئېغىر

بۇرۇنمۇ ئەمەس، ھازىرمۇ ئەمەس، كۆن قاينىغان تومۇز ئايلىرىدا، كۆرۈنگەن تاغنىڭ بېرىسىدە بىر مەھەللە بولغانىكەن. بۇ مەھەللىدە ياشاۋاتقان «قوڭغۇز باي» نىڭ ئوغلى «بوك ـ بوڭجان» بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، جانان ئىزدەپ «جاھان» سەيلىسىگە چىقىپتۇ. ئۇ قانتىنى كېرىپ، غوڭۇلداپ ئۇچۇپ، نەچچە ئېرىق ـ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ، دالانى كېزىپ، ئوت ـ چۆپى بۇلۇق، ساداسى قويۇق «غىڭ ـ غىڭ» شەھىرىگە چۈشۈپتۇ.

بۇ شەھەردە بەللىرى قىلدەك، ئاۋازى زىلدەك، كۆزلىرى خۇما، بويىنىدا تۇما «مىڭ ـ مىڭخان» ئىسىملىك بىر قىز بار ئىكەن. «مىڭ ـ مىڭخان» نەغمە ـ ناۋاسى بىلەن «بوك ـ بوڭجان» نى قارشى ئېلىپ، زىلۋا ھۆسنى بىلەن ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ. يىگىتنىڭمۇ قىزنىڭ ئىشقى پىراقىدا يۈرەك ـ باغرى كاۋاپ بوپتۇ…

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ــ 10» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى..

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇلار كېلىشىپ قاپتۇ. «بولۇڭ ــ بوڭجان» ئۆز مەھەللىسىگە كەيپى شىرسىمان بولۇپ راۋان بوپتۇ.

كۇنلەر ئۆتۇپ «قوڭغۇز باي» ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئوغلىنى ئۆيلەش قارارىغا كېلىپ، ئەلچىلىرىنى باشلاپ «غىڭ ــ غىڭ» شەھىرىگە كېلىپ پاشىخانىغا يەتتە ئېگىلىپ، سەككىز پۈكۈلۈپ، مىڭبىر تەسلىكتە قۇدا بولۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. ئۇلار ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ، نەچچە تىك تۇرۇپ، نەچچە ئولتۇرۇپ، قۇدا بولۇشقا پۈتۈشۈپتۇ. بۇ ئىشتىن خۇشاللانغان «بولۇڭ ــ بوڭجان» نىڭ تاقىتى ــ تاق بوپتۇ. «مىڭ ــ مىڭخان» نىڭ شەيدالىقى چاك بوپتۇ.

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن كېلىشىم بويىچە «قوڭغۇز باي» ئۇرۇق ــ تۇغقان، قولۇم ــ قوشنىلىرىنى جەم قىلىپ، شايى ــ ئەتلەس، قەنت ــ گېزەكلەر بىلەن بەتتە پولۇلارنى تەييارلاپ، تويىنىڭ تاتلىق چېيىنى ئىچكۇزگەچ، ئېلىق ــ سېلىق ئۈچۈن پاشىخانىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. پاشىخانمۇ بارلىق جەمەتلىرىنى جەم قىلىپ قۇدىلارنى كۇتۇۋاپتۇ. تائاملار يېيىلگەندىن كېيىن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ئېلىق ــ سېلىق سېلىنىپتۇ. چوڭ ــ كىچىك پاشىخانلار بىرىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا يەنە بىرى سۆزلەپ سېلىق سايتۇ. قىزىنىڭ تويلۇقى، ئەكېلىدىغان ئانىلىق، يۇرتقا تارتىلىدىغان تاماقلارغىچە تۆر ــ تۆرى بىلەن مول سېلىنىپتۇ. خەتتاتنىڭ قەغەزلىرى تولۇپ، سىياھلىرى تۈگەپتۇ. يەنىلا سېلىق تۈگىمەپتۇ. تۆردە ئولتۇرغان چوڭ ــ چوڭ پاشىلار بۇرۇتلىرىنى بىر ــ بىرىگە تەگكۈزۇپ:

ــ غىڭ ــ غىڭ ــ غىڭ، ئەكېلىسىز ئون مىڭ، ــ دەپ خۇلاسىلىشىپتۇ.

توي سېلىقىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قوڭغۇز بايلار:

ــ بىز ئۇرۇق ــ تۇغقان بولىمىز. يۇرت ئېقىمى بويىچە بولسا، بىر قانچە «مىڭ» نى ئەكەلسەك، «ئون مىڭ» دىن چۈشۈپ بەرسەڭلار، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

بىراق پاشىلار شۇ ھامان غۇلغۇلا كۆتۈرۈپتۇ:

غىڭ ــ غىڭ ــ غىڭ،
ئەكېلىسىز ئون مىڭ.
كەڭچىلىكىمىز شۇ،
سالمىدۇق يۈز مىڭ.

دېيىشىپتۇ. نېرى تارت، بېرى تارت بولۇنغان بۇ سورۇندا خاپا بولغان قوڭغۇز بايلار ئاچچىقىدا:

ــ بۇنداق رەھىمسىز يەردىن قىز ئالمىساق بولمىدىمۇ! «بەرمەس قىزنىڭ سېلىقى ئېغىر» دېگەن مۇشۇ ــ دە، بۇنداق تويىنى قويۇڭ! ــ دېيىشىپ، كەينى ــ كەينىدىن

ئۆچۈپ كېتىپتۇ[1]

***ھېكمەت:***
***ئىلگىرى بەرمەس قىزنىڭ سىپلىقى ئېغىر دەيتتۇق. ھازىر بەرمەس قىز يوق. چۈنكى تويلۇقنىڭ كۆپلۈكى ھەشەمەت بولىدىغان بولىدى. خەيرىيەت، بەرمەس قىز، ئېغىر سىپلىق ھامان يوقىلىدۇ.***

## دېھقاننىڭ زېرەك ئوغلى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر زالىم باي ئۆتكەنىكەن. باي دېھقانلارنى قاتمۇقات قەرزگە بوغۇۋېتىپ، ئۆز كۆڭلىدە نېمىنى خالىسا شۇنى قىلدۇرىدىكەن. بىر كۈنى باي قەرزى كۆپرەك بىر دېھقاننى چاقىرىپ:

ـــ مەن ساڭا بىر قوي بېرىمەن. قوينىڭ ئېغىرلىقى يۈز جىڭ، يۈز كۈن باقىسەن، يۈز جىڭ يەم يېدۈرىسەن. قايتۇرۇۋالغۇچە قوينىڭ ئېغىرلىقى يۈز جىڭدىن ئاشماسلىقى كېرەك. بۇ شەرت ئورۇنلانسا قەرزىڭ بىكار قىلىنىپ مۇكاپاتقا ئىگە بولىسەن، ئەگەر شەرت ئورۇنلانمىسا قەرزىڭ كۆپەيتىلىپ جازاغا تارتىلىسەن، ـــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دېھقان ئۆيىگە غەمكىن قايتىپتۇ. دېھقاننىڭ بالىلىرى ئاتىسىنىڭ غەمكىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. دېھقان باينىڭ شەرتىنى خوتۇن ـ بالىلىرىغا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

دېھقاننىڭ زېرەك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ «ئىشنىڭ چارىسى ئاسان» دەپ ئاتىسىنىڭ غېمىنى يېنىكلىتىپتۇ. دېھقان شەرت بويىچە باينىڭ ئۆيىدىن قوينى ئېلىپ كېلىپتۇ.

باينىڭ ئىككى ئادىمى ھەر كۈنى كېلىپ، بىر جىڭ يەمنى قويغا قاراپ تۇرۇپ يېدۈرۈپ قايتىپ كېتىدىكەن. دېھقاننىڭ ئوغلى جاڭگالغا بېرىپ بۆرە كۈچىكىنى تۇتۇپ كېلىپ، باينىڭ ئادەملىرى كەتكەندىن كېيىن قوينىڭ يېنىغا باغلاپ قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قوي كۈندە يەم يېسىمۇ بۆرە كۈچۈكىدىن قورقۇپ سەمرىمەيدىكەن.

يۈز كۈن توشقان كۈنى باي قوينى شەرتى بويىچە جىڭلاپ تاپشۇرۇۋاپتۇ. قوي بىر جىڭ ئارتۇق ياكى بىر جىڭ كەم چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان باي بىلەن قىلىشقان شەرت بويىچە قەرزدىن خالاس بولۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ[2].

***ھېكمەت:***
***زالىمنىڭ زالىملىقىغا ئەقلىنىڭ زىيادىلىكى مەلھەم بولۇر.***

---

① نىزام بوۋاي ئېيتىپ بەرگەن، ئىلياس تاھىر نەشرگە تەييارلىغان، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ــ 10» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى..

② ئابلىمىت تاھىر ئېيتىپ بەرگەن، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ــ 19» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى..

# ھەقىقىي بايلىقنى بىل

بىر بوۋاينىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى بوۋاي ئوغۇللىرىنىڭ قايسىسىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— باللىرىم، مەن قېرىپ بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاراڭلاردىن بىرىڭلار ئائىلە باشلىقى بولۇشۇڭلار كېرەك. كىم دۆلەتمەن ۋە ئەقىللىق بولسا شۇ ماڭا ۋارىس بولۇپ، مال ـ مۈلكۈمگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئەقىللىق ۋە دۆلەتمەنلىكىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى قولىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ ئۈزۈكۈمنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى مېنى چوقۇم ئەقىللىق ۋە دۆلەتمەن دەپ بىلىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ ئىككىنچى ئوغلى زەر باسقان چاپىنىنى كىيىپ:

— مۇشۇ تۇرقۇمدا مېنى كۆرگەن كىشى ھەقىقەتەن ئەقىللىق ۋە باي بالا ئىكەن دەيدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ ئۈچىنچى ئوغلى گۆھەر قادالغان كۈمۈش كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ:

— ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق ئادەم بېلىگە بۇنداق كۈمۈش كەمەرنى باغلىغان ئەمەس. مەن ئەقىللىق بولغاچقا مۇنداق نەرسىلەرنى ساقلايمەن، — دەپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، سەن ئۆزۈڭدىكى ئەقىل ۋە بايلىقىڭنى كۆرسەتمەمسەن؟ — دەپتۇ بوۋاي بىر چەتتە جىم ئولتۇرغان كەنجى ئوغلىغا قاراپ:

— مەندە ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكمۇ، زەر باسقان چاپانمۇ، كۈمۈش كەمەرمۇ يوق. مەندە پەقەت ئەمگەك قىلالايدىغان بىر جۈپ قول ۋە سادىق يۈرەك ھەم ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئەقىل بار، — دەپتۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بوۋاي بارلىق بىساتىنى ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرۇپتۇ ۋە ئاكىلىرىنى ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقماسلىققا جېكىلەپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***سەندە مەۋجۇت بولغان ماددىي نەرسىلەر ئۆتكۈنچىدۇر. مەڭگۈلۈككە ئىگە بولغىنى سەندىكى ئەقىل. شۇڭا ئەقلىڭنى بايلىق ھېسابلا. ماددىي نەرسىلەر پەقەت شەكلەن بايلىقتۇر. ئۇنىڭدا يۈكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋى كامالەتنى بايقىيالمايسەن.***

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 8» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

# ئاتىڭغا قىلغان بالىدىن كۆرەر

بۇرۇنقى زاماندا ھەسەن ئىسىملىك بىر بوۋاي يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ھالدا: «بالا باققاننىڭ سازايىسى، بالا باقتىم دەپ بالا - قازانى باققاننىڭكەمەن. ئاغزى - بۇرنۇمنى قان قىلدى، بۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولسام زاكىسىدا بوغۇپ قويار ئىكەنمەن» دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ كوچىنى بېشىغا كىيىپتۇ. شۇ ئەسنادا باشقا يەردىن كەلگەن بىر كىشى بۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ تەسەللى بېرەي دەپ قارىسا، ھەسەن بوۋاينىڭ مەھەللىسىدىكىلەر ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ كىشى ئاشۇ مەھەللىلىك بىرىدىن سوراپتۇ.

— بۇ بوۋاي قانداق ئادەم، سىلەر نېمىشقا تەسەللى بەرمەيسىلەر؟

— تەسەللى بېرىپ زېرىكتۇق، — دەپتۇ ھەسەن بوۋاي بىلەن بىر مەھەللىلىك كىشى، — ھەسەن بوۋايمۇ ياش ۋاقتىدا دادىسىنى ھەر كۈنى ئاشۇنداق قاقشىتاتتى، ئەمدى ئۇنى بالىسى قاقشىتىۋاتىدۇ. «ئۆتنىگە لاپقۇت» دېگەن شۇ! — دەپتۇ[1] .

***ھېكمەت:***
***سەن ئاتا - ئاناڭنى قانچە رازى قىلساڭ، بالاڭمۇ سېنى شۇنچە رازى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتسەڭ، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆز پەرزەنتىڭدىن كۆرىسەن.***

## ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى

قەدىمكى زاماندا، سەمەت ئىسىملىك بىر كىشى شەرىئەت ئالدىدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. جاللات ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سەمەتنى دار ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتسا، سەمەت ھەدەپ: «ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت!» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ. جاللات بۇ گەپنى ئاڭلاپ، «بۇ گۇناھكارنىڭ ھاياتلارغا قالدۇرۇپ كېتىدىغان بىرەر ھېكمىتى بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز گەپ سوراپ بېقىپ ئاندىن ئۆلتۈرسەكمۇ كېچىكمەس» دەپ ئويلاپ، سەمەتنى دار ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ چوڭ گۇناھكارنى ياندۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللات سەمەتنى پادىشاھ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ سەمەتتىن:

— سەن نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم ئالدىدا «ۋاي ئىسىت!» دەپ پەرياد ئۇرىسەن ياكى جازاغا ناقايىلمۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 8» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

— ئى پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ سەمەت، — مەن جازاغا لاياقەتلىك ئەمەسمەن. ئۆلۈشۈمگە ھەسرەت چەكمەيمەن. «ۋاي ئىسىت!» دەپ ھەسرەت چېكىشىمدىكى سەۋەب مۇنداق: ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قاسساپلار ئۆچكە سويغاندا گۆشىنى قىل قىلىۋېتەتتى. مەن ئۆچكىنى سويغاندا قىل قىلماي پاكىز سويۇشنى كەشىپ قىلغانىدىم، لېكىن مەن بۇ ھۈنەرنى تېخى بىرىگە ئۆگەتمىگەن. ئەمدى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندىم، مەن دار ئالدىغا كېتىۋېتىپ ئىچىمدە: «مەن بۇ ھۈنىرىمنى بىرىگە ئۆگىتىپ قويسام بولغانىكەن. مەن ئۆلسەم بۇ ھۈنەر مەن بىلەن كېتىدۇ. قاسساپلار يەنە ئۆچكە گۆشىنى قىل قىلىۋېتىدۇ» دەپ ئويلاپ «ۋاي ئىسىت!» دېگەنىدىم.

— شۇ ھۈنىرىڭ راستمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— راست، — دەپتۇ سەمەت.

— ئوردىنىڭ قاسساپىمۇ ئۆچكە سويغاندا گۆشىنى قىل قىلىۋېتەتتى. مۇشۇ ھۈنىرىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈردۈم، سەن مۇشۇ ھۈنىرىڭنى ئالدىمدا نامايان قىل، — دەپتۇ پادىشاھ.

جاللات چىقىپ جازا مەيدانىدىكى خەلقنى تارقىلىشقا بۇيرۇپ، دارنىڭ تاسمىسىنى يېشىپتۇ. توپ ئىچىدىن بىرى جاللاتتىن سوراپتۇ:

— گۇناھكارنى نېمىشقا دارغا ئاسمايسىلەر؟

— ئاسمايدىغان بولدۇق، — دەپتۇ جاللات.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— نېمە سەۋەبتىن بولاتتى! ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىدىن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاللات[①].

## يالغانچىلىق جانغا ئېكەك سالىدۇ

بۇرۇن بىر يۇرتتا ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ راست گەپ قىلىپ باقمىغان، ھەر قاچان بارنى يوق، يوقنى بار دەيدىغان بىر يالغانچى ئادەم ئۆتكەنىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ ئادەم ئاغرىپ قېلىپ، تالا - تۈزگە چىقالماس بولۇپ قاپتۇ - دە، بالىسىغا:

— ئەگەر بىرەرى مېنى ئىزدەپ كەلسە يوق دېگىن. سورىغانلارغا ساقايدى دەپ قويغىن، ئۆيگە ھېچكىم كىرمىسۇن، — دەپ جېكىلەپتۇ ۋە تېۋىپقىمۇ كۆرۈنمەي، ئۆيدە يېتىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە بۇ ئادەمنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ.

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 8» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

بۇ يۇرتتا نام ـ شۆھرىتى باشقا جايلارغا كەڭ تارقالغان بىر تېۋىپ بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق كېسەللىكنى ساقايتىشقا ماھىر، خەقنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى پەرز ۋە بۇرچى ھېسابلايدىغان كىشى ئىكەن. ئۇ نەدە كېسەل بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، ئانچە بەك ھەق سورۇشتۇرۇپ كەتمەي داۋالايدىكەن. بىر كۈنى بۇ تېۋىپ ھېلىقى يالغانچى كىشىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ـ دە، شىپالىق دورا ـ دەرمانلار بىلەن ئۇنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كېلىپ ئىشىك قېقىپتۇ.

— بىرى كەلگەن ئوخشايدۇ، ئەگەر مېنى سورىسا، ئۆيدە يوق دېگىن، — دەپتۇ ھاياتى تۈگەش ئالدىدا تۇرغان يالغانچى ئادەم ئوغلىغا بۇيرۇپ.

ئوغۇل چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ.

— بالام، داداڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئۇزاقتىن بېرى كېسەللىك بىلەن ياتقانىدى. بۈگۈن بىر ئاز ياخشىلانغانلىقتىن بازارغا بېرىپ كېلەي دەپ كەتتى، — دەپتۇ ئوغۇل راست گەپ قىلسا دادىسىنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ. تېۋىپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەي يالغانچى ئادەم ئۆلۈپتۇ. ئوغلى يىغلاپ دادىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ يالغان سۆزلىگىنىگە ناھايىتى پۇشايمان قىپتۇ ۋە يالغانچىلىقنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈشىگە ھەم ئۆزىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقىدىن ساۋاق ئېلىپ راستچىل ئادەم بولۇشقا ئىرادە باغلاپتۇ[①].

***ھېكمەت:***
***يالغاننى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلساڭ، ياشىغىنىڭمۇ يالغان بولۇپ قالىدۇ.***

## مەككار ئادەم بولما

بۇرۇنقى زاماندا، مەنزىرىسى گۈزەل، خەلقى ئاق كۆڭۈل بىر يېزا بار ئىكەن. يېزا كىشىلىرى راستچىل، ئىناق بولغاچقا تۇرمۇشى باياشاتچىلىقتا ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەق ـ تۇرقى سەت، دوقا باش بىر سودىگەر بۇ يېزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بەكمۇ مەككار ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ قولىدىن كىچىككىنە نەرسە بولسىمۇ يۇلۇۋېلىشنىڭلا كويىدا يۈرىدىكەن، يالغانچىلىقتا ئۇچىغا چىققان ئىكەن. ئۇ بۇ يېزىدا دۇكان ئاچقاندىن كېيىن يېزا خەلقى زىيان ئۇستىگە زىيان تارتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار قانداق قىلىپ بۇ مەككار سودىگەردىن قۇتۇلۇش كويىدا ئامال ئىزدىشىپتۇ.

بۇ يېزىدا ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرىدىغان بىر ئادەم بولۇپ، بىر كۈنى بىرنەچچە يىگىتنىڭ ياردىمى بىلەن تاغدىن بىر ئېيىقنى تۇتۇپ كەپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆرە

① تۇرغۇن مەمەت ئېيتىپ بەرگەن، ئابدۇرېھىم ئىسمايىل «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 8» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.



www.uyghurkitap.com

ماڭالايدىغان، «يارايدۇ» دېگەن سۆزنى ئېيتالايدىغان قىلىپ كۆندۈرۈپتۇ.
بىر بازار كۈنى، ئۇ ئىيىققا ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپ، ئۆزى يوغان بىر خۇرجۇننى ئارتىپ، سودىگەرنىڭ دۇكىنىغا يېتىپ كەپتۇ. سودىگەر ئىيىقنىڭ بەستىنى ۋە ئۇستىبېشىنى كۆرۈپ، نەچچە ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ.
ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئادەم سودىگەرگە:
ــ بۇ كىشى مېنىڭ غوجايىنىم ئىيىق بەگ بولىدۇ. بۇ كىشى يارىغان مالنى ئېلىۋېرىدىغان، سودىدا نەرخ تالاشمايدىغان ئادەم، قېنى ماللىرىنى كۆرسەتسىلە، ــ دەپتۇ ۋە ئىيىققا قاراپ:
ــ كۆرۈپ باقامىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئىيىق بەگ:
ــ يارايدۇ! ــ دەپتۇ. «راستىلا چوڭ باي ئوخشايدۇ. بۇنىمۇ بىر قىسماقىقا دەسسىتىپ، تازا بىر بابلاي» دەپ ئويلاپتۇ سودىگەر ۋە ئۇزاقتىن بېرى خېرىدارسىز قالغان بىر توپ رەختنى ئېلىپ راسا ماختاپتۇ.
ــ يارايدۇ! ــ دەپتۇ ئىيىقبەگ.
ــ «رەختنى تۇتۇپ كۆرمەي يارايدۇ، دەۋاتامدۇ ماۋۇ ئەخمەق! پۇتۇن مېلىمنى كۆرسىتىپ، باھاسىنى ئۆستۈرۈپ سېتىۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ سودىگەر ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ.
ــ بۇ رەختنىڭ باھاسى ئەللىك تەڭگە، ــ دەپتۇ ئۇ بىر توپ رەختنى قولىغا ئېلىپ.
ــ يارايدۇ! ــ دەپتۇ ئىيىق بەگ.
سودىگەر ماللىرىنى كەينى ـ كەينىدىن كۆرسىتىپتۇ، ئىيىقبەگمۇ قورسىقىنى سىيلىغىنىچە «يارايدۇ!» دەۋېرىپتۇ. دۇكاندا مال تۈگەي دېگەندە، ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئادەم ئىيىقبەگكە قاراپ:
ــ ماۋۇلارنى كىرا قىلغاچ ھارۋىغا باسقاچ تۇرايلىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.
ــ يارايدۇ! ــ دەپتۇ ئىيىق بەگ.
ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئادەم ماللارنى ماڭغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، دۇكانغا كىرىپ:
ــ ھارۋىكەش مالنى چۈشۈرۈپ قويمىسۇن، مەن ماڭغاچ تۇراي، سىلە ھېسابلىشىپ قايتارلا، ــ دەپتۇ ئىيىق بەگكە.
ــ يارايدۇ! ــ دەپتۇ ئىيىق بەگ. ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئادەم دۇكاندىن چىقىپ كېتىپتۇ. سودىگەر ئۇزاق ھېسابلىمايلا:
ــ پۈتۈن مالنىڭ باھاسى ئۈچ مىڭ بەش يۈز تەڭگە بوپتۇ، ــ دەپتۇ.
ــ يارايدۇ! ــ دەپتۇ ئىيىق بەگ.
ــ يارىشىدا گەپ يوق، ئەمىسە پۇلىنى تۆلىۋەتمەملا؟
ــ يارايدۇ!

www.uyghurkitap.com

سودىگەر غەزەپلىنىپ:

— «يارايدۇ!» نى خەجلىگىلى بولمايدۇ، پۇلىنى چىقارامسەن؟ — دەپتۇ.

— يارايدۇ! — دەپتۇ ئېيىق بەگ.

سودىگەر ئاچچىقىدا ئېيىقبەگنى ئىشىك تاقايدىغان دەم بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن، ئېيىق بەگ: «يارايدۇ!» دەپ تۇۋلاپ سودىگەرنىڭ كاللىسىغا بىر مۇشت ئۇرۇپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چۇۋۇۋېتىپتۇ – دە، تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ.

سودىگەر ئۆلۈپتۇ، يېزا خەلقى يەنە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***سەن ئۆزۈڭنىڭ كىچىككىنە ئۇستۇنلۇكىڭدىن پايدىلىنىپ مەككارلىق قىلساڭ، سەندىن ئازار يېگەن ئاجىز ھامان سەندىن غالىب كېلىپ، قىلغانلىرىڭغا پۇشايمان قىلدۇرىدۇ. شۇڭا سەمىڭدە بولسۇنكى، ھەر ئىشنى ھەللىسىدە قىلىشنى ئۆگەن.***

## چۇشۇپ كەتكەن ئابرۇي

باشقىلارنى ھۆرمەتلەش — شەرەپلىك كىشىلەر، ئېسىل زاتلار، دانىشمەن ئالىملار ۋە باشقا ئۇلۇغلار، ئەربابلار ئۇچۇن ئالاھىدە بىر خاس سۈپەتتۇر. چۈنكى ئۇلار ھۆرمەت – ئېھتىراملار ئارقىلىق، بەخت – دۆلەت قۇللىرىنىڭ كۈچلۈك شان – شەۋكەت بايراقلىرىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىر كۈنى ھەسەنى سەيبان ھارۇن رەشىدنىڭ قېشىغا كەلدى، ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا كۆپ ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت بىلدۇردى. تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھەسەن سەيباننى باشلاپ كېلىپ، تەختكە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇ كىشى كەتمەكچى بولۇۋىدى، يەنە ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىلەردىن بىرى:

— ئەي پادىشاھ، سىزنىڭ مۇنچە كۆپ ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملىرىڭىز ئۆز پادىشاھلىقىڭىزنىڭ ئابرۇي – ئىناۋىتى ئۇچۇن ئارتۇقچە ئەمەسمۇ، — دەپ سورىدى. ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا:

— ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۇرۇش تۈپەيلىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولغان ئابرۇينىڭ دەرھال چۈشۈپ كەتكىنى ياخشى. ئالىم، ھەكىملەرگە ھۆرمەت بىلدۇرۇپ، چۈشۈپ كەتكەن ئىناۋەتنى كىم كۆرگەن؟ — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى.

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 8» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 – يىل نەشرى.

# ئالىملارغا ھۆرمەت

ئابدۇللا تاھىر دېگەن كىشى خۇراسانغا پادىشاھ بولۇپ بېرىش ۋاقتىدا، يول ئۈستىدە نىشاپۇرغا چۈشتى. ئۇ ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئۇ يەرنىڭ بارلىق كاتتىلىرى ئابدۇللا تاھىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، تاھىر شاھ باشقىلاردىن:

— مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەي قالغان كىشى بارمۇ؟ — دەپ سورۇشتە قىلدى. ئۇلار:

— بۇ ۋىلايەتتىكى شۆھرىتى بار ھەممە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى. ئېھتىمال كەلمىگەن بولسا، بىرەر بۇلۇڭدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىككى ئابىد كىشى كەلمىگەندۇر. چۈنكى ئۇلار جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەن، كىشىلەرنىڭ غوۋغاسىدىن قېچىپ، تەڭرىنىڭ ئىبادىتىگىلا مەشغۇل بولغان ئادەملەر، — دېيىشتى.

ئابدۇللا بۇنى ئاڭلاپ:

— ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ياندىكىلەر:

— بۇلارنىڭ ئىسمىلىرى ئەھمەدى ھەرىب ۋە ئەھمەدى ئەسلەم بولۇپ، بۇلار تەڭرىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىندۇر. مۇنداقلار پادىشاھلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئويلىمايدىغان كىشىلەردۇر، — دېيىشتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئابدۇللا تاھىر، — ئۇلارنىڭ قېشىغا مەن بېرىشىم كېرەك.

پادىشاھ شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئەھمەدى ھەرىبنىڭ تەرىپىگە يۈزلەندى. ئارىلىقتا بىر كىشى ئەھمەدى ھەرىبكە:

— سىزنىڭ قېشىڭىزغا پادىشاھ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ قويغانىدى، بۇ كىشى دەرھال بۇ يەردىن قېچىشقا تەرەددۇت قىلدى، لېكىن ئۈستىگە پادىشاھ كېلىپ قېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەھمەدى بىر مۇددەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئابدۇللا ئۇ كىشىگە ھۆرمەت ساقلاپ ئالدىدا بىر سائەت تۇردى. ئەھمەدى ھەرىب ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇ كىشىگە قارىغانىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنچە خۇشرۇي، ناھايىتى قامەتلىك بىر ۋۇجۇد ئايان بولدى. ئەھمەدى ھەرىب ئىختىيارسىز تۇردە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنى تولىمۇ چىرايلىق، خۇش پېئىل كىشى دەپ ئاڭلىغانىدىم. ھازىر قارىسام ئاڭلىغىنىمدىنمۇ ئارتۇق ئىكەنسەن، ئالدىمغا كەپسەن، ساڭا نەسىھەتىم شۇكى، سەن بۇ قەدەر گۈزەل چىرايىڭنى تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە تۇرمىگەيسەن...

ئابدۇللا تاھىر كۆز يېشى قىلىپ، بۇ ئەزىزدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقتى. ئاندىن

ئەھمەدى ئەسلەم تەرەپكە ماڭدى. كىشى كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئەسلەم دەرھال ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىۋالدى. ئابدۇللا ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ كىرىپ، كۆرۈشمەكچى بولۇپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈشەلمىدى. باشقىلار پادىشاھقا:

— بۇ زات ھەر جۈمە كۈنىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن جامەگە بارىدۇ. كۆزلىرى جۈمە كۈنىگىچە كۈتكەيلا، ئۇنىڭ جامەگە بېرىش - يېنىش يولىدا ساقلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەيلا، — دېيىشتى. ئابدۇللا بۇ نەسىھەتكە كۆنۈپ، دەل جۈمە كۈنى ئەسلەمنىڭ ماڭار يولىدا ئۇنى ساقلاپ تۇردى. ئەسلەم ئۆز ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ، ئۆتەر يولدا تۇرغان بىر قانچە ئاتلىقلارنى كۆرۈپ دەرھال توختىدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئەھمەدى ئەسلەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تەزىمدە تۇردى. ئەسلەم ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ سورىدى:

— سەن كىمدۇرسەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟

ئابدۇللا جاۋاب بەردى:

— مەن بولسام تاھىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللادۇرمەن، سىزنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىدە كەلدىم.

ئەھمەدى ئەسلەم:

— سېنىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ مېنىڭ سەن بىلەن نېمە سۆزۈم بار؟ — دەپلا دەرھال يۈزىنى ئۆرۈپ، ئابدۇللاغا ئارقىسىنى قىلىپ، تام تەرەپكە قاراپ ئۆرۈۋالدى. ئابدۇللا بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا شەيخنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى - دە، يۈزىنى شەيخ دەسسەپ تۇرغان تۇپراققا سۈرتتى. ئۇنىڭ ئالىملارغا قىلغان ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن، مەرتىۋىسى بارغانسېرى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى.

## غاپىل پادىشاھ

نۇشىرۋان ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدە (ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، خەلق ئىچىدە تونۇلۇپ مەشھۇر بولۇشتىن ئىلگىرى) ئەيش - ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىغا قارىمىغانىدى. ئۇنىڭ يېقىن بىر قوشنىسى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى ۋە مېھماندوستلۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ھەممە خالايىقنىڭ تىلىدا ماختىلاتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئىنئام ۋە ساخاۋەت داستىخانلىرى ھەمىشە يېيىقلىق تۇراتتى. ئاۋام خەلقنى داۋاملىق مېھماندارچىلىققا تەكلىپ ئېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشىنىڭ شۆھرىتى يېيىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى نۇشىرۋان ھېلىقى قوشنىسىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، سودىگەرچە ياسىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ كىشى نۇشىرۋاننى تونۇماي ئالدىغا چىقىپ ئۇنى مېھمان ھېسابىدا قارشى ئېلىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

نۇشىرۋان راھەتلىك بىر سۇپىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن ئادەمگەرچىلىك رەسمىيىتى، زىياپەتنىڭ قائىدىسى بارلىق مېھماندارچىلىقنىڭ يوسۇنلىرى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە بولدى. نۇشىرۋان بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى ۋە ھەيران قالدى. نۇشىرۋان ئولتۇرغان سۇپىدىن باغ تەرەپكە ئېچىلغان دېرىزە بار ئىدى. دېرىزىدىن قاراپ، باغدىكى ئوخشاپ پىشقان تەك ـ تەك ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ، ھۇزۇرلانغان نۇشىرۋان مۇنداق دېدى:

ــ مەن بولسام بىر سودىگەر ئىدىم، سىزنىڭ سېخىيلىق ۋە دوستلۇق جەھەتتىكى تەۋسىپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. سىزگە مېھمان بولۇپ كۆپ ئاۋارە قىلدىم. پەزىلەتلىرىڭىزنىڭ كىشىلەر ئاغزىدا ئېيتىلغىنىدىن مىڭ باراۋەر ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەمدى مەن ئۆيۈمگە قايتىپ بارىمەن، ئالدىدا مېنىڭ سىزدىن سورايدىغىنىم، مەن سىزنىڭ زىياپىتىڭىز ئۈچۈن نېمە تەييارلىسام بولار؟ ئۆزىڭىز نېمىنى ياخشى كۆرىسىز؟ قانداق تۆھپە ئەۋەتسەم بولىدۇ؟ ــ دېدى.

ئۇ كىشى:

ــ ئەي ئەزىز مېھمان، سىزنىڭ تۆھپىڭىز ۋە زىياپىتىڭىزگە ئېھتىياجىم يوقتۇر، لېكىن ئۈزۈم يېيىشكە مەيلىم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىرەر باغقا ئۈزۈم سەيلىسىگە بارسىڭىز، ئاشۇ ئۈزۈمدىن ماڭا ئازراق ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، ــ دېدى.

نۇشىرۋان:

ــ سىزنىڭ بۇ بېغىڭىزدا ئۈزۈم شۇنچە كۆپ تۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈزۈمدىن يېمەيسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

بۇ كىشى:

ــ ئەي ئەزىز، بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ تەبىئىتى بەكمۇ زالىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىلارنىڭ ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋىرى يوق. بۇ يۇرتتىكى پۇقرالارنىڭ باغلىرىنىڭ ئۈزۈملىرى تازا پىشىپ ئۈزۈش مەۋسۇمىغا يەتتى. پادىشاھ ھازىرغا قەدەر ئۈزۈملەردىن ئۆشرە ئېلىشقا كىشى ئورۇنلاشتۇرمىدى، باشقىلار ئۆشرىگە قارىماي، ئۈزۈملىرىنى يېيىشكە باشلىدى، لېكىن بۇ باغدا پادىشاھنىڭ بۇيرۇلغان ھەققى بار، ئۇنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، ئۆزۈم يېسەم پادىشاھنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغان بولىمەن. خىيانەتنىڭ ئۆزى ھارامدۇر، شۇڭا بۇ ئۈزۈملەرنىڭ ئۆشرىسىنى ئايرىماي تۇرۇپ ئۈزۈم يېيەلمەيمەن. ھەر يىلى ئۈزۈم غورا بولغان ھامان باغنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، دەرۋازىغا خەت چاپلاپ مۆھۈر باسىمەن، تاكى پادىشاھ بۇ باغدىن ئۆشرە ئالمىغۇچە باغقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيمەن. پادىشاھ ئۆشرىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن يېيىشكە قەدەم باسىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

نۇشىرۋان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ:

ــ سىز ئېيتقان زالىم تەبىئەتلىك، غاپىل پادىشاھ مەن بولىمەن، سىزنىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

دىيانەتلىك ھالىتىڭىز سەۋەبىدىن مەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندىم، بۇنىڭدىن كېيىن پۇقرالارنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر بولماسلىققا، ئادالەت يولىدىن چەتنىماسلىققا قەسەم قىلدىم، — دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نۇشىرۋان بۇ كىشىنى يۇرتىدا كۆپ ئەزىز ۋە مۆكەررەم قىلدى.

## پادىشاھنىڭ لەززىتى

مۆمىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە خۇرسەنلىك يەتكۈزۈش ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتۇر. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىر كۈنى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ھۆكۈمەت مەجلىسىنى قۇرۇپ ئولتۇردى، لېكىن شۇ بىر كۈندە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتىپ ياكى ھاجەت تىلەپ كەلمىدى. كەچ بولۇپ ئىشتىن يانغاندا، پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا:

— مەن بۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرگەن ھېسابتا سانىمايمەن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بىر ئەمەلدار ئارىغا سۆز قىستۇردى:

— ئەي پادىشاھ، بۈگۈن ئۆزىڭىزنىڭ تەن ـ سالامەتلىكىڭىز ياخشى، بىر كۈنلۈك ئۆمرىڭىز مەنىلىك سۆھبەتلەر بىلەن ئۆتتى. دۆلەت ئەربابلىرى مەقسىتىڭىزگە مۇۋاپىق ئىش كۆرۈۋاتىدۇ. دۆلەت تىنچ، لەشكىرىي سىپاھلار مۆكەممەل، خەزىنىلەر بايلىق بىلەن تولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇشۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرمىگەن ھېسابىدا كۆرسىڭىز، بۇ كۈننى نېمە دېيىش كېرەك؟

ئىسكەندەر بۇنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

— ئەگەر پادىشاھتىن ئاجىزلارغا راھەت يەتمىسە، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتى راۋا بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ پادىشاھ تەرىزىدە ئۆمۈر كۆردى دېگىلى بولسۇن؟ پادىشاھنىڭ لەززىتى ئۈچ ئىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بىرىنچى، دۈشمەنلەرنى يېڭىپ مەغلۇپ قىلىش بىلەن؛ ئىككىنچى، دوست ـ يارەنلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشال، مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىش بىلەن؛ ئۈچىنچى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئازاد قىلىش بىلەن شاھنىڭ كۈنى مەنىلىك ئۆتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ پادىشاھ ئۈچۈن ئانچە لەززىتى يوق.

## دىيانەت يۈزىسىدىن...

بەلىخ ھاكىمىنىڭ ئوغلى بىر كۈنى سەيلە قىلىپ سەھراغا چىقتى. كېتىۋېتىپ پەس تاملىق بىر جايغا كۆزى چۈشتى ۋە ئۇ يەردە بېلىگە زۇننار باغلىغان، قولدا كەتمەن تۇتقان بىر قېرىنى كۆردى. ئۇ قېرى كۆچەت تىكىپ يۈرگەنىكەن، ئەمىرزادە ئۇ كىشىگە:

— ئەي بوۋاي، سەن تىكىۋاتقان بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە ئۆمرۈڭ يار بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بىھۇدە مۇشەققەت تارتىسەن؟ —

دەپ سورىدى.

ئۇ بوۋاي بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

— بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر دەرەخ تىكىپ يېتىشتۈرۈپ قويغان، لېكىن ئۇنىڭ مېۋىسىنى بىزلەر يېدۇق. بىزنىڭ تىككۈاتقان بۇ كۆچەتلىرىمىزنىڭ مېۋىسىنى بىزنىڭ كېيىنكى كىشىلىرىمىز يەيدۇ، ئەگەر نېسىپ بولسا بىزلەرمۇ يەرمىز، — دېدى.

ئەمىرزادە ياش بولغانلىقتىن، ئۆز غۇرۇرىغا بەس كېلەلمەي:

— سەن، ھەرگىزمۇ بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئەگەر يېيەلەيدىغان بولساڭ، مېنىڭ خوتۇنۇم تالاق بولسۇن، — دەپ قەسەم قىلدى. ئەمىرزادە بۇ سۆزلەرنى دەپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى بوۋاي باشقىلاردىن:

— بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

باشقىلار:

— بۇ بەلخ ھاكىمىنىڭ ئوغلىدۇر، — دېيىشتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۈچ يىل ئۆتتى. ئەمىرزادە يەنە سەيلە بىلەن بۇ باغ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. قارىسا، بۇ باغ شۇنچە گۈزەل، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان خۇش ھاۋالىق باغ بوپتۇ، ئەمىرزادە ئىختىيارسىز ھالدا باغ ئىچىگە كىرىپ قالدى. يەنە شۇ كۆچەت سالغان كىشىنى بىلىگە زۇننار باغلىغان ھالدا كۆردى. بوۋاي ئەمىرزادىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن تونۇمىدى. ئەمىرزادىمۇ بۇ بوۋاينىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالمىدى. بوۋاي تازا ئوخشاپ پىشقان مېۋىلەردىن بىر قاچىغا ئېلىپ، ئەمىرزادىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. ئەمىرزادە ئازراق تاناۋۇل قىلغاندىن كېيىن، قېپقالغان مېۋىلەرنىڭ بىر قىسمىنى بوۋايغا بەردى. بوۋاي ئۇ مېۋىلەرنى ئۆزى يېمەي، ئەمىرزادىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرىگە بەردى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكى سورالغاندا، بوۋاي جاۋاب بېرىپ:

— بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېمەيمەن، چۈنكى مەن بۇرۇن مۇشۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى تىكىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا، بىزنىڭ ھاكىمىمىزنىڭ ئوغلى مۇشۇ يەرگە كېلىپ، ماڭا تەنە — قىسىرلار قىلغانىدى، مەن ئۇنىڭغا يوللۇق جاۋاب بەرسەم، ئۇ ئۆزىنى باسالماي: «سەن بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى ھەرگىزمۇ يېيەلمەيسەن، ئەگەر يېيەلەيدىغان بولساڭ، خوتۇنۇم تالاق بولسۇن» دەپ قەسەم قىلغانىدى، مەن شۇ ئەمىرزادىنىڭ قەسىمىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ تالاق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالماي دەپ، بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىككە قەسەم قىلغانمەن، — دېدى.

ئەمىرزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— شۇ قەسەمنى قىلغان ئوغۇل مەن بولىمەن، مەن سىنىڭ دىيانىتىڭدىن كۆپ تەسىرات ئالدىم، بۇگۈندىن باشلاپ سىنى ئۆزۈمگە ۋەزىر قىلىمەن. سىنىڭ

مەسلىھەتلىگىسىز ھېچ ئىشقا قەدەم ئالمايمەن، ـــ دېدى.

ئۇ بوۋاي ئۆزىدىكى دىيانەت يۈزىسىدىن بەخت ـ دۆلەتكە مۇشەررەپ بولدى.

## ۋەدە دېگەن ۋەدە

بىر كۈنى ئۇلۇغلاردىن بىرەيلەن ئۆزىنىڭ بىر دوستى بىلەن بىر جايغا بارماق بولۇپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە بىر ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھېلىقى كىشى ھەزرەتكە:

ـــ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئۆيدە ئازراق ئىشىم بار ئىدى، كىرىپ ئورۇنداپ قويۇپ چىقسام، ئەگەر ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالىسىڭىز، بۇ جايدا بىر ئاز كۈتۈپ تۇرسىڭىز، ـــ دەپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ھەزرەت بۇ كىشىنىڭ ۋەدىسىنى قوبۇل قىلىپ شۇ جايدا قېپقالدى، ئەمما ئۇ كىشى ئۆيىگە كىرىپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتىم بىلەن قىلغان ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتتى. ئەمما ھەزرەت ۋەدىسىگە بىنائەن ئۇ جايدا ئۈچ كۈن كۈتۈپ تۇردى. ھېلىقى ئادەم ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باشقا خۇسۇسىي ئىشلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئۇ جايدا تۇرغان ھەزرەتنىڭ ئۈستىگە كەلدى ـ دە، خىرامان ھالدا:

ـــ ئەي دوستلۇق دەرىخىنىڭ مېۋىسى، بۇ جايدا نېمە ۋەجىدىن ئولتۇردىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

ھەزرەت ھېلىقى كىشىگە:

ـــ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى سىز مېنى بىر ۋەدە بىلەن بۇ جايدا تۇرغۇزۇپ قويغان، مەن شۇ ۋەدىگە بىنائەن سىزنىڭ يېنىپ چىقىشىڭىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، ـــ دېدى.

ـــ مېنىڭ كىچىكلىۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتمىدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.

ھەزرەت:

ـــ مەن سىز كەلگۈچە مۇشۇ جايدا تۇرۇشقا ۋەدە قىلغان، ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىدىم، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

## ۋەدىگە ۋاپا

بىر پادىشاھ قىيىن بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالدى. بېشى قاتقان پادىشاھ «تەڭرى مېنىڭ بۇ مۈشكۈلۈمنى ئاسانلىق بىلەن ھەل قىلىپ بەرسە، خەزىنەمدىكى پۈتكۈل بايلىقلىرىمنى مىسكىنلەرگە بېرىۋېتىمەن» دەپ نىيەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇنىڭ مۈشكۈللىرىنى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ھەل قىلىپ بەردى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ

لەۋزىگە ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىن، خەزىنىچىگە بارلىق مال ـ مۈلۈكلەرنى ھېسابلاپ كۆرۈشنى بۇيرۇدى. خەزىنىچى بەگ ھېسابلاپ كۆرگەندى، ناھايىتى كۆپ مەبلەغ چىقتى. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار:

ـ ئەي پادىشاھ، مۇنچىۋالا كۆپ مال ـ مۈلۈك ۋە بايلىقلارنى پېقىرلارغا بېرىۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئەگەر بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنقى زۆرۈرىيىتىم ئۈچۈن سەدىقە قىلىشقا نىيەت قىلغانمەن، ــ دېدى پادىشاھ ئۇلارغا. بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تەشۋىشلەنگەن ئوردا ئەھلى پادىشاھقا:

ــ بىز ئالىملاردىن بۇ مەسىلىنى سوراپ كۆردۇق، ئۇلار ۋەزىر ـ ۋۇزرا ۋە ئوردا خادىملىرىنىڭمۇ مۇلازىم ۋە چاكارلار قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ سەدىقە ئالىدىغان مىسكىنلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، شۇنداق بولغاندىكىن سەدىقە ماللىرىنى مىسكىنلەرگىمۇ، بىز مۇلازىملارغىمۇ ئىلتىپات قىلسىلا، قىممىتى ئوخشاش بولىدۇ. قىلغان ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق بولمايدۇ، ــ دېدى.

پادىشاھ بۇ گەپلەردىن ھەيران بولۇپ راۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى، بىر دىۋانىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە بۇ كىشىدىن مەسلىھەت سوراش خىيالى كەلدى. ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:

ــ مەن بىر مۇھىم مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلدىم، تەڭرىدىن شۇ ئىشنى ئاسان قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم، مۇشۇ مۇشكۈلۈم ئاسان قىلىنسا، خەزىنەمدىكى ھەممە بىساتىمنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىمەن دەپ ۋەدە قىلدىم. مۇشكۈلۈم مەن ئۈمىد قىلغاندەك ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى. خەزىنەمدە ماللىرىم كۆپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرا ئۇنى پېقىرلارغا بېرىشكە رازى بولماي ۋەزىر، ئەمىرلەرگە، ئالىملارغا، سىپاھلارغا ۋە باشقا ئوردا خادىملىرىغا بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە سىز نېمە دەيسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ئۇ دىۋانە پادىشاھقا قاراپ:

ــ سىز شۇ ماللارنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىشكە، نىيەت قىلغاندا ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئالىم ـ سىپاھلارمۇ كۆڭلىڭىزدىن كەچكەنمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مەن ئۇ چاغدا پەقەت گادايلاردىن باشقىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم، ــ دېدى پادىشاھ. دىۋانە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

ــ ئۇنداق بولسا سىز شۇ ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىپ، ماللىرىڭىزنى مىسكىنلەرگە بەرسىڭىز بولىدۇ، ــ دېدى.

## گۇمان بىلەن ئىش قىلما

پادىشاھ قۇبادنىڭ زامانىسىدا بىر كىشى كونا ئۆيگە كىرىپ قېلىپ، بۇ ئۆيدە بېشى

كېسىلگەن بىر جەسەتنى كۆرۈپ قالدى. جەسەتنىڭ مەيدىسىدە بىر قان يوقى پىچاق تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ كىشى بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى. نەق مەيداننىڭ ئۈستىگە شەھەر ھاكىمىنىڭ بىر خىزمەتچىسى كېلىپ قېلىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، پىچاقنى بويىنىغا ئاستى ـ دە، ھاكىم قېشىغا ئېلىپ كىرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. بۇنى كۆرگەن ھاكىم تولىمۇ غەزەپلەندى.

— ھەي خۇدادىن قورقماس، نېمە ئۈچۈن ناھەق قان تۆكتۈڭ؟ — دەپ سوراق قىلدى.

ئۇ بىچارە:

— ئەي ئەمىر، مەن ئادەم ئۆلتۈرگىنىم يوق، يولدىن ئۆتۈۋېتىپ بۇ جايىنى كۆرۈشكە كىردىم، شۇ يەردىن بۇ كىشى مېنى باغلاپ ئەكەلدى. مېنىڭ نە ئۆلگۈچىدىن، نە ئۆلتۈرگۈچىدىن ھېچ خەۋىرىم يوق، — دېدى. ھاكىم:

— مېنىڭ گۇمانىمچە سەن ئۆلتۈردۈڭ، بۇ يەردە ئانچىكىن يالغان سۆزلەپ، تېنىۋېلىپلا مېنىڭ سوراق ـ سوئالىمدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن، — دېدى.

ھېلىقى كىشى:

— ئەي ئەمىر، گۇمان بىلەن ماڭا غەزەپ قىلمىغىن. چۈنكى تەڭرى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئاساسسىز گۇمان ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرەلمەيدۇ» دېگەن.

ھاكىم ھېلىقى بىچارىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ ئۆزۈۋەتتى ۋە ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئىجراچىلار ئۇنى دار ئاستىغا ئەكېلىپ، ئاسماق ئۈچۈن بويىنىغا ئارغامچا تەييارلىدى. كۆرگىلى كېلىپ تۇرغانلار ئىچىدىن بىر ياش چىقىپ جاللاتلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— بىر سائەت تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ھاكىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئەسلىي ھەقىقىتى بىلەن مەلۇم قىلىمەن، بۇ كىشى بىگۇناھتۇر. بىگۇناھنىڭ قېنىنى تۆكمەك ئۇۋال قىلغانلىقتۇر. قاتتىق گۇناھتۇر، — دېدى. يىگىت شۇ سۆزدىن كېيىن ھاكىم قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلدى:

— ئەي ئەمىر، — دېدى ئۇ ھاكىمغا، — ئۇ ۋەيرانلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قاتىلى مەن بولىمەن. ئۇنى مەن ئۆلتۈرگەنىدىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. پۇرسەت توغرا كېلىپ قېلىپ دەرھال ئۆلتۈردۈم. ھازىر دارغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشى بىگۇناھتۇر.

ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. كۆڭلىدە: «مېنىڭ گۇمان بىلەن كىشىلەرنى جازاغا ھۆكۈم قىلىشىم بەكمۇ ئادالەتسىزلىك ئىكەن، بەلكىم بۇ يىگىتمۇ ئۇۋاللىق بىلەن قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆزىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— ھەقىقىي ئەھۋال تەپتىش قىلىنىپ بولغۇچە ھەر ئىككىلىسىنى زىندانغا

سېلىنغلار، — دەپ بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاكىم ھاكىم بۇ ئەھۋالنى قۇباد شاھنىڭ ئۆزىگە بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ بۇ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈمىدىدە ئالىم - مەسلىھەتچىلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت سورىدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلىپ، پادىشاھقا مۇنداق دېيىشتى:

— ئۆزىنى ئۇ دەرىجىدە ئادىل تۇتۇپ، جىنايەتنى بويىنغا ئالىدىغان كىشى ئەمەلدە ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ، بەلكىم ئۇ يىگىت ناھەق قان تۆكۈلۈشكە تاقەت قىلالماي، ئۆلۈم ئۆۋەتىنى كېچىكتۈرۈپ، ھاكىمغا يەنىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن پۇرسەت ياراتماقچى بولغان بولسا كېرەك. بىز نىڭچە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئۆلۈم توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى بىگۇناھتۇر. يەنە بىرى بولسا بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقىغا سەۋەب بوپتۇ.

ئالىملارنىڭ مەسلىھەتىدىن كېيىن، قۇباد ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى زىنداندىن چىقىرىپ ئازاد قىلىۋەتتى ۋە ئۆزرە ئۈچۈن تون كىيگۈزدى. ئاندىن يەنە كېلەچەكتىكىلەرنىڭ «گۇمان بىلەن قان تۆكمەسلىكى» گە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ ۋەسىيەتنامىسىگە يازدۇرۇپ قويدى.

## شاھ قەسرى بىلەن ۋەيرانە ئۆي

پادىشاھ نۇشىرۋاننىڭ ناھايىتى مەشھۇر بىر ئايۋىنى بار ئىدى. بۇ ئايۋاننىڭ مەشھۇرلۇقى ئۇنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەملىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى خاسىيەت ۋە پەزىلەتتە ئىدى. نوشىرۋاننىڭ شۇنچە كەڭ ۋە ھۆزۈرلۇق بۇ ئايۋىنىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر نامرات ئايالنىڭ ۋەيرانە، كونا ئۆيى جايلاشقانىدى. ھەرقانداق كىشى بۇ ئايۋانغا كىرسە ئىختىيارسىز ئۇ كونا ئۆيگە نەزىرى چۈشۈپ، تۈرلۈك پىكىرلەرنى قىلىشىپ ئويلاپ قالاتتى. نوشىرۋان بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇردى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر نەچچە يېقىنلىرىنى سۆھبەتكە چاقىردى. ئۆيگە كىرگەنلەر سۆھبەت ۋە زىياپەت ئارىلىقىدا ئۆيىنىڭ سۈپەت ۋە ئۇستىكارلىقلىرىنى كۆزەتكەچ، يەنە شۇ بۇلۇڭدا تۇرغان كونا ئۆيگە قاراپ تەئەججۈپلىنىپ قېلىشتى. پادىشاھ ئۇلاردىن:

— قانداق، مېنىڭ بۇ ئايۋىنىمدا نۇقسان ۋە كەمتۈك جايلار كۆرۈپمىكەن، كۆڭلۈڭلەردە ئەجەبلىنىۋاتقاندەك قىلىسىلەرغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى:

— پادىشاھنىڭ بۇ ئايۋىنىدا بىرەر نۇقسانىنى كۆرمىدۇق. بىزنى ئەجەبلەندۈرۈۋاتقان ئاشۇ كۆرۈمسىز ئەبجەق ئۆينىڭ بۇ ئايۋاننىڭ بۇلۇڭىغا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقى بولۇۋاتىدۇ. ھەر كۈنى ئۇنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىپ، بۇ پاكىز قەسرنىڭ تاملىرىنى

قارا قىلىدۇ. بۇ ۋەيرانە ئۆينىڭ ئايۋان ئىچىگە ئورۇنلاشقىنى زادى ئەقىلگە سىغمايدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇ ئەبگار تامنى بۇ سۈپەتلىك ئايۋاندىن دەرھال يوقىتىۋەتسىڭىز ياخشى بولاتتى، ــ دەپ دەۋەت قىلىشتى. نۇشىرۋان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

ــ بۇ ئۆي بىر قېرى ئايالنىڭ مۈلكى ھەم تېنىدۇر. ئۇنىڭ ئۆمرى خازانلىققا يېتىپ قالغان. ھاياتلىق قۇياشى ئولتۇرىدىغان جايغا بېرىپ قالغان. بۇ ئايۋاننىڭ سىياقىنى ئويلىغان ئۇستىلار پىلاننى تۈزگەن چاغدىمۇ بۇ ئۆينىڭ توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى بايقىغاندۇق. مەن بۇ ئايۋاننىڭ ئورنىنىڭ تەكشى بولۇشىنى ئويلاپ، ئۇ ئايالغا: «بۇ ئۆيىنى ئۆزى خالىغان باھادا سېتىپ بەرسۇن، ئالتۇن مۇكاپات بېرەي، بۇنىڭ ئورنىغا ياخشى بىر ئىمارەتنى سالدۇرۇپ بېرەي» دەپ كىشى ئەۋەتتىم. ئۇ ئايال ماڭا مۇنداق جاۋاب ئېيتتى: «مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلدۇم، مۇشۇ ئۆيدە بېقىلىپ چوڭ بولدۇم. مۇشۇ ئۆيدە تويۇم بولدى. پۈتۈن ئالەم پادىشاھىنىڭ مۈلكى تۇرۇپ، مەن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلمايمەن، پادىشاھىم نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئاجىز ماكانىمغا كۆز قىزارتىدۇ؟»

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭغا قايتا ئېغىز ئاچمىدىم. ئاخىرىدا بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئۆيدىن ھەمىشە تۈتۈن چىقىدۇ. ئايۋاننىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى ئىسلاپ قارا قىلىدۇ. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن: «بۇ يەرنى نېمە ئۈچۈن تۈتۈن قىلىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «تۈتۈن چىقىرىپ تاماق پىشۇرۇپ يەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمىدىم. ئەتىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچار قۇشلارنىڭ گۆشلىرىدىن كاۋاپ قىلىپ، تاتلىق تائاملاردىن داستىخان تەييارلاپ كىرگۈزدۇم. ئۇلار: «بىز ھەر كۈنى سىزگە مۇشۇنداق تائاملارنى يەتكۈزۈپ بېرىمىز. سىز بۇ جايدا ئوت يېقىپ تۈتۈن ماڭدۇرماڭ» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ: «ئەي ئەزىزلەر، دۇنيادا نۇرغۇن ئاچ ـ زار كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاچلىقتىن نۇرسىزلىنىپ، يۈرەكلىرى ئۆرتىنىۋاتسا، مەن بۇ يەردە قۇشلارنىڭ كاۋىپىنى يەپ ئولتۇرسام، بۇ قانداق راۋا بولىدۇ. مەن ئۆزۈم مېھنەت سىڭدۈرۈپ، غىزا قىلىپ يەپ ئۆمرۈمنى بۇ مەنزىلگە يەتكۈزدۇم. ئەمدى قېرىغان چېغىمدا بۇ شۈبھىلىك تائامنى يەپ نېمە قىلىمەن؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكىم بىلەن تاماق پىشۇرۇپ يەي، مېنىڭ بۇ ماكانىمنى ئۆز پېتى قويۇڭلار، بۇ بىر تەرەپتىن ئايۋىنىڭلارنىڭ بىر زىننىتى بولۇپ تۇرسۇن. چۈنكى سىلەرنىڭ بەگ ـ ئەمەلدارلىرىڭلار ماڭا ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىڭلارنى، شۇڭا بۇ كونا ئۆيۈمنى ئېلىۋېلىشنى راۋا كۆرمىگەنلىكىڭلارنى بىلسە، ئۇلارمۇ پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە زۇلۇم قولىنى ئۇزاتمايدىغان بولىدۇ. شۇنىسى بەرھەقكى، سىلەرنىڭ بۇ ئايۋىنىڭلار ئاخىر بىر كۈنى ۋەيران بولىدۇ، لېكىن بۇ مېنىڭ ۋەيرانە ئۆيۈم بىلەن سىلەرنىڭ ئايۋىنىڭلارنىڭ قىسسىسى كۆڭۈل سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ، قىيامەت دەۋرىگىچە ساقلىنىپ بارىدۇ» دەپ

جاۋاب بېرىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا بولۇشقا رازى بولدۇم. بۇ ئايۋاننىڭ ئالدى تەرەپ سەھنىسى ئېسىل بىساتلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئۇ ئايالنىڭ بىر دانە كالىسى بولۇپ، ھەر كۈنى ئوتلاققا چىقىرىلىپ، كەچتە قايتۇرۇپ كېلىنەتتى. بۇ كالا ھەر كۈنى ئەنە شۇنداق ئالىي بىساتلىق سەھنىنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆتكەچكە، ئۇ يەرلەرنى بۇلغاپ پاسكىنا قىلاتتى. پادىشاھنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا: «سىز مۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلماڭ. پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ ھۆرمىتىنى بۇزماڭ» دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ. ئۇ ئايال قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئايۋىنى بىلەن ئەمەس، ئادىللىقى بىلەن بەرپا بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئادالەت بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلۇم بىلەن بۇزۇلىدۇ. پادىشاھنىڭ شان ـ شەۋكەت بىناسىنىڭ ئۇلى ئادالەتتۇر. مەن بۇ جايدا ھەر قانداق ئىشنى قىلسام، پادىشاھنىڭ ياخشى نامىنى تېخىمۇ كەڭ تارىتىمەن. ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى زامانىنىڭ ئاخىرىغىچە مىراس قالدۇرىمەن» دەپتۇ.

ئۇ ئايال ھەقىقەتەن راست سۆزلىگەن. چۈنكى نۇشىرۋاننىڭ دەۋرىدىن تاكى بۈگۈنكى مەنزىللەرگىچە نەچچە مىڭ يىل ئۆتتى، لېكىن بۇ ۋەقەلىك تارىخ بەتلىرىدە ساقلىنىپ، پۈتۈن خەلقلەر تىللىرىدا سۆزلىنەمەكتە.

## مېھماندارچىلىق قائىدىسى

ھۆكۈمالار «قېشىڭغا كەلگەن مېھماننىڭ مەرتىۋە دەرىجىسىگە قارىماستىن، ئۆز ساخاۋىتىڭگە لايىق زىياپەت قىلغىن» دېگەن. ئۇلار بۇ ھېكمەتنى دەلىللەيدىغان مۇنداق ھېكايەتنى قالدۇرغان.

ئەرەب ئۇلۇغلىرىدىن بولغان تەلھەگە بىر ۋەقە تۇغرا كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆزى تەنھا ھالدا ئۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قەيس قەبىلىسىگە باردى. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئەۋبىنىڭ ئوغلى مالىك بولۇپ، تەلھەنى تونۇمىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق شاراپىتىدىن خەۋەر تاپمىدى. شۇ سەۋەبتىن تەلھەگە مېھماندارچىلىقنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى بويىچە ئىززەت ـ ئىكرام قىلمىدى. تەلھە سەۋر ـ تاقەت بىلەن خارلىق يۈكىنى ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي كۈچى بىلەن كۆتۈرۈپ قايتتى. بىر مەھەلدىن كېيىن، مالىككە ھېلىقى مېھماننىڭ تەلھە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مالىك ناھايىتى خىجالەتچىلىك ھېس قىلدى. ئاندىن ئۆزرە ئېيتىپ تەلھەگە خەت يازدى:

«مەن سىزنى تونۇمىغانلىقتىن، خىزمەتكارلىق رەسمىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم. شۇ سەۋەبتىن مەن ناھايىتى شەرمەندە ۋە ئىنتايىن ئۇسال ئەھۋالدىمەن. يەنە ئۆزرە بىلەن ئۈمىد قىلىمەنكى، مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىكلەرنى ئەپۇ قىلسىڭىز. چۈنكى سىزنىڭ كەرەمىڭىزنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى ئۆزرىخاھلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش دەپ ئىشىنىمەن.»

تەلھە مالىكىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا جاۋابنامە يازدى:

«مەن سىنىڭ ئۆزرەڭنى قوبۇل قىلدىم. سەن بۇ توغرىدىن كۆڭلۈڭنى كۆپ مالال قىلما، ئەمما «مەن سىزنى تونۇمىدىم» دېگەن سۆزۈڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇ سۆزۈڭ مېھماندارچىلىق ۋە ئادەمگەرچىلىك قائىدىسىدىن بەكمۇ يىراق. چۈنكى مېھماندارچىلىقتا ئىززەت ۋە ئىكرامنى ئۇلۇغ زاتلارغا، شان ـ شۆھرەتلىك كىشىلەرگە دەپ بىلىش ساخاۋەت ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ ئالامىتى ئەمەس. دوستانىلىقنىڭ مۇھىم نىشانىسى ئاپتاپقا ئوخشاش ھەممە تەرەپكە تەكشى نۇر چېچىش، يامغۇردەك ھەممە يەرگە بىر تەرزدە يېغىشتۇر. شۇنداق قىلغاندا ئەگەر مېھمان ئۇلۇغ كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھۆرمەت قىلغان بولىسەن، ئەگەر مېھمان ئاددىي كىشىلەردىن بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ رەھىمدىللىكىڭنى ۋە ساخاۋىتىڭنى ئاشكارا قىلغان بولىسەن.»

## مەردانىلەرنىڭ تاللىشى

پادىشاھ ياقۇپ لەئىس ياشلىق دەۋرىدە سۆزمەن يىگىتلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىپ قاپتۇ. سۆھبەتتە ھەر تەرەپتىن يېڭى ـ يېڭى ئاجايىپ سۆزلەر تۆكۈلۈپتۇ. بۇ چاغلار تېخى ياقۇپ لەئىسنىڭ مەردۇمەردانىلىك بايرىقىنى كۆتۈرمىگەن، مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىق قەسرىگە قەدەم قويمىغان چاغلىرى ئىكەن. سۆزمەنلەر سۆزلىرىدە مۇنداق دېيىشىپتۇ. بىرى:

ــ ھەممە كىيىملەرنىڭ نەپىسرەكى چىن ئەتلىسى، ــ دېسە، يەنە بىرى:

ــ بارلىق تاجلارنىڭ نازۇكراقى رۇمنىڭ تاجى، ــ دەپتۇ، بىرى:

ــ ھەممە ئورۇنلار ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى گۈل ۋە رەيھانلىق باغ، ــ دېسە، يەنە بىرى:

ــ ھەممە شارابلارنىڭ ئېسىلى كونا شاراب، ــ دەپتۇ. بىرى:

ــ سايىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تال سايىسى، ــ دېسە، يەنە بىرى:

ــ ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئۇدنىڭ نەغمىسى، ــ دەپتۇ. يەنە بىرى:

ــ ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس بولۇشقا ئەڭ چىرايلىق قىز ـ چوكانلار ۋە خوتۇنلار ياخشى، ــ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ سۆھبەت نۆۋىتى ياقۇپ لەئىسكە كېلىپ قاپتۇ. ھەممىسى ياقۇپقا قارىشىپ:

ــ سىزمۇ كۆڭلىڭىزدە ئويلىغانلىرىڭىزنى ئېيتىڭ، ــ دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ياقۇپ لەئىس جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ كىيىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆمۈر كىيىم (جەڭدە كىيىدىغان ساۋۇت)، تاجلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى دۇبۇلغا (جەڭدە كىيىدىغان باش كىيىم)، ھەممە جايلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى جەڭ مەيدانى، شارابلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى دۈشمەننىڭ قېنى، سايىلەرنىڭ ئەڭ ئوبدىنى نەيزە سايىسى، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى جەڭ ئېتىنىڭ كىشنىشى،

ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس بولىدىغانلارنىڭ ئەڭ لايىقراقى جەڭ كۈنىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان، شىجائەتلىك مەردانىلەر. شۇڭا ھەزرىتى ئەلىنىڭ شېئىرلىرىدا:

«گۈلى رەيھانىمىز دۇر تىغى خەنجەر،
كېرەكمەس گۈلى كاسىن بىلە نەرگەس.
شارابىمىز تېغى دۈشمەن قېنىدۇر،
بېشىنىڭ كاسەسىدۇر جامىمىز، بەس.»

دېگەن مىسرالار بار.

## جاسارەتنىڭ مېۋىسى غالىبىيەت

پادىشاھنىڭ نەيزىسى دۈشمەننىڭ كۆكرىكىدىن داۋاملىق تۆشۈك ئېچىپ تۇرۇشى كېرەك. يۈرەكلىك پادىشاھ لەشكىرى ئامىللارنىڭ جۈرئىتىگە رىغبەت بېرەلەيدۇ. يۈرەكسىز پادىشاھ دۆلەت ئىگىسى بولۇشقا داۋاملىق مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايەت بار:

ئەرەب پادىشاھلىرىدىن بىرىگە بىر كۈنى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش توغرا كەلدى. ئۇرۇش ۋاقتى يېتىپ كېلىپ، ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش سەپلىرىگە تىزىلدى. ئارىدا ئەمەلدارلاردىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ پادىشاھتىن سورىدى:

— ئەي پادىشاھ جەڭ ئىشى غەلىبە قازىنىپ نۇسرەت تېپىش بىلەن مەغلۇپ بولۇپ يېڭىلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشتۇر. مۇبادا بىزلەر يېڭىلىپ مەغلۇپ بولۇپ قالساق، ئۆزىڭىزنى بىز نەدىن ئىزدەيمىز؟

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە ھېلىقى ئەمىرگە:

— ئەگەر مېنى (قاچقان) دېگەن گۇمان بىلەن ئىزدەيدىغان بولساڭلار، ئۇنداق كىشى تەگرىنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولسۇن، لېكىن دۈشمەنلەر غەلىبىگە ئېرىشىپ، بىزلەر يېڭىلسەك، مېنىڭ بېشىمنى ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن ئىزدەڭلار، — دېدى.

ئۇرۇش باشلانغاندا، ھېلىقى پادىشاھ دۈشمەن قوشۇنىغا خۇددى شىردەك جاسارەت بىلەن ئېتىلدى. شەمشەر بۇلۇتلىرىدىن دۈشمەن باشلىرىغا ئۆلۈم يامغۇرىنى ئايىماي ياغدۇرۇۋەتتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قۇياش تىكلەندى. ھاۋا قاتتىق قىزىپ كەتتى. جەڭگاھتىكى پۇتكۈل جەڭچىلەرنىڭ كۆكسىلىرىگە ھارارەت تەپتى ئۇرۇلماقتا ئىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلەر قۇرۇپ، چىرايلار ئۆڭۈشكە باشلىدى. مۇشۇنداق پەيتتە پادىشاھنىڭ بىر كىشىسى ئات چاپتۇرۇپ، سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ئەي پادىشاھىم، — دېدى ئۇ كىشى سۇنى تەڭلەپ، — ئۇسسىغاندۇرسىز، بىر

www.uyghurkitap.com

ئاز توختاپ بۇ سۇدىن ئىچمۋېلىڭ.
پادىشاھ ئۇ كىشىگە:
— مېنىڭ بۇ شەمشىرىم مەندىنمۇ بەك ئۇسسىدى. شەمشىرىم دۈشمەن قېنىدىن ئىچىپ قانمىغۇچىلىك، ئۆزۈمنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرمايمەن، — دېدى.
پادىشاھنىڭ توغرا پىلانى ۋە ئۇلۇغۋار شجائىتى لەشكەرلەرگە زور ئىلھام بولدى. شۇ سەۋەبتىن تەڭرى بۇ پادىشاھنى غالىب قىلدى.

## پادىشاھ ئىسكەندەر بىلەن ئارىستوتېل ھېكىمنىڭ سۆھبىتى

ئىسكەندەر پادىشاھ دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئارىستوتېل ھېكىمنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— ئەي ھېكىم، مەن جاھاندارلىق مەيدانىغا قەدەم قويدۇم. بۇ مۇھىم ئىشنى ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ ئىشتا ئەلۋەتتە ماڭا دوستلار ۋە دۈشمەنلەر دۇچ كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟
ئارىستوتېل ھېكىم بۇ چوڭ سوراقنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئەسلى قائىدە بويىچە ئىش قىلماقچى بولسىڭىز، دۈشمەنلىشىشنى ئۆزۈڭىزچە داۋاملاشتۇرماڭ. ئۆزىڭىزگە دۈشمەننى كۆپەيتمەڭ. دوستلارنى خارلىماڭ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭ. ئەگەر سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا بىرەر دۈشمەن كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇمكىنقەدەر شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. مۇنداق قىلغانلارنىڭ دۈشمىنى تولا ھاللاردا دوستقا ئايلىنىپ قالىدۇ. دوستلارنىڭ كۆڭلىگە دائىم ئىكرام لازىم بولۇپ تۇرىدۇ. دوستلارنىڭ دىل ئېرىقىغا ئىززەت سۈيى يېتىپ بارسا، دوستلاردا ئەقىدە كۈچىيىپ بارىدۇ.
بۇنى ئاڭلاپ ئىسكەندەر شاھ ئارىستوتېلدىن تېخىمۇ تەپسىلىي ئىزاھلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ھېكىم يەنە چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى:
— دۈشمەن گەرچە ئىقتىدار جەھەتتىن ئاجىز، سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەرگىز غاپىل بولماڭ. لەشكىرىڭىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ كەتمەڭ. ئەگەر كۆز ئالدىڭىزدىكى مۇھىم ئىشلىرىڭىز يۇمشاقلىق بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا، خەنجەرنى غىلاپتىن چىقارماڭ.
ئىسكەندەر:
— ئەگەر مېنىڭ ئىشىم دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا بېرىپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن، قانداق قەدەم قويىمەن؟ — دەپ سورىدى.
— جەڭ ۋاقتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى ھالەتتىن تاشقىرى ئەمەس، — دەپ سۆز باشلىدى ھېكىم، — ياكى سىز باشقىلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ

ئۇستىگە بارسىز ياكى باشقىلار سىزنىڭ ئۇستىگىزگە كېلىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۇستىگە ئۇرۇشماقچى بولۇپ بارسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز تۆۋەندىكى ئون شەرتئەتكە رىئايە قىلىشىڭىز كېرەك. بىرىنچى، بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىدىن كۆزدە تۇتقان مەقسىتىڭىز ھەقىقەتەن خەيرلىك ئىش بولسۇن. بارلىق ئارزۇيىڭىز ھەققانىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇزۇقچىلىقلارنى، زالىملارنى، پىتنە - پاساتچىلارنى ئالەم سەھنىسىدىن يوق قىلىش بولسۇن؛ ئىككىنچى، بارلىق تەلەپ ۋە ئىشلىرىڭىزنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇڭ. خەيرلىك ئىشلارنى، ئاجىزلارنىڭ ئاھىغا يېتىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلىڭ؛ ئۈچىنچى، زېرەك بولۇڭ، غاپىل بولماڭ، مۇخبىر ۋە ئەلچىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتى، پىلانى ۋە ھىيلە - مىكىرلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن بىلىپ تۇرۇڭ؛ تۆتىنچى، ئۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىر دىل، بىر تىللىق بولسۇن، سىپاھلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى غالىبىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ۋەزىر - ئەمىرلەر بىلەن قابىلىيەتلىك ھەكىملەر - ئالىملارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى چىڭ ساقلاش ۋە ئۇنى ئاسىراشنى مۇھىم دەپ بىلىڭ؛ بەشىنچى، لەشكىرىي قوشۇنلارنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىڭىزنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىڭىزنى ئورۇن ئالغۇزۇڭ، قىلغان ۋەدىلىرىڭىزگە ۋاپا قىلىشنى كۆڭلىڭىزدىن ھەر ۋاقىت چىقىرىۋەتمەڭ؛ ئالتىنچى، جەڭ باشلانغاندا مۇمكىنقەدەر جەڭ مەيدانىغا ئۆزىڭىز كىرىڭ. چۈنكى، ئەھۋال ئۆزگىرىپ ئوڭۇشسىزلىق يۈز بېرىپ قالسا، تەدبىر كۆرۈشكە ئاسان بولىدۇ؛ يەتتىنچى، لەشكىرىي قوشۇنلىرىڭىزغا تۆۋەندىكى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغان كىشىلەرنى ئەمىر ۋە قوماندان قىلىپ تەيىنلەڭ: (1) ئۇ كىشى شىجائەتلىك، كۈچلۈك، يۈرەكلىك، باھادىر بولسۇن، قوشۇن ئىچىدە سۆز - ھەيۋىسى ۋە ئابرۇيى بار مەشھۇر كىشى بولسۇن. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن دۈشمەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكى دائىم ئەندىشە تارتىپ تۇرىدۇ. (2) ئۇ كىشى كېڭەشلىك، تەدبىرلىك، پىلانچان بولسۇن، شۇنداق بولغاندا، جەڭنىڭ جەريانى ئۇلارنىڭ مۆلچەرىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. ئۇلار ھەر قانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا تەدبىر بىلەن تاقابىل تۇرالايدۇ. ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھىيلە پەم - پاراسەتنىڭ ئىسپادىسىدۇر. خەۋەرلەردە دائىم «جەڭ قىلماق — ھىيلە قىلماق» دەپ نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ. (3) ئۇ كىشى كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان تەدبىرلىك، جەڭ ئىشلىرىنى كۆپ قېتىم سىناق قىلغان كىشى بولسۇن. ئۇرۇش ئۇستىدىكى ھۆكۈم ۋە قارارلار تەبىئىيكى، كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا چىقىرىلىدۇ؛ سەككىزىنچى، جەڭ ئۇستىدە شىجائەت قىلغان، باشقىلاردىن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرگە مۇكاپات ۋە مەرتىۋە بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا تەھسىنلەر ئوقۇپ، مەدھىيە كۆرسىتىش كېرەك. بۇ چارىلەر جەڭ كەيپىياتىغا ئىلھام ۋە رىغبەت بەخش ئېتىپ، كىشىلەرنى ئەقىدە ۋە ئىرادە جەھەتتىن مۇستەھكەملەپ بارىدۇ؛ توققۇزىنچى، ھەر ۋاقىت غەپلەت ۋە غاپىللىقتىن ئېھتىيات قىلىڭ، غالىبىيەتكە يېقىنلاشقاندا، تولا ھاللاردا

بىپەرۋالىق سادىر بولۇپ قالىدۇ. ئازغىنە بىپەرۋالىقتىن ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ساۋاقلار ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەن؛ ئونىنچى، ئەگەر دۈشمەن سەپلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاچسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىش، ئۇزۇلدۇرمەي زەربە بېرىپ، پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ تارمار بولغىنىغا قانائەتلىنىپ قالسا، چوڭ خاتالىق يۈز بېرىدۇ. ئۇلار بېرىپ قالدۇق كۈچلىرىنى توپلاپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ھەتتا سىزنىڭ سېپىڭىزغا ئادەم كىرگۈزۈپ، قايتا ئۇرۇش قوزغايدۇ. قوشۇنىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەگەر دۈشمەن سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە كېلىپ ئۇرۇشماقچى بولسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ چوقۇم ئىككى ئېھتىمالدىن يىراق بولمايدۇ. يا ئۇ دۈشمەنگە باراۋەر كېلەلەيسىز يا باراۋەر كېلەلمەيسىز. ئەگەر باراۋەرلىك ئىقتىدارىڭىز بولسا، ھوشيارلىق بىلەن تەدبىر كۆرۈپ، دۈشمىنىڭىزنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، تىنچلىق بىلەن ئىش قىلىشقا مايىل بولۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولماي، ئىش ئۇرۇش قىلىشقا تېيىن تاپسا، ئۇ چاغدا يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن شەرتلەر بويىچە ھوشيار ۋە دادىل ئۇرۇش قىلىش كېرەك. ئەگەر سىز دە دۈشمەنگە باراۋەر كەلگۈدەك ئىقتىدار بولمىسا، بارلىق يوشۇرۇن تەييارلىقلارنى كۆچەيتىپ، مۇداپىئە شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىشنى پاراسەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا، سۈلھى قىلىپ ئۇرۇشماسلىققا يۈزلىنىش كېرەك. ئەگەر دۈشمەن سۈلھى تەرەپدارى بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىش، مۆتىدىللىككە ئۆتۈش كېرەك. ھەرقانداق كىشى سۈلھى تەرەپكە مايىل بولسا، پاراسەت تەرەپكە ئۆتكەن بولىدۇ.

ئىسكەندەر ئارىستوتېل ھېكىمدىن بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دەستۇرى قىلىش ئۈچۈن، بىر ــ بىرلەپ نەقىش قىلىپ يازدۇرۇۋالدى ھەمدە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلاشتۇردى.

## خالىس مۇھتەسىپ①

شەيخ ئەبۇلھەسەننىڭ يامان ئىشلارنى كۆرسە چەكلەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ توسۇماقچى بولغان ئىشلىرىنى ھەتتا ئۆلۈم خەۋپى كۆرۈلسىمۇ دادىل توساتتى.

بۇ كىشى بىر كۈنى دەريا بويىغا چىقتى. دەريادا ئىچىگە نۇرغۇن كوزىلارنى قاچىلىغان بىر كېمىنى كۆردى. قارىسا، بۇ كوزىلارغا «لەتىپ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. شەيخ تەئەججۇپ بىلەن كېمىچىدىن:

ــ مەن ھېچبىر سودىگەرنىڭ ماللىرىدا مۇنداق «لەتىپ» دەپ يېزىلغان كوزىلارنى كۆرمىگەنىدىم، بۇ كوزىلاردا نېمە بار؟ ــ دەپ سورىدى. كېمىچى:

ــ سىز بولسىڭىز بىر دەرۋىش كىشى ئىكەنسىز. بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ھېچ

①مۇھتەسىب ــ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرگۈچى، يامان ئىشلارنى ئېنىقلاپ چەكلىگۈچى ئەمەلدار.

ئالاقىڭىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ، بۇنى سوراپ ئولتۇرماڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان شەيخنىڭ كۆڭلىدە ئۇنى بىلىپ بېقىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

— مەن ئەلۋەتتە بۇنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ كېمىچىگە، — سەن بۇنى يوشۇرماستىن ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك.

— بۇ كوزىلاردىكى شاراب، بۇنى باغداد پادىشاھى مۆھتەزىد خەلىپىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى كېمىچى.

شەيخ كېمىگە قاراپ بىر دانە تاياقنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۇنى قولىغا ئېلىپ، كوزىلارنى بىر - بىرلەپ ئۇرۇپ سۇندۇردى. كېمىچى بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىپ ۋارقىراپ تاشلىدى. بۇ ئىش ئۇستىگە باغدادنىڭ يۇنۇس ئەقلەھ ئىسىملىك بىر پاششىپى كېلىپ قالدى. ئۇ شەيخنى تۇتۇپ، خەلىپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئاندىن بولغان ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتتى.

مۆھتەزىد بولسا ئىنتايىن زالىم پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ تولا سىياسەتلىرى شەمشەر بىلەن ئورۇندىلاتتى. باغداد خەلقى شەيخنىڭ مۆھتەزىد خەلىپە ھوزۇرىدا سوراققا تارتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىر قورقۇنچقا چۈشتى. ھەممە كىشى «ئەمدى شەيخنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى» دەپ گۇمان قىلىشتى. چۈنكى بۇ چاغدا مۆھتەزىد ئۇستىگە قىزىل كىيىم كىيىپ، قولىغا تۆمۈر گۈرزى ئېلىۋالغانىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن دېرەك بېرەتتى. خەلىپە شەيخكە قاراپ غەزەپ بىلەن سوراق قىلدى:

— سەن نېمە سەۋەبتىن مېنىڭ ئىشلىرىمغا مۇنداق ئەدەپسىزلىك بىلەن قول تىقىسەن؟

شەيخ بولسا تەمكىن تۇراتتى. ئۇ شاھقا بىر ئېغىزلا جاۋاب بەردى:

— چۈنكى مەن بولسام مۆھتەسىب.

— سېنى كىم مۆھتەسىب قىلغان؟ — دەپ يەنە سورىدى خەلىپە. شەيخ بۇنىڭغا:

— ساڭا پادىشاھلىقنى بەرگەن بۈيۈك خەلق ماڭا مۆھتەسىبلىكنى بەرگەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

خەلىپە شەيخنىڭ بۇ دادىل سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇنغىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئويلىنىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بۇ كوزىلارنى سۇندۇرۇپسەن، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە زىيان يەتكەن؟ — دېدى.

— ماڭا زىيان يەتكىنى يوق، — دېدى شەيخ، — ئالدى بىلەن ساڭا، ئاندىن پۇقرالارغا شەپقەتتە بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ كوزىلارنى سۇندۇردۇم.

خەلىپە:

— ماڭا قانداق شەپقەتتە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر سەن ھارام ئىشلارنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلىۋالساڭ، — دېدى شەيخ

خەلىپىگە، ــ باشقا خەلقلەرمۇ ساڭا ئەگىشىپ يامان ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يامان يولغا مېڭىش ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر سەن ئالدى بىلەن بۇ يولدىن ئۆزۈڭنى يىغساڭ، باشقىلار مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولىدۇ. خەلقلەر بۇزۇق ئىشلارنى پادىشاھقا ئەگىشىپ قىلىدۇ. ئەگەر پۇقرالار ئۆز پادىشاھىنى ياخشى ۋە توغرا ئىشلار ئۈستىدە كۆرسە، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مايىل بولىدۇ. ئەگەر پۇقرالار ئۆز پادىشاھىنى بۇزۇقلۇق ئۈستىدە كۆرسە، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم يامان ئىشلارغا، ناچار ئادەتلەرگە، قەبىھ ھەرىكەتكە بىپەرۋالىق بىلەن قەدەم قويۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ۋە بارلىق پۇقرالارغا مېھرىبانلىق ۋە شەپقەت كۆرسەتتىم. مېنىڭ ھەقىقەتنى قوغداش، ياخشىلىقنى ھىمايە قىلىشتىن باشقا غەرىزىم يوق.

خەلىپە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئاندىن شەيخكە قاراپ:

ــ ئەي ئەزىز، مۇھتەسىبلىك ئىشلىرى ھەقىقەتەن ساڭا لايىق ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەندە ۋە باشقىلاردا كۆرۈلگەن تۈرلۈك يامان ئىشلارنى سەن تۈزەتكىن، پېقىر سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنى قوللاپ، مەدەت بېرىشكە كېپىل بولىمەن، سەن ھەقىقەتەن ھەققانىي ۋە غەرەزسىز ئادەم ئىكەنسەن، ــ دەپ ۋەدە بەردى.

## ھوشيار پادىشاھ

قەدىمكى زاماندا ھوشيار ۋە زېرەكلىكتە داڭقى چىققان بىر پادىشاھ بولۇپ، يۇرت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بىلەتتى. كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ نام ـ ئەمەللىرىنى، ئائىلە تۇرمۇشى، مەشغۇلات ـ مەئىشەتلىرىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ، پادىشاھقا دائىم ساختىپەزلىك بىلەن ئىشلەيتتى، ئۆزى بۇزۇق نىيەتلىك ئىدى، لېكىن كۆرۈنۈشى ئىنتايىن سەمىمىي كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى دائىم ناھايىتى ساداقەتلىك، توغرا يوللۇق ئادەم قىلىپ كۆرسىتەتتى. كىشىلەر ئۇنى بىلسىمۇ، لېكىن پادىشاھقا پاش قىلغۇدەك جۈرئىتى يوق ئىدى. ۋاقىتلار ئۆتۈپ ھوشيار پادىشاھ بۇ ۋەزىرنىڭ مەككارلىقىنى بىلىپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارىلىغاندا، مەملىكەتنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ۋە سەلتەنەتنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەخپىي ھالدا ئاگاھلاندۇرۇش قارارىغا كەلدى. پادىشاھ ئۇ ۋەزىرنى چاقىرىپ:

ــ ماڭا بىر قۇش كېرەك. ئۇنىڭ تۇمشۇقى قىزىل، قاناتلىرىنىڭ ئۇچى قارا، باشقا ئەزالىرىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇشى كېرەك. بۇ قۇشنى سەندىن باشقىسى تاپالمايدۇ. سەن بېرىپ شۇ قۇشنى تېپىپ كەل، ــ دەپ بۇيرۇدى.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئورۇنداشقا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلدى. پادىشاھمۇ ماقۇل بولدى. ئەمىر ئۆيىدىن چىقىپ بۇ

سۇرەتتىكى قۇشنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىتتىنى سەرپ قىلىپ، پۈتۈن شەھەر ـ قىشلاقلارنى قويماي ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قۇشنى تاپالمىدى. ئاخىر ئاجىز بولۇپ، شاھنىڭ قېشىغا قايتىپ، يىغلىنىش ئاۋازىدا ئۆزرە ئېيتتى:

ــ ئەي شاھىم، مەن ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنداش يولىدا ھەممە ئىقتىدارىمنى سەرپ قىلدىم، لېكىن ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقىرالمىدىم. ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا ئىجازەت بەرسىلە، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىر قۇش ئېلىپ كەلسەم.

پادشاھ:

ــ مېنىڭ شەرتىم شۇ خىل قۇشتىن باشقا قۇش ئەمەس. مەن ئومۇمىي ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ھوقۇقىنى ساڭا بەرگەن. سەن شۇنچىۋالا ۋاقىتتىنى سەرپ قىلغان تۇرۇقلۇق، شۇنچىلىك جانىۋارنى تېپىشقا نېمە ئۈچۈن ئاجىز كېلىسەن؟ ھازىر مەن ساڭا يەنە ئۈچ كۈنلۈك ئىجازەت بەردىم، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە جەزمەن شۇ قۇشنى تېپىپ كېلىشىڭ كېرەك، ــ دەپ كېسىپ ئېيتتى.

ئەمىر يەنە بېرىپ بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئىزدىدى، لېكىن ئۇ خىل قۇش كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە قايتىپ كېلىپ، شاھقا ناماقۇل بولدى. پادشاھ بۇنى كۆرۈپ:

ــ بارىكاللا، سەن پۈتۈن شەھەر ئەھۋالىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە كېلىپ بۇ خىل قۇش مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە بىر ئۆيدە بار تۇرۇقلۇق سەن ئۇنىڭدىن بىخەۋەرسەن. ھازىر چىقىپ شەھەر چارسۇسىگە بېرىپ، شەرقىي بازار بىلەن يۇرسەڭ، بىر مەسچىتنىڭ ئىشىكىگە بارىسەن. شۇ مەسچىت ئالدىدا تۇرۇپ ئوڭ قول تەرەپكە قارىساڭ، ئۇ يەردە بىر مەھەللىنى كۆرىسەن، ئۇ مەھەللىدە بىر تار كوچا بار. ئۇ كوچىدا ماڭساڭ، مۇنداق شەكىللىك بىر ھويلا بار. ئۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە ئېچىلىدىغان بىر ئۆي بار. شۇ ئۆينىڭ ئالدىدا بىر سۇپا بار. سەن شۇ سۇپىغا چىقىپ ئالدى بىلەن سول قول تەرەپكە قارىساڭ، بىر ئۆي كۆرىسەن. بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ئۆي بار. شۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسەڭ، ئۇ يەردە سېرىق يوپۇق يېپىلغان بىر قەپەس بار، شۇنى ئېلىپ چىقساڭ، مەن ئېيتقان قۇش شۇنىڭ ئىچىدە بار. ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ، ــ دەپ بۇيرۇدى.

ئەمىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. پادشاھ كۆرسەتكەن يولغا كىرىپ، ئىزدەپ ھېلىقى قۇشنى قەپەس بىلەن ئېلىپ كىردى. پادشاھ بۇنى كۆرۈپ ئەمىرگە قاراپ:

ــ ھۆكۈمەت ۋەزىرلىرى دېگەن ئۆز شەھەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خۇددى ئۆز ئائىلىسىنى بىلگەندەك خەۋەردار بولۇشى كېرەك، ــ دېدى.

ئەمىر بۇ قېتىم پادشاھنىڭ ئۆزگىچە قويغان ئىمتىھان ۋە مۇئامىلىسىدىن بۆلەكچە تەسىر ئالدى. ئاندىن كۆڭلىدە «پادشاھ شەھەرنىڭ بازار ـ كوچا ـ مەھەللە، ئۆي ـ

ئايماق ۋە ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن بۇ قەدەر پىششىق خەۋەردار ئىكەن، ئۇنداقتا مېنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىمدىن ئەلۋەتتە خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمدى خۇپىيانە ئىش قىلماسلىقىم كېرەك» دەپ نىيەت قىلىپ، توغرا ۋە دىللىق بولۇش يولىنى تۇتتى. دېمەك، پادىشاھلار ھوشيار ۋە زېرەك بولسا، ھەربىر كىچىك ئىشلارغىچە چوڭقۇر ۋە ئېدىتلىق خەۋەردار بولسا، سەلتەنەت راۋاج تاپىدۇ. دۆلەت ئەمىن بولىدۇ.

## يادىمغا كەپقالدى

بىر دانىشمەن مەسچىتتە ئولتۇرۇپ، كىشىلەرگە ۋەز ئېيتاتتى. بۇ مەسچىتتە بىر كىشى ھەر كۈنى يىغلايتتى. بىر كۈنى ۋەز ئېيتقۇچى دانىشمەن ئۆز ـ ئۆزىگە: «مېنىڭ سۆزۈم بۇ كىشىگە بەكمۇ تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، شۇ سەۋەبتىن يىغلىسا كېرەك» دېدى. باشقىلار ئۇ كىشىدىن سوراشتى:

— بۇ دانىشمەننىڭ سۆزى بىزگە ھېچ تەسىر قىلمايدۇ، سېنىڭ كۆڭلۈڭ قانداق كۆڭۈلدۇ؟

— مەن، — دېدى ئۇ كىشى، — دانىشمەننىڭ سۆزىگە يىغلىغىنىم يوق، بىر تېكە باقىۋاندىم، ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم، ۋاقىت يېتىپ ئۇ تېكە قېرىدى ۋە ئۆلۈپ كەتتى. ھەر ۋاقىت دانىشمەن سۆزلىگەندە ساقىلى لىكىلدىسا، مېنىڭ يادىمغا تېكە چۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ساقىلىمۇ دانىشمەننىڭكىدەك ئۇزۇن ئىدى.

## ئەرلىكتىن نىشان بولسا...

پادىشاھنىڭ ناھايىتى چىرايلىق، شامالدەك ئۇچقۇر بىر ئېتى بار ئىكەن. پادىشاھ ئاتنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ ئەنە شۇ كۆركەم چاپقۇر ئېتى كېسەل بىلەن ئۆلۈپتۇ. قەھر ـ غەزەپ ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن پادىشاھ ئاتباقارنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە چاقىرىپتۇ. بۇ ئىشقا بەھلۇل ئارىلىشىپ، پادىشاھنى بۇ نىيىتىدىن قايتۇرۇپتۇ:

— پادىشاھىم، سەۋر قىلىڭ، ئاۋۋال بۇ يارامسىز ئاتباقارنىڭ قىلغان جىنايىتىنىڭ قانداق نەتىجە بەرگەنلىكىنى ئۆزىگە بىرمۇبىر ئېيتايلى، ئىقرار بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئاتباقارغا غەزەپلەنگەن قىياپەتتە:

— ئەي ئاتباقار، قىلغان جىنايىتىڭنى ۋە كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋەتلىرىڭنى بىلەمسەن؟ بىلمىسەڭ، مەن ئېيتىپ بېرەي. ئەيىبىڭنى تەن ئالساڭ، ئۆلۈمدىن ئازاد بولۇپ، يەنە خىزمىتىڭنى داۋاملاشتۇرىسەن.

بىرىنچىدىن، پادىشاھىمىزنىڭ ئېتىنى ياخشى باقتىڭ، ئۇنىڭ ئۆلۈشىنىلا ئەمەس، ھەتتا كېسەل بولۇشىنىمۇ خالىمىدىڭ، لېكىن بىچارە ئات قازاسى يېتىپ، ئۆلۈپ

قالدى. بالا ـ قازانى قايتۇرۇپ، ئاتىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىپ، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا نېمىشقا كۆچۈڭ يەتمىدى؟ مانا شۇڭلاشقا ئەيىبلىكسەن، راستمۇ، ئەي ئاتباقار، ئەيىبىڭگە ئىقرار بول؟!

ئىككىنچىدىن، ئاتنى سەن ئۆلتۈرمىدىڭ، ئۆمرى توگەپ قازاسى يېتىپ ئۆلدى، لېكىن پادىشاھىمىز سەندىن گۇمان قىلىپ، شۇنداق غەزەپلەندىكى، مۇبارەك قولىغا قىلىچ ئېلىپ، سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بۇ ئىشى بىلەن ئەلەمدىن مەسخىرىگە قېلىشقا تاس قالدى. بۇنىڭغىمۇ سەن ئەيىبلىكسەن، ئەيىبىڭنى بويىنۇڭغا ئال!

ئۈچىنچىدىن، پادىشاھىمىز بىر ئاتنى دەپ سېنى ئۆلتۈرسە، كىشىلەر: «پالانى پادشاھ بىر ھايۋاننى دەپ ئاتباقارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن، ئىنساندىن ھايۋاننى ئارتۇقراق كۆرگەن، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يەرگە ئۇرغان» دەپ شاھىمىزغا لەنەت ئوقاتتى ۋە نەپرەت نەزىرى بىلەن قارايتتى. نەتىجىدە شاھىمىزنىڭ مۇبارەك نامى بۇلغىناتتى، بۇنىڭغا يەنە سەن سەۋەبچى بولاتتىڭ. قېنى، كەل، پادىشاھىمىزدىن كەچۈرۈم سورا، ئەيىبىڭنى ئىقرار قىل، ئۇنىڭدىن كېيىن شاھىمىز قانداق قارارغا كەلسە ئۆزى بىلىدۇ. ئاي ئاتباقار، سۆزلىرىمنى ئۇقتۇڭمۇ؟ ــ دەپتۇ.

پادىشاھ بەھلۇلنىڭ كىنايىلىك سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، قولىدىكى قىلىچىنى يەرگە تاشلاپ، ئاتباقارنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپتۇ. ئۇنى يەنە ئۆز ئىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بەھلۇل غەزەپ ئېتىغا مىنگەن پادىشاھنى ئورۇنسىز ھەرىكەتتىن توختىتىپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. گۇناھسىز ئاتباقارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ.

بېيىت:

ھەر كىشىدە بولسا ئەرلىكتىن نىشان،
ھېچبىر ئادەمگە راۋا كۆرمەس زىيان.

## دوست ئۇيلىغاننى ئويلا

بىر كىشى ئازراق پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، دوستى بەھلۇلدىن ياردەم ئالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بەھلۇل ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلسا، ئۇ كىشى قوبۇل قىلماي:

ــ دوستۇم، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇما، ئۆيگە كىرىش تەكلىپىڭنى ھازىرچە قوبۇل قىلالمايمەن، ۋاقتىم قىس. بىر كىشىگە يۈز تەڭگە قەرزدار ئىدىم، بۈگۈن كېلىپ پۇلىنى سورىدى، يېنىمدا پۇل يوق ئىدى، شۇڭلاشقا كەلدىم. ياردەم قىلىشىڭنى سورايمەن، ــ دەپتۇ.

بەھلۇل دەرھال ئۆيدىن يۈز تەڭگە ئاچىقىپ، دوستىغا بېرىپتۇ ـ دە: «دوستۇم، بىرەر نەرسىگە موھتاج بولۇپ قالساڭ، مەندىن يوشۇرما، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم

www.uygurkitap.com



بىرنىشكە تەييارمەن» دەپ دوستىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپتۇ. دوستى خۇشال بولۇپ، خوشلىشىپ قايتىپتۇ.

بەھلۇل دوستى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، يىغلاپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. خوتۇنى: «ئېرىم كۆپ پۇل بىرنۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ يىغلىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئېرىگە:

— بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ، پۇلنى بەرمەستىن قايتۇرۇۋەتسىڭىز بولماسمىدى؟! پۇشايمان قىلىپ يىغلىغىنىڭىز نىمىسى؟ — دېگەنىكەن، بەھلۇل:

— ياق، سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، دوستۇم پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمىگەنىكەنمەن، ئۇ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈم بېرىپ: «بۇرادەر، بىرەر نەرسىگە موھتاجمۇ سەن، تارتىنماي ئېيت» دېيىشىم كېرەك ئىدى، غەپلەتتە قالغانلىقىمغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بېيىت:

بىل ئۇ دوستۇڭنى سۈت ئۈستىدە قايماق،
ئەزىز جېنىڭدەك كۆر، بەلكى ئارتۇقراق.

## ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەت

بەھلۇلنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىۋېلىپ:

— باللىرىم، سىلەرنى سىناپ كۆرمەكچىمەن. بىر ئايلىق ساياھەتكە چىقىڭلار. شۇ بىر ئايلىق ھاياتىڭلارنى خەلققە پايدىلىق ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىڭلار. قايسىڭلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۇلۇغ پەزىلەتنى ئىپادىلىسە، بارمىقىمدىكى مانا مۇشۇ قىممەت باھا ئۈزۈكنى شۇنىڭغا بېرىمەن، — دەپتۇ.

باللار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ، ساياھەتكە چىقىپ كېتىپتۇ. بىر ئاي ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ، يەنە بەھلۇلنىڭ ھوزۇرىغا قايتىپ كېلىشىپتۇ. بەھلۇل چوڭ ئوغلىدىن:

— ئوغلۇم، مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە قانداق ياخشىلىق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتا، بىر كۈنى يالغۇز ئۆزۈم بىر باغ كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئالماس تېپىۋالدىم. ئۇنى ئېلىپ دەرھال قازىخانىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۇلار ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تون كىيگۈزدى. ئالماسنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تاپشۇردى. بۇ ھەرىكىتىم ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەت ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوڭ ئوغلى.

بەھلۇل ئۇنىڭغا:

— بارىكاللا، ۋىجدانىي بۇرچۇڭنى ئادا ئېتىپسەن، ئوغلۇم. لېكىن، ئۇ ئالماس سېنىڭ خۇسۇسىي مۈلكۈڭ ئەمەسمۇ!؟ — دەپتۇ.

كېيىن ئوتتۇرانچى ئوغلى سۆزىنى باشلاپتۇ:

— مەن بىر كۈنى چوڭ ئۆستەڭنى بويلاپ كېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىر بالىنىڭ

سۇغا چۇشۇپ كېتىپ، تۇنجۇقۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. دەرھال ئۆزۈمنى سۇغا تاشلىدىم. مىڭ جاپالار بىلەن بالىنى سۇدىن چىقىرىۋالدىم. ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، ئاتا ـ ئانىسىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇردۇم. ئۇلار مەندىن كۆپ مىننەتدار بولۇپ ھەققىمگە دۇئا قىلدى. ھاياتىم خەۋپ ئىچىدە قالسىمۇ بالىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىلغان مۇشۇ ھەرىكىتىم بىلەن مۇكاپاتىڭىزغا لايىق بولسام كېرەك، دەپ ئويلايمەن، — دەپتۇ.

بەھلۇل ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئاپىرىن، ئوغلۇم، سېنى مۇبارەكلەيمەن. پەقەت ئاشۇ ياخشى ئىشىڭ تۇپەيلى قەلبىڭنىڭ زوق بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلغانسەن! شۇنىڭ ئۆزى زور مۇكاپات ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

ئاخىرىدا كەنجى ئوغلى ئاتىسىغا تەزىم قىلىپ:

— ئەزىز ئاتا، ماڭا دائىم دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ يۈرگەن بىر ئادەم بار. مەن ئۇنىڭغا ھېچبىر يامانلىق قىلمىغان بولساممۇ، ئۇ دائىم مېنىڭ پېيىمدە يۈردى، ھەتتا مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ دۈشمىنىمنىڭ ناھايىتى تىك، چوڭقۇر يار ياقىسىدا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئەگەر ئۇ ئويغىنىپ كېتىپ يانپاشلىسا ياكى يامان بىر چۈش كۆرسە، يارغا يۇلاپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. مەن شەپە چىقارماي، ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنى تۇتتۇم، ئاستا ـ ئاستا ئالدىمغا تارتىپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتقۇزدۇم، بۇنىڭ بىلەن روھىم كۆتۈرۈلدى، يولۇمغا خۇشال راۋان بولدۇم، — دەپتۇ.

بەھلۇل ئوغلىنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلىتىدىن خۇش بولۇپ، كۆزىگە ياش ئاپتۇ ھەم ئۇنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ:

— ياشا، ئوغلۇم، ياشا! ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن! مۇكاپاتىمنى ئېلىشقا سەن ھەقلىقسەن. چۈنكى، دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەت — يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشتۇر، — دەپتۇ ۋە ئۈزۈكنى كەنجى ئوغلىنىڭ بارمىقىغا تاقاپ قويۇپتۇ.

## مۇلايىملىقنىڭ بەلگىسى

بەھلۇل بىر كۈنى دوستلىرى ئۈچۈن زىياپەت بېرىپتۇ. ئۇ ئاشپەزنى چاقىرىپ:

— مەن ياخشى كۆرىدىغان پالانى خىل تائامنى پىشۇرۇپ ئەكەل! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئاشپەز ئۇ بۇيرۇغان تائامنى تەييارلاپ، باشقا تائاملار بىلەن بىللە ئاچىقىپتۇ. بەھلۇل ئۆزى بۇيرۇغان تائامدىن بىر لوقما ئالغانىكەن، ئۇنىڭدىن بىر قىل چىقىپ قاپتۇ. ئۇ قىلنى ئېلىۋېتىپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئالغان لوقىلىرىدىمۇ قىل ئۇچرىتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ تائامدىن قولىنى تارتىپ، باشقا غىزالارنى يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com

تاماقتىن كېيىن، بەھلۇل ئاشپەزنى چاقىرتىپ:

— مەن بۇيرۇغان تائامنى ناھايىتى لەززەتلىك پىشۇرۇپسەن. ئەتە يەنە ئاشۇ تائامنىڭ ئىچىدىن قىل چىقىپ قالماسلىق شەرتى بىلەن پىشۇرۇپ بەر، — دەپتۇ.

زىياپەت ئەھلى بەھلۇلنىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ:

— دوستىمىز بەھلۇل ئۆزىنىڭ ئاشپىزىنى شۇنداق سىلىق ۋە مۇلايىم سۆزلەر بىلەن ئاگاھلاندۇردىكى، ئۇنىڭغا قاتتىقراق تەنقىد بىرىشكە ھاجەت قالمىدى، — دەپ تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

## قورساق تامام تويدۇ

سەئىدى بەسرەدىن بىر قانچە كىشى بىلەن بىللە كېلىۋېتىپ، خورمىزارلىقتىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارنى يامان بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ خورمىنى كۆرۈپ دەرەخكە يامىشىپتۇ — دە، دەرەختىن يىقىلىپ، شۇئان جان بېرىپتۇ...

بىر مويسىپىت:

— كىمنىڭ ئىشى بۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆلدى؟ — دەپ سورىغانىكەن، سەئىدى مويسىپىتنىڭ سوئالىغا:

— قارنىنى كۆتۈرەلمەي، چۈشۈپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

باشتىن — ئاياغ قورساق بولۇر چېكەتكە،
چۈمۈلىلەر سۆرەر، ئەمما پۈتىنى.
ئۆزۈڭنى تۇت، قورساق تامام تويىدۇ،
پەقەت گۆردە توشقۇزغاندا تۈپىنى.

## ئىتمۇ قىلغان ئەجرنى بىلدۇ

سەئىدى يولدا نەۋقىران بىر يىگىتنى ئۇچرىتىپتۇ. يىگىتنىڭ يېنىدا بىر قوي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرگە كېلىۋاتقانىكەن. سەئىدى ئۇنىڭغا:

— قويۇڭنىڭ بوينىدا چۈلۋۈرى بولغاچقا، ساڭا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ — دە! — دەپتۇ.

يىگىت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قويىنىڭ بوينىدىكى چۈلۋۈرىنى يېشىۋېتىپ، ئۇيان — بۇيان يۈگۈرگەنىكەن، قويمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چېپىپتۇ. ئۇلار بىردەم ئويۇنىشىپ سەئىدىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە يىگىت:

— ئەي ساخاۋەت ئىگىسى، مەن ئۇنىڭغا مېھىر — شەپقەتنى باغلاپ قويغانمەن.

ئەگەر ئېھسان قىلساڭ، ۋەھشىي پىلمۇ مۇلايىملىشىپ، ئىگىسىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ھەتتا، ئىتمۇ قىلغان ئەجرىڭنى بىلىدۇ. شۇڭا دائىم مېھرىبانلىق قىلىش لازىم، — دەپتۇ يىگىت.

## ماھتاباندۇر ئانالى

ئانىنىڭ ئارامبەخش ئەتكۇچى بويى، يەنى قەددى ـ قامىتى بىر كۆچەت بولسا، پەرزەنت ئۇ كۆچەتنىڭ شېرىن مېۋىسى ۋە نەتىجىسىدۇر. ئانا كۆكسىنىڭ تومۇرلىرى يۈرەك ئىچىدىكى ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەت كۆزى بىلەن قارىساق، ئانىنىڭ سۈتى — ئۇنىڭ يۈرەك قېنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتنىڭ ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ئاتىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بەزى ياشلار ھەممىدىن ئەزىز ۋە مېھرىبان ئانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيدۇ.

ھېكايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر ياش يىگىت ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىكەن. مېھرىبان ئانا ئوغلىنىڭ قىلغىنىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىگە ياش ئالىدىكەن ـ دە، دەرھال ئوغلى بوۋاق ۋاقتىدا ياتقان بۆشۈكنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— ئەي بوۋاقلىق، بالىلىق چاغلىرىنى ئۇنتۇغان نائىنساپ! مانا بۇ بۆشۈكنى قارا! كىچىككىنە سېنى مۇشۇ بۆشۈككە سېلىپ، كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي تەۋرەتكەنىدىم. ھەدەپ يىغلاۋەرسەڭ بۆشۈكتىن يېشىۋېلىپ، باغرىمغا بېسىپ پەپىلىگەنىدىم. ناھايىتى كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ سېنى تەربىيەلىدىم. سېنى دەپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن ئايرىلدىم. سېنى دەپ ھەممە قىيىنچىلىقلارغا چىدىدىم. مانا ئەمدى چوڭ بولۇۋېلىپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولدۇڭ. لېكىن بالىلىق ۋاقىتلىرىڭنى ئۇنتۇپ، مېھرىبان ئاناڭغا ئازار بېرىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكىسەن. ئۇنداق قىلما، ئوغلۇم، ئانىنىڭ مۇھەببىتى نەقەدەر زور ۋە چەكسىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما. مەنمۇ، ئاتاڭمۇ دائىم بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمىز، بىزنى خاپا قىلما، دىلىمىزنى رەنجىتمە، گېپىمىزگە كىر، بىزنى رازى قىل، دۇئايىمىزنى ئال، — دەپتۇ.

ئانىنىڭ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئېيتقان سۆزلىرى يىگىتنىڭ كۆڭلىگە ئوقتەك تېگىپتۇ. قىلغان قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپتۇ. ئانىسىنى قۇچاقلاپ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ، يىغلاپ كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئانا ئەمەسمۇ؟ ئوغلىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، مەڭزىدىن سۆيۈپتۇ.

*بېيت:*

*جان قۇلاقىڭ بىرلە ئاڭلا، ماھتاباندۇر ئانالى،*

*بەخت ـ ئىقبالىڭ ساماسىدا دۇر ـ ئەفشاندۇر ئانالى.*

## كىشىنىڭ ياخشى سۆزى...

باش ـ ئايىغى يالاڭ بىر كىشى كوچا شەھىرىدىن ھىجاز كارۋانلىرى بىلەن چىقىپ، سەئىدىنىڭ ھەمراھلىرىغا قوشۇلۇۋاپتۇ. ئۇ كىشىدە مال ـ دۇنيا، پۇل ـ بىسات دېگەندىن ھېچنېمە يوقلۇقىغا سەئىدىنىڭ كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ ئادەم پىيادە ئويۇن ـ تاماشا بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ، تۆگىگە مىنگەن بىر باي ھېلىقى كەمبەغەلگە:

ـ ئەي قەلەندەر، قەيەرگە كېتىپ بارىسەن، ئارقاڭغا قايت، بۇ سەھرادا جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ ئۆلۈپ قالىسەن، ـ دەپتۇ. پىيادە كېتىپ بارغان كەمبەغەل باينىڭ سۆزىگە ئېتىبار بەرمەي، ئۆز يولىنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ.

نەخلەئىي مەھمۇت دېگەن جايغا كەلگەندە، باينىڭ ئەجىلى يېتىپ ئۆلۈپتۇ. شۇ چاغدا كەمبەغەل باينىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن سەھرادا زەخمەت چېكىپ ۋە جاپا تارتىپ، پىيادە مېڭىپ ئۆلمىدىم، سەن نار تۆگە ئۈستىدە راھەتلىنىپ يول يۈرۈپمۇ ئۆلدۈڭ، ـ دەپتۇ.

بېيىت:

ھەر كىشىنىڭ بار بولسا ياخشى سۆزى،
ئارتىتار ئابرۇيىنى دائىم ئۆزى.

## بىر ئاۋغا موھتاجلىق قولىنى سۇنماق مۇشكۇلدۇر

بىر دەرۋىش يوقسۇزلۇق ئوتىدا يانىدىكەن، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئۈستى ـ ئۈستىگە ياماق سېلىنغانىكەن. بىر كىشى ئۇنىڭغا:

ـ مۇشۇ ھالەتتە ئولتۇرۇۋېرەمسەن؟ بۇ شەھەردە ناھايىتى ساخاۋەتلىك بىر كىشى پېقىر ـ مىسكىن، بىچارىلەرنىڭ خىزمىتىگە بەل باغلىدى. ئەگەر سېنىڭ بۇ پەرىشان ھالىتىڭنى كۆرسە، دەرھال ياردەم قولىنى سوزىدۇ، ـ دەپتۇ ۋە ھېلىقى سېخىي ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ياردەم سوراشنى تەۋسىيە قىلىپتۇ.

ـ بەس، ـ دەپتۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغان دەرۋىش، ـ چۈنكى بىر ئاۋنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىشتىن، ئېھتىياجنى ئېيتىشتىن ئۆلگەن ياخشىراق.

*بېيىت:*

*ياماق تىك، ئەيلىگىن بەرداشلىق ـ ياخشى،*
*ياماندۇر تون تىلەشتە قول ئولماق.*
*ئېرۇر دوزاخ ئازابىغا باراۋەر،*
*خۇشامەتگويلۇق بىلەن جەننەتتە بولماق.*

## نەتىجەم يوقالماسلىقى ئۈچۈن

پارس پادىشاھلىرىنىڭ بىرىدە قىممەتلىك بىر ئۈزۈك بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ سەيلە ـ تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە يېقىن كىشىلىرى بىلەن سەيلىگاھقا چىقىپتۇ، ھېلىقى قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى بىر گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە قويدۇرۇپ:

ــ كىمىكى بىر ئۈزۈكنىڭ ھالقىسىدىن ئوق ئۆتكۈزسە، ئۈزۈكنى شۇنىڭغا بېرىمەن، ــ دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ تۆت يۈز مەرگىنى بار ئىكەن. ئۇلار ئۈزۈككە قارىتىپ ئوق ئېتىپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ ئوقى ئۈزۈكنىڭ ھالقىسىدىن ئۆتمەپتۇ.

شۇ مەھەللىدە، بىر بالىمۇ تام ئۈستىدە ئويناپ يۈرۈپ، كامالەكتىن ھەر تەرەپكە ئوق ئېتىپ ئويناۋاتقانىكەن، تاسادىپەن ئۇنىڭ ئوقى ئۈزۈكنىڭ ھالقىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بېرىش لايىق كۆرۈلۈپتۇ. پادىشاھ يەنە نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ.

بالا بىردىنلا كامالەكنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

ــ كامالەكنى نېمىشقا كۆيدۈردۈڭ؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، بالا:

ــ قازانغان نەتىجەم يوقالماسلىقى ئۈچۈن كامالەكمنى يوقاتتىم، ــ دەپتۇ.

***بېيت:***
***گاھى بولغايكى، ھېكمەت ئەھلىدىن،***
***چىقمىغاي بىر تەدبىر تۈزۈكرەك.***
***بېگىلىپ ئۇرغۇسى نىشانغا تىخ،***
***گاھى بولغايكى بىئەقىل گۆدەك.***

## كىشىنىڭ خۇي ـ پەيلى ئۆزىگە دۈشمەن

بىر كىچىك بالا ناۋايخانىغا بېرىپ، ناۋايغا:

ــ ئۇستام، يىگىرمە تىيىنلىق نان بېرىڭ، ــ دەپتۇ. ناۋاي ناننى تارتىپ ئۇنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. بالا ناننىڭ كەم تارتىلغانلىقىنى سېزىلىپ، ناۋايغا:

ــ تاغا، بەرگەن نېنىڭىز كەمغۇ؟ ــ دېگەنىكەن، ناۋاي ئۇنىڭغا ھومىيىپ:

ــ قانداق بىغەرەز بالىسەن، ئېلىپ كېتىۋەر، يۈكۈڭ يېنىك بولىدۇ، ــ دەپ دوق قىپتۇ. بالا ناننى ئېلىپ ناۋايغا بەش تىيىننى كەم تۆلەپ مېڭىشىغا ناۋاي پۇلنى ساناپ:

ــ ھەي تەرسا، توختا، بەش تىيىن كەمغۇ؟ ــ دېگەنىكەن، بالا:

ــ ئۇستام، كۆپ ۋارقىرىمىسىلا، بەرگەن پۇلۇمنى ئېلىپ قېلىۋەرسىلە، يانچۇقلىرى يەڭگىل بولىدۇ، ــ دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

*بېيت:*
*ھەر كىشىنىڭ بولسا خۇي ـ پەيلى يامان،*
*يەتكۈزەر ئۆز جانىغا يۈز مىڭ زىيان.*

## ئۆز زىنىنتىڭىز ئەلادۇر

بىر باي ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىغا مال ـ دۇنياسى، نەسلى ـ نەسەبى ۋە زىبۇ زىننەتلىرىدىن گەپ ئېچىپ ماختىنىپتۇ. خىزمەتكار باينىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ:

ـــ سىز چىرايلىق، قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىڭىزگە زىننەت بېرىسىز، ئۇ زىننەت سىزدە ئەمەس بەلكى كىيىملىرىڭىزدىدۇر؛ مىنگەن ئېتىڭىز بىلەن ماختىنىسىز، لېكىن بۇ زىننەت، كامال سىزدە ئەمەس ئېتىڭىزدىدۇر؛ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزنىڭ پەزىلىتى بىلەن پەخىرلىنىسىز، بۇ پەزىلەتلەرنىڭ ئىگىلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزدۇر. ئەگەر ئاشۇ پەزىلەتلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۆز ھەققىنى قايتۇرۇۋالسا، سىزگە ھېچنېمە قالمايدۇ. ھالبۇكى، پەزىلەتلەر سىزگە ئۆزلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن قايتۇرۇۋېلىشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق. باشقىلارنىڭ زىننىتى بىلەن زىننەتلىنەلمەيسىز. خۇلق ـ مىجەزىڭىزنى تۈزىتىڭ. پەزىلەتلىك بولۇڭ، مانا بۇلار ئۆزىڭىزنىڭ زىننىتىدۇر، شۇ چاغدىلا ئۆز زىننىتىڭىز بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق بولىسىز، ـــ دەپتۇ.

## رۇمى ۋە قەرزدار

بىر كىشى جالالىدىن رۇمىدىن بىر ئاز پۇل قەرز ئالغان بولسىمۇ، قەرزىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرالماي، ۋەدە قىلغان قەرەلىدىن كۆپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. جالالىدىن رۇمى پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئۆزىنىڭ بىر خىزمەتكارىغا ھاۋالە قىپتۇ.

خىزمەتكار قەرزدارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا خېلى قاتتىق كايىپ، غوجايىنىدىن ئالغان پۇلنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. قەرزدار ئۇ خىزمەتكارغا:

ـــ مېنى غوجايىنىڭنىڭ يېنىغا ئېلىپ بار. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتىدىغان سۆزۈم بار، ـــ دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ يىغلامسىراپ يېلىنىشى باغرى تاش خىزمەتكارنىڭمۇ دىلىنى ئېرىتىپ، ئۇنى غوجىسى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

جالالىدىن بىر قانچە بۇرادەرلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقانىكەن. خىزمەتكار ئۇ قەرزدارنى خوجىسىغا كۆرسىتىپ:

ـــ بۇ كىشىدىن پۇلىڭىزنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدىم، ماڭا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئەكېلىشىمنى ئۆتۈندى. رەھىم كېلىپ، ئۇنى ئەكەلدىم، ـــ دەپتۇ.

جالالىدىن خىزمەتكارنىمۇ، قەرزدارنىمۇ داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار بىلەن غىزالىنىپتۇ. تاماقتىن كېيىن رۇمى ھېلىقى خىزمەتكارىغا:

— بۇ قەرزدار ئەمدى مېنىڭ مېھمىنىم بولدى. ئەزىز مېھمىنىمدىن پۇلۇمنى تەلەپ قىلىشىم مۇرۇۋۋەتتىن ئەمەس. بۇ بىچارە موھتاجلىق ئىچىدە قالغانلىقى ئۈچۈن پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قادىر بولالمىغان. ئۇنىڭ شۇنداق ھالدا ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، سېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتمەس ئىدىم. ئەمدى مەن ئۇ پۇلۇمدىن ۋاز كەچتىم، ئەزىز مېھمانىنىڭ ئۆزىگە بېغىشلىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ مېھمىنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما! — دەپتۇ ۋە قەرزدار مېھمانىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ئىنئام ئېھسان قىلىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

## يامان خۇلقنى ھەمراھ قىلما

بىر ئالىم، پازىل كىشى بەتپېئىل، تەبىئىتى قوپال بىر ئادەم بىلەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت سۆھبەتداش بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە چىداپ كەپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى قوپال تەبىئەتلىك ئادەم سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئالىم تاقەتسىزلىنىپ يىغلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ:

— ئۇ بەتپېئىل ئادەمدىن قۇتۇلغىنىڭىزغا خۇشال بولماستىن يىغلىغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سورىسا، ھېلىقى ئالىم مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ بەتپېئىل شېرىكىمدىن ئايرىلغىنىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ بىچارىگە ئېچىنىپ يىغلاۋاتىمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتتە بولۇپمۇ ئۇ يەنە يامان خۇلق، بەتپېئىللىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتتى.

*بېيت:*

*مۇردا دىللار بىرلە سۆزبەتداش بولۇش — جان كاھىشى،*
*ھېچ تىرىلمەيدۇ ئۆلۈك، ھەرقانچە تۆكسەڭ كۆز يېشى.*

## بولسا...

قاپقانغا چۈشۈپ قالغان كەپتەر ئاچچىقىدا كايىشقا باشلاپتۇ:

— لەنىتى پۇتلىرىم، سىلەر بۇ يەرگە قونمىغان بولساڭلار...

پۇتلىرى دەپتۇ:

— سېنىڭ نەپسىڭ تاقىلداپ ئاشۇ دانلارغا ئىنتىلمىگەن بولسا...

نەپسى دەپتۇ:

— سېنىڭ كۆزۈڭ دانلارنى كۆرمىگەن بولسا...

www.uighurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كۆزلەر دەپتۇ:

ــ قاناتلىرىڭ بىزنى بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلمىگەن بولسا...

قاناتلار دەپتۇ:

ــ ئاشقازىنىڭ تاراقلاپ بىزنى مەجبۇرلىمىغان بولسا...

ئاشقازان دەپتۇ:

ــ يۈرىكىڭ ئۇزۇقلۇق تەلەپ قىلمىغان بولسا...

ــ بولدى، ھەممىڭلاردا گۇناھ يوق. ــ دەپتۇ مېكە ئاستاغىنە، ــ ئەگەر ئىگىمىز ئۆز ۋاقتىدا دان بەرگەن بولسا...

## كېمچى ۋە ئۈنىڭ بالىسى

قەھرىتان قىشنىڭ بىر كۈنىسى، كېمچى كېمە بىلەن بىر يەرگە بارماقچى بولۇپ، بالىسىنىمۇ بىللە ئېلىۋاپتۇ. كېمچى بىردەم تازا كۈچەپ پالاق ئۇرغاندىن كېيىن، بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ ـ دە، كۆڭلەكتىن باشقا كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىۋېتىپتۇ، ئاندىن كېمە بۆلمىسىگە كىرىپ، ئوغلىغا:

ــ بەك ئىسسىق بولۇپ كەتتى، چاپىنىڭنى سېلىۋەت! ــ دەپ بالىسىنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇۋېتىپتۇ، كۆڭلەكچان قىلىپ قويۇپتۇ.

كېمچى يەنە بىردەم پالاق ئۇرۇپتىكەن، پۈتۈن بەدىنى چىپ ـ چىپ تەرگە چۆمۈلۈپتۇ، ئاخىر ئۈچىسىدىكى كۆڭلىكىنىمۇ سېلىۋېتىپتۇ.

ــ ئۇھ، نېمىدېگەن ئىسسىق بۇ! ــ دېگىنىچە كېمە بۆلمىسىگە كىرىپ بالىسىنىڭ كۆڭلىكىنىمۇ سالدۇرۇۋېتىپتۇ.

كېمچى كۈچەپ پالاق ئۇرۇۋېتىپ تەرلەپ كەتكىنىدىن بەدىنىدىن ھور چىقىشقا باشلاپتۇ. ئەمما ئۈنىڭ بىچارە بالىسى كېمە ئىچىدە مۇزلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

## مۇز بىلەن سۇ

بىر پارچە مۇز ناھايىتى كۆرەڭلىگەن ھالدا سۇغا قاراپ:

ــ سېنىڭ قىلچە جاسارىتىڭ يوق ئىكەن، كىچىككىنە شامال چىقسا داۋالغۇپ، بىر ئىزىڭدا تۇرالمايدىكەنسەن. مەنچۇ، قانداق يەردە تۇرسام، خۇددى تاشتەك قاتتىق ھالەتتە تۇرىمەن. ــ دېدى.

بىردەمدىن كېيىن كۈن چىقتى. كۆرەڭلىگەن مۇز ئاستا ـ ئاستا ئېرىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا سۇ ئېرىپ كېتىۋاتقان مۇزغا قاراپ:

ــ تاشقى كۆرۈنۈش ئۆزگەرسە قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ئىچكى ماھىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ــ دېدى.

## ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىك

ئارتۇقچىلىق كەمچىلىكتىن:
— سېنىڭ ھاياتىڭدا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم، كىچىكلىتىپ كۆرسىتىش ئەينىكى، ئۇ خىل ئەينەك قانچە ھەسسە كىچىكلىتىپ كۆرسەتسە، شۇنچە ياخشى، — دېدى كەمچىلىك. ئۇ ئارقىدىنلا ئارتۇقچىلىقتىن:
— سەن ھەرقاچان چوڭايتىپ كۆرسەتكۈچى ئەينەكنى ياخشى كۆرسەڭغۇ، — دەپ سورىدى.
— ياق، نەتىجە قازانغاندا كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش ئارتۇقچىلىق ھېسابلانمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئارتۇقچىلىق.

## كۆچ بىرلىكتە

بىر كۈنى ئادەم بەدىنىدىكى كۆز، بۇرۇن، ئېغىز، قۇلاق ۋە قول – پۇتتىن ئىبارەت ئالتە ئەزا ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى ئۈستىدە قاتتىق مۇنازىرىلىشىپ، ئاخىرى بىر – بىرى بىلەن جاڭجال قىلىش باسقۇچىغا يېتىپ قالدى.
— مەن، — دېدى كۆز مەغرۇرلانغان قىياپەتتە ئەڭ ئاۋۋال سۆز ئېلىپ، — كېچە – كۈندۈز ئۆز نۇرۇم بىلەن كىشىلەرنىڭ مېڭىش – تۇرۇش، ئەمگەك قىلىش، كىتاب ئوقۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەرمىسەم، قېنى، كىم بۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرەلەيدىكەن، شۇڭا مېنىڭ رولۇم ھەممىدىن چوڭ.
— ئۇنچىۋالا كۆرەڭلىمە! — دېدى بۇرۇن لازىدەك قىزارغان ھالدا كۆزگە ھومىيىپ، — سەن ھەرقانچە ماختانساڭمۇ، مېنىڭ بىر قېتىملىق نەپەس ئېلىشىمغا يەتمەيسەن. قېنى، مەن بىر مىنۇت نەپەس ئېلىشتىن توختاي، سېنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىڭ قەيەردە قالىدىكىن؟
بۇنى ئاڭلىغان ئېغىز ئۆزىگە خاس مەمەدانلىق بىلەن چوقان كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقتى:
— ھەممىڭنىڭ سۆزى بىر تىيىن. مەن ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تاماق يېمىسەم، سۇ ئىچمىسەم، قوشۇمچە ئۆپكىگە ھاۋا يەتكۈزۈپ بەرمىسەم، ھەر قايسىڭ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈشەلمەيسەن، شۇڭا ھەممىڭ ماڭا ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك.
— نېمە دېدىڭ، يەنە بىر ئېيتقىنا؟ — دېدى قول دەرغەزەپ بىلەن ئېغىزغا ۋارقىراپ، — سەن يەيدىغان بارلىق تەمىناتنى مەن ئىشلەپ تاپمىسام، يەيدىغان چېغىڭدىمۇ قوشۇق بىلەن چوكىنى ئۆزۈم تۇتمىسام سەن نېمە قىلالايتتىڭ؟

— مېنىڭ رولۇمنى تىلغا ئالماسلىق — ۋاپاسىز، جاپا قىلغانلىق! — دېدى پۇت ھەسرەت ۋە ئېچىنىش بىلەن، — مەن كۈن بويى جاپا چېكىپ، تەرلەپ – پىشىپ سىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمىسەم، سىلەر نېمە قىلالايتتىڭلار؟ قېنى، ئەمدى بوچىلىقىڭلارنى بىر كۆرۈپ باقاي!

ئۇلار مۇشۇ تەقلىدتە خېلى ئۇزۇنغىچە مەنمەنلىك تالىشىپ، جاڭجاللىشىپ بىر – بىرىنى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۆز – ئۆزىدىن قېيداپ ھەرىكەت قىلىشتىن توختىدى. كۆز يۇمۇلۇپ كۆرۈشتىن، ئېغىز تاماق يېيىشتىن، بۇرۇن نەپەس ئېلىشتىن، قول – پۇت ھەرىكەت قىلىشتىن قالدى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئادەمنىڭ ئۆپكىسىگە ھاۋا يەتمەي يۈرەك ھەرىكىتى ئاجىزلاشقا، ئېغىز – كېكىردەكلىرى قۇرۇپ ئۇچەيلىرى تارتىشىشقا، قول – پۇتلىرى سوۋۇپ، كۆزلىرى ئالىيىشقا باشلىدى. ئۇلۇم خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالدى. دەل شۇ پەيتتە، بۇ جاڭجالغا باشتىن – ئاخىر ئارىلاشماي تۇرغان قۇلاق مەردانىلىك بىلەن سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن:

— ئەي مەنمەنچى دوستلىرىم، سىلەر نېمىدېگەن ئەخمەق – ھە! دۇنيادا قايسى نەرسە بىر – بىرى بىلەن باغلانماي، بىر – بىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشماي ئۆز رولىنى جارى قىلالىغان؟ سىلەر ئۆزئارا مەنمەنلىك تالىشىپ، ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرغانلىقتىن، ئىنسان ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالدى، ئۇ ئۆلسە سىلەرمۇ تەڭ ھالاك بولىسىلەر، ئۇنىڭدىن كۆرە، تېزدىن ئىتتىپاقلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىڭلار! — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان كۆز بىرىنچى بولۇپ يوغان ئېچىلدى. ئېغىز، بۇرۇن ئىككىسىمۇ ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان يەپ، ئارقا – ئارقىدىن نەپەس ئېلىشقا كىرىشتى، پۇت – قوللارمۇ ئاستا – ئاستا مىدىرلاپ ئۆلۈم ھالىتىدە ياتقان ئادەم قايتىدىن يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆزلىرىگە ئاچچىق ساۋاق قىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن بىر – بىرىگە ياردەم بېرىپ، تىنچ – ئىناق، خۇشال – خۇرام ئۆتىدىغان بولدى.

## ئاتىنى رەنجىتىشنىڭ ئاقىۋىتى

خەلىپە ھارۇن ئەر رەشىدنىڭ ۋەزىرى فازىل ئىبن يەھيا ئېغىر دەردكە ئىلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مەيدە تېرىسى ئاقىرىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن نومۇس قىلغاچقا ياز كۈنلىرىمۇ ئۇزۇن چاپان كىيىپ يۈرەر ئىكەن، ھامامغا بولسا پەقەت كېچىسى، ھېچكىم يوق پەيتلەردە چۈشىدىكەن. بۇ مۇدھىش دەرد – ئەلەمدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەپ، سىرداش ۋە پېكىرداش ھېكىملەرنى يىغىپ:

شامۇ ئىراقتا، پارس خۇراساندا ئەڭ مەشھۇر تېۋىپ دەپ كىمنى ئېتىراپ قىلىپ،



www.uyghurkitap.com

تەن ئالسىزلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. سورۇنغا يىغىلغانلار پارس ۋىلايىتىدە شۇنداق قابىلىيەتلىك تېۋىپ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن فازىل ئىبن يەھيا شىرازغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئاشۇ تېۋىپنى باغداتقا ئېلىپ كەپتۇ.

فازىل ئىبن يەھيا تېۋىپنىڭ كەلگەنلىك شەنىگە ئالاھىدە زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن تېۋىپنى خالىي بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ «پۇتلىرىم نېمىشقىدۇر ماغدۇرسىز، بىرەر داۋاسىنى تاپقىلى بولۇرمۇ؟» دەپ ئىلتىماس قىلدى. تېۋىپ ئۇنىڭغا «سۈتلۈك تاماق يېمەڭ، ئاچچىق نەرسىلەردىنمۇ ئۆزىڭىزنى تارتىڭ، پەقەت چۈجە گۆش ۋە نوقۇتتىن تەييارلانغان شورپا ئىچىڭ، ھالۋىنىمۇ يەپ بېرىڭ. بۇنىڭدىن باشقا تۇخۇم سېرىقىنى ھەسەلگە قوشۇپ كۈندە ئەتىگەن ناشتىدىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ تەۋسىيە قىلدى. لېكىن فازىل ئىبن يەھيا تېۋىپنىڭ دېگەنلىرىنى قىلماي، ھەر كۈنى ياغلىق گۆش — شورپا ئىچىپ، ئاچچىق نەرسىلەرنىمۇ ئىستېمال قىلىۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەتتا لوبىيانى ياغدا قورۇپ، قىزىلمۇچ سېپىپ يېدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، تېۋىپ ئۇنىڭ پېشابىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بىمارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىدىن نالە قىلىپ:

— مەن سىزنى بۇندىن كېيىن داۋالىيالمايمەن، چۈنكى پەرھىز تۇتمايدىكەنسىز، بۇيرۇغانلىرىمنىمۇ قىلماپسىز. شۇڭا سىزنى داۋالاشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

فازىل ئىبن يەھيا تېۋىپنىڭ ئەقىل — پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، سىناپ بېقىش مەقسىتىدە شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن چاپان ۋە كۆڭلىكىنى ئېچىپ مەيدىسىنى كۆرسەتتى.

خۇلاسە كالام، شىرازلىق تېۋىپ فازىل ئىبن يەھيانى كۆپ ۋاقىت داۋالىدى. ئۇ داۋالاش جەريانىدا بارلىق بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سالدى. لېكىن ئۇنىڭدىن بىرەر نەتىجە چىقمىدى. تېۋىپ روھىي جەھەتتىن ئىزدىنىپ، بىرنەچچە كۈن نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئاخىرى فازىل ئىبن يەھيانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئى، ئۇلۇغ ۋەزىر! سىزنى داۋالاش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلدىم، ئەپسۇسكى، پايدىسى بولمىدى. بەلكىم ئاتىڭىزنى قاتتىق رەنجىتىپ قويغانغا ئوخشايسىز، قانداق بولمىسۇن، بېرىپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىڭ.

ۋەزىر شۇ كۈنىلا ئاتىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاياغلىرىغا تىزلىنىپ يىلىنىدى، «مەن يارامسىز پەرزەنتىڭىزنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىڭ» دەپ يىلىنىپ — يالۋۇردى. قانداقلا بولمىسۇن ئاتا دېگەن ئاتىدە! ئۇ ئوغلىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتتى. فازىل ئىبن يەھيا بولسا كۆپ ئۆتمەي دەردتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ، تېۋىپقا كۆپتىن — كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

تېۋىپنى يۇرتىغا ئۇزىتىۋېتىپ: «ماڭا يېپىشقان دەردنىڭ ئاتام سەۋەبلىك ئىكەنلىكىنى قانداق قىلىپ بىلدىڭىز؟» دەپ سورىدى.

تېۋىپ جاۋاب بەردى:

ــ شۇ قەدەر داۋالىشىمدا تۈزىلىپ كېتەلمىگىنىمگە قارىماي، «بۇ ئادەم بەلكىم كىمنىدۇر قاتتىق رەنجىتىپ، لەنەتكە قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. لېكىن ساراي ئەھلى، بازار ئەھلى ئارىسىدىن كۆپ سوراپ ـ سۈرۈشتۈرسەممۇ نەتىجە چىقمىدى. كېيىن بىر كىشى سىزنىڭ خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ئاتىڭىز بىلەن ئارازلىشىپ قالغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

## ئۈچ باش كۆكباش

بىر ئۇستاز ئۈچ شاگىرتىغا بىردىن كۆكباش تارقىتىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەتە سىلەر ماڭا بۇ كۆكباشتا قانچە دان بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىسىلەر.

ئەتىسى چوڭ شاگىرتى ئالدى بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ جەمئىي 1328 دان بار ئىكەن.

ــ قانداق ساناپ چىقتىڭ؟

ــ مەن كۆكباشنى ئۈگىلاپ بىردىن ـ بىردىن ساندىم.

2 ـ شاگىرتى مۇنداق دەپتۇ.

ــ مەن ئاۋۋال قوناقنى ئۈگىلاپ يەرگە چاچتىم، ئاندىن بىر خورازغا دانلاشقا قويۇۋەتتىم، خوراز دانلاش ئۈچۈن يەرگە 1430 قېتىم ئېگىشتى.

3 ـ شاگىرت جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ مەن ئىككى ئاكامدىن قانچە تال قوناق بارلىقىنى سورىۋېلىپ، ئاندىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنى چىقارسام چىقتى…

ــ ياخشى، ھەممىڭلار دوكان ئايرىساڭلار بولىدۇ، ئەتە تاغدىن چۈشۈڭلار، ــ دەپتۇ ئۇستاز شاگىرتلىرىدىن مەمنۇن بولغان تەلەپپۇزدا.

شاگىرتلار ھەيران بولۇشۇپ:

ــ سىلى تېخى بىزگە ھېچنېمىنى ئۆگەتمىدىلىغۇ؟ ــ دەپ سورىشىپتۇ، ئەمما ئۇستاز چوڭ شاگىرتىغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ سەن ئىش قىلغاندا، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقمايدىكەنسەن، بۇ ياخشى ئىش، بۇنىڭدىن كېيىن كۆكسى ـ قارنىڭنى كەڭ تۇتۇپ جەگەرلىك بولۇشۇڭ كېرەك. قوناقنى سانىغان چاغدا كۆزلىرىڭ ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كەتتى، مۈگدەپ قالدىڭ، چۈشۈڭدىمۇ دان ساناپ چىقتىڭغۇ دېيمەن، سەۋرچان ئادەملەر يەنە كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئالدىراڭغۇلۇقتىن قەتئىي ساقلىنىشى لازىم.

ئاندىن ئۇستاز 2 ـ شاگىرتىغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ سەن ئاكاڭغا قارىغاندا زېرەك، قوراللاردىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلىقىڭنى نامايان قىلدىڭ، داننى خورازغا يېگۈزۈش ئارقىلىق ساناش بىر ئاقىلانە تەدبىر. بۇنىڭدىن

كېيىن راست ـ يالغاننى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك. خوراز دان يېسىمۇ ئېگىشىدۇ، تاش يۇتسىمۇ ئېگىشىدۇ، سەن ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتكەننىڭ ھەممىسىنىڭ دان ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟

ئاخىرىدا ئۇستاز 3 ـ شاگىرتىغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ سەن باشقىلاردىن پايدىلىنىشنى بىلدىڭ. بۇ ئالەمدىكى ئىنسانلار بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىپ ياشايدۇ، ئۆزئارا يار ـ يۆلەك بولۇشىدۇ. سېنىڭ پايدىلانغىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئوي ـ پىكرى، بۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەقىقىي نەرسە. مەن ساڭا باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەممە ئادەم سەندىن توغرا ئۇسۇلدا پايدىلىنىشنىمۇ، يەنە ناتوغرا ئۇسۇلدا پايدىلىنىشنىمۇ بىلىدۇ.

كېيىن ئۇستاز بۇ ئۈچ شاگىرتىغا «ئەقىل ـ پاراسەت، سەمىمىيەت ۋە ئاق كۆڭۈل» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

# ياخشى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىدۇ

خەلىپە مەئمۇننىڭ دەۋرىدە شورلۇق زېمىندا ياشىغان بىر ئەرەب بار ئىكەن. ئۇ ئۆمرىدە تاتلىق سۇمۇ ئىچىپ باقمىغان ۋە تاتلىق مېۋىمۇ يەپ باقمىغانىكەن. بىر چاغدا ئەرەبنىڭ يۇرتىدا قەھەتچىلىك بوپتۇ، ھېلىقى ئەرەب ئاشلىق ئىزدەپ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. مۇنبەت بىر زېمىنغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ تاتلىق سۇ توپلىشىپ قالغان بىر ئويمانغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئەرەبنىڭ كۆزىگە شامالدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان بۇ سۈزۈك سۇ بەكمۇ پاك ۋە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئەرەب بەكمۇ ھەيران بوپتۇ. ئۇ دەرھال سۇ لېۋىگە كېلىپ بىرئاز ئىچكەنىكەن، سۇ ئۇنىڭ تامىقىغا چەكسىز ھۇزۇر ۋە لەززەت بېغىشلاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «تەڭرىنىڭ جەننەتتىن شېرىن ۋە ھۇزۇرلۇق سۈيى بار» دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئەگەر گۇمانىم توغرا بولسا، تەڭرىنىڭ موھتاجلىقىم ۋە تەشنالىقىمغا رەھمى كېلىپ، بۇ سۈنى جەننەتتىن ماڭا يەتكۈزگەن بولسا كېرەك. بۇ سۇدىن بىرئاز ئېلىپ بېرىپ پادىشاھقا تۆھپە قىلسام، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھ ماڭا ئىنئام بەرسە، بالا ـ چاقىلىرىممۇ مۇشۇ سۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن قەھەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالار...» دەپ ئويلاپتۇ، ئەرەب بىر تۇلۇمغا ھېلىقى يامغۇر سۈيىدىن قاچىلاپ، باغداد يولىغا راۋان بوپتۇ ـ دە، خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

بىر قانچە مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن، شىكارغا چىققان خەلىپە مەئمۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئەرەب خەلىپىنىڭ قېشىغا بېرىپ، دۇئاغا ئېغىز ئېچىپتۇ. خەلىپە ئەرەبكە قاراپ:

ــ سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئەرەب:

— مەن پالانى سەھرادىن بولىمەن، ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى قەھەتچىلىك بالاسىغا دۇچار بولۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سىز قايسى تەرەپكە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ خەلىپە ھېلىقى ئەرەبتىن:

— سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم، لېكىن قۇرۇق قول كەلدىم، سىزگە شۇنداق ئۇلۇغ تۆھپە ئېلىپ كەلدىمكى، ھېچبىر كىشىنىڭ ئارزۇ قولى ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئەمەس، ھېچبىر مەخلۇقنىڭ كۆزى ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئەمەس، — دەپتۇ.

خەلىپە بۇ سۆزدىن ئەجەبلىنىپ:

— ئەكەلگەن تۆھپىلىرىڭىزنى كەلتۈرۈڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

ئەرەب تۇلۇمنى خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— مانا بۇ جەننەت سۈيى، بۇ سۇنى ئالەمدە ھېچكىم ئىچكىنى يوق، — دەپتۇ.

خەلىپە بىر خادىمغا تۇلۇمدىن بىر قاچا سۇ ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

خەلىپە سۇنى ئىچىپ كۆرۈپتۇ. تۇلۇمنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى بۇزۇلۇپ قاڭسىق بولۇپ قالغانىكەن.

خەلىپە ئەرەبنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بوپتۇ، ئەمما ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ، ئۇ ئەرەبنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى لايىق كۆرمەپتۇ.

— ھەي قېرىنداشىم، — دەپتۇ خەلىپە ئۇنىڭغا، — راست ئېيتىپسىز، بۇ ھەم تاتلىق، ھەم سۈزۈك سۇ ئىكەن. بۇنى ھەر قانداق كىشىگە بېرىشكە بولمايدىكەن، ئەمدى قالغان سۇنى مېنىڭ مەخسۇس سەرپىياتىم ئۈچۈن قالدۇرغايسىز.

خەلىپە سۇنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەرەبكە:

— ھەي بۇرادەر، سىز ماڭا ناھايىتى ياخشى تۆھپىلەرنى كەلتۈرۈپسىز، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ھاجەتلىرىڭىزنى سۆزلەڭ، — دەپتۇ.

— ئەي مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى، — دەپتۇ، ئەرەب، — بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى خەلقلەر ئاچارچىلىق ۋە سۇسىزلىق دەردىدە ئۆلەر ھالەتكە يېقىنلاشتى. ئەھلى يۇرتلىرىمىزنىڭ، بالا ـ چاقىلىرىمىنىڭ ھالى خاراب، شۇ ھاجەت ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلگەنىدىم.

خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خەزىنىچىلەر ئەرەبكە مىڭ دىنار پۇل بېرىپتۇ. ئاندىن خەلىپە ئەرەبنى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، يۇرتداشلىرىغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئەرەب كەتكەندىن كېيىن خەلىپىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى:

— ئەي پادىشاھ، سىز نېمە ئۈچۈن ئۇ ئەرەب ئېلىپ كەلگەن سۇدىن باشقىلارغىمۇ بەرمەيسىز، نېمىشقا ئۇنى بۇ يەردىن ئۆتكۈزمەي قايتۇرۇۋېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— بۇ سۇ بەكمۇ قاڭسىق ۋە بەتبۇي ئىكەن، ئەرەب ئۆزى ئىچىپ كۆنگەن سۇيىگە

سېلىشتۇرۇپ، بۇ سۇنى جەننەتنىڭ سۈيى دەپ خىيال قىپتۇ. ئەگەر بۇ سۇنى سىلەرگە بەرگەن بولسام، سىلەر ئۇ ئەرەبنى ئەيىبلىگەن، مەسخىرە قىلغان بولاتتىڭلار، ئۇ بىچارە ئۆزىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان ئىشىدىن شەرمەندە بولغان بولاتتى. ئەگەر بۇ يەردىن قايتۇرۇۋەتمىسەم، ئۇ بىرىپ دەريانىڭ تاتلىق ۋە تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق سۈيىدىن ئىچىدۇ ـ دە، مۇنچە بەتبۇي سۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىنىگە خىجالەتچىلىك تارتىپ قالىدۇ. بىر موھتاج كىشى مېنىڭ مۇكاپات ۋە ئېھسانىمدىن ئۈمىد كۈتۈپ كېلىپ، ئاقىۋەت نائۈمىد بولۇپ، چىرايىغا خىجالەتچىلىك چاڭ ـ توزانلىرىنى قوندۇرۇپ قايتىشىدىن ھايا قىلدىم، ــ دەپتۇ.

## ئەدەپ ـ ئەخلاق بىباھا بايلىق

مىسىر پادىشاھى رۇم سۇلتانى بىلەن بولغان ئاداۋىتىنى تۈگىتىپ، ئوتتۇرىدا ئىناقلىق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز قىزىنى رۇم سۇلتانىنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. رۇم سۇلتانىمۇ ئۆز قىزىنى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ. ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئەلچىلەر ۋە مەكتۇپلار ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىككى پادىشاھ ئىتتىپاقلاشقانلىقتىن، ھەر ئىككى دۆلەت گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلماقچى بولغان ھەربىر چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدا بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ تۇرىدىكەن. مۇھىم ئىشلىرىغا بولسا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشەي قەدەم قويمايدىكەن.

بىر كۈنى مىسىر پادىشاھى رۇم سۇلتانى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ بىزنىڭ ئوغلانلىرىمىز ــ تىرىكلىكىمىزنىڭ ئاساسى، ھاياتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. بىزلەر ئالەمدىن ئۆتسەك، نام ـ نىشانىمىز ئەنە شۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئارقىلىق ساقلىنىدۇ. ھېكمەتلەردە «تىرىكتۇر دىيارىدا ھەركىمكى ئول، قويۇپ كەتتى ئورنىدا ياخشى ئوغۇل» دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىزلەردىن كېيىن خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئەسۋابلىرىنىڭ پىكرىنى قىلىشىمىز كېرەك. مەن ئوغلۇم ئۈچۈن قىممەت باھالىق نەپىس ماللار، سانسىز ياخشى ئات، تۆگىلەر ۋە باشقا ھەرخىل چارۋىلار، كىيىم ـ كېچەكلەر، ئۆي ـ ئىمارەتلەر، تۈگمەنلەر ۋە باشقا مول ـ مۇلۇكلەرنى مىراس قىلدىم. سىز ئوغلىڭىزنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن نېمە تەدبىر كۆردىڭىز؟ نېمىلەرنى تەييار قىلدىڭىز؟ ــ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان رۇم سۇلتانى كۈلۈپ كېتىپ:

ــ مال ـ مۇلۇك ۋاپاسىز، يارۇدوست تۇراقسىزدۇر، مال ـ دۇنيانىڭ ھېسابىنى قىلىش كېرەك، لېكىن بۇ دۇنيانىڭ بايلىقلىرىغا ئالدىناسلىق لازىم. مەن ئوغلۇمنى

ئەدەپ كىيىملىرى بىلەن جابدۇپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى سۈپەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى مىراس قويدۇم. مالغا زاۋال يەتسىمۇ، لېكىن ئەدەپ ــ ئەخلاق مەڭگۈ قىممەتلىكتۇر، ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مىسىر پادىشاھى «ئەل ـ ئەدەبۇ خەيرۇن ـ مىنەززەھەبى» (ئەدەپ ـ ئەخلاق ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك) دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ، رۇم سۇلتانىنىڭ پىكرىگە قايىل بوپتۇ. بۇ مەنىدە مۇنداق بىر نەزم بارلىققا كەلگەن:

ئەدەپ بايلىقى قارۇن كەنجىدىن خوپ،
ئەدەپ قەدرى پەرىدۇن مۈلكىدىن خوپ.
نەزەردە تۇتمىغاي پۇل ـ مالنى دانا،
مۈلۈك چۈنكى بولالماس مەڭگۈ ھەمرا.
ئۇلار ئارزۇ قىلار ئىلمۇئەدەپنى،
ئۇلار تاپقان ئەدەپتىن شان ـ شەرەپنى.

## قەلبلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى

پادىشاھ خۇسرەۋنىڭ شان ـ شەۋكەت ۋە باتۇرلۇق ـ شىجائەتتە تەڭداشسىز بىر قوماندانى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ لەشكىرىي ئىلىمدىكى مىسلىسىز ئىستېداتى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. كارامەت تەدبىرلىك ۋە ئاجايىپ جۈرئەتلىك كىشى ئىكەن. پادىشاھمۇ ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە خىزمىتىدىن كۆپ مەمنۇن ئىكەن. شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دانا مەسلىھەتچىسى دەپ بىلىدىكەن. ئۇ قوماندان شاھنىڭ ھۇزۇرىدا گوياكى:

مەملىكەتنىڭ ھۆسنىگە زىننەت ئىدى،
سەلتەنەت قوللىرىغا قۇۋۋەت ئىدى.

دېگەن مىسرالاردىكىدەك مەرتىۋىدە ئىكەن.

بىر كۈنى ئايغاقچىلار پادىشاھقا:

ــ تەكشۈرۈشىمىزچە، سىزنىڭ ئۇ پالۋىنىڭىز ئىتائەت قىلىش يولىدىن چىقىپ، باشتۇڭلۇق بىلەن سىزگە دۈشمەن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا چارە كۆرۈش كېرەك، ــ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

خۇسرەۋ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەم ـ قايغۇغا چۆكۈپتۇ. كۆڭلىدە: «ئۇ پالۋىنىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مەملىكەت شەھەرلىرىدىن بىرىگە ئورۇنلىشىپ، ماڭا قارشى سەپ تۈزسە، چوڭ ـ چوڭ سىپاھلىرىم ۋە ئاساسلىق لەشكەرلىرىم ئۇنىڭ تەرەپدارى بولىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەن بولۇپ قوشۇن تارتىپ كېلىشى بىلەن سەلتەنىتىم

مىزانىغا نۇقسان، شاھلىقىم گۈلزارىغا خازان يەتسە قانداق قىلارمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئەربابلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. كېڭەشتە ئۇ قوماندانىنى بەند قىلىش قارار قىلىنىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ قوماندانىنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئەكېلىپ، بۇرۇنقى دەرىجىسىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى كۆپ مەدھىيەلەپتۇ. قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىپ ئۇنى تارتۇقلاپتۇ. ئاندىن يەنە ئوردا دەرۋازىسىغىچە ئۇنى ئىززەت بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بەتنىيەت ئايغاقچىلار بۇ ئىشقا يەنە شىكايەت تىللىرىنى سوزۇپ:

— پادىشاھىم، تۇنۇگۇن قىلىشقان كېڭەشكە نېمە ئۈچۈن بۈگۈن خىلاپلىق قىلىدىلا؟ — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن كېڭەشكە خىلاپلىق قىلمىدىم، قىلغان سۆزلىرىمدىنمۇ يېنىۋالمىدىم. كېڭەشتە ئۇ ئەمىرنى بەند قىلىش قارار قىلىنغان. مەن ئۇنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا بەند قىلىشنى قارار قىلدىم. ئەڭ ياخشىسى بەند قىلىشتا ئۇنىڭ قەلبىدىن باشقا مۇۋاپىق ئەزاسىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئىنئام - ئېھسان ئارغامچىسى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى باغلىيالىسام، باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭ قەلبىگە ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قالغان بارلىق ئەزالىرىنىمۇ ئۈنۈملۈك بەند قىلغان بولىمەن. سىلەر ئويلىغان تۆمۈر بەندكە كىشىلەر ئېكەك سالسا، بۇزۇلۇپ ئاجرايدۇ. ھالبۇكى، قەلبكە سالغان بەندكە ھېچ نەرسە تەسىر قىلالمايدۇ. «قۇشلارنى دان بىلەن، ئىنسانلارنى ئېھسان بىلەن ئوۋلاش كېرەك» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ — دەپتۇ.

شۇ چاغدا پادىشاھ كۆڭلىگە: «بۇ پالۋىنىمنىڭ دىلىدىكى دۈشمەنلىك داغلىرىنى ياخشىلىق ۋە ئىنئام بۇلىقىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇپ، ئاداۋەت دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى، ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قولىنىڭ كۈچى بىلەن يۇلۇپ تاشلاي» دېگەن ئاقىلانە پىكىر چوڭقۇر ئورۇنلاشقانىكەن. شۇ قېتىملىق ۋەقەدىن كېيىن ئۇ قوماندانىنىڭ شاھ خۇسرەۋگە بولغان ئىخلاس ۋە ساداقىتى تېخىمۇ چىڭىپتۇ. جان پىدالىق كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شاھ ئۈچۈن خىزمەت قىپتۇ.

## ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەممىنى قايىل قىلىدۇ

سېخىي ئادەملەرنى ئۇنىڭ خەير - ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۆزىگە دوست ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن: قەشقەر خەلقى ھىندىستاندا بىر سېخىي كىشى بار دەپ ئاڭلىسا، ئۇنى كۆرمەستىن دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئېھسانىغا تەھسىن ئوقۇيدۇ.

شۇنىڭدەك ئۇ سېخىي دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنى ئەسلەيدۇ، پەزىلەت ۋە ساخاۋىتىنى مەدھىيەلەيدۇ.

ھاتەم تەينىڭ ۋاپاتىغا توققۇز ئەسىردىن ئاشتى، لېكىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەسلىگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ خاتىرە سۆزلىرىنىڭ باھارى مەدھىيە ۋە ئاپىرىن شاماللىرى ئارقىلىق خۇش پۇراق چاچماقتا. ئۇنىڭ جانىنى ياشارتقۇچى ھېكايەتنامىلىرى ئالقىش گۈللىرى بىلەن زىننەتلەنمەكتە.

ئۆز دەۋرىدە ھاتەمنىڭ سېخىيلىق نامى ۋە قىلغان ساخاۋىتىنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كىشىلەر كۆڭلىنى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىدىن بارغانسېرى ھەسەت ئوتىغا گىرىپتار بولغان يەمەن سۇلتانى، شام پادىشاھى ۋە رۇمنىڭ ھۆكۈمدارى ھاتەمگە ئاداۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا سېخىيلىق دەۋاسىنى قىلىشىپ، مەردانىلىك لاپلىرىنى ئۇرۇپ يۈرۈشىدىكەن. ھالبۇكى، ھاتەمنىڭ سېخىيلىقى ھەققىدىكى مەدھىيەلەر كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چۈشمەيدىكەن. شۇڭا پادىشاھلار ھاتەمنى ئۆز ئالدىغا سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئالدى بىلەن شام پادىشاھى ھاتەمنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يۈز دانە قىزىل يۈڭلۈق، قارا كۆزلۈك تۆگە تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ چاغدا مۇنداق تۆگىلەر پۈتۈن ئەرەب ۋىلايەتلىرىدە كەمدىن - كەم تېپىلىدىكەن. تېپىلغاندىمۇ ئىنتايىن قىممەت سېتىلىدىكەن. ھاتەمنىڭ ماللىرى ئىچىدە بولسا، بۇنداق سۈپەتلىك تۆگە يوق ئىكەن. شام پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى ھاتەمنىڭ قېشىغا كېلىپ پادىشاھنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ. ھاتەم پۈتكۈل ئەلچىلەرنى خاس مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خادىملىرىنى يىغىپ:

— ھەممە يۇرت - قەبىلىلەرگە بېرىڭلار، «ھەر كىمنىڭ قىزىل يۈڭلۈق، قارا كۆزلۈك تۆگىسى بولسا ھاتەم قېشىغا ئېلىپ بارسا، ئىككى ھەسسە يۇقىرى باھادا ئالىدۇ، تۆگىنى ئېلىپ بارغان كىشىگە يول مۇشەققىتىنىڭ ئەجرى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ» دەپ ئېلان قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ھاتەم شۇ ئۇسۇل بىلەن ئەرەب خەلقىدىن يۈز دانە تۆگە قەرز ئېلىپ، شام پادىشاھىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر بۇ تۆگىلەرنى شاھقا كۆرسىتىپتۇ. شاھ ئەھۋالدىن ھەيران قېلىپ:

— مەن بۇ ئەرەبنى مۇنداقچە سىناپ كۆرۈۋىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى بىھېساب قەرزگە بوغۇپتۇ، — دەپتۇ. ئاندىن پادىشاھ بۇ تۆگىلەرگە مىسىر ۋە شامنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ماللىرىنى يۈكلەپ، قايتۇرۇپ ھاتەمگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلچىلەر تۆگىلەرنى نورغۇن ماللار بىلەن ھاتەم قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھاتەم بارلىق تۆگە ئىگىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆز تۆگىسى بىلەن تۆگىدىكى ماللارنى قوشۇپ

بېرىۋېتىپتۇ.
بۇ ئىشلارنىڭ خەۋىرى شام پادىشاھىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شام پادىشاھى ئۆز يېقىنلىرىغا:
— مۇنداق ئاجايىپ مەردلىكنىڭ ئادەمزات قولىدىن كېلىشى بەكمۇ تەس، مەن ھاتەمنىڭ ھەققىدە ساخاۋەت بابىدا تەڭداشسىز كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، — دەپتۇ.

* * *

رۇمنىڭ پادىشاھى ھاتەمنىڭ ساخاۋەت دەبدەبىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى سىناپ بېقىشنىڭ خىيالىغا چۈشۈپتۇ.
پادىشاھ بىر كۈنى ھاتەمنىڭ ئوقتەك تېز چاپىدىغان بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شاھ ۋەزىرنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:
— ھاتەمنىڭ سېخىيلىق نامى ئەجەم دۇنياسىغا پۇر كەتتى. ئۇ ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتتە مەغرىبتىن مەشرىققە قەدەر تونۇلدى. مەن ئۇنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم. كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئېتىنى تەلەپ قىلماقچىمەن، — دەپتۇ.
پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن، لايىق سوۋغا - سالاملارنى قوشۇپ ھاتەم قېشىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر تەي قەبىلىسىگە يېتىپ بارغاندا، ھاۋا سوۋۇپ كېتىپ، قار يېغىپتۇ. ھاتەم ئەلچىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئىستىقبالىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ، ئالىي مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ھاتەم خادىملىرىغا مېھمانلارنىڭ زىياپىتى ئۈچۈن ئات ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. مۇلازىملار ھاتەمگە:
— ئاتلارنىڭ ھەممىسى يايلاقتا، بۇ يەردە پەقەت ھېلىقى تەڭداشسىز ئۇچقۇر ئاتتىن باشقا ئات يوق، — دەپتۇ. ھاتەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ:
— مەيلى، ئاشۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.
مېھمانلار رۇم سۇلتانى تەلەپ قىلغان ئاتنىڭ گۆشىدە مېھمان بوپتۇ. ئاندىن كېيىن ھاتەم مېھمانلارنى ئازادە ئىستىراھەت قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ھاتەم مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆزرە ئېيتقان ھالدا كىرىپتۇ. ئەلچىلەر رۇم سۇلتانىنىڭ خېتىنى ۋە سوۋغاتلىرىنى ھاتەمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ھاتەم پادىشاھنىڭ خېتىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلىپ، ئېچىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش ئىپادىسىدە بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەلچىلەر:
— ئەي ھاتەم، سىز پادىشاھىمىزنىڭ تەلىپىگە مۇنچىۋالا پەرىشانلىق كۆرسەتسىڭىز، بىزنىڭمۇ سىزنى ئارتۇقچە تەڭلىكتە قويۇشقا ئامالىمىز يوق، —

دېيىشىپتۇ.

ھاتەم بۇلارنى ئاڭلاپ:

— يوقسۇ، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، رۇم سۇلتانى مېنىڭدىن بىر ئات تىلەپتۇ. مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا بۇقەدەر كۆپ ئەلچىلەرنى ۋە ئېسىل سوۋغىلارنى ئەۋەتىپتۇ. مېنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن خىزمەتكە لايىق كۆرۈپتۇ. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال. مېنىڭ ھازىرقى پەرىشانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، تۈنۈگۈن سىلەرگە زىياپەت قىلغانلىقىم دىن ئاشۇ ئاتنىڭ گۆشى ئىدى. ئىسىت، ئەھۋالدىن نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق خەۋەر تاپمىدىم. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپسام، پادىشاھنىڭ ئۈمىدىنى زايە قىلماس ئىدىم، خىزمىتىدىن مەھرۇم بولماس ئىدىم، — دەپ مىڭبىر پۇشايمان قىپتۇ.

شۇ ئەھۋال تۈپەيلىدىن رۇم سۇلتانىغا بۇ ئات نېسىپ بولماپتۇ، لېكىن ھاتەم بۇ ئەلچىلەرگە نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ، ھېسابسىز سوۋغا - سالاملار بىلەن قايتۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ سۇلتانغا ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭ ئىنساب - ساخاۋەتتە مىسلىسىز، ئەخلاق - پەزىلەتتە تەڭداشسىز مەرد ئىكەنلىكىگە قايىل بوپتۇ. ئۇنى «سېخىيلىق بابىدا جاھاندا يېگانە ئادەم ئىكەن» دەپ تەرىپلەپتۇ.

دېسە بولغاي ئادەم ئەۋلادى ئارا،
كەلمىدى ئۇنداق سېخىي ئادەم يانا.
ناننى مۇھىم بىلدىلەر بارچە كىشى،
كەتتى ھاتەم بىلەن ساخاۋەت ئىشى.

* * *

يەمەن پادىشاھى ساخاۋەت ۋە ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان پېقىر ۋە موھتاجلارغا داستىخىنىنى كەڭ يايىدىغان مەرد كىشى ئىكەن. بۇ پادىشاھ ئۆز ساخاۋىتىدىن باشقا سۆزنىڭ ئەل ئاغزىدا سۆزلەنمەسلىكىنى، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ يېگانە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. باشقىلارنىڭ بۇ خۇسۇستا مەشھۇر بولۇپ قالماسلىقىنى ئويلايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قېشىدا ھاتەم تىلغا ئېلىنسا، غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ، ھاتەمگە ھاقارەت قىلىشقا باشلايدىكەن، «ھاتەم بولسا مېنىڭ ۋىلايىتىمنىڭ پۇقراسى، ھەتتا ئۇ بىر سەھرالىق. ئۇنىڭدا نە جاھاندارچىلىق مەنسىپى ياكى مولۇكدارلىق مەرتىۋىسى يوق. ئۇ بۇنداق نېسىۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ قولىدىن كىشىلەر ماختاپ مەدھىيەلىگۈدەك قانچىلىك ساخاۋەت كېلىدۇ. ھاتەمنىڭ پەقەت بىر قانچىلا ئات - تۆگىلىرى بار. بۇنىڭ بىلەن قانچىلىك ساخاۋەت ئىشىكىنى ئاچالايدۇ، مەن ھاتەمنىڭ بىر يىللىق ساخاۋىتىنى بىر كۈندە بىر ئادەمگىلا بېرىمەن. ئۇنىڭ يۈز

مېھماندارچىلىقىنى ماڭا كەلگەن بىر مېھماننىڭ ناشتىلىقىغا بېرىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ھاتەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە شەك كەلتۈرىدىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى شۇنداق چوڭ ھەشەم بىلەن بىر زىياپەت قىپتۇ. شاھانە داستىخانلىرىنى كەڭ يېيىپتۇ. پۈتۈن تائاملارنى جەم قىلىپ، تون بويى خەير ـ ساخاۋەت قىپتۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى تۆكۈپتۇ. ياقۇت، مەرۋايىتلارنى بىرسى تۇساتتىن ھاتەمنىڭ ئىسمىنى يادلاپتۇ. بېيىت:

بىرى ھاتەم ئىشنى زىكرى قىلماققا ئېغىز ئاچتى،
سېخىيلىقنى بايان قىلماق بىلەن مەجلىسكە دۇر چاچتى.

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزگە زەردىسى قايناپ، پەرىشان بوپتۇ. ھەسەت قانلىرى تومۇرلىرىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ تىلىدىن ھاتەمنىڭ نامى چۈشمەيدىغان بولدى. ھەممە كىشىنىڭ ئېغىزىدا ھاتەمنىڭ مەدھىيەلىرىدىن باشقا گەپ يوق، ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە نەقەدەر چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ـ ھە؟!» دېگەن ئەندىشىلەر پەيدا بوپتۇ. پادىشاھ شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر چارە قوللىنىپ، ھاتەمنى دۇنيادىن يوق قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. بېيىت:

جاھان سەھنىسىدە مەۋجۇت بولسا ھاتەم،
مېنى ياخشى دېمەسلەر ئەھلى ئالەم.

پادىشاھنىڭ كىشىلىرى ئىچىدە بىر پۇل ئۈچۈن يۈز كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن يانمايدىغان، ئانچىكىم ئىشلار ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىنى رەنج ۋە ئازار تاشلىرى بىلەن سۇندۇرۇپ ئۆتىدىغان بىر مەككار كىشى بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىلتىپاتلار قىپتۇ. يەنە نۇرغۇن ئىنئام ـ مۇكاپاتلارغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق پەرمان بېرىپتۇ:

ــ سەن تېزلىك بىلەن ھاتەم قەبىلىسىگە بارغىن، كۆڭلۈڭگە يەتكەن ھەممە نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغىن، خاتىرەڭ قوبۇل كۆرگەن بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بولسىمۇ، ئۇ ھاتەمنى ھاياتلىق مۈلكىدىن ماماتلىق سارىيىغا يوللىغىن، «ھاتەم» دېگۈچى بارلىق كىشىلەرنى «ماتەم» دېگۈزۈۋەتكىن. ئەگەر شۇ ۋەزىپىنى بېجىرەلىسەڭ، سېنى شاھانە ئىنئاملار بىلەن مۇكاپاتلايمەن.

ئۇ مەككار كىشى شاھنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن، قىن ـ قىنىغا پاتماي، ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ھاتەمنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئاپتۇ. بىر قانچە مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاخىر تەي قەبىلىسىگە يېتىپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ بۇرۇن بۇ يەرنى

كۆرۈپ باقمىغاچقا، ھاتەمنىڭ قورۇسىنى تاپالماي ھەر تەرەپلەرگە دوقۇرۇپ، تېنەپ – تەمتىرەپ يۈرگىنىدە، توساتتىن بىر يىگىت ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ چىرايىدىن خۇش خۇيلۇقى ۋە مېھماندوستلۇقى بىلىنىپ تۇرار ئىكەن. يىگىت ئۇ مەككارنىڭ شۇ مەھەللىگە مۇساپىر ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ شېرىن تىل بىلەن سوراپتۇ:

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ قاياققا بارىسىز؟!

مەككار:

— مەن يەمەندىن كەلدىم، شامغا بارماقچىمەن، — دەپتۇ.

يىگىت:

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىلتىپات قىلىڭ، پېقىر خىزمەتكارلىق سۈپىتىدە شەرەپ نەزىرىڭىزگە ئېلىنغايمەن، ئۆيۈمنىڭ سەھنىسىنى پايى قەدىمىڭىزنىڭ زىننىتى بىلەن يورۇتسىڭىز، مەن جان – دىلىم بىلەن مىننەتدار بولغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

مەككار ئۇ يىگىتنىڭ خۇش خۇيلۇقى، كۆڭۈلچەكلىكىگە مەھلىيا بوپتۇ – دە، يىگىتنىڭ مەنزىلىگە بېرىپتۇ. يىگىت مېھماندارچىلىق رەسمىيەتلىرىنى شۇقەدەر ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈرۈپتۇكى، ئۇ مەككار ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۆمرىدە ئۇ تېخى مۇنداق زىياپەتنى كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىكەن، رەڭمۇ رەڭ نېمەتلەر، خىلمۇخىل تائاملار، تۈرلۈك – تۈمەن شەربەتلەر تەرتىپ بويىچە ئۈزۈلمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. مېھمان بۇ يىگىتنىڭ مۇنچە كاتتا ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن ئۈزۈكسىز ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. زوق – شوخ بىلەن ئاغزى – ئاغزىغا تەگمەي: «بارىكاللا، ئادەمدە پەزىلەت دېگەن مۇشۇنداق بولسا، ئەردە ھىممەت دېگەن مۇشۇنداق بولسا» دەپ ماختاپتۇ. ئۇلار بۇ كېچىنى ئەنە شۇنداق زىياپەت ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا بۇ مېھمان ئۆيدىن ئۆز مەقسىتى تەرەپكە قاراپ يول ئالماقچى بوپتۇ. يىگىت مېھماننىڭ خۇشلىقىنى تەرەددۇتىدىن پەرىشان بولۇپ ئوتلۇق بېيىتلارنى تىلىغا جارى قىپتۇ. بېيىت:

يۈز داغ تۇشتى كۆڭلۈمگە يەتكەچ جۇدالىقىڭ،
ھەي ئېسىت، بولمىسا بوپتىكەن بۇ ئاشنالىقىڭ.

يىگىت ئاندىن تېخىمۇ كۆڭۈل ئىزدىگەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، ئىككى – ئۈچ كۈن بۇ يەردە تۇرساڭ، سۆھبىتىڭنىڭ پەيزى بىلەن مېنى خۇشال قىلساڭ قانداق بولار؟!

مەككار:



www.uyghurkitap.com

— ئەي ئەزىز، شۇنچە كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلدىڭ. ئۆزرە ئېيتىشقا ئاجىزمەن، مېنى كۆپ ھايال قىلمىساڭ، چۈنكى بېشىمدا مۇشكۇل ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشلىرىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلغىن، قولۇمدىن كەلگىنىچە ئۇ ئىشلىرىڭغا ياردەم قىلىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

مەككار ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم دۇچ كەلگەن بۇنداق مەردانە كىشىگە قايىل بوپتۇ. كۆڭلىدە: «مەن مۇنچە چوڭ ئىشقا قەدەم قويۇپتىمەن. يارسىز، مەدەتكارسىز بۇ ئىشىمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تەس. بۇ ھىممەتلىك، تەجرىبىگە باي، سېخىي ۋە مۇساپىرلارنى يۆلەيدىغان يىگىت ئىكەن. شۇڭا ئۇنى بۇ مۇشكۇل ئىشىمدا ھەمراھ قىلسام يامان بولماس» دەپ ئويلاپتۇ.

مەككار ئۇ يىگىتكە ئۆز سىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن يىگىتتىن سىر ساقلاش ھەققىدە نۇرغۇن قەسەم، ۋەدىلەرنى ئاپتۇ. ئاندىن ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇ يەردە ھاتەم ئاتلىق بىر كىشى بار ئىمىش، ساخاۋەت ۋە مەردلىك لاپىلىرىنى ئۇلا ئۇرارمىش، ياخشىلىق، كۆيۈمچانلىق داپىلىرىنى زىيادە چالارمىش، بۇ خەۋەردىن يەمەن پادىشاھىنىڭ كۆڭلىگە ھەسەت ئوتلىرى چۈشۈپ، مېنى ئۆز قەسرىگە چاقىرىپ كېلىپ، ناھايىتى كۆپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى، ھېسابسىز خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئاندىن ئۇ ھاتەمنى ئۆلتۈرۈشكە، بېشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا سوۋغا قىلىشقا پەرمان بەردى. مەن بۇ پەرمان سەۋەبىدىن ۋە تىرىكچىلىكىمنىڭ زۆرۈرىيىدىن ھۆكۈمنى بويىنۇمغا ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. ھازىر مەن يا ھاتەمنى تاپالماي ياكى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. سەن ماڭا بۇنچىۋالا ئىلتىپات كۆرسەتتىڭ، ئەمدى يەنە ماڭا ئاخىرىغىچە ياردەم قىلىپ، ھاتەمنى تېپىشىمغا يار — يۆلەكتە بولساڭ، مەن سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ۋەدىنى ئورۇنداپ، پادىشاھنىڭ بەرمەكچى بولغان ئىنئام ۋە مۇكاپاتلىرىنى ئېلىپ تۇرمۇشۇمنى غەمسىز ئۆتكۈزسەم.

يىگىت بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ.

— ئەي ئەزىز مېھمان، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئەھلى ئايال ۋە خىزمەتكارلىرىم خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن بېشىمنى ئېلىپ يولغا چىقىڭ، شاھىڭىزغا بېشىمنى تۆھپە قىلىپ، شاھ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتلارنى ئېلىڭ.

مەككار شۇ ھامان ئالدىدىكى يىگىتنىڭ دەل ھاتەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ھاتەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ كۆزىنى ئۇنىڭ تاپانلىرىغا سۈرتۈپتۇ. يىغلاپ تۇرۇپ تۈمەن مىڭ ئۆزرىلەرنى ئېيتىپتۇ. ھاتەم ئۇنىڭغا يول جابدۇقلىرىنى تەل قىلىپ بېرىپ، يولغا سېپتۇ. مەككار نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، يەمەن شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىپتۇ — دە، يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ. پادىشاھ ئىنساب يۈزىسىدىن ھاتەمنىڭ مۇنچە سېخىي ۋە مەردلىكىنى ئېتىراپ قىپتۇ. كۆڭلىدە: «ئادەمزات ئىچىدە

مۇنداق كۆكسى - قارنى كەڭ كىشى كەم ئۇچرايدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولسا، ھاتەمنىڭ دەريادەك ساخاۋىتىگە تەڭ كېلەلمىگۇدەكمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

## گالۋاڭ ئەمەسمەن

بىر پسىخولوگ ساراڭلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىگىلىمەكچى بولۇپ، روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپتۇ. بىر كۈنلۈك «تۇرمۇش ئۆگىنىش» تىن كېيىن، پسىخولوگ ناھايىتى كۆپ «بىرىنچى قول ماتېرىيال» لارغا ئىگە بوپتۇ. بىراق قايتىدىن ۋاقتىدا پىكاپىنىڭ چاقىنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنى بايقاپتۇ.

— چوقۇم ئاشۇ ساراڭلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ قىلغان ئىشى، — پسىخولوگ ئىچىدە چاق ئوغرىلىغان ساراڭنى مىڭنى تىللاپ، زاپاس چاقنى ئالماشتۇرۇشقا كىرىشىپتۇ.

ئەپسۇس، چاق ئوغرىسى چاق ۋىنتىلىرىنىمۇ ئوغرىلاپ كەتكەنىدى. ۋىنتا بولمىسا چاقنى ئورناتقىلى بولمايدۇ - دە! پسىخولوگنىڭ بېشى تازا قېتىپ تۇرغاندا، بىر ساراڭ ئۆزىگە - ئۆزىگە سۆزلىگەچ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ساراڭ پسىخولوگنىڭ چاققا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. تازا تىت - تىت بولۇپ تۇرغان پسىخولوگ ساراڭغا گەپ قىلغۇسى كەلمەپتۇ - يۇ، ئەمما ھۆرمەت يۈزىسىدىن بولغان ئىشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ساراڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنىڭ ئامالىم بار، — دەپتۇ. ساراڭ پىكاپىنىڭ ئۈچ چاقىدىن بىردىن ۋىنتا بوشىتىۋېلىپ، پسىخولوگنىڭ بېشىنى قاتۇرغان زاپاس چاقنى ئورنىتىپتۇ. پسىخولوگ ساراڭنىڭ ئەقلىدىن ھەيران قاپتۇ ھەمدە ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— سەن قانداق قىلىپ بۇ ئامالنى ئويلاپ تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساراڭ يەنىلا غەلىتە ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— مەن ساراڭ بولغىنىم بىلەن گالۋاڭ ئەمەستە! — دەپتۇ.

تۇۋا، دۇنيادا ئەجەب قىزىق ئىكەن، سىز باشقىلارنى «ساراڭ» دەپ زاڭلىق قىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ سىزنى «گالۋاڭ» دەپ زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەنسىز.

## بەش سانتىمېتىرلىق سودا پۈرسىتى

كۆلىمى خېلىلا چوڭ بىر شىركەت ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مەلۇم شەھەرنىڭ سودا كوچىسىدا مەخسۇس سېتىش دۇكىنى ئېچىپتۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوخشاش مال ساتىدىغان دۇكانلاردىن بىرنەچچىسى بار ئىكەن، شۇڭا بۇ دۇكان ئېچىلىشى بىلەن خېرىدارسىز قاپتۇ؛ مالمۇ ئوخشاش، باھامۇ ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قوشنا

دۇكانلارنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ، بۇ دۇكان چۆلدەرەپ قاپتۇ. بۇ دۇكاننىڭ دىرېكتورى بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسىگە كەپتۇ: ئىچكىرىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىستېمالچىلىرى كونا ماركىلىق دۇكانلارغىلا ئىشىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇنداق يېڭىپاچە دۇكانلارنى ئېتىراپ قىلىشىغا تېخى خېلى ۋاقىت كېتىدىكەن.

خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، بۇ دۇكان ئەنئەنىۋى مۇكاپاتلىق سېتىش پائالىيىتى يولغا قويۇپتۇ. لېكىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئىستېمالچىلار بۇ دۇكاننى قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان، بىر پاي ئوق ئېتىپ دەرھال ئورنىنى ئالماشتۇرىدىغان پارتىزانسكى دۇكانلار قاتارىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ دۇكان تاقىلىش گىردابىغا كېلىپ قاپتۇ، شۇڭا دۇكاننىڭ باشقۇرغۇچىلىرى بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جەمئىيەتتىن «تەدبىر سېتىۋالماقچى» بوپتۇ. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، دۇكاننىڭ ئالدىدا تازىلىق قىلىدىغان ئايال بىر ىنچى بولۇپ تەدبىر كۆرسەتكىلى كەپتۇ. دۇكاننىڭ باشقۇرغۇچىلىرى كۆز ئالدىدىكى بۇ يەرلىك تازىلىقچىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بوپتۇ، ئۇنىڭ بىرەر ياخشى تەدبىر كۆرسىتەلىشىگە زادىلا ئىشىنەلمەي قاپتۇ. تازىلىقچى ئايالمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر مەن دېگەندەك قىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ماڭا مۇكاپات بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ. بۇ تازىلىقچىنىڭ تەدبىرى ئىنتايىن ئاددىي ئىكەن: دۇكاننىڭ ئالدىدىكى ئادەم ماڭىدىغان يولغا ئىنتايىن چىرايلىق خىش ياتقۇزۇش، ئەمما دۇكاننىڭ ئالدىغا تەۋە يەر يۈزىنى بەش سانتىمېتىر پەس قىلىش ئىكەن. دۇكان خوجايىنلىرى ئۇنىڭ تەكلىپىدىن گۇمان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خەۋپتىن قۇتۇلۇش تىلىكى ئۇلارنى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا مەجبۇرلاپتۇ. پىيادىلەر يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، دۇكاننىڭ ئالدىدا سەزگىلى بولمايدىغان قىيپاشلىق پەيدا بوپتۇ، كىشىلەر بۇ ھالنى سېزىۋالالمايدىكەن، ئەمما ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مېڭىپ – مېڭىپ دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: ھامان كېلىپ قاپتىمەن، كەلگەندىكىن كىرىپ باقمامدىم، دېگەن تۈيغۇ بىلەن دۇكانغا كىرىپتۇ. دۇكانغا كىرگەنلەر بولسا باشقا دۇكاندىكى مالنى بۇ دۇكاندىكى مالغا، باھانى باھاغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ دۇكاندىكى مالنىڭمۇ يامان ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ. 2 – كۈنى، 3 – كۈنىمۇ بۇ «يانتۇ يول» نۇرغۇن ئادەمنى بۇ دۇكانغا باشلاپ كەپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ دۇكاننىڭ تىجارەت سوممىسى تەدرىجىي ئۆرلەپ، باشقا دۇكانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

دۇكان خوجايىنى ھېلىقى تازىلىقچى ئايالنى مۇكاپاتلايدىغان چاغدا، ئۇنىڭدىن بۇنداق چارىنى قانداق ئويلاپ تاپقانلىقىنى سوراپتىكەن، تازىلىقچى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ تارماق يولغا تۇتۇشىدىغان ئېغىزىنىڭ تەدرىجىي پەسىيىپ ماڭغانلىقىغا دىققەت قىلمىغانمۇ؟ ئاڭلىسام، شوپۇرلار تارماق يولغا كىرىش ئۈچۈن رولىنى كۆچەپ ئۇرمىسىمۇ، ئاپتوموبىل ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىۋېرىدىكەن.

ئۇلار تازىلىقچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەيران بولغىنىدىن بۇ چارىنىڭ يادىغا كەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپتۇ. شۇنداق، كىممۇ كۆز ئالدىڭىزدىكى بۇنچىلىك بىلىنمەس ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىدۇ دەيسىز؟ بەلكىم بۇ سودا ساھەسىدىكى تېخى يەكۈنلەپ بولالمىغان قىممەتلىك «سودا تەدبىرى» بولسا كېرەك…

## بايلارنىڭ نەزەر دائىرىسى

ئۈچ يىگىت پۇل تېپىش پۇرسىتى ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر يىراق بىر يېزىغا كەلگەندە ھەم قىزىل، ھەم يوغان، تەممۇ ئىنتايىن ياخشى بىر خىل ئالما سورتىنى بايقاپتۇ. بۇ جاي تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئالاقە ۋە قاتناش قاتارلىقلار تازا تەرەققىي قىلمىغانىكەن، شۇڭا بۇ خىل ئالمىلار ئۆز جايىدىلا سېتىلغاچقا، باھاسى ئىنتايىن ئەرزان ئىكەن.

بىرىنچى، يىگىت دەرھال ھەممىنى ئىلكىگە ئېلىپ، 10 تونىنا ئالمىنى سېتىۋاپتۇ، ئاندىن ئۇنى يۇرتىغا ئاپىرىپ ئالغان باھادىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق يوسۇندا بىر نەچچە قېتىم قاتناپلا، يۇرتىدىكى تۇنجى «10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە»گە ئايلىنىپتۇ.

ئىككىنچى، يىگىت ئۇ خەجلىگەن پۇلنىڭ تەڭ يېرىمىنى خەجلەپ، ئەڭ ياخشى ئالما كۆچىتىدىن 100 تۈپ سېتىۋېلىپ يۇرتىغا ئەكىلىپ تىكىپتۇ. ئەمما ئۈچ يىل كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغان بولسىمۇ، پەقەت پايدا كۆرەلمەپتۇ.

ئۈچىنچى يىگىت بىر باغ ئىگىسىنى ئىزدەپ كېلىپ، ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— مەن ئازراق توپا سېتىۋالماقچى ئىدىم.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ باغنىڭ ئىگىسى كەسكىنلا، — توپىنى سېتىپ بەرسەم، ئالما دەرەخلىرىم قانداق قىلىدۇ؟

— مەن پەقەت ئازراقلا… — دەپتۇ يىگىت يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ، — مۇشۇنچىلىكلا سېتىۋالماقچى، قانچە پۇل بولسا مەيلى.

— بولىدۇ، — دەپتۇ باغنىڭ ئىگىسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىر يۈەن بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

بۇ يىگىت توپىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ، ئاندىن توپىنى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنىغا ئاپىرىپ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ماددىلارنى، نەملىكىنى

ئانالىز قىلدۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۇ بىر قاقاس تاغنى ھۆددىگە ئېلىپ، نەق ئۈچ يىل يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بوپتۇ ۋە ئاشۇ تۇپراقنىڭ تەركىبىگە ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن يەرگە ئالما كۆچىتى تىكىپتۇ.

ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە سىرتقا پۇل تېپىش پۇرسىتى ئىزدەپ چىققان بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ تەقدىرى بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىماي قاپتۇ.

بىرىنچى يىگىت يەنىلا سىرتتىن ئالما يۆتكەپ سېتىش بىلەن پۇل تېپىۋاتىدۇ، ئەمما ئالما ئىشلەپچىقىرىدىغان جاينىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئالاقە ۋە قاتناش ئىشلىرى بەكلا تەرەققىي قىلىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى كۆپىيىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تاپىدىغان پۇلى كۈنسېرى ئازلاپ قاپتۇ. ھەتتا بەزىدە تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق پۇل تاپالمايدىغان ھالغا كېلىپ قاپتۇ.

ئالما كۆچىتى سېتىۋالغان يىگىت ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئالمىلىق بېغىنى بىنا قىلىپ بوپتۇ، ئەمما تۇپراق ئوخشىمىغاچقا، ئالمىنىڭ تەمى ۋە رەڭگى تازا قاملاشماي قاپتۇ، بىراق يەنىلا يىلدا بەلگىلىك پۇلغا ئېگە بولۇپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

توپا سېتىۋالغان ئۈچىنچى يىگىتنىڭ ئالمىلىرى ھەم تەملىك، ھەم يوغان ئىكەن، ھەتتا ھېلىقى جايدىكىدىن زادىلا قېلىشمىغاچقا، ھەر يىلى كۈز كېلىشى بىلەن تەڭ ئالما سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن، باھاسىمۇ خېلىلا يۇقىرى بولغاچقا مىليونېرغا ئايلىنىپ بوپتۇ.

## كىنگورو

بىر كۈنى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى كىنگورولارنىڭ قەپەستىن قېچىپ چىقىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئاز مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن قەپەسنىڭ قورشاۋ تېمىنى 10 مېتىردىن 20 مېتىرغا كۆتۈرۈشنى قارار قىپتۇ. ئەمما ئىككىنچى كۈنى كىنگورولار يەنە قېچىپ چىقىۋاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن قورشاۋ تامنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتىرغا ئۆرلەپتۇ. بىراق ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتمەيلا كىنگورولار يەنە سىرتقا چىقىۋاپتۇ، بۇ ھالدىن باشقۇرغۇچىلار تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، قورشاۋ تامنى 100 مېتىرغا يەتكۈزۈپتۇ.

بۇ چاغدا زىراپە بىلەن كىنگورو پاراڭغا چۈشۈپتۇ، زىراپەت سوراپتۇ:

ــ قاراڭلار، ئىنسانلار سىلەرنىڭ قورشاۋ تېمىڭلارنى داۋاملىق ئېگىزلىتىۋەتتى. ئۇلار يەنە ئېگىزلىتىۋېتەرمۇ؟

ــ ھەيتاڭ، ــ دەپتۇ كىنگورو، ــ ئەگەر ئىشىكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالسا، قورشاۋ تامنى داۋاملىق ئېگىزلىتىدۇ...

***ھېكمەت:***

***ئىشنىڭ «ئاساسى بىلەن نەتىجىسى»، «بېشى بىلەن ئېغىرى»، «جىددىيسى بىلەن نورماللىرى» بار. ئىشتىكى تاقاش ئاساس، قورشاۋ تاشقى ئىگىلىنىش نەتىجە؛ ئەگەر ئاساس نەزەرىيەگە چۈشمىسە، ئەخمىقانە نەتىجە بەرمەي قالمايدۇ. باشقۇرۇش دېگەن نېمە؟ باشقۇرۇش دېگىنىمىز ــ ئىشنىڭ «ئاساسى بىلەن نەتىجىسى» نى، «بېشى بىلەن ئېغىرىنى»، «جىددىيسى بىلەن نورماللىرىنى» ئېنىق ئايرىش دېگەنلىك.***

## بيەن چۆ تېبابەتچىلىك تېخنىكىسى

ۋېي بەگلىكىنىڭ پادىشاھى مەشھۇر تېۋىپ بيەن چۆدىن سوراپتۇ:

ــ ئائىلەڭلەردىكى ئۈچ قېرىنداش ھەممىڭلار تېبابەتچىلىككە ماھىر، ئەمما زادى قايسىڭلارنىڭ تېخنىكىسى ئەڭ ياخشى؟

ــ چوڭ ئاكامنىڭ تېخنىكىسى ئەڭ ياخشى، ئىككىنچى ئاكام ئۇنىڭدىن كېيىنرەك تۇرىدۇ، مانا مەن ئەڭ ناچىرى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن، پادىشاھ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

ــ ئەمىسە نېمىشقا سىنىڭ نامىڭلا چىقتى؟

ــ چوڭ ئاكام كېسەل داۋالايدۇ، يەنى كېسەلنى قوزغىلىشتىن بۇرۇنلا داۋالاپ ساقايتىدۇ، ــ دەپتۇ بيەن چۆ، ــ نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ كېسەلنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ نامى چىقمىغان، ئۇنىڭ تېبابەتچىلىكتە ۋايىغا يەتكەنلىكىنى پەقەت بىزلا بىلىمىز. ئىككىنچى ئاكامۇ كېسەل داۋالايدۇ، يەنى كېسەل قوزغالغان دەسلەپكى باسقۇچتا كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىدۇ. ئەمما كىشىلەر ئۇنى يېنىك ۋە ئۇششاق كېسەللەرنى داۋالايدۇ، دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ نامىنى بىلىدىغانلار پەقەت يېزىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ئەمما كېسەللەرنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشقان چاغدا ئۇلارنى ئۆلۈم گىردابىدىن قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشىمەن. كىشىلەر مېنىڭ چوڭ تومۇرغا يىڭنە سانجىپ قان چىقارغىنىمنى، تېرە ئاستىغا دورا قويۇپ كېسەلنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۆرە قىلغىنىمنى كۆرۈشىدۇ، شۇڭا مېنى تېبابەتچىلىك ماھارىتى ئۈستۈن، دەپ قارايدۇ، بۇ ھال نامىمنى پۈتكۈل مەملىكەتكە تارقاتقان.

ــ نېمىدېگەن دانا جاۋاب بۇ، مەن چۈشەندىم، ــ دەپتۇ ۋېي پادىشاھى.

***ھېكمەت:***

***ئىشنى يۈز بەرگەندىن كېيىن كونترول قىلىش ئىش يۈز بېرىشكە باشلىغاندا كونترول قىلغانغا يەتمەيدۇ، ئىشنى يۈز بېرىشكە باشلىغاندا كونترول قىلىش يۈز بەرمەكچى بولغان ئىشنى ئالدىن كونترول قىلىۋالغانغا يەتمەيدۇ. ئەپسۇس، سودا ساھەسىدە قېقىلىپ ــ سوقۇلۇپ يۈرگەن نۇرغۇن ئادەم بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمىگەن، شۇڭا ئۇلار خاتالىق يۈز بېرىپ نۇرغۇن مال ــ مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئالدىرايدۇ.***

*بەزىدە قويىنى ئۆلتۈرۈپ، كالىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇشىدۇ، بەزىدە شۇنداق قىلىشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەيدۇ.*

## ئۆلۈكتىلا ئۈمىد بولمايدۇ

ناھايىتى باي بىر ئادەم بولغانىكەن، ئۇ دائىم ئۆزىگە ئەجەل يەتكەندە مال ـ مۈلكىنىڭ ئەسقاتماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. بۇنى بىلگەن باينىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭغا ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى، ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرى ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەربىيە بېرىپتۇ. باي بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ باشقىلارغا ئاز ـ تولا ئىللىقلىق يەتكۈزمەكچى بوپتۇ ۋە پەقەت تۇرمۇشتىن ئۈمىدىنى تولۇق ئۈزگەن كىشىلەرگىلا ياردەم قىلىشنى قارار قىپتۇ.

بىر كۈنى باي ئەخلەت دۆۋىسىدە ئولتۇرغان كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بىر ئادەمنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «بۇ ئادەم چوقۇم تۇرمۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمگە 100 سەر كۈمۈش بېرىپتۇ. ئەمما باينىڭ سېخىيلىقىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئۇ ئادەم بايغا:

ــ نېمىشقا شەھەردىكى شۇنچە كۆپ نامرات ئادەمنىڭ ئارىسىدىن پەقەت ماڭىلا بۇنچە كۆپ پۇلنى بېرىۋېتىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ. باي تۇرمۇشتىن پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئادەمگىلا ياردەم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتىكەن، ئۇ نامرات 100 سەر كۈمۈشنى بايغا دەرھال قايتۇرۇپ بېرىپ دەپتۇ:

ــ سىزنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ سەدىقىڭىز سىزنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىڭىزدىن ئەمەسكەن، مەن گەرچە قەلەندەر بولساممۇ، تۇرمۇشقا ئۈمىدۋارمەن، بۇنداق سەدىقە ماڭا ھاقارەت. پەقەت ئۆلگەن ئادەملا تۇرمۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ. شۇڭا سىز ئۆلۈكلەرگىلا سەدىقە بەرسىڭىز بولىدىكەن!

ــ باي سېخىيلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئەندىشىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ساخاۋەتلىك ئىش قىلماقچى بولغان. دېمەك، باينىڭ ئەندىشىسى ئۇنىڭ شەخسىيەتسىز ھالدا ھەقىقىي ساخاۋەتلىك ئىشنى قىلىشىغا توسالغۇ بولغان، باي باشقىلارنىڭ ئۈمىدلىك ياكى ئۈمىدسىز ئىكەنلىكىنى ئايرىماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق تۇرمۇشتىن پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئادەمنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن. چۈنكى ئۇ باي «تۇرمۇشقا باغلانغان ئۈمىدنى ئادەمنىڭ ئىچكى ـ دۇنياسىدىن ئەمەس، بەلكى مال ـ مۈلۈكتىن كېلىدۇ» دەپ قارىغان.

## زالىم پادىشاھ

بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. خەلق ئۇنىڭغا تولىمۇ ئۆچ ئىكەن.

تومۇز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ دەريا بويىدا سەيلە قىلىۋېتىپ سۇغا چۆمۈلگۈسى كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەسلىي سۇ ئۈزۈشكە ماھىر بولسىمۇ، لېكىن سۇغا كىرىش بىلەنلا ياخشى ئۈزەلمەي چۆكۈپ كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە دەريا بويىدىكى ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋاتقان ئىككى دېھقان كېلىپ ئۇنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلار پادىشاھنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋالغىنى زالىم پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلىشىپتۇ. پادىشاھ خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇ ئىككى دېھقانغا:

— سىلەر مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرغان شەپقەتچىم، سىلەرگە نېمە كېرەك؟ نېمە كېرەك بولسا بېرىشكە تامامەن رازىمەن، — دەپتۇ. بىرىنچى دېھقان:

— ئوغلۇمنىڭ يۇتى ئۆتكەن يىلى سۇنۇپ كەتكەن، ئۇبدان دوختۇردىن بىرنى تېپىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىرىنچى دېھقاننىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ ۋە يەنە بىر دېھقانغا قاراپ:

— سېنىڭ نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى دېھقان تولىمۇ ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن پادىشاھقا قاراپ:

— سىلى ماڭا ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى قىلىپ بېرەلەمدىلا؟ — دەپتۇ.

— نېمە ئىش؟ — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ئۇ چوقۇم كۆپ پۇل ياكى ئوغلىغا خىزمەت ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا كېرەك، — دەپ ئويلاپتۇ.

ھېلىقى دېھقان ئەتراپىغا ئوبدان قارىۋېتىپ:

— مېنىڭ سىلىنى قۇتقۇزغانلىقىمنى ئىنسى - جىنغا تىنمىسىلا، — دەپتۇ زالىم پادىشاھقا قاراپ.

## «ئىككى قۇرۇق تاغار» ھەققىدە

مۇنداق «ئىككى قۇرۇق تاغار» بولغان ئىكەن. ئۇلار ئۆرە تۇرۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ، بىر دانىشمەندىن مەسلىھەت سوراپتۇ. دانىشمەن قۇرۇق تاغارلارنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ: ئۇلارغا ئۆرە تۇرۇش ئۈچۈن ئىككى خىل ئەپچىل چارە بار: بىرى، قۇرۇق تاغارنىڭ ئىچىگە مالنى بولۇشىغا قاچىلاش، يەنە بىرى، بىراۋنىڭ قۇرۇق تاغارنى ياخشى كۆرۈپ قىلىپ يۆلەپ قويۇشىغا ئېھتىياجلىق، دەپ يول كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇق تاغار A بىرىنچى خىلدىكى ئۇسۇلنى تاللاپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ جاپالىق ئىشلەپ، ئۆز ئەجرىنى قۇرۇق تاغارغا قاچىلاشقا باشلاپتۇ. ئايلار قاتلىنىپ، يىللار ئاتلىنىپ «تاما - تاما كۆل بولار، قۇم يىغىلىپ تاغ بولار» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمەپتۇ، ئاخىر كېكىردىكى بىلەن مالغا توشقاندا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ

ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ.

قورۇق تاغار «ئۇجمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دېگەندەك، ھەممە نەرسە يوز يىل ياشامدۇ؟ جاپا چېكىشكىلا توغۇلغانمۇ؟ دەپ ئويلاپ، بىراۋنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ يۆلەپ قويۇشىنى كۇتۇپ، بەخىرامان ئۆز جايىدا ئەسكى پالازدەك سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. ئۇ يېتىپتۇ، يېتىپتۇ، ياتقاندىمۇ ئۇزاق يېتىپتۇ، خۇددى دۆئانىلەردەك كۆزىنى ئادەملەردىن ئۇزمەي يېتىپتۇ. ئاخىر بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قورۇق تاغارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ: بۇ كۆڭلى يۇمشاق سېخىي ئادەم مېنى يۆلەپ قويىدىغان بولدى، دەپ «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ»، خۇددى «ئالتۇن تېپىۋالغاندەك» خۇش بولۇپ، تەقەززالىق بىلەن ھېلىقى ئادەمگە قاراپتۇ. ھېلىقى ئادەم پۇتى بىلەن تاغارنى ئۇيان ـ بۇيان تېپىپ باققان ئىكەن، تاغارنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، ئەسكى پايتىمىنى تەپكەندەك تېپىپ، دەسسىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

## ئالتۇن بولغان بولسام

ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن ئەقىللىق كىشى دەپ ھېسابلاپ يۈرىدىغان ئادەم ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ: يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ۋە رەھبەرلەرنىڭ كۆزى قارىغۇ، مېنى پەقەتلا مۇھىم ئورۇنغا قويمىدى، دەپ ئويلاپ قاتتىق ئازابلىنىپ، بىر كۈنى دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ: مەن نېمانداق شورپېشانە؟ تەقدىر نېمە ئۈچۈن مېنى بۇنداق ئازابلايدۇ؟ كەشنىڭ سوڭىغا دەسسەپ، پايتىمىسىنى سۆرەپ يۈرگەن تەخسىكەشلەر ئۆسۈپ كەتتى، مەن نېمە ئۈچۈن ئۆسەلمەيمەن؟ دەپ سوراپتۇ. دانىشمەن بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، يېنىدا تۇرغان بىر كىچىككىنە تاشنى ئېلىپ بىر دۆۋە تاشنىڭ ئارىسىغا تاشلىۋېتىپ: سەن بېرىپ مەن هازىر تاشلىۋەتكەن تاشنى تېپىپ كەل دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئادەم تاشلار ئىچىدىن دانىشمەن تاشلىۋەتكەن تاشنى ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، زادىلا تاپالماي خۇددى «ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك» سالپىيىپ قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دانىشمەن قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ تاشلارنىڭ ئىچىگە تاشلىۋېتىپ، ئەمدى ئۈزۈكنى تېپىپ كەل، دەپ بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم تاشلار ئىچىدىن يالتىراپ تۇرىدىغان ئۈزۈكنى ئاسانلا تېپىۋېلىپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ خۇددى «جەڭدىن قايتقان غالىبلاردەك» قايتىپ كەپتۇ. دانىشمەنمۇ بۇ كىشىگە: «ئادەم ئۆز قىممىتىنى يېمىسە يەر يۇتىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى ھەدىيە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ئۆزىنى مەن هازىرچە تېخى بىر تاش ئىكەنمەن، ئەگەردە ئالتۇن بولغان بولسام تاشلار ئىچىدە پارقىراپ تۇرار ئىكەنمەن، دەپ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆسەلمىگەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىپتۇ.

## ئەينەك

بىر ئادەم يېڭى بىر جايغا كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر مويسىپىتتىن: «بوۋا، سىزنىڭچە بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئاسان چىقىشالىلى بولامدۇ؟» دەپ سوراپتىكەن. مويسىپىت ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئىلگىرىكى قوشنىلىرىڭىز بىلەن ئاسان چىقىشالامتىڭىز؟» دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ. يېڭى كۆچۈپ كەلگەن ئادەم: «ئۇلارنىڭ ئۇساللىقىدىن ئۇلار بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتىم» دەپتۇ. «ئۇنداق بولسا بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىلەنمۇ چىقىشالمايدىكەنسىز» دەپتۇ مويسىپىت. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم باشقا بىر جايغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ مويسىپىتتىن ئالدىنقى ئادەمگە ئوخشاش سوئال سوراپتۇ، مويسىپىتمۇ ئالدىنقى قېتىمقىدەك قايتۇرۇپ سوئال سوراپتىكەن. ھېلىقى ئادەم: «بۇرۇنقى قوشنىلىرىم ناھايىتى دوستانە ئىدى، مەن ئۇلارنى ھېلىھەم ياد ئېتىپ تۇرىمەن» دەپتۇ. مويسىپىت: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىلەنمۇ ناھايىتى ئاسان چىقىشالايدىكەنسىز» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ ھەمدە تېزلا جامائەتچىلىككە قوشۇلۇپ كېتىپتۇ.

بۇ ھېكايىدىن ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرگە قانداق قاراشتا بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## ئەگەر ئۈمىد ۋە ئىنتىلىش بولمىسا...

بىر ئاغرىق سەكراتتا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قايغۇ ـ ھەسرەت بېسىپتۇ. لېكىن دوختۇر ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتمەپتۇ، ئۇ ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئاغرىقتىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، بىرەر نەرسە يېگۈڭىز بارمۇ؟ ئاغرىق بېشىنى چايقاپتۇ.

— ئەپەندى، ئۇنداقتا قىزىقىدىغان بىر نەرسىڭىز بارمۇ؟ دوختۇر ئۇنى روھىي جەھەتتىن داۋالاپ باقماقچى بوپتۇ. ئاغرىق يەنىلا بېشىنى چايقاپتۇ.

— ئۇنداقتا قارتا ئويناش، ھاراق ـ پاراق ئىچىش، ھەتتا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىش دېگەنلەرگىمۇ ھەۋىسىڭىز يوقمۇ؟ — دوختۇر داۋاملىق سوراپتۇ:

بۇ قېتىم ئاغرىق تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەۋىسىم يوق.

دوختۇر داۋاملىق سورىماقچى بوپتىكەن، ئائىلىسىدىكىلەر ئالدىراپ گەپ قىستۇرۇپتۇ:

— دوختۇر، بولدى ئاۋارە بولماڭ، ساق ۋاقتىدا ھېچقانداق ھەۋىسى يوق ئادەمدىن

بۇنداق ئەھۋالدا تېخىمۇ بىر نەرسە كۆتكىلى بولمايدۇ. دوختۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئېچىنىپتۇ ۋە ئېغىر تىنىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئاغرىقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، دوختۇرنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ سوراپتۇ:

— دوختۇر، ئەھۋال چاتاقمۇ - قانداق؟ دوختۇر:

— مەن بۇنداق ئاغرىقلارنى داۋالىغان، ھەر قېتىم پۈتۈن كۈچۈمنى چىقارغان، لېكىن بۇ ئاغرىقتىن ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي ئۈزدۈم، چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن قالغان ئادەم ئىكەن. بۇنداق ئادەملەردە تۇرمۇشقا نىسبەتەن ھېچقانداق تارتىش بولمايدۇ. ئادەم روھ بىلەن گۆشنىڭ بىرىكىشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسى بىرى كەم بولسا، ئۇ مۇكەممەل ھاياتلىق بولمايدۇ. ئادەمنىڭ روھىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن سۆيۈش، ئىنتىلىش ۋە ئارزۇ - ئارمانغا موھتاج. شۇنداق بولغاندىلا كىشىلىك ھاياتتا بەخت ۋە ئۈمىد دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. نىشان ۋە يۆنىلىشى بولمىغان كىمە شەكسىزكى «ھالاكەت» كېمىسى بولىدۇ. ئادەمنىڭ روھىدا ئۈمىد ۋە ئىنتىلىش دېگەندەك نەرسىلەر بولمىسا، ئۇمۇ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەختتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

## بېلىق قىلتىرىقىدىن ياسالغان چاشقان

خېلى زامانلار ئىلگىرى كامالەتكە يەتكەن ئىككى ياغاچچى ئۆتكەن بولۇپ، قايسىسىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايدىكەن. بىر كۈنى پادشاھ: بۇ ئىككى ياغاچچىنى مۇسابىقىلەشتۇرۇپ، يەڭگۈچىنى «خاندانلىق بويىچە ئەڭ ئۇستا ياغاچچى» دەپ جاكارلىماقچى بولۇپ، ئۇلارغا:

— قېنى قايسىڭلار ئۈچ كۈن ئىچىدە راست چاشقانغا ئوخشاش چاشقان ياساپ چىقالايسىلەر، — دەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار ياسىغان «چاشقان» لىرىنى پادشاھقا كۆرسىتىپتۇ. باھالىغۇچىلارمۇ تەق بوپتۇ.

بىر ياغاچچى «چاشقان» نى ھەقىقەتەن راست چاشقاندەكلا ياساپتۇ. ئەمما يەنە بىر ياغاچچى ياسىغان «چاشقان» پەقەت يىراقتىن قارىسىلا چاشقانغا ئازراق ئوخشايدىكەن. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە پادشاھ بىردەك ئالدىنقى ياغاچچىنى ئۇتۇپ چىقتى، دەپ قارىشىپتۇ. بىراق كېيىنكىسى «بۇ قارار ئادىل بولمىدى» دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ ۋە:

— ياسالغان چاشقاننىڭ راست چاشقانغا ئوخشىغان ياكى ئوخشىمىغانلىقىنى مۈشۈك بەلگىلىسۇن، چۈنكى چاشقاننى پەرق ئېتىشتە مۈشۈكنىڭ كۆزى ئادەملەرنىڭكىدىن ئۆتكۈر، — دەپتۇ. پادشاھمۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن بۇنى ئايرىغۇچى

www.uyghurkitap.com

مۈشۈكلەر قويۇپ بېرىلىشى ھامان، ھېچنېمىگە قارىماي ھېلىقى چاشقانغا ئانچە ئوخشاش كەتمەيدىغان، كۆرۈمسىز «چاشقان» غا ئېتىلىپتۇ... ئەمما مۈشۈكلەرنىڭ ھېلىقى قاملاشقان «چاشقان» بىلەن كارى بولماپتۇ. بۇنداق ھەقىقەت ئالدىدا پادىشاھ «خاندانلىق بويىچە بىرىنچى» دېگەن نامنى «چاشقان» ى قاملاشمىغان ياغاچچىغا بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ، بۇ ئىشتىن كېيىن پادىشاھ مۇسابىقىدە ئۇتقان ياغاچچىدىن:

— سەن قانداق قىلىپ مۈشۈكنى ئۆزۈڭ ياسىغان «چاشقان» نىڭ راستىن ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ياغاچچى:

— بۇ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي، مەن پەقەت «چاشقان» نى بېلىق قىلتىرىقىدىن پايدىلىنىپ ياساپ چىقتىم، مۈشۈك ئۇنىڭ چاشقانغا ئوخشىغان ياكى ئوخشىمىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھىدى ۋە پۇرىقىغا دىققەت قىلىدۇ، — دەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە ھاياتلىق رىقابەتتىمۇ مانا مۈشۈكنىڭغا ئوخشاش، دېمەك غەلىبە قازانغۇچىلاردىن ھەممىسىنىڭ ماھارىتى ئەڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

## تاللاش

بىر كەنتتە ناھايىتى ئەقىللىق بىر بوۋاي بولۇپ، كەنتتىكىلەر قانداق قىيىن مەسىلىگە يولۇقسا، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىكەن.

ئەقىللىق، شوخ بىر بالا ئۇنى قەستەن سىناپ باقماقچى بوپتۇ - دە، قولىدا بىر تىرىك قۇشقاچنى سىقىمدىغىنىچە بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ:

— بوۋا ئاڭلىسام، سىز ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنسىز، لېكىن مېنىڭ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئەگەر سىز قولۇمدىكى قۇشقاچنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى تېپىپ بەرسىڭىز، مەن سىزنىڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزگە ئاندىن ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي بالىنىڭ ھەييارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قورسىقىدا ھىيلە بارلىقىنى، ئەگەر «تىرىك» دەپ جاۋاب بەرسە، بالىنىڭ قۇشقاچنى چاندۇرمايلا سىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى، «ئۆلۈك» دەپ جاۋاب بەرسە، بالىنىڭ ئالقىنىنى ئېچىپ قۇشقاچنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى پەملەپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: بۇ قۇشقاچنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلۈكى پۈتۈنلەي ساڭىلا باغلىق ئوغلۇم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئەتىۋارلىق كىچىك خانىش ۋە باغ

يىراق قەدىمكى ھىندىستاندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ دۆلىتى كەڭ ھەم قۇدرەتلىك ئىكەن. پادىشاھ ھۆسن - جامالدا پەرىشتىدىن قېلىشمايدىغان بىر قىزنى

كىچىك خانىشلىقتا ئاپتۇ، ئىككىسى مېھىر ـ مۇھەببەتلىك، ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈپتۇ. لېكىن بەختلىك كۈنلەر ئۇزۇنغا بارماپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، كىچىك خانىش ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ ماھىر تېۋىپلارمۇ ئۇنىڭ كېسىلى ئالدىدا ئامالسىز قاپتۇ. كىچىك خانىش ئاخىر ئۇ دۇنيانىڭ گۈلىستانىغا سەپەر قىپتۇ.

قاتتىق قايغۇغا چۆمگەن پادىشاھ كىچىك خانىش ئۈچۈن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئەڭ ياخشى ياغاچ تاپقۇزۇپ كېلىپ، ئەڭ ماھىر ياغاچچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، كىچىك خانىشقا مېيىت ساندۇقى ياساتقۇزۇپتۇ. پادىشاھ ئامراق كىچىك خانىشنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، مېيىت ساندۇقىنى ئوردىنىڭ يېنىدىكى سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپتۇ. پادىشاھ ۋاقىت بولسىلا سارايغا كىرىپ كىچىك خانىشنىڭ مېيىتىغا ھەمراھ بولىدىكەن، ئۆتكەن گۈزەل چاغلارنى ئەسلەيدىكەن. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھقا سارايىنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرە كىچىك خانىشنىڭ تەڭداشسىز ھۆسن ـ جامالىغا ماس كەلمىگەندەك تۇيۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ساراي ئەتراپىغا بىر باغ بىنا قىلىش ئۈچۈن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەڭ ئەتىۋارلىق گۈل ـ گىياھلارنى كۆچۈرتۈپ كەپتۇ. لېكىن باغ پۈتكەندىن كېيىن يەنە نېمىدۇر كەمدەك ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، سۇ باشلىتىپ كېلىپ، ئاجايىپ كۆركەم بىر كۆل بىنا قىلغۇزۇپتۇ. كۆل پۈتكەندىن كېيىن ھەرخىل راۋاقلارنى ياساتقۇزۇپتۇ. كېيىن يەنە ئالدىنقى قاتاردىكى ھەيكەلتىراشلارنى تەكلىپ قىلىپ، خىلمۇخىل ھەيكەللەرنى ياساتقۇزۇپتۇ… قىسقىسى، پادىشاھ بۇ باغدىن زادىلا قانائەت ھاسىل قىلمايدىكەن، توختىماي كېڭەيتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندىمۇ، ئۇ بۇ گۈزەل باغنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرىدىكەن. بىر كۈنى، پادىشاھنىڭ كۆزى كىچىك خانىشنىڭ مېيىت ساندۇقىغا چۈشۈپ قاپتۇ، مۇنداق گۈزەل باغقا مېيىت ساندۇقى پەقەتلا ياراشمىغاندەك بىلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قولىنى پۇلاڭلىتىپ: «ئۇنى ئاچىقىۋېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

مانا بۇ ۋاقىتنىڭ كارامىتى. ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ!

## پۇرسەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ

بىر نەچچە ئوقۇغۇچى سوقراتتىن ۋاقىتنىڭ ھەقىقىتى توغرىسىدا سوئال سوراپ قالدى. سوقرات ئۇلارنى بىر مېۋىلىك باغقا باشلاپ كىردى.

— ھەربىرىڭلار بىر قاتار مېۋىلىك دەرەخنى بويلاپ بۇ باشتىن ئۇ باشقا چىقىڭلار، — دېدى سوقرات ئوقۇغۇچىلارغا، — ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئەڭ چوڭ، ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان مېۋىدىن بىرنى ئۈزۈڭلار، كەينىڭلارغا قايتىشىڭلارغا، ئىككىنچى قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاللىنىشلارغا بولمايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار باغنى ئارىلاپ ماڭدى. ئۇلار مېۋىلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ ماڭدى. ئۇلار باغنىڭ ئۇ بېشىغا چىققاندا، سوقرات ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— ئۆزۈڭلار رازى بولغۇدەك مېۋە تاللىيالىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى سوقرات.

— ئۇستاز، ماڭا يەنە بىر قېتىم تاللاش پۇرسىتى بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى بىر ئوقۇغۇچى ئۆتۈنۈپ، — مەن باشتا ناھايىتى چوڭ ھەم ناھايىتى ياخشى بىر مېۋىنى كۆرگەنىدىم، لېكىن مەن تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ياخشىسى ئۇچراپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئالدىغا مېڭىۋېرىپتىمەن، بۇ باشقا چىققاندا ئويلاپ باقسام، — بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقان مېۋە ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ ياخشى ئىكەن.

باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ يەنە بىر قېتىم تاللاش پۇرسىتى بېرىشنى ئۆتۈندى.

— بالىلىرىم، — دېدى سوقرات بېشىنى چايقاپ، — ئىككىنچى قېتىم تاللاش پۇرسىتى بولمايدۇ، ھايات دېگەن ئەنە شۇ.

ئىككىنچى قېتىم تاللاش پۇرسىتى بولمايدۇ، مانا بۇ ھايات ھەقىقەتلىرىدىن بىرى. سىز ئۇچۇن باشقىدىن كېلىش ئىمكانىيىتى يوق، ھەممە نەرسىنى ئەسلىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن بىردىنبىر تاللاش يولى، باشقا يول يوق.

## سولومونىنىڭ چۈشى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلۇغ سولومون پادشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئەۋلىيا ئۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ قىپتۇ، بۇ گەپ ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن ئەقىل - پاراستىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئاساسلىقى، خۇشال بولغاندا ئۆزۈڭنى بىلمەي قالما، ئازابلانغاندا ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما، تىرىشچانلىق، ئىجتىھاتچانلىقنى باشتىن - ئاخىر ساقلا، دېگەن مەنىدە ئىكەن. لېكىن پادشاھ ئويغانغاندىن كېيىن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇ گەپنى ئېسىگە ئالالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئەقىللىق ھېسابلايدىغان ۋەزىرلىرىدىن بىر نەچچىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇلاردىن چۈشىدە ئاڭلىغان سۆزنى ئويلاپ تېپىشنى تەلەپ قىپتۇ، ئاندىن چوڭ بىر ئالماس ئۈزۈكنى چىقىرىپ:

— ئەگەر ئۇ گەپنى ئويلاپ تاپالىساڭلار، ئۇنى مۇشۇ ئۈزۈكنىڭ يۈزىگە نەقىشلەپ قويۇڭلار، مەن بۇ ئۈزۈكنى ھەر كۈنى قولۇمغا تاقاپ يۈرىمەن، — دەپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر نەچچە ۋەزىر ئۈزۈكنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئاددىيلا بىر جۈملە گەپ نەقىشلەنگەنىكەن: «ھەتتا مۇشۇمۇ قولدىن چىقىپ كېتىدۇ.»

## سائەت ھەققىدە ھېكايە

يېڭى قۇراشتۇرۇلغان بىر كىچىك سائەت كونا ئىككى سائەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويۇلدى. كونا ئىككى سائەت «چىك، چىك، چىك» قىلىپ، مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ توختىماي ماڭاتتى. كونا سائەتلەردىن بىرى كىچىك سائەتكە:

ــ قېنى، سەنمۇ خىزمىتىڭنى باشلىغىن، لېكىن سېنىڭ 32 مىليون قېتىم چىكىلداشقا بەرداشلىق بېرىش ـ بېرەلمەسلىكىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرىمەن، ــ دېدى.

ــ ۋاي خۇدايىم! 32 مىليون قېتىم دەمسەن! ــ كىچىك سائەت چۆچۈپ كەتتى، ــ مېنىڭ ۋەزىپەم شۇنچىلىك ئېغىرمۇ؟ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەكمەن، ھەرگىز چىقالمىغۇدەكمەن.

ــ ئۇنىڭ جۆيلۇشلىرىگە قۇلاق سالما، ــ دېدى كونا سائەتلەرنىڭ يەنە بىرى، ــ سەن ھەر سېكۇنتتا بىر قېتىم «چىك» قىلىپ قويساڭلا ئىش پۈتىدۇ.

ــ جاھاندا نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، ــ دېدى كىچىكى تازا ئىشەنمەي، ــ ئەگەر راستىلا شۇنداق بولسا، قېنى مەن سىناپ باقاي.

كىچىك سائەت زورۇقمايلا ھەر سېكۇنتتا بىر قېتىم «چىك» قىلىپ قويۇپ يۈرۈۋەردى، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، دەرۋەقە، ئۇ 32 مىليون قېتىم چىكىلداش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولدى.

## يىراقتا كۆرۈنگەن ئاشۇ چىراغ نۇرى

بىر كېمە دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپتۇ، كېمە دەھشەتلىك دولقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي چۆكۈپ كېتىپتۇ، كېمىدىكى ئادەملەر ئاساسەن ھالاك بوپتۇ. كېمىدىكى بىر ئادەم بىر قۇتۇلدۇرۇش كاتېرىغا چىقىۋالغاچقا، بەختلىك ھالدا بۇ ھالاكەتتىن ئامان قاپتۇ. ئۇ چىقىۋالغان كاتېر دېڭىز دولقۇنىدا خۇددى پوپۇرماقتەك بىردە ئۇياققا، بىردە بۇياققا ئېقىپ لەيلەپ يۈرۈپتۇ. ئۇ ئادەم نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەپتۇ، قۇتۇلدۇرغۇچىلارمۇ ئۇنى تاپالماپتۇ. ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ، ئاچلىق، سوغۇق ۋە ۋەھىمە ئۇنى ئورىۋاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭدا كاتېردىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىكەن، ئۇ چەكسىز ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.

ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇيۇققا قاراپتۇ، تۇيۇقسىز يىراقتا غۇۋا چىراغ نۇرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ ۋە ئاشۇ چىراغ تەرەپكە قاراپ كۈچ بىلەن ئىلگىرىلەپتۇ. لېكىن ئۇ چىراغ ناھايىتىمۇ يىراقتا بولسا كېرەك، تاڭ يورۇغىچە مېڭىپمۇ ئۇ يەرگە يېتەلمەپتۇ. ئۇ ھەر قانچە تەسكە توختىسىمۇ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىپتۇ. كۆڭلىدە بولسا، ئۇ يەردە چىراغ يورۇقى بار ئىكەن، چوقۇم يا بىرەر

شەھەر، يا بىرەر پورت بار دەپ ئويلاپتۇ. ھاياتلىق ئۈمىدى ئۇنىڭ يۈرىكىدە يالقۇنجاپتۇ. ئۇ چىراغ يورۇقى كۈندۈزى كۆرۈنمەيدىكەن، پەقەت كېچىدىلا ۋال ــ ۋۇل چاقناپ، خۇددى ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاچلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھارغىنلىق ئۇنى ئۆلگۈدەك قىيناشقا باشلاپتۇ. ئۇ نەچچە قېتىملاپ ئۆزىنى تۈگەشتىم دەپمۇ ئويلاپتۇ، لېكىن يىراقتىكى ئاشۇ چىراغ نۇرىنى ئويلىسىلا ۋۇجۇدىغا بىر مۇنچە كۈچ قوشۇلىدىكەن. تۆتىنچى كۈنى، ئۇ يەنىلا ئاشۇ چىراغ تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئاخىر بىر چاغدا ھوشىدىن كېتىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئاشۇ خاسىيەتلىك چىراغ يەنىلا نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ.

كەچتە ئۇنى شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كېمە قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغانلار ئۇنىڭ ھېچنېمە يېمەي ــ ئىچمەي دېڭىزدا تۆت سوتكا لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپتۇ! باشقىلار ئۇنىڭدىن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا قانداق قىلىپ شۇنچە ئۇزۇن چىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ يىراقتىكى يورۇقنى كۆرسىتىپ:

ــ ئاشۇ چىراغ يورۇقى ماڭا ئۈمىد بېغىشلاپ تۇردى، ــ دەپتۇ.

كۆپچىلىك ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە ئىنچىكىلەپ قاراپتۇ، نەدىمۇ چىراغ يورۇقى بولسۇن، ئۇ ئۇپۇقتا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئىدى!

بىز ھايات سەپىرىمىزدە ھەرخىل ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغا مۇقەررەر ئۇچراپ تۇرىمىز. بۇ ۋاقىتتا، يۈرىكىمىزدە مۇستەھكەم ئېتىقاد بولۇپ، توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكلا، قىيىن ئۆتكەلدىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتەلەيمىز. ئەگەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزۈڭنى تۈگەشتىم دەپ قارىساڭ، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە تۈگىشىسەن، ئەگەر ئۆزۈڭگە: «چوقۇم بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك» دەپ مەدەت بەرسەڭ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىگە ئېرىشەلەيسەن.

## سۇ يوق سۇدان

بىر يىلى ئەنگلىيەنىڭ بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سەھرايى كەبىرنىڭ مەلۇم رايونىغا بېرىپتۇ. ئۇلار بىپايان قۇملۇقتا تولىمۇ تەستە ئىلگىرىلىيەلەيدىكەن، كۈچلۈك ئاپتاپتا ئوتتەك قىزىپ كەتكەن قۇملار شامالدا ئۇچۇپ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلىدىكەن. ئۇلار ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن بولالماي قاپتۇ ــ ئۇلارنىڭ سۈيى تۈگەپ كەتكەن. بۇ چاغدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى بىر سۇداننى چىقىرىپ:

ــ مۇشۇ بىر سۇدان سۇ قالدى، لېكىن بۇنى قۇملۇقتىن چىقىشتىن بۇرۇن ئىچىشكە بولمايدۇ، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، بىر سۇدان قۇملۇقتىن كېسىپ ئۆتۈش ئېتىقادىنىڭ بۇلىقى، ھاياتلىقنىڭ ئۈمىدىگە ئايلىنىپتۇ. سۇدان ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ قولىدىن ــ

قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئوبدانلا ئېغىرلىقى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئۇمىدسىزلىككە يۈزلەنگەن چىرايىغا قەتئىيلىك بېغىشلايدىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قۇملۇقتىن قەيسەرلىك بىلەن ئۆزۈپ چىقىپ، ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپتۇ. ھەممەيلەن خۇشاللىقتىن ياش تۆكۈشۈپتۇ، ئۆزلىرىگە روھىي كۈچ ۋە ئېتىقاد ئاتا قىلغان ھېلىقى سۇداننىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ، ئۇنىڭدىن ئېقىپ چۈشكىنى پۈتۈنلەي قۇم بوپتۇ!

## ئوگۇشلۇق ۋە ئوگۇشسىز شارائىت

بىر ئايال ئۆزىگە قاتتىق روھىي زەربە بەرگەن بىر ئەردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ نارەسىدە بالىسىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ بالىنى بىر پىرىخونغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بالىغا ئەڭ قەبىھ ئۇسۇل قوللىنىپ ئۆچ ئېلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، پىرىخون ئۇ ئايالغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. بالىغا ئەڭ قەبىھ ئۇسۇل قوللانغانلىقىنى، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ كۆرۈپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئايال بالىنى كۆرۈپ قاتتىق خاپا بوپتۇ. ئۇ «يىرگىنچلىك» بالىنى شۇ يەردىكى بىر باي بېقىۋالغانىكەن. ئايال دەرھال پىرىخوننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە خاپا بوپتۇ. پىرىخون ئۇ ئايالغا ئالدىرىماي نەتىجىسىگە قاراشنى ئېيتىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى كۆرگەندە، بۇ قەبىھ ئايالمۇ مۇنداق ئۆچ ئېلىشنىڭ سەل ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

ئەسلىدە بالا راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە چوڭ بولغاچقا، قاۋۇل بەدەن، مۇستەھكەم ئىرادە، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش روھىنى يېتىلدۈرەلمەپتۇ. ئائىلىسى تۇيۇقسىز ۋەيران بولۇپ، يوقسۇللۇقنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغاندا، يارامسىز چوڭ بولۇپ قالغان ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە خارابلىشىپ ئۆلمەپتۇ، ئۇنىڭدىن بىرىسى بوپتۇ. بىر مەزگىل جان تالىشىپ نەتىجە چىقىرالماي، ئاخىر ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

## كەلكۈن ئىچىدىكى «چۈمۈلە توپ»

قاش قارايغان مەزگىل، كەلكۈن ئاخىرى توسمىنى ئېلىپ كەتتى. ھويلا ـ ئارامىلار بىردەمنىڭ ئىچىدە كەلكۈنگە يەم بولۇپ كەتتى.

سەھەر، ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەر ئىككىدىن ـ ئۈچتىن بولۇپ توسما ئۈستىگە چىقىپ، سۇ ئىچىدە چىلىشىپ ياتقان ھويلا ـ ئارامىلىرىغا ئامالسىزلىق ئىچىدە قاراپ تۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىز بىرەيلەن ۋارقىرىدى:

ـــ قاراڭلار، ئاۋۇ نېمە؟

بىر قارا توپ دولقۇن بويلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ بىردە چۆكۈپ، بىردە لەيلەپ، قارىماققا ئادەمگە ئوخشايتتى، بىر ئادەم دەرھال سۇغا سەكرەپ، ئۇ قارا توپقا تېزلىكتە يېقىنلىشىپ باردى، لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر بىردىنلا توختاپ قالدى ۋە دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ، قىرغاقتا يېنىپ چىقتى.

ــ بىر «چۇمۇلە توپ» ئىكەن، ــ دېدى ئۇ ئادەم.

ــ چۇمۇلە توپ؟ ــ ئەتراپتىكىلەر چۇشەنمەي سورىدى.

شۇ گەپلەر بولغۇچە، «چۇمۇلە توپ» لەيلەپ ئۇلارغا يېقىنلا كېلىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ پۇتبول چوڭلۇقىدىكى چۇمۇلىلەر توپى ئىدى! قاپقارا چۇمۇلىلەر بىر ــ بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ غۇژمەكلىشىۋالغانىدى. شامال ۋە دولقۇنلار چۇمۇلىلەر توپىنى بىرەر قوردىن ئاجرىتىپ ئېلىپ كېتەتتى، بۇ خۇددى قەلەيدىكى بىر قەۋەت سىر سويۇلۇپ چۇشۇپ قالغاندەك ئىدى. كىشىلەر ئۇلارغا كۆز ئۈزمەي قارىشىپ تۇراتتى.

«چۇمۇلە توپ» قىرغاققا يېقىنلاشتى. خۇددى قۇرۇقلۇققا چىقىش كېمىسى ئېچىلغىنىدەك، چۇمۇلىلەر توپى بىر قەۋەتتىن سويۇلۇپ چۇشۇپ قېلىۋاتاتتى. چۇمۇلىلەر تېز ھەم رەت ــ رەتى بىلەن يامىشىپ، قۇرۇقلۇققا غىلىبىلىك چىقتى. قىرغاقتا يېقىن سۇ ئىچىدە يەنە نۇرغۇن چۇمۇلىلەر توپى بار ئىدى، ئۇلار قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلار ئۇلار قىرغاققا چىقالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى بىر ــ بىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىشىپ تۇرماقتا.

***ھېكمەت:***
***ئەگەر ئادەملەر بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۇيۇل تاشتەك ئۇيۇشسا، ئەڭ كىچىك بەدەل بىلەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ!***

## شورپېشانە زەردار

بىر زەردار دەريادا كېتىۋاتقاندا جىددىي ئېقىمغا دۇچ كېلىپ قېلىپ قېيىقى ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ سۇ ئىچىدىكى بىر تاشنىڭ ئۇستىگە تەستە يامىشىپ چىقىۋېلىپ، «قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دەپ ھەدەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر يىگىت ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا مېڭىپتۇ. ئەمما تاغدىن چۇشۇۋاتقان سۇ بىلەن دەريا سۈيىنىڭ ئېقىنى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، يىگىتنىڭ قېيىقىنىڭ ئىلگىرىلىشى تولىمۇ ئاستا ئىكەن.

ــ تېز بول! ــ ۋارقىراپتۇ زەردار، ــ ئەگەر مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭ مىڭ دوللار پۇل بېرىمەن!

قېيىقنىڭ ئىلگىرىلىشى يەنىلا ناھايىتى ئاستا ئىكەن.

ــ كۈچەپ ھەيدىگىنە! ئەگەر مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭ ئىككى مىڭ دوللار بېرىمەن!

يىگىت كۆچەپ پالاق ئۇرۇپتۇ، لېكىن ئېقىن كۈچلۈك بولغاچقا، قېيىقنىڭ ئىلگىرىلىشى يەنىلا تېز بولماپتۇ!

— سۇ ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، كۆچەپ باقساڭچۇ! — زەردار بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپتۇ، — بولدى، ساڭا بەش مىڭ دوللار بېرەي!

بۇ چاغدا سۇ ئۇ دەسسەپ تۇرغان تاشنى بېسىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، يىگىتنىڭ كېمىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاۋېتىپتۇ، لېكىن سۇرئىتى بەك ئاستا ئىكەن.

— ئون مىڭ دوللار بېرەي، تېزرەك بولغىنا! — سۇ زەردارنىڭ پۇتلىرىنى بېسىپ بوپتۇ. لېكىن، يىگىتنىڭ قېيىقىنىڭ سۇرئىتى بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىپتۇ.

— ئەللىك مىڭ دوللار… — زەردار گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈرمەپتۇ. كۈچلۈك بىر دولقۇن ئۇنى بىرلا ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

يىگىت بېشى ساڭگىلىغان ھالدا قىرغاققا چىقىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىپتۇ: «دەسلەپتە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشتىن باشقا نەرسىنى ئويلىمىغانىدىم، لېكىن ئۇ پۇلنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدى، يەنە كېلىپ، پۇلنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋەردى، يەنىمۇ ئاستىراق بارسام كۆپرەك پۇلغا ئېرىشەرمەن دەپ ئويلاپتىمەن، كىم ئويلىدى، ئازراق ئاستىلاپ تۇرۇشۇمغا، ئۇنى دولقۇن ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى، ھەي، ئۇنىڭ جېنىغا مەن زامىن بولدۇم!.»

لېكىن، يىگىتنىڭ كاللىسىدىن يەنىلا ئۆتمىدى: «مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىلا ئويلاپ، پۇل توغرۇلۇق ئويلىمىغانىدا، ئۇ نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا پۇلنىڭ گېپىنى چىقىرىدۇ؟.»

## ئەگەر ئىت ئەينەككە قاراپ قۇيرۇقنى شىپاڭلاتسا

«بىر لالما ئىت تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىگە ئەينەك تۇتۇلغان بىر ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىزلا نۇرغۇن ئىتلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە خىرىلدىغىنىچە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ئۇلارغا خىرىس قىلغاندەك، چىرايلىرىنى غەزەپلىك ھۈرپەيتىپتۇ. بۇ ئىت قورققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئۆي ئىچىدە ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا ئاتقىلى تۇرۇپتۇ، بىر چاغدا ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ.»

## خۇشاللىق يېنىڭىزدا

بىر زەردار بار ئىكەن، مال - دۇنياسى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىكەن، خوتۇنلىرى شۇنداق كۆپ، ئەتراپىدا پەرۋانە ئىكەن، لېكىن كۆڭلىرى يەنىلا كۆڭۈللۈك ئۆتمەيدىكەن.

ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ ئېگىز تېمىنىڭ ئارقىسىدىلا بىر نامرات تۆمۈرچى ئولتۇراتتى. ئەتىدىن - كەچكىچە ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ كۈلكە - پاراڭلىرى بېسىلمايدىكەن، كۈنلىرى شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى زەردارنىڭ خوتۇنى نامرات ئەر - خوتۇنلارنىڭ ناخشا ئېيتىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئېرىگە:

— بىز مال - دۇنياغا قېنىپ ياتساقمۇ، ئاشۇ نامرات تۆمۈرچىلەردەك خۇشال ئۆتەلمەيمىز! — دەپتۇ.

زەردار بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن ئۇلارنى ئەتىلا ناخشا ئېيتالمايدىغان قىلىپ قويالايمەن! — دەپتۇ كۈلۈپ. ئۇ ئىككى تال چوكا ئالتۇننى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن، تۆمۈرچى ئەر - خوتۇن ھويلىنى سۈپۈرۈۋېتىپ، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ئىككى تال چوكا ئالتۇننى بايقاپ قاپتۇ. ئۇلار ھەم خۇشال بوپتۇ ھەم جىددىيلىشىپتۇ. ئالتۇن قولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۆمۈرچىلىك ئىشىمۇ توختاپ قاپتۇ.

— بۇ ئالتۇنغا ئازراق تېرىلغۇ يەر سېتىۋالايلى، — دەپتۇ ئەر.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ ئايال، — ئالتۇننى باشقىلار كۆرسە، بىزنى بىر يەردىن ئوغرىلاپتۇ دەپ قالىدۇ.

— ئالتۇننى تام مەش ئىچىگە يوشۇرۇپ قويايلى، — دەپتۇ ئەر.

ئايال بېشىنى چايقاپتۇ.

— تام مەش ئىچىگە يوشۇرۇپ قويساق بالىلار ئوغرىلاپ كېتىدۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇياقتا تالىشىپتۇ، بۇياقتا تالىشىپتۇ، لېكىن ياخشىراق ئامال تاپالماپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ تامىقى، تاماق، ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولمايدىغان بوپتۇ، ئەلۋەتتە، ئۇ ئىككىسىنىڭ كۈلكە ۋە ناخشىلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بوپتۇ.

— كۆردۈڭمۇ، — دەپتۇ زەردار خوتۇنىغا، — ئۇلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى، ناخشىلىرى ئەمدىغۇ ئۆچكەندۇ! بۇنىڭ ئۇسۇلى مانا مۇشۇنداق ئاددىيلا.

**ھېكمەت:**

***ئادەملەرنىڭ ئازاب كۆپىنچە شەخسىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، بەسلىشىش ۋە ئۆزىگە ئۆزى بەكلا قاتتىق تەلەپ قويۇۋېلىشتىن كېلىدۇ.***

## مەنمۇ خۇشاللىققا ئېرىشتىم

بىر موماي بىر سىرچىنى ئۆيىنىڭ سىرچىلىق ئىشىغا چاقىرتىپتۇ. سىرچى ئۆيگە كىرىپلا، مومايىنىڭ ئېرىنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ.

لېكىن ئۇ بوۋاي ئۇچۇق - يورۇق، ئۈمىدۋار ئادەم ئىكەن. شۇڭا، سىرچى ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. ئىككىسىنىڭ گەپلىرى بىر يەردىن چىقىپ، بەكلا چىقىشىپ كېتىپتۇ، سىرچى بوۋاينىڭ ئەيىبى توغرۇلۇق پەقەتلا ئېغىز ئاچماپتۇ.

سىرچى ئىشنى تۈگىتىپ، ئىش ھەققىنىڭ تالونىنى مومايغا بېرىپتۇ. موماي ئەسلىدىكى كېلىشكەن باھادىن خېلى تۆۋەن يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ سىرچىدىن سوراپتۇ:

ــ نېمىشقا مۇنچە كەم ھېسابلىدىڭىز؟

ــ مەن ئېرىڭىز بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇپ نۇرغۇن خۇشاللىقلارغا ئېرىشتىم، ــ دەپتۇ سىرچى، ــ ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان قاراشلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەك ناچار ھېسابلانمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدىم. شۇڭا، ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن مىننەتدارلىقىم بولۇپ قالسۇن دەپ، ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋەتتىم. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ تەسىرىدىن بۇ ئىشلارنى ئۇنچە ئېغىر كۆرمەس بولدۇم.

موماي سىرچىنىڭ ئېرى توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈپتۇ.

ئەسلىدە بۇ مەرد سىرچىمۇ مېيىپ، بىر قولى يوق ئىكەن.

***ھېكمەت:***

***پوزىتسىيە خۇددى ماگنىتقا ئوخشايدۇ، بىزنىڭ ئىدىيەمىزنىڭ ئوڭ يۈزى ياكى تەتۈر يۈزى بولسۇن، ئۇنىڭ تارتىشىغا ئۇچرايدۇ. ئىدىيە بولسا گويا چاققا ئوخشايدۇ، بىزنى ئالاھىدە بىر نىشانغا ئېلىپ ماڭىدۇ.***

## چىرايلىق بولۇشنىڭ سىرى

مەكتەپتە ناھايىتى سەت بىر قىز بار ئىكەن، ساۋاقداشلىرى ئۇنى دائىم زاڭلىق قىلىدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭغا «بەتبەشىرە» دەپ لەقەم قويۇۋاپتۇ. باشقىلار ھەر قېتىم مۇشۇنداق چاقىرغاندا، ئۇ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولىدىكەن، ھەتتا ئەلەمدىن يىغلاپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ يەنە باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن خورلىنىپ يىغلاپ تۇرغاندا، بىر مېھرىبان بوۋاي ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ قىزنىڭ دەردىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چىرايلىق بولۇشنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بىرىنچى، چىرايىڭىزدىن كۈلكە يېغىپ تۇرسۇن، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئۇچراشقاندا چىرايلىق ئەھۋال سوراڭ.

ئىككىنچى، ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز خاپىچىلىق تېپىۋالماڭ، چىرايىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ.

ئۈچىنچى، باشقىلارغا قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىڭ، باشقىلارغا ئاق

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈللۈك بىلەن ياردەم قىلىڭ.

بوۋاي قىزغا، يۇقىرىقى ئىشلارغا ئەمەل قىلسىڭىزلا، ئۈچ ئايدىن كېيىن پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىزغا ئايلىنىسىز، دەپتۇ.

قىز بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئورۇنلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۈتۈن مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئارىلىشىشنى خالايدىغان قىزغا ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىر ئادەمنىڭ گۈزەللىكى بەش ئەزاسىنىڭ قاملىشىپ بېرىشى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ قەلبى، قەلب گۈزەللىكىنىڭ سېھرىي كۈچىگە ھەرقانداق ھۆسن تۈزەش ۋە گىرىم قىلىش بىلەن يەتكىلى بولمايدۇ.***

## مۇكەممەل نىكاھ بىر خىل غايە

ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىز ئاپىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاپا، تويدىن كېيىن قانداق قىلسام مۇھەببەتنى تۇتۇپ تۇرالايمەن؟

— ئەخمەق قىز، مۇھەببەتنى قانداقمۇ تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئاپىسى قاتتىق ھەيران بولۇپ.

— نېمىشقا تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدىكەن؟ — چۈشىنەلمەي سوراپتۇ قىز.

ئاپىسى قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە ئېگىلىپ يەردىن بىر ئوچۇم قۇمنى ئېلىپ، قىزنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

قىز قارىسا، قۇم ئاپىسىنىڭ قولىدا يا ئېقىپ كەتمەي، يا چېچىلماي شۇ پېتى تۇرغۇدەك. ئارقىدىن ئاپىسى قولىنى چىڭ يىغىپتىكەن، قۇم بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئاپىسى بارماقلىرىنى ئاچقاندا، قولىدا قالغان قۇم ناھايىتى ئاز، ئەسلىدىكى تولۇق ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. قىز ئاپىسىنىڭ قولىدىكى قۇمغا قاراپ، بىر نەرسىنى چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە ئاپىسىنىڭ قىزغا دېمەكچى بولغىنى: مۇھەببەتنى تۇتۇپ تۇرۇشقا باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. مۇھەببەتنى تۇتۇپ تۇرۇشقا قانچە ئۇرۇنغانسېرى، ئادەم ئۆزلۈكىنى شۇنچە تېز يوقىتىپ قويىدۇ، پرىنسىپتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئوتتۇرىدىكى ساقلاشقا تېگىشلىك كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىشلەر يوقىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، مۇھەببەتنىڭمۇ قىلچە گۈزەللىكى ۋە ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

## چۆكۈۋاتقان ئارالدىكى «مۇھەببەت»

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىچىك ئارال بار ئىكەن، ئۇنىڭدا «خۇشاللىق»، «قايغۇ»،

«بىلىم» ۋە «مۇھەببەت تۇرىدىكەن، يەنە باشقا بىر خىل «ھېسسىيات» لارمۇ بار ئىكەن. بىر كۈنى، «ھېسسىيات» لار ئارالنىڭ چۆكۈپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن ئارالدىن كېتىش ئۈچۈن قېيىق تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. ئارالدا يالغۇز «مۇھەببەت» لا قاپتۇ. ئۇ بۇ ئارالدا ئاخىرقى مىنۇتقىچە تۇرماقچى ئىكەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئارال راستىلا چۆكۈشكە باشلاپتۇ. «مۇھەببەت» باشقىلاردىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

بۇ چاغدا، «بايلىق» بىر چوڭ كېمە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

— بايلىق، مېنى ئېلىۋالامسەن؟ — دەپتۇ «مۇھەببەت».

— ئېلىۋالالمايمەن، — دەپتۇ «بايلىق»، — كېمەمدە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بار، سەن ئولتۇرغۇدەك ئورۇن يوق.

«مۇھەببەت» «شۆھرەتپەرەس» نىڭ چىرايلىق بىر قېيىقتا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپتۇ:

— شۆھرەتپەرەس، ماڭا ياردەم قىلغىن!

— ساڭا ياردەم قىلالمايمەن، ئۇستىبېشىڭ پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، مېنىڭ بۇ چىرايلىق قېيىقىمنى بۇلغىۋېتىسەن، — دەپتۇ «شۆھرەتپەرەس».

بۇ چاغدا «قايغۇ» كېلىپ قاپتۇ، «مۇھەببەت» ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ:

— قايغۇ، مېنى ئېلىۋالغىن، بىللە كېتەيلى.

— ھەي... مۇھەببەت مېنى بەك قايغۇ بېسىپ كېتىۋاتىدۇ، بىردەم ئۆزۈم يالغۇز تۇرغۇم بار، — دەپتۇ «قايغۇ».

«خۇشاللىق» مۇ «مۇھەببەت» نىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بەك خۇشال بولغاچقا، «مۇھەببەت» نىڭ ئۆزىنى چاقىرغىنىنى ئاڭلىماي قاپتۇ!

تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— بۇياققا كەل، مۇھەببەت، سېنى مەن ئالغاچ كېتەي.

ئۇ بىر مويسىپىت ئىكەن. «مۇھەببەت» خۇشاللىقىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپتۇ. ئۇلار قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، مويسىپىت ئۇن - تىنسىز كېتىپ قاپتۇ.

«مۇھەببەت» ئۇ مويسىپىتنىڭ مېھىر - شەپقىتىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، يەنە بىر مويسىپىت «بىلىم» دىن سوراپتۇ:

— ماڭا ياردەم قىلغان ئۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟

— ئۇ ۋاقىت، — دەپتۇ «بىلىم».

— ۋاقىت؟ — سوراپتۇ «مۇھەببەت»، — ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟

«بىلىم» كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— چۈنكى، مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇقىنى بىر «ۋاقىت» لا چۈشىنىدۇ!

***ھېكمەت:***
***«مۇھەببەت» ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا موھتاج. «سېنى سۆيىمەن» دېگەن سۆزگە ھېچقانداق ۋاقىت كەتمەيدۇ، لېكىن ئۇ بىر ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر تەقدىم قىلىشىغا باغلىق.***

## ئايال بەرپا قىلغان قولتۇق

كېسەللىكى ئېغىرلىشىپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بىر بىمار دوختۇرخانىدا ئارقىلىق ئىككى ئايالغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. بىرى ئاشنىسى، يەنە بىرى خوتۇنى ئىكەن. ئىككى ئايال ئالدى ـ كەينى بولۇپ ياتاققا كىرىپ كەپتۇ.

ئەر ئاشنىسىنى كۆرگەندە كۆزلىرىگە ۋاللىدە نۇر يۈگۈرتۈپتۇ. ئۇ يانچۇقىدىن بىر خاتىرىنى ئاستا ئاپتۇ، ئاندىن ئىچىدىن قۇرۇپ كەتكەن بىر يوپۇرماقنى چىقىرىپتۇ.

— ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ، — بىز بىر تۈپ سېرىن دەرىخى ئاستىدا ئۇچراشقان، سېرىن دەرىخىنىڭ بۇ يوپۇرمىقى شۇ چاغدا سىزنىڭ چېچىڭىز ئۈستىگە چۈشكەن، مەن ئۇنى ھازىرغىچە قەدىرلەپ ساقلاپ كەلدىم... مەن سىزنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايمەن.

ئۇ شۇ گەپنى كېيىن، ئاشنىسىنىڭ كەينىدىن كىرگەن خوتۇنىنى كۆرۈپتۇ. خوتۇنىنىڭ چىرايىنى جىددىيلىك ۋە غەم قاپلىغانىكەن. ئۇ خوتۇنىنى كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپتىكەن، شۇڭا كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى تۆكۈلۈپتۇ. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئەر ياستۇق ئاستىدىن بىر ھەميانىنى چىقىرىپتۇ.

— كۆپ جاپا چەكتىڭىز، — دەپتۇ ئۇ خوتۇنىغا، — مېنىڭ بارلىق يىغقان پۇلۇم بۇنىڭ ئىچىدە، يەنە پاي چېكى ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى، ئۆي خېتى بار. بۇلارنى سىز بىلەن ئوغلۇمغا قالدۇردۇم، تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىراق ئۆتكۈزەرسىلەر، مەن سىلەر بىلەن بىللە بولالمايدىغان بولدۇم...

بۇ گەپنى بىر چەتتە ئاڭلاپ تۇرغان ئاشنىسى ئاچچىقىدا قولىدىن يوپۇرماقنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، يوپۇرماقتەك ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. خوتۇنى بولسا ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىپتۇ، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئىللىق قوينىدا ئاستا ـ ئاستا كۆز يۇمۇپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئايال كىشى بولمىغان ھەرقانداق ئائىلە مۇكەممەل ئائىلە ھېسابلانمايدۇ. ئىنسانلار ئالدى بىلەن «ئايال» دېگەن سۆزنى، ئاندىن «ئائىلە» دېگەن سۆزنى ئىجاد قىلغان. شۇڭا، «خوتۇن» نىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە ئالالمايدۇ. خوتۇن ئەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىللىق، مۇلايىملىق، تەسەللى، خۇشاللىق ۋە بەختنى دېرەك بېرىدۇ. يەنە كېلىپ، خوتۇنى بىلەن ئەر ئوتتۇرىسىدىلا ھەقىقىي مۇھەببەت، ھەقىقىي باراۋەرلىك ھوقۇقى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار مۇھەببەت***

*جەھەتتىمۇ باراۋەر بولىدۇ. بۇ خىل باراۋەرلىك ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە باسالمايدىغان «ئائىلە» نى بەرپا قىلىدۇ.*

## رابىينىڭ «بايلىق» ى

يىراق سەپەرگە چىققان بىر كېمىدىكى يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى داڭدار بايلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر رابىي بار ئىكەن.

يولۇچىلار گەپ ئارىلىقىدا مال ـ دۇنيا ھەققىدە مۇڭدىشىپ، ئاخىر سەندىن مەن قالامدىمەن دېگەندەك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاغدەك مال ـ مۈلۈكلىرى ھەققىدە پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى كەمبەغەل رابىي شۇنداق دەپتۇ: ــ باي ۋە نامراتلىق ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا توغرا كەلسە، مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئەڭ باي، دېسەم بولىغۇدەك. لېكىن يېنىمدا ھازىرنىڭ ئۆزىدە سىلەرگە كۆرسەتكۇدەك مال ـ دۇنيايىم يوق.

سەپەر ئارىلىقىدا گويا پەرۋەردىگارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر توپ دېڭىز قاراقچىلىرى پەيدا بولۇپ، كېمىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بايلارنىڭ يېنىدا بىر سىنت پۇل قالماپتۇ. سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان بۇ كېمە بىر پىرىستاندا توختاپتۇ.

يولۇچىلار كېمىدىن چۈشۈپ بىرەر تىرىكچىلىك يولىنى تېپىپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ھېلىقى رابىي بىلىملىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپتۇ. شۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىپتۇ. چۈنكى ئۇ يەرلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئالىيجاناب ۋە پېشانىسى ئوڭ ئادەملەرلا ئۇستاز بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن.

بىراق ھېلىقى باي يولۇچىلار بولسا، چۈشلۈكىگە تاپسا كەچلىكىگە يوق، ئىنتايىن تەس كۈندە قاپتۇ.

كېيىن ھېلىقى رابىينىڭ يۈكسەك ھۆرمەت تاپقانلىقىنى كۆرگەن باي يولۇچىلار رابىينىڭ كېمىدە «بايلىق» ھەققىدە دېگەن گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ.

ــ ئېيتقانلىرى بەرھەق ئىكەن، مال ـ دۇنيانى دوست تۇتقان ئادەم گېپىزى كەلسە بىر كېچىدىلا قاق سەنەم بولۇپ قالىدىكەن. ئەمما بىلىملىك ئادەم ئاشۇ بىلىمى بىلەن ئەبەدىي باي تۇرىدىكەن. شۇڭا بىلىمنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بايلىق، دېگەنلىرى ھەقىقەتەن دۇرۇس ئىكەن، ــ دېيىشىپتۇ ئۇلار تەسىرلىنىپ.

www.uyghurkitap.com

## ئىككى يەھۇدىي يىگىت

ئىككى يەھۇدىي يىگىتى بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى داڭلىق باي ئائىلىنىڭ ئوغلى، يەنە بىرى نامرات پادىچى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى يىگىت ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ھېلىقى باينىڭ ئوغلى ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىسى ۋە مال - دۇنياسى ھەققىدە ھېلىقى پادىچى يىگىتكە پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىچى يىگىت ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەردانىلىك بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— ھە، سەن جەمەتىڭلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەزاسى ئىكەنسەن - دە! ئۇنداقتا مەن جەمەتىمىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەجدادىمەن.

يەھۇدىيلار بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ قانداق مەشھۇر ياكى باي ئىكەنلىكىگە قارىماي، پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ياراتقان نەتىجىسىگىلا قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى شۇ ئادەمدىكى ئەڭ تۆپكى ساپاسى ھېسابلىنىدىكەن.

## كۆكنامرات ۋە مىليونېر

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەھۇدىي مىسسىئونېر جۇلىيۇ دەريا بويىدا فېررېم ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، نېمە ۋەجىدىن ھەسرەت چېكىپسەن، — دەپ سوراپتۇ جۇلىيۇ.

فېررېم ھەسرەت ئىچىدە شۇنداق دەپتۇ:

— سېپى ئۆزىدىن كۆكنامراتمەن. ئۆيۈممۇ يوق، مەشغۇل بولىدىغان بىرەر ئىشىممۇ يوق، يانچۇقۇمدا بىر سېنت پۇلۇممۇ يوق؛ يېرىم توق، يېرىم ئاچ كۈن ئالىمەن. شۇڭا مەن ئازابلانماي كىم ئازابلانسۇن؟

— ھەي ئەخمەق، — دەپتۇ جۇلىيۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن ھەسرەت چەكمەي، ئەكسىچە قاقاھلاپ كۈلۈشۈڭ كېرەك.

— نېمە؟ مەن تېخى كۈلۈشۈم كېرەكمۇ، — فېررېم ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، چۈنكى سەن كۆكنامرات ئەمەس، بەلكى مىليونېرسەن، — دەپتۇ جۇلىيۇ سىرلىق قىلىپ.

— مىليونېر؟ مېنى مازاق قىلماڭ مىسسىئونېر، — دەپتۇ فېررېم سەل خاپا بولۇپ ۋە ئارقىسىغا بۇرۇپلا مېڭىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم! مەن نېمىشقا سېنى مازاق قىلغۇدەكمەن؟ توختا، سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگىن!

ــ نېمە سوئال؟ ــ فېررىم ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قاپتۇ.

ــ ناۋادا مەن ساڭا 200 مىڭ تىللاغا سالامەتلىكىڭنى سېتىۋالاي دېسەم، سەن ماقۇل دەمسەن؟

ــ ياق!

ــ ناۋادا يەنە 200 مىڭ تىللا قوشۇپ، ياشلىقىڭنى سېتىۋېلىپ سېنى قېرى بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قوياي، دېسەم بۇنىڭغا ماقۇل دەمسەن؟

ــ ياق؟

ــ 200 مىڭ تىللا چىقىرىپ سېنىڭ رۇخسارىڭنى سېتىۋېلىپ، سېنى بەتبەشىرە بىر نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويسام، بۇنىڭغا ماقۇل دەمسەن؟

ــ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.

ــ ناۋادا مەن يەنە 200 مىڭ تىللا چىقىرىپ، سېنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭنى سېتىۋېلىپ، سېنى ئەقىلسىز گالۋاڭغا ئايلاندۇرۇپ قويسام، بۇنىڭغا ماقۇل دەمسەن؟

ــ بۇنىڭغا كاللىسىدا زاغۇنى بار ئادەم ماقۇل دەيدۇ، ــ فېررىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بوپتۇ.

ــ توختا بالام، ئاخىرقى سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن! مەن ساڭا 200 مىڭ دوللار بېرىپ ھازىرىنىڭ ئۆزىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، ۋىجدانسىزلىق قىلغىن دېسەم، بۇنىڭغىچۇ؟

ــ ئاھ پەرۋەردىگار! بۇنداق ئەخلاقسىزلىقنى پەقەت جىن ـ شاياتۇنلارلا قىلىدۇ، دەپتۇ فېررىم نەپرەت بىلەن.

ــ ھەببەللى، ــ دەپتۇ مىسسىئونېر كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ باياتىن مەن ساڭا نەق 1 مىليون تىللا چىقاردىم، بىراق سەندىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم. دېمەك سەن مىليونېر بولماي نېمە؟

مىسسىئونېرنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتكەن فېررىم ئۇنىڭ ئەقىل كۆرسەتكەنلىكىگە ھەشقاللا ئېيتىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ...

شۇنىڭدىن كېيىن فېررىم قىلچە ھەسرەت چەكمەيدىغان، ئۆزىنىڭ يېڭىچە تۇرمۇشىنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۈمىد بىلەن ئىزدەيدىغان بوپتۇ.

مانا بۇ، ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىشەنچى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ بايلىق يارىتىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولۇپ كېلىۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ تېپىمدۇر.

## يوھاناننىڭ ئىككى سوئالى

بىر كۈنى، راببىي يوھانان شاگىرتلىرىدىن سوراپتۇ:

ــ كىشى ئۆمرىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش نېمە؟

ــ بىر جۈپ روشەن كۆزنىڭ بولۇشىدۇر، ــ دەپتۇ بىرىنچى شاگىرت.

www.uyghurkitap.com

— بىر قەدىناس دوستنىڭ بولۇشىدۇر، — دەپتۇ ئىككىنچى شاگىرت.

— بىر ئىناق قوشنىنىڭ بولۇشىدۇر، — دەپتۇ ئۈچىنچى شاگىرت.

— كەلگۈسىدىن بېشارەت بەرگۈچى ئەقىل - پاراسەتنىڭ بولۇشىدۇر، — دەپتۇ تۆتىنچى شاگىرت.

— ياخشى كۆڭۈلنىڭ بولۇشىدۇر، — دەپتۇ بەشىنچى شاگىرت.

— بەشىنچى شاگىرتىمنىڭ جاۋابىدىن خۇشالمەن، — دەپتۇ رابىبىي، — چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى قالغانلىرىڭلارنىڭ بەرگەن جاۋابىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇ يەنە سوراپتۇ:

— كىشى ئۆمرىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە نېمە؟

— رەزىللىك تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزدۇر، — دەپتۇ بىرىنچى شاگىرت.

— بەتنىيەت دوستتۇر، — دەپتۇ ئىككىنچى شاگىرت.

— ئۇسال قوشنىدۇر، — دەپتۇ ئۈچىنچى شاگىرت.

— تانغاق قەرزداردۇر، — دەپتۇ تۆتىنچى شاگىرت.

— مۇدھىش باسقان كۆڭۈلدۇر، — دەپتۇ بەشىنچى شاگىرت.

— يەنىلا بەشىنچى شاگىرتىمنىڭ جاۋابىدىن رازىمەن، — دەپتۇ رابىبىي.

— چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى قالغانلىرىڭلارنىڭ بەرگەن جاۋابىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## باينىڭ ئۈچ ئوغلى

بىر باي يەھۇدىي بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ياشىنىپ ھەم كېسەلمەن بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ دەپتۇ:

— يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. شۇڭا، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بۇ روزىغارىمىزنى ئۈچۈڭلاردىن بىرىگە تۇتقۇزاي دەيمەن. بىراق كىمگە بېرىشنى ئۇقماي تۇرۇپتىمەن.

ئۇ، ئۈچ ئوغلىغا 10 دوللاردىن پۇلنى تۇتقۇزۇپ ئۇلارغا تاپىلاپتۇ:

— قېنى مۇشۇ 10 دوللارغا ئۈچۈڭلاردىن قايسىڭلار خالىغان بىر نەرسە ئەكىرىپ ئۆينى لىقمۇلىق تولدۇرالىساڭلار مىراسلىرىم شۇنىڭغا قالىدۇ.

چوڭ ئوغلى دەپتۇ:

— تازا باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنى ئەكىرسەم ئۆي ئىچى لىقمۇلىق توشىدۇ.

بوۋاي كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى چايقاپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئوغلى دەپتۇ:

— مەن بەش دوللارغا بىر هارۋا ئوت - چۆپ ئەكىرىپ ئۆينى لىقمۇلىق تولدۇرالايمەن.

بوۋاي يەنە بېشىنى چايقاپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن كەنجى ئوغلى تۇيۇقسىزلا تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي بىر بولاق نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا يەنە ئاشقان پۇلدىن توققۇز دوللار 7 سىنت بار ئىكەن. ئۇ ئەكىرگەن نەرسىسىنى قاراڭغۇ چۆشكەندە كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. كەنجى ئوغۇل ھېلىقى بولاقنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر تال شامنى ئېلىپ يېقىپتىكەن، ئۆي ئىچى يوپيورۇق نۇرغا تولۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كەنجى ئوغۇل دادىسىنىڭ روزىغارىغا مىراسخور بوپتۇ.

# بىر دوللار قەرز پۇل

يەھۇدىي باي خارد نىيۇيورك ستى بانكىسىنىڭ قەرز پۇل بۆلۈمىگە كىرىپ كەپتۇ. پۇزۇر كىيىنگەن مۆتىۋەر سۈپەت بۇ ئادەمنى كۆرگەن قەرز پۇل بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— مەن ياردەم قىلغۇدەك بىرەر ھاجىتىڭىز بارمىدى؟

— شۇنداق، مەن قەرز پۇل ئالماقچى ئىدىم.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، قانچىلىك ئالماقچى ئىدىڭىز؟

— بىر دوللار.

— پەقەت بىر دوللارلا ئالامسىز؟

— شۇنداق، بېرىشكە بولامدۇ؟

— بولمامدىغان، ئەلۋەتتە بولىدۇ. سىزدەك مۆتىۋەرلەرگە پەقەت رەنە ياكى كېپىللىك بولسىلا قانچىلىك ئالىمەن دېسىڭىز شۇنچىلىك بېرىمىز.

— رەنىمۇ تەييار ئىدى، — دەپتۇ يەھۇدىي ۋە لىقمۇلىق پۇل قاچىلانغان ئېسىل خۇرۇم سومكىنى ئېچىپتۇ، — بۇ 500 مىڭ دوللار، رەنىگە يېتەمدۇ؟

— ئەلۋەتتە يېتىدۇ. بىراق سىز پەقەتلا 1 دوللار قەرز ئالامسىز؟

— شۇنداق، — دەپتۇ يەھۇدىي.

ئۇ بىر دوللارنى ئېلىپ، مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ.

يان تەرەپتە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان بانكا باشلىقى بۇنىڭغا ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. بانكا باشلىقى بۇ يەھۇدىينىڭ زادى نېمە ئۈچۈن 500 مىڭ دوللارنى رەنىگە قويۇپ، بىر دوللار قەرز پۇل ئالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى پەقەت بىلەلمەپتۇ. ئۇ ھېلىقى يەھۇدىينىڭ ئالدىغا يېرىپ سوراپتۇ: — ئەپەندىم توختاپ تۇرۇڭا! نېمە ئۈچۈن 500 مىڭ دوللارنى رەنىگە قويۇپ بىر دوللار قەرز پۇل ئالغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا 300 مىڭ، 400 مىڭ دوللار ئالسىڭىزمۇ بۇ مۇمكىن ئىدىغۇ؟

— ھە، ئەسلىي مۇنداق ئىدى، — دەپتۇ يەھۇدىي، — مەن بانكىڭىزلارغا كېلىشتىن

ئىلگىرى بىر قانچە بانكىغا كىرىپ سوراپ باقتىم. ئۇلارنىڭ بىخەتەر ئىشكاپىنىڭ ئىجارە ھەققى قىممەت ئىكەن. ئەمما سىلەرنىڭ ئەرزان ئىكەن، يىلىغا پەقەت 6 سىنتلا ئالىدىكەنسىلەر. شۇڭا...

يەھۇدىيلارنىڭ زېرەكلىكى دەل مۇشۇ يەردە. بانكا پۇلنى ئامانەت قويىدىغان ئادەم قەرز ئالىدىغان ئورۇن. بىراق قەرز پۇلغا رەنە كېتىدۇ. باشقىلار مەبلەغ ئېھتىياجى ئۈچۈن بانكىدىن قەرز ئالىدۇ. ھالبۇكى قەرز پۇلىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بانكا قەرز ئالغۇچىدىن قەرز پۇل سوممىسىدىن كۆپرەك نورمىدا رەنە ئالىدۇ. باشقىلار بانكىدىن كۆپرەك قەرز ئېلىشنى، ئەمما بانكا ئالىدىغان رەنىنىڭ ئازراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق، ھېلىقى يەھۇدىيچۇ؟ ئۇ 500 مىڭ دوللارنى رەنىگە قويۇش بەدىلىگە بىر دوللار قەرز پۇل ئاپتۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئەقلىي يەتمەيدىغان بۇ «غەيرىي ئىش» ئەلۋەتتە بىخەتەر ئىشكاپىنىڭ ئىجارە ھەققىنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر. ئۇ ھەم قانۇنغا ئۇيغۇن. دېمەك، يەھۇدىيلارنىڭ ئادەمنى قايىل قىلىدىغان زېرەكلىكى دەل مۇشۇ يەردە.

## باي ۋە نامرات

بىر نامرات يەنە بىر باينىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ دەپتۇ:

— ئۆيىڭىزدە ئۈچ يىل تۇرۇپ سىزگە ئىشلىسەم دېيمەن. ماڭا ياتاق ۋە تاماق بەرسىڭىزلا بولدى. ئىشلىگىنىمگە سىزدىن بىر سېنت پۇل تەلەپ قىلمايمەن.

باي كەم ئۇچرايدىغان بۇنداق ياخشى ئىشتىن خۇشال بولۇپ، نامراتنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئارىدىن نەق ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى نامرات ئۆزىچىلا يوقاپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى نامرات ناھايىتى بېيىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى باي بولسا نامراتلىشىپ تەس كۈندە قاپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ھېلىقى باي ئىلگىرىكى ھېلىقى نامراتقا «100 مىڭ دوللار خەجلەپ سىزنىڭ باي بولۇشتىكى تەجرىبىلىرىڭىزنى سېتىۋالسام» دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىلگىرىكى نامرات كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— قىزىق ئىش - ھە! مەن سىزدىن ئۆگەنگەن تەجرىبىلىرىمگە تايىنىپ بېيىغانىدىم، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئاشۇ تەجرىبىلەرنى مەندىن پۇلغا سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىسىز!

# ئاق كۆڭۈل دېھقان

ئۆتكەن زاماندا ناھايىتى ئادىل بىر پادىشاھ بار ئىكەن، ئۇ خەلقىنىڭ يىگىنچىلىك مۈلكىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇ پادىشاھنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى شۇ ئەلدە ياشاۋاتقان بىر كىشى باشقا ھۈنەر قىلماقچى بولۇپ، بىر پارچە يېرىنى دېھقان قوشنىسىغا سېتىپتۇ. ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا يەر سېتىۋالغۇچى دېھقان قوش ھەيدەشكە كىرىشىپتۇ. چۈش مەزگىللىرىگە كەلگەندە، قوشنىڭ چىشى بىر نەرسىگە تاقىلىپ قاپتۇ. دېھقان قارىغۇدەك بولسا بىر كېسەك چىقىپتۇ، كېسەكمۇ شۇنداق قاتتىق بولارمۇ، دەپ يەرگە بىر ئۇرسا، ئۈستىدىن لاي ۋە توپىلار ئۆۋۈلۈپ چۈشۈپ، ئىچىدىن كۆزنى چېقىپ تۇرىدىغان بىر كېسەك ئالتۇن چىقىپتۇ. دېھقان شۇ يەردىلا ئۇيلارنى قوشتىن چىقىرىپ، ھېلىقى يەر ساتقان كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ:

— سېنىڭ ساتقان يېرىڭنى بۈگۈن ھەيدەۋاتقىنىمدا بىر كېسەك ئالتۇن چىقتى، بۇ يەر ئەسلىي سېنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ئالتۇننى ساڭا ئەكەلدىم، — دەپ ئالتۇننى يەر ساتقۇچىغا ئۇزىتىپتۇ. يەر ساتقۇچى ئادەم ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ:

— ئۇ يەر مەندە نەچچە يىللاپ تۇردى، نەچچە ئون قېتىملاپ مەنمۇ شۇ يەرنى ھەيدىدىم، لېكىن بۇ ئالتۇن ماڭا يولۇقمىغان. مەن يەرنى ساتقاندىن كېيىن ساڭا يولۇقۇپتۇ. بۇنى ساڭا بۇيرۇغان ئىكەن، سەن ئېلىشىڭ كېرەك، — دەپ ئالتۇننى دېھقانغا قايتۇرۇپتۇ. دېھقان سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ ئالتۇننى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. يەر ساتقۇچى:

— سەن يەرنى سېتىۋېلىپ ھەيدەۋاتقىنىڭدا چىققان تۇرسا، بۇ ئالتۇننى سەن ئېلىشىڭ كېرەك، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر بۇلار مەسلىھەتلىشىپ، «بۇنى پادىشاھقا بېرەيلى، خەزىنىگە سالسۇن» دېيىشىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىككى ساپ كۆڭۈل كىشىنىڭ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ:

— بۇنى مەنمۇ ئالمايمەن. چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ ھەققىڭلار، ئەمما ئىككىڭلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ھەر ئىككىڭلارمۇ ئالمىغۇدەكسىلەر، بۇنى ئەمسە مۇنداق ھەل قىلايلى، — دەپتۇ، ئاندىن پادىشاھ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراپتۇ.

— دۇنيالىقتا بەش ياشقا كىرگەن بىر قىزىم بار، — دەپتۇ يەر ساتقۇچى.

— يەتتە ياشقا كىرگەن بىرلا ئوغلۇم بار، — دەپتۇ يەر ئالغۇچى.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىڭلار قۇدا بولۇڭلار ۋە ھازىردىن باشلاپ توختاملىشىپ قويۇڭلار، بالىلىرىڭلار كېيىن چوڭ بولۇپ، بىللە ياشىغاندىن كېيىن، بۇ ئالتۇننى شۇلار ئىشلەتسۇن، بۇ توختام بىلەن ئالتۇننى مەھەللەڭلەردىكى ديانەتلىك بىر كىشىگە

www.uyghurkitap.com

تاپشۇرۇڭلار، شۇ ساقلاپ قويسۇن، ــ دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇلار پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىگە رازى بولۇپ قايتىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلاپتۇ.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ دادىلىرى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپ، بالىلىرى دادىلىرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر ـ بىرسى بىلەن ئائىلىلىشىپتۇ. بىر كۈنى مەھەللىدىكى بىر مويسىپىت كىشى بۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىر كىسەك ئالتۇننى ئىككىسىگە تاپشۇرۇپتۇ.

قىز بىلەن ئوغۇل بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ. بىر چاغدا يىگىت خوتۇنىغا:

ــ دادىلىرىمىز قېرىغىنىغا قارىماي تەييار دۇنيانى ئىشلەتمەپتىكەن، بىز ياش تۇرۇپ تەييارغا ئىگە بولىمىزمۇ؟ ــ دېگەن ئىكەن، خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. ئىككىسى بىر كېسەك ئالتۇننى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۆلۈپ كېتىپ، ئوغلى پادىشاھلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. ئەمما ئاۋۋالقى پادىشاھنىڭ ۋاقتىدىكى ۋەزىر ھېلىمۇ بار ئىكەن. ئۇ قېرى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئوغلىغا ئۆتكەن ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ــ داداممۇ بۇنى ئېلىشنى لايىق كۆرمەي، سىلەرگە قالدۇرۇپتىكەن، ــ دەپتۇ ئۇ، ــ سىلەرنىڭ ساپ كۆڭلۈڭلار ماڭىمۇ تەسىر قىلدى. ئەمدى بۇنى مۇشۇنداق تالاش ـ تارتىش بىلەن ئىشلەتمىسەك ھېچنېمىگە پايدىسى تەگمەيدۇ. ئۇنى قانداق ئىشلىتىش توغرۇلۇق قېرى ۋەزىر مەسلىھەت بەرسۇن.

ئىككىيلەن بۇ سۆزگە رازى بولۇشۇپتۇ.

ــ بىزنىڭ پادىشاھىمىزدىن تارتىپ، ــ دەپ گەپ باشلاپتۇ ۋەزىر كۆزىگە ياش ئېلىپ، ــ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە ئادەم ئادىل، توغرا بولغانلىقتىن يۇرتىمۇ پاراۋان، باي بولۇپ كەلدى. مەن بۇ ئاتا ـ بالا تۆت كىشىنىڭ ساپ كۆڭۈللۈكىدىن رازى، پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدىن رازى. ئەمدى بۇ كېسەك ئالتۇنغا بىر باغ سالدۇرايلى، ئۇنىڭدا دۇنيادىكى ھەممە مېۋە بار بولسۇن، بۇ باغ خەلقنىڭ بولسۇن، بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى خەلق يېسۇن.

بۇ گەپكە پادىشاھمۇ، ئەر ـ خوتۇنمۇ رازى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالتۇنغا شۇنداق چوڭ باغ ياساپتۇكى، يۇرتنىڭ پۈتۈن خەلقى ئۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى يېسىمۇ تۈگىمەپتۇ.①

## ئاقىل پۇلدارنىڭ ۋەسىيىتى

بىر پۇلدار ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بىر قىسىم پۇللىرىنى خەير ـ ئېھسان

①ئېيتىپ بەرگۈچى مۇھەممەت روزى، توپلىغۇچىلار: قايىم مەتتىمىن، ئۆمەر ساۋۇتلار: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.

ئىشلىرىغا سەدىقە قىلماقچى بولۇپ، ئۇ ئۈچ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ خەيرلىك ئىش قىلىپ، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەدىقە بېرەي دەيمەن. بىراق ھازىرغىچە بىر قارارغا كېلەلمىدىم. سىلەر قايتىپ كېتىپ، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭلار، كۆڭلۈڭلاردا قانچىلىك سەدىقە قىلىشنى خالىساڭلار، ئۇنى قەغەزگە يېزىپ ماڭا بېرىڭلار، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مېھىر - مۇھەببەت ھەرگىز جاۋابسىز قالمايدۇ، — دەپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپتۇ.

دادامنىڭ بۇگۈنكىدەك باي بولۇشى دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلىشىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭ باي بولغاندا پاراۋانلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى بەرھەقتۇر. بۇنداق قىلغاندا، يار - يۆلەكسىز يېتىم باللار ۋە يەككە - يېگانە ئاتا - ئانىلارغا بەخت ياراتقىلى، ئاچ قالغانلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزگىلى بولىدۇ. دادامنىڭ بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈشى تولىمۇ خەيرلىك ئىشتۇر، دەپ ئويلاپتۇ چوڭ ئوغلى ھەمدە ئىككىلەنمەستىن «200 مىڭ سوم بېرىمەن» دەپ يېزىپتۇ.

ئوتتۇرانچىسى ئۆيىگە قايتىپ ئەستايىدىل باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «دادامنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى قوللىشى ياخشى ئىش. لېكىن دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئاجراتقان مەبلىغى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دادامنىڭ بەرگىنى قۇمغا سۇ سەپكەندەك ھېچ نەرسىگە دالدا بولالمايدۇ. لېكىن، دادامنىڭ سەدىقە بېرىش ئارزۇسىنى قاندۇرماي بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە ‹100 مىڭ سوم بېرىمەن›» دەپ يېزىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئۆيىگە قايتىپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا پۇل بېرىشنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى بار، ئەڭ ياخشىسى بەرمىگەن تۈزۈك. بىراق ئۇ پۇلنى سىغدۇرغىلى يەر تاپالماي قالغاندەك، ئەئانە بېرىشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرماي بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ناھايىتى نارازى بولغان ھالدا قەغەزگە «20 مىڭ سوم بېرىمەن» دەپ يېزىپتۇ.

بوۋاي ئۈچ ئوغلىنىڭ بەرمەكچى بولغان پۇلىغا يارىشا:

«مەن مىراسىمدىن چوڭ ئوغلۇمغا 200 مىڭ سوم، ئوتتۇرانچىسىغا 100 مىڭ سوم، كەنجىسىگە 20 مىڭ سوم ئاتىدىم، قالغىنىنى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلسۇن!» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ ۋە خاتىرجەم كۆز يۇمۇپتۇ①.

## ئانىنىڭ پۇتى

ياپونىيەدىكى بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىگىت ئەمەلىي كۈچى زور بىر شىركەتكە كېلىپ يۈزتۇرا سىناققا قاتنىشىپتۇ. سىناقچى بۇ يىگىتتىن:

①داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى.

— سىز ئانىڭىزنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ باققانمۇ؟ — دەپ سورايتۇ. بۇ يىگىت سىناقچىنىڭ سوئالىدىن ھودۇقۇپ يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتىپتۇ. سىناقچى:

— ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە بىر كېلىڭ، لېكىن ئانىڭىزنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ بولۇپ ئاندىن كېلىشىڭىز شەرت، — دەپتۇ.

يىگىت ناھايىتى خىجالەتچىلىكتە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ سىناقچىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سىناقچىنىڭ تەلىپى بويىچە ئانىسىنىڭ پۇتىنى بىر قۇچاقلاپ باقماقچى بولۇپتۇ.

بۇ يىگىت ئاتىسىدىن كىچىك قېلىپ، ئانىسى بىلەن بىللە غۇربەتچىلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن، ئانىسى ئۇنى ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۇرۇپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقانىكەن. بىراق بۇ يىگىت ئانىسىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ باقمىغانىكەن.

يىگىت ئۆيگە قايتقاندا ئانىسى تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇ «ئانام ئۇزاق يىل سىرتلاردا يۇرۇپ، ھالىدىن كەتكەندۇ، بۈگۈن كەچ مەن ئانامنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ بىر ئۇۋۇلاپ قويىمىسام» دەپ ئويلاپتۇ.

ئانىسى ناھايىتى كەچ ئۆيگە قايتىپتۇ. يىگىت ئانىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، داسقا ئىسسىق سۇ ئېلىپ كېلىپ ئوڭ قولىدا لۆڭگىنى، سول قولىدا ئانىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپتۇ. يىگىت ئانىسىنىڭ پۇتىنىڭ ياغاچتەك قاتتىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، بىردىنلا ئانىسىنىڭ پۇتىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە ئۆزىنى تۇتالماي ئۇزاققىچە يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئانىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

ئەتىسى يىگىت كېلىشكەن ۋاقىتتا شىركەتكە بېرىپ ناھايىتى سالماقلىق بىلەن سىناقچىغا:

— مەن ئادەم بولماقنىڭ تەسلىكىنى، يارامىلىق ئادەم بولماقنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىقىنى ئەمدىلا بىلدىم. سىز ماڭا ناھايىتى ئاددىي بىر قائىدىنى، يەنى ئادەم پەقەت ئانىسىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردىڭىز، — دەپتۇ. سىناقچى بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ:

— ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشۈڭ، — دەپتۇ.

سىناقچىنىڭ مەقسىتى يىگىتنىڭ دىتىنى ئىدىتلاش، بۇ ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

يىگىت شۇنىڭدىن باشلاپ ئانىسىنىڭ جەبىر - جاپالىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، بىر مىنۇتمۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، تىرىشىپ ئىشلەپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن چوڭ بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ[1].

---

[1] بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.

# كۆز ئەقىل كۆرسە كۆرەر

سۇلىرى شارقىراپ ئېقىۋاتقان چوڭ ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈك بېشىدا ئاپتاپ بىلەن شامال بەس تالىشىپ قاپتۇ، شامال دەپتۇ:

— ئىككىمىز ئەلمىساقتىن ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ كەلدۇق. بىلىشىمچە، ئادەملەر تۇغۇلۇپ تاكى تىنىقىدىن قالغۇچە كۆزىگە تايىنىدىكەن. كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدىكەن.

— بۇ گېپىڭ خاتا، — دەپتۇ ئاپتاپ، — ئادەملەر كۆزىدىن كۆرە ئەقىل، سېزىمىگە تايىنىپ مەقسەتلىرىگە يېتەلەيدۇ.

— ياق، ئادەملەرگە كۆز ھەممىدىن مۇھىم!

— ئەقىل، سەزگۈ ھەممىدىن مۇھىم…

تالاش ـ تارتىش داۋاملىشىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئاپتاپ، — سەن كۆزى ساق، ئەمما ئەقىل، سەزگۈسى زىيانغا ئۇچرىغان بىر ئادەمنى تاپ؛ مەن ئەقىل، سەزگۈسى بېجىرىم، ئەمما كۆزى كور ئادەمنى تاپاي، شۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قايسىمىزنىڭ ھەق، قايسىمىزنىڭ ناھەقلىقىنى ئايرىمامدۇق، — دەپ ئاپتاپ بىلەن شامال كېلىشىپتۇ.

ئاپتاپقا ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتقىنىچە ئۆز يولىنى تېپىپ كېتىۋاتقان ئەما كىشى ئۇچراپتۇ. شامالغا ئۆزى كېلىشكەن، يۈرىكى چىلاشقۇدەك ئېچكەن، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل دەسسەپ، دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقان بىر مەست كىشى ئۇچراپتۇ. ئاپتاپ بىلەن شامال ئۆزلىرى تاپقان ئىككى كىشىنى كۆۋرۈك بېشىغا ھازىر قىپتۇ.

— ئالدى بىلەن سېنىڭ ئادىمىڭ مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ باقسۇنچۇ! — دەپتۇ ئاپتاپ.

شامال مەست كىشىگە نېمىلەرنىدۇر دەپتۇ. ھېلىقى مەست «چاتاق يوق!…» دېگىنىچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، كۆۋرۈككە قەدەم بېسىپتۇ، ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارا ـ بارمايلا مەينىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئاپتاپ ئۇنى قىرغاققا چىقىرىپ، دەرەخكە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئاپتاپ ئەما كىشىگە بىر نەرسىلەرنى دەپتۇ. ئەما كىشى بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۆۋرۈككە يېقىنلاپ كەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن سۇنىڭ ئاۋازىنى ئوبدان تىڭشاپتۇ. ئاندىن ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىنى مۆلچەرلىۋېلىپ، ئوتتۇرا ئارىلىقىنى بەلگىلىۋېلىپ، شۇ يۆنىلىشنى بويلاپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— قانداق، قايىل بولغانسەن؟ — دەپتۇ ئاپتاپ.

— توغرا يەكۈنگگە قايىل بولدۇم، — دەپتۇ شامال.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا «كۆز ئەمەس، ئەقىل كۆرىدۇ»، «كۆز دېگەن كامار ئېمە، كۆرمىسە بىكار نېمە» دېگەن ئاتىلار سۆزى شۇنىڭدىن قالغانىكەن①.

## ئارمان ۋە رېئاللىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر نامرات دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە قانداق باي بولۇشنىلا ئويلايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئايالى بىر دانە تۇخۇم سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقاننىڭ خىيال كەپتىرى پەرۋاز قىپتۇ. ئۇ دېھقان ئايالىغا شۇنداق دەپتۇ: — ناۋادا بۇ تۇخۇمنى باستۇرۇپ چۈجە چىقارساق، ئۇ چۈجە چوڭايغاندا تۇخۇم تۇغسا، ئۇ تۇخۇمنى يەنە باستۇرساق… شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر مۇنچە توخۇيىمىز بولسا...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دېھقاننىڭ ئايالى قىزىقسىنىپ سوراپتۇ: — يەنىچۇ؟

دېھقان دەپتۇ: — ئۇ توخۇلىرىمىزنى بىر تۇياق قويغا تېگىشسەك، ئۇ قوي قوزىلىسا، ئاندىن قويلىرىمىزنى كالىغا تېگىشسەك، كالا موزايلىسا… شۇنداق قىلىپ بىر قوتان كالىمىز بولسا…

ئايال يەنە سوراپتۇ: — ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

دېھقان كەپتۇ: — كالىلارنى سېتىپ يەر ئېلىپ ئۆي سالساق، ئاندىن توقال خوتۇندىن بىرنى ئالسام…

بۇ گەپكە جۇدۇنى ئۆرلىگەن ئايال قولىدىكى تۇخۇمنى يەرگە ئېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن دېھقاننىڭ كاللىسىدىكى شېرىن خىياللىرى چاقماق تېزلىكىدە كۆپۈككە ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كەم - كوتىسىزلىق ئۇ بىر خىل يوقسەك نىشان ۋە بىر تۈرلۈك غايىدىنلا ئىبارەت. چۈنكى رېئاللىق ئەزەلدىنلا كەم - كوتىسىز بولۇپ باققان ئەمەس. شۇڭا رېئاللىقنىڭ نۇقسانلىق تەرەپلىرىگە توغرا قاراپ، ئۇنى دادىللىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، شۇ ئاساستا جەمئىيەتكە ماسلىشىپ، ئۆزۈڭنى ئۆزگەرتىپ بېرىشىڭ لازىم.***

## تەڭسىزلىك ئىچىدىكى تەڭپۇڭلۇق

بىر سودىگەر بازاردىن بىر دانە تام سائىتى بىلەن بىر دانە تارازىنى ئەكىلىپ قازناقتا قويۇپ قويۇپتۇ. ئىككى تەرىپىدىن تەخسىسى پۇلاڭلاپ تۇرغان تارازا، تام سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ چىكىلداپ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەپتۇ.

①«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.

— ھەي، ئىككى تەرىپىمدە ئىككى دانە تەخسە بار - دە مېنىڭ، — دەپ ئويلاپتۇ تارازا، — مەنمۇ ئاۋۇ تام سائىتىنىڭ ئىستىرېلكىسىدەك تەڭپۇڭ تۇرۇپ بىر دائىرىنى ئايلىنالىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە!

تارازا ئاشۇ خىياللار بىلەن شۇنداق پىرقىراپتىكەن، سول تەرەپتىكى تەخسىسى تاراڭگىدە قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن دەلدۈگۈنۈپ كەتكەن تارازىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپتۇ. بىراق ئۇ ئۆزى شۇنداق دەپ ئويلاپتۇ: «تەڭپۇڭلۇقۇمنى بۇزۇۋاتقان نەرسە دەل مۇشۇ تەخسە دېگەن كاساپەتكەن - دە، ئوڭ تەرىپىمدىكى تەخسىمۇ يوقالسا، تەڭپۇڭلۇقۇمنى ساقلىيالايدىكەنمەن ئەمەسمۇ!» بۇنى سەزگەن ئوڭ تەرەپتىكى تەخسىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ - دە، سەكرەپلا يەرگە چۈشۈۋاپتۇ.

ئىككى تەرەپتىكى تەخسىسىدىن ئايرىلغان تارازا تەڭپۇڭلۇقىنى تامامەن يوقىتىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سودىگەرنىڭ ئوغلى قازناققا كىرىپ ھېلىقى تارازىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە

— ۋۇي، بۇ ئەسكى تارازىنى كىم قويۇپ قويغاندۇ؟ — دەپلا ئۇنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ، ھېلىقى تام سائىتىنى قولتۇقلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى سائەت سودىگەرنىڭ ئىشخانىسىدا چىكىلداپ مېڭىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا شۇنداق سۈزۈك ۋە يېقىملىق ئىكەن. ئەمما ھېلىقى تارازا ئاللىقاچان داتلىشىپ بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇنى ئىگىسى شارا - باراچىغا سېتىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ تارازىنى ئەسكى تۆمۈر - تەسەكلەر قاتارىدا ئېرىتىۋېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***دۇنيادا مۇتلەق تەڭپۇڭلۇقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلگىن؛ كۆڭلىرىم خۇشال - خۇرام ئۆتسۇن دېسەڭ، رىئاللىقنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىدىن قانائەت تېپىپ، ئاشۇ تەڭپۇڭسىزلىق ئىچىدىن ھەقىقىي تەڭپۇڭلۇقنى ئىزدەپ تېپىشنى ئۆگىنىۋال.***

## بەخت بىر تۇيغۇدىنلا ئىبارەت

شەھەرلىك چاشقان بىلەن سەھرالىق چاشقان دوست بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى سەھرالىق چاشقان شەھەرلىك چاشقانغا مۇنداق دەپ خەت يېزىپتۇ: «شەھەرلىك دوستۇم! ۋاقتىڭ بولسا بىزنىڭ سەھراغا كېلىپ كەت. بىزنىڭ بۇ يەردە سەھرانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، ئارامخۇدا ياشىۋالغىن.»

شەھەرلىك چاشقان خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال سەھراغا كەپتۇ. سەھرالىق چاشقان ئۇنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئارپا ۋە بۇغداينى قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن

شەھەرلىك چاشقان شۈنداق دەپتۇ: «سەن بەك جاپادا ياشايدىكەنسەن. بۇ يەردە يەيدىغاندىن باشقا ھېچنېمە يوقكەن. نېمانچە مەززىسىز تۇرمۇش بۇ؟ يەنىلا مېنىڭ ئۆيۈمگە بارغىن، مەن سېنى راسا بىر كۈتۈپ قوياي!»

شۈنداق قىلىپ سەھرالىق چاشقان شەھەرلىك چاشقاننى ئەگىشىپ ئۇنىڭكىگە بېرىپتۇ.

سەھرالىق چاشقان شەھەرلىك چاشقاننىڭ ھەشەمەتلىك، پاكىز تۇرالغۇسىدىن ھەۋەسى كەپتۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ سەھرادا ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئېتىزمۇئېتىز قاتراپ، ئارپا بىلەن بۇغداي يەيدىغانلىقى، قەھرىتان قىشلاردا يەنە قار ئاستىدىن ئوزۇق ئىزدەيدىغانلىقى، تومۇزلاردا بولسا جاپا چېكىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ شەھەرلىك چاشقانغا قارىغاندا بەك جاپالىق ھايات كەچۈرىدىغانلىقىغا ئېچىنىپتۇ.

ئۇلار بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن تاماق ئۈستىلىنىڭ تۆپىسىگە ئۆمىلەپ چىقىپ، ئېسىل تائاملارنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بىراق تۇيۇقسىزلا تاراققىدە ئىشىك ئېچىلىپ ئاشخانىغا ئۆي ئىگىسى كىرىپ كەپتۇ. ئىككى چاشقان قورققىنىدىن يۈرەكلىرى ئاغزىغا تىقىلغىنىچە دەرھال قېچىپ بۇلۇڭدىكى تۆشۈككە كىرىۋاپتۇ.

سەھرالىق چاشقان قورقۇپ كەتكەچكە قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن شۈنداق دەپتۇ: «مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ سەھراسىغا بېرىپ، ئارامخۇدا كۈنۈمنى ئالاي. سېنىڭكىدە ھەشەمەتلىك ئۆيدە تۇرۇپ، ئېسىل تائاملارنى يېگىنىم بىلەن ھەر كۈنى دەككە - دۈككىدە ئۆتىدىكەنمەن. قىسقىسى، كۈنۈڭ يەنىلا مېنىڭ سەھرايىمدىكىدەك بەختلىك ئەمەسكەن.» ئۇ شۈنداق قىلىپ ئۆز سەھراسىغا يېنىپ كەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەقىقىي بەخت ئىنتىلىش جەريانىدا بولىدۇ. بۇ جەريان گەرچە شادلىق ۋە ئازابقا تولغان جەريان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەمنى بەخت لەززىتىدىن مەست خۇش قىلالايدۇ.***

## تاللاشنىمۇ شاللاشنىمۇ بىل

ئوۋ ئوۋلاشنى ئەمدىلەتىن ئۆگىنىۋاتقان بىر ياش پېشقەدەم ئوۋچى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇزۇن ماڭمايلا دەرەخلىقتە ئۇلارغا ئىككى توشقان ئۇچراپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياش ئوۋچى ھاپىلا - شاپىلا مىلتىقىنى قولغا ئاپتۇ. ھېلىقى ئىككى توشقان ئىككى تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. توشقانلاردىن بىرىنى ئاتسا يەنە بىرىنىڭمۇ قېچىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ياش زادى قايسىسىنى ئېتىشنى ئۇقماي، مىلتىقنى ھېلى ئۇ توشقانغا، ھېلى بۇ توشقانغا بەتلەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن توشقانلارنىڭ ئىككىلىسى كۆزدىن

يىتۈپتۇ، ياش ئوۋچى بۇنىڭغا ئىنتايىن پەرىشان بوپتۇ.

پېشقەدەم ئوۋچى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئىككى توشقان ئىككى تەرەپكە قاراپ قاچتى. بىراق ئوقۇڭ ھەرقانچە تېز بولسىمۇ، ئىككىسىگە تەڭ تېگىشى مۇمكىن ئەمەس - تە! مۇھىمى سەن نىشانىڭ بىرەرسىنى تاللاپ ئوق ئېتىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلساڭ ھازىرقىدەك قۇرۇق قول قالمايسەن.

***ھېكمەت:***
***كىشىلىك ھاياتتا قوغلىشىمىزغا، ئىنتىلىشىمىزگە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن نىشانلار بولىدۇ. بىراق ھەممە نىشانغا بىرلا ۋاقىتتا يېتەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.***

## دۇنيادا مۇتلەق ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس

ئەمدىلا تىكىلگەن بىر تۈپ كۆچەت يېنىدىكى تېرەككە باغلاپ قويۇلۇپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن كۆچەت تېرەكتىن سوراپتۇ:

— ھەي قېرى ئەبلەخ! نېمىشقا مېنى ئۆزۈڭگە چىڭ باغلىۋېلىپ، ئەركىنلىكىمنى بوغىسەن؟

— ئۇكام، — دەپتۇ تېرەك ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن، — تۇپراقتىن ئەمدىلا ئورۇن ئېلىپ تۇرۇپسەن، مەن تېرەپ تۇرمىسام يىقىلىپ كېتىسەن. مۇددىئايىم مۇستەھكەم يىلتىز تارتىپ، بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرىش كۈچۈڭنى ئاشۇرۇپ، بىمالال يېتىلىپ، يارامىلىق ماتېرىيال بولۇپ چىقىشىڭغا ياردەم بېرىشتۇر!

— قۇرۇق گەپ! دەپتۇ كۆچەت تېرىكىپ، — ئۇنداق بېلجىرلاشلىرىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ سەن بولمىساڭمۇ ئۆزۈم بىمالال يىلتىز تارتالايمەن. يۆلەپ تۇرمىساڭمۇ تۈپتۈز ئۆسەلەيمەن. ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر، جۇمۇ!

شۇنىڭ بىلەن كۆچەت شامالدىن پايدىلىنىپ ھەر كۈنى تولغىنىپ تېرەككە قەستەن سۈركىلىدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ باغلاقنى بوشىتىۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە شامالغا ئەگىشىپ ئۇياقتىن بۇياققا لىڭشىيدىغان بوپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ تۈۋىدىكى تۇپراق بوشاپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە بىر كۈنى يېرىم كېچىدە چىققان بوراندا ئۇ يىلتىزلىرى بىلەن بىراقلا قومۇرۇلۇپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىكى مەزمۇت تۇرغان تېرەك يەردە ياتقان كۆچەتكە قاراپ دەپتۇ:

— ئەمدىغۇ ئۆزۈل - كېسىل ئەركىنلىككە چىققانسەن؟

— ياق، — دەپتۇ كۆڭلى يېرىم بولغان كۆچەت، — مانا ئەمدىلا ئۆزۈمنىڭ

www.uyghurkitap.com

چەكلىمىگە موھتاج ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بىراق، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ ــ دە، ئىسىت!

***ھېكمەت:***
***دۇنيادا مۇتلەق ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، تۇرمۇشتا چەكلىمە كەم بولسا بولمايدۇ. دېمەك، سېنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىڭ ھەم ئىستىقبالىڭ ھەم چەكلىمىدۇر. شۇڭا، تۇرمۇش، نىشان ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن «چەكلىمە»نى بۇزۇشقا بىھۇدە ئۇرۇنمىغىن. ئەكسىچە، ئاشۇ چەكلىمىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن كۆزلىگەن نىشانىڭغا قاراپ قەدەممۇقەدەم پۇختا ئىلگىرىلىگىن.***

## مېھنەتسىز نېمەتكە ئالدىراپ قول ئۇزارتما

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى بىر نەچچە ياۋا توشقان قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى توشقانلار ئاۋۇپ بارغانسېرى غالجىرلىشىپ، ھەتتا شۇ ئەتراپتىن ئۆتكەن ئادەملەرگە خىرىس قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. تەجرىبىلىك ئوۋچىدىن بىر نەچچىسى بۇ ياۋا توشقانلارنى تۇتماقچى بولغانىكەن، بىراق ھېلىگەر توشقانلار زادى تۇتۇق بەرمەپتۇ.

بىر كۈنى، بىر مويسىپىت كىشى ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ ياۋا توشقان ئۇۋىلىغان ھېلىقى كەنتكە كەپتۇ. ھارۋىدا تاختاي ۋە بولكا بار ئىكەن. پېشقەدەم كىشى كەنتتىكىلەردىن ئۇنىڭ ياۋا توشقانلارنى تۇتۇشقا ھەمكارلىشىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. بىراق ھېچكىم بۇ پېشقەدەم كىشىنىڭ ياۋا توشقانلارنى تۇتالىشىغا ئىشەنمەي، ھەتتا ئۇنى مازاق قىپتۇ. بىراق ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى مويسىپىت كىشى كەنتكە كېلىپ، ياۋا توشقانلارنى تۇتۇپ، قاشاغا سولاپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ياۋا توشقانلارنى زادى قانداق قىلىپ تۇتالىغانلىقىنى سوراپتۇ.

مويسىپىت كىشى شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئالدى بىلەن ياۋا توشقانلارنىڭ ئوزۇق ــ تۈلۈك يەيدىغان جايىغا بېرىپ، شۇ يەرگە ئازراق بولكىنى قويۇپ قويدۇم. توشقانلار دەسلەپتە مەندىن ئۈركۈپ قاچتى. ئاخىر ئۇلار بۇنىڭغا قىزىقىپ يەنە كەلدى. ئالدى بىلەن قېرى توشقان قويۇپ قويغان نەرسىلىرىمنى پۇراپ باقتى ــ دە، ئاندىن يېدى. بۇنىڭ بىلەن باشقا توشقانلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى يەرگە ئالدىنقى كۈندىكىدىن جىققراق بولكا قويۇپ قويدۇم ۋە ئاشۇ بولكىلارغا يېقىنلا يەرگە بىر تاختاينى تىكلەپ قويدۇم. دەسلەپتە توشقانلار بۇ تاختىدىن قورقۇپ قاچتى. لېكىن «ئىگىسىز يېمەكلىك» ئۇلارنى قىزىقتۇرغاندى. شۇڭا، ئۇلار يەنە كېلىپ ھېلىقى بولكىلارنى يېدى. دېمەك، توشقانلار مېنىڭ قىلتىقىمغا چۈشۈپ بولغانلىقىنى سەزمىگەنىدى. بىر قانچە كۈن شۇنداق

قىلدىم. ھەر قېتىم بولكىنىڭ ئۆپچۆرىسىگە تىكىلگەن تاختايلار ئاخىر مۇكەممەل بىر قاشانى شەكىللەندۈردى. ئىشقىلىپ مەن ھەر قېتىم ھېلىقى يەرگە بولكىنى قويغىنىمدا ياۋا توڭگۇزلار دەسلەپتە ئۈركۈپ قاچاتتى ـ يۇ، لېكىن «مېھنەتسىز نېمەت» ئۇلارنى كېلىپ يېيىشكە قىزىقتۇراتتى. قاشامۇ تولۇق پۈتتى. توڭگۇزلار بولكىلارنى مەززە قىلىپ يېگىلى تۇرغاندا مەن قاشانىڭ ئىشىكىنى گاچچىدە ئەتتىم. شۇنداق قىلىپ «مېھنەتسىز نېمەت» كە بولغان ئىنتىلىش توڭگۇزلارنى ئاخىر ھالاك قىلدى.

***ھېكمەت:***

***ناۋادا مېھنەتسىز نېمەتكە ئالدىراپ قول ئۇزارتسالىڭ، ئاقىۋەتتە خۇددى ھېكايىدىكى توڭگۇزلاردەكلا ئۇستەكلەپ بەدەل تۆلەپ كېتىسەن!***

## پاراسىتلىك ۋە جاسارەتلىك بولمىسا

ئافرىقا يايلاقلىرىدىكى ھايۋانلار ھەر كۈنى كۈنى چىقىشى بىلەن تەڭ يۈگۈرۈشنى باشلايدىكەن. ئانا شىر ئارسلانلىرىغا شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن:

— تېز يۈگۈر، ئۈچقاندەك يۈگۈر! قېنى، يەنە تېز چاپ! سەن چوقۇم بۆكەنلەرنىڭ ئەڭ ئاستا يۈگۈرىدىغانلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشىڭ كېرەك. بولمىسا ئاچتىن ئۆلىسەن!

يايلاقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئانا بۆكەنمۇ بالىسىغا ئاشۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن:

— تېز يۈگۈر، ئۈچقاندەك يۈگۈر! قېنى، يەنە تېز چاپ! ناۋادا سەن ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغان شىردىن ئۆتۈپ كېتەلمىسەڭ، شىرغا يەم بولۇپ كېتىسەن!

***ھېكمەت:***

***ھەرقانداق ئىشتا باشقىلاردىن بىر قەدەم ئىلگىرى مېڭىپ، كەلگۈسى ھەققىدە باشقىلارغا قارىغاندا بالدۇرراق ۋە كۆپرەك بىر نەرسە ئىگىلىۋالالىساڭ، رىقابەتتە باشقىلاردىن غالىب كېلەلەيسەن.***

## قارىغۇلارچە ئۇستاتلىق قىلساڭ

ناھايىتىمۇ ئەقىللىق بىر چاشقان چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە قۇدرەتلىك كۈيئوغۇل ئىزدەپتۇ.

ئۇ شۇنداق قارىسا، كۈن ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنگە دەپتۇ: — ئەي كۈن! سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ، نېمىدېگەن زور كامالەت ئىگىسى ـ ھە! مەۋجۇداتلار سېنىڭسىز ياشىيالمايدۇ. شۇڭا ماڭا كۈيئوغۇل بولغىن. بولامدۇ؟

— يوقسۇ، — دەپتۇ كۈن، — مەن ئۇنچىۋالا كارامەت ئىگىسىمۇ ئەمەس، چۈنكى

بۇلۇت گاھىدا يۈزۈمنى توسۇۋالالايدۇ. شۇڭا سەن بۇلۇتنى كۆيۈئوغۇل قىلغىن.

چاشقان بۇلۇتقا دەپتۇ:

— ھەي بۇلۇت! سېنىڭ يېتۈك كارامىتىڭگە ھەقىقەتەن ھەۋەس قىلدىم. شۇڭا سېنى كۆيۈئوغۇل قىلىۋالغۇم بار!

بىراق بۇلۇت دەپتۇ:

— ياق. مېنىڭ كارامىتىم ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس. مېنىڭ كارامىتىم شامالغا يەتمەيدۇ. چۈنكى گاھىدا شامال مېنى ئۇچۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان چاشقان «كارامەت ئىگىسى ئەسلىدە شامالكەن ـ دە» دەپ ئويلاپ، شامالغا دەپتۇ:

— ھەي شامال! سېنى ئاخىر تاپتىم. سېنى كارامەتتە تەڭداشسىز، دەپ ئاڭلىدىم. شۇڭا چىرايلىق قىزىمنى ساڭا بېرەي! تاغاردىن توقماق چىققاندەك بۇ گەپكە ھەيران قالغان شامال قوشۇملىرىنى تۈرۈپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— قەدىرلىك قىزىڭنى تامغا بەرگىن. چۈنكى ئۇ گاھىدا مېنى مات قىلالايدۇ.

بىراق چاشقاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان تام ئۇنىڭغا دەپتۇ: — مەن سىلەر چاشقانلاردىن قورقىمەن. چۈنكى سىلەر تۈۋۈمنى كولاپ، مېنى غۇلىتىۋېتەلەيسىلەر. شۇڭا مەن ساڭا كۆيۈئوغۇل بولۇشقا لايىق ئەمەسمەن.

بۇنى ئاڭلىغان چاشقان ئويلاپتۇ: تام چاشقاندىن قورقسا، ئۇنداقتا چاشقان نېمىدىن قورقىدىغاندۇ؟ چاشقان تۇيۇقسىزلا ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ «بىزنىڭ كۈشەندىمىز مۈشۈك، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىڭلار» دېگەن نەسىھەتىنى ئەسكە ئاپتۇ. ئۇ دەرھال مۈشۈكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— مۈشۈك ئاكا! سىزنى ئاخىر تاپتىم. پاراسەت، ئىقتىدار، كارامەت ۋە مەرتىۋە ئىگىسى ئەسلى سىزكەنسىز. شۇڭا ماڭا كۆيۈئوغۇل بولۇڭ!»

مۈشۈك بۇنىڭغا دەرھال رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

— بەك ياخشى بولدى. قىزىڭىزنى ئەمرىمگە ئالاي. تويىنى بۈگۈن ئاخشاملا قىلاي!

بۇنىڭدىن خۇشاللىقتا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن چاشقان قىزىمغا كۆڭۈلدىكىدەك جۈپتىنى تاپتىم دەپ ئويلاپ، شېرىن خىياللار بىلەن مەستخۇش بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

چاشقان شۇ كۈنى كېچىسىلا قىزىنى چىرايلىق ياساپ ـ جابدۇپ، چاشقان پارات ئۆمىكىنى تەكلىپ قىپتۇ ۋە قىزىنى مەيگە سېلىپ، پانۇس، داقا ـ دۇمباقلار بىلەن يىگىتىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بىراق قىز كۆچۈرۈپ كەلگەن مەپە ئىشىكتىن كىرەر ـ كىرمەيلا، كۆيۈئوغۇل چاشقانغا ئېتىلىپ كەپتۇ ـ دە، تېخى مەپىدىن چۈشۈشكىمۇ ئۈلگۈرۈپ بولالمىغان چاشقان كېلىننى تۇتۇپلا يەۋېتىپتۇ. بۇنى ئەقىللىق چاشقان ئانا ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن.

***ھېكمەت:***
***جەمئىيەتتە ياشاش ئۈچۈن يەنىلا مەسىلىلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن يۈختىلا ئويلىغىنىڭ تۈزۈك. ھەرگىزمۇ يۈقىرىقى ھېكايىدىكى چاشقانىغا ئوخشاش ئۇستاتلىق قىلمەن، دەپ مىختا ئۇسۇپ سالما.***

## ئالدىراقسانلىقتىن ئاۋارىچىلىككە قالسەن

چارپاقا بىلەن مىڭئايىغ دوست ئىكەن. بىر كۈنى چارپاقا مىڭئايىغدىن سوراپتۇ:
— مەنمۇ سۇدا ياشايمەن. بىراق تېنىم نېمىشقا سىلەرنىڭكىدەك پاكىز ئەمەس؟
مىڭئايىغ گەپنى باشلاپتۇ:
— مەن تۇغۇلغان چاغدا، ئاپام بىر چۈگۈن سۇنى قاينىتىپ...
چارپاقا بەك ئالدىراقسان بولغاچقا مىڭئايىغنىڭ گېپى تۈگىمەيلا قوشۇق ساپتۇ: — سەن قايناق سۇغا سەكرەپ چۈشتۈڭ...؟
مىڭئايىغ ئەسلىدە «قايناق سۇغا تېرىغا كەلگەندىن كېيىن ئاپام مېنى پاكىز يۇيۇپ ئۇستۇمگە بىر قەۋەت ماي سۈۋاپ قويۇپتۇ. شۇڭا بەدىنىم مۇشۇنداق پاكىز تۇرىدىكەن» دېمەكچىكەندۇق. بىراق چارپاقا ئالدىراپ كېتىپ، گەپنىڭ ئايىغى چىقماستىنلا كوچىلاپ سوراپتۇ:
— سەن ئۇنىڭغا سەكرەپلا چۈشتۈڭ؟
چارپاقىدىن كەيپى ئۇچقان مىڭئايىغ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا «ھەئە» دەپتۇ.
چارپاقا دەرھال ئايىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قايناق سۇدا يۇيۇپ قويغىن، دەپ جېدەل قىپتۇ. ئۇنىڭ ئاپىسى «بىراق...» دەپ ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىغا، چارپاقا ئاپىسىنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىپتۇ:
— مەن مىڭئايىغدىن سورىدىم. ئۇ قايناق سۇدا يۇيۇنۇپتىكەن. ئۇنىڭ بەدىنى شۇڭلاشقا ئاشۇنداق پاكىز ئىكەن. چار پاقىنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. قازاندىكى سۇ قاينىشى بىلەن تەڭلا، چارپاقا قازانغا چولتۇككىدە سەكرەپتۇ. ۋاراقلاپ قايناۋاتقان سۇ چارپاقىنىڭ بەدەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاللا - تۇۋىسىنى كۆرسىتىپتۇ. كۆيۈككە چىدىيالمىغان چارپاقا دەرھال قازاندىن سەكرەپ چىقىۋاپتۇ. بىراق ئۇنىڭ بەدەنلىرىنىڭ ھەممە يېرى ئالا قالماي كۆيۈپتۇ. چارپاقىنىڭ كۆيۈك يارىلىرى ساقايغان بولسىمۇ لېكىن بەدىنى ئاشۇنداق ئالاپاساق ۋە مۇدۇر - چوقۇر بولۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ناۋادا ھەمىشە ئالدىراقسانلىق ۋە تاقەتسىزلىك قىلىپ چېچىلساڭ، كاللاڭ قىزىپ ئاسانلا خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويىسەن - دە، خۇددى پاكىزلىنىشقا***

***ئالدىراپ كەتكەن چارپاقنىڭ قايناق سۇغا سەكرەپ بەدىنىنى كۆيدۈرۈپ بەتبەشىرە بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش ئۆزۈڭگە ئازارچىلىق تېپىۋالىسەن.***

## نەپسىڭ چەكتىن ئاشسا بېشىڭغا بالا ـ قازا كېلىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىچى بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئۆڭكۈردە بىر خەزىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بۇنداق جىق ئالتۇنلارنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇڭا، ئۇ ئالتۇنلاردىن بىر كاللەك ئالغاندىن كېيىن، قويلىرىنى ھەيدەپ قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى بايغا ئەينەن ئېيتىپتۇ ۋە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلارنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. باي ئالتۇننى كۆرۈپ ئۇنىڭ راست ئېكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، پادىچى بالىنى يېنىغا تارتىپ، ئالتۇن بار غارنىڭ نەدىلىكىنى سوراپتۇ. پادىچى ھېلىقى خەزىنىنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. باي شۇ ھامان خوجىدار ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى چاقىرىپ ھېلىقى غارغا بارماقچى بوپتۇ. پادىچى ئۇلارغا يول باشلاپتۇ.

باي خەزىنىدىكى ئالتۇنلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ. ئۇ: «مانا ئەمدى قالتىس بېيىپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئالتۇنلارنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئاپتۇ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ ئالتۇنلارنى جىق ـ جىق ئېلىپ، پادىچى بالىنى قوغلىۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا غاردىكى ئېغىزنىمۇ ئېتىلىدىغان ۋاقىت يەتتى. غارنىڭ ئېغىزى ئېتىلگەن ھامان بىرەر تال ئالتۇننى ئېلىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا جېنىڭدىنمۇ ئايرىلىسەن. تولا ئاچ كۆزلۈك قىلما!

بىراق بۇ گەپلەر باينىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ، — بۇ غار شۇنچىۋالا چوڭ ھەم پۇختا تۇرسا، ھەر قانچە يوغان تاش چۈشسىمۇ مېنى بېسىۋېلىشى ناتايىن، — دەپ ئويلاپتۇ باي، — ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىۋالا جىق ئالتۇنلار تۇرسا، ئۇنى ئالمىغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئەخمەق، نېمىدىن قورقاتتىم؟ بۇ ئالتۇنلارنى ئېلىۋالسام غاردىن چىققاندىن كېيىن بىراقلا بېيىپ كېتىمەن. شۇنداق قىلىپ باي ئالتۇنلارنى غارنىڭ سىرتىغا توشۇماقچى بوپتۇ. شۇ ئەسنادا چاقماقنىڭ ئاۋازى يەر ـ جاھاننى لەرزىگە ساپتۇ، يەردىن تۇيۇقسىز ئۆرلىگەن ماگما غار ئېچىنى بىر ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ غار ھېلىقى باينىڭ قەبرىسىگە ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***نەپسىڭ چەكتىن ئاشسا، بېشىڭغا بالا ـ قازا كېلىدۇ. چۈنكى نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرسەڭ، كۆزۈڭ تورلىشىپ گەندىگە چۈشۈپ كەتكەن مەنپەئەتنىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ پۇۋلىمەي ئاغزىڭغا سالىسەن. بۇ خىل قىلمىش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىدۇ، خالاس.***

## ھەر دائىم ئۆزۈڭ ئۈستىدە ئويلان

رەڭدار چوڭ كېپىنەك قوشنىسى كۆل رەڭ كىچىك كېپىنەكنى تىرىكتاپ، ھۆرۈن دەپ مازاق قىلىدىكەن.

— قارىغىنا ئەپتىڭگە، كىيىملىرىڭ نېمانچە مەينەت، — دەيدىكەن رەڭدار كېپىنەك كۆل رەڭ كېپىنەككە، — ئەبەدىي يۇساڭمۇ پاكىز لانمايسەن. كۆل رەڭ بەدەنلىرىڭنىڭ ئۈستىدىكى سەپكۈنلىرىڭچۇ تېخى! قارىغىنا ماڭا، ئۈستىبېشىم گۈلدەك چىرايلىق. نەگىلا بارسام كىشىلەر مېنى ئەتىۋارلايدۇ، باغچىلاردا باللار ماڭا پېتىشەلمەي ئاۋارە. يىگىتلەر «رەڭدار كېپىنەكتەك چىرايلىق قىزغا ئۆيلەنسەم» دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ھەتتا ئۈششاق ھەسەل ھەرىلىرىمۇ مېنى بىر دەستە گۈلمىكىن دەپ ئارقامغا كىرىۋالىدۇ، تېخى! رەڭدار كېپىنەك باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىپ، كۆل رەڭ كېپىنەكنى ئاشۇنداق مازاق قىلىپ چۈشۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆل رەڭ كېپىنەكنىڭ سىنچى دوستلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ شۇنداق كۆزىتىپ قارىسا، كۆل رەڭ كېپىنەكنىڭ ئەمەلىيەتتە تىرىكتاپ، ھۆرۈن ئەمەسلىكىنى، ئەسلىدە ئۇنىڭ تېنىنىڭ تەبىئىي كۆل رەڭ ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى رەڭدار كېپىنەككە دەپتىكەن، بىراق ئۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

ھېلىقى كېپىنەك ئامالسىزلىقتىن رەڭدار كېپىنەكنى كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

— ئەسلىدە رەڭدار كېپىنەكنىڭ كۆزى يىراقنى كۆرەلمەس بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ دوختۇر.

بۇنى ئاڭلىغان باشقا كېپىنەكلەر چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ:

— ئەسلىدە كاشىلا ئۆزۈڭدىكەن - دە، بالدۇرراق ئۆزۈڭ ئۈستىدە ئويلىنىپ باقساڭچۇ؟

***ھېكمەت:***

***ئۆزۈڭ ئۈستىدە قايتا ئويلانساڭ بىرىنچىدىن، سۆز - ھەرىكىتىڭ ۋە نىشانىڭنى توغرىلىيالايسەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزۈڭنى ئالغا يېتەكلىيەلەيسەن.***

## تەجرىبە ھەقىقەت ئەمەس

يىراق ئوكيان سەپىرىگە چىققان پاراخوت بەختكە قارشى دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن ھايات قالغانلار مىلىڭ تەسلىكتە بىر يېگانە ئارالغا چىقىۋاپتۇ.

بىراق بۇ ئارالدا تاشتىن ئۆزگە بىر نەرسە بولمىغاچقا ئۇلار ئاچلىقتىن بەك

www.uyghurkitap.com

قىينىلىپتۇ. بولۇپمۇ نەيزىدەك سانجىپ تۇرۇۋاتقان ئاپتاپ ۋە قاتتىق ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى بەك ئازابلاپتۇ. بىر يۇتۇم سۇ ئۇلار ئۈچۈن تۇتىيا بوپتۇ.

ئارالنىڭ تۆت ئەتراپى سۇ بولغىنى بىلەن دېڭىز سۈيى ھەم قىرتاق، ھەم تۇزلۇق بولغاچقا ئۇنى ئىچكىلى بولمايتتى.

شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى يامغۇر ياكى دېڭىزدا ئانچە - مۇنچە كۆلچەك قالىدىغان پاراخوتلاردىلا ئىكەن. بىراق ئۇ يەردىن ھېچقانداق پاراخوت ئۆتمەپتۇ؛ بىرەر تېمىم يامغۇرمۇ ياغماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇسسۇزلۇققا بارا - بارا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر - بىرلەپ جان ئۈزگىلى باشلاپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇسسۇزلۇقتىن جان تالىشىۋاتقان بىرەيلەن جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغان مەھەلدە قەتئىي بەرداشلىق بېرەلمەي دېڭىز سۈيىدىن غورتۇلدىتىپ تازا ئىچىۋاپتۇ.

بىراق دېڭىز سۈيى ئۇنىڭغا ئازراقمۇ قىرتاق ياكى تۇزلۇق تېتىماپتۇ. ئەكسىچە ئىنتايىن تەملىك بىلىنىپ ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. ئۇ «دېڭىز سۈيىنىڭ بۇنداق تەملىك بىلىنىپ كېتىشى ئېھتىمال مەندىكى سۇ تەشنالىقى پەيدا قىلغان تۇيغۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئاستا قىرغاققا چىقىپ، «دېڭىز سۈيىنى تازا ئىچتىم، ئەمدى چوقۇم ئۆلىمەن» دەپ ئەزرائىلنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىراق خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭدا باشقىچە ئۆزگىرىش بولماپتۇ. ئۇ كىشى بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەر كۈنى دېڭىز سۈيىگە تايىنىپ جان ساقلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇتقۇزغۇچى پاراخوت كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

كېيىن كىشىلەر شۇ يەردىكى دېڭىز سۈيىنى تەجرىبە قىلىپ كۆرۈپ، دېڭىز ئاستىدا بۇلاق بولغاچقا شۇ يەردىكى دېڭىز سۈيىنىڭ تامامەن ئىچكىلى بولىدىغان تاتلىق سۇغا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەر ھەرقانداق ئىشنى ئىلگىرىكى ئەندىزە بويىچە قىلىشنى خالايدۇ. چۈنكى شۇنداق قىلغاندا ئىشنى ئاسان ۋە تېز پۈتتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ نۇقسانلىق يېرى شۇكى، ئۇ ئادەمنى ئاسانلا ئەنئەنىنىڭ رامكىسىغا بەند قىلىپ قويىدۇ.***

## بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ بىر قېتىم ئەقىل تاپىسەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر بىلەيزۈك سودىگىرى بولغانىكەن. ئۇ بىر كۈنى بىر تاغار بىلەيزۈكنى يۈدۈپ تاغدىن ئېشىپتۇ. ئۇ بەك چارچاپ كەتكەچكە تاغىرىنى قويۇپ

دەرەخكە يۆلەنگىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويغانسا تاغار يوق تۇرغۇدەك. دەرەخنىڭ ئۇچىغا قارىسا ئۇنىڭ بىلەيزۈكلىرى دەرەختىكى مايمۇنلارنىڭ قولىدا تۇرغۇدەك. ئۇ تىللاپتۇ، قاقشاپتۇ. بىراق مايمۇنلار بىلەيزۈكنى تاشلاپ بەرمەپتۇ. ئۇ ئامالسىز ئۆيىگە كېتىپتۇ.

بىلەيزۈك سودىگىرى ئىككىنچى قېتىم شۇ يەردىن ئۆتكەندە يەنە شۇنداق ئىش يۈز بېرىپتۇ. ئۇ قاتتىق ئەندىشىگە قاپتۇ. چۈنكى بىلەيزۈكلىرىنى ئېلىۋالمىسا، ئۆيدىكىلىرى ئاچ قالىدىكەن. ئۇ تۇيۇقسىزلا مايمۇنلارنىڭ ئادەمنى دورايدىغانلىقىنى ئەسكە ئاپتۇ ــ دە، مايمۇنلارغا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپتىكەن، مايمۇنلارمۇ ئۇنى دوراپ قولىنى كۆتۈرۈپتۇ. ئۇ چاۋاك چاپتىكەن، مايمۇنلارمۇ چاۋاك چاپتۇ.

ئۇ ئەقىل تاپقاندەك قولىدىكى بىلەيزۈكنى يەرگە ئېتىپتىكەن، مايمۇنلارمۇ قولىدىكى بىلەيزۈكنى يەرگە ئېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان سودىگەر يەردىكى بىلەيزۈكلىرىنى تېرىپ ئاپىرىپ، بازاردا خېلى ئوبدان پۇلغا سېتىپتۇ.

سودىگەر ئۈچىنچى قېتىم شۇ يەردىن ئۆتكەندە، يەنە ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئاپتۇيۇ، لېكىن كۆز يۇمۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. بىراق مايمۇنلار ئۇنى ئۇنۇۋالغانىكەن. شۇڭا مايمۇنلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭ تاغىرىدىكى بىلەيزۈكلەرنى بۇلاپ كېتىپتۇ. لېكىن سودىگەر ئالدىرىماي ــ تەمتىرىمەي قولىدىكى بىلەيزۈكنى مايمۇنلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەرگە تاشلاپتۇ. ئەمما مايمۇنلار قولىدىكى بىلەيزۈكنى تاشلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا مىختەك تىكىپ جىم تۇرغۇدەك.

سودىگەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تىت ــ تىت بولۇپ تۇرغان چاغدا مايمۇنلارنىڭ پادىشاھى پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئاستا كېلىپ سودىگەر يەرگە تاشلىغان ھېلىقى بىلەيزۈكنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بىلىكىگە ساپتۇ ۋە سودىگەرگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

ــ بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىساڭ بىر قېتىم ئەقىل تاپىدىغانلىقىڭ دۇرۇس. لېكىن ئەقىل تاپىمەن دەپ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۆزىنى ئېتىش ھاماقەتلىكتۇر.

***ھېكمەت:***

***ھەممىدە ئارتۇقچە بەدەل تۆلەپ كېتىشتىن، ئەقىل تاپىمەن دەپ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۆزۈڭنى ئېتىشتىن، ئوخشاش بىر خاتالىقنى تەكرار سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلان. ئۇنداق قىلمىساڭ ھەتتا مەغلۇپ بولۇشقىمۇ يارىمايسەن!***

## جەمئىيەتنى چۈشەنسەڭلا ئۇنىڭغا ماسلىشالايسەن

پاقىلار ئاتا ــ بوۋىسىدىن تارتىپ تاغ ئېتىكىدىكى سازلىقتا ياشاپ كەپتۇ. بۇ خىل كونا قېلىپتىكى تۇرمۇشتىن زېرىككەن بىر قېرى پاقا كۆنىلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق دەپتۇ:

ــ ھەي! ئەلمىساقتىن بېرى مۇشۇنداق ياشاپ كەپتۇق. بۇ خىل تۇرمۇشتىن

زېرىكتىم. تاغ ئۈستى زادى قانداقراقتۇر؟ شۇ يەرگە بېرىپ تۇرۇپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ مىڭ بالالىقتا تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شۇ يەردىن باش تىققۇدەك بىر ماكان تېپىپتۇ. ئاسمىنى سۈزۈك، هاۋاسى ساپ، غۇر-غۇر شامال ئۆرۈپ تۇرىدىغان بۇ يەر ئۇنىڭغا گويا جەننەتتەك بىلىنىپ كەتكەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ تاغ ئۈستىگە چىقىپ ماكانلاشقانلىقىدىن بەك مەمنۇن بوپتۇ.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تاغ ئۈستىدە بىر تېمىممۇ يامغۇر ياغمىغاچقا، پاقىنىڭ نەمخۇش بەدەنلىرى يېرىلىپ، قان چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىپتۇ:

— ئەي، كەرەملىك پەرۋەردىگار! قۇرغاقچىلىقتا تېرىلىرىم چاك-چاك يېرىلىپ كەتتى. يامغۇر بەرسەڭچۇ، جېنىم ئامان قالسۇن!

پاقا هاسىراپ-هۆمۈدەپ شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا پەرۋەردىگاردىن غەزەپلىك سادا كەپتۇ:

— ئەي، ئەقىلسىز! يامغۇر دېگەن ئۇ سېنىڭ ئىلتىجايىڭغا قاراپ ياغدۇرىدىغان نەرسىمىدى؟ سەن تاغ ئۈستى بىلەن سازلىقنىڭ كىلىمات پەرقىگە پىسەنت قىلماي، تاغ ئۈستىگە چىقىۋالدىڭ. تاغ ئۈستى دېگەن سەن ئۆزۈڭ تۇرىدىغان يەر ئەمەس. شۇڭا، جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ، دەرهال سازلىققا قايت!

***هېكمەت:***

***پەقەت ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئىچكى دۇنياسىنى ئىگىلەپ، جاهاننىڭ ئىشلىرىدىن ئاز-تولا خەۋەردار بولساڭلا، ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ماڭدامدا بىر پۈتلىكاشاڭغا ئۇچراپ، يۆلەكسىز قالىسەن؛ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن.***

## تۈرمۈش سەهنىسىدىن ئۆزۈڭگە لايىق رولنى تاللا

زامانىي ئاۋۋالدا، بىر كۆلالچى ناهايىتى نەپىس ۋە چىرايلىق بىر كوزا ياساپ، ئۇنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ.

ئىگەم مېنى خاتا قويۇپ قويدى، دەپ ئىچى پۇشقان كوزا هەسرەت بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— مەن شۇنچىۋالا نەپىس ۋە چىرايلىق تۇرسام، ئىگەم نېمە ئۈچۈن مېنى خان ئوردىسىدىكى تەۋەررۈكلەر قاتارىغا تىزىپ قويمايدىغاندۇ؟ دۇكانغا ئاچىقىپ كۆرگەزمىگە قويۇپ قويغان بولسىمۇ، بۇ يەردە تۇرغاندىن ياخشىراق بولار ئىدى.

كوزىنىڭ ئاستىدىكى تاش ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ نەسىهەت قىپتۇ:

— بۇ يەرمۇ بولىدىغۇ؟ مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىم سېنىڭكىدىن ئۇزۇن تېخى!

بۇنى ئاڭلىغان كوزا تاشقا تەنە قىپتۇ:

— سەن قانچىلىك نېمە ئىدىڭ؟ كالاچ بازىرىدا تۇرۇشقا يارالغان كۆرۈمسىز تەگلىك تاشقۇ، سەن! قارىغىنا ئۇستۇمدىكى نەقىشلەرگە، سەن بىلەن بىللە تۇرۇشتىن نومۇس قىلىمەن، بىلسەڭ!

تاش دەپتۇ:

— دۇرۇس، مەن سەندەك چىرايلىق ئەمەس. مەن تۆرىلىشىمدىنلا تەگلىك بولۇشقا يارالغانمەن. بىراق، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىشتا سەندىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق…

— بېلجىرلىما! — دەپ ۋارقىراپتۇ كوزا غەزەپ بىلەن، — سەن تېخى ئۆزۈڭچە مەن بىلەن گەپ تالىشىۋاتامسەن؟ قاراپ تۇر، ئۇزۇنغا قالماي مەن خان ئوردىسىدىكى تەۋەررۇكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىمەن. ئۇ شۇنداق دەپ بىر يۇلقۇنۇپتىكەن، تاشنىڭ ئۇستىگە يىقىلىپ چۇشۇپ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىپتۇ. نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بىرەيلەن كىرىپ قارىسا كوزا سۇنۇقلىرىنىڭ ئاستىدا ھېلىقى تاش تۇرغۇدەك، ئۇ سىنچىلاپ قاراپتىكەن، ھېلىقى تەگلىك ئەسلىدە ناھايىتى قىممەتلىك قاشتېشى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى تاشنىڭ ئۇستىدىكى كوزا سۇنۇقلىرىنى سۇپۇرۇپ ئەخلەتكە تاشلاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇشتا ھەممە ئادەم ئۆز رولىنى ئەڭ يېتۇك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئۆزۈڭنىڭ جەمئىيەت سەھنىسىدىكى رولۇڭنى ئۆزۈڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشىغا ئاساسەن توغرا تاللىشىڭ كېرەك.***

## سۆرەلمە مىجەزىڭنى تاشلىساڭ تۇرمۇشقا يېقىنلىشالايسەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر پارسلىق سودىگەرنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ ئۆيىدە شوتا بولمىغاچقا سودىگەر ئوغلىنى قوشنىلارنىڭ شوتىسىنى سوراپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئوغلى كىچىكىدىن باشلاپلا شېئىرنامىلەرنى كۆپ ئوقۇغاچقا، ئۇنىڭ تۇرغان ـ يۈتكىنىشىنىڭ ھەممىسى نەزەرىيە ۋە بىلىم ئىكەن. ئۆزى ئىنتايىن قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىكەن. قىسقىسى، ئۇ ئوقۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلارغا خاس ئەدەپ ـ قائىدىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەنىكەن. دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بالا ئۆي ئىچىدىكى كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، مېھماندارچىلىققا بارغاندا كىيىدىغان مۇراسىم كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ ئالدىرىماي ئۆيدىن چىقىپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئوغلى ئادەتتە يول ماڭسىمۇ ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي ئېغىر ـ

www.uyghurkitap.com

بېسقلىق بىلەن تالىپلارچە ماڭىدىكەن. سودىگەرنىڭ ئوغلى ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، توققۇز تەزىم بىلەن ئايۋانغا كىرىپ، ئاندىن يەنە ئەدەپ ـ يوسۇنلارنى تولۇقى بىلەن بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇدۇل مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۆي ئىگىسى ئۇنى مېھمان بولۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالغاچقا شىرەگە دەرھال مەزە كەلتۈرۈپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلىمۇ سىپايىلىك بىلەن ئۆي ئىگىسىگە ھەشقاللا شارابى تۇتۇپتۇ.

تاماق ۋە شارابتىن كېيىن ئۆي ئىگىسى سودىگەرنىڭ ئوغلىدىن سوراپتۇ: ــ بۇ تەرەپلەرگە قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇ. نېمە ئىش بىلەن كېلىۋېدىڭىزكىن؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سودىگەرنىڭ ئوغلى كېلىشتىكى مەقسىتى ھەققىدە ئېغىز ئېچىپتۇ: ــ سىزدىن يوشۇرمايمەن. ئۆيىمىزگە بالا ـ قازا كېلىپ، ئۆيىمىزگە ئوت كەتتى. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتىدۇ. ئۆگزىگە سۇ چېچىپ ئوتنى ئۆچۈرەيلى دېسەك ئۇنىڭغا يەتكۈدەك شوتا يوق ئىكەن. شۇڭا، ھەممىمىز قان ـ ياش يىغلاپ قالدۇق. سىلەرنىڭ ئۆيدە ئېگىز شوتا بارمىش، دەپ ئاڭلىغان. شۇ ۋەجىدىن دادام مېنى ئاشۇ شوتىڭىزنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. شۇنى بېرىپ تۇرالارسىزمۇ؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى سەكرەپ كېتىپتۇ:

ــ ھەي سۆرەلمە مىجەز مۆرىمەس! سىز تازا ئۆچىغا چىققان تەپسە تەۋرىمەس بىر نېمىكەنسىز! ئۆي ئوت ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتسا، بۇ يەردە توققۇز تەزىم قىلىپ يۈرىسىز!

ئۆي ئىگىسى شوتىنى كۆتۈرۈپ، سودىگەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بىراق ئۇ يېتىپ بارغاندا ئۆي ئاللىقاچان كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ بولغانىكەن.

***ھېكمەت:***

***جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ھامان سۆرەلمە مىجەزىڭنى تاشلاپ، رېئاللىققا جانلىق يۈزلەن؛ جەمئىيەتنىكى رېئاللىق قويىنىدىن ئۆگەنگىنىڭكى، ھەرگىزمۇ «ئۆلۈك كىتابنى ئۆلۈك ئوقۇپ» ئاخىرى ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە بەند بولۇپ قالمىغىن!***

## كۆزنى ئېچىپ يولغا قارا

كونىلەرنىڭ بىرىدە ئاققۇ، قىسقۇچپاقا ۋە لايىپىگەك ئۈچەيلەن بىر ھارۋا مالنى شەھەرگە سۆرەپ ئەكىرمەكچى بوپتۇ. ئاققۇ ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلغىنى بىلەن يەردە مېڭىشنى ئانچە ئۇقمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ بىر تال ئارقاننى ھارۋىغا باغلاپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزى چىشلەپ تۇرۇپ ئاسماندا ئۇچۇپتۇ.

قىسقۇچپاقا مېڭىشنى ئانچە قاملاشتۇرالمايدىكەن. شۇڭا ئۇمۇ بىر تال ئارقاننى

ھارۋىغا باغلاپ، ئۇنىڭغا بىر ئۇچىنى يان تەرەپكە قارىتىپ سۆرەپتۇ.

لايىپگەك مېڭىشنى قەتئىي ئۇقمايدىكەن. ئۇمۇ ھارۋىغا باغلاقلىق ئارقانىڭ بىر ئۇچىنى كۆلچەكنىڭ تېگىگە قارىتىپ سۆرەپتۇ.

ئۇلار خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھارۋا بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرىلىمەپتۇ.

— شۇنچىۋالا سۆرەپ باقتۇق، لېكىن ھارۋا ئازراقمۇ ئالدىغا ماڭماپتىغۇ؟ بۇ ئۇچەيلەپ ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاراپ بېقىپتۇ. بىراق ھارۋىدا قىلچە چاتاق يوقكەن.

بىر چېچەن مايمۇن يولدىن ئۆتكەچ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى كۆرۈپ دەپتۇ: — ھەي، ھارۋا سۆرەشنىلا بىلىپ، يولغا قاراشنى ئۇقمايدىغان دۆتلەر! مۇشۇ يېتىڭلاردا ھارۋىنى سۆرەپ جۇلۇقىڭلار چىقىپ كەتسىمۇ، ھارۋاڭلار بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، بىلەمسىلەر؟

***ھېكمەت:***

***ئاۋادا كىشىلىك ھاياتىڭدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ كېلىدىغان نۇرغۇن پىلانلىرىڭ بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ تەپسىلىي پىلانىڭ ۋە ئاشۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇدىغان ۋاقىت جەدۋىلىڭ بولۇشى لازىم. شۇندىلا سەن ئۆزۈڭ ئويلىغان تۇرمۇشقا ئىگە بولۇپ، ئويلىغان ئىشلىرىڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن؛ شۇ ئاساستا باشلىغان ھەربىر ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى دېرەك بېرەلەيدۇ.***

## تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلان

ھېرىپ ھالىدىن كېتىپلا دەپ قالغان بىر ياۋا غاز قومۇشلۇقتا بىر دۆۋە يېمەكلىكنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئۇستىبېشى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە كۆز باغلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ياۋا غاز چەكسىز قومۇشلۇقتا تېنەپ قېلىپ، قومۇشلۇقتىن زادى چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ھاماقەت ياۋا غاز قورقۇپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ. ئۇ نېمە قىلارىنى ئۇقالماي، ئورنىدىن قىمىرلىماي تۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋاقىراپتۇ.

پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بىچارە جانىۋار! پەيلىرىڭ قۇرۇغان ھامان، قومۇشلۇقتىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ! كاللاڭنى ئىشلىتىپ باقماي تۇرۇپ ھە دېسىلا مەندىن مەدەت تىلىسەڭ قانداق بولىدۇ؟

**ھېكمەت:**

***ئۇلار ئۆزى تاللىغان بىرەر يول ئوڭۇشلۇق بولمىسا، دەرھاللا باشقىدىن قارار چىقىرىپ، ئۆزىگە باب كېلىدىغان يېڭى بىر يولنى تاللايدۇ. ئۇلار كىشىلىك ھايات يولىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ «مۇسابىقە»نى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا شەكسىز ئىشىنىدۇ.***

## ئىرادە ئەقىل ـ پاراسەتكە موھتاجدۇر

ئىككى پاقا قەدىناس دوستلاردىن ئىكەن. ئۇلاردىن بىرى كەنتكە يىراق سۇ كۆلچىكىدە، يەنە بىرى يول ياقىسىدىكى ئېرىقتا ياشايدىكەن.

ئۇلار بىرگە ئاپتاپسىنىۋاتقاندا كۆلچەكتە تۇرىدىغان پاقا دەپتۇ:

— ئاداش، مېنىڭ يېنىمغا كۆچۈپ كەلگىن؛ كۆلچەكنىڭ سۈيى ھەم سۈزۈك، ھەم پاكىز، يەيدىغان نەرسىلەرمۇ كۆپ.

— ياق ئاداش، ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ ئاشۇ ئېرىقتا تۇرۇپ كەپتىكەنمىز. شۇڭا ئۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ!

— بىراق، ئېرىق بەك خەتەرلىكقۇ. قارىغىنا، ئات ھارۋىلىرى ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرسا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن بېشىڭ ئاغرىمامدۇ؟

— ھا… ھا … ! ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ دەمسىنا؟ ـ ئېرىقتا ياشايدىغان پاقا كۈلۈپ كېتىپتۇ، ـ ھەي ئاداش، ئات ھارۋىسىنىڭ چاقىدىن چىققان غىچىر ـ غىچىر ئاۋاز ماڭا بەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ھەتتا گاھىدا ئۇ ماڭا ئەللەي ناخشىسى بولىدۇ، تېخى!

— بىراق … بىراق… مېنىڭچە سەن چوقۇم بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىشىڭ كېرەك ئىدى.

— ياق، مەن ھەرگىز كۆچمەيمەن!

كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئېرىقتىكى پاقا سۇدا يىراقتىن كېلىدىغان ھارۋىنىڭ غىچىر ـ غىچىر ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتقانىكەن. ھارۋا ئېرىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھارۋا چاقى ھېلىقى پاقىنى ماچچىدە بېسىۋېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

***ئادەمدە چوقۇم ئۆزىگە خاس ئىدىيە بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن باشقىلارنىڭ پىكرىنىمۇ ئويلاپ بېقىش زۆرۈر.***

## دۇنيانى ئۆزگەرتمەن دەيدىكەنسەن، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ئۆزگەرت

ئېپتىدائىي ئورماندا بىر توپ مولۇن ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مولۇن شاھ بىر يول ياساپ، تاشقى دۇنيانى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ قاپتۇ.

بىراق ئۇ باشقا مولۇنلارنى تاغ تېشىپ يول ياساشقا تەشكىللىمەستىن، پەرۋەردىگاردىن پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ ئالدى تەرەپتىكى تاغنى يۆتكىۋېتىشنى ئىلتىجا قىلىش قارارىغا كەپتۇ.

مولۇن شاھ بىرىنچى قېتىم پەرۋەردىگارغا شۇنداق دەپ ئىلتىجا قىپتۇ: — ئەي كەرەملىك ئىگەم! پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، ئالدىمىزغا توسۇپ تۇرغان تاغنى يۆتكىۋەتكىن. شۇنداق قىلساڭ، بىز ساڭا سادىق مۆرت سۈپىتىدە ئىقتىدا قىلىشنى خالايمىز!

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مولۇن شاھ ئۆزىنىڭ ئىلتىجاسىنى يەنە بىر قانچە نۆۋەت تەكرارلاپتۇ.

ئاخىرىدا مولۇن شاھ سەل — پەل جۇدۇنى ئۆرلىگەن ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پەرۋەردىگار! نېمە ئۈچۈن ئىلتىجايىمغا قۇلاق سالمايسەن؟ ئالدىمىزنى توسۇپ تۇرغان تاغنى يۆتكەشكە مەدەت بەرگىن. شۇنداق قىلساڭ، ساڭا تېخىمۇ ساداقەتمەن قۇل بولۇشقا رازىمىز!

دەل شۇ چاغدا ئەرشتىن شۇنداق ياڭراق بىر سادا كەپتۇ:

— قۇلاق سال، مولۇن شاھ! ئىلتىجايىڭنى باشتىن — ئاياغ ئاڭلىدىم. سىلەر پەقەت دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىلا ئۈمىد قىلىۋاتىسىلەر. بىراق ئۆزۈڭلارنى ئۆزگەرتىش خىيالىڭلارغا كېلىپ باقمىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ! سىلەر يول ياساش ئۈچۈن ئاز — تولا ھەرىكەت قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟

***ھېكمەت:***
***ئۆزۈڭنى ئۆزگەرتىشتە، ئىشنى ئالدى بىلەن ئىدىيەڭنى ئۆزگەرتىشتىن باشلا. ئادەم، ئۇ ئەسلىدىنلا ئۆز ئىدىيەسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.***

## تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئادەمنى ئۇچرىتىسەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ شاھزادىنى ئۆيلەمەكچى بوپتۇ. كېلىن بولغۇچى قىز قوشنا ئەلدە ئىكەن. پادىشاھ ئوردا ۋەزىرىنى قوشنا ئەلگە قىز كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر بېرىپ قىزنىڭ پەرىشتىلەردەك چىرايلىق رۇخسارىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. ۋەزىر قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۆزىچە ئويلاپتۇ:

— بۇنداق چىرايلىق قىز ئەلۋەتتە يۇرت ئاتىسى — پادىشاھقا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك — تە، — دېگەن ئويغا كەپتۇ.

توي كۆچۈرگۈچىلەر ئۆز ئېلىگە يېقىنلىشىپ قاپتۇ. خالايىقمۇ شاھزادە قوشنا ئەلدىن ئۆيلىنىپتۇدەك دېگەن خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ بولغانىكەن. بىراق ۋەزىر ھەممىدىن بۇرۇن ئوردىغا كىرىپ ۋە يېڭى كېلىننىڭ رۇخسارىنى ئۇنىڭغا تەسۋىرلەپتۇ.

ــ شاھزادەم قىزنى تېخى كۆرمىدى، ــ دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا، ــ شۇڭا ئۇ قىزنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمرلىرىگە ئالسىلا، شاھزادىگە باشقا بىر قىز تاپايلى.

پادىشاھ شەھۋەتپەرەس ئادەم بولغاچقا، ۋەزىرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ياغدەك يېقىپتۇ ۋە ۋەزىرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋەزىر قول ئاستىدىكىلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ، شاھزادىگە ئاتاپ ئەكەلگەن قىزنى ھەش - پەش دېگۈچە پادىشاھقا توقال قىلىپ بېرىپتۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن ۋەزىر ھەم خۇش بوپتۇ ھەم ئەندىشىگە قاپتۇ. خۇش بولغىنى يېرى: پادىشاھ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئەندىشە قىلىدىغان يېرى: ئۇ شاھزادىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شاھزادە كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھامان ھوقۇق بېشىغا چىقىدۇ، دېگەن گەپ. شۇڭا بىر كۈنى ۋەزىر پادىشاھقا دەپتۇ:

ــ شۇ ئىشتىن كېيىن شاھزادە ماڭا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. مېنىڭ بىرەر تالاپەتكە ئۇچرىشىمغىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. لېكىن شاھزادەم ھازىر سىلىگە چىش بىلەپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە لەشكەر ھوقۇقى شۇنىڭ قولىدا؛ يات ئەللەرنىڭ مەددىتىگە نائىل؛ ئۇستازىمۇ ئۇنىڭ قولىقىنى بۇراۋاتىدۇ. شۇڭا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ سىلىگە تىغ كۆتۈرۈپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

پادىشاھ ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىنىڭ شاھزادىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۆرە تېرىسىنى كىيىپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرەر بالا - قازانىڭ بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شاھزادە بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ئەمر قىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قالغان شاھزادە مىڭ بالالىقتا يات ئەلگە قېچىپ كېتىپ جېنىنى ساقلاپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***قانۇن - قائىدە، ئەدەپ - يوسۇن، ئادەمگەرچىلىك، ئادالەت ۋە ئەخلاق دېگەنلەرنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىش ــ چاكىنىلارنىڭ خاراكتېرىدۇر.***

## مەسىلىنى پىرىنسىپ ئاساسىدا جانلىق ھەل قىل

بىر كۈنى شىر بۆرە، سىرتلان ۋە تۈلكىنى يېنىغا چاقىرىپ دەپتۇ:

ــ ھازىر ئورماندا ئوۋمۇ ئازىيىپ كەتتى. شۇڭا بىز ئۇچەيلەن بىرلىشىپ، جاپا ۋە ھالاۋەتتە بىرگە بولايلى. بۇندىن كېيىن كىمىكى ئوۋدا ئولجا ئېلىپ كەلسە، باشقىلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك. ئۇنى تۆھپىگە قاراپ تەقسىم قىلىمىز. بولمىسا... ــ شىر ۋەھىمە بىلەن باشقىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ.

ھېلىقى ئۈچ ھايۋان شىرنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ:

— شىر ئالىيلىرى شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ!

ئەتىسى تۈلكە بىر كېيىك بالىسىنى تۇتۇپ كەپتۇ. ئۇ ئولجىغا ئەمدىلا ئېغىز تەگكۈزەي دەپ تۇرۇشىغا شىرنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىنى ئەسكە ئاپتۇ – دە، ئولجىدىن قولىنى تارتىپتۇ ۋە شىر، بۆرە، سىرتلاننى چاقىرىپ كەپتۇ.

شىر ئولجىنى ئۇيان – بۇيان ئۆرۈپ كۆرۈپ بېقىپتۇ ۋە تۈلكىنى ئولجىنى تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. تۈلكە ئويلاپتۇ:

— شىر پادىشاھنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ بۆرە ئاكىغىمۇ سول كۆزدە قاراش ھەددىم ئەمەس، سىرتلان دېگەن نېمە ئىدى ئۇ؟ ئۇنى ئانچە – مۇنچە ئېغىز تەگكۈزۈپ قويسامىلا كۇپايە! شۇنىڭ بىلەن تۈلكە گۆشنىڭ يوغان بىر پارچىسىنى شىرغا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەكىنى بۆرىگە بېرىپتۇ. ئاندىن كىچىكرەك بىر پارچىسىنى سىرتلانغا بېرىپ، قالغىنىنى ئۆزى يېمەكچى بوپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن تۈلكىنىڭ تەقسىماتى سىرتلاننىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپتۇ.

— ئۇۋنى ئورتاق تەقسىم قىلىش پىكرىنى شىر ئالىيلىرى ئوتتۇرىغا قويغان، — دەپتۇ سىرتلان، — شۇڭا ئۇۋنىمۇ شىر ئالىيلىرى تەقسىم قىلسا قانداق؟

بۇنىڭ بىلەن شىر ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئالدىغا ئۆتۈپتۇ:

— بولىدۇ، مەن تەقسىم قىلاي! بۇ چوڭ پارچە گۆش ماڭا تەۋە بولسۇن. بۇنىڭغا سىلەر رازىسىلەر؟ بۇ پارچىسىمۇ مەندەك پادىشاھقا مەنسۇپ بولسۇن، بىز ھەممىيلەن ئاكا – ئۇكا. ئاراڭلاردا ھەممىدىن چوڭى مەن. بوي – بەستىمۇ ھەم شۇ. شۇڭا گۆشنىڭ بۇ كىچىك پارچىسىنىمۇ مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۈچۈن ماڭا تارتۇق قىلارسىلەر؟ قالغانلار شىرنىڭ بۇ يولسىزلىقىغا ئىچىدە قايناپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قورقۇپ غىڭ قىلالماپتۇ.

شىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئەمدى گۆشنىڭ قالغىنىنىچۇ؟ — ئۇ باشقىلارغا قاراپتۇ. قالغان ئۈچەيلەن ئولجىنىڭ قالغىنىنى ئەمدى بىزگە بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ شىرغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. بىراق شىر ۋارقىراپتۇ:

— بۇنىڭغا ھېچقايسىڭ كۆز تىككۈچى بولما. قايسىڭ تېگىدىكەنسەن، قولۇمدىن ئامان قالمەن، دەپ خام خىيال قىلىشما! بولدى تەقسىمات تۈگىدى.

***ھېكمەت:***

***پىرىنسىپ — ئادەمىيلىكنىڭ ئاساسى؛ جانلىقلىق — كىشىلىك مۇناسىۋەتنىكى تاكتىكا. پىرىنسىپ ئىچىدە جانلىقلىق، جانلىقلىق ئىچىدە پىرىنسىپ بولىدۇ.***

## ئادەمنىڭ كۆڭلى ياخشى گەپكە مايىل كېلىدۇ

ھەم ئوقۇمۇشلۇق ھەم كىشىلىك مۇناسىۋەتكىمۇ، باشقىلارنى ماختاپ ئۇچۇرۇشقىمۇ ئۇستا بىر ياش بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى يەرلىككە ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۇ ئەمەلگە ئولتۇرۇش ئالدىدا ئۇستازىدىن تەلىم ئالغىلى كىرىپتۇ. ئۇستازى دەپتۇ:

— يەرلىكتە ئەمەلدار بولماق ئاسان ئەمەس. شۇڭا ئېھتىيات قىل.

ھېلىقى ياش دەپتۇ:

— خاتىرجەم بولسىلا ئۇستاز، مەندە مەدھىيە قالپىقىدىن 100 ى بار. ئاشۇ قالپاقلارنى بىر - بىرلەپ تارقاتقىلى تۇرسام، ئىشلىرىم ئەپلىشىپ ماڭارمىكىن دەيمىنا!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۇستازنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ:

— ھۆكۈمەت ئىشىدا ئەگرى يول تۇتۇشقا بولمايدۇ. نەدىمۇ سەندەك ئەمەلدار بولسۇن؟

— بۇ دېگەنلىرىڭىز دۇرۇس ئۇستازىم، — دەپتۇ ياش، — بىراق بۇ جاھاندا سىزدەك خۇشامەت قالپىقى كىيىشنى خالىمايدىغانلاردىن قانچىلىك قالدى دەيسىز؟

بۇنى ئاڭلىغان ئۇستاز ئاچچىقىدىن يېنىپ كۈلۈمسىرەپتۇ:

— بۇ گېپىڭىزمۇ دۇرۇس.

ھېلىقى ياش ئۇستازى بىلەن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن باشقىلارغا دەپتۇ:

— 100 دانە مەدھىيە قالپىقىدىن مانا ھازىر 99 ى قالدى.

***ھېكمەت:***

***ھەممە ئادەم ياخشى تاماق، گۈزەل ھۆسن ۋە ياخشى گەپكە ئامراق كېلىدۇ.***

## ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەخپىيىتى بولىدۇ

يولۋاس شاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇن ھايۋانلار ئۇنى تارتۇقلاپ كەپتۇ.

تۈلكە يولۋاسقا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ناھايىتى نەپىس پارس گىلىمىدىن بىرنى سوۋغا قىپتۇ. گىلەم يولۋاسنىڭ ئۆۋىسىغا چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس ئۆلچەپ قويغاندەك كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا ھايۋانلار تۈلكىنى «كۆزى باركەن» دەپ ماختاپ كېتىپتۇ. بىراق بۇ ئىشتىن يولۋاسنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قاپتۇ.

ئەسلىدە، تۈلكە ھەر قېتىم يولۋاسنىڭ ئۆۋىسىغا كەلگەندە ئۆۋىنى تەپسىلىي

كۆزىتىپ، ئۆۋىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىپ بولغانىكەن.

كېيىن، يولۋاس بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ، تۈلكىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئەسلىدە تۈلكە ئۆز ئۆۋىسىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بەش قولدەك بىلىۋالغانىكەن. دېمەك، يولۋاس كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا ئۆتىڭدىن خەۋپ يېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن.

***ھېكمەت:***

***باشقىلارنىڭ ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان سىرىنى بىلىۋېلىش خەتەرلىك ئىش.***

## ئۆزۈڭگە بەك تەمەننا قويما

چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىپ كەلگەن بىرەيلەن كۆرگەن - بىلگىنىم باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ دەپ قاراپ، ئۆزىگە بەك تەمەننا قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئىككى دوست بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ. ھېلىقى ئادەم زەي سالماي پو ئاتقىلى تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق مەنزىرىنى سىلەر كۆرۈپ باقمىدىڭلار، شۇڭا ئىسمىت دېسەڭلار بولىدۇ، جۇمۇ! مەن يەنە ئىككى كىشى بىلەن بىر شىرنى قوغلىدۇق. ھېلىقى ئىككى كىشى شىردىن قورقۇپ قاچتى. مەندە قورقۇش دېگەن نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئاخىر شىرنى ئۆزۈم يالغۇز تۇتۇۋالدىم.

— سىلەرگە رودې ئارىلىدا بولغان بىر ئىشنى دەپ بېرەي. ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىردىن ئاشاتتى. مەن بىر سەكرەپلا ھاڭدىن ئۆتۈپ كەتتىم. دۇنيادا ھېچكىم ھازىرغىچە بۇنچىۋالا يىراققا سەكرەپ باقمىغانىكەن. شۇ چاغدا ئارالدىكى ھەممەيلەن ماڭا ئاپىرىن ئوقۇپ كېتىشتى. ئىشەنمىسەڭلار سوراپ بېقىڭلار.

— ئۇنىڭ بۇ لاپلىرىغا چىداپ تۇرالمىغان بىرەيلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

— بولدى قىلە ئاداش. سەن قالتىسكەنسەن. دېگەنلىرىڭ راست بولسا ئۇنى يەنە باشقىلارغا ئىسپاتلىتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنداق بولسا، ئالدىمىزدىكى مۇشۇ ھاڭدىن سەكرەپ باقە، كۆرۈپ باقايلى!

ھېلىقى لاپچى غىڭ قىلالماي بېشىنى تۆۋەن سايتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىلىملىك، ئاقىل ئادەملەر ھەرگىز ماختانمايدۇ. ماختىنىش، ئۇ «بىر يىم چېلەك سۇ» لارنىڭ ئىشى. شۇڭا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن چاغلىرىڭدا ئۆزۈڭگە بەك تەمەننا قويما. چۈنكى ماختىنىشلىرىڭ چەكتىن ئاشسا مولاق ئاتىسەن.***

www.uyghurkitap.com

# چامىڭ يەتمىگەن ئىشتا ياردەمگە تايان

ئورمانلىقتىكى توشقانلار تۆلكە بىلەن بۆرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئانا توشقان بوجەنلىرىنى بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تېپىشقا بۇيرۇپتۇ.

— مېنىڭ ئامالىم بار، — دەپتۇ ئاق بوجەن باتۇرلۇق بىلەن، — مەن شىرنىڭ قولى بىلەن بۇ ئىككى مەلئۇننىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيمەن.

— شىرنىڭ قولى بىلەن؟ جۆيلۈۋاتمايدىغانسەن؟ — باشقا توشقانلار ئۇنىڭ گېپىدىن ھەيران قاپتۇ.

ئاق بوجەن ئۇلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماپتۇ. ئۇ ئوبدان تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماقالە يېزىۋاتقان قىياپەتتە ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي تۆلكە دەپتۇ:

— مەن سېنى يەۋېتىمەن!

— ئالدىرىماي تۇرغىن، — دەپتۇ ئاق بوجەن، — مەن ئىلمىي ماقالەمنى يېزىۋالاي!

— نېمە ماقالە ئۇ؟ — تۆلكە ھەيران بولۇپ سوراپتۇ.

— «توشقان نېمە ئۈچۈن تۆلكىدىن كۈچلۈك كېلىدۇ؟» دېگەن تېمىدىكى ماقالە، — ئاق بوجەن ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپتۇ.

تۆلكە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— قىزىق گەپ بولدى ـ دە بۇ. سەن قانداقسىگە ئۆزۈڭنى مەندىن كۈچلۈك دەيسەن؟

ئاق بوجەن يەنە تەمتىرىمەي تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئىشەنمىسەڭ ماياققا كەل، مەن ساڭا ئىسپاتلاپ بېرىمەن.

توشقان تۆلكىنى ئۆڭكۈرگە باشلاپ كىرىپ ئۆزى يېنىپ چىقىپتۇ. لېكىن تۆلكە ئىككىنچىلەپ قايتىپ چىقماپتۇ.

بوجەن يەنە ماقالىسىنى يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئاڭغىچە بۆرە كەپتۇ:

— مەن سېنى يەۋېتىمەن!

— ئالدىرىماي تۇرغىن، — دەپتۇ بوجەن، — مەن ماقالەمنى يېزىۋالاي، ماقالەمنىڭ ماۋزۇسى «توشقان نېمە ئۈچۈن بۆرىدىن كۈچلۈك كېلىدۇ؟»

بۆرىمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— سەن تېخى ھېيىقماستىن شۇ گەپنى قىلىۋاتامسەن؟

— ئىشەنمىسەڭ كۆرسىتىپ قويىمەن!

بۆجەن بۆرىنىمۇ ھېلىقى ئۆڭكۆرگە باشلاپ كىرىپ ئۆزى يېنىپ چىقىپتۇ. لېكىن بۆرە ئىككىنچىلەپ يېنىپ چىقماپتۇ. ھېلىقى ئۆڭكۆر ئەسلىدە شىرنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن.

***ھېكمەت:***

***باشقىلار ماڭغان يولدا مېڭىپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئەندىزە ۋە تەجرىبىسىدىن ئۆرنەك ئالغاندا، بىر قىسىم مەغلۇبىيەتلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.***

## قولنى كەسمگۈچە قان چىقمايدۇ

دۇنياغا قايتا تۆرىلىپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەن بىر ئەرۋاھ دوزاخ ئىلاھىغا دەپتۇ:

— ماڭا ئەڭ كېلىشكەن بىر ئىسكەتنى ئاتا قىلغىن! شۇنداق قىلساڭ ساڭا ئەبەدىي بېيئەت قىلغان بولاتتىم.

— بولىدۇ، — دەپتۇ دوزاخ ئىلاھى، — پەرشىكە (يەر يۈزىگە) چۈشۈپ ئادەم بولغىن، دۇنيادا ھەممىدىن ياخشىسى ئادەمنىڭ ئىسكەتىدۇر.

ئەرۋاھ سوراپتۇ:

— ئادەمنىڭ بېشىغا تالاپەت كېلەمدۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ دوزاخ ئىلاھى، بىر - بىرىنى قەستلەش، قىرغىنچىلىق، تۆھمەت، ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم - يېتىم، ئىشسىزلىق... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تالاپەتلەر.

— بۇ بولمايدىكەن. باشقىسىچۇ؟

— ئۇنداق بولسا ئات بولغىن!

— ئاتمۇ زۇلۇم - ستەمگە ئۇچرامدۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ دوزاخ ئىلاھى، — ئاتنى ئادەملەر يۈگەنلەيدۇ، قامچىلايدۇ ھەتتا ئۆلتۈرىدۇ.

— ئۇمۇ بولمايدىكەن ئەمىسە!

— ئۇنداق بولسا، يولۋاس بولامسەن؟

— يولۋاس، — ئەرۋاھ كۈلۈپ كېتىپتۇ، — يولۋاس دېگەن ھايۋانلارنىڭ شاھى. شۇڭا چوقۇم غەم - قايغۇدىن خالىي.

— يوقسۇ، يولۋاسنىڭمۇ غېمى بار. چۈنكى گاھىدا ئۇ ئوۋچىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قالىدۇ.

— ئۇنداقتا مەن ھايۋانات بولماي ئۆسۈملۈك بولسامغۇ بولىدىغاندۇ، ئىلاھىم؟

— بىراق ئۆسۈملۈكمۇ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئادەملەر دەل -

دەرەخلەرنى كېسىدۇ؛ زەھەرلىك ئوت – چۆپلەر بىلەن دورا ياسايدۇ؛ زەھەرسىزلىرى بىلەن مال – ۋاران باقىدۇ.

— ئاھ... ئىلاھىم! ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىمنى كەچۈر. قارىغاندا دوزاخ ئىلاھىنىڭلا غەم – قايغۇسى يوق ئوخشايدۇ. شۇڭا مېنى يېنىڭدا ئېلىپ قالساڭ...

دوزاخ ئىلاھى دىمىقىنى قېقىپتۇ.

— مېنىڭمۇ غەم – قايغۇم بار. چۈنكى ئىنسانلارغا ئۇۋالچىلىق سىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قارغىشلىرىغا ئۇچراپ تۇرىمەن، — دەپتۇ ئۇ، — شۇڭا ھەر دائىم دەككە – دۈككە ئىچىدە ئۆتىمەن. دوزاخ ئىلاھى ئەرۋاھنى چاشقان تېرىسىگە ئوراپ يەرگە تاشلاپتۇ: — سەن چاشقان بولۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنسەن!

***ھېكمەت:***

***خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالمىغان ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى تەس. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت ھامان خەۋپ – خەتەر بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.***

## كۆكلۈكدە ئىدىتلىق سان بولسۇن

كونا ئوتتەك كۆيدۈرۈپ تۇرغان ياز كۈنلىرى ئىكەن. ئورماندا چاڭقاپ كەتكەن ھايۋانلار تەرەپ – تەرەپتىن سۇ ئىزدىگىلى تۇرۇپتۇ. تۈلكە مىڭ تەسلىكتە بىر بۇلاقنى ئۇچرىتىپ ئەمدىلا ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا شىر كېلىپ ئۇنى قوغلاپتۇ.

غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان تۈلكە توڭگۇزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— توڭگۇز ئاكا، سەنمۇ ئۇسساپ كەتكەنسەن تايىنلىق؟ ئالدى تەرەپتە بىر بۇلاق بار ئىكەن. بىراق ئۇنى شىر يالغۇز ئىگىلىۋالدى. ئۇ يەنە «بۇ بۇلاقتىن مەندىن ئۆزگە ھېچكىم سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ!» دەيدۇ تېخى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان توڭگۇزنىڭ غەزىپى ئۆرلەپتۇ. ئۇ شىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي شىر! مەن پادىشاھ دەپ بەك ھەددىڭدىن ئاشما. ئۆت نېرى، بۇ سۇدىن مەنمۇ ئىچەي!

— بىلجىرلىما! ھېچكىم مەندەك شاھنىڭ خاس بۇلىقىدىن سۇ ئىچىمەن، دەپ خام خىيال قىلمىسۇن!

شىر بىلەن توڭگۇز سېنىڭدىن مەن قالاتتىممۇ دەپ دەتالاشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ. توڭگۇزنىڭ ئۆزىنى پەسەنتىگە ئالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شىر توڭگۇزنى ئىتتىرىۋېتىپ سۇ ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن توڭگۇز ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت – ئابرۇيىنى قوغداش نىيىتىگە كېلىپ شىرغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. بۇ ئىككىسى راسا ئېلىشىپتۇ.

بىراق پىژىلداپ قىزىپ كېتىۋاتقان ئاپتاپتا ئۇزۇن تۇرۇشمۇ بىر مۇشكۈل، ئېلىشىش مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا ئۇ ئىككىسى بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئېلىشىپتۇ.

يىراقتا قاراپ تۇرغان تۈلكە توۋلاپتۇ:

— توڭگۇز ئاكا، غەيرەت قىل، قەددىڭنى رۇسلا، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى راسا كۆرسىتىپ قوي!

تۈلكىنىڭ گەپلىرىدىن ئىلھاملانغان توڭگۇز ئېتىلىپ بېرىپ شىر بىلەن يەنە ئېلىشىپتۇ. ئېلىشا ــ ئېلىشا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاخىر ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالىمۇ قالماپتۇ. بۇ چاغدا تۈلكە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ سۇدىن قانغۇچە ئىچىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***نۇرغۇن ئىشلار سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان بىرەر مۇددىئا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا كۆڭلۈڭدە ئېنىقلىق سان بولسۇن؛ ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قولچوماقلىقىغا ئايلىنىپ قالما.***

## قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا دۇچ كەلگىنىڭدە «ياق» دېيىشكە جۈرئەت قىل

باكېر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن پارىژغا كېلىپ ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئاپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر يۇرتدىشى تۇيۇقسىزلا ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئىككىسى ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيدىكەن. شۇڭا باكېر ھېلىقى يۇرتدىشىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ھەيران قاپتۇ.

باكېر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: — سىز مېنىڭ تۇرالغۇمنى قانداقلارچە تېپىپ كېلەلىدىڭىز؟

— ئاتا ــ ئانىڭىزدىن سورىدىم.

باكېر ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. تاماقتىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا «ئۆيىڭىزدە بىر ئاز ۋاقىت تۇرسام بولامدۇ، ئۆي تاپقان ھامان كۆچۈپ كېتەتتىم» دېگەن گەپنى قىپتۇ. بىراق باكېر رەت قىپتۇ:

— بولمايدۇ، مەن ناھايىتى ئالدىراش، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالغۇدەك ۋاقتىم يوق.

ھېلىقى كىشى دەپتۇ:

— ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشىڭىز ھاجەتسىز. ئۆيىڭىزدە بىر قانچە كۈن تۇرساملا بولدى.

باكىر دەپتۇ:

ــ بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم، سىز گە بېرەلمەيمەن.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى كىشى باكىردىن نارازى بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باكىر يۇرتىدىكىلەردىن ھېلىقى كىشىنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان زەھەر ئەتكەسچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ.

***ھېكمەت:***

***دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش بەك تەس ئىش. لېكىن قارشى تەرەپ قويغان تەلەپنىڭ ئورۇنلۇق ياكى ئورۇنلۇق ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئايرىغىن. ئۇنىڭ تەلىپى ئورۇنسىز بولسىلا ئۇنى ئوچۇق رەت قىلساڭ بولۇۋېرىدۇ. قارشى تەرەپ قىلچە تارتىنماي تۇرۇپ گەپ قىلغان يەردە، سەن نېمىشقا تارتىنماي تۇرۇپ «ياق» دېيەلمىگۈدەكسەن؟ ئىشقىلىپ رەت قىلىشىڭ ئورۇنلۇق بولسىلا، ھېچكىم سېنى ئەيىبكە بۇيرۇيالمايدۇ.***

***ئادەتتىكى ئەھۋالدا رەت قىلىش ئىنتايىن ئاسان. ئۇنىڭغا ھېچقانداق باھانە كەتمەيدۇ. قارشى تەرەپكە يۈز كېلەلمەسلىك ۋەجىدىن ئۇنى رەت قىلىشقا يۈزۈڭ چىمىلداپ، قارشى تەرەپنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويساڭ، ئۇنى تولۇق رازى قىلالىشىڭمۇ ناتايىن. ئاخىر «كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق» دېگەندەك ئاقىۋەت كېلىپچىقىدۇ.***

## دەز كەتكەن نىكاھ يۇرژىنىغا ئوخشايدۇ

بىر جۈپ ئەر ـ ئايال بۇزۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان نىكاھىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىرگە ساياھەتكە چىقىپتۇ.

ئۇلار بىر جىلغىغا كەپتۇ. لېكىن بۇ جىلغىنىڭ ۋاي دەپ كەتكۇدەك يېرىمۇ يوق ئىكەن. پەقەت غەرب تەرەپتىكى دۆڭلۈكتە ئۆسكەن ئارچا بىلەن شەرق تەرەپتىكى دۆڭلۈكتە ئۆسكەن قارىغاي ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. شۇ چاغدا قار يېغىۋاتقان بولغاچقا ئۇلار دەرھال چېدىر تىكىپتۇ. ئۇلار شۇنداق قارىسا شەرقىي دۆڭلۈكتىكى قار غەربىي دۆڭلۈكتىكىدىن قاتتىق يېغىۋاتقۇدەك. بىراق قارىغاينىڭ شاخلىرى ئەۋرىشىم بولغاچقا شاخنىڭ ئۈستىدىكى قار قېلىنلىغان ھامان شاخلىرى ئېگىلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن شاختىكى قارلار يەرگە چۈشۈپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن لەپىلدەپ يېغىۋاتقان شۇنچە قېلىن قاردىمۇ قارىغاينىڭ شاخلىرى قىلچە زەخىمگە ئۇچرىمايدىكەن. بىراق باشقا دەل ـ دەرەخلەردە ئۇنداق ئەۋرىشىملىك بولمىغاچقا، قېلىن قارغا بەرداشلىق بېرەلمەي شاخلىرى يىرىلىپ كېتىدىكەن.

بۇنى بايقىغان ئايال يولدىشىغا دەپتۇ:

ــ مېنىڭچە شەرقىي دۆڭلۈكتىمۇ ئىلگىرى باشقا دەل ـ دەرەخلەر بولغان. لېكىن ئەۋرىشىملىكى بولمىغاچقا قېلىن قار دەستىدىن ۋەيران بولۇپ تۈگەپ كەتكەن،

شۇنداقمۇ؟ بۇنى ئاڭلىغان ئەر بىشىنى لىڭشىتىپتۇ. ئۇلار بىر ھازادىن كېيىن گويا بىر نەرسىنى چۈشىنىپ كەتكەندەك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپتۇ ـ دە، قۇچاقلىشىپتۇ. ئۇلار قارىغايىنىڭ ھالىتىدىن مۇنداق بىر قائىدىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ: «نىكاھقا دەز كەتكەن چاغدا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش كېرەك. پەقەت بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن بولمىغان چاغلاردا گويا قارىغايىنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرىدەك قارشى تەرەپكە يول قويۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئۇ نابۇت بولۇپ كەتمەيدۇ.»

***ھېكمەت:***

***دەز كەتكەن نىكاھ يۈرۈنىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر كۈچ ئىشلەتكەندە ئۇ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئادەم بۇ جەھەتتە ئۆزىگە كېلىدىغان بېسىمنى ئازايتىش ئۈچۈن، زۇرۇر تېپىلغاندا ئىلاستىكلىق بىلەن قارشى تەرەپكە ئاز ـ تولا يول قويۇش لازىم.***

## بايلىق ئاز ـ ئازدىن جۇغلىنىدۇ

ئىككى ياش يىگىت تەڭلا ئىش ئىزدەپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتسا يولدا بىر دانە مېتال پۇل تۇرغۇدەك. دارازا يىگىت كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن پاكىنەك يىگىت ئۇ پۇلنى ھاياجان بىلەن يەردىن ئاپتۇ.

ـــ بىر دانە مېتال پۇلنىمۇ تەرگىلى تۇردى، ـــ دەپ ئويلاپتۇ دارازا ئۇنىڭ قىلىقىدىن نومۇس قىلىپ، ـــ نېمانچە يارامسىز نەرسە ئۇ!

ـــ چۈشۈپ قالغان مېتال پۇلنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ـــ دەپ ئويلاپتۇ پاكىنەك يىگىت دارازىنىڭ قىلىقىدىن خاۋاتىرلىنىپ، ـــ نېمانچە يارامسىز نەرسە ئۇ!

شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن بىر شىركەتكە تەڭلا خىزمەتكە كىرىپتۇ. شىركەت كىچىك، ئىشى ئېغىر، ئىش ھەققى تۆۋەنكەن. دارازا يىگىت تۆت كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا بۇ شىركەتنى كۆزگە ئىلماي كېتىپ قاپتۇ. لېكىن پاكىنەك يىگىت بولسا رازىمەنلىك بىلەن ئىشلەپ قاپتۇ.

ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئىككىسى يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ چاغدا ھېلىقى پاكىنەك يىگىت ئالىلىقاچان غوجايىن بولۇپ بولغان، دارازا يىگىت بولسا يەنىلا خىزمەت ئىزدەپ يۈرگەنىكەن.

دارازا ھەيرانلىق بىلەن پاكىنەكتىن سوراپتۇ:

ـــ يارامسىز بىر نېمە ئىدىڭ. ئەجەب بېيىپ كېتىپسىنا؟

پاكىنەك ئۇنىڭغا دەپتۇ:

ـــ چۈنكى مەن مېتال پۇلنى سەندەك مۆتىۋەرلەرچە دەسسەپ ئۆتۈپ كەتمىدىم. مېتال پۇلنى كۆزگە ئىلمايۋاتاتتىڭ ئەجەب باي بولالماپسىنا؟

***ھېكمەت:***
***ناۋادا سەن «چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ، كۆپ پۇل تاپىمەن» دېگەن نىيەت بىلەنلا مەبلەغ سېلىپ ئوقەت قىلساڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭ بەكمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.***

## رومانتىك ئادەم ۋە رېئال ئادەم

ئىككىيلەن بىرلىكتە دالىدا قونماقچى بوپتۇ. بىرى رومانتىك ئىكەن، بىرى رېئال ئادەم ئىكەن، كەچتە ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا رېئال ئادەم رومانتىك ئادەمدىن سوراپتۇ: «نېمىنى كۆردۈڭ؟» رومانتىك ئادەم مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «مەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنى، ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ھاياتىمىزنىڭ ئىنتايىن كىچىك ۋە قىسقا ئىكەنلىكىنى... چەكسىز ھېس قىلدىم. ئۇنداقتا سەن نېمىنى كۆردۈڭ؟»

رېئال ئادەم: «مەن بىرسىنىڭ بىزنىڭ چېدىرىمىزنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۆزۈن مۇددەتلىك ئېھتىياج بىلەن قىسقا مۇددەتلىك ئېھتىياجنى تەڭپۇڭلاشتۇرالىغان، تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولمىغان ئادەم خۇشال ـ خۇرام ئادەم بولالمايدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشنى ئاساس قىلىشلىق، يەنە ئادەم ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان خۇشاللىقتىن مەھرۇم قالماسلىقلىق كېرەك.***

## رىقابەتلىشىدىغان رەقىبىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىلىۋال

ئىككى ئادەم ئورمانلىقتا ئالدىراپ كېتىپ بارسا، تۇيۇقسىز ئالدىدىن بىر قارا ئېيىق يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى ئالدىراپ ئايىغىنىڭ يىپىنى چىگىشكە باشلاپتۇ. يەنە بىرسى ئۇنىڭغا: «تەنھەرىكەتچىلەر ئايىغىنى كىيگىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟ بىز بەربىر ئېيىقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز» دەپتۇ.

ئايىغىنىڭ يىپىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ چىگكەن ئادەم: «مەن ئېيىقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىمەن دېمىدىم، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈپ كەتسەم بولدى» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن بارلىق ئادەملەردىن كۈچلۈك بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت ئۆزىڭنىڭ رىقابەتچىسى ياكى كەسپدىشىنى يېڭىپ چىقالىسىلا بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن سەن كۆزگە كۆرۈنەلەيسەن.***

# باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەن ئادەم بەختتە ئېرىشەلمەيدۇ

بىر كېمە دېڭىزدا سەپەر قىپتۇ. كېمە بۆلمىسىدە بىر چاشقان بولۇپ، كېمىچىنىڭ ئاشلىقىنى ئوغرىلاپ يەيدىكەن. كېيىملىرىنى قىرقىۋېتىدىكەن. كېمىچى چاشقانغا ئۆچ بولۇپ كېتىپ ئۇنى تۇتۇپ دېڭىزغا تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ.

چاشقاننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئامالى بولۇپ، ماھارىتىنى ئىشقا ساپتۇ. ئۇ كېمىنىڭ ئاستىدىن تۆشۈك تېشىپ ئىچىگە كىرىۋالماقچى، يەنە كېمىچىنىڭ ئاشلىقىنىمۇ ئۆڭكۈرگە ئەكىرىۋالماقچى بوپتۇ.

نەتىجە ھەممىمىزگە ئايان.

بۇ چاشقان كېمىنىڭ ئاستىدىن تۆشۈك تەشسە كېمىنى ۋەيران قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭمۇ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان. ساڭا دېمەكچى بولغىنىم ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەرگىزمۇ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى ئويلىما. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەنلىك ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك بىلەن باراۋەر. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەندە ئۆزۈڭنىڭ قەلبىمۇ ۋىجدان ئازابىغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت سېنىڭ قىلمىشىڭمۇ مەنپەئىتىڭگە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەنلەرنىڭ بەختكە ئېرىشكىنىنى كۆرمىدىم. سەنمۇ كۆرمەيسەن، مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن!

# سەزگۈرلۈك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەقىلدۇر

شىر ئاغرىپ قېلىپ ئۆڭكۈردە يۇقىرى ئاۋازدا نالە قىپتۇ. ئەتراپتىكى ھايۋانلار شىرنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ ئارقا - ئارقىدىن ئۆڭكۈرگە كېلىپ ئۇنى يوقلاپتۇ. تۈلكە ئۆڭكۈر ئاغزىغا كېلىپ شىرنىڭ نالىسىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرمەكچى بولغاندا تۇيۇقسىز قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپتۇ ھەمدە ئۆڭكۈرگە كىرىپ بولغان ئالدى پۇتىنى تارتىۋېلىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئۆڭكۈردىكى شىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: «ھەي تۈلكە، كەلگەنىكەنسەن، نېمىشقا كىرمەيسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

— «مەن يەقەتلا ئۆڭكۈرگەن كىرگەن ھايۋانلارنىڭ ئىزىنى كۆردۈم، ئەمما چىققان ئىزىنى كۆرمىدىم. مەن قانداقمۇ كىرىشكە پېتىنالايمەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈلكىنىڭ سەزگۈرلۈكىگە ھېچكىم يەتمەيدۇ. بۇ دەل تۇرمۇشقا كەم بولسا بولمايدىغان ئەقىلدۇر.

ئۇيغۇر كىتابلىرى
www.uyghurkitap.com

## ھەقىقىي ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولۇشنى خالايدۇ

يۇلتۇزلارغا قاراپ پال ئاچىدىغان ئۇستازنىڭ مۆلچەرى كۆپ ھاللاردا ئىسپاتلىنىپ چىقىپ تۇراتتى. بۇ پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. بىر كۈنى كەچتە پادىشاھ ئۇستازنى قوبۇل قىپتۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن پادىشاھ ئەتراپتا مۆكۈنۈپ تۇرغان ئەسكەرلەرگە ئۇ بەلگە بەرسىلا چىقىپ ئۇستازنى ئۆلتۈرۈشنى ئېيتقانىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي پالچى ئۇستاز يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ بەلگە بېرىشتىن ئىلگىرى پالچى ئۇستازدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر سوئالنى سوراپتۇ: «سەن يۇلتۇزلارغا قاراپ پال سالىمەن ھەم باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى بىلىمەن دەپ جار سالىسەن، ئۇنداقتا ئېيتىپ باققىنچۇ، ئۆزۈڭنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلەيسەن؟»

«مەن ئالىيلىرى ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پالچى ئۇستاز.

***ھېكمەت:***

***ھەقىقىي ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىگە رەھمەت ئېيتىشىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولۇشنى خالايدۇ. چۈنكى باشقىلار سەندىن ياردەم تىلىسە نامىڭنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئەمما تەشەككۈر سۆزلىرى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. باشقىلار ساڭا ھۆرمەت قىلسۇن دەيدىكەنسەن، باشقىلارنى ئۆزۈڭگە بېقىندۇرۇشۇڭ كېرەك. باشقىلار ساڭا بېقىنمايدىغان بولسىلا، ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرمەيدۇ.***

## جاسارىتىڭنى غۇرۇرۇڭ دەپ قالما

قاۋۇل، ساغلام بىر ئات يايلاقتىن ئۆتۈپتۇ. كۆز ئالدى يايپېشىل چۆپلۈك ئىكەن، بىر تەرەپتىن ئوتلىغاچ بىر تەرەپتىن ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇ ماڭغانسېرى يىراقلاپ كېتىپتۇ. چۆپلۈكمۇ بارغانسېرى ئازلاپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىگە يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ئۇ كەينىگە يانسىلا قايتىدىن يايپېشىل چۆپنى يېيەلەيدىكەن، ئەمما ئۇ قەتئىي ھالدا: «مەن دېگەن ئېسىل ئات، ياخشى ئات كەينىدىكى چۆپنى يېمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن ئاچلىقنىڭ دەردىدە قۇملۇقتا يىقىلىپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەربىر ئادەمنىڭ كۆزقارىشى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما رەھىمسىز رېئاللىققا دۇچ كەلگەندە ئاچ قېلىپ ئۆلگەن «ياخشى ئات» «ئۆلۈك ئات» قا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا «ياخشى ئات» بولماي قالىدۇ.***

## ئۆز - ئۆزىنى سوراش كېرەك

بىر مايمۇن ئويناتقۇچى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قېلىپ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. كىم بىلسۇن، مايمۇن ئويناتقۇچى ئۇنىڭغا قىزىل چاپان، شەپكە كىيگۈزۈپتۇ. ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشنى، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشنى، ئادەمنىڭ تەق - تۇرقى ۋە ھەرىكىتىنى دوراشنى ئۆگىتىپتۇ. مايمۇن بىرنەچچە كۈندىلا ھەممىنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

مايمۇن ئويناتقۇچى ئۇنى قوينىڭ دۈمبىسىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. قوي ئۇنى يۈدۈپ يۈگۈرۈپتىكەن، مايمۇن مەغرۇرلىنىپ كېتىپتۇ. مايمۇن ئويناتقۇچى يەنە ئۇنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئىت ئۇنى تارتىپ يۈگۈرۈپتىكەن، مايمۇن تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى ئىت بىلەن قويدىن ئېسىلدەك ھېس قىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئۆزۈڭنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالما. ۋاقىتلىق مەغرۇرلىنىش تۈپەيلىدىن ئەسلى ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالما. مەغرۇرلىنىپ ئۆزۈڭنى كۆز - كۆز قىلغان ۋاقتىڭدا، باشقىلارنىڭ سېنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيسەن.***

## يېنىڭدىكى مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنى قەدىرلە

بىر جۈپ ياش ئەر - خوتۇن كوچا ئاپتوبۇسىدىكى قىستاڭچىلىقتا بىر - بىرىدىن ئازغىشىپ كېتىپتۇ.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئادەملەر ئارىسىدىن يۇمشاق بىر قول چىقىپ ئېرىنىڭ قولىنى تارتىپتۇ. بېشى قېيىپ كەتكەن ئېرى ھېلىقى قولنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىكەن. ئۇ جان - دىلى بىلەن ھېلىقى قولنى تۇتۇپتۇ. ئاپتوبۇس بېكەتكە كەپتۇ. ئېرى ھېلىقى قولنى قويۇپ بەرگۈسى كەلمەي يانچۇقىدىن ئىسىم كارتىسىنى چىقىرىپ ئىككىلەنمەيلا ھېلىقى قولغا تۇتقۇزۇپتۇ.

ماشىنىدىن چۈشكەن چاغدا تۇيۇقسىز بىر قارا ماشىنا ئېرى تەرەپكە ئۇچقاندەك كەپتۇ. ئارقىسىدىكى ئايالى ئىككىلەنمەيلا ئېرىنى ئىتتىرىۋېتىپ قان ئىچىگە يىقىلىپتۇ. يولدىشى تىنىقتىن توختىغان ئايالىنى قۇچاقلىغاندا، قولىدا ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتىسىنى سىقىمدىۋالغانلىقىنى بايقاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***سەن چوقۇم بىلىشىڭ كېرەك، مۇھەببەت بولسا ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى. ھاياتىمىز مۇھەببەت بولغانلىقى ئۈچۈن مول بولىدۇ. كۆڭلىڭنىڭ بىرىدە سەن چوقۇم سۆيگۈنۈڭ بىلەن قول تۇتۇشىسەن. ئەمما چوقۇم ھاياتلىقتىكى بۇ ئەڭ قىممەتلىك بولغان بايلىقنى قەدىرلە.***

## ئاجىزلارنى كەمسىتمىگىن

بىر كۈنى يولۋاس بىر كۆككۈيۈننى ئۇچرىتىپ قاپتۇ: «كۆز ئالدىمدا ئورۇق تۇتۇشۇمغا دەخلى يەتكۈزمە، بولمىسا سېنى يەۋېتىمەن» دەپتۇ يولۋاس ھۆركىرەپ تۇرۇپ.

«ھى ھى ... تۇتالىساڭ قېنى كېلىپ يەپ باققىنا؟!» دەپتۇ كۆككۈيۈن يولۋاسنى مەسخىرە قىلىپ ھەمدە يولۋاسنىڭ بۇرنىغا كىرىپ قان شوراپتۇ. يولۋاس تۇتماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىپتىكەن، كۆككۈيۈن دومبىسىگە چىقىۋېلىپ قان شوراپتۇ. يولۋاس ئاچچىقىدا پولات ئارغامچىدەك قۇيرۇقى بىلەن كۆككۈيۈننى قوغلاپتۇ، ئەمما كۆككۈيۈن بارغانسېرى سانجىلىپتۇ. يولۋاس كۆككۈيۈننى بېسىپ ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە يەردە ئېغىناپتۇ. كۆككۈيۈن بىر توپ ھەمراھلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار بىر توپ بولۇپ يولۋاسقا بىرلىكتە ھۇجۇم قىپتىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي يولۋاس تىنىقتىن توختاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئۇششاق شەيئىلەرگە ھەرگىز سەل قارىما. كۆككۈيۈن يولۋاسقا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى كىچىك، ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشتا بىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز بىز قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان كىچىك كەمچىلىكلىرىمىزدۇر.***

## كەمچىلىكنى يېپىش پەقەت ئۆزىنىلا ۋەيران قىلىدۇ

بىر مۈشۈك بولۇپ، سەۋەنلىكىنى ھەمىشە يوشۇرىدىكەن. چاشقان قېچىپ كەتسە: «ئۇ بەك ئورۇق ئىكەن، سەمرىگەندىن كېيىن بىر گەپ بولار» دەيدىكەن. دەريا بويىغا كېلىپ بېلىق تۇتقاندا، كارپ بېلىقى قۇيرۇقى بىلەن بىرنى ئۇرۇپتىكەن، ئۇ: «مېنىڭ ئۇنى تۇتقۇم يوق. ئۇنى تۇتۇش تەسمىتى؟ مەن پەقەتلا ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن پايدىلىنىپ يۈزۈمنى يۇدۇم» دەپتۇ.

كېيىن ئۇ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شېرىكلىرى ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولغاندا، ئۇ: «مېنى خەتەرگە يولۇقتىمىكىن دەپ قالدىڭلارمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، مەن سۇ ئۈزۈۋاتىمەن...» دەپتۇ.

گېپى تۈگىمەيلا سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

«جۇرۇڭلار» دەپتۇ شېرىكلىرى: «ئۇ سۇغا شۇڭغۇشنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.»

**ھېكمەت:**

***سەندە كەمچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى نومۇس ئەمەس. ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئۆز خاتالىقىڭ ۋە كەمچىلىكىڭنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىڭ كېرەك. بۇ، دانالارنىڭ پىسخىكىلىق ھالىتى، شۇنداقلا باتۇرلارنىڭ ھەرىكىتىدۇر.***

## بىمەنە قەسەمگە ئەسىر بولۇپ قالما

بىر ئوۋچىنىڭ بىر ئادىتى بولۇپ، قەسەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوۋغا مېڭىشتىن بۇرۇن: «بۈگۈن چوقۇم توشقاننىلا ئوۋلايمەن» دەپ قەسەم قىپتۇ. ئەمما بۇ كۈنى ساپلا قىرغاۋۇل ئۇچراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ.

كەچتە كارىۋاتتا يېتىپ قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئەتە چوقۇم قىرغاۋۇل ئوۋلايمەن دەپ قەسەم قىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ قەسەمى بويىچە ئوۋغا چىقىپتۇ، ئەمما بۇ كۈنى ئۇنىڭغا ساپلا تۈلكە ئۇچراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئەتە چوقۇم تۈلكىنىلا ئوۋلايمەن دەپ قەسەم قىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئۇ يەنە قەسەمى بويىچە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئەمما بۇ كۈنى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ياۋا توڭگۇز ئۇچراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەچتە قۇرۇق قول قايتىپتۇ.

........

كېيىن بۇ ئوۋچى ئۆزىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنداپ بولالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

***قەسەم بولسا ئەسلىدىنلا مەلۇم بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئارزۇ. ئەگەر قەسەم مەقسەتكە يېتىشنىڭ كىشەنى بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ قەسەم ئەسلىدىكى ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ.***

## كەمتەر ئادەملا ئالغا باسالايدۇ

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغان بىر قىسىم سودا شىركەتلىرىگە ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر شىركەت ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ: «گەرچە ئۆزىڭىزنى تالانتلىق دەپ قارىسىڭىزمۇ، ئەمما خېتىڭىزدىن ماقالىڭىزنىڭ ناچار يېزىلغانلىقىنى ھەمدە نۇرغۇن گىرامماتىكىلىق خاتالىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق؟» ئۇ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپتۇ، ئەمما يەنە قايتا ـ قايتا: «قارشى تەرەپنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا بولۇشى مۇمكىن ياكى گىرامماتىكىدا ياكى سۆزلەرنى

ئىشلىتىشتە خاتالاشقان بولۇشۇم مۇمكىن، بىراق بۇنى ئىزچىل بىلمەي كەپتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ شىركەتكە رەھمەت خېتى يېزىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە بۇ شىركەتنىڭ قوبۇل قىلغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***سەن چوقۇم كىشىلەرنىڭ سەمىمىي ئادەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئەمما مەنمەنچى ئادەملەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك.***

## باشقا نۇقتىدىن ئويلىغاندا، باشقىچە ئاقىۋەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ

بىر گىگانت ئادەم ھەمىشە كەنتتىكى باللارنى بوزەك قىلىدىكەن. بىر كۈنى 17 ياشلىق پادىچى بالا قېرىنداشلىرىنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇ قېرىنداشلىرىدىن: «سىلەر نېمىشقا گىگانت ئادەمگە تاقابىل تۇرمايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى قورقۇپ كېتىپ: «ئۇنىڭ شۇنداق يوغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇنى مەغلۇپ قىلماق تەس تۇرسا» دەپتۇ.

ئەمما بۇ بالا مۇنداق دەپتۇ: «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بەك چوڭ بولغانلىقتىن مەغلۇپ قىلغىلى بولمايدۇ ئەمەس، بەلكى بەك چوڭ بولغانلىقتىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ». كېيىن بۇ بالا گىگانت ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاش ئېتىش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ گىگانت ئادەمنى مەغلۇپ قىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئەمەلىيەتتە تەگرى كۆپ ھاللاردا ئادالەتسىزلىك قىلىپ تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىمىز كۆپ چاغلاردا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكىمىزنى كۆرىمىز. بۇ خىل دائىم كۆرۈلىدىغان قوش زەربە بىزنى قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ؟***

## باتۇرلۇقۇڭنى يوقاتساڭ ھەممىنى يوقاتقان بولىسەن

بىر قېتىم بىر ئادەم بىر دېھقاندىن بۇغداي تېرىغان - تېرىمىغانلىقىنى سوراپتۇ.

دېھقان: «يامغۇر ياغماسلىقىدىن ئەنسىرەپ تېرىمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم يەنە: «كېيىن تېرىدىڭىزمۇ؟»دەپ سوراپتۇ.

دېھقان: «قۇرتلارنىڭ كېۋەزلەرنى يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تېرىمىدىم» دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم يەنە: «ئۇنداقتا نېمە تېرىدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ.
دېھقان: «بىخەتەر بولسۇن دەپ ھېچنېمە تېرىمىدىم» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمىغان ئادەم كۇلۇشكە جۇرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەخمەق بولۇپ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتىن قورقىدۇ؛ ئۇلار يىغلاشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى دىلى نازۇك بولۇپ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتىن قورقىدۇ؛ ئۇلار ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاش خەتىرىگە تەۋەككۇل قىلىشتىن قورقىدۇ؛ ئۇلار باشقىلارغا ياردەم قولىنى سوزۇشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى چېتىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ؛ سۆيۈشكە پېتىنالمايدۇ. چۈنكى سۆيەلمەي قېلىشدىن ئەنسىرەيدۇ؛ ئۇلار ئۈمىدلىنەلمەيدۇ. چۈنكى ئۈمىدسىزلىكتىن قورقىدۇ؛ ئۇلار سىناپ بېقىشقا پېتىنالمايدۇ، چۈنكى مەغلۇپ بولۇشتىن قورقىدۇ…***

## ئۆزۈڭدە بار بولغان مۇھەببەت ۋە بايلىقنى قەدىرلىگىن

بىر يىگىت كوچىدا چىرايلىق بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ ھارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئاخىر بۇ قىز چىداپ تۇرالماي كەينىگە بۇرۇلۇپ يىگىتتىن سوراپتۇ: «نېمىشقا كەينىمگە كىرىۋالىسىز؟». يىگىت كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ: «چۈنكى سىز مەن كۆرگەن ئەڭ چىرايلىق قىز ئىكەنسىز. مەن سىزنى سۆيىمەن، ماڭا ياتلىق بولۇڭ!» دەپتۇ. قىز جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «ھازىر كەينىڭىزگە بۇرۇلسىڭىز سىڭلىمنى كۆرەلەيسىز. ئۇ مەندىنمۇ بەك چىرايلىق». ھېلىقى يىگىت قىزغىن ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپتىكەن، كۆرگىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئادەتتىكى قىزلار بوپتۇ.

«نېمىشقا مېنى ئالدايسىز؟» يىگىت ھېلىقى قىزدىن سوراپتۇ.

«سىز مېنى ئالداۋاتىسىز، ئەگەر مېنى ھەقىقەتەن سۆيسىڭىز، يەنە نېمىشقا كەينىڭىزگە بۇرۇلىسىز؟» دەپتۇ قىز چاق.

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇش شۇنداق بولىدۇ، ھاياتلىقمۇ شۇنداق بولىدۇ، نىشانى مۇقىم بولماي تەۋرىنىپ قالسا، ئىستىقبالى يوق بولىدۇ. ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.***

## ھەممىدە يېڭىپ چىقىشنى قوغلاشما

شىر بىلەن بۆرە بىر بۆغىنى بىرلا ۋاقىتتا بايقاپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۆغىنى ئورتاق تۇتۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ، ئۇلار ناھايىتى ياخشى ماسلىشىپتۇ. بۆرە ئېتىلىپ بېرىپ بۆغىنى يىقىتقاندىن كېيىن شىر بېرىپ بۆغىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئەمما، بۇ چاغدا شىر ئاچ كۆزلۈك قىلىپ بۆرە بىلەن بۇ بۆغىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى خالىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۆرىنى چىشلەپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. بۆرىمۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. كېيىن بۆرە شىر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما شىرمۇ ئېغىر يارىلىنىپ بۇ ئېسىل تائامدىن ھۇزۇرلىنالماپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈش بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىپ ھەمكارلىشىش تەكىتلىنىدۇ. پايدا ئالىدىغان چاغدا يالغۇز پايدا ئالغاندىن كۆرە ئورتاق پايدا ئالغان ياخشى.***

## ئەخمەققە توغرىلانغان ياخشى

بىر بالا بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئەخمەق دەيدىكەن. چۈنكى ئۇ مەڭگۈ بەش موچەنلىكنى تاللاپ بىر يۈەننى تاللىمايدىكەن. بىر كىشى بۇنىڭغا ئىشەنمەي بىرى بىر يۈەنلىك، يەنە بىرى بەش موچەنلىك ئىككى تەڭگىنى چىقىرىپ، ھېلىقى بالىغا خالىغان بىرىنى تاللاشنى ئېيتىپتۇ. نەتىجىدە ئۇ بالا راستىلا بەش موچەنلىك تەڭگىنى تاللاپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى كىشى ھەيران قېلىپ ئۇ بالىدىن سوراپتۇ: «تەڭگىنىڭ قىممىتىنى پەرقلەندۈرەلمەمسەن؟»

بالا پەس ئاۋازدا: «ئەگەر مەن بىر يۈەننى تاللىسام كېيىنكى قېتىم ئۇلار ماڭا بۇنداق ئويۇننى ئويناتقۇزمايدۇ» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەقىقەتەن شۇنداق، ئەگەر ئۇ بىر يۈەننى تاللىسا روشەنكى، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئويۇننى ئوينىمايدۇ. ئۇنىڭ ئېرىشكىنى بىر يۈەنلا بولىدۇ. ئەمما ئۇ بەش مونى ئېلىپ ئەخمەق بولۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن قانچە ئۇزۇن ئەخمەق بولۇۋالسا، ئالغىنى شۇنچە كۆپ بولغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئېرىشكىنى ئۆزىنى ئەقىللىق دېگەنلەردىن كۆپ بولغان.***

## يايلاقتا يولۋاس بىلەن يۇگۇرۇشتە بەسلەشمە

توپتىن چۈشۈپ قالغان بىر بۆغا جايىدا جىم تۇرماي ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپتۇ. بىر يولۋاس بۇ بۆغىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىر نەرسە يېمىگىنىگە بىر كۈن بولغان بولغاچقا، شۇنىڭ بىلەن چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ بۆغىنىڭ يېپىمگە چۈشۈپتۇ. بۆغا يەنىلا بايقىماپتۇ. يولۋاس تۇيۇقسىز ئوقتەك سەكرەپ چىقىپ ھېلىقى بۆغىغا ئېتىلىپتۇ. بۆغا شۇ چاغدىلا خەتەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يولۋاسنىڭ ھۇجۇمىدىن چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ.

يولۋاس بىرىنچى قېتىمدا تۇتالماي، كەينىگە بۇرۇلۇپ يەنە ئېتىلىپ كەپتۇ. بۆغا چاققانلىق بىلەن سەكرەپ بىر چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. چاتقاللىقتا ئۇۋ ئوۋلاش يولۋاسنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئەمەس. ئۇ سىرتتا بىردەم ئايلىنىپ يۈرۈپ پەس ئاۋازدا ھۆركىرەپ دەلدەڭشىگىنىچە ئەسلىدىكى تۆپىلىككە قايتىپتۇ.

*ھېكمەت:*

***تىراگېدىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ قايسى جەھەتتە كۈچلۈك، قايسى جەھەتتە ئاجىزلىقنى ھەمدە ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنىشنى بىلەلمىگەنلىكتىن كېلىپچىققان.***

## ئاجىزلىقىڭنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك

بىر بۈركۈت باشقا بۈركۈتلەرنىڭ ئۆزىدىن ياخشى ئۇچىدىغانلىقىغا ھەسەت قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوۋچىغا: «ماڭا ياردەملىشىپ ئاسماندا ئېگىز ئۇچۇۋاتقان بۈركۈتلەرنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ بەرسەڭ» دەپتۇ. ئوۋچى: «ماڭا ئازراق پەي ئەكېلىپ بەرسەڭ، ئۇلارنى ئېتىپ بېرىمەن» دەپتۇ.

بۈركۈت ئۆز تېنىدىن بىرنەچچە تال پەيىنى يۇلۇپ ئوۋچىغا بېرىپتۇ. لېكىن ئوۋچى باشقا بۈركۈتلەرنى ئېتىپ بەرمەپتۇ. ئۇ بەدىنىدىكى پەيلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ يۇلۇپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئوۋچى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئاخىر ئۇنى يەۋېتىپتۇ.

*ھېكمەت:*

***تۇزاق خىلمۇخىل بولىدۇ، ئۇنى تۇرگە ئايرىغىلى بولمايدۇ، ئەمما تۇزاق قۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ پىرىنسىپى بولسا: ئادەمنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىش.***

## كىشىلىك ھاياتنىڭ نىشانى

تايچاق دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا بارماقچى بولغاندا، تىيىن كېلىپ دەريادىن ھەرگىز ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى، دەريا سۈيىنىڭ چوڭقۇر بولۇپ سۇغا كىرسىلا تۇنجۇقۇپ ئۆلى-دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ؛ تۆگە ھېچقانداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى، سۇنىڭ بەلگىمۇ كېلى-دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

تايچاق قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئۆيگە قايتىپ ئاپىسىدىن قانداق قىلىشنى سوراپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭ سىناپ باقسا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تايچاق سىناپ بېقىپتىكەن، سۇنىڭ تىيىن ئېيتقاندەك ئۇنچىلىك چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى، تۆگە ئېيتقاندەك ئۇنچىلىك تېيىز ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىمالال دەريادىن ئۆتۈپتۇ.

## دۇمبەڭدىكى سىرنى باشقىلارغا كۆرسەتمە

بىر قىزچاق بىلىپ - بىلمەيلا غوجايىنى تەرىپىدىن ئىشتىن بوشىتىلىپتۇ. غوجايىنى ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن مالىيە ئىشخانىسىغا كىرىپ مائاشنى ئېلىۋېلىشنى تاپىلاپتۇ. چۈشتە قىزچاق باغچىنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ مەيۈسلىنىپ ئازابلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ بىر بالىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ سوراپتۇ: «بۇ يەردە تۇرۇپ نېمە ئىش قىلىسەن؟»

«بۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى بايىلا سىرلىغان، ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز دۇمبىڭىزنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي» دەپتۇ ھېلىقى بالا.

قىزچاق بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ ئاندىن كۈلۈپ تاشلاپتۇ. ئۇ بىردىنلا بىر جۈپ ساددا ۋە گۆدەك كۆزنىڭ ئۆزىنىڭ دۇمبىسىگە چاپلاشقان سىر يۇقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەقىللىق، ياخشىچاق خىزمەتداشلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ھالىتىنى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈلكىسى بىلەن غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويماسلىق قارارىغا كەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***رايىڭ قايتقاندا ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما!***

## باشقىلارنى ئەپۇ قىل

بىر ئايال بولۇپ، ناھايىتى ئەدەپلىك، مۇلايىم، مەدەنىيەتلىك ئىكەن. ئۇ ئۆي تۇتۇشقىمۇ ئۇستا ئىكەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ ناھايىتى ئىشەنچلىك بىر دوستى ئۇنىڭدىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئايال بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلالماي كۆڭلىدە غۇم ساقلاپتۇ. ئۇ دائىم پىچاق ۋە توقماقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان بوپتۇ. بۇ ئايال بىر نەچچە يىلدىن كېيىن راستلا ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىر ئادەمگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن چېغىڭدا كۆزۈڭنى چىڭ يۇمۇپ ھېسسىياتىڭنى دەڭسەپ باققىن. بەدىنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى ھېس قىلىپ باقساڭ، باشقىلار ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلسا، سەنمۇ خۇشال بولالمىغانلىقىڭنى بايقايسەن.***

## ھەممە تەرەپكە ئېتىبار بېرىشنىلا ئويلىما

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئېشەكنى يېتىلەپ شەھەرگە مېڭىپتۇ. يېرىم يولدا كىشىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ نېمىدېگەن دۆت، تەييار ئېشەك تۇرسا مىنمەپتۇ دېيىشىپتۇ.

دادىسى ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ قويۇپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا بىرەيلەن:

— نېمانداق ۋاپاسىز بالا، دادىسىنى پىيادە ماڭدۇرغىنى نېمىسى؟ — دەپتۇ.

دادىسى ئوغلىنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ ئۆزى مىنىپتۇ. يەنە بەزىلەر:

— نېمانداق تاش يۈرەك دادا بۇ، ئوغلىنىڭ ھېرىپ ئۆلۈشىدىن قورقمامدىكىنە؟! — دەپتۇ.

دادىسى دەرھال ئوغلىنىمۇ ئېشەككە مىندۈرۈۋاپتۇ. كىم بىلسۇن يەنە بەزىلەر:

— ئىككىسى ئېشەككە مىنىۋاپتۇ، ئېشەكنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن قورقمامدىكىنە، — دەپتۇ.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئېشەكنىڭ تۆت پۇتىنى باغلاپ توقماق بىلەن كۆتۈرۈپتۇ. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا ئېشەك بىئارام بولغانلىقتىن چۈشمەن، دەپ تىركىشىپتىكەن، نەتىجىدە دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىل. يەنى توغرا دەپ قارىساڭ ئىككىلەنمەي قىل. باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلما. باشقىلارنىڭ پىكرىدىن پايدىلانساڭ بولىدۇ. مۇنداق قىلىش بەزىدە بەزىلەرنى خاپا قىلىپ قويسىمۇ،***

www.uyghurkitap.com

***ئەمما سىنىڭ قەتئىيلىكىڭ ئىشتىن كېيىن بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدۇ. سىنىڭ قەتئىيلىكىڭ شەخسىيەتچىلىك بولمىسىلا ئادەملەر ھەقىقەتكە قايىل بولماي قالمايدۇ.***

## بىرى يۇلتۇز كۆرسە، بىرى لايىنى كۆرۈپتۇ

ئىككى چېلەك قۇدۇق بېشىغا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئارىسىدىكى بىر چېلەك يەنە بىر چېلەككە: «قارىماققا خۇشال ئەمەستەك كۆرۈنىسەن، بىرەر خاپىلىق بارمۇ؟» دەپتۇ.

«ھەي» دەپتۇ يەنە بىر چېلەك: «مەن دائىم شۇنداق ئويلايمەنكى، بىز جاپالىق كۈنگە قالدۇق. ھېچبىر مەنىلىك ئەمەس، ھەردائىم شۇنداق، ئەمدىلا لىققىدە سۇغا تولۇپ تۇرۇشىمىزغا يەنە قۇرۇقدىلىنىپ قالىمىز.»

«ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە» دەپتۇ بىرىنچى چېلەك: «مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، ئىزچىل مۇنداق ئويلايمەن، قۇرۇق بېرىپ لىق توشۇپ كېلىۋاتىمىز.»

***ھېكمەت:***

***نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا ئوخشىمىغان نۇقتىدا تۇرسالىڭ، ئوخشىمىغان كۆز قاراش بولىدۇ. غەم قىلىپ ئۆزۈڭدىن ئاغرىنغىنىڭدىن باشقا نۇقتىدا تۇرۇپ كەيپىياتىڭنى ئۆزگەرتىپ باققىنىڭ ياخشى. ئىجابىي تەپەككۇر ئاكتىپ ئۈنۈمنى ئېلىپ كېلىدۇ، سەلبىي تەپەككۇر پاسسىپ ئۈنۈمنى ئېلىپ كېلىدۇ.***

## سۆكۈتكە دۇچ كەلگەندە تىلنىڭ كۈچى يوقايدۇ

ئىدارىدە بىر ئۇرۇشقاق قىز بولۇپ، نۇرغۇنلىغان خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، خىزمەتتىن ئىستېپا سورايدىكەن ياكى يۆتكىلىشنى ئىلتىماس قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ تىغ ئۇچىنى ئادەتتە ئانچە گەپ قىلمايدىغان، ئۈن - تۈنسىز ئىشلەيدىغان بىر قىزغا قارىتىپتۇ. كىم بىلسۇن ئۇ قىز كۈلۈپلا قويۇپ بىر ئېغىز گەپ قىلماپتۇ. پەقەت ئارىلاپ: «ھە» دەپلا قويۇپتۇ. ئاخىرىدا ئۇرۇشقاق قىز جىم بولۇپ قاپتۇ. ئەمما ئاچچىقىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلالماپتۇ.

يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۇرۇشقاق قىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپتۇ. سەن چوقۇم جىمىغۇر قىز ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەنىكەن، دېيىشىڭ مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ قىزنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ئانچە ياخشى ئەمەس بولۇپ، گەرچە باشقىلارنىڭ گېپىنى چۈشەنسىمۇ، ئەمما ئىنكاسى ئاستا، گېپىڭنى ئاڭلاپ نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئويلاۋاتقان چېغىدا چىرايىدىن گۇناھسىز، ھېچنېمە ئۇقمايدىغان ئالامەت ئىپادىلىنىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا شۇنچە ئۇزۇن كۈچەپ ئەزۋەيلىسەڭ، ئۇ ساڭا مۇشۇنداق ئىپادە بىلدۈرسە، تەڭ بولالماي ئامالسىز

توختاپ قىلىشى بىكار ئەمەستە.

*ھېكمەت:*
*گاس - گاچا بولۇۋېلىشنى ئۆگىنىشىك ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ غەلبە قىلغاندىن سىرت، ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ نىشانى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلىمۇ بولىدۇ. گاس - گاچا بولۇۋېلىشنى ئادەتتىكە ئايلاندۇرسا، ئاۋارىچىلىككە ئۇچراشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چېقىشىپ ئۆتۈش ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.*

## ئارىلىق ساقلاش بىر خىل گۈزەللىك

ئورمانلىقتىكى نەچچە ئون كىرپىلەر توڭلاپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئىسسىنىش ئۈچۈن ئۇلار ئامالسىز بىر يەرگە تۇگۇلۇپتۇ، ئەمما بىر - بىرىنىڭ تىكىنىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ناھايىتى تېزلا ئايرىلىپ كېتىپتۇ.

بىراق ھاۋا بەكلا سوغۇق ئىكەن، ئۇلار يەنە بىر يەرگە توپلىشىپ ئىسسىناقچى بوپتۇ. ئاندىن يەنە ئاغرىق ئازابىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ قايتا - قايتا ئايرىلىپ يەنە توپلىشىپتۇ. توپلىشىپ يەنە ئايرىلىپتۇ. ئۇزۇكسىز توڭلاش بىلەن تىكەن سانجىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئازابنىڭ ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىپتۇ. ئاخىر كىرپىلەر مۇۋاپىق ئارىلىقنى، يەنى ھەم ئىسسىنغىلى بولىدىغان، ھەم تىكەنسىز بىر - بىرىگە سانجىلىپ كەتمەيدىغان ئارىلىقنى تېپىپ چىقىپتۇ.

*ھېكمەت:*
*ئادەم بىر ئۆمۈر ئۇزۇكسىز يېڭىدىن دوست تۇتۇپ ئۆتىدۇ. دوستلۇقتىن ئايرىلىش بولسا ھاياتلىقتىكى بىر خىل يوقىتىشتۇر. ئەمما ساڭا دەيدىغىنىم: ياخشى دوستۇڭ بىلەن ئارىلىق ساقلا!*

## ئون تەڭگىگە ئېرىشكەندە، كۆپ بولغاندىمۇ توققۇز تەڭگىنى خەجلە

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مىليونېر ئاكادېردىن باي بولۇشنىڭ ئۇسۇلىنى سوراپتۇ. ئاكادېر ئۇلاردىن سوراپتۇ: «ئەگەر سىز بىر سېۋەتنى ئېلىپ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئىچىگە ئون تۇخۇم سالسىڭىز، ھەر كۈنى كەچتە سېۋەتتىن توققۇز تۇخۇمنى ئېلىۋەتسىڭىز ئەڭ ئاخىرىدا قانداق ئەھۋال كېلىپچىقىدۇ؟»

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېۋەت توشىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىرەيلەن. «چۈنكى ھەر كۈنى سېۋەتكە سالغان تۇخۇم ئالغىنىمدىن بىرى ئارتۇق.»

ئاكادېر كۈلۈپ تۇرۇپ: «باي بولۇشنىڭ دەسلەپكى پرىنسىپى بولسا ھەميانىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

سالغان ئون تەڭگىدىن كۆپ بولغاندا توققۇزىنىلا خەجلە!» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئىقتىسادچانلىق بايلىق يارىتىشپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدۇ، پەزىلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.***

## كەسپىگنى ھۆرمەت قىل

مەلۇم پاشانغان ياغاچچى پېنسىيەگە چىقماقچى بوپتۇ. غوجايىنى ئۇنىڭ يەنە بىر ئۆي سېلىشقا ياردەملىشىدىغان ياكى ياردەملەشمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ياغاچچى ياردەملىشىدىغانغا ماقۇل بوپتۇ.

ئەمما قېرى ياغاچچىنىڭ كۆڭلى خىزمەتتە بولماپتۇ. ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەندە بۇزۇلغىدەك قاتتىق تەلەپمۇ قويماپتۇ. قىلغان ئىشىمۇ بۇزۇلۇقى ئۆلچەمدىكىدەك چىقماپتۇ. ئۇمۇمەن كەسپىنى ھۆرمەتلەش روھى قالماپتۇ.

غوجايىنى بىر نىمە دىمەپتۇ. پەقەتلا ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئاچقۇچنى قېرى ياغاچچىغا بېرىپتۇ.

«بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، — دەپتۇ غوجايىن، — مېنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغام بولسۇن. قېرى ياغاچچى بىر ئۆمۈر نۇرغۇن ئۆيلەرنى سېلىپ، ئەڭ ئاخىرى ئۆزى ئۈچۈن قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئۆي ساپتۇ.

***ھېكمەت:***
***كەسپىنى ھۆرمەتلىمەسلىكنى ئادەت قىلىۋالغان ئادەمنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ.***

## ھېچنېمىگە قارىماي تىرىشچانلىق كۆرسەت

ئىككى ئات بىردىن ھارۋىنى سۆرەپتۇ. ئالدىدىكى ئات ئىتتىك ماڭىدىكەن، ئەمما ئارقىدىكى ئات دائىم توختىۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارقا ھارۋىدىكى ماللارنى ئالدىدىكى ھارۋىغا بېسىپتۇ. ئۇ ھارۋىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئارقىدىكى ئات يېنىك مېڭىپتۇ ھەمدە ئالدىدىكى ئاتقا: «جاپا تارتساڭ، تەر ئاققۇزساڭ، قانچە تىرىشىپ ئىشلىسەڭ ئادەملەر سېنى شۇنچە قىينايدۇ» دەپتۇ.

ھارۋا دۇكانغا كەلگەندە غوجايىنى: «بىرلا ئات ھارۋا سۆرىيەلەيدىغان تۇرسا، ئىككى ئاتنى بېقىپ نىمە قىلىمەن؟ بىر ئاتنى ياخشىراق بېقىپ يەنە بىر ئاتنى ئۆلتۈرۈۋېتەي، يەنە تېخى تېرىسىنى ئالغىلى بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېگىنىدەك قىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئەگەر قەلبىڭدە ھوزۇر ئات بولسا دەرھال ئۇنى يوقات. ئۇنىڭ سېنى ئوڭۇشسىزلىقنىڭ پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىشىدىن ئېھتىيات قىل.***

## ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسە

باي ئەمما بىكار تەلەپ بىر ئايال بولۇپ، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئايال قوشنىسىنىڭ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكىگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ.

— ئاھ! ئۇ ياقۇت نېمىدېگەن چىرايلىق! خۇددى دېڭىز سۈيىگە ئوخشايدۇ، ئۇ زەڭگەر ئۈزۈك مېنىڭ بارمىقىمدا بولغان بولسا، قانداق ياخشى بولغان بولاتتى — ھە!

بۇ باي ئايال ھەسەت ئىستەكلىرىنىڭ ئازابلىشى نەتىجىسىدە بارا — بارا ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاخىر ئاشۇ ئۈزۈكنى بىر ئامال قىلىپ قولغا كىرگۈزمەكچى بوپتۇ. بىر كۈنى كېچىسى ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ دېرىزىدىن ئارتىلىپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ — دە، ئايال قوشنىسى ياستۇقىنىڭ قېشىغا قويۇپ قويغان ھېلىقى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ شادلىقى بىر دەملىك بوپتۇ، ئارقىدىنلا ئۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قاپتۇ: ئۇ ئايال قوشنىسىنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىشىدىن، ساقچىلارنىڭ كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇپ كېتىشىدىن قورقۇپتۇ.

بۇ خىل ئەندىشە ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. ئۇ باشتا ئۇخلىيالماس ۋە گۇمانخور بولۇپ قاپتۇ. بەزىدە قوشنا ئايال ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويسىمۇ، قورقىنىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ كېتىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، رەڭگىرويىمۇ كۈندىن — كۈنگە سولىشىشقا باشلاپتۇ، چىراي — تۇرقى ئەسلىي يېشىدىن ئون ياش چوڭ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كېچىلىرى ئۇ دائىم ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئەسەبىيلىشىپ، كارىۋاتتىن چۆچۈپ قوپۇپ كېتىدىكەن، غەلۋە قىلىپ ئېرىنى ئۇخلىغىلى قويمايدىكەن.

زادى چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئېرى ئاخىر ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئىقتىسادىي ياردىمىنىمۇ ئۈزۈپ قويۇپتۇ.

ئۇ ئۆيىدىكى بار — يوقنى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئۈزۈكنى ساتماقچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىرى ئىشىكنى قېقىپتۇ.

ئۇ ساقچىلار مېنى تۇتقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قورقىنىدىن دېرىزىدىن ئارتىلىپ قاچماقچى بوپتۇ، ئەمما ئېھتىياتسىزلىقتىن دېرىزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

ئىشىك قاققان ئادەم ئايال قوشنىسى ئىكەن. ئۇ بۇ ئايالنىڭ بىنادىن سەكرەپ ئۆلگەنلىكىنى، ئۆزى يىتتۇرۇپ قويغان ئۈزۈكنىڭ ئۇ ئايالنىڭ بارمىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىدا، گاڭگىراپ قېلىپ:

— تۇۋا، مېنىڭ ئۆزۈكۈمنى ئوغرىلىۋالغان ئادەم ئۇنى قاچانلاردا ئۈلۈكنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويغاندۇ؟ — دەپتۇ.

## كۆۋرۈك ياسىغان تىين

بىر زاھىت ئادەملەرنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، دەرياغا كۆۋرۈك سالماقچى بولۇپ، بارلىق ھايۋانلارنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ.

پىل خارتۇمى بىلەن يوغان تاشلارنى ئېلىۋېلىپ، دەرياغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. كەركىدان بۇرنىنىڭ ئۈستىدىكى مۈڭگۈزى بىلەن توپا - شېغىللارنى دەرياغا تۈرتۈپ چۈشۈرۈپتۇ، ئورانگۇتان بولسا، ياغاچلارنى دەريا بويىغا توشۇپ ئاپىرىپتۇ. بارلىق ھايۋانلار كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىپتۇ.

كىچىككىنە تىين بولسا، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى بىر چەتتە كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ جۈغى بەك كىچىك بولغاچقا، ئۇلار بىللە ئىشلىيەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپتۇ. كېيىن ئۇ بىر ياخشى ئامال ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ توپىدا دومىلاپ، پۈتۈن ئەزايىغا توپا يۇقتۇرۇپتۇ، ئاندىن دەريا بويىغا بېرىپ ئۈستىدىكى توپىلارنى سۇغا قېقىپ چۈشۈرۈپتۇ ۋە بۇ ئىشنى توختىماي ئارقا - ئارقىدىن تەكرارلاۋېرىپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەن زاھىت ئۇنى ماختاپتۇ:

— كۆڭۈلگە پۈككەن مەقسەت بولسىلا، ئۇ مەيلى كىچىككىنە تىين بولغان ھالەتتىمۇ بەرىبىر نەتىجە يارىتالايدۇ.

## قانائەت تاپقان زەردار

بىر ياشانغان ئادەم ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر پارچە بوش يەرگە بىر ئابىدە تىكلەپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە: «بۇ يەرنى ھەممە نېمىسى تەل، پۈتۈنلەي قانائەت تاپقان ئادەمگە تەقدىم قىلىمەن» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

بىر دۆلەتمەن سودىگەر بۇ يەردىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئابىدىگە يېزىلغانلارنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، كۆڭلىدە: «بۇ ئادەم بۇ يەردىن ۋاز كەچمەكچى بولغانىكەن، ئۇ ھالدا مەن دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئۇنى قولغا كىرگۈزىۋالاي. مەن بولسام بايلىقى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان، ھەممە نېمەم تەل ئادەم، دېمەك ئۇنىڭ شەرتىگە پۈتۈنلەي چۈشىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوۋاينى چاقىرىپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— سىز راستلا پۈتۈنلەي قانائەت تېپىپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— شۇنداق بولمايچۇ، چۈنكى مەن ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەممە نەرسىگە

ئىگىمەن.

— ئەگەر راستىلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، سىز يەنە بۇ يەرنى ئېلىپ نېمە قىلىسىز؟

## كىچىك ئوقەتچىنىڭ تۇخۇم سېتىشى

بىر ئوقەتچى بىر مۇنچە تۇخۇمنى بازارغا ساتقىلى ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ بىر تاختا كارتون قەغەزگە: «بۇ يەردە يېڭى تۇخۇم سېتىلىدۇ» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا:

— بۇرادەر، بۇ يەرگە «يېڭى» دېگەن سۆزنى يېزىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار، سېتىۋاتقان تۇخۇملىرىڭىز يېڭى ئەمەسمۇيە؟ — دەپتۇ.

ئۇ ئويلاپ كۆرۈپ بۇ گەپنىڭ داۋلىسى بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، «يېڭى» دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا:

— نېمە ئۈچۈن «بۇ يەردە» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدۇڭ؟ مەن بۇ يەردە ساتماي، يەنە قەيەردە ساتماقچى ئىدىڭ؟ — دەپتۇ.

ئۇ بۇنىڭمۇ داۋلىسى بار دەپ ئويلاپ، «بۇ يەردە» دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

يەنە سەل ئۆتكەندىن كېيىن بىر موماي كېلىپ ئۇنىڭغا:

— «سېتىلىدۇ» دېگەن سۆز ئارتۇقچە، ئۇنى ساتماي بىكارغا بېرەمتىڭ؟ — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ «سېتىلىدۇ» دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

بۇ چاغدا يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا:

— تازىمۇ ئارتۇقچە ئىشقۇ بۇ. ئۇنىڭغا قاراپلا تۇخۇم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان تۇرسا، يەنە نېمىدەپ «تۇخۇم» دېگەن سۆزنى يېزىپ قويدۇڭ؟ — دەپتۇ.

نەتىجىدە ئۇ بارلىق سۆزلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپتۇ.

## ئۈچ تىلەك

تەڭرى بىر جۈپ ياشانغان كەمبەغەل ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۈچ تۈرلۈك تىلىكىنى قاندۇرۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

ئۇلار بەكمۇ خۇشال بوپتۇ، شۇ پەيتتە بوۋاينىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ:

— شۇ تاپتا ماڭا بىر تال توخۇ پاچىقى بولغان بولسا، رازى بولاتتىم، — دەپتۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىشىگىلا ئۇستەل ئۈستىدە بىر تال توخۇ پاچىقى پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي مۇشۇنداقمۇ ئەرزىمەس بىر نەرسىنى تەلەپ قىلامسەن، دەپ بوۋايغا كايىپ

كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

ــ مەن مۇشۇ توخۇ پاچىقىنىڭ بۇرنۇڭغا چاپلىشىپ قېلىشىنى تىلەيمەن، ــ دەپتۇ. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىپلا، توخۇ پاچىقى بوۋاينىڭ بۇرنىغا چاپلىشىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا پەقەت بىرلا ئارزۇ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇشايمان قىلغان ھالدا:

ــ بوۋاينىڭ بۇرنىدىكى توخۇ پاچىقى يوقاپ كەتسىكەن، ــ دەپ تىلەپتۇ.

ئاخىرىدا ئۇلار يەنىلا ھېچ نەرسىسى يوق ھالىتىدە قاپتۇ.

## كۆڭۈلدىكىنى بىلىدىغان قۇشلار

بىر ئادەم قۇشلارنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە دەرەخلىككە بېرىپ قۇشلار بىلەن بىللە ئوينايدىكەن. قۇشلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپ ــ توپ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدىكەن.

ئۇنىڭ دوستى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھىيلىگەرلىك بىلەن ئۇنىڭغا:

ــ ئەتە ماڭا قۇشتىن بىرنەچچىنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرگىن، مەنمۇ ئويناپ باقاي، ــ دەپتۇ.

ئەتىسى ئۇ دەرەخلىككە بېرىپتۇ، بىراق قۇشلار ئاسماندا ئۇچۇپلا يۈرۈپ، بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭ يېنىغا ئوينىغىلى چۈشمەپتۇ.

ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. ئاخىر، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە يامان نىيەت پەيدا بولغاچقا شۇنداق بولغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

## ئاقىلانە تاللاش

بىر زەردار قاتتىق كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، دورا كار قىلماس ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر يالغۇز ئوغلى يىراق ياقا يۇرتتا ئىكەن. ئۇ جان تەسلىم قىلىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ ــ دە، خىزمەتكارىنىڭ مال ــ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تولىمۇ چۈشىنىكسىز بىر ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدا: «ئوغلۇم مال ــ مۈلكۈم ئىچىدىن پەقەت بىر تۇرلۇكنىلا تاللىۋالىدۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى خىزمەتكارىمغا تەئەللۇق بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن.

زەردار ئۆلگەندىن كېيىن خىزمەتكار ۋەسىيەتنامىنى كۆتۈرۈپ خۇشال ھالدا غوجايىنىنىڭ ئوغلىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ.

زەردارنىڭ ئوغلى ۋەسىيەتنامىنى كۆرۈپ بولۇپ، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن خىزمەتكارغا قاراپ:

ــ مەن تاللىغان بىر تۇرلۇك نەرسە ــ سەن، ــ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەقىللىق ئوغۇل شۇ ئان دادىسىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىگە ئىگە بوپتۇ.

## كىرىزىس

ئىككى پاقا ــ چوڭ پاقا بىلەن ئۇنىڭ بالىسى چېلەكتىكى سۈتكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ھايات قېلىش ئۈچۈن توختىماي ئۈزۈپتۇ، ئۇلار خېلى ئۇزۇن ئۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما چېلەكتىن چىقىپ كېتىش ئۈمىدى ئىشقا ئاشماپتۇ. دادىسى ئوغلىغا:

ــ مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، ئەمدى تۇنجۇقۇپ قالىدىغان بولدۇم، ــ دەپتۇ.

ئوغلى دادىسىنى ھەدەپ رىغبەتلەندۈرۈپتۇ:

ــ ياق، داۋاملىق ئۈزۈۋېرەيلى، ئۈزۈۋېرەيلى، ھامان مۆجىزە كۆرۈلىدۇ، ئىشەنچىمىزنى يوقاتمايلى.

بىراق، يېرىم سائەتتىن كېيىن دادا پاقا بەل قويۇۋېتىپتۇ ـ دە، چېلەكنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

بالا پاقا بولسا توختىماي داۋاملىق تۈردە ئۈزۈۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ توختىماي ئېلىشتۇرۇشى نەتىجىسىدە سۈت ئاستا ـ ئاستا ماي شارچىسى ھالىتىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سېرىق ماي شارچىسى قاتتىق ھالەتكە كەپتۇ. بۇ چاغدا بالا پاقا سۈت «شارچە» نى دەسسەپ تۇرۇپ بىرلا سەكرەپتىكەن، سۈت چېلەكتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## چۈشىنىش

تۇغۇلۇشىدىنلا دۆت بىر ئوتۇنچى بولغانىكەن. بىر كۈنى، ئۇ تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپ، توساتتىن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ھايۋاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ــ سەن زادى كىم بولىسەن؟

ھېلىقى ھايۋان شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ مېنىڭ ئىسمىم چۈشىنىش.

ئوتۇنچى كۆڭلىدە: «ۋاھ، مەندە كەمچىل بولۇۋاتقىنى چۈشىنىش ئەمەسمۇ! ئۇنى تۇتۇپ كەتسەملا بولمىدىمۇ!» دەپ ئويلاپتۇ. بۇ چاغدا «چۈشىنىش»:

ــ سەن شۇ تاپتا مېنى تۇتماقچى بولۇۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟ ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوتۇنچى بەكلا قورقۇپ كېتىپ، كۆڭلىدە: «كۆڭلۈمدە ئويلىغان ئىشنى ئۇ بىلىۋاپتۇ! بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ ئېرەن قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالاي، ئاندىن ئۇ دىققەت قىلمىغان پەيتتە ئاندىن بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالاي!» دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ چاغدا «چۈشىنىش» ئۇنىڭغا:

— ھازىر سەن ئەتەي ئېرەن قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېنى ئالداپ، دىققەت قىلمىغان ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ مېنى تۇتماقچى بولۇۋاتىسەن، — دەپتۇ.

«چۈشىنىش» ئوتۇنچىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى يەنە بىلىۋاپتۇ، بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئوتۇنچى: «تازىمۇ قاملاشمىغان ئىشقۇ ـ بۇ! مېنىڭ ئىچىمدە ئويلىغىنىمنى ئۇ قانداقلارچە بىلىۋالغاندۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. كىم بىلسۇن، «چۈشىنىش» ئۇنىڭ بۇ خىيالىنىمۇ بىلىۋاپتۇ:

— شۇ تاپتا مېنى تۇتۇۋالالمىغىنىڭغا ئاچچىقىڭ كېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن!

شۇنىڭ بىلەن، ئوتۇنچى كۆڭلىدە ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمنى (چۈشىنىش) خۇددى سىن ئەينەكتە كۆرگەندەك بىلىپ تۇرىدىكەن. مەن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئوتۇنۇمنى كەسلەي، چۈنكى مەن بۇ تاغقا ئەسلىدىلا ئوتۇن كەسكىلى چىققان بولغاندىكەن، ئارتۇقچە خىياللاردا بولماسلىقىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

ئوتۇنچى شۇنداق ئويلىغىنىچە، پالتىسىنى ئوينىتىپ ئوتۇن كەسلىگىلى باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا، ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىن پالتىسى چۈشۈپ كېتىپتۇ — دە، ئويلىمىغان يەردىن «چۈشىنىش» نىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئۇنى بېسىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوتۇنچى ئۇنى دەرھال تۇتۇۋاپتۇ.

## ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت

مۇخبىر كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر كارخانىچىنى زىيارەت قىلىپ:

— سىز كەسپتە زور قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇغا ئۇچرىغان چېغىڭىزدا نېمە ئۈچۈن ئەزەلدىن بولدى قىلمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ كارخانىچى شۇنداق دەپتۇ:

— سىز تاش چېقىۋاتقان تاشچىنى كۆزەتكەنمۇ؟ ئۇ ئېھتىمال تاشنىڭ مەلۇم بىر جايىنى 100 قېتىمچە چوقۇيدۇ، ئەمما ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بىراق ئۇ 101 ـ قېتىم چوقۇغان چاغدا، بۇ تاش توساتتىنلا ئىككى پارچە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ تاش ھەرگىزمۇ 101 ـ قېتىم چوقۇغاندا يېرىلغان بولماستىن، بەلكى دەسلەپكى 100 قېتىملىق چوقۇشنىڭ تەسىرىدىن يېرىلغاندۇر.

## دۈمچەك شاھزادە

بىر شاھزادە بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى كېلىشكەن بولسىمۇ، ئەمما دۈمچەك ئىكەن. ئۇ بۇ ئەيىبىدىن بەكمۇ خورلۇق ھېس قىلىدىكەن.

بىر كۈنى، پادىشاھ مەملىكىتىدىكى ئەڭ ياخشى ھەيكەلتىراشلارنى تەكلىپ قىلىپ، شاھزادىنىڭ ھەيكىلىنى تاراشلىتىپتۇ. ھەيكەلمۇ پۈتۈپتۇ، ئەمما ئۇنىڭدا شاھزادىنىڭ دۈمچەكلىك ئەيىبى يوق بولۇپ، بەدىنى شۇنداق رۇس ئىكەن. پادىشاھ بۇ ھەيكەلنى شاھزادىنىڭ سارىيى ئالدىغا ئورناتقۇزۇپتۇ.

شاھزادە بۇ ھەيكەلنى كۆرگەن چېغىدا قەلبى قاتتىق لەرزىگە كەپتۇ.

بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىلار:

— شاھزادىنىڭ دۈمچەكلىكى خېلى تۈزۈلۈپ قالدىمۇ نېمە، — دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ كۆڭلى بەكلا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

بىر كۈن مۆجىزە كۆرۈلۈپتۇ، شاھزادە تىك تۇرۇپتىكەن، بېلى تۈزلىنىپ ھەيكەل بىلەن ئوپمۇئوخشاش ھالغا كەپتۇ.

## يولۋاسقا مىنۋالغان ئادەم

بىر ئادەم تاغ يولىدا كېتىۋاتسا، توساتتىن بىر يولۋاسقا ئۇچراپ قاپتۇ ـ دە، ئالمان ـ تالمان دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

يولۋاس ھۆركىرىگەن پېتى يۇقىرىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ، بۇ ئادەم بەك قورقۇپ كەتكەچكە دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ دەل يولۋاسنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈپتۇ ۋە يولۋاسنى جان ـ جەھلى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ، بۇ چاغدا قورقۇپ كەتكەن يولۋاسمۇ ھېچنېمىگە قارىماي قېچىپتۇ.

ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئۇقمىغان يولۇچىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا ماختىشىپ كېتىپتۇ:

— قاراڭلار، يولۋاسقا مىنىۋالغان بۇ ئادەم نېمىدېگەن قالتىس ـ ھە! خۇددى پەرىشتىلەردەك ھۇزۇر سۈرگىلى تۇرۇپتۇ.

يولۋاسنىڭ دۈمبىسىدىكى ھېلىقى ئادەم بولسا دەردىنى ئىچىدە بىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر پەقەت مېنىڭ ھەيۋەت بىلەن ھۇزۇر سۈرگىنىمنىلا كۆرۈۋاتىسىلەر، ئەمما پەسكە چۈشۈشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلساممۇ چۈشەلمەيدىغانلىقىمنى بىلمەيسىلەر. شۇ تاپتا مەن قورققىنىمدىن ئۆلەيلا دەپ قالدىم!

## كۆزنىڭ ئىقتىدارى

بىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئوقۇغۇچىلارغا شۇنداق دەپتۇ:

— تاشقى كېسەل دوختۇرى بولۇش ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئىقتىدار بولۇش كېرەك. بىرىنچى، كۆڭلى ئېلىشمايدىغان بولۇشى؛ ئىككىنچى، كۆزنىڭ ئىقتىدارى

كۆچلۈك بولۇشى كېرەك.

ئۇ ئاندىن بىر بارمىقىنى تەخسىدىكى قارىسا ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشىدىغان ئېرىتمىگە تىقىپتۇ ـ دە، ئاغزىنى ئېچىپ شۇ بارمىقىنى يالاپتۇ. ئۇ سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزىگە ئوخشاش قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئوقۇغۇچىلار نائىلاج ھالدا ئۇنىڭ قىلغىنىنى بىر قېتىم تەكرارلاپتۇ.

بۇ دوختۇر بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

ــ كۆپچىلىك، سىلەرنىڭ بىرىنچى سىناق ئۆتكىلىدىن ئۆتكىنىڭلارنى قۇتلۇقلايمەن. لېكىن، بەختكە قارشى ئىككىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىدىڭلار، چۈنكى سىلەر مېنىڭ بارمىقىمنى يالىشىمغا دىققەت قىلمىدىڭلار، يالىغىنىم تەخسىگە سالغان بارمىقىم ئەمەس ئىدى.

## چىرايلىق توز

پادىشاھ سۇ بوياق رەسىم سىزىدىغان بىر داڭلىق رەسسامنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇ رەسسامنى بىر كۈنى ئالاھىدە زىيارەت قىلغىلى بېرىپتۇ.

ــ ماڭا بىر توز سىزىپ بېرىڭ، ــ دەپ تەلەپ قىپتۇ پادىشاھ.

ئارىدىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتكەندە پادىشاھ كېلىپ:

ــ مەن بۇيرۇتقان سۇ بوياق رەسىم قېنى؟ مەن سىزگە بىر توز سىزىپ بېرىڭ دېگەنىدىم، ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، ھازىرلا سىزىپ بېرەي، ــ دەپتۇ رەسسام.

ئۇ قەغەزنى ئېلىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر چىرايلىق توز سىزىپتۇ، پادىشاھ رەسىمدىن ئىنتايىن رازى بوپتۇ، بىراق باھاسىنىڭ قىممەتلىكى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

ــ بۇ رەسىمنى ھېچقانچە كۈچىمەي بىردەمدىلا سىزىپ بولغانىدەك قىلىۋاتاتتىڭىز، نېمانچە يۇقىرى باھا قويىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

شۇنىڭ بىلەن، رەسسام پادىشاھنى باشلاپ ئۆيلىرىنى ئايلاندۇرۇپتۇ، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە توزنىڭ رەسىمى سىزىلغان قەغەزلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىكەن. رەسسام بۇلارنى پادىشاھقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئالىيلىرى، توزنىڭ باھاسىنىڭ ئادىل بولغانلىقىنى ئەمدىغۇ بىلگەنلا؟ بىر توزنىڭ رەسىمىنى سىزىش سىلىگە كۈچىمەيلا بىردەمدە قىلىپ بولىدىغان ئىشتەك تۇيۇلغىنى بىلەن، مەن توزنىڭ رەسىمىنى مۇشۇنداق چىرايلىق سىزىشنى ئۆگىنىگۈچە توپتوغرا بىر يىل تەييارلىق قىلدىم.

## كىشىلىك ھايات تاغقا يامىشقا ئوخشايدۇ

بىر تاغقا يامىشىش ھەۋەسكارى بىر مەشھۇر تاغقا يامىشىش مۇتەخەسسىسىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن تاغقا يامىشىشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە تەلىم ئالماقچى بولۇپ، مۇنداق سوراپتۇ:

— ئەگەر بىز تاغقا يامىشىۋېتىپ تاغنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتسە، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

— داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىشىڭ كېرەك.

ياش يىگىت شۇبھىلىنىپ:

— نېمە ئۈچۈن داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەيمىز؟ ئۇنداقتا تېخىمۇ كۈچلۈك يامغۇردا قالامدۇق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يۇقىرىغا قاراپ ماڭسا، يامغۇرنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئېنىق، لېكىن يامغۇر ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزەلمەيدۇ. تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈرسەڭ، يامغۇر يەسەيگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، كەلكۈندە قېلىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشۈڭ مۇمكىن، — دەپتۇ. ئارقىدىنلا مۇتەخەسسىس كەسكىن قىلىپ، — يامغۇردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ، كەلكۈندە قېلىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭغا دادىللىق بىلەن يۈزلەنسەڭ، ئەكسىچە ھاياتلىققا ئېرىشىشىڭ مۇمكىن، — دەپتۇ.

## جەننەت قەيەردە

بىر ئادەم جەننەتنى ئىزدەپ مىڭبىر جاپادا ئۇنى تېپىپتۇ. ئۇ جەننەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغمىغان ھالدا:

— ئۇھ، ئاخىر جەننەتنى تاپتىم، — دەپ ۋارقىراپتىكەن، جەننەتنىڭ ئىشىك باقارى ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— مۇشۇ جەننەتما؟ — دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم تۇرۇپ قېلىپ:

— ئەجەبا سىز بۇ يەرنىڭ جەننەتلىكىنى بىلمەمتىڭىز؟ — دەپتىكەن، ئىشىك باقار بېشىنى چايقاپ:

— سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپتۇ.

— دوزاختىن.

ئىشىك باقار يەنىلا چۈشەنمەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى كىشى ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— جەننەتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىڭىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن، ئەسلىدە سىز دوزاخقا بېرىپ باقماپتىكەنسىز ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

ئەگەر ئۈسسىسىڭىز، جەننەت دېگەن سۇ؛ ئەگەر ھارسىڭىز، جەننەت دېگەن

كارىۋات؛ ئەگەر مەغلۇپ بولسىڭىز، جەننەت دېگەن غەلىبە؛ ئەگەر ئازابلانسىڭىز، جەننەت دېگەن بەخت. قىسقىسى، ئەگەر بۇنىڭ بىرى بولمىسا، يەنە بىرىگىمۇ ئېرىشەلمەيسىز.

## باشقىلارنىڭ غېمىنى يېگۈچى

بىر كىچىك قىزچاق بوۋىسى بىلەن گۈللۈكنىڭ يېنىغا سەگىدىگىلى كېلىپتۇ، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىرگۈللەرنى كۆرۈپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ گۈل ھىدىنى ھىدلىغاچ:

— بوۋا، سىزمۇ پۇرىدىڭىزمۇ؟ بۇ ئەتىرگۈللەر نېمىدېگەن پۇراقلىق - ھە! — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇلار ياندا ئولتۇرغان بىر موماينىڭ:

— يارىغان بولسا بىرنەچچە تال ئۈزۈۋېلىڭلار، — دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىيلەن گۈلدىن بىر تالدىن ئۈزۈپتۇ، ئاندىن گۈللەرنى ماختىغاچ مومايغا رەھمەت ئېيتقانىكەن، موماي:

— مەن بۇ گۈللەرنى باشقىلار كۆرۈپ خۇشال بولسۇن دەپ تېرىغان، ئۆزۈم بىر ئەما، گۈللەرنىڭ قانداق ئېچىلغانلىقىنى كۆرەلمەيمەن، — دەپتۇ.

## سايە

بىر ئادەم سايىسىنى قوغلىۋەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ھەرقانداق قىلسىمۇ سايىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلماپتۇ. ئۇ يولدا دومىلاپتۇ، سۇغا سەكرەپتۇ، لېكىن ھەممىسى نەتىجىسىز بوپتۇ. سايە يەنىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپتۇ.

بىر دانىشمەن ئۇنىڭ بۇ دىشۋارچىلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا:

— ئېچىڭنى پۇشۇرما، بۇ دۇنيادا سايىدىن قۇتۇلۇشتىن ئاسان ئىش يوق، — دەپتىكەن، ئۇ ئادەم ئالدىراپ:

— قانداق قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

دانىشمەن:

— ئەگەر سايەڭدىن قۇتۇلماقچى بولساڭ، دەرەخ سايىسىدە تۇرساڭلا كۇپايە، — دەپتۇ.

## توخۇ سوقۇشتۇرۇش

خوراز كۆندۈرۈشكە ماھىر بىر ئادەم بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى بىر خورىزىنى كۆندۈرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئون كۈندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

ــ خورازنى كۆندۈرۈپ بولدۇڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، خوراز كۆندۈرگۈچى:
ــ ياق، تېخى بۇ خوراز ھازىر ئاران باشقا خورازلارنى پوپوزا قىلىپ قورقۇتۇشنىلا بىلىدۇ، ــ دەپتۇ.
يەنە ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ يەنە:
ــ ئۇ خورازنى سوقۇشقا سالغىلى بولامدۇ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، خوراز كۆندۈرگۈچى:
ــ تېخى بولمايدۇ، ئۇ بەك ئالدىراڭغۇ، باشقا خورازنىڭ قاقاقلىغىنىنى ئاڭلىسىلا، ئېتىلىپ بېرىپ ئېلىشقۇسى كېلىدۇ، ــ دەپتۇ.
يەنە ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ ھېلىقى خورازنى سوراپتۇ. خوراز كۆندۈرگۈچى:
ــ بولمايدۇ، باشقا خورازنى كۆرسە، ئۇ يەنىلا ھومىيىپ قارايدۇ، ــ دەپتۇ.
يەنە ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:
ــ ھېلىقى خورازنى سوقۇشقا سېلىشقا بولامدۇ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، خوراز كۆندۈرگۈچى:
ــ ئەمدى سوقۇشقا سالساق بولىدۇ، ھازىر ئۇ باشقا خورازلارنىڭ قاقاقلىغىنىنى ئاڭلىسا، قىياپىتىدە قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ياغاچ خورازدەكلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىسى كامىل بولغاچقا، باشقا خورازلار ئۇنى كۆرۈپلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قاچىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا ئەسلا پېتىنالمايدۇ، ــ دەپتۇ.

## ئەتىرگۈلنىڭ دوستى

بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ يول ياقىسىدا تۇرغان بىر دۆۋە لاي توپىدىن بىر خىل خۇش پۇراق چىقىۋاتقىنىنى بايقاپتۇ. ئۇ بۇ توپىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتىكەن، ئۆيلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئۆيىمۇ بىردەمدىلا خۇش پۇراققا تولۇپتۇ.
يولۇچى بۇ ئىشقا قىزىقىپ ھەم ھەيران بولۇپ توپىدىن:
ــ كەم ئۇچرايدىغان پۇراقلىق ماتېرىيالمۇ ياكى باشقا بىر خىل قىممەت باھالىق ماتېرىيالمۇ ياكى باشقا بىر خىل قىممەت باھالىق ماتېرىيالمۇ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، توپا:
ــ ھېچقايسىسى ئەمەس، مەن پەقەت ئادەتتىكى توپا خالاس، ــ دەپتۇ.
يولۇچى:
ــ ئۇنداق بولسا، سېنىڭدىن تارىلىۋاتقان بىر ئۆتكۈر خۇش پۇراق قەيەردىن كەلگەن؟ ــ دەپتىكەن، توپا:
ــ مەن پەقەت ئىلگىرى ئەتىرگۈللۈكتە ئەتىرگۈل بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىل بىرگە تۇرغان، ــ دەپتۇ.

## قىزىقارلىق پەرق

بىر چوڭ ئورمانلىقتا، بىر تۈپ مەغرۇر كىچىك دەرەخ بار ئىكەن. ئۇ دائىم تۆۋەنگە قاراپ ئۆزىدىن پەس گۈل ـ گىياھلارغا بېشىنى لىڭشىتىپ:

ــ كۆپچىلىك قاراڭلار، مېنىڭ بويۇمنىڭ ئېگىزلىكىگە، مەن يەردىن چىقىپ يىراقتا ئىكەنمەن، ــ دەپ كۆرەڭلەيكەن.

ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە كونا قارىغاي بار ئىكەن، ئۇ دائىم ئاسمانغا قاراپ كەمتەرلىك بىلەن خۇرسىنىپ:

ــ مەن نېمىدېگەن پاكار، بىپايان ئاسمان مېنىڭدىن شۇنداق يىراقتا، يەنە قانچە يىلدا بۇلۇتلارغا تاقىشارمەن؟ ــ دەيدىكەن.

## سۆيگۈچى ۋە سۆيۈلگۈچى

بىر پەيلاسوپ كەچلىك تاماقتىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پەيلاسوپ ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنچىۋالا كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

ــ مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولدۇم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پەيلاسوپ بۇنى ئاڭلاپ تىزلىرىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەمدە:

ــ ھاماقەتلىكتە ھاماقەتلىك، ــ دەپتۇ.

مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغۇچى يىغىسىنى توختىتىپ غەزەپ بىلەن:

ــ مەن بىلمىلىك دەپ باشقىلارنى مۇشۇنداق خالىغانچە مەسخىرە قىلىسىڭىز بولامدۇ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، پەيلاسوپ بېشىنى چايقاپ:

ــ مەن سىزنى مازاق قىلمىدىم، ئەكسىچە ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ مازاق قىلىۋاتىسەن؟ ــ دەپتۇ.

مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغۇچى بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەپتىكەن، پەيلاسوپ:

ــ سېنىڭ بۇنداق ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭغا قارىغاندا، قەلبىڭدە يەنىلا مۇھەببەت بار دېگەن گەپ. سېنىڭ قەلبىڭدە مۇھەببەت بولغانىكەن، ئۇنداقتا قارشى تەرەپنىڭ قەلبىدە چوقۇم مۇھەببەت يوق. بولمىسا سىلەر ئايرىلىپ كېتەمتىڭلار؟ ھالبۇكى، مۇھەببەت سەن تەرەپتە، سەن مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولمىدىڭ، پەقەت سېنى سۆيمەيدىغان ئادەمدىن ئايرىلىپ قالدىڭ، بۇنىڭغىمۇ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلغۇلۇقمۇ؟ مېنىڭچە، ئۆيۈڭگە قايتىپ ئۇخلىغىن، يىغلاشقا تېگىشلىكى ئۇ. ئۇ سېنىڭدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، يەنە كۆڭلىدىكى «مۇھەببەت» تىنىمۇ ئايرىلىپ قالدى. بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولامدۇ؟

مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان ئادەم يىغىسىنى توختىتىپ، ئۆزىنىڭ شۇنچە ئاددىي

رىشىنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىگەنلىكىگە كۆلۈپ كېتىپتۇ، ئاندىن پەيلاسوپقا بىر تەزىم قىلىۋېتىپ، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قاپتۇ.

## تىلەمچى بىلەن شەبنەم تامچىسى

بىر تىلەمچى ناھايىتى ئەتىگەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ گۈرۈچ خالتىسىنى ئوڭ قولىدىن سول قولىغا يۆتكەپ، قولىدىكى توپا ـ چاڭنى پۇۋلەۋاتقاندا، بىر دانە چوڭ ھەم سۈزۈك شەبنەم تامچىسى ئالىقىنىغا چۈشۈپتۇ.

تىلەمچى ئالىقىنىغا بىر ئاز قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن لېۋىگە يېقىن ئەكېلىپ، شەبنەم تامچىسىغا:

ــ مېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ مېنى يۇيۇۋېتىسەن.

ــ قارىغاندا سەن مەندىنمۇ بىچارىكەنسەن، جېنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدىكەن.

ــ خاتالاشتىڭ، مەن بىچارىلىكىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، مەن ئىلگىرى ئىنتايىن چوڭ بىر سېرىنگۈل غۇنچىسىنى نەملەپ ئۇنى چىرايلىق ئېچىلدۇرغان. ھازىر يەنە بىر ھاياتلىقنى نەمدەۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم ۋە بەختىم. بۇ ئۆمرۈمدە مېنىڭ ھېچقانداق ئارمىنىم يوق.

تىلەمچى بىردىنلا تۇرۇپ قاپتۇ.

## باشقىلار ماڭغان يول

بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ، ئالدىدا بىرەرسىنىڭ ماڭغان ئىزى يولمىغاچقا، خەتەر چىقىش مۇمكىنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئامالسىز ئۇيان ـ بۇيانغا دەسسەپ بېقىپ، يول ئېچىپ مېڭىپتۇ. بىراق، ھېچقانچە ماڭمايلا ئېھتىياتسىزلىقتىن پاتقاققا دەسسىۋېلىپ چۆكۈپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر ئادەممۇ سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئىلگىرىكى ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ بۇ يەردىن چوقۇم ئادەم مېڭىپ بېقىپتۇ، باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭسام چاتاق چىقمايدۇ دەپ ئويلاپ دەسسەپ كۆرسە، دەسسىگەن يېرى راستلا قاتتىق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىر ھېلىقى بوش يەرگە دەسسىۋېلىپ ئۇمۇ پاتقاققا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

ئۈچىنچى بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ، ئالدىنقى ئىككى ئادەمنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ ئىككىلەنمەيلا شۇ ئىزدىن مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى دېمىسەكمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئۇمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، كۆڭلىدە بۇ چوقۇم سازلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تۇتىشىدىغان يول، بۇ يولدىن نۇرغۇن ئادەم مېڭىپ بېقىپتۇ، مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭسام چوقۇم سازلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەلەيمەن دەپ ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم هالدا ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئاخىر ئۇمۇ پاتقاقتا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

## جىگدىچى بىلەن تومۇزغا

بىر ئادەم جىگدىچىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيىدە بېقىپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى جىگدىچى ئادەمنىڭ گېپىنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. لېكىن ھەر قانداق قىلىپمۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزدىن باشقىسىنى ئۆگىنەلمەپتۇ. جىگدىچى ئادەمنىڭ گېپىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن كۆرەڭلەپ كىمنىلا كۆرسە نەچچە ئېغىز سۆزلەپ قويىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى، هويلىدىكى دەرەختە بىر تومۇزغا چىقىۋاپتۇ، جىگدىچى دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە سەكرەپ چىقىپ، تومۇزغىغا:

— هەي، بولدى قىل دەيمەن، ئاۋازىڭ بەك سەتكەن، چىرقىراشنىلا بىلگەن، باشقىچە سايراشنى بىلمەمسەن؟ — دەپتىكەن، تومۇزغا:

— هەئە، مەن چىرقىراشنىلا بىلىمەن، سەن باشقىچە سايراشنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپتۇ.

جىگدىچى كۆرەڭلىگەن هالدا:

— مېنىڭ بىلىدىغىنىم كۆپ، مەن جىگدىچىنىڭ سايرىشىنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە ئادەمنىڭ گېپىنىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ.

تومۇزغا:

— راست، سەن ئادەمنىڭ گېپىنى ئانچە - مۇنچە بىلىسەن، قۇلاققا يامان ئەمەس ئاڭلىنىدۇ. بىراق قىلغان ئۇ نەچچە ئېغىز گەپ ئۆزۈڭنىڭ گېپى ئەمەس، ئۇنى قانداقمۇ مېنىڭ سايرىشىمغا سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ مەن گەرچە يېقىمسىزراق سايرىساممۇ، لېكىن ئۇ دېگەن مېنىڭ چىن كۆڭلۈمدىن چىققان ئاۋاز، — دەپتۇ.

جىگدىچى خىجىل بولۇپ بېشىنى ساڭگىلىتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئادەمنىڭ گېپىنى دورىماپتۇ.

## يامان بىلەن ئارىلىق ساقلاڭ

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئۇۋچى بار ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم يىرتقۇچ هايۋان ئوۋلىغاندا، تېرىسىنى سويۇپ ئۆزى ئىشلىتىپ، گۆشىنى تاشلىۋېتىدىكەن.

بىر شىر ئۇ يەرگە كېلىپ تاشلاپ قويۇلغان يېڭى گۆشنى كۆرۈپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

ئوۋچى ھەر قېتىم گۆش تاشلىغاندا، ھېلىقى شىر كېلىپ تويغۇچە يەيدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، شىر بىلەن ئوۋچى تونۇشۇپ، ئۆزئارا يېقىن بولۇپ كېتىپتۇ. ئوۋچى شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۈمبىسىنى سىيلىسا، شىر قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئەركىلەپتۇ.

ئوۋچى شىرنىڭ مىدىر - سىدىر قىلماي ياۋاشلىق بىلەن تۇرغىنىنى كۆرۈپ، شىرنى بويسۇندۇردۇم دەپ ئويلاپ، بۇ ۋەھشىي شىرمۇ ماڭا بويسۇنۇپ، مېنىڭ ئولجامغا ئايلاندى، مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ، باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالغاندەك ئۇنىڭمۇ تېرىسىنى سويۇۋالايچۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئوۋچى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئېتىلىپ كېلىپ شىرغا مىنىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويماقچى بوپتىكەن، ئوۋچىنىڭ قىلمىشىدىن غەزەپلەنگەن شىر قۇترىغىنىچە ئوۋچىنى بېسىۋېلىپ، ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئوۋچىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپتۇ؛ ئاندىن ئاغزى بىلەن تىرنىقىنى تەڭ ئىشلىتىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئوۋچىنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ.

## ئۈمىدۋار ئەما

ئىككى ئەما ھاسا تۇتۇپ قولتۇقلىشىپ كېتىۋېتىپ، بىرى:

ــ يەنىلا ئەما بولغان ياخشى، كۆزى ساق ئادەملەر كۈنبويى ئالدىراش ئۆتىدۇ، دېھقانلىنىڭ جاپاسى تېخىمۇ يامان، نەدىمۇ بىز ئەمالاردەك ئەركىن - ئازادە يۈرەلىسۇن؟ ــ دەپتۇ.

ــ راست، ئۇ دېھقانلار بەك بىچارە، ــ دەپتۇ يەنە بىر ئەما.

بىرنەچچە دېھقان ئەمالارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئەمەلدار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ:

ــ ھوي، ئىككىڭ ۋالىي بېگىم كەلسىمۇ يول بوشاتمايسەنغۇ؟ گۇناھىڭنى بىلىشەمسەن، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

قالغان نەچچە دېھقان ئۇلارنى ئوتۇغۇچنىڭ سېپى بىلەن تازا ئۇرۇپ، ۋارقىراپ بىر چەتكە ھەيدىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئاستا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، مېڭىپ يەنە گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپتۇ.

بىر ئەما:

ــ يەنىلا ئەما بولغان ياخشى، ئەگەردە باياتىن كۆزى ساق ئادەم ۋالىي بېگىمنى كۆرۈپ يول بوشاتمىغان بولسا، تاياق يەپلا قالماستىن، تېخى تۈرمىدە ياتاتتى، ــ دەپتۇ.

ــ راست، نەچچىنى ئۇردى شۇ، بىز يەنىلا تەلەيلىك، ــ دەپتۇ.

# ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىش

ئىككى كەمبەغەل ئوتۇنچى تاغدىن ئوتۇن كەسلەپ كېلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بىر كۈنى تاغدا ئۇلارغا چوڭ ئىككى دۆۋە پاختا ئۇچراپتۇ. پاختىنىڭ باھاسى ئوتۇننىڭ باھاسىدىن ئۆرە بولغاچقا، ئىككىيلەن ئۇ ئامەتتىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، چۈنكى بۇ دۆۋە پاختىنى ساتسا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىرەر ئايلىق روزىغاردىن غەم يېمەيدىكەن. ئىككىيلەن بىر دۆۋىدىن پاختىنى يۈدۈپ، ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

كېتىۋېتىپ بىر ئوتۇنچى يولدا بىر تېكىق رەخت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا ئالىي دەرىجىلىك ماتا بولۇپ، ئون نەچچە توپ كېلىدىكەن. ئۇ خۇشال بولۇپ، ھەمراھىغا يۈدۈۋالغان پاختىنى تاشلىۋېتىپ، رەختنى ئېلىپ كېتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

ئەمما ئۇنىڭ ھەمراھى پاختىنى شۇنچە يەردىن يۈدۈپ كېلىپ، بۇ يەردە تاشلىۋەتسەك ئەجرىمىز بىكار كېتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماپتۇ. ماتانى بايقىغان ئوتۇنچى ئامالسىز ماتادىن ئۆزىنىڭ قۇربى يېتىشىچە ئېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ماتا يۈدۈۋالغان ئوتۇنچى ئورمانلىقتا بىر نەرسىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، يېقىن بېرىپ قارىسا، يەردە نەچچە كومزەك ئالتۇن چېچىلىق تۇرغۇدەك. كۆڭلىدە خۇدايىم بەردى دېگەن مانا دەپ ئويلاپ، ھەمراھىغا مۈرىسىدىكى ماتا بىلەن پاختىنى تاشلاپ، ئوتۇن كۆتۈرىدىغان ئەپكەش بىلەن ئالتۇننى كۆتۈرۈپ ئەكىتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ ھەمراھى يەنىلا پاختىنى تاشلىمايلى، ئەجرىمىز بىكار كېتىدۇ دېگەن مۇقامىنى تۇۋلاپتۇ، يەنە تېخى ئۇ ئالتۇنلارنى يالغان دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى بىكار ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرىدا ھەممىدىن قۇرۇق قالماسلىقىقا دەۋەت قىپتۇ.

ئالتۇننى بايقىغان ئوتۇنچى ئىلاجسىز ئۆزى ئىككى كومزەك ئالتۇننى كۆتۈرۈپ، پاختا يۈدۈۋالغان ھەمراھى بىلەن ئۆيىگە مېڭىپتۇ. تاغدىن چۈشكەندە تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ، ئىككىيلەن ئوچۇقچىلىقتا قېلىپ، چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. تېخىمۇ يامان بولغىنى، پاختا يۈدۈۋالغان ئوتۇنچىنىڭ مۈرىسىدىكى پاختا يامغۇر سۈيىنى سۈمۈرۈپ يۈدۈگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىرلاپ كېتىپتۇ. ئامالسىز قالغان ئوتۇنچى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي جاپا تارتىپ كۆتۈرۈپ كەلگەن پاختىنى تاشلىۋېتىپ، ئالتۇن كۆتۈرگەن ھەمراھى بىلەن قۇرۇق قول ئۆيىگە قايتىپتۇ.

## ئازادە ھايات

دېھقان موللېر بىر كۈنلۈك جاپالىق ئەمگىكىنى تۈگىتىپ، خۇشال ھالدا دەرەخنىڭ تۈۋىدە يېتىپ، قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىنى ئاڭلىغاچ، سالا - سالا ئېتىزلارغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ يېتىپتىكەن، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۇنى كۆرۈپ بىر دەم پاراڭلاشماقچى بوپتۇ. ئۇ ئادەم:

— سەن نېمىشقا ھازىرلا بۇ يەرگە كېلىپ يېتىۋالدىڭ؟ تېخى يورۇققۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭچە قانداق قىلسام بولاتتى؟

— تاغقا چىقىپ جىقراق ئوتۇن كەسسەڭ بولدىغۇ؟

— ئوتۇننى جىق كېسىپ نېمە قىلىمەن؟

— ئەتە بازارغا ئاپىرىپ ساتامسەن؟

— ئاندىنچۇ؟

— ئاندىن يانچۇقۇڭغا ئازراق پۇل كىرىدۇ، ئۇنىڭغا بىر ئاز ئۇششاق - چۈششەك ئېلىپ سېتىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىسەن، كېيىن بۇ پۇللارنى يىغىپ چوڭراق بىرەر تىجارەت قىلالايسەن، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىپ، يۇرتقا قايتىپ كېلەلەيسەن، نەچچە پارچە يەر سېتىۋېلىپ، باشقىلارغا تېرىشقا ئىجارىگە بېرىسەن، ئۇ چاغدا ئەمگەك قىلماي ئولتۇرۇپ ئىجارىنى يىغساڭلا بولىدۇ.

— ئۇنىڭدا قانداق بولماقچى؟

— ئەخمەق، ئۇنداقتا سەن ئارام ئالالايسەن، جاپا تارتىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ - دە؟

— ئۇنداقتا سېنىڭچە مەن ھازىر نېمە قىلىۋاتقاندىمەن؟

## ئەڭ قىممەتلىك نەرسە

بىر ئادەم پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تېپىشنى ئويلايدىكەن. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن:

— دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە؟ — دەپ سورايدىكەن.

— ئالتۇن، ساھىبجامال، ئالماس، ھوقۇق، بىلىم، سېھىرىگەرلىك، — ھەر كىم ئۆزى بىلگىنىچە جاۋاب بېرىشىپتۇ.

بۇ ئادەم زادى نېمىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمەي جاھان كېزىپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ شۇنداق قىلسام دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاپالايمەن دەپ ئويلايدىكەن.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئارىدا ئۇ ئادەم پۈتۈن دۇنيانى ئارىلاپ چىقىپتۇ.

ئۇ قېرىپ، نامراتلىشىپ كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ، ئەمما ھېلىقى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاپالماپتۇ. ئامالسىز ھەممىدىن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاپالماپتۇ. ئامالسىز ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، غەمكىن ھالدا ئۆيگە قايتىش قارارىغا كېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

قىشنىڭ سوغۇق بىر ئاخشىمى ئۇ ئاخىر ئۆيگە كەپتۇ. ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن غۇۋا چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپتۇ، يېقىن كېلىپ ئىچىگە قارىسا، ئۆيدىكىلەر ئىسسىق تاماق قويۇلغان تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغۇدەك، ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ قويغان ئورۇنلا بوش ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلۈپتۇ. ئۇ ئاخىر ئەسلىدە دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

## ئوغرىلاپ كېتىلگەن پۇلنى ئالداپ قايتۇرۇۋېلىش

بىر يەھۇدىي سودىگەر بىر بازارغا تىجارەت قىلغىلى كەپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا نۇرغۇن تىللا بار ئىكەن. ئۇ چاغلاردا بانكا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پۇلنى مېھمانخانىدا قويۇش بىخەتەر ئەمەس ئىكەن. تەكرار ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ يەھۇدىي سودىگەر ئۆزى يالغۇز ئادەم يوق بىر يەرگە كەپتۇ ــ دە، بىر ئورەك كولاپ پۇللىرىنى كۆمۈپ قويۇپتۇ. بىراق ئىككىنچى كۈنى ئۇ پۇلنى كۆمۈپ قويغان يېرىگە كېلىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ پۇللىرى كۆمۈپ قويغان يەردە يوقمىش.

ئۇ جايىدا قېتىپلا قاپتۇ، پۇلنى كۆمۈۋاتقان چېغىمدا ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدىغۇ! ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تازا تىت ــ تىت بولۇپ تۇرغاندا، كۆزى ئىختىيارسىز يىراقتىكى بىر ئۆيگە چۈشۈپ قاپتۇ، بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن دەل پۇل كۆمگەن يەرنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۇ كۆڭلىدە، مۇشۇ ئۆينىڭ خوجايىنى مېنىڭ پۇل كۆمۈۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قېلىپ، كېيىن ئوغرىلىقچە كېلىپ پۇلنى كولاپ ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپتۇ.

بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ئۇ ھېلىقى ئۆينىڭ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەدەپ بىلەن:

ــ سىز شەھەردە ياشىغانلىقىڭىز ئۈچۈن چوقۇم بەك ئەقىللىق، سىزدىن بىر ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت ئالماقچى ئىدىم، بولارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ــ بۇ ئادەم قىزغىنلىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ.

ــ مەن بۇ يەرگە يېڭىلا كەلگەن ياقا يۇرتلۇق تىجارەتچى. يېنىمدا ئىككى ھەميان بار، بىرسىگە 800 تىللا، يەنە بىرسىگە 500 تىللا قاچىلانغان، مەن كىچىكرەك ھەميانىنى ئادەم بىلمەيدىغان بىر يەرگە كۆمۈپ قويدۇم، ئەمدى بۇ چوڭ ھەميانىمنى باشقىلارنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە بەرگىنىم ياخشىمۇ ياكى ئۇنىمۇ كۆمۈپ قويغىنىم بىر

قەدەر بىخەتەرمىدۇ؟

— سىز بۇ يەرگە يېقىندا كەپسىز، شۇڭا ھېچقانداق ئادەمگە ئىشىنىشىڭىزگە بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى، سىز چوڭ ھەميانىڭىزنىمۇ كىچىك ھەميانىڭىزنىڭ كۆمگەن يەرگە كۆمۈپ قويسىڭىز بىر قەدەر بىخەتەر بولىدۇ.

يەھۇدىي سودىگەر قايتىپ مېڭىشى بىلەن بۇ ئاچ كۆز ئادەم كولاپ ئېلىۋالغان ھەميانىنى دەرھال ئاپىرىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى بىر چايغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ كۆزىتىپ تۇرغان يەھۇدىي سودىگەر خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ - دە، ھېلىقى ئادەم كېتىشى بىلەن ئۇ دەرھال بېرىپ پۇلنى كولاپ ئالغاندىن كېيىن ئالدى - ئارقىسىغا باقماستىن كېتىپ قاپتۇ.

## پىر - ئۇستازنىڭ ئۆي كۆچۈشى

بىر مەشھۇر ئۆلىما بىر كىچىك بازاردا ئۇزۇن يىل ياشاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز لا شاگىرتلىرىغا:

— بىز بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

شاگىرتلىرى ئۇستازىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قىلغان قارارىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي:

— نېمە ئىش بولدى، نېمىشقا ئۇشتۇمتۇت بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز، بىز بۇ بازاردا ھەرجەھەتتىن ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، تۇرمۇشىمىزمۇ خاتىرجەم، راھەت. شۇنداق تۇرسا نېمىشقا باشقا بىر بازارغا كۆچىمىز؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

ئۇستاز:

— بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى بىلىپ كەتتى، نامىم ئۇزۇكسىز تارقىلىۋاتىدۇ، ئادەم نامى چىققاندا ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئادەملەر مېنىڭ ياخشى نامىمنى تارقىتالىغاندەك ساڭا تۆھمەتمۇ چاپلىيالايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ماڭا تۆھمەت چاپلاشتىن ئىلگىرى، بۇ بازاردىن كېتىشىم كېرەك، — دەپتۇ.

ياخشى ئاتاقنىڭ ھەر ۋاقىت يامانغا ئۆزگىرىش ئېھتىمالى بار؛ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كەچمىگىمۇ مەغلۇپ بولۇش خەۋپى يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

## سەمىمىيلىك تېپىلغۇسىز ئالتۇن

بىر نامرات يىگىت بىلەن كاتتا باينىڭ قىزى مۇھەببەتلىشىپتۇ. بىر كۈنى يىگىت ھېلىقى باينىڭ قىزى ئۇچۇن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن زىياپەتكە قاتنىشىپتۇ. زىياپەتنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن قىزغىن بوپتۇ. باي قىزى ھاجەتكە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كاستۇم - بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ھەممە يېرىنى پارقىرىتىۋالغان يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

ــ يىگىت، ئۇچىڭىزدىكى كىيىمنى ئۆزىڭىز سېتىۋالمىغانسىز؟ ــ دەپ ئۇدۇللا سوراپتۇ.

يىگىت نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك ھالغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن راستىنى ئېيتىپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. بۇ چاغدا، باي:

ــ يىگىت، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى مەن بەش قولدەك ئېنىق بىلىمەن. مېنىڭ ئەسلىي سېنى زىياپەتكە بۇرۇن قانداق بولسا، شۇ پېتى كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، بەك خۇش بولغان بولاتتىم. بىلسەڭ، نامراتلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس. تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال بولۇپ قېلىش ئەڭ قورقۇنچلۇق. ئەگەر بىر ئادەم ئۆز سەممىيىتىنى يوقاتسا، كەلگۈسىدە ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ــ دەپتۇ.

بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش يىگىتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى ساۋاق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، يىگىت شۆھرەتپەرەسلىكنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە ياشاپتۇ. ھەتتا باينىڭ قىزى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ھەشەمەتچىلىك قىلماپتۇ، بايمۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يىگىت بىلەن سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ بايلىقى قېيىنئاتىسىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇلار ئىزچىل تۆرە ئاددىي ـ ساددا كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، ئىسراپخورلۇق قىلماپتۇ. «سەممىيلىك بىباھادۇر» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەنىكەن.

## ھاياتنىكى كارامەت

بىر دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ ئوغلى بىر قىزغا كۆيۈپ قاپتۇ. ئۇ بەكمۇ گۈزەل، ئەمما كىيىم ـ كېچەككە، زىبۇ زىننەتكە زىيادە ئامراق، بەتخەج قىز ئىكەن. شۇنداقتىمۇ يىگىت ئۇنىڭغا قاتتىق ئاشىق بولغاچقا، قىزنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى ئېلىپ بېرىدىكەن.

چاي ئىچۇرۇشتىن ئىلگىرى يىگىت قىزدىن قانداق سوۋغىغا ئېرىششنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى سوراپتىكەن، قىز بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈك ئالغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يىگىت قىزغا دەرھال بىر چوڭ بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈك ئېلىپ بېرىپتۇ.

يەنە بىر نامرات يىگىتمۇ بىر قىزغا ئاشىق ئىكەن، ئۇ ۋاي دەپ كەتكۈدەك چىرايلىقلاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن سەممىي، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆي تۇتۇشنى بىلىدىغان قىزكەن. چاي ئىچۇرۇشتىن ئىلگىرى يىگىت قىزدىن قانداق سوۋغىغا ئېرىششنى خالايدىغانلىقىنى سورىسا، قىز ئادەتتىكى ئۈزۈك بولسىلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت نەچچە سوم خەجلەپلا سۈنئىي ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان بىر ئۈزۈك

سېتىۋېلىپ، قىزغا سوۋغا قىپتۇ.

يىگىرمە يىلدىن كېيىن، بىرىنچى جۇپ ئەر ـ خوتۇن بارلىق مال ـ دۇنياسىنى بۇزۇپ چېچىپ تۈگىتىپ بوپتۇ. ئۇلار ھېلىقى بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈكنىمۇ سېتىۋەتكەچكە، ئايالى قولىغا سۇنئىي ياقۇتتىن ياسالغان ئۈزۈك سېلىپ يۈرىدىغان بوپتۇ.

يەنە بىر جۇپ ئەر ـ خوتۇن بولسا، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تېجەشلىك بىلەن ئۆي تۇتۇپ، خېلى كۆپ مال ـ دۇنيا توپلىغاچقا، ئايالى ھەقىقىي بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈك تاقايدىغان بوپتۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش بىر مەيدان سېھىرگەرلىككە ئوخشايدۇ، ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر. يۇقىرىقى ھېكايىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ قىلمىشى ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇ بىر تال كېرەكسىز ئەينەكنى بىرلىيانتقا ئۆزگەرتەلىگەندەك، بىرلىيانتنىمۇ ئەينەككە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

## بەخت دېگەن بىر قاچا سۇ

بۇرۇن بىر باي بىلەن كەمبەغەل بەختنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ. كەمبەغەل:

ـ ھازىرنىڭ ئۆزى بەخت، ـ دەپتۇ.

باي كەمبەغەلنىڭ ئەسكى كەپىسى، يىرتىق ئۇستىباشلىرىغا مەنسىتمىگەن ھالدا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ـ مۇشۇنىمۇ بەخت دېگىلى بولامدۇ؟ يۈزلەپ ياسىداق ئۆيۈم، مىڭلاپ چاكىرىم بولسا، ئاندىن بەختلىك بولىسەن، ـ دەپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ، پۈتۈن بىساتى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ، چاكارلىرى ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە كېتىپتۇ. باي بىر كېچىدىلا قەلەندەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

يازنىڭ تازا تىنجىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان، ئۇسساپ تىلى گېلىغا چاپلىشىپ قالاي دېگەن قەلەندەر ھېلىقى كەمبەغەل كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كەمبەغەلدىن بىر قاچا سوغۇق سۇ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنى تونۇۋالغان كەمبەغەل كىشى ئۇنىڭدىن:

ـ سىز ھازىر نېمىنى بەخت دەپ بىلىسىز؟ ـ دەپ سوراپتىكەن، قەلەندەر كەمبەغەلنىڭ قولىدىكى سۇغا قاراپ بىتاقەت بولغان ھالدا:

ـ قولىڭىزدىكى ئاشۇ بىر قاچا سۇنى بەخت دەپ بىلىمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يولۇچى ۋە پالتا

ئىككى ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ، بىرسى پالتا تېپىۋېلىپ:
— قارا، مۇنۇنى مەن تېپىۋالدىم، — دەپتىكەن، يەنە بىرسى:
— «مەن» تېپىۋالدىم دېمەي، «بىز» تېپىۋالدۇق دېيىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ.
بىر ئازدىن كېيىن پالتىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەم كېلىپ، پالتىنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمگە:
— پالتامنى ئوغرىلىۋاپسەن، — دەپ ئېسىلىۋاپتۇ.
بۇ چاغدا پالتا تېپىۋالغان ئادەم ھەمراھىغا:
— ئەستا، بىز ئەمدى تۇگەشتۇق، — دەپتۇ.
— «بىز» دېمەي، «مەن» دېيىشىڭ كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يەنە بىرسى.
بىر ئادەم ئېرىشكەنلىرىدىن دوستى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولالمىسا، پالاكەتكە ئۇچرىغاندىمۇ باشقىلارنىڭ تەڭ تارتىشىپ بېرىشىدىن ئۈمىد كۈتمەسلىكى كېرەك.

## بۆرىلەرنىڭ ئۆڭكۈردىن چىقىشى

ئوۋچى بىر توپ بۆرىنى قوغلاپ بىر ئۆڭكۈرگە سولىۋاپتۇ. ئوۋچى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا بىرلا قاپقان قۇرغان بولۇپ، قايسى بۆرە ئالدىدا چىقسا، شۇ قاپقانغا چۈشۈپ قالىدىكەن، بىراق قالغانلىرى قۇتۇلىدىكەن.
بۆرىلەر ئۆڭكۈردە بىر كېچە ـ كۈندۈز ئاچ قالغاندىن كېيىن، كىمنىڭ ئۆڭكۈردىن ئالدىدا چىقىشىنى مۇزاكىرە قىلىپتۇ.
قېرى بۆرە:
— مېنىڭ يېشىم ھەممىڭلارنىڭكىدىن چوڭ، مەن ئالدىدا چىقسام تازا مۇۋاپىق بولماس، — دەپتۇ.
كىچىك بۆرە:
— ئاراڭلاردا ئەڭ كىچىكى مەن، مېنى چىق دېسەڭلار قاملاشماس، — دەپتۇ.
ئانا بۆرە:
— ئۆيۈمدە ئۈچ كۈچۈكۈم بېرىپ ئېمىتىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈشىگە كۆڭلۈڭلار ئۇنىماس؟ — دەپتۇ.
بىر توكۇر بۆرە:
— مەن يارىلاندىم، ماڭا ئېتىبار قىلىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ.
ئەڭ ئاخىرىدا بىر قاۋۇل بۆرىلا قاپتۇ. ئۇ:
— مەن ئالدىدا چىقسام بولىدۇ، بىراق، ئەگەر مەن ئەڭ ئارقىدا چىقسام، كۆپچىلىكنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالايمەن، ئوۋچىنى چىشلەپ ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇۋۇچى ئۆڭكۈردىن ئاچلىقتىن ئۆلگەن بىر توپ بۆرىنى سۆرەپ چىقىپتۇ.

## خۇشاللىق ئىزدەش

بۇرۇن بىر ئادەم بار ئىكەن، ھەمىشە خۇشال ـ خۇرام يۈرىدىكەن. دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسە ئۇنى خۇشال قىلىدىكەن، ھەتتا بىر تۈپ ئوتنى كۆرسىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭ تۇرۇپلا خۇشاللىقىم يەنە بارمۇ ـ يوق، دەپ قاراپ باققۇسى كېلىپ، پەسكە ئېڭىشىپتۇ. بىراق، ئۇ بېلىنى ئېگىشىگىلا خۇشاللىقى يوقاپ كېتىپتۇ.

ــ نېمە ئىش بۇ، ئۇ تېخى بايىلا بار ئىدى. بىردىنلا يەرنىڭ ئاراشلىرىغا كىرىپ كەتكەندەك غايىب بولۇپ كەتتىغۇ! ــ دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ھەيران بولغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشاللىق ئىزدەپ، تاغ ـ دەريالارنى، ئورمان ـ دالىلارنى كېزىپتۇ. كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل خۇشاللىقلىرىنى كۆرۈپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى تاپالماپتۇ. بەللىرى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىمۇ ئىلا قويماي ئىزدىگەن بولسىمۇ، يىتتۈرۈپ قويغان خۇشاللىقىنى تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ئۆز ـ ئۆزىگە:

ــ بولدى، ئەمدى ئىزدىمەيمەن، يىتسە يىتمەمدۇ، ئەجەبا، خۇشاللىقنى دەپ بىر ئۆمۈر ئېڭىشىپ ماڭامدىم، ــ دەپتۇ.

شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ ئەمدىلا قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇشىغا خۇشاللىقى قايتىپ كەپتۇ. خۇشاللىق قانداق يوقالغان بولسا، يەنە شۇنداق قايتىپ كېلىدۇ.

## خۇشاللىقنىڭ پەيتى

بىر توپ ياشلار تۇرمۇشنى ناھايىتى مەنىسىز، زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ، خۇشاللىق ئىزدەپ نۇرغۇن جايلارنى كېزىپتۇ، ئەمما خۇشاللىق ئىزدەش يولىدا يەنە نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپتۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇستازى سوقراتتىن:

ــ ئۇستاز، خۇشاللىق زادى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن بىز خۇشاللىق دەپ، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپ ئازابقا دۇچار بولىمىز، ــ دەپ مەسلىھەت سورايتىكەن، سوقرات:

ــ سىلەر ئالدى بىلەن ماڭا بىر كېمە ياسىشىپ بېرىڭلار، ــ دەپتۇ.

ياشلار خۇشاللىق ئىزدەيدىغان ئىشنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، كېمە ياساشقا لازىملىق ھەرخىل سايمانلارنى تېپىپ كەپتۇ ھەمدە بىر تۈپ ھەم ئېگىز ھەم چوڭ

دەرەخنى ھەرىدەپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ بىر كىيىمە ياساپتۇ. كىيمە پۇتكۇچە توپتوغرا قىرىق توققۇز كۈن ۋاقىت كېتىپتۇ.

كىيمە پۈتكەن كۈنى ئۇلار كىيمىنى سۇغا چۈشۈرۈپ، سوقراتنى كىيمىگە چىقىرىپتۇ ھەم بىر تەرەپتىن پالاق ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن تەكشى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا سوقرات ئۇلاردىن:

ــ بالىلىرىم، سىلەر ھازىر خۇشالمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئىنتايىن خۇشال، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرتلار. سوقرات:

ــ خۇشاللىق دېگەن مانا مۇشۇنداق نەرسە، ئادەم بىرەر نىشان ئوچۇن ئالدىراپ باشقا ئىشلارغا ۋاقىت ئاجرىتالمىغان چاغدا، خۇشاللىق تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىدۇ، ــ دەپتۇ.

## ئېۋەنسىز ئايال

بىر ئەر ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپتۇ، چۈنكى ئۇ بىر ئېۋەنسىز ئايالنى ئىزدەيدىكەن. ئۇ يەتمىش ياشقا كىرگەندە، بىرسى ئۇنىڭدىن:

ــ سىز ئۆمۈر بويى ئەل ئارىلاپ ئېۋەنسىز ئايال ئىزدىدىڭىز، ئەجەبا شۇنچە كەڭرى دۇنيادىن بىرەرمۇ ئېۋەنسىز ئايال تاپالمىدىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، ئۇ بوۋاي ئىنتايىن ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

ــ بىر قېتىم ئۆزۈم ئىزدىگەن ئېۋەنسىز ئايالدىن بىرنى ئۇچراتتىم، ــ دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم يەنە:

ــ ھە، ئاخىرى قانداق بولدى؟ سىلەر نېمىشقا توي قىلمىدىڭلار؟ ــ دەپتىكەن، بوۋاي تېخىمۇ قاتتىق ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

ــ قانداق بولاتتى، ئۇمۇ بىر ئېۋەنسىز ئەر ئىزدەيدىكەن، ــ دەپتۇ.

## ئەقىل ھەممىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئۈچ دوست ئۆتكەن ئىكەن. مال ـ دۇنياسى يوق بولسىمۇ، كۆڭۈللىرى شاد ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئۈچ دوست ئەقىل ـ پاراسەت، ئىشچانلىق، تەقدىر ئۈستىدە تالىشىپ قاپتۇ.

ــ مەن ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىشىنىمەن، چۈنكى ئۇ بولسىلا ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ، ــ دەپتۇ بىرىنچىسى.

ــ مەن ئىشچانلىققا ئىشىنىمەن، ئەقىل ـ پاراسەت ئىش ـ ئەمگەكتىن كېلىدۇ، ــ دەپتۇ ئىككىنچىسى.

ــ مەن تەقدىرگە ئىشىنىمەن، تەقدىر ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، ــ دەپتۇ

ئۈچىنچىسى.

ئۈچەيلەن «مېنىڭ توغرا» دەپ تالىشىپ، بىر - بىرىدىن يامانلىشىپ، ئاخىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە، ئەھۋالنى بايان قىپتۇ ۋە كىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشاھ بىردەم سۈكۈتتە ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئۈچىڭلار ئەتە ئەتىگەندە شەھەرنىڭ كۈن پېتىشىدىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە بېرىڭلار، بىر ئاپقۇر سۇدىن باشقا نەرسە ئالماڭلار، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن ئوردىغا كېلىپ، مەندىن جاۋاب ئېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئۈچ دوست پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ ئوردىدىن چىقىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆڭكۈر ئالدىغا بېرىپتۇ. ياساۋۇللار ئۈچ دوستنى ئۆڭكۈرگە سولاپ، ئاغزىنى ئېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمىگەن ئۈچ دوست غىڭ قىلالماي يېتىشىپتۇ. بىر كۈن تاماق يېمەي ئاچلىقتىن قورساقلىرى تارتىشىپ، ئۆلەي دەپ قاپتۇ. بىر - بىرىگە ئاپا - تەنە قىلىشىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى پېشىن بىلەن ئەقىل - پاراسەتكە ئىشىنىدىغان بىرىنچى دوست ئۆڭكۈر ئىچىدىكى يوغان بىر تاشنىڭ تېگىگە نۇرغۇن ئۆمۈچۈكنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، بۇ يەردە چوقۇم بىر نەرسە بار، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. ئىشچانلىققا ئىشىنىدىغان ئىككىنچى دوست تاشنى يۆتكىگەن ئىكەن، ئاستىدىن ياغلىققا ئوراپ كۆمۈلگەن يوغان بىر نان چىقىپتۇ. ناننى ئۈچكە بۆلۈپ يېيىشىپتۇ. ئۈچىنچى دوست يەۋاتقان نان قېتىدىن يالتىراپ تۇرغان بىر دانە گۆھەر چىقىپتۇ.

پادىشاھ ئۈچىنچى كۈنى ئۈچ دوستنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ. ئۇلاردىن ئۆڭكۈردە ئېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۈچ دوست كۆرگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— بىرىنچى دوست ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سالغاچ، تاش ئاستىدا كۆمۈلگەن نەرسىنى بايقىغان. ئىككىنچى دوست ئىشچان بولغاچقا تاشنى يۆتكەپ، ناننى تاپقان. ئۈچىنچى دوستنىڭ تەلىيى بولغاچقا نان ئىچىدىن گۆھەر چىققان. قېنى، ئېيتىپ بېقىڭلار: مۇبادا ئەقىل - پاراسەت، ئىشچانلىق، تەقدىر بىرلەشمىسە، ئاشۇنداق بولارمىدى؟ — دەپتۇ.

ئۈچ دوست پادىشاھنىڭ ئادىل ھۆكۈمىگە قايىل بوپتۇ ۋە قايتىدىن ئىتتىپاقلىشىپ، بىر - بىرىگە ساداقەتمەن بولۇپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ[①].

① «قەشقەر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى. 1993 - يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

***ھېكمەت:***

***ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقلىگە ۋە ياكى ئىشچانلىقىغا بەك ئىشىنىپ كېتىپ، پۇرسەت ـ تەقدىرنى چەتكە قاقىدۇ ـ دە، تېزلا مەغلۇبىيەت دەرۋازىسىنى چېكىدۇ. ئۇنداقلارغا دېيىشىمىز شۇكى، سىزنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىڭىز ھەرقانچە يۇقىرى بولغان بىلەن ئەقلىڭىزنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت ۋە ھەرىكەتكە ئېرىشەلمىسەڭىز ئۇ يەنىلا ئۆلۈك نەرسە، خالاس.***

## ئۆلگە بولغان دادا

بىر ئادەم ھەر كۈنى ئىشقا بېرىشتىن ئىلگىرى قاۋاقخانىغا بېرىپ ھاراق ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قاپتۇ.

قىلىن قار ياغقان بىر كۈنى ئۇ يەنە ئەتىگەندە خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆزى يالغۇز قاۋاقخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزاقا بارمايلا ئۇ بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا، بالىسى ئۇنىڭ قاردا قالدۇرغان ئاياغ ئىزىغا دەسسەپ تۇرۇپ، خۇشال ھالدا:

ـــ دادا، قارا مەن سىزنىڭ ئىزىڭىزغا دەسسەپ كېلىۋاتىمەن، ـــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا كۆڭلىدە: «مەن نېمە ئىش قىلسام بالام شۇنى دورايدىكەن، ھەتتا قاۋاقخانىغا بارسامۇ...» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ قاۋاقخانىغا ئاياغ باسماپتۇ.

## ئاجىزنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشى

ئىككى ئادەم بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ مېڭىپتۇ. كېيىن ئېلىۋالغان سۇلىرى تۈگەپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرسىگە ئىسسىق ئۆتۈپ ئاغرىپ قېلىپ، ماغدۇردەك ماجالى قالماپتۇ. ساغلام، ئەمما ئېچىرقاپ كەتكەن يەنە بىرسى ھەمراھىغا:

ـــ بوپتۇ، سەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىن، مەن بېرىپ سۇ بار يەرنى ئىزدەپ باقاي، ـــ دەپ تاپانچىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپتۇ، ـــ تاپانچىدا بەش تال ئوق بار، ئېسىڭدە بولسۇن؛ ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر سائەتتە بىر قېتىم ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتقىن، پەقەت شۇندىلا مەن ئوق ئاۋازى ئارقىلىق توغرا نىشاننى بەلگىلەپ سەن بىلەن ئۇچرىشالايمەن.

ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپتۇ. بىرسى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سۇ ئىزدىگىلى مېڭىپتۇ، يەنە بىرسى بولسا دەرگۇمان ھالدا ئۇنى كۈتۈپ قېپقاپتۇ. ئۇ سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ، دېگەن ۋاقىتتا ئوق ئېتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئوق ئاۋازىنى

ئۆزىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئاڭلىيالىشىغا پەقەتلا ئىشەنگۈچى كەلمەيتتۇ. ئاخىر ئۇنى بارغانسېرى ۋەھىمە باسقىلى تۇرۇپتۇ، چۈنكى ئۇ ھەمراھىنى سۇ تاپالمايلا قالماستىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالدى، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ھەمراھىم سۇنى تېپىپ مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، دېگەن خىيالغا ئىشىنىپ قاپتۇ.

بەشىنچى پاي ئوقنى ئاتىدىغان ۋاقىت توشقاندا، بۇ ئادەم شۇنداق ئويلاپتۇ: «بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوق، ئۇنى ئاتقىنىم بىلەنمۇ ھەمراھىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ. بۇ ئوقنى ئىشلىتىۋەتسەم، مېنىڭ تايانغۇدەك نېمەم قالىدۇ؟ ئۇ چاغدا ماڭا ئۆلۈمنى كۈتۈشتىن باشقا ئامال يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جېنىم ھەلقۇمغا يېتىپ ئارانلا نەپەسىم قالغاندا، قۇزغۇنلار كېلىپ كۆزلىرىمنى چوقۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئازاب تارتقاندىن كۆرە...» شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاپانچىنى چېكىسىگە تىرەپ تەپكىنى بېسىپتۇ.

بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي لىق بىر سۇدان سۇنى كۆتۈرگەن ھېلىقى ئادەم سودا كارۋىنىنى باشلاپ، ئوق ئاۋازىنى نىشان قىلىپ يېتىپ كەپتۇ. ئەپسۇس، ئۇنىڭ تاپقىنى بىر جەسەت بوپتۇ.

## مەغلۇپ بولۇشنىڭ سەۋەبى — نادانلىق

بەك قەدىمكى زاماندا «بىلدىم» ئىسىملىك بىر قۇش بولۇپ، ئۇ ئۇچۇشنى بىلمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ تۇرنىنىڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەۋەسى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تۇرنىدىن ئۆزىگە ئۇچۇشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ، تۇرنا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ.

ئۇچۇشنى ئۆگىنىش تولىمۇ جاپالىق ئىش ئىكەن. «بىلدىم» جاپادىن قورقىدىغان بولغاچقا، بىردەم ئۇياققا قارىسا، بىردەم بۇياققا قارايدىكەن، بىردەم ئۇياق - بۇياققا ئۆمىلەپ قويۇپ، پەقەت كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمەيتتۇ. تۇرنا ئۇنىڭغا قانداق كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ، «بىلدىم» بىر جۈملە ئاڭلاپلا زېرىكىپ:

— بىلدىم! بىلدىم! — دەپتۇ.

تۇرنا ئۇنىڭغا سىناپ ئۇچۇپ باققىن، دېسە، ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئۇچۇپ قويۇپلا، ئۆزىچە قانائەتلىنىپ توۋلاپ كېتىپتۇ:

— بىلدىم! بىلدىم!

كۈز كەپتۇ، تۇرنا جەنۇب تەرەپكە ئۇچۇپ كەتمەكچى بوپتۇ. «بىلدىم» تۇرنا بىلەن بىرلىكتە قانات قېقىپ ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچۇشنى ئويلاپتۇ، لېكىن ئۇ قانىتىنى ھەر قانچە پۇلاڭلاتقىنى بىلەنمۇ ئېگىز ئۇچالماپتۇ.

بۇ چاغدا «بىلدىم» چەكسىز ئاسماندا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىغا قارىغىنىچە، ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا تىرىشىپ ئۆگەنمىگەنلىكىگە بەكمۇ پۇشايمان قىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



بىراق ئەمدى ئۇ ھەر قانچە قىلغىنى بىلەنمۇ كېچىكىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاھ ئۇرغىنىچە ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

ــ كېچىكتىم! كېچىكتىم!

رېئال تۇرمۇشتىمۇ بىر مۇنچە ئادەملەر باشتا «بىلدىم» دەپ، كېيىن «كېچىكتىم» دەپ ناخشا ئېيتىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بولسا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچىنى تاپالماي ياشلىقنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

## پۇچەك ئۇرۇق

بۇرۇن بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋاپىق تەخت ۋارىسى تاپالماپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتنى ئاختۇرۇپ بىر سەمىمىي بالىنى تاللاپ ئۆزىگە ۋارىس قىلىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ھەربىر بالىغا بىر ئازدىن ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىشنى بۇيرۇۋېتىپتۇ ھەمدە: «ئەگەر كىم بۇ گۈل ئۇرۇقىدىن ئەڭ چىرايلىق گۈل ئېچىلدۇرالىسا، شۇ تەخت ۋارىسى بولىدۇ» دەپ جاكارلاپتۇ. بالىلارنىڭ ھەممىسى گۈل ئۇرۇقلىرىنى تېرىپتۇ. ئۇلار ئەتىدىن ـ كەچكىچە تەشتەكنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي سۇ قۇيۇپ، ئوغۇتلاپ، تۇپىنى بوشىتىپ پەرۋىش قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر بالا بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا كۆنبويى گۈل تەشتىكىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي پەرۋىش قىلغان بولسىمۇ، تەشتەكتە ھېچنىمە ئۈنمەپتۇ، تەشتەكنىڭ تۇپىسىنى ئالماشتۇرسىمۇ پايدىسى بولماپتۇ. شاھنىڭ گۈللەرنى كۆرىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى يەنىلا ئۈنمەپتۇ، پادىشاھ گۈل تەشتەكلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان بالىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، ئەمما چىرايىدا كۈلكىدىن ئەسەر يوق ئىكەن. پادىشاھنىڭ تۇيۇقسىز ھېلىقى بالىنىڭ قۇرۇق تەشتەكنى تۇتۇپ يىغلاپ تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. پادىشاھ بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ سەن نېمىشقا قۇرۇق تەشتەك كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، بالا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇقنى ئالغان كۈندىن تارتىپ قانداق پەرۋىش قىلغانلىقىنى، شۇنچە قىلسىمۇ بىر تالمۇ گۈل ئۈنمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر قېتىم باشقىلارنىڭ بېغىدىن بىر تال ئالما ئوغرىلىغانلىقىنى، بۇ قېتىمقى ئىشنىڭ بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىگە بەرگەن جازاسى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بالىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ مانا بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ھەم تەخت ۋارىسىم، ــ دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان بەگ ـ سىپاھلار ئۈنىگدىن:

ــ نېمە ئۈچۈن شۇنچە چىرايلىق گۈللەرنى ئۆستۈرگەن بالىلارنى تاللىماي، قۇرۇق تەشتەك كۆتۈرۈۋالغان بۇ بالىنى تەخت ۋارىسى قىلدىلا؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئۇلارغا تارقىتىپ بەرگىنىم پىشۇرۇۋېتىلگەن ئۇرۇق ئىدى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قولىلىرىدا بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئېچىلغان گۈل تەشتەكلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان بالىلارنىڭ يۈزى قىزىرىپ كېتىپتۇ.

## ئالدىڭدا بار نى - نى مۆجىزە

ئوپئوخشاش ئىككى ئۇرۇق تەڭلا يەرگە سېلىنىپتۇ. بىر تال ئۇرۇق:

— مەن تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنۇپ چىقىشىم كېرەك، باھار، ياز، كۈز ۋە قىش پەسىللىرىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەل كۆنلەرگە ئۇلىشىمەن، — دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۈچىنىڭ بارىچە يۇقىرىغا قاراپ ئۈنۈپتۇ.

ئالتۇن كۈز پەسلىدە ئۇ نۇرغۇنلىغان توق دان تۇتقان ئۇرۇقلارغا ئايلىنىپتۇ. يەنە بىر تال ئۇرۇق: «ناۋادا مەن ئۇستىگە ئۆسسەم، قاتتىق قورام تاشلارغا ئۇسۇۋېلىشىم مۇمكىن، ئاستىغا يىلتىز تارتسام ئاجىز نىرۋىلىرىمنى زەخىملەندۈرۈۋېلىشىم مۇمكىن، بىخ چىقارسام ھاشاراتلار يەۋېتىشى مۇمكىن، چېچەك ئاچسام ئۇششاق بالىلار يىلتىزىمدىن يۇلۇۋېتىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەردە ياتسام ھەممىدىن راھەت، بىخەتەر ياشىغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توپىنىڭ ئاستىدا يېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى، دانلاپ يۈرگەن خوراز كېلىپ ئۇنى چوقۇپ يەۋېتىپتۇ.

## ئۇچقۇر دەريا

بىر دەريا بولۇپ، يىراقتىكى ئېگىز تاغلاردىن ئېقىپ كېلىدىكەن. ئۇ ئېدىرلاردىن ئۆتۈپ، قۇملۇققا كېلىدىكەن. ئۇ قۇملۇقتىن ئۆتكۈچە سۇيىنىڭ سوغۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

دەريا باشقا يول ئىزدەپ باقماقچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ ئاخىر قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىشنى قارار قىپتۇ. لېكىن ئۇ قۇمغا پۈتۈنلەي سىڭىپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىر ئاۋاز مۇنداق دەپتۇ:

— شامال ئۇچالايدۇ، ئۇ سېنى قۇملۇقتىن ئۆتكۈزۈپ قويسۇن! بۇنداق ئاقساڭ قۇملۇقتىن ئۆتەلمەيسەن، بىر بولسا يوقاپ كېتىسەن، بىر بولسا سازلىققا ئايلىنىپ كېتىسەن، پەقەت شاماللا ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

— شامالغا سىڭىپ كېتىش؟ — دەپتۇ دەريا، — بۇنى قانداقمۇ قوبۇل قىلغىلى بولسۇن؟ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغۇم يوق، ئۇنداقتا مەن دەريا بولالامدىم؟

ھېلىقى ئاۋاز يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— پەقەت شاماللا ساڭا ياردەم قىلالايدۇ، ئۇ سېنىڭ ئەزالىرىڭنى ئاسمانغا ئېلىپ

www.uygurkitap.com

چىقىدۇ، ئاندىن قۇملۇقتىن ئۆتكۈزۈپ يەرگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سېنىڭ ئەزالىرىڭ دەريا بولۇپ ئۇيۇشىدۇ.

ـــ راست شۇنداق بولىدىغانلىقىنى قانداق بىلىمەن؟

ـــ گەپ كەتمەيدۇ. ئىشەنمىسەڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىسەن. ئۆلۈك ياخشى بولىدى دېگەندىمۇ، سازلىققا ئايلىنىپ قالىسەن، بۇنىڭغىمۇ نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ.

ـــ ھازىرقى ھالىتىمنى ساقلاپ قالالامدىم؟

ـــ بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا ئۆزۈڭنى ساقلاپ قالالمايسەن، ماھىيىتىڭ يۆتكىلىپ يەنە دەرياغا ئايلىنىسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى بىلمىگەچكە، ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قالغان.

دەريا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ بىر ھالىنى غۇۋا قىياس قىپتۇ، شامال ئۇنىڭ تەركىبلىرىنى ئېلىپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپتۇ، دەريا ئاخىر تېخىمۇ سۈزۈك بىر دەرياغا ئايلىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دەريا پارغا ئايلىنىپتۇ. شامال ئۇنى قولتۇقلاپ قۇملۇقتىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپتۇ. شامال ئۇلارنى يىراقتىكى بىر تاغ چوققىسىغا چۈشۈرۈپتۇ.

ھاياتلىق دەرياسىنىڭ يوللىرىمۇ قۇملۇققا چۈشۈرۈلگەن.

## پۇرسەت

بىر يىگىت باي بولۇشنى خىيال قىلىۋېرىپ، سەۋدايى بولۇپ قالايلا دەپتۇ. ئۇ قەيەردە باي بولۇشنىڭ يولى بارلىقىنى ئاڭلىسا، يولنى يىراق كۆرمەي، ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي شۇ يەرگە بېرىپ تەلىيىنى سىناپ كۆرىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى تاغدا بىر بوۋاي بارلىقىنى، ئۇ بوۋاي بىلەن كۆرۈشەلىگەن ئادەمنىڭ ھەرقانداق تەلىپى ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يۇك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ كېچىلەپ يۈرۈپ تاغقا چىقىپتۇ. ئۇ بوۋاينى تويپتوغرا بەش كۈن ساقلاپ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، قىممەتلىك جاۋاھىراتلاردىن بىر ئاز ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا:

ـــ سەن ھەر كۈنى سەھەردە قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، كەنت سىرتىدىكى قۇملۇققا بېرىپ «تىلەك تېشى» ئىزدىگىن. ئادەتتىكى تاشلار سوغۇق، قوپالراق كېلىدۇ، «تىلەك تېشى» ئۆزگىچە بولۇپ، قولغا ئىسسىق ئۇرۇنىدۇ ھەم نۇر چاچىدۇ. «تىلەك تېشى» نى تاپالىساڭ، تىلىگەن نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىسەن، ـــ دەپتۇ.

ياش يىگىت بوۋايدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ كەنتكە قايتىپتۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن ياش يىگىت ھەر كۈنى سەھەردە قۇملۇقتا تاش ئىلغايدىكەن، قولىغا چىققان تاش سوغۇق، پارقىرىمايدىغان بولسا دېڭىزغا تاشلايدىكەن. كۈن ئۆتۈپتۇ،

ئاي ئۆتۈپتۇ، ئۇ «تىلەك تېشى» نى يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىزدەپتۇ، ئۇنىڭغا ئىسسىق ھەم پارقىراق «تىلەك تېشى» نىمۇ دېڭىزغا تاشلىۋېتىپ، ئارقىدىنلا تاشلىۋەتكىنىنىڭ ئىسسىق ھەم پارقىراق تاش ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالغانىكەن.

***ھېكمەت:***

***پۇرسەت دېگەن شۇنداق نەرسە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئادەتلەنگەن سەزگۈ تۈپەيلىدىن ئۇنى تۇتۇۋالالمايدۇ، ئارقىدىنلا خاتالاشقانلىقىنى سېزىدۇ، ئەمما بۇ چاغدا پۇشايماننى ئالدىغان قاچا چىقماي قالىدۇ.***

## شەيتان بىلەن ئالدار

بىر كۈنى شەيتان بىلەن ئالدار كوئېنلۈن تېغىغا قاراپ بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول مېڭىپتۇ، ھېرىپتۇ، ئېچىپتۇ. ئاخىر بىر تاغنىڭ باغرىدا دەم ئاپتۇ. قارىسا، بىر كاللەك ئالتۇن تۇرغۇدەك. بۇ ئالتۇننى ھەر ئىككىسى تەڭلا كۆرۈپتۇ. شەيتان دەرھال ھېلىقى ئالتۇننى ئالماقچى بوپتۇ. ئالدار شەيتاننىڭ ئالدىنى توسۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ قائىدىمىز بويىچە قىممەتلىك دۇنيا ئۇچرىسا، كىمنىڭ يېشى چوڭ بولسا شۇ ئالىدۇ. ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ يېشى چوڭ بولسا شۇ ئېلىشى كېرەك.

شەيتان:

— مەن سېنىڭدىن چوڭ، — دەپتۇ. ئالدار:

— ياق، سېنىڭدىن مەن چوڭ، — دەپتۇ. مۇشۇنداق تالىشىپ بىر پىكىرگە كېلىشەلمەپتۇ. ئاخىر ئالدار شەيتاندىن:

— سەن قاچان تۇغۇلغان؟ — دەپ سوراپتۇ. شەيتان مۇنداق دەپتۇ:

— مەن تۇغۇلغاندا يەر قوشۇقتەك، ئاي ئوشۇقتەك، كۈن مۇشۇكتەك بار ئىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدار قولىقىنى تۇتۇپ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. شەيتان ئالداردىن:

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئالدار:

— سەن دېگەن ئۇ چاغدا مېنىڭ ئىككىنچى ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتكەنتى. شۇ ئوغلۇم يادىمغا كېلىپ يىغلايمەن. دېمەك، سەن مېنىڭ شۇ ئىككىنچى ئوغلۇم بىلەن تەڭ ياشتا ئىكەنسەن، — دەپتۇ. شەيتان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كىچىك ھېسابلاپتۇ — دە، غىڭ — قىلالماپتۇ. ئالتۇننى ئالدار ئېلىپ كېتىپتۇ①.

①يۈسۈپ روزى ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 - يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



# نەپسىڭگە قۇل بولما

بۇرۇنقى زاماندا، بىر يۇرتتا تۇرسۇن ئىسىملىك بىر قويچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ شۇ يۇرتتىكى مامۇت ئىسىملىك بىر زالىم باينىڭ قويىنى باقىدىكەن. تۇرسۇن شۇ يۇرتتىكى بىر كەمبەغەلنىڭ ئالىمخان ئىسىملىك قىزىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئالىمخان چىرايلىق، ئىشچان قىز ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى تۇرسۇن قوي باققان جايغا بېرىپ ئۇنىڭغا قارىشىپ بېرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ: تۇرسۇن باشقا شەھەرگە بېرىپ پۇل تېپىپ كەلمەكچى، ئاندىن ئىككىسى توي قىلماقچى بوپتۇ. تۇرسۇن ئەتىسى سەھەر سەپەرگە چىقىپتۇ. مامۇت باي تۇرسۇننىڭ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئالىمخانغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئالىمخاننىڭ دادىسى بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. تۇرسۇن بىر كۈنى بىر چۆل باياۋاندا كېتىۋاتسا ئالدىدىن ئاپئاق ساقاللىق، ھاسا تايانغان بىر كىشى چىقىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئاز نان بېرىشنى سوراپتۇ.

تۇرسۇن بوۋايغا بىر نان بېرىپتۇ. بوۋاي ناننى يەپ بولۇپ يەنە سورىغانىكەن، يېنىدىكى ناننىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتىپتۇ. بوۋاي ناننى يەپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن سۇ ئەكېلىپ بېرىشنى ۋە بولسا:

— مەن ھېچقاچان سەندەك تەييار كەلگەن غەنىيمەتكە ئۇچراپ قالمىغانىدىم. مېنىڭ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، شۇڭا سېنى كۆرۈپ كۈلۈۋاتىمەن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا بالا كۈلۈپتۇ. دىۋە بالىدىن:

— سەن نېمىشقا كۈلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئۇ دۇنيادىن كەلدىم، مېنى خۇدا ئەۋەتتى. ۋەيلۇن دوزاخنىڭ بىر تۈۋرۈكى ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى، شۇڭا سېنى كۆرۈپ كۈلۈۋاتىمەن، — دەپتۇ بالا. دىۋە «خۇدا ئەۋەتتى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە بالىغا مۇنداق دەپتۇ:

— مېنى قويۇپ بەرگىن، مەن ساڭا بىر تۈلۈم ئالتۇن بېرەي.

— ياق، بىر تۈلۈم ئالتۇننى دەپ سېنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ۋەيلۇن دوزاخنىڭ تۈۋرۈكىگە باب كېلىدىغان نەرسىنى نەدىن ئىزدەي، — دەپتۇ بالا. دىۋە:

— ئەمىسە مەن ساڭا ئىككى تۈلۈم ئالتۇن بېرەي، مېنى قويۇپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، ئەمىسە مەن سېنى قويۇپ بېرەي. سەن ھېلىقى ئىككى تۈلۈم ئالتۇننى چىنارنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قوي، — دەپتۇ. دىۋە ئىككى تۈلۈم ئالتۇننى كۆتۈرۈپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. دىۋە قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ قېچىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا يەنە بىر دىۋە ئۇچراپتۇ.

— سەن نېمىشقا مۇشۇنداق قورقۇپ كەتتىڭ، — دەپتۇ ھېلىقى دىۋە.

— سەن سورىما، مەن دېمەي، — دەپتۇ دىۋە.

ھېلىقى بالا ئىككى تۈلۈم ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئاكىلىرى كەنجى ئوغۇلنىڭ باي بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بۇ ئالتۇننى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن يەردە بىر چىنار بار، شۇ يەردىن ئەكەلدىم، سىلەرمۇ ئاشۇ يەردىكى ئالتۇنلاردىن ئېلىپ كەلسەڭلار بېيىپ كېتىسىلەر، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل. ئاكىلىرى دەرھال يول ئاپتۇ. ھېلىقى چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر دەم بولغاندا بىر دىۋە كېلىپ ھېلىقى ئاكىلىرىنى يەۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنجى ئوغۇل باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***بارغا قانائەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەڭ بەھرىمەن بولغاندا باياشاتلىق بولىدۇ. ئەگەردە ئۆز كۆمچىگىلا چوغ تارتىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتمىسەك، ھېكايەتتىكى ئاچ كۆز ئاكىلاردەك ئەجەل ئالدىغا ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بېرىپ قالىسەن.***

## قىلدەك سەۋەنلىك پىلدەك ئاقىۋەت كەلتۈرەر

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ تەقۋادار ھەم ئادىل ئىكەن. ھەر خىل ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ئادەم، ھايۋانات ۋە قۇشلارمۇ چوقۇنىدىكەن. خەلق پادىشاھنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ دەرد - ئەھۋالىنى تولۇق ئېيتالايدىكەن. شۇنداق بولغاچقا پادىشاھنىڭ ئارام ئالغۇدەكمۇ ۋاقتى يوق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ساياھەتكە چىقىپ ئارام ئالماقچى بولۇپتۇ. پادىشاھ ئۆزىگە كىملەرنىڭ ھەمراھ بولۇپ بارىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن. پۈتۈن ۋەزىرلەر، جامائەت، ھەتتا قۇشلارمۇ ھەمراھ بولۇپ بىرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ساياھەتكە ماڭغاندا چۆل - جەزىرە بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى دەپتۇ. ۋەزىرلەر بولسا شەھەر ۋە مەھەللە بىلەن مېڭىپ، تېخىمۇ كۆپ خەلق بىلەن پادىشاھنىڭ كۆرۈشۈشىنى ئۈمىد قىپتۇ. پادىشاھ بۇ تەكلىپنى رەت قىپتۇ ۋە ئېيىقنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بىللە مېڭىش تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ئېيىقنىڭ ھەمراھلىقىدا ساياھەتكە مېڭىپتۇ. خەلقلەر بولسا: «ئېيىق دېگەن تەرسا نەرسە، پادىشاھقا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويارمىكىن» دەپ ئەنسىرىشىپتۇ. پادىشاھ تومۇز ئىسسىقتا ئېيىق بىلەن چۆل كېزىپ ئۈچ كۈن مېڭىپتۇ. ئاخىر بىر بۇلاقنىڭ قېشىغا كەپتۇ. پادىشاھ بۇلاق بويىدىكى

① ئوسمان ھەسەن ئېيتىپ بەرگەن، مۇكەررەم ئەمەت توپلىغان. «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى»، 1993 - يىل نەشرى.

دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ سايىداپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئېيىق ئۇۋ ئوۋلاپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئېيىق پادىشاھنىڭ يۈزىگە بىر قانچە چىۋىن ئولىشىپ، پادىشاھنى ئۇخلاتمىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئېيىقنىڭ چىۋىنگە نامايىتى ئاچچىقى كەپتۇ – دە، يوغان بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ پادىشاھنىڭ يۈزىگە قونغان چىۋىنگە بىر ئۇرغان ئىكەن. چىۋىن ئۇچۇپ كېتىپ پادىشاھ شۇ زامان ئۆلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئەقىلسىز ئېيىقنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىگە خەلق قاتتىق ئېچىنىپتۇ①.

***ھېكمەت:***
***سەن مۇناسىۋەتلىشىدىغان ئوبيېكتنى ھەقىقىي كۆزەتمىسەڭ، ئۇ ساڭا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىمەن دەپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا، سەن مەيلى قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەتراپىڭدىكىلەرنى ئوبدان تالla. ئۇلار سېنىڭ غەلىبەڭگە ۋە ياكى مەغلۇبىيىتىڭگە سەۋەب بولىدۇ.***

## دورامچى مايمۇنچاق

بۇرۇنقى زاماندا، يىراق تاغنىڭ كەينىدە بىر بوۋاي ياشايدىكەن، بوۋاي كىچىككىنە بىر پارچە يېرى بىلەن جان باقىدىكەن. ئۇ يەرگە يازدا ئاش تېرىپ، قىشتا يەيدىكەن. بوۋاينىڭ بىر تۇپ ئالما دەرىخى بار بولۇپ، ياز كۈنلىرى شۇ دەرەختىكى ئالمىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن. بوۋاينىڭ ئالمىسى كۈندە بىر تال چۈشىدىكەن ھەمدە شۇ بىر تالنى يەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي كەپىسىدىن چىقىپ قارىسا، يەرگە چۈشكەن ئالمىسى يوق تۇرغۇدەك. بوۋاي مۆكۈنۈپ قاراپ تۇرسا بىر مايمۇنچاقنىڭ ئالمىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي دەررۇ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارسا، مايمۇنچاق يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن ئالمىنى غەمسىز يەپ ئولتۇرۇپتۇ. بوۋاينىڭ سەل ئاچچىقى كېلىپ: «خەپ توختاپ تۇر» دەپ جۆنۈپتۇ. بوۋاي ئاخىر بىر چارە ئىزدەپ مايمۇننى تۇتماقچى بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋاقىتنى توغرا مۆلچەرلەپ، كۈن دەل چۈش بولغاندا پىنھان جايدا قاراپ تۇرسا، ئالمىغا ئۆگىنىپ قالغان مايمۇنچاق يىراقتا بىردە ئالمىغا، بىردە بوۋايغا قاراپ تۇرغۇدەك. بوۋاي ئەمدى ئۆزىنىڭ تاپقان چارىسى بويىچە، مايمۇنچاققا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كېسىۋېتىلگەن ياغاچنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن كۆتۈرۈپ چىققان جامدىكى سۇنى ئولتۇرغان يېرىگە

①مىجىت ئەيسا ئېيتىپ بەرگەن، قۇربان ياسىن توپلىغان. «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى»، 1993 – يىل نەشرى.



www.uyghurkitap.com

سورۇپتۇ ۋە ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سۈنى كۆزىگە سۈرتۈپ جىممىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغ بولغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر جامدىكى ئېرىتىپ قويغان يار يېلىمنى قويۇپ قويۇپ كەپىسىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دورامچى مايمۇنچاق كېلىپلا بوۋاي قىلغان ئۇسۇلدا يارىيېلىمنى ئالدى بىلەن ئولتۇرغان يېرىگە، ئاندىن كۆزىگە سۈرۈپ بوۋاينىڭ قىياپىتىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا ئاچالماپتۇ. ئورنىدىن قوپسا قوپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر دورامچى مايمۇنچاق بوۋاينىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ[1].

## ھەممىنى تولۇق ئۆگىنىۋالدىم دېمە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر گۈزەل ئورمانلىقتا نۇرغۇن ھايۋانلار ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۈشۈك بىلەن يولۋاس ئىناق دوستلاردىن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ چاغلاردا يولۋاس ھېچقانداق كارامەتلەرنى بىلمەيدىكەن، مۈشۈك بولسا بەكمۇ چېۋەر ئىكەن. شۇنداق بولغانلىقتىن ئوۋ ئوۋلاشتا يولۋاس ھەرگىزمۇ مۈشۈككە تەڭ كېلەلمەپتۇ. يولۋاس بىر ئوۋنى ئوۋلىغىچە مۈشۈك ئون ئوۋنى ئوۋلايدىكەن. شۇڭا، يولۋاس مۈشۈكتىن ئۆزىگە ماھارەت ئۆگىتىپ قويۇشنى، ئۆزىنى شاگىرت قىلىۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. مۈشۈك ئۇنىڭ تەلىپىنى دوستانىلىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ ھەمدە ھەرخىل ماھارەتلەرنى، ئوۋ ئوۋلاشنى، دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىتىپتۇ. يولۋاس كۆڭۈل قويۇپ ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئۆگەنگەچكە تېزلا كامالەتكە يېتىپ، مۈشۈكتىن قېلىشمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى يولۋاس ئۆزىچە بۇ كىچىككىنە بىر نەرسە ماڭا قانداقمۇ ئۇستازلىققا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەمدى مەن ئۇنىڭ ھەممە ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالدىم، ئۇنى يوقاتمىسام ھېساب ئەمەس، دەپ ئويلاپ نىيىتىنى بۇزۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ مۈشۈك بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، يولۋاس ئەتەي مۈشۈك بىلەن جېدەللىشىپ تەپتارتماستىن مۈشۈككە ئېتىلىپتۇ. يولۋاسنىڭ يامان نىيىتىنى بۇرۇندىنلا تۇيۇپ يۈرگەن مۈشۈك چاققانلىق بىلەن يوگۈرۈپ بېرىپ بىر دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. يولۋاسنىڭ يامان نىيىتى ئىشقا ئاشماپتۇ. مۈشۈكنىڭ ھەممە ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىۋالدىم دەپ چۈچۈرىنى خام ساناپ يۈرگەن يولۋاس مۈشۈكنىڭ ئۆزىگە دەرەخكە چىقىش ماھارىتىنى ئۆگەتمىگەنلىكىنى كېچىكىپ بىلىپتۇ. مۈشۈكمۇ يامان كۈنلەرنىڭ كېلىپ قېلىشىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا دەرەخكە چىقىش ماھارىتىنى ئۆگەتمىگەنىكەن. يولۋاس مۈشۈكنىڭ ئۆگەتكەن كارامەتلىرى ئارقىلىق ھايۋانلارغا پادىشاھ بولۇپ ياشاپ

---

[1] ئىمىن مۆمىن ئېيتىپ بەرگەن، تۇنىياز ئىمىن توپلىغان. «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى»، 1993 ـ يىل نەشرى.

كەپتۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ قارا نىيەتلىكى تۈپەيلىدىن تا ھازىرغىچە دەرەخكە چىقىشنى بىلمەيدىكەن[1].

***ھېكمەت:***

***بىلىم ـ ماھارەتنىڭ تۈرى چەكسىز، ھېچكىم ئۇنى تولۇق ئىگىلەپ بولالمايدۇ. چۈنكى قانچە ئۆگەنگەنسېرى بىلمەيدىغىنىمىزنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى چۈشىنىمىز. شۇڭا، سەن مەيلى قايسى ئىلىمنى ئۆگەن، ئالدىراپلا «ۋاپىغا يەتكۈزدۈم» دەپ قارىما. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ھېكايەتتىكى يولۋاس كەبى ئاقىۋەتكە قالىسەن.***

## ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلار

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىۋارلىق بىر ئوغلى بولۇپ، ئاتا ـ ئانا ئوغلىنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپ باقىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بالىنىڭ دادىسى قېرىپ، كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ. بالىسى دادىسىنى بېقىپ يۈرۈپ نىيىتى بۇزۇلۇپ «دادام ماڭا يۈك بولۇپ قالغۇدەك، مەن ئۇنى بېقىپ يۈرسەم ئۆزۈمنىڭ جېنىنى باقالمىغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپ، دادىسىنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، بالا چەت ـ ياقىدىكى بىر بۇلاقنى تېپىپتۇ. ئۇ دادىسىنى ئالداپ يۈرۈپ بۇلاق بېشىغا ئاپىرىپ بۇلاققا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ دادىسىدىن ئايرىلىپ، ئىش ـ ئوقەت قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئايالى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپ بىر پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇ بالىنىڭ ئىسمى قادىر ئىكەن. ئۇلارمۇ بالىنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ. بالىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوڭ بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. دادىسىمۇ قېرىپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ. بالىسى دادىسىنىڭ ئۆزىگە يۈك بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپ، ئاخىر ئۇنى يوقىتىش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە، دادىسىنى بىر كۈنى ھېلىقى بۇلاقنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. دادىسى بۇ ئىشنى تۇيۇپ قاپتۇ، ئۇ بالىسىغا:

ــ بالام مەن چوڭ داداڭنى مۇشۇ يەرگە تاشلىغانىدىم، مېنى تېزرەك تاشلىغىن! ــ دېگەن ئىكەن، بالىسى «مەن قېرىغاندىمۇ كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالسا بالام مۇشۇنداق قىلمىسۇن» دەپ ئويلاپ، دادىسىنى ئۆيىگە ياندۇرۇپ ئەكېتىپتۇ. دادىسىنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ياخشى بېقىپتۇ[2].

---

[1] نىياز كېرەم ئېيتىپ بەرگەن، تۇرسۇن نىياز توپلىغان. «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى»، 1993 ـ يىل نەشرى.

[2] دىلەيساخان سىدىق ئېيتىپ بەرگەن، رۇقىيە ياسىن خاتىرىلىگەن. «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى»، 1993 ـ يىل نەشرى.

***ھېكمەت:***
***بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ ھەققى ھېچكىمدە قالمايدۇ. بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانا ئەجرىنى يەردە قويمىساڭ، ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى ۋارىسىڭدىن كۆرىسەن. كونىلار «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن مۇزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلەر» دەپ بىكار ئېيتمىغان.***

## كۆيۈمچانلىققا گۇماندا قارىما

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ كۈنى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى خېلىل، كىچىكىنىڭ ئىسمى جېلىل ئىكەن. بۇ ئادەم كېسەل بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋاپات بولۇپتۇ. بالىلار يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ئاخىر بىر ئامال قىلىپ دادىسىنىڭ نەزىرىنى بېرىپتۇ.

بۇ بالىلار يەي دېسە نان، كىيەي دېسە كىيىم يوق. ئاخىر بېلىقچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. بالىلارنىڭ چوڭى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇكىسىنى ئوبدان بېقىپتۇ. ئۇ بېلىقنىڭ بېشىنى ئۆزى يەپ، قالغىنىنى ئۇكىسى جېلىلغا بېرىدىكەن. بۇنداق قىلىۋەرگەندىن كېيىن ئۇكىسى گۇمانلىنىپ، ئاكام دائىم ماڭا بېلىقنىڭ بېشىنى بەرمەي ئاخىرىنى بېرىدۇ دەپ ئويلاپ، ئاكىسىنى يوقىتىپ ئۆزى بېلىقنىڭ بېشىنى ئوڭچە يېمەكچى بوپتۇ ۋە بىر كۈنى ئاكىسىغا:

ــ دەريا بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ كېلەيلى، ــ دەپتۇ. ئاكىسى ماقۇل بولۇپ دەريا بويىغا بېرىپتۇ ۋە تورنى يېيىپ سېلىپتۇ، بىر يوغان بېلىقنى سۇزۇپ ئېلىپ ئۇكىسىغا بېرىپتۇ. ئۇكىسى:

ــ ھەي ئاكا ئاۋۇ يەردە يوغان بىر بېلىق بار ئىكەن، ــ دەپتۇ. ئاكىسى:

ــ قېنى؟ ــ دەپ دەريا لېۋىگە بارغانىكەن، ئۇكىسى بىر ئىتتىرىپلا ئاكىسىنى سۇغا غەرق قىلىپتۇ ۋە بېلىقنى ئۆيگە ئاپىرىپ پاكىز تازىلاپ پىشۇرۇپ يېگەن ئىكەن، بېلىقنىڭ بېشى ناھايىتى ئاچچىق ھەم تەمسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە دەريا بويىغا بېرىپ ئاكىسىنى چاقىرىپ يىغلاپتۇ. يىغلا ـ يىغلا ئاخىر قۇشقاچقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ قۇشقاچ يەنىلا دەريا بويىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاكىسىنى ئىزدەيدىكەن[①].

## ئەمگەكچىنىڭ قەدرىنى بىل

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ يازدا تېرىقچىلىق قىلىپ، تاپقان ئاشلىقى بىلەن قىشنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ بىر قىشتا بىر ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ،

①ئوسمان ھوشۇر ئېيتىپ بەرگەن، دىلبەر ھېمىت توپلىغان. «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى»، 1993 ـ يىل نەشرى.

چىلگە تېرىپتۇ. ئۇ چىلگىنى پادىشاھمۇ يېسۇن دەپ، پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ چىلگىنى كۆرۈپ دېھقانغا:

— قىشتا چىلگە تېرىش ئۇسۇلىنى سەن قانداق ئويلاپ تاپتىڭ؟ — دەپتۇ. دېھقان ئۇسۇلىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— بارىكاللا، — دەپتۇ، — چىلگىنىڭ بېشىنى پادىشاھ يېسە دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان. پادىشاھ دېھقانىنىڭ ئەكەلگەن چىلگىسىگە «ئۈچ بارىكاللا» بىلەن يولغا سايتۇ.

دېھقان بىر ئاشخانىغا كىرىپ 10 مانتا بۇيرۇتۇپ، مانتىنى يەپ بولۇپ:

— ئاشپەز ئۇستام، مۇشۇ مانتا قاسقاندا پىشتىمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاشپەز.

— بارىكاللا، — دەپتۇ دېھقان. يەنە:

— مۇشۇ مانتىنى ئۆزلىرى ئەتلىمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ ئاشپەز. دېھقان:

— ھە بەك ئوخشاپتۇ. بارىكاللا، — دەپ ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاشپەزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سېنىڭ قۇرۇق بارىكاللاڭنىڭ نېمە كېرىكى، ئۇنىڭغا 10 مانتا كەلمەيدۇ، — دەپ دېھقانىنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. ئاشپەز بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دېھقان:

— سىلە باياتىن مېنىڭ چىلگەمنى ئۈچ بارىكاللا بىلەن ئالغان ئىدىلە، مەنمۇ ئۈچ بارىكاللا بىلەن 10 مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمىدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ناھايىتى خىجىل بولۇپ مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ دېھقانغا ئايرىم ئىنئام بېرىپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***سەن بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن ئەمگىكىڭدىن راھەت كۆرمىسەڭ، ئۇ ھېچنېمىگە تەڭ ئەمەس. ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدۇ. ئەمما ئەمگىكىنىڭ قەدرىنى باشقىلارنىڭ باھاسىغا ئاساسەن ئۆلچەيدۇ. سەن ئەمگىكىڭگە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ باھا بەر. ئۆزۈڭگە ئەرزىسە باشقىلارغىمۇ ئەرزىيدۇ. ھېكايەتتىكى دېھقان ئۆز ئەمگىكىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بەدەلسىز ئىگىلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قايغۇرماستىن، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ سىلىق يول ئارقىلىق تېگىشلىك ھەققە ئېرىشتى. ئەگەر ئۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانماستىن، پادىشاھقا بىۋاستە ھەق بېرىشنى ئېيتقان بولسا، ئوخشىمىغان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپچىقىشى مۇقەررەر ئىدى.***

---

①ئوسمان ھەسەن ئېيتىپ بەرگەن، ئەكبەر توپلىغان. «كۇچا خەلق چۆچەكلىرى»، 1993 - يىل نەشرى.

# ئائىلە خۇشاللىقى تەڭ بەرپا قىلىندۇ

بۇرۇنقى زامانىدا بىر جۈپ ئىناق ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ ئايرىلماي بىر ھويلىدا بىر ـ بىرسىنى ئىززەتلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. قازىنى بىر بولغاچقا، بىر ئايدا ئاكىسى راسخوت قىلىدىكەن، يەنە بىر ئايدا ئىنىسى راسخوت قىلىدىكەن. كۈنلەر ئەنە شۇنداق خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئاكىسىنىڭ ئايالى ئېرىگە:

ــ ھەي، بىلىپ قويۇڭ جۇمۇ، سىزنىڭ ئۆز ئىنىڭىز بىلەن ئىناق ئۆتۈشىڭىزدە مېنىڭمۇ رولۇم بار، ــ دەپتۇ.

ئاكىسى:

ــ ماڭە نېرى، سېنىڭ نېمە رولۇڭ بولاتتى. بىز دېگەن ئەزەلدىن بىرەر قېتىممۇ قاپاق تۈرۈشۈپ باققان قېرىنداشلار ئەمەس. سەن ھەرقانچە قىلغىنىڭ بىلەن بىز يەنە ئەپ ئۆتۈۋېرىمىز، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوتۇنىنىڭ ئىچىگە بىر جىن كىرىپتۇ ـ دە، ئېرىگە قاراپ: «ھىم، ئۇنداق بولسا قايسىمىزنىڭ سۆزى توغرا، كېيىن بىلىپ قالارسىز» دەپتۇ.

شۇ ئايلىق راسخوت قىلىش نۆۋىتى ئىنىسىگە كەلگەنىكەن. ئىنىسى بازاردىن بىر دانە قوي ئېلىپ چىقىپ سويۇپ، ئىككى دانە بۆرەكنىڭ بىرسىنى ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا، بىرسىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ.

كەچقۇرۇن ئاكىسى بازاردىن كېلىشىگە خوتۇنى دومسىيىپ:

ــ ھوي، ئىنىڭىزنى بەك ماختاپ كېتىۋاتاتتىڭىز، چاغلىقلا بىر نېمە ئىكەن ئۇ. قوينى سويۇپ، بىزنىڭ بالىمىزنى تەلمۈرتۈپ قويۇپ، بىر بۆرەكنىبى بالىسىغىلا بەردى. بالام بىچارە مۆلدۈرلەپ قاراپلا قالدى. شۇمۇ ئادەمگەرچىلىكمۇ؟ سىز بولسىڭىز، ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايتتىڭىز، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاكىسى ئاچچىقىنى باسالماي يۈگۈرۈپ چىققان پېتى ئىنىسىنى تىللاپتۇ. ئالاھەزەل، ئۇلار خېلى دېيىشىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئاكىسىنىڭ ئايالى قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئېرىگە شۇنداق دەپتۇ:

ــ ھوي كىشى، ئېغىرراق بولۇڭ، قويدىمۇ بىر بۆرەك بولامدۇ؟ يەنە بىرسى قېنى دېمەيسىزغۇ؟ ئىنىڭىز ئىككى بۆرەكنىڭ بىرسىنى ئاۋۋال بىزنىڭ بالىغا، ئاندىن يەنە بىرسىنى ئۆزىنىڭ بالىسىغا بەردى.

ئېرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

ــ سەن خوتۇنزە ـــ··· دەپ تېرىكىپتۇ.

خوتۇنى بولسا مەغرۇر ھالدا:

ــ قانداق، مېنىڭمۇ رولۇم بارمىكەن؟ ــ دەپتۇ. شۇندىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىناق ئۆتۈشىدە خوتۇنلىرىنىڭمۇ رولى بارلىقىنى چۈشىنىپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك ۋەتەننىڭ پادىشاھ ۋە خانىشلىرى بولغان ئەر ـ خوتۇن ھېچقاچان بىر ـ بىرىدىن مۇستەقىل ھالدا ئەتراپتىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدۇ. ئۇلار بەئەينى قان بىلەن گۆشتەك ئۇيۇشقاندىلا ئائىدىن ھاياتىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالايدۇ. كىمدە كىم «مېنىڭ راست» دەيدىغان ھالىتىنى ئۆزگەرتمەيدىكەن، جېدەل ـ ماجىرادىن خالىي بولالمايدۇ.***

## غەيۋەتخورنىڭ ھالاكىتى تېز

بۇرۇن بىر موماي بىلەن بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ئۆمرىدە ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەنىكەن. قىزلىرى چوڭ بولغاندا بىرىدىن كېيىن يەنە بىرىنىڭ تويىنى قىلىپ ئۇزىتىپتۇ، موماي بىلەن بوۋاي ئۆيدە غېرىبانە بولۇپ يالغۇز قاپتۇ.

بوۋاي ئاق كۆڭۈل، توغرا نىيەتلىك ئىكەن، موماي غەيۋەتخور ئىكەن. موماي چوڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا كىچىك قىزىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىكەن. كىچىك قىزىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا چوڭ قىزىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، موماي ئىككى قىزىنى بىر ـ بىرىگە يامان قىلىپ قويۇپتۇ. بوۋاي قەدىناسىغا سىلىق ئېيتسا ئاڭلىماپتۇ، ئاغرىتىپ ئېيتسا ئاھانەتكە قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بوۋاي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ نومۇس ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ھەدە ـ سىڭىلمۇ بارا ـ بارا ئانىسىنىڭ غەيۋەتخورلۇقىنى بىلىپ، ئۆزئارا ياخشى ـ خوپ بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئانىسىغا نەسىھەت قىلىپمۇ غەيۋەتخورلۇقتىن قالدۇرالماپتۇ، ئۇ ئىككىسى ئانىسىدىن زېرىكىپتۇ. موماي چوڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئۆيىگە كىرگۈزمەيدىغان بوپتۇ. كىچىك قىزىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇ كېلىشى بىلەن ئىشىكنى تاقىۋاپتۇ. ئەل ـ يۇرتمۇ مومايغا نەزەر سالمايدىغان بولۇۋاپتۇ.

موماي ئۆز ئۆيىدە تىكەندەك يالغۇز قاپتۇ. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر مۇشۇكى بولۇپ، ئۇ شۇ مۇشۇككە ئەل ـ يۇرتنى، قىزلىرىنى يامانلاپ غەيۋەت قىلىدىغان ھالەتتە قاپتۇ ۋە شۇنداق يېگانىلىك بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ[②].

***ھېكمەت:***

***سەن غەيۋەتكە قانچە بېرىلسەڭ، ھايات شامىڭ شۇنچە خىرەلىشىدۇ. سەن مەيلى كىمنىڭ غەيۋىتىنى قىل، ئۇ يەنىلا بەربىر غەيۋەت. شۇڭا، بۇ ئىللەتتىن***

①ماھىبەدەر ئىبراھىم توپلىغان. «غۇلجا خەلق چۆچەكلىرى»، 1989 ـ يىل نەشرى.

②روزى ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن، «غۇلجا خەلق چۆچەكلىرى»، 1989 ـ يىل نەشرى.



www.uyghurkitap.com

***تاشلاپ غەيۋەتسىز ھاياتىڭنى باشلا. شۇ چاغدىلا سەن ھاياتىڭنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلىسەن.***

## ھەقىقىي دوستنى كۆڭۈل تونۇيدۇ

بۇرۇن ئىككى دوست ئۆتكەنىكەن. بۇلار ئۆيلىنىپ، خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بىرسى يەنە بىرسىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. يوقلاپ كەلگۈچى تالادا تۇرۇپ چاقىرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى دوستىنىڭ كەلگىنىنى بىلىپ، قورۇدا:

— دوستۇم، پوق يېگىڭ كەلسە قورۇغا كىر، — دەپتۇ.

يوقلاپ كەلگۈچى رەنجىپ كېتىپ قاپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم يەنە دوستىنى يوقلاپ كېلىپ چاقىرىپتۇ. دوستى قورۇدا تۇرۇپ:

— دوستۇم مۇشت يېگىڭ كەلسە قورۇغا كىر، — دەپتۇ.

يوقلاپ كەلگۈچى يەنە رەنجىپ كېتىپ قاپتۇ. ئارىدىن يەنە خېلى يىللار ئۆتۈپتۇ. ھېلىقى ئادەم خاپىچىلىقىنى ئۇنتۇپ يەنە كەپتۇ. بۇ نۆۋەت دوستى چىقىپ، كەلگۈچىنى قۇچاقلاپ، ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ باللىرى كەلگۈچىنىڭ ئېتىنى باغلاپ، قولىغا سۇ بېرىپ، داستىخان سېلىپ، ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىپتۇ.

گەپتىن گەپ چىقىپ، مېھمان ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتتە رەنجىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرماپتۇ. ساھىبخانا كۈلۈپ كېتىپ:

— دوستۇم، ئۇ گەپلەرگە رەنجىمە، — بىرىنچى قېتىم كەلگىنىڭدە ساڭا خىزمەت قىلىدىغان مۇنۇ باللارنىڭ ئالدى ماڭغان، كەينى قۇچاقتا ئىدى. ئۆيدە ئادەم ئولتۇرغۇدەك ئورۇن يوق، ھەممە يەر باللارنىڭ پوق - سۈيدۈكىگە مىلەنگەنتى. شۇڭا پوق يېگىڭ كەلسە كىر دېگەنتىم. ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىڭدە باللارنىڭ چوڭى 13 ياش، كىچىكى يەتتە ياشتا ئىدى. بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، ئۆي قالايمىقان ئىدى. خاتىرجەم ئەمەس ئىدىم. شۇڭا مۇشت يېگىڭ كەلسە كىر، دېگەنتىم. ئۈچىنچى قېتىم كەلگىنىڭدە كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆي رەتلىك، پاكىز، باللار ئەقلىگە كىرگەن. باللار بىرەر مېھماننىڭ قەدرىنى چۈشىنىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپتىن مېھمان كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىھۇدە رەنجىگىنىنى ھېس قىپتۇ[①]

***ھېكمەت:***

***ھەقىقىي دوستلارنىڭ دوستلۇقىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ئېگىز تاغ - داۋان پەيدا بولسىمۇ، ۋاقىت بورانلىرى ئۇچۇرتۇپ كېتىدۇ. ئەگەردە دوستلارنىڭ دىلىدا ئېغىر - بېسىقلىق بولماي، ئىنتىلىك مىجەز بولسا، دوستلۇققا تېزلا تەسىر يېتىدۇ. ھېكايەتتىكى دوستلار ئەنە شۇنداق. ئۇلار ئارىدىن كۆپ يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ، لېكىن مېھرىنى ئۆزگەرتمىگەن. ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرمىگەن. نەتىجىدە ئەمەلىي دوستلۇققا يەنىمۇ مۇستەھكەم ئۇل سېلىنغان.***

①دوس نۇرۇم رەتلىگەن، كامال ئالىم خاتىرىلىگەن. «غۇلجا خەلق چۆچەكلىرى»، 1989 - يىل نەشرى.

## قېرىنداشلىق مېھرى ھەممىدىن ئەلا

زاماننىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھ ئۈچ گۇناھكارغا ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بوپتۇ. شۇ شەھەردە يېشى ئوتتۇز بەشلەرگە بېرىپ قالغان بىر ئايال بولۇپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئۈچ گۇناھكارنىڭ بىرسى ئۇنىڭ ئېرى، يەنە بىرسى ئوغلى، ئۈچىنچىسى بولسا بىر تۇغقان قېرىندىشى ئىكەن. پادىشاھ بەلگىلىمە بويىچە ئايالنى چاقىرتىپ، ھۆكۈمنامىگە قول قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئايال ئالدى بىلەن ئېرىنىڭ ھۆكۈمنامىسىگە قول قويۇپتۇ. ئارقىدىن ئوغلىنىڭ ھۆكۈمنامىسىگىمۇ نائىلاج قول قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئاخىرىدا بىر تۇغقان ئىنىسىنىڭ ھۆكۈمنامىسىگە قول قويۇشقا نۆۋەت كەلگەندە، ئايالنىڭ قوللىرى تىترەپ، يۈرىكى سىلىپ، قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە قول قويغىلى ئۇنىماپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ ئايالغا قاراپ:

— سەن نېمە ئۈچۈن ئېرىڭنىڭ ۋە بالاڭنىڭ ئۆلۈشىگە رازى بولۇپ قول قويىسەنۇ، ئىنىڭگە كەلگەندە بۇنچە يىغلاپ پەرياد چېكىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم ئېرىمنىڭ ئۆلۈمىگە رازى بولۇشۇممۇ ئىلاجسىزلىقتىن بولدى. مەن تېخى ياش، بىرەرسىگە تۇرمۇشلۇق بولسام ئېرىمنىڭ ئورنىنى باسار دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈمىگە رازى بولۇشۇم تېخىمۇ نائىلاجلىقتىن بولدى. ئەرگە تەگسەم خۇدايىم بىر ئوغۇل بەرسە ئوغلۇمنىڭ ئوتنى باسار دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. ئىنىمگە كەلگەندە يىغلاپ كەتكىنىم، قېرىنداشنى تاپماق قولۇمدىن كەلمەيدىكەن. ئۇنى تېپىپ تۇغۇپ بېرىدىغان ئاتا - ئانام ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، شۇڭلاشقا، قېرىندىشىمدىن ئايرىلسام ئورنىنى قانداق تولدۇرارمەن دەپ يىغلىدىم. قول قويۇشقىمۇ قولۇم بارمىدى، — دەپ يەنە يىغلاپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپلەر پادىشاھقا قاتتىق تەسىر قىلىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. پەرمان چۈشۈرۈپ ئۈچ گۇناھكارنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىپتۇ. ئايالنىڭ ئاقىلانە سۆزى مەيدانغا يىغىلغان ھەممە ئادەملەرنى خۇشال قىپتۇ①.

## قول ئاستىڭدىكىلەرگە كۆيۈنۈشنى بىل

بار ئىكەنۇ - يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ - توق ئىكەن. زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يەيدىغان - ئىچىدىغىنى تولۇق، مال - ۋارانلىرى يېتىپ ئاشقۇدەك بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن ئاچ كۆز ۋە پىخسىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئەل - يۇرت ئىچىدە «پىخسىق باي» دەپ نامى بار ئىكەن. ئۇ باشقىلاردىن ئېلىشنى بىلىدىكەن، بېرىشنى

①ماھىبەدەر ئىبراھىم توپلىغان. «غۇلجا خەلق چۆچەكلىرى»، 1989 - يىل نەشرى.

بولسا پەقەت ئۆگەنمىگەنىكەن. باي ھەر قانداق مېھماندارچىلىق، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىملارغا باشقىلار تەكلىپ قىلمىسىمۇ، مورىدىن چىققان تۈتۈنگە قاراپ ئىزدەشتۈرۈپ كېلىدىكەن. ئۆزى يەپ ـ ئىچكەندىن سىرت، «خان ئاچىلىرىغا نېسىۋە ئالغاچ كېتەي» دەپ داستىخاندىن قولغا چىققاننى ئېلىپ ماڭىدىكەن.

باينىڭ بىر ئەقىللىق ۋە سەممىي مالىيى بولۇپ، باي بىلەن ھەممە يەرگە بىللە بارىدىكەن. يول بويى باي تازا ھەشەمەتلىك توقۇلغان خېچىرگە مىنىپ ماڭسا، مالاي كەينىدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ پىيادە يۈگۈرىدىكەن. ئېلىنغان نېسىۋىلەرنى كۆتۈرۈپ پىيادە قايتىدىكەن. باي قېچىرنىڭ ئاچ ـ توقلۇقىنى دائىم سوراشتە قىلىپ تۇرىدىكەنۇ، بىراق مالىيىنىڭ ئاچ ـ توقلۇقى بىلەن كارى بولمايدىكەن. بۇ ئىشتىن مالاينىڭ بەك قورسىقى كۆيۈپتۇ.

بىر كۈنى باي بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. ساھىبخانا يوغان چىنىدە ئۈستى ساپسېرىق قايماق باغلىغان قېتىق ئەكېلىپ باينىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. باي قېتىقنى بىر يانغا قويۇپ، باشقا نەرسىلەردىن تويغۇچە يەپتۇ ۋە قايتىدىغان چاغدا «بۇ قېتىقنى خان ئاچىلىرىغا نېسىۋە قىلىپ ئالغاچ كېتەي» دەپ مالىيىغا كۆتۈرگۈزۈپ، ئۆزى قېچىر بىلەن ئالدىدا مېڭىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ بېشى قېيىپ، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان مالاي يولدا كېتىۋېتىپ بايغا ئۆچمەنلىكى تۇتۇپتۇ ۋە ئۇنى بىر ئەپلەپ ئەدىپىنى بېرەي، دەپ خېلى ئارقىدا يىراقلاپ قاپتۇ. باي ئارىلاپ ـ ئارىلاپ:

— يېتىشىپ ماڭ! ... — دەپ تۇۋلاپ قويۇپتۇ. مالاي ئارىلىقنى ئۇزارتىپ قاچىدىكى قېتىقنى ئىشتىها بىلەن ئىچىپ بوپتۇ ۋە ئىنتايىن ھۇزۇرلىنىپتۇ، پۇت ـ قولىغا خېلى جان كىرىپتۇ. مالاي بايغا يېتىشىۋالغۇچە يۈگۈرۈپتۇ. يېقىن كەلگەندە ۋايجان! — دەپ قولىدىكى قاچىنى توپىلاڭ يەرگە ئۇرۇپتۇ. ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. باي قېچىردىن چۈشمەي تۇرۇپ مالايغا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— يىقىلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مالاي:

— قوپالمايۋاتىمەن؟ — دەپتۇ. باي:

— قېتىق تۆكۈلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مالاي:

— قاچىنى تاپالمايۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باي غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، قېچىردىن سەكرەپ چۈشۈپ قامچىسىنى كۆتۈرۈپ مالاينى قوغلاپتۇ. مالاي يول بويىدىكى ئۆستەڭنى بويلاپ قېچىپتۇ. باي ئىدىراشچىلىقتا ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ تېز ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇغا غەرق بولۇپتۇ. مالاي ئەنە شۇنداق ئەقىل ئىشلىتىپ زالىم بايدىن ئۆچىنى ئاپتۇ ۋە جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپتۇ①.

①توخان ئېيتىپ بەرگەن، ئوسمان قادىر توپلىغان. «ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1991 ـ يىلى نەشرى. («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىن ئېلىنغان.

***ھېكمەت:***

***ھاياتنىكى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن كىشىلەردە يالغانچىلىق ۋە يالغانچىلىقنى بىلىش ۋە بىلمەسلىك، چۈشىنىش ۋە بىلمەسلىك ھالەتلەر مەۋجۇت بولغان. ساختىپەز، گەپنى يالغانچى بولغانلار بار. ئۇلارنىڭ يالغانچى بولۇپ قىلىشلىرى مۇمكىن. بولۇپمۇ، پەقەت ئۆزۈڭ بىلگەيسەن. قول ئاستىڭدىكىلەرگە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرساڭ، ئۇلاردىن ساڭا رەھمەت ـ ھەشقاللا ياغىدۇ. مۇبادا ئۇلارنىڭ دىلىنى رەنجىتسەڭ ھالاكەت پۇرىقى بېشىڭدا ئەگىپلا تۇرىدۇ. چۈنكى ئاتا ـ بوۋىلار توغرا ئېيتقان: «ئەل قارغىشى ئوق».***

## نومۇسنى بىلمىگەن ئۆزىنى بىلمەس

قەدىمكى زاماندا بىر ئايال ئۆز ھەقەمسايىسىنىڭ ئايالى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانىكەن. بىر كېچىسى ئۇ ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى ھەقەمسايىسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى: «مېنىڭ بالامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دەپ ھەقەمسايىسىگە تۆھمەت قىلىپ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەرز ـ شىكايەت قىپتۇ. قازى ئۇنىڭ ھەقەمسايىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراق قىلىپ قورقۇتۇپتۇ:

ـــ راست گەپ قىل، بولمىسا ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، ـــ دەپ تەھدىت سېلىپتۇ. لېكىن ئۇ ئايال قەسەم ئىچىپ زادىلا ئىقرار قىلماپتۇ. قازى:

ـــ ئەگەر سەن مېنىڭ ئالدىمدا قىپيالىڭاچ بولالىساڭ سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، ـــ دەپتۇ.

ئۇ ئايال ئويلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دەپتۇكى:

ـــ مەن ئۆلۈمگە رازىمەنكى، قىپيالىڭاچ بولمايمەن.

قازى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىپتۇ. ئارقىدىن ھېلىقى ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرگەن ئايالنى چاقىرىپ:

ـــ سەن مېنىڭ ئالدىمدا، يالىڭاچ بولالىساڭ سۆزۈڭنى راست قىلىمەن، ـــ دەپتۇ. ئۇ ئايال ئويىلىماستىنلا يېشىنىپ قىپيالىڭاچ بولۇپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ، دەرھال دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىپتۇ. قازى ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىپتۇ[1].

[1] سىيتاخۇن ئېيتىپ بەرگەن، سۇلتانىم بارى توپلىغان. «ئۈرۈمچى سايباغ رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1991 ـ يىل نەشرى.

## مۇتىھەم باي

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، كۆرۈنگەن تاغنىڭ نېرىسىدا ئىككى باي بىر تۇل مومايغا نۇرغۇن مال - دۇنيالارنى «ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىككىمىز تەڭ كەلسەك ئاندىن تاپشۇرۇپ بەرگەيسىز» دېگەن شەرت بىلەن ئامانەت قويۇپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئىككى باي ئۆزئارا تىل بىرىكتۇرۇپ، مومايدىن كۆپرەك مال - دۇنيا ئۇندۇرۇۋېلىش غەرىزى بىلەن بايلاردىن بىرى مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شېرىكىم ئۆلۈپ كەتتى، ئامانەت قويغان مال - دۇنيالارنى ماڭا بېرىڭ، — دەپتۇ.

موماي ئىلاجسىزلىقتىن مال - دۇنيالارنى ئۇ بايغا بېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر باي كېلىپ، مال - دۇنيانى تەلەپ قىلىپتۇ. موماي ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. باي بۇنىڭغا قايىل بولماستىن، مومايىنى سۆرەپ قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە ئادالەت بىلەن سوراپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قازى كۆپ سوراپ، سۈرۈشتە قىلىپ بولغاندىن كېيىن دەپتۇكى:

— مال - دۇنيالارنى ئىككىمىز تەڭ كەلسەك بەر، دېگەن ئىكەنسىلەر. سەن بېرىپ شېرىكىڭنى تېپىپ كەلگىن، ئاندىن مال - دۇنيالىرىڭنى ئېلىپ بېرەي، يالغۇز كەلسەڭ ئېلىپ بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇتىھەم باي سەۋەب تاپالماستىن، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ يولىغا راۋان بوپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***بىراۋغا قىلىنغان تۆھمەت ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ، خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. سەن كۈچۈم يېتىدۇ، دەپ بىراۋغا تۆھمەت قىلساڭ، ھەقىقەت ئەينىكى تېزلا سېنىڭ قىياپىتىڭنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سەن ئۆزۈڭنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىسەن. بۇ ھال ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەررەكتۇر.***

## ئەجىر سىڭدۈرگەن نەرسە ئەتىۋارلىق بولىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا ياشىغان بىر جۈپ ئەر - ئايال بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇلار بالىسىنى كىچىكىدىنلا ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەچكە، بالا تەييارغا ھەييار، بەتخەج بولۇپ چوڭ بوپتۇ. بوۋاي ئوغلىنىڭ چوڭ بولغانسېرى يارامسىز بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى

① رازىخان ئېيتىپ بەرگەن، سۇلتانەم بارى توپلىغان. «ئۇرۇمچى سايباغ رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1991 - يىل نەشرى.

كۆرۈپ، بارا ـ بارا ئوغلىغا ئوچۇق چىراي ئاچمايدىغان بوپتۇ. لېكىن موماي ئوغلىغا دائىم يان باسىدىكەن. بىر كۈنى بوۋاي مومايغا:

ـــ مەن قېرىپ قالدىم. ئائىلىمىزنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇ پارىماس ئوغۇلغا تاپشۇرسام بىكاردىن ـ بىكارغا زايا قىلغان بولىمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا كىشىلەرگە بېرىۋېتەي، ـــ دەپتۇ. موماي بوۋاينى ئۇنداق قىلماسلىققا دەۋەت قىپتۇ. بوۋاي:

ـــ ئەگەر ئوغلىمىز ئىشلەپ بىر تەڭگە پۇل تېپىپ كېلەلىسىلا، مەن ئائىلىمىزنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن، ـــ دەپتۇ. موماي بوۋايدىن يوشۇرۇن ھالدا ئوغلىنىڭ قولىقىغا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىپتۇ.

بالا ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆزى ئىشلەپ پۇل تاپماقچى بوپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنلىكى چىقىپ كېتىپ، كەچقۇرۇنلۇقى بىر سەر كۈمۈش ئېلىپ كەپتۇ. بوۋاي بۇ پۇلنى قانداق تاپقانلىقىنى سوراپمۇ قويماستىن، كۈمۈشنى ئوچاقنىڭ ئىچىگە تاشلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كېتىپتۇ. ئاتا ـ بالا ئىككىسى بۇ ئىشقا ھەيران قاپتۇ.

ئەتىسى موماي ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. ئانا ـ بالا بۇ قېتىم بوۋاينى چوقۇم ئىشىنىدۇ دەپ ئويلاپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئوغلى سىرتتىن قايتىپ كېلىپ، تەرلىرىنى ئېيتىپ، خۇشال ھالدا بىر سەر كۈمۈشنى دادىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. بوۋاي بۇ كۈمۈشنىمۇ ئوچاق ئىچىگە تاشلاپتۇ ـ دە:

ـــ مېنى ئالدىما، بۇ سەن ئىشلەپ تاپقان پۇل ئەمەس، ـــ دەپتۇ. موماي ئىلاجسىز ئوغلىنى ئىشلەپ پۇل تېپىشقا ئۈندەپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى بىر نەچچە مىس يارماقنى ئەكېلىپ بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي قاراپ بېقىپ، ئۇنىمۇ ئوچاققا تاشلاپتۇ. ئوغلى ئوچاق ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، قولىنى ئوتقا تىقىپ، يارماقلارنى ئېلىۋاپتۇ ـ دە، غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا:

ـــ سەن بۇ يارماقلارنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـــ دەپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي خۇشال بولغان ھالدا:

ـــ ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا مەن ئىككى سەر كۈمۈشنى ئوچاققا تاشلىۋەتسەم، سەن پىسەنت قىلمىغانىدىڭ. بۇ قېتىم ھەقىقەتەنمۇ ئۆزۈڭ ئەمگەك قىلىپ تاپقان پۇل بولغاچقا ئىچىڭ ئاغرىدى، ـــ دەپتۇ. ئوغلىمۇ، مومايمۇ خۇرسەن بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***ئاتا ـ بوۋىلار «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ھەر قانداق ئەمگەككە سىڭىنىڭ ھالال تەرىڭ سىڭسە، سەن ئۇنىڭدىن ئويلاپمۇ باقمىغان ھوزۇرغا ئېرىشىسەن. ھېكايەتتىكى بالا ئوچاققا سېلىنغان ئىككى***

① مۆيدۇن مەسۇم ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 ـ يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

***يارماقنى ئۆزى ئىشلەپ تاپقان بولسا، باشتىلا ئۇنى ئېلىۋېلىش ئىستىكىدە بولاتتى. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇچىنچى يارماقتا ئۆزىنىڭ قان - تەرى سىڭگەن بولغاچقا، ھېچ ئىككىلەنمەيلا قىزىق ئوچاقتىن ئۇنى ئېلىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئەمگىكىنىڭ قىممىتىنى بىلگەنلىكىدىن ئىدى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سەن ئەجىر سىڭدۈرگەن ھەرقانداق نەرسە ھامان سەن ئۈچۈن قىممەتلىك.***

## ياخشىلىقتىن ۋاپا، ئەسكىلىكتىن جاپا كېلىدۇ

ئۆتكەن زاماندا ئاسىم ۋە قاسىم ئىسىملىك ئىككى ساۋاقداش ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار مەھەللە مەدرىسىدىكى دانىشمەن ئۇستاز قولىدا ئوقۇيدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئىككى شاگىرتنىڭ بىلىمىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان ئۇستازى ئۇلارغا:

— ۋاپا دېگەن نېمە، جاپا دېگەنچۇ؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ. ئىككىيلەن ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن، دانىشمەن:

— يۇقىرىقى مەھەللىدە ئىككى بوۋاي بار، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاشۇلار بىلىدۇ. شۇلاردىن بىلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ. ئاسىم تىرىشچاق ھەم چىقىشقاق، مۇلايىم ئىكەن. قاسىم ئۇرۇشقاق، ئىچى تار، ھۇرۇن ئىكەن. ئاسىم نۇرغۇن نەسىھەت قىلىپ يۇقىرىقى مەھەللىگە بېرىشقا قاسىمنى ئاران كۆندۈرۈپتۇ. ئۇلار يۇقىرىقى مەھەللىگە بېرىپ بىرىنچى بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىرسە، ھويلا بەكمۇ ئازادە، مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بۇ بوۋاينى ئۆز دادىسىدەك ھۆرمەتلەپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ئاسىم:

— بوۋا، ياشانغانلىرىدا مۇنداق زور ھۆرمەتكە قانداق ئېرىشتىلە؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— بالام، مەن ياشلىقىمدا كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ، تاپقىنىمنى مەھەللىدىكىلەر بىلەن تەڭ يەپ، تەڭ خەجلەپ، بار - يوقۇمنى ئايىمىدىم، ھېچكىمنى رەنجىتمىدىم، قولۇمدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلدىم. قېرىغىنىمدا مەھەللىدىكىلەر ھۆرمەتلەپ ماڭا ۋاپا قىلدى. ھېچقانداق يالغۇزچىلىق تارتماي ئوبدان كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ئۇلار ئىككىنچى بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىرسە، ھويلا پاسكىنىچىلىقتا توشقان بولۇپ، بوۋاي ناھايىتى قىيىن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىكەن. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئىككى ساۋاقداش:

— بوۋا، نېمىشقا مۇنداق قىيىن تۇرمۇشقا قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالىلىرىم، مېنىڭدىن نەسىھەت شۇكى، ياشلىقىڭلاردا باشقىلار بىلەن چىقىشىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. مەن ياش چېغىمدا تەرسا، گۇمانخور، پىخسىق ئىدىم. بۇ مەھەللىدە مەن ئۇرۇشمىغان بىرەرمۇ ئادەم يوق. ئويلىسام، شۇنچە ياشقا كەلگۈچە بىرەر كىشىگە ياخشىلىق قىلماپتىمەن. شۇڭا، قېرىغىنىمدا يەتكۈچە جاپا تارتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ئاسىم بىلەن قاسىم ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دانىشمەن ئۇستازى ئۇلارغا:

— ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، نېمە تېرىساڭ، قېرىغاندا شۇنى ئورۇيسەن. ياخشىلىقتىن ۋاپا، ئەسكىلىكتىن جاپا كېلىدۇ، — دەپتۇ. بۇ مەنىلىك گەپتىن ئاسىم كۈلۈمسىرەپ، قاسىم پۇشايمان ئىلكىدە قىزىرىپتۇ①.

## ئىككى يىغلاڭغۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر موماي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى يىراق سەپەرگە كەتكەن ئوغلىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋېلىپ، يولدىن ئۆتكەنلەرگە خەتنى ئوقۇتۇپ كۆرۈش ئۈچۈن دەرھال كوچىغا چىقىپتۇ. شۇ چاغدا يولدىن كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك بىر كىشى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن، بۇ كىشى خەتنى قولىغا ئېلىپ بىر ئازدىن كېيىنلا يىغلاپ كېتىپتۇ. موماي پەرەز قىلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى قايتا ـ قايتا سوراپتۇ. لېكىن ھېلىقى سالاپەتلىك كىشى ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مومايمۇ ئوغلۇم بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپتۇ دەپ ئويلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا يولدىن يەنە بىر كىشى ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئىككى كىشىنىڭ يىغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەيران بولغان ھالدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. موماي جاۋاب بېرىپ:

— بۇ كىشى ئوغلۇمدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتتى، مەن ئوغلۇمنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ھەي، سەن نېمىگە يىغلاۋاتىسەن؟ خەتتە قانداق قايغۇلۇق خەۋەر بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۈچىنچى كىشى. ھېلىقى سالاپەتلىك كىشى چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ:

— ھەي قەدىردان ئاغىنە، مەن ئۆزۈمگە ناھايىتى ئېچىنىمەن. مەن كۆزى ئوچۇق قارىغۇمەن، ئۆزۈمنىڭ ساۋاتسىز بولۇپ قالغىنىمغا يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ②.

---

①مەھكەم ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 - يىلىدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

②مۆيدۈن مەسۇم ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 - يىلىدىكى سانىدىن ئېلىندى.

## مۈكچەيگەن بەل

بۇرۇنقى زاماندا بىر ۋەزىر ئۆز يۇرتىغا كېلىپ كىچىكىدە بىللە ئوينىغان دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ قاپتۇ. دوستى دېھقان ئىكەن. بۇ چاغدا ھەر ئىككىلىسىلا 70 ياشتىن ھالقىغان بولۇپ، بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن ئىكەن. ۋەزىر دوستىغا:

— ھەي، ھەر ئىككىمىزلا قېرىپتىمىز. ئىككىمىزنىڭ ئوخشايدىغان تەرىپىمىزمۇ، ئوخشىمايدىغان تەرىپىمىزمۇ بار ئىكەن، — دەپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپتۇ دوستى.

— ئوخشايدىغان تەرىپىمىز، — دەپتۇ ۋەزىر، — ھەر ئىككىلىمىز دۈمچەك بوۋايغا ئايلىنىپتىمىز. ئوخشىمايدىغان تەرىپىمىز، سەن ھاياتىڭنى ئېتىزدا ئۆتكۈزدۈڭ، مەن ئوردىدا ياشىدىم.

— ئىككىمىزنىڭ يەنە بىر ئوخشىمايدىغان تەرىپى بار، — دەپتۇ دوستى، — مېنىڭ بېلىم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېتىزدا يەر تېرىش، ئوتاق ئوتاشقا ئوخشاش جاپالىق ئەمگەك بىلەن مۈكچەيگەن. سېنىڭ بېلىڭ بولسا، يىل بويى پادىشاھقا باش ئېگىپ، تەزىم قىلىپ مۈكچەيگەن.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ۋەزىر گەپ قىلالماي قاپتۇ①.

***ھېكمەت:***
***ھەر ئىشنىڭ قانۇنىيىتى كىشىلەرنى شۇ بويىچە ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ.***
***ئىش ـ ئەمگەك ھاياتنىلا ئەمەس سېنىڭ قىياپىتىڭنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ.***
***ئۆزگەرمەيدىغىنى پەقەت سېنىڭ مۇستەھكەم ئىرادەڭ.***

## تىلىڭنى يىغمىساڭ باش كېتىدۇ

بىر كۈنى پادىشاھ ئوردا ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىر، مۇلازىملىرىنى يىغىپ كېڭەش ئېچىپ ئولتۇرسا، توساتتىن ئوردا چوڭ دەرۋازىسىدىن بىر قەلەندەر مارايپتۇ. بۇنى پەقەت پادىشاھ سېزىپ قاپتۇ. لېكىن شاھ يەنىلا ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. قەلەندەر ئېچكىرىلەپ ئوردا ئىچىگە كىرىشكە تەمشىلىپتۇ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جىم تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ كۆڭلىگە نېمىلەرنىدۇر پۈككەن ھالدا سۆزىنى توختىتىپ، قەلەندەرنى ئوردىغا كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. قەلەندەر ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن شاھ ئۇنىڭغا قاراپ تىلىنى چىقىرىپتۇ، قەلەندەر شاھقا جاۋابەن ھايالىشمايلا

① مۆيدۇن مەسۇم ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 ـ يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

بېشىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ يەنە گېلىنى كۆرسىتىپتۇ، قەلەندەر جاۋابەن يۈزىنى سىلاپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا قاراپ، قەلەندەرنىڭ ئەقلى ــ پاراسىتىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن تىللا ئىنئام قىپتۇ. قەلەندەر تىللانى ئېلىپ، پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر قەلەندەرنىڭ ئىنئام ئالغان تىللاسىغا چىدىماي شاھتىن:

ــ ھۆرمەتلىك شاھىم، سىلى قەلەندەرنىڭ نېمىسىگە شۇنچىۋالا تىللا بېرىدىلا؟ بۇ بەك ئورۇنسىز زىيان بولدى. بولسا، ئۇنى تارتىۋالغىنىمىز تۈزۈك، ــ دەپتۇ. پادىشاھ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەزىرنى سىنىماقچى بولۇپ:

ــ قېنى ئېيتىڭ، قەلەندەرنىڭ قىلغان ھەرىكەتلىرى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي «بۇ… بۇ…» دېگىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۆز ۋەزىرىنىڭ دۆتلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى كايىپ كېتىپتۇ ۋە:

ــ مەن دەسلەپتە تىلىمنى چىقارسام، قەلەندەر بېشىنى كۆرسەتتى. بۇنداق قىلغىنى «تىلىڭنى يىغمىساڭ، باش كېتىدۇ» دېگىنى. مەن گېلىمنى كۆرسەتسەم، ئۇ يۈزىنى كۆرسەتتى. بۇنداق قىلغىنى «گېلىڭنى يىغمىساڭ، يۈز كېتىدۇ» دېگىنى. مەن ئاشۇ ھېكمەتلىك ئىككى سۆزنى شۇنچە پۇلغا سېتىۋالدىم، ــ دەپتۇ پادىشاھ، ۋەزىر لام ـ جىم دېيەلمەپتۇ.

«تىلىڭنى يىغمىساڭ، باش كېتىدۇ. گېلىڭنى يىغمىساڭ، يۈز كېتىدۇ» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن①.

***ھېكمەت:***

***تىل ئادەمنى ھەم يۈكسەكلىككە ئېرىشتۈرىدۇ ھەم پەسكويغا چۈشۈرىدۇ. تىلدىن ئادەم ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى تىل ئارقىلىق ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەسلى زاتىنى بىلىشكە بولىدۇ. سەن مەڭگۈلۈك بولمىغان بۇ دۇنيادا تىلىڭ ئارقىلىقلا تەقدىرىڭنى بەلگىلىيەلەيسەن.***

## ھەقىقىي مېھىر ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ

ئىككى كىشى بىر بالىنى «مېنىڭ بالام» دەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئاخىر بۇ داۋا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئالدىدىمۇ ھەر ئىككىلىسى بۇ بالىنى «مېنىڭ بالام» دەپ چىڭ تۇرۇۋېپتۇ.

پادىشاھ جاللاتنى چاقىرىپتۇ ـ دە:

ــ بۇ بالىنى باشتىن ـ ئاياغقا قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە قىلىپ، بۇ ئىككى

---

①بەدىرىدىن ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 ـ يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.



www.uyghurkitap.com

كىشىگە بۆلۈپ بەرگىن! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دەۋاگەرنىڭ بىرى ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي ئەتراپتىن پاناھ تىلەپ، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، مەن بۇ بالىدىن كەچتىم، بالىنى ئاشۇ كىشىگە بۇيرۇپ بەرگەيلا، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

پادىشاھ بالىنى «بالىدىن ۋاز كەچتىم» دېگەن مۇشۇ كىشىگە بۇيرۇپتۇ — دە، يەنە بىر دەۋاگەرنى زىندانغا مەھكۇم قىپتۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن ۋەزىرلەردىن بىرى پادىشاھتىن بۇنداق ھۆكۈم قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، پادىشاھ:

— بالىنى ئىككى پارچە قىلىشقا ھۆكۈم قىلغىنىمدا، بالىنىڭ ھەقىقىي دادىسى دادىلىق مېھرىنى ئىپادىلىدى. بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىيالمىدى، ئۇ بالىسىنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن بالىدىن كېچىشنى لايىق تاپتى. بۇ ھال راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىقنىڭ دەلىلى بولۇپ قالدى. بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمۈمگە ئاساس بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***دۇنيا مېھىر — مۇھەببەت بىلەن تولغان. شۇنداقلا مېھىر — مۇھەببەتكە خىيانەت قىلىدىغانلار بىلەنمۇ تولغان. كىشىدە ھەقىقىي مېھىر — مۇھەببەتلا بولىدىكەن، قايغۇ — ئەلەم ئۇنىڭدىن يىراق كېتىدۇ.***

## ھەر ئىشقا يەم كېرەك

بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ دوست ياشىغان ئىكەن. بۇلارنىڭ بىرى بېشىدىن ئايىغى «تەڭگىلەر» ئاجراپ تۇرىدىغان تاز، يەنە بىرى كۆزلىرىنى ئاچالمايدىغان چاپاق، يەنە بىرى بۇرنىدىن «لەخمەن» ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ماڭقا ئىكەن. بۇ ئۈچ ئاغىنە مەنزىرىلىك باغقا بېرىپ تاماشا قىلىشقا قارارلىشىپتۇ. لېكىن باغقا بارغىچە تاز بېشىنى قاشلىماي، چاپاق كۆزىنى سۈرتمەي، ماڭقا بۇرنىنى ئېيتماي مېڭىشقا، كىم بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا، قالغان ئىككىسى يۈزدىن ئىككى يۈز مۇشت ئۇرۇشقا ۋەدىلىشىپتۇ. بۇ ئاغىنىلەر سەپەر قىلىپ يۈز قەدەمچە مېڭىشقاندىن كېيىن، تازنىڭ بېشى قىچىشىپ چىدىيالماي قاپتۇ. بېشىنى قاشلىسا مۇشت يەيدۇ، قاشلىمىسا ئازابقا چىدىيالمايدۇ. تازنىڭ كۆڭلىگە ئەقىل كېلىپ:

①شېرىپ خۇشتار ئېيتىپ بەرگەن، نەجمىدىن سىدىق توپلىغان. «ئۇرۇمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 — يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

— ئاغىنىلەر، بۇنداق ماڭساق زېرىكىپ قالىمىز. قىزىق گەپلىشىپ ماڭساق قانداق؟ — دەپتۇ، چاپاق بىلەن ماڭقا:

— قېنى ئاۋۋال ئۆزۈڭ گەپ باشلا، — دەپتۇ. تاز گەپ باشلاپ:

— مېنىڭ دادامنىڭ تەلپىكى قالتىس نوچى ئىدى، بۈگۈن بۇنداق قىرلاپ كىيسە، ئەتىسى ئۇنداق قىرلاپ كىيەتتى، — دەپ ئۆزىنىڭ تەلپىكىنى قىرلىغان بولۇپ بېشىنى قاشلىۋاپتۇ. چاپاق بىلەن ماڭقا تازنىڭ بۇ ھىيلىگەرلىكىگە ھەسەتلىنىپتۇ. ئۇرايلى دېسە، ئۇنى گەپ باشلا دەپ ئۆزلىرى بۇيرۇغان. ئۇرمايلى دېسە، دادىسىنى دورىغان بولۇپ بېشىنى قاشلىۋالدى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن كۆزىنى ئاچالماي قالغان چاپاق:

— مېنىڭ دادام ئۇستا پالۋان ئىدى. مىلتىقىنى كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ ئۇچقان كەلگەن كېيىكنى بۇنداق، سولدىن كەلگەن كېيىكنى ئۇنداق ئاتاتتى، — دەۋېتىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئوڭ كۆزىنى، سول قولى بىلەن سول كۆزىنى سۈرتۈۋاپتۇ. بۇرنى ئېغىرلىشىپ تىنالماي كېتىۋاتقان ماڭقا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقانىكەن. ئۇمۇ بىر ئەقىل تېپىپ:

— سىنىڭمۇ راست، — دەپ ئوڭ قولى بىلەن سول تەرەپتىكى چاپاقنى، سىنىڭمۇ راست، — دەپ سول قولى بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى تازنى ئىشارەت قىلغان بولۇپ بۇرنىنى سۈرتۈپ يۈكتىن يەڭگىللىشىپتۇ. بۇ ئۈچ ئاغىنە:

— بىر - بىرىمىزدىن ئۇستا ئىكەنمىز، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ ۋە تېخىمۇ يېقىن بولۇپ ياشاپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***سەن ھاياتتا مەيلى كىچىك ياكى چوڭ سىناقلارغا دۇچ كەلسەڭ، سېنى غالىبلىققا ئۇندەيدىغىنى يەنىلا سېنىڭ ئەقلىڭ، سەندىكى سەزگۈرچانلىق. مۇبادا ئەقىل بولۇپ، سەزگۈرچانلىق بولمىسا، ۋاقتىڭ بىھۇدە زايە كېتىدۇ.***

## ئېغىزنىڭنى ئۆزۈڭ تىز گىنلە

بۇرۇنقى زاماندا، گۈزەل بىر ماكاندا داڭلىق بىر سودىگەر ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ ياسانچۇق، ھۆرۈن بىر خوتۇنى بار ئىكەن. خوتۇنى ئېرىگە ھەر كۈنى:

— بارلىقىم ئۆزلىرىگە تەئەللۇق، پۇتلىرىغا كىرىدىغان تىكەن مېنىڭ كۆزۈمگە سانجىلسۇن، سىلىگە ئەجەل كەلسە، مەن قۇربان بولاي، — دەپ تەكرارلايدىكەن.

— سىلە ئەزرائىلنى تونۇمسىلە؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر خوتۇنىدىن.

— ياق، تونۇمايمەن. مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان.

سودىگەر خوتۇنىغا:

---

① ئابدۇرېشت پاسار سۆزلەپ بەرگەن، «مەجمۇئەتۇل ھېكايەت» 1991 - يىل نەشرى.

— ئەزرائىل بەئەينى يۇڭدىۋېتىلگەن خورازغا ئوخشايدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى سودىگەر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ كېسىلىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئالتۇن مونچاق، كۈمۈش بىلەزۈك ۋە قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلىرىنى ساندۇققا قاچىلاپ قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ. سودىگەر خوتۇنىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر قارا خورازنى چالا يۇڭدىۋېتىپ ئۆيىگە تاشلاتقۇزۇپتۇ. چالا ئۆلگەن خوراز پالاقشىپ يۈملاشقا باشلاپتۇ. قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتكەن خوتۇن «ئەزرائىل» غا:

— مەن ساق - سالامەتمەن، مېنىڭ ھېچقانداق كېسىلىم يوق، كېسەل كىشى ئەنە ئاۋۇ يەردە ياتىدۇ، — دەپ ئېرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ سودىگەرنىڭ كېسىلى شىپالىق تېپىپتۇ ۋە خوتۇنىنى «ئۈچ تالاق» قىلىۋېتىپتۇ. بۇ خوتۇن ئۆمۈر بويى خىجالەتچىلىك ۋە خاپىلىق ئىچىدە ياشاپتۇ[1].

***ھېكمەت:***
***كىشىنى ئىشەندۈرىمەن دەپ كەلسە - كەلمەس سۆزلەۋەرسەڭ، ئۆز تىلىڭنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىسەن. شۇڭا، ھەرقانداق سۆزدە ئېھتىياتچان بول، پۇختا بول. يەنى ئىمكانىيەتكە يول قوي.***

## ھەقىقىي بايلىق ماددىي بايلىق ئەمەس

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر پادىشاھنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن. قىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن قىياپىتى ۋە ئەقلى جەھەتتىن تېخىمۇ كامالەتكە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزنىڭ داڭقى نۇرغۇن شەھەرلەرگە تارايتۇ. ئۇ شەھەرلەردىكى شاھزادىلەردىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ بۇ ئىشقا تازا بېشى قېتىپتۇ. خانىش مەلىكىگە كېنىزەكلىرى ئارقىلىق شەھەر - شەھەرلەردىن ئەلچىلەر كېلىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرى ئارقىلىق مۇنداق دەپتۇ:

— ئاتا - ئانامغا يەتكۈزۈڭلار، كەلگەن ئەلچىلەرنى يىغىپ ئۇلارغا دېسۇن. ئۇلار شاھزادىلىرىنى ئېلىپ كەلسۇن، ئۇلارغا مېنىڭ بىر سوئالىم بار. كىم توغرا جاۋاب بەرسە، مەن شۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن. توغرا جاۋاب بېرەلمىسە تەلىپىنى رەت قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەلىكىنىڭ سۆزىنى كېنىزەكلەر خانىش بىلەن پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. ئەلچىلەر يۇرتلىرىغا قايتىپ ھەممىسى شاھزادىلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ كەلگەن ئەلچى ۋە شاھزادىلەرنى ئوبدان كۈتۈپ، ئۇلارغا ئوبدان بىر سورۇن راسلاپ بېرىپتۇ.

---

[1] توختى مەمەت سۆزلەپ بەرگەن «مەجمۇئەتۇل ھېكايەت» 1991 - يىل نەشرى

شاھزادىلەر ھەممىسى جەم بولغاندا، مەلىكە ئۆز سوئالىنى بايان قىلىپتۇ:

ــ كىم ماڭا ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەقىقىي باي ۋە ھەقىقىي گادايىنى كۆرسىتىپ بەرسە، مەن شۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

سورۇندا ئولتۇرغان شاھزادىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ھازىر مەن ھەممىڭلاردىن باي، توي قىلىشقا تەييارلىغان مال ــ دۇنيانى مەلىكىگە بېرىمەن. شۇندىلا ھەممىڭلاردىن گاداي بولۇپ قالىمەن، ــ دەپتۇ.

مەلىكە بېشىنى چايقاپ جىم ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرىقى شاھزادىگە ئوخشاش سۆزلەرنى بايان قىلىپتۇ. مەلىكە بىرىگىمۇ پىسەنت قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادىلەرنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان، ئاددىي كىيىنگەن بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ مېنىڭ شاھزادىلەردەك كۆپ مال ـ دۇنيالىرىم يوق، شۇنداق بولسىمۇ مەلىكىنىڭ سوئالىغا مەن جاۋاب بېرىمەن، ــ دەپ سۆز باشلاپتۇ.

ــ مەن تېۋىپ، قېنى شاھزادىلەر قولۇڭلارنى سۇنۇڭلار، ــ دەپتۇ ۋە سورۇندىكى ھەممە ئادەملەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كېسەل بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ، قوللىرىغا رېتسىپ يېزىپ بېرىپتۇ.

ئۇ يەنە رەسسام ئىكەن. ئولتۇرغان شاھزادىلەرنىڭ سۈرىتىنى شۇ سورۇندا سىزىپ ھەربىرىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ ۋە بۇ مېنىڭدىكى ھەقىقىي بايلىق. ھۈنەرنى ئىشقا سالماي جىم ئولتۇرسام مەن ھەممىڭلاردىن گاداي، ــ دەپتۇ ھېلىقى يىگىت.

مەلىكە بۇ يىگىتنىڭ بەرگەن جاۋابىغا قايىل بولۇپ شاھزادىلەرگە:

ــ ھەقىقىي بايلىق ماددىي بايلىق ئەمەس، مەنىۋى بايلىق. ھەرقايسىڭلار پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرى ئىكەنسىلەر، ئاتاڭلاردىن قالغان تەييار بايلىق سىلەرگە ئەسقاتمايدۇ. ئىنسان بىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولسا شۇ ئەسقاتىدۇ، ــ دەپ، ئۆزىنىڭ شەرتى بويىچە شۇ يىگىت بىلەن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ[①].

## ئېقىن سۇ

بىر قېتىم ئۇستاز، شاگىرت ئىككىيلەن ساياھەتكە چىقىپ، دەل چۈشتە بىر ئورمانلىقا كېلىپ توختاپتۇ. بۇ چاغدا ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇستازى ئۇسساپ كېتىپ، شاگىرتىغا:

ــ سەن بايا بىز ئۆتكەن ئېرىققا بېرىپ سۇ ئېلىپ كەلگىن، ــ دەپتۇ.

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ــ 20» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

شاگىرت ئارقىسىغا قايتىپ ھېلىقى ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ قارىسا، بۇ يەردىن ئۆتكەن ئات ـ ئۇلاغلار ئېرىقنىڭ سۈيىنى لېيىتىۋەتكەن، شۇڭا ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولمىغۇدەك. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇستازىغا:

— ئېرىقنىڭ سۈيى بەك مەينەت بولۇپ كېتىپتۇ، ئىچكىلى بولمىغۇدەك. بىز ئەڭ ياخشىسى ئالدىمىزغا ماڭايلى. بۇ يەردىن بىر قانچە چاقىرىم نېرىدا بىر دەريا بار، شۇ يەردە سۇ ئىچەيلى، — دەپتۇ.

ئۇستازى:

— ياق سۇنى چوقۇم شۇ ئېرىقتىن ئەكېلىسەن، — دەپتۇ.

شاگىرت كۆڭلىدە ئۇستازىنىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق تاپمىسىمۇ ئۇستازىنىڭ سۆزىنى رەت قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىمۇ بەكلا چاڭقاپ كېتىپتۇ، شۇڭا ھېلىقى ئېرىقنىڭ بويىغا يەنە بېرىپتۇ. قارىسا ئەھۋال يەنىلا ھېلى بارغاندىكىگە ئوخشاش تۇرغان. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇستازىغا:

— بىز زادى شۇ ئېرىقنىڭ سۈيىدىن باشقا سۇنى ئىچسەك بولمامدۇ؟ — دەپتىكەن، ئۇستازى:

— شۇنداق، چوقۇم شۇ سۇنى ئىچىمىز، — دەپتۇ.

شاگىرت ئۈچىنچى قېتىم ھېلىقى ئېرىقنىڭ بويىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، سۇ شۇنداق سۈزۈك تۇرغۇدەك. شاگىرت بۇ ھالنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ سۇ ئېلىپ كەپتۇ ھەم ئۇستازىنىڭ ئايىغىغا تىزلىنىپ:

— سىز ماڭا بۈگۈن مۇھىم بىر دەرس ئۆتتىڭىز. ھېچقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك بولمايدىكەن، پەقەت سەۋرچانلىق بولسىلا، ئەخلەت ـ چاۋارلار ئېقىپ كېتىپ، لاي ـ لاتقىلار تىنىپ، سۇ ھامان پاكىزلىنىدىكەن، — دەپتۇ.

شاگىرت يەنە ئۇستازىدىن:

— مېنى ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتكىنىڭىزدە، بىرەر ئامال بىلەن سۇنى پاكىزلىيالىشىم مۇمكىنمىدى؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇستازى:

— بۇنداق ئەھۋالدا سەن ھېچ ئىش قىلماي قىرغاقتا ساقلاپ تۇرساڭلا بولىدۇ. ئەگەر بىرەر ئامال قىلىمەن دەپ ئېرىققا كىرسەڭ، سۇنى تېخىمۇ مەينەت قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن. ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئۆز مەيلىچە ئاققىلى قويغاندىلا ئاندىن سۈزۈلىدۇ، — دەپتۇ.

## تۆتىنچى يول

بىر ئادەم ئۈچ ئوغلى بىلەن كېتىۋېتىپ بىر مېۋىلىك باغنىڭ يېنىغا كەلگەندە، باغدىكى مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ھەرخىل مېۋىلەرنى كۆرۈپ نىيىتى بۇزۇلۇپ، مېۋىلەردىن ئازراق ئوغرىلاپ ئەكېتىش خىيالىغا كەپتۇ ھەمدە ئۈچ ئوغلىنى باغقا

www.uyghurkitap.com

كىرىدىغان ئۈچ يولغا قارانچۇقلۇقتا قويۇپ، بىرەر ئادەم كۆرگەن ھامان بەلگە بېرىشنى جېكىلەپتۇ.

ئۇ ئادەم ھەدەپ مېۋە قاچىلاۋاتسا، توساتتىن كىچىك ئوغلى:

— دادا، يەنە بىر يول قاراقسىز قاپتۇ، — دەپ جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ.

ھېلىقى ئادەم بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ:

— بۇ يەردە پەقەتلا ئۈچلا يول بار ئەمەسمىدى؟ نەدىكى تۆتىنچى يول كەن ئۇ؟ — دەپتىكەن، ئوغلى:

— تۆپىمىزدە، — دەپ ئاسماننى كۆرسىتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئادەم خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بوپتۇ ۋە خالتىدىكى مېۋىلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆچ ئوغلىنى يېتىلەپ ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

## خىسلەتلىك تاش

بىر كۈنى غەلىتىرەك ياسىنىۋالغان بىر كىشى بىر كىچىك كەنتكە كەپتۇ. ئۇ ئۆدۈلدىن كەلگەن بىر قانچە ئايالغا:

— مەندە بىر خىسلەتلىك شورپا ئېشى بار. ئۇنى قايناۋاتقان سۇغا سالسا، شۇ ھامان شورپىغا ئايلىنىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار ھازىرلا قايىنىتىپ كۆپچىلىككە ئىچكۈزەي، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر قازان، بەزىلەر سۇ ئەكەپتۇ، بەزىلەر ئوچاق ياساپ، ئوتۇن تەييارلاپتۇ. ئۇلار قازاننى كەنتنىڭ مەيدانىدىلا قايىنىتىپتۇ. ناتونۇش كىشى شورپا ئېشىنى ئېھتىيات بىلەن قازانغا سېپتۇ ھەمدە شورپىنى تېتىپ بېقىپ ھاياجان بىلەن:

— ۋاھ! نېمىدېگەن مەززىلىك. ئەگەر بىر ئاز گۆش بولغان بولسا، تېخىمۇ تەملىك بولاركەن، — دەپتۇ. بىرەيلەن دەرھال ئۆيىگە بېرىپ گۆش ئەكەپتۇ. ناتونۇش ئادەم يەنە بىر تېتىپ بېقىپ:

— بەك ئوخشاپتۇ، ئەگەر يەنە بىر ئاز پىياز سالغان بولساق تېخىمۇ مەززىلىك بولغۇدەك، — دەپتۇ. يەنە بىر ئايال ئىتتىك ئۆيىگە بېرىپ، نەچچە باش پىياز ئەكەپتۇ.

— ئەمدى بىر ئاز كۆكتات سېلىۋەتسەك تېخىمۇ تەم كىرىدۇ، — دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ يەنە ناتونۇش ئادەم.

ناتونۇش ئادەمنىڭ قوماندانلىقىدا بەزىلەر تۇز، بەزىلەر زەنجىۋىل، بەزىلەر باشقا خۇرۇچلارنى ئېلىپ كەپتۇ. كۆپچىلىك شۇ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ شورپا ئىچىپ، ئۆمرىدە بۇنداق مەززىلىك شورپا ئىچىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

## قىز ۋە كېلىن

ئىككى ئايال باغچىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىرسى يەنە بىرسىدىن:

— ئوغلىڭىز ئايالى بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھېلىقى ئايال:

— ۋاي، ئۇنىڭ بىتەلەيلىكىنى دېمەيلا قويۇڭ، ئالغان خوتۇنى بەك ھۇرۇن چىقىپ قالدى. ئۇ يا ئۆي سۈپۈرمەيدۇ، يا كىر يۇمايدۇ، بالىغا قاراشقۇ يوقلا گەپ. كۈنبويى ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان، ئوغلۇم ناشتىلىقنىمۇ ئۇنىڭ كارىۋىتىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن، — دېگىنىچە يىغلاپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداقتا قىزىڭىزچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئايال يەنە.

— ئۇنىڭ پېشانىسى ئوڭ ئىكەن، — دەپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ يەنە بىر ئايالنىڭ، — ئۇ يامان ئەمەس ئەرگە تەگدى. قىزىمغا ئۆي ئىشىنى قىلدۇرمايدۇ. تاماق ئېتىش، ئۆي سۈپۈرۈش، كىر يۇيۇش، بالىغا قاراش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېرى قىلىدۇ. تېخى ئەتىگەنلىك ناشتىنى كارىۋىتىغا ئەكېلىپ بېرىدىكەن، — دەپتۇ.

## چويۈن

يەر ئاستى ئۆيىدە بىر مۇنچە سايمانلار يىغىلىپ، چويۈنغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئېچىپتۇ. پالتا ئالدى بىلەن ھەيۋە قىلىپ:

— بولدى، ماڭىلا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنى بىردەمدىلا بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ - دە، چويۈننى كۈچەپ چېپىپتۇ، لېكىن بىردەمدىلا بىسى قايرىلىپتۇ.

— يەنىلا مەن كېلەي، — دەپتۇ ھەرە تولۇق ئىشەنچ بىلەن ھەمدە ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن چويۈننى ھەرىدەپتۇ. بىراق ئۇزۇنغا بارماي چىشلىرى سۇنۇپتۇ. بۇ چاغدا بولقا كۈلۈپ:

— تازىمۇ يارىماسكەنسىلەر، ھەممىڭلار نېرى تۇرۇڭلار، مېنىڭ ماھارىتىمنى كۆرۈڭلار، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بولقا چويۈننى قاتتىق بىر ئۇرۇپتىكەن، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىپتۇ، لېكىن چويۈن ھېچنېمە بولماپتۇ، ئەكسىچە ئۇرۇۋېرىپ بولقىنىڭ بېشى ئاجراپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بىر بۇلۇڭدىن:

— مەن سىناپ باقايمۇ؟ — دېگەن بوش ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. كۆپچىلىك قارىغۇدەك بولسا، ئۇ كىچىككىنە يالقۇن ئىكەن. كۆپچىلىك ئۇنى كۆزگە ئىلمىسىمۇ بىر پۇرسەت بېرىپتۇ.

يالقۇن چويۈننى چۆرىدەپ توختىماستىن كۆيدۈرۈپتۇ. يالقۇننىڭ توختىماي كۆيدۈرۈشى بىلەن چويۈن باشتا قىزىپ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئېرىپ كېتىپتۇ.

## تاسادىپىي چېقىن

بىر پەيلاسوپ بىلەن بىر ئادەتتىكى ئادەم قاراڭغۇ كېچىدە ئورمانلىقتا يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى گۇمانخور، بىرى ئەمەلىيەتچان ئىكەن. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئورمانلىق بولۇپ، دەرەخلەر بەك قويۇق، قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ۋاقىت يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇچراپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن.

تۇيۇقسىز شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ، چاقماق چېقىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا پەيلاسوپ ئاسمانغا قاراپتۇ، ئادەتتىكى ئادەم بولسا يولنى كۆرۈۋاپتۇ.

پۇرسەت دېگەن مانا مۇشۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، سەل دىققەت قىلمىساقلا ئۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىمىز.

## كىچىككىنە بىر ئىش

بىر ئادەم مېھمانخانىسىغا بىر پارچە رەسىمنى ئاسماقچى بولۇپ، قوشنىسىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئۇ رەسىم ئېلىنغان رامكىنى تامغا يۆلەپ ئەمدى مىخ قاقاي دېيىشىگە قوشنىسى:

— بۇنداق قىلساق بولمىغۇدەك، ياخشىسى تامغا ئىككى پارچە ياغاچ قېقىپ، رامكىنى شۇنىڭغا ئاسايلى، — دەپتۇ.

بۇ ئادەم قوشنىسىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياغاچ ئىزدىشىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ياغاچ تېپىلىپتۇ. ئۇ ئەمدى مىخلاي دېيىشىگە قوشنىسى:

— توختاپ تۇرۇڭ، بۇ ياغاچ بىر ئاز چوڭكەن، ياخشىسى بىر ئاز ھەرىدىۋېتەيلى، — دەپ ھەرە ئىزدەشكە چۇشۇپتۇ. ھەرىنى تېپىپ كېلىپ، ھەرىدە ـ ھەرىدىمەيلا:

— بولمىدى، ھەرە بەك گالكەن، بىلىمىسە بولمىغۇدەك، — دەپتۇ ھەمدە ئۆيىدىن ئېكەكنى ئېلىپ چىقىپ، سېپى يوقلۇقىنى بايقاپتۇ. ئېكەككە ساپ بېكىتىش ئۈچۈن، ئۇ يەنە مەكتەپنىڭ يېنىدىكى چاتقاللىقتا كىرىپ دەرەخ ئىزدەپتۇ. ئۇ دەرەخنى كەسمەكچى بولغاندا، پالتىنىڭ داتلىشىپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، بىلەي تېپىپ كەپتۇ. بىراق، بىلەينى توختىتىش ئۈچۈن، نەچچە تال ياغاچ ياساشقا توغرا كېلىدىكەن، شۇڭا ئۇ بىر ياغاچچىنىڭ ئۆيىدە تەييار ياغاچ بار دەپ، شۇنى ئىزدەپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەپتۇ. رەسىمنىڭ ئىگىسى رەسىمنى تامغا بىر تەرىپىگە بىردىن مىخ قېقىپ ئېسىپتۇ. چۈشتىن كېيىن، بۇ ئادەم ھېلىقى قوشنىسىنى كوچىدا كۆرۈپتۇ. قارىسا ئۇ ياغاچچىغا ياردەملىشىپ بەش خىل مېتال ماگىزىندىن سىرتقا بىر توك ھەرىسىنى يۆتكىشىپ بېرىۋاتقۇدەك.

تۇرمۇش ۋە خىزمەت داۋامىدا بىز ھەم مۇشۇنداق ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نۇقتىسىغا

قايتىپ كېلەلمەيدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلار كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئالدىراشتەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## غايە ۋە رېئاللىق

ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئىككى ئادەمگە بىر بېلىقچى ئۇچراپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ بىر قارماق بىلەن بىر سېۋەت بېلىق بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قارماقنى، يەنە بىرى بېلىقنى ئاپتۇ. بېلىقنى ئالغان ئادەم شۇ جايدىلا ئوت قالاپ بېلىقنى بىر ياقتىن پىشۇرۇپ، بىر ياقتىن چاينىماي يۇتۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھەتتا گۆشنىڭ تەمىنىمۇ تېتىماستىن يەپ تۈگىتىپ، ئاخىرىدا شورپىنىمۇ ئىچىپ بوپتۇ. ئەمما، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنىلا ئاچلىقتىن بېلىق سېۋىتىنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قاپتۇ. قارماقنى ئالغان ئادەم بولسا، ۋۇجۇدىنى قاقشىتىۋاتقان دەھشەتلىك ئېچىرقاشقا داۋاملىق چىداپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن دېڭىز تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەمما، يىراقتىن كۆپكۆك دېڭىز غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا بولالماي يىقىلىپتۇ. ئۇ قولغا كېلەي دېگەن غەلىمەتكە قاراپ، ھەسرەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئاچلىقتىن ئۆلەي دېگەن يەنە باشقا ئىككى ئادەممۇ ئوخشاشلا بېلىقچىنىڭ سېخاۋىتىگە ئېرىشىپتۇ. ئەمما ئۇلار ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە ماڭماي، بىرلىكتە دېڭىزنى ئىزدەپتۇ. بېلىقنى نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ، ئاز - ئازدىن يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دېڭىز بويىغا كەلگۈچە بەرداشلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىككىيلەن بېلىق تۇتۇپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆي سېلىپ، كېيىن ئۇلار خوتۇن - باللىق بوپتۇ، ئۆزلىرى بېلىق كېمىسى ياساپ، بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

> ***ھېكمەت:***
> ***بىر ئادەم كۆز ئالدىدىكى پايدىنىلا كۆزلىسە، ئېرىشىدىغىنى ۋاقىتلىق خۇشاللىق بولىدۇ. ئادەمنىڭ غايىسى ھەرقانداق ئۇلۇغۋار بولسىمۇ، لېكىن رېئاللىققا باقمىسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. پەقەت غايە بىلەن رېئاللىقنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.***

## خاتالىقنى تونۇغان مەھبۇس

مەلۇم بىر تۈرمىگە بىر نەچچە ئېغىر جىنايەتچى قامىلىپتۇ.

بىر كۈنى مەھبۇسلار رەسىملىك ژۇرنال كۆرگەچ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئارىدىن بىرسى ژۇرنالدىكى خىلمۇخىل زىبۇ زىننەتلەرنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۇھ تارتىپ:

— ئاپام مۇشۇ زىبۇ زىننەتلەرنى تاقىيالىغان بولسا، قانداق خۇشال بولۇپ كېتەر

ئىدى، ــ دەپتۇ.

يەنە بىر مەھبۇس چىرايلىق بىر ئۆينىڭ رەسىمىگە قاراپ:

ــ ئەگەر ئاپام مۇشۇنداق بىر چىرايلىق ئۆيدە ئولتۇرالىغان بولسا، قانچە ياخشى بولار ئىدى ـ ھە! ــ دەپتۇ.

ئۈچىنچى مەھبۇس:

ــ ئەگەر ئاپامنىڭ مۇشۇنداق بىر ماشىنىسى بولغان بولسا، پات ـ پات كېلىپ مېنى يوقلاپ كەتمەمتى، ــ دەپتۇ.

ژۇرنال ئەڭ ئاخىرىدا بىر مەھبۇسنىڭ قولىغا تېگىپتىكەن، ئۇ ژۇرنالنى تۇتۇپ ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ، ئاندىن يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ ئاپامنىڭ بىر ياخشى ئوغلى بولغان بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى، ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## بىپەرۋا ئادەم

بىر ياغاچچى ئورمانلىقتىن يوغان بىر توپ دەرەخنى كېسىپ ئەكېلىپ ئۆيگە لىم قىلماقچى بوپتۇ.

ئۇ دەرەخنى سۆرەپ ئۆيگە ئەكېلىپلا ھەرىدەشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا بەك كۆپ ھەرىدەۋېتىپ قىسقا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئامالسىز ئىشىككە كېشەك قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پالتىنى ئېلىپ چېپىشقا باشلاپتۇ، قارىسا ھېلىقى ياغاچ نېپىز چېپىلىپ قالغانلىقتىن، پەقەت ئەپكەش ياسىغىلى بولغۇدەكلا بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى ياغاچچى ئەپكەش ياسىماقچى بولۇپ، رەندىنى ئېلىپ رەندىلەپتۇ، رەندىلەۋېرىپ ئاخىر قولىدا قالغان ياغاچ بىلەن پەقەت پىچاققا ساپ ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ ھەمدە پىچاقنى ئېلىپ قىرىشقا باشلاپتۇ، قىرىپ ئۈچلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى ياغاچ ئىنچىكە بولۇپ قېلىپ، چىش كولىغۇچقا لايىق بولۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھارغىنلىقتىن چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپتۇ ۋە چىش كولىغۇچنى ئاغزىغا سېلىپ شورىغاچ ئورۇندۇقتا ھاسىراپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىز چىرىس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چىش كولىغۇچ سۇنۇپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

## ئالدىغا ۋە كەينىگە

بۆرە يولدا بىر قوينى ئۇچرىتىپ:

ــ مەن سېنى يەيمەن، ــ دەپتىكەن، قوي:

ــ بۆرە ئەپەندى، مېنى يېسىڭىز غۇ بەك خۇشال بولاتتىم، مەن ئادەتتىكى قويلاردىن ئەمەس، ئادەتتە كالىمۇ ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ، ــ دەپتۇ.

بۆرە بۇ گەپكە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟ شۇنداقتىمۇ بىر كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك بىر بۇقىنى تېپىپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنى بىر ئۆيگە سولاپ سوقۇشقا سېپتۇ.

ئەجەبلىنەركى، سوقۇشۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىشكتىن مەغرۇر قەدەم بىلەن مېڭىپ چىققىنى ئېگىز ھەم سېمىز كالا بولماستىن، ھېلىقى پاكار، ۋىجىك قوي بوپتۇ. كالا بولسا ئىشىكتىن چىققۇدەك ماجالى يوق، مۈڭگۈزى سۇنۇق، بېشى قان ھالەتتە يەردە يېتىپتۇ. بۆرە ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سوراپتىكەن. كالا:

— مەن ھەر قېتىم كۈچۈمنى يىغىپ قويغا ئېتىلسام، ئۇ ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغاچقا، بىر نەچچە قېتىم تاش تامغا ئۇسۇۋالدىم. قوينى ئۇسەلمەي تامغا ئۇسۇپ جىلە بولۇپ، ئىككىنچى قېتىمدا تېخىمۇ كۈچەپ ئېتىلدىم. تامغا قانچە كۆپ ئۇسكەنسېرى شۇنچە چارچىدىم. ئۇ بولسا قاچقانسېرى چاققانلىشىپ، ئەپچىللىشىپ كەتتى ۋە كۆرەڭلەپ مېنى زاڭلىق قىلدى. ئۇنىڭ كۆرەڭلىكى غەزىپىمنى تېخىمۇ ئۆرلىتىپ، ئاخىرىدا مانا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم، — دەپ بۆرىگە ئەھۋالنى سۆزلەپ تولۇق بېرىپتۇ.

— قارا، ماۋۇ قوينىڭ مەككارلىقىنى. ئۇ ئەسلىدە چېكىنىشتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلغانىكەندە، ئۇنى ھازىرلا تۇتۇۋېلىپ يەۋەتمەيدىغان بولسام!

بۆرە ئۆيدىن چىقىپ قوينى ئىزدەپتۇ. ئەمما، ئەقىللىق قوي شۇ چاغقىچە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتىمۇ!

كىشىلىك ھايات يولىدا بەزىدە چېكىنىش ئەڭ ياخشى ھۇجۇم قىلىش بولۇپ قالىدۇ.

## يېرىم چىنە سۇ

قۇملۇقتا نەچچە كۈنلەپ سەپەر قىلغان ئىككى ساياھەتچى سۇيى تۈگەپ چاڭقاپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە، تۆگە يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر بوۋايغا ئۇچراپتۇ. بوۋاي ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە يېرىم چىنىدىن سۇ بېرىپتۇ.

ئۇلار سۇنى ئالغاندىن كېيىن، بىرى بۇنچىلىك ئاز سۇ بىلەن ئۇسسۇزلۇقۇم قانمايدىغان بولدى دەپ ئاغرىنىپتۇ ۋە قېيداپ قولىدىكى يېرىم چىنە سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ.

يەنە بىرىمۇ بۇ يېرىم چىنە سۇ بىلەن ئۇسسۇزلۇقىنىڭ قانمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، ئەمما ئۇ ئىچ — ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن قانائەت قىلغىنىچە يېرىم چىنە سۇنى ئىچىۋېتىپتۇ.

نەتىجىدە، سۇنى تۆكۈۋەتكەن ساياھەتچى قۇملۇقتا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپتۇ، يەنە بىرى ھېلىقى يېرىم چىنە سۇنى ئىچىۋالغاچقا ئاخىر قۇملۇقتىن ساق — سالامەت چىقىپ كېتىپتۇ.

ئادەملەر بەزىدە ماددىي جەھەتتىكى قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، روھىي جەھەتتىكى قۇتقۇزۇشقا تېخىمۇ موھتاجدۇر.

## ئۆزىنىلا ئويلىغان مەسخىرىگە قالۇر

بىر شىر تاغ ئۆڭكۈرىدە تۇرىدىكەن. كەچ بولغاندا پاشىلار ئۇنى چېقىپ زادىلا ئۇخلاتماپتۇ. شىر ئۇلارنىڭ چاقماسلىقىنى ئۆتۈنگەنىكەن، پاشىلار:

ــ بولىدۇ، ئەمما سەن بىزگە ياردەملىشىپ دۈشمىنىمىزنى يوقىتىپ بېرىسەن، ــ دەپتۇ.

ــ سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلا كىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ شىر.

ــ يېشىل پاقا، پاتمىچۇق، ياچۇۋەك ۋە چار پاقا، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاشىلار. شىر:

ــ ھا... ھا... ھا...! مەن دېگەن ھايۋاناتلار پادىشاھى تۇرسام، ئۇنچىلىك ئۇششاق نىمىلەرنى يەۋېتىش قانچىلىك ئىشتى! ــ دەپتۇ ــ دە، راستىلا نۇرغۇن ياچۇۋەك، چار پاقىلارنى يەۋېتىپتۇ. كەچتە ئۆڭكۈردىكى پاشىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. شىر ئاچچىقلانغان ھالدا پاشىلارغا:

ــ سىلەر نىمە ئۇچۇن ۋەدەڭلەردە تۇرماي يەنە مېنى چاقىسىلەر؟ ــ دەپتۇ. پاشىلار ۋىڭىلداپ كۈلگىنىچە:

ــ سەن پەقەت يەردىكى دۈشمەنلىرىمىزنىلا يوقاتتىڭ، بىزنىڭ يەنە سۇ ئىچىدىكى دۈشمەنلىرىمىز قۇمچاق، بېلىق قاتارلىقلارمۇ بار، بۇلارنىمۇ يوقىتىپ بەرگىن، ــ دەپتۇ. شىر راستىلا دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ بېلىق، قۇمچاقلارنى تۇتۇپتۇ. كەچ بولغاندا تېخىمۇ كۆپەيگەن پاشىلار شىرنى چېقىپ ھوركىرىتىۋېتىپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن شىر:

ــ سىلەر بەك يۈزسىز ئىكەنسىلەر! ــ دەپتۇ. پاشىلار ۋىڭىلداپ كۈلۈشۈپ:

ــ بىزنىڭ يەنە ئاسماندا دۈشمىنىمىز بار، سەن قارلىغاچ، يىڭناغۇچ ۋە شەپەرەڭلەرنى يوقىتىپ بەر، بىز شۇ چاغدىلا سېنى چېقمىشتىن توختايمىز، ــ دەپتۇ. بۇ قېتىم شىرغا تەس كەپتۇ. ئۇ قىينالغان ھالدا ئاسمانغا قارىسا، قارلىغاچ ھەددەپ ئۇچۇپ يۈرۈپ پاشىلارنى تۇتۇپ يەۋاتقان ئىكەن.

چوڭ دەرەخنىڭ ئۈستىگە تور توقۇپ پاشا تۇتۇۋاتقان ئۆمۈچۈك ئەجەبلەنگەن ھالدا:

ــ ھەي ھايۋانات پادىشاھى، بۈگۈن نىمە بولدۇڭ، ئاسمانغا قاراپلا قاپسەنغۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. شىر خىرىس قىلىپ:

ــ سېنى يەۋېتىمەن! توغرا، يەنە قارلىغاچ، يىڭناغۇچ، شەپەرەڭمۇ بار، ــ دەپ ھوركىرەپتۇ. قارلىغاچلار شىرنىڭ باش تەرىپىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ:

ــ بىزنى نىمىشقا يېمەكچى بولىسەن؟ ھېچقاچان شىرنىڭ بىزنى يېمەكچى

بولغىنىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمىز ، ــ دەپ سوراپتۇ. شىر بېشىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

ــ پاشا ماڭا سىلەرنى يەۋەتسەم، كېچىچە سېنى چاقمايمەن دېگەنىدى، ــ دەپتۇ.

قىلرلىغاچ كۈلۈپ كېتىپ:

ــ ئەخمەق شىر ، نېمىشقا ئويلاپ باقمىدىڭ، سەن پاشىلارنى يەيدىغان ھايۋانلارنى يەۋەتسەڭ، پاشىلار تېخىمۇ كۆپەيمەمدۇ.

«ھەي، ھەي، مەن نېمە دېگەن دۆت، راستلا دۆت ئىكەنمەن!» دەپ، شىر شۇ چاغدىلا ئېسىنى تېپىپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***ئۆزىنىلا ئويلىغان ھامان ئەل ئالدىدا مەسخىرىگە قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭدىكىلەرنى ئويلا. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىنى كۆزەت. شۇندىلا سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىسەن.***

## سۆيۈنچە

بىر زەردارنىڭ ئىتى يىتىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شۇ جايدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا: «بىر ئىت يىتىپ كەتتى، تېپىپ ئەكېلىپ بەرگۈچىلەرگە ئون مىڭ يۈەن سۆيۈنچە بېرىلىدۇ» دەپ ئېلان چىقىرىلىپتۇ ھەم ئىتنىڭ رەڭلىك سۈرىتى قوشۇپ بېرىلىپتۇ.

ئېلان چىقىرىلىش بىلەن ئىت ئەكېلىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ، لېكىن بۇلار زەردارنىڭ ئىتى ئەمەس ئىكەن. زەردارنىڭ خوتۇنى:

ــ ئىتنى تېپىۋالغان ئادەم چوقۇم بېرىلىدىغان سۆيۈنچىنى ئاز كۆرگەن چېغى، ئۇ دېگەن ئېرلاندىيەنىڭ ساپ نەسىللىك داڭلىق ئىتى تۇرسا، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن زەردار تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تېلېفون بېرىپ، سۆيۈنچىنى يىگىرمە مىڭ يۈەنگە كۆتۈرۈپتۇ.

كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدىغان بىر سەرگەردان بۇ ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ئۆزى تۇرىدىغان گەمىگە قايتىپ كەپتۇ، چۈنكى ئۇ ئالدىنقى كۈنى باغچىدىكى ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرغاندا بىر ئىتنى تېپىۋېلىپ، ئۆزى تۇرىدىغان مۇشۇ گەمىگە ئەكېلىپ باغلاپ قويغانىكەن.

بۇ دەل زەردارنىڭ ئىتى ئىكەن. ئىككىنچى كۈنى تىلەمچى سەھەردىلا گەمىدىن ئىتنى يېتىلەپ چىقىپتۇ ۋە بېرىپ يىگىرمە مىڭ يۈەن سۆيۈنچىنى ئالماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر چوڭ تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئېلان تاختىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ،

①نۇردۇن ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئۇرۇمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 ـ يىل نەشرى.

يەنە ھېلىقى ئېلاننى كۆرۈپ قاپتۇ، بۇ چاغدا سۆيۈنچە ئوتتۇز ملىڭ يۈەنگە چىققانىكەن. تىلەمچى كەينىگە يېنىپ گەمىسىگە قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ئىتنى قايتىدىن بۇرۇنقى جايىغا باغلاپ قويۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى دەرۋەقە سۆيۈنچە يەنە ئۆسۈپتۇ. تىلەمچى شۇنىڭدىن باشلاپ بىر نەچچە كۈنگىچە ھېلىقى ئېلان تاختىسى ئالدىدىن نېرى كەتمەپتۇ. ئاخىر سۆيۈنچە ئېشىپ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك دەرىجىگە يەتكەندە، تىلەمچى گەمىسىگە قايتىپ كەپتۇ، لېكىن بۇ چاغدا ھېلىقى ئىت ئۆلۈپ قالغانىكەن.

## ئىرادە بار يەردە مەغلۇبىيەتكە ئورۇن يوق

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى يەنە بىر پادىشاھ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ زېمىنىنى بېسىۋاپتۇ. مەغلۇپ بولغان پادىشاھ ياپلاقتا چېچىلىپ كەتكەن مال پادىلىرىدەك ھەر يانغا پىتىراپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى يىغىپ، مەملىكىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىپتۇ، لېكىن يېڭىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئالتە قېتىم ئۇرۇش قىپتۇ، لېكىن ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇپتۇ. ئۇ ئاخىر تەنھا قېلىپ، ئۈمىد يۇلتۇزى ئۆچۈپ، بىر كونا كەپىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۇ ئاستىغا پاخالدىن ئورۇن راسلاپ، ھەسرەت ۋە ئەلەم دېڭىزىغا چۆكۈپ ياتقىنىدا، كۆزى بىر ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇۋاتقانلىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ۋە ئۆمۈچۈكنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ پۈتەيلا دەپ قالغان تورىنى چۇۋۇپ تاشلاپتۇ. ئۆمۈچۈك ئۆز بېشىغا كەلگەن ۋەيرانچىلىققا پىسەنتمۇ قىلماستىن تورىنى يېڭىباشتىن توقۇشقا كىرىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ تورىنى يەنە بۇزۇۋېتىپتۇ. ئۆمۈچۈك ھېچنېمە بولمىغاندەك قايتىدىن توقۇۋېرىپتۇ.

پادىشاھ تەئەججۈپلىنىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن رەقىبىم قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئالتە قېتىم يېڭىلىپ ئۇرۇشتىن ۋاز كەچتىم. ناۋادا، ئۆمۈچۈكنىڭ تورىنى ئالتە قېتىم بۇزۇۋەتسەم، ئۇ ئۆزىنىڭ تور توقۇش نىيىتىدىن قايتىپ تور توقۇشنى توختىتىپ قويارمۇ؟» دەپتۇ ـ دە، ئۆمۈچۈكنىڭ تورىنى ئالتە قېتىم بۇزۇۋېتىپتۇ. لېكىن ئۆمۈچۈك بۇ بالايىئاپەتكە قىلچە پىسەنت قىلماستىن يەتتىنچى قېتىم تور توقۇشقا باشلاپ ئاخىر تورنى پۈتتۈرۈپتۇ. ئۆمۈچۈك ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلىگەندەك تورنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تورغا باغرىنى يېقىپ تۇرۇپتۇ. بۇ خىل كۆرۈنۈش پادىشاھقا پۈتۈن ئۆمۈچۈك تورى بىر دۆلەت، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى شۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى، ئۆمۈچۈك شۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھىدەك بىلىنىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشتىن ئۆزىگە غەيرەت ۋە كۈچ ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئېلىشىشقا بەل باغلاپتۇ.

ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن يېڭىباشتىن قوشۇن توپلاپ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن

ھازىرلىق كۆرۈپتۇ. ھازىرلىق پۈتكەندىن كېيىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ، تاجاۋۇزچىلارنى زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىپ، مەملىكىتىنى ئازاد قىلىپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***شۇنداق، مۇستەھكەم ئىرادە كىشىنى تاۋلايدۇ. سەن ھەرقانچە كۈچ - قۇدرەتلىك بولساڭمۇ، يېمىرىلمەس ئىرادەڭ بولمىسا، مەغلۇبىيەت ھامان ساڭا يېپىشىدۇ. ئاگاھ بولغىنكى، سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭ ۋە ياكى مۇۋەپپەقىيىتىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىرادەڭگە، ئەھۋالىڭغا ئۇيغۇن بولغان تەدبىرىڭگە باغلىق بولىدۇ. مۇستەھكەم ئىرادە بولغان يەردە مەغلۇبىيەتكە ئورۇن يوق.***

## ئامەتى كەلگەن سەرگەردان

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر تاغدا سىرلىق بىر ئۈڭكۈر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايلىقنى بىر ئادەم ئۆمۈر بويى ئىشلىتىپمۇ تۈگىتەلمەيدىكەن. بىراق بۇ ئۈڭكۈر پەقەت يۈز يىلدا بىرلا قېتىم ئېچىلىدىكەن.

بىر كۈنى، سەرگەردان تاسادىپىي ھالدا ھېلىقى تاغدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يۈز يىلدا ئاران بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ئۈڭكۈر ئاغزىنىڭ ئېچىلىشىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئۈڭكۈر ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت دېگەن تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال يېنىدىكى ھەممە خالتا - سومكىلىرىغا بايلىقلارنى بولۇشىچە قاچىلاشقا باشلاپتۇ. ئۈڭكۈرنىڭ ئاغزى ھەر ۋاقىت تاقىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىشنى تېز تۈگەتمىسە بولمايدىكەن.

ئۇ مەمنۇنلۇق ئىچىدە بىر مۇنچە سومكا، خالتىلارنى ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن توشقۇزغاندىن كېيىن خۇشال ھالدا ئۈڭكۈردىن يېنىپ چىقىپتۇ. چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، قالپىقى ئۈڭكۈر ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئۈڭكۈرگە كىرىپتۇ، لېكىن بەختكە قارشى ۋاقىت توشۇپ قالغاچقا، ئۇ ئۈڭكۈر بىلەن قوشۇلۇپ ئىز - دېرىكى يوق غايىب بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇ جايدىكى كەنت ئادەملىرى خېلى ئۇزۇن ساقلاپمۇ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئېلىپ چىققان بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېتىپتۇ - دە، سەرگەردان قالدۇرۇپ كەتكەن دۇنيادىن كۆپچىلىك تەڭ بەھرىمەن بوپتۇ.

① غوپۇرجان قارىم ئېيتىپ بەرگەن، نەجمىدىن سىدىق توپلىغان. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 - يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

٥٠

## جاھاندا تەڭدىشى يوق قاشتېشى

دادىسى ئىككى ئوغلىغا تاغلارنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا بېرىپ، جاھاندا تەڭدىشى يوق قاشتېشى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئاكىسى ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، يىراقنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدىغان ئادەم ئىكەن. بەزى چاغلاردا ئۇ بىر ـ ئىككى پارچە پۇچۇلۇپ كەتكەن قاشتېشى ياكى رەڭگى ئادەتتىكىچە قاشتېشى، ھەتتا بىرەر پارچە غەيرىي تاشنى ئۇچرىتىپ قالسىمۇ، ئېلىپ خالتىسىغا سېلىۋالىدىكەن.

ئىنىسى ئاكىسىغا:

ــ سېنىڭ بۇ نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسى پەقەت ئادەتتىكى نېمىلەر، دادىمىز بىزنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇغان، جاھاندا تەڭدىشى يوق ئەتىۋارلىق بۇيۇم ئەمەس، مەن ئۇنى داۋاملىق ئىزدەيمەن، ــ دەپتۇ.

ئاكىسى تاپقان ھېلىقى نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. دادىسى بۇنىڭغا:

ــ سەن قاشتېشى بۇيۇملىرى دۇكىنىدىن بىرنى ئاچقىن، سەن ئېلىپ كەلگەن قاشتاشلىرى ئازراقلا پىششىقلاپ ئىشلەنسە، ئاز ئۇچرايدىغان بۇيۇمغا ئايلىنىدۇ. غەيرىي تاشلارمۇ ئىنتايىن زور بايلىق، ــ دەپتۇ. قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئاكىسى ئاچقان قاشتېشى دۇكىنىنىڭ داڭقى ھەممە يەرگە پۇر كېتىپتۇ.

دادىسى ئۇنىڭدىن ئىنىسىنىڭ بايلىق ئىزدەش جەريانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ ئۇ بىر لاياقەتسىز سەيياھ ئىكەن، ناۋادا ئۇنىڭ ئامىتى كېلىپ، يېرىم يولدا ئەقلىنى تېپىپ، نۇقسانسىز گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت داۋلىنى بىلىۋالالىسا، ئۇنىڭ بەختى، ــ دەپتۇ.

نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاكىسى دادىسىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئىنىسىنى ئىزدەشنى ئىلتىماس قىپتۇ. دادىسى:

ــ ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ ئەقلىنى تاپمىغان ئادەمنىڭ قايتىپ كەلگەن ھالەتتىمۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، دۇنيادا ساپ قاشتېشى يوق، مۇكەممەل ئادەممۇ يوق، مۇتلەق نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنداق نەرسىنى ئىزدەپ ئۆمرىنى زايە قىلغان ئادەم نېمىدېگەن ئەخمەق ـ ھە! ــ دەپتۇ.

## ئالتۇن تاۋاقنىڭ ھېكايىسى

بۇرۇن بىر دېھقان تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە ئۇ ياخشى ئادەم بولۇپ، ھېچقانداق ئەسكى ئىش قىلمىغانىكەن. شۇ

چاغلاردا پادىشاھ ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن پۇلغا ئېھتىياجى چۈشۈپ، پۇقرالارغا ھەدەپ سېلىق سېلىشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى دېھقانىنىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلى بولمىغانلىقتىن، سېلىق يىغقىلى كەلگەن پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرىغا:

— مەندە بىر تىيىنمۇ پۇل يوق، يوقسۇزلۇقتىن قورساقىنىمۇ باقالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى:

— باشقىلار سېنى ئىنتايىن باي، بىر دانە ئالتۇن تاۋۇقى بار دېيىشىدىكەنغۇ؟ — دەپ ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپتۇ، ئەمما پۇلغا يارىغۇدەك ھېچنېمە تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېھقاننى سولاپ قويۇپتۇ. ئۇلار دېھقانغا:

— ئەگەر ئالتۇن تاۋۇقنى تاپشۇرمىساڭ، تۈرمىدىن چىقىشنى خىيال قىلما! — دەپتۇ.

بىچارە دېھقان قاتتىق غەمگە پېتىپتۇ. ئۇ تېرىقچىلىق ئىشلىرىدىن غەم يەپتۇ، چۈنكى خوتۇنى يەرلەرنى يالغۇز تېرىپ كېتەلمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭ خوتۇنىدىن خەت كەپتۇ. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىكەن: «باھار كېلەي دەپ قالدى، تېرىقچىلىق ئىشلىرىدىن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن.»

دېھقان خەتنى ئوقۇپ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ كېيىن ئۇ بىر ياخشى ئامال ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا جاۋاب خەت يېزىپتۇ: «ئالتۇن تاۋۇق ئېتىزغا كۆمۈكلۈك، مەن خەۋەر بەرمىگۈچە ياخىۇ تېرىمىغىن» دەپ يېزىپتۇ.

دېھقان بۇ خەتنى گۇندىپايغا بېرىپ:

— بۇ خەتنى خوتۇنۇمغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

گۇندىپايلار بەلگىلىمە بويىچە گۇناھكارلارنىڭ ئالغان يازغان خەتلىرىنى بىرمۇبىر ئېچىپ كۆرىدىكەن. ئۇلار دېھقانىنىڭ خوتۇنىدىن كەلگەن خەتنى كۆرگەن بولغاچقا، دېھقانىنىڭ جاۋاب خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ:

— قارىغاندا بۇ دېھقانىنىڭ راستلا پۇلى كۆپ ئوخشايدۇ، ئۇ خېتىدە ئالتۇن تاۋۇق ئېتىزلىققا كۆمۈكلۈك، دەپتۇ ئەمەسمۇ.

— لېكىن، ئۇ ئالتۇن تاۋۇق ئېتىزلىقنىڭ قايسى يېرىگە كۆمۈلگەنلىكىنى دېمەپتۇ، — دەپتۇ يەنە بىر گۇندىپاي، — بۇ دېھقانىنىڭ ئىنتايىن چوڭ بىر پارچە يېرى بار تۇرسا.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دەپتۇ باشتىكى گۇندىپاي، — بىز بەرىبىر ئۇنىڭ ئېتىزىغا ئالتۇن تاۋۇق كۆمۈكلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بۇ دېھقان خوتۇنىدىن كەلگەن ئىككىنچى پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە: «غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. ئىككى ھەپتە ئىلگىرى كەتمەن - گۈرجەك كۆتۈرۈشكەن ئون نەچچە ئادەم كېلىپ، ئېتىزلىرىمىزنى كولاپ ئاستىن -

ئۈستۈن قىلىۋەتكەندىن كېيىن كېتىپ قالدى. مەن ھېچ بىلەلمىدىم، مېنىڭچە ئۇلار قانداقتۇر بىر نېمىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەمدى قانداق قىلاي؟» دېگەن گەپلەر يېزىلغانىكەن. دېھقان خەتنى ئوقۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا دەرھال جاۋاب خەت يېزىپتۇ: «ئۇ ئادەملەر يېرىمىزنى ئاغدۇرۇپ بېرىپتۇ، سەن ئەمدى پاكىز تېرىساڭ بولىدۇ.»

## ئىككى تۈپ دەرەخ

بىر دېھقان يېرىگە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ئىككى تۈپ مېۋە كۆچىتى تىكىپتۇ. بىرىنچى كۆچەت يەر ئاستىدىن جان ـ جەھلى بىلەن ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەربىر تال شېخىنى ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، قانداق قىلىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرىغا قاراپ ئۆسۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. يەنە بىر كۆچەتمۇ يەر ئاستىدىن جان ـ جەھلى بىلەن ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈپتۇ ۋە ئۇنى جەملەپ، قانداق قىلىپ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، بىرىنچى كۆچەت يېڭى شاخلارنى چىقىرىپ، ھە دەپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. يەنە بىر كۆچەت بولسا يۇمران يوپۇرماقلىرى چىقىشى بىلەنلا تاقەتسىزلىك بىلەن چېچەكلىگىلى تۇرۇپتۇ.

بىرىنچى كۆچەتنىڭ نىشانى ئېنىق، چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، چاپسانلا شاخلاپ قاۋۇل ھالغا كەپتۇ. يەنە بىر كۆچەت بولسا، شۇ يىلىلا چېچەكلەپ مېۋە بېرىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دېھقان باشتا قاتتىق ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇنى بەكلا ئەتىۋارلاپتۇ. بىراق بۇ كۆچەت تېخى ئۆسۈپ يېتىلمەي تۇرۇپلا چېچەكلەپ مېۋە بېرىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىۋالغان بولغاچقا، چارچىغىنىدىن بەللىرى ئېگىلىپ ماجالى قالماپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېۋىسىمۇ ئاچچىق ھەم تەمسىز ئىكەن. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇ ھە دېسىلا بىر توپ شوخ بالىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىكەن، بالىلار ئۇنىڭ ئاجىز شاخلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېگەنىنى ئاز دېگەندەك، ئۇنىڭ غورۇرىنى دەپسەندە قىلىپ، شاخلىرىنى يىرىۋېتىپتۇ.

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپتۇ، ئۇزۇندىن بېرى چېچەكلىمەي مەزمۇت ئۆسۈۋاتقان ھېلىقى كۆچەت ئەمدى ئاستا چېچەكلەپتۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇققا تويۇنغان شاخلىرى قاۋۇل بولغاچقا ھەم يوغان، ھەم تاتلىق مېۋىلەپتۇ. ھالبۇكى، چېچەكلەپ مېۋىلەشكە ئالدىراپ كەتكەن ھېلىقى كۆچەت بولسا ئاخىر قۇرۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان دېھقان نائىلاج ئۇۋە تارتىپ قويۇپ، قۇرۇپ قالغان بۇ ئاجىز مېۋە دەرىخىنى كېسىپ تاشلاپ، ئوتۇن ئورنىدا قالىۋېتىپتۇ.

# ئاۋام بىلەن پاشانى ئۆزۈگە ئادەت قىل

زامانى ئاۋۋالدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ كۈنىگە يەتمىش ئىككى ۋاق يەتمىش ئىككى خىل تاماق يەيدىكەن، مەخسۇس تاماق توشۇيدىغان مۇلازىمى بار ئىكەن. مۇلازىم ھەر قېتىم تاماق ئېلىپ كىرگەندە، پادىشاھ كۆرەڭلەپ:

— مەن يېگەن، سەن يېگەنگە ئوخشاش، يولۇڭغا ماڭ، — دەيدىكەن - دە، ئىككى قوللاپ لېگەنگە ئېتىلىدىكەن.

مۇلازىم گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى شوراپ، تامغاقلىرىنى تامشىتىپ قەسىردىن ئايرىلىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپتۇ، تاماق توشۇيدىغان مۇلازىممۇ بىللە مېڭىپتۇ. پادىشاھ ئاتلىق، مۇلازىم پىيادە ئىكەن. ئۇ، ئات بىلەن تەڭ ماڭالماي، پۇتلىرى ئاغرىپ بولالماي پادىشاھقا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ.

— ھەي چاكار، نېمىگە قارايسەن؟ مەن مىنگەن سەن مىنگەنگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ مېڭىۋەر، — دەپتۇ پادىشاھ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

مۇلازىم ھارغىن ئاياغلىرىنى ئاران يۆتكەپ، ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، يىغلامسىراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، پادىشاھ كېيىكلىك تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاتلىرىنى تاغ باغرىدا مۇلازىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ۋەزىر - كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقماقچى بوپتۇ، مۇلازىمنىڭمۇ بىللە چىقىپ كېيىك ئوۋلىغۇسى كەپتۇ - دە، تىزلىنىپ دەپتۇ:

— ئى، پادىشاھى ئالەم، پېقىرنىڭ ھەزرەتلىرى بىلەن شىكارغا چىقىشى تۈنجى ئىش، مەنمۇ كۆڭلۈمنى ئېچىپ چۇشەي، باشقىلار سىغقان تاغقا مەنمۇ سىغارمەن، قۇيرۇقلىرىغا سېلىۋالسىلا، رەھىم قىلىپ ئېلىۋالسىلا ئىكەن.

پادىشاھ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ:

— ھوي ئەخمەق، ماڭا بەس سېلىشىۋاتقىنىڭنى قارا، مەن ئوۋلىغانغا سەن ئوۋلىغان ئوخشاشقۇ، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ.

مۇلازىم يالغۇز ئولتۇرۇپ ھەسرەت چېكىپتۇ، «خەپ ماڭىمۇ مۆرىتى كېلەر» دەپتۇ. پادىشاھ تاغدىن چۈشۈپتۇ ۋە تاغنى ئايلىنىپ سەيلە قىلغاچ ئوردىغا قايتماقچى بوپتۇ. يولدا سۈيى مول بىر دەريا ئۇچراپتۇ. پادىشاھ «بۇنچىلىك دەريا نېمىدى» دەپتۇ - دە، ئالدى - ئارقىسىغا باقماي ئات ساپتۇ. ۋەزىرلەر ئەگىشىپتۇ، مۇلازىم قىرغاقتا قاپتۇ. ئات دەريانىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا، دولقۇن سوقۇپ پادىشاھنى ئېگەردىن ئاجرىتىۋېتىپتۇ. پادىشاھ سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ۋارقىراپتۇ:

— قېنى سەن، مۇلازىم، مېنى چاققان قۇتقۇزۇۋال.

مۇلازىم جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ پادىشاھ ھەزرەتلىرى، سىلە ئاققان مەن ئاققانغا ئوخشاش. خاتىرجەم ئېقىۋەرسىلە، ياتقان يەرلىرى جەننەتتە بولسۇن!①

***ھېكمەت:***
***شۇنداق، بۇ دۇنيا ھېچكىمگە باقىمەندە ئەمەس. سەن، مەن، ئۇ ھەممىمىز ئاخىر كېتىمىز. باقى دۇنيادىكى ئازغىنە ئىمتىيازىمىز بىزنى كۆرەلمەيدىغان بولسا، پانىي دۇنيانىڭ ئەلچىلىرى بىزنى ھەر دائىم يوقلاشقا تەييار. شۇنىڭ ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغانلىكى ئىمكانىيەت بولسا ئاۋام بىلەن ياشاشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. شۇندىلا سەن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن بولىسەن.***

## ئۆزۈڭنىلا ئەقىللىق چاغلىما

يەكشەنبە بازاردا تونۇردا خوېلاپ پىشۇرۇلىدىغان قىيمىلىق يېمەكلىك. يېقىپ ساتىدىغان ھاشىماخۇن ناۋاي سادىقاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. سادىقاخۇن بىر يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى يېرىم خورجۇن پىيازنى دولىسىغا تاشلاپ ھاشىماخۇننىڭ دۇكىنىغا كېلىپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ناۋاي ئۇستام، ئاز بولسىمۇ پىياز ئالغاچ كەلدىم، كۆڭلىمىز يېقىنلىقىنىڭ نىشانىسى، ــ دەپتۇ. ھاشىماخۇن جاۋاب سالامدىن كېيىن:

ــ بارىكاللا، ئاۋارە بولمىسىلىمۇ بولاتتى، ــ دەپتۇ. بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۆشگىردە پىشىپتۇ. ھاشىماخۇن بىر لېگەنگە لىق گۆشگىردە تىزىپ كېلىپ سادىقاخۇننىڭ ئالدىغا قويۇپ:

ــ ئالسىلا، مەزەگە باقسىلا، ــ دەپتۇ. سادىقاخۇن گۆشگىردىنى چايناۋېتىپ:

ــ پىيازنىڭ تەمى بىلەن بۇ گۆشگىردە بەكمۇ مەززىلىك پىشىپتۇ، ــ دەپ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپتۇ. ھاشىماخۇن «گۆشنىڭ تەمى چىقماپتىما؟» دەپ سورىغۇسى كەلسىمۇ، سادىقاخۇننىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاپ لام ـ جىم دېمەپتۇ. كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى سادىقاخۇن يېرىم خورجۇن پىيازنى دولىسىغا سېلىپ، بىر نەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ ھاشىماخۇننىڭ دۇكىنىغا كىرىپتۇ. ھاشىماخۇن بۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئون ـ ئون بەشچە گۆشگىردىنى قويۇپ:

ــ ئالسىلا، مەزەگە بېقىشسىلا، ــ دەپتۇ. مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. سادىقاخۇن گۆشگىردە يەۋېتىپ:

ــ پىيازنىڭ تەمى بىلەن بۇ گۆشگىردىنىڭ قىيمىسى بەكمۇ شەربەتلىك پىشىپتۇ، شۇڭا بۇ ئۇستامنىڭ گۆشگىردىسىگە خېرىدار جىق، ــ دەپتۇ. بۇنداق ئىش بىر نەچچە

①قۇربان نىياز ئېيتىپ بەرگەن، سىيىت زۇنۇن توپلىغان. «قەشقەر خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1993 ـ يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى..

يەكشەنبە تەكرارلىنىپتۇ.

«گاچىمۇ چۆچۈرنى ساناپ يەيدۇ» دېگەن گەپ بار. ھاشىماخۇن كۆڭلىدە گۆش بىلەن پىيازنىڭ نەرقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن «بىر پۇللۇق پىياز ئۈچۈن ئون پۇللۇق گۆشگىردە بىلەن مېھمان بولىدۇ، يەنە تېخى گۆش توغرۇلۇق گەپ يوق، پىيازنى ماختىغىنى نېمىسى؟» دەپ قورسىقى كۆپۈپتۇ. كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى سادىقاخۇن يېرىم خۇرجۇن پىيازنى دولىسىغا سېلىپ بىرنەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ ناۋايخانىغا كىرىپتۇ. ھاشىماخۇن بىر تال گۆش ئارىلاشتۇرماي خاس پىياز قىيمىسى بىلەن يېقىلغان گۆشگىردىلەرنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. سادىقاخۇن دەسلەپ قىلىپ بىر گۆشگىردىنى يېرىپ قارىسا، بىر تال گۆش يوق، خاس پىياز.

— ئۇستام، — دەپتۇ ئۇ بىر گۆشگىردىگە، بىر ھاشىماخۇنغا قاراپ، — بۇگۈن قاسساپلار قوي ئۆلتۈرمەپتىمۇ - قانداق؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ ھاشىماخۇن كۈلۈپ، — بىر جىڭ بەش پۇللۇق گۆش، چارىكى ئىككى پۇللۇق پىيازلىرىنىڭ تەمىنى بۇزۇپ قويىمسۇن دېدىم.

سادىقاخۇن خىجىللىق ئىلكىدە لام - جىم دېيەلمەپتۇ[1].

***ھېكمەت:***

***ئۆزۈڭنىڭ ئازغىنە ئەمگىكىڭنىڭ قىممىتىنى بەك يۇقىرى چاغلاپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىساڭ ئۇزاق قالمايلا ئۆز ئەمگىكىڭمۇ قەدىرسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.***

## ئىنكاسىڭ تېز بولسا يېڭىلمەيسەن

بۇرۇنقى زاماندا پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئالۋاستى بولغانىكەن. ئۇ ئۆزىنى پو ئېتىشتا تەڭدىشىم يوق دەپ ھېسابلايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلار بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بەسلىشىپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھوي، ئادەم بارمۇ؟ — دەپ توۋلاپتۇ. بىر كىچىك بالا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

— ھەي، ئۆيۈڭدە چوڭلار بارمۇ؟ مەن ئۆيۈڭدىكىلەر بىلەن پو ئېتىشتا بەسلىشىمەن، — دەپتۇ ئالۋاستى. كىچىك بالا:

— ھېلى بوران چىقىپ، بىر تاغنى ئۆرۈۋېتىكەنىدى، دادام ئۇنى كالىتەك بىلەن تىرەپ قويغىلى كەتتى، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا ئاپاڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئالۋاستى. بالا:

---

①ئابدۇللائاخۇن سىرچى سۆزلەپ بەرگەن، «مەجمۇئەتۇل ھېكايەت» 1991 - يىل نەشرى.

— سەن تېخى بىلمەمسەن؟ تاغ ئاسماننى يىرتىۋەتكەن ئىكەن، ئاپام ئىككى تال يىپنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ ئاسماننى يامىغىلى كەتتى، — دەپتۇ. پوچى ئالۋاستى «ئىش چاتاقمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— ھەي، مەن بىر چوڭ تۆمۈر قوڭغۇراقنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. ياپا قاتتىق بوران چىقىپ ئۈچ مىڭ پاتمان كېلىدىغان قوڭغۇراقنى بىر تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ كەتكەنمىش، — دەپتۇ.

— ھە، ھېلىقى قوڭغۇراقمىدى، مەن ئۇ قوڭغۇراقنىڭ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئورمانلىقتا ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، — دەپتۇ بالا. بۇنى ئاڭلىغان پوچى ئالۋاستى «ئىنسانلار ئىچىدىكى كىچىك بالىلارمۇ بۇنچىلىك يامان بولسا، چوڭلارغا تېخىمۇ گەپ كەتمىگۈدەك، قارىغاندا ئىنسانلار پو ئېتىشتا ئالۋاستىلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن» دەپ، ئىنسانلار بىلەن بەسلىشىشتىن يېنىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.[①]

***ھېكمەت:***

***ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن ھازىر جاۋابلىقنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم ئىقتىدار قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەن. چۈنكى، كىشى ھازىرجاۋاب بولۇش ئۈچۈن قانداقتۇر سۆزمەنلىكنى ئەمەس، بەلكى چاقماق تېزلىكىدىكى ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىش زۆرۈر. شۇنداق بولغاندا ئۇ مەيلى قانداق مەسىلىگە دۇچ كەلمىسۇن، ھامان ئۆزىنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە سۆز قابىلىيىتى ئارقىلىق مۇشكۇلاتلاردىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ.***

## تەكشۈرمەيلا يەكۈن چىقارما

بۆرە بىلەن تۈلكە بىر يەردە ياشايدىكەن. بىر كۈنى بۆرە بىر توخۇنى تۇتۇۋېلىپ خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ - دە، ئۇنى تۈلكىگە بېرىپ:

— بۇنى ئوبدان تازىلاپ يۇيۇپ پىشۇرغاچ تۇرغىن. مەن بېرىپ ئېيىقنى تەكلىپ قىلىپ كېلەي، — دەپتۇ - دە، ئېيىقنى چاقىرغىلى كېتىپتۇ.

تۈلكە توخۇنى پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن توخۇ پىشىپتۇ. تۈلكىنىڭ نەپسى تاقىلداپ، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قازاندىكى توخۇنىڭ بىر پۇتىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ يەۋاپتۇ. ئۇنى يەپ بولۇپ يەنە يېگۈسى كەپتۇ - دە، بىر قانىتىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ يەپتۇ. ئۇ يېگەنسېرى تويماپتۇ. شۇنداق قىلىپ توخۇنى پۈتۈنلەي يەپ بوپتۇ.

---

①نۇردۇن ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئورۇمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 - يىلدىكى ساندىن ئېلىندى.

بۆرە قايتىپ كېلىپ:

ــ تۈلكىۋاي، توخۇ پىشتىمۇ؟ ــ دەپتۇ. تۈلكە يالغاندىن:

ــ ئاز قالدى، ــ دەپتۇ. بۆرە:

ــ مەن ئالدى بىلەن پىچاقنى بىلىگەچ تۇراي. ئېيىق كەلسە، توخۇنى پىچاق بىلەن پارچىلاپ يەيلى، ــ دەپ، ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ پىچاق بىلەپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئېيىق كەپتۇ. تۈلكە ئېيىققا قاراپ:

ــ ئېيىق ئاكا، ئىتتىك قاچ! بۆرە سېنى ئالداپ كېلىپ قۇلىقىڭنى يېمەكچى. ئىشەنمىسەڭ، ئاڭلاپ باقە، بۆرە شۇ تاپتا پىچاق بىلەۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ. ئېيىق شۇنداق قۇلاق سالسا، راستىلا پىچاقنىڭ تاشقا سۈركەلگەندىكى «شارت ـ شۇرت» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئېيىق قورقىنىدىن كەينىگە قاراپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. تۈلكە ئېيىقنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ ئاللا ـ تووا كۆتۈرگىنىچە ئۆيىنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ بۆرىگە:

ــ قارا، سېنىڭ ئېيىق دوستۇڭ بەك يولسىز ئىكەن. سەن ئۇنى ياخشى كۆڭلۈڭ بىلەن توخۇ گۆشى يېيىشكە تەكلىپ قىلساڭ، ئۇ توخۇيۇڭنى بۇلاپ كەتتى! ــ دەپتۇ.

بۆرە بۇنى ئاڭلاپ ئىشىنىپتۇ ـ دە، ئاچچىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇ قولىدىكى پىچاقنى قويۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۆرە يۈگۈرەپ چىقىپ قارىسا، ئېيىق ھەدەپ يۈگۈرۈپ قېچىۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن بۆرە بىر تەرەپتىن قوغلاپ، بىر تەرەپتىن ۋارقىراپتۇ:

ــ ھەي ئەخمەق ئېيىق، قايتىپ كەل!

ئېيىق شۇنداق قارىسا، بۆرە پىچاق كۆتۈرگەن ھالدا قوغلاپ كېلىۋاتقان. ئۇ، بۆرە راستىلا قۇلىقىمنى كەسمەكچى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ. ئېيىق قانچىكى تېز قاچسا، بۆرە شۇنچە تېز قوغلاپتۇ. ئاخىر بۆرە ئېيىققا يېتىشىۋاپتۇ ـ دە، كەينىدىن بىرلا قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ:

ــ ھۇ قارايىۇز، مەن سېنى ياخشى كۆڭلۈم بىلەن توخۇ يېيىشكە تەكلىپ قىلسام، نېمىشقا توخۇنى بۇلاپ قاچىسەن؟ ــ دەپتۇ. ئېيىق قاتتىق رەنجىگەن ھالدا:

ــ سەن نېمىشقا قۇلىقىمنى كەسمەكچى بولىسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ كىم شۇنداق دەيدۇ؟! مەن نېمىشقا سېنىڭ قۇلىقىڭنى كەسكۈدەكمەن؟! ــ دەپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپتۇ بۆرە.

ــ مەن نەدىمۇ سېنىڭ توخۇيۇڭنى بۇلاي، ــ دەپتۇ ئېيىق. ئۇلار شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ تۈلكىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلار دەررۇ تۈلكىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن تۈلكە ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن ئىكەن[①] .

---

①نۇردۇن ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن، پازىل قادىر توپلىغان. «ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى»، 1994 ـ يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

**ھېكمەت:**

***يۇقىرىقى ھېكايەتتىن مەلۇمكى، سەن ھەرقانداق ئىشتا بىردەملىك ھېسسىياتىنىلا ئويلاپ ھۆكۈم قىلساڭ پۇشايماندا قالىسەن. ئۆزگىنى ھەم ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاۋارە قىلماي دېسەڭ، ئۆز ئەقلىڭگە ۋە كۆزۈڭگە ئىشەنمەي، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا بولىدۇ. لېكىن ھۆكۈم قىلىش ئۆزۈڭگە باغلىق.***

## ئەگرى شاخنىڭ تەقدىرى

ئەتىياز پەسلى، ئېرىق بويىغا تىكىلگەن تېرەك كۆچىتى بىخ سۈرۈپ ئىككى تال نوتا چىقاردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نوتىلارنىڭ بىرى تۈپتۈز بوي تارتىپ، يەنە بىرى بولسا، ئەگرى - دوناي بولۇپ يانغا قاراپ چوڭىيىشقا باشلىدى. بىر كۈنى تۈز نوتا ئەگرى نوتىغا قاراپ:

— ئاداش، تېرەك كىچىكىدىن تۈز ئۆسمىسە چوڭ بولغاندا كارغا كەلمەي قالىدۇ، — دەپ سۆز باشلىۋىدى، ئەگرى نوتا كۆزلىرىنى ئالايتىپ:

— سەن مەن ئۈچۈن غەم يەپ كەتمە. ھازىرچە بولۇشىغا ئۆسۈۋېرەي، چوڭ بولغاندا ئۆزۈمنى تۈزىۋالىمەن، — دەپ تۈز نوتىنىڭ سۆزىنى قېقىۋەتتى.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتتى. ئەگرى شاخ ئۆزىنى تۈزىتىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. بىر كۈنى ھەرە ۋە پالتا كۆتۈرگەن ئىككى ياغاچچى تېرەك تۈۋىگە كېلىپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشتى:

— ۋاھ، ماۋۇ شاخ ئەجەب تۈز ئۆسۈپتۇ! — دېدى بىر ياغاچچى تۈز شاخنى كۆرسىتىپ، — ھەر قانداق چوڭ ئۆيگە لىم قىلىشقا يارايدىكەن. ياغاچ بولسا مۇشۇنداق تۈز بولسا...

— ئەي قارىمامسەن، ماۋۇنىڭ ئەگرىلىكىنى، — دېدى يەنە بىرى ئېچىنىش بىلەن ئەگرى شاخقا قاراپ، — بۇنى ئۇن يەردىن ھەرىدىمىسەڭ تۈزلىگىلى بولمايدىكەن.

— قويساڭچۇ، — دېدى بىرىنچى ياغاچچى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇ ئەگرىنى يۈز يەردىن توغرىساڭمۇ ياخشى ماتېرىيال چىقمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرە ئوتۇن قىلغان تۈزۈك.

ياغاچچىلار شۇ مەسلىھەتتىن كېيىن، تۈز شاخنى ئاۋايلاپ كېسىۋالدى. ئەگرىسىنى بولسا پالتا بىلەن پارە - پارە قىلىپ ئوتۇنخانىغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويدى.

## سۇ بىلەن ئۆستەڭ

سۇ ئۆزىنىڭ گۈللۈك باغلارغا، بىپايان ئېتىز - دالىلارغا ھەم كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كېتىپ بارغانلىقىنى ئويلاپ، كۆرەڭلەپ ماختىنىشقا باشلاپتۇ:

«ـــ مەن بولمىسام يەر - زېمىن كۆكەرمەيدۇ، ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ، شۇڭا مەن دۇنيادا ئۆز تۆھپەم بىلەن مەدھىيەلىنىشكە ھەقلىق!

ـــ ھەي سۇ، ـــ دەپتۇ ئۆستەڭ سۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ـــ سېنىڭ راستىقى سۆزلىرىڭ توغرا بولسىمۇ، لېكىن سەن ئۆزۈڭنى ھەددىدىن زىيادە ماختىۋەتتىڭ، سېنىڭ راۋان ئېقىشىڭ ئۈچۈن مەندەك ياردەمچىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ كېرەك!

سۇ ئۆستەڭنىڭ بۇ سۆزىگە قايىل بولماي:

ـــ سەن بولمىساڭمۇ ئەركىن ئېقىۋېرىمەن، ـــ دەپتۇ - دە، ئۆزىنى ئۆستەڭنىڭ قاشلىرىغا غەزەپ بىلەن ئۇرۇپتۇ، قاش ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ، سۇ ھەر تەرەپكە يار ئېلىپ ئېقىپتۇ. ئېتىزلارنى بۇزۇپتۇ. ئۆيلەرنى ئۆرۈۋېتىپتۇ، بىكاردىن چۆل - جەزىرىلەرگە سىڭىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى سۇغا قارغىش ياغدۇرۇپتۇ...

كىشىلەرنىڭ تىل - ھاقارىتىنى تولا ئىشتكەن سۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى، ھەر قانداق ۋاقىتتا ماختىنىپ مەنمەنچىلىك قىلماسلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆستەڭ بىلەن ئىناق ئۆتۈپتۇ.

## ئۈچ ھورۇن

ئۆتكەن زاماندا ئۈچ ھورۇن دوست ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ئەزمىلىك ۋە بەسخورلۇقتا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىكەن.

بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ كەتكەن بۇ ھورۇنلار كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ چەت بىر سەھراغا يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يول بويى ئەزمىلىك بىلەن مېڭىپ، بىر سائەتلىك مۇساپىنى يېرىم كۈنگىچىمۇ بېسىپ بولالماپتۇ، ئاخىر ھېرىپ كەتكىنىدىن بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا يېقىن يەردە توختاپتۇ.

بۇ چاغدا، بىر بالا بازاردا سېتىش ئۈچۈن بىر خۇمرا قېتىق بىلەن بىرقانچە ناننى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانىكەن. قورسىقى ئېچىپ، ماجالى قالمىغان ھورۇنلار ئۆزئارا پۇل چىقىرىشىپ، بىر نان بىلەن قېتىقنى سېتىۋاپتۇ.

ئۇلار قولى پاسكىنا بولغاچقا، ئۆستەڭدىن سۇ ئەكېلىپ يۇيۇشقا توغرا كەپتۇ.

— سۈنى سەن ئەكەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ بىرىنچى هۆرۈن ئىككىنچىسىگە.

— سەن ئەكەلمىگەن سۈنى نېمىشقا مەن ئەكېلىدىكەنمەن؟ ماۋۇ ئەكەلسۇن، — دەپتۇ ئىككىنچى هۆرۈن ئۈچىنچىسىنى كۆرسىتىپ.

— مەنمۇ؟ — دەپ ئىككىنچىسىگە گۆلىيىپتۇ ئۈچىنچى هۆرۈن، — سۈنى يالغۇز مەن ئىشلەتمەيمەن، نېمىشقا مەن غالچا بولۇپ ئەكېلىپ يۈرەتتىم؟! ماۋۇ ئىتنى بۇيرۇڭلار.

شۇنداق قىلىپ ئۈچ هۆرۈن بىر - بىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ كۈننى كەچ قىلىپتۇ. ئاخىر ئۇلار «كىم گەپ قىلسا ياكى ئولتۇرغان يېرىدە مىدىرلىسا، سۈنى شۇ ئەكەلسۇن» دەپ پۈتۈشۈپتۇ.

سۇ ئەكېلىشتىن قورققان هۆرۈنلار بىر هازاغىچە قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىت قىلماي، ئۈندىمەي ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن ئىت يۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، نان بىلەن قېتىقنى راسا مەززە قىلىپ يەپ بوپتۇ، ئاندىن بىرىنچى هۆرۈننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ھە دەپ يالاشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي تۇرالمىغان بىرىنچى هۆرۈن: «چاغ - چاغ!» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، قالغان ئىككى هۆرۈن: «ھەببەللى، سۈنى ئەمدى سەن ئەكېلىدىغان بولدۇڭ!» دەپ خۇشاللىقتىن چۇقان كۆتۈرۈپتۇ.

دېمەك، هۆرۈنلۇقنىڭ كاساپىتىدىن بۇ ئۈچەيلەن قېتىق بىلەن ناندىن ۋە ياردىغان مەنزىلىدىن ئەنە شۇنداق قۇرۇق قالغانىكەن.

## ئىككى ئىت

— قويلار ئۈپۈر - تۈپۈر بولۇۋاتىدۇ، قوتانغا بۆرە كىرىدىغۇ دەيمەن، ھاۋشىپ چىقمايمىزمۇ؟ — دەپتۇ يېشى كەلگەن ئىت.

— تىنچ يات! — دەپتۇ بۇرۇنقى ئىت.

— نېمىشقا؟ بىزنى قويلارغا قارايدۇ دەپ بېقىۋاتىدىغۇ؟

— ئەخمەق، قۇرۇق ئۇستىخان غاجىلاپ يۈرگىنىڭنى بېقىلىۋاتىمەن دەپ ئويلامسەن؟ بىزمۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ يېڭى گۆش يەپ باقايلى - دە!

— چۈشەنمىدىم، قانداق قىلىپ؟

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ بىز ھازىر ھاۋشىپ چىقساق بۆرە قېچىپ كېتىدۇ. بىرەر قوينى بوغۇپ يېگىلى تۇرغاندا چىقساق، بۆرىدىن ئاشقان گۆش بىزگە قالىدۇ.

ھەركىم ئۆز نەپسىنى ئويلىسا ھامان،
نېمە بوپ كېتەركىن، دەيمەن بۇ جاھان؟

## كۆچ ــ ئۆملۈكتە

شىددەتلىك بوران سازلىقتىن يۇز ماڭىدامەدەك يىراقلىقتىكى يالغۇز بىر تۇپ دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى. قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن بىر تال يۇمران قومۇش يېنىدىكى غوللۇق قېرى قومۇش قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ــ قانداقمۇ قىلارمىز، تاغا؟ ــ دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، ــ بوران شۇنچىۋالا يوغان دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلىيالىغان يەردە گەپ ـ سۆزسىز بىزنىڭ كۆلىمىزنى كۆككە سورۇۋېتەلەيدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ دەھشەتلىك ئاپەتتىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ بىرەر ئامالى تېپىلماسمۇ؟

ــ قورقما، بالام. ــ دېدى كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قېرى قومۇش يىراقتىكى قويۇق ئورماننى كۆرسىتىپ، ــ بوران نېمە ئۇچۇن ئورمانغا تېگەلمەيدۇ، يالغۇز دەرەخنى قومۇرۇۋېتەلەيدۇ؟ چۈنكى، ئورمانلىقتىكى سان ـ ساناقسىز دەرەخلەر بىر ـ بىرى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەت ھاسىل قىلغان، يالغۇز دەرەخ بولسا ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغان، شۇڭا...

ــ ئەمما بىزنىڭ جۇغىمىز ئۇ دەرەخنىڭ ئىنچىكە شېخىچىلىكمۇ بولمىسا...

ــ شۇنداق، بىز دەل ـ دەرەخ ئالدىدا تولىمۇ كىچىك، تولىمۇ ئاۋاقمىز، لېكىن شۇ يېرىمىز ئارتۇقكى، بىز ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زىچ، قويۇق. ھېچقاچان بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتمەيمىز، گىرەلىشىپ ياشىغىنىمىز ياشىغان، شۇڭلاشقا ھەر قانداق دەھشەتلىك بورانمۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. شۇنى مەڭگۈ ئېسىڭدە چىڭ تۇتقۇنكى، كۈچ ـ ئۆملۈكتە؟!

## ئات ۋە ئېشەك

بىر كىشى ئات بىلەن ئېشەككە يۈك ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. ئېشەكنىڭ يۈكى ئاتنىڭ يۈكىگە قارىغاندا ئازراق ئىكەن. دەسلەپىدە ئات بىلەن ئېشەك تەڭ مېڭىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېغىر يۈك ئاتنى ھاسىرىتىپ قويۇپتۇ. تەرلەپ پىغىزىدىن ئاپئاق كۆپۈك چىقىپ كەتكەن ئات ئېشەككە قاراپ:

ــ دوستۇم، بەك ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم. يۈكنى مەنزىلگە ئاپىرالمايدىغاندەك قىلىمەن، يۈكنىڭ ئاز قىسمىنى سەن ئېلىۋالساڭ، ــ دەپ مۇراجىئەت قىپتۇ. ئېشەك ئۇنى زاڭلىق قىلىپ ھاڭراپ تېز ـ تېز مېڭىپ كېتىۋېرىپتۇ. ئات بارا ـ بارا ئارقىدا قاپتۇ ۋە ئاخىر ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. غوجايىن ئاتنى بوغۇزلاپ سويۇپ، ئۇنىڭ تېرىسى، گۆش ۋە ھەممە يۈكنى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. ئېشەك تۇرغان ئورنىدىن زورغا قوزغىلىپتۇ. ماڭمىسا يانپىشىغا جۇۋالدۇرۇز تېگىپتۇ. ئۇ ئۆزۈن

ماڭمايلا ئاتقا ئوخشاش تەرگە چۆمۈپ، قۇلىقى سالپىيىپتۇ ۋە سەنتۈرۈلۈپ ـ سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ ئەي ئىسىت، ئاتقا ئېمىشقا ياردەم قىلمىغاندىمەن، ياردەم قىلغان بولسام، دوستۇم ئات ئۆلمەس ئىدى، مەنمۇ بۇ كۈنگە قالماس ئىدىم، ــ دەپ پۇشايمان قىلىپتۇ، بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئىچىدە: «كېيىنكى پۇشايمان كېشىگە دۈشمەن» دېگەن تەمسىل پەيدا بوپتۇ.

## لاچىننىڭ نەپسى

بىر لاچىن يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى شاختا تۇرۇپ، يەردە ئادەملەرنىڭ تونۇر شەكلىدىكى بىر تورنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر باچكىنى باغلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆۋەندىكى شاخلاردا قونۇپ تۇرغان باشقا قۇشلارغا كۆرەڭلىك بىلەن:

ــ قاراڭلار، ئاۋۇ ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقىنى. مېنى ئاشۇ تورغا ئالدىنىپ چۈشىدۇ دەپ ئويلاۋاتىدۇ. مەن ئۇلار قويغان ئاشۇ قىلتاققا چۈشەمەنمۇ؟ مەن ئۇلاردەك ئەخمەق ئەمەس ـ دە! ــ دەپتۇ ـ دە، ئۆزىنى خۇددى قۇشلارنىڭ پادىشاھىدەك تۇتۇپ، مەغرۇر ھالدا تۇرۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، لاچىن ئاشۇ تورغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا دەرەختىكى قۇشلار ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ مەن ئالدانمايمەن دەۋاتمىدىڭمۇ، ئەجەبا، تورغا چۈشۈپ قاپسەنغۇ؟ ــ دېيىشىپتۇ.

ــ شۇنداق دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھېلىقى باچكىنى كۆرۈپ پۈتۈن جاھاننىڭ ئىچى ئوت بىلەن قاپلىنىپ، پەقەت مۇشۇ تونۇرنىڭ ئىچىدىلا ئوچۇق ئاسمان ۋە باغ ـ بوستانلار كۆرۈنگەندەك بولدى. شۇ يەردىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتەي دەپ ئۆزۈمنى بىرلا ئېتىپتىكەنمەن، بۇ تورغا چۈشۈپ قاپتىمەن، ــ دەپتۇ لاچىن.

## بەڭباش بۆدۈنە

ئورمانلىقتا بىر بۆدۈنىنىڭ بىرنەچچە بالىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىچىكى ناھايىتى بەڭباش ئىكەن.

ئانىسى سىرتقا چىقىش ئالدىدا بالىلىرىغا:

ــ بالىلىرىم، جاڭگالدا يىرتقۇچ ھايۋانلار بەك كۆپ، ئۇۋىدىن چىقماي ئولتۇرۇڭلار، ــ دەپ تاپىلاپتۇ.

بۇ ئەتراپتا ئۇلارى يېيىشنى پايلاپ يۈرگەن بىر تۈلكە بولۇپ، ئۇ ئانا بۆدۈنىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپلا، بۆدۈنىلەرنىڭ ئۇۋىسى بار جىغاننىڭ تۈۋىگە كېلىپ،

بۆدۈنىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئالداشقا باشلاپتۇ:

— ئەي، بۆدۈنچاقلار، مەن تۈلكىخان بولىمەن. مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، شۇڭا مەن سىلەر ئامراق ئوزۇقلۇقلارنى ئەكەلدىم. بۇ سوۋغىلارنى تېزراق ئېلىۋېلىڭلار، — دەپتۇ.

نەپسى تاقىلداپ كەتكەن كىچىك بۆدۈنە ئاچا ـ ئاكىلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، پەسكە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇ چۈشە ـ چۈشمەيلا تۈلكە ئۇنى «هاپ» لا قىلىپ، چاينىماي يۇتۇۋېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن باشقا بۆدۈنىلەر بەكىباش بۆدۈنىگە ئىچ ئاغرىتىپ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بۆدۈنىلەرنىڭ ئانىسى قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ، قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. بۆدۈنە بالىسىنى يەپ دەندەپ قالغان ئاچ كۆز تۈلكە بۆدۈنىلەرنىڭ ئۇۋىسى بار جىغان تۈۋىدىن نېرى كەتمەپتۇ. بۆدۈنىلەر ئۇۋىسىدىن چىقماي يېتىپتۇ. ھېيلىگەر تۈلكە ئاخىر جىغانغا يامىشىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇ ئەسنادا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئوۋچى دەرھال تۈلكىنى ئېتىپتۇ، تۈلكە شۇ ھامانلا يەرگە يىقىلىپتۇ.

تۈلكىنىڭ رەزىل قىلمىشىدىن غەزەپلەنگەن بۆدۈنىلەر پۇررىدە يەرگە چۈشۈپ، ئوۋچىدىن بەكىباش بۆدۈنىنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئوۋچى ماقۇل بولۇپ، تۈلكىنىڭ قورسىقىنى يېرىپتۇ. قارىسا، بەكىباش بۆدۈنە تېخى ئۆلمىگەنىكەن. ئۇلار خۇش بولۇشۇپ، ئوۋچىغا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپتۇ. بەكىباش بۆدۈنە ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالمىغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىپتۇ ۋە «ھەرگىز يېڭۋاشلىق قىلمايمەن» دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

## ھەسەتخور

بۇرۇن بىر يېزىدا چويلا، سېۋەت توقۇپ ساتىدىغان ئاۋۇت ۋە داۋۇت ئىسىملىك ئىككى ئادەم بار ئىكەن. ئۇلار باھار كېلىپ چوكانتاللار يېشىلگەندىن باشلاپلا چويلا، سېۋەتلەرنى توقۇپ، بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن.

ئاۋۇت ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ پۇختا، ھالا ئىشلەيدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ توقۇپ چىققان چويلا، سېۋەتلىرى پۇختا، سۇپەتلىك بولغاچقا، بازارغا كىرىپ بولغۇچە يولدىلا سېتىلىپ بولىدىكەن. داۋۇت ساختىپەز، قۇۋراق بولغاچقا، ئىشنى قول ئۇچىدىلا كۆز بويامچىلىق بىلەن ئىشلەيدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ توقۇپ چىققان چويلا، سېۋەتلىرى قوپال، ئاجىز بولغاچقا، بازىرى كاسات ئىكەن. ئۇ ئەيىبىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەي: «ئاۋۇت بولمىغان بولسا، بازىرىم ئىتتىك بولاتتى» دەپ، ئاۋۇتنى يامان كۆرىدىكەن، ھەسەتخورلۇق قىلىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، داۋۇت كېچىسى ئەل جىمىققاندا ئاستا ئاۋۇتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، بازارغا تەييارلاپ قويغان چويلا، سېۋەتلىرىگە ئوت قويۇۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ.

ئاۋۇت ئەتىگەندە تۇرۇپ، چويلا، سېۋەتلىرىنىڭ كۆيۈپ، كۆلگە ئايلانغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، قايغۇرۇپ كۆڭلى ئازابلىنىپتۇ، بىراق يەنىلا بازاردىن قالماسلىق ئۈچۈن چويلا، سېۋەتلىرىنىڭ كۆلىنى بىر خالتىغا قاچىلاپ مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ خالتىدىكى كۆلگە قاراپ يىغلاپ تاشلاپتۇ ۋە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلاپتۇ:

«يىغلىما ئوغلۇم، ھالال ئىش قىلغان ئادەم زىيان تارتمايدۇ، زىيىنىڭنى مەن تولدۇرۇپ قوياي!»

ئاۋۇت ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، خالتىدىكى كۆل يالتىراپ تۇرغان ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، يولدا چويلا، سېۋەتلىرىنى كۆتۈرگەن داۋۇت ئۇچراپ:

— ھە، نېمانچە خۇشال بولۇپ ئېچىلىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاۋۇتتىن سىر ئالماقچى بولۇپ.

ئاۋۇت سەمىمىي ئادەم بولغاچقا، ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئالتۇننى كۆرۈپ داۋۇتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ: مەنمۇ شۇنداق قىلسام بولمامدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ چويلا، سېۋەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپتۇ ـ دە، كۆلىنى خالتىغا ئېلىپ زورمۇزور يىغلاپ ئۇخلىماقچى بوپتۇ، بىراق ھەرقانچە قىلسىمۇ كۆزىدىن ياش چىقماپتۇ، ئۇيقۇسىمۇ كەلمەپتۇ؛ چۈشىمۇ كۆرمەپتۇ؛ خالتىسىدىكى كۆل ئالتۇنغىمۇ ئايلانماپتۇ. بىر كۈن ئەخمەق بولۇپ ئولتۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ.

ئۇنىڭ ئىچى ئادىغانسىرى ئاۋۇتنىڭ كۈنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆتۈپ، ئۆزىنى نەس باسقىلى تۇرۇپتۇ. «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## ئەخمەق ئادەم بىلەن چاشقان

بۇرۇن بىر ئەخمەق ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە چاشقانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەيلى ئۇ ئېتىزغا ئىشلىگىلى كەتسۇن، مەيلى ئۆيىدە ئارام ئالغان كۈنلىرى بولسۇن، چاشقانلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قىلىۋېرىپتۇ. ئەخمەق ئادەم ئامالسىز قېلىپ، ئاخىر مۈشۈكتىن بىرنى سېتىۋاپتۇ.

بۇ مۈشۈك ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن، تۆت پۇتىنىڭ ئۇچى ئاپئاق بولۇپ، خۇددى ئاق پايپاق كىيىۋالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. مۈشۈك ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئىگىسى ئۆيدە بولسۇن ـ بولمىسۇن، تىنىم تاپماي چاشقان تۇتىدىكەن. ئەخمەق ئادەم مۈشۈك تۇتۇپ بەرگەن چاشقانلارنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسىنى سېتىش ئارقىلىق خېلى باي بولۇپ

قاپتۇ، ئۇ جۇغلىغان پۇللىرىغا ئۇنئالغۇدىن بىرنى سېتىۋاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ مۇشۇكنىڭ مىياڭلىغان ئاۋازىنى ئۇنئالغۇغا كۆچۈرۈۋېلىپ، مۇشۇكنى سېتىۋەتسەم، ئۇ يەيدىغان ئاشلىقنىمۇ تېجەپ قالالايدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە بۇرۇنقىدەك پۇل تاپالايدىكەنمەن، دەپ ئويلاپتۇ ــ دە، ئەتىسى مۇشۇكنى ئاپىرىپ سېتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى ئۇنئالغۇنى چاشقانلارنىڭ ئۆۋىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپتۇ. ئۇدا بەش كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۆۋىسىنىڭ ئالدىدىكى ئۇنئالغۇدىن چىققان مۇشۇكنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن چاشقانلار ئۆۋىسىدىن چىقالماي ئاچلىقتا ئۆلەي دەپتۇ. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان بىر چاشقان: «ئەگەر مۇشۇنداق تۇرۇۋەرسەك ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، مەن چىقىپ كۆزىتىپ باقاي» دەپتۇ ــ دە، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن ئىككى پۇتىنى ئاران ــ ئاران يۆتكەپ، تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆي ئىچىنى كۆزىتىپتۇ. قارىسا، ئۆيدە مۇشۇك يوق. مىياڭلىغان ئاۋاز بولسا ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقانىكەن. قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن چاشقان بۇ خۇشخەۋەرنى ھەمراھلىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەن چاشقانلار ئۆۋىسىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، بەزىلىرى تاغاردىكى ئاشلىقنى، بەزىلىرى ئەخمەق ئادەمنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرىگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئاشلىقلارنى يەپ چېچىپ، كىيىم ــ كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى كاردىن چىقىرىپتۇ. ئۇنئالغۇ بولسا ئورنىدىن قوزغالماستىن مىياڭلاۋېرىپتۇ.

ئەخمەق ئادەم ئۆيىدىكى ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي تۇرۇپلا قاپتۇ...

## قارىياغاچ بىلەن قارىغاي

ــ سەن ئۆسمەن دەپ كۆپ ئاۋارە بولما، ــ دەپتۇ قارىياغاچلاردىن بىرى يېنىدىكى ياش قارىغايغا.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئەگەر ئاسماندىن چاقماق چۈشسە، ئەڭ ئاۋۋال ئېگىز تۇرغان ساڭا تېگىدۇ.

ــ خوش، بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن؟

ــ دېمەكچى بولغىنىم: ئورمانلىقتا ئوت كەتسە، بۇ ئاپەتتىن كۆپىمىز قۇتۇلالايمىز؛ ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، سېنىڭ زەخىملەنگىنىڭ زەخىملەنگەن.

ــ كەلگەن بالا ــ قازا مەن بىلەنلا تۈگەپ، باشقىلار ئامان قالىدىغانلا بولسا، ئۆسۈشتىن بىر مىنۇتمۇ توختىمايمەن، ــ دەپتۇ ياش قارىغاي.

ئۆستۈشتە ئەل غېمىنى ئويلىغان كىشى،

قايغۇرماس خەتەرگە يولۇقسا بېشى.

## كىشىنىڭ ئەسلى پاك ۋە سەممىي بولسا...

ئىسكەندەر رۇمى ئۇستازى ئەرەستۇدىن:

— ئەي ئۇستاز، مەن بۈيۈك ئىشلارغا قەدەم قويدۇم. بۇ ئىشلىرىم نەتىجىسىدە دوستلارنىمۇ، دۈشمەنلەرنىمۇ تاپتىم. ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلمىقىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

ئەرەستۇ ھەكىم شۇنداق دېدى:

— ئىلاجىڭنىڭ بارىچە ئۆزۈڭگە دۈشمەن كۆپەيتمە. بىرەر كىشى ساڭا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىسا، سەن ئۇنىڭغا مەرھەمەت كۆزۈڭ بىلەن قارا، كۆڭلىنى ئال. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دوستلىرىڭ قاتارىغا قوشۇلىدۇ. دوستلىرىڭنى شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭ بىلەن خۇشال قىل. شۇندىلا ئۇلار سېنىڭدىن ئايرىلماي، سەممىي دوستلىرىڭ بولۇپ قالىدۇ.

يالغانچى كىشىدىن ۋاپا كۈتمە. توغرا سۆز كۆڭۈلگە قاتتىق ۋە ئاچچىق تېگىدۇ. ئادەم ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىق قايتۇرىدۇ، كىشىنىڭ ئەسلى پاك ۋە ساپ بولسا، ئۇ ئادەم ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

ئەي مەرد كىشى! ئادىمىيلىك قىل. ئالىي ھىممەتلىك، تەۋازۇلۇق، ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك بول.

## چېقىمچىلىقنىڭ ئازارى

بىر دانىشمەن ئۆز شاگىرتلىرىغا:

— مەن سىزلەرگە ئەڭ يامان كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ — دېگەن ئىدى، شاگىرتلىرى ئۇستازدىن بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

ئۇستاز دېدى:

— چېقىمچىلىق قىلىپ ئادەملەرنى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرگەن كىشىلەر ئەڭ يارىماس، ئەڭ يامان كىشىلەردۇر.

دانىشمەن شاگىرتلىرىغا يەنە چېقىمچىلىقنىڭ كۆڭۈلگە يەتكۈزىدىغان ئازارى توغرىسىدا مۇنداق دېدى:

— بىرىڭلار ئىككىنچىڭلارنىڭ سۆزلىرىنى ماڭا يەتكۈزمىگىنلەر، مەن سالامەت ۋە راھەتتە بولغان قەلب بىلەن سىزلەرگە ئۇچرىشىشنى ئىستەيمەن.

## سوكوت بۈيۈك ئاقىللىقتۇر

لوقمان ھەكىم بىر كۈنى ھەزرىتى داۋۇتنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. داۋۇت ساۋۇت ۋە زىرىھلىك كىيىم تەييارلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. لوقمان ھەكىم بۇ چاغقىچە بۇنداق بىر كىيىمنى كۆرمىگەن ئىدى، شۇڭا بۇنىڭ قانداق كىيىملىكىنى سورىغۇسى كەلسىمۇ، سەۋر قىلىپ سورىماستىن، كىيىمنىڭ پۈتۈشىنى كۈتۈپ تۇردى. ھەزرىتىم كىيىمنى پۈتكۈزۈپ كىيىۋالدى ۋە خۇشاللىقىدىن لوقمان ھەكىمگە:

— لوقمان قاراڭا، نېمىدېگەن چىرايلىق جەڭ كىيىمى تەييارلىدىم ـ ھە، ـ دەپ ماختاندى.

شۇنىڭ بىلەن لوقمان ھەزرىتىم تەييارلىغان كىيىمنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «سوكوت نېمىدېگەن بۈيۈك ئاقىللىق ـ ھە!» دېدى.

## ھەمەدانىينىڭ ئۆگۈتلىرى

ئالىم سەئىد ئەلى ھەمەدانىي مۇنداق دەيدۇ:

— پالاكەتكە يولۇقۇشنى ئىستىمىسەڭ، مەغرۇر ۋە مۇتەكەببۇر بولما.

راھەتتە ياشاشنى ئىستىسەڭ، دىلىڭنى ھېرىستىن پاك قىل.

خار ـ زارلىقنى ئىستىمىسەڭ، تەمەگەر بولما.

ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلىنىشنى ئىستىسەڭ، ياخشىلىق قىل، ھېچكىمگە ئازار بەرمە، ياخشىلىقنى ئۇلۇغ ئىش دەپ بىل.

قەدىر ـ قىممىتىڭنىڭ ئېشىشىنى خالىساڭ، ئۇلۇغ ھىممەتلىك بول.

ئىشلىرىڭنىڭ پۇشايمان بىلەن نەتىجىلىنىشىنى ئىستىمىسەڭ، ئاۋۋال ياخشىراق ئويلىنىپ، دانا ـ تەجرىبىلىكلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشكىن.

ئۆزۈڭنى ھەممەيلەننىڭ ياخشى كۆرۈشىنى خالىساڭ، خۇلق ـ مىجەزىڭنى تۈزەت، ئەدەپلىك، تەربىيەلىك بول.

ئابروي ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇشنى ئىستىسەڭ، ھالال ئەمگەك قىل، پىداكارلىق بىلەن ئىشلە.

ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىشەنچلىك، مەرغۇب ۋە مەقبۇل ئادەم بولۇشنى تىلىسەڭ، يالغانچىلىقتىن ساقلان. چېقىمچى، ئىغۋاگەر بولما. مەنىسىز، تۇترۇقسىز سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشتىن ھەزەر قىل.

مۇبادا ئوڭايسىز ھالدا قالساڭ، ئىشىڭدا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قالساڭ، داد ـ پەرياد قىلىپ يۈرمە، سەۋر قىل. قىيىن ئەھۋالدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدە.

قىتئە:

سەن قەزاغا داد سېلىپ يىغلىما، كۆپ يەتسە ئەلەم،
سېنىڭ مىڭبىر يىغاڭ بىلەن قەزانىڭ ھېچ ئىشى يوق.
غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلماقلىق چارىسىن كۆرسەڭ ئەگەر،
تىنچ، راھەتتە ياشايسەن، رەنجۇ جەفانىڭ ئىشى يوق.

ئالىيجاناب ئادەم پاناھ ئىستەپ كەلگەنلەرنى ئۆز پاناھىغا ئالىدۇ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ، زىيان يەتكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ.

## ئون تۆت تۈرلۈك پەزىلەت

دانىشمەنلەر تۆۋەندە ئېيتىلغان ئون تۆت خىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك پەزىلەتلەردۇر دەپ تونۇيدۇ:

رىيازەت ــ نەپسىڭنى يىغ، ئارتۇقچە يەپ ـ ئىچىشتىن ساقلان؛

سۈكۈت ــ ئۆزۈڭگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ ھېچبىر پايدىسى تەگمەيدىغان ئالدى ـ قاچتى سۆزلەرنى سۆزلەشتىن ساقلان، جىم تۇر؛

ئىنتىزام ــ ئىشلىرىڭ تەرتىپلىك، يوسۇنلۇق بولسۇن. ئىشلىرىڭنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندا، كېچىكتۈرمە؛

مەقسەت ــ بىرەر ئىشقا كىرىشمەكتىن ئىلگىرى ياخشى ئويلان. شۇ ئىشتىن كۈتكەن مەقسىتىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەن ۋە ئاندىن بىر قارارغا كەل. قارارلاشتۇرغان ئىشىڭنى تولۇقى بىلەن ئادا قىل؛

تېجەم ــ ئىقتىسادچىللىق، يەنى تېجەمكارلىققا رىئايە قىل. ئۆزۈڭگە ۋە خەلققە پايدىسى تەگمەيدىغان يەرلەرگە پۇل ـ مېلىڭنى سەرپلىمە، ئىسراپتىن ساقلان؛

تىرىشچانلىق ۋە مەشغۇللۇق ــ ۋاقىت ۋە پۇرسىتىڭنى بىكار ئۆتكۈزمە. دائىم پايدىلىق ئىش بىلەن مەشغۇل بول. كېرەك بولمىغان نەرسىدىن ئۆزۈڭنى تارت؛

ماتانەت ــ ئىشىڭدا چىدامىلىق، جۈرئەتلىك بول، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتمەكتىن ساقلان. چۈشەنچەڭ پاك، ساپ ۋە ھەققانىي بولسۇن. چۈشەنگىنىڭدەك سۆزلە ۋە ئىشلە؛

ھەققانىيەت، توغرىلىق ــ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ئۆزۈڭگە رەھبەر قىلىۋال. ھېچكىمگە زىيان سېلىش نىيىتىدە بولما؛

ئوتتۇرا ھاللىق ــ ھەر ۋاقىت ئوتتۇرىچە ئىش تۇت. ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەكتىن ساقلان. ئۆزۈڭ لايىق كۆرسەڭمۇ ھېچبىر سەۋەبسىز باشقىلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ئىنتىلمە؛

نازاكەت — كىبىر، ئىپلاسلىقتىن ھەزەر قىل. تېنىڭ، كىيىم ـ كېچەكىڭ ۋە ئۆي ـ جايلىرىڭنىڭ تازا ـ پاكىزلىقىغا دىققەت قىل؛

كۆڭۈل ئازادىلىكى — ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن ۋە كۆڭلۈڭدىكىدەك بولماي قالغان ئىشلاردىن خاپا بولۇپ، ساقلىقىڭغا زىيان يەتكۈزمە، ھەر ئىشتا كۆڭۈل ئازادىلىكىنى كۆزلە؛

ئىپپەت — ئەدەپلىك، شەرم ـ ھايالىق، نومۇسلۇق بول. بۇ گۈزەل خىسلەتلەردىن ئايرىلما؛

تەۋازۇ — ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇت، تەۋازۇنىڭ شەرەپ ۋە ئىززەت باسقۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما؛

مۇلايىملىق — سەۋرلىك، مۇلايىم، ئوچۇق يۈزلۈك، شىرىن سۆزلۈك بول. ھېچكىمگە قوپال مۇئامىلە قىلما؛

خۇلاسە: يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئون تۆت ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن ئۆزۈڭنى ئارەستە[1] قىلساڭ، خەلقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىسەن ۋە ھەممە ساڭا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ.

## مېھمانلارنىڭ ئارامى ئۈچۈن...

ھەممەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بىر كىشى ئۆز بېغىدا دوست ـ بۇرادەرلىرىگە زىياپەت بەردى. ئۇ كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق، ياخشى تەربىيەلىگەن بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ بالا ئەتىدىن ـ كەچكىچە مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ بەك چارچاپ كەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى دەم ئېلىپ ئۇخلىماق ئۈچۈن بالىخانىغا چىققان ئىدى. ئۇ يەردىن پەستكە يىقىلىپ چۈشۈپ، شۇ زامان ۋاپات بولدى. ئاتا بىچارە بۇ قايغۇلۇق ھالنى كۆرۈپ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلدى، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئوغلىغا كەلگەن پالاكەتنى خوتۇنى ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا پەس ئاۋازدا بىلدۈرۈپ:

— ھېچقايسىڭىزلار تاۋۇش چىقىرىپ يىغلىمىڭىزلار. ئوغلۇمنىڭ ۋاپات بولغىنىنى مېھمانلار بىلمىسۇن، ـ دەپ جېكىلىدى ۋە مېھمانلارغا سەزدۈرمەستىن مەرھۇم ئوغلىنى يۇيۇپ، تاراپ كېپەنلىتىپ قويدى. كېيىن مېھمانلارنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئوغلىنىڭ ۋاپاتىدىن مېھمانلار خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار «ئوغلىڭىز قېنى، كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سوراشتى. ئاتا بىچارە: «ئوغلۇم خىزمەت قىلىپ، بەك ھېرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاپ ياتىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى. شۇ كۈنى كېچىسى مېھمانلار بۇ مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ بېغىدا تۈنەشتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن مېھمانلار كېتىشكە رۇخسەت سورىغان ئىدى، بىچارە ئاتا كۆزىگە ياش ئېلىپ:

① ئارەستە – بېزىمەك، پەردازلىماق، ياسانماق، تەرتىپلىك.

— دوستلىرىم، ئوغلۇم ئاخشام بالىخانىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ جان ئۈزدى. كەيپىياتىڭىزلارنى بۇزماسلىق ئۈچۈن سىزلەرگە خەۋەر قىلمىغان ئىدىم. ئوغلۇمنىڭ نامىزىغا سىزلەرنىڭ قاتنىشىپ بېرىشىڭىزلەرنى سورايمەن، — دېدى. مېھمانلار بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تېپىپ ھەممىسى يىغلاشتى ۋە دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇ كىشىگە قاراشتى.

## ئاتا ـ ئانا ھۆرمىتى

بىر مۆتىۋەر ئادەم بىر يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان خىزمەتلىرىنى ئىشىتىپ، ئۇنى زىيارەت قىلماق بولدى. بۇ يىگىت قاسساپ ئىدى. مۆتىۋەر ئادەم قاسساپچىلىق بازىرىدىن ئۇ يىگىتنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال سورىشاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، مەن بىر مۇساپىرمەن. ئەگەر قوبۇل قىلسىڭىز، بۇ كېچىنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئۆتكۈزگەن بولسام، — دېدى.

يىگىت مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئىلتىماسىنى جان دەپ قوبۇل قىلدى، كەچقۇرۇن دۇكىنىنى تاقاپ، ئۇ كىشى بىلەن بىرگە ئۆيىگە قايتتى.

ئۆيىنىڭ بىر چېتىدە ياشانغىنىدىن كىچىككىنە بولۇپ قالغان بىر بوۋاي ياتار ئىدى. يىگىت مېھمانغا جاي كۆرسىتىپ:

— ئەزىز مېھمىنىم، قېنى، بىمالال ئولتۇرۇپ دەم ئالسىلا، تۆشەكتە ياتقان مۆھتەرەم چال مېنىڭ ئاتام بولىدۇ. ئانام يېقىندا ۋاپات قىلغان. ئاتامغا مېنىڭدىن باشقا قارايدىغان ئادەم يوق. ھەر كۈنى ئاتامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئىشقا بارىمەن، — دېدى. يىگىت دەرھال شورپا پىشۇرۇشقا كىرىشتى. تاماق تەييار بولغاندىن كېيىن بىر قاچا شورپىنى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ شورپىنى ئىچكۈزدى. يىگىت ئاتىسىنى ئۇخلىتىپ خاتىرجەم بولغىنىدىن كېيىن، مېھمانغا داستىخان راسلىدى. مېھمانغىمۇ، ئۆزىگىمۇ شورپا كەلتۈرۈپ، بىللە غىزالاندى. مۆتىۋەر مېھمان:

— ئوغلۇم، سەن ئاتاڭنى تويدۇرۇپ، يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ ياتقۇزغىنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئاغزىنى قىمىرلىتىپ تۇردى، ئۇ بىر نېمە دېمەكچىمۇ ـ قانداق؟ — دەپ سورىدى.

يىگىت دېدى:

— مەن ھەر دائىم ئالدى بىلەن ئاتامنى تاماقلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۆزۈم تاماقلىنىمەن. ئەگەر ئاتامدىن بۇرۇن ئۆزۈم غىزالانسام، ئۇ چاغدا ئاتا ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرمەيدىغان تەربىيە كۆرمىگەن، ئەدەپسىز ئوغۇللاردىن بولۇپ قالار ئىدىم. ئاتام مېنىڭدىن كۆپ رازى، ئۇ غىزادىن كېيىن ئاغزىنى قىمىرلىتىپ شۈكرانىلىق بىلدۈرىدۇ ۋە مېنىڭ

ھەققىمگە دۇئا قىلىدۇ. مەرھۇمە ئانامۇ مېنىڭدىن رازى ئىدى، ئۇمۇ دائىم مېنىڭ ھەققىمگە دۇئا قىلار ئىدى.

مۆتىۋەر ئادەم يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئىشىتىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— باركاللا ئوغلۇم! سەن ھەقىقىي پەرزەنت ئىكەنسەن، ئاتا ـ ئانا ھۆرمىتىنى ئۇنتۇغان پەرزەنتلەر سېنىڭدىن ئۆلگە ئالغاي. ئاپىرىن ئوغلۇم، ئاتا ـ ئاناڭغا قىلغان خىزمىتىڭنىڭ خەيرلىك ئەجرىنى كۆرگەيسەن، — دېدى ۋە يىگىت ھەققىگە دۇئا قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە يىگىت بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يولىغا قايتتى.

ئەزىز پەرزەنتلەر! ئاتا ـ ئانىڭىزلارنى ھۆرمەتلەشنى ئەسلا ئېسىڭىزلاردىن چىقارمىڭىزلار. سىزلەر ئاتا ـ ئانىڭىزلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسىڭىزلار كەلگۈسىدە بالىلىرىڭىزلارنىڭمۇ سىزلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشى ئېنىقتۇر.

## پاراسەتلىك بالا

ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن ھارۇن ئەر رەشىد بىر كۈنى باغداد كوچىلىرىنىڭ بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مەكتەپتىن ئۆيلىرىگە قايتىۋاتقان بالىلارغا ئۇچرىشىپ قالدى. شۇلاردىن بىر بالىنىڭ ئۆز ساۋاقداشلىرىغا قىلغان خوش مۇئامىلىسى، دانالارچە سۆزلىرى خەلىپىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ بالىنىڭ ئەقىللىق، پاراسەتلىك ۋە زېرەك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال يېنىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىپ باش ـ كۆزىنى سىيلاپ، بىر دانە تىللا بەردى.

بالا خەلىپىنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلماي، ساۋاقداشلىرى يېنىغا قاراپ ماڭدى. ھارۇن ئەر رەشىد بالىنى توختىتىپ سورىدى:

— ئوغلۇم، مەن بەرگەن سوۋغىنى نېمىشقا ئالمايسەن؟ خەلىپىنىڭ ھۆرمىتىنى رەت قىلىش ئەدەپسىزلىك جۇملىسىدىن ئەمەسمۇ؟

بالا خەلىپىگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، شۇنداق جاۋاب بەردى:

— سۆزلىرىڭىزنىڭ توغرىلىقىدىن زادىلا شۇبھىلەنمەيمەن. ئاتا ـ ئانامنىڭ «خەلىپىلەر بىرەرسىگە سوۋغا بەرمەكچى بولسا، پەقەت بىر تىللا ئەمەس، كۆپرەك تىللا بېرىدۇ»، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەگەر سىلىنىڭ بەرگەن بىر تال پۇللىرىنى ئېلىپ، ئۆيگە بېرىپ ئۇلارغا: «خەلىپە ھارۇن ئەر رەشىد ماڭا بىر تال تىللا بەردى»، دەپ كۆرسەتسەم، قانداق يامان ئەھۋالدا قېلىشىمنى بىلەمدىلا، ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانام سۆزۈمگە ئىشەنمەي: «يالغان سۆزلىمە، ھارۇن ئەر رەشىدنىڭ خەلىپە بولۇپ تۇرۇقلۇق بىر تال تىللا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، سەن نادان، چوقۇم بىراۋنىڭ پۇلىنى ئوغرىلاپ كەپسەن، دەرھال ئىگىسىنى تېپىپ قايتۇرۇپ بەر ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورا. شۇ چاغدىلا پۇلنىڭ ئىگىسى سېنىڭ كىچىكلىكىڭنى كۆزدە تۇتۇپ گۇناھىڭنى كەچۈرىدۇ»، دەپ ماڭا

تىرىكىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تال تىللالىرىنى ئېلىپ بېشىمغا بالا تىرىۋېلىشنى، ئاتا ـ ئانامنى نارازى قىلىشنى ئىستىمەيمەن، مېنى مەئزۇر قىلغايلا.

خەلىپە ھارۇن ئەر رەشىد بۇ ئەقىللىق، پاراسەتلىك، زېرەك بالىنىڭ بىر ـ بىرىدىن گۈزەل سۆزلىرىنى ئىشتىپ زوقلاندى. ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ، پېشانىسىدىن سۆيدى ۋە كىتاب سالىدىغان خالتىسىنى ئالتۇن بىلەن توشقۇزۇپ، ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى. ئەتىسى بۇ زېرەك بالىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ئۆز تەربىيەسىگە ئالدى.

بېيىت:

فەراسەتتىن كۆڭۈلگە كۆز ئېچىلغاي،
ھەممە ھالەتلەرنى ئۇل مەلۇم قىلغاي.

## پەرزەنت ئاتا ـ ئانا زىننىتى

قەدىمدە بىر شەھەر باشلىقىنىڭ خوتۇنى شەھەر مۆتىۋەرلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنى زىياپەتكە چاقىردى. مېھمانلار ئېيتىلغان چاغدا تەشرىپ قىلىشتى. ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشۇپ ئەمزا كەلتۈرۈلگۈچە ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل كىيىملىرى، قىممەت باھا زىبۇ زىننەتلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى ۋە بۇلار بىلەن ماختىنىشتى.

شۇ چاغدا ئاددىي كىيىنگەن، زىننەت بۇيۇملىرى تاقىمىغان بىر ياش ئايال كىرىپ كەلدى. بۇ ئايال زىياپەت ئىگىسىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ ھەممىگە تەك سالام بېرىپ كۆرۈشتى ۋە بىر بوش ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. مېھمانلار بۇ ئايالنىڭ زىياپەت ئىگىسىنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشەر ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاددىي كىيىنگەنلىكى ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى تاقىمىغانلىقىغا ھەيران بولۇشۇپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ئاددىي كىيىنىسىز؟ ئۈزۈك، ھالقا، مارجانغا ئوخشاش قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىز يوقمىدى؟ — دەپ سوراشتى.

ئۇ ئايال جاۋاب بەردى:

— مېنىڭدە سىزلەرنىڭ قىممەت باھالىق نەرسىلىرىڭىزدىنمۇ قىممەتلىك زىبۇ زىننەتلىرىم بار.

مېھمانلار ئۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى سورىۋېدى، ئۇ خوتۇن تاشقىرىغا چىقىپ بىر ئوغۇل، بىر قىزنى باشلاپ كىردى ۋە ئۇلارنى مېھمانلارغا كۆرسىتىپ:

— مېنىڭ جېنىمدىنمۇ قىممەتلىك زىبۇ زىننەتلىرىم مانا شۇلاردۇر. بۇ جىگەر پارىلىرىمنى ئاتامنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپ، سىزلەرنىڭ يېنىڭىزلارغا كىرگەنىدىم، قېنى ئېيتىڭىزلارچۇ، ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن پەرزەنتتىنمۇ قىممەتلىك نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ سىزلەرنىڭ زىبۇ زىننەت دېگەن نەرسىلىرىڭىزلەر پەرزەنت ئالدىدا

ھېچنېمىگە ئەرزىمىگەي. ئەي ئەزىز مېھمانلار، ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان زىبۇ زىننەتلەرگە ئەمەس، بەلكى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىڭىز تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بەرگەيسىزلەر. سۆيۈملۈك جىگەر پارىلىرىڭىزنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، غەيرەتلىك، تۈغۈچلۈق قىلىپ ئۆستۈرۈڭىزلەر. پىكرىڭىز، زىكرىڭىز بالا تەربىيەسى توغرىسىدا بولغاي. پەرزەنت ـ ئاتا ـ ئانا كۆركى، زىننىتى، بەلكى زىننەتلەرنىڭ زىننىتى. بۇنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمىغايسىزلەر، ــ دېدى.

بۇ ئاقىل، دانا خوتۇننىڭ ھەققانىي سۆزلىرىدىن مېھمانلار تەسىرلىنىپ، سۈكۈت ئىچىدە ئۆيگە پېتىپ قېلىشتى.

## چېقىمچىلىقنىڭ جازاسى

ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇللا شۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

بىر پادىشاھنىڭ دانا ۋەزىرى بار ئىدى. ھەر كۈنى پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرگىنىدە: «ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىل، يامانغا ئۆزىنىڭ يامانلىقى كۇپايە»، دەيدىكەن. پادىشاھ ئۇ ۋەزىرنى ھۆرمەت قىلار ئىدى. ئەمما، مۇلازىملىرىدىن بىرى ئۇ دانا ۋەزىرنى كۆرەلمەس ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ھەسەتخور مۇلازىم پادىشاھقا ئېيتتى:

ــ ۋەزىرلىرى ھەر دائىم جانابى ئالىيلىرىنى يامانلاپ: «پادىشاھنىڭ ئاغزى بەتبۇي، سېسىق پۇرايدۇ، يېنىغا بېرىشقا زادىلا تاقەت قىلالمايمەن»، ــ دەيدۇ.

پادىشاھ ھەسەتخوردىن سورىدى:

ــ بۇ سۆزۈڭگە دەلىلىڭ بارمۇ؟

ھەسەتخور:

ــ ۋەزىرلىرىنى ھوزۇرلىرىغا چاقىرتقايلا. ئەگەر ئۇ قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىپ كىرسە، توغرا سۆزلىگىنىمنى بىلۇرلار، ــ دېدى.

بۇ يامان نىيەت مۇلازىم پادىشاھ يېنىدىن چىقىپ ھېلىقى ۋەزىرنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنى ئۆيىگە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ۋەزىر مېھمان بولۇپ بارغاندا، ئۇنى سامساق سېلىنغان تاماق بىلەن مېھمان قىلدى. ۋەزىر زىياپەتتىن ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا باردى. پادىشاھ: «يېقىنراق كەل!» دېۋىدى، ۋەزىر كۆڭلىدە «پادىشاھىمىز سېسىق سامساق ھىدىدىن بىھوزۇر بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە»، دەپ ئويلاپ، ئاغزىنى ئېتىپ پادىشاھقا يېقىنراق كەلدى. پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ، مۇلازىمنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندى.

پادىشاھنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدى: بىر كىمگە ئىلتىپات ياكى غەزەپ قىلسا، خەت يېزىپ مۆھۈرلەپ: «بۇ خېتىمنى مېنىڭ ساراي باشلىقىمنىڭ قولىغا بەر»، دەپ خەتنى شۇ كىشىگە تاپشۇرار ئىدى. ساراي باشلىقى خەتنى ئوقۇپ پادىشاھ نېمىنى

بۇيرۇغان بولسا، شۇنى ئىجرا قىلار ئىدى.

پادىشاھ بۇ نۆۋەتمۇ ئادىتى بويىچە خەت يېزىپ مۆھۈرلەپ، ۋەزىرگە بەردى ۋە ئۇنى ساراي باشلىقىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. ۋەزىر خەتنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدا يولدا ھېلىقى ھەسەتخور مۇلازىم ئۇچراپ قېلىپ ۋەزىردىن:

— نېمە خەت ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپ قىلدى. ۋەزىر:

— پادىشاھ ماڭا قىممەت باھا لىباس ئىنئام قىلدى، — دېدى. ۋەزىر راستلا شۇنداق ئويلىغانىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى مۇلازىم ۋەزىرگە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ:

— ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن خەتنى ماڭا بېرىڭ، لىباسنى مەن ئالاي. بۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان زور ئىلتىپاتىڭىز بولۇر، سىزنىڭ بۇ ئىلتىپاتىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغايمەن، — دېدى.

ۋەزىرنىڭ رەھمى كېلىپ، خەتنى ئۇنىڭغا بەردى.

ھەسەتخور ۋەزىردىن سۆيۈنۈپ، خەتنى ئېلىپ شۇ زامان ساراي باشلىقىغا تاپشۇردى. ساراي باشلىقى خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ مۇلازىملىرىغا:

— بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار، پادىشاھ شۇنداق بۇيرۇپتۇ، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈڭلار! — دېدى.

ساراي باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىشىتكەن ھەسەتخور:

— بۇ خەت ۋەزىرگە بېرىلگەن خەت ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن سوراپ ئالغانىدىم! — دەپ داد - پەرياد قىلىشقا باشلىدى.

ساراي باشلىقى بۇ ۋەقەنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇنى ئىنچىكىلەپ تەپتىش قىلىپ، ھەسەتخورنىڭ سامساق قوشقان تائام بىلەن ۋەزىرنى مېھمان قىلغانلىقىنى، ۋەزىر ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئاغزىنى ئېتىۋالغانلىقىنى ئېنىقلىدى. بۇ ئىشتا ۋەزىرنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. ھەسەتخورغا بولسا قاتتىق جازا بەردى.

پادىشاھ ۋەزىرگە:

— ھەر كۈنى ھۇزۇرۇمغا كىرگىنىڭىزدە ئالدى بىلەن «ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىل، يامانغا ئۆزىنىڭ يامانلىقى كۇپايە»، دېگىنىڭىز ھەق ئىكەن؛ ھەسەتخورنىڭ يامانلىقى ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا چىقتى، — دېدى.

## قاغا بىلەن مۈشۈكنىڭ دوستلۇقى

بىر قاغا مۈشۈك بىلەن جان - جىگەر دوست بولۇشتى. ئۇلار ئورمانلىكى بىر تۈپ دەرەخ تېگىدە ھەر كۈنى شېرىن سۆھبەتلەر قۇرۇشار ئىدى. بىر كۈنى مانا شۇنداق مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان چاغدا يىراقتىن بىر قاپلاننىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ

كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى. قاغا پۇررىدە ئۇچۇپ دەرەخنىڭ ئەڭ يۇقىرى شېخىغا قونۇۋالدى. مۇشۇك بولسا نېمە قىلىشنى بىلمەي، دەرەخكە چىرمىشىپ، ئاران دېگەندە دەرەخنىڭ تۆۋەنكى بىر تال شېخىغا چىقىۋالدى ـ دە، يوپۇرماقلار ئارىسىغا يوشۇرۇندى ۋە قاغىغا يېلىنىپ:

ــ دوستۇم، خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋېتىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاجمەن، بىر ئىلاج قىلىپ مېنى بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇۋال، ــ دېدى.

شۇ دەرەخكە يېقىن يەردە پادىچىلار بار ئىدى. قاغا ئۇچۇپ بېرىپ پادىچىلارنىڭ بىر ئىتىنىڭ بېشىغا قانىتى بىلەن ئۇردى. ئىتلار قاغىنى تۇتۇۋالماق بولۇپ يۈگۈردى. قاغا ئۇچۇپ بېرىپ باشقا يەرگە قوندى، ئىتلار قاغىنى تۇتۇۋالماق بولۇپ ئۇ يەرگە يۈگۈردى. شۇنداق قىلىپ قاغا ئۇچۇپ ـ ئۇچۇپ ئىتلارنى ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. بۇ چاغدا قاپلان مۇشۇكنى يېمەك بولۇپ تۇراتتى. ئىتلار قاپلاننى كۆرۈپ، بىردىن ئۇنىڭغا ئېتىلىشتى. قاپلان ئالاقزادە بولۇپ قاچتى، ئىتلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، قاغا ئۆز دوستى مۇشۇكنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزدى.

***بېشىڭغا مۇشكۇل ئىش چۈشكەندە يارۇدوست كېرەك بولىدۇ. چىن، سەمىمىي دوست ئۆز دوستىغا ياردەم قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ئۇنى ئېغىر، قىيىن ھالدىن قۇتقۇزۇشقا ئىنتىلىدۇ.***

***پەرىدەددىن ئەتتار ئېيتىدۇ:***

***ياخشى ھەمدەم ئىستەبان بول ھەمنەفەس،***
***دۇنيادا ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزمە ئەبەس[1].***

## ۋاپا يولى

بىر تۈلكە يول ئۈستىدە ئەتراپقا قاراپ تۇرار ئىدى. شۇ چاغدا بىر ئىت بىر بۆرە بىلەن دوستلىشىپ، بىر ـ بىرىگە دەخلى قىلماستىن كېلىپ قالدى. تۈلكە بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، بۆلارنىڭ دوستلىشىپ قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ دېدى:

ــ شۈكرىلەر بولسۇن، ئەزەلىي دۈشمەنلىكىڭىزلەر دوستلۇققا ئايلىنىپ، گىنە ـ ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ، ئىناقلىقتا ياشاشقا باشلاپسىزلەر، قۇتلۇق بولسۇن. بۇنىڭدىن مەن كۆپ خۇرسەن بولدۇم. لېكىن بۇ دوستلۇقنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ بۇنى بىلمەك ئارزۇسىدىمەن، ئەگەر چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىزلەر تولىمۇ مەمنۇن بولغان بولار ئىدىم.

ئىت تۈلكىگە شۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ پادىچىنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىقى بىزنىڭ دوستلۇقىمىزغا سەۋەب بولدى. كېچە

[1] ئەبەس – بىھۇدە، مەنىسىز، پايدىسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ بۆرە قويلارغا ھەملە قىلىپ ئۇلاردىن بىرىنى ئېلىپ كەتتى. مەن ئادىتىم بويىچە بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدىم ۋە قوينى مىڭ تەسلىكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، پادىچىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ بەتبەخت مىننەتدار بولۇش ئورنىغا مېنى ئۇرۇپ دىلىمنى رەنجىتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىي دوستۇم پادىچىغا دۈشمەن بولۇپ، دۈشمىنىم بۆرىگە دوست بولدۇم. دوستلۇقىمىزنىڭ سەۋەبى مانا شۇ.

***ھېكمەت:***

***ۋاپا يولىدىن بىر قەدەم سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىك لازىم. ۋاپاسىزلىق قىلىپ دىلنى ئاغرىتىش تۇپەيلى دوستۇڭ دۈشمەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ۋاپاسىزلىق دوستنى دۈشمەنلىك يولىغا باشلايدۇ.***

***بېيىت:***

***خىرەد[1] ئەھلى قاتتىق سۆز بىرلە قىلماس دوستنى بىگانە،***
***يۇمشاق سۆز بىرلە بىگانىنى ئەيلەر دوست ـ ھەمخانە.***

## ئورماندىكى چاشقان

بىر چاشقان ئورماندا سۇغا يېقىن يەردە ياشار ئىدى. سۇدا بىر چارپاقمۇ ياشار ئىدى. بەزىدە ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن قىرغاققا چىقار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە سۇنىڭ لېۋىگە كەلدى، ئۆزىنى بۇلبۇل ھېسابلاپ، يېقىمسىز ئاۋازى بىلەن كوركىراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغان چاشقان چارپاقنىڭ كوركىرىغان نەغمىسىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، بۇ ناخشىچىنىڭ كىملىكىنى بىلمەك، رەڭگىروينى كۆرمەك ئۈچۈن ئىنىدىن تاشقىرىغا چىقتى.

چارپاقا چاشقاننى كۆرۈپ: «ناخشام ئۇنىڭغا ياققان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشماقنى ئىستىدى ۋە چاشقاننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. چاشقان بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دوست بولۇشتى. بىر كۈنى چاشقان چارپاقىغا ئېيتتى.

ـــ دوستۇم، سېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن سۇ لېۋىگە كېلىپ، سېنى ھەر قانچە چاقىرساممۇ ئاڭلىمايسەن، تولا چاقىرىپ ھالىمدىن كېتىدىكەنمەن، تېز ـ تېز كۆرۈشۈپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن بىر چارە تاپايلى.

چارپاقىمۇ دوستى چاشقاننى چاقىرماق ئۈچۈن كۆپ قىينالغانلىقىنى ئېيتتى. چاشقان بىر ئۇزۇن شوينىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ پۇتىغا، ئىككىنچى ئۇچىنى چارپاقىنىڭ پۇتىغا باغلاپ، ئۇنىڭغا:

ـــ سۇ لېۋىگە كېلىپ شوينىنى قىمىرلاتسام، سەن خەۋەردار بولىسەن، سەن

---

[1] خىرەد ـ ئەقىل، دانالىق؛ زاكاۋەت.

ئۇۋامنىڭ يېنىغا كېلىپ شوينىنى مىدىرلاتساڭ، مەن خەۋەر تېپىپ ئىنىمدىن چىقىپ يېنىڭغا بارىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى دوست مۇشۇ چارە ئارقىلىق بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، پاراڭلىشىپ تۇردى.

بىر كۈنى چاشقان چارپاقنى چاقىرماق بولۇپ، سۇ بويىغا كەلگەنىدى، ھاۋادىن بىر قاغا ئۇچۇپ چۈشۈپ ئۇنى كاپلا قىلىپ ئېلىپ قاچتى. شوينىنىڭ بىر ئۇچى چار پاقىنىڭ پۇتىغا باغلانغانلىقىدىن، ئۇمۇ سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا لەيلەپ كېتىپ باراتتى. بۇ قىزىق ھالنى كۆرگەن ئادەملەر:

— قاراڭلار، قاغا چارپاقنى ئوۋلاپتۇ، ئەجەبا، ئۇ ھېچقاچان چار پاقنى ئوۋلىماس ئىدىغۇ، دەپ تەئەججۈپلىنىپ بىر - بىرلىرىگە كۆرسىتىشتى.

***ھېكمەت:***

***ھەر كىم ئۆزىگە مۇناسىپ كىشى بىلەن دوستلىشىپ، ئۈلپەتچىلىك قىلغاي.***

***بولمىسا، بالا - قازا زەنجىرىگە چارپاقتا ئوخشاش ئېسىلىپ قالۇر.***

***بېيىت:***

***ھەر كىشىكى باقماپتۇر ئۆز ئىشى پايانىغا،***

***مۇرادى ھاسىل بولماس، يەتمىگەي ئارمانىغا.***

## تىكەنلىك دەرەخنىڭ ئاقىۋىتى

بىر تىكەنلىك دەرەخ باغۋەنگە:

— ئەگەر مېنى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكسەڭ، گۈل ۋە يېمىشلىرىم ھەممىگە مەنزۇر ۋە ماقۇل بولغاي، — دېدى.

باغۋەن تىكەنلىك دەرەخنىڭ سۆزىگە چىن پۈتۈپ، ئۇنى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىدى ۋە ياخشى پەرۋىش قىلدى، تىكەنلىك دەرەخ تېز ئۆسۈپ يوغان دەرەخ بولدى. شاخلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلىپ، شاخلىرىدىن نەيزىدەك تىكەنلەر ئۆسۈپ چىقتى. ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم بارالمىدى.

باغۋەن ئەسلىدە ياخشى ھىدلىق گۈللەر، شېرىن تەملىك مېۋىلىك دەرەخلەر تىككەن ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە تىكەنلىك دەرەخ ئۇلارنى ئوراپ ئېلىپ، ئۆسۈشلىرىگە، مېۋە بېرىشلىرىگە توسقۇنلۇق قىلدى. باغۋەن تىكەنلىك دەرەخنى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا، گۈل ۋە يېمىشلىك دەرەخلەر ئارىسىغا تىككەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى شۇ زامان قومۇرۇپ تاشلىدى.

***ھېكمەت:***
***كىمەرسىكى يامانلارغا ياخشىلىق قىلغانسېرى، ئۇلاردىن شۇنچە يامانلىق كۆرگۈسى. يامان كىشى يامانلىقنى قىلماي قويماس.***
***بېيت:***
***يامان، ئۇسال كىشىدىن ھەممە قاچقاي،***
***ئۇنىڭ قىلمىشىدىن ھەر كىم سۆز ئاچقاي.***

## ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگەن

بىر بۆرە دالىدا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرەر ئىدى. ئۇ ئوت ـ چۆپ ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقان توشقاننى كۆرۈپ، سۆيۈنگىنىدىن ئۇ تەرەپكە ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭدى. توشقان ئۇنىڭ تىۋىشىدىن ئويغىنىپ قاچماق بولدى، ئەمما بۆرە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قېچىشقا ئىمكان بەرمىدى. توشقان قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترەپ بۆرىگە يېلىندى:

ــ بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ھايۋانلارنىڭ خانى بولمىش ئۆزلىرى ھازىر ناھايىتى ئېچىرقاپ كەتتىلە. لېكىن كىچىككىنە ۋە ئاجىز بەدەن كەمىنە ھەزرىتى ئالىيلىرىغا ئاران بىر پارچە لوقمىلا بولىمەن، بۇنىڭ بىلەن مۇرادلىرى ھاسىل بولماس. مۇشۇ يەرگە يېقىن يەردە سېمىز تۈلكە ياشايدۇ. ئەگەر سىلى رۇخسەت بەرسىلە، ئۇنى بىر ھىيلە بىلەن ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلىۋېرەي. ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئالىيلىرى ئۇنىڭ گۆشىدىن مەززە قىلىپ يەپ، مېنىڭدىن خۇشال بولغايلار، ــ دېدى. بۆرە توشقاننىڭ سۆزلىرىدىن شادلىنىپ، ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بەردى ۋە تۈلكە گۆشىگە ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردى.

مۇشۇ يەرگە يېقىن يەردە بىر مەككار تۈلكە ياشار ئىدى. توشقان ئۇنى زادىلا ياقتۇرماس، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا گىنە ـ ئاداۋەت ساقلار ئىدى. توشقان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماق بولدى. ئۇ بۆرىنى يېقىنراق بىر يەرگە يوشۇرۇپ، ئۆزى تۈلكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سالام بەردى. تۈلكىمۇ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەرگە قەدەم رەنجى قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

ــ ئۇزۇندىن بېرى سىلى بىلەن سۆھبەتلىشىش نىيىتىدە بولساممۇ، ئىش كۆشلىرىمنىڭ كۆپلۈكىدىن مۇرادىمغا يېتەلمەي كېلىۋېدىم. بىر كارامەت ئىگىسى پىرى ئىشانىمىز بار ئىدى. ئۇ سىلىنىڭ خىلۋەتتە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، سىلى بىلەن كۆرۈشمەكنى ئارزۇلايدىكەن. شۇڭا، مېنى سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى. ناۋادا ئىجازەت بەرگۈدەك بولسىلا، ھۇزۇرلىرىغا كىرىشكە ئىنتىزاردۇرلەر، ــ دېدى توشقان.

تۈلكە توشقاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھىيلە ـ مىكىر نەقىشىنى ئوقۇدى ۋە كېسەلگە ئاتقانغا تاش ئېتىش بىلەن جاۋاب بېرەي دەپ، توشقانغا خۇشامەتلەر قىلىپ ئېيتتى:

ــ شۇنداق ئەزىز زات ماڭا مېھمان بولغۇدەك بولسا، ئاياغلىرىنىڭ چاڭ ـ

توپىسىنى كۆزلىرىمگە سۈرمە قىلغايمەن. لېكىن، تاشقىرىغا چىقىپ بىردەم تۇرۇپ تۇرغان بولسىڭىز، ئۆيۈمنى بىر قۇر سۈپۈرۈپ تازىلىۋالاي. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىڭىزغا چىقۇرمەن، شۇ چاغدا ئەزىز مېھمان بىلەن بىرگە كۇلبەمگە تەشرىپ قىلغايسىز.

توشقان تاشقىرىغا چىقىپ بۆرىدىن سۆيۈنچە ئالدى. تۈلكە ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بىر ئورا كولاپ، ئۈستىنى ئوت ـ خەسلەر بىلەن يېپىپ قويغانىدى. دۈشمەن كەلگەندە ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر يوشۇرۇن يولمۇ هازىرلاپ قويغانىدى. توشقان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورىنىڭ ئاغزىنى ئوتلار بىلەن يېپىپ:

— قېنى، ئەزىز مېھمانلار، قەدەم تەشرىپ قىلغايلا، — دەپ ئۇلارنى چاقىردى.

بۆرە بىلەن توشقان تۈلكىنىڭ قاپقاراڭغۇ ئۆيىگە ئاياغ بېسىشى بىلەنلا ئورىغا چۈشۈپ كەتتى. تۈلكە بولسا ئالدىن تەييارلاپ قويغان يوشۇرۇن يولدىن قېچىپ كەتتى. بۆرە: «مېنى ئالداپ ئورىغا چۈشۈردى» دەپ گۇمان قىلىپ، توشقاننى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى.

***ھېكمەت:***

***ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان سالماق ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن كىشى توشقاننىڭ ھالىغا قالۇر.***

***بېيىت:***

***چىقمىغىل سەن مەككارلىقنىڭ تامىغا،***
***چۈشۈرىسەن ئەلۋەتتە بەلانىڭ دامىغا.***

## شىجائەتسىز كىشى

ھىندى ھەكىملىرىنىڭ مەسەللىرىدە ئېيتىلىشىچە، بىر چۈمۈلە غەيرەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىدى. ئۈچۈپ كېتىۋاتقان بىر قۇش چۈمۈلىنى كۆرۈپ قالدى. چۈمۈلە زەۋق ـ شەۋق بىلەن ئىشقا بېرىلىپ، دۆڭلۈكنى تۈزلىمەك بولۇپ، ئۇنىڭ توپىسىنى ئاز ـ قازدىن كولاپ، بىر ياققا توشۇۋاتاتتى. قۇش چۈمۈلىنىڭ بۇ ئىشىغا تەئەججۈپلىنىپ:

— ئەي پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ئورۇقى ۋە ھەممە جانىۋارلارنىڭ كۈچسىزى، ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان قىيىن ئىشقا تۇتۇش قىلىپسەن، ئۆزۈڭنى مۇنچە قىيناشتىن مەقسىتىڭ نېمىدۇر؟ — دېدى.

— مەن ئۆز جىنسىمدىن بىرسىگە كۆڭۈل بېرىپ ۋىسال تىلىگەنىدىم، مەشۇقۇم: «غەيرەت ئايىغىنى بۇ تۆپە ئۈستىگە قوي، ئۇنى بىر ياققا ئېلىپ تاشلا، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭدىن ۋىسال تەلەپ قىل» دەپ شەرت قويدى. شۇڭا بۇ ئىشقا كىرىشتىم، غەيرەت قىلسام تۆپىنى ئېلىپ تاشلايمەن دەپ ئىشىنىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى چۈمۈلە.

قۇش ئۇنىڭغا دېدى:

— تۆپىنى ئېلىپ تاشلاش سىنىڭ ئىشىڭ ئەمەس. بىكاردىن ـ بىكار ئاۋارە بولۇپ ئۆزۈڭنى قىينىما.

— مەن غەيرەت مەقامىدا مەھكەم تۇرۇپ، بۇ ئىشقا قەدەم قويغانمەن. ئەگەر تۆپىنى يوقىتالىسام مۇرادىم ھاسىل بولۇر. يوقىتالمىسام، مېنى ئەيىبلىمىگەيسەن. ئۆزلۈكنى قوبۇل قىلسا ئەجەب ئەمەس.

مۇرادىمغا شىجائەتلە يېتۇرمەن،
غەم ـ ئەندۇھنى[①] ئۆزدىن يىراق قىلۇرمەن.
غەيرىتىمدىن بولمىسا مەقسەت ھاسىل،
ئۇندا ئۆزۈرلۈك بولغۇم، سەبىر ئېتۇرمەن.

— دەپ جاۋاب بەردى چۈمۈلە.

***ھېكمەت:***

***جاپا چەكمەي مۇراد ھاسىل بولماس. كىشىنى ئىزگۈ نىيەت يولىدىن ياندۇرماق بولۇپ، سوغۇق سۆز سۆزلىگەن نادان، شىجائەتسىز كىشىلەر بىلەن دوستلاشما. چۈنكى ئۇندا قلاردىن ياخشى، پايدىلىق كېڭەش چىقماس.***

## بىر ۋاڭنىڭ ھالىغا كۈلمە

بىر توشقان بىر كۈنى بىر ئوتلاقتا مەززە قىلىپ ئوتلار ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوتلاپ يۈرگىنىنى بىر بۈركۈت كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇ ۋاقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ ئۇنى چاڭگاللاپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. شور پېشانە توشقان بۈركۈت چاڭگىلىدا ئىڭراپ نالە قىلار ئىدى. بىر قۇشقاچ توشقاننىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنى مازاق قىلىپ:

— ئەي يۈگۈرۈك توشقانچىقىم، ئادەتتە ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرەر ئىدىڭ، ئەمدىلىكتە بۇ يۈگۈرۈكلۈكۈڭ كارغا كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ، ئەجەب بۈركۈت چاڭگىلىغا چۈشۈپ قاپسەنغۇ؟ — دەپ قىچقىردى.

شۇ چاغدا يەنە بىر يىرتقۇچ قۇش — كۆكۈنەك قۇشقاچنىڭ ئاۋازىنى ئىشتىپ قالدى ۋە شۇ زامان ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قامالاپ ئېلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قۇشقاچنىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرگەن توشقانمۇ:

— قۇشقاچجان، قانداق ئەھۋالىڭ؟ سەن ناھايىتى تېز ئۇچار ئىدىڭغۇ، قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇ گۈزەل قاناتلىرىڭ ياردەم قىلمىدىمۇ؟ نېمىشقا تۇتۇلۇپ قالدىڭ؟ — دېدى.

① ئەندۇھ — روھىي ئازاب، خاپىچىلىق؛ قايغۇ، غەم — غۇسسە.

***ھېكمەت:***
***بىراۋنىڭ بېشىغا چۈشكەن پالاكەتتىن كۈلۈپ، ئۇنى مەسخىرە ئېتىش يارىماس قىلىقتۇر. بەلكى ئېغىر ھالغا چۈشۈپ قالغان كىشىگە قولدىن كېلىشچە ياردەم قىلىپ، ئۇنى شۇ مۈشكۈلچىلىكتىن قۇتقۇزماق كېرەكتۇر. باشقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى سېنىڭ بېشىڭغا چۈشمەيدۇ، دېگىلى بولماس.***

## دالىدىكى ئارسلان

بىر ئارسلان دالىدا ئىككى كېيىك بالىسىنىڭ ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى ۋە كۆيۈمچان ئانىسىنىڭ ئۇلارنى قورۇقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كېيىك بالىلىرىنى ئوۋلىماق قەستىگە چۈشۈپ يوگۈردى. بىچارە ئانا كېيىك:

— ئەي ھايۋانلارنىڭ سۇلتانى، بۇ ئىككى نارەسىدە گۆدەكنى يېيىشتىن ساڭا نىمە مەنپەئەت ھاسىل بولۇر؟ مېنى كۆز نۇرلىرىم پىراقى ئوتىدا كۆيدۇرمە، باغرىمنى كاۋاپ قىلما، ئاخىر سېنىڭمۇ بالىلىرىڭ بارغۇ، مېنى بالىلىرىم داغىدا كۆيدۇرسەڭ، سېنىڭمۇ پەرزەنتلىرىڭگە بالا - قازا كېلىشىنى ئويلىساڭچۇ، — دەپ پەرياد قىلىشقا باشلىدى.

ئارسلان ئانا كېيىكنىڭ نالىسىگە پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئۆلتۈردى. مېھرىبان ئانا بالىلىرىنىڭ ئوت پىراقىدا ھەر ياققا چېپىپ پەرياد چېكەر ئىدى. شۇ چاغدا قۇلان يېتىپ كەلدى. ئانا كېيىكتىن ئەلەملىك ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ نالە - پىغان قىلىشقا باشلىدى. كېيىن ئانا كېيىككە تەسەللى بېرىپ: «كۆپ قايغۇرما، رەھىمسىز ئارسلان پات ئارىدا ئۆز جازاسىنى تارتقۇسى»، — دېدى.

كۆرگۈلكى، شام پەرۋانىنى كۆيدۇردى،
ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز يېغىدا ئۇ كۆيدى.

ئارسلان كېيىك بالىلىرىغا قەست قىلغۇاتقان چاغدا بىر ئوۋچى ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئوۋلاشقا كىرىشكەنىدى. ئارسلان كېيىك بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن دەمدە ئوۋچى ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىلىرىنى شىلىۋالدى. ئارسلان ئوۋۇسىغا قايتىپ، بالىلىرىنى ئۆلگەن، تېرىلىرى شىلىۋېلىنىپ توپىغا مىلىنىپ ياتقان ھالدا كۆرۈپ، داد - پەرياد قىلىشقا باشلىدى.

بېيىت:

ئىستىسەڭ سەن يەتمىگەي بېشىڭغا بەلا،
كىشىلەرگە قىلما يامانلىقنى رەۋا.

***ھېكمەت:***

***كىمكى ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە مەغرۇرلىنىپ، باشقىلارغا ئىتتەم قىلسا، بۇ ئۆزىنىڭ گۇمران بولۇشىغا يول ئاچقانلىقتۇر. بۇنداق يارىماس ئادەت ھەر كىمنى بالاغا گىرىپتار قىلۇر.***

## ئۆز ھۈنىرىڭنى قەدىرلە

بىر كىر يۇغۇچى ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى بىر غازنىڭ ئېرىق بويىدا يۈرۈپ سۇدىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى تېرىپ يەپ، كېيىن ئۆز ئۇۋىسىغا كېتىدىغانلىقىنى كۆرەر ئىدى. بىر كۈنى بىر لاچىن پەيدا بولۇپ، ئۆزىدىن چوڭ كەكلىكنى ئوۋلاپ، ئۇنىڭدىن ئازراق يېدى ـ دە، قالغىنىنى تاشلاپ كەتتى. غاز بۇنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە:

ــ لاچىن چېغىدا كىچىككىنە جېنى بىلەن ئۆزىدىن چوڭ جانىۋارلارنى ئوۋلايدۇ ـ يۇ، مەن شۇنچە چوڭ گەۋدەم بىلەن نەدىكى ئۇششاق ـ چۇششەك نەرسىلەرگە قانائەت قىلسام بولامدۇ؟ مەن نېمىشقا چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلمايمەن ـ ھە؟ ــ دەپ قۇرت ـ قوڭغۇز شىكارىنى تاشلاپ، كەپتەر ۋە كەكلىكلەرنى تۇتماق بولدى. كىر يۇغۇچى غازنىڭ ئىشىنى يىراقتىن تاماشا قىلىپ تۇرار ئىدى. شۇ چاغدا بىر كەپتەر ئۇچۇپ كەلدى، غاز ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. كەپتەر ئېرىق بويىغا بېرىپ غازنىڭ ئالدىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. غاز ئۇنى تۇتىمەن دەپ ئېرىق بويىغا يىقىلىپ، ئايىغى لايغا پېتىپ قالدى. ئايىغىنى لايدىن چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنغانسېرى شۇنچە پاتتى. كىر يۇغۇچى كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. يولدا ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇچرىشىپ:

ــ ئاغىنە، نېمىنى ئېلىپ كېلىۋاتىسەن؟ ــ دەپ سورىۋېدى، كىر يۇغۇچى:

ــ قولۇمدىكىنى دەمسەن؟ لاچىن ئىشىنى قىلماق بولۇپ، ئۆز ھاياتىنى بەربات قىلغان غازنى ئېلىپ كېلىۋاتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

***ھېكمەت:***

***ھەر كىم ئۆز ھۈنىرىنى قەدىرلەپ، ئۆزى بىلمىگەن ھۈنەرگە قول ئىنتىلماسلىقى كېرەك. ئۆزىنىڭ كەسىپ ـ ھۈنىرىنى تاشلاپ، نامۇناسىپ ئىشقا ئۇرۇنسا، ئۇنداقلارنىڭ بېشىغا غازنىڭ كۈنى چۈشكەي.***

***بېيىت:***

***چىقار مىغىل ئاغزىڭدىن قىلماس ئىشنى،***
***قىلۇرمەن دېمە قولۇڭدىن كەلمەس ئىشنى.***

## ئاز ئىشلە، ساز ئىشلە

بىر كۈنى مۆتەكەببۇر ئۆمۈچۈك يىپەك قۇرتىغا:

— مېنىڭ ساڭا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. كىچىككىنە يىپەك ئۈچۈن ئالدىرىماي ئىشلەپ، تولىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىسەن. مانا، ماڭا قارىغىنا، تېز - تېز ئىشلەپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە تامنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە تور تارتىپ بولىمەن. سەنمۇ ماڭا ئوخشاش تېز - تېز ئىشلەپ يىپەك تارتساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

يىپەك قۇرتى ئۇنىڭغا:

— توغرا ئېيتىسەن، ئىشقا ئەلۋەتتە تېزلىك، سۈرئەت كېرەك. لېكىن ساڭا ئوخشاش ھاپىلا - شاپىلا ئىشلەشتىن پايدا چىقماس، شۇڭا سېنىڭ تورۇڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، مېنىڭ تورۇم بولسا ناھايىتىمۇ قىممەتلىكتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

***ھېكمەت:***

***ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىشلەشتىن ھېچ پايدا ھاسىل بولمىغاي. ئىشنىڭ سانى بولغىنىدىن، ساز بولغىنى ياخشى. ئاتىلار «ئاز ئىشلە، ساز ئىشلە» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان.***

***بېيىت:***

***ئالدىراقسانلىق كۆچىتىنى ئوتقۇزساڭ،***
***تەھقىق، بەرگۈسى مېۋەئى پۇشەيمانلىق.***

## ھەرە بىلەن چۈمۈلە

بىر ھەرە مىڭبىر جاپادا بىر تال داننى توشۇپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— ئەي چۈمۈلە، نېمىشقا بۇنچە رەنجۇئەلەمنى ئۆزۈڭگە يۈكلىۋالدىڭ؟ نېمە سەۋەبتىن بۇنچە مۇشەققەتنى ئىختىيار قىلدىڭ؟ مېنىڭ يېيىش - ئىچىشىمگە بىر قارىغىنا، كەل، سەنمۇ بۇلاردىن بەھرىلەن. مەن خالىغان يېرىمگە قونىمەن، خالىغان نەرسىنى يەيمەن، سەن بولساڭ بىر تال دان ئۈچۈن شۇنچە جاپا چېكىسەن، — دېدى ۋە ئۇچۇپ بېرىپ قاسساپنىڭ گۆشىگە قوندى. قاسساپ پىچاق بىلەن بىر ئۇرغان ئىدى، ئىككى پارە بولۇپ يەرگە چۈشتى. چۈمۈلە دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىشلەپ، ئۇۋىسىغا ئېلىپ ماڭدى. ھەرە چۈمۈلىدىن:

— مېنى قەيەرگە ئەپ كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، چۈمۈلە:

— ئاچ كۆزلۈك بالاسىغا مۇپتىلا بولۇپ، ئۆزىنى بىلمىگەننىڭ ھالى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان يەرگە، — دەپ جاۋاب بەردى.

***ھېكمەت:***
***جاپا تارتسىمۇ ھالاللاپ ئىشلەپ يېگەن خار بولماس، تەييارتاپ ئاچ كۆز كىشىنىڭ نەپسى تويماس.***

## ھەقىقىي ۋە تاسادىپىي دوست

بىر دانىشمەننىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئادەم كېلىپ، دوست تېپىشنىڭ قىيىنلىقىدىن زارلاندى. دانىشمەن ئۇنىڭغا دېدى:

— سېنىڭ دەرد ـ ئەلەمڭنى تەڭ تارتىدىغان، شادلىقىڭغا شادلىنىدىغان دوستنى ئىزدىسەڭ، بۇنداق دوست كەمدىن ـ كەم تېپىلۇر. ساڭا ئۆزىنى دوست قىلىپ كۆرسىتىدىغان تاسادىپىي دوستلار بولسا ناھايىتى كۆپتۇر.

ئۇ كىشى يەنە سورىدى:

— ئەگەر ھەقىقىي دوستنى تېپىشقا مۇيەسسەر بولسام، ئۇنىڭ بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولمىقىم كېرەك؟

— ھەقىقىي دوست تاپالىساڭ، ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق مۇئامىلىدە بول: دوستلۇققا سادىق بول، خىيانەت قىلما؛ كۆڭلۈڭدىكى دوستلۇق مۇھەببىتىنى قولۇڭ ۋە تىلىڭ بىلەن كۆرسەت؛ دوستۇڭنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشتىن ساقلان؛ ئۇنىڭ يېنىدا باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلما؛ دوستۇڭ موھتاجلىقتا قالسا، ئۇنىڭغا دەرھال ياردەملەش؛ ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىب يۈز بەرسە، بىرەر خالىي جايدا ئۇنىڭغا دەپ، يۇمشاقلىق بىلەن نەسىھەت قىل؛ ئەگەر دوستۇڭ سېنىڭ ئەيىبىڭنى ئېيتىپ ساڭا نەسىھەت قىلسا، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بول؛ دوستۇڭغا يالغان سۆزلىمە؛ ئۇنىڭ دۈشمىنى بىلەن دوستلاشما؛ دوستۇڭنىڭ بېشىغا بىرەر مۈشكۈل ئىش چۈشسە، قايغۇلۇق ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇنى شۇ مۈشكۈلاتتىن، قايغۇدىن قۇتقۇزۇشقا جان ـ دىلىڭ بىلەن تىرىشقىن، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بول.

ئۇ كىشى دانىشمەندىن يەنە:

— تاسادىپىي دوستلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

دانىشمەن مۇنداق مەسلىھەتنى بەردى:

— تاسادىپىي، يۈزەكى دوستلارغىمۇ قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل، لېكىن ئۇلارغا سىر ـ ئەسرارىڭنى بىلدۈرمە؛ ئۇلارنىڭ يېنىدا ھەرخىل سۆزلەرنى سۆزلەشتىن تىلىڭنى تارت؛ ئۇلارنى ياخشى مۇئامىلە بىلەن خۇرسەن قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئۆزۈڭگە تارتىشقا تىرىش؛ ئۇلاردىن بىرەرسى كۆرۈنمەي قالسا، باشقىلىرىدىن ئۇنىڭ ھالىنى سورا؛ پۇل ـ مېلىڭنى ئۇلارغا ئېيتما، ئۆز ئەھۋالىڭنى يوشۇرۇن تۇت.

*بېيت:*
*ساقلىغىل سىرىڭنى، ھەر كىمگە زىنھار قىلمىغىل رەۋشەن،*
*كۆزۈڭ ياغىن يېدۈرسەڭ دوست، ئەمما بەرمىسەڭ دۈشمەن.*
*ھەمراھى قابىل بىلەن يۈر، بىر غېرىچ يول بولسا ھەم،*
*يۈرمىگىل ناجىنس بىلەنكىم، يولدا يولداش ئۆزگىدۈر.*

## سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر

تەلىم ـ تەربىيە ئالىملىرىدىن بىرى ئېيتىدۇ:

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە سەكسەن ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي ياغاچ ئۆيدە ئولتۇرغانىدى. بوۋاينىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يۈزى قىپقىزىل، بېلى ۋە پۇت ـ قوللىرى قۇۋۋەتلىك، باشقا ئەزالىرىمۇ ساق ئىدى. بوۋاينىڭ ئالدىدا نەۋرە ـ ئەۋرىلەر ئوينىشىپ يۈرەر ئىدى.

شۇ چاغدا بىر يىگىت كېلىپ بوۋايغا سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. بوۋاي بىلەن بىردەم سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ ياش يىگىتلەردەك كۈچلۈك ۋە غەيرەتلىك تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى: بوۋاي يىگىتكە مۇنداق جاۋاب بەردى:

ئاتا ـ ئانام كىچىكىمدىن تارتىپلا كۈن چىققۇچە ئۇخلاپ يېتىشىمغا يول قويماس ئىدى. شۇڭلاشقا ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تازىلانغىنىمدىن كېيىن، بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەتلەندىم، ئىش ـ ئەمگەكتىن زادىلا ئېرىنمىدىم. ئىلىمگە ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ، چالا ـ پۇلا ئۆگەنمەستىن، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم. پۈتكۈل ئۆمرۈمنى ئىش ـ ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئەمگەك ئەزالىرىمنى قۇۋۋەتلىك قىلدى. ئۆمرۈمنى ئۇزۇن، تېنىمنى سالامەت قىلدى. ئەمدى باللىرىم ۋە نەۋرىلىرىمنىمۇ ئىش ـ ئەمگەك قىلىشقا ئۆگىتىپ تۇرىمەن. ئەگەر سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ۋە ساغلام، قۇۋۋەتلىك بولۇشنى ئىستىسەڭ، ئىش ـ ئەمگەكتىن قاچما، ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلە، ھەرقانداق ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلە، ھورۇنلۇق قىلما.

## ئاتا ـ ئانىسىغا مۇھەببەتلىك قىز

قەدىمكى زاماندا ئوغرى، خىيانەتچى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرى ئىسپاتلانسا، ئۇلارنىڭ قوللىرى كېسىلەر ئىدى. بىر كۈنى شەھەر ھاكىمىنىڭ ئالدىغا ئوغرىلىقتا ئەيىبلەنگەن بىر كىشىنى ئېلىپ كېلىشتى. ھاكىم ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدى. خەلق يىغىلدى. ئوغرىنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىشتى، جاللات ھازىر بولدى. شۇ چاغدا بىر كىچىك قىز ھاكىمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تىز چۆكۈپ يىغلاپ ئېيتتى:

— ھاكىم جانابلىرى، يامان ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاتامنىڭ قولىنى كېسىشكە

بۇيرۇپتىلا. ئاتام يامان ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى جازالاشقا ھەقلىق ئىكەنلىكلىرىنى بىلىمەن. ئاتامنىڭ مېنىڭدىن بۆلەك تۆت كىچىك بالىسى بار. ئانىمىز بولسا كېسەل. بىزلەرنى باقالمايدۇ. ئەگەر ئاتىمىزنىڭ قولىنى كەستۈرسىلە، بىزلەر ئاچلىقتىن ئۆلىمىز. ئاتىمىزنىڭ قولىنى كەستۈرمىگەيلا، ئەگەر قول كېسىشتىن باشقا ئىلاج بولمىسا، ئاتىمىزنىڭ قولى ئورنىغا مېنىڭ قولۇمنى كەستۈرگەيلا.

ھاكىم بۇ كىچىك قىزدىكى ئاتا ـ ئانىغا بولغان مۇھەببەتنىڭ بۇ قەدەر كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى. يەنە ئۇنى سىنىماق ئۈچۈن:

ـــ مەيلى، ئاتاڭنىڭ قولى ئورنىغا سېنىڭ قولۇڭنى كەستۈرىمەن. ساڭا بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي، ئويدان ئويلان، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمىغىن، ـ دېدى.

ئەتىسى قىزنىڭ ئاتىسىنى قولىنى باغلاپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىشتى. قىزمۇ ھازىر بولدى. قىز ئاتىسىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ:

ـــ ئاتا، ھەرگىز قورقماڭ، مەن ھاكىمغا ئاتىمىزنىڭ قولى ئورنىغا مېنىڭ قولۇمنى كەستۈرگەيلا، دەپ يېلىنىدىم، ئۇ ماقۇل بولدى. ھازىر مېنىڭ قولۇمنى كېسىپ، سىزنى ئازاد قىلىدۇ، ـ دەپ قولىنى جاللاتقا ئۇزاتتى.

قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئىشىتىپ، ھاكىم قاتتىق تەسىرلەندى. جازا مەيدانىغا توپلانغان خەلقمۇ ھاياجىنىنى باسالماي يىغلاپ كېتىشتى.

ھاكىم قىزنىڭ ئاتىسىنى دەرھال ئازاد قىلدى، قىزنى ئەركىلىتىپ، ماختاپ، كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ چەكسىز سۆيۈنۈپ ئۆيىگە قايتتى.

ھاكىم جازا مەيدانىدىكى بىر مەرمەر تاشقا: «كىچىككىنە قىز ئاتىسىنىڭ قولى ئورنىغا ئۆزىنىڭ قولىنى كېسىشىنى ئىختىيار قىلدى. شۇ قىزدەك پەرزەنتكە ئىگە بولغان ئاتا ـ ئانىلار نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!» دېگەن پۈتۈكنى يازدۇردى.

***بېيىت:***

***ھەر كىشىنىڭ بولسا پەرزەنتى شۇ قىزدەك مېھرىبان،***
***بەختىۇ ئىقبال ئۇ كىشىنىڭ يارى بولغاي بىگۇمان.***

## ۋاپاسىز دوست

بىر پازىل ئادەم مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

بىر قېتىم خارەزمگە سەپەر قىلغىنىمدا بىر كىشى ماڭا يولداش بولدى. ئۇنى يول بويى يېدۈرۈپ، ئىچتۈرۈپ يۈردۈم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە سەمىمىي دوستلۇقىنى تىنماي سۆزلەپ ماڭدى. بىزگە بىر ئىتمۇ ھەمراھ ئىدى.

يولدا ئىككى ئوغرى بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ھېلىقى ھەمراھىم ئوغرىلارنى يىراقتىن كۆرگەن زامان مېنى تاشلاپ قاچتى. ئىت بولسا بىر ئوغرىنىڭ ئايىغىدىن چىشلەپ

يەرگە يىقىتتى، تالىدى. بۇ ئوغرى ئاران دېگەندە قېچىپ قۇتۇلدى. ئوغرىلارنىڭ يەنە بىرسىنى مەن يەڭدىم. ئۇمۇ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئىتنىڭ ياردىمىدە ئوغرىلاردىن قۇتۇلدۇم.

ھېلىقى ھەمراھىم ئوغرىلارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ يېنىپ كەلدى ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن ھالىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— يوقال، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، ساڭا ئوخشاش «دوست»تىن مۇنۇ ئىت ۋاپادار ئىكەن، — دەپ ئۇنى تاشلاپ ئىت بىلەن بىرگە خارەزمگە قاراپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

## تۇتۇن ۋە چوغ

تۇتۇن ئوتقا زارلىنىپ دېدى:

— ئانا، مەن سىزنىڭ قىزىڭىز تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا قاپقارامەن، سىز بولسىڭىز چوغ بولۇپ پارلاپ يېنىپ تۇرسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟

ئوت شۇنداق جاۋاب بەردى:

— قىزىم، بۇ ئىشنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، ھەربىر ئىنسان بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ پارلاقلىقى بىلەن پارقىرايدۇ. بالىنىڭ پارلاق بولۇشى ئۈچۈن پارلاق ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتى بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنى ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك ئاتا ـ ئانىسى بولسىلا ھەممە بالا ئۇلاردەك پەزىلەتلىك بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىنىڭ ئۆزى گۈزەل پەزىلەتنى ئىگىلىمىكى كېرەك. شۇندىلا ئۇ پەرزەنت پارلايدۇ، چوغدەك يېنىپ تۇرىدۇ.

***ھېكمەت:***

***پەرزەنتنىڭ ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك بولۇشىغا ئۇنىڭ نەسىل ـ نەسەبى ئەمەس، ئۆزىنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتى سەۋەب بولۇر.***

***بېيت:***

***كىشى گەر ئۆز شامىنى ياندۇرماس،***

***يورۇقلۇق نىشانىنى ئەسلا كۆرەلمەس.***

## ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتى، يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتى

ھېكايەت قىلۇركى، بىر كىشى خوتۇنى بىلەن بىللە قورۇلغان توخۇ گۆشى يەپ ئولتۇرار ئىدى. شۇ چاغدا بىر گاداي كېلىپ ئىشىكنى تاقىلداتتى. ئۆي ئىگىسى ئىشىكنى ئېچىۋىدى، تىلەمچى ئۆز ھالىنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى. ئۆي ئىگىسى ھېچ نەرسە بەرمەي، ئۇ بىچارىنى قوغلىۋەتتى.

بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئادەمنىڭ ئامىتى كېتىپ، قول ـ ئىلكىدە

ھېچ نەرسىسى قالماي موھتاجلىققا چۈشۈپ قالدى ۋە ھەتتا خوتۇنغىمۇ جاۋاب بەردى. خوتۇن ئۇنىڭدىن ئاجراپ، باشقا ئەرگە تەگدى. ئۇ بىر كۈنى يېڭى تەگكەن ئېرى بىلەن نان ۋە قورۇلغان توخۇ گۆشى يەپ ئولتۇرغان ئىدى. بىر گاداي كېلىپ سەدىقە سورىدى. ھېلىقى ئەر دەرھال بىر نان ئۈستىگە توخۇ گۆشىنى ئېلىپ، خوتۇنغا بۇ تاماقنى گادايغا ئەپ چىقىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. خوتۇنى تاماقنى گادايغا بەردى ـ دە، يىغلىغىنىچە ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كىردى. ئېرى يىغىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. خوتۇن بۇ گادايىنىڭ ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىككىنچى ئېرى:

ــ بىرىنچى ئېرىڭ بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرغىنىڭدا تىلەمچىلىك قىلىپ بارغان گاداي مەن ئىدىم. ئېرىڭنىڭ بېخىللىقى ئۈچۈن زامان ئۇنىڭغا شۇنداق مۇكاپات بەردى، ـ دېدى.

***بېيت:***
***موھتاجلىقتىن ئەرز ئېيتىپ كەلسە كىشى،***
***ھاجىتىدىن چىق قولۇڭدىن كەلسە ئىشى.***

## ئۇستاز ۋە شاگىرت

بىر ئالىم، پازىل ئادەم ئۆز شاگىرتىغا بىر نەرسىنى سوۋغا قىلغان ئىدى. شاگىرتى قوبۇل قىلمىدى. ئۇستازى ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدى، شاگىرتى شۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئۆزلىرى ماڭا: «باشقىلاردىن ھېچ نەرسە ئالما» دەپ تەلىم بەرگەن ئىدىلە، شۇنىڭ ئۈچۈن بەرگەن سوۋغىلىرىنى ئالمىدىم.

ئۇستازى كۈلۈپ دېدى:

ــ ئوغلۇم، سۆزۈمنى تولۇق چۈشەنمەپسەن، مېنىڭ دېگىنىم باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئىگىسىدىن رۇخسەتسىز ئالما، ئەگەر ئالساڭ، ئوغرىلىق قىلغان بولىسەن، ئىگىسى رۇخسەت بەرسە ياكى ئۇنىڭ ئۆزى ساڭا بىرەر نەرسىنى بەرسە، ئەلۋەتتە ئال. بۇ ئوغرىلىق سانالماس، دېگىنىمدۇر. ئۆز رازىلىقىم بىلەن بۇ نەرسىنى ساڭا ھەدىيە قىلىمەن، ئال، ئەگەر ئالمىساڭ مېنى ھۆرمەتلىمىگەن بولىسەن.

ئۇستازى شۇنداق قىلىپ شاگىرتىغا ئىگىسىدىن رۇخسەتسىز كىشىنىڭ نەرسىسىگە قول ئۇزىتىشنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

***بېيت:***
***كۆز ئالايتۇرما بىراۋنىڭ نەرسىسگە، ئەي ئوغۇل،***
***سوۋغا قىلسا گەر ئۆزى «رەھمەت» دېگىل، قىل قوبۇل.***

## مەقسەتكە يەتكۈچە

بۇرۇنىسىدا بىر مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئېسىل ئېتى ئۆلدى. خۇشامەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ، مۆتىۋەر ئادەمگە تەزىيە بىلدۈرۈشتى، مەرسىيەلەر يېزىپ تەسەللى

بېرىشتى، ئاتىنىڭ ئۆلۈمىدىن كۆپ قايغۇرغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ ۋاپات قىلدى. بۇ قېتىم ئاتقا قىلىنغان ئېھتىراملار، يېزىلغان مەرسىيەلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ بۇ مۆتىۋەر ئادەمگە لايىق كۆرۈشمىدى، ھەتتا ھېلىقى خۇشامەتچىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشمىدى.

**ھېكمەت:**

***ئىككى يۈزلىمە، مۇناپىق ئادەملەر ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتكۈچە يۈزلىرىگە ئىككى يۈزلىمىلىك توسۇقنى تارتىپ، كېيىن ئېلىپ تاشلىشىدۇ. شۇڭا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرىغا ئىشەنمىگۈلۈك، مۇناپىق كىشىلەردىن يىراق تۇرغان تۈزۈك.***

**بېيت:**

***ئەي ئوغۇل، ھەرگىز مۇناپىق، ئىككى يۈزلۈك بولمىغىل،***
***توغرا ئىشلەش، توغرا سۆزلەشتىن ئەسلا ئايرىلمىغىل.***

## ھەسەتچىدىن ھەزەر ئەيلە

بىر تۈلكە ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ قېچىپ كېتىپ بارار ئىدى، بۇنى كۆرگەن بىر ئادەم ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ تۈلكىۋاي، ساڭا نېمە بولدى؟ قەيەرگە كېتىپ بارىسەن؟

تۈلكە جاۋاب بەردى:

ــ ئارسلاننى ئۇۋلاپ تۇتۇۋېلىپتۇ، دەپ ئىشىتتىم. شۇڭا قورقۇپ قېچىپ كېتىۋاتىمەن.

ئۇ كىشى تۈلكىنىڭ سۆزىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ:

ــ ۋاي ئەخمەقەي، سەن ئارسلانغا ھېچ ئوخشىمىساڭ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتىڭ يوق تۇرسا، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇنچىلىك قورقىسەن؟ ـ دېدى.

تۈلكە:

ــ كۆپ سۆزلەپ، مېنى يولدىن قالدۇرما، جىم تۇر، ئەگەر ھەسەتچى ئىغۋاگەرلەر مېنى كۆرسىتىپ: «بۇمۇ ئارسلان بالىسى»، دەيدىغانلا بولسا، ئوۋچىلار تەكشۈرۈپ ئولتۇرمايلا مېنىمۇ تۇتۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ھالاك بولىمەن، ـ دەپ ئالدىراپ قېچىپ كەتتى.

**بېيت:**

***ئەيلەڭ ئىغۋاگەر، ھەسەتچىدىن ھەزەر،***
***چۈنكى ئۇلار كەلتۈرگۈسى كۆپ زەرەر.***

## سىلىنىڭ مېھمانلىرى...

ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىي ئېيتۇر:
مۇئىن ئىبن زايىدنىڭ لەشكەرلىرى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىدىن 300 كىشىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى. ھاكىم مۇئىن ئىبن زايىد ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. تۇتقۇنلار ئارىسىدا بىر كىچىك بالىمۇ بار ئىدى. ئۇ بالا ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئەي ھاكىم؛ مەن ئۇسساپ كەتتىم، بىر پىيالە سۇ بەرگەيلا، تەشنالىق بىلەن ئۆلۈپ كەتمەي، — دېدى.
مۇئىن سۇ بېرىشنى بۇيرۇدى. بالا پىيالىنى قولىغا ئېلىپ دېدى:
— ھەممە تۇتقۇنلار ئۇسساپ كەتكەن، بۇ سۇنى ئۆزۈم ئىچىپ، ئۇلارغا بەرمىسەم، مۇرۇۋۋەتلىك قىلمىغان بولىمەن، بەرسەم ئۆزۈم تەشنالىقتا قالىمەن. ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدىغانلىقلىرىنى ئەلۋەتتە بىلىمەن، ئىلتىپات قىلىپ ھەممىمىزگە سۇ بەرگەيلەر، تەشنالىق ھالىدا ئۆلمەيلۇق.
مۇئىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممە تۇتقۇنلارغا سۇ بېرىلدى. ئۇلار سۇنى ئىچىپ بولۇشقاندىن كېيىن ھېلىقى بالا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:
— ئەي ھاكىم، سۇلىرىنى ئىچىش بىلەن ھەممىمىز سىلىنىڭ مېھمانلىرى بولدۇق، مېھمىنىنى ئۆلتۈرۈش قەزلۇ كەرەم ئەھلىنىڭ رەسمى ئەمەستۇر.
مۇئىن ئىبىن زەيد بالىنىڭ بۇ پاساھەتلىك سۆزلىرىدىن زوقلىنىپ، ھەممە تۇتقۇنلارنى ئازاد قىلدى.

***بېيىت:***
***كەلسە ناگاھان ئۆيۈڭگە مېھمىنىڭ،***
***بولسا نېمەڭ ئاشۇ قىدا ئەيلىگىل.***
***گەرچەن ئۇ خاھىش ئەتسە نېمىنى،***
***خاھىشىن سەن بەجا كەلتۈر، شۇنداق قىل.***

## ساددا ئادەم ۋە دانىشمەن

بىر ئوچۇق كۆڭۈل، ساددا دىل ئادەم بىر دانىشمەننىڭ ئۆيىگە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئامانەت قويۇپ، سەپەرگە چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن يېنىپ كېلىپ ئامانىتىنى ئېلىش ئۈچۈن دانىشمەننىڭ ئۆيىگە كەلدى. شۇ كۈنى دانىشمەن شاگىرتلىرىغا دەرس بېرىۋاتقانىدى.
ھېلىقى ساددا ئادەم ھېچ نەرسىگە قارىماي، دانىشمەننىڭ يېنىغا بېرىپ:
— تەقسىر، ئامانىتىمنى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى.
دانىشمەن ئۇنىڭغا دېدى:

پ — بىر ئاز تەخىر قىلىڭ، دەرسىمنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئامانىتىڭىزنى چىقىرىپ بېرەي.

دانىشمەن دەرس بېرىۋاتقىنىدا دائىم بېشىنى قىمىرلىتار ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ساددا دىل ئادەم دەرس بېرىش باش قىمىرلىتىشتىن ئىبارەت ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. دەرس ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ئادەم تاقەتسىزلىنىپ:

— تەقسىر، قوپسىلا، ئۆيلىرىگە كىرىپ ھېلىقى ئامانىتىمنى ئەپچىقىپ بەرسىلە. سىلى چىققۇچە مەن ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، بېشىمنى قىمىرلىتىپ دەرس بېرىپ تۇراي، — دېدى.

ئۇنىڭ ساددىلىقىدىن دانىشمەنمۇ، شاگىرتلارمۇ پاراقشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. دانىشمەن كۈلگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، ئامانەتنى ئېلىپ چىقىپ، ساددا دىل كىشىگە تاپشۇردى ۋە ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلدى. ئۆزى ۋە شاگىرتلىرى ئۇ كىشى بىلەن كۈلۈشكىنىچە پاراڭلاشتى.

***بېيت:***

***سوئال قىلساڭ مەسىلىدىن بۇ ساھىبى ئىلمىدىن،***

***قولىنى ياكى بېشىنى سىلكىبان قىلغاي جاۋاب.***

## سەن ياخشى بولساڭ

بىر كىشى خوتۇنىدىن شىكايەت قىلماق بولۇپ، دوستىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئىشىك ئالدىغا كەلسە، ھويلا ئىچىدىن قاتتىق ـ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقىۋاتقۇدەك. ئۇ كىشى ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ھويلىغا قارىدى. قارىسا پازىل دوستى ھويلا ئىچىدە كۈلگىنىچە جىم تۇرغۇدەك، خوتۇنى بولسا ئاللىنېمىلەرنى دەپ چالۋاقاپ سۆزلەۋاتقۇدەك. ئۇ كىشى ئۆز ـ ئۆزىگە:

— دوستۇمنىڭ ئۆزى مېنىڭدىنمۇ بەتتەر ھالدا ئىكەنغۇ، يەنە مەن خوتۇنۇمدىن شىكايەت قىلغىلى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتىمەن ئەمەسمۇ، — دەپ ئارقىسىغا يانماق بولدى. پازىل دوستى ئۇنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى توختاتتى ۋە ئۆيىگە كېلىپ يەنە نېمىشقا كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدى، ئۇ كىشى ھەممە ئىشنى بايان قىلغاندىن كېيىن، دوستى ئېيتتى:

— خوتۇنلىرىمىزنىڭ ھەققى كۆپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ھەر قانچە قىلساقمۇ ئازىيدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ كۆزى يورۇشتا تارتقان جاپالىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلۇك. بۇ ھال ئۇلارغا قارىتا يا ھايات، يا مامات دېمەكتۇر. كېيىن باللىرىمىزنى بېكىر قىينىچىلىق بىلەن بېقىپ تەربىيەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش دېگەندەك ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇلار قىلىدۇ. بىز ئەركەكلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى تەقدىرلەيلۇك، بەزىدە خاتا سۆزلەپ قويغان بولسا، كەچۈرۈپ،

مۇلايىملىق بىلەن پايدىلىق مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلايلۇق. بەزىدە ئەسەبىيلىشىپ چالۋاقاپ سۆزلىگەن بولسا، بىزلەر قوپاللىق قىلماستىن، ئۈندىمەي كۈلۈپلا قويايلۇق؛ ھەممە ئىبرەتلىقنى ئۇلارغا يۈكلەپ قويماستىن، ئۆز ئىشلىرىدا ئۇلارغا ياردەملىشەيلۇك، ئانىلارنى قەدىرلەپ، ھۆرمىتىنى قىلايلۇق. مەن ئوغۇل - قىزلىرىمغا دائىم مۇنداق نەسىھەت قىلىمەن:

جان - دىلىڭ بىرلە تىڭلا، ماھىتابانىدۇر ئاناڭ،
بەختۇئىقبالىڭ كۆكىدە نۇر ئەفشاندۇ ئاناڭ.

دوستۇم، ئۆيۈڭگە قايت، خوتۇنۇڭ بىلەن ئىناق ياشا، سەن ياخشى بولساڭ، خوتۇنۇڭ سېنىڭ ئېيتقىنىڭدىن چىقماي، ھۆرمىتىڭنى قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ كىشى پازىل دوستىنىڭ ئۈگۈتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، خوتۇنى بىلەن ئىناق - ئىجىل بولۇپ كەتتى.

## سېنىڭ كۆڭلۈڭ

دانىشمەن كىشىنىڭ ئالدىغا بىر يىگىت كېلىپ:

— شۇ كەمگىچە بۇزۇق ئىشلار كەينىدىن قوغلىشىپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى شۇ يارىماس ئىشلاردىن قول يۇيۇپ توۋا قىلماق بولۇپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، مېنى شاگىرتلىققا ئالغايلا، تەربىيەلىرى سايىسىدە ياخشىلار قاتارىغا قېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدى.

دانىشمەن ئېيتتى:

— سېنىڭ كۆڭلۈڭ بىر كۆلگە ئوخشايدۇكى، بەش ئېرىقتىن بۇلغانغان لاي سۇلار ئېقىپ كىرىپ، ئۇنى بۇلغاپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئېرىقلارنىڭ يوللىرىنى تازىلاپ، مەينەت سۇلارنى كۆڭۈل كۆلىگە كىرگۈزمىسەڭلا، ئاندىن سېنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ تەربىيەلەيمەن. ئېرىقلىرىڭ تازىلانمىسا، مىڭ توۋا قىلساڭمۇ پايدىسى بولمىغاي.

يىگىت:

— ئۇ ئېرىقلار قايسىلار؟ - دەپ سورىدى.

دانىشمەن ئېيتتى:

— بىرىنچى ئېرىق، ئۇ كۆزۈڭ يولىدۇر. خوتۇن - قىزلارغا خاھىش، خىيانەت كۆزى بىلەن باقما؛ يەنە بىر ئېرىق، ئاغزىڭ يولىدۇر. ئاغزىڭدىن ئەدەپ - ئەخلاق، تەربىيەگە زىت سۆزلەرنى چىقارما، ھارام ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەرنى يېمە، ھاراق - شاراب ئىچمە؛ ئېرىقلارنىڭ ئۈچىنچىسى، قوللار يولى، كىشىلەرنىڭ مال - بايلىقىنى، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئوغرىلاپ ئالما، باشقىلارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، زۇلۇم سېلىشتىن ساقلان؛

تۆتىنچى ئېرىق، ئاياغلىرىڭ يولى، ئوغرىلىق ـ بۇلاڭچىلىق قاتارلىق يارىماس ئىشلار كوچىسىغا قەدەم قويما؛ بەشىنچى ئېرىق، قۇلاقلىرىڭ يولىدۇر، پىتنە ـ پاسات، ئىغۋا ـ غەيۋەتكە ئائىت سۆزلەرگە قۇلاق سالما، ئەدەپ ـ ئەخلاق، تەربىيەگە قارشى سۆزلەرنى ئىشىتىشتىن قاچ.

دانىشمەننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يىگىت بەش ئېرىق يوللىرىنى تازىلاپ، كۆڭۈل كۆلىنى سۈزۈكشكە ۋە تازا سۇلار بىلەن تولدۇرۇشقا ۋەدە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن دانىشمەن يىگىتنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى.

*بېيىت:*
*لۇتفۇكەرەمنى ئەسلا كەم قىلمىغىل،*
*ھېچ كىشىگە جەبرۇستەم سالمىغىل.*
*سالمىغىل كىشى ھەرەمىگە نەزەر.*
*بۇزۇق سۆزنى ئاغزىڭغا ئالما مۇدام،*
*يېمە تاماق شۇبھەلىك بولسا، ھارام.*
*فاساد ئەھلى كويىغا قويما قەدەم،*
*بولما ئۇلار تۇفەيلى سەن مۇتتەھەم.*
*غەيۋەتچى ـ ئىغۋاچىغا سالما قۇلاق،*
*دائىم ئەشۇ تائىفىدىن بول يىراق.*

## ئىز گۈللۈكنى يوشۇرماق ئەيىبتۇر

قەدىمكى زاماندا بىر شەھەرنىڭ ئەبدۇلمەلىك ئىسىملىك ھاكىمى ئەسىرگە چۈشكەن ئوقۇللۇق، دانا بىر ئادەمگە يوقىلاڭ ئەيىب قويۇپ، جازا بەرمەكچى بولۇپ تۇرغان ئىدى، شۇ چاغدا ھاكىمنىڭ كىچىك ئوغلى يىغلاپ كىرىپ ئاتىسىغا:

— مۇئەللىم مېنى جازالىدى، ـ دەپ شىكايەت قىلدى.

ئەبدۇلمەلىك ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، مۇئەللىمنى شۇ ھامان ئالدىغا چاقىرتتى ۋە ئۇنى جازالىغانلىقى ئۈچۈن بىچارە مۇئەللىمگە قاتتىق كايىدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ھېلىقى ئەسىر كىشى ئەبدۇلمەلىككە قاراپ:

— مۇئەللىمگە بىكارغا كايىدىڭىز، ئۇ بىچارىدە ھېچبىر ئەيىب يوق، ئەيىب ئالىڭىزدا، مۇئەللىملەر بالىلارنىڭ مەنىۋى ئاتىسىدۇر. ئۇلار ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ ئوقۇشلۇق، تەربىيەلىك ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقماقلىرىنى ئىستەيدۇ. ئوغلىڭىز دەرسلەرنى پىششىق تەييارلىماي، مەنىسىز يوللاردا يۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەچ، نەسىھەت قىلسىمۇ قۇلاق سالمىغانلىقتىن، يەڭگىلگىنە جازا بەرگەن بولسا كېرەك. ئەمدى ئوغلىڭىز «ئاتام بار ئىكەن، نېمە ئىش قىلسام قىلىۋېرىمەن»، دېگەن ئويغا كېلىپ، يارىماس ئىشلارنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئەدەپسىز، تەربىيەسىز پەرزەنتكە ئىگە بولۇپ قالىسىز. ئويلاپ كۆرۈڭ، سىز بۇنىڭغا رازىمۇ؟

ئەبدۇلمەلىك ئەسىرگە:

— سېنى قانداق تەقدىر كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتتۇڭمۇ، مېنىڭ ئىشلىرىمغا نېمە

ئاربىلىشىسەن؟ ـ دېگەن ئىدى، ئەسىر شۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ ئېھتىمال، مېنى ئۆلۈمگە بۇيرارسىز. ھەقلىسىز، چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن ئىزگۈلۈكنى يوشۇرماق ئەيىبتۇر. مېنىڭ سۆزلىرىم سىزگىمۇ، ھەممە ئاتا ـ ئانىلارغا پايدىلىقتۇر. ئۆلۈمۈم ئالدىدا بىر ئىزگۈلۈك قىلماقنى ئىستىدىم، ئىزگۈلۈكنى يوشۇرۇشنى ۋىجدانىم ماقۇل كۆرمىدى.

ئەبدۇلمەلىككە ئەسىرنىڭ سۆزلىرى قاتتىق تەسىر قىلدى ۋە ئۇنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭدەك مۇئەللىمگىمۇ ئۆزرە ئېيتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئوغلىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا يەنىمۇ دىققەت قىلىشنى، ئوبدان تەربىيەلىشىنى ئۆتۈندى. ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. ئەسىرگىمۇ، مۇئەللىمگىمۇ كۆپ ئىنئام ـ ئېھسان قىلىپ، ئۇلارنى خۇرسەن قىلدى.

## بالىنى ئەركە كۆندۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتى

شەيخ سەئدىي ئېيتۇر:

ـ بىر يىلى بەلخ شەھىرىدىن باميان دېگەن ۋىلايەتكە سەپەر قىلدىم. يولىمىزدا ئوغرى ـ قاراقچىلار كۆپ بولغانلىقتىن كۈچلۈك بىر يىگىتنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىۋالدۇق. بۇ يىگىتنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بىرەر پالۋانمۇ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشقىلى چۈشۈپ، دۈمبىسىنى يەرگە تەگكۈزەلمىگەن ئىدى. ئۇ تامنى بىر ئۇرۇپ ئۆرۈۋېتەر، يوغان دەرەخنى بىر تارتىپ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېتەر ئىدى. مۇنداق زور كۈچكە ئىگە بولغان بۇ يىگىت ئەركە ئۆسكەن بولۇپ، تۇرمۇشتا ئەسلا مۇشەققەت كۆرمىگەن ئىدى، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئەتىۋارلاپ ـ پەپىلەپ ئۆستۈرگەن ئىدى. ئىش قىلىپ باقمىغان، سەپەر قىلىپ كۆرمىگەن بۇ يىگىت پەقەت ئۆزىنىڭ قارا كۈچى بىلەنلا كۆرەڭلەپ يۈرەر ئىدى.

بىز سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتساق، تۇيۇقسىز بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى قاراقچى چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ بىرىنىڭ قولىدا چوقماق، ئىككىنچىسىنىڭ قولىدا توقماق بار ئىدى. مەن ھېلىقى كۈچلۈك يىگىتكە:

ـ قاراپ تۇرىسەنغۇ؟ بۇ ئوغرىلارغا كۈچۈڭ يەتمەمدۇ؟ ـ دەپ ئوغرىلاردىن بىزنى قوغداشنى ئېيتتىم.

بۇ يىگىت قاراقچىلارنى كۆرۈش بىلەن قورققىنىدىن پۇتكۇل بەدىنىدە تىترەك پەيدا بولدى ۋە قولىدىكى ئوقيايسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بىز يىگىتنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئىلاجسىزلىقتىن ھەممە نەرسىلىرىمىزنى قاراقچىلارغا بېرىپ قۇتۇلدۇق.

بالىنى ئەركىلىتىپ پەپىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك قىلىشقا، جاسارەتكە، ساياھەت ـ سەپەرگە ئۆگەتمەسلىك مانا شۇنداق نەتىجە بېرىدۇ. كۈچلۈك يىگىتىمىز بۇنىڭغا ئوبدان مىسالدۇر.

## ئۆلگە دېگەن شۇنداق بولىدۇ

شەيخ سەئدىي ئېيتۇر:

ــ نۇشىرىۋان ئادىل بىر كۈنى خىزمەتچىلىرى بىلەن ئوۋغا چىقتى ۋە كۆپلىگەن ھايۋانلارنى ئوۋلىدى. ئۇ ئوۋلىغان ھايۋان گۆشلىرىدىن كاۋاپ تەييارلاشنى بۇيرۇدى. لېكىن تۇز يوق بولغاچقا، بىر خىزمەتچىسىنى چاقىرىپ:

ــ شۇ يېقىن ئارىدىكى يېزىغا بېرىپ تۇز ئېلىپ كەل، لېكىن باھاسىنى سوراپ، ئىگىسىنى رازى قىل، ــ دېدى.

بۇنىڭدىن تەئەججۇپلەنگەن خىزمەتچى:

ــ ئەرزىمىگەن نەرسىگىمۇ ئىگىسى نارازى بولامدۇ، تۇزنىڭ ھەققىنى بەرمەي ئالساقمۇ ئىگىسى قانچىلىك زىيان تارتماقچىمىدى؟ ــ دېدى.

نۇشىرىۋان ئېيتتى:

ــ سۆزۈڭ توغرا بولمىدى. چۈنكى زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك مانا شۇنداق ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىنىپ زورىيىدۇ. ئەگەر مەن باغۋەننىڭ بىر تال ئالمىسىنى ئەرزىمىگەن نەرسە دەپ ھەققىنى تۆلىمەي يېسەم، ئادەملىرىم ئالما دەرىخىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىشى مۇمكىن ياكى ئىگىسىدىن سورىماي بىر دانە تۇخۇم يېسەم، ئادەملىرىم مىڭ توخۇنى زىخقا تارتىشى مۇمكىن. مانا شۇنداق قىلىپ، زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك بارغانسېرى كۈچىيىپ خەلق بېشىغا كۈلپەت ياغىدۇ.

## ئاتىنىڭ مىراسى

قەدىم زاماندا بىر مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئوغۇللارنىڭ كىچىكى ئاتا ــ ئانىسىنىڭ سىزىقىدىن چىقماي، ئۇلارنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىنى قىلار ئىدى. ئۇ ئەخلاقلىق بالا ئىدى. بالىلارنىڭ چوڭلىرى بولسا، يامانلارغا قوشۇلۇپ، بىمەنە يوللاردا ماڭار ئىدى. ئاتا ــ ئانىسىنى دائىم قاقشىتار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆگۈتلىرىگە قۇلاق سالماس ئىدى. بىر كۈنى بىچارە ئانا قاتتىق كېسەل بولۇپ ۋاپات قىلدى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئاتىمۇ كېسەللىككە چېلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئېيتتى:

ــ ئوغۇللىرىم، كۈنلىرىم ساناقلىق قالغان ئوخشايدۇ. مېنىڭدىن كېيىن ئۈچۈڭلاردىن بىرىڭلارلا مىراسخور بولالايسىلەر. شەھەر قازىسى ۋە چوڭلىرى ۋەسىيەتلىرىمغا ھۆكۈم قىلسا، شۇ ۋارىس بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ ھۆكۈم قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ مۆتىۋەر ئادەم ۋاپات قىلدى. ئۈچ ئوغۇل ئاتىسىدىن

قالغان مىراسنى تالىشىپ، قازىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئاتىسىنىڭ ئېيتقان سۆزىنى ئۇنىڭغا بىلدۈردى.

قازى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ:

— مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىغۇدەكمەن. ئاتاڭلار قايسى بىرىڭلارنىڭ مىراسخور بولۇشىنى ئېنىق ئېيتمىغان، پەقەت «ئۈچىڭلاردىن بىرىڭلار مىراسخور بولىدۇ» دەپلا قويغان. مۇشۇ شەھەردە بىر ئالىم، پازىل كىشى بار. شۇنىڭغا بېرىپ ئاتاڭلارنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئېيتىڭلار. بۇ مەسىلىنى شۇ دانىشمەن ھەل قىلالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئۇ قانداق ھۆكۈم قىلسا، مەنمۇ تەستىقلايمەن، — دەپ ئۇلارنى دانىشمەننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

ئوغۇللار دانىشمەننى ئىزدەپ تېپىپ، ۋەقەنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى، دانىشمەن غەزەپلەنگەن بولۇپ:

— شۇنداقمۇ مۇجمەل ۋەسىيەت بولامدۇ؟ مېڭىڭلار، شۇنداق تۇترۇقسىز ۋەسىيەت قىلغان ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇپ، تۆپتۈز قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئالدىمغا كېلىڭلار. شۇ چاغدا توغرا، ھەققانىي ھۆكۈمنى ئاڭلايسىلەر، — دېدى.

ئەتىسى چوڭ ئىككى ئوغۇل كەتمەن - گۈرجەك كۆتۈرۈپ، كىچىك ئوغۇل قىلىچ كۆتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە باردى. بالىلارنىڭ چوڭلىرى قەبرىنى بۇزماق بولۇۋېدى، كىچىكى قىلىچنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا:

— نېمىدېگەن ئۇياتسىز، ۋىجدانسىز بالىلار سىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇنداق يارىماس ئىپلاس ئىشىڭلارغا ئەسلا يول قويمايمەن. قېنى قەبرىگە بىر كەتمەن ئۇرۇپ كۆرۈڭلارچۇ، ئىككىڭلارنىمۇ ئۆلتۈرىمەن. مەن مىراستىن ۋاز كەچتىم، سىلەرگە قالسۇن، سىلەر ئاتا - ئانىمىز ھايات چېغىدا ئۇلارنى ھۆرمەتلىمىدىڭلار، مۇبارەك دىللىرىنى ئاغرىتتىڭلار. ئەمدىلىكتە قەبرىسىدىمۇ تىنچ ياتقىلى قويمامسىلەر، ئەي ئاكىلار، — دېدى. ئوغۇللارنىڭ چوڭلىرى ئۇكىسىنىڭ سۆزىدىن قورقۇپ، قەبرىنى بۇزۇشقا پېتىنالمىدى.

ئوغۇللار يەنە دانىشمەننىڭ ئالدىغا كېلىشتى. بالىلارنىڭ چوڭى دانىشمەنگە:

— ئۇكىمىز سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بېجىرىشكە يول قويمىدى، ئاتىمىز قەبرىسىنى بۇزىمىز دېسەك، ئۇكىمىز قىلىچ كۆتۈرۈپ بىزنى ئۆلتۈرمەك بولدى، — دەپ شىكايەت قىلدى. كىچىك ئوغۇلمۇ نېمىشقا ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا يول قويمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتى. كېيىن دانىشمەن چوڭ ئوغۇللارغا قاراپ:

— ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ مىراسخور بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتماي، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقنى بىزگە قالدۇرغانلىقى چۈشىنىشلىك بولدى. مەن سىلەرنى سىنىماق ئۈچۈن ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشنى بۇيرۇدۇم. سىلەر ئىككى ناقابىل بالا شۇ يىرگىنچلىك ئىشنى قىلماققا رازى بولدۇڭلار، ئۇكاڭلار

بولسا بۇنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، يەنە سىلەرنى بۇ ئىشتىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئىنساب بىلەن ئېيتىڭلارچۇ، مىراسخورلۇققا ھەقىقىي لايىق سىلەرمۇ ياكى ئۇكاڭلار؟ ـ دېدى ۋە كىچىك ئوغۇلنىڭ پېشانىسىنى سىيلاپ ئېيتتى:

ــ ئاپىرىن ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ ھەقىقىي ئوغلى ئىكەنسەن. ئاتا مىراسى پەقەت ساڭىلا مۇناسىپ ئىكەن، بۇ يارىماس ئاكىلىرىڭ بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. مېنىڭ ھۆكۈمىم شۇ.

ئەتىسى قازى ئۈچ ئوغۇلنى چاقىرتتى. دانىشمەننىڭ پىكرىنى تەستىقلاپ، ئاتىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى كىچىك ئوغۇلغا ھۆكۈم قىلدى. يارىماس ئىككى ئوغۇل شەرمەندە بولۇپ قايتتى.

## ئېيىق ۋە ئادەم

بىر ئاچ كۆز كىشى بىر ئاۋۇنىڭ بېغىغا كىردى. باغدا ئېيىق بالىسى ئۈزۈم يەپ يۈرگەنىدى. ئۇ كىشىمۇ تەكلەردىن ئۈزۈم ئۈزۈپ ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. باغ ئىگىسى بۇنى كۆرۈپ قالدى. قولىغا كالتەك ئېلىپ ھېلىقى ئاچ كۆز كىشىنى ئۇرغىلى تۇردى. ئۇ كىشى:

ــ ئېيىقمۇ ئۈزۈم يەۋاتىدىغۇ، نېمىشقا ئۇنى ئۇرماي، مېنىلا ئۇرىسەن؟ ــ دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى. باغ ئىگىسى:

ــ ئېيىق ئۈزۈم يەپ تويغاندىن كېيىن باغدىن چىقىپ كېتىدۇ، سەن بولساڭ ھەم يەيسەن، ھەم ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېتىسەن، ــ دەپ يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى.

## چوڭ خىزمەت ئەمەسمۇ...

بىر كىشى شەھەر ھاكىمىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ:

ــ مەن بىر چاغدا سىزنى بىر پالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالغان. شۇ خىزمىتىم ئۈچۈن مېنى تۇزۇكرەك بىر خىزمەتكە قويارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە كەلدىم، ــ دېدى.

ــ ياخشى، سىزگە مۇناسىپ بىر خىزمەت تېپىپ بېرىمەن. لېكىن قېنى ئېيتىڭا، سىز ماڭا قانداق خىزمەت قىلغان ئىدىڭىز؟ شۇنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، ــ دەپ سورىدى شەھەر ھاكىمى. ھېلىقى كىشى دېدى:

ــ ئېسىڭىزدىمۇ بىر قىزنى ئىككىمىز تالىشىپ، ھەر ئىككىمىز ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەك بولدۇق. مەن چاققانلىق قىلىپ سىزدىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۆيلىنىۋالدىم. ئۇنىڭغا ئۆيلەندىمۇ، بېشىمغا بالا تېرىۋالدىم. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن بولسىڭىز، شۇ بالاغا سىز گىرىپتار بولار ئىدىڭىز. ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپ، سىزنى بالادىن قۇتقۇزغىنىم چوڭ خىزمەت ئەمەسمۇ؟

## سالامەتلىكىڭگە قاراپ چوڭمۇل

تەن ساقلىقىغا بەكمۇ ئېتىبار قىلىدىغان بىر كىشى دەريا ـ ئۆستەڭلەردە شۇڭغىپ چوڭمۇلگەندە نېمىلەرگە رىئايە قىلىش لازىملىقىنى سوراپ بىر نەچچە تېۋىپنىڭ ئالدىغا باردى.

ئۇلاردىن بىرى: «سۇغا ئاچ قورساق چوڭمۇلۇش كېرەك»، دېسە، ئىككىنچىسى: «ياق، قورساق توق چاغدا چوڭمۇلۇش پايدىلىق»، دەپ ئېدى، ئۈچىنچىسى: «سۇغا ئاياغ بىلەن ئاستا چۈشۈش كېرەك»، دېسە، تۆتىنچىسى: «ياق سۇغا بىراقلا شۇڭغۇش لازىم»، دەپ ئېدى. باشقا بىرى: «سۇدىن چىققاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلماستىن جىم تۇرماق كېرەك»، دېسە، يەنە بىرى: «ياق، ئەلۋەتتە ھەرىكەت قىلماق لازىم، چۈنكى ھەرىكەت قىلىنسا بەدەن قىزىيدۇ، بۇ پايدىلىقتۇر»، دەپ ئېدى.

ئۇ ئادەم نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئاخىرىدا ئەڭ توغرا جاۋابنى بىر ساددا دوستىدىن ئالدى:

— دەريا — ئۆستەڭلەردە چوڭمۇلسەڭ، ئۆز ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، چوڭقۇر كەتمەسلىك ئامالىنى قىل، سالامەتلىكىڭگە قاراپ چوڭمۇل.

## ئۇ قىزغا ئەسلا ئۆيلەنمەڭ

قەدىمكى ئەرەب پازىللىرىدىن بىرى ئېيتۇر:

— مەن ھېچكىمگە ئالدىنىپ باقمىغانىدىم، پەقەت بىر يىگىت مېنى تازا بابلىدى. بىر قىزغا ئۆيلەنمەك بولۇپ، ئۇ يىگىتتىن ئەشۇ قىز توغرىسىدىكى پىكرىنى سورىدىم. ئۇ ئېيتتى:

— سىز ئۇ قىزغا ئەسلا ئۆيلەنمەڭ، چۈنكى ئۇنى بىر كىشىنىڭ سۆيگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

مەن يىگىتنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇ قىزغا ئۆيلەنمىدىم. كېيىن ئاڭلىسام، ئەشۇ قىزغا ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۆزى ئۆيلىنىۋاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ سورىدىم:

— ئەي يىگىت، ئەركەك كىشى سۆيگەن قىزغا نېمىشقا ئۆيلەندىڭىز؟ ئۆزىڭىز: «بىر ئەر كىشىنىڭ ئۇ قىزنى سۆيگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن»، دەپ ئېيتقان ئىدىڭىزغۇ؟

— توغرا، ئۇ قىزنى ئاتىسىنىڭ سۆيگىنىنى كۆرگەن ئىدىم. مەن سىزگە شۇنى دېگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت.

## ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز

بىر باي قىممەتلىك چىنە ـ قاچىلارنى قاپقا سېلىپ، ھامماللىغا كۆتۈرتۈپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. يول بويى خەسىس باي ھامماللىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن، بىر ھىيلە ئىشلەتمەك بولدى:

— ھەي ھاممال، خىزمىتىڭ ئۈچۈن پۇل تۆلەيمۇ ياكى پۇلدىنمۇ قىممەتلىك ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز ئېيتايمۇ؟ قايسىسىنى خالايسەن؟

ھاممال:

— ماڭا پۇل كېرەك، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى نېمە قىلاي؟ — دېگەن ئىدى، باي:

— مېنىڭ ئېيتىدىغان ھېكمەتلىك سۆزلىرىم ئۇنداق ـ مۇنداق سۆزلەردىن ئەمەس، ۋاقتى كەلسە ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭ ئالتۇنغا ئەرزىيدۇ دەپ، ھامماللىنى ئالداشقا باشلىدى. ھاممال بايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ماقۇل بولدى. باي:

— ئاچلىق توقلۇقتىن ياخشىراق دېسە، ھەرگىز ئىشەنمە، — دېدى. ھاممال:

— ئاپىرىن، بۇ ھېكمەتلىك سۆزىڭىزگە، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

— ئەمدى ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆزۈمنى ئىشىت: بويتاقلىق ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشتىن ياخشىراق دېسە، ئەسلا ئىشەنمە! — دېدى باي. ھاممال ئۇھ تارتىپ:

— رەھمەت، يۈكنى بىكارغا، پۇلسىز يۈدۈپ كېتىۋاتقان ئوخشايمەن، — دېدى.

— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس. مانا ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆزنى ئىشىت، خۇرسەن بولىسەن، — دېدى باي.

— بولۇپتۇ، قېنى ئېيتىڭ! — دېدى ھاممال.

— پىيادە يۈرۈش ئاتقا مىنىپ يۈرۈشتىن ياخشىراق دېسە، زادىلا ئىشەنمە! — دېدى باي.

ھاممال بۇ ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن، ئۈچىسىدىكى قاپنى قولىغا ئېلىپ، يەرگە قاتتىق ئۇردى ۋە بايغا قاراپ دېدى:

— ئەگەر سىزگە قاپتىكى چىنە ـ قاچىلارنىڭ بىرەرسى ساق قالدى دېسە، ئەسلا ئىشەنمەڭ!

## نادانلار سەپىرى

ئىككى نادان كىشى سەپەرگە چىقتى. يولدا كېتىۋېتىپ بىر ـ بىرىگە مۇنداق دېيىشتى:

— تەلىيىم ئوڭ كېلىپ، بىر قانچە قويغا ئىگە بولۇپ قالسام ئىدىم، يۈڭى ۋە گۆشىنى سېتىپ راسا پايدا كۆرگەن بولۇر ئىدىم.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭمۇ بەختىم ئۇلۇغ كېلىپ، بىر نەچچە بۆرىگە ئىگە بولسام ئىدىم، ئۇلارنى قويلىرىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىسىنىمۇ تىرىك قويماس ئىدىم.

— مېنىڭ قويلىرىمنى نېمىشقا بۆرىلىرىڭگە يېدۇرىسەن؟

— سەن خەسىس كىشىسەن، قويلىرىڭنىڭ گۆشى ۋە يۇڭىدىن ماڭا ھەرگىز بەرمەيسەن.

بۇلار ئۇتتۇرىسىدا يوق قويلار ۋە بۆرىلەر ئۈچۈن جاڭجال كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئۇرۇشۇپ بىر - بىرىنىڭ باش - كۆزلىرىنى قان قىلىشتى. ئۇرۇشۇپ چارچاپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. يىراقتا بىر بوۋاي بىر تۇلۇم ھەسەلنى ئېشەككە يۈكلەپ كېلىۋاتاتتى. ئىككى نادان: «شۇ كىشى بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلاپ كۆرۈپ، ھۆكۈم قىلسۇن، شۇنىڭغا رازى بولايلى»، دېگەن قارارغا كېلىشتى. ھېلىقى نادانلار بوۋايغا سالام بېرىپ، نېمە سەۋەبتىن ئۇرۇشۇپ ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى قان قىلىشقانلىقىنى بايان قىلىشتى ۋە ئۇنىڭ قانداق ھۆكۈم قىلسا، شۇنىڭغا رازى بولۇشىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. بوۋاي سەكرەپ ئېشەكتىن چۈشتى، يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ تۇلۇمنى يېرىپ تاشلىدى، ھەسەل يەرگە تۆكۈلدى. سوڭ ئۇلارغا قاراپ دېدى:

— ھەر ئىككىڭلار نادان بولمىسىڭلار، مېنىڭ قېنىم شۇ ھەسەلدەك يەرگە تۆكۈلسۇن!

شۇنداق قىلىپ، ئىككى نادانغا ئۈچىنچى نادان قوشۇلدى.

## تەنتەك ئوغۇل

پىخسىق بىر باينىڭ تەنتەك ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن باشقا مىراسخور بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر كىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئاتام بەك قېرىپ كەتتى، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ماڭا پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇڭ، ئاتام ئۆلگەندىن كېيىن تۆلەيمەن»، دەپ پۇل قەرز ئېلىۋەردى.

ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى كېچىكىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قەرز ئىگىلىرى باينىڭ ئوغلىدىن پۇللىرىنى بېرىشكە قىستاۋەردى. بايۋەچچە ئىلاجسىزلىقتىن، بىر كۈنى قەرز ئىگىلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ دېدى:

— ئاتامنىڭ ئۆلۈمى بەك سوزۇلۇپ كەتتى. مەن بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتىم. ئاتامنى خالىيراق بىر يەرگە چاقىرىپ، كېيىملىرىنى سالدۇرۇپ، تاۋۇتقا سالىمىز. تاۋۇتتىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاۋۇتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر پارچە كىچىك تاختا قاقىمىز، كېيىن ھەممىمىز يىغا - زارە قىلىپ كۆمگىلى قەبرىستانغا ئېلىپ ماڭىمىز. شۇ چاغدا ئاتام ئۆزىنىڭ تىرىكلا كۆمۈلۈپ تاشلىنىشىدىن قورقۇپ، پۇلىڭىزلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىدۇ.

بايۋەچچىنىڭ مەسلىھەتى پۇل ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل كەلدى. ئۇلار

سودىگەر بايىنى خالىي جايدا تۇتۇۋېلىپ تاۋۇتقا سالدى ـ دە، قەبرىستانغا قاراپ يېگىشتى. باي ھەرقانچە داد ـ پەرياد قىلسىمۇ، تاۋۇت ئالدىغا چۈشۈپ يالغاندىن يىغلاۋاتقانلارنىڭ: «ۋاي ئاتامەي، جان ئاتامەي، ياتقان جايىڭىز جەننەتتە بولغاي، ئاتامەي»، دەپ ۋاقىراش ـ جارقىراشلىرى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماس ئىدى.

تاسادىپەن قاراقۇش مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىدى، تاۋۇت ئىچىدىن ياردەم سورىغان ئاۋازنى ئاران ئىشتىپ قالدى. ھېلىقى كىشىلەرنى دەرھال توختىتىپ، تاۋۇتنى ئېچىشنى بۇيرۇدى.

باي قاراقۇشقا يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ مەن تېخى تىرىك، ئوغلۇم مېنى ئۆلدى، دەپ كۆممەك بولدى، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغايلار، ــ دەپ يېلىنىشقا باشلىدى. قاراقۇش بايۋەچچىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

ــ سەن قانداق ئوغۇلسەن؟ تېخى ئۆلمىگەن ئاتاڭنى كۆممەكچى بولۇپسەن، ئۇيالمامسەن؟ ــ دەپ ئۇنى جازالىماق بولدى.

بايۋەچچى ئۆزىنى ئاقلاپ:

ــ ئاتام يالغان ئېيتىدۇ. ئۆلمىگەن ئاتىسىنى ئوغلى قانداقمۇ كۆممەكچى بولسۇن؟ ئاتام تۈنۈگۈن كەچتە ئۆلگەن ئىدى. مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمىسىڭىز، مانا بۇلاردىن سوراپ كۆرۈڭ، ــ دېدى.

قەرز بەرگەنلەر:

ــ ئوغلى توغرا ئېيتىدۇ. ئاتىسى تۈنۈگۈن كەچتە ئۆلگەن ئىدى. بۈگۈن جىنازە نامىزىنى ئوقۇپ، يەرلىككە قويغىلى كېتىۋاتىمىز، ــ دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتى.

قاراقۇش بايغا:

ــ شۇنچە ئادەم سېنىڭ ئۆلگىنىڭگە گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ. مەن ئەلۋەتتە كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىمەن. بولدى، كۆپ ۋارقىرىما، سەن ئۆلگەن ئادەمسەن، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، جايىڭ جەننەتتە بولغاي، ــ دەپ باينىڭ ئېگىككىنى تېگىشقا بۇيرۇدى ۋە خالايىققا:

ــ بۇ ئۆلۈك گۆردىن قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە تاختا قويۇپ ياخشىلاپ مىخلاپ، تاۋۇت بىلەن بىللە كۆمۈڭلەر، ــ دېدى. ئىشنىڭ تەتۈرىگە كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن بېخىل باي ئوغلىغا يېلىنىپ:

ــ جېنىم بالام، مېنى قۇتقۇزۇۋال، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بېرەي، بۇ بالادىن مېنى خالاس قىل، ــ دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بايۋەچچە قاراقۇشقا قاراپ:

ــ تەقسىر، سەكتە دېگەن كېسەللىك بار. بۇ كېسەللىكتە بەدەندىكى قانلار يۇرۇشمەي، ئادەم ۋاقىتلىك ئۆلۈپ قالىدۇ، قان يۇرۇشكەندىن كېيىن يەنە تىرىلىدۇ.

ئاتام شۇ كېسەللىك بىلەن ئۆلگەن ئوخشايدۇ. بىز راست ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دەپ خاتا قىلىپ، كۆمگىلى ئېلىپ كەپتۇق. ئەمدى ئۆيگە ئېلىپ كېتەيلى. ئەگەر بىزنى رازى قىلماي يەنە ئۆلۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ چاغدا سۆزسىز كۆمۈپ تاشلايمىز، — دېدى. پۇل قەرز بەرگەنلەرمۇ بىردەك شۇنداق دېيىشتى. قاراقۇش ئۇلارنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپ:

— بولۇپتۇ، ئاتاڭنى ئېلىپ كەت. ئىككىنچىلەپ ئۆلۈپ تىرىلسە، ئۇ چاغدا مەن سەكتە ـ پەكتە دېگەنلىرىڭنى بىلمەيمەن، كۆمدۈرۈپ تاشلايمەن. ئاتاڭغا ئېيتىپ قوي، ھەدېسىلا ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمىسۇن، — دېدى.

باي ئۆيىگە قايتىپ، بۇ تۇيۇقسىز بالادىن قۇتۇلغانلىقىغا سۆيۈندى ۋە ئوغلىنىڭ ھەممە قەرزلىرىنى تۆلىدى.

## قىلغان ئىشى ئەقلىدىن دېرەك بېرىدۇ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ياش يىگىت ئايشەمخان ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلەنمەكچى بوپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئايشەمخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئايشەمخان يىگىتنى خۇشال قارشى ئاپتۇ. يىگىت تۆردىن ئورۇن ئېلىپ پاتمەھ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايشەمخان يىگىتنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، دەرھال ئالدىغا داستىخان سېلىپتۇ. لېگەنگە ئۈچ خىل نان، ئاستىغا قاتلىما، ئوتتۇرىسىغا ئارپا نېنى، ئۈستىگە تېرىق نېنى تىزىپ يىگىتنى مەزىگە تەكلىپ قىپتۇ. يىگىت ناننىڭ تىزىلىشىغا قاراپ، قىزنىڭ ئۆزىنى سىناپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، مۇنداق خىيالغا كەپتۇ: «مەن بىردىنلا لېگەندىكى نانلارنىڭ ئەڭ ئاستىغا تىزىلغان قاتلىمىنى يېسەم بەكمۇ سەت بولار. ئۈستىدىكى تېرىق نانىنى يېسەم، مېنى تازىمۇ نەپسى ئاۋارىسى ئىكەن دەپ ئەيىبلىشى تۇرغان گەپ. مەن داستىخانغا قويۇلغان ناننى ئېلىپ يېيىشتە تەمسىل قوشاقتا قېتىپ، ئايشەمخاننىڭ مېنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان مۇشۇ سىناق ئۆتكىلىدىن چوقۇم ئۆتۈشۈم كېرەك.»

ئۇ ئىنتايىن تەمكىنلىك ۋە ئەدەپ بىلەن تېرىق ناننى قولىغا ئېلىپ:

— تېرىق نان مەغزى قىزىل،
خۇش چىرايلىق پىشىپتۇ.
كۆزگىدىن توققۇز ئايلىق كىچىكسىز،
ئالدىراپ تۆپىسىگە چىققۋاپسىز.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ، تېرىق نانىنى «سىز مەيەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ» دەپ داستىخاننىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويۇپتۇ.

ئاندىن ئارپا نانىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدى ـ كەينىگە بىر نەزەر سېلىپ:

مەن ـ مەن دېگەن ئوغۇللار،
ھەددىدىن ئاشماس.
سىز خېنىمنى مەن كۆرمىگۈچە،
قايىنماس، تاشماس.
مەن ئۆزۈم بەك سوغۇقچان،
ئارپا نېنى ياراشماس.

دېگەن قوشاقنى ئوقۇپ «سىزمۇ مەيەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ» دەپ، ئارپا نېنىنى داستىخاننىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويۇپ، ئاندىن قاتلىما ناننى ھۇزۇرلىنىپ يەپتۇ.

يىگىتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئايشەمخاننى قايىل قىپتۇ. ئۇ يىگىتكە مەنسۇپ بولۇپ، يىگىت بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئاخىرىدا يىگىت بىلەن نىكاھلىنىپتۇ. بۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىيلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ[①].

***ھېكمەت:***
***ھەرقانداق كىشىنىڭ قىلغان ئىشىغا قاراپ ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ۋە ئەقىل ـ پاراستىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ.***

## چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر

مەلۇم شەھەردە ئۇستا بىر تېۋىپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىكەن. شاگىرت دائىم ئۇستازىنىڭ كېسەل كۆرۈپ، دورا بۇيرۇشىغا زەن قويۇپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى بىر پاختا ئاتقۇچىنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ تېۋىپنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ. تېۋىپ ئۇ كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ئىنچىكە تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىككى سەر سۇ ماي ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. پاختا ئاتقۇچى تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىككى سەر سۇ ماي ئىچىپتۇ. سۇ ماي ئاتقۇچىنىڭ ئىچىنى سۈرۈپ، ئىچىگە ئورنىشىپ كەتكەن يىپەك ـ توزانلارنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. تېۋىپ شاگىرتىنى ئۆيىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويۇپ، ئۆزى دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى بىر جۇۋازچىنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ تېۋىپنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. تېۋىپنىڭ شاگىرتى جۇۋازچىغا ئىككى سەر سۇ ماي ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. جۇۋازچى ئىككى سەر سۇ مايىنى ئىچكەن ئىكەن، بىرنەچچە كۈنگىچە ئىچى توختىماي سۈرۈپ، ھالىدىن كېتىپ ئۆلۈپ

[①]مەتكېرەم توختى ئېيتىپ بەرگەن: «خوتەن ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1994 ـ يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قاپتۇ. شۇ ئەسنادا تېۋىپ تاغدىن قايتىپ كەپتۇ. جۇۋازچىنىڭ خوتۇنى تېۋىپنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى ئاغزىغا كەلگىنىچە ھاقارەتلەپ، ئەرز قىلىش ئۈچۈن تېۋىپنى سۆرەپتۇ. تېۋىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرسە، شاگىرتى:

— سىلى ئۆتكەندە پاختا ئاتقۇچىنىڭ قورساق ئاغرىقىغا ئىككى سەر سۇ ماي بۇيرۇغان ئىدىلە، مايىنى ئىچىپ پاختا ئاتقۇچىدا قورساق ئاغرىقى ساقايغانىدى. شۇڭا مەن جۇۋازچىغىمۇ ئىككى سەر سۇ ماي ئىچىشنى بۇيرۇغان ئىدىم، — دەپتۇ.

— پاختا ئاتقۇچىنىڭ قورسىقى ئاغرىشتىكى سەۋەب، — دەپتۇ تېۋىپ شاگىرتتىن، — ئۇ پاختا ئاتقۇچى بولغاچقا دائىم چاڭ - توزانلار ئارىسىدا ئىشلەيدۇ، ئىچكى ئەزالىرىغا توپا - چاڭ ئورناپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىغان. مەن شۇ ۋەجىدىن سۇ مايلىق ئىچىشنى بۇيرۇغان. ئەمما، جۇۋازچى دائىم ماي بىلەن ھەپىلەشكەچكە، ئىچكى ئەزالىرىغا ياغنىڭ بۇسلىرى ئورناپ كەتكەن، ئۇنىڭغا سىغىز يېيىشنى بۇيرۇش لازىم ئىدى. چۈنكى سىغىز ئادەم بەدىنىدىكى مايىنىڭ دۇغ - بۇسلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. بىراق سەن جۇۋازچىغا دورىنى خاتا بۇيرۇغان...

شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىچىدە «چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر» دەپ ماقال تارقىلىپتۇ.[①]

## يېزىشمۇ ئالاھىدە ئىقتىدار

بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھنىڭ مەدرىستە ئوقۇيدىغان بىر ئۆگەي بالىسى بار ئىكەن. ئۇ بالا كۆيۈنۈپ بىلىم بېرىدىغان خۇش مۇئامىلىلىك بىر خەلپەتنىڭ قولىدا ئوقۇيدىكەن. ئۇ ئۇستازىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن.

ئوغۇل بىر كۈنى مەدرىستىن قايتىپ كېلىپ، ئادىتى بويىچە شۇ كۈنى ئۆگەنگەن خەتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دەپتىرىنى ئاتىسىغا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىپتۇ. ئۇ رەڭگى ئۆچكەن، ساقاللىرى تىترىگەن، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىغان ھالدا:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ، — بۇ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان يېتىم ئوغلاقنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار! بالا ۋە ئوردا ئەھلى پادىشاھنى غەزەپلەندۈرگەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قاپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ ۋەزىر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي قالدۇق، ئېيتىپ بېرىشكە بولارمۇ؟

پادىشاھ ئۆگەي بالىسىنىڭ يازغان خېتىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

① ئابلا مەتقۇربان ئېيتىپ بەرگەن: «خوتەن ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1994 - يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى

— پادىشاھ ئالىيلىرى، پەرزەنتسىزلىكتىن بۇ بالىنى بېقىۋېلىپ توققۇز يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۇردىلە، بىلىملىك بولۇپ تەختى - سەلتەنەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئوقۇشقا بەردىلە، مېنىڭچە بالىدا گۇناھ بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇستازى نېمىنى يازسا، ئۇ شۇنى يازىدۇ. شۇڭا بالىنى جازالىماي، ئۇنىڭ ئۇستازىنى جازالىساق قانداق؟

پادىشاھ بۇ گەپكە قوشۇلۇپتۇ، ياساۋۇللار بالىنىڭ ئۇستازىنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— سەن بالىغا ماڭا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان خەتنى يېزىپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىڭ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق خەتنى يېزىپ بەرگىنىم يوق، — دەپتۇ خەلپەت.

— يالغان سۆزلىمە! مانا، يېزىپ بېرىپسەنغۇ؟ — پادىشاھ قولىدىكى دەپتەرنى ئېچىپ، خەتنى خەلپەتكە كۆرسىتىپتۇ. خەلپەت قارىسا، بۇگۇن دەرسخانىدا يېزىپ بەرگەن: «ئۆگەن ئوغلۇم، داداڭغا ئوخشاش ئېشەك بولما» دېگەن جۈملە ئىكەن.

— مەن بۇنداق يېزىپ بەرمىگەن ئىدىم، — دەپتۇ خەلپەت، — بالىڭىز بۇ خەتنى كۆچۈرۈپ يېزىشتا «ئوخشاش» دېگەن سۆزدىن كېيىن قويۇلىدىغان پەش (،) نى «ئوغلۇم» نىڭ ئاخىرىغا يۆتكەپ قويۇپ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. ئىشەنمىسىڭىز مەكتەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، باشقا باللارنىڭ دەپتىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.

پادىشاھ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، خەلپەتنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئوغۇل بولسا ئۇستازىغا يەتكەن پېشكەللىكتىن خىجىل بوپتۇ ۋە ئۇندىن كېيىن خەت يازغاندا بىر پەشنىمۇ چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ، خەتنى توغرا يازىدىغان بوپتۇ[1].

***ھېكمەت:***

***يېزىش ئىقتىدارى ئالاھىدە ئىقتىدار. سەندە ئانا تىلىڭنى توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغان ۋە يازالايدىغان ئىقتىدار بولغاندىلا ئاندىن ئۆزۈڭنى ئىقتىدارلىقلار قاتارىغا قويساڭ بولىدۇ. بولمىسا سېنىڭ «ماڭقۇرت» تىن نېمە پەرقىڭ.***

## ئاكا - ئۇكا

قەدىمكى زاماندا، بىر تاغلىق كەنتتە ئاكا - ئۇكا ئىككى ياش ياشىغان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئاكىسى ھورۇن، تەييارغا ھەييار ئىكەن. ئۇكىسى ئىشچان، ساپ دىل بالا

---

①ئابلا مەتتوختى ئېيتىپ بەرگەن: «خوتەن ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1994 - يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

ئىكەن. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلەيدىكەن، كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرىدىكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئاكىسى ئۇنىڭغا «كالۋا» دەپ لەقەم قويۇۋاپتۇ. ھەممە ئەر ـ خوتۇن بىر بولۇپ، «كالۋا» ئىنىسىنى ئۆيدىن ئايرىپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا بىر كالا بىلەن بىر مو يەر ئايرىپ بېرىپتۇ. «كالۋا» باھار كەلگەندە، ئاكىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ يەر تېرىش ئۈچۈن ئۇرۇق ئۆتنە سوراپتۇ.

ئاچ كۆز يەڭگىسى خام قوناقتىن ئۇرۇقلۇق ئۆتنە بېرىپتۇ. سەممىمىي، ئاق كۆڭۈل «كالۋا» قوناق ئۇرۇقىنى تېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە بىرمو يەردە بىر تۈپ قوناق ئۈنۈپتۇ، ئۇ بۇ بىر تۈپ قوناقنى بار كۈچى بىلەن پەرۋىش قىپتۇ. بۇ قوناق ناھايىتى ھەيۋەتلىك چوڭىيىپ بىرنەچچە تال باش ئاپتۇ.

كالۋا «قىشتا ئاچ قالمايدىغان بولدۇم» دەپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. بىراق، بىر كۈنى توساتتىن بىر قۇش كېلىپ قوناقنى چوقۇپ تۈپى بىلەن يۇلۇپ ئەپكېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كالۋا قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇش يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىپ، «كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئەتە ئەتىگەن بىر تاغار ئېلىپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن كەلگەندە ئارقامدىن ماڭسىڭىز ئاشلىقىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن» دەپتۇ. كالۋا تاڭ ئېتىشى بىلەن بىر تاغارنى ئېلىپ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن، راست دېگەندەك، قۇش كېلىپ كالۋانى باشلاپ قۇياش كۆتۈرۈلىدىغان جايدىكى، بىر ئالتۇنلۇققا ئېلىپ كەپتۇ. كالۋا شۇنچە كۆپ ئالتۇن ئىچىدىن بىرنەچچە تاللا ئاپتۇ. قۇش ئۇنىڭغا قۇياش چىققۇچە قانچىلىك ئېلىۋالسىڭىز بولىدۇ. كۆپرەك ئېلىۋېلىڭ دەپتىكەن، كالۋا بولدى، ماڭا مۇشۇ يېتىدۇ، دەپ ئۇنىماپتۇ.

كالۋا قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىگە دەپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى بىر مو يەرنىڭ قونىقىدىن بىر تۈپلا قالدۇرۇپ، قالغان مايسىلارنى يۇلۇپ تاشلاپ، ھېلىقى قۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ھېلىقى قۇش كېلىپ بۇ بىر تۈپ قوناقنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئەر ـ خوتۇن ناھايىتى زارلانغان قىياپەتتە يىغلاشقا باشلاپتۇ. قۇش قايتىپ كېلىپ «ئەتە سەھەردە تاغار تەييارلاپ تۇرۇڭلار، مەن ئاشلىقىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىمەن» دەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەر ـ خوتۇن بىر تاغارنى تەييارلاپ ساقلاپ تۇرغانىكەن، قۇش ئۇچۇپ كېلىپ بۇلارنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ كالۋا بارغان ئالتۇنلۇققا ئەپكەپتۇ. ئاچ كۆز ئەر ـ خوتۇن ئالتۇنلارنى ئالمان ـ تالمان تاغارغا قاچىلاپتۇ.

قۇش، «قايتايلى قۇياش چىقاي دەپ قالدى» دېسىمۇ بۇلار پەرۋا قىلماي، ئالتۇن قاچىلاپتۇ. قۇش بۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كالۋانىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى كەنتكە ئىككىنچى قايتىپ

كەلمەيتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلارنى قۇياش كۆيدۈرۈۋەتكەنمىش[1]

***ھېكمەت:***

***ئاچ كۆزلۈك بىر كۈنلۈك ھايات، قانائەت مەڭگۈلۈك ھايات.***

## ئىشەنچنى ئاقلىيالايدىغان ئادەم

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى خانلارنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ تۇرى، رەڭگى، سالمىقى ئوخشاش ئۈچ دانە ئالتۇن قورچاق ياسىتىپتۇ. ئاندىن ئۇ قورچاقلارنى قايسى بىر خانغا ئەۋەتىپ: «بۇ ئۈچ قورچاقنىڭ باھاسى ئۈچ خىل، بىرى ئەرزان، ئىككىنچىسى قىممەت، ئۈچىنچىسى ئۇنىڭدىن قىممەت، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ شۇنىڭغا جاۋاب بەرسۇن؟!…» دەپتۇ. خان ھېلىقى قورچاقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان چۆرۈپ قارىغان بىلەنمۇ نېمىشقا باھاسىدا پەرق بارلىقىغا ئەقلى يەتمەپتۇ. خاننىڭ بېشى قېتىپ ساراي ئەھلىنى چاقىرىپتۇ ۋە قورچاقلارنىڭ قانداق ئايرىمىسى بارلىقىنى تېپىڭلار، دەپ ئەمىر قىپتۇ. لېكىن ئۇلارمۇ بىر نېمە دېيەلمەپتۇ. بۇ خەۋەر ھەممە تەرەپكە تارقاپتۇ. ئەرزىمەس ئەيىب بىلەن زىندانغا تاشلانغان بىر كەمبەغەل يىگىت قورچاقلار توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، خانغا: «رۇخسەت بولسا قورچاقلارنىڭ پەرقىنى تېپىپ باقسام، ئەگەر توغرا تاپالىسام بۇنىڭ بەدىلىگە مېنى زىنداندىن ئازاد قىلغان بولسىلا…» دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. خان، مەن تېگىگە يېتەلمىگەن ئىشنى ئۇ قانداق بىلەلىسۇن، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن يىگىتنى سارايغا چاقىرتىپتۇ. قورچاقلارنى يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. يىگىت دىققەت بىلەن قاراپ چىقىپ، قورچاقنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇ بىر يوپۇرماقنىڭ ساپىقىنى ئېلىپ قورچاقلارنىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، ساپاقنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ. شۇندىن كېيىن ساپاقنى ئىككىنچى قورچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر قۇلىقىدىن چىقىپتۇ. ئاخىر ئۈچىنچى قورچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەندە، ساپاق ئۇنىڭ ئىچىدە قاپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

— ئى خان، بۇ قورچاقلار ئادەمگە ئوخشايدىكەن. بىرىنچى قورچاق بىر سۆز ئېيتسا ئۇنى ئىككىنچى بىرسىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇنداق ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ باھاسى ئەرزان. ئىككىنچى قورچاق قىلغان سۆز قۇلىقىدىن كىرىپ ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئادەملەر بېپەرۋا كېلىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، قىلغان نەسىھەتنى

①ئەمەت ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن: «خوتەن ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1994 ـ يىلىدىكى سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىمايدۇ. لېكىن ئۇچىنچى قورچاق ھەرقانداق سۆزنى ئىچىدە ساقلىيالايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئىشەنچنى ئاقلىيالايدىغان، ئاقىل، تۇتامىلىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇدۇر، دەپتۇ.

يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان ساراي ئەھلى ھەيران قېلىشىپتۇ. خان خۇشال بوپتۇ. يىگىتنى ساراي ئەھلىگە ماختاپتۇ. شۇ ھامان ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىۋېتىپتۇ ۋە، ھەربىر قورچاققا ئۆز باھاسىنى يازدۇرۇپ پادىشاھقا قايتۇرۇپتۇ...[①]

***ھېكمەت:***
***كىشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن كىشى قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ. ئىشەنچنى قولغا كەلتۈر. ئۇ سېنىڭ خورىماس بايلىقىڭ.***

## ئىنسان خاراكتېرى تۇراقسىزدۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. شانۇ شەۋكەتتى ئالەمدە پۇر ئىكەن. دۆلىتىگە مەغرۇر ئىكەن، ئەمما تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرمۇ بالىسى يوق ئىكەن. شۇڭا بالىغا زار ئىكەن... پادىشاھ نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىپتۇ، ئامال بولماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، سەۋەب قىلىشنى توختاتماپتۇ. ئاقىۋەتتە بەخت ـ تەلىيى ئوڭ كېلىپ، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل كۆرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغماي، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بالىنى بېقىشقا قىرىق خىزمەتچى تەيىنلەپتۇ. بالىسىغا نېمە كېرەك بولسا شۇنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ. ئەمما ئوغلى ئەقىلسىز، دۆت چوڭ بوپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلى يەنە غەش بوپتۇ. دائىم ئويغا چۆمۈپ: «مەندىن كېيىن پادىشاھلىقنى بۇ دۆت ئوغلۇم قانداقمۇ قىلالايدۇ؟» دەپ قايغۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولغان پادىشاھنىڭ دانا ۋەزىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ:

— پادىشاھى ئالەم، بۇنىڭدىن ھېچبىر قايغۇرماڭ، ئوغلىڭىزغا ئەقىللىق بىر قىز ئېلىپ بەرسەك، شۇ قىز بىلەن پادىشاھلىق قىلىۋېرىدۇ.

— ئەقىللىق قىزنى قانداق تاپىمىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇ ئىش ئاسان. ئوغلىڭىزغا: «ئون ياشلىق ئوغلاق، يىگىرمە ياشلىق بۆرە، ئوتتۇز ياشلىق تۈلكە، قىرىق ياشلىق يولۋاس، ئەللىك ياشلىق قوزا، ئاتمىش ياشلىق تۆگە بارمىش، شۇلارنى تېپىپ كەل» دەپ خەزىنىدىن خالىغىنىچە پۇل ـ مال بېرەيلى، — دەپتۇ ۋەزىر.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا ياراپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنىچە، ئوغلىغا ھېلىقى ئىشنى

---

①مەمتىلى سايىت رەتلىگەن: «خوتەن ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1994 ـ يىلدىكى ساندىن ئېلىندى.

تاپشۇرۇپتۇ.

ئوغلى كوچىمۇكوچا، شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ، كىمكى ئاشۇ ياشتىكى ھايۋانلارنى تېپىپ بەرسە، قانچە دېسە شۇنچىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغانلار ھەيران بولۇپ «توۋا، ئون ياشلىق ئوغلاق بولامدىكەن؟ ئۆچكە ئون ياشقا كىرسە قېرىمامدۇ، بۇنى قانداق ئوغلاق دېگىلى بولىدۇ؟ يىگىرمە ياشقا كىرگەن بۆرىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ خوش ئەمدى، تۈلكىنىڭ ئوتتۇز ياشقا كىرگىنىنى، يولۋاسنىڭ قىرىق ياشقا كىرگىنىنى، ئەللىك ياشلىق قوزىنى، ئاتمىش ياشلىق تۆگىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ ئەلمىساقتىن تارتىپ بۇنى ھېچكىم ئاڭلىغان ئەمەس» دېيىشىپتۇ.

بىر كۈنى بارسا ئاددىي ـ ساددا كىيىنگەن، ئەمما ناھايىتى كېلىشكەن ساھىبجامال بىر قىز ئولتۇرۇپتۇ. قىز ئۇنى كۆرۈپ:

ــ ھەي يىگىت، نېمە دەيسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئەقىللىق يىگىت دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى بايان قىپتۇ. قىز كۆپ ئويلىنىپ تۇرماستىن يىگىتكە:

ــ داداڭنىڭ تېپىپ كەل دېگىنى ئوغلاق، بۆرە، تۈلكە، يولۋاس، قوزا، تۆگە ئەمەس، بۇ ئادەم بالىسى. بالا ئون ياشقا كىرگەندە، ئۆچكىنىڭ بالىسىغا ئوخشاش سەكرەپ ئوينايدۇ. يىگىرمە ياشقا كىرسە، بۆرىدەك شوخ بولىدۇ. ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە، ئەقىلگە تولۇپ، تۈلكىگە ئوخشاش ھەر قانداق نەرسىنى بىلىدۇ. قىرىققا كىرگەندە، يولۋاسقا ئوخشاش كۈچكە تولىدۇ. ئەللىك ياشقا كىرگەن كىشى قوزىغا ئوخشاش ياۋاش بولۇپ، گويۇن ـ تاماشىلارنى تاشلايدۇ. ئاتمىش ياشقا كىرگەندە، تۆگىگە ئوخشاش قەيەرگە يېتىلىسە، شۇ يەرگە ماڭىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغۇل ئاتىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئوغلىدىن:

ــ تېپىپ كەلدىڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. بالىسى:

ــ تېپىپ كەلدىم ئاتا، بۇ دېگىنىڭىز ھايۋان ئەمەس ئىكەن، ئادەم بالىسى ئىكەن. بۇ نەرسىلەرنى ماڭا بىر قىز ئېيتىپ بەردى، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ ئىچىدە «مانا مۇشۇ قىز ئەقىللىق ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي بۇ قىزنى قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ قىز ئېرىگە زېرىكمەي ئەقىل ئۆگىتىپ، ئۇنى ياخشى ئىشلارغا باشلاپتۇ. يۇرتنى بىر زامان ئادىللىق بىلەن سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ[1]

***ھېكمەت:***

***ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى تولىمۇ تۇراقسىز بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل تۇراقسىزلىقنى چەكلىمە ئىچىدە تىزگىنلىسەڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىش***

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

جەريانىغا ماس ھالدا يېتىلدۈرسەك، ئويلىمىغان ئۇنۇملەرگە ئېرىشەلەيسەن.

## ئۆز كۈچۈڭنىڭ راھىتى چەكسىز

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ـ دە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بالىلىرىغا مۇنداق ئۈچ ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ. بوۋاي ۋەسىيەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ بالىسىغا:

— باغقا چىقىپ ھەربىرىڭلار ئىككىدىن تاياق سۇندۇرۇپ ئەكىرىڭلار، يوغانلىقى بارماقتەك، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ بولسۇن، — دەپتۇ.

بالىلار ئاتىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئىككىدىن ياغاچ سۇندۇرۇپ ئەكىرىپ، ئاغرىق ياتقان بوۋاينىڭ ئالدىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— بالىلىرىم، — دەپ ۋەسىيىتىنى باشلاپتۇ بوۋاي، — ئۆمرۈممۇ بىر يەرگە باردى. ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، قازا يېتىپ قالغۇدەك بولسا، بۇ پانىي دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىق قەرزىم بىلەن سىلەرگە ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت تاپشۇرىمەن. ئالدى بىلەن ھازىر باغدىن ئېلىپ كىرگەن تاياقلارنى ھەربىرىڭلار بىردىن سۇندۇرىسىلەر، قېنى، سۇندۇرۇڭلار!

بالىلارنىڭ ھەربىرى بىردىن تاياقنى سۇندۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاي:

— خوش، ئەمدى قالغان ئۈچ تاياقنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرىڭلار سۇندۇرۇپ بېقىڭلار! — دەپتۇ. ئۈچ بالىدىن ھېچقايسىسى ئۈچ تاياقنى بىرلەشتۈرۈپ سۇندۇرالماپتۇ. بوۋاي ئاخىر:

— ئەمدى ئۈچۈڭلار بىر بولۇپ سۇندۇرۇڭلار، — دەپتىكەن، بالىلار ئۈچى بىرلىشىپ ھېلىقى تاياقلارنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاي:

— ھە، بۇنىڭ خىسلىتىنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ بۇ ئۆم بولۇپ، بىرلىشىپ كۈچ چىقارغاننىڭ نەتىجىسى. دېمەك، مېنىڭ بىرىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، مەندىن كېيىن قالساڭلار بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار، ئۆم بولۇپ ياشاڭلار. ئەنە شۇ ۋاقىتتا سىلەر ھېچقانداق مۈشكۈللۈكتىن قورقمايسىلەر، ئۆمرۈڭلار ياخشى ئۆتىدۇ.

ئەمدى ئىككىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، نانى تەمسىز يېمەڭلار، ھەسەل بىلەن قوشۇپ تاتلىق قىلىپ يەڭلار.

ئۈچىنچى ۋەسىيىتىمنى سىلەرگە ئېيتمايمەن. ئاۋۋال سىلەر ئاشۇ ئىككى ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلىپ كۆرۈڭلار، لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمىسەڭلار، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىمنى ئاناڭلاردىن سوراڭلار. مەن بۇ ۋەسىيىتىمنى ئاناڭلارغا تاپشۇرۇپ قويدۇم. قاچانكى بېشىڭلارغا كۈن چۈشكۈدەك بولسا، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىم سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى ئوڭلايدۇ.

بوۋاي بۇ ۋەسىيەتلەرنى دەپ ئۇزۇن ئۆتمەي، دۇنيادىن كۆز يۇمۇپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئاتىدىن ئايرىلغان ئۈچ بالا ئاتىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر - بىرى بىلەن ئىناق، ئۆم بولۇپ ياشاپتۇ. بىراق بۇلار بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان باللار ئەمەس ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرەر ئىش - ئوقەتنىڭ تايىنى يوق، بۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىنىڭ ئىككىنچى ۋەسىيىتىنى، يەنى «ناننى ھەسەلگە قوشۇپ يەڭلار» دېگىنىنى قىلىمىز دەپ ئۆيدىكى بار - يوقنى سېتىپ ھەسەل يەپ تۈگىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتقان. باللار ھېچبىر ئىلاج تاپالماي، ئاخىر ئانىسىغا ئاتىسىنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئانا باللىرىنىڭ بېشى قاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۈچىنچى ۋەسىيەتنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— باللىرىم، ئاتاڭلارنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيىتى، ئاتاڭلار سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە لازىم بولار دەپ باغقا كۆمۈپ قويغان بىر خالتا يامبۇنى ئىزدەپ تېپىش. بىراق، ئاتاڭلار رەھمەتلىك ئۇ يامبۇنىڭ نەگە كۆمۈلگىنىنى ئېيتمىغانىدى. ئىشقىلىپ، باغدىكى مېۋىلەرنىڭ بىرەرىنىڭ يېنىغا كۆمۈلگەن ئوخشايدۇ. كەتمەن - گۈرجەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، شۇ يامبۇنى كولاپ تېپىڭلار.

بۇنى ئاڭلىغان باللار كەتمەن - گۈرجەكلەر بىلەن باغدىكى مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. باللار چۈشكىچە كولاپتىكەن، ناھايىتى چارچاپتۇ، قورساقلىرى تازا ئېچىپتۇ. شۇ چاغدا ئانىسى ئۆيدىكى قاتتىق - قۇرۇق نانلارنى بىر چۆگۈن قايناق سۇ بىلەن ئەكېلىپ بېرىپتىكەن، ئىلگىرى - كېيىن ئېچىلمىغان ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. بۇ نان بىلەن قايناق سۇ شۇنچىلىك تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇكى، بۇرۇن ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يېگەن نانلىرى بىلەن ئېسىل تاماقلىرىمۇ بۇنىڭدەك لەززەتلىك بىلىنمەپتىكەن.

باللار تاماقتىن كېيىن يەنە ئىشقا چۈشۈپتۇ. ئىشتىن كېيىن قاتتىق - قۇرۇق ناننى يەنە ھۇزۇرلىنىپ يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىرەر - ئىككى ئاي ھېلىقى يامبۇنى ئىزدەپ باغدىكى پۈتۈن مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ بوپتۇ، لېكىن يامبۇ تېپىلماپتۇ. نەچچە يىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنمىغان مېۋىلەر مۇشۇ باھانە بىلەن تۈۋى يۇمشىتىلغاچقا، بۇ يىلى شاخ - شېخىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانا باللىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— باللىرىم، يامبۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭلار. ئاتاڭلارنىڭ ئىككىنچى ھەم ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنىڭ مەنىسى باشقا يەردە ئىدى. ناننى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يەڭلار، دېگىنى ئەمگەك قىلىپ، تەر تۆكۈپ نان يەڭلار دېگىنى، چۈنكى ئىشلەپ، چارچاپ يېگەن نان ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بولىدۇ. ئۆزۈڭلار سەزگەنسىلەر، سىلەر باغدا ئىشلەپ چارچىغاندىن كېيىن، مەن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن قاتتىق - قۇرۇق ناننى ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يېگەندىنمۇ ھۇزۇرلىنىپ يېدىڭلارغۇ. دېمەك، ئاتاڭلارنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ مەنىسى ئەنە شۇنداق. راستىنى ئېيتقاندا، يامبۇ كۆمۈپ قويغان دېگەن گەپ يالغان.

سىلەر ئەنە شۇ يامبۇنى ئىزدەپ تاپىمىز دەپ باغدىكى بارلىق مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ قويدۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنماي كەلگەن مېۋىلەر بۇ يىل باشقىچە ئوخشاپ كەتتى. ئەنە، ئاتاڭلار دېگەن يامبۇ شۇ.①

***ھېكمەت:***
***ئىشلەپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ يېگەن نان ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بولىدۇ. ئىشلە!***
***ئۆز ئەمگىكىڭنىڭ شېرىن مېۋىسىدىن بەھرە ئال.***

## ئاتا رازى، خۇدا رازى

بار ئىكەنۇ ـ يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. بۇ دېھقاننىڭ تۇرمۇشى ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇ باشقا يەرلەرنى ساياھەت قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇزاق سەپەرگە تەييارلىنىپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، ئۆز بالىلىرىغا بىر ـ ئىككى ئېغىز ۋەسىيەت قىلىپ، ئوغۇللىرىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

ــ مەن ئۇزاق سەپەرگە بېرىپ كەلمەكچىمەن. مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغىنىم: ھەر قايسىڭلارغا بىر جۈپتىن توخۇ، ئۆردەك، غاز بېرىپ كېتىمەن. مەن سەپەردىن كەلگۈچە شۇلارنىڭ تۇغقان تۇخۇملىرىنى ئوتتۇرلۇق سېتىپ، پۇلىنى خەجلىمەي يىغىپ قويۇڭلار. كېيىن ئۇزۇڭلارغا كېرەك بولۇپ قالىدۇ، ــ دەپتۇ دادىسى. ئوغۇللىرى ماقۇل كۆرۈپتۇ. چوڭ ئوغلىغا بىر جۈپ توخۇ، ئوتتۇرانچىسىغا بىر جۈپ ئۆردەك، كىچىكىگە بىر جۈپ غاز بېرىپ، ئۆزى سەپەرگە مېڭىپ كېتىپتۇ.

بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن توخۇ، ئۆردەك، غازلار تۇغۇشقا باشلاپتۇ. ئوغۇللار ئوتتۇرلۇق سېتىپ پۇل قىلىشىپتۇ. چوڭ ئوغلىنىڭ كاللىسىغا مۇنداق بىر خىيال كەپتۇ: «تۇخۇمنىڭ پۇلىنى يىغىپ نىمە ئاۋارىچىلىك، دادام كەلگۈچە پۇلنى خەجلەپ تاماشا قىلمايمەنمۇ، دادام كېلىپ مەندىن تۇخۇمنىڭ پۇلىنى سورىسا، تۇغماس توخۇ ئىكەن، دېمەمدىمەن» دەپ تۇخۇمنىڭ پۇللىرىنى خەجلەشكە باشلاپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ ئۆردەك تۇخۇملىرىنى، ئاندىن ئۆردەكنىمۇ سېتىپ خەجلىۋېتىپتۇ. ئۇ: «دادام كېلىپ سورىسا، ئۆردەكنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى، دەپ جاۋاب بېرەرمەن» دېگەن خىيالغا كەپتۇ. كىچىك ئوغلى غازنىڭ تۇخۇملىرىنى يىغىپ، ئۇنى باسۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاۋۋال غازنى كۆپەيتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى زايە قىلماي سېتىپ، خېلى نۇرغۇن پۇل يىغىپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسى سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. كېلىپلا چوڭ

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

ئوغلىدىن تاپشۇرغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى سوراپتۇ. چوڭ ئوغلى تەييارلاپ قويغان جاۋابىنى بېرىپتۇ. دادىسى كۆڭلىدە: «سەن ئادەم بولماپسەن، كېيىنكى كۈندە ماڭا ئەسقاتمايدىكەنسەن» دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىدىن سوراپتۇ. ئۇمۇ: «ئۆردەك تۇخۇم تۇغقۇچە ئوغرى ئېلىپ كەتتى» دەپ يالغان سۆزلەپتۇ. بۇنىڭغىمۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن، كۆڭلىدە: «سەن كېيىنكى كۈنلۈكتە ماڭا ئەسقېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى جان ئېتەلمەيدىكەنسەن» دەپتۇ. كىچىك ئوغلىدىن سوراپتۇ. ئۇ دادىسىغا تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇللىرىنى بېرىپتۇ، ئاندىن كۆپەيتكەن غازلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. دادىسى كىچىك ئوغلىدىن خۇش بولۇپ، كۆڭلىدە: «مانا، سەن ئادەم بولىدىكەنسەن» دەپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئوغۇللار ئۆيلەنگۈدەك بوپتۇ. دېھقان ئاۋۋال ئىككى چوڭ ئوغلىنى، ئاندىن كىچىك ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ. دادىسىنىڭ ئويلىغىنىدەك ئىككى چوڭ ئوغلى كۈندىن ـ كۈنگە نامراتلىشىپ كېتىپتۇ. ئۆي ـ ۋاقىلىرىنى سېتىپ خەجلەپ، يەنە دادىسىنىڭ قولىغا قاراپ قاپتۇ. كىچىك ئوغلى غازلىرىنى بېقىپ، تۇرمۇشىنى خېلى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ياخشى بېقىپتۇ. دادىسى كىچىك ئوغلىدىن بەك رازى بوپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***ئاتىلارنىڭ ئۈمىدى پەرزەنتلىرىنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش بولسىمۇ، لېكىن يۆلىگەنچە سېلىنىۋالسا، ئاتىلار ئۇنداق باللاردىن نارازى بولۇپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىنى نارازى قىلغان بالىنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ. چۈنكى: «ئاتا رازى، خۇدا رازى».***

## ئەمگىكىڭنىڭ ھۇزۇرىنى خەلق سۈرسۇن

بۇرۇن بۇرۇنىسىدا بىر دېھقان بولغانىكەن. كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىنماي ئىشلەپ، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ كېتىۋاتسا، بېلى مۈكچەيگەن، قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالغان ھېلىقى دېھقان ئىككى مو يەرگە كۆچەت تىكىپ باغ قىلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ كۈلۈپ، «ھاماقەت» دەپتۇ ـ دە، ئېتىنى توختىتىپ بوۋايدىن سوراپتۇ:

ــ ھەي قېرى، ئۆمرۈڭنىڭ غۇلىچى تۈگەپ، غېرىچى قالدى، بەربىر بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئاۋارە بولۇپ جېنىڭنى قىيىنغۇچە ئارام ئالساڭ بولماسمىدى؟ ــ دەپتۇ.

بوۋاي پادىشاھقا:

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (1)» دىن ئېلىندى.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن ھازىر ئارام ئالمايمەن، ھەچگو ئارام ئالىدىغان ۋاقتىمىز ئاز قالدى. سىلى دېگەندەك، بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيمەن. ئەمما مەندىن كېيىن قالغان ئادەملەر يەپ، مېنى ئەسلىشەر، شۇ چاغدا دۇنيادا مېنىڭ قىلغان جاپالىق ئەمگىكىمنىڭ، نامىمنىڭ مەندىن كېيىنكى ئەۋلادلار بىلەن قالار دەيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بوۋاينىڭ سۆزىگە ھەيران قىلىپ:

— بارىكاللا قېرى، — دەپتۇ ـ دە، مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ.

باغۇەن بوۋاي پادىشاھ بەرگەن مىڭ تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، پۇلغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— باشقا ئادەملەر كۆچەت قويۇپ، تۆت ـ بەش يىلدىن كېيىن مېۋىسىگە ئېغىز تەگسە، مەن قويغان كۆچىتىمنىڭ مېۋىسىگە شۇ يىلىلا ئېغىز تەگكەنلىكىمگە كۈلدۈم، — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشاھ بوۋاينىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىگە قايىل بولۇپ، يەنە مىڭ تەڭگىنى ئىنئام قىپتۇ. قېرى يەنە كۈلۈپتۇ.

— يەنە نېمىدەپ كۈلۈۋاتىسەن بوۋاي؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— نېمىشقا كۈلمەيمەن پادىشاھىم، بارچە ئادەم يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئالسا، مەن يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىنىمغا كۈلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ قېرىنىڭ سۆزىگە تېخىمۇ قىزىقسىنىپ، يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپتۇ. قېرى يەنە كۈلۈپ:

— بىر يولىلا ئۈچ قېتىم ھوسۇل بېرىدىغان مېۋە تىككىنىمگە كۈلىمەن، — دەپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***ئۆز ئەمگىكىڭدىن باشقىلارنى ھوزۇرلاندۇرۇشنى ئويلىساڭ، بۈگۈننى ئويلىما. بەلكى كەلگۈسىنى، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭنى ئويلا.***

## بىر ئاۋۇنىڭ مۈلكىگە كۆز قىزارتما

بۇرۇن بۇرۇن ئىكەن، توخۇ تورنىكەن، قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن. مانا شۇنداق كۈنلەردە بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ بىر كېچىسى تەختىدە يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ ۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىش بىلەن چۈشىنى ئۇنتۇپتۇ. ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلىگە غەم تولۇپتۇ. بىرەر ھەپتە شۇنداق ئۆتۈپتۇ. شاھتىن قورقۇپ ھېچكىم گەپمۇ قىلماپتۇ. ئاخىر ئەلىمىگە چىدىمىغان شاھ باش ۋەزىرنى چاقىرتىپ:

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

— شەھەر ئارىلاپ، مېنى قىزىق گەپ بىلەن كۈلدۈرىدىغان ئادەم تېپىپ كەل، ئەگەر ئۇ مېنى كۈلدۈرەلىسە يۈز تىللا بېرىمەن، كۈلدۈرەلمىسە يۈز دەررە ئۇرۇپ زىندانغا سالىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ۋەزىر شاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، شەھەر كېزىپ يۈرۈپ، بىر قانچە قىزىقچىلارنى ئېلىپ كەپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى شاھنىڭ غېمىنى يېنىكلىتەلمەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى يۈز دەررە ئۇرغۇزۇپ، زىندانغا سېپتۇ. باش ۋەزىر قورققىنىدىن يەنە كوچىغا چىقىپ، شەھەر ئارىلاپ يۈرسە، بىر گەپچى خەلقنى يىغىپ ھە دەپ كۈلدۈرۈۋاتقۇدەك. قېشىغا بېرىپ بىردەم تۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ۋەزىرگە غەيرىي تۇيۇلۇپتۇ. ئاخىر ۋەزىرمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ھېلىقى سۆزمەن كىشىنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. سۆزمەن كىشىمۇ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، باش ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە: «بۇ ئادەم بەك گەپدان كۆرۈنىدۇ، بېرىپلا پادىشاھنى كۈلدۈرسە، يۈز تىللا ئىنئام بېرىۋېتىدۇ. يۈز تىللانىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئېلىپ، مېنىڭ ئاۋارە بولغىنىم بىكار كېتەرمۇ؟» دېگەن خىيال كەپتۇ - دە، ئويلاپ - ئويلاپ، ئاخىر ئۇنى پادىشاھنىڭ بېرىدىغان ئىنئامىنى تەڭ ئېلىشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ:

— بۇرادەر، سېنى ئوردىغا باشلاشتىن مەقسەت، شاھىمىز ھەپتىدىن بېرى قاتتىق قايغۇدا. ئۇ كىم مېنى كۈلدۈرەلىسە ئۇنىڭ ئەجرىگە لايىق ئىنئام بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىدى. قارىشىمچە، سېنىڭ شاھنى كۈلدۈرۈپ كۆڭلىنى ئاچىدىغاندەك ئەپىڭ بار. ئەگەر شاھنى كۈلدۈرۈپ ئىنئامغا سازاۋەر بولغىنىڭدا يېقىرغا نېمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ.

— شۇ خەيرخاھلىقىڭىز ئۈچۈن شاھنىڭ ماڭا بەرگەن ئىنئامىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سىزگە بېرەي، — دەپتۇ قىزىقچى.

— ياق بولمايدۇ، ئۇنداق بولسا ئوردىغا ئۆزۈڭ بار، — دەپ پەش قېقىپتۇ ۋەزىر. قىزىقچى كۆپ تالاشمايلا:

— خەير مەيلى، مەندىن كەتسە سىزگە كېتىدىكەن، شاھ نېمە ئىنئام قىلسا، يېرىمى سىزنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىر بۇ سۆزدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، قىزىقچىنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ پادىشاھقا توغرىلاپتۇ. پادىشاھ:

— قېنى، قىزىق گېپىڭنى باشلا، — دەپ قىزىقچىغا قاراپتۇ.

قىزىقچى دۇنيادا بار، قۇلاق ئاڭلىغان، ئۆزى بىلىدىغان ھەممە قىزىق سۆز - چۆچەك ۋە كۈلكىلىك لەتىپىلەرنى ئېيتىپ، ھېرىپ توختاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۈلۈش ئورنىغا غەزىپى ئېشىپتۇ. شاھ قىزىقچىغا قاراپ:

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۈگىدى شاھىم، — دەپ بوينىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ قىزىقچى. پادىشاھ يېنىدىكى

ياساۋۇللىرىغا قاراپ:

— قېنى، بۇنىڭ ئەجرىنى بېرىڭلار! — دەپتىكەن، ياساۋۇللار قىزىقچىنى بېسىپ دەررە بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. دەررە ئەللىككە يەتكەندە، قىزىقچىنىڭ يادىغا ۋەزىر بىلەن قىلىشقان شەرتى چۈشۈپتۇ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— شاھىم، بىر ئېغىز سۆز يادىمغا چۈشۈپ قالدى، ھېلى ھەم بولسا رۇخسەت قىلسىڭىز، دەپ باقسام، — دەپتۇ.

— ئورنىدىن تۇرغۇزۇڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشاھ. ياساۋۇللار قىزىقچىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ.

— شاھىم، — دەپتۇ قىزىقچى، — ماڭا سىلى تەرەپتىن ھەرقانداق نەرسە ئىنئام قىلىنسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى جانابىي ۋەزىرگە بېرىشكە ماقۇل بولۇۋېدىم، ھازىر مەن ئىنئام قىلىنغان يۈز دەررىنىڭ ئەللىكىنى ئالدىم. قالغان ئەللىك دەررە ۋەدىمىزگە ئاساسەن ۋەزىرگە بېرىلسە، — دەپتىكەن، شاھ ئىككى يوتىسىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە قالغان ئەللىك دەررىنى ۋەزىرگە بۇيرۇپ، قىزىقچىغا يۈز تىللا بېرىپ يولغا سېپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***بىراۋنىڭ ئەمگەك نەتىجىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆز قىزارتىپ ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلىساڭ، گەرچە مەقسىتىڭگە يېتەلىسەڭمۇ، لېكىن سەن ئويلىغاندەك ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلىشىڭ ناتايىن.***

## بىرنى دەپ ھەممىدىن قۇرۇق قالما

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا كۆزى گىرىمسەن كۆرىدىغان بىر كەمبەغەل دېھقان بولغانىكەن. ئۇنىڭ بارى ـ يوقى بىرلا ئېشىكى بار ئىكەن. بۇ كىشى بىر كۈنى «قىشتا ئېشەككە ئوت كېرەك، ماڭا ھېچكىم ئوت بەرمەيدۇ. مېنىڭ بېدىلىكىم ياكى ئوتلىقىم يوق. مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئېتىز ئارىلاپ ئوت ئورۇپ يىغىۋالاي» دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، ئېشىكىنى توقۇپ، ئورغاق، ئارغامچىلىرىنى ئېلىپ ئېتىزغا بېرىپتۇ. ئۇ ئېشىكىنى بىر يەرگە باغلاپ قويۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ يۈرۈپ، بىر بۇغدايلىقنىڭ چېتىدىكى چۆپلەرنى كۆرۈپتۇ ۋە ئاستا ئورۇشقا باشلاپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا بىر باي قولىغا قارچىغىسىنى قوندۇرۇپ، قارا يورغىسىنى يورغىلىتىپ، بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئىتىنى ئالدىغا سېلىپ بۆدۈنە ئوۋلاشقا چىققانىكەن. ئۇ قارچىغىسىغا ھېچ نەرسە ئالدۇرالماي خاپا كېلىۋاتقاندا، ھېلىقى كەمبەغەلگە يولۇقۇپتۇ. كۆڭلىدە دېھقاننى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ:

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

— ھەي قارىغۇ، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن! — دەپتۇ.

— باي ئاكا، قىشنىڭ غېمى، تىرىكچىلىك، — دەپتۇ.

— ۋاي قارىغۇ، سەن چۆپ ئورۇدۇم دەپ ساپلا بۇغدايىنى ئورۇۋاتىسەنغۇ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ باي.

— يوقسۇ تەقسىر، مېنىڭ ئورۇغىنىم بۇغداي ئەمەس، — دەپتۇ دېھقان.

— مەن سېنىڭ بۇغداي ئورۇۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ تۇرسام، يەنە يالغان ئېيتىۋاتقىنىڭنى قارا، — دەپتۇ باي.

— تەقسىر، مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىگەن بىلەن قوللىرىم بۇغدايىنى ئوبدان تونۇيدۇ، مېنىڭ ئورۇغىنىم بۇغداي ئەمەس، — دەپتۇ دېھقان سۆزىنى ئىسپاتلاپ. باي كەمبەغەل دېھقاننى زاڭلىق قىلىپ ئويناش ئۈچۈن:

— سەن نېمىشقا سۆزۈمگە ئىشەنمەيسەن؟ ئورۇۋاتقىنىڭ ھەممىسى بۇغداي. مانا مۇنۇ يەردىن ئورۇغىن، — دەپ كارىزلىرى كۆپ بىر يەرگە ئەكېلىپ قويۇپتۇ. ئۆزى بىر ئىككى قەدەم نېرىغا بېرىپ، ئېتىنغا مىنىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. دېھقان باي كۆرسەتكەن يەرنى ئورۇۋېتىپ بىر كارىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن باي قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— شۇ ھالىڭغا ئوت ئورۇيمەن دەپ يۈردۈڭمۇ ئەخمەق، — دەپتۇ.

دېھقان كارىزغا يىقىلغاندا قولىغا بىر بۆدۈنە چىقىپ قاپتۇ، بۇنى چىڭ تۇتۇۋالغان دېھقان كارىزدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— باي، سىز مېنى قارىغۇ دەيسىز، مەن بايا كۆزۈم قارىغۇ بولغان بىلەن قولۇم هوشيار دېسەم ئۇنىمىۋىدىڭىز، مانا سىز، ئىتىڭىز، يورغىڭىز ھەم قۇشىڭىز بولۇپ جەمئىي سەككىز كۆز ئىزدەپ تاپالمىغان بۆدۈنىنى مەن تاپتىمغۇ، — دەپ بۆدۈنىنى بايغا كۆرسىتىپتۇ.

باي ئاچ كۆزلۈك بىلەن دېھقاننىڭ قولىدىن بۆدۈنىنى تارتىۋېلىشقا ئالدىراپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ ئېتىنى ئۇرغانىكەن، قېلىن چۆپ ئارىسىدىكى باشقا بىر كارىزغا ئېتىنىڭ پۇتى چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپتۇ. قۇش ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ مىجىلىقى چىقىپتۇ، باينىڭ يوغان قورسىقى ئېگەرگە قاتتىق تېگىپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. باينىڭ تېپىرلاپ ياتقىنىنى كۆرگەن بۆدۈنە كەمبەغەلنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ:

ۋىتۋالاق، ۋىتۋالاق،
ئاچ كۆز باي بولدى پاچاق.
ۋىتۋالاق، ۋىتۋالاق،
كەمبەغەل مېغىزىڭنى چاق.

دەپ كەمبەغەلنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كەمبەغەل

دېھقان كارىزدىن سالامەت چىقىپ، ئوتنى ئورۇشقا باشلاپتۇ. كەمبەغەلنى ئەخمەق قىلىمەن دېگەن باي ئۆزى ئەخمەق بولۇپ ئەنە شۇنداق تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ.[1]

***ھېكمەت:***

***ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈنلا پىلان تۈزۈپ، ئاقىۋىتىنى ئويلىمىساڭ، بىراقلا ۋەيران بولىسەن.***

## يالتايغاق بوۋاي

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بار ئىكەن، بىراق ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن، كەمبەغەل بولغاندىمۇ ھېچ نەرسىسى يوق بىر بىچارە ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بايلارغا ئىشلەپ ئۆتكۈزۈپتۇ. بوۋاي بايلارنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ يۈرگەندە باشقا ئوتاقچى، يىللىقچى، مەدىكارلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «باينىڭ قولىكى دۇنيالار مەندە بولغىنىدا ھەممىسىنى شۇ بىچارىلەرگە بۆلۈپ بېرەر ئىدىم» دەپ ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى باي بوۋاينىڭ ئىشلىگەن ھەققى ئۈچۈن كىچىككىنە يەر ۋە ئۇرۇقلۇق بېرىپتۇ. بوۋاي ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

ئۇ ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق قىلماقچى بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن شۇ ئارزۇلىرى يەنە قوزغىلىپ قاپتۇ: «خۇدا، شۇ يېرىمنىڭ ھوسۇلى كۆڭلۈمدىكىدەك بولسا ھەممىسىنى ئاچ ـ يالىڭاچ كەمبەغەللەر بىلەن تەڭ يەيتتىم» دەپ كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. ئەتراپتىكى كەمبەغەل دوست ـ يارەنلىرىمۇ ئۇزۇلمەي كېلىپ ياردەم قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاخىر بوۋاينىڭ تەلىپىدەك بولۇپ، ئاشلىق ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بولغاندىمۇ قانداق دەڭ، بۇغدايىنىڭ ھەربىر تۈپى مىڭدىن باش چىقىرىپتۇ. ھەربىر باشاق ئاق قوناقمۇ چوڭ دان تۇتۇپ، غوللىرى باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كېتىپتۇ.

كۈز كېلىپ ئاشلىقمۇ پىشىپتۇ. بىراق، بۇنداق بولۇق بۇغداينى بوۋاينىڭ ئۆزى يالغۇز قانداقمۇ يىغىۋالالىسۇن! پۈتۈن يېزىدىكى دېھقانلارنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. دېھقانلار «بوۋايغا كەلگەن ئامەت بىزنىڭمۇ ئامىتىمىز» دەپ يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ. ئاشلىقنى ھەممە ئۆملۈكتە ئورۇپ، تېپىپ، چەشلەپ تەييار قىلىپ بېرىپتۇ. مارجاندەك قىپقىزىل بۇغدايلار خامان ـ خاماندا دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. تاغ ـ تاغ بولۇپ دۆۋىلەنگەن ئاشلىقنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ، نەپسى يوغىناپ بايلىق كويىغا چۈشۈپتۇ. چوڭ غوجايىن بولۇپ، ئوڭدا يېتىپ راھەت كۆرۈشنى ئويلاپتۇ. يار ـ يۆلەك بولغانلارنىمۇ ئۇنتۇپتۇ.

---

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەپتۇ، ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلـۇپ ناھايىـتى قاتتىـق يامغـۇر يېغىـپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا سەل كېلىپ، بوۋاينىڭ پۈتۈن ئاشلـىقىنى ئېقىـتىپ كېتىپتۇ. بوۋاي يەنە ئاۋۋالقى گادايلىـق ھالىتىـگە چۈشـۈپ قاپتۇ. چـۈشۈپ قالغـاندىمۇ، يېنىغـا ھېچكىم كەلمەيدىغان بوپتۇ. بوۋاي يالغۇز قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆز نىيىتىدىن يانغىنىغا پۇشايمان قىلىپ:

چاقمىقىنىڭ چاقتى خۇدا،
دۇمبىقىنىڭ سوقتى خۇدا.
چادىن تارتىپ ھەممىسى،
قىيان بىلەن ئاقتى خۇدا.

يالتايغاقلىق يامان ئىكەن،
قۇرۇق قول قالدىم خۇدا.
دوستلار قەدرىگە يەتمەي،
ھەممىدىن بولدۇم جۇدا.

دەپ قوشاق قوشۇپ يىغلاپتۇ.
مانا بۇ چۆچەك شۇنىڭدىن قېپقالغانىكەن[1]

## باي بىلەن چاكار

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، زامانلارنىڭ زامانىسىدا ناھايىتى پىششىق، ئالدامچى بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ كىشىلەردىن نەرسە ئالغاندا ھېچقـانداق ھېسـابلاپ ئولتـۇرمايدىكـەن، بەرگەندە بىر تال يىڭنىنىمۇ قۇرۇق ئۆتكۈزمەيدىكەن. باينىڭ ئەمگەكچان، ئەقىللىق بىر چاكىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قانچە يىللىـق ھالال ئەمـگىكى، تـۆككەن تەرى ھـېسابقا ئېلىنمـاپتۇ. لېكىن، باي چـاكىرىغـا بەرگەن تامـىقىنـى ھېسابـلاپ بىر مۇنچە پۇلنـى چاكارنىڭ بوينىغا ئارتىپتۇ. چاكار بۇ نائىنسابلىقىنى كۆڭلـىگە ئوبـدان پۈكۈپ قويـۇپ، باينىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى بـاينىڭ ئـوۋغا چىقىـپ كېتىـشىدىـن پايدىلانغان چاكار بـاينىڭ مـال ـ مۈلكىنى ئىككىنچى بىر جايغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، باينىڭ ئۆيىنى پاك ـ پاكىز قىلىـپ قويۇپتۇ. بـاي ئوۋدىن قايـتىپ كېلىـپ قارىسا، مال ـ مۈلكى يوق، چاكـىرىمـۇ يـوق، غەزىپىدىن جىنى چـىقاي دەپ قالـغان باي پۈتـۈن ئەتراپنـى ئىزدەپتـۇ. شۇنداق ئىـزدەپ يۈرگەندە ئالدىغا بىر پادىچى ئۇچراپتۇ. باي بۇ ئەھۋالـنى پادىچىـدىن سوراپـتۇ. پادىچـى

[1]«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

چاكارنىڭ ئۆگىتىپ قويغان گېپى بويىچە:

ــ چاكىرىڭىز سىزنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىڭىزنى ئېلىپ دەريانىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى دەريانىڭ تېگىدە ئىكەن، سىز كېلىشتىن سەل ئىلگىرى نۇرغۇن مال بىلەن چىقىپ شام شەھىرىگە كەتتى. ئۇ دەريادىن چىققان چېغىدا: «دەريانىڭ تېگىدە باينىڭ ئاتا ـ ئانىسى بار ئىكەن. ئۇلار بەك باي ئىكەن. ئوغلىنى كۆرۈشكە ناھايىتى ئارزۇ ئىكەن. باي كەلسە دەرياغا چۈشۈپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقسۇن» دېدى، ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باينىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، پۈتۈن نەرسىنى ئۇنتۇپ، يېڭى مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. دەريا دولقۇنلىرى باينى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، باينىڭ چاكىرى نائىنساب بايدىن قۇتۇلۇپ، قالغان ئۆمرىنى ھالال ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ[①].

## كاجلىق قىلساڭ جېنىڭغا زامىن بولىسەن

بۇرۇن بىر يېزىدا ئوبۇل دېگەن بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ قول ئىلكىدە خېلى بىر نەرسىلىرى بولغاچقا، ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

ئوبۇل كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ باي بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ قىلغىنىم قىلغان، ئەتكىنىم ئەتكەن دەپ، ئۇنىڭ كاجلىقى ھەرقانداق جاھىللارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. يۇرت ـ مەھەللە ئۇنى ئوبۇل كاج دېيىشىدىغان بوپتۇ. نەگىلا بارسا ئوبۇل كاجنىڭ گېپى…

نېمىشقىدۇر ئوبۇل كاجنىڭ ئۆيىدە خوتۇن تۇرمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۆيلىنەي دېسە «ۋايىەي، ھېلىقى ئوبۇل كاجغىمۇ؟ ئۇنىڭ بايلىقى قۇرۇسۇن؟» دەپ ھېچ يەردىن لايىق چىقماپتۇ.

ئوبۇل بىر كۈنى ھارۋىسىغا بىر دەللىنى ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە مېڭىپتۇ…

ئەمدى شەھەردىن گەپ ئاڭلايدىغان بولساڭلار تېخىمۇ قىزىق: شەھەردىمۇ يەنە بىر جاھىل جۇۋان بار ئىكەن. ئۇ ھەمىشە «ۋىيەي، ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىدۇ كىشى، سەھرايى قىيامەت دەپ بىكار دەمدۇ كىشى، مەيلى بولسا ئاق بۇغدايمۇ ئالدىمغا كەلسۇن، قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىمۇ…» دەپ ئۆمرىدە يېزىغا چىقىپ باقمىغانىكەن، قانداقتۇر ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ ئەر توختىمايدىكەن. كىم دېسە، جىبىلەك جاھىل دەپ ھەممىگە پۇر ئىكەن…

ئوبۇل بايمۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. «تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس» دېگەندەك ئىككىسى تېپىشىپتۇ.

«ھەر نېمە بولسا باي ئۆتكەن ئادەمنىڭ قىزىكەنغۇ… (نىكاھ غايىب) دېگەن شۇ» دەپ ئوبۇل ھېلىقى جۇۋاننى ئاپتۇ. بىر كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي خوتۇننى ھارۋىسىغا سېلىپ،

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى

ئاتىنى ئۆزى ھەيدەپ يېزىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. كۆزلەككە يېقىنلاشقاندا، كۆرەڭلەپ ئېتىزلارنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ. تۇمىقىنى قىرلاپ:

— ئاشۇ كۆز يەتمەيدىغان قىرلارمۇ بىزگە قارايدۇ، — دەپ ھارۋىنى بۇغدايلىق تەرەپكە تارتىپ سۆزلەپتۇ، — قارىغىنا بىزنىڭ بۇغدايلار نېمىدېگەن تەكشى تاختا بولۇپ كەتكەن!...

— ۋاي ئاتام، راستىلا بۇ بۇغداينى ئەجەب تەكشى قىرقىپتا، قانداقمۇ قىرقىپ بولغاندۇ؟! — دەپتۇ خوتۇنى.

— قىرقىمىغان. تاختا بوپتۇ.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ قىرقىپتۇ.

— ياق، قىرقىمىغان.

— قىرقىپتۇ.

— ھوي، تاختا بوپتۇ، تاختا!

— قىرقىپتۇ!

— قىرقىمىغان دەيمەن، قىرقىمىغان!

— قىرقىپتۇ.

ئوبۇل «تاختا بولغان» دېگۈزەلمەي، كاجلىق ئاچچىقىدىن «مانا قىرقىپتۇ» دەپ خوتۇنىنىڭ تىلىنى قىرقىۋېتىپتۇ. جېنىلەك يەنە «قىرقىپتۇ» دېگەن ئىشارەت بىلەن ھەدەپ ئىككى قولىنى قايچىدەك ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ.

ئوبۇلنىڭ قۇيقا چېچى تىك بولۇپ، كاجلىقى مېڭىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. مانا ئەمىسە دەپ، خوتۇنىنىڭ ئىككى قولىنى دولىسىغا يېقىن جايدىن چورتىلا كېسىپ تاشلاپتۇ.

خوتۇن يىقىلىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بوي بەرمەي، يېتىپ تۇرۇپ «قىرقىپتۇ» دېگەن مەنىدە ئىككى پۇتىنى قايچىدەك ھەرىكەتلەندۈرۈۋېرىپتۇ.

ئوبۇلنىڭ ئوغىسى تېخىمۇ قايناپ كۆزىگە قان تولۇپتۇ. غالجىرلىشىپ ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ ـ دە، خوتۇنىنى ھارۋىغا بېسىپ ئاپىرىپ، تىك قىرغاقتىن دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

— ھە، مانا توي! — دەپ قارىسا، خوتۇن سۇنىڭ ئۈستىدە ئوڭدا يېتىپ دولىسى بىلەن ئۈزۈپ تۇرۇپ، بوي بەرمەي، ئىككى پۇتىنى يەنە قايچىدەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ «قىرقىپتۇ» دېگەندەك قىلىپ كېتىپ بارغۇدەك. ئوبۇل قىرغاق ياقىلاپ يۈگۈرۈپ، بەزگەكتەك تىترەپ تۇرۇپ:«تاختا بولغان دېگىن، تاختا!!» دەپ ۋارقىراپ تىللاپتۇ ۋە:

— توختا، مەن سېنى تۇتۇپ چىقىپ، ئىككى پۇتۇڭنى تامام كېسىپ تاشلىمىسام… — دەپتۇ ـ دە، ئارقىدىن ئۆزىنى تىك ياردىن دەرياغا تاشلاپتۇ.

تازا قىرقىپتۇ. كاجلىق بىلەن جاھىللىق ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆمرىنى قىرقىپتۇ[1].

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

***ھېكمەت:***

***ئاتا - بوۋىلىرىمىز «يول قويۇش» دېگەن ئىبارىنى بىكار ئېيتمىغان. سەن ھەدەپ ئۆزۈڭنىڭكىنى راست قىلىمەن دەپ جاھىللىق قىلىۋەرسەڭ، ئۆزۈڭنىلا ئەمەس باشقىلارنىمۇ تۈرلۈك ئازابقا دۇچار قىلىسەن.***

## بىلەرمەنلىك قىلىۋەرمە

بۇرۇنقى زاماندا بىر - بىرىدىن «بىلەرمەن» ئەر - خوتۇن بولغانىكەن. خوتۇنى ئېرىگە بىر ئىشلارنى مەسلىھەت سالسا، ئېرى گەپنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەيلا «بىلىمەن» دەيدىكەن. خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا «بىلىمەن» دەپ تۇرىدىكەن. بۇلار بىلەرمەنلىكىنى ئۆيىدىلا ئەمەس، يۇرت ئىچىدىمۇ قىلىشقا باشلاپتۇ. باشقىلار بىر نەرسە دېسىلا «بىلىمەن» دەپ يۇرۇشىدىكەن. كىشىلەر بۇلاردىن زېرىكىپ، قانداقمۇ قۇتۇلارمىز، دەپ پاراڭلىشىۋاتسا، ھېلىقى «بىلەرمەن» كېلىپ قېلىپ:

— بىلىمەن، سىلەر بىكارلا قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرىسىلەر، — دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىلگەن يولغا كېتىدىكەن.

بىر كۈنى «بىلەرمەن» بازارغا بېرىپتۇ، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ مال كۆرۈپتۇ. بىر بوۋاي: «ئۆز لايىقىدا خېرىدار چىقسا ساتارمەن» دەپ بىر چاپاننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ، بۇ چاپان بوۋايغا تۆتىنچى بوۋىسىدىن قالغانىكەن. بۇ چاپاننىڭ خسلىتى «ئۈچ چاپىنىم» دېسە ئۈچىدىكەن، «چۈش شەيتىنىم» دېسە چۈشىدىكەن. «بىلەرمەن» باي بوۋايىنى قىچقىرىپ سوراپتۇ:

— بۇ چاپاننى ساتامسەن؟

— ساتىمەن تەقسىر.

— ساتىدىغىنىڭنى بىلىمەن، — دەپتۇ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ، كۆڭلىگە ياققاندىن كېيىن، — باھاسى قانچە؟

— بىكارغا بېرىشنىڭ ئورنى يوق تەقسىر، ئون تەڭگە بەرسىلە.

— پاھ، پاھ، سېنىڭ باھا قويىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، بازار دېگەندە ئوشۇق گەپ بولىدۇ. تۆت تەڭگە بېرەي.

بوۋاي توققۇز تەڭگىگە چۈشۈپتۇ. «بىلەرمەن» باي بەش تەڭگىگە چىقىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر يەتتە تەڭگىگە سالا قىلىپ قويۇپتۇ.

— سىلەرنىڭ يەتتە تەڭگە قىلىپ قويىدىغىنىڭلارنى بىلىمەن. ئۇنىڭدا قىممەت بولۇپ كېتىدۇ. ماقۇل بەش يېرىم تەڭگە، بولامدۇ؟

«بىلەرمەن» باي تۆمۈردەك قاتتىقلىق قىلىپ، ئالتە تەڭگىگە ئاپتۇ. پۇلنى ساناپ

بېرىۋېتىپ بوۋايغا:

— سېنىڭ تەڭگىنى كۆزلەپ تۇرغىنىڭنىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— تەقسىر، بۇ چاپاننىڭ بىر خىسلىتى بار··· — دېيىشىگە، باي گەپنى كېسىپ:

— بىلىمەن، چاپان دېگەننىڭ نېمە خىسلىتى بولىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي يەنە:

— ياق، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، بۇ چاپاننى كىيىپ، «ئۇچ چاپىنىم» دېسىلە ئۇچىدۇ. چۈشىدىغان چاغدا··· — بوۋاي سۆزىنى تۈگەتكۈچە، «بىلەرمەن» باي يەنە گەپنى تارتىۋېلىپ:

— بىلىمەن، ھەي، بىلىمەن! ئالتە تەڭگىلىك چاپان ئەلۋەتتە ئۇچىدۇ - دە، — دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا، چاپاننى قولتۇقلاپ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

ئۆيىگە كېلىپ:

— ھەي خوتۇن، ھاي باللىنىڭ ئانىسى، مەن بىر چاپان ئېلىپ كەلدىم···

— ھە، نېمە دەيلا؟ بازارغا بارغاندىن كېيىن چاپان ئېلىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، — دەپتۇ خوتۇنى.

— توختا، بىز بۇ چاپاننى كىيىپ، ئاسمانغا چىقىپ، دۇنيانى كۆرىمىز.

— ۋىيەي، تازىمۇ ئوبدان چاپانكەنغۇ! مۇنداق چاپاننىڭ ئۇچىدىغانلىقىنى بىلىمەن. قېنى، كىيىپ باقسىلا.

«بىلەرمەن» باي چاپاننى كىيىپ «ئۇچ چاپىنىم» دەپتىكەن، چاپان تەۋرىنىپ، ئاستا ئۇتۇرۇلۇشكە باشلاپتۇ. خوتۇنى تۆۋەندە تۇرۇپ:

— ۋاي دادىسى، چۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا! — دەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، — دەپ ئۆرلەپ كېتىپتۇ. دەرەخ بويى ئۆرلىگەندە بېشى قېيىپ، چۈشۈپ كەتمەكچى بوپتۇ. «چۈش چاپىنىم» دېسە چۈشمەپتۇ. ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ زادى چۈشۈرەلمەپتۇ. ئاخىر بولمىغاندىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ:

— ۋاي خوتۇن، مېنى تۇتۇۋال، مېنى تۇتۇۋال! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بىلىمەن، سېنى مەن تۇتۇۋالمىسام چۈشەلمەيسەن» دەپ ئېرىگە قاراپ، دۆڭمۇ دۆڭ، تاغمۇتاغ يۈگۈرۈپتۇ. ئېرى بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. خوتۇنى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تاغقا چىقىۋاتقاندا، پۇتى سىيرىلىپ كېتىپ دومىلاپ كېتىپتۇ، تاشتىن تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. ئېرى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ يوقاپتۇ. خوتۇنىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ.

«ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن» دېگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغانمىش①.

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

*ھېكمەت:*
***كىشىنىڭ بىلىدىغانلىرى ھامان چەكلىك بولىدۇ. سەن مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە بىلەرمەن بولۇپ كەتكىن، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى چوڭ چاغلىما. پەلەك چاقى بىر دومىلىسا پايخان بولۇپ كېتىسەن.***

## كاللەك ئالتۇن

ئۆتكەن زاماندا لىڭگىلچاق ياسايدىغان ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەنىكەن. ئاكىسىنىڭ ئىسمى باقى، ئىنىسىنىڭ ئىسمى شاساقى ئىكەن. باقى ئىنىسى شاساقىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ياراتمايدىكەن.

شاساقى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، ئىپسىل تاشتىن كۆز ئويۇپ، بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ بىر دانە ئېگەر ياساپتۇ. باقى ئۆمرىگە كېلىپ بۇنداق ئېگەرنى ياساپ باقمىغانىكەن. ئۇ ئىنىسىنىڭ بۇ ئۇستىلىقىغا ئىچى تارلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمدىلا پۈتكەن ئېگىرىنى ئوغرىلاپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

شاساقى كۆيۈپ كەتكەن ئېگىرىگە قاراپ بەكمۇ ئېچىنىپتۇ، لېكىن بۇنىڭغىمۇ ئامال تېپىپتۇ: كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان ئېگەرنىڭ كۇلىنى خالتىغا قاچىلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

ــ ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، ــ دەپ چوڭ تەزىم قىپتۇ شاساقى، ــ ئاتامدىن قالغان بىر خالتا كېپەك ئالتۇن بار ئىدى، كاللەك ئالتۇنغا تېگىشىپ بېرەلەمسىكىن، دەپ ھۇزۇرلىرىغا كېلىۋېدىم.

ــ خەزىنىچى!... ــ دەپتۇ شاھ، ــ ماۋۇنى ئۇيۇل ئالتۇنغا تېگىشىپ بەرگىن.

شاساقى خەزىنىچى بىلەن خەزىنىگە مېڭىپتۇ. خەزىنىچى خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ:

ــ ماۋۇ ساندۇقتا تۆكۈپ قوي، ــ دەپ پولات بىلەن قاپلانغان ساندۇقنى كۆرسىتىپتۇ. شاساقى كۇلنى يەم بىلەن ساندۇقتا تۆكۈپ قويۇپتۇ. بىغەم خەزىنىدار ساندۇققا قاراپمۇ قويماستىن، باشقا بىر ساندۇقتىن بىر كاللەك ئالتۇننى ئېلىپ شاساقىغا بېرىپتۇ. شاساقى ئالتۇننى خالتىغا سالا ـ سالماي بەدەر ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ...

ئىنىسىنىڭ بىر خالتا ئالتۇن ئەكەلگىنىنى كۆرگەن باقى ئەھۋالنى سوراپ بىلىپتۇ. ئاندىن ئۇمۇ بىر دانە ئېگەر ياساپ كۆيدۈرۈپتۇ، كۇلىنى خالتىغا سېلىپ ـ دە، «قايدىسەن كاللەك ئالتۇن» دەپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ــ ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، دادامدىن قالغان كېپەك ئالتۇنغا كاللەك ئالتۇن تېگىشىپ بېرەلەمسىكىن؟ ــ دەپ ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ باقى.

— جاللات!… — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھ، — بىزنى ئالداپ يۈرگەن ئالدامچىنىڭ بېشىنى كەس!

«ۋاي مەن ئەمەس» دەپ تېپچەكلىگەن باقىنى جاللاتلار سۆرەپ يۈرۈپ دارقىرىتىپ، قىلىنچلىرىنى پارقىرىتىپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن بىر بۇرۇتلۇق جاللات قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى «شارتتىدە» ئېلىپ، گەۋدىسىنى سىگايان قىلىپ قويۇپتۇ. خالتىدىكى كۆل ئالتۇنغا ئايلىنالماي، باقمۇ ئىنىسىنى دورىيالماي ئاستا قىڭغىيىپتۇ[①]

## قىزغانچۇقلۇق قىلغانغا توي

بۇرۇن — بۇرۇنتىپ، بۆرە خىززىرتى، تۆلكە ۋەزىرتى، ئاتام تۇتۇلمىغان، ئانام تۆرەلمىگەن، مەن چوڭ ئاتامنىڭ پادىسىنى بېقىپ يۈرگەن زاماندا، بىر كەمبەغەل ئېشىكىنى توقۇپ، يوك — تاقىلىرىنى ئارتىپ، ئارغامچىدا تارتىپ، نەق ئۇستىگە ئولتۇرۇپ، باشقا بىر يۇرتقا يول ساپتۇ. بىر جايغا كېلىپ ئېشىكىنى سىيتىپتۇ، يوك — تاقىلىرىنى يۇدۇپتۇ. ماڭا — ماڭا — مەنزىلگە يېتەلمەپتۇ ياكى يېنىپ ئۆز جايغا كېتەلمەپتۇ. يەنە مېڭىپتۇ، قورساقلىرى ئېچىپتۇ. ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ ئاران دېگەندە تاغارنى ئېچىپتۇ، ئوتتۇز كۈن بولغان قاتتىق ناننى ئاغزىغا تىقىپتۇ، چىشى ئۆتمەپتۇ، قاتتىقراق چىشلىگەنىكەن، ئىككى چىشى سۇنۇپتۇ، ئاغزىدىن قانلار ئېقىپتۇ. بۇ بىچارە ئاچچىقىغا پايلىماي، ھېچ نەرسىگە قارىماي مېڭىپتۇ.

تاغ — دەشتلەرنى، چۆل — جەزىرىلەرنى، پاتقاق — سازلىقلارنى، ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ياشايدىغان قېلىن ئورمانلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر يۇرت ئىچىگە كىرىپتۇ. كىرەي دېسە ئۆي يوق، مىنەي دېسە ئېتى يوق، يەي دېسە نېنى يوق، ئېغىر ئەھۋالدا قاپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلمەي، ھېچنېمىنى سەزمەي يۇرتنى ئارىلاپ مېڭىپتۇ. بىر موماينىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بىر كېچە قونۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. موماي بېخىل ئىكەن، كىرگۈزمەپتۇ. بىچارە ئادەم يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماسلىقىغا كۆزى يەتكەن موماي مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە كىرگۈزۈپتۇ.

موماينىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، باللارنىڭ بىرى ئوچاققا ئوتۇن سېلىۋاتقانىكەن. قازاندا گۆش بار ئىكەن. بىر چاغدا شورپا قايناپتۇ — قايناپتۇ، لېكىن موماي ئالماپتۇ. يەنە ئوت قالاپتۇ. شورپىنىڭ پۇرىقى ئوچاق ئالدىدىكىلەرنى جەلپ قىلىپتۇ. موماينىڭ باللىرى شورپىنى ئېلىشقا ئۈندەپتۇ. موماي توخۇنىڭ گۆشى قازاندا پىشىپ كەتسىمۇ، يولۇچىدىن قىزغىنىپ، باللىرىنىڭ بىقىنىدىن چىمداپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپتۇ. باللىرى شوك بوپتۇ. تۈن يېرىملىشىپتۇ.

ئىككى بالا ئۇخلاپتۇ. يولۇچى مومايغا ئۆزىنى سەھەر ئويغىتىپ قويۇشنى ئېيتىپ

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى..

يېتىپتۇ، مومايمۇ ئۇخلاپتۇ. مومايىنىڭ ئۆزىمۇ، بىچارە بالىلىرىمۇ، يولۇچىمۇ ئاچ يېتىپتۇ.

يولۇچىنىڭ قورساقلىرى ئاچ، ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، قازاندىكى توخۇ شورپىسىدىن بىر قاچا ئىچىپتۇ، توخۇ گۆشىنى بەلقىغىنا ئۇسۇپتۇ. مومايىنىڭ بىر پاي ئاياغ كىيىمىنى قازانغا سېلىپ قويۇپ، مومايىنى ئويغىتىپتۇ. موماي:

— تېخى توخۇ چىللىمىدى، سەل يېتىپ ئاندىن تۇرۇڭ، — دەپتۇ. يولۇچى:

— توخۇنى يولدا چىللىتارمەن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

موماي ئىشىكنى ئېتىپ، لېگەننى يۇيۇپتۇ، «توخۇ گۆشى» نى ئاپتۇ، شورپىسىنى ئۇسۇش ئۇچۇن قاچا يۇغىلى تۇرۇپتۇ. بالىلىرى كۇتۇپتۇ. لېگەندىكى «گۆش» نى تارتىپتۇ، قولىغا چىقماپتۇ. موماي كېلىپ بار يەردىن كېسىپ ئاغزىغا سالغان بولسىمۇ، چىشى ئۆتمەپتۇ، تاڭ يورۇپتۇ. قارىسا ئۆزىنىڭ بىر پاي كەشى لېگەندە تۇرغۇدەك.

شۇنداق قىلىپ، پىخسىق موماي مېھماندىن توخۇنى قىزغىنىپ، زىمىستاندا كىيىدىغان ئاياغ كىيىمىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ. مۇساپىر يولۇچى ياغ يەپتۇ، مومايىنىڭ كۆڭلى داغ بوپتۇ①

***ھېكمەت:***

***ھەر كىم ئۆز رىزقىنى يەيدۇ. سەن مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، قىزغانچۇقلۇق قىلما. ئەگەر ئۇنداق قىلىدىكەنسەن، شۇ ئىللەتنىڭ تۇپەيلى ئاچچىق يۇتۇپ قالىسەن.***

## سالام ئېيت

بۇرۇنقى زاماندا بىر خەلپىتىم ئۆتكەنىكەن. شۇ چاغلاردا بىر ئادەم ئۆز بالىسىنى ئۇنىڭغا ئوقۇتقىلى بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەم «بالامنى ئوبدانراق ئوقۇتۇپ، چاپسانراق موللا قىلامدىكىن» دېگەن ئوي بىلەن خەلپىتىمنى ئۆز ئۆيىگە چايغا چاقىرىپتۇ. خەلپىتىم مېھمان بولۇپ كەلگەن ھامان بالىنىڭ ئانىسىغا كۆزى چۈشۈپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. قايتقاندىن كېيىن ئۇزاق ئويلاپتۇ. ئەتىسى بالا مەكتەپتىن قايتقاندا:

— بالام، ئاناڭغا مەندىن سالام ئېيت! — دەپتۇ. بالا ئوقماستىن موللىسىنىڭ سالىمىنى ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ «سالام» ئۈچ، تۆت قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى «بۇ سالامنىڭ تېگىدە بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، موللامنى سىنىماقچى بولۇشۇپتۇ. مەسلىھەت بويىچە ئېرى تۇگمەنگە كېتىپتۇ. بالا مەكتەپكە بېرىپ موللامغا سالام قىلغاندا:

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى..

— بالام، سالىمىمنى ئاناڭغا ئېيتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موللا.

— يەتكۈزدۈم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— نېمە دېدى؟ — دەپتۇ خەلپىتىم.

— بۈگۈن مەندىن سالام ئېيتقىن، دېدى، — دەپتۇ بالا.

— داداڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپىتىم.

— تۈگمەنگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— ئۇنداق بولسا، ئاناڭغا بېرىپ ئېيت، مەن سىلەرنىڭكىگە مېھمان بولۇپ بارىمەن، — دەپ بالىغا كېتىش ئىجازىتى بېرىپتۇ.

بالىسىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانا خەلپىتىمگە تاماق هازىرلاشقا كىرىشىپتۇ. كەچ كىرىپ كۈن قايرىلغاندا، خەلپىتىم «مېھمان» بولۇپ كەپتۇ. ئۇ كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، بالىنىڭ ئانىسىنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. كەچ كىرىپ ئەل ياتقۇسى بولغاندا:

— مەن كېچىدە يول ماڭمايمەن، مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قالسام، — دەپ تورۇۋاپتۇ خەلپىتىم.

— بالىنىڭ دادىسى يوق، قونسىلا يامان بولماسمۇ؟

— مەن مۇشۇنداق چاغنى ئىستىگەنىدىم، — دەپ چاقچاق باشلاپتۇ خەلپىتىم.

ئايال خەلپىتىمنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى پەملەپ، ئۆزىنى ئوڭلاشقا ئورنىدىن تۇرغانىكەن، دەرۋازا قېقىلىپتۇ. ئايال:

— كىم؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ ئېرى. ئايال:

— هوي موللام، ئېرىم كېلىپ قاپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېگەنىكەن، خەلپىتىم:

— خېنىم، ئۆزلىرى بىر ئىلاجىنى قىلمىسىلا، مەن قانداق قىلاي؟ — دەپ گۆشىيىپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مەيەردە سىلى كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن موزاينىڭ تېرىسى بار ئىدى، شۇنى يېپىنسىلا، مەن سىلىنى بويۇنلىرىدىن ئارغامچا بىلەن ئوقۇرغا باغلاپ قوياي، — دەپتۇ ئايال، ئاندىن خەلپىتىمنى هويلىغا ئېلىپ چىقىپ باغلاپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپتۇ. ئېرى:

— ئىشىكنى نېمىشقا ئىتتىك ئاچمىدىڭ؟ — دەپ كايىغان بوپتۇ.

— ماۋۇ موزاي بوشىنىپ كېتىپتىكەن، ئىشىكنى ئاچسام قېچىپ كەتمىسۇن دەپ باغلىغۇچە ساقلاپ قالدىلا، — دەپتۇ.

ئېرىنىڭ قولىدا كېلىشكەن قامچا بار ئىكەن، ئۇ «موزاي» نى «سەن مەن بولمىساملا ئۆيدىكىلەرنى بوزەك قىلىسەن!» دەپ راسا ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. پاچاق ۋە يالىڭاچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەدەنلىرىگە تەگكەن قامچا بىلەن تاقىتى تاق بولغان خەلپىتىم شوينىنى ئۈزۈپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئۆزىنى سىرتقا ئېتىپتۇ.

— خوتۇن، موزىيىڭ ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ، — دەپتۇ ئېرى.

ئەتىسى بالىسى مەكتەپكە ماڭغاندا، ئانىسى:

— بالام، موللاڭغا مەندىن ھەم داداڭدىن سالام ئېيتقىن، — دەپتۇ[1].

## چېچەن قىز

ئۆتكەن زاماندا بىر تاز بار ئىكەن. ئۇ دائىم بىر ئەسكى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرىدىكەن. بىر كۈنى شۇ مەھەللىدىكى بىر ئادەم ئىچىدە بىر ئاھاڭغا ئىگىشىپ، تازنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. تاز دەرھال تامدىن چۈشۈپ ئۇ ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋېلىپ:

— سەن مېنىڭ ناخشامنىڭ بىلىگە تېپىۋەتتىڭ. ناخشامنىڭ بېلىنى تېپىپ بېرىسەن، — دەپ ئۇنى ئاۋارە قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھازىر قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. ئارقامدىن مېنىڭ ئۆيۈمگە بارغىن، ئاندىن ناخشاڭنىڭ بېلىنى تېپىپ بېرىمەن، — دەپتۇ تازنىڭ جېدىلىدىن بېشى قاتقان ھېلىقى ئادەم.

بۇ ئادەمنىڭ بىر چېچەن قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز دادىسىنىڭ خاپا كەلگىنىنى سېزىپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. دادىسى قىزىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— ئۇ تاز ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ، قىزىم. ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي بېشىم قاتتى، — دەپتۇ. قىزى:

— خاتىرجەم بولۇڭ دادا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن. ئەمما، سىز قازناقتا كىرىپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ. ئۇنىڭغىچە تاز كىرىپ كەپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قىزغىنەم، — دەپتۇ تاز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام تازغىنەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

— ئاتاڭ قېنى، قىزغىنەم؟

— ئاتام قازناقتا، تازغىنەم.

— قازناقتا نېمە ئىش قىلىدۇ، قىزغىنەم؟

— چاشقاننىڭ مۈڭگۈزىنى ئالغىلى كىرىپ كەتتى، تازغىنەم.

— چاشقاننىڭ مۈڭگۈزى بولامدۇ، قىزغىنەم؟!

— ناخشىنىڭ بېلى بولامدۇ؟، تازغىنەم؟! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چېچەن قىز. تاز گەپ تاپالماي قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.[2]

---

①②«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.

# پادىشاھ بىلەن چۈمۈلە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتۈپتىكەن. بۇ پادىشاھ ئۆزىنى «دۇنيادا مېنىڭدەك ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە سۆزمەن ئادەم يوق» دەپ ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر قىسىم لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. قۇرت ـ قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ئون كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن، ئەگەر سىرتقا چىقسا، ئاتلىرىمىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ خەۋەر قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى چۈمۈلىلەر ئاڭلاپ پادىشاھنى بىر كۈن مېھمان قىلىپ ئاندىن يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ.

پادىشاھ چۈمۈلىلەرنىڭ يول توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ بۇ نېمە گەپ؟ ــ دەپ چۈمۈلىلەر پادىشاھىدىن سوراپتۇ.

ــ پادىشاھى ئالەم، جانابلىرىنى ھۇزۇرىمىزدا بىر كۈن قونۇپ مېھمان بولۇپ كېتەمدىكىن، دەپ ئالدىلىرىغا چىققانىدۇق، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۈمۈلە پادىشاھى.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

ــ ھەي ئەخمەق، بىزغۇ قونارمىز، شۇنچە ئادەم بىلەن ئۇلاغلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ ــ دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ.

ــ ئويلىدىم، ئەمگىكىمىز بىلەن باياشات مېھمان قىلالايمىز پادىشاھى ئالەم، ــ دەپتۇ چۈمۈلە پادىشاھى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان پادىشاھ «رىزقىڭلارنى خۇدايىم بېرىدۇ» دېگەن بولساڭ، مېنى يەڭگەن بولاتتىڭ. شۇنچە ئادەم ۋە ئۇلاغلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە ئەمگىكىڭ بىلەن جاۋاب قىلالىغىنىڭنى كۆرەرمىز، دەپ بىر كۈن مېھمان بولۇپ كېتىشكە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چۈمۈلە پادىشاھى مېھمانلارنى تىكىپ تەييارلاپ قويغان چېدىر ـ بارگاھىغا تەكلىپ قىپتۇ.

چۈمۈلە پادىشاھى ھەربىر چۈمۈلىنىڭ بۈگۈنكى مېھمانلارغا ئاتاپ بىر تالدىن ناننىڭ ئۇۋۇقى، بىر تالدىن سۈلۈ، بىر تالدىن ياۋا بېدە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. چۈمۈلىلەر بۇ تاپشۇرۇقنى بىر دەمدە ئورۇنداپ بوپتۇ. نان، بېدە، سۈلۈلارنى يىغىپ، دۆۋە ـ دۆۋە قىلىۋېتىپتۇ. بۇ يىغىلغان نەرسىلەرنى لەشكەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلار بىر كۈن يەپ ئاران بىر ـ ئالاشتۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن چۈمۈلىلەر پادىشاھىغا سوئال قويۇپ يەڭمەكچى بوپتۇ، ئۇ چۈمۈلە پادىشاھىنى چاقىرىپ:

ــ ھەي چۈمۈلە، سېنىڭ بېشىڭ نېمانچە يوغان؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بېشىمدا ئەقىل تولا، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۈمۈلە.

ــ بېلىڭ نېمانچە ئىنچىكە؟

— چوڭ ئىشلارغا بىلىمنى مەھكەم باغلايمەن.
— ئۇنداق بولسا، قۇيرۇق تەرىپىڭ نېمانچە يوغان؟
— كۈچ - قۇۋۋىتىم جىق.

پادىشاھ بۇ جاۋابلاردىن قايىل بولۇپ، يەنە باشقا سوئال تېپىپ بېرەلمەپتۇ. شۇ خىجالەتچىلىكتە شىكارغىمۇ چىقماي ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ①.

## «تاۋۇس ئەللەيىن»

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر جاڭگالدا تۈرلۈك ھايۋانلار، رەڭمۇرەڭ، خىلمۇخىل قۇشلار ئىناق، خۇشال - خۇرام ياشىشىدىكەن. ئۇلارغا يولۋاس شاھلىق قىلىدىكەن.

كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر ئېيىق جاڭگالدىكى جامائەتتىن ئۆزگىچە بولۇپ قاپتۇ. ئۇ تويتىن بولۇنۇپ، ئۆزى يالغۇز ئۇۋلاپ، سەيلە - تاماشا قىلىدىكەن. كۆپ ئۆتمەي بۇ ئېيىق شۇ ئەتراپتىكى كىچىكرەك بىر مەھەللىگە ئۆگىنىپ قاپتۇ، كېچىلىرى بېرىپ كىشىلەرنىڭ قوتانلىرىدىن قوي - قوزا، غاز، ئۆردەكلەرنى ئوغرىلايدىكەن، تاپالمىسا كوچىلاردىكى ئاشقان - تاشقان سۆڭەكلەرنى تېپىپ غاجىلايدىكەن، ئېيىقۋاي بۇ ئىشنى تاپقىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى ئەقىللىق، باشقىلارنى دۆت چاغلاپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە ئېيىقۋاي ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە مەھەللىگە كەپتۇ ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ يېگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالماپتۇ. ئاخىر مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر كونا ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. ئۆي ئىگىسى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ ئەيتاۋۇر، ئېيىقۋاينىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. «نېمىدېگەن ياخشى» دەپ ئويلاپتۇ ئېيىقۋاي، «ئەمدى قورساقنى تازا ئوبدان تويغۇزىدىغان بولدۇم». ئۇ مانا شۇنداق خىيال بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئوچۇق ئىشىكتىن ئۆي ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا ئۆي ئىچىدە يوغان - يوغان ياغاچ تۇڭلار تۇرغۇدەك. ئېيىقۋاي تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، تۇڭغا ئېڭىشىپ ئىچىدىكى نەرسىنى تېتىپ كۆرمەكچى بولغاندا، تۇيۇقسىز پۇتى بىر نەرسىگە تېگىپ كېتىپ، جاراڭلىغان سادا چىقىپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن ئېيىقۋاي مەڭدەپ كېتىپ تۇڭغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. قارىسا، تۇڭ ئىچىدە لىقمۇلىق سۇ تۇرغۇدەك. ئۇ تۇڭدىن ئاران چىقىپ قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، يېنىدىكى ئىككىنچى تۇڭغا يىقىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېيىقۋاي قاتار تىزىلغان تۇڭلاردىن 15 ~ 20 دەك تۇڭغا بىر قېتىمدىن چۈشۈپ چىقىپتۇ. ئاخىر مىڭ بالادا تۇڭلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ - دە، بەدەنلىرى چۆپ -

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(1)» دىن ئېلىندى.



www.uyghurkitap.com

چۆپ ھۆل، غال ـ غال تىترىگەن ھالدا مەھەللىنىڭ چېتىدىكى چاتقالنىڭ تۈۋىدە ئاچ پېتى ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، كۈن ئېچىلىپ چۈش بولاي دەپ قالغانىكەن. ئېيىقۋاي ھەدەنلىرىگە قاراپ ھەيران قاپتۇ، چۈنكى تۈكلىرى كۈن نۇرىدا 70 خىل پارقىراپ، ئىرىسى غەلىتە بىر تۈسكە كىرىپ قالغانىكەن. ئۇ قانچە باش قاتۇرسىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىگە يېتەلمەپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى ئۆي بىر بوياقچىنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ، ئۇزى يىقىلغان تۇڭلار بوياق چىلانغان تۇڭلار ئىكەنلىكى خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. ئېيىق ئويلاپ ـ ئويلاپ ئۆزىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە كاللىسىغا بىر ھىيلە كەپتۇ: «ئەمدى مېنىڭ ئەسلىمنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. جاڭگالغا قايتىپ بارسام، ھەممە ھايۋانلار چوقۇم مەندىن قورقىدۇ. جاڭگالدىكىلەر ئەزەلدىن مېنى كۆزىگە ئىلىشمايتتى، يولۋاس، شىر، يىلپىز دېگەنلەر مېنى دەپسەندە قىلىغانىدى. ئەمدى ئۇلارنى راسا قورقۇتۇپ، ئەخمەق قىلىپ، جاڭگالنى سوراپ يۈرمەيمەنمۇ». ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىگە قالتىس يېقىپ كېتىپ، ئۆزىگە «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نامنى قويۇپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا جاڭگاللىققا جۆنەپتۇ.

يولۋاس پادىشاھ، شىر ۋەزىر ۋە باشقا جاڭگال ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ئىناق ئۆرتلىرىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلارغا ساقچىلار قويۇشقانىكەن، بۇ ساقچىلار ئېيىقۋاينى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە قورقۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق 70 خىل رەڭدە پارقىرايدىغان ھەيۋەتلىك مەخلۇقنى زادى كۆرمىگەنىكەن. ئۇلار دەرھال بۇ ئىشتىن يولۋاس، شىر باشلىق جاڭگال ئەھلىنى خەۋەردار قىپتۇ. جاڭگال ئەھلىنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپتۇ، كۆڭۈللىرىگە پاراكەندىچىلىك ھەم ۋەھىمە چۈشۈپتۇ: «بىز بىلمەيدىغان بۇ مەخلۇق يامان نەرسە بولسا كېرەك، ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك، ئۇنى ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالايلى» دېيىشىپتۇ. ئاندىن يولۋاس پادىشاھ ھېلىقى مەخلۇقنى جاڭگالغا مېھماندارلىققا تەكلىپ قىلىشقا باقاۋۇللارنى بۇيرۇپتۇ. باقاۋۇللار دەرھال ئېيىققا بۇ تەكلىپنى يەتكۈزۈپتۇ. ئېيىقۋاي كۆرەڭلەپ، ئالچاڭلاپ، گويا خۇشياقمىغان قىياپەتتە جاڭگاللىققا يول ساپتۇ. ئىككى تەرەپتە تىزىلىپ قارشى ئېلىۋاتقان جاڭگال ئەھلىگە ئۇ كۆز قىرىنىمۇ سالماي، قادايغان پېتى ئۇدۇل مېڭىپ، يولۋاس پادىشاھ ئولتۇرىدىغان تەختكە ئولتۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىشقا شىر، يىلپىز باشلىق مۆتىۋەرلەر ھەيران بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشۇپتۇ، لېكىن بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ. يولۋاسمۇ خاپىلىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ گەپ قىلماپتۇ. جاڭگال ئەھلى «مېھمان» نى ئاجايىپ رەڭگارەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ زادى قايسى جىنسقا مەنسۇپ ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئەتىسى ئاران ئۇنىڭ نامىنى سوراشقا پېتىنىپتۇ.

ــ نامىم «تاۋۇس ئەللەيىن» بولىدۇ. ئەللەيىنلەر جىنسى ھايۋانلار دۇنياسىدا كەم

ئۇچرايدىغان ئەڭ ئالىي جىنستۇر! ــ دەپتۇ ئېيىق كۆرەڭلەپ.

شۇنىڭدىن باشلاپ «تاۋۇس ئەللەيىن» جاڭگالغا غوجايىن بولۇۋاپتۇ، نەتىجىدە جاڭگالنىڭ بۇرۇنقى خاتىرجەملىكى تۈگەپ، پىتنە ـ پاسات، جېدەل ـ غوۋغا ئاۋۇپتۇ، چۈنكى «تاۋۇس ئەللەيىن» جاڭگالدىكىلەرنى دائىم گىژ ـ گىژغا سالىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ خۇلقى شىر، يىلپىز باشلىق مۆتىۋەرلەرگە ياقماپتۇ ۋە دىللىرىدا ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك كۈچىيىپتۇ. جاڭگالدىكى باشقا كۆپلىگەن ھايۋانلارمۇ «تاۋۇس ئەللەيىن» كەلگەندىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىناقلىقى يوقالغانلىقى، پىتنە ـ پاسات كۆپىيىپ، جېدەل ـ ماجىرانىڭ ئاۋۇغانلىقىنى سېزىشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، «تاۋۇس ئەللەيىن» ھەممىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى «تاۋۇس ئەللەيىن» ھەددىدىن ئېشىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ خۇلقىغا چىدىمىغان مويسىپىتلاردىن بىر قانچىسى شىر، يىلپىزلارنى ۋەكىل قىلىپ، يولۋاس پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپتۇ.

ــ پادىشاھى ئالەم، ــ دەپتۇ ئۇلار، ــ ئەسلىدە بىز ناھايىتى ئىناق، تىنىچ ياشاپ كەلگەنىدۇق، بۇ «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نەرسە كېلىپلا، ئىشلار باشقىچە بولۇپ كەتتى، تىنچلىق بۇزۇلۇپ، جېدەل ـ غوۋغا كۆپەيدى، ئۇ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي ھەممىنى دەپسەندە قىلدى. ھەممە «تاۋۇس ئەللەيىن» دىن بىزار، لېكىن گەپ قىلالمايۋاتىدۇ. «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن زادى قانداق نەرسە؟ قايسى نەسلىدىن؟ نېمە مۇددىئاسى بار؟ قانداق بىگىسى بار؟ بىز تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا 70 خىل پارقىرايدىغان رەڭگىدىن قورقۇپ، ئۇنى بېشىمىزدا كۆتۈرۈۋالدۇق، بۇنىڭغا بىرەر چارە قىلمىساق بولمايدۇ، ــ دەپتۇ. «تاۋۇس ئەللەيىن» نى جاڭگالغا تەكلىپ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، قانداق چارە قىلىشنى ئويلىنىپ يۈرگەن يولۋاس پادىشاھقا بۇ مەسلىھەت ناھايىتى ماقۇل كەپتۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن جاڭگال ئەھلى يىغىلىپ، چوڭ مەرىكە ئۆيۈشتۇرىدىغان، بۇ مەرىكىدە بارلىق ھايۋانلار ئۆز خىلى بويىچە ئايرىلىپ، ئۆزىگە خاس ھۈنەر، ئويۇن كۆرسىتىدىغان، قايسىسى ياخشى ھۈنەر، ئويۇن كۆرسەتسە شۇ مۇكاپات ئالىدىغان چارە تۈختام بوپتۇ.

بۇيرۇق چىقىرىلىپ، پۈتۈن جاڭگال ئەھلى يىغىلىپ، مەرىكە باشلىنىپتۇ. مەرىكە شۇنداق قىزىپ كېتىپتۇكى، بارلىق ھايۋانلار ۋە قۇشلار ئۆز خىللىرى قاتارىدا ئۆزىگە خاس ئويۇنلىرىنى ئويناپ، جاڭگالنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شىر، يىلپىز، ھەتتا يولۋاس پادىشاھمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۆز توپلىرىغا قوشۇلۇپ ئويناپ كېتىپتۇ. «تاۋۇس ئەللەيىن» چوڭچىلىق قىلىپ، چاندۇرماي ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېيىقلار توپى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا «تاۋۇس ئەللەيىن» ئۆزىنى تۇتالماي، دەرھال ئېيىقلار توپىغا قوشۇلۇپ، ھەۋەس بىلەن ئېيىقلارچە ئويناپ كېتىپتۇ.

كۆپچىلىك: «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن ئەسلى بىر ئېيىق ئىكەنغۇ! دەپ، ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، چوقان ـ سۈرەنلەر بىلەن ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي «تاۋۇس ئەللەيىن» نىڭ رەڭگارەڭ تۈكلىرى تامام يۇلۇنۇپ، بەدەنلىرى تىتما ـ تىتما بولۇپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ.

جاڭگالدىكى بارلىق ھايۋانلار بۇ ئاپەتنى يوقاتقىنىغا ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ، ئۇلار يېڭىباشتىن تىنچ ۋە ئىناق ياشاشقا باشلاپتۇ①.

## كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن

بۇرۇن بۇرۇن ئىكەن، توخۇ تۇرنىكەن، مانا شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئېڭەككە تاقاشقۇدەك بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئەقلى ـ ھوشى سەل كەمرەك ئىكەن، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا خامراق ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئادەم «ئوغلۇم كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى ئۆيلەپ قويماي بولمايدۇ. ئوغلۇمنى باشقۇرالايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن تاپسام ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ. مۇنداق قىزنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئاخىر «خېلىدىن بېرى ئوغلۇمنى تۇزۇكرەك ئىشقا سېلىپ كۆرمەپتىمەن، بىر ئىشقا بۇيرۇپ باقاي، ئاز ـ پاز ئەقىل كىرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ يانچۇقىدىن ئازراق پۇل ئېلىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ:

— بالام، بۇ پۇلغا بازاردىن بىزگە ئوزۇق، كالىغا بوغۇز، توخۇغا دان ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

ئوغلى پۇلنى ئېلىپ بازارغا بېرىپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ باھاسىنى سوراپ كۆرۈپتۇ، قارىسا، بۇ پۇلغا پەقەت بىرلا نەرسە كېلىدىكەن. بازارنى ئايلىنىپ، دادىسى دېگەن سودىلىقنى تاپالمىغاندىن كېيىن بېشى قېتىپتۇ. ئۆيگە يېقىن بىر خالتا كوچىغا كىرىپ، قۇلۇپلاقلىق بىر ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ بالىنىڭ بۇنداق تۇرغىنىنى كۆرگەن بىر قىز ئويناۋاتقان يېرىدىن قوپۇپ، ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. بالا بۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قىز تالاغا چىقسا، بايىقى بالا ئۆز جايىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغۇدەك. قىز بۇ بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۇرغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

— ھوي بالا، سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز يوقمۇ؟ بايا شۇنداق تۇرۇۋېدىڭىز، تېخىچىلا قوزغالماپسىزغۇ؟

— مېنىڭغۇ ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ ئوغۇل ئىزا تارتقانلىقىنى بىلدۈرمەسلىككە سېلىپ، — شۇ ئىشىمنىڭ تۈگۈنىنى يېشەلمەي شۇنداق تۇرىمەن.

— ئېيتىڭە، ئۇ قانداق تۈگۈن، ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ قىز.

— دادام ماۋۇ پۇلغا بىزگە ئوزۇق، كالىغا بوغۇز، توخۇغا دان ئېلىپ كەل دېۋىدى.

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(2)» دىن ئېلىندى.

بازارغا بېرىپ، ئۇنى - بۇنى سوراپ باقسام، بۇ پۇلغا شۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىلا كېلىدىكەن. دادامنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بېرىشىمنى بىلمەي تۇرسەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىز مۇلايىملىق بىلەن:

— مەن ئېيتىپ بەرسەم خۇش بولامسىز؟ — دەپتۇ.

ئوغۇل خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ.

— بازارغا بېرىپ، پۇلىڭىزغا قوغۇن ئېلىڭ. قوغۇننىڭ ئېتى سىلەرگە ئوزۇق، شاپىقى كالىغا بوغۇز، ئۇرۇقى توخۇغا دان بولىدۇ، — دەپتۇ قىز.

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تۇرۇپ ئويلىسا راست، ئۇ قىزغا رەھمەت ئېيتىپ، بازاردىن قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ، ئۆيىگە يېنىپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ:

— بۇنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تېپىپ ئەكەلدىڭمۇ ياكى بىر كىم ئەقىل كۆرسەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغۇل دادىسىغا راستىنى ئېيتىپتۇ. بالىنىڭ دادىسى «ھە، مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ باشقۇرىدىغان، چىرىغىمنى ئۆچۈرمەيدىغان كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن تېپىلىپتۇ» دەپ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تويلىشىپتۇ[①].

## ئەرنى ياشارتقانمۇ، قېرىتقانمۇ خوتۇن

زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر مەھەللىدە ئەمەت بىلەن سەمەت دېگەن ئاكا - ئۇكا ياشاپتىكەن. قارىماققا سەمەت ئاكىسى ئەمەتتىن قېرى كۆرۈنىدىكەن. بۇ ئىككىسى بىللە ماڭغان چاغلاردا ئۇلارنى تونۇمايدىغان كىشىلەر ساقىلىغا ئاق كىرىپ كەتكەن سەمەتنى چوڭ دەپ تالىشىپ قالىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، دەرەخ تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرغان بىر قانچە قېرىلار بىلەن ياشلار ئارىسىدا «نېمىشقا ئاكىسىدىن ئىنىسى قېرى كۆرۈنىدۇ؟» دەپ تالاش بولۇپ، ھېچكىم سەۋەبىنى تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇلاردىن بەش - ئالتە كىشى ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىلىپ كەلمەكچى بولۇپ مېڭىشىپتۇ. ئاۋۋال سەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. مېھمانلارنى كۆرۈپ سەمەتنىڭ خۇشاللىقى ئىچى - ئىچىگە پاتماي قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىغا كۆرپە ساپتۇ، لېكىن سەمەتنىڭ خوتۇنى چىرايىنىمۇ ئاچماي بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋاپتۇ. سەمەت خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ياخشى مېھمانلار كەلدى، بىرەر نېمە قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

— ئۆيدە گۆش يوق، — دەپتۇ خوتۇنى قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە دومسىيىپ.

— گۆشسىز بولسىمۇ بىر ئامال قىلساڭچۇ، — دەپتۇ مېھمانلار ئالدىدا خىجالەت

---

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(2)» دىن ئېلىندى.

بولغان سەمەت.

— ئۇنمۇ يوق، — دەپتۇ خوتۇنى جاھىللىق بىلەن.

— ھېچبولمىغاندا نان ـ پان، چاي ـ پېيىلىڭ باردۇ؟ — دەپتۇ سەمەت.

— نانمۇ يوق، سۇمۇ يوق، ـ دەپتۇ خوتۇنى توڭلۇق بىلەن.

ئەسلىدە سەمەتلەرنىڭ ھال ـ ئوقىتى خېلى ياخشى بولۇپ، خوتۇنى يوق دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن.

— ياق ـ ياق، بىزگە ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئۆزىمىز مۇنداقلا كىرىپ چىقايلى دېۋىدۇق، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، — دېيىشىپ مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئۇلار ئەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. مېھمانلار ھويلىغا كىرىشىگىلا ئەمەت بىلەن خوتۇنى چىقىپ ئوچۇق چىراي قارشى ئاپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرگۈچە ئەمەتنىڭ خوتۇنى ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ، بىر ئەسكى كۆرپىسى بار ئىكەن، شۇنى ئېلىپ چىقىپ سېلىپتۇ. مېھمانلارنىڭ ئاستىغا سېلىپتۇ. ئەمەت مېھمانلار بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— خوتۇن، مېھمانلارغا قويغۇدەك بىرەر نېمەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي، بار ـ بار، مېھمانلار ئۇسساپ قالغاندۇ، ئاۋۋال تاۋۇز تىلايلى، — دەپتۇ خوتۇنى.

— قېنى ئەمىسە، ياخشىراقىدىن بىرنى ئېلىپ چىققىنا، — دەپتۇ ئېرى. خوتۇنى «ماقۇل» دەپ خۇشال چىقىپ كېتىپ بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ.

— ياخشىراقى يوقمۇ؟ — دەپتۇ مايماق تاۋۇزنى كۆرۈپ ئەمەت.

ئەسلىدە ئەمەتنىڭ تۇرمۇشى سەمەتنىڭكىگە قارىغاندا ناچار ئىكەن. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئاشۇ مايماق تاۋۇزدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن، لېكىن ئەمەتنىڭ ئايالى:

— ماقۇل، مەن قاراپ باقاي، — دەپ چاندۇرماستىن چىقىپ كېتىپ، يەنە ھېلىقى تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تۇمشۇقى تەرىپىنى كۆرسىتىپتۇ.

— بۇ تاۋۇزۇڭ ياخشى چىقارمىكىن، قېنى ئەكەلگىنە تىلىپ باقايلى، — دەپ تىلىپتىكەن، تاۋۇز ھەم قىزىل، ھەم تەملىك چىقىپتۇ.

مېھمانلار تاۋۇزغا ئېغىز تېگىشىپ، قىزىق پاراڭلارنى قىلىشىپ، بۇ مېھماندوست ساھىبخانىلاردىن رازى بولۇشۇپ قايتىشىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ ئارىدىن بىر قېرى بوۋاي:

— بىزنىڭ تالىشىشىمىز ئەمدى يېشىلدى. سەمەتنى قېرىتىۋەتكەن ھېلىقى بارنى يوق دەپ دومسىيىپ ئولتۇرغان خوتۇنى، ئەمەتنى ياشارتىۋەتكەن ھېلىقى يوقنى بىلىندۇرمەي، گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان خوتۇنى. دېمەك «ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن، يەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن كونىلار، — دەپتۇ.[①]

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(2)» دىن ئېلىندى..

***ھېكمەت:***
***ئاياللارنىڭ ئىللىق چىراي، مۇلايىملىقى ئۆمۈرگە بەرىكەت. ئەركىنى خۇيلۇقى ئۆمۈرگە سىلىنغان ئىپەك.***

## گۇناھكار ئۆكۈز

بىر كۈنى قاراقۇشنىڭ ئالدىغا ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتىنى، قولى ئارقىسىغا باغلانغان بىر ئادەمنى ۋە بىر ئۆكۈزنى ئېلىپ كېلىشتى.

كىشىلەر:

— بۇ ئۆكۈز مانا شۇ ئادەمنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇردا بىلەن بىللە ئۆكۈزنى ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىنى ئېلىپ كەلدۇق. ئۆكۈز ئىگىسىدىن خۇن تەلەپ قىلمىز، ئۇنىمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغايلا، — دېيىشتى.

قاراقۇش ئۆكۈزنى سويۇشقا، ئىگىسىنى ئازاد قىلىشقا بۇيرۇدى، ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى.

دەۋاگەرلەر بۇ ھۆكۈمدىن نارازى بولۇشتى. قاراقۇش ئۇلارغا دېدى:

— مەن ئادىل ھۆكۈم قىلدىم، يەنە نېمىشقا رازى بولمايسىزلەر؟ ئۆزۈڭلەر ئويلاپ كۆرۈڭلەر، قاتىل زادى كىم، ئۆكۈزمۇ ياكى ئىگىسى؟ ئەلۋەتتە، قاتىل دەپ ئۆكۈزنى چۈشىنىش كېرەك. ئىگىسىدە ئەيىب يوق. شۇڭا قاتىل ئۆكۈزگە ئۆلۈم جازاسى بەردىم، ئىگىسى ئەيىبسىز بولغانلىقتىن ئازاد قىلدىم، بولدى، كېتىڭلار، قەيەرگە بېرىپ ئەرز قىلسىڭىزلار قىلىۋېرىڭلار.

كېيىن ئۆكۈز ئىگىسىگە:

— ماڭ، باشقا ئۆكۈزۈڭ بار بولسا، ئۇنىڭغا ھۆكۈمنى ئېيت. ئەگەر سۆزۈڭگە كىرمەي ئۇمۇ قاتىللىق قىلسا، ئۇنى قەتل قىلىپ، جەسىتىنى ساڭا بەرمەستىن كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن، — دەپ سويۇلغان ئۆكۈزنى ئىگىسىگە بېرىۋەتتى.

## ئەيىب كىمدە

بىر سودىگەر بىر كىشىگە پۇل قەرز بەرگەن ئىدى. قەرزدار قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرماي ھەدېسىلا كەينىگە سوزۇۋەردى. ئاخىر، سودىگەر شۇ ئىش توغرىسىدا قاراقۇشقا شىكايەت قىلدى. قاراقۇش قەرزدارنى چاقىرىپ:

— نېمىشقا قەرزنى تۆلىمەيسەن؟ دەرھال تۆلە، بولمىسا جازاغا تارتىلىسەن، — دېگەن ئىدى، ئۇ ئادەم:

— قولۇمغا ھەر قېتىم پۇل كىرگەندە، قەرزىمنى تۆلەپ قۇتۇلاي دەپ سودىگەرنىڭ

ئۆيىگە بارىمەن، لېكىن سودىگەرنى تاپالمايمەن، دۇكىنىغا بارىمەن، تاپالمايمەن. ئىلاجسىزلىقتىن ئۇنىڭغا تۆلىمەكچى بولغان پۇلنى كەم ـ كوتىلىرىمغا ئىشلىتىپ قويىمەن، ــ دەپ ھەممە ئەيىبنى سودىگەرگە دۆڭگەپ قويدى.

قاراقۇش قەرزدارنىڭ سۆزىنى ئىشىتكەندىن كېيىن خىزمەتچىلىرىگە:

ــ دېمەك، ئەيىب سودىگەرنىڭ ئۆزىدە ئىكەن، ھازىر ئۇنى قاماپ قويۇڭلار، زىنداندا ياتسۇن. قەرزدار قولىغا پۇل كىرگەن زامان زىندانغا كېلىپ ئۇنىڭغا پۇل تۆلەۋېرىدۇ. قەرزدار پۇلنى قاچان تۆلەپ بولسا، شۇ چاغدا سودىگەرنى ئازاد قىلىڭلار. شۇنداق قىلغاندا، قەرزدار ئۇنى ئۆيىدىن ياكى دۇكىنىدىن تاپالماي سەرسان بولۇشتىن قۇتۇلىدۇ، ــ دەپ ھۆكۈم قىلدى.

## مېنىڭ ئۇچۇنلا...

ئىككى مۆڭ يېزىغا كېتىۋېتىپ ئازراق دەم ئالماق ئۇچۇن بىر دەرەخنىڭ تېگىدە ئولتۇردى. شۇ چاغدا بىر بۇلبۇل كېلىپ دەرەخ شېخىغا قونۇپ سايراشقا باشلىدى. ئۇلاردىن بىرى: «بۇلبۇل مېنىڭ ئۇچۇن سايرىدى» دېسە، ئىككىنچىسى: «بىكار گەپ، سېنىڭ ئۇچۇن ئەمەس، مېنىڭ ئۇچۇن سايرىدى» دەپ تالاشقىلى تۇردى. ئاخىر، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ ئىش توغرىسىدا قازىنىڭ ھۆكمىنى ئىشتمەك بولۇشتى.

ئەتىسى ئۇلاردىن بىرى شېرىكىگە تۇيدۇرماستىن، قازىغا بىر قوي ئاپىرىپ بەردى ۋە مەسىلىنى ئۆز پايدىسى ھېسابىغا ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۇنىڭدىن ئۆتۈندى. ئىككىنچى مۆڭمۇ شۇنداق قىلدى. ئىككى ئوتتۇرىدا قازى ئىككى تۇياق قويغا ئىگە بولدى. بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىلا مۆڭ قازى ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىشتمەك بولۇشتى. قازى ھەر ئىككىلىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا:

ــ بىكارغا دەۋا قىلىپ يۈرمەڭلار، بۇلبۇل ئىككىڭلار ئۇچۇن سايرىغىنى يوق، پەقەت مېنىڭ ئۇچۇنلا سايرىدى، ــ دېدى.

## ئەبۇ نۇۋاسنىڭ تەدبىرى (1)

باغدادنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن بىرى ئەبۇ نۇۋاسقا ① ئېيتتى:

ــ كېچىسىمۇ ئۆيۈم زىيارەتچىلەر بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. بىرەر كۈن يالغۇز قېلىپ

① ئەبۇ نۇۋاس – ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبن ھانىي ھەكەمىي (813-762) ئەرەب شائىرى بولۇپ، ئىلىم، ئەدەپ، فەزل ۋە ھۈنەردە زامانىسىنىڭ بۈيۈك سىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ زېرەكلىكى، ھازىرجاۋابلىقلىقى، ھەققانىيەتپەرۋەرلىكى ۋە شېئىرلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن نام چىقارغان. شۇڭلاشقا، ئاببااسىيلاردىن ھارۇن ئەررەشىد ئەبۇ نۇۋاسقا زور ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئايرىماس ئىدى. ئۇ توغرىسىدا كۆپلەپ لەتىپىلەر توقۇلغان.

راھەتلىنىپ ئارام ئالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچبىر چارىسىنى تاپالمىدىم. سىز تولىمۇ زەكىي ئادەمسىز، بۇ ھالغا بىرەر چارە كۆرسىتىشىڭىزنى سورايمەن.

ئەبۇ نۇۋاس مۇنداق دېدى:

— زىيارەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىككى چارىسى بار: كەلگەنلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلىش ياكى ئۇلارغا چىراي ئاچماسلىق. زىيارەتچىلەر بۇنداق مۇئامىلىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن يېنىڭىزغا ئىككىنچىلەپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز خاتىرجەم ياشاۋېرىسىز.

— بۇ تەدبىرىڭىزنى مەن بىجىرەلمەيمەن، — دېدى ئۇ كىشى، — مەن يېنىمغا كەلگەنلەرگە قوپاللىق قىلىشنىڭ، چىراي ئاچماسلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. ماڭا باشقا چارە كۆرسىتىڭ.

— ئەگەرچەندە بۇ تەدبىرلەر قولىڭىزدىن كەلمىسە، ئۇ چاغدا باشقا بىر تەدبىرگە مۇراجىئەت قىلىڭ، يەنى زىيارەتكە كەلگۈچىلەرنىڭ بايلىرىدىن پۇل قەرز سوراڭ، كەمبەغەللىرىگە بولسا پۇل قەرز بېرىڭ. شۇنىڭدا زىيارەتچىلىرىڭىزنىڭ بايلىرى: «مېنىڭدىن پۇل قەرز سوراپ قالمىسۇن» دەپ، كەمبەغەللىرى بولسا «قەرز بەرگەن پۇلىنى سوراپ قالمىسۇن» دەپ ئەنسىرەپ، سىزگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشىدۇ. مانا شۇ يول بىلەن ئۇلاردىن قۇتۇلىسىز، — دېدى ئەبۇ نۇۋاس.

بۇ ئابرۇيلۇق كىشى ئەبۇ نۇۋاسنىڭ كېيىنكى كۆرسەتكەن تەدبىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي زىيارەتچىلەردىن قۇتۇلۇپ، راھەتتە ياشاشقا باشلىدى.

## ئەبۇ نۇۋاسنىڭ تەدبىرى (2)

بىر كۈنى ئەبۇ نۇۋاس باغداد كوچىلىرىدىن بىرىدە كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ سالام بەردى. ئەرەب ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ قولىنى ئۆپكەندىن كېيىن دېدى:

— سىلى خەلىپە ھارۇن ئەر رەشىدنىڭ شائىرى ۋە سۆھبەتدىشى بولىدىلا، ئۆزلىرى ئىلمۇپەزىلەتلىرى، ئادالەتلىكلىرى، ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇمغا قارشى خوسۇمەتلىرى بىلەن ئالەمگە مەشھۇردۇرلار. مەن ناھەقچىلىق ۋە زۇلۇم ئاستىدا قالدىم. ئۆزلىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاجمەن.

ئەبۇ نۇۋاس بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

— ئەي بۇرادەر، قانداق ھەقسىزلىككە دۇچار بولدىڭىز؟ كىم سىزگە زۇلۇم قىلدى؟ ھەممىسىنى ماڭا ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەم ئەرزىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— مەن ئوتتۇرا ھال بىر كىشى ئىدىم، مەئىشەتتىم يامان ئەمەس ئىدى.

يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق ئىچىدە ياشايدىغان ئابدۇقادىر سەرراج مەندىن «يۈز دانە تىللا قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، سودىگەرلىك قىلماقچىمەن، پۇلىڭىزنى پات ئارىدا قايتۇرۇپ بېرىمەن» دەپ ياردەم سورىدى. مەن ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىنىپ دەرھال يۈز دانە تىللا بەردىم، لېكىن ئۇنىڭدىن تىلخەت ئالمىدىم. تىللا بەرگىنىمگە گۇۋاھ ھەم يوق ئىدى.

ئابدۇقادىر سەرراج مېنىڭ بەرگەن پۇلۇم بىلەن سودىگەرلىك قىلىپ، بېيىپ كەتتى. مېنىڭ ئىشىم بولسا بارغانسېرى كەينىگە تارتىپ، ئاخىر يوقسۇزلۇققا گىرىپتار بولدۇم. ئابدۇقادىر سەرراج قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، پۇللىرىمنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. مەن ئىلاجسىزلىقتىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قەرز بەرگەن پۇللىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى سورىدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمىدى، پۇل ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇپ مېنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقاردى. شۇڭا سىلىگە ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئۇ رىياكاردىن ھەققىمنى ئېلىپ بەرگەيلەر.

ئەبۇ نۇۋاس شۇ كۈنى ھارۇن ئەر رەشىد ھۇزۇرىغا بېرىپ:

— مېنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىمنى ھەر دائىم قەيد ئېيتىپ تۇرىدۇرلار، ئەمما بىر ەر قېتىممۇ مۇكاپات بېرىپ باقمىدىلا، — دېدى.

ھارۇن ئەر رەشىد ئەبۇ نۇۋاس مېنىڭدىن ئىنئام ـ ئېھسان تەلەپ قىلسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

— ئەبۇ نۇۋاس مەن سېنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيمەن، خىزمىتىڭنى قەدىرلەيمەن. نېمىنى خالايسەن، ئېيتقىن، دېگىنىڭنى بىجىرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— رەھمەت ئالىيلىرى، ئۇنداق بولسا، مېنى باغداد شەھىرىدىكى ھەممە ھايۋانلارغا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىگەيلا. شۇ توغرىدا پەرمان يېزىپ، مۆھۈرلىرىنى بېسىپ، قولۇمغا بەرگەيلا، — دېگەن ئىدى. ھارۇن ئەر رەشىد ئۇنىڭ سۆزىگە ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— بۇنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار؟ مال ـ دۇنيا سورا، بېرەي!

— مال ـ بايلىققا ھاجىتىم يوق، ئالىيلىرىدىن پەقەت مۇشۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى ئەبۇ نۇۋاس.

— ئاخىر، ھايۋانلارغا مېنىڭمۇ ھۆكمىم ئۆتمەيدۇ. سېنى ئۇلارغا پادىشاھ قىلىشتىن نېمە پايدا؟ — سورىدى ھارۇن ئەر رەشىد.

— ماڭا پادىشاھلىق پەرمانىنى يېزىپ بەرسىلىلا بولدى، بۇ يېقىنى ئۆزۈمگە قويۇپ بەرگەيلا، — دېدى ئەبۇ نۇۋاس.

ھارۇن ئەر رەشىد ئەبۇ نۇۋاسنىڭ ئىلتىماسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا پەرماننامە يېزىپ بەردى. ئەبۇ نۇۋاس ئۇنى ئېلىپ چۆنتىكىگە سالدى، ئۆزى بىلەن بىر نەچچە خىزمەتكارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئابدۇقادىر سەرراجنىڭ ئۆيىگە باردى. خىزمەتكارلارغا بايىنىڭ ئۆيىنى بۇزۇشنى بۇيرۇدى. باي ھويلىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، نېمە ئىشلىقىنى

www.uyghurkitap.com

سورىدى. ئەبۇ نۇۋاس پەرمانىنامىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— مەن ھايۋانلار پادىشاھىمەن. پۇقرالىرىمدىن بىر چاشقان بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلماي قېچىپ كېتىپ، سەن تۇرغان ئۆيدىكى بىر تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. ئەمدى ئاشۇ ئىتائەتسىز پۇقرايىمنى تېپىپ جازالىماقچىمەن تاكى باشقا پۇقرالىرىم ماڭا ئىتائەت بولغاي.

باي ئۆز ئۆيىنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ ۋەيران بولۇشىنى چۈشىنىپ، يىغلاشقا باشلىدى. ئەبۇ نۇۋاس ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئەۋۋەل پالانچىدىن ئالغان يۈز تىللانى ھازىر قىل، بولمىسا ئۆيۈڭنى ۋەيران قىلىمەن، — دېۋىدى، باي يۈز تىللانى شۇ زامان ھازىر قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ھېلىقى كىشى كېلىپ تىللالىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئەبۇ نۇۋاس بۇ ئىشنى ھارۇن ئەر رەشىدكە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ زوقلىنىپ، ئەبۇ نۇۋاس ھىيلىسىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

## مايمۇن بىلەن پۇرچاق

بىر ئادەم پۇرچاق سېتىش ئۈچۈن لىق پۇرچاق قاچىلانغان تاغارنى يۈدۈپ، شەھەرگە مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇ پۇرچاقنى يېنىدا قويۇپ بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە ئارام ئاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئولتۇرا ـ ئولتۇرا ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ.

دەرەختە بىر مايمۇن بار ئىكەن، مايمۇن ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، دەرھال پەسكە چۈشۈپتۇ ـ دە، تاغاردىكى پۇرچاقتىن بىر چاڭگال ئېلىپ، دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ ئاقلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. كۈتۈلمىگەندە چاڭگىلىنى ئېچىشىغىلا بىر تال پۇرچاق چۈشۈپ كېتىپتۇ. مايمۇن قولىدىكى پۇرچاقنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىگە كۆزى قىيماي، يەنە دەرەختىن چۈشۈپ ئۇنى ئىزدىۋالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم ئويغىنىپ قاپتۇ، مايمۇن قورقۇپ كېتىپ قولىدىكى پۇرچاقلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىپ قۇرۇق قول دەرەخكە چىقىۋاپتۇ.

دۆت مايمۇن بىر تال پۇرچاقنى دەپ بىر چاڭگال پۇرچاقتىن قۇرۇق قاپتۇ.

## ئۈچ بېلىق

بىر كۆلدە ئۈچ بېلىق ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرنەچچە بېلىقچى بۇ كۆل بويىغا كەپتۇ ـ دە:

— كۆلدە بېلىق بار ئوخشايدۇ، ئەتە كېلىپ تۇتايلى، — دېيىشىپتۇ. ئۈچ بېلىق بېلىقچىلارنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بېلىقلاردىن بىرى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— تېزرەك بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتەيلى، بولمىسا ئەتە تۇگىشىمىز، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تۆشۈك ئارقىلىق ئۆستەڭگە چىقىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر بېلىقمۇ بېلىقچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر چارە ئويلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى بېلىقچىلار بېلىق تۇتقىلى كەلگەندە، ئۇ سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ، قورسىقىنى ئاسمانغا قىلىپ ئۆلگەن بولۇۋاپتۇ. بېلىقچىلار ئۇنى ئۆلۈك بېلىقكەن دەپ، سۈزۈپ ئېلىپ قىرغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇ بېلىقچىلارنىڭ دىققەت قىلمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، پىلتىڭشىدە قىلىپلا ياندىكى ئۆستەڭگە چۈشۈۋاپتۇ — دە، ئۇمۇ قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۈچىنچى بېلىق بېلىقچىلارنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە: «ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، ۋاقتى كەلگەندە بىر ئامال قىلىمەن» دەپ ئويلاپتۇ. نەتىجىدە بېلىقچىلار ئۇنى تۇتۇپ كېتىپتۇ.

## بەخت بىلەن نامرات

بىر كۈنى كەچتە بىر نامرات ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ئۆز تەقدىرىگە لەنەتلەر ئوقۇپ ئاچچىق — ئاچچىق زارلىنىپتۇ:

— بەخت... قېنى ئۇ بەخت؟ ئۇنداق بەختكە مىڭ لەنەت!

تەقدىر بەختنىڭ نامراتقا جاۋاب بېرىشىنى، كېلىپ ئۇنىڭ ئاھ — زارىنى ئاڭلىشىنى ئارزۇ قىپتۇ. نامراتنىڭ ئاغزىدىن شۇ سۆزلەر چىقا — چىقماي، بەخت ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپتۇ — دە:

— بېرى كەل، قورقما. سېنىڭ بەختىڭ مەن بولىمەن، — دەپتۇ.

بەخت ئۇنى ئاسمان — پەلەككە كۆتۈرۈپ، يىراق — يىراقلارغا ئاپىرىپتۇ. كېيىن بىر غار ئالدىغا بېرىپ چۈشۈرۈپتۇ — دە:

— دۇنيادىكى جىمىكى بايلىقلار مانا بۇ غارغا يوشۇرۇپ قويۇلغان. غارغا كىر — دە، كۆڭلۈڭ خالىغان نەرسىنى ئال. لېكىن بەك كۆپ ئالما. ئالغان نەرسىلىرىڭ يېنىڭكرەك، ئۆيۈڭگە ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ بارالىغۇدەك بولسۇن. يول بەك يىراق ۋە مۇشەققەتلىك، يالغۇز ئۆزۈڭ قايتىسەن. ئەگەر ئالغان نەرسىلىرىڭنى قولۇڭدىن چۈشۈرۈۋەتسەڭ ئەبەدىي تاپالمايسەن. ھوشۇڭنى يىغ. ئۇنچىۋالا ئاچ كۆزلۈك قىلما، — دەپتۇ.

بەخت شۇنداق دەپتۇ — دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. نامرات غارغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى ھېسابسىز بايلىقلارنى، قىممەت باھا گۆھەرلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەڭ چىرايلىق نەرسىلەرنى چاڭگاللاپ ئېلىپ تاغىرىنى تولدۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىر سائەتلەردىن كېيىن ئېغىر تاغارنى يۈدۈپ غاردىن چىقىپتۇ.

نامرات مۇرىسىدىكى ئېغىر تاغار بىلەن بىرنەچچە قەدەم مېڭىپتۇ — دە، ماغدۇرى كېتىپ نەپسى ئاغزىغا تىقىلىپ قاپتۇ. ئەزايى بەدىنىنى قارا تەر بېسىپ كېتىپتۇ. ئالغان نەرسىنى مەنزىلگە ئېلىپ بارالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ.

«تاغارنى يەرگە قويۇپ، ئاستا دومىلىتىپ بارسام قانداق بولىدىكىن؟ ئۆيگىچە دومىلىتىپ بارسام بولارمىكىن»، ــ دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.

نامرات شۇنچە كۆپ بايلىققا ئىگە بولغانلىقىدىن چەكسىز خۇش بولۇپ، دۇنيا تولدۇرۇلغان تاغارنى دومىلىتىشقا باشلاپتۇ. ئۆيىگە يېقىن بارغاندا نامرات قىلىدىغىنى رۇسلىغانىكەن، توساتتىن تاغار غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. بىچارە ئىككى قولى قۇرۇق، تۇل ئەتراپىقا گاڭگىرىغان ھالدا قاراپ پەرياد چېكىپ، پېشانىسىنىڭ تەتۈرلۈكىدىن زارلىنىپتۇ.

شۇ زامان بەخت پەيدا بوپتۇ. بەخت ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قاراپ:

ــ سەن ئۆز بەختىڭ ئالدىدا گۇناھكارسەن. سېنى ھېچقانداق بايلىق قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. كۆزۈڭ تويمايدۇ. ساڭا كۆپ نەرسە ئاتا قىلغانىدىم، ئۇنىڭدىن كۆتۈرگىنىڭچە ئېلىشىڭ كېرەك ئىدى. لېكىن سەن ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئېلىۋالدىڭ. شۇڭا ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولدۇڭ. بۇ ئىش ساڭا ساۋاق بولسۇن، كەلگۈسىدە ئازراق نەرسىگە قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىسەن، ــ دەپتۇ.

## مۇغەمبەر تۇمشۇقىدىن ئىلىنار

كۇنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئەينەكچى بىر سارائغا:

ــ ھەممە ساراڭلار ئەينەك سۇندۇرىدۇ. سەن نېمىشقا ھۇرۇنلۇق قىلىپ بىكار ئولتۇرىسەن، ماڭ، سەنمۇ ئەينەك سۇندۇر. شۇنداق قىلساڭ، ماڭا ياردەملەشكەن بولىسەن، ماڭا ئىش چىقىدۇ، ــ دەپتۇ.

ساراڭ ئۇنىڭ دېگىنىگە ئەمەل قىپتۇ. ئەينەكچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ــ دە، ھويلىغا چۈشۈپ، دېرىزىلىرىنىڭ بىرمۇ ئەينىكىنى قويماي تاش بىلەن ئۇرۇپ چېقىپ تاشلاپتۇ.

ئەينەكچى ئۆيىگە كەپتۇ ــ دە، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ساراڭنى ئەيىبلەشكە باشلاپتۇ.

ــ نېمىشقا ماڭا خاپا بولىسەن، ماڭ سەنمۇ ئەينەك چاق دەپ ئۆزۈڭ ئېيتقانىدىڭغۇ!
ــ دەپتۇ ساراڭ.

ــ مەن ساڭا باشقىلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئەينىكىنى چاق، ماڭا ئىش تېپىلىدۇ، دېگەنىدىمغۇ! ــ دەپ قايناپتۇ ئەينەكچى.

ــ ئەگەر مەن سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ دېرىزىلىرىنىڭ ئەينەكلىرىنى سۇندۇرماي باشقىلارنىڭكىنى سۇندۇرسام، ئۇلار ئىگىلىرى باشقا ئەينەكچىنى چاقىرىدۇ، ھازىر بەك خاتىرجەممەن. نېمىشقا دېگەندە، سەن باشقا ئەينەكچىنى چاقىرمايلا، ئۆزۈڭ ئەينەك سېلىۋالىسەن، ــ دەپتۇ ساراڭ.



www.uyghurkitap.com

## «ھەممە» دەپ ۋارقىرايسەن

قەدىم زاماندا بىر يېزىدا بىر ئەر ـ خوتۇن ياشىغانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرلا يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ھورۇن بولۇپ، ئېتىزدا ئىشلەشنى خالىمايدىكەن. يا ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەم بەرمەيدىكەن، يا ئۆي ئىشلىرىغا قاراشمايدىكەن. ۋاقىتنى بىكار يۇرۇپ ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى چوڭ بايرام بوپتۇ. يېزىغا ئويۇنچىلار كەپتۇ. يېزىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تاماشا كۆرگىلى مېڭىشىپتۇ. ھېلىقى ھورۇن بالىمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تاماشا كۆرگىلى بېرىپتۇ. تاماشا ئۇنىڭغا شۇقەدەر يېقىپ كېتىپتۇكى، ئۇ ئويۇنچىلار بىلەن بىللە كېتىمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاتىسى بىلەن ئانىسى ھەرقانچە يېلىنىپ ـ يالۋۇرسىمۇ، ئۇ ئېيتقان گېپىدىن يانماپتۇ. ئاخىر، ئۇلار ئوغلىغا ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ ئويۇنچىلار يەنە بۇ يېزىغا كېلىشىپتۇ. ھورۇن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئاغىنىلىرى ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ، سوراپ سۈرۈشتە قىلىشىپتۇ.

— خوش، يېزىدىن كەتكىنىڭدىن بېرى نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ئىشلىرىڭ قانداقىراق؟ پادىشاھنىڭ رولىنى ئويناۋاتامسەن، ۋەزىرنىڭمۇ ياكى بولمىسا دېھقاننىڭ رولىغا چىقىۋاتامسەن؟

ئۇ ھەممە سوئاللارغا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— كەچتە ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر.

كەچتە يېزا خەلقى ئويۇنغا كەپتۇ. ئەر ـ خوتۇنلارمۇ كېلىشىپتۇ. يېزىدا ھەممەيلەن تاماشا كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئۆز يۇرتلۇقىنى كۆرۈشكە قىزىقىشىپتۇ. «قانداق رولغا چىقتىكىن؟ بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەملەشمەي كۈنلەپ بىكار يۇرىدىغان ھورۇن بالا قانداقىراق ئادەم بولدىكىن؟» دېيىشىپتۇ.

تاماشا باشلىنىپتۇ. بىرىنچى پەردە تۈگەپتۇ. بۇنىڭدا شاھزادىلەر ئويۇن كۆرسىتىپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېزىلىق بالا كۆرۈنمەپتۇ. يۇرتلۇقلىرى بولسا يەنىلا ھازىر چىقىپ قالىدۇ، دەپ ئۇنى كۈتۈشۈپتۇ. سەھنىگە پادىشاھ ئۆز مەسلىھەتچىلىرى بىلەن چىقىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇ بالا يوقمىش. ئاندىن ھەربىي سەركەردىلەر پەيدا بوپتۇ. بالا ھېچ كۆرۈنمەسمىش.

ئاخىرىدا ھەربىي سەركەردىلەردىن بىرى ئۆز قول ئاستىدا قانچە ھەربىي خادىمى بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ:

— مېنىڭ باتۇر ئەسكەرلىرىم، ھەممىڭلار بارمىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھەممىمىز تەييار! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئەنە شۇ «ھەممىمىز» دېگەن ئاۋاز باشقىلارنىڭكىدىن بىرئاز يۇقىرىراق ئاڭلىنىپتۇ. بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى شۇ ئاۋازدىن تونۇۋاپتۇ.

— ئوغلىمىزنىڭ بار ـ يوق ئېرىشكەن نىمىسى شۇمۇ، — دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ ئۇلار، — بار ـ يوقى شۇ «ھەممىمىز!» دەپ ۋارقىرىغىنىمۇ.

شۇنىڭدىن بېرى ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلىشقاندا ھەمىشە ئۇ ھورۇن بالىنى ئەسلەپ: «ئەگەر ئوقۇمىساڭ — (ھەممىمىز!) دەپ ۋارقىراشتىن ئېرىشكىنى ئۆتەلمەيسەن» دېيىشىدىكەن.

## سېھىرلىك كوزا

قەدىمكى زاماندا چەت بىر يېزىدا بەك كەمبەغەل بىر بالا ياشىغانىكەن. ئۇ باشقىلارنىڭ قولىدا مالاي بولۇپ ئىشلەيدىكەن، ئۇنى قانداق ئىشقا بۇيرۇسا ھەممىسىنى قىلىدىكەن. بىراق قورسىقى تويۇپ تاماق يەپ باقمىغانىكەن.

كەمبەغەل بالا بەكمۇ راستچىل، ھالال يىگىت ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھالال ياشايدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى راھىبلارغا سەدىقە بېرىدىكەن. مۇقەددەس ھەقىقەتكە قاتتىق ئىشىنىدىكەن.

ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىدا بىر يوغان خورما دەرىخى بار ئىكەن. كەمبەغەل بالا تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال گەرچە ئۆزى ئاچ بولسىمۇ ھەر دائىم ئاشۇ مۇقەددەس دەرەخكە سەدىقە بېرىدىكەن.

بالىنىڭ سېخىيلىقىنى كۆرگەن خورما دەرىخى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلماقچى بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بالىنىڭ سەدىقە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە:

— ھەي جىنىم بالام، مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى ياندۇرماقچىمەن. ساڭا خالىغان تەلىپىڭنى بەجا كەلتۈرىدىغان كوزا بېرىمەن. نېمە تەلەپ قىلساڭ ھەممىسىنى شۇ كوزىدىن تاپىسەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بالىغا سېھىرلىك كوزىنى بېرىپتۇ.

كەمبەغەل بالا كوزىنى شۇ زامان سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن مەززىلىك تاماق يەپتۇ. ئاندىن كېيىن بولسا كوزىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئاپتۇ. ئۇچىنچى قېتىمدا كوزا ئىچىدىن ئەڭ قىممەت باھالىق مەرۋايىت، گۆھەر، ياقۇتلارنى ئاپتۇ.

بالا خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قاپتۇ. ئۇ ئۆزىچە ئويلاپتۇ:

«مەن دائىم يېرىم ئاچ ـ يېرىم يالىڭاچ ياشايتتىم، مانا قولۇمدا سېھىرلىك كوزام بار بولدى، مەن ئۈچۈن دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە قورقۇنچلۇق ئەمەس. مېنىڭ كۈچۈم

ھەتتا پادىشاھلارنىڭ كۈچىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. مەن ئەمدى يەر يۈزىدىكى ئەڭ دۆلەتمەن كىشىلەردىن بولۇپ قالدىم.»

بالا خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كوزىنى ئاسمانغا ئېتىشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا كوزا بالىنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ ـ دە، پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

## ماختانچاق قۇشقاچ

قۇشلارنىڭ پادىشاھى بۈركۈت ھەر يىلى ئەتىيازدا ئۆز قوۋملىرىغا چوڭ بەزمە قىلىپ بېرىدىكەن. چاپارمەنلەر دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدىن قۇشلارنى بايرامغا چىللىغىلى ئۇچۇپ كېتىشىدىكەن.

پادىشاھنىڭ ئۇۋىسى ئەتراپىغا مېھمان قۇشلار ئۇچۇپ كېلىپ قونۇشۇپتۇ. ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقان خىزمەتكارلار ھەر كىمنى بەلگىلىگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئالىچىپار قۇشقاچلار بايرام بەزمىسىگە ھەممىدىن كېيىن كېلىشىپتۇ.

باشقىلار قاتارىدا ئۇلارمۇ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن زىياپەت باشلىنىپتۇ. بەزمە ئەۋجىگە چىققان چاغدا قۇشقاچلار چەتتە، ھەتتا داستىخانغىمۇ يېقىنلىشالماي قىستىلىپ ـ قىيقىلىپ تۇرغان بىر ھەمراھىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ پەيلىرى يۇلۇپ تاشلانغان ھالدا پۈتۈنلەي قىپيالىڭاچ تۇرغانىكەن.

ــ ھەي قۇشقاچلار، ھەممىمىز بىردىن پەي بېرىپ، قېرىندىشىمىزنى كىيىندۈرمىسەك بولمايدۇ، ــ دەپتۇ ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى.

قۇشقاچلار قەبىلە باشلىقىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىشىپتۇ ۋە ھەرقايسىسى بىچارە ھەمراھلىرىغا بىردىن پەي ھەدىيە قىلىشىپتۇ.

قۇشقاچ يېڭى كىيىمدە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. تېخى ھېچكىم بۇنداق چىرايلىق قۇشنى كۆرمىگەنىكەن.

بۈركۈت ئۇنى كۆرۈپ، يېنىغا ــ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قۇشقاچ ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ:

«بۇ يەردە ئەڭ چىرايلىق ۋە قالتىسى ئۆزۈمدەك قىلىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، بۈركۈتتەك پادىشاھى ئالەمنىڭ يېنىدا تۇراتتىممۇ؟» دەپ ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن مەغرۇرلىنىپ مەيدىسىنى كېرىپ غادىيىپ، ھەتتا باشقا قۇشقاچلارنى مەنسىتمەي قويۇپتۇ.

ــ ۋاي ئۇنى قاراڭلار! ئۇنىڭ غادايغىنىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىمىز، ــ دېيىشىپتۇ ئاچچىقلانغان ياش قۇشقاچلار.

ــ ياق، سەۋر قىلىڭلار، بەزمە تۈگىسۇن، ئۇنى يېشىندۈرۈپ قويىمىز، ــ دېيىشىپتۇ چوڭراقلىرى.

ياش قۇشقاچلار زىياپەت تۈگىگىچە ئاران چىدىشىپتۇ. زىياپەت تامام بولۇپ، ھەممە قۇشلار ئۆز ماكانىغا ئۇچۇپ كېتىشكە باشلىغاندا، قۇشقاچلار غادايغان قۇشقاچنىڭ ئۇچىسىدىن ئۆز پەيلىرىنى يۇلۇپ ئېلىشىپتۇ. ئۇ خۇددى ئاۋۋالقىدەك بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

قۇشقاچلار ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭدىن كېيىن غادايمايسەن! — دېيىشىپتۇ.

— مەنمەنلىك ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ! — دەپتۇ شاھ بۈركۈت.

شۇنداق قىلىپ، ماختانچاق قۇشقاچ چۆلدە ئۆزى يالغۇز قاپتۇ.

## ئەڭ يۇمشاق نەرسە تىنچلىقتۇر

ئەدەپ خەزىنىسىنى كۆڭلىگە جايلاشتۇرغان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئۆز بەختىنى تاپالماي بىر مەزگىل سەرسان — سەرگەردان بولۇپ يۈردى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ نۇشىرۋاننىڭ خادىملىرىدىن بىرىنىڭ خىزمىتىگە كىردى. ئۇ يەردىكى قىيىنچىلىق ۋە ھىيلە — مىكىرلەرنىڭ ئازابىغا ھەرقانچە چىدىسىمۇ بىرەر پايدا كۆرمىدى. قاراڭغۇ تۈنلەرنى بولسا ئېغىر خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى. بېيىت:

كۆڭنىڭ جامالىنى كۆرەي دېگەنگە،
تۈندە سەۋر قىلماق پەقەت چارەسى.
گۆھەر قىدىرغۇچى جاپادىن قورقسا،
قولىغا چىقمىغاي دۇرنىڭ سەرەسى[①].

بىر كۈنى نۇشىرۋان مەجلىس قۇردى. كېيىن ئۆز مۇلازىملىرىدىن: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. بىرى: «شايى» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىرى: «تورزىنىڭ پەيلىرى» دېدى. يەنە بىرەيلەن بولسا: «شايىدىنمۇ يۇمشاق نەرسە بولۇشى مۇمكىنمۇ!» دېدى. شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىتمۇ سارايدا بار ئىدى. ئۇ مۇلازىملارنىڭ جاۋابلىرىدىن نۇشىرۋاننىڭ قانائەتلەنمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سۆزلەشكە ئىجازەت سورىدى ۋە ئىجازەت بېرىلگەچ دېدى: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە تىنچلىقتۇر!» نۇشىرۋان ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى ۋە يەنە سورىدى: «ئەڭ ياخشى غىزا قانداق غىزا؟» يىگىت: «شەھۋانىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرمايدىغان ۋە تەندە ئىللەت پەيدا قىلمايدىغان غىزا ئەڭ ياخشى غىزادۇر» دېدى. يەنە سورىدى: «ئەڭ ياخشى شاراب قانداق شاراب؟» يىگىت: «ئەقلىنى زايا قىلمايدىغان ۋە كېسەللىك پەيدا قىلمايدىغان شاراب» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە سورىدى: «گۈللەرنىڭ

---

① سەرە — ئەڭ ياخشى، سەرخىل، تاللانغان.

ئىچىدە ئەڭ خۇش پۇراقلىقى قايسى؟» يىگىت جاۋاب بەردى: «ئاتا ـ ئانا تىرىكلىكىدە ئۇلارنى خۇرسەن قىلغان، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نامىنى مەڭگۈلەشتۈرىدىغان ھايات گۈلى بولمىش پەرزەنت!»

نۇشىرۋان يىگىتنى تەقدىرلىدى ۋە ئۆز ھەكىملىرى قاتارىغا ئالدى. بېيىت:

*دانا ناچارلىقتا قالسىمۇ بىر كۈن،*
*ئۈمىدى ھوسۇلدىن كۆرسىتۇر نىشان.*
*مۇشكىنى كۆر لىباسقا يوشۇرۇلسىمۇ،*
*ھىد چېچىپ ئۆزىنى قىلۇر نامايان!*

*ـــ مۇئىنىددىن جۇۋەينى*

## ئەدەپ سۇرمىسىنى تارتسا...

بىر كۈنى دەل باغداد ۋىلايىتىدە بىرنەچچە بالا كوچىدا ئويناۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە شۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى دەم ئېلىش نىيىتىدە ئاتلىق شۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قالدى. ھاكىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر بالا ئەقلىنىڭ ياردىمىدە بۇ ھالنى سېزىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەدەپ يۈزىسىدىن چەتكە چىقىپ، تام تۈۋىدە تۇردى. باشقا بالىلار بولسا ھېچ نەرسە سەزمىگەندەك ئويۇننى ئويناۋەردى. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ھاكىمغا ھېلىقى بالىنىڭ ھەرىكىتى ياقتى. ئۇ ئېتىنى بالا تەرەپكە ئازراق ماڭدۇرۇپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە قولىدىن ئۈزۈكنى چىقىرىپ، بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى ۋە دېدى: «كىمكى ئۈزۈكنى بىرىنچى بولۇپ تېپىپ كەلسە، شۇ تارتۇق ئالىدۇ». بالىلار بىرىنچى بولۇپ ئۈزۈكنى تېپىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىشتى. كۈتۈلمىگەندە ئۈزۈكنى بىر بالا تېپىۋېلىپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى بالا بولسا ئۆز ئايىغىنى ئەدەپ چېگراسىدىن چىقارماي، جايىدا قىمىرلىماي تۇردى. فەرد:

ھەركىم ئەدەپ سۇرمىسىنى تارتسا ھايا كۆزىگە،
مەقسەت كېلىنىنى قىلۇر شەكسىز ئۇ رام ئۆزىگە.

ھاكىم كۆز قىرى بىلەن ئۇ بالىنىڭ ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرار ئىدى. شۇڭا، بۇ [قېتىم] ئۈزۈكنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. بالا بولسا ئۈزۈكنى يەردىن ئېلىپ توپىسىنى [سۈ]رتتى ـ دە، بىر سۆيۈپ، ئەدەپ ۋە ھايا بىلەن ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ كېلىپ، ئىككى [ق]وللاپ ھاكىمغا ئۇزاتتى. ھاكىمغا ئۇنىڭ ئەدەپ ۋە ھاياسىنىڭ چىرايلىقلىقى يېقىپ، [دې]دى:

ئەدەپ ئۆز ئىگىسىن يەتكۈزۇر بىر كۈن،
ئىززەتۇ ئابرۇيغا ۋە سائادەتكە،
ئەدەپنىڭ بېغىدىن تەرسە ھەركىم گۈل،
ھاياتى تولغۇسى خۇش تاراۋەتكە[1] .
ئەدەپلىك كىشىلەر تاپار ياخشىلىق،
ئەدەپسىزلىك نىشاندۇر، بىل، مالامەتكە.

گەپنىڭ قىسقىسى، ھاكىم باللارنىڭ ھەممىسىنى تارتۇقلىدى ۋە خادىملىرىدىن بىرىگە: «مانا بۇ باللىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تېپىپ، رازى قىل، باللىسىنى بىزگە بەرسۇن، تەربىيەلەشكە ئەرزىيدىغان بالا ئىكەن» . قىتئە:

پاكىز، ئەقىللىق، ھوشيار ھەر بالا،
ھەيفتۇر[2] كۆرمىسە ئەگەر تەربىيەت.
ئىلىمنىڭ شولىسى نۇرىن چاچمىغاي،
كىشىدە بولمىسا ئەگەر مەرىپەت.
ياقۇتنىڭ يۈزىگە بەرمىسە پەرداز،
ھېچقاچان بولالماس تاجى سەلتەنەت!
— بەرخۇردار ئىبنى مەھمۇد

## ئاتىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۇچۇن...

ئېيتىشلىرىچە، بىر باي كىشىنىڭ بىرلا ئوغلى بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئىسراپخور ۋە ئورۇنسىز پۇل سەرپلىگۈچى ئىدى. بېيىت:

دۆلەت ھەرگىز ئەمەس ئويۇن ئۇچۇن جاھاندا،
بەلكى ئۆزنى ساقلاش ئۇچۇن دائىم ئاماندا.

ئاتا ئۆز ئوغلىنىڭ يارامسىزلىقىنى بىلگەنلىكى ئۇچۇن، ئالدىنئالا چارە كۆرۈپ، بۇ جاھاندىن كۆز يۇمار چېغىدا ئۇنىڭغا ئۆگۈت قىلىپ دېدى:
— ھەي ئوغلۇم! مەن ئۆلگەندىن كېيىن بارلىق بايلىقىم ساڭا قالىدۇ. ئىشەنچىم كامىلكى، سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنسىز خەجلەپ تۈگىتىسەن، قولۇڭدا ھېچ

① تاراۋەت — چىرايلىق، ياشلىق لاتاپىتى؛ تازىلىق.
② ھەيف — ئورۇنسىزلىق؛ ئېچىنىش، ئەپسۇسلۇق، ئادالەتسىزلىك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەرسە قالماي، ئاچلىق ۋە خارلىق دەستىدىن ئاخىر ئۆلۈمگە رازى بولسەن. مەن ئېرىقى بويىنىڭ تورۇسىغا بىر ئارقان باغلاپ قويدۇم. جىنىڭدىن تويغان چېغىڭدا ئۆزۈڭنى ئەنە شۇ ئارقانغا ئاسۇرسەن!

بۇ ئاتا شۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ جان ئۈزدى. يارامسىز ئوغۇل كۆپ ئۆتمەي، ھەممە پۇل - پۇچەكلىرىنى سەرپلەپ تۈگەتتى. ئاخىر تىلەمچىلىك قىلىشنى ئار بىلىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بولدى. ئاتىسى ئېيتقان ئۆيگە كىرىپ، سىرتماققا بويىنىنى سېلىپ ئۆزىنى تاشلىدى. لىم ياغاچ ئۇنى كۆتۈرەلمەي سۇنۇپ كەتتى ۋە شۇ ھامان ئاتىسى بالىسى ئۈچۈن تىقىپ قويغان بايلىقلارمۇ تۇپا ئارىلاش يەرگە چۈشتى. بايلىقنىڭ ئەمگەك ئارقىلىقلا تېپىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئوغۇل ئەمدى پۇلنى ئويلاپ ئىشلىتىدىغان، خەيرلىك ئىشلارغا سەرپلەيدىغان بولدى. ئاتىسىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، خەلقنى خۇشال قىلىشقا ۋە ساخاۋەت نۇرىدىن بەھرىمەن قىلىشقا كىرىشتى.

نەزم:

كىشىدە بولمىسا دۆلەت ئۇدۇر خاك،
دۆلەتلىك كىشىگە جاھاندا نە باك!
دۆلەت گاھى كېلىپ، گاھىدا كېتۇر،
رەھىمسىز كىشىلەر ئۆزىنى يوقىتۇر.
— «مەخزەنۇل ئۇلۇم» دىن

## پەرزەنتنىڭ ئەخلاقى...

پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدىكى ئەدەپ - ئەخلاقى شۇنداقكى، پەرزەنت ئاتا - ئانا نېمە دېسە دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قوشۇق سالمايدۇ. نېمىنى بۇيرۇغان بولسا — بۇيرۇغان نەرسىلىرىدە خىيانەت ياكى گۇناھ ئىش بولمىسىلا — جان - دىل بىلەن بېجىرىدۇ. ئۇلار ئولتۇرغان جايلىرىدىن تۇرسا پەرزەنتمۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، چاقىرسا «لەببەي» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ھەمىشە ئۇلارنى خۇرسەن قىلىش كويىدا يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەزىم بىلەن تۇرىدۇ، قىلغان ئىشلىرىنى مىننەت قىلمايدۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ئاچچىقلىنىپ، ئۇلارغا ھومايمايدۇ، ئۇلارنىڭ رۇخسەتسىز سەپەرگە چىقمايدۇ.

يەنە باشقا ھوقۇقلىرىدىن بەزىلىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرىدۇ، يېشىنىپ ئولتۇرمايدۇ، بىرەر يېرى ئاغرىۋاتقان بولسا ئاتا - ئانىنى تەشۋىشكە سالماسلىق ئۈچۈن، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇلاردىن يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەدەپ - قائىدىلىرىنى جاي - جايىغا قويىدۇ.

## كاسىپنىڭ ئوغۇللىرى

كاسىپ ۋە ھۈنەرۋەن بىر كىشىنىڭ بىرنەچچە ئوغۇللىرى بار بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى ئۆزئارا نىزا قىلىشىپ ئۇرۇشار ئىدى. بىر كۈنى ياشانغان كاسىپ بىر باغلام چىۋىقنى يىغىپ، مەھكەم باغلىدى ۋە ئوغۇللىرىغا تۇتقۇزۇپ: «قېنى، شۇ بىر باغلام چىۋىقنى سۇندۇرۇڭلارچۇ!» — دېدى. ئوغۇللىرى ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ، ھېچقايسىسى سۇندۇرالمىدى. شۇ چاغدا كاسىپ ئاتا چىۋىقلارنى يېشىپ بىر تالدىن بىر تالدىن باللىرىغا بېرىپ: «ئەمدى سۇندۇرۇپ كۆرۈڭلار» — دېدى. ئوغۇللىرى چىۋىقلارنى كۈچىمەيلا ئوشتۇۋېتىشتى. شۇ چاغدا ئاتا ئوغۇللىرىغا قاراپ: «ھازىر نېمىنى كۆرگەن بولساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارغا مىسالدۇر. ئەگەر، ئىتتىپاق بولساڭلار سىلەرنى ھېچكىم سۇندۇرالمايدۇ، مۇبادا ئۆزئارا مۇرەسسەلەشمەي، بىر بىرىڭلاردىن ئايرىلىپ ياشىساڭلار، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئامالسىز قالىسىلەر!» — دېدى.

— غۇلام مۇھەممەد ۋاسىف

## قىزنىڭ سوئالى

قىز يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋابەن دېدى:

— كىشىنىڭ قەلبىدە تۆۋەندىكىدەك بوستانلار بولىدۇ: بىرىنچى، ئىلىم بوستانى؛ ئىككىنچىسى، مۇلايىملىق بوستانى؛ ئۈچىنچىسى، ئىخلاس بوستانى؛ تۆتىنچى، كەمتەرلىك بوستانى؛ بەشىنچى، ساخاۋەت بوستانى؛ ئالتىنچى، رىزا بوستانى؛ يەتتىنچى، ئۈمىد بوستانى.

— بۇ بوستانلاردا نېمىلەر بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى يىگىت.

قىز دېدى:

— ھەرقانداق كىشى روناق تاپاي دېسە، ئاۋۋالەم ئىلىم بوستانىغا كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى نادانلىق، جاھىللىق خەس - خەشەكلىرىنى يۇلۇپ، ئۇزاققا تاشلايدۇ. كېيىن مۇلايىملىق بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ھەسەت تىكەنلىرى ئۈنگەن بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ تاشلايدۇ. كېيىن ئىخلاس بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ يەردە رىيا ۋە بەتگۇمانلىق ئوتلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ، بوستاننى تازىلايدۇ. ئاندىن كەمتەرلىك بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق خەشەكلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رىزا بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا مەنمەنلىك، جاھىللىق تىكەنلىرى بولسا، بوستاننى ئۇلاردىن خالىي قىلىدۇ. ئاندىن ئۈمىد بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك تىكەنلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇۋېتىدۇ.

يىگىت قىزنىڭ ئەقلىگە تېخىمۇ قايىل بولدى ۋە شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ بۇنداق ئەقىللىق قىزنى كۆرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. كېيىن قىزدىن سورىدى:

ــ ھەي قىز، تېخى ياشلا تۇرۇپ، شۇنچە كۆپ ئىلمۇھېكمەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟

ــ ئاتا ــ ئانامدىن! ــ دەپ جاۋاب بەردى قىز.

ــ مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

## دوستۇڭ بولسا خار

بىر ئۇلۇغ كىشى ھېكايە قىلىپ دېدى: مەن بىر قوۋمنى كۆردۈم. ئۇلار ئۆز ئاكا ــ ئۇكىلىرىنى ئۇزاق ۋاقىت كۆرمەي ــ ئىزدەشمەي يۈرۈۋېرىشىدىكەن. كۆرۈشكەندە بولسا ھال ــ ئەھۋال سوراشماي، پەقەت ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىدىكەن. ئەمما، پۇل ــ مال سەۋەبىدىن بولۇپ قالسا بىر ــ بىرىدىن زادىلا ئاياشمايدىكەن ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى زادىلا مىننەت قىلىشمايدىكەن.

يەنە شۇنداق بىر قوۋمنى كۆردۈم. ئۇلار ئەگەر بىر ــ بىرلىرىنى بىرەر كۈن كۆرمەي قالسا زادىلا چىدىمايدىكەن، ھال ــ ئەھۋالىنى، قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى، بالا ــ چاقا، خوتۇن ــ قىزلىرىنى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى بىرىنى قويماي سۈرۈشتۈرۈشىدىكەن، ھەتتا ئۆيدە توخۇ ــ چۈجىلىرى بولسا شۇلارنىڭمۇ ئەھۋالىنى سورىشىدىكەن. مۇبادا گەپ پۇل ــ پۇچەكتىن چىقىپ قالغۇدەك بولسا، شۇ زامان قۇيرۇقىنى خادا قىلىشىدىكەن. ئەرزىمەس بىر نەرسىنىمۇ بىر ــ بىرىگە بېرىشتىن قىزغىنىشىدىكەن.

بېيىت:

يۈز مەرتە ھال ــ ئەھۋال سورىغاندىن كۆرە،
بىر تىيىن سوۋغا قىل دوستۇڭ بولسا خار.
يۈز ئېغىز شېرىن سۆزدىن ياخشىراق ئېرۇر،
بىر مەرتە ياخشىلىق قىلساڭ سەن ئەگەر،
ياردەم قىلماق ئەگەر بولمىسا دىلدا،
تىلىڭنى تىزگىنلە، سۆزلىمە زىنھار،
قۇپقۇرۇق سۆز بىلەن ئالدىسا ھەر كىم،
ئۇ ئادەم ئەمەستۇر، تۈلكىدۇر ھايىار!

ــ مەجدىددىن خەۋافىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كەمبەغەل ۋە باي

بىر كەمبەغەل ئادەم بىلەن بىر باي كىشى دائىملىق ھەمسۆھبەت ئىدى، ئۇلار ئۆز ۋاقىتلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزەر ئىدى. بىر ھەكىم كېتىۋېتىپ ئۇلارنى كۆرۈپ قالىدى ۋە ئۇلاردىن: «سىلەر دوستمۇ؟» — دەپ سورىدى. «ھە، شۇنداق!» دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار. ھەكىم: «يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر، ئەگەر سىلەر دوست بولساڭلار، نېمىشقا بىرىڭلار باي، بىرىڭلار كەمبەغەل؟» دېدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دوستلار بىر - بىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئايىماسلىقلىرى، دوستى كەمبەغەل - پەقىر بولسا، ئىلكىدە نېمىسى بولسا شۇنىڭغا بېرىشى ۋە ياردەم قولىنى سوزۇشى كېرەك.

دوستلۇق يىپى ناھايىتى نازۇكتۇر. شۇڭلاشقا، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ يىپنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى ئۈچۈن قايغۇرمىقى كېرەك. بىر نامەقبۇل ئىش تۈپەيلى ئارىغا ئارازلىق چۈشسە، بۇ ئارازچىلىق ئۇلغىيىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزرە سوراش يولىنى تۇتماق كېرەككى، ئۇ ھالدا ئىككى ئارىدىكى ئارازچىلىق تېزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئارازچىلىق ئۇزىراپ كەتسە، گەرچە ئۇ يەڭگىل بولسىمۇ مۇھەببەتنىڭ قايتا تىكلەنمىكى قىيىنلىشىدۇ، تىكلەنگەن تەقدىردىمۇ ئاۋۋالقىدەك بولمايدۇ. بېيىت:

بىر خاتا يۈز بەرسە تېز تۈزەت ئۇنى،
بولمىسا ئۆزگىرىش يۈز بېرۇر يەنە!

— ئەبۇلبەرەكات قادىرىي

## تەلەي كۈلۈپ باقسا

ئېيتىشلىرىچە، بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ كەمبەغەللىشىپ قېلىپ، بىر مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشتى. قارىسا ئۆي ئىگىسى قىممەت باھا تەتىللا رەختلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقۇدەك، ئەتراپىدا بولسا تۈرلۈك - تۈمەن بايلىقلار دۆۋىلىنىپ تۇرغۇدەك. دانا كىشىنىڭ كۆزى ھېلىقى مەرتىۋىلىك ئادەمنىڭ يېنىدا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان مايمۇنغا چۈشتى. مايمۇن ئۆگىتىلگەن بولۇپ، دەل شۇ كەمدە ئۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ يۈزىدە كېتىۋاتقان چۈمۈلىنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە ھازىرلىنىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن دانا كىشى شەپىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ۋەقەدىن خەۋەر تاپتى - دە، ئۆزىچە خۇلاسە چىقىرىپ دېدى: «كىشىگە تەلەي كۈلۈپ باقسا، ئوغرى ئۇنىڭ پاسىبانىغا ئايلىنىدۇ، دۈشمەن بولسا مېھرىبان دوستقا!»

*بېيىت:*
***دوستۇڭ بولسا ئەگەر ئەقىلسىز، نادان،***
***ئۇنىڭدىن ئاقىل دۈشمەن ياخشى مىڭ چەندان!***
***ـــ خوجا سەمەندەر تېرمىزىي***

## ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىرى

ھەكىملەر ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىرىنى سىرتتىن كۆزىتىپ بىلىۋالىدۇ. ئەخمەق كىشى كۆڭلىگە نېمە كەلسە ئاقىۋىتىنى ئويلىماي دەۋېرىدۇ، تەجرىبىلىك ۋە ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئەقىلسىز ئادەملەر نېمە دېسە ئۇلارغا رازى بولىدۇ، ئۆزلىرىگە تەمەننا قويىدۇ، كىم ئۇنى ماختىسا شۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، سورالغان سوئاللارغا ئويلىماي جاۋاب بېرىۋېرىدۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ، ئىلىمدىن خالىي، خاتانىڭ كانى بولىدۇ، بېيىپ قالسا ياكى بىراۋغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولۇپ قالسا ھېچكىمنى مەنسىتمەيدۇ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ، باشقىلارنى سۆكىدۇ، بىراۋ سوئال سورىسا جاۋاب بەرگۈسى كەلمەيدۇ، سوئالغا قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، ئۆزى سورىماق بولسا يېلىنىپ سورايدۇ، كۈلسە قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلىدۇ، ئاڭلىسا ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ـــ «فەۋاكىھۇل جۇلەسا» دىن

## بەزمىدىكى كىشىلەر

نەسەف شەھىرى پۇقرالىرىدىن بولمىش بىر گۇرۇھ يىگىتلەر بەزمە ئۇيۇشتۇرغانىدى. بەزمىگە مەنمۇ چاقىرىلغانىدىم. بېرىش ئىستىكى كۆڭلۈمدىن ھېچ ئورۇن ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بارماسلىق خىيالىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى باسالماس ئىدى. مىسالى بۇ توغرىسىدا شۇنداق ھېكمەتنى كەلتۈرۈشىدۇ: «ئويناپ ـ كۈلۈش ياشلار ئۈچۈن پەزىلەت، قېرىلارنىڭ زىننىتى بولسا ئۇزلەت». شۇ چاغدا شۇ يەردە بىر يىگىت بار بولۇپ، ئۇ يېقىملىقلىقتا تونۇلغان، لاتاپەتتە مەشھۇر، ساغلام، سەمىمىي ئىدى. ئۇنىمۇ بەزمىگە تەكلىپ قىلىشقانىدى. يولدا ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭدۇق.

خۇنۇك، بەتپېئىل، بەتخۇلق كىشىلەر بىلەن،
جەننەتكە بارماقلىق ئەبلەخلىق ئېرۇر!
ئەمما پەرى پەيكەر①، ھۆرلىقا بىلەن،
دوزاخقا بارماسلىق گۇمراھلىق ئېرۇر!

①پەرى پەيكەر: پەرىگە ئوخشىتىلغان، تولىمۇ گۈزەل، ئاجايىپ چىرايلىق.

ئەمما بەزمىگە كېلىپ، سۈرىتى ئىنسان، قىلمىش ـ ئەتمىشى ۋەھشىي ھايۋان كىشىلەرنى كۆردۈم. ماڭا مەلۇم بولۇشىچە، بەزمە ئىشتىراكچىلىرى ئولتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، شۇ يەردە قونۇپ قېلىشىدىكەن. مەن رۇخسەت سوراپ كەتمەكچى بولدۇم. ھېلىقى يىگىتكە: «تۇرۇڭ، ماڭا ھەمراھ بولۇڭ، بۇ يەردە قالماڭ!» دەپ ئۆتۈنۈپ ئېيتساممۇ، سۆزۈمگە كىرمەي قالدى.

پەندكە قۇلاق سالسا ئەگەر ھەر يىگىت،
ئەقلى رەھبەر بولۇر دائىم ئۆزىگە.
ئەقلىدىن كەم بولسا بەھرىمەنلىكى،
ئەسلا قۇلاق سالماس چوڭلار سۆزىگە!

شۇنداق قىلىپ يالغۇز ئۆزۈم كەتتىم. تاڭ ئاتقاندا ئىشتىسەم، بەزمىدىكىلەر ھېلىقى يىگىتكە قوپال ھەزىل قىلىشىپتۇ. يىگىت ئاچچىقىدا يېنىدىكى پىچىقىنى چىقىرىپ بىر نەچچەيلەننى يارىدار قىپتۇ.

بىلگىنكى، كىشىگە ھەممە ئىشتا دوست ـ ئاغىنە كېرەك. يالغۇز كىشى ھېچ نەرسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بولۇپمۇ نومۇسى قاتتىق، غەيرەتلىك يىگىتلەرگە ئەقىللىق نەسىھەتچى ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ تۇرغۇچى ياشانغان كىشى كېرەك.

ـ خۇررەمىي

## ياخشىلىقنى...

لوقمان ھەكىم دائىم كىشىلەردىن قەرز ئالار ۋە پۇلى بار بولسا باشقىلارغا قەرز بېرەر ئىكەن. ئۇنىڭ ھىممىتى ۋە سېخىيلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇزاق شەھەر ۋە يېزىلاردىن كېلىپ قەرز سورىشار ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى نامەلۇم بىر سودىگەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە دېدى:

ـ ھەي لوقمان، مەن داڭلىق سودىگەر ئىدىم. دەۋر ھادىساتلىرى تۈپەيلى پۈتكۈل مال ـ مۈلكۈمدىن ئايرىلدىم. ھازىر قولۇمدا ھېچ نەرسەم يوق. قولۇمدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدۇ، كەسىپ ـ ھۈنىرىممۇ يوق. شۇڭا سىزنىڭدىن قەرز سوراپ كەلدىم.

لوقمان ھەكىم ئۆيىدىن مىڭ دىنار ئېلىپ چىقىپ، سودىگەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ بۇنى كۆرۈپ تۇرغان لوقماننىڭ ئوغلى ئاتىسىغا قاراپ:

ـ ھەي ئاتا، شۇنچە جىق پۇلنى ناتونۇش بىر ئادەمگە ھېچبىر ھۆججەتسىز بەردىڭىز، ئەگەر ئۇ تىنىۋالسا قانداق قىلىسىز؟ ـ دېدى.

ـ ھەي ئوغلۇم، ـ دېدى لوقمان ھەكىم، ـ ئادەملەر ھېچقاچان ياخشىلىقنى

ئۇنتۇمايدۇ. سىنىڭدىن ۋاقتىنچە يۈز ئۆرۈسىمۇ، كۆڭلى كېلىپ ئىنسابقا كېلىدۇ. چىن ئىنسان قولىدىن كەلسە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىمىقى ۋە قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇمىقى زۆرۈر. ئەمما، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى بولسا ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

— مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

## ناغرا داراڭلار

بىر تۈلكە ئورماندا ياشار ئىدى. بىر كۈنى ئوزۇقلۇق ئىزدەپ ھەر تەرەپنى كېزىشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر توخۇغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ۋە ئۇنى تۇتۇشقا بەل باغلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە قاراپ، دەرەخ تۈپىسىدە تۇرغان يوغان گەۋدىلىك، سېمىز بىر نەرسىنى كۆردى ۋە ئىشتىھاسى ئوت ئالدى. شۇ سېمىز نەرسىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە مىڭبىر جاپالار بىلەن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە ئۇنىڭغا چاڭ سالدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ ھاۋادىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. تۈلكىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى تۈپەيلى بۇ ناغرا ئۇنىڭ كۆزىگە سېمىز ھايۋان بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. شامال تەسىرىدە دەرەخ شاخلىرى تەۋرىنىپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇش نەتىجىسىدە چىققان ئاۋاز ھايۋاننىڭ ئاۋازى بولۇپ ئۆيۈلغانىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن تۈلكىنىڭ دىلى ھەسرەت ئوتىدا كۆيۈپ نادامەت ياشلىرىنى تۆكتى. كېيىن ئۆزىگە دېدى: «ئىسىت، بۇ يەلدىن كۆپكەن نەرسىنى دەپ ھالال ئوۋنى قولدىن چىقاردىم، پايدىسىز بۇ يوغان گەۋدىدىن ھېچ مەنپەئەت يەتمىدى!» قىتئە:

ناغرا داراڭلار تىنىمسىز، ئەمما،
ئىچى بوشتۇر، بۇندىن نېمە پايدا بار؟
ئەقلىڭ بولسا ئىشنىڭ تېگىنى ئويلا،
يالتىراق تېشىغا قىلما ئېتىبار!

ئىنساننى ئۇنىڭ لىسانى، يەنى تىلىدىن سىنىماق كېرەككى، ھېكمەتلەردە «ئادەمنىڭ كىملىكىنى كىيىمى ۋە سەللىسىدىن ئەمەس، تىلىدىن بىلىڭ!» دېيىلىدۇ.

— خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

## گۈلئۈزارى بولمىسا

بىر كىشى ئوغلىنى ھايات ئۈچۈن زۆرۈر پەنلەرنى ئۆگىنىشكە بىر ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇردى. بېيىت:

دۇنيانىڭ قارارى ئىلىم بىلەندۇر،
ئىلىمسىز كىشىگە ئېتىبار يوقتۇر.

بىر كۈنى ئوقۇتقۇچى بالىنىڭ ئانىسىغا شىكايەت قىلىپ: «ئوغلۇڭ ئىلىمنى ئۆگىنىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ، ۋاقىتنى ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن زايا قىلماقتا» ـ دېدى. بېيىت:

ھەر ئىنسان ئىلىمدىن تاپالىسا بەھرە،
ئىشىدۇر سوئال ـ جاۋاب، ئوقۇش ئىلە.

بالىنىڭ ئانىسى ئۇستازىدىن: «بىلەلمىدىڭمۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتى قايسى كەسىپكە مايىل، ھەرىكىتى قايسى ئىشقا قابىل؟» ـ دەپ سورىدى. ئوقۇتقۇچى: «ئۇ كەسىپنى ئۆگىنىشتىن ئۆتۈپ، قابىلىيەتتىن مەھرۇم بولغان. بىلىشىمچە، ئۇنىڭ خاتىرىسى مۇھەببەت يولىدا ئىنتىزار. دىلى بولسا مەشۇق يۈزىگە ھەيرانغا ئوخشايدۇ:
ئۆزى مېھنەتكە ئاجىزۇ، بېشى سەۋداغا لىق تولۇق،
بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ پىكرى ھەققىدە ئويلىماس ئەسلا!

ئەگەر مەن ئىلىم ـ ئېرپاندىن سوئال قىلسام، ئۇ ۋەسلۇ ھىجراندىن سۆزلەيدۇ، ئەگەر، مەن ھالال ـ ھارامدىن ھېكايە قىلسام، ئۇ كوكۇلا بىلەن خالدىن ئېغىز ئاچىدۇ» دەپ جاۋاب قىلدى. ئانىسى دېدى: «ئىشق كوچىسىدىن يۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتى سالامەتلىك بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ يولدىن يۈرۈش مالامەت ھەم ئەمەس. ئىشق ئىزتىراپلىق بولسىمۇ، ئەمما ئاشىق بولۇش ئىختىيار ئەمەستۇر. بېيىت:
دامغا چۈشكەن ئاجىز قۇشنىڭ ھالىنى،
ئەركىن يۈرگەن بۈركۈت بىلمەس ھېچقاچان.
قەپەستىكى بۇلبۇل نالىسىن ھەرگىز،
يارلە يۈرگەن كەپتەر بىلمەس بىگۇمان.

ئۇنى ئازاد قىلىڭ! ئىشقتا شۇنداق خاسىيەت باركى، ئۇ كىشىنى لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك ۋە ھوشيار قىلىدۇ»: بېيىت:
ھەركىمنىڭ باغ ئىلە بوستانلىرى بولسا ھەم،
خۇشنۇد ئەمەستۇر ھەرگىز ئۇندا يارى بولمىسا.
كۆڭۈل بەرمەك بىراۋغا ھاياتنىڭ ئۆزى شۇلدۇر،
جانسىز سۇرەتتۇر كىمنىڭ گۈلئۇزارى بولمىسا!
ـ مەجدىددىن خەۋافىي

## ئەڭ ئالىي پەزىلەتلەر

شىجائەت، ساخاۋەت ۋە خۇشخۇللۇق ئەڭ ئەلا پەزىلەتلەردىن بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ھەر دائىم ئۇلۇغلۇق سەرمايىسىدىن بەھرىمەن بولۇر. مەزكۇر سۈپەتلەر ئىچىدە خۇشخۇللۇق ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى، شىجائەتكە ناگان - ناگاندا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ، ساخاۋەت ئالىي پەزىلەت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەممىلا كىشى مۇيەسسەر بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ھەرخىل شەرت - شارائىتلار كېرەك. ئەمما، خۇشخۇللۇق شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم ئېرىشەلمەيدۇ. يېقىملىق خۇلق ئىگىسىدىن چوڭ - كىچىكنىڭ بارچىسى خۇرسەن بولىدۇ. بۇنداق خۇلق ئىگىسى باشقىلارنى خۇرسەن قىلىشتىن تاشقىرى، ئۆزىمۇ دائىم خۇرسەن يۈرىدۇ، باشقىلاردىن بولسا ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە مۇلايىملىق قايتىدۇ.

## دىلرەبالار

بىر زىبا يىگىت توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىشىچە، ئۇ توختىماي شاراب ئىچىپ، گۈلدەك چىرايىنى سارغايتار، دوست - يارەنلىرىنىڭ جېنىغا جاپا تىغىنى سانجار ئىدى. مەستلىك تۈپەيلى بىچارىلەرنىڭ دىلىنى ياندۇرار، جىگىرى قانلار جىسمىنى ئازاب ئوقى بىلەن پارە - پارە قىلار ئىدى. نەتىجىدە دوستلىرى ئۇنى داۋالاشتىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. گۈلگۈن جامالغا بېقىشتىن كۆز يۇمۇشتى.

ئېشىتىشىمچە، بىر كۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا لەيلى - مەجنۇن توغرىسىدا پاراڭ بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ يىگىت: «لەيلى ئۇنچىلىك گۈزەل ئەمەس ئىكەن، شۇنداقتىمۇ نېمىشقا مەجنۇننىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك رام بولغاندۇ؟» — دەپ ساپتۇ. شۇندا دوستلىرى: «مەجنۇننى رام قىلغان نەرسە لەيلىنىڭ گۈزەل جامالى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چىرايلىق خۇلقىدۇر!» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. بېيىت:

دىلرەبالار ئاشىق ئەھلىن ئۆلتۈرۈر تاش دىل بىلەن،
لېكىن، قايتا تىرىلدۈرۈر خۇشخۇلقى، شېرىن تىل بىلەن،
سەن غەزەپ بىرلە بىرەر پىلنى يېڭەلمەسسەن بىراق،
بولسا يۇمشاقلىق ئۇنى رام ئەيلەرسەن بىر قىل بىلەن!
— خۇررەمىي

## ئۆز ئورنىدا ئېيتىلمىغان سۆز

نۇئمان ئىبن مۇنزىر ئەرەب خەلىپىلىرىدىن ئىدى. ئۇ بىر كۈنى چارچاپ، ئېرىق بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ لەقۋا خادىملىرىدىن بىرى:

ــ ئەگەر بىر كىشىنى مۇشۇ ئېرىق بويىغا ئەكېلىپ سويسا قېنى قايسى تەرەپكە قاراپ ئاقاركىن؟ ــ دەپ قالدى.

ــ بۇنى سېنىڭدىن سىناپ كۆرۈش كېرەك! ــ دېدى ـ دە، ئۇنى شۇ ئېرىق بويىدا سويۇشقا بۇيرۇدى خەلىپە.

ئۆز ماقامىدا ۋە ئورنىدا ئېيتىلمىغان سۆز ئادەمنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن بولۇر.

كىشىنىڭ ئەقلى كەم بولسا بېشىدا،
سۆزى كۆپ بولىدۇ ئۇنىڭ تىلىدا.

ــ ئىبن كەمەلپاشا

## ئوق بىلەن يا

بىر كۈنى ئوق بىلەن يا بىللە بولۇپ قېلىشقان چاغدا، ئوق ياغا قاراپ دېدى:

ــ ھەي يا، مەن تۈز ـ توغرىلىقىم تۈپەيلى، توغرا يولغا يۈرۈپ ئابرۇي تاپتىم. ھەتتا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىمۇ يەرگە چۈشۈرۈشكە كۈچۈم يېتىدۇ. سەن بولساڭ ئەگرىسەن، مېنىڭ بىلەن تەڭلىشىمەن دەپ ئويلىما، مېنىڭ ئالدىمدا لاپ ئۇرما. مېنىڭ توغرامدا بىر شائىرنىڭ ئاجايىپ مىسرا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ:

ئەگرى بولما خۇددى يا كەبى،
توغرىلىقنى ئۆگەنگىن ئوقتىن!

يا دېدى:

ــ ھەي ئوق، قاشتەك ئەگرىلىكىم بولمىسا، سېنىڭ قەدرىڭ بىر تىيىن! سەن مېنىڭ ئەگرىلىكىم تۈپەيلى ئابرۇي تاپتىڭ. بولمىسا بىر تال چۆپسەن، خالاس. مەن بولمىسام سېنى توپىغا تاشلىۋېتەر ئىدى. توغرىلىق قامەت تۈپەيلىدىن ئەمەس، دىلنىڭ ساپلىقى ئارقىلىق بولىدۇ. سەن قامىتىڭنى رۇسلاش ئورنىغا دىلىڭنى توغرىلا!

ئوق يانىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق ئۇيالدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ يۈزى مەرلەر مەيدانىدا ھەر دائىم قىزىلدۇر. بېيىت:

كىم ئىنتىلسە كامىللىققا ئۆزىنى پەست تۇتىدۇ،
ئاتلىق ھەم بارا ـ بارا نائىلاج يەرگە چۈشۈر!

شېئىر:

يەرگە قويغان بېشىنى يەردىن دانا ئالىدۇ،
كىمكى كۆتۈرسە بۇرنىن ئۇنى قانىتىپ ئالۇر!
— مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

## ئۆگۈت ـ ھېكمەت

بىر ھەكىم زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بىر ھاكىمنىڭ ئالدىغا بارغانىدى. ھاكىم ئۇنىڭغا: — ماڭا بىر ـ ئىككى ئېغىز ئۆگۈت ـ نەسىھەت سۆزلىرىنى ئېيتسىلا، تاكى ئۇنىڭدىن ئۆزىگە خۇلاسىلەر چىقىرىۋالسام، — دېدى. ھەكىم ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى: «ئۆگۈت ـ ھېكمەتنى ئىشتىش ناھايىتى ئاسان، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن. ئۆگۈت ـ ھېكمەت ھەر كىمگە ھەرخىل تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆگۈت ـ ھېكمەت نادان ئۈچۈن شور يەرگە ياغقان يامغۇر، ئەقلى يوق باش ئۈچۈن سۈيى يوق قۇدۇق، مۇرۇۋۋەتى يوق تەن ئۈچۈن گۈلى يوق باغ، پەرھىزكارلىقى يوق ئالىم ئۈچۈن تىزگىنى يوق ئات، ئادالىتى يوق پادىشاھ ئۈچۈن يامغۇرى يوق بۇلۇت، ئىنسابلىق ھاكىم ئۈچۈن شاد ـ خۇراملىق ۋە بەخت تۇلپارىدۇر!
ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئالتۇن ھەل بىلەن يازدۇرۇپ قويدى ۋە ھەر دائىم ئۇنى ئوقۇپ تۇرىدىغان بولدى.

— ئەبۇلبارەكات قادىرىي

## تەمە ئىنسانلارنىلا ئەمەس...

ئېيتىشلىرىچە، بىر شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى دالىدا قوي پادىسى بار بولۇپ، چوپان ئۆز قويلىرىنى قورۇقلاش مەقسىتىدە بىر ئىتنى پاسىبان قىلىپ تەيىنلىدى. ئىت قويلارنى سادىقلىق بىلەن قورۇقلاپ، ھېچبىر جاندارنى پادا يېنىغا يولاتماس ئىدى.
بىر كۈنى دالىغا يېقىن تاغدا ياشايدىغان بىر تۈلكە ئىت بىلەن تىل تېپىشىپ قالدى. تۈلكە ئىتقا قىلىدىغان قىلىق تاپالماي خۇشامەت قىلار، ئىتنىڭ كۆڭلىدە بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىش تەمەسى جۇش ئۇرار ئىدى. ئىت شۇ تەمە تۈپەيلى تۈلكىگە ھەر كۈنى بىردىن قوزا ئىنئام قىلىشقا باشلىدى.
قويلارنىڭ كۈنسېرى كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن چوپان بىر كۈنى ئۆز ـ

ئۆزىگە: «شۇنداق ساداقەتلىك ئىتىم تۇرۇقلۇق، يەنە تېمىشقا بۇنداق ھال يۈز بېرىدۇ؟» دەپ سوئال قويىدى ـ دە، پايلاشقا باشلىدى. ۋەقەدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، «ئۆزۈڭدىن چىققان بالاغا نەگە بارسەن دەۋاغا، تەمە ئىتنى يولدىن ئازدۇرۇپتۇ» دېدى.

شېئىر:

پاسىبان ئايىغىغا كىردىيۇ تىكەن،
ئوغرى ماتالارنى ئوماردى ئاسان.

ئەزىزىم، كۆردۈڭمۇ، تەمە ئىنسانلارنىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارنىمۇ يولدىن ئازدۇرار ئىكەن. شۇڭا، ئىمكانقەدەر تەمە دامىغا چۈشمەسلىككە تىرىشقىن!

ـ مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

## غوجايىننىڭ خەزىنىسى

ئېيتىشلىرىچە، لاھور شەھىرىدە بىر ئالىم بار بولۇپ، ئۇ ئۆتە خەسىس ئىدى. ئۇ تېپىنلاپ پۇل توپلار، ھەتتا ئۆز قورسىقىغا تۈزۈكرەك يېيىشكىمۇ ئاغرىنار ئىدى. ئۇ جان بەرسە بېرەتتىيۇ، ئەمما بىرەر كىمگە بىر تىيىن بەرمەس ئىدى. ئۇ تاپقان ئالتۇنلىرىنى ناھايىتى يوشۇرۇن ساقلار، ھەمىشە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ياشار ئىدى. ئۇنىڭ ھەييارلىقتا قىلنى قىرىق يارىدىغان بىر شاگىرتى بار بولۇپ، ئۆز ئۇستازىنىڭ ئالتۇنلىرىدىن ۋاقىپ ئىدى. ئۇ قانداق قىلىپ بولسۇن، شۇ ئالتۇنلارنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنار، ئەمما ئاچ كۆز غوجايىنىنى ئالداشقا ئاجىزلىق قىلار ئىدى.

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، غوجايىن كېسەل بولۇپ قالدى. ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئالتۇنلىرىغا قىيماي خوتۇن ئېلىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇشتىنمۇ كەچكەن غوجايىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. كېيىن قەتئىي قارارغا كېلىپ ئالتۇنلىرىنى يۇتۇشقا باشلىدى. ھەممىسىنى يۇتۇپ بولغاندىن كېيىن جان بەردى.

ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلىغان ئادەملەر يىغىلىشىپ، كۆمۈش تەييارلىقىنى قىلىشتى. ئۆز ئارا پۇل يىغىشىپ ھەممە رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىشتى. ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندە، شاگىرتى غوجايىنىنىڭ ئۆيى ۋە ھويلىلىرىنى قېدىرىپ ئالتۇنلارنى تاپالمىدى. بېشى قېتىپ ئويغا پاتتى. ئۇ ئۆزىچە: «غوجام ئالتۇنلىرىنى ھېچ يەرگە ئېلىپ بارمىغان، ئۇنىڭ يا بىرەر قېرىندىشى، يا خوتۇنى يوق. ئالتۇنلىرى جەزمەن ئۆيدە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئاختۇرۇپ ھەممە ياقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتسەممۇ ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ كاشكى، شۇنچە ھەييارلىقىم بىلەن غوجايىنىمنىڭ خەزىنىسىنى تاپالمىسام ـ ھە؟!» دېدى. ئۇ شۇنچە ئاختۇرۇپ

تاپالمىغاندىن كېيىن بېشىغا تۇيۇقسىز بىر پىكىر كەلدى ـ دە، توپتوغرا گۆرىستانغا باردى. غوجايىنىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، جەسەتنىڭ قارنىنى ياردى ۋە ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى.

ــ مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

## پېئىلى ئۆزگەرگەننىڭ سەۋەبى

ئۆتمۈشتە بىر زالىم كىشى بار بولۇپ، زىرائەت ۋە تىجارەت ئەھلىنىڭ بايلىقىغا زۇلۇم چاڭگىلىنى سالغانىدى. خەلق ئۇنى دۇئايىبەت قىلىپ، شەنىگە نەپرەت ئاغزىنى ئاچقانىدى. مەزكۇر زالىم كىشى بىر كۈنى قولىغا بۇركۈت ئېلىپ، ئوۋغا چىقتى ۋە ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەۋەر تارقاتتى: «ئادەملەرگە زۇلۇم قىلغان ۋە ستەم تىغىنى كۆتۈرگەن قولۇمنى بۈگۈندىن تارتىپ تارتتىم. خەلقپەرۋەرلىك يولىدا ئېغىشماي ماڭىمەن. ئۈمىدىم شۇكى، بۈگۈندىن باشلاپ ھېچقانداق زالىمنىڭ زۇلمى ھېچبىر ئادەمنىڭ بېشىغا يەتمەيدۇ، ھېچقانداق ستەمكارنىڭ قولى ھېچقانداق ئاجىزنىڭ ئىشىكىنى ئىزلىمەيدۇ!»

بۇ خەۋەردىن خەلققە باشقىدىن جان كىردى ۋە بىچارىلەرنىڭ ئۈمىد چىمەنىدە مۇراد گۈلى بۇ بېشارەتتىن گۈل ئاچتى. بېيىت:

مۇبارەك بۇ خەۋەر يەتكەچ ناگاھان،<br>
يۈرەكلەر قوۋۇنۇپ قايتا تاپتى جان.

ئاخىر ئۇنىڭ ئادىللىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، قوزىچاق شىر كۆكسىدىن سۈت ئېمىدىغان بولدى، قوي بولسا ئۆز سۈتى بىلەن شىر ئاغزىنى يۇدى، يۈز بولسا ئۆچكىگە ياخشى كۆز بىلەن باقتى، چۆل قۇشلىرى سۇ قۇشلىرىنىڭ ئىنى يېنىغا ئىن قۇرۇشقا باشلىدى، غازلار بولسا بۇركۈت بىلەن سىرداشلارغا ئايلاندى.

زالىمنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى مۇۋاپىق ۋاقىت تاپقان بىر كۈنى ئۇنىڭ بۇ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن سوئال قىلدى، پېئىلى ئۆزگەرگەننىڭ سەۋەبىنى سورىدى. زالىم شۇنداق جاۋاب قىلدى:

ئوۋ قىلىپ يۈرگىنىمدە قاياقتىندۇر بىر ئىت كېلىپ، تۈلكىنىڭ ئايىغىنى چىشلەپ سۇندۇردى، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچى بولسا تاش بىلەن ئۇرۇپ ئىتنىڭ ئايىغىنى سۇندۇردى. قىلمىشىغا يارىشا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم.

ــ خوجا سەمەندەر تېرمىزىي

## ئۆزۈم ئۆزۈمگە پادىشاھمەن

بىر پادىشاھ مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىگە مەغرۇرلىنىپ، ئىلىم ئەھلىنى مەنسىتمەي قويغان، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىپ، پىسقۇ پۇچۇرغا يول قويغانىدى. بىر كۈنى ئۇ بارىغا قانائەت قىلىپ، كەمتەرلىك يولىنى تۇتقان دانا ھاكىمگە ئۇچراپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ھەي ھەكىم، تېمىنى خالىساڭ تىلە، سورىغىنىڭنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرىمەن! — دېدى.

— شۇنداق قىلىكى، ئەجەل ھېچقاچان بېشىمغا سايە تاشلىمىسۇن! — دېدى ھەكىم.

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى پادىشاھ.

— بولمىسا، — دېدى ھەكىم، — قېرىلىق مەۋسۇمى كېتىپ، ياشلىق چاغلارقايتىپ كەلسۇن!

— بۇ ئىشمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا، ئارىمىزدا پەرق يوق ئىكەنغۇ، — دېدى ھەكىم، — مەن قىلالمايدىغان ئىشنى سەنمۇ قىلالمايدىكەنسەن، ئەمما سەن بايلىق ـ دۆلىتىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن كىبىر ئېتىغا مىنىپ، مەنمەنلىككە بېرىلىپسەن. مەن بولسام تاپقىنىمغا قانائەت قىلىپ، ھېچكىمگە يېلىنمايمەن، دېمەك، مەنمۇ ئۆزۈم ئۆزۈمگە پادىشاھمەن!

— مۇھەممەد جەۋھەر زەمىندار

## دۇنيادا قانداق يول تۇتماق كېرەك

بىر كىشى بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «ھەي پازىل كىشى، ئادەم دۇنيادا قانداق ياشىمىقى ۋە قانداق يول تۇتمىقى كېرەك؟» — دەپ سورىدى. ئۇلۇغ كىشى شۇنداق جاۋاب بەردى: «شاد ياشا، دائىم خۇرسەنچىلىك پەيدا بول، ھەممىلا نەرسىگە قايغۇرىۋەرمە، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئامانلىق ھوسۇلىنى يىغىشقا ئىنتىل. دۇنيا شۇنداقكى، ئۇنىڭدا خەتەرلىك يوللار كۆپتۇر. بەزەن بۇ يوللار ئۇستىگە شاخ ـ غازاڭلار تاشلاپ قويۇلغان ئورەككە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇ يولدىن يۈرگەن چاغدا ئاۋۋال ياخشىلاپ ئويلىنىش، مۇدۇرۇلۇپ يىقىلىپ كەتمەسلىك چارىسىنى قىلىش كېرەك. دۇنيا شۇنداق بىر ئېكىنزاركى، ئېكىلگەن نەرسىلەرنى لۇتپۇكەرەم سۈيى بىلەن سۇغار. ئۇنىڭدىن تاپقان ئابرۇي ـ ئېتىبار ھوسۇلىنى ھېرىس ۋە تەمە ھۇجۇمىدىن ئاسرا!» شېئىر:

دۇنياغا باق، ئىچى تولا ــ ئاجايىپ،
كۆز ئېچىپ يۇمغۇنچە بولىدۇ غايىپ!

ــ مۇھەممەد جەبەلرۇدىي

## ئىختىيار ئۆزۈڭدە

بىر كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلدى:

ــ بىر كىشى ھەمىشە مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىدىكەن، ئۇ خوتۇنۇمنىڭ ئاشىنىسىدەك قىلىدۇ، لېكىن مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم ۋە بىلەلمىدىم، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى خالايمەن. شۇڭا، مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ھەزرەتلىرىدىن ئادالەت ئۈمىد قىلىمەن.

پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر شىشە ئەتىر بېرىپ:

ــ بۇنى خوتۇنۇڭغا بەر ۋە ئۇنىڭغا: «بۇنى ھېچ كىشىگە بەرمىگىن» دەپ تاپىلا، ــ دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدى. پادىشاھ بولسا، بىر نەچچە قاراۋۇللارنى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، كىمنىڭ كىيىمىدىن ئەتىرنىڭ پۇرىقى كەلسە، شۇنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئەلقىسسە، ئۇ خوتۇننىڭ ئۇلپىتى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ يېتىپ كەلدى، خوتۇن ئەتىرنى ئېلىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىگە چاچتى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ ئېرىم بۇ ئەتىرنى ھېچ كىشىگە بەرمىگىن، دەپ تاپىلىغانىدى، سەن مېنىڭ جانۇ دىلىم تۇرساڭ، سېنىڭ ئىشىڭغا يارىمىغان نەرسە، نېمىگە يارىغاي؟!

ھېلىقى كىشى خوتۇننىڭ ئالدىدىن چىقىۋىدى، قاراۋۇللار ئەتىرنىڭ بۇيىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە ئۇنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ خوتۇننىڭ ئېرىنى چاقىرىپ:

ــ خوتۇنۇڭنىڭ ئاشنىسى ھازىر قىلىندى، ئۇنى ئۆلتۈرەمسەن، خاھى كەچۈرەمسەن، ئىختىيار ئۆزۈڭدە، ــ دېدى.

## سېنىڭ رازىلىقىڭسىز

بىر ئايال قازىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

ــ پالان كىشى ماڭا زورلۇق بىلەن باسقۇنچىلىق قىلدى، ــ دەپ ئەرز قىلدى. قازى ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ:

ــ نېمە ئۈچۈن بۇ خوتۇننىڭ ئابرۇيىنى تۆكتۈڭ؟ ــ دەپ سوراق قىلدى، ئۇ كىشى ئىنكار قىلدى.

ــ ئۇ ئايالغا ئون رۇپىيە جەرىمانە بەر، ــ دەپ بۇيرۇدى قازى.

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى كىشى قازىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىلاجسىز ئايالىغا ئون رۇپىيە بەردى. ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قازى ئۇنىڭغا يەنە بۇيرۇدى:

— ھېلىقى ئون رۇپىيەنى ئايالدىن تارتىۋال!

ئۇ كىشى قازىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئايالدىن پۇلنى ئالالمىدى. ئايال قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەنە ئەرز قىلدى:

— بۇ كىشى ئون رۇپىيەنى ئېلىۋالماقچى بولدى، مەن يەنىلا بەرمىدىم، ھەزرەتلىرىنىڭ رازىلىقى بولسا بەرگەيمەن.

— ئۇ كىشى، — دېدى قازى، — سەندىن ئون رۇپىيەنى زورلۇق بىلەن ئالالمىغان يەردە، سېنىڭ رازىلىقىڭسىز نېچۈك باسقۇنچىلىق قىلالىغاي؟! يالغان سۆزلەپسەن، باز ئون رۇپىيەنى دەرھال ئۇنىڭغا تاپشۇر، ئىككىنچى بۇنداق توقۇما سۆزنى قىلغۇچى بولما!

## ئەمىرنىڭ ھېكمىتى

بىر شەھەردە بىر ئامبار پاختا ئوغرىلاندى. پاختىپۇرۇشلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىكايەت قىلدى. پادىشاھ ھەرقانچە كۈچىسىمۇ ئوغرى تۇتۇلمىدى.

— ئەگەر پەرمان بولسا، ئوغرىلارنى مەن تۇتالايمەن، — دەپ ئەرز قىلدى بىر ئەمىر. پادىشاھ ئىجازەت بەردى. ئەمىر ئۆيىگە كېلىپ، شەھەرنىڭ ئۇلۇغ ۋە كىچىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى زىياپەت باھانىسى بىلەن ئۆيىگە چاقىردى. ھەممە كىشى جەم بولۇپ ئولتۇرغان چاغدا ئەمىر سورۇنغا كىرىپ كەلدى ۋە ھەممە كىشىنىڭ يۈزىگە قاراپ چىقىپ مۇنداق دېدى:

— قانداق ھارامزادە، بىھايا ۋە ئەخمەق كىشىلەر بۇ، پاختا ئوغرىلايدۇ — يۇ، يەنە پاختىنى ساقاللىرىغا چاپلاشتۇرۇپ، بۇ ھال بىلەن مېنىڭ زىياپىتىمگە ھازىر بوپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، بىرقانچە كىشى قوللىرى بىلەن ساقاللىرىنى ئېيتىپ تازىلىماق بولدى. ئەمىرگە مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ئوغرىلار ئىدى. پادىشاھ ئەمىرنىڭ ھېكمىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

## مۇنداق ئىشنى قىلىشقا

بىر كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۆتكەن كېچە شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئۆيۈمگە كېلىپ، مېنىڭ كېنىزىكىمگە باسقۇنچىلىق قىلدى، — دەپ ئەرز قىلدى.

— ئەگەر، — دېدى پادىشاھ، — ئۇ كىشى يەنە زورلۇق بىلەن ئۆيۈڭگە كەلسە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا مېنى خەۋەردار قىلغايسەن.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ كىشى يەنە كېلىپ ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىگىسى پادىشاھقا خەۋەر

قىلدى، پادىشاھ قولىغا شەمشەر ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئاۋۋال چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئاندىن ئۆيدىكى كىشىنى ئۆلتۈردى. قارقىدىن چىراغ كەلتۈرۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇداغا شۈكۈر ئادا قىلدى ۋە ئۆي ئىگىسىگە:

— ئەمدى ئۆيۈڭدە يېگۈدەك قانداق تائام بولسا، كەلتۈرگىن، — دېدى. ئۆي ئىگىسى تائام كەلتۈردى، پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن يېدى.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۆي ئىگىسى، — ئاۋۋال چىراغنى ئۆچۈردۈڭ، ئاندىن كېيىن يەنە چىراغ تەلەپ قىلدىڭ، ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇداغا شۈكۈر ئادا قىلدىڭ ۋە بىمەزگىل تائام يېدىڭ، بۇ نېمە سەۋەبتىندۇر؟

پادىشاھ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مۇنداق ئىشنى قىلىشقا باشقا كىشىدە قۇدرەت يوقتۇر، شۇڭا ئوغلۇمدىن گۇمان قىلغانىدىم. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال چىراغنى ئۆچۈردۈم. چۈنكى، ئوغلۇمنىڭ يۈزىنى كۆرگۈدەك بولسام، مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قۇدرەت تاپالماس ئىدىم. ئۆلگەندىن كېيىن چىراغ تەلەپ قىلدىم ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ، ئوغلۇم ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن خۇداغا شۈكۈر ئادا قىلدىم. باشتا سەن مەندىن ئادالەت تەلەپ قىلغاندا، مەن ئۆزۈمگە تاكى ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمىگۈچە ھېچ نەرسە يېمەيمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدىم، شۇ چاغدىن تا ھازىرغىچە ھېچ نەرسە يېمىگەنىدىم، شۇ سەۋەبتىن تائامنى بىمەزگىل يېدىم.

## ئالدانغان رەسسام

ئىككى رەسسام بىر - بىرىگە دېدىكى:

— ئىككىمىز ئىككى تەسۋىر سىزايلى، ئىككىمىزنىڭ قايسىمىز ياخشى سىزىمىزكىن كۆرۈپ باقايلى.

رەسسامنىڭ بىرى ساپاق ئۈزۈمنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويىدى. قۇشلار ئۇنى كۆرۈپ، تۇمشۇقلىرى بىلەن چوقۇسا، ئۇنىڭغا قارىغان كىشىلەر تولىمۇ ماختاپ ئۆتەتتى.

بۇ رەسسام ئۆز كەسىپدىشىنىڭ سىزمىسىنى كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە:

— سىزغان تەسۋىرىڭ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ پەردىنىڭ ئارقىسىدا.

— ئاۋۋالقى رەسسام پەردىنى قايرىماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىۋىدى، قولى پەردىگە ئەمەس، تامغا تەگدى. ئەسلىدە، رەسسام تامغا پەردىنىڭ تەسۋىرىنى سىزغانىكەن. پەردە سىزغان رەسسام كەسىپدىشىغا مۇنداق دېدى:

— سەن سۈرەت سىزىۋېدىڭ، قۇشلار ئالداندى، مەن شۇنداق سىزدىمكى، رەسسام ئالداندى.

## ئادىل ھاكىم

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بولۇپ، تولىمۇ نامرات ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئۆيىدە چاي ـ تۇز ئۆكسۈپ قاپتۇ. ئۇ بىر توخۇسىنى سېتىپ، چاي ـ تۇز ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن توخۇنى قولتۇقىغا قىسىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

دېھقان نەچچە سەھرانى بېسىپ، ھاردىم ـ ئاچتىم بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. شەھەردە ئۇچرىغانلار دېھقاننىڭ قولتۇقىدىكى توخۇغا قارىشىپتۇ. دېھقان ئۇلارنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، توخۇنى بازارنىڭ تازا قايناىغان يېرىگە ئاپىرىپ ساتماقچى بولۇپتۇ. ئۇ بىر چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، توخۇ دېھقاننىڭ قولتۇقىدىن چىقىپ، چوڭ دەرۋازىلىق ھويلىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ قورۇ بىر خەسىس باينىڭ قورۇسى ئىكەن. دېھقان توخۇنى قوغلاپ ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ توخۇنى تۇتقانىكەن، قورۇنىڭ ئىگىسى دېھقاننى كۆرۈپ «تۇت ئوغرىنى!» دەپ كارنىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىراپتۇ. شۇ ھامان باينىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، بىچارە دېھقاننى تۇتۇۋاپتۇ. توساتتىن پالاكەتكە يولۇققان دېھقان ئېسىنى يىغىپ:

— مەن ئوغرى ئەمەس، بۇ توخۇ مېنىڭ، مەن ئۇنى سېتىپ چاي ـ تۇز قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ، مۇشۇ ھويلىغا كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ. باي دېھقانغا دېۋەيلەپ:

— ھوي مۇتتەھەم، يالغانچى ئوغرى، — دەپ تىللاپتۇ.

دېھقان ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقماي «توخۇ مېنىڭ» دەپ چىڭ تۇتۇپ، قولىدىكى توخۇنى بايغا بەرمەپتۇ. باي «سەن ئوغرىنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىمسام» دەپ، دېھقاننى ئالدىغا سېلىپ شەھەر ھاكىمىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— بۇ ئوغرى قورۇيىمنىڭ ئىچىگە بىسوراق كىرىپ توخۇيۇمنى ئوغرىلىدى، — دەپ دەۋا قىپتۇ. دېھقان:

— توخۇ ئۆزۈمنىڭ، سەھرادىن ساتقىلى ئېلىپ كەلگەن، بۇنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قولۇمدىن چىقىپ قورۇغا كىرىپ كەتكەن، — دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ.

ھاكىم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، توخۇنى تۇتۇپ تۇرغان دېھقاندىن سوراپتۇ:

— توخۇيۇڭ ئەتىگەندە نېمە يېگەن؟

— كېپەك يېگەن، — دەپتۇ دېھقان. ھاكىم ئاندىن دەۋاگەر بايدىن سوراپتۇ:

— سېنىڭچۇ؟

— قوناق يېگەن.

— ھەر ئىككىڭلار توخۇنىڭ ئەتىگەندە نېمە يېگەنلىكىنى ئېيتتىڭلار، مانا ئەمدى

كىمنىڭ راست، كىمنىڭ يالغان ئېكەنلىكىنى ئاسانلا ئايرىيمەن، — دەپتۇ. ئاندىن دېھقاننىڭ قولىدىكى توخۇنى بوغۇزلاپ، پوكىنىغا پىچاق ئۇرۇپتۇ. توخۇنىڭ پوكىنىدىن قوناق ئەمەس كېپەك چىقىپتۇ. باينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ.

— ھاكىم توخۇنى دېھقانغا بۇيرۇپ، بايدىن بىرنى ئۈچ قىلىپ دېھقانغا تۆلىتىپ بېرىپتۇ. يالغان ئېيتقان خەسىس باينىڭ بوينىغا ئۆلۈك توخۇنى ئېسىپ شەھەرنى يىلاندۇرۇپ سازايى قىپتۇ. بۇنىڭدىن خەسىس باي ساۋاق، كۆپچىلىك ئىبرەت ئاپتۇ. شەھەر ھاكىمى پۇقرالار ئارىسىدا «ئادىل ھاكىم» ئاتىلىپتۇ[①].

## بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى[①] ئەرگە كەلگەندە بۇ پادىشاھنىڭ كۈندە نەچچە قېتىم خاپىلىقتىن ئوغىسى قاينايدىغان، خۇشاللىقتىن كۆڭلى يايرايدىغان بولۇپ قاپتۇ. دەسلىپىدە پادىشاھ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. كېيىنچە ئۆزىدىن ئۆزى كۆچۈپ، بۇ خۇي - مىجەزىنى ئوڭلاش ئويىدا ئاڭلىغانلا داۋاسىنى قىلىپ بېقىپتۇ، شىپاسى بار دېگەنلا دورىنى ئىچىپ بېقىپتۇ، بىراق زادىلا ئوڭشالماپتۇ، بارا - بارا تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ. پادىشاھ نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ، كۆپنىڭ ئەقلى بىلەن ئىش كۆرمەك بولۇپ، بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق ئەمىر قىپتۇ:

— سىلەر شۇنداق بىر دورا ياكى چارە تېپىڭلاركى، ئۇ، كىشى قاتتىق خاپا بولسا، خاپىلىقنى باسىدىغان، زىيادە خۇشال بولسا، خۇشاللىقنى چەكلەيدىغان بولسۇن.

پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئاڭلىغان ۋەزىر - ۋۇزرالار پادىشاھ دېگەندەك دورا ھەم چارە تېپىش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ، ئۇنى - بۇنى ئويلاپتۇ، ئەمما بىرەرسى ئېغىز يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزى كەم سۆز، مەرتىۋىسى تۆۋەنرەك، ئىلىمگە كامىل بىر ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا:

— ئى شاھىم، ماڭا بىر ھەپتە مۆھلەت بەرسىڭىز، مۆھلەت ئىچىدە سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىزنى بەجا كەلتۈرسەم، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ ۋەزىردىن رازى بولۇپ، بېگىنىدەك بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىپتۇ.

بىر ھەپتە مۆھلەت توشقان كۈنى ھېلىقى ۋەزىر پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپ، گەپ - سۆز قىلمايلا، پادىشاھنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرانچى بارمىقىغا بىر ئۈزۈك سېلىپ قويۇپتۇ. ئۈزۈكنىڭ كۆزى ياقۇت بولۇپ، بىر تەرىپى ئاق، يەنە بىر تەرىپى سېرىق ئىكەن. پادىشاھ بۇنداق ئۈزۈك دېگەن كۆرمىگەن تۇرسا، بۇمۇ دورا بولامدۇ دېگەن نەزەردە قولىدىكى ئۈزۈككە قارىغانىكەن، ۋەزىر ئۇنى بايقاپ پادىشاھقا:

---

①ھېسامىدىن قۇربان ئېيتىپ بەرگەن؛ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 – يىللىق 1 – سانىدىن ئېلىندى.

— ئەي شاھىم، خاپا بولسىڭىز، ئۈزۈك كۆزىنىڭ ئاق تەرىپىگە، خۇشال بولسىڭىز ئۈزۈك كۆزىنىڭ سېرىق تەرىپىگە كۆز سېلىڭ، — دەپتۇ — دە، ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بىر لەشكەر ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھىم، يۇرتىمىزغا يېغى كەلدى، لەشكىرى بەھىساب! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كېلىپ لەشكەرگە:

— يېگەن تۇزۇمنى ھالاللاپ، دەرھال يېغىنى قوغلاڭلار، — دەپ ۋارقىراپ چىقىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن يادىغا ئۈزۈك يېتىپتۇ، ئۈزۈكنىڭ ئاق تەرىپىگە زەن قويۇپ قارىغانىكەن، «بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن خەت كۆرۈنۈپتۇ. پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ: «ھە، بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدىكەن» دەپ بايىقى خاپىلىقنى بېسىۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھېلىقى لەشكەر يەنە ئوردىغا كىرىپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھىم، ئەمرىڭىزگە بىنائەن، دۈشمەنلەرنى ھالاك قىلدۇق. ياۋنىڭ ئۆلۈكى ساينىڭ تېشىدەك بولۇپ ئاي دالادا قالدى، قالغانلىرى بەدەر قېچىپ كەتتى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ زىيادە خۇشال بولۇپ ئېغىزى قولىقىغا يېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۈزۈك يەنە پادىشاھنىڭ ئېسىگە كەپتۇ. شۇ زامان ئۈزۈك كۆزىنىڭ سېرىق تەرىپىگە قارىغانىكەن «بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن خەت كۆرۈنۈپتۇ. پادىشاھ «بۇ ھەم ئۆتۈپ كېتىدىكەن» دەپ خۇشاللىقىنى بېسىۋاپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ پادىشاھ قاتتىق خاپىلىقمۇ، زىيادە خۇشاللىقمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن، دەپ خاپىلىق قوزغايدىغان ئىشلارغا ئارتۇق خاپا بولمايدىغان، خۇشاللىق قوزغايدىغان ئىشقا زىيادە خۇشال بولمايدىغان مىجەزنى تۇرغۇزغانىكەن①.

## تۇتى بىلەن بۇلبۇل

بۇرۇن بىر قۇش خۇمار ئادەم ئۆتۈپتىكەن، ئۇ ھەممە قۇشلارنى بېقىپتىكەنۇ، تۇتى بېقىپ باقماپتىكەن. ئۇ تۇتى بېقىشنى ئارزۇلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىرى ئاغىنىسى بىر تۇتى ئەكىلىپ بېرىپتۇ. قۇش خۇمار ئادەم دەسلەپىدە تۇتىنى ھەممە قۇشلاردىن ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ. تۇتى بۇ يەرگە ئۆگىنىپ سايرايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى ئادەم تۇتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇش بوپتۇ. ئەتىسى يەنە ئاڭلىغۇسى كېلىپ تىڭشىسا، بىرىنچى قېتىم قانداق سايرىسا، ئەتىسى يەنە شۇنداق سايراپتۇ. بۇ ئادەم: «بۈگۈن مۇنداق سايرىدى، ئەتە قانداق سايراركىن» دەپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى يەنە چىقىپ تىڭشاپ بېقىپتۇ. تۇتى تۈنۈگۈنكىنى تەكرارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇتىنى ئارزۇلاپ يۈرگەن ئادەم تۇتىدىن زېرىكىپ، تۇتىنى باغنىڭ ئەڭ كۆرۈمسىز يېرىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. «مەندەك سايرايدىغان قۇش دۇنياغا تېخى يارالمىدى» دەپ يۈرگەن تۇتى

---

①يارمۇھەممەت مەخسۇم ئېيتىپ بەرگەن: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 – يىللىق 1 – سانىدىن ئېلىندى.



www.uyghurkitap.com

بۆنىڭدىن بەك خاپا بوپتۇ.

توتى خاپىچىلىقتىن دۇگدىيىپ ئولتۇرسا، يېنىغا بۇلبۇل كېلىپ قاپتۇ. توتى چاندۇرماسلىقتىن ئۆزىنى رۇسلاپ، بۇلبۇلغا:

— دوستۇم بۇلبۇل، ئاڭلىسام سېنى ئۇستا كۈيچى دەيدۇ، مېنىڭ كۈيلىرىمنى ئاڭلاپ، كەم - كوتا جايلىرىنى تولۇقلاپ بەرسەڭ، — دەپتۇ. بۇلبۇل ماقۇل كۆرۈپتۇ.

توتى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ سايراپتۇ، بىردەم ئىت بولۇپ ھاۋشىپتۇ، بىردەم توخۇ بولۇپ قىچقىرىپتۇ، يەنە بىردەم ئېشەك بولۇپ ھاڭراپ، چوشقا بولۇپ چىرقىراپتۇ. قانداق ئاۋاز، ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى ئاڭلىغان بولسا، شۇنى ئېرى - بېرى قىلماي ئورۇنلاپتۇ. مەنىسىز ۋىچىرلاش، ھاۋشىشلارنى توگەتكەن توتى كېرىلىپ بۇلبۇلدىن:

— ئېيتىپ باققىنا، مۇشۇنداق يۇرەكنى ئېزىدىغان مۇڭ بىلەن كۈينى ئۆمرۈڭدە ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن كۈينى تولا ئاڭلىغانمەن، ھەقىقەتەن سېنىڭ كۈيۈڭدەك كۈينى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن، — دېپتۇ بۇلبۇل، توتى سوراپتۇ:

— مېنىڭ كۈيۈم قانداقكەن؟

بۇلبۇل ئالدىراپ بىر نېمە دەپ قويماي دەپ ئويلاپ، توختىغا:

— يەنە بىر قېتىم سايراپ باقساڭ، — دەپ مۇراجىئەت قىلىپتۇ. توتى بۇلبۇلغا كۆزىنىڭ يۇقىرىدا قاراپ قويۇپ يەنە سايراپتۇ. ئەمما بۇ نۆۋەت ئىلگىرىكىلەرنى قايتىلىماي مۇشۇك بولۇپ مىياڭلاپتۇ، قاغا بولۇپ قاقىلداپتۇ، بۆرە بولۇپ ھوۋلاپتۇ، بۇلبۇل ھەر قانچە قىلىپمۇ توتىنىڭ ئۆز كۈيىنى ئاڭلىيالماپتۇ.

— خوش، — دەپتۇ توتى ئۆزىنىڭ بىر - بىرىگە زادىلا يېپىشمايدىغان بىر نېمىلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — قانداق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن يېتىشكەن دورامچىكەنسەن، شۇڭا ئىگەڭ ئاۋازىڭدىن بىزار بولۇپ، قورۇدىن چىقىرىپ، باغنىڭ ئەڭ چېتىگە ئاپىرىپ قويغانىكەن، — دەپتۇ بۇلبۇل[①].

## ئەقىللىق تېۋىپ

بۇرۇنقى زاماندا ئادىل بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ قىرىق بىر ۋەزىرى بولۇپ، پادىشاھ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋەزىرلىرىدىن بىمەسلىھەت قىلمايدىكەن، ۋەزىرلىرىدىن سىر يوشۇرمايدىكەن.

پادىشاھنىڭ بىر قىممەتلىك ئۈزۈكى بولۇپ، ئۇنى ۋەزىرلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلمەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئۈزۈك يىتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشتىن

①ئابدۇللا باسىت ئېيتىپ بەرگەن، تۇرسۇن زىرىدىن توپلىغان: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

بەك قايغۇرۇپ، ئەھۋالنى ۋەزىرلىرىگە ئېيتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر:

— بۇ ئۆزۈكنى بىزدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلمەيتتى، بۇ قانداق ئىشتۇ؟ —

دېيىشىپتۇ. پادىشاھ:

— كىمدە كىم ئۆزۈكنى ئالغان بولسا، تەخت ئۈستىگە قويۇپ قويسۇن. مۇبادا ئۆزۈك چىقمايدىغان بولسا ھەربىرىڭلاردىن بىر - بىرلەپ ھېساب ئالىمەن، — دەپتۇ ۋەزىرلىرىگە.

باش ۋەزىر:

— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، ھەممىمىزنى ئاختۇرسىلا، ئۆزۈك قايسىمىزدىن چىقىپ قالسا، يۈزىمىزگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرسىلە! — دەپتۇ. بۇ گەپكە باشقا ۋەزىرلەرمۇ قوشۇلۇپتۇ. ئەمما، پادىشاھنىڭ ئۇنداق قىلىشقا رايى بارماپتۇ ھەم ئۆزۈكنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. غەزادىن، ئويقۇدىن قېلىپ چىرايى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىرلەر شۇ شەھەردىكى ئۇستا تېۋىپنى چاقىرىپ كېلىپ پادىشاھنى داۋالىتىشنى ئويلاپتۇ.

تېۋىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ سوراپتۇ:

— سىلى نېمە ۋەجىدىن مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدىلا؟

پادىشاھ تېۋىپقا ئۆزۈك ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. تېۋىپ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— ئۆزۈكلىرىنى مەن تېپىپ بېرەي، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. ئۇ ئەتىسى چوش بىلەن كېلىپ پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— پۈتۈن ۋەزىرلىرىنى بىر مەيدانغا چاقىرىپ يۇمىلاق سورۇن ھازىرلاپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

شاھ تېۋىپنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداپتۇ.

تېۋىپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ يانچۇقىدىن بەش دانە ياغاچ چىقىرىپ ۋەزىرلەرگە قاراپ:

— مەن ماۋۇ بەش ياغاچنى سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئايەت ئوقۇيمەن، ئۆزۈكنى قايسىڭلار ئالغان بولساڭلار، ياغاچ شۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. بىرەرىڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ كەتسەڭلارمۇ شۇنى ئالدى بىلەن ئويلايمەن، — دەپتۇ ۋە، دېگەنلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ياغاچلار مىدىرلاشقا باشلاپتۇ. تېۋىپ توختىتالماي ياغاچ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئايەت ئوقۇپتۇ. بىرى: «مەن پەستە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، ئالدىمغا كېلىپ قالارمۇ» دېسە، يەنە بىرى: «مەن تەرەپكە مىدىرلاۋاتىدۇ، قۇرۇق تۆھمەتكە قالىدىغان بولدۇم» دەپ قورقۇشقا

باشلاپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا تېۋىپ ھەرىكىتىنى توختىتىپ باش ۋەزىرگە قاراپ:

— سىز ئاپسىز، ھۆرمەتلىك باش ۋەزىر، — دەپتۇ. ئىزادىن ئۆلەي دەپ قالغان باش ۋەزىر دەرھاللا ئۆزۈكنى پادىشاھقا تەڭلەپ:

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن! — دەپ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. پادىشاھ باش ۋەزىرگە قاراپ:

— ئەي قارا يۈز، سەن باشتا ماڭا نېمىدەپ ۋەدە بەرگەن؟! بوپتۇ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، بىراق خەلقى ئالەم سېنى تونۇپ قالسۇن، جاللات، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ قارا يۈزنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىڭلار!

پادىشاھ تېۋىپقا:

— ئەي ئەقىللىق تېۋىپ، بۇ ئۆزۈكنى ئاسان تاپتىڭىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. تېۋىپ:

— ئەي كەرەملىك شاھ، مەن بەش ياڭاقنى ئاجرىتىپ، مىغىزىنى ئېلىۋېتىپ ھەربىر ياڭاقنىڭ ئىچىگە قوڭغۇز سېلىپ يەملەپ سورۇنغا قويدۇم. ھاۋانىڭ ئىسسىقى بىلەن ياڭاق ئىچىدىكى قوڭغۇزلار ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپ، ياڭاقلار مىدىرلىدى. مەن شۇ چاغدا ۋەزىرلەرگە دىققەت قىلغانىدىم، باش ۋەزىرنىڭ چىرايى ئۆڭۈشكە باشلىدى. چۈنكى ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولىدىغان گەپ. مەن شۇڭا باش ۋەزىرنى تۇتتۇم، — دەپتۇ. پادىشاھ تېۋىپنىڭ ئەقلىگە قايىل بوپتۇ ھەم ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پادىشاھنىڭ ئەڭ سادىق ۋەزىرى بولۇپ قاپتۇ.

«ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن تارقالغانىكەن[①].

## ئۆز تۇرمۇشىغا سەل قارىماڭ

بىر كۈنى ئايال پادىشاھ ئۆزى يالغۇز گۈللۈكنى ئايلىنىپ تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپتۇ. چۈنكى، گۈللۈكتىكى بارلىق گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. ئېمەن دەرىخى ئەسلىدە قارىغايدەك ئېگىز ئۆسەلمىگەنلىكى ئۈچۈن دۇنيادىن بىزار بولغان ئىكەن، قارىغايمۇ تال ئۆزۈمگە ئوخشاش مېۋە بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەسەتخورلۇقتىن ئۆلگەن ئىكەن، ئۇنداقتا تالچۇ؟ تالمۇ ئۆزىنىڭ شاپتۇلغا ئوخشاش چىرايلىق چېچەكلىيەلمىگەنلىكىگە ھەسرەتلىنىپ ئۆلۈپتۇ. باشقىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكىدەك بولۇپ قالغانلىقىدىن روھى چۈشۈپ كېتىپتۇ، پەقەت كىچىك ئوت —

[①] توختىنياز تۇنىياز ئېيتىپ بەرگەن، تۇرسۇنگۈل ئەمەت توپلىغان: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

چۆپلا غەمسىز ھالدا بوك ـ باراقسان ئۆسۈپتۇ. ئايال پادىشاھ ئادەتتىكى ئوت ـ چۆپنىڭ بونچە خۇشال ـ خۇرام ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپتۇ، ئوت ـ چۆپ: «خان ئالىيلىرى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەتتىكى بىر ئوت ـ چۆپ ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن. مەن چوڭ دەل ـ دەرەخ ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش ئۆزۈمگە ئاۋارىچىلىك تېپىشنى خالىمايمەن» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***سىز گەرچە ئاددىي ئادەم بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنى ھەرگىز تۆۋەن كۆرمەڭ، مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئۇتۇقلىرىغا ئىخلاس قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا سەل قارىماڭ.***

## ئادەتتىكىدەك بولۇش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنزىلى

تەڭرى ئالتۇن كاسا، خىرۇستال كاسا ۋە ياغاچ كاسىغا سۇ ئېلىپ، ئۈچ مېھماننى كۈتۈۋاپتۇ. ئالتۇن كاسىدا سۇ ئىچكەن ئادەم كاسىنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ كۆرەڭلىگەن ھالدا: «ئالىيجاناب ھېس قىلدىم!» دەپتۇ، خىرۇستال كاسىدا سۇ ئىچكەن ئادەم ھەيران بولغان ھالدا: «سۇنىڭ رەڭگى بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن ــ دەپتۇ. ياغاچ كاسىدا سۇ ئىچكەن ئادەم پاك ـ پاكىز ئىچىپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «سۇ بەك ئىچىشلىك ئىكەن!» دەپتۇ، تەڭرىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەسلىدە ئادەتتىكى ئادەملەرلا تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىيالايدۇ» دەپتۇ!

***ھېكمەت:***

***ئاددىيلىق سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى قەدىرلەشنى، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىتىدۇ، ئۆزىڭىزمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا بەختلىك تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىيالايسىز.***

## ئادەم بولۇشتا ئۆزىنى بىلىش كېرەك

ئەتىگەنلىكى، بىر ئۆچكە قاشا ئىچىدىكى كۆكتاتنى يېيىش ئۈچۈن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ، بىراق قاشا ئىچىگە كىرەلمەپتۇ. ئەتىگەندىكى سېخىي قۇياش ئۆز نۇرلىرىنى يەر بېغىرلاپ زېمىنغا تۆكۈپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۆچكە ئۆز سايىسىنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەك چوڭقىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

ئۆچكە ئۆزىگە «مەن مۇشۇنداق ئېگىز تۇرسام، دەرەختىكى مېۋىلەرنى يېيەلىشىمدە گەپ يوق، كۆكتاتنى يېمىسەم نېمە بوپتۇ» دەپتۇ.

ئۇ شۇنداق ئويلاپ، يىراق بىر جايدىكى باغقا قاراپ چېپىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە چۈش ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆچكىنىڭ سايىسى ئۆزىدىنمۇ كىچىك

كۆرۈنۈپتۇ.

ئۆچكە ئۆز ئۆزىگە «ھەي، مەن مۇشۇنداق كىچىك تۇرسام، دەرەختىكى مېۋىلەرنى قانداقمۇ يېيەلەيمەن، يەنىلا قايتىپ كۆكتاتنى يەيچۇ» دەپتۇ ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ «مۇشۇ سالاھىيىتىم بىلەن قاشانى تېشىپ كىرىشىمدە گەپ يوق» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەنە ئارقىغا قايتىپتۇ. ئۆچكە قاشا يېنىغا كەلگەندە، كۈن ئولتۇرۇشقا باشلاپتۇ ھەم ئۆچكە ئۆز سايىسىنىڭ قايتىدىن چوڭىيىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۆچكە ئەجەبلەنگەن ھالدا «مەن نېمىشقا قايتىپ كېلىمەن، مۇشۇ بويۇم بىلەن دەرەختىكى مېۋىلەرنى ئاسانلا يېيىشىمدە گەپ يوققۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۆچكە يەنە باغقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ھەم جاھاننى تۇن قاراڭغۇلۇقى ئۆز قوينىغا ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆچكە بىر كۈن ئاچ قورساق يۈرۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمەسلىك ۋە ئۆزىنى توغرا تونۇيالماسلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب بولۇپ، ئاۋارىچىلىك دائىم ئۆزىنى بىلمىگەنلەرنى ئەگىشىپ يۈرىدۇ.***

## ئورنىڭىز ھەرقانچە تۆۋەن بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى كەمسىتمەڭ

قەدىمكى زاماندا بىر ئەمەلدار بولۇپ، دائىم باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن قاقشايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر مويسىپىت بوۋايدىن تەلىم بېرىشنى ئۆتۈنۈپ: «بوۋا، مېنىڭ ئورنۇم بەك تۆۋەن، باشقىلارنىڭ ھۆرمەت قىلىشىغا ئېرىشەلمەيلا قالماي، يەنە دائىم بوزەك بولىمەن، سىز ماڭا بىر ئەقىل كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟» دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، «بىر ئادەمنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش بولالماسلىقى ئۇنىڭ ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ، دەريا ـ كۆللەر بېرىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. چۈنكى دېڭىزنىڭ ئورنى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر! سەن يۇقىرىلارغا باشلامچى بولىمەن دېسەڭ كەمتەر بولۇشۇڭ، يۇقىرىلىرىم مېنى ئۈلگە قىلسۇن دېسەڭ، ئامما نىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشۇڭ كېرەك. مۇشۇنداق قىلالىساڭلا كىشىلەر سېنى ھۆرمەتلەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەمەلدار «باشقىلارغا ئۈلگە بولالىغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***باشقىلارغا ئۈلگە بولالىغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.***

# ئېرىشكەن بەختىڭىزنى قەدىرلەڭ

يىگىرمە نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر يىگىت ئالدىراپ ـ تېنەپ يولدا كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى مەنزىرىلەرگە ۋە ئەتراپىدىكى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپمۇ قويماپتۇ. بىرسى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «ھەي يىگىت، سەن نېمىشقا بۇنداق ئالدىراش؟» دەپ سوراپتۇ.

يىگىت بولسا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ «مېنى توسما، مەن بەختىمنى ئىزدەۋاتىمەن!» دەپتۇ.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ھېلىقى يىگىت قىرانلىق مەزگىلىگە قەدەم قويۇپتۇ، ئۇ يەنىلا تۇرمۇش قاينىمىدا چېپىۋاتقان ئىكەن.

بىرسى يەنە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «ھەي بۇرادەر، سەن نېمىگە ئالدىراش يۈرىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان يىگىت: «مېنى توسما، مەن بەختىمنى ئىزدەۋاتىمەن» دەپتۇ.

ئارىدىن يەنە يىگىرمە يىل ئۆتۈپتۇ، ھېلىقى قىران يىگىت پۈت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىغان، كۆزلىرى تورلاشقان بىر بوۋايغا ئايلىنىپتۇ. بوۋاي يەنە ھېلىقى يولدا جىددىيلىشىپ مېڭىپ يۈرۈپتۇ.

بىرسى بوۋاينىڭ ئالدىنى توسۇپ: «ئاقساقال، يەنە بەختىڭىزنى ئىزدەۋاتامسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوۋاي ھېلىقى ئادەمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قارىغان ئىكەن، چۆچۈپ كېتىپ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تامچىپتۇ. ئەسلىدە بوۋاينىڭ ئالدىنى توسۇپ سوئال سورىغان كىشى ئىلاھ ئىكەن، ئۇ بەختىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەپ تاپالماي، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەختىنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ.

***ھېكمەت:***

*بىز بەختنى قوغلىشىۋاتىمىز، بەختمۇ بىزگە ئەگىشىۋاتىدۇ. بىراق نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىز بەختكە چۆمۈلۈپ تۇرساقمۇ، باشقىلار قۇچقان بەخت باشقىچە گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىپ، ئۆزىمىز ئېرىشكەن بەختنى قەدىرلىمەيمىز. ئەگەر كىشىلىك تۇرمۇشنى بىر قېتىملىق ئۇزۇن سەپەر دەپ قارىساق، قارىغۇلارچە ئاخىرقى بېكەتكە يۈگۈرسەك، ئۇنداقتا يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن مەھرۇم قالمايمىزمۇ؟*

## كەمچىلىكىڭىزنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ھەرگىز قورقماڭ

ئىلگىرى بىر ئادەم تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ مەرۋايىت تېپىۋاپتۇ، ئەمما مەرۋايىتنىڭ يۈزىدە چېكىت چوڭلۇقىدا داغ بار ئىكەن. ئۇ مەرۋايىت يۈزىدىكى داغنى چىقىرىۋېتىشنى ئويلاپ بىر قەۋەت قىرىپ چىقىپتۇ. بىراق داغ يەنىلا ئۆز ئورنىدا تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە بىر قەۋەت قىرىپ چىقىپتۇ. ئەپسۇس، داغ يەنىلا ئۆز ئورنىدىن قوزغالماپتۇ، ئۇ يەنە قىرىۋېرىپتۇ، قىرىۋېرىپتۇ، ئاخىر ھېلىقى داغ يوقاپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەرۋايىتمۇ قىرىلىپ تۈگەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىشىلىك تۇرمۇشتا، كەمچىلىك بىلەن مۇكەممەللىك ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ، ھايات سەپىرىڭىزدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، كەمچىلىكمۇ بىر خىل گۈزەللىك، كەمچىلىكنى ئېتىراپ قىلىش بىر خىل مەردلىك، پىشىپ يېتىلگەنلىكتىن، شۇنداقلا ئەقىل - پاراسەتتىن دېرەك بېرىدۇ.***

## باشقىدىن ئىش باشلاپ بېقىڭ

ھايۋانات پادىشاھلىقىدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىپتۇ. چىپار بۆغا، بۆكەن، توشقان قاتارلىقلار خۇشال - خۇرام ھالدا تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ. ئۇلارنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى قۇلۇلىمۇ مۇسابىقىگە تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ. مۇسابىقە باشلىنىش ئوقى ئېتىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. نەتىجىدە چىپار بۆغا بىرىنچىلىكنى ئاپتۇ. قۇلۇلە بولسا ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى بولۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۇسابىقە باشلىنىپ ئۇچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ياخشى دوستى تاشپاقا ئالايىتەن كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن قۇلۇلە: «يامان ئەمەس، مەن ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى بوپتىمەن، ئەگەر كېيىنكى قېتىم ئاستا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلسە بىرىنچى بولۇشۇمدا گەپ يوق!» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى قازىنالمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان نۇرغۇن ئۆلچەملەر بار، پەقەت سىز كۆزقارىشىڭىزنى يېڭىلىسىڭىزلا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.***

## ئۆز ئورنىڭىزنى توغرا مۆلچەرلەڭ

تۆمۈر پارچىسى گۈل لوڭقىسىغا ھەۋەس قىلىپ: «كۆندە دېگۈدەك ئابىھاياتتەك سوغا چېلىنىپ تۇرىسەن، يەنە تېخى خۇش پۇراق گۈللەر سېنىڭدىن يېنىڭدىن كەتمەيدۇ. ھەر كۈنى چاي ئۈستىلى ئۈتتۇرىسىدا ھەممىسىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىسەن. سەن نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرمۇ تۆمۈرچى ئۇستامغا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ ئۆزىدىن بىر لوڭقا ياستىپتۇ. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تۆمۈر لوڭقا ئويلىغىنىدەك چاي ئۈستىلىدىن ئورۇن ئاپتۇ ھەم قالتىس ھېس قىپتۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈر لوڭقا ئۆزىنىڭ بولۇڭغا تاشلىنىپتۇ. چۈنكى، سۇنىڭ چىرىتىشى بىلەن لوڭقىنى دات بېسىپ كېتىپتۇ.

ئۇ قوشنىسى قېرى مۈشۈككە: «مېنىڭ نېمانداق تەلىيىم كاجدۇر» دەپ دەرد تۆكۈپتۇ. قېرى مۈشۈك ئۇنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن «سەن ئەسلىدە پالتا بولساڭ مۇۋاپىق بولاتتى، سەن ئۆز ئورنۇڭنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەپسەن ئەمەسمۇ!» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى توغرا تونۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر سىز بىر تال بۇرما مىخ بولسىڭىز، ئامال بار ئۆز دائىرىڭىزدە ئىشلىگىنىڭىز ياخشى، بۇرما مىخ گەرچە كىچىك نەرسە بولسىمۇ، بىراق ھەر خىل ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇبادا ئۆز جايىدا ئىشلىتىلمىسە، ئۇ ئەخلەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.***

## مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلىرىڭىزگە قادىلىپ تۇرۇۋالماڭ

مەلۇم بىر دۆلەتتە بىر ئادەم بولۇپ، گۈزەللىك ئالىمىنى ھەيرانۇھەس قالدۇرغۇدەك چىرايلىق خوتۇن ئاپتۇ. ئىككىيلەننىڭ مۇھەببىتى خۇددى ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم ئىكەن. ئايالى قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، زىلۋا، ئېگىز بوي، قاش ـ كۆزلىرى جايىدا، مېھرى ئىسسىق، مۇلايىم ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭ باشقا يەرلىرى شۇنداق گۈزەل، بۇرنى پاناق ئىكەن. بۇ ئادەم ئايالىنىڭ بۇرنى ئۈچۈن دائىم ئەپسۇسلىنىدىكەن ھەمدە قانداق قىلسا بۇ كەمچىلىكنى تولۇقلىغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا باش قاتۇرىدىكەن. ھېلىقى ئادەم سودىگەر بولۇپ جاھان كېزىپ تىجارەت قىلىدىكەن، بىر كۈنى ئۇ قۇل بازىرىغا بېرىپ، بۇرنىنى چىمدىپ قويغاندەك چىرايلىق بىر قۇل قىزنى سېتىۋاپتۇ ھەمدە ئايالىنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس ئەر بولۇشنى ئويلاپتۇ.

بۇ ئادەم راۋۇرۇس بۇرنى بار قىزنى سېتىۋېلىپ، خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ، ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن قىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆتكۈر پىچاق بىلەن قىزنىڭ بۇرنىنى كېسىۋاپتۇ ھەمدە قان تامچىۋاتقان ئىسسىق بۇرۇننى تۇتۇپ تۇرۇپ: «خوتۇن! چاپسان بول! مەن سەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك سوۋغات سېتىۋالدىم!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

«قانداق قىممەتلىك سوۋغاتكەن ئۇ ۋارقىرىغۇدەك؟» ئايالى شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كەپتۇ. يولدىشى بۇرۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن سەن ئۈچۈن چىرايلىق بۇرۇن سېتىۋالدىم، تاقاپ كۆرۈپ باققىن» دەپتۇ.

گەپ ئارىلىقىدا يولدىشى ئۆتكۈر شەمشەر بىلەن «شاپ» لا قىلىپ ئايالىنىڭ پاناق بۇرنىنى كېسىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قىزنىڭ بۇرنىنى ئايالىنىڭ بۇرۇن سۆڭىكى ئۈستىگە چاپلاپ بېقىپتۇ، يولدىشى ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇرۇننى چاپلاپ تۇرغۇزالماپتۇ. بىچارە ئايال چىرايلىق بۇرۇنغا ئېرىشەلمەيلا قالماي، ئۆزىنىڭ سەت بۇرنىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ، شۇنداق قىلىپ تۈگىمەس ھەسرەتكە مۇپتىلا بوپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بەزى ئىشلارنى تىرىشىش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، يەنە بەزى ئىشلارنى ھەرقانچە تىرىشىپمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.***

## «رىزىق» نىڭ ئىزىنىڭ كەينىگە ئازگال كولانغان بولىدۇ

بىر بېلىقچى سۇدا ئەركىن ـ ئازادە ئۈزۈۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئالدىدىراق جايدا بىر قۇرتنىڭ ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە: «نېمە دېگەن سېمىز قۇرت ـ ھە! مېنىڭ بىر ۋاق چۈشلۈك تامىقىم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئەمدىلا بېرىپ يۇتۇۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا بىر ئوق بېلىق ئۈچقاندەك كېلىپ ئۇنى تۇسۇۋېلىپ: «ھەي شۇمتەك، جېنىڭدىن تويغان ئوخشىمامسەن! چۈشلۈك تاماق يەي دېسەڭ باشقا يەردىن ئىزدە» دەپ چىقىپ قاپتۇ. بېلىقچاننىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ ھەمدە ئالدىغا كېلىپ قالغان تاماقنىڭ قولدىن كېتىشىنى خالىماپتۇ. ئۇ ئۆزىگە: «مەن ھېچ ئىنسانلارنى كۆرمىدىمغۇ، ئوق بېلىق چوقۇم مېنى قورقۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ قۇرتنى يۇتۇۋېتىپتۇ، ئارقىدىنلا قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە «ئەسلىدە بۇ دۇنيادا ھەقسىز تاماق يوق ئىكەن» لىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

*ھېكمەت:*
*تىرىشىپ ئىشلە، بۇ دۇنيادا بىكارغا نان يوق.*

## پۇرسەتنى ئۆزىڭىز يارىتىڭ

بىر ياش يىگىت چىملىقتا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىن پۈتۈن بەدىنى ھەر خىل رەڭلەرنى تارقىتىپ تۇرىدىغان ئالتۇن پۈتلۈق غەلىتە مەخلۇق كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «ھەي! سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. يىگىت «مەن پۇرسەتنى ساقلاۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

غەلىتە مەخلۇق ئۇنىڭدىن: «پۇرسەتنى ساقلاۋاتىمەن؟ ھا...ھا...!پۇرسەت قانداقراق نەرسە، سەن بىلەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

يىگىت: «بىلمەيمەن، بىراق ئاڭلاشلارغا قارىغاندا پۇرسەت ئاجايىپ نەرسە ئىكەن، ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلگەندە ئامەتىڭىز كېلىپ ئەمەلدار بولىدىكەنسىز ياكى بېيىپ كېتىدىكەنسىز ۋە ياكى چىرايلىق خوتۇن ئالالايدىكەنسىز» دەپتۇ.

«سەن پۇرسەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ پۇرسەتنى قانداق ساقلىماقچى؟ يەنىلا مەن بىلەن يۈر، مەن ساڭا پايدىلىق ئىشتىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي!» دەپتۇ غەلىتە مەخلۇق ۋە يىگىتنى ئورنىدىن تارتىپتۇ.

يىگىت غەلىتە مەخلۇققا ئاچچىقلىنىپ: «ماڭ، نېرى كەت، تولا ماڭا ئاۋارىچىلىك تاپما، مەن سەن بىلەن ھەرگىز ماڭمايمەن» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن غەلىتە مەخلۇق ئۆزى يالغۇز كېتىپ قاپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا بىر بوۋاي يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سەن نېمىشقا ئۇنى تۇتۇۋالمايسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

«نېمە دەپ ئۇنى تۇتۇۋالغۇدەكمەن، ئۇ نېمە نەرسە؟» دەپ سوراپتۇ يىگىت.

«ئۇ دېگەن پۇرسەت» دەپتۇ بوۋاي.

«ئاھ خۇدا، مەن ئۇنى قويۇۋېتىپتىمەن، مەن ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىپتىمەن!» دەپ پۇشايمان قىپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىراپ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا: «بولدى توۋلىما! مەن ساڭا پۇرسەتنىڭ مەخپىيىتىنى دەپ بېرەي، پۇرسەت بولسا تۇتۇپ كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسە، سەن ئىخلاس بىلەن ساقلىغىنىڭدا ئۇ دائىم كەلمەيدۇ، سەن دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتا كۆز ئالدىڭدا يەنە پەيدا بولىدۇ. سەن ئۇنى كۆرەلمەيسەن، لېكىن دائىم كۆرۈشنى ئويلايسەن، ئۇنى كۆرگەن ۋاقىتىڭدا، سەن ئۇنى تۇتالمايسەن، ئەگەر ئۇ سېنىڭ كۆز ئالدىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ئۇنى تۇتۇۋالمىساڭ، ئۇنداقتا، ئۇ مەڭگۈ قايتا كەلمەيدۇ!» دەپتۇ.

ھېلىقى يىگىت يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن بۇ ئۆمرۈمدىكى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇممۇ؟» دەپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا: «ئۇنداقمۇ ئەمەس، مەن ساڭا پۇرسەتنىڭ يەنە بىر مەخپىيىتىنى دەپ بېرەي، ئەمەلىيەتتە، ساڭا مەنسۇپ پۇرسەت بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ» دەپتۇ.

يىگىت ھەيران بولۇپ: «پۇرسەت بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا: «توغرا، سەن بۇ قېتىمقى پۇرسەتنىڭ قولدىن بېرىپ قويدۇڭ، كېيىنكى قېتىم پۇرسەت يەنە كېلىدۇ. بىراق پۇرسەتنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزى كەلمەيدۇ، ئۇنى ئۆزىمىز يارىتىمىز، باياتىنقى پۇرسەتنى مەن ساڭا يارىتىپ بەرگەن، ئەپسۇس سەن ئۇنى تۇتالمىدىڭ» دەپتۇ.

ھېلىقى يىگىت بوۋايغا: «بەك ياخشى بولدى، ئۇنداقتا، سىز ماڭا يەنە بىر پۇرسەت يارىتىپ بېرىڭ!» دەپتۇ.

بوۋاي: «بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت ئۆزۈڭنىڭ يارىتىشىڭغا باغلىق» دەپتۇ. يىگىت: «ئەپسۇسلىنارلىقى مەن پۇرسەت يارىتىشنى بىلمەيمەن» دەپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا: «ھازىر مەن ساڭا ئۆگىتىمەن، ئالدى بىلەن سەن ئورنىڭدىن تۇر، ھەرگىزمۇ ساقلىما، ئاندىن كېيىن سەن ئىشەنچ بىلەن قەدەم بېسىپ قىلالايدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىل. شۇ ۋاقىتتىلا سەن پۇرسەت يارىتالايسەن» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئادەم پۇرسەتنى تۇتۇپلا قالماي تۇرغۇن پۇرسەتنى يارىتالايدۇ. پۇرسەتنى تۇتالىغان، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پۇرسەت يارىتالىغان ئادەم ئەقىللىق ھېسابلىنىدۇ. ئەقلىنى ئاساس قىلىپ يارىتىلغان پۇرسەت تېخىمۇ پايدىلىق بولۇپ، بۇنداق ئادەملەر قالتىس ئادەملەردۇر.***

## خاتالىقنىڭ قايتا سادىر بولۇشىغا يول قويماڭ

ئىلگىرى بىر دېھقان بىر ئۆچكىنى يېتىلەپ، ئېشەككە مىنىپ بازارغا مېڭىپتۇ. بۇنى ئۈچ ئالدامچى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى ئالدىماقچى بولۇپتۇ.

بىرىنچى ئوغرى دېھقانىنىڭ ئېشەك ئۈستىدە ئۇيقۇ باسقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆچكىنىڭ بويىندىكى كولدۇرمىنى يېشىپ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ قويۇپ ئۆچكىنى يېتىلەپ كېتىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، دېھقان قارىسا ئۆچكە يوق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئالدىراش ئىزدەشكە باشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىككىنچى ئوغرى كېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

دېھقان ئۆچكىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئالدامچى خالىغان بىر تەرەپنى

كۆرسىتىپ، بىر ئادەمنىڭ بىر ئۆچكىنى يېتىلەپ ئورمانلىقتىن ھېلىلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئارقىسىدىن قوغلىسا ھېلىمۇ ئۇلگۇرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دېھقان ئېشىكىنى بۇ «ياخشى نىيەتلىك ئادەم» گە قاراپ تۇرۇشقا بېرىپ، ئۆزى ئۆچكىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئىزدەپ تاپالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەندە، «ياخشى نىيەتلىك ئادەم» نىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. دېھقاننىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى: «ئېمىشقا باشقىلارغا ئاسان ئىشىنىپ كېتىدىغاندىمەن، ئېشەكنى نېمىشقا يات كىشىلەرگە قاراپ قويۇشقا بەرگەندىمەن، پۇشايماندىن ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ ئەيىبلەپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆل بويىغا كەلگەندە، بىر ئادەمنىڭ كۆل بويىدا ئۆزىدىنمۇ قاتتىق يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دېھقان ئەجەبلىنىپ: «مەندىنمۇ ئۆتە نەس باسقان ئادەممۇ بارمىدۇ؟» دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم دېھقانغا ئۆزىنىڭ ئىككى خالتا تەڭگە پۇلنى ئېلىپ شەھەرگە نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى كېتىۋاتقانلىقىنى، سۇ بويىدا يۈز - كۆزلىرىنى يۇغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇللىرى سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دېھقان ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، دەرھال چۈشۈپ سۈزۈۋالمامسىز!» دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر دېھقاننىڭ سۈزۈپ بەرسە ئۇنىڭغا 20 تەڭگە بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

دېھقان خۇشال بولغان ھالدا: «بۇ بەك ياخشى بولدى، ئۆچكە ۋە ئېشەك يىتكەن بولسىمۇ، بىراق 20 تەڭگە قولۇمغا كىرىدىغان بولدى، تارتقان زىيانلىرىم ئورنىغا كېلىپ، يەنە تېخى نۇرغۇن ئېشىپ قالغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ سۇغا چۈشۈپ پۇللارنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ، ئۇ سۇدىن ھېچ نەرسىنى تاپالماي چىققان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كىيىمى، يەيدىغان ئاشلىقى كۆرۈنمەپتۇ، ھەتتا ئېشىپ قالغان ئازراق پۇلىمۇ كىيىمىنىڭ يانچۇقىدا ئىكەن.

***ھېكمەت:***

***كىشىلەر مەيلى خىزمەتتە ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ، بىراق پۇشايمان يېگەندىن كېيىن ئازراق تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلەپ ئەقىل تاپالىسا، بۇمۇ بىر ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتسە، بۇمۇ ئۆزىگە پۇشايمان ۋە چۈشكۈنلۈك ئېلىپ كېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەجرىبە - ساۋاقنى قوبۇل قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بىر ئۆمۈر پۇشايمان ئىچىدە ئۆتىدۇ.***

## ئەتراپىڭىزدىكى بەختنى قەدىرلەڭ

باغچىدا بىر تۈپ ئەتىرگۈل بىلەن بىر تىزىق توزۇمايدىغان پىلاستىك گۈل بار بولۇپ، ئەتىرگۈل دائىم ئۆزىنىڭ باغچىدا تۇرغانلىقىدىن ئۇۋالچىلىق ھېس قىلىپ، تېخىمۇ يوغان جايغا، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە گۈزەللىكىنى نامايان قىلماقچى بوپتۇ. پىلاستىك گۈل ئۇنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «سىڭلىم، بىز بۇ يەردە تۇرساق نېمىدېگەن ياخشى، ئەتراپىمىز يېشىل چىمەنزارلىق، مۇنبەت تۇپراق، ئىگىمىز تېخى ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرىدۇ! تېخىمۇ چىرايلىق پورەكلەپ ئېچىلىش ئۈچۈن بىزمۇ غەيرەت قىلايلى!» دەپتۇ.

ئەتىرگۈل ھەدىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، باغچە سىرتىدىكى ھاۋا رايىغا قاراپ ھەيران بوپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئەتىرگۈل قۇرۇپ كېتىپ، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە يىغلاپ تۇرۇپ: «ھەقىقەتەن مۇنبەت تۇپراق، يېشىل چىمەنزارلىق ئىدى ـ ھە! مەن نېمىشقا بالدۇرراق ھېس قىلمىغان بولغىيتتىم؟» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەم تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى بىلمەيدۇ، بەختنىڭ تولىمۇ تەسلىكتە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ھەم چۈشەنمەيدۇ، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ بەختىنى ئىسراپ قىلىپ، بارلىق نەرسىلەردىن مەھرۇم بولغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىدىن پۇشايمان قىلىدۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتتا ھەقىقەتەن كېچىككەن بولىمىز.***

## ئۆزىڭىزنىڭ پۇتىغا ئۆزىڭىز پالتا چاپماڭ

بىر ئادەم بىر ئېشەك بىلەن ئىت بېقىپتۇ، ئېشەك بولسا ھەر كۈنى ئەتىگەندىن تاكى كەچ كىرگۈچە توختىماي تۈگمەن تارتىدىكەن، ئەمما ئىت بولسا پەقەت يەپ ـ ئىچىش، ئۇخلاش بىلەنلا بولۇپ ھېچ ئىش قىلمايدىكەن.

شۇنداق بولسىمۇ ئېشەك ھەر كۈنى تىل ـ ئاھانەت ئاڭلاپ، ئىت بولسا ئىگىسىنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولىدىكەن. نېمە ئۈچۈن ئىت بىلەن ئېشەك ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەيدۇ؟ ئېشەك ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش ئارقىلىق، ئەسلىدە ئىت ئىگىسى قايتىپ كەلگەندە، بىر تەرەپتىن قاۋاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىگىسىگە ئەركىلەپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئۇنىڭ ياقتۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرىدىكەن. ئېشەك نېمە ئۈچۈن ئىگىسى تەرىپىدىن زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىتتىن ئۆگەنمەكچى بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئىگىسى ئەمدىلا

ئىشىكتىن كىرىشىگە ئىشەك شۇ ھامان ئىتقا ئوخشاش ئىگىسىنى قارشى ئاپتۇ، ئىگىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ: «چاققان كېلىڭلار! ئىشەك ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، ئۇنى كەنتتىن يىراق جايغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەرىكەتلىنىشنىڭ ئالدىدىكى قارار بىر قاتار ھۆكۈملەردىن كېلىپ چىقىدۇ، ئەگەر ئەھۋالنى تولۇق چۈشەنمەي ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا، بەلكىم ھەرىكەت قىلغۇچى «ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىشى» مۇمكىن.***

## ئۆزىڭىزنى كىشەنلەپ قويماڭ

يولۋاس دەرەخ تۈۋىدە دەم ئېلىۋېتىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرغان كىرپىنى كۆرۈپ قاپتۇ. يولۋاس: «ئەجەب ياخشى، چۈشلۈك تامىقىم ئالدىمغا كەلدى!» دەپ ئويلاپ كىرپىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ، بىراق كىرپىمۇ تېز سۈرئەتتە تۈگۈلۈۋاپتۇ. يولۋاس بىر چىشلىگەن ئىكەن، كىرپىنىڭ تىكىنى ئېغىزىغا سانجىلىپ، ئاغرىق دەردىدىن قالايمىقان ۋارقىراپ قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن يولۋاسنىڭ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى «كىچىك كىرپىلەر» (ئېيسەن دەرىخى مېۋىسى) قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ «كىچىك كىرپە» لەردىن ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ھېچقانداق سادا كەلمەپتۇ، يولۋاس ئورنىدا بىر كۈن، ئىككى كۈن... ساقلاپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كۆپىنچە ۋاقىتتا، بىز تەۋرەنمەس تەپەككۇرىمىزنى كىشەنلەپ قويۇپ، ئۇرغۇنلىغان ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىمىز.***

## تۇرمۇش خاتا چۈشەنچىنى قوبۇل قىلالمايدۇ

بىر ئوۋچى ئورمانلىق ئارىسىدىن بىر بۆرە بالىسىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ ئىت باققاندەك بېقىپ چوڭ قىپتۇ. ئوۋچى كىچىك بۆرىدىن تولىمۇ رازى بولۇپ، كېچىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئۇخلاش ئۈچۈن ئورۇن تەييارلاپتۇ. بىر كۈنى كېچىدە، ئوۋچى تاتلىق ئۇخلاۋاتسا، بىر نەرسە چىشلىگەندەك ھېس قىلىپ كۆزىنى ئاچسا، كىچىك بۆرىنىڭ سۇرلۇك كۆزىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، كۆڭلىدە تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدىغان مەخلۇق دەپ ئويلاپ، كارىۋات يېنىدىكى پالتىنى ئېلىپ، بۆرىنى چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ تۇيۇقسىز بىر نەرسە كۆيگەندەك پۇراقنى پۇراپ قېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ئاشخانىغا ئوت كەتكەن ئىكەن،

ئەسلىدە بۆرە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كىيىمىنى چىشلەپ تارتقان ئىكەن.

خاتا چۈشىنىپ قېلىش دائىم كىشىلەرنىڭ چۈشەنمەسلىك، كەم ئەقىللىقلىقىدىن، سەۋر قىلالماسلىق، چوڭقۇر ئويلانماسلىق، قارشى تەرەپنى كەچۈرمەسلىك، ئۆزىنى ئاياش ھېسسىياتى ۋە ھاياجانلىنىش كەيپىياتى ئاساسىدا كېلىپچىقىدۇ. بىر - بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكەن قىز بىلەن يىگىت توي قىپتۇ ۋە بەختىنىڭ تەمىنى تېتىپتۇ. توي قىلىپ ئۇزۇنغا بارماي ئايالى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قېيىنئانىسىنى شەھەرگە ئەكېلىپ بېقىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن يولدىشى ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ.

چۈنكى، ئۆزىنى ئانىسى يالغۇز بېقىپ چوڭ قىلغان ئىكەن، شۇڭلاشقا ئانىنىڭ جاپا تارتىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇلار بىر مەزگىل بىرگە تۇرغاندا ياخشى ئۆتۈپتۇ. بىراق ئەمىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئوخشىمىغانلىقتىن تەدرىجىي تۇرمۇشتا چاك ھاسىل بوپتۇ. ئانىسى يېزىدا تۇرمۇش قۇرۇپ، شۇ يەردە ياشاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كېلىنىنىڭ ھېچ ئىش قىلماستىن، بىر دۆۋە كىيىم ئېلىپ قويۇپ، ئۇنى كىيمەي تاشلاپ قويغانلىقىغا، پۇلنى ئىسراپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تۇرمۇش شەكلىگە كۆنەلمەپتۇ. ئەكسىچە، كېلىنى بەزى ۋاقىتلاردا قېيىنئانىسىنىڭ تازىلىققا دىققەت قىلمايدىغانلىقىنى، ھەتتا قاچا يۇسىمۇ پاكىز يۇمايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەي، يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان، يەنى - يولدىشى ئەتىگەن تۇرۇپ ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلاشتىن ئىبارەت زىددىيەت پەيدا بوپتۇ. ئانىسىنىڭ قارىشىچە، چوپچوڭ بولۇپ قالغان ئەر كىشى ئايالىغا تاماق ئېتىپ بەرسە، بۇ بىر خىل قاملاشمىغانلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەر كۈنى تەكرارلىنىۋېرىپ، ئاستا - ئاستا قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى گەپ - سۆز ئازلاپ كېتىپتۇ. ئايالى قېيىنئانام ياخشى ئەمەس دېسە، ئانىسى كېلىنىنى ياخشى تاللىيالماپسەن دەپتۇ. ئاخىر، ئانىسى ئوغلىنى تاماق ئەتكۈزگىلى قويماي، ئۆزى تاماق ئېتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئاپتۇ.

ئوغلىنىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېگىنىنى كۆرگەن ئانا كېلىنىنى ئېرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمىغان دەپ قاراپ، كۆزى بىلەن ئەيىبلەپ تۇرىدىكەن. ئاچچىق قورساق كۆپۈكى تارتقان كېلىن ئانىسى ئەتكەن تاماقنى يېمەي، ئەتىگەنلىكى ئىشقا ماڭغاندا يولدا قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ.

يولدىشى ئايالى بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەتنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. ئۇ ئايالىغا ئاچچىقلاپ، چوڭلار بىلەن تاكاللاشماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا ئايالىغا: «سىز ئانام ئەتكەن تاماقنى ياراتماي يېمىگەن ئوخشىمامسىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئايالى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋاپتۇ، يولدىشى يەنە: «مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆيدە تاماق يەڭ بولامدۇ!» دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، ئايالى ئامالسىزلىقتىن تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قېينىئانىسى ئەتكەن سۇيۇقئاشنى ئىچىپ، ئاشقازىنى ئاغرىپ كېتىپ، ياندۇراي دەپلا قاپتۇ. بىراق ئۇ شۇنچە ئۆزىنى بېسىۋالسىمۇ، بەرداشلىق بېرەلمەي تازىلىق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپ ئاران تەسلىكتە ياندۇرۇپتۇ.

ئۇ قېينىئانىسىنىڭ كايىشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ، يولدىشى ئايالىغا ئاچچىقلىنىپ، جېدەللىشىپ قاپتۇ.

كېيىن ئانىسى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ماشىنا بېكىتىگە قاراپ ماڭغاندا، ئوغلى ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. ئانىسى يولدىن ئۆتىدىغان ۋاقىتتا، بىر يۈك ماشىنىسى قارشى تەرەپتىن كېلىپ سوقۇۋېتىپتۇ، ئانىسى شۇ ھامان يەرگە يىقىلىپتۇ. ئوغلى يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئالىلىبۇرۇن قانغا مىلىنىپ جان ئۈزۈپتۇ. بۇ بىر قېتىملىق خاتا چۈشىنىش ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىپ، ئانىسىنىڭ ئۆلۈمگە ۋە مۇھەببىتىنى دەپنە قىلىشقا سەۋەبچى بوپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىچىككىنە خاتا چۈشىنىش دائىم ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۆزئارا خاتا چۈشىنىش پەيدا بولغان چاغدا چوقۇم ئامال قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك.***

## گەپدانلىقىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭ

ئورمانلىقتىكى چوڭ يىغىندا، شىر پادىشاھ ئىلغارلارنى سايلاش ئېلىپ بېرىپتۇ، مايمۇن مۇنبەرگە چىقىپ: «مەن ئىنسانلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇلار ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ھايۋانلارنى سايلاپ چىقىشقا پىكىر بېرىمەن، ئەڭ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغۇچى مەن، چۈنكى مەن ئىنسانلارغا ئوخشايمەن، ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى بولسا» دەپ، يېنىدىكى تۆلكىنى ئۇرۇپ قويۇپتۇ، ئۇ يەنە «چۈنكى ئىنسانلار تۆلكىنى پەقەت ياقتۇرمايدۇ!» دەپتۇ. باشقا ھايۋانلار ئاڭلاپ ھەقىقەتەن مەنىسى بارلىقىنى بىلىپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى كۈلۈپ كېتىپتۇ. تۆلكە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، شىر پادىشاھ قاتتىق بىتاب بولۇپ قاپتۇ. تۆلكە ئۇنىڭغا: «مايمۇننىڭ يۈرىكىنى يېسىڭىز كېسەلدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلىسىز» دەپتۇ. بىچارە مايمۇن شۇ ھامان دەرەخكە باغلىنىپتۇ. ئۇ تۆلكىدىن: «سەن نېمىشقا سەۋەبسىزلا ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. تۆلكە ئۇنىڭغا سوئال قايتۇرۇپ: «سەن نېمىشقا سەۋەبسىزلا مېنى مازاق قىلىسەن؟» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئەلمىساقتىن تارتىپ ھازىرغىچە: «ياخشى گەپ تاشنى يارار، يامان گەپ باشنى يارار» دېگەن تەمسىل بار. تىل بىر خىل ئىدىيە ـ ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان قورال، بىراق ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپچىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.***

## جاھاندارچىلىقنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىڭ

قاقاس تاغدا ئوخشاش ئىككى تاش بار ئىكەن، ئۈچ يىلدىن كېيىن، بىرسىدە قەھرىماننىڭ ھەيكىلى ياسىلىپ شەھەر مەركىزىگە قويۇلۇپ، شەھەرگە يېڭى بىر تۈس قوشۇپتۇ. يەنە بىر تاش بولسا قەھرىماننىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇپ قويۇلۇپتۇ. بىر كۈنى ئاستىغا ياتقۇزۇلغان تاش قاقشاپ: «بىز ئەينى يىللىرى ئوخشاش ئىدۇق، ھازىر سەن نېمىشقا ئۈستىدە ھەيۋەتلىك تۇرىسەن، مەن بولسام باشقىلارغا دەسسىلىپ يۈرىمەن، بۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولدى!» دەپتۇ. تاش ھەيكەل سۆزلەپ: «ھەي، ئىنىم سەن بۇنداق دېسەڭ توغرا بولمايدۇ! ئۈچ يىل ئىلگىرىكى ئىش سېنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ بىر ھەيكەلتاراش سېنى پىچاق بىلەن ئويغاندا سەن بەرداشلىق بېرەلمىگەن. ئەكسىچە، مەن بولسام پىچاقنىڭ ئاغرىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتىم، ئەگەر سەن ھازىرقى ھالىتىڭدىن رازى بولمىساڭ، ئەينى ۋاقىتتا نېمىشقا بەرداشلىق بەرمىگەنتىڭ؟» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بەرداشلىق بېرىش بىر خىل جاھاندارچىلىق سەنئىتى بولۇپ، بەرداشلىق بېرەلىگەن ئادەم ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرەلەيدۇ.***

## مەدھىيەلەشكە مۇيەسسەر بولغاندا ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ

بىر قاغا كەنتتىن بىر پارچە ئېرىمچىك ئوغرىلاپ كېلىپ، دەرەخ شېخىغا قونۇپ ئەمدى ھۇزۇر بىلەن ناشتا قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، دەرەخ ئاستىدىن بىرسىنىڭ «قاغا سىڭلىم، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن!» دەپ ئەھۋال سورىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قاغا پەسكە قارىسا ئەسلىدە تۈلكە ئىكەن. تۈلكە يەنە: «قاغا سىڭلىم، ئەتىگەندە دەرەخكە قونۇۋېلىپ ئاۋاز مەشىق قىلىۋاتامسىز؟ راستىنى ئېيتسام، مەن ئەزەلدىن سىز ئېيتقان ناخشا بۇلبۇلنىڭكىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ دەپ قارايمەن!» دەپتۇ. قاغا جاۋاب بەرمەپتۇ، لېكىن كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

«ھەي، سىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭىز، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاھاڭىڭىز سىزنى ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ھېس قىلدۇرىدۇ، سىز ماڭا بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟» دەپتۇ تۈلكە. قاغا بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان ھوشىنى يوقاتقان بولۇپ، «قاق - قاق» دەپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئېغىزىنى ئاچقان ھامان، چىشلىۋالغان ھېلىقى ئېرىمچىك يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، تۈلكە ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ بۇ پسىخىك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، مەدھىيە تۇزىقىغا چۈشۈرىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ خاتالىقىڭىزغا ئىلھام بېرىپ، كەمچىلىكىڭىزنى ماختايدۇ. سىزگە بولغان بارلىق ھەرىكەت، پوزىتسىيەسى سىزنى مەدھىيەلەشنى نىشان قىلىدۇ. ئۇرغۇنلىغان كىشىلەر شۇ سەۋەبلىك شېرىن سۆزلەرگە ئىشىنىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.***

## ھەركىم ئەمگىكى بىلەن قەدىرلىك

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر دانىشمەن باغۋەن ئۆتكەنىكەن. بۇ دانىشمەنگە باغۋەنچىلىك كەسپى ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغانىكەن. دانىشمەن كىچىككىنە بېغىنى كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغا ئانار، ياڭاق، ئۈزۈم تېلى ۋە ئالما كۆچەتلىرىنى ساپتۇ. دانىشمەن كۆچەتلىرىنى قېتىقىنىپ پەرۋىش قىلغاچقا، ئۈزۈن ئۆتمەي كۆچەتلىرى بۈك - باراقسان ئۆسۈپ مول مېۋە بېرىپتۇ.

ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدىن بېيىغان دانىشمەن ئۆز بېغىنىڭ شېرىن - شېكەر مېۋىلىرى بىلەن يۇرت - جامائەتنى راسا مېھمان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دانىشمەننىڭ ئىززەت - ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆسۈپ، نام - شۆھرىتى جاھانغا پۇر كېتىپتۇ. بىراق بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار دېگەندەك، شۇ زامانلاردا دانىشمەن باغۋەننى كۆرەلمەيدىغان ئوقەتچى باققاللار بار ئىكەن. ئۇلار «باغۋەننىڭ كاساپىتىدىن بىزنىڭ سودىمىز ئاقمايۋاتىدۇ» دەپ ھېس قىلىپ، خېلى بۇرۇنلا دانىشمەن باغۋەننى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشكەنىكەن. بىر بازار كۈنى، باققاللارنىڭ سودىسى ئاقماي قاپتۇ. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان باققاللار كەچتە بىر ئاشخانىغا جەم بولۇپ تاماق يېگەچ، دانىشمەن باغۋەننىڭ بېغىنى ۋەيران قىلىشنى پىلانلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان كاززاپتىن بىر نەچچىنى سېتىۋېلىپ، تاڭ كېچە بىلەن دانىشمەن باغۋەننىڭ بېغىغا كىرىپ ئوت قويۇۋېتىپتۇ - دە، دەرھال تىكىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى دانىشمەن باغۋەن ئورنىدىن تۇرۇپ باغقا كىرسە، بارلىق كۆچەتلىرى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ بولغانىكەن. دانىشمەن باغۋەن ۋەيران بولغان بېغىغا قاراپ ئۆكسۈپ -



www.uyghurkitap.com

ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. يۇرت ـ مەھەللە قەۋمى، دانىشمەن باغۋەنگە تەسەللى بېرىپتۇ ۋە باغنى قايتىدىن ئەھيا قىلىشىپ بېرىپتۇ.

كۈز كېتىپ، قىش كەپتۇ. قىشتىن كېيىن باھار كەپتۇ. دانىشمەن باغۋەننىڭ كۆز يېشىدىن ئاللا تەسىرلىنىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باغقا ئاللانىڭ ئەلچىسى خىزىر يېتىپ كېلىپ دۇئا قىپتۇ. نەتىجىدە دانىشمەن باغۋەننىڭ كۆچەتلىرى تېز ئاينىپ كۆركەم ئۆسۈپتۇ، باغ ئىلگىرىكىدىن بىرنەچچە ھەسسە كۆپ مېۋە بېرىپتۇ. يۇرت ئەھلى باغدىن قايتا بەھرىمەن بولۇپتۇ. كېيىنكى يىلى قارانىيەت باققاللار سودىسىنىڭ ئاقماي قالغانلىقىدىن ئىچى ئۆرتىنىپ، دانىشمەن باغۋەننىڭ بېغىنى يەنە كۆيدۈرۈپ تاشلاشنى پىلانلىشىپتۇ. ئۇلار تەييارلىقنى پۇتتۇرۇپ، تۈن يېرىم بولغاندا باغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كېتىپ بېرىپ ئۇيقۇچىلىقتا يولدىن ئېزىپ قاپتۇ. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا ئۇلار تىك ھاڭنى كۆرمەي يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئېلىپ ماڭغان تۇترۇقلىرى ئۆزلىرىگە تۇتۇشۇپ كېتىپ كۆيۈپ كۈل بولۇپتۇ.

دانىشمەن باغۋەن يۇرت ئەھلىنىڭ ھىمايىسىدە تېخىمۇ روناق تېپىپتۇ ۋە بېغىنى ئاۋادىغا يەتكۈزۈپتۇ[①] .

***ھېكمەت:***

***باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمەي، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى زايا قىلساڭ، ئۆزۈڭگىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزگەن بولىسەن. ھاياتتا ياخشى نام قالدۇرۇشنىڭ ئاساسى باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەش، شۇ ئاساستا خەلق ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشتا.***

## ئۆز ئەقلىڭ بىلەن تەپەككۇر قىل

قەدىمكى زاماندا بىر كاۋىچى بىلەن بىر قاپاقچى ئۆتكەنىكەن. كاۋىچى كاۋا تېرىيدىكەن. چۈشكەن كاۋىنى سېتىپ كۈنلىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزىدىكەن. قاپاقچى قاپاق تېرىيدىكەن، سايىسىغا خۇشتار ئىكەن. شۇڭا، قاپىقى پىلەك سۇنۇش بىلەنلا پەرۋىشنى توختىتىدىكەن.

بىر كۈنى، قاپاقچى كاۋىچىنىڭ ھويلىسىدىكى باراڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان يوغان كاۋىلارنى كۆرۈپ:

ــ سىز كاۋا تېرىماي، بېشىڭىزغا بالا تېرىپسىز. ئەگەر سىز كاۋا بارىڭى ئاستىدا ئۇخلاپ قالسىڭىز، كاۋىلار ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كاللىڭىزنى يانجىپ ئۆلتۈرۈپ قويمامدۇ؟ ــ دەپتۇ. كاۋىچى بولسا، قاپاقچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل ئارىسالدى بولۇپ قاپتۇ ـ دە:

ــ ئۇنداقتا قانداق قىلسام بولار؟ ــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاپاقچى:

①غوپۇر روزى رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 - يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دەپلا باراڭدىن بىر تال بادىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كاۋىلارنىڭ بىرىنى قويماي ئۈزۈپ يانچۇۋېتىپتۇ. نەتىجىدە كاۋىچىنىڭ بىر يىللىق ئەجرى بىكار بولۇپ، زور زىيان تارتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كاۋىچىنىڭ بېشىغا قىشنى قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمى چۈشۈپتۇ. بۇنىڭغا پەرۋايى پەلەك قاپاقچى كاۋىچىغا:

— ئاغىنە، مېنىڭ قاپاق بارىڭىمنى كۆرۈپ باق. مەن ساڭا ئوخشاش بالا تېرىغىنىم يوق، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كاۋىچى ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى قاپاق بارىڭىنى كۆرۈشكە بېرىپتۇ ۋە:

— بۇرادەر، باراڭدا بىر تالمۇ قاپاق يوققۇ؟ — دەپتۇ. قاپاقچى تېرىكىپ:

— مەن ساڭا ئوخشاش ئەخمەق ئەمەس، قاپاق چۈشۈپ، باراڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالغاندا، بېشىمنى يېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن دەپ پىلەك ئايىنغاندا پەرۋىش قىلىشنى توختاتقانمەن. سەن كاۋىلىرىڭغا ئەنە شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ.

شۇ ئەسنادا، ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دانىشمەننىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەۋەت ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، ھويلىغا كىرىپلا قاپاقچىدىن قاپاق سوراپتۇ. قاپاقچى تۇرۇپلا قاپتۇ. كاۋىچىدىن كاۋا سورىغانىكەن، كاۋىچى:

— قاپاقچى ئۈزۈپ يانچىۋەتتى، — دەپتۇ.

— دانىشمەننىڭ كاۋىچىغا خەيرخاھلىق قىلغۇسى كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قاپاقچىنىڭ ئېغىلىدىكى ئىككى قويىنى يېتىلىتىپ قويۇپتۇ ۋە قاپاقچىغا:

— ئەمدى توغرىلاشتى، — دەپ كېتىپ قاپتۇ①

***ھېكمەت:***

***باشقىلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلماي تۇرۇپ ئىش تۇتساڭ، ئەمگىكىڭ قەدىرسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ قەدرىنى قىلدىغىنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ.***

## ئۆزۈڭگە مەڭگۈ تايان

بار ئىكەنۇ ـ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ ـ توق ئىكەن. ئېرىق تۇلۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدا ئىكەن. شۇ زامانلارنىڭ بىرىدە جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغان ھاشىم ئىسىملىك بىر بوۋاي بولغانىكەن. ئۇ بوۋاي بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ 70 ياشلارغىچە ئوتۇن تېرىپ سېتىپ، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جان ئادەمنى بېقىپ كەلگەنىكەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بوۋاي ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ئوغلىنى سىنىماقچى بولۇپ، جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ سېتىپ، كۈنلۈك تەمىنات ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. لېكىن بۇ ئوغۇل «دادا مەن ئوتۇن يىغىشنىڭ يىغارمەن، ئەمما

①غوپۇر روزى رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 - يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

ئېشەككە قانداق ئارتىپ كېلەرمەن» دەپتۇ.

ھاشىم بوۋاي ئوغلىغا:

— بالام، ئاشۇ ئوتۇن يىغىدىغان جاڭگالدا ئىلاجى ئاخۇن دېگەن كىشى بار. سىز ئوتۇننى تەل قىلىپ قويۇپ، دۆڭگە چىقىپ ئىلاجى ئاخۇن ئاكىنى چاقىرىڭ. ئىلاجى ئاخۇن ئاكا كېلىپ سىزگە ياردەملىشىدۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلغان، — دەپتۇ. ھاشىم بوۋاي ئوغلىنى شۇنداق دەپ يولغا سالپتۇ. بۇ ئوغۇل ئىككى ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ، جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن يىغىپ، ئېشەككە ئارتىشقا تەييارلىق قىپتۇ. دادىسىنىڭ گېپى ئېسىگە كېلىپ، ئېگىز دۆڭگە چىقىپ، «ئىلاجى ئاخۇن ئاكا...» دەپ چاقىرىپتۇ، توۋلاپتۇ، ئەمما ھېچبىر كىشى بۇ يەرگە يېقىن يولىماپتۇ. يەنە چاقىرىپ بېقىپتۇ، كەلمەپتۇ. كەچ كىرەي دەپ قاپتۇ. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۆزى چارە ئويلاپ، ئوتۇننى ئېشەككە ئۆزى ئارتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كەلسە، دادىسى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بوۋاي ئوغلىنى كۆرۈپ خۇش بوپتۇ ۋە: «ئوغلۇم بۇ ئىككى ئېشەككە ئوتۇننى قانداق ئارتالىدىڭ؟» دەپتۇ. ئوغلى بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپ، ئىلاجىكامنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆزۈم قىلدىم دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە، كىشىلەر ئۆزى يالغۇز تەستىرەك قىلغان ئىشلارنى ئىلاجىكامنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆزۈم قىلدىم، دەيدىغان بىر سۆز داۋاملىشىپ كەلگەنىكەن[1].

***ھېكمەت:***

***ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تايىنىشى ئەڭ مۇھىم. سەن ئۆزۈڭگە تايانماي، باشقىلارغا بېقىنىپ كۈنۈپ قالساڭ، مۇستەقىل ئىشلەش ئىقتىدارىڭدىن مەھرۇم بولىسەن.***

## ھەرقانداق نەرسە ئەمگەك ۋە بىلىم ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ

بۇرۇنىسىدا ئەقىللىق بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا قىزى بار ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بىر نەچچە ئېغىز ئۆيى بولۇپ، ناھايىتى ياسىداق، ئازادە ۋە يورۇق ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە كىچىك بىر باغچىسىمۇ بار ئىكەن.

قىزى باغچىدا ئويناپ زېرىككەندە، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە چېپىپ يۈرۈپ ئوينايدىكەن، پەقەت بىرلا ئۆيگە كىرەلمەيدىكەن. چۈنكى ئۇ ئۆي دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىكەن. بىر كۈنى قىز دادىسىغا:

— دادا، ئاشۇ قۇلۇپلاقلىق ئۆينى ئېچىپ بەر. ئۇ ئۆي چوقۇم باشقا ئۆيلەردىنمۇ

---

[1] ئەخمەت ئىبراھىم رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 – يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

ئالىيراق بولۇشى مۇمكىن، ــ دەپتۇ.

ــ راست ئېيتتىڭ قىزىم، ئۇ ئۆيگە ھەقىقەتەن ئەڭ ياخشى نەرسە قويۇلغان. لېكىن سەن تېخى كىچىك، چوڭ بولغىنىڭدا ئۇ سىنىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇمۇرۋايەت راھەت كۆرىسەن، ــ دەپتۇ دادىسى.

قىز چوڭ بولۇپتۇ، دادىسى قۇلۇپلاقلىق ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قىزىغا بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدە پەقەت بىر چاق، بىر ئۇرچۇق ۋە بىر كىتابتىن باشقا ھېچ نەرسە يوقمىش. قىز دەرھال دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ـ دە، كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ يىغلاپتۇ:

ــ دادا، سەن ماڭا قۇلۇپلاقلىق ئۆيدە ئەڭ ياخشى نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدىڭ. بىراق مەن ئۇ ئۆيدىن بىر چاق، بىر ئۇرچۇق ۋە بىر كىتابتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرمىدىم، سەن مېنى ئالداپسەن، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداق دېمە جېنىم قىزىم، سېنى ئالدىغىنىم يوق. ئەمەلىيەتتىمۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسە دېگىنىم ئاشۇلار ئىدى. چۈنكى چاق بىلەن ئۇرچۇق ئەمگەك، كىتاب بولسا بىلىم دېمەكتۇر. بۇ دۇنيادا ئۇلاردىنمۇ ئارتۇق تۇرىدىغان يەنە قانداق نەرسە بولسۇن؟ بىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئەمگەك ۋە بىلىم ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا كېلىدىغۇ، ــ دەپتۇ.

قىز دادىسىنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپتۇ ۋە خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ قاپتۇ①.

## نىيتى يامانىڭ قازىنى تۆشۈك

بار ئىكەنۇ ـ يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ دوست ئۆتكەنىكەن. لېكىن ئۇلار ئالا كۆڭۈل ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئۈچ دوست شىكارغا چىقىپتۇ. كەچكىچە يول يۈرۈپ چۆللەرنى كېزىپ، ھېرىپ ـ ئېچىپ، قونالغۇغا كەچتە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ توغراقنىڭ قېشىدا بۇلاق تۇرغۇدەك. بۇلار بۇلاقتىن قانغۇدەك سۇ ئىچىپ ھۇزۇرلانغاندىن كېيىن، بۇلاقنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان ياغىچاقتەك يوغان بىر تاشنى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇ تاش ئەمەس، ئالتۇن ئىكەن. بۇ ئۈچ دوست خۇدايىم بىزگە بۇ ئالتۇننى غايىبتىن نېسىپ قىلدى، دەپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، پارچىلاپ بۆلۈشۈۋالماقچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن ئۇلار ئاۋۋال ئالتۇندىن ئازراق پارچىلاپ، شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، مانتا ئېلىپ چىقىپ، قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن، بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىرى مۆشتۈمدەك ئالتۇننى پارچىلاپ، شەھەرگە قاراپ يولغا راۋان بوپتۇ، ئىككىسى ئالتۇننىڭ قېشىدا قاپتۇ. ھېلىقى بىرەيلەن

①ھۆرىگۈل ئىسمائىل ئېيتىپ بەرگەن، تۇرسۇن قادىر رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 = يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

شەھەرگە كىرىپ، ئالتۇننى ساتقاندىن كېيىن ئۈچ قاسقان مانتا سېتىۋاپتۇ. ئاشقان پۇلنى يانچۇققا ساپتۇ. بىر قاسقان مانتىنى ئۆزى يەپ، ئىككى قاسقان مانتىنى خومۇر قاچىغا قاچىلاپ، ئىككى دوستىنىڭ قېشىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇ مانتىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىككىسىگە بېگۈزسەم، ئۇلار ئۆلسە، ئالتۇننىڭ ھەممىسى ماڭا قالامدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دېگىنى بويىچە ئىشنى جايلاپتۇ. ئالتۇن قېشىدا قالغان ئىككىيلەننىڭمۇ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ھېلىقى دوستىنى مانتا ئېلىپ چىققان ھامان كېچىكىپ قالدىڭ، دېگەن بانا بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئالتۇننى ئۆزلىرى تەقسىم قىلىۋالماقچى بولۇپتۇ. شۇ ئارىدا ھېلىقى دوستى شەھەردىن مانتا ئېلىپ چىقىپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنى ئىككىيلەن گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئالتۇن دەخلىسىز بىزگە قالدى دەپ ئويلاپ، زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان مانتىنى يەپتۇ ـ دە، ئۇ ئىككىسىمۇ شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. تەقدىر شۇنداق بولسا كېرەك، ئالتۇن ئۆز جايىدا قاپتۇ. «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك، ئۈچ دوست بىر ـ بىرىگە ئورا كولاپ، ئاخىر ئۆزلىرى ھالاك بوپتۇ.[①]

## غەيۋەت ھەر ئىككى تەرەپنى ئوسال قىلىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا ساتىراش، تۆزچى ۋە سۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ دوست پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر شەھەرگە بېرىپتۇ ۋە ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بېيىپ خەلق ئارىسىدا يۈز ـ ئابرۇي تېپىپتۇ. شۇنداق ئۆتمەي ئۇلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە كۆيۈنمەسلىك، بىر ـ بىرىنى كەمسىتىپ، ھاقارەتلەيدىغان قىلمىشلار يۈز بېرىپتۇ. مەسچىت، رەستىلەردەك ئادەم كۆپ توپلاشقان جايلاردا بىر ـ بىرىنى كەمسىتىپ ئىناۋەتلىرىنى تۆكۈشكە باشلاپتۇ. ساتىراش:

— تۆزچى بىلەن سۇچى ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان ئەسكى ئادەملەر ئىدى. كۈن ئاللىماي بىرسى سۇ توشۇپ، بىر كۈنلۈك ئاش ـ ئوزۇقىنى ئاران تاپاتتى. تۆزچى تاغدىن تۇز توشۇپ كېلىپ جان باقىدىغان كۈنلۈكچى مەدىكار ئىدى، ئەمدى سىلەرنىڭ شەھىرىڭلەرگە كېلىپ تىرىلىپ قالدى، — دەپ ئىغۋا تارقىتىپتۇ. تۆزچى بىلەن سۇچى:

— ساتىراش ئۆز يۇرتىدا ھەمىشەم تازنىڭ بېشىغا سالغان ئۇستىرىنى ساقىنىڭ بېشىغا سىلىپ ئاش ـ نان ئورنىغا تاياق ـ توقماق تېپىپ يەيتى. مانا بۇ شەھەرگە كېلىپ ئادەم بولۇپ قالدى، — دەپتۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن پىتنە ـ ۋاسات توقۇپ تارقىتىپ، بۇ شەھەردىكى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

---

① مەھەممەت يۈسۈپ ئېيتىپ بەرگەن، ئابدۇسەمەت خېلىل رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 – يىلدىكى ساندىن ئېلىندى.

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا ھېچ كىشى كىرمەيدىغان، سۇچىغا سۇ توشۇتمايدىغان، تۇزچىدىن تۇز ئالمايدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە كەمبەغەللىشىپ كۈن ئالمىقى تەس بوپتۇ. ئۇلار بۇ شەھەردە تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ باشقا شەھەرگە بېرىپتۇ ۋە ئۆتكەنكى سەۋەنلىكلىرىنى ئۆزئارا سۆزلىشىپ، بىر - بىرىدىن ئەپۇ سوراپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپتۇ. جامائەت سورۇنلىرىدا بىر - بىرىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە ئۆزئارا ياخشى تەرىپلىرىنى كىشىلەرگە سۆزلەپتۇ. تۇزچى سۇچىنى ماختاپ: «بۇ كىشىنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلا ئادەم ئاجايىپ ھوزۇرلىناتتى، توشۇغان سۇلىرى تاماققا تەم كىرگۈزەتتى، جانغا راھەت بېغىشلايتتى» دەپتۇ. سۇچىمۇ تۇزچىنى: «بۇ كىشىنىڭ تۇزىنى يېگەن ئادەمنىڭ ھەرقانداق كېسەللى بولسا چىقىپ كېتەتتى، شەھىرىمىزدە بەك ئابرۇيلۇق زات ئىدى» دەپ تەرىپلەپتۇ. ساتىراشنى: «بۇ كىشىنىڭ قولى شىپالىق ئىدى، ھەمىشەم پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ چېچىنى ئالاتتى، بۇ كىشىنىڭ قولى تەگكەن ھەرقانداق تاز كاللا دەرھال ساقىيىپ كېتەتتى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەردىكى خەلق مۇشۇ ئۈچ مۇساپىرنىڭ سۈيىدىن باشقا كىشىنىڭ سۈيىنى ئىچمەيدىغان، تۇزىدىن باشقا تۇزنى سېتىۋالمايدىغان، باشقا ساتىراشقا چاچ ئالدۇرمايدىغان بوپتۇ ۋە ئۇچەيلەن باشقىدىن پۇل تېپىپ بېيىپ، ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ئايلىنىپتۇ[1] .

***ھېكمەت:***
***سېنىڭ بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىنىڭ ماھىيەتتە ئۆزۈڭنىڭ ئەيت - بەشرەڭنى ئاشكارىلىغىنىڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.***

## كىچىككىنە سەۋەنلىكمۇ ئاپەت كەلتۈرەر

ئۆتكەن زاماندا بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا قويى بار ئىكەن. بىر كۈنى موماي بوۋايغا دەپتۇكى:

— ھەر ئىككىمىزنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، پۇت - قولىمىزغا يىلنىڭ بولارمىكىن دەيمەن. شۇڭا قوينى ئۆلتۈرۈپ، چۆچۈرە ئاش ئېتىپ ئىچسەك قانداق؟

بوۋاي مومايغا دەپتۇكى:

— ئۇنداقتا، ئۇ ئاشنى نېمىدە ئىچىمىز؟ جاڭگالغا بېرىپ چىغدا چوكا ياساپ ئىچەيلى.

بۇلار قوينى ئۆلتۈرۈپ، چۆچۈرىنى ئېتىپ قويۇپ، جاڭگالدىن كەلسە قازىنىدىكى ئاش يوق، ئەمما بىر دانە چۈشىن ئۇچۇپ يۈرگۈدەك. بۇنى كۆرگەن موماي: ئاشنى مۇشۇ تەييارتاپ ئىچىپ كېتىپتۇ، دەپ چۈشىنى كەكە بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن، قازان سۇنۇپ

---

[1] رەھمىتۇللا ئىبراھىم رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 – يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

كېتىپتۇ. چىۋىن ئۇچقان پېتى مومايىنىڭ پېشانىسىغا قونۇپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن بوۋاي كەكە بىلەن بىرنى سالغانىكەن، موماي تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. چىۋىن ئۇچۇپ ئۆينىڭ مورىسىغا قونۇپتۇ. بوۋاي مورىغا بىرنى تەپكەن ئىكەن، مورا ئۆرۈلۈپ، چىۋىن ئۆينىڭ ھام ياغىچىغا قونۇپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن بوۋاي كەكىنى قويۇپ كەتمەن بىلەن بىرنى قويۇپتىكەن، ئۆي بۆسۇلۇپ چۈشۈپ، بوۋاي ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر چىۋىن ئىككى كىشىنىڭ بېشىغا چىققانىكەن[①].

***ھېكمەت:***
***بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىك مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، سەن قانداق ئىش قىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر، بىردەملىك ھېسسىياتىڭلا ئەمەس، بەلكى كېيىنلىكنى ئويلا.***

## ئەقىل ۋە گۆھەر

ئۆتكەن زاماندا بىر پۇلدار كوچىدا بىر ئادەمنىڭ: «ئەقلىم بار، پۇلۇم يوق. پۇلۇم بولسا گۈل كەلتۈرەتتىم» دەپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. باي بۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ ـ دە، ئۇ ئادەمدىن ساڭا قانچە پۇل كېرەك؟ دەپ سوراپتۇ.

ــ ماڭا بەش يۈز تەڭگە لازىم، ــ دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. باي دەرھال ئۇنىڭغا بەش يۈز تەڭگە بېرىپتۇ. لېكىن باي ئۆز كۆڭلىدە تەئەججۇپلىنىپ، ئۇ ئادەمنىڭ پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىنى ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. خىزمەتكار ھېلىقى ئادەمنىڭ كەينىدىن بىلدۈرمەي بايقاپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئادەم بازارغا بېرىپ بەش يۈز تەڭگىنىڭ ھەممىسىگە قوناق شېخى سېتىۋېلىپ، شاخنى ئېشەك كىرا قىلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. قاش قارايغان چاغدا دېڭىز بويىغا يېتىپ كەپتۇ. قوناق شېخىنى تۆت يەرگە بۆلۈپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ، كۆل ھۆۋسىگە ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن باينىڭ خىزمەتكارى ھەيران بولغان ھالدا تېزلىك بىلەن بۇ يەردىن قايتىپ، ئەھۋالنى بايغا مەلۇم قىپتۇ. باي ئەمدى بەش يۈز تەڭگىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇم دەپ غەمگە چۆكۈپتۇ...

ئەسلىدە سۇ كالىلىرى كېچىسى دېڭىزدىن گۆھەرنى چىشلەپ چىقىپ، قەيەردە يېڭىز دۆك بولسا شۇ يەردە قويۇپ، گۆھەرنىڭ يورۇقىدا ئوتلاپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن يەنە گۆھەرنى چىشلەپ، دېڭىزغا كىرىپ كېتىدىكەن. ھېلىقى ئادەم بۇ سىرنى ئۇقۇۋالغانىكەن. ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان بۇ گۆھەرلەرنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلاپ، يوقىرىقى چارىنى تاپقانىكەن. شۇڭا، ئۇ بۇ كېچىنى غەنىيمەت بىلىپ،

① تەۋەككۇل تۇردى ئېيتىپ بەرگەن، مەرمەنسا تەۋەككۇل رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 ـ يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، مارىلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

سۇ كالىلىرى بۇ كېچىمۇ ئادىتى بويىچە دېڭىزدىن گۆھەرلەرنى چىشلەپ چىقىپ كۆل دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ. ئەپسۇسكى گۆھەرلەر كۆل دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. بۇرۇنقىدەك يورۇقلۇق بېرەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ سۇ كالىلىرى كېچىچە دېڭىزدىكى گۆھەرلەرنى بىر - بىرلەپ توشۇپ، كۆل دۆۋىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ ئوتلىيالماي، دېڭىزغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۆز مەقسىتىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدىن خۇشاللانغان بۇ ئادەم، تاڭ ئاتقاندا كۆل دۆۋىسى ئاستىدىكى گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، تاغارغا قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ ۋە بەش يۈز تەڭگە قەرز بەرگەن ھېلىقى باينى تېپىپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە دانە گۆھەر بېرىپ، ئۇنى تولۇق رازى قىپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ ئادەم كاتتا بايغا ئايلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «پۇل تاپقىچە ئەقىل تاپ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن①.

## ئەتىنىمۇ ئويلا

ئەتىيازنىڭ پاتقاق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر دېھقان ئۆكۈز قوشقان ھارۋىسىنى ھەيدەپ شەھەرگە كىرىپتۇ. دېھقان تار بىر كوچىغا كەلگەندە، ئالدىغا بىر سودىگەر ئۇچراپتۇ. بۇ سودىگەر دېھقاننى كولدۇرلىتىپ بىر مۇنچە سوئال سوراپتۇ، دېھقان سودىگەرنىڭ سوئالىغا بىرمۇبىر جاۋاب بېرىپتۇ. سودىگەر ئاخىرىدا دېھقاندىن:

— شەھەرگە نېمە ئۈچۈن كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەھەرگە نېمە دەپ كىرەتتىم، نېمە ئەرزان بولسا، شۇنى سېتىۋالاي دەپ كىردىم، — دەپتۇ دېھقان. تازا ئېپى كەلدى دەپ ئويلىغان سودىگەر خۇشاللىقىدىن:

— ئەمىسە، مەندە بىر ھارۋىسىنى بىر تەڭگىگە ساتىدىغان نەرسە بار، ئالامدىڭلا؟ دەپ سوراپتۇ.

— ماقۇل ئالاي، — دەپتۇ دېھقان. سودىگەر دېھقاننى ئۆيىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى پاتقاقنى كۆرسىتىپتۇ ۋە:

— مۇنۇ پاتقاقتىن بەش ھارۋا ئۇسۇۋېلىپ بەش تەڭگە بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ئەرزان سودىدىن چاتاق چىقىپ قالمىسۇن، بىر پارچە تىلخەت يېزىپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن، — دەپتۇ دېھقان. سودىگەر خۇشال بولۇپ تىلخەت يېزىپ بېرىپتۇ. دېھقان بەش تەڭگىنى بېرىپ پاتقاقتىن بىر ھارۋا ئۇسۇپ ئەكېتىپتۇ. پاتقاق كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەممە جاي باغۇ - بوستانلىققا ئايلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دېھقان ھارۋىسىنى

① ئابدۇغېنى ئېيتىپ بەرگەن، ئابدۇسەمەت خېلىل رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 - يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

ھەيدەپ سودىگەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ ۋە سودىگەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنى كولاپ، ھارۋىغا ئۇسۇغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا سودىگەر ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ھەي كالۋا سارالڭ، نېمىشقا ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن توپا ئۇسۇپ، تۈز يەرنى ئوڭغۇل - دوڭغۇل قىلىپ قويىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. دېھقان مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەتىيازدا پاتقاقنى سەھراغا ئەپچىقىپ كېتەلمىگەنىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ توپىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

— ھۆ كاززاپ، چاپسان يولۇڭغا ماڭ، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! — دەپتۇ سودىگەر ئاچچىقىدىن قولىنى شىلتىپ.

— ئوھۆي! كاززاپ قايسىمىزكىن، كىم كۆرگۈلۈكنى كۆرۈپ، كىمنىڭ چاۋىسى پۇتقا يېيىلاركىن، سودىگەر غوجام، — دەپتۇ دېھقانمۇ مەنسىتمەستىن كۈلۈپ قويۇپ.

سودىگەر خەلق ئالەم ئالدىدا نومۇسقا قېلىشتىن قورقۇپ، دېھقاننىڭ بەش تەڭگىسىنى بېرىپ ھەيدىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئەمما دېھقان ئۇنىماپتۇ، ئون تەڭگە بېرەي دەپتۇ، يىگىرمە تەڭگە بېرەي دەپتۇ، دېھقان يەنىلا ئۇنىماپتۇ. قوشنىلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ۋەسۋەسىگە چۈشكەن سودىگەر ئاخىر ئەللىك تەڭگە بېرىپ، دېھقاننى ئاران تەسلىكتە يولغا ساپتۇ. دېھقان كېتىپتۇ، سودىگەر ئەللىك تەڭگىنىڭ دەردىدە تامغا يۆلىنىپلا قاپتۇ①.

***ھېكمەت:***
***ئىشقا سەۋرچانلىق كېرەك. سەن بىر ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويسالڭ نەتىجە قازىنالمايسەن. ئېغىر - بېسىق بول. بۈگۈننىلا ئەمەس ئەتىنىمۇ ئويلا.***

## دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر

زامانلارنىڭ ئەۋۋىلىسىدە، لوپنۇر كۆلى بويىدا نامى چىققان شىر بەگ ئىسىملىك كۈمىنتايىن كۈچلۈك بىر پالۋان ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنى بارلىق ئادەملەرنىڭ كۈچتۈڭگۈرى ھېسابلايدىكەن ۋە «مەن ئۆلمەيمەن، ئەزرائىلغا بوزەك بولمايمەن» دەپ ماختىنىپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. شىر بەگنىڭ ياش - قۇرامىمۇ ئېشىپ بېرىۋېرىپتۇ، بىراق شىر بەگ ئۆلۈمنى ئېسىگىمۇ ئېلىپ قويماي نوچىلىق قىلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شىر بەگكە كېسەل تېگىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇنىڭ كېسىلى تازا ئېغىرلاشقان كۈنلەردە ئەزرائىل كېلىپ:

— ئەي شىر بەگ، مەن جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم، — دەپتىكەن، شىر بەگ ھەيران

① تۇخان مەمتىلى رەتلىگەن: «يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 - يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ:

ــ سەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن جېنىمنى ئالماقچىسەن؟ مەن دېگەن كۈچتۈڭگۈر پالۋان شىر بەگ بولىمەن، مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن، ــ دەپتۇ. ئەزرائىل:

ــ مەن ئەزرائىل بولىمەن، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن كەلدىم، رىزقىڭ تۈگىسە ئامانەتنى تاپشۇرغىن، ــ دەپتۇ.

ــ مەن تەييارلىقسىز تۇرسام، نېمىشقا بالدۇرراق خەۋەر قىلىپ قويمايسەن؟ ــ دەپتۇ شىر بەگ ئاچچىقلىنىپ، ئەزرائىل:

ــ مەن ئاللىقاچان ساڭا خەۋەر بەرگەن. ئېشەنمىسەڭ ئاڭلاپ تۇر: بىرىنچىدىن يۈزلىرىڭگە قورۇق چۈشۈپ، چاچ ـ ساقاللىرىڭ ئاقاردى؛ ئىككىنچىدىن، قول ـ پۇتلىرىڭدا ماغدۇر ئازايدى؛ ئۈچىنچىدىن، بېلىڭ يادەك ئېگىلدى، ھاسىغا چۈشتۈڭ؛ تۆتىنچىدىن، كۆزلىرىڭ تورلاشتى، ئۇششاق ـ چۈششەك كېسەل يېپىشتى؛ بەشىنچىدىن، ھالىڭ خارابلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىڭ. مانا بۇلاردىن ئەجىلىڭ توشۇپ، ئامانەتنى تاپشۇرىدىغان پەيتىڭ كەلگىنىنى سەزمىدىڭمۇ؟ ــ دەپتۇ.

شىر بەگ ئەزرائىلنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ، ئۆلۈمگە تەن بېرىپتۇ ۋە يالۋۇرۇپ:

ــ ئى ئەزرائىل، مەن «ئۆلمەيمەن» دەپ ئويلايتتىم، بىراق ھازىر ئۆلۈمگە تەن بەردىم. مەن ھازىر يالغۇز ۋە ئاجىز، سەل تەخىر قىلساڭ، تەرەت ئېلىپ كېپەنلىكىمنى تەييارلىۋالسام، ــ دەپتىكەن، ئەزرائىل شىر بەگنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا ئۇنىماي ھاياتسىز ئۇنىڭ جېنىنى ئاپتۇ.

شۇندىن ئېتىبارەن «بۇ دۇنيادا تۇرىلىپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي» دېگەن ماقال تارالغانىكەن①.

***ھېكمەت:***

***ھېچكىم بۇ دۇنياغا كەتمەسكە كەلگەن ئەمەس. بەربىر ئۆلۈم بىزگە يېپىشىدۇ. ھاياتلىقنىلا ئويلاپ كۆز يۇمۇشنى ئويلىمساڭ غەپلەتتە قالىسەن.***

## جانلىق نەرسىلەر دۈشمەنسىز ئۆتمەيدۇ

بۇرۇنقى زاماندا، كاتتا بىر باينىڭ بەك خۇش ئاۋازلىق بىر تورغىيى بار ئىكەن. بۇ تورغاي سايراپتۇ ـ سايراپتۇ... بايمۇ بەك داڭلاپتۇ. تورغاي بەك زېرىكىپ كېتىپ، قەپەسنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ، سايرىماس بولۇۋاپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن باي تورغاينى قەپەستىن ئېلىپ، قانىتىنى بوغۇشلاپ:

① ھەمراخان ئېيتىپ بەرگەن، مۇھەممەت توختى خاتىرىلىگەن: «لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1992 ـ يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

— سەن سايرىغىلى ئۇنۇمىدىڭ، ئەمدى مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككى سەر بولسىمۇ گۆشۈڭنى شورپا قىلىپ يەيمەن، — دەپتۇ. تورغاي دەرھال زۇۋانغا كىرىپ:

— ھەي باي، سەن مېنى ئۆلتۈرۈپ يېسەڭ، ئاران بىر قېتىم تويىسەن. لېكىن مېنىڭ قورسىقىمدا سېنىڭ بايلىقىڭدەك نەچچە ھەسسە بايلىققا بەرمەيدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزۈم بار، — دەپتۇ. باي شۇ ھامان:

— ئۇنداق بولسا ھېكمەتلىرىڭنى چاققانراق ئېيتقىن، — دەپتىكەن، تورغاي:

— ئى باي، بۇ ھېكمەتلىرىمنىڭ بىرىنچىسىنى قەپەستە تۇرۇپ ئېيتىمەن. ئىككىنچىسىنى ئۇستۇڭدە ئۇچۇپ يۈرۈپ بارىدىغان مەنزىلىمگە يەتكەندە ئېيتىمەن، — دەپتۇ. باي بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال تورغاينىڭ قانىتىنى يېشىپ قەپەسكە سولاپ:

— قېنى تورغاي، بىرىنچى ھېكمىتىڭنى سۆزلە، — دەپتۇ. تورغاي:

— ئى باي، دۇنيادىكى جانلىق نەرسىلەر دۇشمەنسىز ئۆتمەيدۇ. سەن شۇنى بىلگىنكى، ئادەمزات، ئۇچار قۇش، ھايۋاناتلار ئارىسىدىكى سېنىڭ دۇشمىنىڭ سېنى ئالداپ سۆزلىسە، سەن ھەرگىزمۇ دۇشمىنىڭنىڭ گېپىگە ئالدىنىپ قالما، — دەپتۇ. باي:

— بارىكاللا، ھەقىقەتەن ياخشى سۆز ئىكەن، — دەپ ماختاپتۇ. ئاندىن باي بىر ياخشى ئاتنى ئېگەرلەپ مىنىپ، تورغاينى قەپەستىن قويۇپ بېرىپ، تورغاينىڭ ئارقىسىدىن ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ مېڭىپتۇ. تورغاي بولسا بىردە پەس، بىردە ئېگىز ئۇچۇپ يۈرۈپ، پايانسىز كەتكەن جاڭگاللىققا كېتىۋېتىپ بايغا:

— ھەي نادان ئىنسان، مەن باياتىن قەپەستە تۇرۇپ نېمە دېدىم؟ سەن ماڭا ئالدىنىپ كەتتىڭ. ئەسلىدە سەن ماڭا ئالدانماي مېنى ئۆلتۈرسەڭ، ئىچىمدە ئىككى سەر گۆش ئەمەس، ئىككى سەر گۆھەر بار ئىدى، — دەپ بىرپايان چۆللۈكتە غايىب بولۇپتۇ. باي بولسا ۋايساپ ـ قاقشىغىنىچە تورغاينىڭ ئارقىسىدا قاراپ:

— ۋاي ئىست گۆھىرىم، — دەپ يىغلاپ، پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا ئىزلەپ كېتىپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***دۇنيادىكى جانلىق نەرسىلەر دۇشمەنسىز ئۆتمەيدۇ. سەن شۇنى بىلگىنكى، ئادەمزات، ئۇچار قۇش، ھايۋانلار ئارىسىدىكى سېنىڭ دۇشمىنىڭ سېنى ئالداپ سۆزلىسە، سەن ھەرگىزمۇ دۇشمىنىڭنىڭ گېپىگە ئالدىنىپ قالما.***

①ئۆمەر بۇلبۇلى تەمىنلىگەن: «ئاقسۇ خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 - يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

## قانائەت يارىشملىق لىباس

مەلۇم شەھەردە بىر ماھىر تامچى بولۇپ، كاتتا بايلاردىن ئىكەن. كونىلارنىڭ بىرىدە تامچى شۇنداق ئويلاپتۇ: «مال ـ دۇنيارىم كۆپ تۇرسا، شەھەردە يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن غېرىب ـ غۇرۋا، مىسكىن ـ كەمبەغەللەر تۇرغۇدەك بىر جاي يوق. مەن شەھەرنىڭ چېتىدىكى تاشلاندۇق يەرگە، خالىس بىر ساراي سېلىپ قويساي، كەلگەن ـ بارغانلار قونار.»

ئۇ شۇندىن كېيىن، سەرەمجانلىرى تولۇق، ئازادە بىر ساراي سېلىپ ئىشكلىرىنىڭ چالىسىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراش ئىشلەۋاتسا، بىر ساھىل بىر ئاتقا جىق نان ـ توقاچ، ئاشلىق، بېدە ـ قوناقچە يۈكلەپ، يەنە بىر ئاتقا يوغان خۇرجۇننى ئارتىپ، تامچى ئۇستامنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە يالغاندىن ئايەت ئوقۇغان بولۇپ:

ــ خۇدا يولىدا كىيىم ـ كېچەك، ئاش ـ نان تىلەيتتىم. پۇل ـ پۇچەكلىرىم تۈگەپ، ئۆزلىرىنى كۆرۈپ تىلەپ كەلدىم، ــ دەپتۇ. تامچى ئۇستام:

ــ ھازىر مەن بەك ئالدىراش ئىش قىلىۋاتىمەن، سەل تەخىر قىل، ــ دەپتۇ. ساھىل تامچىغا يېپىشىۋېلىپ، ئىشنى ئاقسىتىپتۇ ۋە:

ــ تەقسىر، ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا، پېقىر بىچارىلىرى جاپا تارتىپ قالارمەن. مۇشۇ سارايلىرىدا بىر ئاخشام قونۇپ قالسام، ــ دەپتۇ. تامچى ئۇستام جاۋاب بېرىپ:

سارايلىرىم كەڭرى ـ ئازادە بولغىنى بىلەن، بىقانائەت ئادەم ھەرگىز سىغمايدۇ، ــ دەپتۇ[①].

***ھېكمەت:***

***قانائەت شۇنداق بىر يارىشملىق لىباسكى، ئۇنى كىيگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھايات يولى مەڭگۈ ئوچۇق بولىدۇ.***

## بىراۋنى خىجىلچىلىقتا قويما

بۇرۇنقى زاماندا، دورىپۇرۇشلۇق قىلىدىغان بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىشى سودىدا ئادىل، خۇش پېئىل، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان مويسىپىت ئادەم ئىكەن.

بىر كۈنى بىر ئايال ئۇ كىشىدىن ئازراق دورا ئېلىپ، ھاۋانچىدا سوقۇپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىزدىن ئۈنلۈك يەل قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇ شۇنداق ھايالىق، ئەخلاقلىق ئايال بولغاچقا، دورىنىمۇ سوقالماي، يولىغىمۇ ماڭالماي خىجىلچىلىقتا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ

---

①ئۆمەر بۇلبۇل تەسىلىگەن: «ئاقسۇ خەلق چۆچەكلىرى»، 1989 – يىلدىكى نەشرىدىن ئېلىندى.

ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

بۇنى سەزگەن دورىپۇرۇش ئايالنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ تۇرغاندا، يەنە بىر كىشى دورا ئالماق بولۇپ كېلىپ، دورىنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. ھېلىقى ئايالنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ تۇرغان دورىپۇرۇش ئالغاندىن گاس بولۇۋېلىپ، ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

— نېمە؟! مېنىڭ قۇلىقىم ئېغىر، ئۇنلۇك گەپ قىلسىلا، — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ھېلىقى خېرىدار ئۆز سۆزىنى تېخىمۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا قايتا - قايتا تەكرارلاپتۇ.

دورىپۇرۇش خېرىدارنىڭ سۆزىنى ئىنتايىن تەستە ئاڭلىغان بولۇپ ئۇ كىشىگە دورا سېتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھېلىقى ئايال: «ھە، دورىپۇرۇش گاس ئىكەندە» دەپ قايتىدىن جانلىنىپ، ئۆزىنى يېنىك سېزىپتۇ - دە، يولىغا راۋان بوپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***بىراۋنى تەڭقىسلىقتا قويۇش ياخشى ئەمەس. سەن ئۇنىڭ تاسادىپىي سادىر قىلىپ قويغان سەۋەنلىكىنى بايقاپ قالغىنىڭدا، ئۇنىڭغا پەسەنت قىلما. شۇندىلا بىراۋنى روھىي ئازادىلىككە ئېرىشتۈرگەن بولىسەن.***

## سىزنى بىر تەپكەن شۇ كىشىگە رەھمەت

يولۋاس بىلەن ئېشەك چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. يولۋاس ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ بېقىپ ئازگالدىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئېشەكنى يەپ كۆڭلۈمنى ئەمىن تاپقۇزمايمەنمۇ دېگەن ئويدا ياۋۇز قىياپەتتە بىلەن: «دۆت ئېشەك! ھەممىنى قىلغان سەن، مەن سېنى قوغلايمەن دەپ مۇشۇ ئازگالغا چۈشۈپ قالدىم، سېنى يەپ تالقان قىلىپ چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام!» دەپ ئېشەككە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بىردەمدىلا ئېشەكنىڭ كاسىسىدىن قان تامچىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئېشەك «ۋايجان!» دەپ ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز بىلەن كۈچەپ بىرلا سەكرىگەن ئىكەن، ئۆزىنى ياپيېشىل چىملىق ئۈستىدە كۆرۈپتۇ.

شەرقتىكى بىر گۈزەل مەملىكەتتە، پادىشاھنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، ئىنكاھ يېشىغا توشۇپ قاپتۇ. بىراق، كۆڭۈلدىكىدەك بىرسىنى تاپالماي تولىمۇ تىت - تىت بوپتۇ.

ئاخىر مەلىكە ئۆزىنىڭ لايىق تاللاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئۇ كىشى چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت بويىچە باتۇر ياش بولۇشى كېرەك!» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇسابىقە بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىپتۇ. مۇسابىقە بەلگىلىمىسى بولسا، شەھەر سىرتىدىن يۈز مېتىر ئارىلىق بەلگىلەپ،

---

① ئابدۇشۈكۈر غوپۇر ئېيتىپ بەرگەن، ئابلىمىت ئىبراھىم خاتىرىلىگەن: «ئاقسۇ خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1989 - يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

ئەللىك مىتىرنى يۈگۈرۈپ تاماملاپ، قالغان ئەللىك مىتىرنى دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈشى ئىكەن. ئاخىرقى نۇقتىنى ئۈزۈپ چىققۇچى چېمپىيون ھېسابلىنىپ، «يەر - زېمىن»، «ئالتۇن - كۈمۈش» ياكى «پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇش» قاتارلىق ئۈچىنىڭ بىرىنى تاللىسا بولىدىكەن.

پادىشاھ بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈشى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئەركەكلەر جەڭگە چاپقان ئاتتەك ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. بىراق يۈگۈرۈپ دەريا بويىغا كەلگەندە، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ھەممىسىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. چۈنكى دەريادا نۇرغۇنلىغان تىمساھلار ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئۈزۈپ يۈرگۈدەك.

ئارىدىن بەش مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتسىمۇ سەكرەيدىغان بىرسىمۇ چىقماپتۇ ۋە پۈتۈن مەيداندا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ رايى يېنىپ تۇرغاندا، «پولتۇلڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر يىگىت دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ جېنىنىڭ بارىچە ئۈزۈپتۇ، پادىشاھ ھاياجانلانغان ھالدا: «غەيرەت قىل! غەيرەت قىل!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ھەم پۈتۈن مەيداندىكى كىشىلەر ئېغىزىنى ھاڭ ئېچىپ يىگىتنىڭ قەيسەرلىكىدىن ھۇزۇرلىنىپتۇ.

مۆجىزە ئاخىر يۈز بېرىپتۇ، يىگىت پۈتۈن بەدىنى قان بىلەن بويىلىپ، كىيىملىرى تىتىلىپ كېتىپتۇ. مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ.

يىگىتنىڭ باتۇرلۇقى ھەممىنى قايىل قىپتۇ، پادىشاھ ھاياجانلانغان ھالدا يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپتۇ.

پادىشاھ ئىززەت بىلەن: «ياش باتۇر، سەن ئۈچ مۇكاپاتنىڭ بىرسىنى تاللىۋالساڭ بولىدۇ، سوراپ باقاي، سەن يەر - زېمىن ئېلىشنى خالامسەن؟» دەپ سوراپتۇ. يىگىت باش چايقاپ ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

پادىشاھ يەنە: «ئۇنداقتا سەن ئالتۇن - كۈمۈش ئالامسەن؟» دەپ سوراپتۇ. يىگىت تېخىمۇ قاتتىقراق باش چايقاپ ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ كۈلۈپ: «ياش باتۇر، سەن قەتئىي ئىرادىلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يېتىپسەن، سەن چوقۇم ئۈچىنچىسىنى، يەنى ماڭا كۈيئوغۇل بولۇشنى تاللايسەنغۇ دەيمەن، ئۇنداقتا سەن يەر - زېمىن، ئالتۇن - كۈمۈشكە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قىز بىلەن توي قىلالايسەن، شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

دېمى سىقىلىپ تۇرغان يىگىت: «ياق!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پۈتۈن مەيداندىكى كىشىلەر ھەيران بولۇپ قاپتۇ. يىگىت ئارقىدىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: «باياتىن قايسى ئەبلەخ مېنى تېپىپ سۇغا چۈشۈرۈۋەتكەن؟!» دەپتۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بىر ئاز كۈلكىلىك بولۇپ، بىر دىنبىر «باتۇر» بولسا باشقىلار تەرىپىدىن تېپىپ سۇغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن. بۇ ئۇنىڭ غەزەپ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان، بىراق ئۇنىڭ بىر قەھرىمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. ھېكايىدىكى

بىلىقى «باتۇر» يىگىت ئەگەر راستلا پادىشاھىنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇنى تېپىپ سۇغا چۆشۈرۈۋەتكەن «ئەبلەخ» كە رەھمەت ئېيتىشى كېرەك. چۈنكى، جايىدا بېرىلگەن بىر تېپىك، ئۇنىڭغا پۇرسەت ۋە ئىرادە يارىتىپ بەردى.

***ھېكمەت:***
***پۇرسەت نەرە تارتىپ كەلمەيدۇ، بەلكى سۈكۈت ئىچىدە كېلىدۇ. مۇھىمى سىزنىڭ ئۇنى بايقىيالىشىڭىزدا.***

## باشقىلارغا يول قويۇشنىڭمۇ چېكى بار

بىر ئادەم بېلىق بېقىشنى ئويلاپ، بېلىق كۆلچىكى كولىماقچى بوپتۇ، بەزىلەر ئۇنىڭغا كۆلچەكنىڭ ئاستىغا خىش ياتقۇزۇش كېرەك، بۇنداق بولغاندا ھەم پاكىز تۇرىدۇ، ھەم سۇ تېجىگىلى بولىدۇ دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. يەنە بەزىلەر خىش ياتقۇزۇشقا بولمايدۇ، خىش ياتقۇزغاندا بېلىق تۇپراق بىلەن ئۇچرىشالماي، بېلىقنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىدۇ دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.
يەنە بەزىلەر...... دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بېلىق باققۇچى ئىككىلىنىپ ئۇنى قىلىسىمۇ بولمىغان، بۇنى قىلسىمۇ بولمىغان، كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەكلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئاخىر بېلىق باققۇچى بۇ ئىشنى تاشلاپ قويۇپ پىلانىدىن ۋاز كېچىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەر ئىشتا قول تىقىپ ئىشلەيدىغىنى يەنىلا سەن، شۇڭا ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ قارار قىل. شۇندىلا مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى ئاچالايسەن.***

## باشقىلار بىلەن تەڭ «بېيىش» تىن ئارتۇقچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەڭ

بىر كىشى تولىمۇ ئەقىللىق شاتۇتىدىن بىرنى بېقىپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئادەم سىرتقا چىقىپ قىمار ئويناپ خانىۋەيران بولۇپ، ھەتتا ئىشتىنىنىمۇ باشقىلارغا ئۇتتۇرۇۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاچچىق - ئاچچىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. شاتۇتى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «غوجايىن، روھلۇقراق بولۇڭ، سىز تېخى ياش، بۇنداق قىلىپ كېتىشىڭىز ھاجىتى يوق. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بىر ۋاق تاماق يەي، بىز بىرلىكتە تىرىشايلى!» دەپتۇ. بۇ ئادەم بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن روھى كۆتۈرۈلۈپ، بىر يىل جاپالىق ئىشلەپ شۇ يەردىكى كاتتا بايلاردىن بوپتۇ. شاتۇتى بولسا مېھمانخانىدىن ئورۇن ئېلىپ، ھازىرقى تۇرمۇشىدىن شۇنداق رازى بوپتۇ. شاتۇتى ئۆيگە مېھمان كەلسىلا ئۆزىنىڭ غوجايىنىغا قانداق ئىلھام بەرگەنلىكى، قانداق باي

بولغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىر كۈنى بىر ناتونۇش ئادەم ئۆيگە كەلگەندە غوجايىن شاتۇتنى بېرىپ تۇرۇپ: «چاپسان بول! ئۇنى قانچە يىراق يەرگە ئاپىرىپ سېتىۋەتسەڭ شۇنچە ياخشى، مېنىڭ ئۇنى قايتا كۆرگۈم يوق!» دېپتۇ.

***ھېكمەت:***

***باشقىلارغا ياردەم بېرىپ ئۆزىمىزنى قالتىس چاغلىماسلىقىمىز، تۆھپە مېنىڭ دەپ شاتۇتقا ئوخشاش ئەھۋالغا قالماسلىقىمىز كېرەك. «ھېلىگەر توشقان ئىنتقا يەم بوپتۇ» دېگەندەك، ھەرقانداق غوجايىن بولغۇچى سىز بىلەن جاپانى تەڭ تارتسا تارتىدۇكى، ھەرگىزمۇ سىز بىلەن تەڭ بېيىشنى خالىمايدۇ.***

## ئالدىراپ كۆڭۈل سىرىڭىزنى ئاشكارىلىماڭ

بىر ئۆردەك بىلەن يىلان قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆردەك يىلانغا تولىمۇ قىزغىن بولۇپ، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشناڭ ئەلا» دەپ بىلىپ، قوشنىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدىكەن. بىرەر ئىشى چىقىپ قالسا ئۆزى ياردەملىشىپ بېرىدىكەن. يىلانمۇ ئۆردەككە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ «چوڭ ئاچا» دېگەن تاتلىق گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۆردەك ئانا بولۇپ، ئالتە ئۆردەك بالىلىرى ئۇۋىسىدا ئۇيىقتىن - بۇيىقىغا يۈگۈرۈپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىكەن. ئۇلار ئەتراپىدىكى ئاشلىقنى يەپ بولاي دەپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆردەك ئانا يىراق جايغا بېرىپ بالىلىرىغا ئاشلىق تېپىپ كېلىشنى ئويلاپتۇ. بىراق، بالىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ ئىككىلىنىپ تۇرغان ۋاقىتتا، يىلان يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆردەك بالىلىرىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆزى تەلەپ قىلىپتۇ. يىلان ئۆردەك ئانىغا: «(چوڭ ئاچا) سىز ئاشلىق ئاپقىلى مېڭىۋېرىڭ! مەن سىزگە ياردەملىشىپ بالىلىرىڭىزغا قاراپ قويىمەن! قاراڭ ئۇلار نېمىدېگەن ئوماق، مەن تاغىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن چوقۇم ياخشى خەۋەر ئالىمەن!» دەپتۇ. ئۆردەك ئانا يىلاننىڭ گېپىگە ئىشىنىپ خاتىرجەم هالدا كېتىپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى ئۆردەك ئانا قايتىپ كەلگەندە، ئۇۋىسى قۇپقۇرۇق تۇرغۇدەك. ئۆردەك ئانا ئاشلىقنى تاشلاپ قويۇپ قوشنىسى يىلاننى ئىزدەپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا يىلاننىڭ كارىۋاتتا قورسىقىنى دومبايتىپ سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى، ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدا ئۆردەك بالىلىرىنىڭ پەيلىرى چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۆردەك ئانا غەزەپلەنگەنلىكىدىن يىغلاپ تىللاشقا باشلاپتۇ. يىلان ھېچ ئىش بولمىغاندەك قورسىقىنى دومبايتىپ تۇرۇپ: «چوڭ ئاچا، بولدى يىغلىماڭ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام سىز قاچان بىر ئۇۋا بالا تۇغۇسىز، شۇنداق تەملىك ئىكەن!» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***خاتالىق كۆپىنچە ھاللاردا بىخەستەلىكىمىزدىن يۈز بېرىدۇ، بىزنىڭ ھوشيارلىقىمىزنىڭ ئۆسۈشى خاتالىقىمىزنىڭ كۆپىيىش قەدىمىگە قۇرۇلغان***

*مۇستەھكەم تۇساق.*

## ئىنسان تەبىئىتىدىكى پاجىئەنىڭ يەنە بىر تەرىپى

ئالياسكىنىڭ ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئېسكىموس مىللىتى بېلىقچىلار كەنتىدىكى بىر يىگىت بىر تال لەھەڭ بېلىقىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ باشقا بىر كەنتكە ياتلىق بولۇپ كەتكەن ئاچىسىنىڭ سىرىقتال تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىر ۋاق تاماقنى بىللە يېيىش ئۈچۈن ئايالىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. دەل شۇ كۈنى ئاچىسىمۇ بىر نەچچە تال تىرىكا بېلىقى تۇتۇۋېلىپ تاماق ئېتىپ يەپ ئولتۇرۇپ، يىراقتىن ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئىنىسىنىڭ قاشلىق سوراپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ تەخسىدىكى بېلىقنى پۈتۈنلا يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن، خۇشال - خۇرام ھالدا مېڭىپتۇ، بىراق يېرىم يولغا كەلگەندە، بوغۇزىدىكى بېلىق قىلتىرىقىنى يۇتۇۋېتەلمەي ئاخىر ئۆلۈپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***خاراكتېرىمىزدە ئۇرغۇنلىغان كەمچىلىك بولۇپ، شەخسىيەتچىلىك كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدىغان بىر پاجىئەلىك تەرەپ، شەخسىيەتچى ئادەم قانداق ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر ئۆزىنى ئويلاپ، باشقىلار بىلەن قىلچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىشى تولىمۇ تەس.***

## دوستقا تايانغاندا ئەڭ ياخشىسى ئىشەنچلىك دوستقا تايىنىڭ

يېپىسىۋېلەك بىلەن قىڭراق دوست بوپتۇ، قىڭراق يېپىسىۋېلەككە: «دوستۇم ئۈچۈن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ چۆشۈشكە رازىمەن. سەن خاتىرجەم بول، كىم سېنى بوزەك قىلىشقا پېتىنىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جېنىمنى تىكىمەن!» دەپتۇ. يېپىسىۋېلەك ئۆزىنىڭ ياخشى دوست تاپقىنىدىن ئىنتايىن خۇشاللىق ھېس قىپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يېپىسىۋېلەك باشقىلار تەرىپىدىن تاختاي ئۈستىگە قويۇلۇپ، قىڭراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇغرىلماقچى بوپتۇ. يېپىسىۋېلەك قىڭراققا: «ئۇنداق قىلمىغىن! سەن نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن؟» دەپتۇ. قىڭراق بولسا: «مەن سەن ئۈچۈن ئوتقىمۇ كىرىشكە رازى بولغان يەردە، سەنمۇ مەن ئۈچۈن قۇربان بېرىپ باقمامسەن!» دەپ يېپىسىۋېلەكنى

www.uyghurkitap.com

توغراشقا باشلاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىزدە «سىرتقا چىققاندا دوستقا تايىنىش» دېگەن گەپ بار. ئەمما ھەرقانداق دوستقا خاتىرجەم ھالدا «تايىنىش» قا بولمايدۇ، دوست تاللىغان ۋاقىتتا ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. سىز توغرا تاللىيالىسىڭىزلا ئىشەنچىسىز دوستقا تايىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز.***

## ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئەڭ ياخشى ياردەم

بىر قاغا ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان گۆش يېيەلمەپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم يايلاقلاردىكى قويلارنى كۆرگەن ۋاقتىدا ئامالسىزلىقتىن شۆلگىيىنى يۇتۇپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ بىر تاغ چوققىسىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر بۆرىنىڭ يايلاقتا بىر نەرسىنى ماراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۆرىنىڭمۇ قورسىقىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. قاغا كۆزىنى بىرلا ئويناتىپ بىر ھىيلە - مىكىر ئويلاپ چىقىپتۇ. ئۇ قويلار ئوتلاۋاتقان يايلاققا كېلىپ، بىر قانچە تال قوي مايىقىنى چىشلەپ ھەر بىر تال ماياقنى ئارىلىق قالدۇرۇپ بۆرە تۇرغان جايغىچە تاشلاپ ئۇچۇپتۇ. بۆرە شۇ ھامان قوي مايىقىنى بويلاپ مېڭىپ ئوتلاۋاتقان قويلارنى تېپىۋېلىپ، بىر قوينى تۇتۇۋېلىپ خۇشال - خۇرام ھالدا يېيىشكە باشلاپتۇ. بۆرە يەپ تويغاندا، قاغا ئۇچۇپ كېلىپ ئاخىر قوي گۆشىدىن تويغۇچە يەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ، ئەمما بۇنىڭ نومۇس قىلغۇدەك نېمىسى بار. شەخسىيەتچىلىك ھەرقانداق ئادەمدە بولىدۇ، ئۆزىمىزنى ئويلاش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالماي، ھەتتا باشقىلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كەلسەك، بۇ بىر ياخشى ئىش ئەلۋەتتە.***

## ھەر كىم ئۆز غېمىنى ئويلايدۇ

قارا قوي قىزغىنلىق بىلەن ئاق قويغا: «بۇنىڭدىن كېيىن بىز قېرىنداشلاردىن بولىمىز، تۇرمۇشىڭدىن خاتىرجەم بول، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ھالىڭدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن!» دەپتۇ. ئاق قوي ئۆزىنىڭ تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى ۋە بىر ياخشى قېرىنداشقا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلىپ خۇشال بوپتۇ. قارا قوي دائىم ئاق قويغا: «سەن غەيرەتلىك بول، كۆپ يەپ، كۆپ ئۇخلاپ بەرسەڭ سالامەتلىكىڭ تېزلا ئەسلىگە

كېلىدۇ، شۇنداق قىلساڭ ئىگىمىز سېنى ياقتۇرىدۇ» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ئاق قوي قارا قويىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ھەر كۈنى قورسىقى تويسىلا ئۇخلاپ، ئويغانغاندىن كېيىن يەنە بىر نەرسە يەپ، ناھايىتى تېزلا ئاپئاق تۇكلىرىدىن ماي تامچىتىپ تۇرغاندەك سەمرىپ كېتىپتۇ. ھېيت كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاندا، دېھقان قويىدىن بىرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، قارا قويغا قارىسا ھەم ئورۇق ھەم كىچىك كۆرۈنۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاق قوي قاسساپنىڭ پىچىقىغا ئاپىرىلىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. كالىلىسى كېسىلىشكە باشلاپ قانلار چىقىۋاتقاندىلا ئاندىن ئۇ قارا قويىنىڭ ئۇنىڭغا كۆپىرەك يېيىش تۈغرىسىدىكى نەسىھەتى بولسا ئۆزىنى قوغداش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەرقانداق ئادەمنىڭ شەخسىيەتچى تەربىيى بولىدۇ، كىشىلەر ئىش قىلىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدۇ. ئەگەر بىرسى دائىم سىزنىڭ غېمىڭىزنى يېسە، ئۇنداقتا، سىز شۇ كىشىدىن ئېھتىيات قىلىشىڭىز بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپ سىز ئۇچۇن ئورەك كولاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن!***

## «چىرايىدا كۈلكە ـ چاقچاق، قويىندا پالتا پىچاق» كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەڭ

چۈشۈن يوپۇرماق ئۈستىدە سەگىدەپ ئولتۇرسا، ياچىۋەك ئۇنىڭغا قاراپ ئۈمىلەپ كەپتۇ. چۈشۈن ھوشيارلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ: «توختا، سەن نېمە ئىش قىلماقچى؟» دەپتۇ. ياچىۋەك: «خې، خې» قىلىپ بىزەڭلىك بىلەن كۈلۈپ: «چۈشۈن ئىنىلىم، نېمە ئۇنداق جىددىيلىشىسەن، مەن ساڭا ھەمراھ بولۇپ پاراڭلاشقىلى كەلدىم! قارا سېنى، كىشىلەر ھەر كۈنى قوغلاپ، ئۇرۇپ يۇرسە، ھەقىقەتەن ئادالەتسىزلىك ئۇمەسمۇ! سەن ھېچكىمگە چېقىلمىغان تۇرساڭ!» دەپتۇ. بۇ گەپ ئۇدۇللا بېرىپ چۈشۈننىڭ كۆڭلىگە تېگىپتۇ. ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ بارغانسېرى چىقىشىپ قاپتۇ، چۈشۈن بولسا ياچىۋەكنى سەمىمىي ھېس قىپتۇ. ئۇ ياچىۋەكنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراي دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز قورسىقىغا سوغۇق بىر نەرسىنىڭ ئۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياچىۋەك نەشتىرى بىلەن چۈشۈننى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يۇت تېپىشلار، چىرايلىق تونغا ئورۇنۇۋېلىشلار سىزنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. پەقەت سەگەك بولسىڭىزلا خەتەردىن ساقلىنىپ قالالايسىز.***

# ياخشى كۆڭۈلگە ياخشى نىيەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك

بىر قېرى تۈلكە ئۆلۈش ئالدىدا تەڭرىنىڭ ئۆز گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشنى دوزاختا كىرمەسلىكىنى ئۈمىد قىپتۇ. قوي ئىلاھى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تۈلكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تۈلكە ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىش قارارىغا كەپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە: «بىر جاننى قۇتقۇزۇۋېلىش بىر ياخشى ئىش!» دەپ ئويلاپتۇ. تۈلكە شۇنىڭ بىلەن ئەتكەن - پۈتكەن گۇناھلىرىنى ئېيتىشقا باشلاپ، قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ، قوي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «تەڭرى سېنى كەچۈرىدۇ!» دەپتۇ ۋە تۈلكىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان تۈلكە پۇشايمان قىلغان ھالدا: «قوي ئەگەردە مېنىڭ ئىشلىرىمنى سىرتقا يېيىۋەتسە، كۆپچىلىك ماڭا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ئوغلىنى، قوينى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ.

***ھېكمەت:***
***باشقىلارغا ھامان گۇمان نەزىرى بىلەن قاراۋەرسەڭ، ئاخىرىدا ئۆزۈڭگىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىسەن.***

# باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلغۇچى ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ

كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بەختكە قارشى ئىش ئورنىدىن قاپتۇ. بىراق دوستلىرى، يېقىن تۇغقانلىرى شۇنىڭدەك تام قوشنىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا كىچىك شەھەردىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان سودا كوچىسى بويىدا يەل قازان شورپىسى ئاشخانىسى ئېچىپتۇ.

يېڭىدىن ئېچىلغان يەل قازان ئاشخانىسىنىڭ تىجارىتى سۇس بولۇپ، دوست - يارەن ۋە تام قوشنىلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا تايىنىپ ئۆزىنى قامداپتۇ. ئۈچ ئاي ئۆتمەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئادىل باھادا ھەق ئېلىپ، نۇرغۇن «قايتا كېلىدىغان چۆپقەت» لەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. يەل قازان شورپا ئاشخانىسىنىڭ تىجارىتى كۈندىن - كۈنگە راۋاج تېپىپتۇ.

ھەر قېتىم تاماق يەيدىغان ۋاقىتتا دېگۈدەك، كىچىك شەھەردە تىلەمچىلىك قىلىدىغان 7 ~ 8 نەپەر قەلەندەر توپلىشىپ ئۆلارنىڭ يەل قازان شورپا ئاشخانىسىغا كېلىپ تىلەيدىكەن.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بۇ قەلەندەرلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە

قىلىدىكەن، ھېچقاچان ئۇلارنى دۇشكەللىمەيدىكەن، باشقا ئاشخانا غوجايىنلىرى بۇ قەلەندەرلەرنى ئۇرۇپ ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئىنتايىن يىرگەنگەن ئىپادىدە بولىدىكەن. ھالبۇكى، بۇ ئەر ـ خوتۇن ھەر قېتىم خۇشخۇيلۇق بىلەن پاسكىنا، ئادەمنى يىرگەندۇرىدىغان قەلەندەرلەرگە قاچىغا تولدۇرۇپ ئىسسىق تاماق، قورۇما بېرىدىكەن. كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۇرىدىغىنى شۇكى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن قەلەندەرلەرگە بەرگەن تاماق، قورۇملار خېرىدارلار يەپ بولالمىغان ئاشقان تاماق، قورۇملار بولماستىن، بەلكى يېڭى تاماق، قورۇملار ئىكەن. ئۇلار قەلەندەرلەرگە تاماق بەرگەندە، ئىپادىسى ۋە روھىي ھالىتى ناھايىتى تەبىئىي بولۇپ، قىلچىمۇ سۇنئىيلىك يوق ئىكەن. گويا ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتەك ئىكەن. خۇددى بۇددىستلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدە ئېيتىلغاندەك، بۇلار بىر جۈپ كۆڭلى سۇدەك ئاق ئەر ـ خوتۇن» ئىكەن.

كۈنلەر مۇشۇنداق بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە يېقىن ئەتراپتىكى كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىغا تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ، ئوت ناھايىتى تېزلىكتە يەل قازان شورپىسى ئاشخانىسىغا قاراپ كېڭىيىپتۇ.

بۇ كۈنى ئېرى سىرتقا مال ئالغىلى كەتكەن بولۇپ، ئاشخانىدا پەقەت ئايال غوجايىن قېپقالغانىكەن. كۈچ ـ ماغدۇرى يوق، ياردەمچىسىز قالغان ئايال غوجايىن مىڭبىر جاپادا بارلىقتا كەلتۈرگەن يەل قازان شورپىسى ئاشخانىسىنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان كۈچلۈك ئوتنىڭ يالماپ يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تازا تىتىلداپ بولالماي تۇرغاندا، دائىم ئۇلارنىڭكىگە كېلىپ تاماق تىلەپ يەيدىغان قەلەندەرلەر نەلەردىندۇر پەيدا بولۇپ، قېرى قەلەندەرنىڭ باشلامچىلىقىدا، ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىگە قارىماي ناھايىتى ئېغىر سۇيۇلدۇرۇلغان گاز تۇڭىنى تېزلىكتە بىخەتەر جايغا يۆتكەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ھازىرلا ئوتنىڭ قورشاۋىدا قالىدىغان ئاشخانىنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ، ئاسان كۆيىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپتۇ. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى تېزلا يېتىپ كەپتۇ. يەل قازان شورپىسى ئاشخانىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ۋاقتىدا بولغانلىقتىن، ئازراق زىيان كۆرۈلگەن بولۇپ، ئاخىرىدا ئۇنى ساقلاپ قاپتۇ. يىراق ئەتراپىدىكى دۇكانلار ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ھاللىرى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىشىلەر دائىم نامرات كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماي، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم بېرىدىغان ئىشنى قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار بەزى ۋاقىتلاردا ئاجىزلارغا ياردەم بېرىپ ئازراق ئىش قىلىپ قويسا، ئۇلار ناھايىتى چوڭ ياخشىلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.***

## باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك سىزنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ

بىر ئادەم باش ـ كۆزى قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئېتىزدا ئىشلەۋاتقاندا، كۈچلۈك قۇياش نۇرىنىڭ تەپتىدىن ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ. بىر ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا: «كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟ مەن ئۆمۈرۋايەت ئۇنداق جاپالىق كۈن كەچۈرسەم بولمايدۇ. بۇ ئادىللىق ئەمەس!» دەپتۇ. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن كىيىم ـ كېچەكلىرى يىرتىق، بىر قېرى مومايىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. «يىگىت، ياردەم قىلغۇدەك قانداق ئىش بار؟» دەپتۇ. بۇ ئادەم مومايغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ مەنسىتمىگەن ھالدا: «نېرى كەت! مېنى ئاۋارە قىلما! سەن قانداقمۇ ماڭا ياردەم قىلالايسەن؟» دەپتۇ. موماي كېتىپ قاپتۇ. بىر كىچىك قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇ ئادەمنى «ئەخمەق، سەن بەخت ئىلاھىنى كەتكۈزۈۋەتتىڭ، سەن ئۇنىڭ بىللە بولساڭ ئالتۇندەك بىرەر نەرسىنى تېپىۋالغان بولاتتىڭ. بىراق سەن ئۇنى ھەيدىۋەتتىڭ» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك سىزنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ.***

## قانائەتلىك كىشىلەر دائىم خۇشال يۈرىدۇ

بىر دېھقان بىر پارچە يەر سېتىۋالماقچى بولۇپ، مەلۇم جايدىكى بىر ئېلەنىنىڭ يېرىنى ساتماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ جايغا بېرىپ، كىشىلەردىن يەرنىڭ باھاسىنى ئۇقۇشۇپتۇ.

شۇ يەرلىك كىشىلەر: «2000 تەڭگە تاپشۇرسىڭىزلا، سىزگە بىر كۈنلۈك ۋاقىت بېرىمىز، قۇياش چىققان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇيۇق سىزىقىدىن ئۆلتۈرۈپ كەتكەنگە قەدەر قەدىمىڭىز بىلەن قانچىلىك يەرنى ئايلىنىپ چىقالىسىڭىز، مۇشۇ يەرنىڭ ھەممىسى سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. بىراق قۇياش ئۇيۇق سىزىقىدىن ئۆلتۈرۈپ كېتىشتىن بۇرۇن يەنە مۇشۇ جايغا قايتىپ كېلەلمىسىڭىز، بۇ يەرنىڭ بىر غېرىچىغىمۇ ئىگە بولالمايسىز» دەپتۇ.

دېھقان كۆڭلىدە «مەن ئازراق جاپا تارتىپ، كۆپرەك يول ماڭسام، تېخىمۇ چوڭ يەرنى ئايلىنىپ چىقالايمەن، بۇ تىجارەت ئىنتايىن ئېپىدە بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ، شۇ يەرلىك كىشىلەر بىلەن توختام ئىمزالاپتۇ.

ئۇ تاڭ ئەمدى سۈزۈلۈشى بىلەن چوڭ ـ چوڭ چامداپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. چۈش بولغاندا ئۇ تاماقمۇ يېيەلمەپتۇ. ئۇ قايرىلىپ قاراپ ئۆزى يولغا چىققان جايىنى

كۆرەلمەپتۇ. لېكىن ئۇ توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ، كۆڭلىدە بولسا «يەنە ئازراق چىدىسام كېيىن جىقراق نەپ ئالىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ يەنە خېلى يىراققا بېرىپتۇ. قارىسا قۇياش ئولتۇراي دەپ قالغانىكەن. ئۇ كۆڭلىدە ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى قۇياش تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى يولغا چىققان جايغا قايتىپ بارالمىسا، بۇ يەرلەر ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولماي قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەينىگە قايتىپتۇ. بىراق قۇياش ناھايىتى تېزلا ئۇپۇق سىزىقىدىن ئولتۇرۇپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇ پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ يولغا چىققان جايغا ئىككى قەدەملا قالغانىكەن. ئۇ يىقىلغان ۋاقىتتا ئىككى قولى يولغا چىققان جايدىكى سىزىققا تېگىپتۇ. ئاشۇ بىر پارچە يەر ئۇنىڭغا مەنسۇپ بوپتۇ. بىراق ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئۇ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئارزۇ - ئىستەكنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ دەل ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ زور يېتەرسىزلىكى بولۇپ، قانائەت تاپمايدىغان كىشىلەرنىڭ پۇلى قانچە كۆپ بولسىمۇ، مەنسىپى قانچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئۇلار بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ.***

## باقى بولمىغان مال - دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇپ كەتمەڭ

بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئىسمى كانان ئىكەن. ئۇ بايلىق توپلاشقا ئامراق بولۇپ، بايلىقىنى ئۇ دۇنياغا بىللە ئېلىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. كۆڭلىدە: «مەن دۆلەتتىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىۋالىمەن، بىرتىكىلەرگە ئازراقمۇ قالدۇرۇپ قويماسلىقىم كېرەك» دەپ ئويلايدىكەن.

ئۇ بايلىققا ھېرىسمەن بولغانلىقتىن ھەتتا ئۆزىنىڭ قىزىنى پاھىشىخانىغا ئەۋەتىۋەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىكى دېدەكلىرىگە: «ئەگەر بىرەرسى ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر ئېلىپ كېلىپ، مېنىڭ قىزىمغا تەلەپ قويۇپ قالسا، شۇ ئادەم بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەرلەرنى بىللە مېنىڭ قېشىمغا ئەپكېلىڭلار» دەپ تاپىلايدىكەن. مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئۆز خەزىنىسىگە يىغىپتۇ.

بىر تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ قاملاشقان، چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بىراق ئۇنىڭ ئائىلىسىدە پۇل، بايلىق يوق بولغاچقا، پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن تونۇشۇشقا ئامال قىلالماپتۇ. ئۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئاغرىپ قېلىپ تېنى ئاجىزلاپ جېنى ئازلا قاپتۇ.

ئانىسى ئۇنىڭدىن: «قانداق كېسەل بولۇپ قالغانسەن؟ قانداق بولۇپ ئاغرىپ، مۇشۇ

ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ.

ئوغلى ئەھۋالىنى ئانىسىغا ئېيتىپ: «مەن پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن تونۇشۇۋالىسام، چوقۇم ئۆلۈپ كېتىمەن» دەپتۇ.

ئانىسى ئوغلىغا: «بىراق دۆلەتتە ئالتۇن ـ كۈمۈش، قىممەت باھالىق نەرسىلەر يوق، نەگە بېرىپ قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى تاپارمىز؟» دەپتۇ.

ئانىسى يەنە ئازراق ئويلاپ بېقىپ: «سېنىڭ ئاتاڭ ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقتىدا ئاغزىدا تىللا چىشى بار ئىدى، سەن ئەگەر گۆرنى كولاپ ئاشۇ تىللاغا ئىگە بولالىساڭ، ئوغلۇم شۇ تىللانى خەجلەپ، پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن تونۇشۇۋال» دەپتۇ.

ئوغلى ئانىسىنىڭ گېپى بويىچە، ئاتىسىنىڭ گۆرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى تىللانى ئاپتۇ. ئۇ پۇلنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ قىزى ئۇنى تىللا بىلەن قوشۇپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى ئەۋەتىپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ: «دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ خەزىنەمدە ئىدى، سەن بۇ تىللانى نەدىن تاپتىڭ؟ سەن چوقۇم يەر ئاستى خەزىنىسىنى تېپىۋالغان ئوخشايسەن!» دەپتۇ. پادىشاھ خىلمۇخىل جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، تۆل خوتۇننىڭ ئوغلىنى قىيناپ، ئۇ پۇلنى تېپىۋالغان جاينى ئېنىق سوراپ بىلىۋالماقچى بوپتۇ.

تۆل خوتۇننىڭ ئوغلى پادىشاھقا: «مەن راستلا يەر ئاستىدىكى خەزىنىدىن بۇ تىللانى ئالغىنىم يوق، ئانام ماڭا ئاتام ئۆلگەندە ئاغزىدا بار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى، مەن گۆرنى ئېچىپ، مۇشۇ تىللاغا ئېرىشتىم» دەپتۇ.

پادىشاھ راست ـ يالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. دېگەندەك بۇ ئادەمنىڭ ئاتىسىنىڭ يۇلۇنغان چىش ئورنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىشىنىپتۇ. پادىشاھ چاپارمەنلىرىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە خۇپىيانە ھالدا «مەن ئىلگىرى بارلىق بايلىقنى توپلاپ، مۇشۇ بايلىقنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتمەكچى ئىدىم، بىراق ئاۋۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا بىر تال تىللانى ئېلىپ كېتەلمەپتۇ، مەن بۇنچە كۆپ بايلىقنى قانداقمۇ ئېلىپ كېتەلەيمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مال ـ دۇنياغا ھېرىس كۆڭۈل ئاپەتكە ھەمراھتۇر.***

## نەپسى قانچە كىچىك بولسا، تۇرمۇش شۇنچە بەختلىك بولىدۇ

بىر قېرى تۆمۈرچى بىلەن بىر باي قوشنا ئولتۇرىدىكەن. باي ھەر كۈنى قانداق قىلىپ ئۆز بايلىقىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، دائىم ئۇيقۇسى كەلمەيدىكەن. ئۇ بىر كۈنى كېچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقاندا، تۇساتتىن ئارا تامدىن قېرى تۆمۈرچىنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئەجەبلىنىپ، بۇ ئادەم

ناھايىتى كەمبەغەل تۇرۇپ يەنە نېمىشقا بۇنچىۋالا خۇشال يۈرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرى تۆمۈرچىدىن خۇشاللىقىنىڭ سىرىنى سوراپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. قېرى تۆمۈرچى: «مەن ھەر كۈنى يەيدىغان تاماقىم، قىلىدىغانغا ئىشىم بولسىلا، ناھايىتى خۇشال بولىمەن، مېنىڭ پۇلۇم يوق، مەن ئەزەلدىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە قايغۇرۇپ باقمىغانمەن» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئادەمنىڭ نەپسى قانچە يوغان بولسا، ئۇنىڭغا كېلىدىغان چەكلىمە شۇنچە زور بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ نەپسى قانچە كىچىك بولسا، ئۇ شۇنچە ئەركىن، شۇنچە بەختلىك بولىدۇ.***

## ئەڭ مۇھىمى — ئۆزىمىز

بىر مايمۇن دەرەخنىڭ ئاستىدا تۇرغان نەپىس بىر ياغاچ قۇتىنى بايقاپ قاپتۇ. ياغاچ قۇتا ئۇزۇن تۆمۈر زەنجىر بىلەن بىر چوڭ دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان ئىكەن. ئۇ ياغاچ قۇتىنى ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا چۆرۈپ، تۇيۇقسىز قۇتىنىڭ ئىچىدىكى بىر تال ئالمىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قولىنى قۇتىنىڭ يۇمىلاق تۆشۈكىگە تىقىپ كىرگۈزۈپ، ئالمىنى تۇتۇشى بىلەنلا، قەپەس ۋە پىچاق كۆتۈرۈۋالغان بىر ئوۋچى يېتىپ كەپتۇ. مايمۇن دەرھال ئالمىنى ئېلىپلا قېچىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. بىراق تۆشۈك بەك كىچىك ئىكەن، ئالمىنى تارتىپ چىقىرالماپتۇ. ئوۋچى يېقىنلاپ قاپتۇ. مايمۇن ئالدىرىغىنىچە چىرقىراپتۇ. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇ چىرايلىق ئالمىدىن ۋاز كەچكۈسى يوق ئىكەن. شۇڭا، جېنىنىڭ بارىچە ئالمىنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مايمۇن ناھايىتى ئاسانلا قەپەسكە سولىنىپ، ئېلىپ كېتىلىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***پۇل ۋە مەنپەئەت بەرىبىر باقى ئەمەس نەرسىلەر بولۇپ، گەرچە مۇھىم بولسىمۇ، بىراق ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇنىڭدىن بەك مۇھىم. باقى ئەمەس نەرسىلەر بولغان پۇل ـ مەنپەئەتنى قوغلىشىپ، ئۆز ھاياتىغا تەسىر يەتكۈزۈش، ئۇنىڭغا زىيان سېلىش، ھەتتا نابۇت قىلىش — تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالغانلىقتۇر.***

## «داغدام يول»دا باشقىلار بىلەن قىستىلىشىپ مېڭىشنىڭ نېمە ھاجىتى

ئانا بېلىق بىر توپ بېلىقچانلارنى ئەگەشتۈرۈپ بىر دەريادىن يەنە بىر كۆلگە قاراپ ئۈزۈپتۇ. چۈنكى قىش پەسلى بولغاچقا، ئۇ يەردە ناھايىتى كۆپ يېمەكلىكلەر بار ئىكەن. ئۈزۈپ ئاچا يول ئېغىزىغا كەلگەندە ئانا بېلىق بېلىقچانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «خاتا ئۈزۈپ

ماڭماڭلار، سول تەرەپتىكى يول كۆلگە تۇتۇشىدۇ، ئوڭ تەرەپتىكى يول بىر كىچىك كۆلچەككە تۇتۇشىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردە ناھايىتى ئاز نەرسىلەرنى يىگىلى بولىدۇ» دەپتۇ. ئۇلار كۆلگە يېتىپ بارغاندا، كۆلنىڭ مىچىدە ھەرقايسى دەريالاردىن كەلگەن بېلىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى، كۆپچىلىكىنىڭ بىر تال سۇ بۇرگۈسى، بىر پارچە سۇ ئوتى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بېلىجانلار ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. ئىككىنچى يىلى ئانا بېلىق ئۇلارنى كۆلگە ئېلىپ ماڭغاندا، ئىككى تال بېلىجان قوشۇندىن ئايرىلىپ ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن كۆلچەككە قاراپ ئۈزۈپتۇ. ئاھ خۇدا! ئۇلار نېمىلەرنى كۆرگەندۇ؟ كۆلچەكنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە تال ھۆرۈن بېلىجانلار ۋە ئېسىل ئوزۇقلۇقلار ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغانىكەن.

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇشتا بىز ھەمىشە «داغدام يول» غا ئېسىلىۋالىمىز. باشقىلار بىلەن ئۆزئارا ئېتىشىمىز، قىستىلىشىمىز. نەتىجىدە كۆپ ۋاقىتلاردا باش ـ كۆزلىرىمىزنى قانغا بوياپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. ئەگەر سىز يېڭىدىن بىر ھاياتلىق يولىنى تاللاپ سىناپ باقسىڭىز مېڭىشىڭىز تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن.***

## ئۇدۇل يولدا ماڭماي ئەتەي ئايلىنىپ مېڭىش

بىر يولۇچى ئايروپىلانغا ئۇلگۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراپ كىرا ماشىنىسىغا سەكرەپ چىقىپ شوپۇرغا قاراپ ۋارقىراپتۇ: «تېز ئايرودرومغا ھەيدەڭ»، شوپۇر ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ: «ئەپەندىم، سىز ئەڭ يېقىن يولدا ماڭامسىز ياكى ئەڭ تېز سۈرئەتلىك يولدا ماڭامسىز؟» دەپ سوراپتۇ. يولۇچى قايمۇقۇپ كېتىپ: «ئەڭ يېقىن يول ئەڭ تېز سۈرئەتلىك يول ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. شوپۇر بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ئۇنداق ئەمەس، ئەڭ يېقىن يول ئۇدۇل يول، ئەمما دائىم ماشىنا توسۇلۇپ قالىدۇ. ئايلىنىپ ماڭىدىغان يول گەرچە يىراق بولسىمۇ، ئەڭ تېز ۋاقىت ئىچىدە ئايرودرومغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***دۇنيادىكى يوللار ئۇدۇل يول ۋە ئەگرى يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇدۇل يولدا مېڭىشنى خالايدۇ. چۈنكى ئۇدۇل يول تۈپتۈز، نىشانغا يېقىن بولىدۇ. ئەكسىچە ھېچكىم ئەگرى يولدا مېڭىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئەگرى يول ئەگرى ـ توقاي، جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۈز يولدا مېڭىش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس، ئايلىنىپ ماڭسىڭىز يېتىپ بارماقچى بولغان جايغا تېز يېتىپ بارالايسىز.***

## بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئايلىنىپ ئۆتۈش تاكتىكىسىنى كۆپرەك سىناپ بېقىڭ

بىر توخۇ بىلەن ئىت ئىككى پاكار تامنىڭ ئارىسىغا قامىلىپ قاپتۇ. ئىت بىلەن توخۇنىڭ ئالدىغا تۆمۈر سىم تور بىلەن ئايرىۋېتىلگەن يەم قاچىسى قويۇلغان بولۇپ، توخۇ يەمنى كۆرۈپلا ئىتنىڭ بالدۇر تارتىۋېلىشىدىن قورقۇپ يەمگە قاراپ ئېتىلىپتۇ. نەتىجىدە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ قاراپ تۇرۇپلا ئالدىدىكى يەمنى يېيەلمەپتۇ. ئىت تامنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يېمەكلىككە ۋە تۆمۈر سىم تورغا تىكىلىپ قاراپتۇ. يەنە تامنىڭ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ تامدىن ئايلىنىپ، تۆمۈر سىم تورنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپتۇ. نەتىجىدە يېمەكلىكنى يېيەلەپتۇ. توخۇ ئاچچىقلانغانلىقىدىن تۆمۈر سىم تورنى تاتىلاپ تۇرۇپ: «بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ توۋلاپتۇ. ئىت ئۇنىڭغا سوغۇققىنا قاراپ قويۇپ: «ئالدى تەرەپتىنلا ھۇجۇم قىلىدىغان كالۋا چوقۇم ئاچ قالىدۇ» دەپتۇ.

## ئېسىلزادىلەرنى ئىزدەپ كۆزىڭىز ئالا چەكمەن بولۇپ كەتمىسۇن

ئۆردەك جەمەتى دەريادىكى بىر تىمساھنىڭ تاجاۋۇزىدىن بىزار بولۇپ كېتىپتۇ. بىر ياز چىقمايلا يەتتە ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇلار ياردەمچى تېپىپ تىمساھقا تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىپتۇ. مۇشۇك بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. «قاراڭلار، مېنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقىمغا، مىياڭ...» دەپتۇ. مۇشۇك يەنە «قاراڭلار، مېنىڭ چاققان ھەرىكىتىمگە! بىردەمدىلا دەرەخكە چىقىۋالدىم، خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن تىمساھنى پارچە ـ پارچە قىلىپ سىلەرنى خاتىرجەم قىلىمەن». ئۆردەك جەمەتى ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئامال قىلىپ نۇرغۇن بېلىق تۇتۇپ مۇشۇككە بېرىپ، قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ھۈنىرىنى بىر كۆرسىتىشنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۆردەك ئەمدىلا دەرياغا كىرىشى بىلەن تىمساھ ئېتىلىپتۇ. «قۇتقۇزۇڭلار!» ئۇلار مۇشۇككە قاراپ توۋلاپتۇ. بىراق مۇشۇك قىرغاقتا تۈگۈلۈپ تىترىگىنىچە: «مەن… مەن… سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن» دەپتۇ.

## بىر تۈرلۈك ئېسىلزادىلەر باشقىچە بولىدۇ

بىر بوۋاق ئاپىسىدىن: «ئاپا، بىز نېمىشقا بۇنچە تېز يۈگۈرەلەيمىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭغا: «بۆرىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك. مەن ئەمدىلا يۈگۈرۈشنى

www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەن ۋاقتىمدا ئاپام ماڭا (سەن چوقۇم تېز يۈگۈرگىن جۇمۇ، بولمىسا بۆرە يەپ كېتىدۇ) دېگەندى. شۇڭا، مەن قورققىنىمدىن جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم، يۈگۈرگەنسېرى تېز يۈگۈرەلەيدىغان بولدۇم» دەپتۇ.

***بەزىلەر بىلىپ ـ بىلمەي سىزنىڭ تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ ئۇلارنىڭ مەقسىتى بولمىسىمۇ.***

## ھاياتلىقتا بەخش ئېتىلگەن نەرسىلەر

### 1

ھاياتلىق ياش مەزگىلىدە گۈزەل ھەم ئاق كۆڭۈل بىر پەرىشتە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ سىزگە سوۋغات ئەكەلدىم. ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىپ بۇ بەش خىل سوۋغاتتىن بىرنى ئېلىڭ، قالغىنىنى قويۇپ قويۇڭ، ــ دەپتۇ.

سوۋغاتلار نام ـ شۆھرەت، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، باي ـ باياشاتلىق، راھەت ـ پاراغەت ۋە ئۆلۈمدىن ئىبارەت بەش نەرسە ئىكەن. ياش ھاياتلىق ئۇلارنى كۆرۈپ دەرھال:

ــ ئويلاپ نېمە كەپتۇ؟ ــ دەپتۇ ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ راھەت ـ پاراغەتنى ئاپتۇ.

ئاندىن ياش ھاياتلىقلار قوغلىشىدىغان راھەت ـ پاراغەتنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئۇ دۇنيادىكى جىمى راھەت ـ پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئاجايىپ لەززەتلىنىپتۇ. ئەپسۇسكى، ھەر قانچە قىلغىنى بىلەن ئېرىشكەن راھەت ـ پاراغەت ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىپ، بىرەرسىمۇ مەڭگۈ ھەمراھ بولماپتۇ. ئۇ ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ: «ھەي ئىسىت! ياشلىقىم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر قايتا تاللاش ئىمكانىيىتى بولسا، چوقۇم ئەقلىم بىلەن ئىش قىلاتتىم» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

### 2

پەرىشتە يېنىك قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە:

ــ سوۋغاتلاردىن تۆتى قالدى، يەنە بىرىنى تاللىۋېلىڭ، ــ دەپتۇ.

ئوتتۇرا ياشلارغا بېرىپ قالغان ھاياتلىق بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن پەرىشتىنىڭ كۆز ياشلىرىغا پەرۋا قىلماي سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇ قۇپقۇرۇق ئۆيدە بىر مېيىتنىڭ يېنىدا تەنھا ئولتۇرۇپ ئۈنسىز ئىندا قىپتۇ: «خوتۇنلىرىم مېنى يالغۇز تاشلاپ، بىر ـ بىرلەپ ئۇ دۇنياغا كەتتى

دۇنيانى بۇ ئەڭ ئامراق ھەم ئەڭ ئاخىرقى خوتۇنۇممۇ مېنى ھەسرەتتە قويۇپ كۆز يۇمدى. قايغۇ ـ ھەسرەت يۈرىكىمنى ئۆرتەپ، مېنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. مەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دېمەيدىغان كاززاپ سودىگەردىن سېتىۋالغان ھەربىر سائەتلىك بەخت ـ لەززەت ئۈچۈن ھەسرەت ـ نادامەت ئوتىدا مىڭ ھەسسىلەپ كۆيۈشتەك زور بەدەل تۆلىدىم. شۇڭا، ئۇنى ھەر قانچە قارغىسامۇ دەردىم چىقمايدۇ».

## 3

— يەنە بىرنى تاللىۋېلىڭ، — دەپتۇ پەرىشتە يېقىملىق ئاۋازدا، — ئېھتىمال يىللار سىزگە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغاندۇ.

ئۇ ئۇزۇن ئويلىنىپتۇ. ئاندىن نام ـ شۆھرەتنى ئاپتۇ. پەرىشتە خۇرسىنغان ھالدا كېتىپ قاپتۇ.

بىر قانچە يىل ئۆتۈپ پەرىشتە يەنە كەپتۇ. ھاياتلىقنى ياشىنىپ قالغان، ئېغىر بېسىنىپ تەنها ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنىڭ شۇندىلا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ...

«جىمى ئىشلار كۆڭلۈمدىكىدەك تېز يۈرۈشۈپ، پاتلا پۈتۈن ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان دۇنياۋى مەشھۇر زاتقا ئايلاندىم. نام ـ شۆھرەتمۇ قازاندىم. ئەپسۇس، بۇ ئالتۇن چاغلار تولىمۇ قىسقا بولىدىكەن. بېشىمغا چۈشكەن كۈلپەت دەسلەپ ھەسەت قىلىش، تۆھمەت قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىش بولدى. كېيىن شاڭخو ئىچىدە قالدىم. ئاخىرىدىچۇ؟ ئاخىرىغا كېلىپ كەمسىتىشلەر نام ـ شۆھرىتىمنى دەپنە قىلىۋەتتى.»

## 4

— يەنە بىر رەت تاللاڭ، — پەرىشتىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، — ئۈمىدسىزلەنمەڭ، يەنە ئىككى سوۋغات قالدى. بۇنىڭ بىرى باشتىلا ھەممىدىن قەدىرلىك ئىدى، ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمىدىڭىز.

— ئوھوي، بايلىق ئىكەنغۇ ئۇ! كۈچ ـ قۇدرەت ھېسابلىنىدىغان بايلىقنى ئالمىسام نېمىنى ئالىمەن؟ — دەپتۇ ئۇ، — بوپتۇ، ھېلىمۇ بۇ ئۆمرۈم ـ بىھۇدە ئۆتمىگۈدەك. مانا ئەمدى پۇلنى شۇنداق كۆز ـ كۆز قىلايكى، كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماي خەجلەي، ئۆتكەندە مېنى كۆزگە ئىلمىغان، مېنى مازاق قىلغانلار ئايىغىم ئاستىدا ئۆمىلىسۇن. مەن ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ، شىكەستە يېگەن دىلىمنى ساقايتىمەن. ئەمدى كىشىلەر قەدىرلەيدىغان، ئىنتىلىدىغان جىمىكى بايلىققا، ھەشەمەتكە، راھەت ـ پاراغەتكە، كۆڭۈل شادلىقىغا، يۈرەكلەرنى ئوينىتىپ، تەنلەرنى شېرىن ھېسلارغا سالىدىغان شەھۋانىي نەپسىنىڭ لەززىتىگە، قانائىتىگە ئېرىشىمەن، يەنە تېخى ھەممىنى —

ئىززەت ـ ھۆرمەت، چوقۇنۇش، ئەيمىنىش، ئېتىقادنى. شۇنداقلا بۇ چاكىنا ئالەمدىكى شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەتنى سېتىۋالىمەن.

قىسقىغىنا ئۈچ يىل ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ، شۇنداق بىر كۈنلەر كەپتۇكى، ئۇ زەپىرەخدەك سارغىيىپ، كۈچ ـ مادارىدىن كەتكەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ھالەتتە چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىدىغان قۇيقۇرۇق بالىخانىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قورۇق نانىنى غاجىلىغاچ غودۇڭشىپتۇ:

«دۇنيانىڭ سوۋغاتلىرى دېيىلگەن لەنەت ياغقۇرلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەخمەق قىلىدىغان قىپقىزىل ئالدامچىلار ئىكەن! ئۇنىڭ جىمىسى قەرزدىن بۆلەك نەرسە ئەمەس، لېكىن، قانداقتۇر ئۇ سوۋغات، بۇ سوۋغات، دەپ چىرايلىق ناملارنى قويۇشۇۋاپتۇ تېخى! راھەت ـ پاراغەت، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، نام ـ شۆھرەت، باي ـ باياشاتلىق دېگەنلەر مەڭگۈلۈك رېئاللىقتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئەلەم، ئىزا ـ ئاھانەت، نامراتلىقنى بىر مەھەللا يوشۇرالايدىغان يالغان نىقابتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن. پەرىشتىنىڭ ساقلىغان سوۋغاتلىرىمدىن پەقەت بىرىلا بىباھا، باشقىلىرىنىڭ قىلچە قىممىتى يوق دېگىنى توغرا ئىكەن. ئادەمگە غەمسىز، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ بەخش ئېتىدىغان بىباھا ئەڭگۈشتەرنىڭ ئالدىدا، ئەڭ قەدىرلىك، گۈزەللىك، مېھرىبانلىق دېيىلىدىغان، ئەمما كىشىگە جىسمانىي ئازاب كەلتۈرىدىغان دەرد ـ ئەلەملەر، ئەقىل ۋە قايناق جۇشقۇنلۇقنى غەرق قىلىدىغان ئىزا ـ ئاھانەتلەر، قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك مىسكىن، پەس، ئەرزىمەس نەرسىلەر ئىكەن! ئەي پەرىشتەم، مەن بەكمۇ چارچىدىم، بۇ ئالەمدىن بىزار بولدۇم، ماڭا مەڭگۈلۈك ئارامبەخش ئېتىدىغان ھېلىقى قىممەت باھا سوۋغىتىڭنى ئەكەلسەڭچۇ!»

## 5

پەرىشتە يەنە تۆت خىل سوۋغات ئېلىپ كەپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم يوق ئىكەن.

ــ ئەمدى ماڭا بېرىدىغىنىڭ نېمە؟ ــ دەپتۇ ھاياتلىق.

ــ ساڭا بېرىدىغىنىم، سەن ھازىرغىچە ئېرىشمىگەن، لېكىن ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان، زەئىپلىك، بىنقارارلىق ئىسكەنجىسىدىكى قېرىلىق.[1]

## مەخپىيەت

بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇن دائىم ئۇرۇشىدىكەن. ئۇلارنىڭ قوشنىسى ئىنتايىن ئىناق ئۆتۈشىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇرۇشقاق ئائىلىدىكى ئەر قوشنىسىنىڭكىگە كىرىپ،

---

①«تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.

ئۇلارنىڭ نېمىشقا ئۇرۇشماي، ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكى ئادەملەر، شۇڭا ئۇرۇشمايمىز، — دەپتۇ قوشنا ئۆيدىكى ئەر. ھېلىقى كىشى بۇ گەپنى چۈشەنمەي چىقىپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، قوشنىسىنىڭ ۋېلىسىپىتى يىتۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇرۇشقاقلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ:

— دەرۋازىنى ئەتمەي خاتا قىپتىمەن.

— ياق، ۋېلىسىپىتقا قۇلۇپ سېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مەن ئەيىبلىك.

— ئەسلىدە مەن ۋېلىسىپىتنى ھويلىغا قويمىسام بوپتىكەن.

ھېلىقى ئۇرۇشقاقلار بىردىنلا چۈشىنىپتۇ.①

## تەقدىم

بۇرۇن بىر ئادەم بولغانىكەن، بىر كۈنى ئۇ قۇملۇقتا يولدىن ئادىشىپ قېلىپ چارچىلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە تاشلاندۇق بىر ئەسكى ئۆيگە كېلىپ قاپتۇ. خېلىدىن بېرى ئادەم تۇرمىغاچقىمۇ، بۇ ئۆي بوران - چاپقۇنلاردا غۇلاپ كېتەي دەپ قالغانىكەن. ئۇ ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغان چىغرىقنى كۆرۈپتۇ، بېرىپ شۇنچە كۈچەپ تارتىپ باققان بولسىمۇ بىر تېمىم سۇ چىقماپتۇ. ئۇ راسا تېرىكىپ تۇرغاندا، يان تەرەپتە تۇرغان بىر چۆگۈنگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. چۆگۈننىڭ جوغىسى ياغاچ پۇرۇپكا بىلەن ېتىلىپ، ئۈستىگە بىر پارچە قەغەز قاتلاپ قويۇلغانىكەن. ئۇ قەغەزنى ئېچىپتۇ، قەغەزگە: «چۆگۈندىكى سۇنى چىغرىققا قۇيۇپ ئاندىن سۇ تارتىڭ، بىراق بۇ يەردىن كېتىشتىن بۇرۇن چۆگۈنگە سۇ تولدۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ»، دەپ يېزىلغانىكەن. ئۇ چۆگۈن جوغىسىغا پاتۇرۇپ قويۇلغان پۇرۇپكىنى ئاۋايلاپ تارتىپ چىقىرىپتۇ، دەرۋەقە چۆگۈن ئىچىدە لىقمۇلىق سۇ بار ئىكەن.

ئۇ: «قەغەزدە يېزىلغىنى بويىچە سۇنى چىغرىققا قۇيايمۇ؟ ئۇنداقتا يەنىلا سۇ چىقمىسا ئابىي ھاياتتىن قۇرۇق قالمامدىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە چۆگۈندىكى سۇنى ئىچسەملا ھاياتىمنى ساقلاپ قالمامدىمەن!» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىنىدا، بىر خىل ئاجايىپ سېزىم ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلغاندەك بوپتۇ. ئۇ قەغەزدە يېزىلغىنى بويىچە ئىش قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. دەرۋەقە، چىغرىقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئۇ سۇنى ھۇزۇرلىنىپ قانغۇچە ئىچىپتۇ. بىر پەس ئارام ئالغاندىن كېيىن، چۆگۈننى سۇ بىلەن لىق تولدۇرۇپ، جوغىسىغا پۇرۇپكىنى تىقىپ قويۇپتۇ - دە، ھېلىقى قەغەزدىكى خەتنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ: «ماڭا ئىشىنىڭ، بۇنىڭدا يېزىلغاننىڭ

①«تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى.

ھەممىسى راست، پەقەت سىز ھايات ــ ماماتلىقنى ئويلىمىسىڭىزلا، شېرىن بولاق سۈيىدىن ھۇزۇرلىنالايسىز» دەپ يېزىپتۇ.[1]

## تەربىيە

دادىسى گۆدەك ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ بىر بوۋاينى يوقلاپ بېرىپتۇ. ئوغلى ئۆيگە ئويناپ يۈرۈپ قەدىمكى بىر ساپال قاچىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە بۇ قاچىدا تاماق يەيمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

خۇددى ئۆيىمىزدىكى ئاددىيغىنا بىر ئويۇنچۇقنى دوستىمىزنىڭ بالىسىغا تالاشسىلا بېرىۋەتكىنىمىزدەك، بوۋايمۇ ئاسارەتىقىلەر تىزىلغان ئىشكاپتىن قەدىمكى ساپال قاچىنى ئېلىپ بالىغا بېرىپتۇ. دادا بولغۇچى ئالدىراپ توسۇپ:

ــ بۇنداق قىممەتلىك نەرسىنى قانداقمۇ كىچىك بالىغا بەرگىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرمىسەك، كىچىك بالا قەدرىگە يەتمەيدۇ، بۇنداق تەييارغا ھەييار بولۇش بالىنىڭ ئادەم بولۇشىغا پايدىسىز بولارمىكىن، ــ دەپ ئالماسلىقتا چىڭ تۇرۇپتۇ.

ــ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ــ دەپتۇ بوۋاي، ــ ئۇنىڭغا بۇ نەرسىنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ھەتتا بۇنىڭدا تاماق يېيىشكە ۋە ئوينىشىغا رۇخسەت قىلىش كېرەك، ئەگەر چېقىۋەتسە چېقىۋەتسۇن. شۇنچىلىك قىممەتلىك نەرسىگە كۆز قىرىنى سالمىغان بالىدا چوڭ بولغاندا چوقۇم ئالاھىدە روھ ۋە ئالاھىدە نەزەر دائىرە تىكلىنىدۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇششاق ئىشلارنى تەگەپ ئولتۇرمايدىغان بولىدۇ.[2]

## ھەقىقەت بىلەن خاتالىق

ئالدىراش كېتىۋاتقان بىر يولۇچى سىرلىق بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. ھايال بولمايلا ئۆيىنىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىپتۇ:

ــ كىمنى ئىزدەيسىز؟

ــ ھەقىقەتنى ئىزدەيتتىم.

ــ سىز خاتا كېلىپ قاپسىز، مەن دېگەن خاتالىق، ــ ھېلىقى كىشى شۇنداق دەپلا ئىشىكنى «گۈپپىدە» يېپىۋاپتۇ.

يولۇچى يەنە داۋاملىق ئىزدەشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى يۈرۈپ، تاغ ــ دەريالارنى كېزىپتۇ. لېكىن ھەقىقەتنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇ: «ھەقىقەت بىلەن

---

① «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1996 – يىللىق 6 – سانىدىن ئېلىندى.
② «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1996 – يىللىق 9 – سانىدىن ئېلىندى.



www.uyghurkitap.com

خاتالىق ئۆزئارا رەقىبلەر، خاتالىق ھەقىقەتنىڭ نەدىلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، يەنە خاتالىقنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

ــ مەنمۇ دەل ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتاتتىم، ــ خاتالىق ئىشىكنى يەنە يېپىۋاپتۇ.

يولۇچى نىيىتىدىن زادى يانماپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ يەنىلا خاتالىقنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ، لېكىن خاتالىق پەقەتلا ئوچۇق چىراي ئاچماپتۇ.

ئىشىكنىڭ توختىماي قېقىلىشىدىن خاتالىقنىڭ قوشنىسى ئويغىنىپ كېتكەنىكەن. يولۇچى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا خاتالىقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندە، ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. يولۇچى قايرىلىپ شۇنداق قارىسا، ھەقىقەت تۇرغۇدەك!

ھەقىقەت خاتالىقنىڭ قوشنىسى. كىشىلەر ھەقىقەتنى خاتالىقنىڭ ئىشىكىنى نۇرغۇن قېتىم ئۇرغاندىن كېيىنلا تاپالايدۇ.①

## كىچىككىنە كۆن نۇرى

ئېلىسانىڭ ئۆيى تاغدا. قۇياش نۇرى جەنۇب تەرەپتىكى دېرىزىدىن چۈشۈپ ھەر كۈنى ئۆينى ئىللىق نۇرغا ئوراپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئېلىسانىڭ موممىسىنىڭ ھۇجرىسى شىمال تەرەپتە بولغاچقا، كۈن نۇرى زادىلا چۈشمەيتتى.

ــ دادا، مومامنىڭ ھۇجرىسىغا نېمىشقا كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ؟ ــ دېدى بىر كۈنى ئېلىسا دادىسىغا، ــ مېنىڭچە مومامۇ ئاپتاپقا ئامراق.

ــ ئەمما قۇياشنىڭ نۇرى ئۇ تەرەپكە ئۆتەلمەيدۇ ــ دە، قىزىم.

ــ ئۇنداقتا ئۆينى چۆرىسەك بولامدۇ؟ ــ دېدى قىز ساددىلارچە.

ــ ئۆينى قانداق چۆرىگىلى بولسۇن؟

ــ ئەمىسە مومام قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىنى زادىلا كۆرەلمەيدىكەن ــ دە؟

ــ ئامال يوق، قىزىم ياكى سەن كۈن نۇرىدىن ئازراق ئەكىرىپ بېرەمسەن؟

قىز شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ مومىسىغا كۈن نۇرى ئەكىرىپ بېرىشنىڭ خىيالىدا قالدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ گۈللۈكتە ئويناۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا يۇمشاق، ئىللىق قۇياش نۇرلىرىنىڭ سارغۇچ چاچلىرىدا، كىيىملىرىدە جۇلالاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. «كۈن نۇرىنى كىيىمىمگە ئوراپ مومامغا ئەكىرىپ بەرسەمچۇ؟». ئېلىسا تۇيۇقسىزلا شۇلارنى ئويلىدى ــ دە، خۇشلۇقتىن سەكرەپ كەتتى.

ــ موما، قارىڭە، مەن سىزگە كۈن نۇرى باشلاپ ئەكەلدىم.

ئېلىسا قۇچاقلىۋالغان كىيىملىرىنى ئاچتى. ئەمما ئەمدى چاقناپ تۇرغان كۈن

①«تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن ئېلىندى.

نۇرىنى كۆرەلمىدى.

— بالام، — دېدى موماي ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، — ئاپتاپ كۆزۈڭدە تۇرمامدۇ، چاچلىرىڭدا قوياش چاقناپتۇ. سەنلا قېشىمدا بولساڭ، ئاپتاپ دېگەن شۇ ئەمەسمۇ!.

ئېلىسا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەنمىسىمۇ، مومىسىنىڭ خۇش بولغىنىدىن ياپىراپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئېلىسا گۈللۈكتە ئوينايتتى. ئاندىن كۆزلىرى، چاچلىرىدىن تاراپ تۇرغان كۈن نۇرىنى ئېلىپ مومىسىنىڭ قېشىغا چاپاتتى.

***ھېكمەت:***

***ھېسداشلىق بارلىق ئەخلاقلار ئىچىدىكى ئەڭ گۈزىلى. ئۇ خۇددى سۈۋغاتقا ئوخشاش يۈرىكىمىزنى ئىللىق تەسىراتقا چۆمدۈرىدۇ.***

## كۆزىڭىزنى ئېچىڭ

ناھايىتى جىمجىت بىر چۈشتىن كېيىنكى مەزگىلدە، لوندوندىكى ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنماي تاشلىنىپ قالغان بىر بىنا تۇيۇقسىزلا ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ناھايىتى تېزلىكتە يىغىلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇتقۇزۇش خادىملىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلاشتىن بۆلەك ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەي قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ھەتتا، قاپ بېلىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كېسەك، تاشلارغا بېسىلىپ قېلىپ، بېشىلا چىقىپ قالغان بىرەيلەنگىمۇ ئامال قىلىنىشالمىدى. ئۇنىڭدىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكىمۇ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، كۆزلىرىمۇ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە پىچىرلىدى:

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! بەردەمرەك بولۇڭ! مەن سىزگە گەپ قىلىپ بېرەي، ھەرگىز كۆزىڭىز يۇمۇلۇپ قالمىسۇن.

يۇمۇلغان كۆزلەر ئېچىلدى. ئۇنىڭدىن ۋەھىمە ۋە مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

ئوغۇل ئۇنىڭدىن شۇ قەدەر ساددىلىق بىلەن قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سوراپ چىقتى. لېكىن ئېچىلغان كۆزلەر ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەي يەنە بىر قېتىم يۇمۇلۇپ قالدى. ئوغۇل يەنە توۋلىدى:

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!

ئەمما ئۇ ئاڭلىمىغاندەك ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرالمىدى. كىشىلەر نەدىندۇر دوختۇر تېپىپ كەلدى ۋە ئوكسىگېن نەيچىسى ئارقىلىق نەپەسلەندۈردى. كۆزلەر يەنە بىر رەت ئېچىلدى.

قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئاخىرى يېتىپ كەلدى ۋە بېسىلىپ قالغان ئەرنى قۇتقۇزۇپ

دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى. ئەتراپتىكىلەر ئوغۇلدىن: «ئۇ سېنىڭ نېمەڭ؟» دەپ سوراشتى بەس ـ بەستە.

ــ مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى نېمە بىلەي؟ ــ دېدى ئوغۇل مۇرىسىنى قىسىپ. ئوغۇل بىلەن بېسىلىپ قالغۇچى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق. ئەمما ھاياتنىڭ قىممەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشتىن ئۆرلىگەن سەمىمىي ھېسداشلىق ئوغۇلنى ھېسداشلىق مېھرىگە چاقىرىپ چىللىغان، خالاس.

***ھېكمەت:***

***ھېسداشلىق ئېزىلەڭگۈ ياخشى تىلەك ئەمەس، ھاياتلىق نىجاتكارى.***

## چىشلەنگەن ساندۇۋىچ

بىر ئايال بەش ـ ئالتە ياشلار چامىسىدىكى ئوغلىنى ئېلىپ ئاشخانىغا كىرىپتۇ ۋە ساندۇۋىچتىن ئىككىنى بۇيرۇتۇپ قويۇپ، پوكەي ئالدىدىلا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئازراق دۇمچەك كەلگەن بىر ئادەم كىرىپ، يۇغۇشتۇرۇلمىغان ئۈستەللەردىكى ئاشقان ـ تاشقان نەرسىلەرنى مالتىلاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

ــ ئانا، ــ دەپتۇ ئوغۇل پىچىرلاپ، ــ قارا، ئاۋۇ ئادەم باشقىلارنىڭ تامىقىنى يەۋالدى.

ــ قورسىقى ئاچ، پۇلى يوق، بالام، ــ دەپتۇ ئانىسى.

ــ ساندۇۋىچتىن بىرنى ئۇنىڭغا بېرەيلى ئەمىسە.

ــ ئۇ باشقىلاردىن ئاشقان تاماقنىلا يەيدۇ، بالام.

ئۇزاق ئۆتمەيلا كۈتكۈچى ئۇلار بۇيرۇتقان تاماقنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئوغۇل بولسا بىر ساندۇۋىچنى قولىغا ئېلىپ ئىتتىكلا بىرنى چىشلەپتۇ، ئاندىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگىنىچە بېرىپ، ساندۇۋىچنى قويۇپ دەپتۇ:

ــ بۇمۇ چىشلەنگەن، ئېشىپ قالغان!

ھېلىقى ئادەم ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ. ئېسىنى يىغىپ رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ بولغۇچە ئوغۇل بالا كېتىپ قالغانىدى.

***ھېكمەت:***

***ئالىيجاناب، مېھرـ شەپقەتلىك ئادەملەر باشقىلارغا كۆپ بېرىدۇ، باشقىلاردىن ئاز ئالىدۇ.***

## مەلھەم پلاستىر

ــ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ئاپا، ــ سۈزىن سورىدى.

ــ قوشنىمىز گىرىن مومايغا تورت ياساۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا؟ — ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن قىز سۈزىن يەنە سورىدى.

— گرىن مومايىنىڭ قىزى ئۆلۈپ كېتىپ، يۈرىكى زېدە، ئازابتىن پۈتۈن جىسمى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى قىزىم. شۇڭا، ھەممىمىز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىساق بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— ماڭا قارا، سۈزىن. بىر ئادەمنىڭ قەلبى جاراھەتلەنگەندە، ئۇ ھەتتا ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ جايىدا قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىز ھەممىمىز بىر مەھەللىدىن، گرىن موماي بىزنىڭ قوشنىمىز، شۇڭا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ قىزى ئۆلۈپ كەتتى، بالام. ئەمدى ئۇ قىزى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرالمايدۇ. قىزىنى قۇچاقلىيالمايدۇ ھەم بىرگە ئويىنيالمايدۇ. بەك ئازابلىق، قىزىم، سۈزىن، سەنمۇ خېلى ئەقىللىق،سەنمۇ گرىن موماڭنى خۇش قىلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ باقامسەن؟

سۈزىن ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىشقا كىرىشتى. ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئۇ گرىن مومايىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە پەيدا بولدى. گرىن موماي ئىشكنى ئېچىپ سۈزىننى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى، قاپىقىمۇ ئىششىپ كەتكەنىدى.

— نېمىدەپ كەلدىڭىز، سۈزىن؟ — دېدى موماي.

— ئاپام سىزنى قىزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يۈرىكى يارا، زېدە، پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى دەيدۇ. زېدە يەرگە بۇنى چاپلايدىغۇ؟ — ئۇ قولىدىكى بىر دانە مەلھەم پىلاستىرنى چىقاردى، — بۇنى سىزنىڭ يۈرەك زېدىڭىزگە چاپلاڭ دەپ ئەكەلدىم...

مومايىنىڭ بوغۇزى غىققىدە بولۇپ، كۆزلىرىدە لىپمۇلىق ياشلار لىغىلداپ قالدى. ئۇ تىزلانغىنىچە سۈزىننى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى: «رەھمەت قىزىم، بۇ راستلا زېدىنى ساقايتىدۇ» دېيىتتى ئۇ مىچىلداپ.

گرىن موماي بىر دانە ئەينەك رامكا سېتىۋېلىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كوللېكتىپ چۈشكەن رەسىمىنى ھەمدە سۈزىن ئەكىرگەن مەلھەم پىلاستىرنىمۇ رامكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى. موماي رەسىم رامكىسىغا قاراپ قىزلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكەن خۇشال كۈنلىرىنى ئەسلەيتتى. مەلھەم پىلاستىر ئۇنىڭ يۈرەك زېدىسىنى داۋالاپ ساقايتىشنىڭ سىمۋولى ئىدى.

***ھېكمەت:***

***كۆيۈنۈش قۇرۇغان شاخلاردىن بىخ ئۇندۇرگۇچى باھار شامىلىدۇر.***

## پاسخا بايرىمى ۋە رەڭلىك تۇخۇم

جىم تۇغۇلۇشىدىنلا سەل ـ پەل دەلدۈش ھەم بەدەن شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنكاسى ئاستا، يەنە كېلىپ ئېغىر كېسەل ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يىلىكىنى شوراپ تۈگەتمەكتە ئىدى. ئەمما ئاتا ـ ئانىسى بار تىرىشچانلىقىنىڭ ھەممىسىنى

كۆرستىشىپ ئۇنى نورمال تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. مەكتەپكىمۇ بېرگەنىدى.

باھار كەلدى. باللارنىڭ ھەممىسى پاسخا بايرىمى (ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز، مۇھەنزۇلاردىكى باھار بايرىمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان) بايرام ھەققىدە بەس ـ بەستە پىلان تۈزۈشكىلى تۇردى. رىس مۇئەللىم باللارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سولياۋ رەڭلىك تۇخۇم تارقىتىپ بەردى ھەمدە ئەتىگىچە يېڭى ھاياتلىقنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مەلۇم بىر نەرسىنى رەڭلىك تۇخۇم ئىچىگە سېلىپ ئەكىلىشنى تاپىلىدى.

ئەتىسى ئەتىگىنى، تاڭ ئېتىپ تورغاي چۇچۇلىماستا، 19 نەپەر ئوقۇغۇچى روھلۇق ھالدا مەكتەپكە يېتىپ كېلىپ بولدى ھەمدە ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن رەڭلىك تۇخۇملارنى مۇنبەردىكى سېۋەتكە قويۇشتى. ماتېماتىكا دەرسىدىن كېيىن پاسخا بايرىمى تۇخۇملىرى ئېچىلماقچى ئىدى.

رىس مۇئەللىم بىرىنچى رەڭلىك تۇخۇم ئىچىدىن بىر تال گۈل ئالدى.

ــ ناھايىتى ياخشى، گۈل ھەقىقەتەنمۇ يېڭى ھاياتلىققا تىمسال،ــ دېدى ئۇ.

ــ چىرايلىق كېپىنەك، ئۇ كىچىككىنە قۇرتچىدىن يوغىنىغان. دېمەككى، يېڭى ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى،ــ دېدى رىس مۇئەللىم ئىككىنچى رەڭلىك تۇخۇم ئىچىدىن چىرايلىق سولياۋ كېپىنەكتىن بىرنى ئېلىۋېتىپ. ئۇ ئارقىدىنلا ئۈچىنچىسىنى ئاچتىيۇ، تۇرۇپلا قالدى. تۇخۇم قۇپقۇرۇق ئىدى. «جەزمەنكى جىمنىڭ،ــ دەپ ئويلىدى ئۇ،ــ ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقنى چۈشىنەلمىگەن ئوخشايدۇ».

جىمنى ئوڭايسىزلاندۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇ قۇرۇق تۇخۇمنى ئاستاغىنە بىر تەرەپكە قويۇپ قويدى ۋە يەنە بىرىگە قول ئۇزاتتى.

ــ مۇئەللىم،ــ تۇيۇقسىزلا جىمنىڭ ئۇنلۇك توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى،ــ مېنىڭ تۇخۇمۇم توغرۇلۇق ھېچنەرسە دېگۈڭىز يوق، شۇنداقمۇ؟

ــ بىراق،ــ دېدى مۇئەللىم ئامالسىز،ــ سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ تۇخۇم قۇپقۇرۇق تۇرسا!

جىم مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

ــ شۇنداق، ئۇ قۇرۇق. لېكىن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىمۇ قۇپقۇرۇقتۇ. ئەيسا كىرستقا مىخلانغاندىن كېيىن جەسىدى دەپنە قىلىندى. ئەمما تەڭرى ئۇنىڭغا قايتا ھاياتلىق، تىرىلىش ئاتا قىلدى. ئەجەبا، ئەيسانىڭ قەبرىسىمۇ يېڭى ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ؟!

ھەممە جىمىپ كەتتى. سىنىپ چۈشىن ئۈچىسىمۇ ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىققا پاتتى. ۋاقىت توختاپ قالغاندەك ئىدى. دەل شۇ چاغدا قوڭغۇراق چېلىنىپ ھەممە بىر ـ بىرلەپ دەرسخانىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئېغىر جىمجىتلىققا پاتقان سىنىپ ئىچىدە يالغۇز قالغان رىس مۇئەللىم تۇيۇقسىزلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى چۈشىنىپ

يەتتى. جېم ھەرگىزمۇ دۆت ئەمەس ئىدى.

ئۈچ ئايدىن كېيىنلا جېمنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز يەنە قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەر ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇنى بايقاشتى: ئۇنىڭ تاۋۇتى ئۈستىگە 19 دانە رەڭلىك تۇخۇم قويۇلغان ئىدى، ئەمما ھەممىسىلا قۇرۇق ئىدى.

***ھېكمەت:***

***مېھىر ـ شەپقەت ھاياتىمىزغا مەنە قوشىدۇ.***

## بوتۇلكا تەرگۈچى بالا

تۇن كېچە، پويىز تاغ ـ ئېدىرلاردىن ئۈچقاندەك شوڭغۇپ ئۆتمەكتە. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن. ئەمما ياشقىنە بىر ئوغرى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول تىقماقتا. توساتتىنلا پويىز ساقچىسى ئۇنى بايقاپ قالدى ۋە قوغلاشقا باشلىدى.

ھەممە جىمجىت. پەقەتلا بىر بالا تاشلاندۇق بوتۇلكىلارنى تېرىپ يۈرمەكتە...

ئوغرى پويىزدىن سەكرىمەكچى بولدى. ئەمما پويىز سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ سەكرىسىلا كۆكۈم ـ تالقان بولۇشى ئېنىق. ئۇ ئارقىسىغا قارىدى. ياندىكى ۋاگوندىن بىر ساقچى قوغلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭغا باشقا يولمۇ يوق.

پويىز جىددىي تورمۇزلاندى. ئوغرى ئۆزىنى تەستە ئوڭشاپ دېرىزىگە چاقىلىش بىلەن ياماشتى. «ۋاي كۆزۈم». ئۇ يېرىم گەۋدىسىنى پويىز دېرىزىسىدىن سىرتقا ئېلىشقا بىر بالىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوغۇل ئۆزىمۇ تۇيماي ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ھېلىقى بوتۇلكا تەرگۈچى بالىنىڭ قولىدىكى بوتۇلكا جىددىي تورمۇزلانغاندا قەيەرلەرگىدۇر سوقۇلۇپ چېچىلغان ۋە بالىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى قانغا بويىغان، يارىلاندۇرغانىدى.

ئوغرى سەل ـ پەل ئارىسالدى بولدىيۇ، ئەمما تېزلا سەكرەپ يېنىپ كېلىپ، يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويالغان بالىنى كۆتۈرۈپ ساقچى تەرەپكە، ئۇنىڭمۇ كەينىدىكى داۋالاش بۆلۈمچىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

بالا ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىندى. ئوغرىمۇ ۋاقتىدا قولغا ئېلىندى.

ــ راستىڭنى ئېيت، ــ دېدى ساقچى ئوغرىغا، ــ ئەسلىدە تامامەن قېچىپ كېتەلەيتتىڭ، ئۇنى نېمىدەپ قۇتقۇزدۇڭ؟

ــ چۈنكى...

ــ دەۋەر.

ــ چۈنكى مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا پويىزدا بوتۇلكا تېرىدىغان بالا ئىدىم، ھېچكىمنىڭ، ھېچكىمنىڭمۇ مەن بىلەن كارى يوق ئىدى...

ئوغرىنىڭ جاۋابى ساقچىنى ھەيران قالدۇردى. ئارقىدىنلا ساقچىنىڭ ئېيتقان مۇنۇ گەپلىرى ئوغرىنى تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى:

— بەختىڭ بار ئىكەن، سەن بالىنىلا ئەمەس، ئۆزۈڭنىمۇ قۇتقۇزدۇڭ. بىلەمسەن؟ سەن سەكرىمەكچى بولغان جاي باش - ئايىغى يوق پايانسىز سازلىق ئىدى.

***ھېكمەت:***

***گۈل سوۋغا قىلغۇچىنىڭ قولىدا گۈلنىڭ پۇرىقى قالىدۇ. خۇدا بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ يوقسۇل، ئىگە - چاقىسىزلارغا قىلغان خەير - ئېھسان، سەدىقەڭلار ئەمەلىيەتتە ماڭا قىلىنغان بىلەن ئوخشاشتۇر. سىلەر شۇ سەۋەبلىك بەختكە مۇيەسسەر بولىسىلەر.»***

## ۋىتىرنىڭ ئارزۇسى

— روژدېستۋا بوۋايدىن قانداق سوۋغاتقا ئېرىشىشنى بەكرەك خالايسىلەر؟

جولىيا مۇئەللىمنىڭ بۇ سوئالى بىلەن سىنىپنىڭ ئىچى پاتپاراق شاۋقۇن - سۈرەنگە لىق تولدى. پەقەت بىر ئوغۇل بالىلا بۇ مالىماتاڭ، غوۋغالارنى ئاڭلىمىغاندەك جىمجىت ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋىتىر، ئائىلىسى نامرات، ئانىسى يوق، ئەمما ۋىتىر ھەر تەرەپتىن سىنىپتىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغاندەك زېرەك بالا.

— ۋىتىر، سەنچۇ؟ سەن نېمىگە ئېرىشىشنى بەكرەك خالايسەن؟ — جولىيا مۇئەللىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇلايىم ئاۋازدا سورىدى. ۋىتىر ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ دېدى:

— مۇئەللىم، بىزنىڭ ئۆينىڭ تورخۇنى يوق تۇرسا، روژدېستوۋ بوۋاي نەدىن كىرىدۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى مۇڭدىن بوغۇلۇپ قالغانىدى. مۇئەللىم كۈلۈمسىرىگىنىچە روژدېستوۋ بوۋاينىڭ ئامال تېپىپ كىرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋىتىرنىڭ كۆزى ياشقىچە نۇرلىنىپ، يۈزىگە خۇشاللىق ئالامەتلىرى تېپىپ چىقتى ۋە تولىمۇ روھلۇق ئاۋازدا:

— ماڭا بىر جۈپ پاختىلىق پەلەي ۋە بىر جۈپ پاختىلىق پايپاق بولسىلا كۇپايە، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ۋىتىر ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇ قەدەر ساپ، ساددا كۈلكە ئىدى.

— نېمىشقا؟

جولىيا مۇئەللىم ۋىتىرنىڭ بۇ ساددا ئارزۇسىنىڭ تېگى - تەكتىنىڭ ئۇنچىۋالا بوش يەردىن چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

— مۇئەللىم، سىزنىڭ قولىڭىز بەك توڭلايدۇ، سوغۇق. بىز كەينىڭىزدىن سىزنى «مۇز قول مۇئەللىم» دەپ ئاتايمىز. ئەگەر ئاشۇ پاختىلىق پەلەينى سىزگە بەرسە قولىڭىز ئىسسىق تۇرسا دەيمەن. موماممنىڭ پۇتى ئۇششۇپ قالغان. پاختىلىق پايپاقنى ئۇنىڭغا بەرسەم، پۇتى ياخشىلىنىپ قالارمىكىن دەيمەن.

بايىلا مەسخىرىلىك پاراقلاپ كۈلگەنلەر جىمىپ كەتتى. قانداقتۇر بىر نەرس ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى بوش چېكىپ ئۆتكەندەك بولدى. جۇلىيا مۇئەللىم پۈتۈن بەدىنىنى ئوتتەك بىر سېزىمنىڭ ئىسكەنجىسىدە تىترەپ توختىغىنىنى، يۈرىكىنىڭ قىسىلداپ كەتكەنلىكىنىلا ھېس قىلالىدى. ئۇ ۋېتىرنىڭ ئۆز قولىنى ئىسسىتىپ قويۇشىنى بارلىقىنى، شۇنچە نامرات تۇرۇقلۇقمۇ، ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشىدىغان چاغلاردىمۇ يەنىلا شۇ قەدەر ئاددىي ئەمما مۇقەددەس ئۆي - ئارمانلاردا بولىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

***ھېكمەت:***
***كۆيۈنۈش مېھىر - شەپقەت دەرىخىنىڭ بىر تال كۆركەم چېچىكى.***

## ئوك قول ۋە سول پۇت

دالى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئوقۇتقۇچى بولدى. تۇنجى سائەتلىك دەرستە ئۇ جىددىيلىشىپ، تامدىكى مەنزىرە رەسىملىرىگە بىر نەچچە رەت قارىۋېلىپ، ئاندىن كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرالىدى.

— بولدى، باشلايلى، — دېدى ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ، — ئەگەر دەرستىن رازىمەنلىك ھېس قىلساڭلار چاۋاك چېلىڭلار.

بۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرى، سەگەكلىكىنى قوزغاش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان ئۇسۇلى ئىدى. دېگەندەكلا ئوقۇغۇچىلار بارا - بارا پاسسىپ، جانسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇپ جانلىنىپ، ئېتىكلىششكە باشلىدى. دالىمۇ ئېغىمۇ ئېچىلىپ يېيىلىپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى بىردىن - بىردىن كۆزىتىپ چىقتى. ئەمما نەزىرى توساتتىنلا ھېچقانداق ئىپادىسىز، بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىغا چۈشۈپ قالدى. دالى يەنە بىر رەت ئوقۇغۇچىلارنى دىققەتكە چاقىردى. ئەمما ھېلىقى ئوغۇل بالا يەنىلا ئىپادىسىز.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى دالى قوپاللىق بىلەن.

ئوغۇل كالپۇكىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى. ئوك قولى يانچۇقىدا، چىرايىدا سەل پەل ئاچچىقمۇ باردەك قىلاتتى. ئۇ جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، يېنىدىكى يەنە بىر بالا: «مۇئەللىم، ئۇنىڭ ئىسمى توماس» دېدى.

دالى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ دەرسىنى ئۆتۈۋېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما قىزغىن كەيپىياتى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى ۋە «بەخت» دېگەن تېمىدا يېزىقچىلىق تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ توماس يەنە بىر ئىش چىقاردى. يەنى بىر ئوغۇل بالا بىلەن ئۇرۇشتى. دالى مۇئەللىم جېدەلنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئالدىراپ بارغىنىدا، توماسنىڭ

پۈتۈن ئەپتى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆزگەرمىگىنى يەنىلا يانچۇقىغا تىقىۋېلىنغان ئوڭ قول، مىت قىلماسلىق، قىزارغان يۈز ئىدى.

— يەنە نېمە بولدى، توماس؟

توماس پەرۋامۇ قىلىپ قويماي ئۆرۈلگىنىچە كېتىپ قالدى. دالى مۇئەللىم ئۈلاجىسىز يېنىپ كەلدى.

— توماسنىڭ ئوڭ قولى توك سوقۇۋېتىپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن!

بىز قىزنىڭ ئېغىزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دالىنىڭ يۈرىكى ئاچچىق زىڭىلداپ تۇختىدى.

كەچلىكى، دالى تاپشۇرۇق دەپتەرلىرى ئارىسىدىن توماسنىڭ دەپتىرىنى ئالايىتەن سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە تۈنجى قېتىم 99 نومۇر قويۇپ، كەينىگە تۆۋەندىكى گەپلەرنى يېزىپ قويدى: «ساڭا تولۇق نومۇر قويماسلىقىمدىكى سەۋەب، سەن تېنىڭدىكى جاراھەت تۈپەيلى روھىڭنىمۇ چۈشكۈن قىلىۋاپسەن. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساڭ، دالى مۇئەللىمىڭنىڭمۇ سول پۇتى يوق توكۇر ئىكەنلىكىنى بايقايسەن. ئۇنىڭ كەينىگە ئىنتايىن ئاچچىق بەختسىزلىك يوشۇرۇنغان. ئەمما ئۇ بەخت تۇيغۇلىرىنى رەت قىلىپ باققىنى يوق. ئۇ ئاددىيلا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاللىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئىنتايىن ئەستايىدىل، شاد ـ خورام ياشاۋاتىدۇ».

ئەتىسى دالى خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەكلا سىنىپقا كىرىپ تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى تارقىتىپ بەردى. دەرس ئۆتتى. دەرستىن چۈشۈشكە بەش مىنۇت قالغاندا ئۇ: «ئۇنداقتا بىز تۈنۈگۈنكى مەزمۇننى تەكرارلاپ باقايلى، ئەما ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزىمىز، يەنى ئەگەر رازى بولغان، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەن بولساڭلار پۇتۇڭلارنى يەرگە ئۇرۇڭلار، مانا مۇنداق» دېدى ۋە ئۆزى ئالدى بىلەن كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سول پۇتى يالغان بولغاچقا ئىككى پۇتىنى تەڭ كۆتۈرۈپ سەكرىشى كېرەك ئىدى. قارىماققا بەكمۇ ھەزىل كۆرۈنەتتى.

ئارقىدىنلا سىنىپ ئىچىنى بوران باسقاندەك گۈلدۈر ـ تاراق ئاۋازلار بىر ئالدى. دالى شۇ ئاۋازلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ قاتتىق دۈپۈرلىگەن ئاۋازنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئاڭلاپ يەتتى. ئاۋاز چىقارغۇچىنىڭ كۆزلىرى لىپمۇلىق ياشقا تولغانىدى.

ھەئە، دالى بەختلىك. ئۇ بۇرۇن ئۆز قەلبىدىكى ناھايىتى چوڭقۇر ھەسرەتنى ۋالۋالىغانىدى. ئەمدى يەنە بىر زېدە باسقان يۈرەككە مەلھەم بەردى.

***ھېكمەت:***

***كۆيۈنۈش خۇددى چاپلاشقاق يېلىمغا ئوخشاش سىزنى ۋە ئەتراپىڭىزدىكى سان ـ ساناقسىز كىشىلەرنى چەمبەرچاس ئاجرالماس قىلىۋېتىدۇ.***

www.uyghurkitap.com

## مېھرنىڭ تەبىئىتى

بىرەيلەن بىر چاياننىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ پىرقىراپ ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۇدىن چىقىۋېلىشىغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما چاياننى ئەمدى تۇتاي دېيىشىگىلا چايان ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋاپتۇ. ئۇ نىيىتىدىن يانماي، يەنە چاياننى تۇتاي دېيىشىگە، چايان ئۇنى يەنە چېقىۋاپتۇ. يېنىدا تۇرغان يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— چاقسىمۇ يەنە قۇتقۇزامسەن؟

— چېقىش چاياننىڭ تەبىئىتى، — دەپتۇ ئۇ، — سۆيۈش، مېھىر بولسا مېنىڭ تەبىئىتىم. چاياننىڭ چېقىشىنى دەپلا ئۆزۈمدىكى مېھىر كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت ئىنسانىي تەبىئەتتىن كەچسەم قانداق بولغىنى؟

***ھېكمەت:***

***مېھرنى، ئالىيجاناب ئەخلاقىڭىزنى تاشلىماڭ، ئەتراپىڭىزدىكىلەر سىزگە زىيان سالسىمۇ.***

## پەرۋاسىزلىقنىڭ جەرىمانىسى

بىر موماي نان ئوغرىلىغانلىق سەۋەبلىك سوتلىنىپتۇ. سوراقتا ئۆز جىنايىتىنى ئىقرار قىلىش نۆۋىتى كەلگەندە موماي مۇنداق دەپتۇ: «ئاچ قالغان بالىلىرىمنى بېقىش ئۈچۈن نان كېرەك، دادىسى بىزنى تاشلىۋەتتى. ئىشلەپ بالىلىرىمنى بېقىش ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت ئىزدىدىم، ئەمما قېرىپتىمەن، ھېچكىممۇ مېنى ئىشلىتىشنى خالىمىدى. قانداق قىلاي؟ بالىلىرىم ئېغىزىغا گىياھ سالمىغىلى ئىككى كۈن بولدى...».

سوتچى دەپتۇ: «مەن قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشۈم كېرەك. 20 دوللار جەرىمانە تۆلەمسەن ياكى 20 كۈن قاماقتا ياتامسەن، ئۆزۈڭ تاللا».

شۇ چاغدا، سوتقا قاتناشقان بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممىگە سالام ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ ۋە يانچۇقىدىن 20 دوللار ئېلىپ سوتقا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەمدى ھەممىمىز 50 دوللاردىن جەرىمانە تۆلەيلى. يەنى بىزنىڭ پەرۋاسىزلىقىمىز، ئۆزئارا سوغۇق مۇناسىۋەتلىرىمىز ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيلى. ئۆز بالىلىرىنى نان ئوغرىلاپ باقمىسا بولمىغۇدەك ئېچىنارلىق قىسمەتكە چۈشۈپ قالغان جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيلى».

ھېچكىممۇ مۇنداق كىشىنى چۆچۈتىدىغان كەسكىن ھۆكۈمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ھەممەيلەن ئۈن ـ تىنسىز كېلىپ 50 دوللاردىن پۇل تاشلاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بەرگەن قول ئالغان قولدىن مىڭ ياخشى.***

## ئاجايىپ سۆيۈش

مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان توققۇز نەپەر يۈگۈرۈش ماھىرىنىڭ ھەممىسىلا جىسمانىي ياكى ئەقلىي جەھەتتىن ئەيىبناقلاردىن ئىدى. ئۇلار ھەممىسى رەتلىك تىزىلىپ يۈگۈرۈش سىزىقىدا تۇراتتى. باشلىنىش ئوقى ئېتىلىش بىلەن تەڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار بەسلىشىپ يۈگۈرەشمەيتتى. بەلكى خۇشاللىق ئىلكىدە مۇساپىنى تاماملاپ تۈگەتىسلا بولاتتى.

تۇيۇقسىز بىر بالا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ بىر ئامالالارنى قىلىپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، يەنە يىقىلدى. نەچچە قېتىم تىرىشىپ بېقىپمۇ ئۆرە بولالمىدى ـ دە، ئاخىرى يىغلىۋەتتى. باشقا سەككىز ماھىر ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشتىن توختاپ يىقىلغان سەپدىشى بار تەرەپكە قاراپ بىر دەك يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى ھەمدە «قورقۇش يىغىنىدى كېسىلى» گە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر قىز كەلگەنچە كېلىپ ھېلىقى ئوغۇلنى يېنىك بىرنى سۆيۈپ قويۇپ دېدى: ــ ئەمدى ياخشى بولۇپ قالىسەن. بالا بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۇرۇپ ئاخىرى ئورنىدىن تۇردى ۋە توققۇز ماھىر قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئاخىرقى پەللىگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

مەيداندىكى بارلىق تاماشىبىن ئورنىدىن دەست تۇرۇپ كەتتى. ھاياجانلىق چاۋاكلار ئۇزۇنغىچە ئۈزۈلمىدى.

***ھېكمەت:***
***تەننىڭ، ئەقلىنىڭ كەمتۈكلۈكى ھېچ گەپ ئەمەس. ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئورتاق كۆيۈنۈش تۇيغۇسىنىڭ يوقاپ كېتىشى.***

## ھەقسىز كۈن نۇرى

چاچلىرى سالۋاراپ، ئاقىرىپ كەتكەن بۇ تىلەمچى ئايالنىڭ ھەر كۈنى مۇشۇ يەردە دېنۇر ئەپەندىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆيگە يېقىنلا يەردىكى بىر تاشلاندۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. دېنۇر ئەپەندى پات ـ پات ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا نان ـ پان، كىيىم ـ كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىپ قويىدۇ.

بۈگۈن دېنۇر ئەپەندى قىزىغىمۇ خەير ـ ئېھسانىنى ئۆگىتىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى ئېلىپ چىقتى. قىزچاق ناننى تىلەمچى ئايال تەرەپكە ئېلىپ ماڭغاندا، تىلەمچى ئايالنىڭ چىرايىدا غەلىتە، ئەمما ئوچۇق شادلىق ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى ـ دە، قولىنى

ئۆزىتىپ ماڭدى. ئەمما قولى نانغا ئەمەس، قورقۇمسىراپ تۇرغان قىزچاقنىڭ يۈزلىرىگە كەتتى. قىز قورقۇپ چىرقىرىغىنىچە دادىسىنىڭ كەينىگە ئۆزىنى ئاتتى. تىلەمچى ئايالنىڭ كۆزلىرى يەنىلا قىزچاقنى ئىزدەيتتى. «مېنىڭمۇ مۇشۇنداق قىزىم بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى» دەيتتى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ بوغۇلۇپ يوقاپ كەتمەكتە ئىدى.

دېنۋېر ئەپەندى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ناننى ئايالغا ئېلىپ بەردى. ئايالنىڭ قاسماق، كىر باسقان قوللىرىدا ھېس قىلىپ بولمايدىغان بىر ئىسسىق تەپچىرەپ تۇراتتى.

— دادا، كەچۈرۈڭ، — دېدى قىز ئۆيگە كېلىپلا دادىسىغا، — مەن ياخشى قىلمىدىم.

— قىزىم، — دېدى دېنۋېر ئەپەندى قىزىنىڭ بېشىنى سىيلىغاچ، — تولا ھاللاردا بىز ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايمىز. ئەمما ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، مېھىر - شەپقەت ئاپتاپقا، كۈن نۇرىغا ئوخشايدۇ. بىز ھەممە يەرنى بۇرۇنقىدەك زور يورۇقلۇققا ئايلاندۇرالمىساقمۇ كىچىككىنە بولۇڭ - بۇرجەكنى يورۇتقۇدەك نۇرغا بولسىمۇ ئايلىنىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. قىلالمىساقمۇ قىلغۇمىز بار ئىشلارغا، بىزدىن ياخشىلارغا ئىززەت كۆرسىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

***ھېكمەت:***

***كۆيۈنۈش ئېغىزدىكى گەپ، روھىي جەھەتتىكى تەسەللىلا ئەمەس، ئەمەلىي قوللاش، ماددىي جەھەتتىكى ياردەممۇ بولۇشى كېرەك.***

## ياردەم پىرىنسىپى

نيۇيورك قار كۆپ ياغىدىغان شەھەر. قىش كۈنلىرى ھۆشقىيتىپ تۇرغان قار كۆزنى ئاچۇرمايدۇ. نەپەسلىنىشمۇ تەسكە توختايدۇ. تۇنۇگۈنلا شۇنداق ئۇچۇق قالغان ھاۋا ئەتىسى ئەتىگەنگىچە زېمىننى ئاپئاق قارغا كۆمۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن شىركەت، سودا سارايلار ئىش، سودا توختىتىشقا، مەكتەپلەرمۇ دەرس توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما كىشىنى تاڭ قالدۇرۇپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر قارنىڭ قانچىلىك كۆپ، قاتتىق يېغىشىدىن قەتئىينەزەر ئوقۇتۇش توختاتمايدۇ. سىرىق رەڭلىك مەكتەپ مىنىبۇسلىرى جاپا تارتسىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئالغىلى بارىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماشىنا ئالدىدىكى دۆۋىلىنىپ قالغان قارلارنى گۈرجەك بىلەن تازىلاپ، ئېغىز - بۇرنىدىن قويۇق ئىس پۈرقۇپ ئېھتىيات بىلەن مەكتەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەر قاچان كۆرگىلى بولىدۇ.

قېلىن قار ياغقان بەزى كۈنلىرى قىسمەن ئاتا - ئانىلار مەكتەپنى تىللىغىنىچە تېلېفون ئالىدۇ. ئەمما سىل تۇرۇپلا ھەممىسىنىڭ تەلەپپۇزى يۇمشاپ، قايتا - قايتا

كەچۈرۈم سوراپ، ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تېلېفوننى قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مەكتەپلەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويى بار: نيۇيورك بايلار توپلاشقان شەھەر. شۇنداقلا كەمبەغەل ئائىلىلەرمۇ تالاي. ھەتتا بەزىلىرى كۈندۈزى پارۋايلىرىنى ئېچىشقىمۇ، بالىلىرىنىڭ چۈشلۈك تامىقىغىمۇ چىقىنالمايدۇ. بالىلىرى مەكتەپ چۈشلۈكى بېرىدىغان ھەقسىز تاماققا قارايدۇ (ھەتتا كۆپرەك ئەكىتىپ كەچلىك تاماق قىلىسىمۇ بولىدۇ). مەكتەپ بىر كۈن ئوقۇش توختاتتى دېگەن گەپ ئاشۇ كەمبەغەل ئائىلىنىڭ بالىلىرى بىر كۈن سوغۇقتا، ئاچ قالدى دېگەن گەپ. مۇئەللىملەر جاپا تارتسىمۇ بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خارلىقتا قېلىشىغا چىدىمايدۇ.

يەنە بەزى ئاتا ـ ئانىلار: «ئۇنداقتا بايلارنىڭ بالىلىرى مەكتەپكە بارمىسا، كەمبەغەل ئائىلىنىڭ بالىلىرى بېرىپ ئىسسىقتىن، تاماقتىن بەھرىمەن بولسا بولىۋېرىدىغۇ» دەپتۇ. مەكتەپنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاڭ:

بىز ئاشۇ نامرات بالىلارنىڭ قۇتقۇزۇشقا، ياردەمگە ئېرىشكەنلىكىنى سېزىپ قېلىشىنى خالىمايمىز. سەدىقە ـ ئېھسان، ياردەم بېرىشتىكى پىرىنسىپ ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش!

***ھېكمەت:***

***مېھىر ـ شەپقەت، كۆيۈنۈش باراۋەرلىك، قارشى تەرەپنىڭ ئىززىتىنى قوغداش ئاساسىدا بولغىنى ياخشى.***

## باھار گۈللىرى

يەكشەنبە ئەتىگەن. ۋېرانە كېيىنگەن بىر بالا لىققىدە گۈل بېسىلغان بىر ھارۋىنى سۆرەپ كەلمەكتە. كۆزى ئەتراپتا... ئۇ بىر كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ توختىدى. بۇ يەرنىڭ بازار باشقۇرۇشى بەك چىڭ ئەمەس، ساقچىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما ئۇ يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس. يۈرىكى پوك ـ پوك.

ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. دېگەندەك ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ساقچى ئۇۋ مارىلىغان ئىتتەك تىمىسقىلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھەقىقەتەن سەزگۈر، بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئۇۋ ھىدىدىن كېڭىيىپ كېتىپتۇ... قۇياش پارلاپ تۇرغان يەكشەنبە... ئەتىگەن... نامەلۇم بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك دەككە ـ دۈككە ئەنسىزلىك، گۈل ساتقۇچى بالا...

ـ كىنىشكا!

پۇقراچە كىيىنىۋالغان ساقچىلار قوپاللىق بىلەن سوراشتى. بالىدا ئەلۋەتتە گۈل سېتىش تىجارەت كىنىشكىسى يوق.

ساقچىلاردىن بىرى قول ھارۋىسىغا ئېسىلدى. پاھ! ئۇنىڭ كۈچى بار ئىكەن.

مۇنداقلا كۆچەپ قويۇۋىدى، ھارۋىدىكى نەرسىلەر پۈتۈنلەي چېچىلىپ چۈشتى. كوچا
ئېغىزى ئەمدىلا ئېچىلغان خۇش پۇراق باھار گۈللىرى بىلەن قاپلاندى. ئۇن ياشلارغا
كىرگەن بالا تىرىكچىلىك مەنبەسى بولغان سۆيۈملۈك گۈللىرىنىڭ چېچىلىپ ياتقان
ھالىتىگە ھاڭقىيىپ قاراپ قالدى.

ئەتراپتىكىلەردىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. بىر ئايال، پەقەتلا بىر ئايال ئېغىز
ئاچتى.

— بەك ياخشى قىلدىڭلار ئەپەندىلەر! قاراڭلار، ھەر قېتىم مۇشۇنداق قىلىڭ
ماڭساڭلار، ئۇزۇنغا بارمايلا بۇ كوچا، بۇ سودا سارايلىرىنى پاك ـ پاكىز قۇرۇقداپ
چىقالايسىلەر. بەلەن ئۇسۇل، بەلەن چارە!

كوچىنىڭ ئېغىزىدىن يەنە بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇ چېچىلىپ ياتقان گۈللەرگە
قارىدى. گۈل ساتقۇچى بالىغا سەپسالدى. ھېلىقى ئايالغا، ساقچىلارغا نەزىرىنى
ئاغدۇردى. ئاندىن گەپ قىلماي بىر سىقىم گۈلنى تېرىپ، بالىغا قاراپ ماڭدى. گۈلنىڭ
پۇلىنى تۆلەپ قويۇپ قارىماي كەتتى. يەنە بىر ئايال… يەنە بىرى… تۆتى… 15 ئايال
ھېچكىممۇ گەپ قىلمىدى. بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. گۈلنىڭ باھاسىنىمۇ
سورىمىدى. پۇل تۆلەپ، گۈلنى ئېلىپلا كەتتى. ساقچىلار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى.
ئەمما ئۇلار نېمىمۇ قىلالايتتى؟ بۇ سېتىلىدىغان، سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك گۈللەر
ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۈل سېتىۋېلىش ئىستىكىنى توسۇپ قالالمايتتى.

ئۇن مىنۇتقىمۇ بارمىدى، يەردە بىر تالمۇ گۈل قالمىدى.

***ھېكمەت:***
***كۆيۈنۈش باھار گۈللىرىگە ئوخشاش ئەتراپقا خۇش پۇراق تارقىتىدۇ.***

## كېپىنەك تۇتقۇچى قىزچاق

بىلىق تۇتۇشقا ھېرىسمەن بىر ئەر ـ خوتۇننىڭ بېلىق تۇتۇشقا ئۈچ يەتتە
ياشلاردىكى بىر قىزى بار ئىكەن. ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى، قوشنىلار قىزچاقنىڭ
ئاچچىق يىغىسىنى ئاڭلايتتى.

ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بىر چۈشتىن كېيىنكى مەزگىلدە، دادىسى قىزنىڭ
قوڭغۇراقتەك زىل، شاد كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ كارىدوردىن قارىسا، قىزى بېلىقنىڭ
قارمىقىغا بىر تال ئەتىرگۈلنى ئۆتكۈزۈپ كۈلۈپ يۈرۈۋاتقۇدەك. رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر
قىزچاق تۇتۇۋالغان قارماقتىكى ئاشۇ بىر تال ئەتىرگۈلنى چۆرىدەپ ئۇچۇپ يۈرگۈدەك،
دادىسى قىزىقىپ چىقىپ قىزىدىن نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— مەن ئەتىرگۈلنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ ناھايىتى چىرايلىق بىر تال كېپىنەك
تۇتتۇم، دادا، — دەپتۇ قىز شوخلۇق بىلەن، — مەن سىلەر بىلەن بېلىق تۇتۇشقا

بارغىلى، ئەشۇ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلارغا ئوينىغىلى بارغىلى ئامراق. ئەمما مېنىڭ ئاشۇ ئۇچلۇق قارماقنىڭ بىلىقنىڭ پوكىنىدىن تېشىپ ئۆتۈپ جان تالاشقىنىنى كۆرگۈم يوق.

دادىسىنىڭ يۈرىكى ئاچچىق بىر سىلكىنىپ توختاپتۇ. قۇياش قىزىنىڭ يۈزىدە، پەلكىسىدە ئويناپتى. قىز چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا پەرىشتىدەك ئوماق كۆرۈنەتتى. قارماققا ئېسىلىپ تۇرغان ئەتىرگۈل ئەترايىقا خۇش پۇراق تارقىتىپ، تېخىمۇ نۇرغۇن، تېخىمۇ چىرايلىق رەڭگارەڭ كېپىنەكلەرنى ئۆزىگە تارتاتتى. قىزچاق قارماق ئويناشتىن كېلىدىغان ھەقىقىي، ساپ خۇشاللىققا ئېرىشكەندەك كۈلۈپ، يايراپ ئويناۋاتاتتى.

***ھېكمەت:***
***ئاق كۆڭۈللۈك كەم ئۇچرايدىغان بايلىق، كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گۈزەللىك.***

## يامانغا ھېچكىم يولىماس

بىر كۈنى ھەرە پادىشاھى كۆكۈيۈننىڭ ئورمانلىقتا ئۇچرىغانلىكى جان ـ جانىۋارلارنى چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. كۆكۈيۈن يالغان ۋەدە بېرىپ قۇتۇلماقچى بوپتۇ، بىراق ھەرە پادىشاھى ئۇنىڭغا ياغاچ، بادرا ۋە ئوت ـ چۆپ توشۇپ كېلىپ، بىر ئېغىز ئۆي ياساشقا بۇيرۇپتۇ ۋە:

ــ ئەگەر ئۆينى ۋاقتىدا پۈتتۈرەلمەيدىكەنسەن، ئورمانلىقتىن ھەيدىۋېتىمەن، ــ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

كۆكۈيۈن ئۆينى قانداقمۇ ياسارمەن، دەپ باش قاتۇرۇپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا ئات ئۇچراپ قاپتۇ. كۆكۈيۈن بىچارە قىياپەتتە:

ــ ئات ئاكا، بېشىمغا كۈن چۈشتى، ماڭا تاغدىن سەككىز تال ياغاچ ئەكېلىپ بەرسىڭىز، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئات بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئېچىدە: كۆكۈيۈن يىل بويى مېنى چېقىپ يۈرسە، مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەنمۇ؟ ياق، مەن ئۇنى ئالداپ قوياي، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

ــ بولىدۇ، كېيىنرەك ۋاقتىم چىقسا، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كۆكۈيۈن كالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ كالا ھەدە، چوڭ پالاكەتكە يولۇقتۇم، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، تاغدىن 30 تال بادرا توشۇپ بەرگەن بولسىڭىز، ــ دەپ يېلىنىپتۇ. كالا بولسا ئۇنىڭ قىلچە رەھىم قىلماي نەشتەر سانجىپ چېقىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ ـ دە:

ــ كۆرمىدىڭمۇ؟ مەن ناھايىتى ئالدىراش، ــ دېگىنىچە قۇيرۇقىنى تىك قىلىپ چېپىپ كېتىپ قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

كۆكۈيۈن بىر توپ قويلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

– قوي دوستلار، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى چاقمايمەن. مەرھەمەت قىلىپ ماڭا بىر باغلامدىن چۆپ توشۇپ بەرسەڭلار، – دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. قويلار ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ياۋاشلىقىدىن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي:

– قېنى، بىز مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە ھەممىسى بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ جىم تۇرۇۋاپتۇ.

– ھېچكىم ماڭا ھەمكارلىشىشنى خالىمىدى، – دەپ زارلاپتۇ كۆكۈيۈن ھەرە پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەرە پادىشاھى ئۇنىڭغا:

– سەن ھەر دائىم باشقىلارنىڭ قېنىنى شوراپ كەلدىڭ، شۇڭلاشقا ھېچكىمدىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيسەن! – دەپتۇ ۋە ئۇنى ئورمانلىقتىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

بىچارە قالغان كۆكۈيۈن ھەر يەردە ماكانسىز ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. تا ھازىرغىچە كۆكۈيۈننى كۆرگەن ئاتلار بېشىنى لىڭشىتىپ يالغاندىن ماقۇل دېيىدىكەن، كالىلار قۇيرۇقىنى تىك قىلىپ ئالدىراش چېپىپ كېتىدىكەن، قويلار بولسا باشلىرىنى بىر يەرگە ئېڭىشتۈرۈپ كېڭەش قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدىكەن.

ھېكمەت:

«بۇ ئۆتنە ئالەم» دېيىلگەن گەپ بار، ھەقىقەتەنمۇ مەن بىراۋغا ياخشىلىق قىلسام ئايلىنىپ كېلىپ كىشىلەردىن ياخشىلىق كۆرىمەن، يامانلىق قىلسامم ھامان بىر كۈنى جازاسىنى يەيمەن. بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرى ھامان ئۆزىگە يېنىپ تۇرىدۇ. «تەدبىرنىڭگە بېقىپ تەقدىرىڭ» دېگەندەك ئىشلار ئەتراپىمىزدا جىق.

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلالىسىڭىز قىلىڭكى، ھەرگىزمۇ يامانلىق قىلغۇچى بولماڭ. بىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسىڭىز، بۇ خىل ئازارلىق ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە بىئارام قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا ئىشەنمەس قىلىۋېتىدۇ. سىزنىڭ ئادەتكىچە يامانلىقىڭىزمۇ ئۇنىڭ كىشىلەرگە بولغان سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل دوستلۇقىنى يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ كازازاپلىقىڭىز تۈپەيلى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىڭىز يالغۇز قېلىپ كىشىلەر بىلەن ئالاقىمۇ قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ھ

ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق. ياخشىلىق كۆرەي دېسىڭىز، ئەڭ ئالدى بىلەن ياخشىلىق قىلىڭ.

## ئالتۇن قەدرىنى بىلىدىغانلار بىلەن قىممەتلىك

خوراز قىغىنىڭ ئارىسىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، بىر تال مەرۋايىت تېپىۋاپتۇ.

– مۇشۇمۇ نەرسىمۇ، – دەپتۇ ئۇ، – نېمىگە پايدىسى بار. ئادەمزات دېگەنغۇ ئەخمەق، بۇنى ئۆزلىرىچە ئەتىۋار نېمە قىلىشىۋالىدىكەن. مېنىڭچە بولسا، بۇنىڭ

ئورنىغا بىر تال دان تېپىۋالغان بولسام قالتىس ئوبدان بولاتتى. دان مەرۋايىتتەك چىرايلىق بولمىسىمۇ قورساققا ئارام ـ دە.(بۇ مەسەل كىرىلوۋنىڭ).

*ھېكمەت:*

*بۇ مەسەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مۇنداق ئىككى خىل خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن.*

*بىرى: ئەگەردە سەن مەلۇم بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى تونۇمىساڭ، ئۇ ساڭا نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. يەنى شۇ قەدەر مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك، ھەقىقەتەنمۇ قەدرىنى بىلىدىغانلار بولمىسا غېرىبسىنىپ قالىدۇ ياكى قەدرىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ نەزىرىدە سەپسەتە سانىلىدۇ.*

*يەنە بىرى، ئەگەردە ھەر قانچە بىباھا قىممەتلىك نەرسە بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ماسلاشمايدىكەن، يەنىلا قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: مەرۋايىت بىباھا قىممەتلىك نەرسە، ئەمما خوراز ئۈچۈن ئەرزىمەس ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا لازىمى قورساق تويغۇزغىلى بولىدىغان دان. شېئىر ناھايىتىمۇ لىرىك، پاكىز تۇيغۇ. ئەمما قەبىھ، زالىم بىر جاللات ئۈچۈن ئۇ تېتىقسىز بىر نەرسە سانىلىشى مۇمكىن.*

*ھەقىقەت ئۇنى تونۇيدىغان ۋە لازىم قىلىدىغانلارنىڭ قېشىدا قىممەتلىك. بىلىممۇ، بىلىملىك كىشىلەرمۇ دەل شۇنداق.*

## ئەگەر پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، بۆگۈن كۆچەپ ئىجتىھات قىل

بىر تاغ باغرىدا بىر جۈپ توشقان ياشايدىكەن. باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇلار بىر جۈپ پەرزەنت كۆرۈپتۇ.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپتۇ. بۆجەنلەرمۇ تېز چوڭىيىشقا باشلاپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىكەنكى، ئۇلارغا ھېچ ئىشنى قىلدۇرمايدىكەن. ھەتتا ئىچىدىغان سۈيىدىن تارتىپ يەيدىغان ئوزۇقلىرىغىچە ھەممىنى ئۆزلىرى ئەكىلىپ بېرىدىكەن. بارا ـ بارا بۆجەنلەرمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىپ، ئويناشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن توشقانلار ئامالسىزلىقتىن بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپتۇ.

ـ بالىلىرىم، ـ دەپتۇ ئۇلار، ـ قېرىپ ھالىمىزدىن كەتتۇق، سىلەرگە ئوزۇق تېپىپ بەرگۈدەك ماجالىمىز قالمىدى. ئەمدى بۇ ئىش ئۆزۈڭلارغا باغلىق بولۇپ قالدى.

بۆجەنلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ. قورساقنىڭ ئاچلىقى ئۇلارنى ئوزۇق ئىزدەشكە مەجبۇر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولغا چىقىپتۇ.

بۆجەنلەر تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىنى كۆزلەپ مېڭىپتۇ، ماڭا ـ ماڭا ئۇلارنىڭ

پۇتلىرى ئاغرىپتۇ، قورسىقى ئېچىپ ھالى قالماپتۇ. بىرىق كالپۇكلىرى تىنىمسىز تىترەپتۇ، لېكىن يېگۈدەك ھېچنەرسە تاپالماپتۇ.

ئەتراپ ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشىشقا باشلاپتۇ. ھالسىزلىنىپ ئاران - ئاران قەدەم بېسىۋاتقان بۆجەنىلەر ئاتا - ئانىسىدىن ئاغرىنىپ، ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ دەرد تۆكۈشۈپتۇ:

— ئەي، — دەپتۇ بىرى ئۇھ تارتىپ، — ئاتا - ئانىمىز نېمىشقا بىزنى ئوزۇق تېپىشقا ئۆگەتمىدىكىن! كىچىكىمىزدىن تارتىپ بۇ ئىشقا كۆنگەن بولساق، ئاچ قالمىغان بولاتتۇق.

— ئۆزىمىزدىمۇ سەۋەنلىك بار. بۇ ئىشلارنى ئۆزلۈكىمىزدىن ئۆگەنسەكمۇ بولاتتى، مانا ئەمدى ئويۇنقېپىلىقنىڭ دەردىنى تازا تارتىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ يەنە بىرى يىغلامسىراپ.

شۇنداق قىلىپ، قىلاڭغۇ چۈشۈپتۇ. بىچارە بۆجەنىلەر تۈن قاراڭغۇسىدا ھېچ يەرنى پەرق ئېتەلمەي، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ قېلىشىپتۇ…

بۆجەنىلەرنىڭ ئۇزۇق تېپىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان توشقانلار كەچ كىرگۈچە باللىرىنى كۈتۈپتۇ، بىراق ئۇلار ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىمۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. توشقانلار ھەر قانچە ئىزدەپمۇ ئۇلارنى تاپالماپتۇ. شۇ چاغدىلا، توشقانلار ئۆز باللىرىنى ئەمگەك قىلىشقا ئۆگەتمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***

*ئاتا - ئانا بىز ئۈچۈن تەۋەررۇك يۆلەك، كۆيۈنگۈچى، بىزنى ھەر ۋاقىت ئاسراپ، ئاۋايلىغۇچى غەمگۇزار پاسىبان. ھەقىقەتەنمۇ ئاتا - ئانىلار بىز ئۈچۈن ھەممە، ھەممە نەرسىسىنى بەدەل قىلىپ بېرىشكە ھەر قاچان تەيياردۇر.*

*ئەمما، ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاتا - ئانا بىزگە مەڭگۈلۈك باقىۋەندە ئەمەس. مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، بىز ھامان ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىمىز. ئاتا - ئانىمىزمۇ بىزنى مەڭگۈ يۆلەپ بولالمايدۇ. بىز ئەنە شۇنداق چاغدا قانداق ياشايمىز، بۇ ھەقتە ئاتا - ئانىمىز بارىدا ياخشى ئويلانمىساق بولمايدۇ.*

*ھەممىلا ئىشتا ئاتا - ئانىمىزغا تايىنىۋالمايلى. بەلكى ئۇلاردىن ئىش ئۆگىنەيلى ۋە ئۆزىمىز مۇستەقىل ئىش قىلىش، ئىش بېجىرىشنى بىلىۋالايلى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىنى ياخشى كۆزىتىپ ماھارەت، ئادىمگەرچىلىك، كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنەيلى. بىراۋ يۆلىمىسىمۇ ماڭالىشىمىز كېرەككۇ ئاخىر.*

# ھەممىمىزنىڭ ئورنى بار

بىر يىلاننىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقى تالاش ـ تارتىش قىلىپ قاپتۇ.

ــ مەن ئۇلۇغ! ــ دەپتۇ يىلاننىڭ بېشى قۇيرۇقىغا.

ــ مەن ئۇلۇغ! ــ دەپتۇ يىلاننىڭ قۇيرۇقى بېشىغا.

ــ مېنىڭ قۇلىقىم بار ئاڭلىيالايمەن، ــ دەپتۇ يىلاننىڭ بېشى، ــ كۆزۈم بار كۆرەلەيمەن. ئاغزىم بار يېيەلەيمەن، ماڭغاندا ئەڭ ئالدىدا ماڭىمەن، شۇڭا مەن ئۇلۇغ. سېنىڭ بۇنداق كارامەتلىرىڭ يوق، ئۇلۇغ بولالمايسەن.

ــ سېنى ئالدىدا ماڭدۇرۇۋاتقان مەن، ــ دەپتۇ قۇيرۇق، ــ ئەگەر مەن خالىمىسام... ــ قۇيرۇق دەرەخكە ئۈچ ئايلانما بولۇپ ئورىلىۋاپتۇ. ئۈچ كۈنگىچە ئاجرىماپتۇ. باش ئوزۇق ئىزدەپ بارالماي كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئۆلۈشكە ئازلا قاپتۇ.

باش ئىلاجسىز قۇيرۇققا يالۋۇرۇپتۇ:

ــ قويۇۋەتكىن، سەن ئۇلۇغ.

قۇيرۇق باشنىڭ ئۇتتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال قويۇۋېتىپتۇ.

ــ سەن ئۇلۇغ ئىكەنسەن، ئالدىدا سەن ماڭ! ــ دەپتۇ باش.

شۇنىڭ بىلەن قۇيرۇق ئالدىدا، باش كەينىدە مېڭىپتۇ. بىر قانچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاققا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىر تەن، بىر كوللېكتىپقا نىسبەتەن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان بۆلەك بولمايدۇ. بۇنى ئەگەر دە بىر تەنگە تەدبىقلىساق، قارىماققا باش، مېڭە بىزنىڭ بارلىق پائالىيىتىمىزنى كونترول قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما ھەربىر ئەزايىمىز ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىك، ئۈستۈنلۈككە ئىگە. قېنى كىم مېنىڭ قولۇم بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ دېيەلەيدۇ؟ ھەتتا قېنى كىم تىرنىقىم بولمىسىمۇ مەيلى دېيەلەيدۇ؟ دېمەككى، بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى، رولى بار. ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە بىر نەرسە ھەرگىز بېسىپ بولالمايدۇ. شۇڭا ھەممىسىنىڭ ئۆز رولىنى ئوينىغىنى ياخشى.***

***سىز مەيلى قانچىلىك ئىقتىدارلىق ياكى سىنىپ، مەكتەپ ياكى مەلۇم بىر كوللېكتىپ، ئەترەت ئىچىدە مۇھىم ئەزا بولۇپ كېتىڭ، ھامان كوللېكتىپنىڭ بارلىق ئەزاسىز سىز ياخشى رول ئوينىيالمايسىز. شۇڭا ھېچكىمنى چەتكە قاقماڭ، كۆزگە ئىلمايدىغان ئىشنى قىلماڭ. بەلكى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەڭ.***

## ۋەدە بەرمە، بەرسەڭ ۋاپا قىل

بۇرۇن مۇشۇك موزدۇز ئىكەن. ئۇ دائىم: «ئۆتۈك تىكىپ بېرىمەن» دەپ باشقىلاردىن پۇل ئالىدىكەن ـ دە، ئۆتۈكنى تىكمەستىن، پۇلنى خەجلەپ، كەيپ ـ ساپا سۈرۈپ يۈرىدىكەن. پۇلنىڭ ئىگىلىرى ئۆتۈكنى سوراپ كەلسە، «ئەتە پۈتىدۇ، ئۆگۈن پۈتىدۇ» دەپ ئەتىسى تۈگىمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئىتقا ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، كۆيۈنگەن قىياپەتتە:

ـ ۋاي ئىت دوستۇم، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى، سەن تېخىچە يالاڭئاياغ يۈرۈپسەنا! بۇ بولماپتۇ، مەن ساڭا ئۆتۈك تىكىپ بېرەي جۇمۇ! ـ دەپتۇ.

بۇ تەكلىپ ئىتقا ناھايىتى يېقىپتۇ. ئۇمۇ ئۇزۇندىن بېرى بىر ئۆتۈك ئېلىش ئۈچۈن پۇل يىغىپ يۈرگەنىكەن.

ـ ناھايىتى ياخشى بولدى، پۇلنى ھازىرلا تۆلەۋېتەي، ئوبدانراق تىكىپ بەرسەڭ، ـ دەپتۇ ئىت.

ـ ۋاي ئاداش، مەن تىككەن ئۆتۈكنىڭ ئۇسال چىققىنىنى كىم كۆرۈپتۇ، ساڭا تېخىمۇ ئوبدان تىكىمەن دېگىنە. بىر ھەپتىدىلا پۈتىدۇ، ـ دەپتۇ مۇشۇك.

ئىت پۇلنى مۇشۇككە بېرىپتۇ ـ دە، ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. مۇشۇك بولسا ئۇدۇل بازارغا بېرىپ، ئىتنىڭ پۇلىغا كۆزىگە نېمە چىرايلىق كۆرۈنسە شۇنى ئېلىپ يەپ ـ ئىچىپتۇ.

ئىت بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆتۈكنى ئالغىلى مۇشۇكنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. مۇشۇك چالا مەست بولۇپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئىت ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا مۇشۇك ئويغىنىپ ئىتنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ناھايىتى خىجىل بولغان قىياپەتتە:

ـ ۋاي ئاداش، بۇ ھەپتە ناھايىتى جىددىي ئىش چىقىپ قېلىپ ئۆتۈكنى تىكەلمىدىم، خاپا بولمىساڭ، كېلەر ھەپتىدە پۈتتۈرۈپ بەرسەم، ـ دەپتۇ.

ئىت ماقۇل بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ ئىت يەنە كەپتۇ. مۇشۇك تېخىمۇ خىجىل بولغان قىياپەتتە، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىشنى دەپتۇ. شۇ يوسۇندا نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۆتۈك تىكىلمەپتۇ، ئىتمۇ زېرىكمەي كېلىۋېرىپتۇ. مۇشۇكنىڭ «يەنە بىر ھەپتە» سى تۈگىمەپتۇ. ئارىدىن بىر قىش ئۆتۈپ، يەنە بىر قىش كەپتۇ. مۇشۇك تېخىچە ئىتنىڭ ئۆتۈكىنى تىكىپ بەرمەپتۇ. ئاخىر ئىتنىڭ تاقىتى قالماپتۇ ـ دە، مۇشۇكنىڭ شىلىلىسىدىن قاماپلا:

ـ ياكى پۇلنى بەر، ياكى ئۆتۈكنى! ـ دەپ بوغۇشقا باشلاپتۇ.

مۇشۇكنىڭ پۈتلىرىدا جان قالماپتۇ. ئۇ ئىتقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئالداشقا باشلاپتۇ.

ـ ۋاي ئاداش، مانا ھازىر تىكىمەن، كېچىچە پۈتىدۇ، ـ دەپتۇ ـ دە «پۇپ ـ پۇپ» دەپ

يىپ سىيرىشقا باشلاپتۇ.

ئىت ئەتىسى ئۆتۆكنى ئالغىلى كەلسە، مۈشۈك ئۆيدە يوق ئىكەن. ئىت ئۇنى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالماپتۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شۇنىڭدىن بۇيان مۈشۈك ئىتنىڭ قارىسىنى كۆرسە بەدەر قاچىدىكەن. ئىت بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا، «پۇپ ـ پۇپ» قىلىپ يىپ سىيرىپ، ئۆتۆك تىكمۇاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدىكەن.

***ھېكمەت:***

***ۋەدە بىراۋغا بەرگەن ئەھدە ـ قەسەمدۇر. بىز مەيلى چوڭ ئىش بولسۇن ياكى ئەڭ ئادەتتىكى كىچىك ئىشلاردا بولسۇن، بىراۋغا ۋەدە بەرگەن ئىكەنمىز، جەزمەن ۋەدىمىزدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ھەرگىزمۇ ۋەدە بېرىپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغان كاززاپلىق، يالغانچىلىق قىلماسلىقىمىز لازىمدۇر.***

***بىراۋغا ۋەدە بېرىشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلىنىڭ. ئۇ مەيلى سىز قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغان ئىش بولسۇن، ھەرگىزمۇ پوچىلىق قىلماڭ. قىلالمايدىغان ئىشقا ھەرگىز ۋەدە بەرمەڭ ھەم قىلالايمەن دېمەڭ. قىلالايدىغان ئىشقىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى، ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ ئاندىن ۋەدە بېرىڭ. ۋەدە بەرگەن ئىكەنسىز، جان كەتسىمۇ ۋەدىڭىزنى ئورۇنلاڭ. ھەتتا دۈشمىنىڭىزگە، سىزنىڭ خوشىڭىز يوق بىراۋغا ۋەدە بەرگەن بولسىڭىزمۇ جەزمەن ئۇنى ئورۇنلاڭ.***

***ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ۋەدە ـ ئەھدىسىدە چىڭ تۇرساق، ئاندىن بىزدىن سەمىمىيەتسىزلىك، يالغانچىلىق يوقىلىدۇ.***

## ۋەتەنسىزگە گۆرمۇ يوق

ئىككى چىۋىن ماكانىنى تاشلاپ چەت ئەلگە كەتمەكچى بوپتۇ ۋە قوشنىسى ھەسەل ھەرىسىنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېتىشكە ئۈندەپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆزلىرى بارماقچى بولغان ئاجايىپ ـ غارايىپ يىراق يۇرتنى شاتۇتىدىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە قالتىس تەسۋىرلەپ بېرىپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن كۆڭلى رەنجىگەن تەرەپلەرنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ـ بىز نەدىلا بولساق، كىشىلەر دەرھال بىرلىشىپ بىزنى قوغلايدۇ، بىزگە بەك قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ (ئادەملەر شۇ قەدەر نومۇسسىزكى، ئۇلارنى مەخلۇق دېيىشكىمۇ بولىدۇ!) بىزگە گۆش نانلارنى يېگىلى قويمايدۇ، نەدە ئېسىلرەك يېمەكلىك بولسا، ئۇستىنى تۇۋاق بىلەن مەھكەم يېپىپ قويىدۇ، بىزنى يېقىنىمۇ كەلتۈرمەيدۇ! ئۇلارنىڭ ئارام ئالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنايلى دېسەك، رەزىل ئۆمۈچۈكنىڭ بالاسى!

ـ ئۇنداق بولسا، ـ دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى چىۋىنلەرگە جاۋاب بېرىپ، ـ سەپىرىڭلار قۇتلۇق بولسۇن. ماڭا ئۆزۈمنىڭ سەھراسى ياخشى ئوخشايدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ

ھەسلى بىلەن پۇقرادىن تارتىپ ئاقسۆڭەككىچە ھەممە ئادەمنىڭ، ھەممە يەردە ھىمايىسىگە ئېرىشكۈدەكمەن. بۇ يەردە قاياقتا ئۇچسامىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەركى، ھەممىلا يەردە ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. نەگە بارساڭلارمۇ سىلەرنىڭ پىلىڭلار بوۋقە شۇڭا ھۆرمەت ۋە ھىمايە تەمە قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئۇ يەردىمۇ بۇ يەردىكىگە ئوخشاش سىلەرنى پەقەت ئۆمۈچۈكلا قارشى ئالىدۇ. (بۇ مەسەل كىرىلوۋنىڭ.)

***ھېكمەت:***

***ئۆز ئېلىگە تۆزكورلۇق قىلغان ئىنسانىنى ھەممە ئىنسان يەكلەيدۇ. سەن ئۆز ۋەتىنىڭگە، كىشىلەرگە يامانلىق قىلساڭ، ئۆز قېرىنداشلىرىڭغا بەدنىيەتلىك قىلساڭ، جاھاندا يەنە كىملەرگە ياخشىلىق قىلىپ، كىملەرنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشەلىشىڭ مۇمكىن؟ ئۆز ئېلىڭ ۋە ئېلىڭدە كۆرەلمىگەن راھەت، خۇۋلۇقنى باشقا جايدا كۆرەلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما ۋەتەن، يۇرت سۆيگۈ مېھرىنى يەنە بىر ئەلدىن تاپالىشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.***

***ۋەتەن راھەت ئەمەس، ئەمما ئۇ بەخت، بەختنىڭ ھەممىسىنىڭلا راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە بولۇشى ناتايىن. بەزىلەر راھەت ـ پاراغەت ئىچىدىمۇ ئۆلۈكتەك سۆرىلىپ، ھەتتا زارۇ زار يىغلاپ، قاقشاپ ئۆتىدۇ، يەنە بەزىلەر يوقسۇزلۇق ئىچىدىمۇ شاد ـ خۇرام ياشايدىغۇ.***

***يۇرت، ۋەتىنىڭگە ئەڭ ئۇلۇق مېھرىڭنى بەر ھەمدە پۈتۈن ياخشى نىيەت ـ ئىقبالىڭ بىلەن ۋەتىنىڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىش. شۇ چاغدىلا ھەممە سېنى سۆيگەي.***

## ھەقىقىي دۈشمەن زادى كىم؟

شىر پادىشاھ چىپار قويلارغا ناھايىتى ئۆچ ئىكەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتمىگۈەتسىلا بولمىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا جىق ۋاقتىمۇ كەتمەيدۇ. بىراق بۇنداق قىلغاندا چوڭ خاتالىق ئۆتكەن بولىدۇ. چۈنكى ئورماندىكى ھايۋانلار ئۇنى مۇشۇنداق قىلسۇن دەپ پادىشاھ قىلغان ئەمەس ـ تە. ئۇنىڭ ئالىي مەرتىۋىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالىشى زالىملىقتا ئەمەس، بەلكى ئادىللىقتا باغلىق. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ چىپار قوينى كۆرەرگە كۆزى يوق. خوش، شۇنداق ئىكەن، قانداق قىلغاندا ئابرۇيىنىمۇ ساقلاپ قالغىلى، كۆزىگە قادالغان بۇ مىخنىمۇ يوقاتقىلى بولىدۇ؟ ئۇ ئېيىق بىلەن تۈلكىنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ باش قېتىنچىلىقىنى بۇ ئىككى سادىق ۋەزىرگە بايان قىپتۇ:

ـ چىپار قويغا قارىسام لا كۆزلىرىم تورلىشىپ كېتىدۇ، مېنىڭچە، چىپار قوي كۆزگە ئىنتايىن زىيانلىق نەرسە. قارىغاندا ئاشۇ قويلار ئاخىر كۆزۈمنى قارىغۇ قىلىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ نېمىلەرنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى زادىلا بىلەلمەيۋاتىمەن.

ئېيىق تەرىنى تۈرۈپ، كۆزىنى چەكچەيتكەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

ــ كارامەتلىك شاھىم، مېنىڭچە بۇ ئىشنىڭ يولى ناھايىتى ئوڭاي، ئۇلارنى گاچ ــ گۇچلا ئۆلۈمگە بۇيرۇۋەتسىلە بولغىنى، ئۇلارغا ھېچكىممۇ ئىچ ئاغرىتىپ كەتمەيدۇ.

بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ شىر پادىشاھنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپتۇ. تۈلكە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشامەت بىلەن گەپ باشلاپتۇ:

ــ شاھىم، مۇھتەرەم شاھىم، مەن ئىشىنىمەن، سىلىنىڭ ئۇ بىچارە جانىۋارلارغا قىلچە زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزگىلىرى كەلمەيدۇ. سىلى ناھايىتى رەھىم ــ شەپقەتلىك پادىشاھ، قانداقمۇ ئۇنداق قىلىشقا قوللىرى بارسۇن؟ مېنىڭ بىر پىلانىم بار، ئەگەر پەسەنت قىلسىلا، تۆت قويلارغا مەخسۇس بىر يايلاق ئاجرىتىپ بەرسىلە، ناھايىتى چىرايلىق، ئېسىل يايلاق بولسۇن، ساغلىقلار كۆپ بويى ئوتلىسۇن، قوزىلار سەكرەپ ــ تاقلىشىپ ئوينىسۇن. بۇ يەردە پادىچىلىرىمىز ئاز، شۇڭا سىلى ئۇلارغا قاراشقا بۆرىنى پادىچى قىلىپ بەلگىلىسىلە. مېنىڭچە، شەك ــ شۈبھىسىزكى، بۇ بىر پەرەز ــ چىپار قويلار ئاخىر بىر كۈن چوقۇم يوقىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا ھازىرچە بولسىمۇ ئۇلار ئۆز مەيلىچە يۈرۈپ تۇرۇشسۇن، ئۆلىدىغان ئىش بولسا ئۆلەر، بۇ، شاھ ھەزرەتلىرىگە مۇناسىۋەتسىز، ھەرگىزمۇ سىلىنىڭ ئىشلىرى بولمايدۇ.

ــ كۆپچىلىك، قوشۇلامسىلەر؟ ــ دەپ سوراپتۇ شىر پادىشاھ، بارلىق قول ــ پۇتلار بىراق كۆتۈرۈلۈپتۇ.

بۇ پىلان قالتىس جايىدا ئىجرا قىلىنىپتۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىپار قويلار ئاساسەن يوقىلىپتۇ، ھەتتا ئاق قويلارمۇ كېمەيگىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى ھايۋانلار قانداق چۈشەندۈرۈپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئۇلار شىر پادىشاھ بەكمۇ رەھىمدىل، ھەممىنى قىلغان ئاشۇ بۆرە دېيىشىپتۇ.(بۇ مەسەل كرىلوۋنىڭ)

**ھېكمەت:**

***تۇرمۇشتا مۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇنداقلا قارىماققا بىراۋ بىزگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقاندەك، بىزنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغىنىمىز، تۇرىدىغان ــ ماڭىدىغىنىمىزغا چات كىرىپ، بىزنىڭ مەنپەئىتىمىزنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما تازا ئويدان قارىساق، ئىشنى تېگى ــ تەكتىدىن باشلاپ مۇلاھىزە قىلساق، بۇ خىل نومۇسسىز زىيانكەشلىكنىڭ يىلتىزى باشقا بىر يەرلەرگە تۇتاشقان بولىدۇ.***

***خەنجەر سانجىلسا بىز ئۇنى خەنجەرنىڭ ئۇچىدىن، بىسىدىن ۋە ياكى خەنجەرنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈشىمىز كېرەكمۇ؟ ياق، بۇ ئىنتايىن ئەقلى چولتىلىقتۇر. بىز جەزمەن خەنجەرنى كىم تۇتتۇۋاتىدۇ؟ خەنجەر تۇتقۇچىنى بۇ خىل رەزىل قىلمىشقا ھەيدىگۈچى، يېتەكلىگۈچى كىم؟ ئۇنىڭمۇ كەينىدە كىملەر بار دېگەنلەرگە قارىشىمىز كېرەك، بولمىسا ھەقىقىي دۈشمەننى تاپالماي ياكى خاتا ھېس قىلىپ ئالدىنىپ كېتىشىمىز مۇمكىن.***

## ئۆلچەم ئۆزۈڭدىن بولسۇن

تۆگە دەريانى كېچىپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. تۈلكە قارشى قىرغاقتا تۆگىگە قاراپ تۇرغانىكەن، چۈنكى ئۇمۇ دەريادىن ئۆتمەكچىكەن. ئۇ تۆگىدىن:

— بۇ دەريا تىرەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئانچە تىرەن ئەمەس، بەزى يەرلىرى ئوشۇققىمۇ كەلمەيدۇ، ئەڭ تىرەن يەرلىرى تىزغا كەلمەيدۇ.

تۈلكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم سۇغا چۈشۈپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئەمدىلا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىشىغا سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئالدامچى! ئەڭ تىرەن يېرىمۇ تىزغا كەلمەيدۇ، دېۋىدىڭغۇ! — دەپتۇ.

تۆگە جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇنىڭدا كىمنىڭ ئوشۇقىغا، كىمنىڭ تىزىغا كېلىدىغانلىقىغا قاراش كېرەككۇ!

***ھېكمەت:***

***بۇ دۇنيادا ئۆلچەمسىز ھېچقانداق ئىش يوق. بەزىلىرىمىز ئۆزىمىز خالىغانچە، كۆڭلىمىز تارتقىنىچە ئىش قىلىپ كۆنۈپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ھەربىر ئىش - ئەمەلىمىزدە ئېنىق ئۆلچەم بولمىسا زادى بولمايدۇ. مەسىلەن: قانچىلىك يېيىش، قانچىلىك ھەرىكەت قىلىش، قانچىلىك دەرس ئۆگىنىش، قانچىلىك ئۇخلاشقىچە ئۆزىمىز ئاز - تولا ئۆلچەم بېكىتىپ شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلساق، ئىشلىرىمىز بەكمۇ چېچىلاڭغۇ، بەرىكەتسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئۆلچەمنى ئۆزىمىز بېكىتەيلى، ئالدى بىلەن ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرەيلى، ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتەيلى. ئاندىن ئىشلارغا ئۆزىمىز ھۆكۈم قىلايلى.***

***مەيلى قانداق ئىش قىلمايلى، ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ دېگىنى بويىچىلا ھەرىكەت قىلماي، ئۆزىمىز تەكشۈرۈپ باققىنىمىز ئەۋزەل. ئۆزىمىز قول سېلىپ تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلماي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ھۆكۈمىگە ئەگىشىش قارىغۇلۇقتۇر. ئۆلچەمنى ئۆزىمىز بېكىتەيلى، ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈپ ئاندىن پىكىر قىلايلى.***

## نىيەت ھەممىدىن ئەلا

ئۇۋ ئىتى بۆكەننى قوغلاپتۇ.

— سەن ماڭا مەڭگۈ يېتىشەلمەيسەن، — دەپتۇ بۆكەن.

— نېمىشقا؟ — سوراپتۇ ئۇۋ ئىتى.

— مېنىڭ يۈگۈرۈشۈم ھايات قېلىش ئۈچۈن؛ سېنىڭ يۈگۈرۈشۈڭ بولسا، خوجايىنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، — دەپتۇ بۆكەن.

**ھېكمەت:**

***شۇنداق، نىيەتنىڭ قانداقلىقى تولا ھاللاردا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. يامان نىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى قوپال، شەپقەتسىز كېلىدۇ. ئاق كۆڭۈل ئادەم بولسا نەرسىلەرگە، ئىشلارغا، كىشىلەرگە مۇھەببەت، كۆيۈنۈش بىلەن قارايدۇ ـ دە، ئېرىشىدىغىنىمۇ خۇشلۇق، گۈزەللىك بولىدۇ...***

***ئەگەر بىر ئادەم بىر كۈندە سەككىز سائەت ئىشلەشنى نىيەت قىلسا، ئۇ چوقۇم ھەتتا ئون ـ ئون بەش سائەتمۇ ئىشلىيەلەيدۇ، ئەمما يەنە بىر ئادەم خۇشياقماسلىق بىلەن بىرەر ـ ئىككى سائەت ئىشلەپ ۋاقىت ئۆتكۈزەي دەپ ئويلىسا، ئۇ ھەتتا شۇ بىر ـ ئىككى سائەتتىمۇ تۇزۇك، مەنىلىك ئىشلارنى قىلالماسلىقى، ۋاقىت شۇ قەدەر ئېزىلەڭگۈ، مەنىسىز ئۆتكەندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن.***

***نىيىتىمىز دۇرۇس بولسا ئېرىشىدىغىنىمىزمۇ ياخشى بولىدۇ...***

## نەپسىڭنى ھەپسىگە ئېلىپ تۇر

بەكمۇ ئەدەپسىز بىر كۈچۈك بار ئىكەن. ئىگىسى ئۇنىڭغا ئوبدان قارايدىكەن، كۈچۈكنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتىن پەقەتلا غېمى يوق ئىكەن، ئەگەر باشقا ئىتلار مۇنداق ياخشى يېمەكلىك شارائىتىغا ئىگە بولغان بولسا، چوقۇم قانائەت ھاسىل قىلىپ، مەڭگۈ ئۇغرىلىق قىلمىغان بولاتتىكەن! بىراق بۇ كۈچۈك ئۆز رىزقىدىن تاشقىرى ھەر قانداق نەرسىنى نېرى تۇر دېمەيدىكەن، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ھەرخىل گۆشلەرنى تالىشىپ يەۋالىدىكەن.

ئىگىسى ھەرخىل ئاماللارنى ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىللىتىنى تۈزىتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاغىنىسى بۇ ئىشقا كاللا قاتۇرۇپ، سىناپ باققۇچىلىكى بار مۇنداق بىر ئامالنى كۆرسىتىپتۇ:

ـ ماڭا قارا، بۇرادەر، سەن ئۆزۈڭنى خېلى چېك ئامالارنى قىلىپ باقتىم دېگىنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىللىتىنى يوقىتالمىدىڭ، بەلكى تېخىمۇ يوغىنىتىۋەتتىڭ. چۈنكى سەن ئۇ يالاپ قويغان گۆشنى ئۆزىگە پاك ـ پاكىز يېگۈزۈۋېتىسەن. بۇنىڭغا ئامال قىلىش كېرەك، ئۇرۇش كېرەك (لېكىن قاتتىق ئۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك). بىراق بىر نۇقتىنى ھەرگىز ئۇنتۇما: چوقۇم سۆڭەكنى ئېلىۋېلىشىڭ كېرەك.

ئىگىسى بۇ چارىنىڭ ھەقىقەتەن ئاقىلانە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چاغدا، كۈچۈكمۇ ئىللىتىنى تۈزىتىۋاپتۇ. (بۇ مەسەل كرىلوۋنىڭ)

**ھېكمەت:**

***ئىنساندا نەپس ئاتلىق شۇنداق بىر چوڭقۇر، تويماس ئازگال باركى، ئۇنى تويغۇزۇپ بولۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى پەقەت ۋە پەقەت بىرلا نەرسە تويغۇزالىشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ قانائەتتۇر.***

*ھەقىقەتەنمۇ ئىنساندا قانائەت، شۈكۈر تۇيغۇسى بولمىسا ئەسلا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم خىسلەتتۇر. ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى تونۇۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل قانائەت تۇيغۇسى بولمايدىغان بولسا ئىنسان ئالدىغا نېمە كەلسە يەۋېرىدىغان، ئېغىزىغا نېمە كەلسە دەۋېرىدىغان ھايۋانىي سۈپەتكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ.*

*ئۆزىنىڭ نەپس ـ خاھىشىنى باشقۇرالمايدىغانلارغا ئاز ـ تولا نەسىھەت بەرمەك لازىمدۇر. بولمىسا ئىنساننىڭ نەپسى ـ خاھىشى چەكتىن ئېشىپ ئىنسانغا بالا ـ قازا ئېلىپ كەلمەي قالمايدۇ. ئىززەت ـ ئابرۇي نەدىن كېتىدۇ؟ دەل ئاچ كۆزلۈك، نەپسى يامانلىقتىن گېلىڭنى يىغ، نەپسىڭنى ئاز ـ تولا ھەپسىگە ئال.*

## ئاتا ـ ئانا بۈيۈك غەمگۈزار

بىر كۈنى ئانا مۈشۈك ئۈچ ئارسلىنىنى ئەگەشتۈرۈپ باغچىدا ئويناپ يۈرەتتى. بىر چاغدا بۈركۈت پەيدا بولۇپ، باغچىغا شۇڭغۇپ چۈشۈپ ئارسلانلاردىن بىرىنى تۇتۇۋالدى. ئانا مۈشۈك بۈركۈتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە ئىمكان بەرمەي، چاقماقتەك تېزلىك بىلەن بۈركۈتكە تاشلاندى. بۈركۈت ئارسلاننى قويۇۋېتىپ ئانىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئانا مۈشۈك تىرناقلىرى بىلەن بۈركۈتنىڭ پەيلىرىنى يۇلۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى قانغا بوياشقا، بۈركۈت بولسا تۇمشۇقى بىلەن مۈشۈكنىڭ قەيىرى توغرا كەلسە شۇ يېرىنى چوقۇشقا باشلىدى. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. مۈشۈك كۈچلۈك بۈركۈت بىلەن ئېلىشىپ بەك چارچىدى ۋە ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. شۇ چاغدىلا بۈركۈت چوقۇپ، ئۇنىڭ بىر كۆزىنى چىقاردى. جاندىن ئۆتىدىغان ئاچچىق ئاغرىقنى ھېس قىلغان مۈشۈك بۈركۈتكە تېخىمۇ جان جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ كانىيىغا يېپىشتى ۋە تاكى بۈركۈتنىڭ جېنى چىققۇچە قويۇپ بەرمىدى.

بۈركۈتنى يىقىتقان مۈشۈك ئارسلانلىرىنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە ئۆزىنىڭ جاراھىتىنى ئېسىدىن چىقارغان ھالدا بالىسىنىڭ جاراھىتىنى يالاشقا باشلىدى.

*ھېكمەت:*

*يۇقىرىقى مەسىلىدە بايان قىلغىنىدەك، دەرھەقىقەت ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىزگە ئەڭ زور دەرىجىدە كۆيۈنگۈچى غەمگۈزار كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزى جاپا چەكسىمۇ بىزنى راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئىستەيدۇ. ئۆزلىرى يارىلانغان، كېسەل ئاسارىتىدە جان تالىشىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا بىز پەرزەنتلەرنىڭ تىنىچ ـ ئەمىنلىكى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن غەم يەيدۇ، ئاھ ئۇرىدۇ.*

*ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىللىق مېھىر ـ سۆيگۈسىنى تەۋەررۈك قىلايلى. ئۇلار بىزگە غەرەزسىز، تەمەسىز ھالدا ئەڭ پاكىز، ئەڭ بۈيۈك سۆيگۈسىنى بېرىدۇ. راست، بۇ دۇنيادا ھېچكىممۇ ئاتا ـ ئانىدەك تەمەسىز كۆيۈپ سۆيمەيدۇ،*

*ياردەم بەرمەيدۇ، كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.*

*ئاتا ـ ئانىلار بارىدا ئۇلارنىڭ قەدرىنى قىلىپ، ھالىغا ھال بولايلى. ئۇلارغا چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرەيلى. ئۇلارنىڭ قىممەتلىك نەسىھەتلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلايلى. ئېسىمىزدە چىڭ تۇرسۇنكى، ئۇلار بىر قېتىم كەتسە قايتا كەلمەيدۇ.*

## ياخشى قارا، جان بالام

كىچىككىنە چاشقان بالىسى تۆشۈكتىن چىقىپ، ئېشىك ئالدىدا ۋە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا بىر ئاز سەيلە قىلغاندىن كېيىن ئۇۋىسىغا قايتىپ كىرىپتۇ.

بالىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ساياھەتتىن ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئانا چاشقان خۇشال بولۇپ:

ـ ھە، بالام، دەسلەپكى سەپىرىڭنىڭ نەتىجىسى قانداقراق؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

چاشقانچاق ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىرىدا:

ـ قارا ئانا، مەن ئىككى ھايۋان كۆردۈم: بىرى، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق… ئىككىنچىسى، خېلى مۇلايىم، ياخشى كۆرۈنىدۇ، ـ دەپتۇ.

ـ ھە، ھە، سۆزلە! قانداق ھايۋانلار ئىكەن، ئۇلارنى قەيەردە كۆردۈڭ؟ ـ دەپ سوراپتۇ ئانىسى.

ـ بىرىنچىسى، تولىمۇ سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق ئىكەن. ئۇ ئېشىك ئالدىدا گىدىيىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئاياغلىرى كۆكۈچ قارا، رەڭگارەڭ تۈكلىرى ۋالىلداپ تۇرىدۇ، كۆزلىرى قىزغۇچ يۇمىلاق، بېشىدا قىزىل پۆپۈكى بار، تۇمشۇقلىرى ئىلمەك ۋە ئۇچلۇق ئىكەن. مەن يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئاغزىنى ئاچتى، ئاياغلىرىنى كۆتۈردى ۋە ھەيۋەتلىك ۋارقىراپ قىچقاردى. مەن قورققىنىمدىن قەيەرگە قېچىشىمنى بىلمەي قالدىم، ـ دەپتۇ چاشقانچاق.

ـ بۇ توخۇ، ـ دەپتۇ ئانا چاشقان، ئۇ ھېچكىمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، سەن ئۇنىڭدىن قورقما! ئۇ ناھايىتى ياخشى جانىۋار. ھە، ئىككىنچىسى قانداق ھايۋان ئىكەن.

ـ ئىككىنچى، بىرى، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتىدۇ، ئۇنىڭ كۆكسى ئاق، دۈمبىسى ئالچىپار، بۇرۇتلىرى يىڭنىدەك تىك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئالدىنقى ئىككى پۇتى بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ، بۇرۇتلىرىنى سىيلاپ، قۇيرۇقلىرىنى تۈيىنتىپ قويىدىكەن. ئۇ ماڭا قاراپ ھېجايغاندەك قىلىپ قويدى. ئۇ خېلى ياۋاش، مەخسۇم سۈپەت كۆرۈنىدۇ، ـ دەپتۇ چاشقانچاق.

ـ بۇ دەل مۈشۈك دېگەن قاراقچىنىڭ ئۆزى! ھوشيار بول، ھوشيارلىق پىخەتەرلىكنىڭ كاپالىتى، ـ دەپتۇ ئانا چاشقان.

***ھېكمەت:***

***ھەقىقەتەنمۇ بىز بەزى ھاللاردا مۇنداقلا قارىماققا كىملەرنىڭ بىزنىڭ دوستىمىز، كىملەرنىڭ رەقىب - دۈشمىنىمىز ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىمىز. قارىساق، بەزىلەر بىزگە شۇ قەدەر قوپال، قاتتىق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەمما ئۇلاردىن بىزگە يامانلىق تەگمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل، كۆيۈمچان كېلىدۇ. يەنە بەزىلەر شۇ قەدەر سىلىق - سىپايە، يۇمشاق، خۇشخۇي كۆرۈنىدۇ. ئەمما بىر دەم تۇرۇپ قارىساڭ، كۈلۈپ تۇرۇپ چىشلىۋالىدۇ، ھەجىيىپ تۇرۇپ بىقىنىڭغا تىغ سانجىيدۇ.***

***ھوشيار بولۇڭ ۋە كىشىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتى، ئەپتىگە ئەمەس، قەلبىگە، خۇي - مىجەزىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە ياكى قاپىقىغا ئالدىنىپ كەتمەڭ، بەلكى ھەقىقىي چىراي بولمىش قەلبى - مىجەزىنى كۆزىتىڭ، سەگەكلىك بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ بولۇپ ئاندىن دوست بولۇڭ ياكى سىر بېرىڭ. شۇم نىيەتلىك تۈلكىلەرگە ئالدىنىپ كەتمەڭ.***

## ئىناق ئەلدە بەرىكەت كۆپ

بۇرۇنقى زاماندا خىلمۇخىل دەل - دەرەخلەر باراقسان ئۆسكەن، تۈرلۈك مېۋىلەر مەي باغلاپ تۇرغان، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسۈپ، رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ خۇش پۇراقلار چاچقان بىر گۈزەل ۋادا بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن جان - جانىۋارلار ئىناق - ئەركىن، بەھۇزۇر ياشايدىكەن. جەرەن، بۇغا، توشقان، ئوغلاق، قوزا، موزاي، تايچاقلار قىيغىتىپ، سەكرىشىپ ئوينايدىكەن؛ بۇلبۇل، كاككۇك، شاتۇت قاتارلىق خۇش ئاۋاز قۇشلار تىنىماي چاڭىلداپ سايراپ تۇرىدىكەن؛ ئۆردەك، غاز، خورازلار ئەركىن ياشايدىكەن؛ بال يىغقۇچى ھەرىلەر، رەڭگارەڭ تون كىيىۋالغان كېپىنەكلەر تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەرگە قونۇپ تاماشا قىلىدىكەن. بۇ گۈزەل ۋادىدا ياشىغۇچى ھايۋانلار ۋە تۈرلۈك جانىۋارلار ئۆز ماكانىنى ھەم دوستلىرىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىكەن ۋە ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ھەر دائىم تەييار ئىكەن، بىراق بۇ ۋادىنىڭ بىر تەرىپى تاغ بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئۇ يەردە يىرتقۇچ بۆرىلەر ياشايدىكەن.

بوران چىققان كېچىسى ئاچ كۆز بۆرىلەردىن بىرى تاغدىن چۈشۈپ گۈزەل ۋادىغا كەپتۇ. ئۇ ھايۋانلارنىڭ قەيەرلەردە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىپ، ئاندىن تاغدىكى بۆرىلەرنى ئەكىلىپ، بۇ ھايۋانلارنى بىر - بىرلەپ يەپ ئوزۇقلىنىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ كېلىش بىلەن دەرەخ ئۈستىدە كۆزەتتە تۇرغان خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نەچچە كۈندىن ھېچنەرسە تېپىپ يېيەلمىگەن ئاچ بۆرە: ماڭا يەم چىقتى، دەپ خۇش بولۇپ، شۇ ياققا يۈگۈرۈپتۇ، ئەمما كۈتۈلمىگەندە بۇقا، قوچقار، تېكە ۋە ئاتلار ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. بۆرە: قايسىنى يېسەم بولار، دەپ كۆز يۈگۈرتۈپ، سېمىز قوچقارغا ئېتىلىپتۇ، لېكىن بۇ چاغدا بۇقا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ بۆرىنى ئۈچلۇق مۈڭگۈزلىرىنىڭ ئارىسىغا

ئېلىپ بىر چوڭ دەرەخكە قىسىپتۇ.

— ئۇر - ئۇر - ئۇر! — دەپ خوراز قاتتىق قىچقىرىپتۇ. قوچقار بىلەن تېكە ئىككى تەرەپتىن قاتتىق ئۇسۇشكە باشلاپتۇ. بۆرە داد - پەرياد چېكىپ غىڭشىپتۇ ۋە قوۋۇرغىلىرى سۇنۇپ، تۇمشۇقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىپ، ئۆلەر ھالەتكە كەلگەندە ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.

ئۇ تاڭ ئاتقۇچە مىڭبىر مۇشەققەتتە ئاغرىق ئازابىنى تارتىپ، ئاران ئۆز ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قالغان بۆرىلەر ئۇنىڭدىن:

— ھە! ئۇ يەردىكى ئەھۋال قانداق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— گەپ قىلماڭلار، ئۇ يەرگە بېرىش ئاسان، قايتىش تەس ئىكەن.

— گۆشنى جىق يەپ، قورسىقىڭنى كۆتۈرەلمەي ئاران كەپسەن - دە؟

— ئەدىپىمنى يەپ ھالىم قالمىدى، قاراڭلار! — دەپ پۇتۇن ئەزالىرىنى كۆرسىتىپتۇ.

— قانداق باتۇرلارنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بۆرىلەر.

— بېرىشىمغىلا بىر كانايچىسى بار ئىكەن. دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ: «ئۇر - ئۇر - ئۇر - ر - ر!» دېيىشىگىلا مۈڭگۈزلىرى ئاربەدەك ئاجايىپ كۈچلۈك بىر نەرسە مېنى دەرەخكە قىسىپ تۇردى، پاكار، دوغىلاق ئەگىم مۈڭگۈزلۈك بىر باتۇرى ئوڭ بېقىنىمغا، ئۆرە مۈڭگۈزلۈك باتۇرى سول بېقىنىمغا نەچچىدىن ئۇسۇپلا ھوشۇمدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، جەددى - جەمەتى بەك كۆپ ئىكەن... — دەپ جان بېرىپتۇ. قالغان ياۋۇز نىيەتلىك بۆرىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىپتۇ ھەم تاغدىن چۈشەلمەس بولۇپ قاپتۇ. بۇ گۈزەل ۋادا تېخىمۇ شادلىققا تولۇپتۇ، ھايۋانلار تېخىمۇ ئەركىن يايراپ كۈلۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***دۇنيادا بىرلىك، ئىتتىپاقلىققا يېتىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. ھەر قانداق ياۋۇز دۈشمەن، تاغدەك زور قىيىنچىلىقتىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ يېڭىش مۇمكىن. ئەمما بىر ئەل ياكى خەلق ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما ئىناق - ئىتتىپاق بولمىسا، ئۇنى كۈچىمەيلا يېڭىۋېتىش مۇمكىن.***

***بىر ئادەمنىڭ كۈچى ھامان چەكلىك بولىدۇ. ئەمما ئىككى - ئۈچ ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق ئىنتايىن زور كۈچ - قۇدرەتكە ھەمدە كاتتا ئەقىل - پاراسەتكە ئېرىشىش مۇمكىن. ئىككى ئادەم بىر ئادەمگە قارىغاندا ھامان تېز ھەم ئۈنۈملۈك ئىش قىلالايدۇ.***

***بۆلۈنمەيلى، قېرىنداشلار، كىشىلەر ئارا ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتەيلى ھەم بىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق - كۈلپەتنى يەنە بىرىمىز ھەل قىلىشىپ بېرىپ، بىرلىكتە ئالغا باسايلى. ھەممىمىز ئۆز ئىشىمىز بىلەنلا بولۇپ كەتسەك جەزمەنكى، ئىشلىرىمىز نەتىجىسىز، بەرىكەتسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ ياخشى ئۈنۈملۈك ئىش بىرلىكتە.***

# ھەممەيلەندە جان بار

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆردەك بىلەن توخۇ دوست بوپتۇ ۋە ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى توخۇ ئۆردەكنىڭ مېڭىش-مىسلىقىدىن زېرىكىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ:

— دوستۇم، ئۆردەكجان، ئىككىمىز شۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز، بىراق، قايسىمىزنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بارلىقى، كىمنىڭ كارامىتى چوڭلۇقىنى بىلگىنىمىز يوق، شۇڭا ئىككىمىز يۈگۈرۈشۈپ سىنىشىپ باقايلى، — دەپتۇ.

ئۆردەك توخۇنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ، لېكىن ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ.

ئۇلار يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى باشلاپتۇ.

ئۆردەكنىڭ بارغانسېرى كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولغان توخۇ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۆردەك بولسا قەتئىي بوشاشماي يۈگۈرۈۋېرىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي توخۇ دەرياغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ - دە، ئۆتەلمەي ئۇيان - بۇيانغا پالاقلاشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆردەك يېتىپ كەپتۇ - دە، ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ، ئۇنى كۆرگەن توخۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۇغا سەكرەپتۇ، لېكىن ئۈزەلمەي سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ. ئۆردەك پالاقلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، توخۇ جان تالىشىۋاتقانىكەن. ئۆردەك دەرھال ئۇنىڭغا قېشىغا بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قىرغاققا ئاچىقىپتۇ. توخۇ ھوشىغا كەپتۇ ۋە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئۆردەك ئالدىدا ناھايىتى خىجىل بوپتۇ ۋە: «ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كارامىتى بار ئىكەن» دېگەن ئويغا كەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىزدە «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بار» دەيدىغان بىر ھېكمەت بار. يەنى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكى بولىدۇ. بىراۋنىڭ كەمچىلىكىنى تۇتۇۋېلىپلا ئۇنى پۈتۈنلەي مەسخىرە قىلىش ياكى چۆكۈرۈش ياخشى خىسلەت ئەمەس.***

***مەسىلەن ئېيتايلى، بىر ئادەمنىڭ يۈكى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى كارغا كەلمەيدىغان ئىنسان قاتارىغا چىقىرىۋېتىشكە بولامدۇ؟ بىرەيلەننىڭ كۆزى كۆرمىسىلا ئۇنى يارامسىز دېيىشكە بولامدۇ؟***

***ئاڭلىسام، كۆزدىن ئايرىلغان خۇدا ھاسىدىن ئايرىلمايمىش. كۆزى يوقنىڭ ئاڭلاش ياكى پۇراش سەزگۈلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلىپ كېتەرمىش. پۇتى يوقنىڭ قولى، مېڭىسى…***

***باشقىلارنىڭ ئاز - تولا ئەيىبى تۇپەيلى ئۇلارنى مەسخىرە قىلماڭ ھەمدە***



www.uyghurkitap.com

*ئۆزىڭىزدىكى كەمچىلىك، نۇقسانلارنىمۇ كۆرۈڭ. باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تولۇقلىشىغا ياردەم قىلىڭ، ئۆزىڭىزنىمۇ كامىل قىلىڭ. خاراكتېرىڭىزدىن مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇق ئۆچسۇن.*

## نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك

ئۈچ چاشقان بىرلىكتە ياغ ئوغرىلاپ ئىچىش ئۈچۈن ئۆۋىسىدىن چىقىپتۇ. ئۇلار ياغ كوزىسىنىڭ ئىچىگە قارىسا ناھايىتى ئازلا ياغ بار ئىكەن. ئەمما كوزا چوڭقۇر بولغاچقا، ھېچقايسىسى ئىچەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ئامال تېپىپتۇ: بىرى - بىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن چىشلەپ كوزىغا ساڭگىلىتىدىغان، كوزىنىڭ ئىچىگە كىرگىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ چىقىپ يەنە بىرىنى ساڭگىلىتىدىغان، ئۇ چىقىپ يەنە بىرىنى ساڭگىلىتىدىغان بولۇشۇپتۇ ھەم ھېچقايسىسىدا شەخسىي غەرەز بولماسلىققا قەسەم قىلىشىپتۇ. كوزىغا ئاۋۋال چۈشۈپ ياغ ئىچىۋاتقان چاشقان كۆڭلىدە: بار - يوق ياغ ئازانلا مۇشۇنچىلىك ئىكەن، بۈگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەندەك قىلىدۇ، ھەممىنى ئىچىپ قورساقنى بىر تويدۇرمايمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.

ئوتتۇرىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئىككىنچى چاشقانمۇ: كوزىدىكى ماي تايىنلىقلا ئىكەن، ئەگەر ئۇ ھەممىنى ئىچىپ بولسا ماڭا نېمىمۇ قالار؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۇنى قويۇۋېتەي، ئۆزى چۈشۈپ ئىچسۇن، دەپ ئويلاپتۇ.

كوزىنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ ئىككىيلەننى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچىنچى چاشقانمۇ: ياغ ناھايىتى ئاز ئىكەن، جاپا تارتىپ ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرسام ئۇلار ئىچىۋېلىپ ماڭا قويمىغۇدەك، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇلارنى قويۇۋېتىپ، كوزىغا ئۆزۈم چۈشۈپ ئىچكىنىم ياخشىراقتەك قىلىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كوزا گىرۋىكىدىكىسى ئوتتۇرىسىدىكىنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋېتىپتۇ - دە، ئۆزىنى مايغا ئېتىپتۇ. نەتىجىدە كوزىغا سولىنىپ قالغان چاشقانلار چىقالماي ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

*كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا يامان ئوي ياكى شەخسىي غەرەز، ئاچ كۆزلۈك بىلەن بەدنىيەتلىك قىلىش ھەمميلەنگە ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەت ئەكېلىدۇ.*

*توغرا، تامامى ئىنسان پايدىغا ئامراق، ئەمما بىر توپ، كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ ھەممىسىلا شەخسىي نىيەت، پايدا - مەنپەئەت غەرىزىدىلا قالسا، توپ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى يوقىتىدۇ، ئوڭايلا پارچىلىنىپ كېتىدۇ.*

*بىر توپتىكى ئەزالار جەزمەن شەخسىيەتسىز كوللېكتىپ ئېڭى بويىچە ئىشلىشى كېرەك. يەنى ھەممىدە كوللېكتىپنى ئويلىشى لازىم. ئەگەردە*

*قانداقلىكى بىرىگە خۇسۇسىي غەرەز، مەنپەئەت ئارىلىشىپ قالسا ئۇ باشقىلارغىمۇ بەدنىيەتلىك قىلىدۇ ـ دە، ھەممەيلەن ئوڭدا قالىدۇ.*

*شەخسىي پايدىدىن ۋاز كەچسىڭىز كېچىكى، كۆيۈمچانلىقىڭىز ئومۇمىي مەنپەئەتنى زىيانغا ئۇچراتماڭ. كۆيۈمچانلىك ئىبرىشسە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى بەرىكەتلىك، ئەھمىيەتلىك ئىبرىشىش بولغۇسى.*

## ھۇرۇن ئاخىرى ئاچلىقتىن ئۆلەر

ئۈچ توشقان بار ئىكەن، ئۇلار كۈن بويى ئۇۋىسىدا يېتىۋېرىپ، يەيدىغان يەملىرى تۈگەپتۇ.

چوڭ توشقان ئوتتۇرانچى توشقانغا:

– تېزرەك بېرىپ، يەيدىغانغا ئازراق بىر نەرسە تېپىپ كەلگىن، ـ دەپتۇ.

ئوتتۇرانچى توشقان ئۇكىسىغا:

– ئالدى بىلەن سەن بېرىپ ئىزدەپ باققىن، ـ دەپتۇ.

كىچىك توشقاننىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە:

– نېمە ئۈچۈن زادى مەن بېرىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدىكەنمەن، كىمنىڭ قورسىقى ئاچقان بولسا، شۇ ئۆزى بارسۇن، مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىغاندىكىن، مەن بارمايمەن، ـ دەپتۇ.

– مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى، ـ دەپتۇ چوڭ توشقان دەرھال.

– مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچمىدى، ـ دەپتۇ ئوتتۇرانچى توشقانمۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ توشقاننىڭ ھېچقايسىسى ئوزۇقلۇق ئىزدەشكە چىقماپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

*تۇرمۇشتا دائىم كۆرۈپ تۇرىمىزكى، تولا كىشلەر بىر ـ بىرىگە سەپسېلىپ ئىش قىلىدۇ. يەنى، ئۇ قىلمىسا مەن قىلامتىم دەيدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ھۇرۇنلۇقىغا قاراپلا شۇلار كۈن كەچۈرۈۋاتقان يەردە ماڭا مۇنچىۋالا جاپا تارتىپ نېمە كەپتۇ، دەپ ئىشلەشكە ئىرىنچەكلىك قىلىپ يېتىۋالىدۇ. ئەپسۇسكى، مانا مۇشۇنداق ھۇرۇنلۇق، زەئىپلىك تۈپەيلى ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ.*

*باشقىلارغا سەپسالماڭ، بولۇپمۇ ھۇرۇنلارغا، بىكارچىلارغا، ئويۇنقىپى ئىنسانلارغا ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ يۈرمەڭ. ئىنساننىڭ ئەقىللىقى ئۆزىنى تىرىشچان كىشلەرگە، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغا سېلىشتۇرىدۇ ۋە تېخىمۇ غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىشلەيدۇ. ھەرگىزمۇ ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، بىكارچىلىقنى نومۇس بىلىدۇ، باشقىلارغا ئىش قىلماسلىققا ئەمەس، ئىش قىلىشتا سەپسېلىپ، بەسلىشىپ ئىشلەيدۇ.*

ھورۇن كىشى ئاچلىقتىن ئۆلەر،
ئىشچان كىشى شادلىقتىن كۈلەر.

## تەكەببۇرلۇق ھاڭغا تاشلايدۇ

ئويۇنغا كېچىكىپ كەلگەن ئېيىقچاق سەھنىنىڭ ئالدىغا بېرىۋالماقچى بولدى ـ دە، مىغىلدىشىپ تۇرغان تاماشىبىنلار ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، قايسىدۇر بىرىنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالدى، قايسىدۇر بىرىنى گەۋدىسى بىلەن سوقۇپ يىقىتىۋەتتى… ئۇ باشقىلارنىڭ قاقشاشلىرىغا، ئەيىبلەشلىرىگە قارىماي، بالىسىنى باغرىغا باسقان پېتى بېرىلىپ ئويۇن كۆرۈۋاتقان مولۇن بىلەن تىيىننىڭ ئوتتۇرىسىغا سىغدىلىپ كىرىپ ئولتۇرۇۋالدى. مولۇنچاق قورققىنىدىن چىرقىرىۋەتتى. ئۇزۇن قۇيرۇقى ئېيىقچاقنىڭ ساغرىسى ئاستىدا بېسىلىپ قالغان تىيىن ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ كەتتى. ئېيىقچاق يوغان گەۋدىسى بىلەن سەھنىنى توسىۋالغاچقا، ئويۇننى كۆرەلمىگەن كىچىك ھايۋانلار چۇرقىراشقىلى تۇردى. ئويۇن تەرتىپى بۇزۇلدى…

ـ ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۇقمامسەن، بالام؟ ـ دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان قېرى مايمۇن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ـ شۇنچىۋالا بويۇڭ بىلەن مۇشۇنداق بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلساڭ ئۆزۈڭگە سەت ئەمەسمۇ؟

ـ سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ـ دېدى ئېيىقچاق قوپاللىق بىلەن، ـ نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن!

ـ بولدى، باشقا گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى، ـ دېدى مايمۇن ئۇنىڭ ئېشەملىكىدىن بىزار بولۇپ، ـ ئاۋۋال كۆپچىلىكنى خاتىرجەم ئويۇن كۆرگىلى قوي!

ـ تازا گەپ بولدى ـ دە! ـ دېدى ئېيىقچاق مەسخىرە ئارىلاش، ـ ئۇلارنى ئويۇن كۆرگىلى قويماي كۆزىنى ئېتىۋاپتۇمەنمۇ؟

ـ ھەممىنىڭ ئالدىدا پوتىيەدەك چوقچىيىپ ئولتۇرۇۋالساڭ، بىز دەك جۇغى كىچىك، بويى پاكارلار قانداق كۆرەلەيمىز؟ ـ توشقانچاق ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي غودۇڭشىپ قويدى.

ـ بولمىسا مېنىڭ ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرغىن! ـ دەپ تەكلىپ قىلدى مايمۇن بىر چەتتىكى ئورۇنىنى كۆرسىتىپ.

ـ ماۋۇ ئالجىغان قېرىنى قاراڭ! ـ دېدى ئېيىقچاق مەنسىتمىگەن ھالدا ئاغزىنى بۇرۇشتۇرۇپ، ـ مەن ساڭا ئورنۇڭنى بوشىتىپ بەر دېدىممۇ؟ كۆزۈمگە كىرىۋالغۇچە ئۆزۈڭنىڭ ئولتۇرۇشىنى ئولتۇرمامسەن! مېنىڭ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان!

ھەر تەرەپتىن ئېيىقچاقنى ئەيىبلىگەن غەزەپلىك سادالار كۆتۈرۈلدى، غۇلغۇلا باشلاندى.

قەھرى ئۆرلىگەن تايغان ئەدەپسىزنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئېيىقچاقىقا ئېتىلىشۇىدى، مايمۇن توسۇپ قويدى.

ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولماي قالدى، ھەممەيلەن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە تارقىدى. مۇشتلاشتا ئۇتتۇپ چىققان نوچىلاردەك غادىيىۋالغان ئېيىقچاق ھېچكىمگە قاراپمۇ قويماي غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مايمۇن، مولۇن، تىيىن ۋە توشقانچاقلار بېشىنى چايقىشىپ، پاراڭ سېلىشقىنىچە ئورمانلىققا قاراپ مېڭىشتى.

ئۇلار ئورمان بىلەن ئويۇن قويۇلغان سەينا ـ ئوتلاقنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغدىن ئېشىپ بولغۇچە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. مايمۇن مولۇنچاقنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى، توشقانچاق قاياقتىندۇر بىر موگۇ كۆنلۈك تېپىپ كەلدى ـ دە، مولۇنچاقنى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كېتىشتىن ساقلىدى. مولۇن تىيىنغا، تىيىن توشقانچاققا، توشقانچاق مايمۇن بىلەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى مولۇنچاققا كۆيۈنگەن ھالدا بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ تاغدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن: «ۋايجان! قۇتقۇلدۇرۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

– ئېيىقچاقنىڭ ئاۋازىمۇ نېمە؟ – دېدى مايمۇن قۇچىقىدىكى مولۇنچاقنى مولۇنغا تۇتقۇزۇۋېتىپ، – مەن ئاۋۋال بېرىپ قاراپ باقاي، سىلەر ئارقامدىن يېتىپ بېرىڭلار!

ئاۋاز چىققان جايغا ئۇچقاندەك يېتىپ بارغان مايمۇن تېيىلىپ كېتىپ، چوڭقۇر جىلغا ئۇستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان بىر تاشقا ئېسىلىپ قالغان ئېيىقچاقنى كۆرگەندە، بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ناۋادا ئېيىقچاق چۈشۈپ كېتىدىغانلا بولسا، كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتەتتى. مايمۇن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا، چاققانلىق بىلەن ئېيىقچاق ئېسىلىپ قالغان تاش ئۇستىگە سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، قۇيرۇقىنى بىر پۇتاققا چىرمىۋېلىپ، ئۆزىنى ئالدىغا تاشلاپ ئېيىقچاقنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. قىل ئۇستىدە قالغان ئېيىقچاققا قايتىدىن جان كىردى، ئۇ ئاخىر، مايمۇننىڭ ياردىمىدە تاش ئۇستىگە چىقىۋالدى. ئۇنىڭغىچە مولۇن، تىيىن ۋە توشقانچاقلارمۇ يېتىپ كەلدى ـ دە، بىر ئۇزۇن يېشىل پېلەكنى تۆۋەنگە تاشلىدى. ئېيىقچاق پېلەككە يامىشىپ، خەتەردىن قۇتۇلدى.

– بىرەر يېرىڭ زەخىملەندىمۇ ـ يوق؟ – دەپ مايمۇن كۆيۈمچانلىق بىلەن سورىدى. مولۇن، تىيىن، توشقانچاقلار ئۇنىڭ بىر ئاز سۈرۈلۈپ كەتكەن يەرلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاشتى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئېيىقچاقنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆزىنىڭ باياتىنقى قوپاللىق، ئەدەپسىزلىكلىرى «يالت» قىلىپ ئۆتۈۋىدى، خىجىللىقتىن يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى…

***ھېكمەت:***

***تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك ئىنتايىن يامان ئىللەتتۇر. گەرچە ئۆز كۈچىگە ئىشىنىش ئارقىلىق خېلى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولسىمۇ، ئەمما***

*ئۆزىگە ئىشىنىش كىشىنى مەغرۇرلاندۇرۇپ، كىبىرلەندۈرۈپ قويسا ئۇ ئىنتايىن پايدىسىز خاراكتېرغا ئايلىنىپ قالىدۇ.*

*تەكەببۇر كىشى ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھاكاۋۇر بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ھەدېسىلا ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ ئويلايدۇ، باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى، مەنپەئىتىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى بولۇپ كەتمەيدۇ ـ دە، ئوڭايلا باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويىدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر ئۇنى كۆرسە قاچىدىغان، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلماس بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئاخىرىدا مەنمەنچى، تەكەببۇر كىشىلەر ئۆزى يالغۇز قالىدۇ…*

*تەكەببۇرلۇقنى تاشلاڭ، كىشىلەر بىلەن سەمىمىي، غەمخورلۇق ئاساسىدا ئالاقە قىلىڭ. كىشىلەر سىز بىلەن بىرگە بولۇشتىن خۇشاللىق ھېس قىلسۇن.*

## موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە

ئېشەك بىلەن كالا بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ، ئېشەك ئىتتىك مېڭىپ، پات ـ پات ئارام ئېلىشقا، كالا سالماق قەدەم بىلەن بىرخىل مېڭىپ، ئۆزىنى ھارغۇزماي يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە خۇشتار ئىكەن.

ئېشەك يول يۈرۈش داۋامىدا كالىنىڭ ئالدىرىماي ماڭىدىغانلىقىدىن بەكمۇ زېرىكىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ، مېڭىشتا مۇسابىقىلىشىشنى ئېيتىپتۇ. كالا مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتا ئېشەكتىن يېڭىلىپ قېلىشنى نومۇس بىلىپ، بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ.

مۇسابىقە باشلىنىپ، ئېشەك چىشلىرىنى ھىڭگايتقان، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقان ھالدا جان ـ جەھلى بىلەن چېپىشقا باشلاپتۇ ۋە ھەش ـ پەش دېگۈچە كالىنى خېلىلا كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئارقىدا قېپقالغان كالا بولسا، ھېچقانداق مەيۇسلەنمەستىن، سالماق قەدەمدە يولىنى يۈرۈۋېرىپتۇ.

ئېشەك شۇ چاپقانچە چېپىپ، بىر مۇنچە يول باسقاندىن كېيىن، ھېرىپ تەرلەپ كېتىپتۇ، ئۇ كەينىگە قاراپ كالىنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن: مۇشۇ يەردە يېتىپ، بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، كالا كەلگەندە يەنە چاپسان يۈگۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەلەيمەن ۋە مەنزىلگە بالدۇر بارالايمەن، كالا دېگەن مېنىڭ ئالدىمدا نېمىتى؟! دەپ ئويلاپتۇ.

بىر ھازادىن كېيىن كالا ئېشەكنىڭ ياتقان يېرىگە يېتىپ كەپتۇ.

ــ قوپ ئاداش، يول ماڭمىساڭ، بولمىسا ئۇخلاپ قالىسەن، ــ دەپتۇ كالا ئۇنىڭغا يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

ئېشەك بۇ گەپكە پىسەنت قىلماپتۇ ۋە يېتىپ بىر پەستىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر بۆرە ئېشەكنىڭ ياتقان يېرىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇخلاۋاتقان

ئېشەككە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەززىلىك ئوزۇقلۇقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

كالا زېرىكمەي، بىر خىل سالماق قەدەم بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلىگە يېتىپ بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مەيلى ئۆگىنىش بولسۇن ياكى خىزمەت، تۇرمۇش بولسۇن، ھەممىسىلا ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، ئۇزۇن سەپەر جەريانى. بۇ سەپەرنى بىرەر ئاي، يىل ياكى مۇنداقلا بىر كۆچەش ئارقىلىقلا تاماملاش مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ، ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان كىشى ئىنتايىن سەۋرچان، ئىرادىلىك، ئېغىر - بېسىق بولۇشى، ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىشى كېرەك. مەلۇم بىر نەرسىنى ھاپىلا - شاپىلا قىلىپلا ئۆگىنىپ بولىمەن دېسەك، جەزمەنكى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئاجىزلىق، كەمچىلىكلەر قېپقالىدۇ…***

***ئالدىرىماڭ، ئۆگىنىش بىر كۈندىلا تۈگەيدىغان نەرسە ئەمەس، ھەر قانداق ئىش قىلغاندا سەۋرچان، ئېغىر - بېسىق بولۇڭ. ئالدىرىسىڭىز بىرىنچىدىن بەكلا كۆچىشىڭىزگە ھەم سۈرئەتنى دەپ بەزى نەرسىلەرنى تېز - تېز تاشلاپ ئۆتۈۋېتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. مۇنداق بولغاندا بىر تەرەپتىن ئوڭايلا ھېرىپ - چارچاپ كېتىسىز، يەنە بىر تەرەپتىن بىلىدىغانلىرىڭىز چولتا بولۇپ قالىدۇ. كېيىنچە جاپانى ئۆزىڭىز تارتىپ قالىسىز.***

## ئەتەڭنىمۇ ئويلاپ قوي

لايغەزەل يىڭناغۇچ ياز بويى ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە قىش يېقىنلىشىپ قاپتۇ.

ئېتىز - داللار چۆلسىرەپتۇ، ئىللىق ئاپتاپلىق چاغلار، ھەربىر يوپۇرماقنىڭ ئاستىدا تەييار چۈشەك، تەييار تاماق بار كۈنلەر پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ. قىش كەلگەندىن كېيىن يىڭناغۇچ بىراقلا قىستاپ كەلگەن سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ئەمدى پۈتۈنلەي ناخشا ئېيتماس بوپتۇ (قورساق ئاچقاندا كىمنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى كەلسۇن). ئۇ كۈنبويى غەمكىن يۈرىدىكەن، ئۆزىچە غىڭشىپمۇ قويىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

– ئوبدان چۈمۈلىجان، – دەپتۇ ئۇ، – مېنى پاناھىڭغا ئالساڭ. مەن بۇ يەردە تېزلا قۇۋۋەتلىنىپ قالاتتىم. ئەتىيازغا چىقمىۋالغۇچە ماڭا ئىسسىق ماكان، ئوزۇق بېرىپ تۇرساڭ!

– بۇرادەر، مەن ساڭا بەك ھەيران، ئەجەبا، سەن قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيتتىڭمۇ؟!

– يېشىل مەخمەلدەك چىمەنزارلىقلاردا سائەت - سائەتلەپ ناخشا ئېيتىپ، ئويناپ كاللا - مېڭەم ئايلىنىپ كەتكەندە، بۇ غەمنى قىلىشقا نەدە چولام دەيسەن؟

– ئەمىسە سەن…

– مەن يەنە ناخشامنى ئېيتىپ بىغەم يۈرۈۋېرىمەن.

– ناخشامنى ئېيتىپ…؟ پاھ، نېمىدېگەن قالتىس! ئۇنداق بولسا ھازىر يەنە تالاغا چىقىپ ناخشاڭنى ئېيتىپ، ئۇسسۇلۇڭنى ئويناپ يۈرۈۋەر! (بۇ مەسەل كرىلوۋنىڭ.)

***ھېكمەت:***

***بۇگۈننىلا ئەمەس، ئەتىسىنىمۇ ئويلاپ ئىش قىلىش كاتتا ئاقىلانىلىكتۇر.***

***ئىنساننىڭ بۇگۈنى مەيلى شاد ـ خۇراملىق ئىلكىدە ئۆتسۇن ياكى تايىنسىز، مەنىسىزلىك ئىلكىدە ئۆتسۇن، ئۇ ھامان مەلۇم دەرىجىدە شۇ ئىنساننىڭ بۇگۈننى پىلانلىشى، بۇگۈن ئۇچۇن ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۈرەش قىلىشغا باغلىق ئىش. ئىشلارنى پىلانسىز قىلىش، ھەتتا قالايمىقان، تەرتىپسىز ئىش قىلىش بىزنى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. بۇگۈننىڭ ئىشلىرىنى رەتلىك، جايىدا قىلىش ۋە ئەتە ئۈچۈن ئىنىق تەييارلىق قىلىش. كۆڭلىڭىزدە جەزمەن ئەتە نېمە ئىش قىلىش، قايسى ئىشنى ئالدى بىلەن قىلىش، قانداق قىلىش توغرۇلۇق پىلان، ئوي بولسۇن. بۇگۈننىڭ مەئىشەت، پاراغىتى بىلەن كېرىلىپ يۈرۈپ ئەتىسى ئاچ قورساق قالماڭ. بۇگۈن باياشادلىق ئىچىدە ئويناپ يۈرگەندە جەزمەن ئەتە نېمە يېيىش، نېمە كىيىش، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەكلىكىڭىز ئېسىڭىزدە بولسۇن.***

## ھايات كاتتا نېمەتتۇر

بىر بۇلبۇل كىچىكىدىن تارتىپ قەپەستە بېقىلىپتۇ. يەيمەن دېسە يەيدىغىنى، ئىچىمەن دېسە ئىچىدىغىنى بار ئىكەن. قەپەستە گۈللۈكتىكى كىچىككىنە بىر پارچە يەرنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى ئىكەن.

بىر كۈنى سەھەردە بۇلبۇل بىر سوپىسوپىياڭنىڭ يېقىنلا يەردىكى دەرەخكە قونغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «سوپىسوپىياڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا كىم ئوزۇقلۇق بېرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا كىم سۇ بېرىدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇلبۇل سوپىسوپىياڭغا سالام بېرىپتۇ.

– خەيرلىك سەھەر، سوپىسوپىياڭ، ئوبدان كەپسەن.

سوپىسوپىياڭ دەپتۇ:

– بۇلبۇل، سەن قانداقلارچە قەپەسكە سولىنىپ قالدىڭ؟

– قەپەس؟ نېمە قەپەس؟ – بۇلبۇل چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ.

– سەن ياشاۋاتقان بۇ كىچىككىنە نەرسە قەپەس ئەمەسما؟

– كىم شۇنداق دەيدۇ؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، مەن كىچىكىمدىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلدىم. بۇ ئۆي نېمىدېگەن ياخشى، يەيدىغان، ئىچىدىغاننىڭ ھەممىسى بار. مەن خۇشال،

www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئاۋازىمنىڭ بارىچە ناخشا ئېيتىمەن. قانداق، سېنىڭ مۇنداق ئۆيۈڭ يوقتۇ؟

— شۇنداق.

— ۋاي بىچارە، ئەمىسە يەيدىغان، ئىچىدىغاننى ساڭا كىم بېرىدۇ؟

— مەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغىنىمغا ياردەم قىلىشىغا موھتاج ئەمەس.

— سېنىڭ سۇ ئىچىدىغان كىچىك قۇتاڭ يوقتۇ؟

— يوق.

— ۋاي بىچارە، ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ گۈللۈكى يوقتۇ؟

— يوق.

ئۇنداقتا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەن. ساڭا قاتتىق ئېچىنىمەن. مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالامسەن؟ بۇ يەردە ئازادە تۇرالغۇ، چىرايلىق گۈللۈك بار. مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قال.

ئەمما، سوپىسوپىياڭ بۇلبۇلنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماپتۇ، بىردىنلا ئۇچۇپتۇ-دە، ئاسماننى بىر ئايلىنىۋېتىپ، ئاندىن بايىقى ئورنىغا كېلىپ قونۇپ، ئۇنلۇك سايراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ناخشىسىدا ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئاققان سۇنىڭ ئاۋازى، دالالاردىكى گۈل-گىياھلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى، تىنىق، چەكسىز كەتكەن ئاسماننىڭ مەنزىرىسى نامايان بوپتۇ.

بۇلبۇل بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تولىمۇ ھەيران بولۇپ سوپىسوپىياڭدىن سوراپتۇ:

— ھوي، سەنمۇ ناخشا ئېيتالايدىكەنسەنغۇ؟ ساڭا كىم ئۆگەتتى؟

— كەڭ تەبىئەت ئۆگەتتى. تاغ-ئېدىرلار، دەريا-كۆللەر، ئورمان-يايلاقلار... ئۇلارنىڭ كىچە-كۈندۈز توختىماي ئېيتقان ناخشىلىرى ھەردەم قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلايدۇ. تەبىئەت مېنىڭ ئۆيۈم.

— باشقا قۇشلارمۇ ساڭا ئوخشاش ناخشىنى ياخشى ئېيتامدۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇلارنىڭ سېنىڭكىگە ئوخشاش ئۆيى بارمۇ؟

— مېنىڭ ئۆيۈم ئۇلارنىڭمۇ ئۆيى، ئوخشاشلا سېنىڭمۇ ئۆيۈڭ.

— چاقچىقىڭنى قوي، نەدىمۇ تاغ، دەريا دېگەن نەرسىلەر بولسۇن!

— نېمە؟ سەن تەبىئەتنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەنسەن!

— تەبىئەت دېگەن قانداق نەرسە؟

— تەبىئەت دېگەن چەكسىز كەتكەن زېمىن، سەن قاناتلىرىڭنى كېرىپ ھەر قانچە ئۇچساڭمۇ چېتىگە بارالمايسەن.

— نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى چۈشەنمىدىم.

— مۇنداق چۈشەندۈرەي: تەبىئەتتە قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چاچىدۇ، دەريا سۇلىرى خۇشال ناخشا ئېيتىدۇ، تۇرلۇك - تۈمەن نەرسىلەر ئەركىن ئۆسىدۇ. ھۆملىدىن ئورمانلارمۇ خۇشال چايقىلىپ «شار - شۇر» قىلىپ كۈي قاتىدۇ. تەبىئەت ناخشا ئېيتىپ خۇشاللىقتا، ئەركىنلىككە تەنتەنە قىلىدۇ.

— پو ئاتما، دەۋاتقانلىرىڭ قانداق نەرسىلەر! سىلەر يېيەلمەيسىلەر، ئىچەلمەيسىلەر، ئاچلىقتا چىداپ ئۆتىسىلەر، بۇ بەلكىم سىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىڭلاردۇر؟

سوپىسوپىياڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى تاسادىپىي پۇرسەتتە بۇلبۇل قەپەستىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، لېكىن ئۇچۇپ ئاخىرىغا چىقالماپتۇ. ئۇنىڭ ھېرىپ ماجالى قالماپتۇ. ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، ئورمانغا چۈشۈپتۇ. كەڭ ئورمان، تىنىق كېچە ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ «شالدىر - شۇلدۇر» قىلغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ئۇنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالايلا دەپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇلبۇل كېچىلەپ ئۆزىنىڭ قەپىسگە قايتىپ كېتىپتۇ.

تەبىئەت شۇ قەدەر بىپايان، گۈزەل ۋە تەڭداشسىز سېھرىي كۈچكە ئىگىدۇر. سەن قەلبىڭدىن جاھاننىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن شاماللارنىڭ يۇمشاق شىۋىرلاپ سوقۇشلىرىغا، غازاڭلارنىڭ يېقىملىق شىۋىرلاشلىرىغا، سۈزۈك سۇلارنىڭ شىلدىرلاپ، ئويناقلاپ ئېقىشلىرىغا ۋە كائىناتتىكى تۇرلۇك - تۈمەن جاندارلارنىڭ كىشىنى ھەيرەتتە قويۇدىغان مۆجىزىلىك قىلىق - ئادەتلىرىگە نەزەر سالساڭ، تەبىئەتنىڭ، كائىناتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلىسەن ۋە قەلبىڭدە ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، پايانسىزلىقىغا بولغان ئىشەنچ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

كۆزۈڭنى كەڭ ئاچ، نەزىرىڭنى يىراق - يىراقلارغا تىك. تار قەپەسلەرگە، ئىنتايىن چەكلىك سولاقلارغا ئۆزۈڭنى سولىۋالما. ئىنسان قانچىكى تار دائىرە ئىچىدە ياشىسا، ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرىمۇ، ئويلايدىغانلىرىمۇ ئاددىي، چەكلىك بولىدۇ. ھاياتتىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك سوۋغاتتىن جايىدا بەھرىلىنىشنى بىلەيلى.

## ئەيىب زادى نېمىدە؟

بىر بۇغا بۇلاق بويىدا سۇغا قاراپ ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۈڭگۈزلىرىنىڭ شۇنچە ھەيۋەتلىك، شۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. بىراق، ئىنچىكە پۇتلىرىنى كۆرگىنىدە ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرۇپ: — تەڭرىم ماڭا مۇشۇنداق كۆرۈمسىز پۇتلارنى بېرىپتۇ. ئۇ مۈڭگۈزۈم بىلەن پەقەتلا ماسلاشماپتۇ!— دەپتۇ.

بۇغا شۇنداق خىيال سۈرۈپ تۇرۇۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت بىر ئوۋچى كېلىپ قاپتۇ. بۇغا شۇئان قېچىپتۇ. ئۇ شۇنچە تېز يۈگۈرۈپتۇكى، ئوۋچى زادىلا يېتىشەلمەپتۇ. ئەمما،

ئۆزۈن ئۆتمەي، بۇغا ئورمانغا يەتكەندە، ئۇنىڭ مۈڭگۈزلىرى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

بۇغا ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «مەن نېمىدېگەن نادان ـ ھە! ئىلگىرى مۈڭگۈزلىرىمدىن سۆيۈنۈپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالغانىدىم. ئەكسىچە، ئۇ مېنى ئۇۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويدى. مەن ياخشى كۆرمەيدىغان پۇتلىرىم بولسا مېنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغانىدى» دەپتۇ.

*ھېكمەت:*

*ئويلاپ بېقىڭ، بۇغىنىڭ قىلغىنى، ئويلىغىنى زادى توغرىمۇ؟ ئۇنىڭ بىردەم پۇتىنى ياخشى كۆرۈشى، يەنە بىردەم تۇرۇپ مۈڭگۈزىدىن ئاغرىنىشى ھەرگىزمۇ ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىدە ھېچقانداق گۇناھ يوق، ئۇ كۆپ ھاللاردا بۇغىغا ئاجايىپ زور كۆركەملىك ھەمدە ئۇنىڭ بەدىنىگە، ھاياتىغا قىممەت قوشىدۇ. سىز مۈڭگۈزى يوق بۇغىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭچۇ؟ چوقۇمكى، ئەگەر ئۇ مۈڭگۈزىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئىنتايىن ئەپسۇسلانغان، نادامەت چەككەن بولاتتى…*

*بىز ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىك، نۇقسانلىرىمىزنى بەدىنىمىزدىكى قانداقتۇر بىر ئەزالاردىن كۆرمەيلى. كالامپايلىقىمىز، سۆرەلمىلىكىمىز بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، ھەرگىزمۇ پۇتىمىز ياكى قولىمىزنىڭلا ئىشى ئەمەس…*

*ھەر قانداق ئىشنىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن ئويلايلى. سەۋەبىنى مەلۇم بىر تار يەردىنلا ئىزدىمەي چوڭ دائىرىدىن ئىزدەيلى.*

## ئىچى تارنىڭ ئىچىدە توڭگۇز قاترايدۇ

پىل ئەتىۋارلىنىپ ئۆردىدا مۇھىم بىر ئىشقا قويۇلغانىكەن، بۇ خەۋەر بىر سائەتكە بارمايلا ئورمان ئىچىدە تارقىلىپتۇ. كۆپچىلىك بۇ ئىش توغرىسىدىمۇ ئادەتتىكىدەك ھەرخىل پەرەز قىپتۇ. ھەممىسىلا، پىل يا قىلىچە چىرايلىق، يا ئازراقمۇ ئەقىللىق بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى شۇ قەدەر بولمىغۇر تۇرسا، نېمىشقا ئەتىۋارلىنىپ قالغاندۇ، دەپ ھەيران قېلىشىپتۇ.

ـ ئەگەر، ـ دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ قويۇپ، ـ ئۇنىڭ يوڭلۇق قۇيرۇقى بولسىمۇ كاشكى، شۇڭا ئۆردىدا شۇنچىلىك يۈز تېپىپ كەتتى دېسەك، ئۇ چاغدا ئانچىمۇ ھەيران قالمايتتىم.

ـ ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، ـ دەپتۇ ئېيىقمۇ سۆز ئارىلاپ، ـ ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ مەندەك تاپىنى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ. سۆيۈملۈك سىڭىللىرىم، شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشقا ھەقلىق دېگىلى بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭدا تاپان دېگۈچىلىك بىر نېمىنىڭ يوقلۇقى ھەممىمىزگە ئايانغۇ.

ـ بەلكىم ئۇنى شۇنىڭغا سازاۋەر قىلغان چىشى بولۇشى مۇمكىن، ـ دەپتۇ كەمتەر

قالىمۇ مۆرەپ تۇرۇپ، — ئېھتىمال خەقلەر ئۇنىڭ چىشىنى كالا مۈڭگۈزى چاغلاپ قالغان چېغى!

— ئۇنىڭ قانداقلارچە كىشىلەرگە ياراپ چوڭ ئەمەل تۇتۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىشلەرگە ھېچكىم ئېيتمىدىما؟ — دەپتۇ ئېشەك سالپاڭ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، — مەن ئاڭلاپلا بىلدىم، ئەگەر ئۇنىڭ چىرايلىق، يوغان قۇلاقلىرى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇنداق ئامەت نەدە! (بۇ مەسەل كىرىلوۋنىڭ.)

***ھېكمەت:***

***ئىچى تار، چىدىماس، سۇخەنچى كىشىلەر ھەدېگەندىلا ئىشلارنىڭ يامان تەرىپى كۆرىدۇ، بولماس تەرىپىنى ئويلايدۇ ھەمدە كىشىلەردىن ئەيىب ئىزدەشكە ئامراق كېلىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى مانا مۇشۇنداق ئىچى قىزىل، ھەسەتخور، چىدىماس كىشىلەرگە قارىتىپ مۇنداق رۇبائىي يازغانىدى:***

***كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،***
***جاھان تۇرماق، ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.***
***مۇبادا رەشك، ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،***
***تېرىقنىڭ قاسىرىقىمۇ ئاران سىغىدۇ.***

***ھەقىقەتەنمۇ، ھەسەتخور كىشىلەر گۈلنى كۆرسە ئۇنى قۇرۇپ كەتسىكەن دەيدۇ. باينى كۆرسە قەلەندەرگە ئايلىنىپ كەتسىكەن دەيدۇ. چىدىماسلىق بىلەن يا ئۆزى تىرىشماس ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىنى قوللىماس بۇنداق كىشىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئەك ئېپلاس كىشىلەردۇر.***
***كۆڭلىمىزنى كەڭ تۇتايلى، ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرەيلى.***

## قوي قويچە بولسۇن، ئۆچكە ئۆچكىچە

بىر كەكلىك بالىسى ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ ئورمانغا بېرىپتۇ. قارىسا، ئورمان ئىچى شۇنچە گۈزەل، ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان، ياۋا مېۋىلەر پىشىپ مەي بولۇپ شاخلاردا ساڭگىلىشىپ تۇرغان. كەكلىك بالىسى:

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق! تاقىر تاغدا يۈرگۈچە بالدۇرلا بۇ يەرگە كېلىۋالسام بوپتىكەن، — دەپتۇ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا.

ئۇ بىر دەرەخ شېخىدا خۇشال سايراۋاتقان سېرىق قۇشقاچنى كۆرۈپ قاپتۇ: ئەجەپمۇ يېقىملىق سايرايدىكىنە! مەن كەچكىچە كاككىلداپلا يۈرىمەن، ئاۋازىم يېقىمسىز. مەنمۇ مۇشۇنداق سايرايدىغان بولۇپ قالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ باشقىلارنى ھەيران قالدۇراتتىم، دەپ ئويلاپتۇ كەكلىك بالىسى. ئۇنىڭ ئويى تۇگە ـ تۈگىمەيلا سېرىق قۇشقاچ پۇررىدە قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كەكلىك بالىسى ئۇنى خېلى ئىزدىگەن

بولىسىمۇ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇ ئاخىر سىرلىق قۇشقاچنىڭ ئاۋازىنى دوراپ سايراشقا باشلاپتۇ، بىراق ئاۋازى ئۈنىڭكىدەك چىقماپتۇ. ئۇ توم ئاۋازىنى كىچىكلىتىپ سايراۋېرىپتۇ، بىر چاغدا دىققەت قىلىپ باقسا خېلى ئوخشاش سايرىغاندەك قىلىپتۇ.

— ھە، ئەمدى قاملاشتى، — دەپتۇ كەكلىك بالىسى قانائەتلىنىپ، — ئۆزۈمنىڭ ئەينى ئاۋازىمنى چىقارمىسىاملا ئۇنىڭغا ئوخشاش سايرىغۇدەكمەن.

ئۇ خۇشال ھالدا يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندەك بىر ئۆردەك ئۇچراپتۇ. كەكلىك بالىسى ئۆردەكنىڭ مېڭىشىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ: پاھ بۇ مېڭىش ئىمىدىگەن كۆركەم — ھە! شۇ قەدەر مەردانە، شۇ قەدەر سالماق. مېنىڭ مېڭىشىم خەقنىڭ زوقىنى قوزغىمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۆردەك كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مېڭىشىنى دوراپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا قارىغۇدەك بولسا خېلىلا ئوخشاش بولۇپ قالغاندەك. ئۇ مەمنۇن بولۇپ:

پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدىكى مېڭىشىمغا ئوخشاش بولۇپ قالمىسىلا مەسلە چىقمىغۇدەك، — دەپتۇ.

ئۇ سىرلىق قۇشقاچچە سايراپ، ئۆردەكچە مېڭىپ كېتىۋاتسا، بىر ھۆپۈپ ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ كەكلىككە ناھايىتى كۆركەم ۋە سۈمباتلىق كۆرۈنۈپتۇ.

مەنمۇ بۇ جانىۋاردەك چىرايلىق بولۇپ قالسام ئىمىدىگەن ياخشى بولاتتى — ھە! — دەپتۇ ئۇ ھۆپۈپكە تويماي قاراپ ۋە ئۆز تۇرقىغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قانات — پەيلىرى بەكمۇ كۆرۈمسىز بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

بىر ئامال قىلسام، بەلكى چىرايلىق بولۇپ قالارمەن، — دەپ ئويلاپتۇ كەكلىك بالىسى، — ئامال قىلىۋىدىم، ئاۋازىم يېقىملىق، مېڭىشىم مەردانە، سالماق بولدىغۇ. ئەمدى مۇشۇ پەيلىرىمنى ئۆزگەرتسەملا بايىقى جانىۋاردەك بولۇپ قالامدىمەن.

كەكلىك بالىسى قاناتلىرىنى قېقىپ دەرەخ — تاشلارغا ئۇرغىلى باشلاپتۇ. ئۇنىڭ پەيلىرى چۈشۈپتۇ. ئۇ يەنە قانائەت قىلماي ئاغرىققا چىداپ، تۇمشۇقىنى بەدىنىنىڭ قەيىرىگە يەتكۈزەلىسە، شۇ يەرنىڭ تۈك ۋە پەيلىرىنى چىشلەپ يۇلۇپتۇ، بىر چاغدا ئۇنىڭ قىپقىزىل ئېتى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. پەي — تۈكى چۈشمىگەن يەرلىرى ئىلگىرىكىدەك تۇرۇپتۇ — دە، كەكلىك بالىسى تولىمۇ غەلىتە تۇسكە كىرىپ قاپتۇ، لېكىن ئۇ خۇشاللىنىپ: مانا ئەمدى باشقىلار مېنى كۆرسە چوقۇم رەڭدار كېيىملىك چىرايلىق جانىۋار ئىكەن، دېيىشىدۇ. مەن ئىمىدىگەن ئەقىللىق — ھە! — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ.

ئۆزىنىڭ «قالتىس» بولۇپ كەتكەنلىكىگە خۇش بولغان كەكلىك بالىسى ھەممە جانىۋارلار توپلانغان قايناق بىر بازارغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە سىرلىق قۇشقاچ، ئۆردەك ۋە ھۆپۈپلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمىغان ھالدا يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپتۇ. جانىۋارلارنىڭ بەزىلىرى ھەيران بولۇشۇپتۇ، بەزىلىرى كۈلۈشۈپتۇ، يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭدىن يىرگىنىپتۇ، لېكىن ئۇ «ھەممىسى ھەيران قالدى، ئەمدى ئۆز



www.uyghurkitap.com

تۇپۇمنى بىر ھەيران قالدۇرۇۋېتەي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، قايناق بازاردىن چىقىپ قاناتلىرىنى يېيىپ تاغقا قاراپ ئۇچۇپتۇ، لېكىن پەيلىرىنىڭ تايىنى قالمىغاچقا، ياخشى ئۇچالماي پالاقشىپ، مىڭبىر جاپادا تاغقا يېتىپ كەپتۇ.

خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ ئۇچۇشىغا قارىشىپ تۇرغان كەكلىكلەر ئۇ قونۇشى بىلەن ھودۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇلار كەكلىك بالىسىنى تونۇمىغانىكەن. كەكلىك بالىسى سۆلتەك قاناتلىرىنى بىر كېرىپ، بىر يىغىپ، ئۆردەكچە مېڭىپ، سېرىق قۇشقاچچە ۋىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دەپتۇ، لېكىن كەكلىكلەر ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلەلمەپتۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۆز بەستىگە ياراشمىغان غەلىتە قىلىقلىرىنى مازاق قىلىشىپتۇ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ قولىقىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ.

بىر چاغدا، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، كەكلىك بالىسى ئالدىراپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەپتۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى كىرگۈزمەي، ئىشىكنى تاقىۋاپتۇ. تۈك ـ پەيلىرىنى يۆلۈۋەتكەچكە، توڭلاپ دىرىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ:

ئەسلىدىكى تۇرقۇم بولغان بولسا، بۇ ھالغا چۈشمەيتتىم، ـ دەپتۇ كەكلىك بالىسى ئاھ ئۇرۇپ.

كەكلىك بالىسى ئۆز ئاۋازى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرىپتۇ ۋە يىغلاپ تۇرۇپ ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تونۇپتۇ ۋە ئۆيگە كىرگۈزۈپتۇ.

كەكلىك بالىسى بېشىدىن ئۆتكەن بۇ سەرگۈزەشتىلەردىن قاتتىق ساۋاق ئاپتۇ ۋە پەي ـ تۈكلىرى ئۆسكۈچە ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپتۇ. جاھاندىكى ھەر قانداق بىر قوۋمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ياشاش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئاشۇ خىل ياشاش ئالاھىدىلىكى ئۇنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھەربىر مىللەتنىڭ ئاشۇنداق ئۆزگىچە خاسلىقى يوقاپ كەتسە ئۇ مىللەتمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقاپ كېتىدۇ…

بۈركۈت ئەگەر ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن ياشىماي، توخۇ كاتىكىدە يېتىۋالسا ھېچكىم ئۇنى بۈركۈت دېمەيدۇ. توشقان ئېشەك بولاتتىم دەپ ھەر قانچە كۆچىسىمۇ بولالمايدۇ.

گەرچە بىز ھەممىمىز ئوخشاش، بىر ئىنسان بولساقمۇ، ئەمما ھەممىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بار. ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى چىڭ ساقلايلى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرايلى. باشقا ئەل مىللەتلىرىدىن ئۆگىنەيلى. ئەمما ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تاشلىۋېتىش بەدىلىگە خەقلەرنىڭ كەينىدىن دورامچىلىق قىلمايلى. بىز ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتى بىلەنلا خۇشاللىق تاپالايمىز، بىز بولالايمىز. ئايىنىپ ئۆزگىرىپ كەتسەك، بىزنى ھېچكىم ئارىغا ئالماي خارلىقتا قالارمىز.

# نىيەت سىنى شاد قىلار يا مات قىلار

ياپپېشىل ئورمانلىقتا بىر تىيىن دەرەخ ئۈستىدە شاختىن شاخقا سەكرەپ يۈرۈپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن دەرەخ تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقان بۆرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۆرە ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ تىيىننى خىرىس قىپتۇ ـ دە، ئۇنى يەۋەتمەكچى بوپتۇ.

ـــ مېنى قويۇۋەتكىن، ـــ دەپتۇ تىيىن بۆرىگە يالۋۇرۇپ.

ـــ ماقۇل، مەن سېنى قويۇۋېتەي، ـــ دەپتۇ بۆرە، ـــ ئەمما سەن ماڭا نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ خۇشال ـ خۇرام يۈرىدىغانلىقىڭنى، مېنىڭ ھەمىشە ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر.

ـــ سەن ئاۋۋال مېنى قويۇۋەت، مەن دەرەخكە چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەي. ئۇنداق بولمىغاندا، مەن سەندىن قورقىدىكەنمەن، ـــ دەپتۇ تىيىن.

بۆرە تىيىننى قويۇۋېتىپتۇ. تىيىن دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بۆرىگە:

ـــ سېنىڭ ھەسرەت چېكىپ يۈرۈشۈڭ ئۆزۈڭنىڭ ياۋۇز ھەم ئىچىڭنىڭ زەھەر بولغانلىقىدىن؛ بىزنىڭ خۇشال ـ خۇرام ياشىشىمىز بولسا، ئاق كۆڭۈللۈكىمىز، باشقىلارغا ئەسكىلىك قىلمايدىغانلىقىمىزدىن، ـــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىزنىڭ كىشىلەرگە تۇتىدىغان مۇئامىلىمىز، يەنى نىيەت ـ خاراكتېرىمىز تەبىئىيلا بىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنىڭ قانداق ئۆتۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن: ئىچى يامان، ئىچى تار، چىدىماس بىر ئادەم ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئۆتۈشى بىلەنلا قالىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئازابلىنىدۇ، ئىچى ئۆرتىنىدۇ ـ دە، غەم ـ قايغۇ، چىدىماسلىق، ھەسەت، رەشك ئوتلىرىدا كۆيۈپ پۇچىلىنىدۇ. ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر باشقىلارنىڭ نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ ھەمدە بىرگە تەنتەنە قىلىدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق، نەتىجە، خۇشاللىق تىلەيدۇ. باشقىلارنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا ھېسداشلىق قىلىپ ئورتاق بىر ھېسسىياتتا كىشىلەر بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەمىشە شاد ـ خۇرام ئۆتەلەيدۇ...***

***كۆڭلىڭىزدىكى بارلىق يامان نىيەت، قىلىق ـ ئادەتلەرنى چىقىرىۋېتىڭ ھەمدە ھەممىگە كۈلۈپ بېقىڭ. چوقۇمكى، سىز كۈلۈپ قارىسىڭىز، دۇنيا سىزگە تېخىمۇ ئىللىق چىراي ئاچقۇسى.***

# ئەمگەك پەقەتلا قورساق ئۈچۈنمۇ؟

بىر مۇنچە قۇشلار ھەر كۈنى تاڭ يورۇش بىلەنلا ئېتىزلارغا ئۇچۇپ بارىدىكەن ـ دە، يېزىرائەتلەرنىڭ كۆشەندىسى بولغان ھەرخىل چېكەتكىلەرنى يەيدىكەن. باشقا قۇشلار قورسىقىنى تويدۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ ياكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ راھەتلىنىپ يېتىشىدىكەن، لېكىن قارىغۇجا ئۇنداق قىلمايدىكەن. قورسىقى تويۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ چېكەتكىلەرنى توختىماي قىرىۋېرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈچلۈق، ئۆتكۈر تۇمشۇقلىرى خۇددى قايچىدا قەغەز قىيغاندەك چېكەتكىلەرنى شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايدىكەن. ئۇ شۇ تەرىقىدە پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋەرگەچكە، چېكەتكىلەرنىڭ مېيى ئىككى جاۋغىيىغا يېلىمدەك چاپلىشىپ، ئاغزى ئېچىلماي قالىدىكەن، لېكىن ئۇ دەرھال سۇ بويىغا بېرىپ تۇمشۇقىنى ئوبدان يۇيۇپ، ئاغزىنى چايقىۋېتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە چېكەتكىنى قىرىدىكەن. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان باشقا قۇشلار:

– نېمانچە جاپا چېكىسەن، قورسىقىڭ تويغاندىن كېيىن بولدى ئەمەسمۇ؟ بىزدەك راھەتلىنىپ ئارام ئالساڭچۇ! – دېيىشىپتۇ.

قارىغۇجا ئىپتىخارلىق بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

– قورساقنى تويدۇرۇۋېلىپلا ئىش قىلماي يېتىش نومۇس ئەمەسمۇ؟ مەن قورساق تويدۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تەر تۆكۈش، ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن، ئىنسانىيەتكە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ياشايمەن!

***ھېكمەت:***

***ئىنسان ياشاش جەريانىدا تەبىئىيلا قورساق تويغۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېھتىياجغا ئەڭ ئالدى بىلەن جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. راست، قورساقنى تويغۇزماي تۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشمۇ، خىزمەت قىلىشمۇ تەسكە چۈشىدۇ… ئەمما ھەممەيلەننىڭ قورساقتىن ئىبارەت بۇ نەرسىگە تۇتقان مۇئامىلىسى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر قورسىقى تويسىلا باشقا ئىشلارغا ئۇنچىۋالا ئېرەنشىپ كەتمەيدۇ. يەنى تۇرمۇشى ياخشىلانسا، قورسىقى ئوبدان تويسا، ياخشى كىيىنىپ يۈرسە مانا بۇنى مەنىلىك، ياخشى ھايات دەيدۇ. يەنە بەزىلەر قورساقنى ئەمەس، ھاياتلىق غايە ـ نىشانىنى تۇرغۇزۇپ، شۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلىدۇ…***

***قورساق بىردىنبىر مەقسەت ئەمەس. بىز ياشاش ئۈچۈن ئوبدان يېمىسەك بولمايدۇ. ئەمما ئوبدان ياشاشنى بىردىنبىر نىشان قىلالىلىكى، ئەڭ ئالىي نىشانىمىز ياخشى يېيىش، كىيىش بولىقالمىسۇن. كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزۈش، ھاياتىمىزدىن ياخشى ئىز قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشايلى.***

# ئۆز غېمىڭنى ئۆزۈڭ يە

ئىككى قارلىغاچ بالىسى لاپاس ئاستىدىكى ئۇۋىسىدا ئانىسى ئەكەلگەن پاشا، چىۋىنلارنى يەپ قانات ـ قۇيرۇق چىقىرىپ، ئۇچۇرۇم بولۇشقا باشلاپتۇ. كىچىككى ئۆيدىن ـ بۇيان ئۇچۇپ ئۆزىمۇ ئاز ـ تولا پاشا تۇتۇپ يەيدىغان بوپتۇ. چوڭى بولسا ھورۇنلۇق قىلىپ قوزغالماي ئۇۋىسىدا يېتىۋېرىپتۇ. كىچىكى ئۇنىڭغا:

ـ ئاكا، ئەمدى بىزمۇ ئاز ـ تولا ھەرىكەتلىنەيلى، ئانام بەك چارچاپ كەتتى، ـ دەپتۇ.

ـ ياق، يەيدىغانني ئانام ئەكىلىپ بېرىدۇ، ـ دەپتۇ چوڭى.

كۈنلەر ئۆتۈپ قارلىغاچلارنىڭ ئانىسى ئاغرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا كىچىكى پاشا، چىۋىن تۇتۇپ كېلىپ ئانىسى ۋە ئاكىسىنى بېقىپتۇ، ئۇ ئاكىسىغا يەنە:

ـ ئاكا، ئانام كۆپ جاپا چېكىپ ئاغرىپ قالدى، ئەمدى ئۆزۈڭ ئۇچۇپ يۈرۈپ قورسىقىڭنى تويدۇرغىن، ـ دەپتۇ.

ـ ياق، ئانام ساقايغاندا ئەكىلىپ بېرىدۇ، ـ دەپتۇ ئاكىسى مىدىرلىماي يېتىپ.

ئانىسىمۇ ساقىيىپ، كۈن ـ ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈز پەسلى كېلىپ ھاۋا بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. كىچىك قارلىغاچ ئانىسىدەك پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايدىغان بوپتۇ، چوڭى بولسا قوزغالماي يېتىۋېرىپ ئۇچۇشنىمۇ ئۆگىنەلمەپتۇ. مېھنەتچان ئانا ـ بالا قارلىغاچلار سوغۇق چۈشۈشكە باشلىغاندا، ئىسسىق بولىۋاتقان تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ھېلىقى ھورۇن قارلىغاچ بالىسى بولسا ئۇۋىسىدا ئاچ قورساق يېتىۋېرىپ قار ياغقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مېھىر ـ شەپقەتكە تويۇنغان كېلىدۇ. يەنى بىرى يىقىلىپ چۈشسە يۆلەپ قويۇش ھەربىر ئىنساندا بولىدىغان تەبىئىي رەھىمدىللىك تۇيغۇسى. ئەمما ھەر قانداق مېھىر ـ شەپقەتمۇ چەكسىز نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭمۇ چېكى بار، يەنى يۆلىسىمۇ تۇرمايدىغانلار، ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇشقا، ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا تىرىشمايدىغانلارنى ھېچكىم يۆلەۋەرمەيدۇ.***

***مەيلى چوڭ بولايلى، كىچىك بولايلى كىشىلەرگە تايىنىۋالمايلى. ھەربىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئۆزىمىزگە لازىم بولغانىكەن، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز بېجىرەيلى. ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىمىز، ئۇستازىمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنىڭ ياردىمىگە كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرمايلى، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىپ باقساق، زادىلا كۈچىمىز يەتمىگۈدەك بولسا ئاندىن باشقىلاردىن مەسلىھەت ياردەم سورىساق بولىدۇ. ئەمما ھەممىلا ئىشتا باشقىلارغا ئېسىلىۋېلىش ئاخىرى ئۆزىمىزنى پالەچ قىلىپ قويىدۇ ھەم باشقىلارنى بىزارگەندۇرۇپ قويىمىز ـ دە، ئەڭ ئاخىرى بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىمىز.***

## كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى

بىر توڭگۇز ئاقسۆڭەكنىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ، قاچا - قۇچىلارنى يۇيىدىغان يەرلەرگە قاراپتۇ، ئاتخانىغا كۆز تاشلاپتۇ، قىغلارغا ۋە پاتقاققا مىلىنىپتۇ، پاسكىنا كۆلچەكتە ئويناپتۇ، ئاخىر خېلى پۇخادىن چىقىپ، گىدەيگەن ھالدا قوتىنىغا قايتىپ كەپتۇ.

- ھەي توگۇز، سەن ئۇ ھويلىدا نېمىلەرنى كۆردۈڭ، - سوراپتۇ بىر سەھرالىق ئۇنىڭدىن، - ئۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن، بىر - بىرىدىن ئېسىل نەرسىلەر بارمىشقۇ، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق دەيدىغۇ؟

- قويە ئۇنداق گەپنى! ئۇلار يوقىلاڭ گەپنى قىپتۇ، - دەپتۇ توڭگۇز خارتىلداپ تۇرۇپ، - مېنىڭ كۆزۈمگە ھېچبىر ئالاھىدە نەرسە كۆرۈنگىنى يوق، ئەخلەت ۋە قىغ دۆۋىلىرىلا بار ئىكەن. مەن بۇرنۇمنى ئاياپ ئولتۇرماي، پۈتۈن ئارقا ھويلىنى ئاختۇرۇپ چىقتىم.(بۇ مەسەل كرىلوۋنىڭ.)

***ھېكمەت:***

***بىزدە «كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى» دەيدىغان گەپ بار. ھەقىقەتەنمۇ، بىر ئىنسانىنىڭ كۆڭلى قانداق بولسا ئۇنىڭ كۆزى دۇنيانى شۇ خىل تۈس - سىياقتا كۆرىدۇ. مەسىلەن: كۆڭلى رەھمەتكە، ياخشىلىققا تولغان بىر ئىنسان چوقۇمكى، بۇ دۇنيانى شۇ قەدەر گۈزەل، چىرايلىق، ئىنسانلار رەھىمدىل، مېھىر - شەپقەتلىك دەپ ئويلايدۇ ھەمدە بار كۈچى بىلەن ناچار قىلىق - ئادەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. كۆڭلىدە ھەسەت، يامانلىق، سۈخەنچىلىك قۇتراپ تۇرغان بىر ئىنسان ھەدېسىلا دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىدىن، رەزىللىكىدىن قاقشىشى، كىشىلەرنى رەھىمسىزلىك، ياۋۇزلۇقتا ئەيىبلىشى مۇمكىن.***

***قەلبىڭنى توغرىلا، كۆڭلۈڭنى ياخشىلىق بىلەن تولدۇر ۋە دۇنياغا سوغۇق نەزىرىڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى مېھىر - مۇھەببەتلىك كۆزلىرىڭ بىلەن قارا. شۇ چاغدىلا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالايسەن. بولمىسا قارىغانلا يېرىڭدىن مۇزدەك سوغۇقلۇقنى بايقاپ، قاقشاپ ھالىڭدىن كېتىسەن.***

## كۆڭۈل قويغان كۆكنىمۇ ئالار

ئانا مۈشۈك ئارسلىنى بىلەن دەريا بويىدا بېلىق تۇتۇشقا كىرىشىپتۇ.

شۇ ئەسنادا بىر يىڭناغۇچ ئۇچۇپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئارسلان بېلىق تۇتىدىغان قارمىقىنى تاشلاپ، يىڭناغۇچنى قوغلاپتۇ. يىڭناغۇچ تۇتقۇزماي ئۇچۇپ كېتىۋەرگەچكە، ئارسلان قۇرۇق قول دەريا بويىغا قايتىپ كېلىپ، ئانىسىنىڭ يوغانلا بىر

بېلىق تۇتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن بىر كېپىنەك ئۇچۇپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئارسلان يەنىلا قارمىقىنى تاشلاپ كېپىنەكنى قوغلاش بىلەن ئاۋارە بوپتۇ. ئۇ كېپىنەكنى تۇتالماي، دەريا بويىغا قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئانىسى يەنە چوڭ بېلىقتىن بىرنى تۇتۇپتۇ.

— ئەجەپمۇ زېرىكتىما بۇ ئىشتىن! نېمىشقىمۇ كىچىككىرەك بىر بېلىقمۇ تۇتالمايمەن؟ — دەپتۇ ئارسلان.

ئانا مۈشۈك ئارسلانغا قاراپ:

— بېلىق تۇتۇشقا كەلگەندىكىن، بېلىق تۇتۇش بىلەنلا مەشغۇل بولۇش كېرەك، ئۇنچە كۆڭۈللۈك قىلىشقا بولمايدۇ.

— بىر دەم يىڭناغۇچ تۇتىمەن، بىر دەم كېپىنەك تۇتىمەن دەپ چېپىپ يۈرۈپ، بېلىقنى قايسى ۋاقىتتا تۇتماقچىدىڭ؟ — دەپتۇ.

ئارسلان ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېلىق تۇتۇشقا كىرىشىپتۇ. يىڭناغۇچ، كېپىنەكلەر ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرسىمۇ كۆز قىرىنى سالماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر دەمدىن كېيىن يوغانلا بىر بېلىقنى قارماققا چۈشۈرۈپ تۇتۇۋاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئۆگىنىش بولسۇن ياكى ئىشلەش بولسۇن، ھەممىسىدە ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەندىلا نەپ ئالغىلى بولىدۇ. ئۇياقتىن – بۇياققا تۇختىماي قاتراپ يۈرۈپ ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولماس.***

***كۆپىنچە كىشىلەر ئۆگىنىشنى ناھايىتى ئوڭاي چاغلاپ قالىدۇ ۋە ئازراق كۆچەپ قويۇپلا ئالەمشۇمۇل نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىش خىيالىدىلا بولىدۇ. ئەمما ھەرگىز سەۋرچانلىق بىلەن بېسىپ ئولتۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارمايدۇ – دە، ئوڭايلا يېرىم يولدا بەل قويۇۋېتىدۇ.***

***بىلىش كېرەككى، ئۆگىنىش ئۇزۇن مۇددەتلىك جەريان. يەنە كېلىپ سەۋرچانلىق، ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش. شۇڭا، ئۆگىنىۋاتقاندا ئىنتايىن قاتتىق سەۋرچان بولۇڭ، ھەرگىزمۇ ئالدىراپلا بولدى قىلىۋەتمەڭ ھەم ۋاز كەچمەڭ. سەۋرچانلىق بىلەن چىداپ، ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز، ھامان بىر كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ ئاجايىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكىنىڭىزنى ھېس قىلىسىز.***

## خىسلىتىمىزنى ساقلايلى

بىر ئات خوجايىنىنىڭ تۆگىنى «چۆل كېمىسى» دەپ ماختىغىنىنى ئاڭلاپ، نېمە ئۈچۈن مەنمۇ تۆگىدىن ئۆگىنىپ، خوجايىنىمنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەيمەن؟ دەپ

ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئات ئېغىلىدىن غىپپىدە چىقىپتۇ ـ دە، تۆگىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئات تۆگىنىڭ دۈمبىسىنىڭ ئېگىز، پۇتىنىڭ چوڭ، بوينىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بوينۇمنى ئۇزارتىشقا بولمايدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە تۇگۈلۈپ تۇرۇپ دۈمبەمنى چىقارسام، پۇتۇمغا ئاياغ كىيسەم، مەنمۇ «چۆل كېمىسى» بولىدىكەنمەن ئەمەسمۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

- ئەتىسى ئات تازا تۇگۈلۈپ دۈمبىسىنى چىقىرىپ، پۇتىغا ئاياغ كىيىپ، غوجايىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ ماختىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. كىم بىلسۇن، غوجايىن ئاتنى تونۇمايلا قالماستىن بەلكى: «قەيەردىن كېلىپ قالغان غەلىتە مەخلۇق بۇ؟» دەپ قىزىقسىنىپ قاراپتۇ.

ـ غوجايىن، مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟ ـ دەپتۇ ئات تېرىكىپ.

ـ ئاۋازىڭغا قارىغاندا ئاتقا ئوخشاۋاتىسەن، لېكىن…

ـ ۋاي غوجايىن، مەن ئۆزىڭىزنىڭ ئېتى شۇ، تۆگىدىن ئۆگىنىپ مۇشۇنداق بولدۇم.

بۇنى ئاڭلىغان خوجايىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

ـ سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا نېمە ئۈچۈن تۆگىنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن ئۆگىنىسەن؟ قارا سېنى، نېمىگە ئوخشىشىپ قالغانسەن! ـ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئات قىلمىشىدىن بەكمۇ خىجىل بوپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەربىر كىشىدە ئۆزىگە خاس مەلۇم ئالاھىدىلىكى بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: بەزىلەر گەپكە ئۇستا، بەزىلەر خەتنى چىرايلىق يازىدۇ، بەزىلەر توپنى ياخشى ئوينايدۇ، بەزىلەر ناخشىنى چىرايلىق ئېيتىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ قولى رېمونتچىلىق ئىشلىرىغا ئەپچىل، ئىشقىلىپ ئويدان قارىساقلا ھەممىمىزدە ئوخشىمىغان ئالاھىدە ئىقتىدارلار بار. ئەمما نۇرغۇنلىرىمىز ئۆزىمىزدىكى ئالاھىدىلىكنى بايقىيالماي، ھەدېسىلا باشقىلاردەك بولۇشقا تىرىشىمىز ـ دە، نەتىجە قازىنالمايمىز.***

***پۇتبولدا ياخشى بولسىڭىز، ناخشىچىغا ھەۋەس قىلىپ يۈرمەڭ، بەلكى پۇتبولنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تېپىش، ئويناشنى مەشىق قىلىپ، مۇشۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىڭىزنى راۋۇرۇس جارى قىلدۇرۇڭ. ھەرگىزمۇ خەقلەرنىڭ كەينىدىن دورامچىلىق بىلەن ئەگەشمەڭ.***

***سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ خاسلىقىڭىزنى جايىدا جارى قىلدۇرالىسىڭىز، چوقۇمكى، ھەممەيلەننىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولالايسىز ھەم نەتىجە قازىنىپ، كىشىلەرگە نەپىمۇ يەتكۈزەلەيسىز. بايقاڭ، سىزدە قانداق ئالاھىدىلىك بار؟***

## ھەربىر گۈلنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بار

ئېشەك بۇلبۇلنى كۆرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

– سەن بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ناھايىتى خۇرسەنمەن! سېنى خەقلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ. ماڭىمۇ بىرەر ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ. خەقنىڭ دېگەنلىرى زادى قانداق، ئاۋازىڭنىڭ زادى شۇنچىلىك ماختىغۇچىلىكى بارمۇ – يوق، بىر ئاڭلاپ باقسام.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇلبۇل پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سالپتۇ. ئۇ ناخشىنى شۇنداق چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتىپتۇكى، ئاۋازى تورۇپ لەرزان ياڭراپتۇ، تورۇپ ئاجايىپ دولقۇنلىنىپ چىقىپتۇ. مۇڭلۇق كۈيدىن كېيىن ئۇ شوخ كۈينى باشلاپتۇ. ئاۋۋالقى كۈيى كىشىگە يىراقتىن ئاڭلانغان نەينىڭ ئاۋازىنى ئەسلەتكەن بولسا، كېيىنكى كۈيى پۈتكۈل ئورماننى شادىمانلىققا چۆمدۈرۈپتۇ.

تاڭ مۇئەككىلىنىڭ بۇ ئېسىل كۈيچىسى خەندان ئۇرۇۋاتقان چاغدا شامالمۇ تىنجىپتۇ، قۇشلارمۇ نەغمە – ناۋاسىنى توختىتىپتۇ، مۇگدەك بېسىپ كېتىۋاتقان پادىلارنىڭمۇ ئۇيقۇسىنى ئېچىپتۇ. پادىچىمۇ خۇشاللىقتىن يۈركى ئويناپ كېتىۋاتقاندا جايىدا توختاپ ناخشىغا قۇلاق سالپتۇ، بەزىدە ھەتتا ئايال ھەمراھىغا مېھرىبانلىق بىلەن كۆز تاشلاپمۇ قويۇپتۇ.

ناخشا تۈگەپتۇ، ئېشەك سالاپەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۇنىڭغا باھا بېرىپتۇ:

– راستلا يامان ئەمەس ئىكەن، ھەر ھالدا خېلى ھۇزۇرلانغۇدەك ئېيتتىڭ، يىگىتىم. بىراق خورازنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلىساق بىز قالتىس ياىراپ كېتىمىز، ئەگەر سەن خورازنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن بىر – ئىككى پەدە ناخشا ئۆگىنىۋالساڭ، تېخىمۇ قالتىس بولۇپ كەتكۈدەكسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىچارە بۇلبۇل پىررىدە ئۇچۇپ بىراقلا ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىپ كېتىپتۇ. (بۇ مەسەل كرىلوۋنىڭ.)

***ھېكمەت:***

***بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا بەرگەن تۈرلۈك – تۈمەن باھالىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىرەيلەننىڭ يەنە بىرەيلەنگە بەرگەن باھاسى مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ قاراش، چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. بىر تۆگىنى مەن ناھايىتى كېلىشكەن، يارامىلىق ئىكەن دېسەم، يەنە بىرى شۈبھىسىزكى، باشقىچە مەيدان، كۆز قاراشتا بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا تۆگە مېنىڭ ياكى بىراۋنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىش ياكى يەنە بىرسىنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈنلا ئۇرۇنۇشى كېرەك***

***ئەمەستە:***

***بىز ناھايىتى ئادىل باھالىغۇچىلارغىمۇ، ھەتتا ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە پىكىر قىلىدىغان قارىغۇ باھالىغۇچىلارغىمۇ ئۇچراپ تۇرىمىز. ئەمما بىرەيلەننىڭ باھاسى تۈپەيلىلا بىز ئەسكى ياكى ياخشى بولۇپ قالمايمىز. كەمچىلىكىمىزنى تۈزىتەيلى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى. بىز باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىمىز ئۈچۈن ياشايلى.***

## ھەممەيلەننىڭ ئىشتىھاسى ئوخشىماس

كۆچۈكنى ئانىسى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ، تۇغقان يوقلاشقا كەتكەنىكەن، يالغۇز قالغان كۆچۈك تاسادىپىيلا ئاغرىپ قاپتۇ. كۆچۈكنىڭ دوستلىرى ئايرىم - ئايرىم سوۋغا - سالاملار ئېلىپ يوقلاپ كەپتۇ.

مايمۇنچاق قىزىل ئالما ۋە شاپتۇل ئەكەپتۇ، بۇغىچاق مېھرىگىياھ ئەكەپتۇ، ئارسلان كارپ بېلىقى تۇتۇپ كەپتۇ، چۆجە بولسا قۇرت ئەكەپتۇ. كۆپچىلىك ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈككە تەسەللى بېرىپ:

— سەن بىز ئەكەلگەن بۇ ياخشى تائاملارنى يېسەڭلا، كېسىلىڭ ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېيىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

كۆچۈك زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ، دوستلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن كۆچۈكنىڭ دوستلىرى يەنە ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە، قىزىل ئالما، شاپتۇل، مېھرىگىياھ، كارپ بېلىقى، قۇرت قاتارلىقلارنىڭ سېسىپ تۈزۈلغانلىقىنى، كۆچۈكنىڭ بولسا كېسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

— كۆچۈك، سەن بۇ ئەڭ ياخشى تائاملارنى نېمىشقا يېمىدىڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، كۆچۈك ماغدۇرسىز ھالدا:

— سىلەرنىڭ كۆيۈمچانلىقىڭلارغا كۆپ رەھمەت، لېكىن مەن سۆڭەك غاجىلاشنى ھەممىدىن ياخشى كۆرەتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارنىڭمۇ ياخشى كۆرۈشى ناتايىن.

***ھېكمەت:***

***ھەئە، ھەممەيلەننىڭ ئىشتىھاسى ئوخشىمايدۇ، ئوخشاش بىر تەخسە ئاشنى بىرەيلەن مەززە قىلىپ يېسە، يەنە بىرەيلەن ئوخشىماپتۇ دېيىشى، يەنە بىرەيلەن ھەتتا ھۆ بولۇپ يېيەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.***

***ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى، تەم، پۇراق، كۆرۈش سەزگۈسى بولىدۇ. بىر پارچە گۈلنى تەسۋىرلەپ ئۇن ئوقۇغۇچىغا ماقالە يازدۇرۇلسا، چوقۇمكى، ئۇلار ئون نۇقتىدىن ئون خىل تەسۋىرلەيدۇ. بىز***

*بىرىنىڭكىنىلا نەزەرگە ئېلىپ، يەنە بىرىنىڭكىنى چەتكە قاقساق بولامدۇ؟*

*ئۆزىڭىزنىڭ كۆز قارىشىنى باشقىلارغا تاڭماڭ. بەلكىم باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قاراش، پوزىتسىيىسى بولۇشى مۇمكىن. سىزگە ياخشى تۇيۇلغان ئۇسۇل ـ چارىلەرنىڭ يەنە بىرىگە باب كېلىۋېرىشى ناتايىن، باشقىلار قوللىنىپ ئۈنۈم قازانغان ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىڭىزمۇ ناتايىن. دورامچىلىقتىن ساقلىنىڭ ـ دە، ئۆزىڭىزگە باب كېلىدىغان، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشتىھاسى خالايدىغان ئەڭ ياخشى نەرسە تېپىشقا تىرىشىڭ.*

## غەيۋەتچىگە ملك كالتەك

باھار كېلىشى بىلەنلا، توپ ـ توپ قارلىغاچلار جەنۇب تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىشىپ، ئۆزلىرىگە ئۇۋا سېلىش ئۇچۇن ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر توپ قۇشقاچ ئۆيىنىڭ تورۇسىدىكى لىم ياغاچقا قاتار قونۇشۇۋېلىپ، قارلىغاچلارنى مەسخىرە قىلىپ، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

ـ قاراڭلار، ماۋۇ ھاماقەتلەرنى، ئاشۇ كىچىككىنە تۇمشۇقلىرى بىلەن لاي توشۇپ ئۇردا سالماقچىمىش تېخى، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماقچى بولۇشۇپتۇ ـ دە، ئۆزلىرىچە. ئۇلارنىڭ بۇ خام خىياللىرى بەربىر يوققا چىقماي قالمايدۇ…

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، قارلىغاچلار ئۇۋىلىرىنى سېلىپ بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇشقاچلار يەنە يېڭى غەيۋەتلىرىنى باشلىۋېتىپتۇ:

ـ ۋايىيەي، لاي ـ لاتقىلاردىن مۇشتۇمچىلىك كۆرۈمسىز ئۇۋا سالغىنىغا شۇنچىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن بارمۇ، جاي تېپىلمىغاندەك لىم ياغاچلارنىڭ ئاراچلىرىغا تىقىلىشىۋېلىپ، ئاپتاپ كۆرمەي، قاراڭغۇدا تىمسىقلاپ يۈرگەنلەرنىڭ ھالىنى تېخى.

قارلىغاچلار قۇشقاچلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماي، يېڭى ئۇۋىلىرىغا كۆچۈپ كىرىپ، خاتىرجەم يېتىپ تۇخۇم تۇغۇپتۇ، تۇخۇمنى بېسىپ ئۇنىڭدىن بالا چىقىرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ياز كېتىپ، كۈزمۇ كەپتۇ، قارلىغاچنىڭ باللىرى چوڭ بولۇپ قانات چىقىرىپ مۇستەقىل ئۇچالايدىغان بوپتۇ. ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى باشلاپ ئىسسىق جايلارغا جەنۇبقا قاراپ كېتىشىپتۇ.

قارلىغاچلار كېتىشى ھامان، غەيۋەتچى قۇشلار ئۇلاردىن قالغان ئۇۋىلارنى تالىشىپ سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە ھەممىدىن كۈچلۈك بىرى ئۇۋىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. قالغان قۇشقاچلار ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ: ـــ باشلىقىمىزنىڭ تۇرار جايى تولىمۇ چىرايلىق، بەكمۇ يورۇق، گويا مەرمەر تاشتىن ياسالغاندەكلا كاتتا ئۆي جۇمۇ، ـــ دەپ ماختىشىپتۇ.

بىراق، باھار كېلىشى بىلەنلا قارلىغاچلار توپ ـ توپى بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، ھېلىقى غەيۋەتچى قۇشقاچلارنى ئۇۋىلىرىدىن قوغلىۋېتىپ، يېڭىۋاشتىن ئۇۋا سېلىشقا

رگىرىشىپتۇ.

غەيۋەتچى قۇشلار بولسا لىم ياغاچقا قونۇۋېلىپ، يەنە غەيۋەت ـ شىكايىتىنى باشلىۋېتىپتۇ.

— ئاشۇ كىچىككىنە تۇمشۇقۇڭلار بىلەن لاي ـ لاتقا توشۇپ ئۇردا بىنا قىلىپ بولالامسىلەر؟ بۇ ئوخلاپ چۈشۈڭلار، بۇ خام خىيالىڭلار بەربىر ئىشقا ئاشمايدۇ، — دېيىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***غەيۋەتخور پىتنە ـ پاساتچىلارنىڭ لەنىتى تەربىيە شۇ يەردىكى، ئۇلار ھەمىشە ئادەملەرنى قۇسۇر ئىزدەيدۇ. ھەممىلا ئىشنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئەيىب تاپماقلا بولىدۇ. ياخشى ئېقىۋاتقان ئىشلارنىڭ تۇيۇقسىزلا تەتۈر ئۆرۈلۈپ دۆم بولۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ غەيۋەتخورلارنىڭ ئىچىدە ئوغا ـ ھەسەت قايناپدۇ...***

***مەيلى سىز قانداق ئىنسان بولۇڭ، غەيۋەتخورلۇق قىلماڭ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەر قانداق گېپىنى ھېكايە قىلماڭ، ئۇ يوق يەردە بولۇپمۇ ئۇنىڭ يامان تەرىپىنى كىملەرگىدۇ قىلىپ بەرمەڭ. سىز دېگەن ئاشۇ غەيۋەتلەر راست بولسۇن ياكى يالغان بولسۇن، ئۇ كىشىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپلا قالسا، ئاراڭلارغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالىدۇ...***

***غەيۋەتكە قۇلاق سالماڭ، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان، توغرا دەپ ئويلىغان يول بويىچە قىلىۋېرىڭ. غەيۋەتخورلار ھامان لالما ئىتتەك ھەممە يەردە شۆلگەي ئېقىتىپ قاۋاپ يۈرۈۋېرىدۇ... مەيلى ئۇلار شۆلگەي ئېقىتقاچ تۇرسۇن، بىز ئۆز ئىشىمىزغا ماڭايلى.***

## ھۈنەرنىڭ ھەممىسى گۆھەر

بىر قېتىم تىيىن تۈلكىگە ئۇچراپ قاپتۇ. تىيىن سالام بېرىپ:

— ياخشىمۇسىز تاغا، ئىشلىرىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تىلەيمەن! — دەپتۇ.

— كىم سېنىڭ تاغاڭ ئىكەن! — دەپتۇ تۈلكە، — تۇغقانلىرىم ئىچىدە ئەزەلدىن سەندەك پاكىنەك بولۇپ باقمىغان. سەن زادى كىم؟ قانداق ھۈنىرىڭ بار؟

— مېنىڭ ھېچقانچە ھۈنىرىم يوق. ئەمما، بىرەرى مېنى تۇتماقچى بولسا، مەن ئەڭ ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالالايمەن.

— بۇنى ھۈنەر دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ تۈلكە، — ھۈنەر دېگەن مانا مەندە.

دەل شۇ چاغدا ئوۋچى ئوۋ ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ قاپتۇ. تىيىن بۇنى كۆرۈپ، دەرھال دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. تۈلكە بولسا ئوۋ ئىتىغا تۇتۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا تىيىن دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۈلكىگە:

— تېز بولۇڭ تاغا! ھۈنىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ! ئىت سىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرمىسۇن

يەنە! — دەپتۇ. ئەمما تۈلكە جاۋاب بېرەلمەپتۇ. چۈنكى، ئىت ئاللىقاچان ئۇنى بوغۇۋالغانىكەن.

**ھېكمەت:**

***بىز تۇرمۇشتا بەزىمىز تۆمۈرچى، بەزىمىز كۆمۈرچى، بەزىمىز قاسساپ، باققال، سودىگەر، ئىشچى، ئوقۇتقۇچى، بانكىر... بولۇپ ياشاپ ئۆتىمىز. ئوخشىمىغان ھۈنەر، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش بىزنى ئوخشىمىغان سالاھىيەتكە ئىگە قىلغان. شۇ تۈپەيلى بىز بەزىدە بەزىلەرنىڭ يەنە بەزى ھۈنەر - كەسىپلەرنى قىلىدىغانلارنى ئۆنچىۋالا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز.***

***بىلگەكى، كىگىزچىلىكمۇ، قاسساپلىقمۇ، موزدۇزلۇقمۇ، ئوقۇتقۇچىلىقمۇ... ھەممىسى ئوخشاشلا ھۈنەردۇر. ھەممىسلا ئوخشاش كەسىپتۇر. ھۈنەردە ياخشى ياكى ناچار دېيىدىغان گەپ يوق. مايلامچىلىقنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى بار، سودىگەرچىلىكنىڭمۇ؟...***

***ھۈنەر، كەسىپكە سىڭا كۆزدە قارىماڭ. ھەممىلا ھۈنەر گۆھەردەكلا قىممەتلىك، ئەزىزدۇر. قانداقلىكى ئىلىم، ھۈنەر ئۆگەنمەك، ئۇنىڭغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاڭ ۋە پۈتۈن ئىخلاسىڭىز بىلەن ئىشلەڭ. شۇ چاغدا كۆرىسىزكى، ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ كاتتا نەتىجىلەرنى قازىنىپ چىققىلى بولىدۇ...***

## ئاجىز يېرىڭنى خەققە كۆرسەتمە

بۆرۈنىڭ بۆرۈنىسىدا، تۈلكە خورازنى كۆرسىلا قاچىدىكەن. چۈنكى، خورازنىڭ تاجىسى قىزىل، ئوتمۇ قىزىل بولغاچقا، تۈلكە خورازنىڭ تاجىسىنى ئوت دەپ ئويلاپ قالىدىكەن.

خوراز ھەر قېتىم تۈلكىنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ئەجەپلىنىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئامال بىلەن تۈلكىنى توختىتىۋېلىپ:

— تازىمۇ غەلىتە ئىشقۇ، سەن نېمىشقا مېنى كۆرسەڭلا قاچىسەن؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ھايۋانغۇ، — دەپتۇ.

— مەن بېشىڭدىكى ئوتتىن قورقىمەن، — دەپتۇ تۈلكە.

— ئەستا، ئۇ ئوت ئەمەس، — دەپتۇ خوراز، — ئەگەر بېشىمدا ئوت قاداقلىق بولسا قانداقمۇ ئەركىن - ئازادە يۈرەلەيمەن؟

— راستمۇ؟ بۇنى بىلمەيدىكەنمەن، — دەپتۇ تۈلكە.

— كېلە، ئۇنى سىيلاپ كۆرۈپ باق. ئۇ ئوت ئەمەس، سېنى كۆيدۈرمەيدۇ، — دەپتۇ خوراز.

تۈلكە دەككە - دۈككە ئىچىدە سىيلاپ بېقىپتۇ، تاجىسى يۇمشاق بولۇپ، ئوتقا زادىلا ئوخشىمايدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي تۈلكە: «ئۇنىڭ تاجىسىنى يەۋالايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ن، تۈلكە خورازنىڭ تاجىسىنى يېگەنىكەن، ھەقىقەتەن مەززىلىك بىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تۈلكە خورازنى كۆرسىلا قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ تاجىسىنى يەۋېتىدىغان بوپتۇ.

شۇڭا، كىشىلەر: خوراز ئۆز - ئۆزىگە بالا تاپتى، ئۆزىنى ئۆزى تۈلكىگە تۇتۇپ بەردى، دېيىشىدىكەن. ئۇ تۈلكىگە تاجىسىنىڭ ئوت ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بەرمىگەن بولسا، تۈلكە ھەرگىز ئۇنىڭ تاجىسىنى يېمىگەن بولاتتى.

***ھېكمەت:***

***ئادەم ھەممىلا تەرەپتىن مۇكەممەل، كامىل بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ مەلۇم ئاجىز تەرىپى بولىدۇ. بۇ ئاجىزلىق مەيلى ناھايىتى چوڭ، ئەجەللىك ئاجىزلىق بولسۇن ياكى ئەڭ ئادەتتىكى، ئەرزىمەس كەمچىلىك بولسۇن، ئۇ ھامان مەلۇم تەرەپتىن شۇ كىشىنىڭ ئىشلىرىغا پاسسىپ تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۆز ئاجىزلىقى، يېتەرسىزلىكىگە ھوشيار بولۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.***

***ئاجىزلىقىڭنى بايقا، تونۇ ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ بارىچە ياپ. بولۇپمۇ ئاجىزلىقىڭنى رەقىبىڭگە ھەرگىز بىلدۈرۈپ قويما. ئەگەردە ئۆزۈڭنىڭ ئېيتىپ، ئاجىزلىقنى باشقىلارغا ئاشكارا بىلدۈرۈپ قويىدۇڭمۇ، رەقىبلىرىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقىڭنى تۇتۇۋېلىپ سېنى ئەخمەق قىلىپ ئوينايدۇ...***

***باشقىلارنىڭ ئاجىز تەرىپىنىمۇ بىلىپ، بايقاپ قوي. بولۇپمۇ رەقىبلىرىڭنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى ياخشى بىلىۋالساڭ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالايسەن.***

## مەمەدانلىق سېنى يالغۇز قويىدۇ

بىپايان كەتكەن ۋادا بۈك - باراقسان گۈزەل باغ ئىكەن. بۇ باغدا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، شېرىن مېۋىلەر پىشىپ تۇرىدىكەن. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئۈزۈلمەيدىكەن.

دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان گۈزەل قۇشلار بۇ باغنى ماكان تۇتقان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ باغنى «قۇشلار بېغى» دەپ ئاتايدىكەن. قۇشلارنىڭ ئارىسىدا «ئالتۇن قۇش» دەيدىغان بىر چىرايلىق قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ پەيلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن. قۇشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇ قۇشنى ئەتىۋارلاپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن. ئالتۇن قۇشمۇ ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق ئىززىتىنى قىلىپ، ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتكەنسېرى ئالتۇن قۇش ماختاش سادالىرى ئىچىدە ئۆزىگە تەمەننا قويۇشقا، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى پەش قىلىپ، بارا - بارا باشقا قۇشلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ باشقا قۇشلار سالام بەرسە كۆز قىرىنىمۇ سالمايدىغان، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن غادىيىپ كۆكرىكىنى كېرىپ، پەيلىرىنى پارقىرىتىپ، كۆز - كۆز قىلىپ يۈرىدىغان بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن

باشقا قۇشلارمۇ ئۆز پوزىتسىيىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت بىلدۈرمەيدىغان، ھەتتا ئۆز يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن خاپا بولغان ئالتۇن قوش: «سىلەر كۆرمىسەڭلار، مېنىڭمۇ سىلەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق» دېگەندەك قىلىپ ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ تۇتۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئالتۇن قوش يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، ئىچى پۇشۇپ يىغلاپتۇ، زارلاپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ھالىنى سورايدىغان بىرمۇ قوش چىقماپتۇ. بۇ ئىش ئالتۇن قۇشقا تېخىمۇ ھار كەپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئاخىر قۇشلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، قۇشلار ئۇنىڭغا يەنىلا قارىماپتۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغان ئالتۇن قوش ھەربىر قۇشنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپتۇ. قۇشلار ئۇنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئۆز خاتالىقىنى تونۇغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال ھالدا يەنە بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇشلار بىر ـ بىرىنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى تەبىئەت گۈزەللىكىگە يېڭى ھۆسن قوشۇپتۇ.

***ھېكمەت:***

*بىر ئادەمنىڭ ئەڭ گۈزەل تەرىپى ئۇنىڭ ھۆسنى ـ جامالى ئەمەس، بەلكى خۇلقى ـ پەزىلىتىدۇر. ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، قارىساڭ، ھۆسن ـ جامالى شۇ قەدەر چىرايلىق، چىرايى جانان چىنىدەك پارقىراپ، جۇلالاپ تۇرىدۇ. قەددى ـ قامىتى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق، ئەمما قىلىق ـ ھەرىكەتلىرى شۇ قەدەر قاملاشمىغان ۋە كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرگۈدەك ناچار، پەزىلەتسىز… مۇنداق كىشىلەر ھەر قانچە چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم يېقىن يولىماس، ئۇنى دوست بىلمەس. ئەمما يەنە شۇنداق كىشىلەرنىمۇ كۆرىسەنكى، ئۆزى كۆرۈمسىز، كىيىنىشى ئاددىي بولغان بىلەن ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىر قىلىق ـ ھەرىكىتىدىن تەڭداشسىز يېقىملىق مېھىر تاراپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن بىللە بولساڭ قەلبىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولىدۇ…*

*چىرايىڭ بىلەن ئەمەس، قەلبىڭ، پەزىلىتىڭ، گۈزەل قىلىق ـ ئادىتىڭ بىلەن ماختىنالايدىغان بول. كىشىلەر سەن بىلەن ئىللىق تۇيغۇغا چۆمسۇنكى، سەندىن ھەرگىزمۇ مۇزدەك سوغۇقچىلىق ھېس قىلمىسۇن.*

## نەقدىرنىڭ چاقچىقى

ئىلگىرى بىر يىگىت بىر قىزغا ئاشىق بوپتۇ. يىگىت قىزنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ھەر كۈنى دېگۈدەك قىزغا ئاتاپ شېئىر، خەت يازىدىكەن. مۇھەببەت

لاۋاتقان يىگىت قىزنى سۆ، ئۆزىنى بىلىق ھېس قىلىپ ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بېرىپتۇ. قىز بولسا جەنۇبتىن، ئوغۇل بولسا شىمالىي قىسىمدىن ئىكەن. سلەپكى ۋاقىتلاردا يىگىت قىزچاق بىلەن تولىمۇ ياخشى ئۆتۈپتۇ. بىراق ۋاقىت ئارغانسېرى ئىككىسىنىڭ خاراكتېر، پسىخىكا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلاپتۇ. دائىم بىر قىسىم كىچىك ئىشلار ئۈستىدە تالاش - تارتىش پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۆخىل پەرق ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدا بىر قەۋەت تۇمان پەيدا تىشقا باشلاپتۇ.

بىر قېتىم ئىككىسى سودا سارىيىغا مال سېتىۋالغىلى بېرىپ، يىگىت قىزچاق ئۈچۈن كىيىم تاللاشقا باشلاپتۇ. بىراق يىگىت ياخشى كۆرگەننى قىزچاق ياقتۇرماپتۇ، قىزچاق ياخشى كۆرگەننى يىگىت ياقتۇرماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسىنىڭ پىكرىدە زىتلاپ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى يىگىت ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىيىمنى سېتىۋاپتۇ. بۇ ئىش ئۈچۈنمۇ ئۇلار يەنە جېدەللىشىپ قاپتۇ. ئۆيگە قايتىدىغان يولدا ھېچقايسىسى گەپ قىلماي، بىر - بىرىدىن ماي تارتىشىپ يۈرۈشۈپتۇ. يىگىت ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ، كېچىلەپ قىزغا خەت يېزىپ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىپتۇ.

ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇلار تىپتىنچلا ئايرىلىپ كېتىپتۇ. ئايرىلىپ كەتكەن شۇ قېتىمقى ئىشمى قىزچاق يىگىتنى ئۆيىگە چاقىرىپ، يىگىت بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشىپ ئاقماقچى بوپتۇ. يىگىت قىزنىڭ ئۆزىگە بىر قېتىملىق پۇرسەت بېرىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. قىزچاق ئۆيىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى قورودا ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ يىگىتنى ساقلاۋاتقانىكەن. يىگىت ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن قىزچاق: — مەن كۆپ ئويلاندىم، ئىككىمىزنىڭ خاراكتېرى پەقەت ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، بىز پەقەتلا ئادەتتىكى دوستلاردىن بولۇپ قالايلى، مۇھەببەت بىر مەيدان تەقدىرنىڭ ئويۇنلاشتۇرۇشىدىن ئىبارەت، — دەپتۇ. يىگىتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يۈرىكىنى خەنجەر بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپتۇ.

— ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىڭ، مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، ماڭا ئىشىنىڭ! — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ يىگىت قىزدىن. قىزچاق باش چايقاپ گەپمۇ قىلماپتۇ، كۆزلىرىدىن بولسا جۇدالىق ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ كېتىپتۇ. ئىشىك سىرتىدا ۋېلىسىپىتنىڭ قوزغالغان ئاۋازى ئاڭلانغاندا، يىگىت ئەس - خىيالىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ قىزچاققا يازغان خېتىنى ئېسىگە كەپتۇ ۋە دەرھال خەتنى ۋېلىسىپىتنىڭ سېۋىتىدىن ئېلىپ قىزچاققا بېرىش ئۈچۈن ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭغاندا «جاڭ»ئىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك ئېتىلىپ قاپتۇ. يىگىت بۇ سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىگىلا

قىزچاقنىڭ ئىشكىنى تاقىۋېلىشىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتۇ. ئۇ ئىشىك سىرتىدا مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندا قولىدىكى خەت يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇ كۆڭلى يېرىم ھالدا بىر ھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىشكنى چېكىش ياكى چەكمەسلىكنى ئويلىنىپ قاپتۇ، بىراق ھېلىقى ئىشكنىڭ يېقىمسىز يېپىلغاندىكى ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىنى بوشلۇقتا توختىتىپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كېتىشنى قارار قىلىپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇلار كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. يىگىت ھازىرغىچە بويتاق، بىراق قىزچاق ئۆزگىرىپ بولۇپ بولغان ئىكەن. يىگىت ئۇنىڭدىن: — ياخشىمۇ سىز؟ ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى سىز ھەقىقەتەن رەھىمسىزلىك قىلدىڭىز، مەن چىقىپ كېتىشىمگىلا سىز نېمىشقا ئىشكنى تاقىۋالدىڭىز؟— دەپ سوراپتۇ. قىزچاق: — ئىشكنى شامال يېپىۋەتكەن، مەن سىزنى ئىشكنى چېكىدۇ، دەپ ئويلىغان، شۇنىڭ بىلەن سىزنى خېلى ئۇزۇن كۈتتۈم، بىراق ئىشكنى چەكمىدىڭىز. سىز ھەقىقەتەن دۆت ئىكەنسىز، شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ كۆز يېشىم قۇرۇپ باقمىدى. سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە مەن يوق ئىكەنمەن، بولمىسا نېمىشقا توساتتىن چىقىپ كېتىسىز، مەن كېيىن چىقىپ سىزنى ئىزدىدىم، بىراق سايىڭىزنىمۇ تاپالمىدىم، مېنىڭ كۆڭلۈم سىزنىڭكىدىنمۇ بەك يېرىم!— دەپتۇ.

يىگىت: — مەن سىرتقا ۋېلىسىپىتنىڭ سىۋىتىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان خەتنى ئالغىلى چىققان، — دەپتۇ. ئەمما پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، نادامەت ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالغاندەك ئۆزىنىڭ قانداق تۇيغۇدا ئىكەنلىكىنى دېيەلمەي قاپتۇ.

قىزچاق ئۇنىڭغا: — سىزدە ئىشكنى چەككۈدەك غەيرەت بولمىسا، مۇھەببەت دەرۋازىسىنى چېكىدىغانغا يۈرەك نېمىش قىلسۇن؟ مەن يەنە نېمىگە كەڭ قورساق بولىمەن؟— دەپتۇ.

يىگىتنىڭ كۆڭلى چاك - چېكىدىن سۇنغان ئەينەك پارچىسىدەك پارە - پارە بولۇپ، كۆز چانىقىدا ئىسسىق ياشلار ئەگىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەتلىشىۋاتقان ھەربىر ئادەمدە مۇنداق بىر خىل تۇيغۇ بولىدۇ: بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ھەمىشە — ھەر سېكۇنت، ھەر دەقىقە ئۇنىڭ (قىز ياكى ئوغۇلنىڭ) بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر بىر كۈن كۆرمىسە بىر يىل كۆرمىگەندەك ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ھېسسىيات خۇددى قەلب ئېتىزىغا تېرىلغان بىر تال ئۇرۇقتەك مەيلى كۈندۈز ياكى كېچىسى بولسۇن، ئۆزلۈكسىز بىخ سۈرۈپ، ئۇزۇن شىۋىقلىرى يۈرەكنى ئورىغاندەك ھاياتىڭىزنى باھار پەسلىگە چىللايدۇ.***

***بەزى ۋاقىتتا، ئۆتكۈزگەن كىچىككىنە خاتالىقىڭىز ئۆمۈرلۈك پۇشايمىنىڭىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مۇھەببىتىڭىزنى قەدىرلەڭ، ئاسراڭ. ھەرگىزمۇ ئۇنى يەڭگىللىك بىلەن قويۇپ بەرمەڭ.***

## سۆيگۈ ئىزھار قىلىش

بىر يىگىت سەۋدايىلارچە بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ، قوغلاشقىلى بىر قانچە يىللار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق قىز ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇدا قوبۇل قىلماپتۇ.

بىر قېتىم، يىگىت قىزنى سىرتقا تەكلىپ قىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ: — ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن، — دەپتۇ. يىگىت يەنە ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئاقىۋەت ئۇيقۇ دورىسى ئىچىۋاپتۇ، بىراق بەختكە يارىشا ئۆيدىكىلەر ۋاقتىدا بايقاپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزىۋاپتۇ. ئەمەلىيەتتە، كۆپ قېتىملىق ئۇچرىشىش، بىرگە بولۇش جەريانىدا قىزچاقتا يىگىتكە نىسبەتەن ياخشى تەسىر پەيدا بوپتۇ، لېكىن بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، قىزچاق يىگىت بىلەن مۇھەببەت باغلاپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاستا ـ ئاستا سوۋۇشقا باشلاپتۇ. يىگىتنىڭ دوستى قىزچاقنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئەجەبلىنەرلىك ھېس قىلىپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، قىزچاق ئۇنىڭغا: — بىر ئادەم ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلمىگەن يەردە، باشقىلارنى قانداق سۆيەلەيدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۆزىنى سۆيەلىگەن كىشىلا ھەقىقىي يوسۇندا باشقىلارنىمۇ سۆيەلەيدۇ.***
***ئۆزىڭىزنى سۆيۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، شۇنداقلا مۇھەببەتتىن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ چوڭقۇر ھوزۇر ئالالايسىز.***

## باھار ئەلچىسى

ئىلگىرى مىجەزى چۈس بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ مەملىكىتى يىل بويى قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىكەن. ئەزەلدىن ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدىكەن. ئۇ باھار پەسلىنىڭ ئۆز مەملىكىتىگە يېتىپ كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىدىكەن، بىراق دائىم ئويلىغىنىدەك بولمايدىكەن.

بىر كۈنى سەرگەردان بىر كىچىك قىز خان ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ پادىشاھتىن يېمەكلىك ۋە ئۇخلايدىغان جاي بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ قىزچاق ئاچلىق، ھارغىنلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانىكەن. بىراق پادىشاھ ئەزەلدىن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خالىمايدىغان بولغاچقا، قىزچاقنى قوغلىۋېتىپتۇ.

بىچارە قىز شىۋىرغانلىق قاردا ئورمان ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئورمان ئىچىدە ئۇ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل بىر دېھقانغا ئۇچراپتۇ. دېھقان دەرھال قىزچاقنى يۆلەپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ، ئوتنىڭ يېنىدا ئۇخلاشقا بۇيرۇپتۇ ھەمدە قېلىن بىر پارچە ئەديالنى يېپىپ قويۇپتۇ. كېيىن خېمىر يۇغۇرۇپ بولكا ۋە چاي قاينىتىپ قىزچاققا

يىگۈزمەكچى بوپتۇ. دېھقان بولكىنى پىشۇرۇپ، چاي قايناتتىپ، قىزچاقنىڭ ئالدىغا قويغاندا، قىزچاق ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ قالغانىكەن.

دېھقان قىزچاقنى دالىغا يەرلىككە قويۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. باشقا ئەتراپ گەرچە ئاپئاق قارلىق بولسىمۇ، بىراق قىزچاقنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ھەرخىل گۈللەر پورەك ئېچىلىپ، خۇش پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپتۇ. ئەسلىدە، بۇ قىزچاق باھار ئەلچىسى ئىكەن. دېھقان ئۇنى ياخشى كۈتۈپ ئوبدان مۇئامىلە قىلغاچقا، ئۇ باھار پەسلىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بوپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئېرىشىشنى ئويلايدىكەنسىز، چوقۇم بەدەل تۆلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، قانچىلىك بەدەل تۆلىسىڭىز شۇنچىلىك مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىسىز.***

## دېرىزىنى ياقتۇرۇپ قېلىش

زىمىستان قىش كۈنلىرىدە بىر قىزچاق ھەركۈنى دېگۈدەك ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئىشقا بېرىپ كېلىدىكەن ھەمدە ھەر قېتىم ئاپتوبۇستا ئولتۇرغاندا بىر يىگىتنى ئۇچرىتىدىكەن. بىراق ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، بوش ئورۇن بولسىمۇ، ھېلىقى يىگىت ئەزەلدىن ئولتۇرماي قىزچاققا ئارقىسىنى قىلىپ، ئالدىدىكى دېرىزىگە قاراپ جىمجىت تۇرىدىكەن. ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يولۇچىلار قىشلىق كىيىملەرنى كىيىۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىترىشىپ تۇرسىمۇ يىگىت ئەكسىچە نىپىز كىيىۋالغان ئىكەن. يىگىتنىڭ بۇ ئىشى قىزچاقنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

بۇ چىرايلىق قىز شىركەتتە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى قوغلىشىدىغان يىگىتلەر خېلى كۆپ ئىكەن. ھەتتا ئۆي، ماشىنىسى ـ ھەممە شارائىتى تولۇق «ئاق ياقىلىق» لارمۇ بار ئىكەن.

بىر كۈنى چۈشلۈكى قېلىن قار يېغىپ كېتىپتۇ. چۈشتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، قىزچاق ئاپتوبۇستا ھېلىقى يىگىتنى يەنە ئۇچرىتىپ قاپتۇ. يىگىت بولسا يەنىلا دېرىزىگە يېقىن تۇرۇۋاپتۇ.

يىگىتنىڭ كۆزى ئىختىيارسىزلا قىزچاققا چۈشۈپ قاپتۇ. قىزچاق بولسا گېزىت كۆرۈۋاتقانىكەن. ئۇ كۆز قىرىدا يىگىتنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقاپ قېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويۇپتۇ. قىزچاقنىڭ كۈلۈشى شۇنچىلىك تەبىئىي، سەمىمىي ئىكەنكى، ئىككى جۈپ كۆز ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قېلىپ، يىگىت تېزلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ھەمدە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈزى خىجىللىقتىن قىزىرىپ كېتىپتۇ. قىزچاق ئاپتوبۇستىن چۈشىدىغان چاغدىمۇ يىگىتنىڭ چىرايىدىكى

قىزىللىق يوقالمىغان ئىكەن. يىگىتنىڭ خىجىللىقى قىزچاقنىڭ نەزىرىدە كۆنتۇلغۇسىز سىيما بولۇپ قاپتۇ. چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشكەندە، ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان قىزچاق يىگىتنى ئۇچرىتالماپتۇ. يىگىت دائىم تۇرىدىغان جاي قۇرۇق تۇراتتىكەن.

قىزچاق شۇ ۋاقىتتىلا يىگىتنىڭ دائىم بۇ جايى چىقىق دېرىزىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ ۋە تۇيۇقسىز يىگىتنىڭ شۇ ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ چىقىقلىق دېرىزىدىن كىرگەن سوغۇق شامالنى توسۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. قىزچاقنىڭ قەلبى يېقىملىق بىر تۇيغۇنىڭ ھارارىتىدە يىگىتكە بولغان ئىللىق سېزىم بىلەن تولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق ئەستايىدىل يىگىت چوقۇم ئاق كۆڭۈل قەلب ئىگىسى دەپ ئويلىماقتا ئىكەن.

ئىككىنچى كۈنى يىگىت ئاپتوبۇسقا ئولتۇرماپتۇ. قىزچاق ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ قولىدىكى ژورنالنى ھېچ مەنىسىزلا ۋاراقلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشىنى، يىگىت بىلەن ئىختىيارىي پاراڭلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بىراق ئۇ بۇرۇنقىدەك ئۆرە تۇرماي بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قىزچاق ئالدىغا بېرىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام قىلىپ: — ھەي! سىزمۇ بۇ يەردە ئىكەنسىز ،— دەپتۇ. قىز - يىگىت ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈپ چىرايىدا سەممىيلىك، پاكلىق جىلۋىلىنىپتۇ.

قىزچاق ھېلىقى دېرىزىنى شۇنداقلا ھېلىقى ئەستايىدىل يۈرەكنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

كېيىن كىشىلەر قىزچاق بىلەن يىگىتنىڭ قول تۇتۇشۇپ يۈرۈشكىنىنى كۆرۈپتۇ. يەنە بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن يىگىت ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن تويلۇق كىيىمنى كىيىپتۇ. توي بولغان شۇ كۈنى قىزچاق يىگىتتىن: — شۇ ۋاقىتتا ئاپتوبۇستا بوش ئورۇن بولسىمۇ نېمىشقا ئۆرە تۇرغانتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت بولسا: — دېرىزە چېقىلىپ بىر قانچە تۆشۈك ئېچىلىپ قالغان ئىكەن، سىز ھەر قېتىم ئولتۇرغاندا دېرىزىگە ئۇدۇل ئولتۇرغان، كىممۇ چىرايلىق بىر قىزنىڭ سوغۇقتا قېلىشىنى خالايدۇ؟ گەرچە شۇ ۋاقىتتا سىزنى تونۇمايدىغان بولساممۇ، بىراق تۇنجى قېتىم سىزنى كۆرگەندە، مەندە سىزنى سوغۇقتا توڭدۇرماسلىق، قوغداشتەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولغان، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***پەقەت مۇھەببەت ئاتا قىلالىساقلا، ئاندىن چىن مۇھەببەتكە ئېرىشىمىز.***

## يىقىلغان جەڭچى

بىر جەڭچى پولكوۋنىكتىن «ئادەمسىز رايون» ئەتراپىدا يىقىلغان سەبدىشىنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئىجازەت سوراپتۇ. پولكوۋنىك:— بولىدۇ،بىراق سەن ياخشىراق

ئويلىنىپ باق، سەن مۇشۇ سەۋەبلىك جېنىڭدىن ئايرىلىشىڭ مۇمكىن، قۇربان بولغان ئۇ سەبدىشىڭنى دەپ بۇنداق قىلىش، مېنىڭچە ئەرزىمەيدۇ، — دەپتۇ. پولكوۋنىكنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى جەڭچىنىڭ ئىرادىسىنى توسۇپ قالالماپتۇ. ئەسكەر بولسا جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

بۇ جەڭچى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك سەبدىشىنى يۆدەپ، جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىشقا نەچچە مېتىر قالغاندا ئوق تېگىپ يارىلىنىپتۇ. بىراق ئۇ قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ سەبدىشىنى يۆدەپ ئاكوپقا كەپتۇ. پولكوۋنىك جەڭچىنىڭ يارىسىنى تەكشۈرۈپ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: — مەن ساڭا بۇ قىلغىنىڭ ئەرزىمەيدۇ، سېنىڭ دوستۇڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ ئېغىر يارىلاندىڭ، — دەپتۇ. جەڭچى: — ئەرزىيدۇ، پولكوۋنىك،— دەپتۇ. — نېمە ئەرزىيدۇ؟ سېنىڭ دوستۇڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن تۇرسا!— دەپتۇ پولكوۋنىك.

جەڭچى ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ: — شۇنداق، ئۇ ئۆلدى، بىراق مېنىڭ قىلغىنىم ئەرزىيدۇ. چۈنكى مەن ئۇنىڭ: (قېرىندىشىم، مەن سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم) دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم،— دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***قېرىنداشلىق مۇھەببىتى، سۆيگۈ مۇھەببەت ياكى دوستلۇق مۇھەببىتىنىڭ قايسىلا خىلى بولسۇن، بۇ خىل ھەقىقىي تۇيغۇ دائىم باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مۇشكۇلات ئىچىدە ھەقىقىي مۇھەببەتنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ھېسسىيات سىزنىڭ قەدىرلىشىڭىزگە ئەرزىيدۇ.***

## تۇرمۇشنىڭ مۇھەببەتكە بەرگەن ئەڭ ئالىي سوۋغىسى

بىر موزدۇز بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا موزدۇزلۇق قىلىۋاتقىنىغا نەچچە ئون يىللار بولغان ئىدى. قىش كۈنىنىڭ بىرىدە ئۇ سايىمىنى يىغىپ ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىر بالىنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. قارىماققا بالىنىڭ پۇت - قولى مۇزلاپ، قۇلىقى قىپقىزىل بولۇپ، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا قالغان ئىدى.

موزدۇز بالىنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى ۋە شۇ ئاخشىمى ئايالى بىلەن گەپ تالىشىپ قالدى. — بۇنداق سەرگەردان بالىنى كىممۇ بېقىشنى خالىسۇن؟ ئەڭ يامىنى، ئائىلىمىزدە چۆچۈرىدەك كىچىك بالىلار تۇرسا، شۇلارنىڭ قورسىقىنى ئاران بېقىۋېلىۋاتقاندا، يەنە بىرسى قوشۇلسا بۇ يۈكنى قانداق كۆتۈرگۈلۈك؟— دەيتتى ئايالى. موزدۇز بولسا لام - جىم دېمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ: — مەن ئۇنىڭ بىچارىلىكىنى كۆرۈپ چىدىمىدىم. — دەپلا ئايالىنىڭ تىللاشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىراق بالىنىڭ ئېگىسىدىن ھېچ خەۋەر يوق

ئىدى. بالا بولسا گەپ ئاڭلايدىغان ۋە ئەقىللىق چوڭ بولغان ئىدى. بۇ ئائىلە كىشىلىرىمۇ بالىنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، گەرچە نامرات بولسىمۇ، يىغىپ قويغان ئازغىنە پۇللىرىغا بالا ئۈچۈن كىيىم ۋە ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىشكە باشلىدى. قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا بالىنى ئېلىپ قېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ئايالىمۇ بۇ گەپتىن تەسىرلەنگەندەك بولدى. بىر كۈنى تاماق ۋاقتىدا ئايالى موزدوزغا: — بولمىسا، بىز بالىنى بېقىۋالايلى، — دېدى. موزدوزنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن قولىدىكى چىنىسىنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ: «سەن نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى سېغىنىپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغاندۇ» دېدى.

موزدوز يەنىلا تۆت تەرەپكە قاتراپ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى سۈرۈشتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ بىر دەقىقىمۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇ باشقىلارغا ئادەم ئىزدەش ئېلانى يازغۇزۇپ، چوڭ - كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممە يېرىگە چاپلىۋەتتى. يامغۇر، بوران تەسىرىدىن يىرتىلىپ كەتسە، قايتىدىن چاپلىدى. ئۇ گېزىتخانا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا باردى. بىراق ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم قولىنى سۇنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئاماللارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەقەت «چوقۇم بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تېپىش كېرەك» دېگەن ئۇقۇم بار ئىدى.

بىر كۈنلەردە بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ جاينى ئىزدەپ تېپىپ كەلدى. بىر نەچچە ئېغىز رەھمەت ئېيتىپ قويۇپلا، بالىنى ئېلىپ كېتىشتى. قولۇم - قوشنىلار بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى «تولىمۇ ۋىجدانسىز كىشىلەر ئىكەن» دەپ تىللىشىپ كەتتى.

موزدوز ئارتۇق گەپ قىلمىدى. كېيىن يايما ئاچىدىغان دوستلىرى ئۇنى «ھاماقەت» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قېلىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ موزدوز پەقەت كۈلۈپ قويۇپلا باشقا گەپ قىلمىدى.

تۇرمۇش موزدوزغا چاقچاق قىلغاندەكلا ئۆتۈپ كەتتى. بالا كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن خەۋەرمۇ كەلمىدى. بىر قانچە يىللاردىن كېيىن بىر ئادەم ئىز - دېرەكسىز قالغان بىراۋنى تېپىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن نامى چىقىپ كەتتى. ئۇ توردا ئادەم ئىزدەش ھەقسىز تور پونكىتىنى رويخەتكە ئالدۇرغان بولۇپ، كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، تور پونكىتىنىڭ ئىسمى موزدوزنىڭ ئىسمى ئىدى. تور پونكىتىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە تور پونكىتىنىڭ ئىجادچىسىنى ئىزدەپ «ئادەم ئىزدەش ئېلانى» چىقىرىپ قويۇلغان ئىدى. ئىزدىگىنى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى كوچىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا چەكسىز مۇھەببەت ئاتا قىلغان بىر موزدوز ئىدى.

***ھېكمەت:***
***سىز باشقىلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن، ئەكسىچە تۇرمۇش بۇ***

*خىل مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ ئۆز [illegible] ئايلاندۇرۇپ باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتقان ۋاقىتتا، بۇ، تۇرمۇشنىڭ مۇھەببەتكە تولغان ئەڭ ئالىي سۈيگۈسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.*

## قەپەس بىلەن كىچىك قۇشنىڭ مۇھەببىتى

قەپەس بىلەن كىچىك قۇش ياخشى كۆرۈشۈپ مۇھەببەتلىشىپتۇ. قەپەس كىچىك قۇشقا: ــ مەن بولسام قۇشلارنى قامايدىغان بىر قەپەس، ــ دەپتۇ. كىچىك قۇش ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن كىچىك قۇش قەپەستىن: ــ سىزمۇ مېنى قاماپ قويارسىزمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

قەپەس: ــ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، بىراق مەن سىزنىڭ مەڭگۈ يېنىمدا بولۇشىڭىزنى، مەڭگۈ ئايرىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن… ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كىچىك قۇش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: ــ مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. چۈنكى سىز مەن ئۈچۈن بىر ئىللىق ئائىلىگە ئوخشايسىز، ھەرگىزمۇ مېھرى سوغۇق قەپەس ئەمەسسىز، ــ دەپتۇ. بۇ تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بەخت تۇيغۇسى قەپەسنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قەپەس بىلەن كىچىك قۇش بىرگە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بوپتۇ. كىچىك قۇش ئەتىگىنى چىقىپ كېتىپ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى ئوزۇق قىلىپ، ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرىدىكەن. كەچقۇرۇنلىقى قايتىپ كەلگەندە، يېقىملىق ناخشىسى بىلەن گۈزەل كەچلىك مەنزىرىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشىدىكەن. كېچىسى كىچىك قۇش قەپەسنىڭ باغرىدا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىدىكەن.

بىراق، بىر كۈنى خوجايىن قەپەستە ئۇخلاۋاتقان كىچىك قۇشنى بايقاپ قېلىپ قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋاپتۇ. قەپەس كۆڭلىدە: ــ بۇنداقتا كىچىك قۇش ماڭا دائىم ھەمرا بولالايدۇ، بىراق كىچىك قۇش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولدى، ئەمدى ئۇنىڭدا مۇھەببەت يەنە جۇش ئۇرارمۇ؟ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، ــ دەپ ئويلاپتۇ.

كىچىك قۇشنىڭ مۇھەببىتى قەپەس ئۈچۈن ئېيتقاندا ياشاشنىڭ مەنىسى ئەمەسمۇ؟ قەپەس كىچىك قۇشنىڭ ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ؛ كىچىك قۇشنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ، شۇنداقلا كىچىك قۇشنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولۇشنى خالىمايدۇ.

ئۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۆز قوينىدا ئۇخلاۋاتقان كىچىك قۇشقا قاراپ كۆزلىرى ئېچىشقان ھالدا: ــ خەير ـ خوش مېنىڭ مۇھەببىتىم، ئاخىرەتتە كۆرۈشەيلى! ــ دەپلا تۆت تەرەپكە چېچىلىپ چۈشۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

*ئەركىنلىك بىلەن مۇھەببەت ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئەمەس، ئۇلار مۇكەممەل ھالدا بىرىكەلەيدۇ، ئەكسىچە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان مۇھەببەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.*



www.uyghurkitap.com

## چېقىلغان بىر سېۋەت تۇخۇم

كىچىك بازاردا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر سەي ـ كۆكتات بازىرى بار ئىكەن، بىراق ھەر كۈنى ئەتىگەندە سەي ـ كۆكتات سېتىۋالغىلى كېلىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى سەي ـ كۆكتات بازىرى ئاستا ـ ئاستا قىزىشقا باشلىغاندا بىر ئوغۇل بالا بىر سېۋەت تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ ـ تېنەپ بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ياخشىراق بىر ئورۇننىڭ بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىپتۇ. ئوغۇل بالا ئالدىرىغانلىقتىنمۇ ياكى دىققەتسىزلىكتىنمۇ بىر پۇتى سولىياۋ خالتىغا كىيىلىپ قېلىپ، تۇخۇم بىلەن يەرگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ. بىر سېۋەت تۇخۇم چېقىلىپ كېتىپتۇ. يولدىن ئۆتۈۋاتقان يولۇچىلارنىڭ بەزىسى پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرسا، بەزىسى ئەپسۇسلىنىپتۇ، يەنە بەزىسى خۇددى «ئېشەك ئۆلسە، كۆتى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، چېچىنى ئۆرۈم ـ ئۆرۈم ئايرىۋالغان بىر قىزچاق ئوغۇل بالىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ: ـ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. مەندە پەقەت بىر يۈەنلا بار ئىكەن، بۇ پۇلغا مەن ئىككى تۇخۇم ئالغان بولاي،ـ دەپتۇ. ئوغۇل بالا بۇ گەپتىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرى نەملىنىشكە باشلاپتۇ، بىراق قىزچاق سۇنغان پۇلنى ئوغۇل بالا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. قىزچاق بولسا كەسكىنلىك بىلەن پۇلنى ئوغۇل بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

قىزچاقنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەتراپتىكى باشقا كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە يۈەن پۇللارنى بالىغا سۇنۇپتۇ، ئوغۇل بالا تەسىرلەنگەنلىكتىن كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەتنى بىلدۈرۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ياردەمنى ئېھتىياجىڭىزدىلا ئىپادىلەپ قالماي، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق بىلدۈرسىڭىز، ئۇنىڭ مەنىسى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ. باشقىلار سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج بولغاندا، سىز ياردەم قولىڭىزنى سۇنسىڭىز، تۇرمۇش تېخىمۇ گۈزەل، ئىللىق تۇيغۇ بېرىدۇ.***

## بىردىنبىر ھايات قالغان ئەر

قەدىمكى زاماندا، ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا جەڭ بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر شەھەر پۇقرالىرى سۇ ئامبىرىدىكى سۇنى قويۇۋېتىپ، يەنە بىر شەھەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. قارىسا پۈتۈن شەھەرنى سۇ يۇتۇپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. قىيىن

ئەھۋالدا قالدۇرغان تەرەپ مېھرىبان قىياپەتكە كىرىپ «قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچى» تەرەپكە كېمە ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارماقچى بوپتۇ. بىراق ئاياللارلا ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرلا نەرسىسىنى ئېلىپ كېمىگە چىقىشقا بولىدىكەن. قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچى تەرەپتىكى بەزىبىر ئايالLAR ئالتۇن، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىۋاپتۇ. بەزى ئايالLAR قاشتاش، ئۈسما بۇيۇملىرىنى ئېلىۋاپتۇ... بىراق بىر ئايال پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنىڭ يولدىشىنى يۇدۇپ كېمىگە چىقىپتۇ.

بىر ئەسكەر ئۇنى توسۇپ: «پەقەت ئايالLAR كېمىگە چىقىشقا بولىدۇ، ئەرلەر چىقىشقا بولمايدۇ» دېگەنىكەن، ئايال: «بۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەسكەر گەپ ـ سۆز قىلماي، ئۇنى كېمىگە چىقىشقا قويۇپتۇ. بۇ ئايالنىڭ يولدىشى سۇ يۇتۇپ كەتكەن شەھەردە ئامان قالغان بىردىنبىر ئەر ھېسابلىنىدىكەن.

***ھېكمەت:***

***ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكەن كىشىلەر ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى قارشى تەرەپنىڭ بارلىقى ھەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى، ھالقىلىق ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ئۆزى بولماستىن، ئەكسىچە قارشى تەرەپنى ئويلايدۇ.***

## سىرلىق ئانا

بىر ئانا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى بىر قېتىملىق ماشىنا ھادىسىسىدە قازا تاپقان ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا ماشىنىدا ئىككى ئادەم بار بولۇپ، بىرسى قازا تاپقان، يەنە بىرسى يارىلانغان. يارىلانغۇچىنىڭ دېيىشىچە، ئانىنىڭ ئوغلى كېنىشكىسىز ماشىنا ھەيدىگەنلىكتىن، ۋەقە كېلىپ چىققان ئىكەن. قاتناش ساقچىلىرىمۇ بۇ ۋەقەنى يارىلانغۇچىنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

بىراق، ئانا بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمىدى. ئانا «ئوغلۇم بەك يۈرەكسىز، ئۇ ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن ماشىنا ھەيدىمەيدۇ، ئۇ چوقۇم ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى» دەپ قارىدى.

قازا تاپقۇچى ئەمدىلىكتە سۆزلىيەلمەيدۇ، ئانا كۆپ قېتىم قاتناش ئەترىتىنى ئىزدەپ، ئۇلارغا ئوغلىنىڭ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق ئېرىشكىنى بولسا: «قايىل قىلارلىق ئىسپات بولمىسا، چىقىرىلىپ بولغان خۇلاسىنى يەڭگىللىك بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ» دېگەن جاۋاب بولدى.

ماشىنا ھادىسىسى يۈز بەرگەن جاينىڭ ئانا تۇرۇۋاتقان جاي بىلەن بولغان ئارىلىقى نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، بىر كىچىك بازاردا يۈز بەرگەن ئىدى. ئانا ئوغلىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇ جاينى تېپىشى كېرەك ئىدى. ئۇيەدە پۇل

بولمىغاچقا، ئانا نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ بىر كۈنگە يېقىن پىيادە مېڭىپ كىچىك بازارغا يېتىپ كەلگەندە، بىر ياقتىن ئىشىك چېكىشكە باشلاپ، ماشىنا ھادىسىسى يۈز بەرگەن ئىشنى سوراشقا باشلىدى. ئەمما نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپمۇ ئۇچۇرنى ئالالمىدى، بىراق ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قالمىدى. چۈنكى، ئانا ئوغلىنىڭ كېنىشكىسىز ماشىنا ھەيدىمەيدىغانلىقىغا، گۇناھسىزلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئانا ئارىلىقتا نەچچە رەت قاتربدى، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى، بىراق ئانا ئاخىرى مۇھىم گۇۋاھچىدىن بىرنى تاپتى ۋە ئەينى ۋاقىتتا قازا قىلغان ئوغلىنىڭ شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. ئۇ خۇشاللىق ئىچىدە قاتناش ئەترىتىنى ئىزدەپ بارغاندا، يەنىلا ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىدى.

گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئانا قەتئىي ۋاز كەچمىدى. ئۇنىڭ ئازراق ۋاقتى بولسىلا كىچىك بازارغا قاراپ يول ئالاتتى. ئانىنىڭ قەلبىدە پەقەت بىرلا ئىشەنچ بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئوغلىنىڭ ئۇۋالچىلىقىنى يۇيۇشتىن ئىبارەت ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، — بولدى قىل، ئوغلۇڭ ئاللىبۇرۇن قازا تاپقان تۇرسا، — دېيىشتى. بىراق ئۇ بوشاشمىدى.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئۈمىدى ئۈزۈلۈشكە باشلىدى. بىراق ئانا ئارام ئالماي كىچىك بازارغا قاراپ يۈگۈردى. بىر قېتىملىق مەقسەتسىزلا پاراڭلىشىش ئىچىدىن ئانا باشقا بىر مۇھىم گۇۋاھچىنى تاپتى. گۇۋاھچى قايتا ئىسپات بېرىش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەقەدە ئوغلىنىڭ شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. بۇ ئىسپاتنىڭ مەيدانغا چىقىشى قاتناش ساقچىلىرىنى ئانىنىڭ ئوغلىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا قايتا ھۆكۈم چىقىرىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئوغلى قازا تاپقاندىن كېيىن بۇ كۈنىنىڭ كېلىشىگىچە تۆت يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ تۆت يىل ئىچىدە دۇنيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بىراق بۇ جەرياندا ئانا قايتا ــ قايتا جاپا ــ مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىش، يېڭىش ئارقىلىق ئوغلىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

بەزىلەر ئۇنىڭدىن — سىز ئوغلىڭىزنىڭ گۇناھسىزلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟— دەپ سورىسا، ئانا: — بىۋاسىتە سېزىمىمگە تايىنىپ،— دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بەزىلەر: — سىز قانداق قىلىپ تۆت يىل بەرداشلىق بەردىڭىز؟— دەپ سورىغاندا، ئانا : — مەن بىر ئانا، ھېلىغۇ تۆت يىل ئىكەن، 40 يىل بولسىمۇ قەتئىي بوشاشمايمەن،— دەپ جاۋاب بەردى.

مەن ھۆرمەت ۋە ھاياجانلىق تۇيغۇم بىلەن بۇ تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىنى كۆردۈم. بۇ كۈنى بۇ ئۇلۇغ ئانا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ۋاقىتتا مەن، بىر ئانا پەرزەنتلىرىگە ئۆزىنىڭ ئوتلۇق نەپسىنى، ئۆزىنىڭ قان ــ تومۇرىنى، ئۆزىنىڭ ئەقىل ــ پاراسىتىنى يېڭى ھاياتلىق ئۇچۇن ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، بۇ ھاياتنىڭ ئۇنى

www.uyghurkitap.com

چەمبەرچاس باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم.

*ھېكمەت:*
*ئانا مۇھەببىتى ــ دۇنيادىكى ئەڭ سەممىي، ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەتتۇر.*

## مۇھەببەتنىڭ ئاساسى كەڭ قورساق بولۇش

بىر ئايال سىرتقا قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ ۋە يولدىشى بىلەن ئاجراشماقچى بوپتۇ. يولدىشى ئاجرىشىشقا قوشۇلماسا، ئايالى كۈن بويى جېدەللىشىپتۇ. يولدىشى ئامالسىزلىقتىن ئايالىنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. بىراق ئاجرىشىشنىڭ ئالدىدا ئايالىنىڭ ئەر دوستىنى بىر كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. ئايالى ئامالسىزلىقتىن يولدىشىنىڭ بۇ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئايالى قەددى قامىتى كېلىشكەن بىر ئەرنى ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ.

ئايالى يولدىشىنى ھېلىقى ئەر دوستى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىپ بىزارلىق ھېس قىلغانىكەن. بىراق، يولدىشى ئەكسىچە تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كېيىن ئۇ ئايالىغا ھېلىقى ئەر كىشى بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىشنى، ئۆزىنىڭ بىردەم سىرتتا كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ. ئايالى يولدىشىنىڭ پىكىرىگە قوشۇلۇپتۇ. ئايالى ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ئىككى ئەرنىڭ ئۆز ئارا جېدەللىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلى پاراكەندە بولۇپتۇ. بىراق ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەنسىرىشىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىپتۇ. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ئىككى ئەر ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ھالدا چىقىپ كەپتۇ.

ئايال ئەر دوستىنى ئۇزىتىپ قويۇش يولىدا ئۇنىڭدىن: ــ يولدىشىم بىلەن قانداق پاراڭلاشتىڭلار؟ مېنىڭ ئەسكى گېپىمنى قىلىپ بەرگەندۇ ھەقىچان؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئەر دوستى ئاڭلاپلا قەدىمى توختاپ قاپتۇ ۋە ئايالغا: ــ سىز يولدىشىڭىزنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدىكەنسىز. خۇددى مەن سىزنى چۈشەنمىگەنگە ئوخشاش!ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئايال: ــ مەن قانداقسىگە ئۇنى چۈشەنمىگۈدەكمەن، ئۇ بىر ھېسسىياتسىز بالا باققۇچىدەك، نەرىمۇ ئەرگە ئوخشىسۇن؟ــ دەپتۇ. ئەر دوستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايالغا: ــ سىز يولدىشىڭىزنى تازا ياخشى چۈشەنمەيدىكەنسىز، ئۇنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ــ دەپتۇ. ئايال يولدىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن: ــ يولدىشىم يەنە نېمىلەرنى دېدى؟ــ دەپ سوراپتۇ. يولدىشىڭىز ماڭا: ــ ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بار، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ. ــ دېدى ۋە تويدىن كېيىن مېنىڭ سىزنىڭ رايىڭىزغا بېقىشىمنى ۋە سىزنىڭ ئاشقازىنىڭىزنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، بىراق، سىزنىڭ ئادەتتە قىزىلمۇچنى كۆپ يەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتى، ئۇ ماڭا يەنە تاپىلاپ. ــ بۇنىڭدىن كېيىن قىزىلمۇچنى ئازراق ئىستېمال قىلىشقا نەسىھەت قىلىشىمنى ئېيتتى. ــ دەپتۇ.

ئايال ھەيران بولغان ھالدا: — مۇشۇلامۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەر دوستى بېشىنى لىڭشىتىپ: — شۇنداق، مۇشۇ گەپنى قىلدى — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايالنىڭ بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەر دوستى ئايالنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ: «سىزنىڭ يولدىشىڭىز ھەقىقەتەن ياخشى ئەر ئىكەن، ئۇنىڭ كۆكسى — قارنى مېنىڭكىدىن كەڭ ئىكەن، بولدى قايتىپ كېتەي، يولدىشىڭىزلا سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىكەن، مەن ۋە باشقا ئەرلەرگە قارىغاندا سىزنى قانداق سۆيۈشنى بىلىدىكەن، — دېگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

بۇ بىر قېتىملىق دولقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئايال ئىككىنچى قېتىم «ئاجرىشىش» دېگەن ئىبارەت ئۈچ بوغۇملۇق سۆزنى تىلغا ئالماپتۇ. چۈنكى ئۇ بۇ مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەتنىڭ ئاساسى كەڭ قورساق بولۇش، مۇھەببەتكە نىسبەتەن كەڭ قورساق بولغان كىشى ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشەلەيدۇ.***

## نامرات ئوقۇغۇچى ۋە قىزچاق

بىر نامرات ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى، بىراق ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئوقۇتۇش ھەققىگە تۆلىگۇدەك پۇلى يوق ئىدى. ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش قايسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ مال ساتقۇچى بولدى. پۇل يىغىش ئۈچۈن بىر پۇڭ پۇلنىمۇ خەجلەشكە قىيىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلاردىن يېمەكلىك تىلەپ يېدى.

بىر كۈنى ئۇ بىر ئائىلىنىڭ ئىشىكىنى چېكىۋىدى، بىر قىزچاق ئاچتى. ئۇ خىجىل بولغانلىقتىن، قىزچاقتىن پەقەت بىر چىنە سۇ بېرىشنى ئۆتۈندى. قىزچاق ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ھالىتىنى بايقاپ قېلىپ، بىر نەچچە پارچە ناننى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ ناننى ئاچ بۆرىلەرچە يەۋاتقاندا، قىزچاق ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇردى.

ئۇ يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، قىزچاقتىن: — نەچچە پۇل بولدى؟ — دەپ سورىدى. قىزچاق پۇل ئالمايدىغانلىقىنى، ئۆيىدە خېلى ۋاقىتقىچە يېتىدىغان نان بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۆزىنى ناتونۇش شەھەردە باشقىلارنىڭ ئىللىقلىقىغا، غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەنلىكىدىن تەلەيلىك ھېس قىلدى. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، قىزچاق ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، بالنىستتا يېتىپ قالدى. دوختۇرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ۋە پەرۋىش قىلىشى ئاستىدا، قىزچاقنىڭ كېسىلى ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە

كەلدى. بالنىستىدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا، سېسترا ئۇنىڭغا داۋالىنىش ھەققى تالونى بەردى. ئۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي قالدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىشلەپ تاپقان پۇلى ئارقىلىقمۇ داۋالىنىش ھەققىنى تۆلىيەلمەسلىكىنى بىلەتتى. بىراق ئۇ ئاخىر غەيرەت قىلىپ تالوننى ئاچتى ۋە بوش يەرگە يېزىلغان: — بىر چىنە سوغۇق سۇ ۋە بىر قانچە پارچە نان سىزنىڭ داۋالىنىش ھەققىڭىزنى تۆلىشىڭىزگە يېتىدۇ. — دېگەن بىر قۇر خەتنى كۆردى.

ئۇ مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئەينى يىلدىكى نامرات ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تاراملاشقا باشلىغان ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

***ھېكمەت:***

***زەررىچە مېھىر ـ شەپقەت ئالەمچە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ. ئاق كۆڭۈل كىشى تۇرمۇش تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى مېھىر ـ شەپقەتكە تولغان بولىدۇ.***

## ئەينەكنى كىم چېقىۋەتتى

كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدىكى تامغا بىر ئەينەك ئېسقلىق تۇراتتى. مەن ئىشتاننى كىيىپ، ئەينەككە قاراپ ياراشقاندەك ھېس قىلدىم ۋە كىيىپ قىز دوستۇمنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولدۇم. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ تۇرۇشۇمغا ئارقا تەرىپىمدىن قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن ياقامنى تۇتۇپ تۇۋا دەۋەتتىم. چۈنكى مېنىڭ ئەينەك بىلەن بولغان ئارىلىقىم يېرىم مېتىر كېلەتتى، مەن ئۇنىڭغا چېقىلمىسامۇ، مۆجىزە يۈز بەرگەندەك چېقىلىپ كەتتى.

شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە، كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، دۇكان ئىگىسى كىرىپ مېنىڭ نېمىنى چېقىۋەتكەنلىكىمنى سورىدى. مەن ئۆزەمنى ھەر قانچە ئاقلىسامۇ، دۇكان ئىگىسى ماڭا ئىشەنمىدى. ئاخىر تۆلەشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئىشىكتىن چىققاندىن كېيىن، مەن قىز دوستۇمغا ئەھۋالنى ئېيتتىم، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ماڭا تەسەللىي بەردى. مەن ئۇنىڭدىن: — كىيىم ئۆيىدە پەقەت مەنلا تۇرسام، سىز نېمىشقا ئەينەكنى مېنىڭ چېقىۋەتمىگەنلىكىمگە ئىشىنىسىز؟ — دەپ سورىدىم. قىز دوستۇم ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: — جاۋابى ناھايىتى ئاددىي. چۈنكى، سىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم. مەن نېمىشقا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە ئىشەنمەي، جانسىز بىر پارچە ئەينەككە ئىشەنگۈدەكمەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى چۈشىنىشكە ۋە ئىشەنچكە موھتاج.***



www.uyghurkitap.com

## ئايمۇ سىزنى قوغلاشسۇن

سوقرات 50 ياش ۋاقتىدا چېچى پۈتۈنلەي چۈشۈپ، پېشانىسىگە قات ـ قات قورۇقلار ئىز تارتىپ، كۆزلىرى چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ، قارىماققا 60 ياشقا كىرگەنىدەك كۆرۈنەتتىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغىنى، 18 ياشلىق بىر گۈزەل قىز ئۇنى ساراڭلارچە ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ھەمدە ئاخىرى ئۇنىڭ ئايالى بوپتۇ.

بۇ خىل ئىشقا ئۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەيران قېلىپ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمەپتۇ. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر كىشى سوقراتنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭدىن: «ئەپەندىم، سىز قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۇ گۈزەل قىزنى كەلتۈرۈۋالدىڭىز؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەن ئۆز ئىشىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدىم، بۇنى تەتقىق قىلىدىغانغا مېنىڭ نەدىكى ۋاقتىم. ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سوقرات.

ھېلىقى كىشى بۇنىڭغا قانائەت قىلماي يەنە: ــ بۇ قىز شۇنداق چىرايلىق تۇرسا، سىز ئۇنى قوغلاشمىسىڭىز، ئۇ قانداقسىگە سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ.

سوقرات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ: ــ سىز ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ بېقىڭ، سىز ئۇنى جېنىڭىزنىڭ بارىچە قوغلاشسىڭىز، ئۇ سىزدىن شۇنچە قاچىدۇ، ئەكسىچە، سىز چىن نىيەت، چىن مەقسەتتە ئۆز يولىڭىزغا ماڭغىنىڭىزدا، ئۇ سىزگە ئەگىشىدۇ. ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھايات شۇنداق، سىز بىرسىنى چىن يۈرىكىڭىزدىن قوغلاشقان ۋاقتىڭىزدا، سىز ئاسانلا ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىسىز. ئەكسىچە، سىز ئۆزىڭىزنى تۈزۈتقان ھالدا ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاسان ئېرىشىسىز.***

## پەرىشتە ئايال

ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا يالاڭ ئاياغ ھالدا دۇكاننىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى سوغۇقتىن غال ـ غال تىترەيتتى.

بىر ئايال ئاياغ دۇكىنى ئىچىدە تۇرۇپ بالىغا بىر ئاز دىققەت نەزىرىنى سالغاندىن كېيىن، سىرتىغا چىقىپ ئۇنىڭغا: ــ يىگىت، نېمىگە قاراۋاتىسەن؟ــ دەپ سوراپتۇ. بالا ئايالغا:ــ مەن خۇدادىن ماڭا بىر جۈپ ئاياغ بېرىشىنى تىلەۋاتىمەن ــ دەپتۇ.

ئايال بالىنى يېتىلەپ ئاياغ دۇكىنىغا كىرىپتۇ ۋە مال ساتقۇچىغا دەپ بالىغا پايپاق ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئارقىدىنلا ئايال مال ساتقۇچىدىن بالىغا بىر داس سۇ بىلەن لۆڭگە بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. مال ساتقۇچى ناھايىتى تېزلىكتە ئەكىلىپ بېرىپتۇ.

ئايال بالىنى دۇكاننىڭ ئارقىسىغا باشلاپ بېرىپ، پەلىيىنى سېلىۋېپ، ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ بالىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپتۇ ۋە لۆڭگە بىلەن پاكىز سۈرتۈپتۇ. ئاندىن بالىغا يېڭى ئالغان پايپاقنى كىيگۈزۈپتۇ ۋە بالىغا بىر جۇپ ئاياغ ئېلىپ بېرىپتۇ. ئارتۇق پايپاقنى بىر خالتىغا سېلىپ بالىغا سۇنۇپتۇ.

ئۇ بالىنىڭ بېشىنى سىيلاپ: — يىگىت، ھازىر خېلى راھەت ھېس قىلغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ مېڭىشىغا ھەيران بولغان بالا ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ: — سىز پەرىشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئاق كۆڭۈللۈك جاپاكەش كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. ئاق كۆڭۈل كىشى باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئاق كۆڭۈللۈك — زېمىندىكى ئەڭ چىرايلىق خىسلەتتۇر.***

## جان - جىگەر قېرىنداشلار

ئىككى قېرىنداش بولۇپ، ئۇلار كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا، ئىككىسى بەكلا ئىجىل ئۆتىدىكەن. ئاكىسى توي قىلىپ ئۆي ئايرىغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى ئۆز ئالدىغا تۇرىدىغان، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان، ئالغان مول - ھوسۇلنى ئايرىم - ئايرىم يىغىدىغان بوپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ بىرلا ئاشلىق ئىسكىلاتى بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاكىسى ئىسكىلاتنى شالدا ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىدىن ئىشلەتمەكچى بوپتۇ.

بىر يىلى ئاپەت يۈز بېرىپ ھوسۇل ئېلىغىرىكىدىن 7 ~ 8 ئۈلۈش كېمىيىپتۇ:

بىر كۈنى كېچىسى، ئىنىسى «ئاكامنىڭ ئايالى بار، يۇكى ئېغىر، بىراق مەن بىرلا ئادەم، ماڭا كۆپ نەرسە كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن يىلدىكى ئاشلىقتىن ئېشىپ قالدى. ئاكامغا بىر قىسمىنى بۆلۈپ بەرسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنىسى ئوغرىلىقچە ئۆزىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدىكى ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئاكىسىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىغا يۆتكەپتۇ.

ئاكىسى: — ئىنىم تېخىچە بويتاق، توي قىلمىغان، بىر ئادەم تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالىدۇ. كەلگۈسىنى ئويلىماي بولمايدۇ. مەنغۇ توي قىلغان، بالامۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى. ئادەم كۆپ، كۈچۈمۇ كۆپ، نېمە ئىش قىلسام قىلالايمەن، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە يېرىم كېچىدە ئۆزىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدىكى ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئوغرىلىقچە

ئىنىسىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىغا يۆتكەشكە باشلاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئاكىسى ھەم ئىنىسى ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدىكى ئاشلىقنىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇلار ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن داۋاملىق يۆتكىمەكچى بولۇشۇپتۇ.

مۇشۇنداق ئۈچ ئاخشام داۋاملىشىپ، تۆتىنچى ئاخشىمى ئاكا ـ ئىنى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ھەر ئىككىلىسى قارشى تەرەپنى چۆچۈتۈپ قويۇشۇپتۇ. ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى ئىنىق تونۇشقاندىن كېيىن، قولىدىكى تاغارنى تاشلاپ بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىز ئەتراپىمىزدىكى ھەر بىر ئادەمگە چىن يۈرىكىمىزدىن كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قان ـ قېرىنداش، تۇغقانلىرىمىزغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇپلا قالماي، ياردەمگە موھتاج بولغان بىز تونۇمايدىغان كىشىلەرگىمۇ ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.***

## پولات ئەينەكلىك مۇھەببەت

مەيلى تەقى ـ تۇرقى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ياكى ئائىلە شارائىتى جەھەتتىن بولسۇن، يىگىت قىزچاقتىن تۆۋەن بولۇپ، باشقىلار نەزىرىدە خۇددى تېزەككە گۈل سانجىغاندەك ھېس قىلىشاتتى. بىراق ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى قانچە قارشى تۇرغانسېرى، ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى شۇنچە چوڭقۇرلىشىپ، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بىراق يىگىت قىزغا توي قىلىش تەلىپىنى قويغاندا، قىز سەل ئىككىلىنىپ قالدى.

يىگىت ئارىدىكى سوكۇتكە بەرداشلىق بېرەلمەي، مېۋە سۇيىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، قۇرۇق ئىستاكاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ: — مەن بۇنى تاشلىۋەتسەم قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ — دېدى. — چېقىلىپ كېتىدۇ! — قىز دوستى ئىتتىكلا جاۋاب بەردى.

يىگىت كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى. تۇيۇقسىز ئۇ قولىنى قويۇپ بېرىۋىدى، «تاراڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىستاكان يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا يىگىت ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ قىز دوستىغا بەردى. ئىستاكان چېقىلمىغان بولۇپ، پەرەڭ يېرىگىمۇ دەز كەتمىگەن ئىدى.

يىگىت قىزغا: — ئەگەر سىز ئاتا ـ ئانىڭىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزنىڭ كۆز قارىشىدا بولسىڭىز، ئىستاكان بەلكىم چېقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، بىراق ئۇلار ئىستاكاننىڭ ئادەتتىكى ئىستاكانلاردىن ئىكەنلىكىنى، خۇددى بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە ئوخشاش مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ خاتا كۆز

قارىشى سىزنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭىزغا تەسىر كۆرسەتمىسۇن، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ماڭا ياتلىق بولۇڭ، بولامدۇ؟ — دېدى.

قىزچاق ئاخىر بېشىنى چايقاپ، ماقۇللىقىنى بىلدۈردى.

***ھېكمەت:***
***ھەقىقىي مۇھەببەت قەيسەر كېلىدۇ. ئۇ بارلىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.***

## ئاخىرىغىچە سوراش

بىر ئايالنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا، ئەزەلدىن تاماق ئېتىپ باقمىغان يولدىشى ئۇنىڭغا سەي قورۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. يولدىشى سەينى قورۇپ يېرىم بولغاندا، ئۈچ ياشلىق ئوغلى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆينى قالايمىقان قىلىشقا باشلاپتۇ. ئايالى بالىنى دەرھال بېرىپ قۇچاقلىۋالغانىكەن، بالا جېنىنىڭ بارىچە چۇقان سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىخەستەلىك قىلىپ قازانغا تېگىپ كېتىپتۇ ۋە قازان چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ ئېڭىكىگە ماي چاچراپ كېتىپ، مەڭگۈلۈك تاتۇق پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، بالا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقاندا، مەكتەپتە دائىم باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قاپتۇ. يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، بالا ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا، ئۇ نۇرغۇن قىزلارنى قوغلىشىپتۇ. بىراق، قىزلارنىڭ ھەممىسى «يۈزىدە تاتۇقى بار ئىكەن» دەپ يېقىن يولىماپتۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كېتىپتۇ. كېيىن بالا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتۇ. بىراق، خىزمەت تاپالماي يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كەسپى ئېنگلىز تىلى بولۇپ؛ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشى كېرەك ئىكەن. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن تاشقى ئوبراز مۇھىم ئورۇندا تۇرغاچقا، ئۇ ھېچقانداق ئىدارىگە قوبۇل قىلىنمىغانلىقتىن، مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسىنى ئاتا - ئانىسىدىن كۆرۈپتۇ.

ئۇ: — ئەگەر ئاتا - ئانام ئەينى يىلى دىققەتسىزلىك قىلمىغان بولسا، بۇ بىر قاتار ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىمىغان بولاتتىم، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئويلىغانسېرى غەزىپى تېشىپتۇ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈشكىمۇ رايى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىككى يىلدىن بېرى ئۆيىگە قايتماي، ھەتتا تېلېفونمۇ ئۇرماي، ئۆزى يالغۇز سىرتتا لەيلەپ يۈرۈپتۇ.

ئەمەلىيەتتە بولسا، دادىسى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئازابلانماقتا ئىكەن. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئوغلى بىلەن ئالاقىلاشقان بولسىمۇ، نەتىجىسى چىقماي، بىر پسىخىك دوختۇرىدىن ياردەم سوراپتۇ. پسىخىك دوختۇرى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ دادىغا ياردەم بەرمەكچى بوپتۇ ۋە خېلى ئىزدەپ ئاخىرى يىگىتنى ئىزدەپ تېپىپتۇ.

دوختۇر ئۇنىڭغا: — بۇ دۇنيادا بىرمۇ ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىسىنى قەستەن جاراھەتلەندۈرمەيدۇ، بۇ تاسادىپىيلىقتىن بولغان ئىش، سىز ئۇلارنى كەچۈرۈشىڭىز كېرەك ئىدى، — دەپتۇ. بىراق دوختۇر ئۇنىڭغا يىرىم كۈندىن كۆپرەك نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، يىگىتكە كار قىلماپتۇ. ئۇلار ئىككىسى پاراڭلاشقاچ قەبرىستانلىقتا مېڭىپتۇ. قارىغايلار بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن، ئىزغىرىن شامال يەرلەرنى سۈپۈرۈپ، مۇرىنى سەل قورۇيدىكەن. قانچىلىغان قەبرىلەر كۆزگە چېلىقىپ، كىشىگە ئېغىر قايغۇ ھېس قىلدۇرىدىكەن. دوختۇر دەرھال بىر ئىشنى ئويلاپ چىقىپتۇ ـ دە، يىگىتتىن: — سىز راستىنلا ئاتا ـ ئانىڭىزنى كەچۈرمەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت بېشىنى سىلكىپ: — شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا: — ناۋادا مەلۇم بىر كۈنى ئۇلار سىزدىن ئايرىلىپ كەتكەندە، سىز ئۇلارنىڭ پۇشايمان، ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىنى خالامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت بولسا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. دوختۇر ئارقىدىنلا: — سىز شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى كەچۈرگەن بىلەن ئۇ ۋاقىتتا كەچۈرۈشىڭىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى مەقسەتلىك يارىلاندۇرمايدۇ، ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى سۆيىدۇ، شۇڭا، ئۇلار ھايات ۋاقتىدا سىز بۇ خىل مۇھەببەتنى قەدىرلەڭ.***

## مۇھەببەت ئوغرىسىدىن ساقلىنىش

بىر كۈنى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كۆرۈشكىلى بېرىشىم ئۇلارنىڭ جېدەللىشىپ قالغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى.

دوستۇمنىڭ ئايالى مېنى كۆرۈپ، خۇددى قۇتقۇزغۇچى پەرىشتە كەلگەندەك ياشلىرىنى تۆكۈپ ئازار يېگەنلىكىنى بىلدۈردى.

مەن ئەسلىدە بىر نەچچە ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قوياي دەپ ئويلىغان ئىدىم، بىراق ئويلىمىغان يەردىن دوستۇم مېنى ياتاق ئۆيىگە باشلاپ قويدى. ئايالى بىردىنبىر ھېسداشلىق قىلغۇچىسى بولغان يولدىشى تەرىپىدىنمۇ ئۆيىگە قامىلىپ قالدى.

ئۇ: — مەن بىنادىن سەكرىۋالىمەن! مەن بىنادىن سەكرىۋالىمەن! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. راست دېگەندەك مەن دېرىزىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چىرايىم تاتىرىپ كەتتى. مەن دەرھال بېرىپ ئالدىنى ئالماقچى بولدۇم، بىراق دوستۇم مېنى تۇتۇۋالدى. مېنىڭ بۇ دوستۇم تولىمۇ يۇمۇرلۇق بولۇپ، قولاق تۈۋۈمگە كېلىپ: — دېرىزىنىڭ ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش رىشاتكىسى بار، ئۇ سەكرىيەلمەيدۇ، — دېدى. مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. دوستۇمنىڭ گېپىنى ئايالى ئاڭلىۋالدىمۇ قانداق، يىغا ئاۋازى

تېخىمۇ كۆچىيىشكە باشلىدى. ئۇ: «ياخشىغۇ، دېرىزىدىن سەكرىيەلمىسەم، كارىدوردىن سەكرىيەمەن!— دېدى ۋە ئارقىدىنلا ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن دوستۇمنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن: — كارىدورغىمۇ ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش رىشاتكىسى ئورنىتىلغانمۇ؟— دەپ سورىدۇم. دوستۇم ماڭا قاراپلا لام ـ جىم دېمەي تۇردى.

مەن «بەلكىم كارىدورغىمۇ ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش رىشاتكىسى ئورنىتىلغاندۇر» دەپ ئويلىدىم. ھەقىقىي كۆيۈنۈش ۋە قەدىرلەشتىن سىرت، مۇھەببەتنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەتنى ئوغرىلىغىلى بولمايدۇ، مۇھەببىتىڭىزنى قەدىرلەڭ، ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، پۇشايمانغا قالىدىغان پاجىئەگە دۇچ كەلمەڭ.***

## ئەڭ ياخشى خەۋەر

بىر داڭلىق توپ ماھىرى بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە يېڭىپ چىقىپتۇ. ئۇ مۇكاپاتقا پۇلى چېكىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر ياش ئايال ئۇنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەرنى سۆزلەپ: — ئوغلۇم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ. بىراق ئۇنىڭ يۇقىرى سوممىلىق ئوپېراتسىيە ۋە داۋالىنىش ھەققىنى تۆلەيدىغان ئىقتىدارىم يوق. — دەپ ھال ئېيتىپتۇ.

ئاق كۆڭۈل گولف توپ ماھىرى ئايالنىڭ گېپىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىپ، ئارتۇق گەپ قىلماستىن، پۇل چېكىنىڭ ئۈستىگە ئىمزاسىنى قويۇپ ئايالغا بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەپتۇ.

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گولف توپ بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەمەلدارى ئۇنىڭغا بىر شۇم خەۋەرنى، يەنى، ئۆزىنىڭ بىر ئايال تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى، ئايالنىڭ ئوغلى يوقلۇقىنى، ھەتتا تېخى توي قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. گولف توپ ماھىرى بۇ ئەمەلدارنىڭ دوستىدىن: — سىز ئەزەلدىن يوق بىر بالىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتقان ئەمەسمىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

دوستى: — شۇنداق. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

گولف توپ ماھىرى چوڭقۇر بىرنى تىنىغاندىن كېيىن: — بۇ مەن بىر ھەپتىدىن بۇيان ئاڭلىغان ئەڭ ياخشى خەۋەر. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى بولسا بىر گۈزەل دۇنيا، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئېرىشكەن ياكى مەھرۇم قالغان نەرسىسى بىلەن ھېسابلىشىش ئەمەس.***

# ئالاھىدىلىكى يوق بالا

ئۈچ ئايال قۇدۇق بېشىغا سۇ ئالغىلى كەپتۇ. نېرىراقتا بىر مويسىپىت تاش ئۈستىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن. بىر ئايال: «مېنىڭ بالام ئەقىللىق بولۇپلا قالماي ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىدىغانغا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دەپتۇ. يەنە بىر ئايال: «مېنىڭ بالامنىڭ ئاۋازى بەك ياخشى، ناخشىنى شۇنداق يېقىملىق ئېيتىدۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ» دەپتۇ. ئۈچىنچى ئايال بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇپتۇ. قالغان ئىككى ئايال ئەجەبلەنگەن ھالدا: «سىزنىڭمۇ ئوغلىڭىز بارغۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرمەيسىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «مېنىڭ بالامنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق، دېگۈدەك ياخشى گېپىمۇ يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

گەپ ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ چېلىكى توشۇپ، ئۈچ ئايال قايتىپتۇ، مويسىپىتمۇ بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ئەگىشىپ بىرگە مېڭىپتۇ. سۇ قاچىلانغان چېلەك ئېغىر بولغانلىقتىن ئاياللار بىردەم مېڭىپ، بىردەم ئارام ئېلىپ مېڭىپتۇ.

تۇيۇقسىز قارشى تەرەپتىن ئۈچ بالا يۈگۈرۈپ كەپتۇ. بىر بالا يۈگۈرگەچ موللاق ئېتىپتۇ، ئانىسى بۇنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ كېتىپتۇ. يەنە بىر بالا ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپتۇ. ئۈچىنچى بالا ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئېغىر چېلەكنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. بىرىنچى ئايال كۆرەڭلىگەن ھالدا: — قانداق، مېنىڭ ئوغلۇم ئەقىللىقمىكەن؟ — دەپتۇ. يەنە بىر ئايال مەنمەنلىك بىلەن: — بالام ناخشىنى قانداقراق ئېيتتى، ياخشى ئېيتتىغۇ دەيمەن؟ — دەپتۇ.

ئۈچىنچى ئايال گەپ قىلماستىن پەقەت كۈلۈپلا قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا مېڭىۋاتقان مويسىپىت: — ئۇلار قەيەردە؟ مەن پەقەت بىرلا بالىنى كۆردۈمغۇ؟! — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەرنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئىپادىسى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. بىراق كىشىلەرنىڭ بەك ھۆرمەتكە سازاۋار بولىدىغىنى مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردۇر.***

# ئاجايىپ كۈچ

ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان خەلق ئاپەتكە ئۇچراپتۇ. ئۇلار بەس ـ بەستە چېگرا رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، قوشنا دۆلەتلەردىن

پاناھلىنىشنى ئۈمىد قىپتۇ.

ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەپتۇ، تومۇز ئىسسىقتا قۇياش ئۇلارغا ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتىشنى خالىمىغاندەك نۇرلىرىنى ئايىماي چېچىپتۇ. ھېرىپ چارچىغان ھەم قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كىشىلەر قاچان بىخەتەر جايغا يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن.

ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەر ئارىسىدا تېنى ئاجىز بىر ئانا ئۈچ ياشلىق قىزى بىلەن بىرگە مېڭىۋاتقانىكەن. ئاجىزلاپ كەتكەن بۇ ئانا مېڭىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ كىچىك قىزىنى باشلاپ بىر بوۋاينىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە كىچىك قىزىغا قاراپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ چېگرىغا بېرىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىكەن.

بوۋاي بىچارە ئانىنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. بىراق ئۇ ئانىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ، بوۋاي ئەگەر ئۇنىڭ قىزىغا قاراپ قويۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولسا، ئانا چېگرىغا بارالماي، ئۇرۇش ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىمۇ كەلگۈسىدە يېتىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئانىغا: ــ سەن ئۆزۈڭنىڭ بالىسىغا ئۆزۈڭ مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك، مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن، ــ دەپتۇ.

ئانا بوۋاينىڭ رەھىمسىزلەرچە رەت قىلىشىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىككە ئەگىشىپ يەنە بالىنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ.

بىر قانچە كۈن مېڭىش ئارقىلىق ئۇلار ئاخىرى چېگرادىن ئۆتۈپ، خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتى قۇرغان ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش لاگېرىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىخەتەر تۇرالايدىكەن. ئانا قىزىل كرېست بەلگىسىنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. قىزى ئانىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

بوۋاي بىلەن خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئىككى نەپەر خىزمەتچىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ يېتىپ كېلىپ، ئانىنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە يۆتكەپتۇ. ئەسلىدە، بوۋاي ئىزچىل تۇردە ئانا ۋە قىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەنىكەن.

ئانا ئاخىرى ھوشىغا كەپتۇ. قىزى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندە، ئانىنىڭ چىرايىدىمۇ تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەتنىڭ كۈچى چەكسىز بولىدۇ. ھالقىلىق ۋاقىتتا ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بەرگەندە، مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇن كۈچى دائىم ئۆزىمىزنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.***

## ئورۇندۇقتىن قايتقان جاۋاب

مىسسىپى كۆلىنىڭ ئەتراپىدا بىر سەھرا قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىككىدىنلا

خەلقئالەمگە مەشھۇر ناخشا چولپىنى بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نيۇيوركقا كەلدى. ئەمدىلا نيۇيوركقا قەدەم باسقان چاغلىرىدا تۇرمۇشتا قىينالدى. ھەتتا ئۆي ئىجارە پۇلىنى كېيىنكە سوزغانلىق سەۋەبىدىن، ئۆي ئىگىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. ئۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۈندۈزى ناخشا ئۆگىنىپ، كەچلىكى بىر كىچىك ئاشخانىدا مۇلازىم بولۇپ ئىشلىدى.

بىر كۈنى، تەق - تۇرقى سۇلغۇن، ياشانغان بىر كىشى سىرتتىكى قاتتىق بوراندىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىدىكى بەزى كۆتكۈچىلەر بوۋاينى ئاشخانىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇشتى. پەقەتلا قىزچاق ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ ئامېرىكىدا نۇرغۇنلىغان ياشانغانلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىر يۇمشاق ئورۇندۇقنى ياشانغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشىغا يۆتكەپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىستاكان ئىچىملىك بەردى. ئەلۋەتتە ئالغان ئىچىملىك قىزنىڭ ھېساباتىغا يېزىلاتتى. ياشانغان كىشىنىڭ خۇشال بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ ياشانغان كىشىگە ئامېرىكا يېزا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە ئۇنى دوستلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ياشانغان كىشىنىڭ كۆڭلى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، خوشاللىق ھېس قىلدى.

بىر ئىككى ئايدىن كېيىن، قىزچاق ياشانغان كىشىدىن كەلگەن ئىچىگە ئاچقۇچ بىلەن زور قىممەتتىكى پۇل چېكى سېلىنغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتنىڭ مەزمۇنى بولسا تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

«بالام، مەن ياش ۋاقتىمدا ئۈچ ۋېيتناملىق يېتىم بالىنى بېقىۋالغان ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە توي قىلمىدىم، مەن جاپا تارتىپ ئۇلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ئىدىم. بىراق ئۇلار مېنى تاشلىۋەتتى. مەن پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى بىر شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى بولغان، كىرىمىم خېلى ياخشى ئىدى. بىراق پۇل مەندەك بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەمگە مەنىسىز بىلىنىدۇ. مەن قېرىنداشلارنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە ئىللىقلىقىغا موھتاج. بالام، پەقەت سىزلا ماڭا بۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان تۇيغۇنى ئاتا قىلدىڭىز. مەن ھازىر سەھراغا قايتىپ كەلدىم. مەن ئۆمۈر بويى يىغقان پۇل ۋە ئۆيۈمنى سىزگە قالدۇردۇم، بۇ نەرسىلەرنىڭ سىزنىڭ غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىشىگە ئىشىنىمەن».

قىزچاق ھاياجانلانغانلىقىدىن خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۈندىمىدى. ياشانغان كىشىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ بۇ پۇل ئارقىلىق بىر مۇزىكا ئىشلىدى ۋە بۇ مۇزىكا پۈتۈن شارىغا تارقالدى.

ئۇ قىز بۈگۈنكى دۇنيادا ناخشا ساھەسىدە شان - شەرەپ قۇچقان چولپان - مادوننا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇش ھەمىشە شۇنداق، سىز تېرىغان بىر تال مۇھەببەت ئۇرۇقى مەلۇم بىر كۈنى ئۈنۈپ چىقىپ چوڭ كۆچەتكە ئايلىنىدۇ ھەمدە مول مېۋە ئېلىپ كېلىدۇ. سىز شۇ ۋاقىتتىلا، ئەسلىدە باشقىلارغا بەرگەن مۇھەببىتىڭىزگە تولۇق بەدەل تۆلىمىگەن بولسىڭىزمۇ، بەزىدە يۇقىرىقى ئورۇندۇقنىڭ بەرگەن جاۋابىدەك ئىشلار يۈز بېرىدۇ.***

## مەن سىزنى تاللىسام بولامدۇ

باي بىر كىشى تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بولۇپ، دائىم يېتىم بالىلار ئورنىغا پۇل ئىئانە قىلىدىكەن ھەمدە بالىلارنى پات - پات يوقلاپ تۇرىدىكەن. بالىلارمۇ ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى، باي يېتىم بالىلار ئورنىدىكى بالىلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ ھەمدە ئۆيىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى تاللىۋالسا ئۇنى سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەر بىر بالا ھاياجانلانغان ھالدا ئۆي ئىچىدە يۈگۈرۈشۈپ ئويناپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ئىزدىشىپتۇ.

بىراق، بىر بالا ھېچ نەرسىنى ئىزدىمەي ئۆز جايىدا جىم تۇرۇپتۇ. باي بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن: «ئەجەبا، بۇ يەردە سىز ياخشى كۆرىدىغان نەرسە يوقمىكەن؟» دەپ سوراپتۇ.

بالا باينى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ تۇرۇپ: «ئۇنداق ئەمەس، بوۋا، مەن سىزنى تاللىسام بولامدۇ؟» دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەت بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى سوۋغات. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن ئادەم مۇقەررەر ھالدا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمدۇر.***

## ئەڭ ياخشى سوۋغات

روژدېستۋا بايرىمىدىن بىر كۈن ئىلگىرى، پاۋلو ئىشتىن چۈشۈپ ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقاندا، كىيىملىرى كونىراپ كەتكەن ئوغۇل بالىنىڭ ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئەتراپىدا ماشىنىغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ماشىنىنى پاۋلونىڭ ئاكىسى ئۇنىڭغا روژدېستۋا بايراملىق سوۋغىسى سۈپىتىدە ھەدىيە قىلغان ئىكەن. ئوغۇل بالا ماشىنىنى ئاۋايلاپ سىيلاپ تۇرۇپ چىرايىدا ھەۋەس ئىپادىلىرى جىلۋىلىنىپ كېتىپتۇ.

پاۋلو بۇ بالىغا قىزىقىپ قاراپ قاپتۇ. ئوغۇل بالا ئۇنى بايقاپ قېلىپ: — بۇ سىزنىڭ ماشىنىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. — توغرا، بۇ ئاكامنىڭ ماڭا بەرگەن روژدېستۋا سوۋغىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاۋلو.

ئوغۇل بالا ھەۋەس بىلەن: ــ ئاكىڭىز بەردىمۇ؟ دېمەكچى بولغىنىڭىز سىز بۇ ماشىنىغا بىر موچەنمۇ خەجلىمىدىڭىز؟ ياپىرىم، مەنمۇ ئاكىڭىزغا ئوخشاش بولالىسام نېمىدېگەن ياخشى،ــ دەپتۇ.

بالىنىڭ بۇ گېپى باۋلونىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ ئۇنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇرۇپتۇ. باۋلو ئۇنىڭغا: ــ مەن بىلەن بىرگە ئايلىنىشنى خالامسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

بالا بۇنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ كېتىپتۇ.

بىر پەس ئايلانغاندىن كېيىن، بالا سەل خىجىل بولغاندەك باۋلوغا: ــ ماشىنىنى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا ھەيدىسىڭىز بولامدۇ؟ــ دەپتۇ.

باۋلو كۈلۈپ قويۇپ: ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ،ــ دەپتۇ. ئۇ بالىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ ۋە ئۇ بالا چىرايلىق ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشقا ھەۋەس قىلسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. بىراق ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقماپتۇ. بالا ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن، كېسەل سەۋەبىدىن پالەچ بولۇپ قالغان ئىنىسىنى كۆچىنىڭ بېرىچە كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئىنىسىنى ماشىنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ: ــ قارا، مەن تونۇگۈن ساڭا ئېيتقاندەك چىرايلىق ئىكەنمۇ؟ بۇ ماشىنىنى ئۇنىڭغا ئاكىسى سوۋغا قىلغان ئىكەن، كەلگۈسىدە مەنمۇ ساڭا مۇشۇنداق ماشىنىدىن بىرنى سوۋغا قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

باۋلو بىردىنلا نېمىنىڭ ھەقىقىي ئاتا قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەقىقىي ئاتا قىلىش بەرگەن سوۋغاتنىڭ قىممىتى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى قانچىلىك قان ـ تەرىمىزنى، مۇھەببىتىمىزنى سىڭدۈرگەنلىك بىلەن ئۆلچىنىدۇ.***

## رەسسامنىڭ ئۈچ ئېلىشى

بىر رەسسام ئاۋات شەھەردە رەسىملىرىنى سېتىۋاتقانىكەن. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر بالىنى كىشىلەر ئارىغا ئېلىپ بۇياققا قاراپ كەپتۇ. بۇ بالا ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولۇپ، رەسسامنىڭ دادىسى ۋەزىر تەرىپىدىن ئالدىنىپ، ھاياتىدىن ئايرىلغان ئىكەن. ئۇلار رەسسامنىڭ تەنزىسىگە كەلگەن ۋاقىتتا، رەسسامنىڭ رەسىمى بالىنى جەلپ قىلىۋاپتۇ. ئۇ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئارىسىدىن بىر پارچە رەسىمنى تاللاپ يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق، رەسسام بىر پارچە رەخت بىلەن رەسىمنى يۆگىۋاپتۇ ھەمدە ساتمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بالا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن كۆڭلى ئېچىلماي، كۆڭلىدە رەسىمگە ئېرىشىشنى

ئويلاپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، سالامەتلىكى ناچارلىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇنىڭ دادىسى رەسىمنى بالىسىغا سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بىراق، رەسسام رەسىمنى ئۆيىدىكى رەسىم سىزىش ئۆيىگە ئېسىپ قويۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ سېتىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ رەسىمنى ئالدىغا كېلىپ: — مەن مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن سەندىن ئۆچ ئالىمەن، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەتنى يەتكۈزۈشكە بولىدۇ، بىز باشقىلارغا مۇھەببەت ئاتا قىلغاندا، ئاندىن مۇھەببەتنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشىغا ئېرىشەلەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىز كۆڭلىمىزگە شۇملۇقنى يوشۇرۇپ باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا، ھامان بىر كۈنى بىزمۇ ئۆچ ئېلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالىمىز.***

## بېرىش ۋە تەقدىم قىلىش

يەھۇدىيلارنىڭ بىر يېتىم باللار ساناتورىيىسىگە ئايروپىلان ھۇجۇمىدا بومبا چۈشۈپ كېتىپتۇ، پارتلاشتا بىر نەچچە باللار ۋە بىر خىزمەتچى خادىم نەق مەيداندىلا ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ، يەنە بىر نەچچە بالا يارىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر كىچىك قىزنىڭ يارىسى ئەڭ ئېغىر بولۇپ، يارا ئېغىزىدىن قان كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ.

خوشاللىنارلىقى شۇكى، ئۇزاق ئۆتمەي چەت ئەلنىڭ داۋالاش - قۇتقۇزۇش كىچىك گۇرۇپپىسى يېتىپ كەپتۇ. كىچىك گۇرۇپپىدا پەقەت ئىككىلا ئايال بار بولۇپ، بىرى دوختۇر، بىرى سېستىرا ئىكەن. دوختۇر دەرھال ھېلىقى كىچىك قىزنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. قۇتقۇزۇش جەريانىدا ئازراق ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپتۇ. چۈنكى كىچىك قىز چاقتىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، قان سالمىسا بولمايدىكەن. بىراق ئۇلار ئېلىپ كەلگەن داۋالاش بۇيۇمى ئىچىدە قان بولمىغاچقا ئامالسىز قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دوختۇر دىققەت نەزىرىنى مەيداندىكى كىشىلەرگە ئاغدۇرۇپتۇ. ئۇ بارلىق كىشىلەرنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاخىرى بىر نەچچە بالىنىڭ قان تىپى ئوخشاش چىقىپتۇ. بىراق يەنە بىر ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپتۇ. ئۇ بولسىمۇ، بۇ دوختۇر ۋە سېستىرا يەرلىك خەلقنىڭ تىلىنى چۈشىنەلمەپتۇ. چۈنكى يېتىم باللار ساناتورىيىسىدىكى باللار ۋە خىزمەتچى خادىملار پەقەت ئانا تىلىنىلا بىلىدىكەن.

ئامالسىزلىقتىن، دوختۇر ئۆز ئانا تىلىغا ئىما - ئىشارەتنى قوشۇپ ھېلىقى بىر قانچە بالىغا: — سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئېغىر يارىلىنىپ، ئۇنىڭدىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، قان سالمىساق بولمايدۇ. سىلەرنىڭ قان تىپىڭلار ئۇنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، سىلەر قان بېرىشنى خالامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. باللار ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىپ، بىر گەپنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ كۆز نۇرىدىن قورقۇش ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇرىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇندىمەي، قان تەقدىم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قول كۆتۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇر «گېپىمنى چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر بالا ئاستا قولىنى كۆتۈرۈپتۇ، بىراق قولىنى كۆتۈرۈپلا يەنە چۈشۈرۈۋاپتۇ. يەنە بىر ئازدىن كېيىن يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ قان تەقدىم قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

دوختۇر خۇشال بولۇپ، دەرھال بالىنى ئۆيگە باشلاپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپتۇ. كىچىك بالا خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك، كارىۋاتتا تۈپ ـ تۈز يېتىپتۇ، ئۇ ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ بىلىكىگە سانجىلىپ، قانىنىڭ ئاستا ـ ئاستا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ياشلىرى تاراملاپ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپتۇ. بۇ ھالەتنى كۆرگەن دوختۇر ھودۇقۇپ دەرھال ئۇنىڭدىن «ئاغرىدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بالا بېشىنى چايقاپ «ياق» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپتۇ. بىراق بالىنىڭ ئۈنچىدەك ياشلىرى يەنىلا ئېقىشقا باشلاپتۇ.

ھالقىلىق پەيتتە، بىر يەرلىك سېستىرا يېتىم بالىلار ساناتورىيىسىگە كەپتۇ. دوختۇر ئەھۋالنى سېستىراغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، سېستىرا دەرھال بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىپتۇ. بالا توساتتىن كۈلۈپ باشقىلارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئەسلىدە، ھېلىقى بالا دوختۇرنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى قانىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇ ۋە ئۆزۈنىڭچە ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، شۇ سەۋەبتىن يىغلاپ كەتكەن ئىكەن!

دوختۇر باياتىن ھېچقايسىسىنىڭ قان بېرىشكە ئۇنىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ! بىراق ئۇ يەنە بىر ئىشنى، يەنى، «قان تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، ھاياتىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇ يەنە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قان تەقدىم قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە سېستىراغا ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سېستىرا ئانا تىلىدا بالىدىن سوراپتۇ. بالا قىلچە ئويلانماستىن: — چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ ئاددىي جاۋاب مەيداندىكى بارلىق كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***سىز باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا ئۇلارغا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ. ئۇ گەرچە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە كۈچىڭىز بولسىمۇ، بەلكىم سىز شۇ كۈچ بىلەن دوستلۇققا ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن.***

## كەمبەغەلنىڭ ئوتتۇن سوۋغا قىلىشى

بىر داڭلىق دوختۇر كىچىك بىر بازارغا كېلىپ كېسەل داۋالاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان كەمبەغەل ئادەم كېلىپ

قاپتۇ. دوختۇرنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا كەمبەغەلنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ، بىر پۇڭمۇ تەلەپ قىلماپتۇ.

كەمبەغەل كىشى بازاردىن يىراقراق جايدىكى تاغقا چىقىپ بىر باغلام ئوتۇن كېسىپ، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن بازارغا قاراپ ئېلىپ مېڭىپتۇ ھەمدە بىر باغلام ئوتۇننى دوختۇرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بىراق ئۇ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا ئوتۇننى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئەكەلگەن سوۋغىتىنىڭ قىممىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلالماپتۇ.

بىراق، ئەمەلىيەتتە بۇنداقمۇ ئەمەس، مۇھەببەت ھېچ مەنىسىز بولمايدۇ.

ھېلىقى دوختۇر ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: ــ بۇ مېنىڭ دوختۇرلۇق ھاياتىمدا قوبۇل قىلغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا بولدى. بىر باغلام ئوتۇن پەقەت تاغدىكى قۇرۇپ قاقشال بولغان دەرەختىن ئىبارەت بولسىمۇ، بىراق ئېيتقان رەھمىتى سەممىي بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىر باغلام ئوتۇن مېنىڭ خاتىرەمدىكى تۈگىمەس بايلىق،ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەت مەنىسىز بولمايدۇ، سىز پەقەت مۇھەببەت ئاتا قىلالىسىڭىزلا، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيسىز.***

## ئۈچ مويسىپىت

چاچلىرىغا قىرو چۈشكەن ئۈچ مويسىپىت بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئائىل گەرچە ئۇلارنى تونۇمىسىمۇ، يەنىلا ئالدىغا چىقىپ سالام بېرىپ: ــ قورسىقىڭلار ئاچقاندەك قىلىدۇ. تېز ئۆيگە كىرىپ تاماق يەۋېلىڭلار؟ــ دەپتۇ. مويسىپىتلار: ــ يولدىشىڭىز ئۆيدىمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئائىل: ــ ياق، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مويسىپىتلار: ــ يولدىشىڭىز ئۆيدە يوق بولسا، بىز كىرمەيلى، مۇشۇ يەردە ساقلايلى، ــ دەپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى، يولدىشى قايتىپ كەلگەندە، ئائىلى يولۇققان ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. يولدىشى: ــ باشقىلارنى ئىشىك تۈۋىدە ساقلىتىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، مېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ئۇلارغا ئېيتىڭ، دەرھال كىرسۇن، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئائىلى ئۇلارنى تەكلىپ قىلغىلى چىقىپتۇ. بىراق، مويسىپىتلار: ــ بىز ھەممىمىز تەڭلا كىرسەك بولمايدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئائىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران قاپتۇ ۋە: ــ نېمە ئۈچۈن؟ــ دەپ سوراپتۇ.

مويسىپىتلاردىن بىرى ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپ: ــ سىز ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟ــ دەپتۇ ئۇ يېنىدىكى ھەمراھلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋە: ــ سول تەرەپتە

تۇرغىنىنىڭ ئىسمى بايلىق، ئوڭ تەرەپتە تۇرغىنىنىڭ ئىسمى مۇۋەپپەقىيەت، مېنىڭ ئىسمىم مۇھەببەت، — دەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە: — سىز كىرىپ يولدىشىڭىز بىلەن ئارىمىزدىن ئاۋۋال قايسىمىزنى تەكلىپ قىلساڭلار بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشىڭلار، — دەپتۇ.

ئايالى كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، يولدىشى ھاياجانلانغان ھالدا: — ئۇنداقتا، مېنىڭچە بايلىقنى تەكلىپ قىلساقمىكىن، تۇرمۇشىمىزدا پۇل - دۇنيا تۆكۈلۈپ تۇرسۇن. — دەپتۇ. ئايالى بولسا: — قەدىرلىكىم، نېمىشقا مۇۋەپپەقىيەتنى تەكلىپ قىلمايمىز؟ — دەپتۇ. — مۇھەببەتنى تەكلىپ قىلساق تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئائىلىمىز مۇھەببەت بىلەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. — دەپتۇ ئوغلى گەپ قىستۇرۇپ.

ئەر - ئايال ئىككىيلەن ئوغلىنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ ئايالىغا: — ئۇنداقتا ئوغلىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى! — دېگەن قارارغا كەپتۇ.

ئايال ئۆيدىن چىقىپ مويسىپىتلاردىن: — سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئىسمى مۇھەببەت؟ ئۆيگە مەرھەمەت! — دەپتۇ.

مۇھەببەت ئىسىملىك مويسىپىت ئۆيگە قاراپ قەدەم باسقانىكەن، باشقا ئىككى مويسىپىتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

ئايال ھەممىسىنىڭ ماڭغىنىنى كۆرۈپ بايلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتتىن: — مەن مۇھەببەتنى تەكلىپ قىلغان. سىلەر ئىككىڭلار نېمىشقا ئەگىشىۋالىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قەيەردە مۇھەببەت بولىدىكەن، شۇ يەردە بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىككى مويسىپىت.

***ھېكمەت:***

***پەقەت مۇھەببەت بولغاندىلا، ئاندىن بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ. مۇھەببەت ئاتا قىلىڭ، شۇندىلا سىز كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيسىز.***

## شىرنىڭ مېھىر - شەپقەت قايتۇرۇشى

بىر چەۋەنداز ئالدىراپ كېتىۋېتىپ، بىر يارىلانغان شىرغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ شىرغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەستىن، ئەكسىچە، ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىپ داۋالاپ قويۇپتۇ. كېيىن شىر ئېھتىياتسىزلىقتىن پادىشاھنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، قەپەسكە سولاپ قويۇلۇپتۇ.

بىر قانچە يىلدىن كېيىن، چەۋەنداز پادىشاھنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ئۇنى ئاچ شىرغا تاشلاپ بېرىش جازاسىنى بېرىپتۇ.

چەۋەنداز شىرنىڭ قەپىسىگە سولانغاندىن كېيىن، قاتتىق قورقۇپ ئەندىشە قىپتۇ؛ «قاچان شىر كېلىپ مېنى يەۋېتەر» دەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن شىر ئۆزىنىڭ قۇتقازغۇچىسىنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ كېتىپتۇ.

چەۋەنداز بىلەن شىر مۇشۇ تەرىقىدە يەتتە كېچە ـ كۈندۈزنى ھېچ نەرسە يېمەي بىرگە ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، چەۋەندازنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

پادىشاھ چەۋەندازدىن: — سەن قانداق ئۇسۇل بىلەن شىرنى سېنى يېمەيدىغان قىلىپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

چەۋەنداز پادىشاھقا شىرنى قۇتقۇزۇۋالغان جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنى جازادىن خالاس قىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***قانداقلىكى ئىش بولسۇن، ھەممىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسى بولىدۇ. سىز بەدەل تۆلىگەن مۇھەببەتكە مۇناسىپ ياخشى جاۋابقا ئېرىشىسىز.***

## قىممەتلىك بىر دوللار

قەھرىتان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەمدىلا ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەن دېۋىي ناشۋېيغا بېرىپ، داڭلىق مۇزىكىلار پروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى بولۇشتىن ئىبارەت غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ.

تولىمۇ ئەپسۇس، غايىنىڭ ئىشكى ئۇنىڭغا چىڭ تاقىلىپ قاپتۇ. بىر ئايدىن بۇيان، ئۇنىڭ يانچۇقى قۇرۇقدىلىپ، پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىر دوللار قاپتۇ. ئۇ بىر دوللار پۇلنى خەجلەشكە چىدىماپتۇ، چۈنكى پۇلنىڭ ئۈستىدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن ئىمزاسى بار ئىكەن.

دېۋىي ئىككى كۈندىن بېرى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى بىر كونا ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرغان بىر ئوغۇل بالىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم ئۇچرىغاندا دېۋېيغا سالام بېرىدىكەن. دېۋىي بۇنداق سوغۇق كۈنلەردە ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ھېلىقى ئوغۇل بالا ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى ئېچىۋېتىپ، دېۋىي بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئوغۇل بالا بۇ يەرگە خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۈچ كۈن بۇرۇن كېلىۋالغاچقا، دەرھال خىزمەت قىلىشقا ئامالسىز قاپتۇ. يانچۇقىدا پۇلى بولمىغاچقا، تاماقمۇ يېمەي ماشىنا ئىچىدە تۇرغان ئىكەن. ئۇ خىجىل بولغان ھالدا دېۋىيدىن بىر دوللار بېرىپ تۇرۇشنى، نەچچە كۈندىن كېيىن



www.uyghurkitap.com

قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق ئۇ دەيۋېيىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش جېنىنى باقالمايۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەن. دەيۋېي ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، يۈرۈلۈپ كېتىپ قاپتۇ.

تۇيۇقسىز دەيۋېي ئۆزىنىڭ يېنىدىكى قىممەتلىك بىر دوللار بارلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ، ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ قالغاندىن كېيىن، قايتىپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە بىر دوللارنى ھېلىقى بالىغا تەڭلەپتۇ. ئوغۇل ھەيران بولغان ھالدا: — ئۇستى ئىمزا بىلەن تولۇپ كېتىپتىغۇ!— دەپتۇ. بىراق، ئۇ بۇ ئىمزالارنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلماپتۇ.

بىر كۈنى دەيۋېينىڭ بىر دوللارنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ، ئەمما شۇ كۈنى ئەتىگەندە، بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنىڭغا پروگرامما رىياسەتچىلىكىگە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، بىر ھەپتىدىكى مائاشى 500 دوللار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ دەيۋېينىڭ ئىشلىرى ئوڭدىن كېلىپ، پۇل ئۇچۇن قايغۇرمايدىغان بوپتۇ.

دەيۋېي شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى كونا ماشىنا ۋە ئوغۇل بالىنى ئۇچراتماپتۇ. ئۇ دائىم، ھېلىقى ئوغۇل بالا زادى قەلەندەرمۇ ياكى ئەلچىمۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ، بىراق بىر تەرىپى ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ، ئۇ ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق ھالقىلىق ئىمتىھاندىن ئۆتۈپتۇ.

***ھېكمەت:***
***باشقىلارغا مۇھەببەتلىك قەلبىمىز بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، سەممىي ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن چاغدىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمىز.***

## ئۇچ كىشى

دورا ماتېرىياللىرى سودىگىرى كەنتكە كېلىپ، يۇقىرى باھادا ئادەمگىياھ سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق بۇ زىمىستان قىش ۋاقتى بولۇپ، تاغنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ئون نەچچە سېلسىيە گرادۇس بولغاچقا، بىرەر كىشىمۇ تاغقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

بىر ئائىلىدىن ئاتا ـ بالا ئۇچەيلەن بىر قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ تاغقا چىقىپتۇ. ئۇلار ئادەمگىياھ تاپالماپتۇ. ئامالسىز قايتىشتا، بەختكە قارشى قار ـ مۇز، شىۋىرغان كۆتۈرۈلۈپ، تېمپېراتۇرا تېزلىكتە تۆۋەنلەشكە باشلاپتۇ. ياشىنىپ قالغان ئاتا توڭلاپ، زەخمە يەپ، مېڭىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ئىككى ئوغلىغا: — مەن بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، سىلەر دەرھال مېنىڭ كىيىمىمنى سالدۇرۇپ

كىيىۋېلىڭلار ۋە ئامال قىلىپ تاغدىن چۈشۈپ كېتىڭلار، — دەپتۇ ۋە ئارقىدىنلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

چوڭ ئوغلى دەرھال كىيىمىنى سېلىپ ئاتىسىغا يېپىپ قويۇپتۇ. بىراق، چوڭ ئوغۇلمۇ توڭلاپ زەخىملىنىپتۇ. ئۇ ئۇكىسىغا: — قارىغاندا مەن ئاتامغا ھەمراھ بولۇپ، بۇ يەردە قالىدىغان ئوخشايمەن، ئىنىم سەن مېنىڭ كىيىمىمنى سالدۇرۇپ كىيىۋالغىن ۋە تاغدىن چۈشۈپ كەتكىن، ئۆيدە ئانام ۋە مومام بىزنىڭ خەۋەر ئېلىشىمىزغا موھتاج، — دەپتۇ.

بىراق، ئىنىسى ئاكىسىنىڭ قىلغىنىنى تەكرارلاپ، كىيىمىنى ئاكىسىغا يېپىپ قويۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، كەنتتىكى كىشىلەر ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەننى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە يىقىلغان ئىكەن. ئاتىسى چوڭ ئوغلىنىڭ كىيىمىنى كىيىپتۇ، چوڭ ئوغلى كىچىك ئوغلىنىڭ كىيىمىنى كىيىپتۇ، كىچىك ئوغلى بولسا، نېپىز پاختىلىق كىيىم بىلەنلا قاپتۇ.

بىر كىشى ئەپسۇسلانغان ھالدا: — ھېچ بولمىغاندا ئىككىسى ھايات قېلىشقا تېگىشلىك ئىدى... — دەپ ئەپسۇسلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھەقىقەتەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. بىراق، بۇ خىل قۇربان بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق.***

## بىر پۈتۈن گەۋدە

گۈل ـ گىياھلار ھۆپپىدە ئېچىلغان يېشىللىزارلىقتا، بىر ياش يىگىت بىر ياش قىزنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. — مېنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىم سىز بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئىدى، — دەپتۇ يىگىت. — مەنمۇ ھەم شۇنداق، شۈبھىلاشقا بىز خۇدانىڭ ھەممىتى بىلەن ئۆزئارا ئۇچراشتۇق، — دەپتۇ قىز ئالمىدەك قىزارغان ھالدا. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى مەھكەم قۇچاقلىشىپ كېتىپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ياش قىز يېشىللىزارلىققا كېلىپ، ئۆزىچە خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا بىر نەرسىنى ئىزدەپ كېتىپتۇ. — بالام، زادى نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بىر دانىشمەن.

قىزچاق خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا: — مەن ئۆزۈمنى ئىزدەۋاتىمەن، شۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇچراشقاندىن باشلاپ، مەن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. مېنىڭ خۇشاللىقىم ئۇنىڭ ئۈچۈن، كۆز يېشىممۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىدۇ. مەن ئۇنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇۋاتىمەن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن خۇشالمەن، ئۇ يوق كۈنلەردە، ئۆزۈمنى ساپالغا ئوخشاش قۇرۇق ھېس قىلىمەن، ئۇنداقتا مەنچۇ؟ مەن نەگە كەتتىم؟

مەن ئۆزۈمنى تېپىشنى ئويلايمەن، — دەپتۇ.

دانىشمەن كۈلۈپ تۇرۇپ: — مۇھەببەت پەيدا بولغاندا (مەن) يوقاپ كېتىدۇ، سىلەر ئۆز ئارا ياخشى كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىسىلەر، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەتتە سىزنىڭ پەرقىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى «يوقىتىپ» قويغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنى تەبرىكلەيمەن، چۈنكى سىز مۇھەببەتكە ئېرىشىپسىز.***

## مۇھەببەت بىر تۈپ مايسىغا ئوخشايدۇ

بىر قىز كۆڭلى يېرىم بولۇپ، مۇھەببەت ئىلاھىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىپتۇ. — مۇھەببەت ئىلاھى، سىزدىن ئۆتۈنەي، ماڭا بىر ياردەم قىلىڭ.» «ھەي، بىچارە قىز، سىزگە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ مۇھەببەت ئىلاھى.

قىزنىڭ ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈپ: — بىز بىر - بىرىمىزنى چوڭقۇر ياخشى كۆرۈشۈپ كېلىۋاتىمىز. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ ماڭا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى بولسا، ماڭا تەسىرلىك مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى مەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوتىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن. بىراق، مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن. يېقىندىن بېرى، ئۇ ماڭا بىر قانچە كۈندە ئاران بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلنى قويۇپلا ئالدىراپ كېتىپ قالىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئېيتىپ بېرىدىغان مۇھەببەت ناخشىلىرى ئازلاپ قېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. مۇھەببەت ئىلاھى ئۇنىڭدىن: — ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، مەسىلە نەدە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟ سىز ئۇنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىز: — مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئىزچىل تۇردە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. مەن پەقەت مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا بىلدۇرمىگەن، ئوتلۇق مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ، سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. ھازىر ئۇ كۈندىن - كۈنگە مەندىن سوۋۇشقا باشلىدى، مەن مەلۇم بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام قورققۇم كېلىدۇ. مۇھەببەت ئىلاھى، سىزدىن ئۆتۈنەي، ماڭا بىر ئامال كۆرسىتىڭ؟ — دەپتۇ.

قىزچاقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھەببەت ئىلاھى بىر جىنچىراغنى ئېلىپ ئوت يېقىپتۇ. — ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قىزچاق. مۇھەببەت ئىلاھى قىزچاققا ئىشارەت قىلىپ: — بىز ئۇنىڭ كۆيگىنىگە قاراپ

باقايلى، — دەپتۇ. جىنچىراغنىڭ پىلىكى لىپىلداپ كۆيۈپ، ئۆينى يورۇتۇۋېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن جىنچىراغنىڭ يېغى ئازىيىپ، ئوت يالقۇنى ئۆچۈشكە باشلاپتۇ.

قىزچاق: — ئازراق ياغ قۇيايلى!— دەپتۇ. بىراق مۇھەببەت ئىلاھى قىزچاقنى جىمجىت تۇرۇشقا دەۋەت قىپتۇ. چىراغ يېغى كۆيۈپ تۈگەپ، قاراڭغۇلۇق پەيدا بولغۇچە ئۇلار قاراپ تۇرۇپتۇ.

قىزچاق دەقىقە ئىچىدە بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، تەڭرىگە رەھمەت بىلدۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇھەببەت بىر تۈپ مايسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئىككىيلەننىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشىغا موھتاج، بەدەل تۆلىمەي ئېرىشكەن مۇھەببەت بالدۇر قولدىن چىقىپ كېتىدۇ.***

## ۋاقىت گويا ئۆتكۈر قىلىچتۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر غاپىل ۋە ئازغۇن شەيخ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەتقىلىق نەپسى ئۈچۈن بىر جامائە خەلقنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش نىيىتىدە بازارغا قاراپ قەدەم قويىدى. ئۇ شەيخ دۇنياغا ھېرىسمەن كىشى ئىدى. رىزقىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئۇستۇۋېشىغا بىر يېشىل يېپىنچىنى ئارتىپ، بۇ ئىش بىلەن يامان يولغا ئۈندىگۈچى نەپسىنى خۇشال قىلاتتى. ئۇ بازاردىكى بىھېساب نازۇنېمەتلەرنى كۆرۈپ، تاقىتى تاق بولغان ھالدا كۆڭۈل سىرلىرىنى يوشۇرغان ھالدا ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭغا بۇزغۇنچى نەپسى ئەگرى يولنى تۈز قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئاخىر قەلەندەرلىك مىكرىنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى. گاھ يېقىملىق ماقالىلەرنى سۆزلىسە، گاھىدا «كەشىپ - كارامەت» لىرىنى كۆز - كۆز قىلاتتى؛ بەزىدە خەلق ئىچىدە ئۆزىنىڭ «كەشىپ - كارامەت»لىرىنى نەقىل كەلتۈرسە، يەنە بەزىدە ئەقىل ۋە شەرىئەت يوللىرىنى ئىزھار قىلاتتى. ئۇ شەيخ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يۈزلەرچە مىكىر ۋە ئەپسۇنلارنى ئىشقا سېلىپ، خالايىقتىن بىر لوقما تائام ياكى بىر دەرەم پۇلغا ئىگە بولاتتى. كىشىلەرگە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، يۈز قىسما نەيرەڭ ۋە ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، نەپسىنىڭ تىلىگىنىنى ئۇلاردىن ئېلىپ يەيتتى. نەشىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەر نەپەستە يۈز قىسما بۇزۇق خىياللارنى قىلاتتى، كۆڭلىدە مىڭلىغان خام تەمە ۋە بىمەنە نىيەتلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭغا بىر كۈنى توساتتىنلا بىر مەردانە ۋە ئۇلۇغ كىشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ كىشى ناھايىتى كامالەتكە يەتكەن كارامەت ئىگىسى ئىدى. غاپىل شەيخ بۇ ئاقىل كىشىنى كۆرۈش بىلەنلا يامان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. چىرايىنىڭ ئۆڭى ئۆچتى. ئۇ ئەزىز كىشى غاپىل شەيخكە:

— ئالدىڭدىكى ئېرىشكەن نەرسىلىرىڭنى ماڭا ئۇزاتقىن، تاپقان سەدىقىلىرىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

ئۇ زىتى پەس شەيخ ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى، خالتىنىڭ ئىچىدە پۇتۇنلەي نجاسەتلەر تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇنى كۆرگەن شەيخنىڭ خەستەك جىسمىغا ئوت تۇتاشتى. ئۇ مەردانە كىشى يەردىن بىر ئوچۇم تاش ئارىلاش توپىنى ئېلىپ، خەسىس شەيخنىڭ قولىغا بەردى ـ دە:

ـ بۇنىڭ بىلەن كۆن ئۆتكۈزگەيسەن، ـ دېدى.

شەيخ ئېلىپ قارىسا، ئۇ پاك زاتنىڭ بەرگەن توپىسى ئالتۇن، تاشلىرى بولسا گۆھەر، ياقۇت، مەرۋايىتلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. كالتە پەم شەيخ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ئالدىغا قارىغانىدى، ئۇ پاك ئىنسان كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. ئۇ ئەقىلسىز شەيخ خجالەتچىلىكتە قالدى، ھەسرەتلىك ئاھ چەكتى. ئەمما بۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىدى. ئەي غاپىل، ساڭا ئاشۇ غاپىل شەيخكە ئۇچرىغان كىشى ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قەدرىنى بىلمىسەڭ، ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، نالە ـ پىغان قىلغان بىلەن پايدا تاپالمايسەن. ۋاقىت گويا ئۆتكۈر قىلىچتۇر.

## گۈزەللىك تەبىئىلىكتە

بىر ئۇسسۇلچى ھىندى بار ئىدى. ئۆزىنى ئىنتايىن چىرايلىق زىننەتلەپ ياساپ، ئاجايىپ ئويۇنلارنى كۆرسىتەتتى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۇ تاجغا رەڭگارەڭ كۆزلەرنى قويغانىدى. تاج بىلەن تونلىرىنى زىننەتلەپ، تەتلىلا لىباسلارنى كىيەتتى. ئۇسسۇلغا قوپقاندا يېنىدا بىر ناغرىنى ئېلىۋېلىپ ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئويناتتى. بىر كۈنى ئۇ ناغرىنى چېلىپ، بېشىنى بىر تەرەپكە، قولىنى بىر تەرەپكە، كاسىسىنى بىر تەرەپكە قىلىپ، ھىندىچە ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇ گوياكى ھىندىستاننىڭ تۇزلىرىدەك گۈزەل ۋە يېقىملىق ھەرىكەتلىرى بىلەن بەزمىگە ھۆسن قوشتى. مەيدان ئىچىدە سورەن ـ چۇقاننى ۋە شاۋقۇنلارنى تېزلەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا باشباشتاقلار بارغانسېرى كۆپەيپ سورەن سېلىشتى. شۇ ئەسنادا بۇ يەرگە تۇيۇقسىزلا مۇھتەسىپلەر① ①مۇھتەسىپ ــ شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار. كېلىپ قالدى. ئۇ بىغىلىشتىكى كىشىلەر مۇھتەسىپنى كۆرۈپ، ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى. ئۇ دەۋرنىڭ يېگانە گۈزىلى بولغان ئۇسسۇلچى ھىندى تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ ناغرىسى بىلەن تاجىنى سۇندۇردى. ئۆزىنى يالىڭاچلاپ دەررە بىلەن سوقتى، ئۇردىكى، ئۇنىڭ زىننەت تاجىنىڭ ئورنىنى جاراھەت تاجىسى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئىبرەت ئالغۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

## گۈلدىن تىكەن يەتسە

بىر پادىشاھ سەيلە ـ شىكار ئۈچۈن ئاتلىنىپ كېتىۋاتقىنىدا، يولدا بىر خىيالپەرەس گاداي شاھنى كۆرۈپ ئاھۇ ئەپغانلارنى چېكىپ، خالايىق ئارىسىدا غەلۋە ـ

غوۋغا قىلىشقا باشلىدى. يۈزلىگەن داستانلارنى ئېيتىپ زار ـ زار يىغلايتتى. بىر يەردە جىم تۇرماي، خۇددى تەلۋىلەردەك گۈلخان ئىچىدە كۈلگە ئۆزىنى بۇلغاۋاتاتتى. پادىشاھقا ئۇنىڭ ئاشىقلىقى مەلۇم بولدى. پادىشاھ كۆڭلىدە: «بۇ ئاشىق سەۋدايىسىنىڭ ئاشىقلىقىنى سىناپ باقاي» دەپ ئويلاپ، ئىمتىھان ئۈچۈن ئۇنىڭ گۈلخىنىغا قاراپ ئات سالدى. پادىشاھ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— بۇ ئازغۇننى سۆرەپ ئالدىمغا ئەكېلىپ، بويىنىنى ئۇزۇڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

ياساۋۇللار ئۇ «ئاشىق»نى مەشۇقى بولغان پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كەلدى. قارىسا، شاھ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، ئۇ گاداي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆز جېنىدىن ۋەھىمە قىلىپ، قېچىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇ خەۋپسىرىگەن ھالدا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، توساتتىنلا ئۇ گۈلخان تەرەپكە يول ئالدى. قورقۇنچ بىلەن ھوشىنى يوقاتقان بۇ گاداي خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ھالاك بولدى. لېكىن شاھنىڭ ئۈمىدى مۇنداق ئىدى: ئەگەر ئۇ ھەقىقىي ئاشىق بولسا، ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىدۇ. شاھنىڭ ئالدىدا جان ـ دىلى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۆلۈمگە رىزالىق بېرىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇپ، ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەكچى ئىدى. ئەگەر ئۇ گاداي پادىشاھقا چىن كۆڭلى بىلەن ئىخلاس قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە، پادىشاھقا سۆھبەتداش ۋە خاس مەھرەم بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۇ گاداي ئىشق ئىچىدە زىددىيەتلىك ۋە خىلاپلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئەھۋالى رەسۋالىقتا شۆھرەت تاپتى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ساڭىمۇ گۈلدىن بىر تىكەن يەتسە، چىمەندىن كېچىپ، گۈلخاننى ماكان قىلىشىڭ مۇمكىن.

## ھوسۇلسىز ئىش جانغا جاپا

بىر باغۋەن بار ئىدى، باغۋەنلىك كەسپى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. مېۋە ھالاۋىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن دەرەخلەرنى ئۇلاپ، پەرۋىش قىلىشنى بىلمەيتتى. دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ پۇتاقلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا چاتاپ، دەرەختەك ھالەتكە كەلتۈرەلمەيتتى. ئۇرۇقنى ئۆز ۋاقتىدا چېچىشنى بىلمىگەچكە بىرەر تال گۈلنىمۇ ئېچىلدۇرالمايتتى. باغ ئىچىدە ئەخلەت توشۇش، غازاڭ سۈپۈرۈش قاتارلىق بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆزىنى جاپاغا سېلىپ، ئۆمرىنى زايە قىلاتتى. باغۋەننىڭ ھوشيار دوستلىرى ئۇنىڭ بۇ قەدەر جاپا ـ مۇشەققەت تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ ھوسۇلسىز ئىشىڭنى تاشلاپ بىرەر پايدىلىق ئىش بىلەن شۇغۇللانغىن، — دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

ئۇ نادان باغۋەن مېھنەت ـ مۇشەققەتتىن ئۆزىنى تارتالماي، ئۆزىنى ئۆزى جاپا ـ

مۇشەققەتكە دۇچار قىلاتتى. ئۇ بىر كۈنى تال كېسىش ئۈچۈن ئېرىق ئىچىگە كىرىپ ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، يىلان چېقىۋېلىپ ھالاك بولدى.

## غەيرەتسىزنىڭ ئاقىۋىتى

خەلق ئارىسىدا بىر غەيرەتسىز كىشى بار ئىدى. خالايىق ئۇنىڭ ئۆلۈمتۈك ۋە غەيرەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، ھەربىرى بىردىن مۇشت ياكى جاپا تەستەكلىرىنى ئۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇ كىشىلەردىن بىر لوقمىدىن نان ئېلىپ يەيتتى. كىشىلەر قانچە قوغلىسىمۇ كەتمەيتتى. بەلكى ئۇ باغرى تاش زالىملارنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى. كىشىلەر ئۇنى بۇ جاپالارغا ئۆگىتىۋالغانىدى. ئۇنى خالىغان بىر كىشى كېلىپ تەپسە، بىر چۆرگىلەپ توختايتتى. ئۇ غەيرەتسىز پەس كىشى بۇنىڭ بەدىلىگە تەپكۈچى كىشىدىن بىرنەرسە ئالاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تەرخى شۇنىڭغا توختىغانىدى. ھەر كىشى ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بەرسە، نەپسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى. نان بەرگۈچى شۇ ھامان بىر مۇشت سالاتتى ـ دە، ئۇ كىشى يەرگە يىقىلاتتى. گەرچە ناننى يەپ قورسىقى تويسىمۇ، لېكىن مۇشتنى يەپ ھېچ نەرسە يېمىگەندەك يۈرەتتى.

## كاززاپنىڭ ئۆلۈمى

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر بەتبەخت ئادەم بار ئىدى. ئۆزىگە جاۋاھىراتشۇناسلىق كەسپىنى مۇناسىپ كۆرۈپ، ئۆز ئىسمىنى جەۋھەرى دەپ ئاتىغانىدى. لېكىن ئۇ ئېشەك مونچىقى بىلەن پىروزىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيتتى. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزىنى جاۋاھىرلارنى تونۇيدىغان كىشى دەپ داۋراڭ سېلىپ گادايلىقتىن خالاس بولدى. بۇ جەۋھەرى ئاق تاشلارنى خىلمۇخىل رەڭلەردە بوياپ، ئۇنى گۆھەر، ھېقىق، ياقۇت دەپ ئاتاپ، بىھۇدە لاپ ئۇراتتى. ئۇنىڭ مۇجمەل ۋە چالا ـ چولتا ئىشلىرىنى ئاۋام خەلقنىڭ ھەممىسى راست دەپ ئىشىنەتتى. بىر كۈنى ئۇ يۇقىرىقىدەك ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بىرمۇنچە «جاۋاھىر»لارنى تەييارلاپ بىر بايغا ساتتى. جەۋھەرى ئادەتتىكى تاشلارنى ھەرخىل رەڭدە بوياپ ساتقاچقا، ئۇ بايدىن ھەددى ـ ھېسابسىز پۇل ئۇندۇرۇۋالدى. شۇ كۈنى بۇ كىشى ئۇ پۇللارنى شۇنداق خىراجەت قىلدىكى، سېتىۋالمىغان ھېچ نەرسىسى قالمىدى. يېنىدا بىر يارماقمۇ قالدۇرماي سەرپ قىلىپ تۈگەتتى. «جاۋاھىر» سېتىۋالغان باي بۇ مەككارنىڭ بىر تىللالىق ئاق تاشنى ياقۇت رەڭگىدە بوياپ، يۈز مىڭ تىللاغا ساتقانلىقىنى بىلىپ قالدى. باي يالغان گۆھەر سودىسىنى بىكار قىلىپ، تىللالىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قارىسا، جەۋھەرىنىڭ يېنىدا بىر يارماق، بىر دەرەمگە ياغلىق پۇل قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق كازراپلىقى ئۆزىنىڭ قىيناپ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى.

www.uyghurkitap.com

## سەپەرداشلارنىڭ تەقدىرى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر يولدا ئىككى كىشى بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ سەپەر قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى مەسلەك يوللىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. يەنە بىرى بولسا بۇ جەننەتكە يول تاپقانىدى. بىرى كالتە پەم ئىدى، يەنە بىرى كامالەت تاپقانىدى. بىرىنىڭ ئىسمى مۇدبىر (تەلىيى كاج، بەتبەخت) ئىدى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇقبىل (بەختلىك تەلەيلىك) ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئىسمىغا ماس ئىدى. مۇقبىل ئاللانى تونۇغان، دىندار، دانا ۋە كامىل كىشىلەردىن سۆز ئاچاتتى. مۇدبىر بولسا خۇددى بۇددىستلار ئۆزىنىڭ بۇتىنى ماختىغىنىدەك پاسىق ۋە نۇقسانلىق كىشىلەردىن سۆز ئاچاتتى. مۇقبىل دەرد ـ ھەسرەتلىك ئەھۋاللاردىن ھېكمەتلەرنى بايان قىلسا، مۇدبىر ئۆزىنىڭ ھۆسن ـ جامالى، زىبۇزىننەتلىك كىيىملىرى ۋە گۈزەللىك ئەھۋالىدىن بىھۇدە سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ بىر ـ بىرىدىن ھېچبىر مەنپەئەت تاپالمىدى، ئاخىر بىر مۇبارەك شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككىسى بۇنى غەنىيمەت بىلىپ بىر ـ بىرىدىن دەرھال ئايرىلدى. مۇقبىل پەقىرلەر كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. مۇدبىر مەيخانىغا يول ئالدى. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مۇقبىلنىڭ سۈپەتلىرى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. پادىشاھ مۇقبىلغا كۆپ ھۆرمەت ـ ئېھتىراملارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كەمتەر ۋە ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلدى. دەل شۇ سورۇنغا پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى قانخور ۋە پاسىق مۇدبىرنى مەھكەم باغلىغان ۋە خارۇ زار قىلغان ھالدا ئېلىپ كەلدى. ياساۋۇللار:

ـ بۇ كېچە باشباشتاقلار مەي ئىچىشىپ، ياman ئىشلارنى قىپتۇ، مۇشۇ ئەبلەخنىڭ سەۋەبىدىن قان تۆكۈلۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. بۇ نىمىدېگەن زىيانكار ۋە بەتقىلىق ئادەم ـ ھە! گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ ناكەس قاتىل ئۆلگۈچىنى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرگەن، ـ دەپ مەلۇم قىلدى.

پادىشاھ ياساۋۇللارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، مۇدبىرغا دەرھال قىساس (ئۆلۈم) جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

مۇقبىل ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى بىلەن ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتى. مۇدبىر ئۆزىنىڭ مەنمەنلىكى تۈپەيلىدىن ھالاك بولدى.

## بىھۇدە خىيالنىڭ ئازابى

بىر تاغلىق كىشى بىر ئېيىقنى تۇتۇۋالدى. ئۇنى كۆندۈرۈپ رام قىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ ـ خەس بېرىپ يېگۈزەتتى، كۈندە ئىككى ۋاخ ئۆلگۈدەك تاياق بېرەتتى. ئاچلىق ۋە تاياق ئازابى بىلەن ئۇ ئېيىقنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى جاراھەتلەندۈرەتتى. ئۇ تاغلىق كىشى

ھەربىر تاياق سالغاندا، ئېيىق تۇپراق بىلەن تەڭ بولۇپ يىقىلاتتى. تاغلىق كىشى ئېيىقنى يېتىلەپ، ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ ئويۇنچىلىق قىلاتتى. ئۆيىگە قايتار ۋاقىتىدا بولسا ئوتۇنچىلىق قىلاتتى؛ ئۇ ئېيىققا ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئوتۇننى يۈكلەپ، ئۆيىگە توشۇيتتى. كۆپ يۈك توشۇغانلىقتىن ئېيىقنىڭ تېنىدە بىر تالمۇ تۈك قالمىغانىدى. ئىمكانىدىن ئارتۇق جاپالارنى تارتقان ئۇ ئېيىق بارغانسېرى نادان ۋە قاششاق بولدى. نادانلىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ نەپسىدە تەكەببۇرلۇق پەيدا بولدى. ئۇ قاھىدا: «قاپلانلارنىڭ بېشىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يانجىپ تاشلايمەن» دەپ خىيال قىلسا، يەنە بەزىدە: «شىر، يولۋاسلار يولۇقسا، قارنىنى يېرىپ، ئۆزۈمگە تائام قىلىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئۇ دائىم ئاشۇنداق تائاملارنى ۋە قارچىغىغا ئوخشاش خام خىياللارنى ئويلايتتى. ئاقىۋەتتە ئۆزى ئىتلارغا غىزا بولدى. سېنىڭ دائىم بۇنداق بىھۇدە خىياللاردا بولۇشۇڭ ئاشۇ ئېيىقنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. سېنىڭ ئاقىۋىتىڭمۇ ئاشۇ ئېيىقنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## بورىچى شاھ

بىر پادىشاھ بىر مۇبارەك ئىمارەتنى لايىھىلىتىپ بىنا قىلدى. ئۇ ئىمارەت بىلەن پۈتكۈل خەلق شادلىققا چۆمدى. ئۇ ئىمارەتكە شۇ قەدەر ھېسابسىز زىبۇزىننەت بەردىكى، ئۇنى قىياس قىلىپ بولغىلى بولمايتتى. بۇ ئىمارەت شەھەر خەلقى ئۈچۈن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ھەممە تەرىپى ئەينەك بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇنىڭ راۋاق ۋە گۈمبەزلىرى سەنئەت قوللىرى بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئىمارەت ئۈستىدە خۇددى پەلەك ئۈستىدىكى نۇرلۇق قۇياشتەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ ئىمارەت ئۈستىلارنىڭ قولىدىن شۇقەدەر چىرايلىق ۋە كۆركەم بولۇپ پۈتۈپ چىقتى. بۇنىڭدىن شەھەر خەلقى چەكسىز شادلاندى. كىشىلەر بۇ شادلىق ئۈچۈن مۇراسىم تۈزدى. ھەربىر كىشى ئۆز ئەپسۇنى بىلەن نۇرغۇن ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، كۈلكە ئۈچۈن نامايان قىلىشتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق شادلىقنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشتى. كىشىلەر ئارىسىدىن بىر بىھايا قاشاڭ كىشىنى ئويۇن ۋە مەسخىرە ئۈچۈن تېپىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ ئىسمى بورىچى شاھ ئىدى. ئۇ بېشىدىن ئايغىچە بورا بىلەن ياسالغان كىيىملەرنى كىيگەنىدى. ئوقياسى ۋە قالقىنىمۇ بورىدىن ياسالغانىدى. بورىچى شاھ ئۆزىگە ئوخشاش قاششاق، بەلكى مەسخىرىگە نىشان بولغۇچى ئەخمەقلەردىن بىرنەچچىنى ياساپ ـ جابدۇپ مەيدانغا ئېلىپ كىردى. ئۇلارمۇ بورا كىيىملەرنى كىيىشىپ ئويۇن كۆرسەتتى. بورىچى شاھنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، ھەر نەپەستە يېڭى ـ يېڭى قىلىقلارنى چىقىرىپ، خالايىقنى كۈلدۈردى. لېكىن بورىچى شاھ ھەزىل ـ چاقچاق بىلەن قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ چۈشىنىپ، ئۆزىنى راست پادىشاھتەك ئويلاپ قالدى. شۇڭا مۇراسىم ئاخىرلىشىپ ئويۇن توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئەخمەق ئەمەن ئۆلگەن ئوخشايمەن دەپ، ئۆزىگە ئۆزى ماتەم تۇتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بورا چېدىرى،

بورا تاجى، بورىدىن پۈتكەن تونلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. بورىچى شى
شۇنىڭدىن كېيىن چۈشەندىكى، ئۇنىڭ بۇ «شاھ»لىقى پۈتۈنلەي مەسخىرە ئۈچۈن
ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن.

## ھالاكەتنىڭ سەۋەبى

بۇرۇنقى زاماندا بىر مۇشتۇمزور پالۋان بار ئىدى. ھۆنەرسىزلىك كەسپى
تەڭداشسىز ئىدى. چاشكا ۋاقتىدا ئون پاتمان تاماقنى يېسە، كەچتە يەنە شۇنچىلىك
غىزاغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالاتتى. بۇ ئىككى تاماقنىڭ ئارىلىقىدا يەنە ئاشۇنچىلىك
مىقداردىكى تاماقنى يەپ تۈگىتەتتى. ئەگەر ئۇ مەست پىلغا ئوخشاش زورلۇق قىلىدىغان
بولسا، ھەرقانداق پالۋاننىڭ بىلىنى پۈكۈپ تاشلايتتى. بىر چاغلار كەلگەندە ھاياتنىڭ
ھاۋادىساتلىرى يۈز بېرىپ، يۇرتتا قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك پەيدا بولدى. بۇ بالا
قازا شۇنداق ئەۋج ئالدىكى، كىشىلەر يۇرتنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بولدى.
كىشىلەر جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە باش ئېلىپ كېتىشتى.
بىر توپ خالايىق شۇ قاتاردا باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يولغا
چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى كۈچتۈڭگۈر پالۋانمۇ بار ئىدى. بىراق ئۇ پالۋان يول
ئازابى تارتىپ باقمىغانىدى. يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپلا دەشت
چۆللەردە يۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، نەپسى يامانلارنىڭ ھالى ئىنتايىن يامان
بولدى. پالۋانمۇ قورسىقى تويغۇدەك غىزاغا ئېرىشەلمەي، ئۆز ھالىغا ھازا تۇتۇشقا
باشلىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭ جىسمىدىن قۇۋۋەت ۋە ماغدۇر دېگەنلەر چىقىپ
كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئوزۇق يەتمىگەنلىكتىن چۆلدە ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىسى
ئاجايىپكى، بۇ يولدا ئۇششاق باللارمۇ، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن بوۋاي ـ موماي لارمۇ
بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ كۈن جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن ساق
سالامەت ھالدا مەنزىلگە ئۇلاشتى. ئۇ پالۋان بولسا بۇ مېھنەتلەرگە بەرداشلىق
بېرەلمەي، ئەجەل ئالدىدا ئاجىز بولدى. ئۇنىڭ ھالاكىتىگە نەپسىنىڭ يامانلىقى سەۋەب
بولغانىدى.

## جان دەسمايىسى

ئىلگىرى مەلۇم بىر دىياردا بىر دىۋانە بار ئىدى. كېچە ـ كۈندۈز ۋەيرانىلەردە
يۈرەتتى. بۇ ئارقىلىق خەزىنە تېپىش ئۈمىدى بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزەتتى. ھەركۈنى ئۇ
ۋەيراننىڭ بىر تەرىپىنى قېزىپ، خەزىنە ئىزدەيتتى. ئۇ دىۋانە بۇ ئىش تۈپەيلىدىن
ئىنتايىن كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەكتى. ئاخىر ئۇنىڭ تەلىيى خەزىنە تەرەپكە يول
باشلىدى. ئۇ قازغان لەخمىدىن بىر ئىشىك پەيدا بولدى. كىرىپ قارىسا، بىر چوڭ سارا

ئىمكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە پەردۇننىڭ بايلىقى، بەلكى قارۇننىڭ خەزىنىسىدەك كۆپ خەزىنە بار ئىدى. شاھانە كۆپتىن قىرىق دانە چوڭ كۆپتە دەپىن ـ دۇنيا بار ئىدى. ئۇ دىۋانە خەزىنىلەرنى كۆرۈش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇ يەرگە توساتتىنلا بىر پىرامىسىز ناكەس ئادەم كىردى. قارىسا، خەزىنە ئۈستىدە بىر كىشى ھوشسىز يېتىپتۇ، ئۇ يارىماس لەنتى بۇ دىۋانىنى ئۆزىگە خەۋپ دەپ بىلىپ، دەرھال تىغ تارتىپ، خەزىنە ئۈستىدىلا دىۋانىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى. خەزىنىلەر ئۇ ناكەسكە بىر ئۆمۈرلۈك دەسمايە بولدى، ئەمما دىۋانە بولسا بۇ ئىش ئۈچۈن جان دەسمايىسىنى قولدىن بېرىپ قويدى.

## ئەقىل ئىگىسى بولساڭ...

ئۇممان دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ياشايدىغان بىر سودىگەر سودا ئۈچۈن دەريا ساھىلىغا باراتتى. سودىگەر جاۋاھىر ئۈچۈن غەۋۋاسلارغا بىرنەچچە دىرھەم پۇل بېرەتتى. غەۋۋاسلار بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، يۈزمىڭلارچە جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن دەريانىڭ تېگىگە يېتەتتى. ئۇ يەردىكى سەدەپلەرنى ئېلىپ چىقىپ سودىگەرگە بېرەتتى. ئۇ سەدەپلەرنىڭ ئىچىدىن يا ئۇششاق ئۈنچىلەر چىقاتتى ياكى بولمىسا بىرەر چوڭ گۆھەر تېپىلىپ قالاتتى. بۇنداق گۆھەرلەر شاھلار تاجىنىڭ شان ـ شەرىپى بولاتتى. لېكىن ئۇ غەۋۋاسلارنىڭ ئالىدىغىنى ئازغىنا ئىش ھەققىدىنلا ئىبارەت ئىدى. سودىگەر شۇ قەدەر قىممەتلىك بايلىقنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەۋۋاسلارغا بىر ـ ئىككى يارماقتىن پۇل بېرىپلا بولدى قىلاتتى. ھەر ھالدا ئۇ غەۋۋاسلار بىر ـ ئىككى يارماق بولسىمۇ ئىش ھەققى ئېلىپ بەھرىمەن بولىدۇ. لېكىن سەن ھۇمايغا ھېچكىم ھەق بەرمەيدۇ. ئىت يەيدىغان سۆڭەكلەرنى يەپ، نەپسىڭگە ئارام بېرىسەن. شۇڭا ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، بۇنداق بىھۇدە سۆزلەرنى قىلمىغىن. بۇنداق سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى خاتا.

## سودىگەرنىڭ ئۆلۈمى

ھىندىستان دىيارىدا بىر سودىگەر بار ئىدى. سودا ساھەسىدە تەڭداشسىز ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە سودا دەسمايىسىنى كۆپەيتىش خىيالى كىرىۋېلىپ، خەتەرگە يولۇقۇش ئېھتىمالىنى يادىدىن چىقىرىپ قويدى. سودىدا پايدا تېپىش ئۈچۈن بىر مەملىكەتتە تۈزۈكرەك ئون كۈن دەم ئالماي، تەرەپ ـ تەرەپكە سەپەر قىلاتتى. سودىگەر ئۇ ئۈستىدە نەچچە يىللاپ ئاشۇنداق سەپەر قىلدى. دەريانى ھەرقانداق ئاپەتنىڭ ماكانى دەپ بىلسە بولىدۇ. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ سودا كېمىسى مەككە ئەتراپىدا سۇ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ سودا قىلدى. مەككىگە يېقىن كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەج

پەرىزىنى ئادا قىلماي ياندى. ئۇنىڭ كېمىسىدىكى خالايىق سودىگەرگە:

– بۇ يەرگە كەلگەن بولغاندىكىن ھەج شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولغىن، – دەپ تەۋسىيە قىلىشتى.

لېكىن پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىك سودىگەرنىڭ ھەج قىلىشىغا يول بەرمىدى. بىر كۈنى دەريادا قاتتىق بوران چىقتى. دولقۇن پەيدا بولۇپ، كېمە گاھى پەسكە چۈشۈپ، گاھى ئېگىزگە سەكرەشكە باشلىدى. نەتىجىدە سودا ۋە پايدا قايىنمىغا غەرق بولۇش كەتكەن بۇ كىشىنىڭ كېمىسى دەريادا غەرق بولۇپ تۈگەشتى. سودا خىيالى ھەجگە يول بەرمىگەن بۇ كىشى ئاخىر بېلىققا غىزا بولدى.

## كۆڭۈل ئەينىكى

مۇھەببەت سىرلىرىدىن سۆز ئاچقۇچىلار ئۆز قەلىمىدىن مۇنداق گۆھەرلەرنى تۆكتى:

بىر گۈزەل پادىشاھ بار ئىدى. ھۆسن – جامالدا شەرق قۇياشىدەك ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاي يۈزلۈك گۈزەللەر ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ كېلىشكەن قامەتلىرىگە سەرۋىلەرمۇ بەند ئىدى. نۇرلۇق يۈزلىرى ئالدىدا قۇياشمۇ شەرمەندە ئىدى. يۈزلىرى پۈتكۈل ئالەمگە ئوت سالاتتى. چىرايىغا قاراش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىك غوۋغالىرى پۈتۈن جاھاننى قاپلىدى. ئىشقىنىڭ قاراقچىلىرى جانلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ جاھانغا زىننەت بەرگۈچى چىرايىدا يۈزمىڭلىغان ناز ۋە ئۇلۇغلۇق نامايان ئىدى. ئۇ پادىشاھ گاھى ئاتلىنىپ مەيدان ئىچىدە ئات چاپتۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆدۈل كېلىپ قالغان كىشى ئۇنىڭ ھۆسنىنى كۆرۈش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ جېنىدىن جۇدا بولاتتى. مەيداندىن يانغاندا ئۇ پادىشاھنىڭ ھۆسن – جامالىنى كۆرۈپ ئۆلگەنلەرنىڭ تولىلىقىدىن يوللار توسۇلۇپ، جاھان ئىچىدە ھەددىدىن تاشقىرى كۆچلۈك سۈرەن – چۇقان پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ زۇلمىدىن جاھان مەملىكىتى بۇلاڭ – تالاڭغا ئۇچرايتتى. پادىشاھ خالايىقنىڭ ئۆلۈمىدىن مالال بولۇپ، كىشىلەرگە ئۆز چىرايىنى ئەينەن كۆرسەتمەسلىك نىيىتىگە كەلدى. شۇڭا پەرمان چۈشۈرۈپ بىر ئەينەك تەييار قىلدۇرۇپ، تەختىنىڭ ئالدىغا ئورناتتى. ئاندىن قەسرىنىڭ ئالدىدا بىر ئورۇن راسلاپ، ئۇ يەرگە جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياشتەك بىر ئەينەكنى ئورناتقۇزدى. بۇ ئەينەك ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن شاھنىڭ ھۆسنىدىن ھېچكىم مەنپەئەت ئالالمىغانىدى. ئەينەك تەييار بولغاندىن كېيىن پادىشاھمۇ ئەينەكتىن ئۆز ھۆسنىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. خالايىقمۇ پادىشاھنىڭ ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن ھۆسن – جامالىنى كۆرۈپ مەنپەئەتلىنەلەيدىغان بولدى. بۇ گۈزەللىكتىن ئۆزىمۇ بەھرىمەن بولدى. باشقىلارمۇ بەھرىمەن بولدى.

ئەي مەسلەك ئىگىسى، سەنمۇ كۆڭلۈڭنى ئاشۇ ئەينەك دەپ خىيال قىلغىن. ئۇ

پادىشاھ ئۆز جامالىنىڭ ئەكسىنى سېنىڭ ئاشۇ كۆڭۈل ئەينىكىڭگە سالىدۇ. تېنىڭ قەسرىدە كۆڭلۈڭنى ئەينەك دەپ بىلگىن. شاھ ھۆسنىگە ئاشۇ ئەينەكتىن نەزەر سالغىن. سەن ئالدى بىلەن ئۇ ئەينەكنى تازىلاپ نۇرلاندۇرمىساڭ، شاھ ئۆز ئەكسىنى ئۇ يەرگە سالمايدۇ. كۆڭلۈڭنى پاك تۇتقىن، ئاندىن ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىنىڭ ئەكسى كۆڭۈل ئەينىكىڭدە دائىم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. سەن ئۇ ئەينەككە ئۇدۇل تۇرۇپ، سولماس گۈزەللىكنى تاماشا قىلغىن. كۆڭۈل ئەينىكىڭ قانچە پاك ۋە روشەن بولسا، ئۇ گۈزەل ھۆسنمۇ ئۇنىڭدا شۇنچە نۇقسانسىز ئەكس ئېتىدۇ.

## بايلىق دېگەن...

بەسرە شەھىرىدە بىر يارىماس، بېخىل كىشى بار ئىدى. ئۇ نادانلىق بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىشتا تەڭداشسىز ئىدى. دۇنيا ۋە مال ـ مۈلۈك يىغىشتا ئۇنىڭ بېخىللىق داڭقى ھاتەمنىڭ سېخىيلىق داڭقىدىنمۇ كەڭرەك تارقالغانىدى. ئۇ ئاچ كۆز كىشى كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى توپلايتتى. ئۇنىڭ توپلىغان مال ـ دۇنيالىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپەيدى. ئۇ ئاچ كۆز يەر ئاستىدا يوشۇرۇن خەزىنىلەرنى تەييار قىلىپ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يوشۇراتتى. شۇنچىۋالا بايلىقلارغىمۇ كۆزى تويمىغان بۇ پەس مىجەزلىك كىشى بىرمۇنچە ئالتۇن، تىللا ۋە قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلارنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى. بۇ بايلىقلارنى ئۇ تويمىغۇر ئادەم خۇددى پەلەك كۈندۈزى يۇلتۇزلارنى يوشۇرغاندەك يوشۇرۇپ، بويىندا ساقلايتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ بايلىقلار مېنىڭ تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، جېنىمنىڭ ساقلىقى ۋە راھىتىدۇر» دەپ ئويلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كىشى مال سودىسى بىلەن دەريا لېۋىگە باردى. بىرمۇنچە ھارام بايلىقنى قولغا چۈشۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇ يەردە ساقلاپ تاماق يېدى. ئاندىن قولىنى يۇماقچى بولۇپ دەريا سۈيىگە ئېڭىشكەنىدى، بويىنىدىكى ئالتۇن ۋە تىللا جاۋاھىرلىرى ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى رۇسلىيالماي دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ قىلىقسىز كىشى ئۆزى ئېسىۋالغان بايلىقلارنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ھايال ئۆتمەيلا دەريا تېگىگە چۆكۈپ كەتتى، ئۇ نەسلى پەس شۇنچە تىپىرلاپ باقتى، بىرەرسىنىڭ ئۆزىگە ئارغامچا تاشلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، جېنىنىڭ بارىچە تەلپۈندى. ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ يارىماسنى دەريادىن سۈزۈۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ ئېسىۋالغان بايلىقلىرى ئۇنى شۇنچە تېزلىكتە سۇ ئاستىغا ئەكىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېسىۋالغان ئالتۇن ـ تىللالىرى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى سۇ تېگىدە مال ـ دۇنيا قاتارىدىكى سەدەپكە ئوخشاش قېپقالدى.

ئۇ ئادەمنىڭ جېنىغا ئاپەت يەتكۈزگىنى ئەلۋەتتە ئۆزى يىغقان بايلىق ئىدى. ئۇنىڭ يوشۇرۇپ قويغان يەر ئاستىدىكى خەزىنىلىرىمۇ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى. ئالتۇن ـ

كۆمۈش يىغىشىنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق مۇدھىش بولىدۇ. سەن ئۇنىڭ سەۋداسىدىن قول ئۈزگىن، بايلىق تەرەپكە ھەرگىز مايىل بولۇپ كەتمىگىن، چۈنكى بايلىق دېگەن يوقلۇق دېڭىزى بولغان دۇنيانىڭ گىردابىدۇر.

## پۇشايمان پايدا بەرمەس

بىر قەلەندەر بار ئىدى. دائىم مەست ـ گاراڭ يۈرەتتى. ئۇ بەك خىيالى بىلەن ئۆزىنى يوقاتقانىدى. كېچە ـ كۈندۈز بەڭ چېكىپ ھوشسىز يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى خۇددى بۇ ئالەمنى تەرك ئەتكەن بىر شەيخكە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز خىيال قىلىدىغىنى شاراب بىلەن نەشە ئىدى. بەڭ چېكىپ مەست بولۇپ، قۇرۇق خىياللارنى قىلاتتى. خىيال بىلەن راھەتلىنىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بەڭنى ئادەتتىكىدىنمۇ كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ، سەيلە قىلىش ھەۋىسى بىلەن بىر خارابىلىككە يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، خىيال ئالەمىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىنى سەيلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مەستلىكتە ئۆزىنى بىر گۈلشەندە دەپ خىيال قىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بارلىق ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ئەسلىھەلىرى تەپمۇ تەق تۇرغانمىش. ئۆزى بىر ئالىي قەسىرگە ئورۇنلاشقانمىش. ئۇ قەسىر كۆركەملىكتە ۋە زىبۇزىنەتتە جەھەتتە مەشھۇر رەسسامنىڭ سۈرەتخانىسىدىنمۇ گۈزەلمىش. ئۇ بەڭگى بارا ـ بارا ئۆزىنى شاھ جەمشىدنىڭ تەختىدەك ئالىي بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر گۈل يۈزلۈك گۈزەل قىز بارمىش. ئۇ ئاشۇ قىز بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇرادىنى ھاسىل قىلىۋاتقانمىش. ئۇ بەڭگى ئاشۇنداق خىيال بىلەن ئۆزىنى ئالىي تۆشەكتە لەززەتلىنىپ يېتىۋاتىمەن دەپ بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا ئاشۇ كونا تاملىقتا ئىدى. ئۇ ھوشسىزلىقتا بۇ كونا تاملىقنى ئالىي قەسىر دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

ئۇ ۋەيرانە جاينىڭ بۇلۇڭىدىن بىر چايان چىقىپ كەلدى. ئۇ زەھەرلىك نەشتىرىنى ھەر تەرەپكە سانجىپ، ئەتراپنى ئايلىنىپ، ھېلىقى قەلەندەرنىڭ يېنىغا كەلدى. چايان ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن نەشتەر سانجىشقا باشلىدى. ئۇ قەلەندەر يەنىلا ھېلىقى گۈل يۈزلۈك قىز بىلەن سۆيۈشۈۋاتىمەن دەپ خىيال قىلاتتى. چايان ئۇنىڭ ئەرلىك ئەزاسىغا نەشتەر سانجىدى. لېكىن ئۇ بەڭگى بۇنى بىلمەستىن ئۆزىنى ئاشۇ گۈزەل قىزنىڭ ۋىسالىدىن لەززەت ئېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن پۈتكۈل ئارزۇلىرىغا قېنىپ، كۆڭۈل ئىستەكلىرىنى تامامەن ھاسىل قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ تېنىگە چاياننىڭ زەھىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. قەلەندەر ھوشىغا كېلىپ تىپىرلاشقا باشلىدى. ۋارقىراپ نالە ـ پەرياد كۆتۈردى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىزتىراپقا چۈشۈپ، بىتاقەت بولۇشقا باشلىدى. نەزمە:



www.uyghurkitap.com

نې گۈلۈ گۈلشەن ئىدى، نې قەسرۇ تەخت،

نې يانىدا مەھۋەشى فىرۇزە بەخت.

قەلەندەر قارىسا، ئەتراپىدا گۈلمۇ يوق، گۈلشەنمۇ يوق، يېنىدا ئاي يۈزلۈك گۈزەلمۇ يوق ئىدى. بۇ پاسىق خىياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. لېكىن تېنىدە چاياننىڭ زەھىرى قېپقاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان خىياللىرىنىڭ پۇتۇنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمما ۋاقتى ئۆتكەندە قىلغان پۇشايماننىڭ تېرىقچە پايدىسى بولمىدى.

ئەي غاپىل، ساڭىمۇ راستىنلا ئاشۇنداق ئەھۋال دۇچ كەپتۇ. مېڭەڭگە بۇزۇق خىياللار كىرىۋاپتۇ. قاچانكى ساڭىمۇ ئەجەل نەشتىرى سانجىلغاندا، ئاندىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سەسكىنىپ ئويغىنىسەن، ئۇ چاغدا قىلغان پەرياد ـ پىغانلىرىڭ قىلچىلىك ئەسقاتمايدۇ. كېيىن ئەھۋالىنى بىلگىنىڭدە نېمىشقا ئۇ پادىشاھتىن يىراق چۈشكەندىمەن، دەپ، جېنىڭنى پىراق ئازابى چىرمىۋالىدۇ.

## يىگىتنىڭ ئاشىقلىقى

ئەرەستۇنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. دائىم دەرس ھالقىسىدا ئۆگىنىشكە مەشغۇل ئىدى. ئەرەستۇ ھېكىم ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ياقتۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيە قىلىپ، بارلىق مەخپىي ئىلىملەردىن تەلىم بېرەتتى، ئۆگىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يىگىت ئەرەستۇنىڭ تۆت يۈز ھېكىم ۋە ئالىم شاگىرتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بىلىملىك، بارچىسىدىن دانا بولۇپ يېتىشتى. ئىلىم ـ ھېكمەتتە ئەرەستۇدىن قالسىلا ئاشۇ يىگىت تۇراتتى. ئەرەستۇ ھېكىمنىڭ كۆڭلىدە: «بۇ يىگىتنى ئىسكەندەرگە خاس مۇلازىم قىلىمەن» دېگەن خىيالى بار ئىدى. ئۆزى بىر ياقلارغا كەتكەندە بۇ شاگىرتىنى ئۆز ئورنىدا ئورۇنباسار قىلىپ قالدۇرماقچى ئىدى. بۇ يىگىتنى ئۆزىنىڭ مول ھېكمەتلىرى بىلەن ئەپلاتونغا ھەمكار بولۇپ، ئىسكەندەرگە ئۇنۇملۈك خىزمەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دانىشمەن شاگىرت بىر يول بىلەن سىرتتىكى بىر يەرگە باردى. شۇ تۇيۇقسىز ئۇ بىرسىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئاي سۈپەت گۈزەل قىز ئىنتايىن تاش يۈرەك ئىدى. ئۇ ناز ـ كەرەشمە بىلەن يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىپ، بۇ شاگىرتنىڭ دىلىنى ۋە ئىمانىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بۇ يىگىت ئۇ كۈمۈش تەنلىك نازىنىننى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولدى. ئۇنىڭ ئىشقىدا زار بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت ئۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە بەل باغلاپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار بىلەن ئارىغا كىشى قويدى. ھەددى ـ ھېسابسىز خەزىنە ۋە

جاۋاھىراتلارنى خەجلەپ، ئۇ دىلراباني ئۆزىگە رام قىلدى. ئاخىر نىكاھىغىمۇ ئالدى. يىگىت بۇ گۈزەل سەنەمنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ گۈزەل قىزغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر شەيدا ۋە مەھلىيا بولۇپ كەتتىكى، كىتاب سەھىپىلىرىگە قاراپمۇ قويماستىن، ئاشۇ گۈزەلنىڭ چىرايىغا قاراپلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇنىڭ رۇخسارىدىن بىردەممۇ كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ ئۆز ئايالىغا مەستانە بولۇپ كەتكەچكە ئۆگىنىشتىنمۇ توختىدى.

ئەرەستۇ بۇ شاگىرتىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنى پەند - نەسىھەت بىلەن ئوقۇشقا دەۋەت قىلماقچى بولدى. قانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يىگىتكە نەچچە يىلدىن بېرى ئۆگەتكەن ئىلىم - ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسى زايە بولۇشقا باشلىدى. ئۇ تەڭداشسىز ئالىم قانچە - قانچە چارە - تەدبىر ۋە ئوي - پىكىرلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشقا ئۈنۈملۈك بىر چارە قىلالمىدى. ئەرەستۇ ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ چىقتى- بۇنى ئۇ شاگىرتىدىن مەخپىي تۇتتى.

ئەرەستۇ پەيتىنى پايلاپ تۇرۇپ، بىر خەتەرلىك دورىنى ئۇ گۈزەل نازىنىنغا يېگۈزۈۋەتتى. ئۈزۈن ئۆتمەي ئۇ ئاي يۈزلۈك جانان ئاھۇ ئەپغان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ جىسمىغا زەئىپلىك ئۈستىگە زەئىپلىك يۈزلەندى. ئاغرىق ئازابىدىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇ يىگىت قانچىلىغان چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. يىگىت ئايالىنىڭ نالە - پەريادىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ رەنجۇئازابلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، يۇقىرى چەككە يەتتى. يىگىت شۇنىڭدىن كېيىن بىچارە بولۇپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى- خىجالەتچىلىك ۋە قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇستاز ئەرەستۇ بۇ شاگىرتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاگىرتىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— سەن بۈگۈن ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە بېرىۋەرگىن، مەن بۇ گۈزەلنىڭنىڭ ئاغرىقىغا ئامال قىلىپ، ئۇنى ساقايتاي، — دېدى ئەرەستۇ شاگىرتىغا.

شاگىرت ئۇستازىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە كەتتى- ئەرەستۇ بۇ پەرى پەيكەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئىچىنى كېسەلدىن تازىلىغۇچى سۈرگە دورىلىرىنى تەييارلاپ ئىچۈردى. ئۇستاز ئۇز مۇلازىملىرىغا:

— سىلەر بىر قاچىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىشىكتە ھوشيار ئولتۇرۇڭلار. بۇ ئاغرىقنىڭ ئىخراج قىلغانلىرى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى تۆكمەي بىر ئىدىشقا يىغىپ ساقلاڭلار، — دېدى.

ئۇستاز بۇ كۆلبىدىن چىقىشى ھامانلا، بۇ ئىخراج قىلغۇچى ئۆتكۈر دورىلار ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ نازىنىننىڭ ئىچكى ئەزاسىدىكى بارلىق غەلغەشلەرنى سۈرۈپ

ئىخراج قىلىپ، قەي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ئەرەستۇ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇردى. ئىخراج سەۋەبىدىن ئۇ بىمارنىڭ ھېچ ماجالى قالمىدى. بىر تەرەپتىن قەي قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچى سۈرۈپ، جىسمىدا بىر قەترە قان ياكى بەلغەم ياكى سەۋدا ۋە ياكى سەپرا دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇ ئاق بەدەنلىك گۈزەلنىڭ تېنى ياغدۇرسىزلىنىپ، چىرايىدىن رەڭ، كۆزلىرىدىن نۇر كەتتى.

كەچ كىرگەندە شاگىرت قايتىپ كەلدى. ئەرەستۇ ئۇنىڭغا:

— كىرىپ مەھبۇبەڭ بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى.

يىگىت ئۆيگە كىرىپ ئايالىغا قارىدى. ئۆيدە چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ھالسىزلانغان، كۆرۈمسىز بىر ئايال ياتاتتى. يىگىت ئۆز ئايالىنى تونۇيالمىدى.

— مېنىڭ گۈل بەدەنلىك، ئاي يۈزلۈك مەھبۇبەم قېنى؟! — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا پەرياد قىلىپ.

دانىشمەن ھېكىم ئۆز شاگىرتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ، خۇلازىملارغا بۇيرۇدى:

— بىمارنىڭ ئىخراج قىلغان غەلغەشلىرى ئېلىنغان ئىدىشنى ئەكېلىڭلار، بۇ شاگىرت ئۇنى كۆرسۇن. چۈنكى بۇ شاگىرتنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرى ئەنە شۇ غەلغەش ۋە قۇسۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئىدىش كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل، ھەر قىسىما قۇسۇقلار، قان، بەلغەملەر ۋە نىجىس، مەكرۇھ ماددىلار تولۇپ تېشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرى ئۆينى بىر ئالدى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭۈللىرى ئېلىشىپ، ئەتلىرى لىكەنلىشىپ كېتەتتى. شاگىرت بۇلارغا قاراپلا سەسكىنىپ كەتتى.

— ئەنە، ئالغىن، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا ئىدىشنى كۆرسىتىپ، — سېنىڭ سەرۋى بويلۇق، گۈل يۈزلۈك ئامرىقىڭ ئەنە ئاشۇ. سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەنە ئاشۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ كەلدىڭ.

يىگىت ئۇستازى ئالدىدا ئۇيالغىنىدىن يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىدى. ئەرەستۇ بۇ شاگىرتنىڭ خىجىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئايالىڭغا چارە قوللاندىم. بۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالىدىم، — دېدى.

سېنىڭ ياخشى كۆرگەن مەشۇقۇڭمۇ بۇ ھېكايىدىكى بىلەن ئوخشاش. ئەي ناپاك مەخلۇق، سېنىڭ بۇنداق ئاشىقلىقىڭ ھەقىقىي ئىشق ئىگىلىرى ئالدىدا ئۇياتتۇر.

## سەۋدايى ئاشىق

كۆڭلى پاراكەندە بولغان بىر سەۋدايى بار ئىدى. ئۇ بىر ئاي يۈزلۈكنىڭ سەۋداسى بىلەن زار ۋە ناتىۋان بولغانىدى. ئۇ سەۋدايىنى شەيدا قىلغان ئاي يۈزلۈك گۈزەل ھۆسن —

جامالدا ئالەمگە غوۋغا سالغانىدى. شۇ تۈپەيلىدىن مەملىكەت - مەملىكەت، شەھەر - شەھەرلەردە سۆرەن - چۇقانلار پەيدا بولغانىدى. ئۇ گۈزەللىكى بىلەن جاھانغا ئاپەرىدە سالسا، ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن جانلارنى بالاغا قوياتتى. ئۇنىڭ چېھرى ئالدىدا ھۆر - پەرىلەرمۇ مەغلۇپ ئىدى، ھۆسن - جامالى ئالدىدا ئاي بىلەن كۈنمۇ پىنھانغا يوشۇرۇنۇپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەيتتى. گەرچە ئۇنىڭ ھۆسنىدىن لۇتپى - ئېھسانى كۆرۈلۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككى ئىش بىلەن مەشھۇر ئىدى، بىرى ئۇ ناھايىتى زېرەك ئىدى. ئەقىل ۋە سەزگۈرلۈك جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنىدى؛ يەنە بىرى، جاپا ۋە زۇلۇم سېلىشتا شىددەتلىك ئىدى.

مەجنۇن كەبى پاراكەندە بولغان بۇ ئاشىق بىر كۈنى مەشۇقىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ يۈزىنى گۈلگە، بويلىرىنى سەرۋىگە، كۆرۈنۈشىنى تورغا، يۈرۈشلىرىنى كەكلىككە ئوخشىتىپ قىياس قىلدى. ئۇ دىۋانە ئۆزىگە خۇش ياققان ئاشۇ سۆزلەرنى ھە دەپ تەكرارلاۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ مەشۇقى يېتىپ كەلدى - دە، پىنھان جايدا تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. ئاندىن يوشۇرۇنغان يەردىن چىقىپ، ئۇ بىچارىنىڭ يېنىغا كەلدى.

– سەن ئېيتقان بۇ مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسى تەنە ۋە كىنايىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، – دېدى ئۇ گۈزەل، – بۇ سۆزلىرىڭ ماڭا قاتتىق ھاقارەت، چەكسىز ئارنومۇس! سەن مېنىڭ قامىتىمنى سەرۋى دېدىڭ، لېكىن سەرۋى ماڭا ئوخشاش ماڭالامدۇ؟! يۈزۈمنى گۈلگە ئوخشاتتىڭ، لېكىن گۈلنىڭ يۈزلىرىدە مېنىڭكىدەك يۈزلەرچە بالا - قازا پەيدا قىلالايدىغان كۆز ۋە قاش بارمۇ؟! شەكىل - سىياقىمنى تورغا ئوخشاش دەپ گۇمان قىلدىڭ، توز قاچان ئەلنىڭ ئەقىل - ھوشىنى ئېلىۋالالمىغان؟! يۈرۈشلىرىمنى كەكلىككە ئوخشىتىپ، لەقەم قويدۇڭ، بىراق كەكلىك كىشىلەرنى ئۇۋلىيالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا ئەسىر بولىدىغۇ؟!

ئاي يۈزلۈك گۈزەل غەزەپ بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۇ بىچارىگە خىتاب قىلدى. ئاشىق ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كېلىپ، مۇنداق دېدى:

– مەن يېڭىلىشىپتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىڭدا ئىنتايىن خىجىلمەن. لېكىن مەن ئۆزۈمچە سېنىڭ تەرىپىڭنى قىلغانىدىم. مەن سېنىڭ گۇناھكار قۇلۇڭمەن!

– سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى ھازىرلا بۇ جاھاندىن يوق قىلىپ تاشلايمەن! – دېدى ئۇ ئاي سىياقلىق گۈزەل غەزەپ بىلەن.

ئۇ سەۋدايى شۇ ھامان ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، يالۋۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى:

– ئەي ھۆسنۈڭ بىلەن ھۆر - پەرىلەرنى شەرمەندە قىلغان گۈزىلىم، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت، سەمىمىي ساداقەت ۋە ئىخلاسمەنلىك تۈپەيلىدىن ئېيتىلغان سۆزلەر ئىدى. ئۇ تەرىپلىرىمدە شىكايەتتىن، تەنە ۋە كىنايە دېگەنلەردىن

ئۇسەرمۇ يوق ئىدى. لېكىن سېنى ماختاش ۋە سۆپەتلىرىڭنى بايان قىلىشتا دىتسىزلىق قىلىپ، كەمچىلىك سادىر قىلدىم. بۇ ئىشتا مېنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا رەھمىڭ كەلسۇن. چۈنكى مېنىڭ تەلىپىمنى شەرمەندىلىك ھالاك قىلماقتا. مېنى ئۆلتۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ، ھەرەج تارتىپ يۈرمىگىن!

سەۋدايى ئاشىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى بويىنىغا ئالغاچقا، ئۇ نازىنىن رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، ئۇنىڭ قېنىدىن كەچتى.

## قەقنۇس ھەققىدە ھېكايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەقنۇس دەپ ئاجايىپ بىر قۇش بار ئىكەن. ئۇ ھىندىستان ئېلىدە ماكانلاشقان بولۇپ، شۇ يەردە سەيلە قىلىدىكەن. ئۇ قۇش ناھايىتى كېلىشكەن، كۆچلۈك ۋە ساغلام ئىكەن. ئۇنىڭ ھەربىر پەيلىرىدە ئۆزگىچە نەقىش ۋە رەڭلەر تاۋلىنىپ تۇرىدىكەن. قەقنۇسنىڭ شەكىل ـ سىياقى شۇ قەدەر ئاجايىپ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرىمۇ غارايىپ ئىكەن. ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا ناھايىتى كۆپ تۆشۈكچىلەر بولىدىكەن. ئەگەر ئۇ جانلارنى سۆيۈندۈرگۈچى يېقىملىق ناۋالارنى تۈزسە، تۇمشۇقىدىكى ھەربىر تۆشۈكىدىن يۈز خىل ئاجايىپ ئاھاڭلار تارقىلىدىكەن. ئۇنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشى ھوشىدىن ئايرىلىدىكەن.

قەقنۇس جۈپسىز ھالدا تەنھا ياشايدىكەن. ھېچقانداق قۇش ئۇنىڭغا جۈپ بولۇشقا لايىق كېلەلمەيدىكەن. قەقنۇس ئۆزى ياشاۋاتقان ئورماندا بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇپ سايراشقا باشلىغىنىدا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر پەيلاسوپ كىشى ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالپتۇ. ئۇ كىشى بۇ سادالار ئىچىدىكى تۈرلۈك ئاھاڭلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئايرىپ چىقىپ، مۇزىكا پېنىنى كەشىپ قىلغانىكەن.

قەقنۇس ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورماندا ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە ئوتۇن يىغىش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. خاھى قۇرۇق، خاھى ھۆل بولسۇن، ئوتۇنلا بولسا قويماي يىغىدىكەن. ئۇنىڭ يىغقان ئوتۇن دۆۋىسىدىن غايەت زور بىر خامان ھاسىل بولىدىكەن. قەقنۇس بولسا ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمرى ئىچىدە يىغقان ئاشۇ ئوتۇن خامىنىغا ئورۇنلىشىپ، ئوتۇن دۆۋىسىگە چىقىپ، يېقىملىق سايراشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بارلىق جانلىقلار، ئۇ مەيلى ئۇچار قاناتلار بولسۇن ياكى ۋەھشىي ھايۋانلار بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ كۈي سادالىرى تۈپەيلىدىن زەئىپ ۋە مەجرۇھ بولىدىكەن، ھەتتا كۆپ قىسمى دەردمەنلەرچە ھالاك بولىدىكەن. قەقنۇس ئۆزىنىڭ كۈي ـ نەغمىلىرى ئاخىرلاشقاندا، شۇنداق ئوتلۇق بىر ناۋا چېكىدىكەنكى، ئۇنىڭ ئوتلۇق ساداسىدىن ئوتۇن خامىنىغا ئوت چۈشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قەقنۇسنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى، يەنى بۇ كاتتا ئوتۇن خامىنىدىن ئوت يالقۇنلىرى پەلەككە باش سوزۇشقا باشلايدىكەن. گويا چاقماق چۈشكەندە بارلىق خەس ـ خەشەكلەرنى كۆيدۈرۈپ

تاشلىغاندەك، ئۇنىڭ ناۋاسىدىن چۈشكەن ئوت ئوتۇن دۆۋىسىنى ئۆرتەشكە باشلايدىكەن؛ قەقنۇسمۇ ئوتۇن بىلەن تەڭ كۆيۈشكە باشلايدىكەن. ئۇنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرى خۇددى ياپراقتەك كۆيۈپ يانىدىكەن. ئاخىر ئۇ ئۆزىمۇ، يىغقان شۇ قەدەر كۆپ ئوتۇنلىرىمۇ پۈتۈنلەي كۆيۈپ، كۈلگە ئايلىنىدىكەن. كۈل خۇددى بىر زور تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىكەن. ئۇ كۈلنىڭ ئارىسىدىن بىر قەقنۇس چۈجىسى نامايان بولۇپ، ئۇ مىلىگىنىپ كۈل ئارىسىدىن چىقىدىكەن، ئاندىن زىبۇزىننەتلىك پەيلىرىنى چىقىرىپ، قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى رۇسلاپ، كۆككە پەرۋاز قىلىدىكەن ـ دە، يەنە ئاشۇ ئورمانلىق ئىچىدىن ئوتۇن يىغىشقا باشلايدىكەن. ئۇمۇ ئۆمۈر بويى ئوتۇن يىغىپ، ئاخىرىدا مۇڭلۇق ئاھاڭلاردا سايراشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭمۇ ئۆمرى پايانىغا يەتكەندە، ئاتىسى قىلغاننى ئوغلىمۇ تەكرارلايدىكەن.

دېمەك، بۇزرۇكۋار شەيخ (پەرىدىدىن ئەتتار) ئاشۇ ئاۋۋالقى قۇشقا ئوخشايدۇ. ئۇمۇ ئۆمرىنى سايراش بىلەن ئۆتكۈزدى؛ شۇ قەدەر ئاجايىپ يېقىملىق ناۋا بىلەن سايرىدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىغا بارلىق ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە قۇشلارمۇ مەپتۇن بولدى. بارچە ئۇنىڭ ئاپەتلىك ناۋاسى تۈپەيلىدىن ھالاك بولدى. ئاخىر خامانمۇ، خامان ئىگىسىمۇ خۇددى ئاشۇ قەقنۇسقا ئوخشاش كۆيۈپ كۈل بولدى. ئەمما ئاشۇ كۈل ئىچىدىن يەنە بىر قۇش بالىسى چوغدەك يالتىراپ، بەلكى چوغ ئىچىدىن سەمەندەردەك چىقىپ كەلدى. ئۇمۇ بۇ دەۋران گۈلشىنىدە ھەرخىل قۇشلارنى، ھەتتا ۋەھشىي ھايۋانلارنىمۇ ئۆز ئەتراپىغا يىغدى. تۈمشۇقىدىن يۈز خىل سادالارنى چىقىرىپ، ئوتلۇق ناۋالارنى چەكتى. بۇ ناۋالار بىلەن ھەم ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا، ھەم خامىنىغا ئوت ياقتى. ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ كۆيدۈردى.

مەن ئۇ (شەيخ پەرىدىدىن ئەتتار) ئاتا، مەن ئوغۇل دەپ ئېيتالمايمەن. ئۇ ئالىي سۈپەتلىك پادشاھ بولسا، مەن ئۇنىڭ ئاددىي چاكىرى، قۇلىمەن. چۈنكى ئۇ پادشاھ بۇ ئوتتا كۆيۈپ، پۈتكۈل ئالەمگە ئوت سالغاندىن كېيىن، ھېچ كىشى بۇ ئوتتا مېنىڭچىلىك كۆيۈپ، ئۆرتەنمىدى. ئۇنىڭ ياققان ئوتلىرى يالقۇنجاپ بولغاندىن كېيىن، مەنمۇ قۇش تىلى ۋاسىتىسى بىلەن يالقۇنلارنى پەيدا قىلدىم. بۇ شولىلار بىلەن ھەم ئۆزۈمنى، ھەم ئەلنى كۆيدۈردۈم. چۈنكى بۇ دۇنيا ئاتامدىن نېمىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنى ماڭىمۇ ئۆگەتتى. ھەم ئۆزۈمنى ھەم ئالەم ئەھلىنى ئۆرتىدىم. مەن قۇش تىلىدىن تاشقىرى سۆزلىمىدىم. بۇ سۆزلىرىمنىڭ پانىيلىق يالقۇنلىرىدا كۆيگەنلەرگە باقىيلىق (ئەبەدىيلىك) ئاتا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## بىر پادىشاھنىڭ ھېكايىتى

بىر جاھانگىر پادىشاھ بار ئىدى. سەلتەنەت ئىگىلىرى ۋە تاجدارلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئاددىي مۇلازىملاردىن ئىدى. ئۇنىڭ مەملىكىتى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ

چېتىنگچىلىك يەتكەن بولۇپ، بارچە ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇناتتى.

ئۇنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ساقلىنغان يېگانە گۆھەردەك بىر مەستۇرە قىزى بار ئىدى. بۇ گۈزەلنىڭ ھۆسنى ئالدىدا ھۆر - پەرىلەرمۇ شەرمەندە بولۇپ قالاتتى. ئۇ گۈزەل بوستاندا ئۆسكەن بىر نازۇك كۆچەت، ياق، كۆچەت ئەمەس، بەلكى پەلەككە باش سوزغان سەرۋى ئىدى. ئۇ، جان ھۇجرىسىدىكى دىللارنى سۆيۈندۈرگۈچى نۇرلۇق شام، ياق، ياق، شام ئەمەس، بەلكى پارلاق قۇياش مەشئىلىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ناز بۇلاقلىرىدىن ئىبارەت بولغان كۆزلىرى جانلارغا ئاپەت سالاتتى. دەۋران بۇنداق بالا - قازالىق كۆزنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ۋە خالىنىڭ پىتنىلىرى ئىپار ھىدلىرىنى تارقىتاتتى. بۇنداق پىتنىگە دۇچ كەلگەن كىشى ھېچقاچان ئامان قالماس ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە جايلاشقان ياقۇت لەۋلىرى بىلەن يېقىملىق نەپەسلىرى خۇددى قۇياش بىلەن ئەيسا روھۇللادەك ئىدى.

ئۇنىڭ ۋىسالىدىن قانچىلىغان دۆلەتمەن كىشىلەر، بەلكى ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھلار ئۈمىد كۈتەتتى. بىراق، بۇ ئارزۇ ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمىدى. ئۇنىڭ ۋىسالىدىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلى شادلانمىدى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئۆزىمۇ ئەلگە يېقىنلىشىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، بۇ خىل ئارزۇ ئىككىلا تەرەپتىن ئۈزۈلگەنىدى. يەنى، بىر تەرەپتىن بۇ دەۋران ئىچىدە يېگانە بولغان ئاشۇنداق گۈزەل قىزغا كىممۇ جۈپ بولالىسۇن؟ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قىز ئاشۇنداق خىسلەتكە ئىگە بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا قانداقمۇ خېرىدار بولالىسۇن؟

تاسادىپىي ھالدا، ئۇ گۈزەل قىز كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر گۈزەل يىگىت ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى ۋە سەۋر - تاقىتىنى تارتىۋالدى. ئۇ يىگىتنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى روھتىنلا مۇجەسسەم بولغاندەك سۈزۈك ۋە پاكىز ئىدى. گۈزەللىك ئاسمىنىدا ئۇ گوياكى شەرق قۇياشىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى سەھىپىسىگە ئىپار تۇسلۇك خەت (بۇرۇت) پۈتۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى خال بولسا، ئاشۇ خەتنىڭ ئۈستىدىكى چېكىتكە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ شوخلۇقى ۋە رەنالىقى سەرۋى نوتىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. نازۇكلۇق ۋە زىبالىقى بولسا، گۈلنى ئەسلىتەتتى. بۇ قىز شەرق قۇياشىدەك بولسا، ئۇ يىگىت نۇرلۇق تولۇن ئايدەك ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەممۇ دەم ۋىسال جامىدىن مەي ئىچىشەر، بىر بىرىنىڭ ۋىسالىدىن بەھرىمەن بولۇشار ئىدى.

گۈل يۈزلۈك قىز ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىدام ۋە تاقىتى يوقالغانىدى. ئۇنىڭ شەيدالىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، بۇ ئەھۋالدا رەسۋا بولۇشى ئايان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر دائىم ئاشۇ چۈشنى قايتا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن كۆزىدىكى بۇ ئۇيقۇنى كۆز ياشلىرى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاسايىشلىق قالمىغان، تىنچلىقى بۇزۇلغانىدى. كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ تىنچ - ئاراملىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا ھىجران دەردى ئېغىر كېلىپ، پاراكەندە ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئالىي قەسىرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىگە تەسكىن بېرىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلەرگە باقار، سەۋر ـ تاقەتلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇش يولىنى ئىزلاپ قىلىپ، ئوتلۇق ئاھ ئۇرار ئىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا پادىشاھنىڭ بەزمە تۈزگەن جايىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ يەردە چۈشىدە كۆرگەن كىشىنى كۆرۈپ، ئاھ ئۇرغان ھالدا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ دەۋران روزىغارىغا پىتنە سالغۇچى نەۋجۇۋان يىگىت پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىدى.

دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا يىگىتنىڭمۇ قىز تەرەپكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلى ئىشق ئوقىغا نىشان بولدى. ئۇنىڭ ئاجىز جىنىغا ھاياجان چۈشتى. بۇ ھاياجان ئۇنىڭ مەجرۇھ تېنىگىمۇ تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتى ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، جېنىغا قەست قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا نە خۇشاللىق قالدى، نە سەۋر ـ تاقەت، ھەتتا ئۆزىمۇ سەۋر ـ تاقەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاكى ئاخشامغىچە شۇ ھالەتتە داۋام قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تۈن قاراڭغۇلۇقى زېمىنىغا ئۆز پەردىسىنى يايغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يۈز مىڭلىغان نالە ـ پەريادلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئاھۇ ئەپغان چېكىش بىلەن ئۆتتى. ئاھ بىلەن تۆككەن كۆز ياشلىرى خۇددى كەلكۈنگە ئوخشايتتى. تاڭ قۇشلىرى سەھەر سىرلىرىنى ئاشكارا قىلىش بىلەنلا، ئۇ يىگىت يەنە ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۆز كۆكسىگە تاش ئۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئىشق ئىككى تەرەپكە ئەنە شۇنداق سەۋدالارنى سالغان بولۇپ، گوياكى ئىككى مەملىكەتتە بىر خىل غوۋغا پەيدا بولغاندەك ئىدى. گەرچە يىگىت قىزنىڭ ئىشقىدا زار ـ زار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز ئىشق ئىچىدە زارۇ زەبۇن بولۇپ، شۇ قەدەر بىتاقەت بولدىكى، ئىختىيارى قولىدىن كېتىپ، ئىشق رەسۋاچىلىقى مۇئەييەنلىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە بىچارە بولغانلىقىنى سېزىپ، ئامال ئىزدەش ئىشىنى زۆرۈر تاپتى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ ئىش مەخپىي تۇتۇش قەرەلىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تاكى ئۇنى كىشىگە بىلدۈرمىگۈچە ئامال يوق» دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭ ئىككى يېقىن مەھرىمى بولۇپ، شادلىق ۋە غەملىك پەيتلەردە ئۇنىڭغا ھەمدەم ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئىشنىڭ چارىسىنى تېپىشقا ئۇستا ئىدى. شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسى ئاجايىپ ھۈنەرلەرنى كۆرسەتكۈچى ماھىر سېھرىگەر ۋە قىزىق ئويۇنلارنى ئوينىغۇچى سەنئەتكار قىزلار ئىدى. ئۇلار مىكىر ـ ئەپسۇنلارنى پۇختا ئىگىلەپ ۋايىغا يەتكۈزۈشكەنىدى. ھەتتاكى، پاشا بىلەن پىلنى بىر ـ بىرىگە جۈپ قىلالايدىغان دەرىجىدە ماھىر ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن قىلاتتىكى، بۇ ئىشتا پاشا ئۆزىنى كىچىك دەپ ھېس قىلماس، پىلمۇ ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتمەس ئىدى. ئۇلار

ھەربىرى ئەنە شۇ خىل ھىيلە ـ ئەپسۇن ۋە نەيرەڭلەر ئىگىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، كېلىكى يەنە ئىشق بىلەن سەۋر ـ تاقەتنى بىر يەرگە جەم قىلالايدىغان دەرىجىدە قابىل ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىرى مۇزىكا بابىدا يېگانە، ئىككىنچىسى بولسا، ناخشا ئېيتىشتا يېتەڭداشسىز ئىدى. ئۇلار ساز ۋە كۈينى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنداشقا باشلىغاندا، چالغان كۈي ـ ئاھاڭلىرى زۆھرە يۇلتۇزى ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ بىرى سازىنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى بىلەن تىرىكلەردىن جان ئالسا، بۇ بىرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئۆلۈكلەرگە جان سالاتتى. ئۇلاردىن بىرى ساز چېلىپ، يەنە بىرى ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان ھامان، ھوشيارلار ئەقىل ـ ھوشلىرىنى يوقىتىپ قوياتتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلگە ئىشق شىددىتى كۈچەيگەچكە، ئاشۇ ئىككى كېنىزەكنى چاقىرىپ، خىلۋەت ھۇجرىغا كىردى. ئۇلارغا ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلىغان ھالدا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئىشقىنىڭ ئۆزىنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ ئۇنى غەم ـ ئەلەمگە سالغانلىقىنى، ئوڭىدا كۆرگىنىدە بولسا، دىۋانە قىلغانلىقىنى، ئۇ يىگىتنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن بىتاقەت بولۇپ، مەستانە ۋە ھوشسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردى، ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى:

ـ سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستلىرىم، شۇڭا مېنىڭ بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بېرىڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، بۇ سىرلىرىمنىڭ ...كىنى خەلق ئارىسىدا گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ. بۇ ئىشق ئوتى تېنىمنى كۆلگە ئايلاندۇردى. بۇ كۆيۈپ ئۆرتىنىشتىنىڭغۇ ھېچ غەم يېمەيمەن، ھەتتا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھەسرەت چەكمەيمەن. بىراق، مەن شۇ كەمگە قەدەر تەقۋادارلىق جەھەتتە لاپ ئۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئەمدى بۇ سىرلىرىم ئەلدە ئاشكارا بولسا، نومۇستىن ئۆلىمەن. ئاتامنىڭمۇ بۇ ئىشتىن ئۇياتقا قېلىشىدىن كۆپ غەم قىلىمەن. بۇ غەم ـ غۇسسىلىرىمنى ھەتتا بايان قىلىشقىمۇ ئاجىزمەن. چۈنكى ئۇ پەلەكنىڭ شاھىدەك كاتتا كىشى ئالدىدا بۇ ئىشىم ...كمۇ ھار كېلىشى تۇرغان گەپ. ھالبۇكى، ئاتام ئۈچۈن مەندەكلەردىن يۈزى ئۆلسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. بۇ خۇددى دەريادا بىر خەسنىڭ چۆكۈپ كەتكىنىچىلىك ئىش. شۇنداق ئۇلۇغ بىر پادىشاھنىڭ مېنىڭ تۈپەيلىمدىن نومۇسقا قېلىپ شەرمەندە بولۇشىغا چىدىيالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غېمىم بارغانسېرى زورايماقتا. مەن سىلەرگە ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم. ئەمدى مېنى ئۆلتۈرەمسىلەر ياكى بۇ ئىشىمنىڭ ئىلاجىنى قىلامسىلەر، ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە. مەن ئىلگىرى توسۇن بولغان بولسام، ئەمدى ئىشق يولىغا چۈشۈپ خار بولدۇم. ئىلگىرى كۈچلۈك بولغان بولسام، ھازىر ئاجىز بولۇپ قالدىم. مېنىڭ بۇ غەملىك ھالىمغا رەھىمىڭلار كەلسۇن. نالە ـ پەريادلىرىمغا ئىچىڭلار

ئاغرىسۇن.

ئۇ ئىككىسى بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىشتى:

— سېنىڭ ئالدىڭدا جانلىرىمىز پىدا بولسۇن. بىز شۇنداق بىر چارە تاپايلىكى، ئۇ نازىنىن يىگىت سېنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇلپىتىڭگە ئايلانسۇن. بىز قىلغان بۇ ئىشنى ھېچ ئادەم بىلەلمەيدۇ. ھەتتاكى شۇ مەھبۇبەڭمۇ سېزەلمەيدۇ. ئەمما سەن بىر نەچچە كۈن سەۋر ـ تاقەت قىلغىن. دائىم بۇنداق ئاھ ـ ۋاھ چېكىۋەرمە. بىر مۇددەت ئۇنى چاقىرما، چۈنكى، سېنىڭ بۇ مەقسىتىڭنى يوشۇرۇن ھالدا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىزمۇ شۇ تەرزدە ئىش تۇتماقچىمىز.

ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز ۋىسالدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا ۋەدە بەردى. ئىككى نەپەر دانىشمەن كېنىزەك بۇ ھەقتە دىققەت بىلەن چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر ئامالالارنى قىلىپ ئۇ يىگىت بىلەن بىرىش ـ كېلىشنى يولغا قويدى. ئۇلار يىگىت بىلەن سىرداشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاشۇنداق ھېسسىيات بارلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلەتتىكى، بۇ بىچارە غېرىب يىگىت ئاخىر ئۇلارنىڭ تورىغا چۈشتى. ئۇلار يىگىتكە:

— ساڭا بىز چارە تېپىپ بېرىمىز. سەن بىزگە ئۆز ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن بولساڭمۇ، سېنىڭ نېمىدىن ناتىۋان بولغانلىقىڭنى بىلىۋالدۇق. ئەگەر ئۇنىڭ ئىشقى كۆڭلۈڭ مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىۋالغان بولسا، ھىجرانلىرىڭغا بىزدىن ۋىسال ئۈمىدى يېتىدۇ، — دېيىشتى.

يىگىت بۇ ئەھۋالدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇ ئىككىسىگە جان ـ دىلى بىلەن موھتاجلىق ئىزھار قىلدى. نېمە دېسە، پەرمانىغا جان ـ جېنى بىلەن ئىتائەت قىلدى. بۇ ئىككى بىلەرمەن ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىق بازىرىنى ئەنە شۇنداق قىزىتىپ، بۇ ئاجايىپ قۇشنى ئاشۇنداق ئوۋلىدى. ئۇلار:

— بىزنىڭ مەنزىلىمىزگە يۈر، — دەپ يىگىتنى ئۆز ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ناتىۋان يىگىت ئۇلارنىڭ ئۆيىگە شادىمان بولۇپ باردى. ئۇ يەردە كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلغۇدەك دەرىجىدە بىر شاھانە بەزمە تۈزدى. ئىشق ئىچىدە تۇتقۇن بولغان بۇ يىگىت مەي ئىچىشكە باشلىدى. مەي ـ شاراب تەسىرى بىلەن مەستخۇش بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى كېنىزەك ھېكايە ئېيتىشقا باشلىدى. ئىشق ۋە ئاشىقلىقنىڭ ئوتلىرىدىن ۋىسال بىلەن ھىجراننىڭ پايدا ـ زىيانلىرىدىن سۆزلەپ، ناھايىتى كۆپ يېقىملىق سىرلارنى بايان قىلدى. ئۇ مۇرادىغا يېتەلمىگەن يىگىت بۇ ھېكايىلەر بىلەن مۇراد شارابىنى ئىچكەندەك بولدى. مەينىڭ كەيپى، ئۇ ھېكمەتلىك ھېكايىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن، يىگىت شۇ قەدەر ناتىۋان بولدىكى، ئۇنىڭغا خامۇشلۇق يۈزلىنىپ، ھەۋەس نەپەستە ئۆزىنى يوقىتىپ، يەنە ھوشىغا كېلەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ ئىككى ئەپسۇنگەر نەغمە ـ ناۋانى باشلىدى. بىرى ئۇدنى قولىغا ئېلىپ

كېشىنى بىھوش قىلغۇچى مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا چالسا، يەنە بىرى كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرگۈچى ئوتلۇق كۈيلەرنى ئېيتاتتى. ناتىۋان يىگىت جانغا ئوت سالغۇچى بۇ كۈي ـ نەغمىلەرنى ئاڭلاپ ھوشىنى يوقاتتى. گويا ئۇ ھوشىدىن كەتكۈزگۈچە مەي ئىچكەندەك. كېچە ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى. ھوشىدىن كەتكەن يىگىت كېنىزەكلەرنىڭ قارشىسىدا ياتاتتى. ئىككى كېنىزەك قىز ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشكەندەك ئىدى. ئۇلار سۇسلۇق قىلماستىن، دەرھال بىر ئاجايىپ بۆشۈكنى ئېلىپ كەلدى. يىگىتنى چاققانلىق بىلەن بۆشۈككە سېلىپ، ئۇنى تېزدىن بۇ يەردىن ئېلىپ كەتتى ـ دە، ئاي يۈزلۈك قىزنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى. بۇ جايدا شادلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتكە كېتەرلىك بارلىق ئەسۋابلار تەييار ئىدى. شېرىن لەۋلىك گۈزەل قىز ئۇلارنى خىلۋەتتە كۈتۈپ تۇرغانىدى. بۇ تەجرىبىلىك ئىككى كېنىزەك بۆشۈككە بۆلەنگەن بىر ئاق بەدەنلىك سەرۋىنى قىزنىڭ قەسرىگە يەتكۈزدى. ئۇنى ئاي يۈزلۈك قىز ئولتۇرغان تەخت تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ، ئاينى قۇياشقا تاپشۇرۇشتى.

ئاي يۈزلۈك قىز ۋىسالدىن ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ يۈزىگە گۈل سۈيى سېپىشنى بۇيرىدى. ئەتىر ھىدلىرى ئۇ ھوشسىزنىڭ دىمىغىغا يېتىش بىلەنلا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنىڭ جەننەت كەبى بىر جايدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ھۆر ـ پەرىلەرگە ئوخشاش بىر گۈزەل قىز، يەنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى زار ـ زار قىلغان ئاشۇ ئاي يۈزلۈك جانان تۇراتتى. يىگىت شۇ ھامان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يەنە ئاجايىپ بىر ھالەت بىلەن قايتا يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. تۆت ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئاندىن كاتتا بىر شاھانە تەختنىڭ يېنىدا بەختىيار ھالدا كۈلۈپ تۇرغان دىلبىرىنى كۆردى.

ــ ئەي تەڭرىم! ــ دېدى يىگىت ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، ــ بۇ قانداق ئەھۋال؟ بۇ ئەھۋال مېنىڭ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ ياكى خىيالىممۇ؟!

ئاي يۈزلۈك قىز ئۇنىڭغا شېرىن سۆزلەر بىلەن تەسكىن بەردى. ۋىسال قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ــ ئەي ھوشىدىن ئادىشىپ قالغان، بۇ چۈش ئەمەس. خىيالمۇ ئەمەس، بەلكى ۋىسالدۇر. سەن تەڭرىگە شۈكۈر قىلىپ، ئەمدى ۋىسال شارابىنى ئىچكىن!

پەرى شۇ سۆزلەرنى ئېيتقاچ قولىغا بىر جامنى ئالدى ـ دە، ئۇنى تولدۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى گۈل رەڭلىك مەينى يىگىتكە ئۇزاتتى.

گوياكى ئۇزرادەك گۈزەل چېھرىلىك بۇ ساقىي ھوشىنى يوقاتقان يىگىتكە ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە نۆۋەت قەدەھ تۇتۇپ شاراب ئىچكۈزدى. ئۇ گوياكى مەي جامىدا شەرمىي ھايا ئوتلىرىغا سۇ سەپتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە پەردىسىز سۆزلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى. غەملىك ئاشىق بىلەن مۇڭلۇق مەشۇق پاراغەت ئۆيىدە ئەنە شۇنداق بىللە بولدى. ئۇلار شۇ قەدەر بىرلىككە ئېرىشكەندەكى، ئارىدىن ئىككىلىك دېگەن

www.uyghurkitap.com

نەرسە كۆتۈرۈلگەندى. بۇ ئىككى ھەمنەپەس ھەۋەس ئىمكان بېرىدىغانلىقى كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، بىر - بىرىدىن بەھرىمەن بولۇشتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەدەپسىز ئىشلارنى قىلىشتىكى، بۇلارنى شەرھلەپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەپتىن چىققانلىق بولار. نەزمە:

ھەم يىگىت مۇشتاقۇ ھەم موھتاج قىز،
يۈزگە يۈز قويۇپ ئاغىز ئۈزرە ئاغىز.

يىگىتمۇ موھتاج ئىدى، قىزمۇ موھتاج ئىدى. ئۇلار يۈزلىرىگە يۈز، ئېغىزلىرىغا ئېغىز قويۇشقانىدى. قالغان ئىشلارنى شۇنىڭغا قىياس قىلىپ، ئاخىر قانداق ئىش بىلەن تۈگىگەنلىكىنى شۇنىڭدىنلا بىلىۋالساڭ بولار.

ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئەنە شۇنداق ئىشرەت ۋە پاراغەت كەيپىنى سۈردى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەدەپسىز ئىشلارغا يول قويۇشتى. سۇبھى تۈنىنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلدى. يەر ئۈستىدىكى ئىپاردەك قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە ئاپئاق كاپۇر سېپىشكە باشلىدى. تاڭ سۈزۈلمەكتە، مەي ئۇلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئىككىيلەنىڭ ھوشىنى قويمىغانىدى. بۇنىڭدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن ئىككى كېنىزەك پەردە ئارقىسىدىن چىقىپ ساز چېلىپ، كۈي كۈيلەشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ، يىگىتنى يەنە بىھوش ھالەتكە كەلتۈرۈشتى. خەستىلىك ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، ھالسىزلانغىنىدىن يەرگە يىقىلدى - دە، سېزىمىنى يوقاتتى.

تەدبىرلىك كېنىزەكلەر بۇ ئىشنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاشىق يىگىتنى يەنە بۆشۈككە سېلىپ، ئاياغلىرىنى مەھكەم باغلىدى. ئۇنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىلگىرىكى كولبىگە ئاپىرىپ قويدى. غەم تىكەنلىرىدىن ئازار چەككەن بۇ بىچارە ئاشىقنى يەنە ئۆزىنىڭ غەملىك كولبىسىگە يەتكۈزۈپ قويدى.

يىگىت مەستلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭ دىمىغىغا تاڭ شاماللىرى كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار، يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئۇنىڭ خىيالىدا بىرمۇبىر گەۋدىلەندى. مەھبۇبىنى ئەسلەپ، ئىچ - ئىچىدىن مۇڭلۇق ئاھ ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بەدەنلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ، ساق يېرىنى قالدۇرمىدى. ئۆزى ئۆزى بىلەن كۆپ جېدەل - ماجىرالارنى قىلدى. بۇ يورۇق ئالەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ بولدى. كۆزلىرىدىن يۇلتۇزلار كەبى ياشلىرىنى توختىماستىن تۆكتى. ئاھ ئۇردى، ھەسرەت چەكتى. يىغان تارتىپ ئەتراپقا غوۋغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ۋىسال بەزمىنى ئەسلەپ، سەۋدايىلاردەك نالە قىلاتتى.

- ئەي تەڭرىم! - دەيتتى ئۇ پەرياد چېكىپ، - نېمە تەدبىر قىلاي، ھالىمنى كىمگە بايان قىلاي! ئەگەر بۇ سىراۋغا ئېيتماي خامۇش تۇراي دېسەم، تاقىتىم يەتمەيدۇ! ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ماغدۇرۇم يەتمەيدۇ. ئەھۋالىمنى يوشۇرۇشنىمۇ، ئاشكارىلاشنىمۇ،

سۆزلەشنىمۇ، شۇك تۇرۇشنىمۇ بىلمەيمەن. بۇ دەردلىرىمنى ئېيتقان بىلەن تۈگىتىپ پۈلغىلى بولسۇنمۇ؟! مەندە ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنى سۆزلەشكىمۇ ئىمكان بارمۇ؟! ئەگەر ئۇنى مەخپىي تۇتۇشنى نىيەت قىلسام، شۇ ھامان جاندىن كېچىشىمگە توغرا كېلىدۇ.

يىگىت شۇ تەرزدە چۇقان كۆتۈرەتتى. ئۇنىڭ تېنىدە روھ، بېشىدا ھوشتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەيرەتكە چۆكۈشلىرى ھەر نەپەستە جېنىغا تەسىر قىلاتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ھالىتىگە ھەيران ئىدى. ھەر كىشى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى سورىسا، ئۇ جاۋاب بەرمەستىن، پەقەت مۇنۇ سۆزلەرنىلا قىلاتتى: «مەندىن بۇلارنى ھورىماڭ. مۇشۇ كۆيۈۋاتقىنىممۇ يېتەرلىك. مېنى يەنە كۆيدۈرمەن دېمەڭ. ئەھۋالىمنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، كىشى ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئەي تەڭرىم! شۇ قەدەر ئىقبال بىلەن ۋىسال بەزمىسىدە ئىستىقبالغا ئېرىشكەن كىشى مەنمىدىم؟! ئەگەر مەن ئۇنى شەرھلىمەكچى بولسام، باشقا كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنەلەمدۇ؟! ئاھ، قانداق قىلاي، ھەيرانلىقىم نامۇ نىشانىمنى كۆيدۈرمەكتە؟! قانداق چىداي، بۇ ھەيرەتلىرىم ۋەيران بولغان ناتىۋان جىسمىمنى ئۆرتىمەكتە. ئاۋۋال ۋىسال بىرلىكى ئىچىدە مەقسىتىمگە ئېرىشىپ مەشۇقۇم بىلەن قوشۇلدۇم. ئاخىرىدا ھىجران تۈپەيلىدىن بۇ قەدەر مېھنەت ــ مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ھەيرانلىققا چۆممەكتىمەن. ئەي تەڭرىم! مەن شۇنداق چەك ــ چېگراسىز، باش ــ ئاخىرىسىز ئاجايىپ بىر ھالغا چۈشۈپ قالدىمكى، ئۇنى ھېچكىمگە يولۇقتۇرما!

## پادىشاھ بىلەن باققال

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ساۋۇت دېگەن بىر كەمبەغەل باققال بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ناۋات ياساپ، غالتەك بىلەن بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. خوتۇنى ئايخان ئەمگەكچى، چىرايلىق ئايال بولۇپ، ئۇلار بەك كەمبەغەللىكتە تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن ئەر ــ خوتۇن ئىككىسى ناھايىتى ئىناق تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئايخان سۇ ئەكەلگىلى كوچىغا چىققاندا، بەختكە قارشى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مەككار ۋەزىر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ۋەزىر بۇ چىرايلىق خوتۇننى كۆرۈپ قېلىپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلىۋاپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ زالىم بىر پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ 41 خوتۇنى بار ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بىرەر چىرايلىق قىز ياكى خوتۇننىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسىلا، زورلۇق بىلەن ئېلىۋالىدىكەن. ئۇ شۇ كېچىسىلا ۋەزىرى بىلەن بىر قانچە ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ، زورلۇق بىلەن ئايخاننى ئۆز ئوردىسىغا ئالدۇرۇپتۇ.

ئايخان ئوردىدا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، ھامان ئېرىنى ئەسلەيدىكەن، كۈن بويى قايغۇ ئېچىلماي، پادىشاھقا بەكمۇ غەزەپلىنىدىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپ چارىلەرنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ.

ئايخاننى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئەكەتكەندىن كېيىن، ساۋۇت ئۆيىدە يالغۇز قېلىپ بەكمۇ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئايخان بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تېپىش ئۈچۈن، يەنە ناۋات ياساپ غالتەك بىلەن ئوردا تەرەپكە بېرىپتۇ.

ئايخان ئوردىنىڭ تېشىدا ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ ـ دە، ئېرىنى كۆرۈش بىلەن خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ئايخاننىڭ خىزمىتىگە قويۇلغان كېنىزەك بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋېلىپ پادىشاھقا:

ــ ئايخان ناۋاتچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ــ دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ناۋاتچىنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ. ساۋۇت بۇنىڭ سىرىنى ئۇقالماي بەك قورقۇپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ جازالاش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ، بىر ئاز خاتىرجەم بوپتۇ. پادىشاھ ساۋۇتنى ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيىپتۇ. غالتەكنى ھەيدىگەن ھالدا ناۋاتچىدەك توۋلاپ، ئايخان تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەقىللىق ۋە جەسۇر ئايخان پادىشاھنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ دەرھال بىر پىكىرگە كەپتۇ ـ دە، شۇ ئانلا ياساۋۇللارنى قىچقىرىپ:

ــ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىگانە كىشىنى ئۆيۈمگە يېقىن كەلتۈرىسىلەر؟! ئەگەر پادىشاھ بىلىپ قالىدىغان بولسا، بىرىڭلارمۇ ساق قالمايسىلەر! بۇ كىشىنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! ــ دەپ توۋلاپتۇ. ياساۋۇللار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئايخان ئۆزىنىڭ ئېرىنى تېپىۋاپتۇ. ساۋۇت شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ.

ئوردىدىكىلەرنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەن. كىشىلەر پەقەت ئايخان پادىشاھنىڭ پۇقرالارغا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپتۇ، دېيىشىپتۇ. پادىشاھمۇ شەپقەتلىك بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ[1].

## ئىككى ھۆرۈننىڭ ئۆلۈمى

ئىلگىرىكى زاماندا ھاسان دەۋلەك ۋە ساۋۇت قاپاق دېگەن ئىككى ھۆرۈن بولغانىكەن. ئۇ ئىككىسى ناھايىتى ھۆرۈن ئىكەن، ئۇلار ئاتىسىنىڭ تاپقىنىنى يەپ ئۆزلىرى زادى ئىشلىمەيدىكەن، ئەتىدىن ـ كەچكىچە دۈمبىسىنى تامغا يۆلەپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۆزىگىمۇ يامان كۆرۈنۈپ قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇلار قورسىقىغا بىر پارچە نانمۇ تېپىپ يېيەلمەي، بىرنەچچە كۈن ئاچ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(2)» دىن ئېلىندى..

مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئىشلىمىسىمۇ يېمەك — ئىچمەك، كىيىم — كېچەك تەييار بىر يەرلەرگە كەتسەك ياخشى بولاتتى — دە، قەيەردە شۇنداق ياخشى يەرلەر باردۇ؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— كىم بىلىدۇ، يەر يۈزىدە ئۇنداق يەرلەر بارمۇ — يوقمۇ، لېكىن ئاسماندا بولسا كېرەك. چۈنكى ئاسماندا پەرىشتىلەر ۋە باشقا خاسىيەتلىك مەخلۇقلار ياشايدۇ، دېيىشىدۇ، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئۇنداق بولسا بىزمۇ شۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتەيلى، بۇ مېھنەتتى كۆپ يەرلەردە خار بولۇپ نېمە قىلىمىز؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— مەيلى، چىقساق چىقىپ كېتەيلى، ئەمما قانداق چىقىمىز؟ ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇزۇن شوتا تاپقىلى بولامدىكىن؟ — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇنداق ئۇزۇن شوتىنغۇ تېپىلماس، لېكىن شوتىسىز چىقىشنىڭ يولى بار، — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— تاغدىكى ھاڭدا بىر سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئۇۋىسى بار. مەن ئۇنى بىر كۈنى ئاتامغا ئەگىشىپ تاغقا بارغاندا كۆرگەنمەن. بىر ئامال قىلىپ ئەنە شۇ قۇشنى تۇتۇۋالساق، ئاسمانغا شۇ ئېلىپ چىقىپ قويىدۇ، — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— بۇ ياخشى پىكىر ئىكەن، مەيلى، بولمىسا ئەتىلىككە شۇنداق قىلىلى، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ئىككى ھورۇن ئاخىر شۇ مەسلىھەتكە كەپتۇ — دە، ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تاغقا يېتىپ كېلىپ، ھاڭدىكى سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋاپتۇ. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن ۋاقىتتا، سۇمۇرغ قۇش غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇۋىسىغا قونۇشى بىلەن تەڭلا ھاسان دەۋلەك قۇشنىڭ بىر پۇتىنى مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ — دە، دوستىغا:

— مېنىڭ پۇتۇمنى تۇت! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ساۋۇت قاپاق شۇ زامان دوستىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپتۇ. قۇش قورقىنىدىن يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ساۋۇت قاپاق ھاسان دەۋلەكنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ پۇلاڭلىغىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇش بۇلارنى يەتتە قات بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئەگىپ يۈرۈپتۇ.

— ئاسمانغا يېتەي دېدۇقمۇ؟ قوللىرىم تېلىپ كەتتىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ھەئە، ئاز قالساق كېرەك، تۆشۈكى كۆرۈنۈپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاسان دەۋلەك ئۈستىدە بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ.

— ئاسماننىڭ تۆشۈكى قانچىلىك بار ئىكەن؟ بىز پاتىمىزمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ھاسان دەۋلەك ئۈستىدىكى تۆشۈك دەپ ئويلىغان نەرسىنىڭ يوغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

— مانا مۇنچىلىك بار ئىكەن، — دەپ قوشنىڭ پۇتىنى قويۇۋەتكەنىكەن، ھەر ئىككىلىسى تەڭلا يەرگە پۇلاڭلاپ چۈشۈپ، مىجىقلىرى چىقىپ ئۆلۈپتۇ①.

## كۆرەلمەسنىڭ كۆزىنى ئۆلۈم ئاچىدۇ

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بولغانىكەن. ئۇ دائىم خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، ئاجىز، كەمبەغەللەرنىڭ ئەرز ـ ھالىغا يېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئابرۇيى كۈندىن ـ كۈنگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرەلمىگەن سول قول ۋەزىرى بىلەن ئەمەلدارلار بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى يوقىتىشنى قەستلەيدىكەن. بىر كۈنى بۇلار مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— بۇنى زەھەر بېرىپ ئۆجۈقتۇرايلى، — دەپتۇ بىر ئەمەلدار.

— ياق، ئۇنداق قىلساق پادىشاھ بىلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ ئەمەلدارلار.

— پادىشاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىمىز. پادىشاھقا: «سىزنىڭ دانىشمەن ئوڭ قول ۋەزىرىڭىزنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. سىز پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە ئابرۇيلۇق پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئاسمانغا تۈۋرۈكى يوق تەخت سېلىشنى تاپشۇرسىڭىز» دەيمىز. بۇ ئىشنى ئوڭ قول ۋەزىر قىلالمايدۇ. ئاندىن ئۇنى پادىشاھ ئۆزى يوقىتىدۇ، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

بۇ مەسلىھەتكە ھەممىسى ماقۇل بوپتۇ.

ئەتىسى سول قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ يالغۇز ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى سۆزنى دەپتۇ. ئابرۇيپەرەس پادىشاھ بۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ، ئوڭ قول ۋەزىرنى چاقىرىپ، ئاسمانغا تۈۋرۈكى يوق تەخت سېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. بۇ مۈشكۈل ئىش ئۈچۈن بىر ئاي ۋاقىت بېرىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن تالىششىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ۋەزىر گەپ قىلماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇزاق ئويلاپتۇ، ئاخىر ئىلاجىنى تېپىپتۇ.

ئەتىسى ئوڭ قول ۋەزىر يىراق بىر جاڭگالغا بېرىپتۇ. ئادەم تىلىنى ئۆگەتسە ئۆگىنىدىغان قۇشنىڭ بالىسىدىن بىر نەچچىنى تۇتۇپ، «لاي ـ لاي، كېسەك ـ كېسەك» دېگەن سۆزلەرنى ئۆگىتىپتۇ. ئاندىن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، — مەن ئاسمانغا

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(2)» دىن ئېلىندى.

تۈۋرۈكى يوق تەخت سالىدىغان ئۇستىلارنى تاپتىم. ئۇلار ئوردىنىڭ ئۇستىگە كېلىپ: «لاي ـ لاي، كېسەك ـ كېسەك» دەيدۇ. سول قول ۋەزىر ئۇلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرسا، مەن ئۇستىلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تەختنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەي.

ۋەزىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ سول قول ۋەزىرنى چاقىرىپ، ئۇستىلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

قۇشلار ئوردىنىڭ ئۇستىدە چۆرگىلەپ ئۇچۇپ «لاي ـ لاي، كېسەك ـ كېسەك» دەپ سايرىشىپتۇ. سول قول ۋەزىرنىڭ ئادەملىرى لاي، كېسەكلەرنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ، يەتكۈزەلمىگەنىسىرى بەكمۇ ئېگىزگە ئېتىپتۇ. بىر دەمدە ئوردىنىڭ ئىچى لاي، كېسەكلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ئىشىك، دېرىزە، تاملارنىڭ رەسۋاسى چىقىپتۇ. پادىشاھ تېرىكىپ ۋارقىراپتۇ. سول قول ۋەزىر قورقۇنچلۇقتا پايپېتەك بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر هازادىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىر كېلىپ پادىشاھقا:

ـ ئۇستىلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرەلمەپتۇ. ئۇلار هازىر بىكار تۇرۇپ قالدى، ـ دەپتۇ.

غەزىپىگە بەس كېلەلمەي تۇرغان پادىشاھ سول قول ۋەزىرنى قىچقىرىپ:

ـ سەن نېمىشقا لاي، كېسەكنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيسەن؟ ـ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ـ ئۇلۇغ پادىشاھىم، ئۇستىلار ئاسماندا تۇرسا، قانداق يەتكۈزگىلى بولىدۇ، بۇ ئىش ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن، ـ دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

ـ شۇنچىلىك ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمىسە، ئاسمانغا تۈۋرۈك يوق تەخت سېلىش مەسلىھەتىنى نەدىن تاپتىڭ؟ بۇنىڭغا كېلىدىغان ئۆلۈم ساڭا لازىم، ـ دەپ پادىشاھ كۆرەلمەس سول قول ۋەزىرنى تۇسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چاتقۇزۇپ قويۇپ بېرىپتۇ. كۆرەلمەس ئەمەلدارلارنى ئەمەللىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئوردا تازىلىقىنى قىلىشقا قويۇپتۇ① ①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(3)» دىن ئېلىندى..

***ھېكمەت:***

***كۆزى كورلار كۆرەلمەس ئەمەس، بەلكى ئەقلى كورلار كۆرەلمەستۇر. سېنىڭ كۆرەلمەسلىكىڭگە ھەسەتخورلۇقۇڭ سەۋەب. بۇ سەۋەبنى يوقاتمىساڭ، ئۆلۈم سىرتمىقى بوينۇڭغا چۈشۈپ كۆزۈڭ جامدەك بولۇپ قالىدۇ.***

## ئوغرىغا يان باسقاننىڭ ئۆزى ئىمانسىز

ئۆتكەن زاماندا بىر مەھەللىدە بىر قازى بىلەن بىر باي بولغانىكەن. بىر كۈنى باي پېرىم كېچىدە قازىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ.

— ھە، كىم؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— تەقسىر مەن، — دەپتۇ باي.

قازى باينى ئۈندىن تونۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە باشلاپتۇ.

— خوش، نېمە ئىش تەقسىر، — دەپ سوراپتۇ قازى.

— ھېچ ئىش يوق قازىم، مەن ھازىر سايىم قوچقارچىنىڭ ھېلىقى سىزنىڭ ئاق قوچقىرىنى ئەپلىمەكچىمەن. ئەگەر ئىشىمىز ئوڭغا تارتماي ئاشكارا بولۇپ قالسا، مانا بۇنى ئاز كۆرمەي تەسەررۇپ قىلىپ، بىزنى نومۇستىن ساقلاپ قالارلا؟ — دەپ بىر ئاز پۇلنى قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ باي.

— ھەي - ھەي - ھەي... نېمە دەيدىغانلا شۇنداق قىلىمىز، ئەلۋەتتە. خاتىرجەم بولسىلا، — دەپتۇ قازى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قوچقار باينىڭ شەھەردىكى قورۇسىدىن چىقىپتۇ. سايىم بۇنى كۆرۈپ قازىغا ئەرز قىلىپ كەپتۇ.

— ھە، نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ قازى سايىم قوچقارچىغا.

— مېنىڭ يېقىندا يوقالغان سىمىز ئاق قوچقىرىم باينىڭ شەھەردىكى قورۇسىدىن تېپىلدى. جانابلىرى ئىلتىپات قىلىپ ئادالەتلىك بىلەن قوچقارنى ئىگىسىگە بۇيرۇپ بېرىشلىرىنى سورايمەن.

— نېمە؟! — دەپتۇ قازى ئاچچىق قىلغان بولۇپ، — باينى سەندەك رودۇپايلارنىڭ بىر قوچقىرىغا ئوغرىلىققا چۈشىدىغان ئادەم دەمسەن. ئۇنىڭ خۇدا بەرگەن يۈزلەپ بورداق مېلى ۋە نورغۇن بايلىقى بار، شۇمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ.

— جانابلىرى... — دەپتۇ سايىم قازىغا يالۋۇرۇپ، — مېنىڭ دۇنياغا كېلىپ كۆرگەن بايلىقىم شۇ بىر قوچقار ئىدى. مەن تۆھمەت قىلمايمەن، ئۇ مېنىڭكى ئىدى.

— كۆپ ۋالاقلىماي چىق، ئىمانسىز! باي ھەججىگە ئىككى نۆۋەت بېرىپ كەلگەن ھاجى ساھىب كىشىدۇر، ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغىنىڭ شەرىئەتتە چوڭ گۇناھ، چىق، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ سايىمنى ھەيدەپتۇ.

— ئوغرىغا يان باسقاننىڭ ئۆزى ئىمانسىز، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ سايىم نەپرەت بىلدۈرۈپ.

قازى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تىلى تۇتۇلۇپ، كېكەچلەپ قاپتۇ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلارنى قوللىغانلىق يامانلىق جۈملىسىدىندۇر. ئاتىلار توغرا ئېيتقان: «ئوغرىغا يان باسقاننىڭ ئۆزى ئىمانسىز».***

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(3)» دىن ئېلىندى.

## ئەخمەق پادىشاھ

ئۆتكەن زاماندا بىر ئەخمەق پادىشاھ بولغانىكەن، ئەخمەقلىقىدىن يۈقىراسىغا ھەددى ـ ھېسابسىز زۇلۇم سالىدىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ، نېمە بۇيرۇسا شۇنى قىلىدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ بىر ئادەمگە يولۇقۇپ:

ـ سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم قورقۇپ كېتىپ:

ـ مەن تاغ كۆتۈرىدىغان ئادەم، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ـ ئۇنداق بولسا، ئوردىنىڭ ئالدىدىكى تاغنى يۆتكە، ـ دەپتۇ پادىشاھ.

ـ ماقۇل، ـ دەپتۇ ئۇ ئادەم.

ـ ساڭا نېمە لازىم؟ ـ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

ـ ماڭا ھېچنېمە لازىم ئەمەس، ـ دەپتۇ ئۇ ئادەم، ـ پەقەت يىلىغا بىرلا قېتىم تاغ كۆتۈرىمەن، شۇڭغىچە يەتكۈدەك كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بەرسىلە بولىدۇ

ـ نېمە يېسەڭ، نېمە كىيسەڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە، ئوردىدىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ـ دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇ ئادەم شۇنداق قىلىپ، بىر يىل پادىشاھنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، تاماقلىرىنى يەپ يۈرۈپتۇ. يىل توشقاندىن كېيىن، پادىشاھ پۈتۈن يۇرتنى ئوردا ئالدىغا يىغدۇرۇپ:

ـ ھازىر تاغ كۆتۈرىدىغان باتۇرنىڭ كۈچىنى كۆرۈڭلار! ـ دەپتۇ. يۇرت ئەھلى كۆز تىكىپتۇ. پادىشاھ باتۇرغا:

ـ قېنى، تاغنى كۆتۈر! ـ دەپتىكەن، ـ ھېلىقى ئادەم تاغنىڭ باغرىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، تاغقا دۈمبىسىنى يۆلەپ تۇرۇپتۇ.

ـ كۆتۈر!...ـ دەپتۇ پادىشاھ يەنە. ھېلىقى ئادەم:

ـ سىلى باشلىق ھەممەيلەن كېلىپ، تاغنى دۈمبەمگە ئېلىپ قويۇڭلار، ئاندىن كېيىن كۆتۈرەي، ـ دەپتۇ.

ـ بىز قانداق يۆلەيمىز؟ ـ دەپتۇ پادىشاھ.

ـ سىلەر توپلىشىپ يۆلىمىگەن تاغنى مەن يالغۇز قانداق كۆتۈرىمەن؟ ـ دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

يۇرت ئالدىدا پادىشاھ لەت بوپتۇ.①

## ئەقىللىق بولاي دېسەڭ، ئەقىلسىزدىن ئۆگەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا زاكىر، شاكىر دېگەن ئىككى دوست بار ئىكەن. ئۇلار كىچىكىدىن بىللە ئۆسۈپ، بىر كۈندىلا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپتۇ.

شاكىر ئىدراكلىق، گەپ ئاڭلايدىغان، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدىغان بالا ئىكەن.

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(3)» دىن ئېلىندى..

www.uyghurkitap.com

شۇڭا، ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن تىرىشىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى ئۆگىنىپتۇ. زاكىر بولسا ئويۇن قېپى ئىكەن. ئۇ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ بۇ قىلىقىنى تاشلىماي ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شاكىر مەكتەپتە «ئەقىللىق بالا» دېگەن شۆھرەتكە ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىپتۇ. زاكىر بولسا كۈندىن ـ كۈنگە ئارقىسىدا قېلىپ «ئويۇن قېپى» دېگەن نام ئاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زاكىر شاكىردىن:

— ئاداش، ئىككىمىز مەكتەپكە تەڭ كىرگەن، ــ سەن مەندىن جىق ئىلگىرىلەپ كەتتىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭ باشقا سەۋەبى يوق، پەقەت مەن سەندىن ئۆگەندىم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاكىر.

زاكىر شاكىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ رەنجىپ، شاكىرغا زادىلا قارىماس بوپتۇ.

شاكىر بىلەن زاكىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئەھۋالنى بىلگەن ئۇستازى ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ، شاكىرنىڭ ھېلىقى گېپىنىڭ مەنىسىنى سوراپتۇ.

— سىلى بىزگە، ــ دەپتۇ شاكىر ئۇستازىغا، ــ «ئەقىللىق بولاي دېسەڭ، ئەقىلسىزدىن ئۆگەن» دېۋىدىلە. مەن شۇ تەلىملىرىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇپ، زاكىرنىڭ ئەقىلسىزلىق قىلىپ، ئويۇنغا بېرىلىپ، تىرىشىپ ئۆگەنمىگەنلىكىدىن ئىبرەت ئالدىم. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم شۇ ئىدى، ــ دەپتۇ. زاكىر شاكىرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، رەنجىشنى تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن قايتا دوست بولۇپ، ئىككىسى بىرلىكتە ئالغا بېسىپتۇ.[1]

## بالىنىڭ رايىغا بېرىۋەرسەڭ «بالا» بولىدۇ

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، مەن ئەمەس، ئاتام تۇغۇلمىغان زاماندا بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھەر يىلى تىككەن ـ تەرگەنلىرى ئۆزىگە يېتىپ ئېشىپ قالىدىكەن، دېھقاننىڭ كىشىلەرگە ھاجىتى چۈشمەيدىكەن، ئەمما ئۇ دېھقان بىر بالا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرىدىكەن. بەختكە يارىشا، دېھقاننىڭ ئايالى ئېغىر بوي بولۇپ، توققۇز ئاي توققۇز كۈندىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. كۆيۈمچان ئاتا ـ ئانىسى بالىسى نېمە دېسە، شۇنى قىلىپ بېرىدىكەن، بالىمۇ دېگىنىنى قىلدۇرماي قالمايدىكەن، بۇ ئادەت بالىغا چوڭ بولغانسېرى ئۆزلىشىپ كېتىپتۇ. دېگىنىنى ئورۇندىمىسا، تاماقمۇ يېمەي تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بالا ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ئاخىر ھەسەل

---

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (3)» دىن ئېلىندى.

يېپىشكە ئۈگىنىپ قاپتۇ. ئۇ بۈگۈنى بىر نەچچە قوشۇق ھەسەل يېسە، ئەتىسى ئون نەچچە قوشۇق يەيدىغان بوپتۇ. ئوغلىغا ھەسەل ئېلىپ بېرىپ يۈرۈپ دېھقاننىڭ ۋەسلى ئازلاپ كېتىپتۇ. ئاخىرى پۇلى تۈگەپتۇ. بىراق ئوغلى ھەسەلخور بولۇپ، ھەسەل يېمىسە كۆن ئۆتكۈزەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

دېھقاننىڭ قولىدا سۇنۇق يارماق قالمىغان بىر كۈنى ئوغلى بازاردا ھەسەلنى كۆرۈپ قېلىپ:

— دادا، ھەسەل ئېلىپ بەر، — دەپتۇ. دېھقان پۇلىنىڭ يوقلۇقىنى دېيىشنىڭ ئورنىغا بالىغا چۈشەندۈرۈپتۇ:

— بالام، چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ھەر كۈنى ھەسەل يەۋەرسەڭ، بىزنى قۇرۇتىسەن، ھېلىمۇ ئۆيدە پۇلغا ئالغۇچىلىك نەرسە قالمىدى، تىرىكچىلىكىمىز راۋاج تاپمىدى، ئەمدى ھەسەل دەپ مېنى قىستىما، — دەپتۇ. لېكىن بالا ئۇنىماي دادىسىنىڭ پېشىدىن تارتىپ تۇرۇۋاپتۇ.

دېھقان «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەننى ئېيتىپ بىر مەزگىل يۈرۈپتۇ. ئەمما، بالا بەك قىيناپتۇ. دېھقان بالىسىنى ھەسەلگە ئۆگىتىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، بىر داناىڭ ئالدىغا بېرىپ بالىسىغا ھەسەل يېمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ.

— سىزمۇ ھەسەل يەمسىز؟ — دەپتۇ ھېلىقى دانا.

— ئازراق يەيتتىم.

— ئانىسىچۇ؟

— ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش، — دەپتۇ. دانا ئۇزاق ئويلىنىپ:

— مەن 10 كۈندىن كېيىن باراي، مېنى كۈتۈڭ، — دەپتۇ، دېھقان بۈگۈن بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرۇپتۇ. دانا:

— بۈگۈن بارسام پايدىسىز، تەخىر قىلىڭ، — دەپ دېھقاننىڭ كۆڭلىنى ياساپ يولغا ساپتۇ.

دېھقان ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. 10 كۈن ئىچىدە دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۆت تامدىن باشقا نەرسە قالماپتۇ. دېھقانغا بۇ 10 كۈن 10 يىلدەك ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىپتۇ.

دېگەن قەرەلىدە دانا كەپتۇ. ئۇ دېھقاننىڭ ئۆيىگە قاراپ قاتتىق ئېچىنىپتۇ، دېھقان بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. قايتار چېغىدا:

— قېنى ئوغلۇم، بېرى كەل، — دەپ ھەسەلخور بالىنى چاقىرىپ نەسىھەت قىپتۇ:

— ئۆيۈڭدە نېمە بار؟

— تۆت تام بار؟...

— توغرا ئېيتتىڭ، — دەپتۇ دانا بالىنىڭ بېشىنى سىيلاپ، — ئەمدى ھەسەلخور بولما، دەپ جېكىلەپ قايتىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دانا بازارغا كېتىۋېتىپ، دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. دانا دېھقاندىن:

— ئوغلىڭىز ھەسەل يەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقان خۇشال ھالدا:

— ياق، دەپ داناغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

دانا قايتماقچى بولغاندا، دېھقان يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تەڭلەپتۇ، دانا ئالماپتۇ. دېھقان دانادىن:

— سىز ئۆتكەندە نېمىشقا 10 كۈندىن كېيىن بارىمەن دېدىڭىز، — دەپ سوراپتۇ. دانا كۈلۈپ:

— مەنمۇ ھەسەل يەيتتىم، 10 كۈن ئىچىدە ھەسەل يېيىشنى تاشلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، ئۆيىڭىزگە باردىم، ئوغلىڭىزغا نەسىھەت قىلدىم، گېپىم ئاڭلىدى، ئۆزۈم تاشلىماي، باشقىلارنى دەۋەت قىلسام، گەپ سىڭمەيدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەلخوربالا ھەسەل يېيىشنى تاشلاپتۇ، دېھقان باشقا بالىلىرىنى مەيلىگە قويۇپ بەرمەپتۇ. دېھقاننىڭ تاپقىنى بىردىن ئىككى بولۇپ، ئىككىدىن تۆت بولۇپ، ئۇقتى ئىلگىرى بېسىپتۇ①.

***ھېكمەت:***

***باللار ئەزەلدىن ئەدەپسىز ئەمەس. ئۇنى ئەدەپسىز قىلىپ قويىدىغىنى بىزنىڭ ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز. مۇبادابىز باللارنى كىچىكىدىن يامان ئىللەتلەرگە كۆندۈرمەي چوڭ قىلساق، ئۇ ھەرگىزمۇ «بالا» بالا بولۇپ قالمايدۇ. ئەكسىچە مۇستەھكەم تۈۋرۈك بولىدۇ.***

## ئالدىراڭغۇلۇق قىلساڭ ئىشىڭ ئالغا باسمايدۇ

ئۆتكەن زاماندا ھېزىم ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەنىكەن، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ناھايىتى ئالدىراڭغۇ مىجەزلىك بولۇپ ئۆسۈپتۇ. بىر كۈنى ياتار چاغدا دادىسى ئۇنىڭغا:

— بالام، ئەتە سەھەر تۇرغىن، ھاشىم ئاكاڭنىڭ ئۆيىگە ئىشقا ئەۋەتىمەن، — دەپتۇ.

توخۇ چىللىغاندا ھېزىم ئورنىدىن تۇرۇپ ھاشىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. بىراق دادىسىنىڭ نېمە ئىشقا ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى سوراشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ.

ھاشىم ئاكىنىڭ ئۆيى يىراق كۈنلۈك يول ئىكەن، ھېزىم ھېرىپ ـ ئېچىپ ئاران يېتىپ بېرىپتۇ.

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھاشىم ئاكا ھېزىمدىن.

— دادام ئاخشام «ئەتە سېنى ھاشىم ئاكاڭنىڭ ئۆيىگە ئىشقا بۇيرۇيمەن دېگەنىدى؛

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (3)» دىن ئېلىندى.

شۇڭا سەھەر يولغا چىقىپ، ھازىر يېتىپ كېلىشىم،» — دەپتۇ ھېزىم.

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىمىدىڭمۇ؟

ھېزىم بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

ھېزىمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىنى بىلگەن ھاشىم ئاكا كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ — دە:

— داداڭ سېنى مۇشۇ تۇگمەن بېشىنى ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇماقچى ئىدى، — دەپ تاشنىڭ تۆشۈكىدىن تانا ئۆتكۈزۈپ، ھېزىمنىڭ ئوڭ مۇرىسىگە يۈدكۈزۈپ قويۇپتۇ ۋە سول مۇرىسىگە يۆتكىمەي ئېلىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

ھېزىم تاشنى نېمىشقا سول مۇرىسىگە يۆتكىمەسلىكى كېرەكلىكىنى سورىمايلا ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. يولدا كۆپ جاپا تارتىپتۇ. تانا يېتىپ ئوڭ مۇرىسى قاناپ كېتىپتۇ.

ھېزىم دادىسىغا ھاشىم ئاكىنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دادىسى ھاشىم ئاكىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ھېزىمغا بولغان ئاچچىقىنى بىلدۇرمەي:

— بىزگە تۇگمەن تېشى كېرەك ئەمەس، قايتۇرۇپ ئاپىرىپ بەرگىن، دەپ تاشنى ئۇنىڭ سول مۇرىسىگە يۈدكۈزۈپ قويۇپتۇ ۋە ئوڭ مۇرىسىگە يۆتكىمەسلىكىنى جېكىلەپتۇ.

ھېزىم نائىلاج يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. تانا ئۇنىڭ سول مۇرىسىنى تىلىپ تاشلاپتۇ. ئۇ بىر جاپا تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ھاشىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ — دە، يوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپلا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ھاشىم ئاكا ئۇنى ئۆيىدە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا ھاشىم ئاكا ھېزىمغا مۇنداق دەپتۇ:

— بالام، ئەسلىدە داداڭغا تۇگمەن تېشى كېرەك ئەمەس ئىدى، مەن سېنىڭ ئالدىراقسانلىقىڭغا تەنبىھ بولسۇن دەپ تۇگمەن تېشىنى يۈدكۈزۈپ قويدۇم. سول مۇرەڭگە يۆتكىمە دېسەم، نېمە ئۈچۈن، دەپ سورىمىدىڭ. داداڭ، ئوڭ مۇرەڭگە يۆتكىمە دېسە بۇنىڭمۇ سەۋەبىنى سورىماپسەن. يەنە شۇ ئالدىراڭغۇلۇقۇڭ ئۈچۈن جاپا تارتتىڭ، مەقسەتنى بىلمەي، ئالدىراپ كەتسەڭ ھېچ ئىشىڭ ئالغا باسمايدۇ.

ھېزىم بۇ ئىشتىن ئالدىراڭغۇلۇقىنىڭ زىيىنىنى چۈشىنىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئىش قىلسا، ئالدى — كەينىنى ياخشى ئويلاپ، ئاندىن قول سالىدىغان بوپتۇ[1].

***ھېكمەت:***

***مەقسەتنى بىلمەي، ئالدىراپ كەتسەڭ ھېچ ئىشىڭ ئالغا باسمايدۇ.***

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (3)» دىن ئېلىندى.

# باي بىلەن قويچى

پىخسىق دەپ نامى چىققان بىر باي بار ئىكەن، ئۇنىڭغا يىگىرمە يىل ھەقسىز قوي باققان قويچى بۇ بايدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلاپ:

— باي ئاكا، ئەمدى مەن ئۆز كۇنۇمنى ئۆزۈم كۆرسەم، مېنىڭ ھەققىمنى ھېسابلاپ بېرىپ، بىشىمنى بوشاتسىڭىز، — دەپتۇ.

باي ماقۇل بوپتۇ، ئۇ قويچىنىڭ يېگەن تامىقى، كىيگەن ئەسكى كۆرەك جۇگىلىرىنى كۆپەيتىپ ھېسابلاپ، قويچىنى يەنە ھەقسىز ئىككى يىل ئىشلەشكە قەرزار قىلىپ چىقىرىپتۇ. قويچى بۇنىڭغا چىدىماي، قازىخانىغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ. قازىنىڭ كاتىپى قويچىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ:

— سوراق ۋاقتىدا ھەممە سوراقلارغا «مە، مە...» دەپ قويغا ئوخشاش مەرەپ تۇر، قالغىنىنى ئۆزۈم پۇتتۇرىمەن، بايدىن يىگىرمە يىللىق ھەققىڭنى ئېلىپ بېرىمەن، ئەمما ماڭا يېرىمىنى بېرىسەن، — دەپتۇ. قويچى ماقۇل بوپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن باينىڭ قويىنى باقماي، بىر نەچچە كۈن تاشلاپ بەر، باي ئۆزى دەۋا قىلسۇن، شۇ چاغدا ئىش ئاسان بولىدۇ، — دەپتۇ كاتىپ ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

قويچى كاتىپنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداپتۇ. نەتىجىدە باي قويچىنىڭ ئۈستىدىن قازىخانىغا دەۋا قىپتۇ. سوراق باشلىنىپ، جاۋابكار قويچى بىلەن دەۋاگەر پىخسىق باي قازى ئالدىدا دەرقەمتە بوپتۇ. قازى بايدىن:

— بۇ سىزگە يىگىرمە يىل قوي باقتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. باي قازىغا:

— شۇنداق تەقسىر، بىراق بۇ ھەققىنى ئېلىپ بولغان، ھازىر ئۇ قەرزدار، — دەپتۇ.

— سېنىڭ ئېيتىڭ نېمە؟ — دەپ قازى قويچىدىن سوراپتۇ.

— مە ــ مە ــ مە، — دەپتۇ قويچى.

— ھوي، بۇ «مە» دىن باشقىنى بىلمەيدىغۇ، مۇنداق ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلامدۇ كىشى. راست پىخسىق باي ئىكەنسەن، — دەپ قازى باينى ئەيىبلەپتۇ.

— قازىكا، بۇ سۆز بىلىدۇ، تادانلىق قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ باي.

— ھوي سۆز بىلەمسەن؟ — دەپتۇ قازى قويچىغا.

— مە ــ مە ــ مە...

بۇ نەدىن سۆز بىلسۇن، قازى ئاخۇنۇم، — دەپ كاتىپ سۆزگە ئارىلىشىپتۇ، — ئادەم بالىسىغا ئارىلاشماي، يىگىرمە يىل دالىدا قوي باققان گودەك بالا سۆزنى تاغدا كىمدىن ئۆگەنسۇن، بەلكى بىلگەن ئانا تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ قالامدۇ؟ — دەپ قازىغا مۇراجىئەت قىپتۇ. قازى: «راست» دەپ، بايدىن قويچىنىڭ يىگىرمە يىللىق ھەققىنى ئېلىپ بېرىشكە ھۆكۈم قىپتۇ ۋە ئېلىپ بېرىپتۇ. سىرتقا چىققاندىن كېيىن:

— قويچى باتۇر، مېنىڭ ئەقلىم قانداق؟ — دەپتۇ كاتىپ.
— مە — مە — مە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قويچى. قازىنىڭ كاتىپى:
— ھوي سەن ئەمدى باي بولۇپ قالدىڭ، ۋەدە بويىچە يېرىمىنى بەرمەمسەن؟ — دېسە، قويچى ئۇنىڭ كۆزىگىمۇ خۇددى پىخسىق باينىڭ كۆزىگە قارىغاندەك قاراپ:
— مە — مە — مە، — دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ①.

## ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر چوڭ باي بولغانىكەن. ئۇ خۇدا يولىدا 360 كۈن بەش ۋاق نامازنى تاشلىمايدىكەن، خۇدادىن «ئەي خۇدا، ئاسان دۇنيا بەرگەيسەن، جاپا چېكىپ دۇنيا تېپىشتىن ئىلاھىم ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دەپ تىلەيدىكەن. ئۇ شۇنداق تەقۋادار بولغىنى بىلەن ھەممىشە ئەيش ــ ئىشرەت، كەيىپ ــ ساپا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئۆز كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ. ئۇ سەپەر ئۈستىدە دەشت ــ چۆلدە يەر ھەيدەۋاتقان بىر دېھقانغا يولۇقۇپتۇ.

دېھقان باينىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ سالام بېرىپتۇ. باي ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماستىن، دېھقاننىڭ قاۋۇل بەستىگە قاراپ قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ، ئىچىدە بىر شۇملۇقنى ئويلاشقا كىرىشىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا قوشنىڭ چىشى بىر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلۇپتۇ. دېھقان شۇنداق قارىسا، قوشنىڭ ئىزىدا يوغان بىر كومزەك تۇرغۇدەك. ئۇ كومزەكنى ئېلىپ قارىسا، ئىچى لىپمۇلىق تولغان ئالتۇن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن باي كۆڭلىدە «تىلىكىم ئىجاۋەت بولدى» دەپ خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قاپتۇ ۋە ھاڭ ــ تاڭ بولغان دېھقانغا:

— ھەي دېھقان، بۇ يەرلەر مېنىڭ ئاتامدىن مىراس قالغان، سېنى بۇ يەرلەرنى كىم ھەيدىسۇن دەپتۇ، — دەپ دېھقانغا ئېسىلىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقان:
— «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل» دەپتىكەن، ھەر نېمە تاپسام ئۆز كۈچۈم بىلەن جان باقاي، — دەپ كومزەكنى ئالتۇن بىلەن باينىڭ خۇرجۇنىغا سېلىپ بېرىپتۇ. خۇشاللىقتىن باينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، دەرھال ئۆيىگە قايتىپتۇ ــ دە، ئىچكىرى قازناققا كىرىپ، ئىشىك ــ تۈڭلۈكنى مەھكەم ئېتىپتۇ. ئۇ خۇرجۇنىنىڭ ئاغزىنى يېشىپ، كومزەكنى شۇنداق ئېچىشىغا، ئۇنىڭ ئىچىدىن مىغىلداپ ھەرىلەر چىقىپ باينىڭ باش ــ كۆزىنى چېقىپ، قاپاقتەك ئىششىتىۋېتىپتۇ، باي ئاران ئۆيدىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇ دېھقاندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، مالايلىرىغا كومزەكنى كۆتۈرگۈزۈپ، دېھقاننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە مېنى چاققان ھەرە سېنىمۇ چېقىپ باقسۇن، —

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (3)» دىن ئېلىندى.

دەپ تۇغۇلۇكتىن توكۇپتۇ. ئۇ چاغدا دېھقان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ھارام تاماق باي بولسا، ھەرە چاققان بەدىنىنىڭ ئاغرىشىدىن شاقىيالماي ئاخىرى ئۆلۈپتۇ.[1]

***ھېكمەت:***

***نىيىتىڭ دۇرۇست بولسا، ھەممە نەرسە ئالتۇن. تەقدىرىڭ نىيىتىڭنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق.***

## يامان تەربىيىنىڭ ئاقىۋىتى

بىر زامانلاردا مەلۇم بىر شەھەردە بىر خوتۇننىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئوغلىنى دادىسىدىن كىچىك قاپتۇ. بۇ خوتۇن يىپ ئېگىرىپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئوغلى بىلەن كارى بولمايدىكەن. ئوغلى ئۆيۈنگە بېرىلىپ كېتىپ، كۆنبويى تالادىن كىرمەيدىكەن. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئەسكى قىلىقلارنى ئۆگىنىپتۇ: ئۆرۈك ئوغرىلاپتۇ، نان ئوغرىلاپتۇ، ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ئانىسىغا ئەكىرىپ بېرىپتۇ، ئانىسى ئېرى ـ بېرىنى سورىماي يەۋېرىپتۇ. بالىسىنى ئوغرىلىقتىن توسماپتۇ؛ ئۇ بارا ـ بارا كۆزگە كۆرۈنگەن نەرسىنى ئوغرىلايدىغان بوپتۇ. ئەمدى كىچىك ئوغرىلىق يانچۇقچىلىققا تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يېنىنى كوچىلاپ ئوغرىلايدىغان بوپتۇ. ئائىلە تۇرمۇشى بارا ـ بارا ئوغرىلىقتىن كەلگەن كىرىم بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئەمدى يەنە يانچۇقچىلىقتىن تەرەققىي قىلىپ چوڭ ـ كىچىك ئوغرىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا كىرىپتۇ. بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىققا كىرىپ نۇرغۇنلىغان دۇنيادەپنە ئوغرىلاپ چىقىپتۇ. بۇنىڭغا قانائەت قىلماستىن، ئىككىنچى قېتىم يەنە خەزىنىگە ئوغرىلىققا كىرىپتۇ. بۇ قېتىم تۇتۇلۇپ قاپتۇ. بۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. جاللاتلار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بۇ ئوغۇلنى دارغا ئاسماق بولۇشۇپتۇ. جازا مەيدانىغا تەختنى قۇرۇپ، پادىشاھ تەختكە چىقىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. دارغا يېقىن كەلگەندە، بۇ ئوغۇل: «ئانام بىلەن ۋىدالىشىۋالسام، دەيدىغان گېپىمنى دەۋالسام» دەپ پادىشاھدىن تىلەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشىغا ئىجازەت قىپتۇ.

— ئانا! ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا سەن بىلەن رازىلىشىۋالاي، تىلىڭنى چىقارساڭ، تىلىڭنى بىر شورىۋالاي، — دەپتۇ بالا.

ئانىسى ئوغلىنىڭ تەلىپى بويىچە، تىلىنى شۇنداق چىقارغانىكەن، ئوغلى گاچ قىلىپ چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ.

---

[1]«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (3)» دىن ئېلىندى..

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— دەرھال بالىنى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار، — دەپ جاللاتلارغا ھۆكۈم قىپتۇ. جاللاتلار بالىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— سەن نېمە ئۈچۈن دارغا ئېسىلىش ئالدىدا ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ رازىلاشماستىن، ئەكسىچە سېنى كىچىكىڭدىن جاپا چېكىپ باققان ئاناڭنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىسەن، — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

مېنىڭ بۈگۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىم ئانامنىڭ سەۋەبكارلىقىدىن بولغان. مەن ئاۋۋال ئۆرۈك ئوغرىلاپ ئەكىردىم، نان ئوغرىلاپ ئەكىردىم. كېيىن پۇل ئوغرىلاپ ئەكىردىم، ئانام مېنى ئوغرىلىق قىلىشتىن توسىمىدى. بەلكى خۇش بولدى. مەن ئانامنى خۇش قىلدىم دەپ، ئوغرىلىقنى داۋاملاشتۇردۇم، بارا - بارا يۈرىكىم يوغىناپ، تېخىمۇ چوڭ - چوڭ ئوغرىلىقنى قىلدىم. ھەتتا ھەددىمدىن ئېشىپ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا كىردىم. ئاخىر تۇتۇلۇپ بۈگۈنكى ئاقىۋەتكە قالدىم. ئەگەر كىچىك ۋاقتىمدا ئانام مېنى ئوغرىلىق قىلىشتىن توسقان بولسا، ئوغرىلىقتىن قولۇمنى يىغقان بولاتتىم. شۇڭا، ئانامنىڭ ئوغرىلىققا ئۆگەتكەن تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالدىم، — دەپتۇ بالا.

— بۇ راست سۆزنى قىلدى. بۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا. ئانىسى ئۇنى ئېقىشنى بىلىپ، يامان يولدىن توسمىغانلىقتىن، جىنايەت يولىغا كىرىپ قالغان. كىچىك بالا دېگەن بىر گىياھنىڭ نوتىسىغا ئوخشاش يۇمران كېلىدۇ. قايسى ياققا ئەگسە شۇ ياققا ئۆسىدۇ. بۇنىڭ جىنايى يولغا كىرىپ قالغانلىقىغا ئانىسى سەۋەبچى بولغان. بۇنى ئۆلۈپ جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلدىم. قويۇپ بېرىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

شۇنىڭ بىلەن بالا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. قاتتىق تۆۋا قىلىپ ئوغرىلىقتىن قولىنى يىغىپتۇ. خالايىقلار بۇ ۋەقەدىن ئىبرەت ئاپتۇ[①].

## ئەقىللىق بۆركۈت

ئۆتكەن زاماندا ئوسمان ئىسىملىك بىر ئوۋچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر بۆركۈتى بولۇپ، ئوسمان ئۇنى كۆز قارىچۇقىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن.

ئوسمان: — سەن مېنىڭ دوستۇم، ئائىلەم تىرىكچىلىكىمىزنىڭ جاپاكەش ياردەمچىسى، — دەپ بۆركۈتنىڭ پەيلىرىنى سىيلايدىكەن. ئائىلىدىكىلەرى بولسا بۆركۈت بىلەن ئوينىشىپ، ئەركىلىتىپ زېرىكمەيدىكەن. ئۆزلىرى تويغۇدەك تاماق يېمىسىمۇ، ئالدى بىلەن بۆركۈتنى تويغۇزىدىكەن، ئوسمان قاچان ئوۋغا چىقىدىكەن، بۇ جانىۋار ئائىلىدە ئۆزىنى ئەركىلەتكەن، سۈ ۋە ئوزۇق بەرگەن قىز - ئوغۇلغا جان

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (4)» دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

پىدالىق كۆرسىتىپ ئورمان بويلاپ پەرۋاز قىلىدىكەن.

ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جاپاكەش ئائىلىنىڭ قەيسەر بۈركۈتى پۈتۈن دۆلەتكە داڭ كېتىپتۇ؛ تەرىپى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ خەۋەر پادىشاھقا يېتىپتۇ ـ دە، بۈركۈتنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ ئوسماننى چاقىرتىپ:

ـ مەن كىم؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ سىز شەھىرىمىزنىڭ شاھى، دەپتۇ ئوسمان.

پادىشاھ تېخىمۇ قاتتىق تىكىلىپ:

ـ بۇ دۆلەتتىكى ھەممە نەرسە مېنىڭكى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟! ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ بۇنى ئويلىمىغانىكەنمەن، ـ دەپتۇ ئوسمان، ـ بىراق... ھەممە نەرسىنى ئادەملەرنىڭ ئىشلەپ تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭكى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ كەپتىمەن.

پادىشاھ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەپتۇ ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا:

ـ ئۇۋ قىلىۋاتقان بۈركۈتۈڭنى ماڭا بەر، ـ دەپ بۇيرۇپتۇ.

ـ ياق، بۇ مېنىڭ بۈركۈتۈم، سىزگە بەرمەيمەن، ئەگەر مەن بۇ ئەقىللىق قۇشۇمدىن ئايرىلىپ قالسام، قۇياشسىز كۈندۈز، ئاسمانسىز يۇلتۇز بولۇپ قالىمەن، ـ دەپتۇ ئوسمان.

بۈركۈتنى ئالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان پادىشاھ سېتىپ بېرىشكە زورلاپتۇ. ـ بۈركۈت، ـ دەپتۇ ئوسمان، ـ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم، مەن دوستۇمنى ھېچ كىشىگە سېتىشنى خالىمايمەن. دۇنيادا دوستلىرىمنىڭ ئۆلگىنىنى كۆردۈم. ئۆلگەن دوستلىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن كۆمدۈم. خەيرىيەتكى، دوستلىرىمنى ساتمىدىم. ئۆز دوستۇمنى سېتىشقا ئەسلا ۋىجدانىم چىدىمايدۇ.

پادىشاھ ئىلاجسىزلىقتىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئىچىدە «خەپ، قېنى سېنى بىر جايلىمىسام» دەپ ئويلاپتۇ. كۆڭلىدە بىر پارچە زەھەرنى تۈگۈپ: «ماڭ! كەت» ـ دەپتۇ.

ئوسمان ئۇۋغا مېڭىش ۋاقتىدا، پادىشاھ دەرەخزارلىق ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ، ئوسماننى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. ئوسمان ئوۋلاپ قايتقاندا پادىشاھ ئوقيا ئېتىپ يىقىتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەقىللىق بۈركۈت قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ئىگىسى ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا بەل باغلاپتۇ. بۈركۈت ئىگىسىنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قاراپ تۇرغاندا، پادىشاھ بۈركۈتنى تۇتۇۋېلىشقا چاڭ ساپتۇ. بۈركۈت قەيسەرلىك بىلەن پادىشاھنىڭ يۈز ـ كۆزىگە چاڭگال سېلىپ، بېشىنى يۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى «ھاي، ھاي» دېگۈچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پادىشاھنىڭ مۇردىسىدا باش ئورنىدا بويۇن سۆڭىكى

يويىلىپ تۇرغان جەسىتى تۇرغانمىش[1].

## ئەينەنلىكنى ئىپادىلەشكىمۇ ئەقىل كېرەك

ئۆتكەن زاماندا، بىر شەھەرنىڭ ناھايىتى ئابرۇيلۇق بىر پادىشاھى بار ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى سول پۇتىدىن كالتە بولۇپ، يول يۈرسە ئاقساپ، دىڭگۇسلاپ ماڭىدىكەن، سول كۆزى جىتتاق بولۇپ، قارىسا خۇددى بىر نەرسىنى پەملەۋاتقان ياكى ئۆلچەۋاتقان كىشىدەك كۆزى ھەمىشە قىسىلىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ، ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ ئالماقچى بوپتۇ ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۆز تەۋەسىدىكى داڭلىق، ئۇستا رەسساملارنى ئۆز ئوردىسىغا چاقىرتىپتۇ. كۆپ ئىزلىنىشلەر ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئۈچ داڭلىق رەسسامنى تېپىپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ رەسساملارنى كۆرگەندىن كېيىن:

— مەن ئۆز رەسىمىمنى سىزدۇرۇپ ئالماقچىمەن، شۇڭا سىلەرنى بۇ يەرگە ئالدۇرۇپ كەلدىم. شەرتىم شۇكى، ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس، ئەينەن چىرايلىق بولسۇن، ئەگەر يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ ھىيلە ئىشلەتسەڭلار، كاللاڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىمەن. ئەگەر قايسىڭلارنىڭ سىزغىنى ماڭا يارىسا چوڭ مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولىسىلەر، — دەپتۇ.

رەسساملار ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، قەغەز، قەلەم، سىياھ، كېتەرلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ، ئالدى بىلەن بىر رەسسام پادىشاھنىڭ رەسىمىنى پۈتتۈرۈپتۇ. رەسىمگە پادىشاھنى ئوڭ پۇتىدىن سول پۇتى كالتە، سول كۆزى جىتتاق قىلىپ ئەينەن چۈشۈرگەنىكەن. پادىشاھ ئۆز رەسىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاچچىقلىنىپ چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ. قۇلاقلىرى قىزىرىپ دىڭگىيىپتۇ، غەزەپتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە رەسسامغا قاراپ:

— سەن ئىپلاس مېنى ھاقارەتلەپسەن، مەن مۇشۇنداق سەتمۇ؟ — دەپ رەسسامغا ھۆرپىيىپتۇ. رەسسام قورققىنىدىن لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ يانغا قاراپ.

— لەببەي، تەقسىر! گۆش يېيىشكە خۇشتارمىز، — دەپ تەڭلا جاۋاب ياندۇرۇپ، قوللىرىغا قىلىچ ۋە پالتا تۇتقان، مەيدىلىرىنى يوڭ بېسىپ كەتكەن، بەلنىڭ يۇقىرىسى قىيپالىڭاچ، چوشقىدەك سېمىز، تەلەتىدىن ۋە كۆزىدىن قان ئىچكۈلۈكى چىقىپ تۇرغان ئۆت جاللات ھازىر بولۇپتۇ. پادىشاھ جاللاتقا ھېلىقى رەسسامنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇ يەردىلا جاللاتلار پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (4)» دىن ئېلىندى.

كۆرۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ئىككىنچى رەسسام ئۆز كۆڭلىدە «پادىشاھنى ئەينەن سىزسام، مېنىمۇ ئۆلتۈرمىسۇن. چىرايلىقراق قىلىپ سىزسام بەلكىم ئامان قالارمەن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ ئىككى پۇتىنى تەڭ ۋە كۆزلىرىنى داۋۇرۇس، چىرايلىق قىلىپ سىزىپتۇ. رەسىمنى پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ، پادىشاھ رەسىمنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ ـ دە:

ـ مەن ساڭا نېمە دېگەنىدىم، مۇناپىق ئالدامچى! سەن مېنىڭ شەرتىمنى بۇزدۇڭ، سەنمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم! ـ دەپتۇ ـ دە، جاللاتلىرىغا بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار دەرھال كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئۈچىنچى رەسسام چۆچۈپ تىترەپ قاپتۇ ـ دە، ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، پادىشاھ ئەينەن سىزسىمۇ ئۆلتۈرسە، تۈزىتىپ يالغان سىزسىمۇ ئۆلتۈرسە، قانداق سىزىش كېرەك؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋە تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ شۇنداق رەسىم سىزىپتۇكى: رەسىمدە پادىشاھ ئوۋ قىلىشقا چىققاندا، ئالدىغا بىر كېيىك ئۇچرىغان بولۇپ، پادىشاھ كېيىكنى ئېتىش ئۈچۈن قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ، ئوڭ پۇتىنى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سول كۆزى قىسىلغان ھالدا، ئوڭ كۆزى بىلەن كېيىكنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا ھازىرلانغان قىياپەتتە تۇرۇپتۇ، بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ كالتىلىقى ۋە سول كۆزىنىڭ جىتتاقلىقى مەلۇم بولماي، رەسىم ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا گۈزەل چىققان. بۇنى پادىشاھ كۆرۈپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە:

ـ مانا بۇ ھەقىقەتەن جايىدا بوپتۇ، ـ دەپتۇ.

پادىشاھ مەغرۇرلىنىپ رەسسامغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى بېرىپ يولغا سېلىپتۇ.①

***ھېكمەت:***

***كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن بولغان نەرسىنى ئىپادىلەشنىڭ تۇرلۇك ئۇسۇلى بار. سەن ئۇنى ئىپادىلەشتە باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىرىنى ئويلا. ئۇنداق قىلمىساڭ، ھېكايەتتىكى رەسساملاردەك ئۆز بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىسەن.***

## تەييارغا ھەييار مۈشۈك

بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. ئۇ مۈشۈكىنى ئارسلان چىغىدىن تارتىپ نان چايناپ بېرىپ بېقىپتۇ. ئەگەر ئىگىسى نان چايناپ بەرمىسە، مۈشۈك ھېچنەرسە يېمەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆي ئىگىسى:

ـ مۈشۈكۈم، ئەمدى خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، چايناپ بەرمىسەممۇ ئۆزۈڭنىڭ

① «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (4)» دىن ئېلىندى.

قورسىقىنى ئۆزۈڭ باققىن. ئۆيىمىزدە چاشقان كۆپىيىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى راسا بىر بەرگىن، ــ دەپتۇ.

كىچىكىدىن تارتىپ تەييارنى يەپ ئۆگىنىپ قالغان مۇشۇككە چاشقان تۇتۇش بەكمۇ ئېغىر كەپتۇ ـ دە، ھەر كۈنلۈكى ئۆي ئىگىسى ئۇخلاپ قالغاندا تەڭنىدىكى ناننى ئوغرىلاپ يەيدىغان بولۇۋاپتۇ. تەڭنىدىكى ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى كۆرگەن ئۆي ئىگىسى «ئۆيدە چاشقانلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇكۇم ئۇلارنى تۇتۇپ بولالمىغان ئوخشايدۇ» دەپ، ياڭاقتەك نانغا زەھەرلىك دورا ئارىلاشتۇرۇپ تەڭنىگە سېلىپ قويۇپتۇ. تۈن يېرىملاشقاندا مۇشۇك ئاستا تەڭنىگە كىرىپتۇ ـ دە، ھېلىقى زەھەرلىك دورائارىلاشتۇرۇلغان ناننى يەپتۇ ـ دە، شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ.

ئەتىسى ئۆز مۇشۇكىنىڭ ئۆلۈكىنى تەڭنىدە كۆرگەن ئۆي ئىگىسى ئەھۋالنى چۈشىنىپ: ــ ھەي تەييارغا ھەييار مۇشۇكۇم، تەڭنىدىكى ناننى ئوغرىلاپ يېيىشنى ئۆگەنگۈچە، چاشقان تۇتۇشنى ئۆگەنگەن بولساڭچۇ!ــ دەپتۇ① .

## يالغان سۆزنىڭ تارقىلىشى

ئۆتكەن زاماندا ھاشىماخۇن دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە مەسچىتكە چىقىپ كېتىپ، تالادىن يۆتەلگىنىچە كىرىپ كەپتۇ ـ دە، ئېغىر ئۇھ تارتىپتۇ.

ــ نېمە ئىش بولدى؟ تازىمۇ يۆتىلىپ ئۇھ ـ ئۇھلاپ كەتتىڭلارغۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئايالى.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دەپتۇ ھاشىماخۇن، ــ ئىچ ـ قارنىم يورۇپ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم.

ــ نېمە بولغانتىلە؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئەجەبلەنگەن ئايالى.

ــ كىشىگە دېمىگىن، ــ دەپتۇ ھاشىماخۇن ئايالىغا سىرلىق قاراپ، ــ يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق يۆتەلگەنتىم، يۆتەل بىلەن تەڭ ئىچىمدىن بىر قاغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم بىر قىسما بولۇپ قالدىم.

ــ ۋاي ئەمىسە تېۋىپ چاقىرىپ كېلەي، كۆرسىتىپ باقايلى، ــ دەپتۇ ئايالى.

ــ قاغا بىلەن بىللە ئىچىمدىكى دەردىمۇ چىقىپ كەتتى، خۇداغا شۈكرى، ــ دەپ قويۇپ ئۆز ئىشىغا كېتىپتۇ ھاشىماخۇن.

ئۇ بۇ گەپنى ئايالىدىن باشقا ھېچكىمگە دېمەي، ئايالى ئارقىلىق مەھەللىگە تارقىلىپ، قانچىلىك دەرىجىگە يېتىدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ چۈشتە ئاماقا ئۆيگە كېلىۋاتقاندا يولدا: «يۇقىرىقى مەھەللىدە بىر ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئون بەش

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (4)» دىن ئېلىندى.

قاغا چىقىپتۇمىش»، «ياق ئوتتۇز قاغا ئىكەن» دېگەن پاراڭلار قۇلىقىغا كىرىپتۇ. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە دوقمۇشتا بىر تولپ كىشى تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ.

— ھادىسە كەپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، — دەپتۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى، ئىچىڭلاردىن بىرىدىن سەكسەن قاغا چىقىپتىمىشقۇ! بىز ئۆزلىرىنى يوقلاپ مېڭىۋىدۇق...

— ھەر قايسىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، — دەپتۇ ھاشىماخۇن، — ئۇنداق ئىشنىڭ بولغىنى يوق.

جامائەت ھاڭ - تاڭ قېتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئايالى:

— سىلە ماڭا يالغان ئېيتىپلا، — دەپ خاپا بوپتۇ، — ئىچىلىرىدىن توقسان قاغا چىقىپتىغۇ، ماڭا بىرنى دېگەنتىلە.

ھاشىماخۇن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ:

— ئۇنداق بولسا ئەتىگەنكى بىرنى قوشۇپ «يۈز قاغا چىقتى» دەۋەرسەڭ بولمىدىمۇ؟! — دەپتۇ - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

يالغان سۆز بىردەمدىلا ئەنە شۇنداق بالداقمۇ بالداق ئۆرلەپ تېز تارقالغانىكەن[①].

## ئاجايىپ تەنبىھ

بۇرۇن يۈسۈپ ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ خۇش چىراي، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان، ناھەق ئىشقا چىداپ تۇرالمايدىغان يىگىت ئىكەن.

يۈسۈپ يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە يىراق يۇرتتىكى خاسىيەت ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلىپتۇ ۋە ناھايىتى ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۈسۈپ خاسىيەتنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. يۈسۈپ تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ ئانىسى ئىچكىرىكى ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان خاسىيەتنىڭ يېنىغا كىرىپ، — ئېرىڭ قانداقراقكەن، قاملىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

— ناھايىتى ئوبدان، ياۋاش ئوبدان ئادەمكەن، راسا ئوبدان قاملىشىپ قالدۇق.

— ئەخمەق، — دەپتۇ ئانىسى خاسىيەتنىڭ سۆزىدىن نارازى بولۇپ، — قاملىشىپ قالغان بىلەن ھېساب ئەمەس، ئەر كىشى دېگەننى خوتۇن كىشىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغان قىلىپ بويسۇندۇرغان ھېساب. ئەر كىشىنى بارغۇ، خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ «قولۇمغا سۇ قۇيۇۋېتىڭ، ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىڭ» دەپ ئىشقا بۇيرۇغۇلۇق. ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاننى قىلىپ كارت - كۇرت ئوسۇرۇپ قويغۇلۇق، شۇنداق قىلساڭ بارا - بارا ساڭا

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(11)» دىن ئېلىندى.

يۈيسۈنىدىغان بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يۈسۈپنىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ. «قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرىڭ، ئۇچاققا ئوت يېقىۋېتىڭ دېسىغۇ ئۇ ئىشلارنى قىلىۋېتەرمەن. ئەگەر يېنىمدا تۇرۇپ مېنى كۆزگە ئىلماي ئوسۇرىدىغان بولسا، كورگولوكىنى كۆزىگە كۆرسىتەرمەن.» يۈسۈپ شۇلارنى ئويلاپتۇيۇ، لېكىن ھەرگىز چاندۇرماپتۇ…

قايتىپ يولدا كېتىۋاتقاندا، خوتۇنى مىنىپ كېلىۋاتقان ئېشەك ھاڭرىيالماي ئىككى ـ ئۈچنى ئوسۇرۇپ قويۇپتۇ. يۈسۈپ دەرھال خوتۇنىنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ ـ دە، ئېشەكنى بىر توپ سۆگەتكە مەزمۇت باغلاپتۇ.

ـ ھۇ يۈزى قېلىن. مەن سېنى كۇندە ئوت، سۇ، يەم ـ بوغۇز بېرىپ بېقىۋاتسام، مېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋېتىپ، مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي ئوسۇرغىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ كالتەك بىلەن ئېشەكنى بىر ھازا دۇمبالاپتۇ.

ئېشەكنى قاتتىق ئۇرغانلىقىنى كۆرگەن خاسىيەت قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۆيىگە بارغۇچە بىر ئېغىزمۇ گەپ ـ سۆز قىلماپتۇ…

ـ قانداق، ئېرىڭنى ئىشقا بۇيرۇپ باقتىڭمۇ؟ ئانچە ـ مۇنچە ئوسۇرۇپمۇ قويدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ ئانىسى خاسىيەت يەنە بىر قېتىم ئۆيىگە كەلگەندە.

ـ ۋاي ئانا، ـ دەپتۇ خاسىيەت ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، ـ ئۆتكەن قېتىم ئۆيگە قايتىشىمىزدا، ئېشەك ھاڭرىيالماي بىر ـ ئىككىنى ئوسۇرۇپ قويۇۋېدى، «مېنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ» دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى ئاز قالدى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئوسۇرۇپ قويىدىغان بولسام مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىكەن. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى.

مانا شۇ ئاجايىپ تەنبىھتىن كېيىن خاسىيەت ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرمەي، ئېرىنى ھۆرمەتلەپ ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. «چاقنى بۇزغان تانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.[1]

## خالىس نىيەت

ئۆتكەن زاماندا ھاشىم موزدۇز دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم بالا ـ چاقىلىرىنى ئاتا كەسپى ـ موزدۇزلۇق ھۈنىرى بىلەن باقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تىجارىتى ئوبدانلا راۋاج تېپىپ، باي بولۇپ كېتىپتۇ.

ھاشىم موزدۇز باي بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانچىلىق پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە ھەج سەپىرىگە جابدۇنۇپتۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى يىغىپ:

---

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى(11)» دىن ئېلىندى.

– سىلەر يۇرت ـ مەھەللە، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار، كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلارغا ئۆشرە ـ زاكات بېرىشنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، ـ دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

دەل شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قوشنىسى قۇۋان سالچىنىڭ خوتۇنى يوقسۇزلۇقتىن ئاجىزلاپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بالىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھاشىم موزدۇز قاتتىق ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاخىر شۇنداق ئويغا كەپتۇ: «مېنىڭ ئەتراپىمدىكى قولۇم ـ قوشنىلار ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ كۈنى بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا تۇرسا مەن ھەجگە كەتسەم مېنىڭ ھەج قىلىش تەلپىم ئىجابەت بولارمۇ؟... ياق، بۇ ھەج قىلىش قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولماپتۇ»

ھاشىم موزدۇز ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان يىغقان مال ـ دۇنيالىرىنى يۇرت ـ مەھەللە، قولۇم ـ قوشنىلارغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋە ئاجىز يېتىم ـ يېسىرلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. پۈتۈن ئەھلى ـ يۇرت ھاشىم موزدۇزغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

ھاشىم موزدۇز ھەجگە تەييارلىنىۋاتقان يۇرت ئىچىدىكى ئون نەچچە كىشىنىڭ ئىچىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. ھەجگە مېڭىش كۈنى پۈتۈن يۇرت ئىچى ۋە يېقىن ئەتراپتىن كەلگەنلەر ھەجگە ماڭغانلارنى ئۇزىتىپتۇ ۋە ساخاۋەتلىك ھاشىم موزدۇزغا دۇئا قىلىشىپتۇ.

ھەجگە كەتكەنلەر قاتارىدىن بىرنەچچە كىشى تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەج قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماپتۇ. دەل ھەج تاۋاپ قىلىش كۈنى بۇ كىشىلەر شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ: «پەيغەمبەر شۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىر كىشى ھەج قىلىش ئۈمىدى بىلەن ئۇزاق يىللار يىغقان دۇنياسىنى ئاجىز ـ غېرىبلارغا تەقسىم قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا يار ـ يۆلەك بولدى، شۇڭا بۇ يەرگە كېلەلمىدى، ئۇ كىشىنىڭ ھەج قىلىش تەلپى ئىجابەت بولدى... ھازىردىن باشلاپ ھاجىلىق شاراپىتىگە ئىگە بولدى» دەپتۇ. ئەتىسى يۇرتتىن بارغان بارلىق ھاجىلار بىر ـ بىرىگە چۈشىدە مۇھەممەت پەيغەمبەرنى كۆرگەنلىكى ھەمدە پەيغەمبەرنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى دېيىشىپتۇ. ھەممەيلەن چۈشلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار مەككىدىن كۆپ ئىنئاملار ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىشقا چىققان پۈتۈن جامائەت ئالدىدا ھاشىم موزدۇزنى: «ھاشىمھاجىم، ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرى ئىجابەت بولدى، بىز سىلىنى مۇبارەكلەيمىز» دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. يۇرت ئىچىدە تويلانغان چوڭ ـ كىچىك كىشىلەر كۆز يېشى قىلىپ ھاشىمھاجىمنى مۇبارەكلىشىپتۇ.

مەككىگە بېرىپ ھاجىلىق شاراپىتىگە ئىگە بولغان ھەمدە بىر قىسىم تەلپى ئىجابەت بولماي قايتىپ كەلگەن كىشىلەر ھاشىمھاجىمنىڭ كىشىلەرگە كۆيۈنىدىغان،

مېھىر ـ شەپقەتلىك ئالىيجاناب روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارمۇ يۇرت ـ مەھەللىلەردىكى يېتىم ـ يېسىرلارغا مېھرىبانلىق قىلىدىغان بوپتۇ[1].

## دوستانىلىك دوست كۆپەيتىدۇ

بىر سوقۇشقاق توشقان خوراز بىلەن سوقۇشۇپتىكەن، يېڭىلىپ قاپتۇ.

ئۇ ئاسلان بىلەن سوقۇشۇپتىكەن، ئارسلان ئۇنىڭ يۈزىنى تاتىلىۋاپتۇ.

ئۇ ئوغلاق بىلەن سوقۇشۇپتىكەن، ئوغلاق ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

ئۇ بىر قېرى تۇخۇمەك دەرەخنىڭ تۈۋىدە قورسىقى كۆپۈپ ئولتۇرۇپ، دەرەختىن ئۇچلۇق تۇمشۇق، تىرناق ۋە مۈڭگۈز تەلەپ قىپتۇ.

دەرەخ بوۋاي ئۆزىنىڭ شاخلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تۇمشۇق، تىرناق ۋە ئىككى مۈڭگۈز بېكىتىپ قويۇپتۇ.

توشقان قايتىدىن خورازنىڭ يېنىغا سوقۇشقىلى بېرىپتىكەن، خوراز ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. توشقان ئارسلاننىڭ يېنىغا سوقۇشقىلى بارغانىكەن، ئارسلان دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

توشقان ئوغلاقنىڭ يېنىغا سوقۇشقىلى بېرىپتىكەن، ئوغلاق ئېغىلغا كىرىۋاپتۇ.

بۇغا بالىلىرى ۋە ياۋا ئاقتايچاقلارمۇ بۇ غەلىتە مەخلۇقتا يېقىن كېلەلمەي ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپتۇ. توشقاننىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپتۇ ـ دە، يېتىمسىرىغان ھالدا، ھېلىقى تۇخۇمەك دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

دەرەخ بوۋاي ئۇنىڭغا، سەن سوقۇشقاقلىق قىلما، بۇنداق غەلىتە قىياپەتتە بولىۋالما، دەپ نەسىھەت قىپتۇ. توشقان ئەسلىي قىياپەتكە قايتىپ باشقىلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان بوپتۇ. دوستلىرىمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ.[2]

***ھېكمەت:***
***دوستۇم كۆپ بولسۇن دېسەڭ، ھەممە كىشىگە دوستانە بول. شۇندىلا ھەقىقىي دوستۇڭ كۆپىيىدۇ.***

## ئەقىللىق بالا

بۇرۇن كۇنىپېتىش تەرەپتىكى شەھەردە شۇنداق بىر باي ياشاپتۇكى، ئۇنىڭ

[1] مەسئۇدەم ئېيتىپ بەرگەن، شايۇسۇپ ئەيسا رەتلىگەن: «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (11)» دىن ئېلىندى.

[2] ئەيسا قۇربان ئېيتىپ بەرگەن، مەمتىمىن ياسىن توپلىغان: «كەلپىن خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ 1990 ـ يىلدىكى باسمىسىدىن ئېلىندى.

بايلىقلىرىغا لايىق يىلىلىقچىلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇ ھەر يىلى بىر قىسىم ئادەملەرنى ياللايدىكەن، ۋاقىت توشقاندا بىر مەزگىل ۋەزىپە تاپشۇرىدىكەن. مالايلار بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالىسا، بىر يىللىق ئىش ھەققىنى بېرىدىكەن. بولمىسا ھەققىنى ئالالماسلىقىنىڭ سىرتىدا بىر مۇنچە تاياق يەيدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىچىك بالا بېخىل بايغا مالايلىققا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ بارلىق شەرتلىرىگە كۆنۈپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىلمۇ توشۇپتۇ، بالا باينىڭ ئالدىغا ئىش ھەققى سوراپ كىرگەنىكەن، باي ئۇنى بىر ئىشقا بۇيرۇپتۇ ۋە شۇ ئىشنى بېجىرەلىسە ئىش ھەققىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يەنە بالىغا تەڭگە پۇل بېرىپ بازاردىن «ۋايجان بىلەن ۋاييەي» ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەقىللىق بالا بازارغا بېرىپ بىر تەڭگىگە ناھايىتى چىرايلىق بىر دانە شېشە سېتىۋاپتۇ. ئاندىن ئەسكى خارابىلىقتىن نۇرغۇن چايانني يىغىپ شېشىگە سېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ، باينىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە بايغا:

– باي غوجام، سىز ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىغان «ۋايجان بىلەن ۋاييەي» مۇشۇ شېشىنىڭ ئىچىدە. قولىڭىزنى سالسىڭىز چىقىدۇ، – دەپتۇ.

باي بۇ بالىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ ـ دە، قولىنى شېشىگە تىقىپلا «ۋايجان» دەپ تارتىۋاپتۇ. بالا ئۇنىڭغا، باي غوجام قولىڭىزنى يەنە بىر سالسىڭىز ۋاييەينى ئالىسىز، دەپتىكەن، باي قايتا قول تىقىشقا پېتىنالماي قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ بالىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ھەم ئۇنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىنى بېرىپتۇ.①

## بېخىلنىڭ ۋەسىيىتى

ئۆتكەن زاماندا بىر بېخىل ئادەم ياشىغان ئىكەن. ئۇمۇر بويى تۇزۇككىنە يېمەي ـ ئىچمەي، سېغىپ ـ يالاپ دېگەندەك كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى 30 مىڭ تىللادىن ئارتۇق پۇل يىغىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئولتۇرۇپ «يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، شۇنچىلا كۆپ پۇل يىغىپتىمەن، ئەمدى بەس، مۇندىن كېيىن تۇزۇكرەك يەپ ـ ئىچىپ، ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىك كۈن كەچۈرەي» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن ئۇ ئەمدىلا پۇل يىغىشنىڭ كويىدا تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراشنى توختاتقان كۈنى ئەزرائىل ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىرلىنىپ:

– جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم. تەييار بول! – دەپتۇ. بۇ چاغدا بېخىل ئادەم چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئەزرائىلغا يالۋۇرۇپ:

– ئالىيلىرى، ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن بولسىلا، مەن پۈتۈن بايلىقىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۆزلىرىگە بېرەتتىم، – دەپتۇ.

①ئەمەت زايىت ئېيتىپ بەرگەن، ئىبراھىم مەمەت توپلىغان: «كەلپىن خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ 1990 ـ يىلدىكى ساندىن ئېلىندى.

ئەزرائىل قىلچە پىسەنت قىلماستىن ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشقا تەييارلىنىپتۇ.

بېخىل يەنە:

— جانابلىرى ماڭا رەھىم قىلىپ، بۇ دۇنيادا ئىككى كۈن ياشاشقا پۇرسەت بەرسىلە، مەن سىلىگە بايلىقىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئەزرال يەنىلا پىسسەنت قىلماپتۇ. بېخىل ئاخىرى بولماي پۈتۈن بايلىقىنى بىر كۈنلۈك ئۆمۈرگە تېگىشىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ھېچبىر نەتىجە چىقماپتۇ. بېخىل ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا ئەزرائىلغا:

— بوپتۇ، جېنىمنى بەرسەم بېرەي، سىلىدىن ئەڭ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈم: ماڭا ئازراق ۋاقىت بەرسىلە، بىر پارچە ۋەسىيەتنامە يېزىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇراي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئەزرائىل ماقۇل بولۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بېخىل ئۆزىنىڭ بارمىقىنى كېسىپ قېنى بىلەن مۇنداق ۋەسىيەتنامە يېزىپتۇ:

— ھەي ئىنسان بالىسى، مېنىڭ مۇنۇ سۆزۈمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت:

«سەن بىر ئۆمۈر جاپا — مۇشەققەتتە يىغقان مال — دۇنيارىڭغا بىردەملىك ۋاقىتنى سېتىۋالالمايسەن، ھايات ئادەمگە بىرلا كېلىدۇ. بايلىق قالىدۇ، ھايات كېتىدۇ. سەن ۋاقىتنى ئەزىزلە، ھاياتىڭنى قەدىرلە!»①

## ھۇرۇنلۇقتىن شاھلىققىچە

مەلۇم شەھەرنىڭ پادىشاھى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپتۇ. كېتىپ بارسا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا 14 ~ 15 ياشلاردىكى بىر چىرايلىق بالا ئوڭدا ياتقۇدەك. پادىشاھ «مەندەك پادىشاھ كەلسىمۇ، بۇ بالا قوپماي ئوڭدا ياتىدىغۇ» دەپ ئويلاپ ۋەزىرلىرىدىن:

— نېمە ئادەم بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ھۇرۇن، دائىم شۇنداق ياتىدۇ. بىر ئادەم بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ئۆرۈپ قويمىسا ئۆرۈلمەيلا ياتىدۇ. ئون كۈن ئاچ قالسىمۇ يېنىدىكى تاماقنى ئۆزى ئېلىپ يېمەيدۇ، — دەپتۇ ۋەزىرلەر.

— ئۆزى ساقمۇ، قانداق؟ — يەنە سوراپتۇ پادىشاھ.

— ساق.

— ھۇرۇن بولسىمۇ ياش بالىكەن، مېنىڭ سايەمدە كۈن كۆرۈپ قالسۇن. چار يىغمىغا باشلاپ بېرىپ، بىر سۆرۈن جايدا ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، — پادىشاھ شۇنداق دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ھۇرۇننى چارباغقا

① ئامۇدۇن ئېيتىپ بەرگەن، مەمتىمىن ياسىن توپلىغان: «كەلپىن خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ 1990 — يىلدىكى سانىدىن ئېلىندى.

ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەر كۈنى بىر لېگەن پولۇ بىلەن قوينىڭ گۆشىنى بېرىپ ياخشى بېقىپتۇ. ھورۇن شۇ يېمەكلىكلەرنىمۇ يېگۈزۈپ قويمىسا يېمەيدىكەن. بەش - ئون كۈن ئۆتكەندە يەنە بىر بالا كەپتۇ. ئۇ ۋەزىرگە: — مەنمۇ ھورۇن ئىدىم، — دەپتۇ. ۋەزىر پادىشاھغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ: — ئۇنىمۇ بېقىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ھورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ تەختتە ئولتۇرۇپ چارباغدىن كېلىۋاتقان غوۋغانى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇ ئان ۋەزىردىن:

— باغدىكى نېمە غوۋغا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلى ھازىر بېقىۋاتقان ھورۇنلار بىر مىڭ بەش يۈزگە يەتتى. بۇ شۇلارنىڭ غوۋغاسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا تۆمۈرچىنىڭ ئاقساقىلىنى چاقىرىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر تۆمۈرچىنىڭ ئاقساقىلىنى چاقىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ:

— تۆمۈردىن بىر ئۆي ياسايمىز. ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق مېتىر، كەڭلىكى قىرىق مېتىر بولسۇن، ھەر تېمىغا ئوندىن ئىشىك قويۇڭ. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ھورۇنلارنى بۇ ياققا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشىكلەرگە كۆرەك ئورنىتىڭ، — دەپتۇ.

ئۆي پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھ ھەممە ھورۇنلارنى ئەكىلىپ شۇ تۆمۈر ئۆيگە سولاشقا ئەمىر قىپتۇ. ھورۇنلار تۆمۈر ئۆيگە سولىنىپتۇ. پادىشاھ ئوت قالاپ كۆرەكنى بېسىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ئوت يېقىلىپ كۆرەك بېسىلغاندىن كېيىن تۆمۈر ئۆي قىزىپ ھورۇنلار ئاللا - توۋا كۆتۈرۈشۈپتۇ. ۋەزىر:

— پادىشاھئالەم، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ بۇ ھورۇنلارنى ساۋاب بولسۇن دەپ باقتۇق. ئەمدى ئۇلارنى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ كۆيدۈرسەك بۇنىڭ قىساسىنى كىم تارتىدۇ؟ بۇنىڭدىن كۆرە ئىشىكنى ئېچىۋەتسەك، ھورۇنلار جاي - جايلىرىغا كەتسە بولمامدۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھقا.

— ماقۇل، ئىشىكنى ئېچىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ. ئىشىك شۇنداق ئېچىلىشىغا ھورۇنلارنىڭ ھەممىسى تەرەپكە - تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە:

— قاراپ بېقىڭ، ئۆيدە ئادەم بارمۇ - يوق؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر ئۆيگە كىرىپ قارىسا ئىككى ئادەم ياتقۇدەك. بىرسى يەنە بىرسىگە «بەدىنىم كۆيۈپ يېغىم ئاققىلى تۇردى، ئەمدى خۇداغا تۆۋە قىلىۋالمايلىمۇ» دېسە، يەنە بىرسى «مېنىڭ بېقىنىم پىژىلداپ كۆيۈۋاتىدۇ. ماڭا ھازىر خۇداغا تۆۋە دېگىلىمۇ خۇشياقمايۋاتىدۇ. مەن بۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلالمىغۇدەكمەن» دېگۇدەك. ئارىدا ئۇلارنىڭ بىرى ئىسسىققا چىدىماي قېچىپ كېتىپتۇ. يەنە بىرسى كۆزىنى پارقىرىتىپ بەخىرامان يېتىپتۇ. ۋەزىر قارىسا، ھورۇننىڭ چاپىنى كۆيۈپ، بېقىنىنىڭ يېغى ئېرىپ تۆمۈرگە ئېقىۋاتقۇدەك، ھورۇن بولسا چاپانىنى سېلىۋېتەيمۇ دېمەي ياتقۇدەك.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ: — كىمكى مۇشۇ ھۆرۈننى ئىشقا سالالىسا، پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى شۇنىڭغا بېرىمەن، — دەپ جاكار قىلىپتۇ. بىراق ھېچكىمنىڭ بۇ ھۆرۈننى ئىشقا سېلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرىنى چاقىرىپ:

— سىزگە قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي، مۇشۇ ھۆرۈننى ئىشقا سالسىڭىز، پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى سىزگە بېرىمەن، ئەگەر ھۆرۈننى ئىشقا سالالمىسىڭىز، كاللىڭىزنى ئالىمەن، مال - دۇنيالىرىڭىزنى مۇسادىرە قىلىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ياق دېيىشكە پېتىنالماپتۇ. ئەمما، «گۆشى كۆيۈپ كەتسە غەم قىلمىغان ئادەم قانداقمۇ ئىش قىلسۇن» دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئارىدىن بەش - ئون كۈن ئۆتۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ پىكىر - خىيالى ئۆز ئەجىلى بىلەن قاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ 15 ياشلارغا كىرگەن، بىلىملىك، زېرەك بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز دادىسىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ غېمىدە يۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ دادىسىدىن:

— دادا، ئولتۇرساڭمۇ، قوپساڭمۇ غەمدىلا يۈرۈيسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىم، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ ۋەزىر.

بىراق قىز:

— سەن مېنىڭ دادام، بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشكەن بولسا ماڭا دېگىن. قولۇمدىن كەلسىلا مەن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىر قىزغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. قىز:

— دادا، خاتىرجەم بول، بۇ ئىشقا باش قاتۇرما، سەن مېنى ئۇ ھۆرۈنغا خوتۇنلۇققا بەرگىن. قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپكە ۋەزىرنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ ۋە:

— قىزىم، شۇنداق ئەرگىمۇ تېگەمسەن؟ سېنى ئەرگە چىقارغۇم بولسا، بۇ ھۆرۈنغا بەرمىسەممۇ، باشقا ئەر تېپىلمىدىمۇ؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— دادا، — دەپتۇ قىز مېھرىبانلىق بىلەن، — بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامال بار؟ مېنىڭچە، ئۇ ھۆرۈننى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ۋەزىر قىزىنى ئامالسىزلىقتىن ھۆرۈنغا بېرىپتۇ. توينى قىلىپ قىزنى ھۆرۈننىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى قىز بىلەن بىللە بارغانلارمۇ قايتىپ كەپتۇ. قىز ھۆرۈن بىلەن يالغۇز قاپتۇ. بىراق ھۆرۈن كۆزىنى پارقىرىتىپ مىدىرلىماي يېتىۋېرىپتۇ. قىز چىرايلىق، شوخ بولغاچقا، ھەرخىل ئامال - چارە بىلەن ئاخىر ھۆرۈننى ئۆزىگە مەھلىيا قىپتۇ. ئەتىسى قىز ھۆرۈننى ئورنىدىن قوپۇرۇپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. داستىخان ئەكېلىپ، ھۆرۈننى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىككىسى بىرلىكتە چاي ئىچىپتۇ. قىز بىر نەچچە كۈنگىچە شۇنداق قىپتۇ. بىر كۈنى قىز ھۆرۈننى ئالدىدا

ئولتۇرغۇزۇپ:

– دادام كۈندە بىزگە تاماق چىقارتىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز يەپلا يېتىۋاتىمىز. بىزنىڭ بەش ئەزايىمىز تولۇق، تېنىمىز ساق تۇرسا، بىر كۈنلىرى دادام مىننەت قىلىپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟ بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرسەك بولمامدۇ؟ – دەپتۇ.

– ئۇنداقتا نېمە ئىش قىلساق بولار؟ – دەپ سوراپتۇ ھۆرۈن.

– سىز كوچىغا چىقىپ مەدىكارلىق قىلىڭ، – دەپتۇ قىز، – دادامنىڭ ئۆيىدە بىر كەتمەن بار. ئۇنى ئادەتتىكى ئادەم كۆتۈرەلمەيدۇ. سىز بىر ئامال قىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىڭ.

ھۆرۈن ماقۇل بولۇپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. كەتمەن ئىچكىرىكى قازناقتا ئىكەن. ۋەزىر ئون ئادەم باشلاپ كىرگەنىكەن، كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقالماپتۇ. ھۆرۈن ئۆزى يالغۇز كەتمەننى دەس كۆتۈرۈپ، مۇرىسىگە سېلىپ مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. ھەممەيلەن بۇنىڭ ئىش ھەققىنى كۆپ كۆرۈپ ئىشقا ئالماپتۇ، ئەمما بىر سودىگەر كېلىپ ھۆرۈندىن:

– ئاشۇ كەتمەننى ئۆزۈڭ چاپالامسەن؟ – دەپ سوراپتۇ.

– چاپىمەن، – دەپتۇ ھۆرۈن.

– ئۇنداق بولسا يۈرە، تۆت تەڭگىنى مەن بېرەي، – دەپتۇ سودىگەر.

سودىگەر ھۆرۈننى بېغىغا باشلاپ بېرىپتۇ. قارىسا، باغنىڭ ئىچىدە يوغان بىر دۆڭ، بىر پوتەي، ئارىلىقتا بىر ئازگال تۇرغۇدەك.

– مۇشۇ دۆڭنى ئاشۇ ئازگالغا توشۇپ، ئازگالنى تىندۇرىسەن. مەن دۆكانغا بارىمەن، ساڭا قارايدىغان باشقا ئادەم يوق، ئۆزۈڭنى بىلىپ ئىشنى ياخشى قىلارسەن، – دەپتۇ سودىگەر ۋە ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىپ دۆكىنىغا كېتىپتۇ. ھۆرۈن ئىلگىرى ئىش قىلىپ باقمىغاچقا، ئارام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئەتىگەندە باشلىغانچە كەچكىچە ئىشلەپتۇ. دۆڭ ئازلا قاپتۇ. «ئالتە ئايدا تۈگىتەرمەن» دەپ پىلانلىغان ئىشنىڭ تېزلا تۈگەي دەپ قالغىنىنى كۆرگەن ھۆرۈن ئۆز – ئۆزىدىن خۇرسەن بوپتۇ. سودىگەر باغنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، يىگىتنىڭ بىر پاتمان كەلگۈدەك توپىنى شۇنچە يىراققا ئېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ھارماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەمنۇن بوپتۇ – دە، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ بىر قوينىڭ گۆشىنى باستۇرۇپ پولۇ ئەتكۈزۈپتۇ. ھۆرۈن ھېلىقى پولۇنى بىردەمدىلا يەپ تۈگىتىپتۇ.

ئىشنىمۇ قىلىدىكەنسەن، ئاشنىمۇ يەيدىكەنسەن، يارايدىكەنسەن دەپ ئويلاپتۇ سودىگەر ۋە:

– بۇگۈنكى ئىش ھەققىڭنى بۈگۈن ئالامسەن ياكى ئەتە ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئالامسەن؟ – دەپ سوراپتۇ.

– بۈگۈنكىنى بۈگۈن ئالىمەن، – دەپتۇ ھۆرۈن. سودىگەر ئۇنىڭغا ئىشتان –

كۆينەك، چاپان، دوپپا، ئاياغ، بېلىگە باغلىغىلى ياغلىق ۋە تۆت تەڭگە بېرىپ يولغا سالىپتۇ. يىگىت خوتۇننىڭ تاپىلىشى بويىچە قايتىشىدا كەتمەننى مورىسىگە سېلىپ پادىشاھنىڭ راۋىقىنىڭ يېنىدىكى تار كوچىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ئايال بەرھال چىقىپ ئېرىنى كۈتۈۋاپتۇ. يۈز - كۆزىنى ياغلىق بىلەن سۈرتۈپتۇ. شوخلۇق قىلىپ بىرنەچچىنى سۆيۈپمۇ قويۇپتۇ. ئاندىن ئېرىنىڭ ئالدىغا چاي ئەكىرىپتۇ. ھۆرۈن ئايالىغا قايىل بولۇپ، ئىش ھەققىنى ئايالىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇ ئەتىسى يەنە ئىشقا بېرىپتۇ. سودىگەر ھۆرۈندىن:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئون بەش ياشقا.

— مەن كۆڭلۈمدە ئون ئالتە تەڭگە بېرەي، مەن سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى ئىدىم. بالام يوق، مەن بىلەن بىللە ماڭساڭ قانداق؟ — دەپتۇ سودىگەر.

— بۇنىڭغا ماقۇلمۇ، ياقمۇ دېيەلمەيمەن. ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ ھۆرۈن.

ھۆرۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن سودىگەرنىڭ دېگەنلىرىنى ئايالىغا ئېيتىپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ سودىگەر بىلەن بىللە بېرىشىغا قوشۇلۇپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا ئايالى يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ مۇنۇ گەپلىرىمنى ئېسىڭىزدە بولسۇن: 400 ئادەم 20 كۈن ماڭسىلار، يېدىغان، ئىچىدىغاننى ئېلىۋالسىلار. سىلەر ماڭىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى چۆللۈك. 20 كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن سۇيۇقلار تۈگەيدۇ، بىر قۇدۇق بېشىغا بارسىلار، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىش ئۈچۈن چېلەك تاشلايسىلار، سۇ چىقمايدۇ، ھەممىڭلار يىغا - زار قىلىشىسىلەر. قايتىپ كېتەيلى دېسەڭلار، يەنە 20 كۈن يول مېڭىشىڭلار كېرەك. ھەممە يەرەپ 20 كۈنلۈك يول. مۇشۇ قۇدۇقتىن سۇ ئېلىۋېلىشتىن باشقا چارە يوق. سىلەر ئامالسىزلىقتىن سۇ چىقىپ قالارمىكىن دەپ بىر ئادەمنى بېلىدىن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرسىلەر. قۇدۇققا چۈشكەن ئادەمنى تارتىۋالغىنىڭلاردا ئۇنىڭ كاللىسى يوق چىقىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ. بىرقانچە قېتىمدىن كېيىن نۆۋەت سودىگەرگە كېلىدۇ، ئۇ قۇدۇققا چۈشۈشتىن بۇرۇن سىزگە «ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم بارلىق تەئەللۇقاتىم سىزگە تەۋە بولسۇن، يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆل كولىتىپ، مەسچىت سالدۇرۇپ ۋەخپە قىلىڭ. ئۆيۈمدىكىلەرگە ياخشى قاراڭ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ» دەپ تاپىلايدۇ. شۇ چاغدا سىز «مەن سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز، قۇدۇققا مەن چۈشەي، ناۋادا مەنمۇ ئۆلۈپ قالسام، ئاندىن سىز چۈشسىڭىز مەيلى، بىراق مەن ھايات تۇرۇپ سىزنى قۇدۇققا چۈشۈرمەيمەن، سىز ماڭا ئاش - نان بەردىڭىز، ياش بولغاندىكىن مەن چۈشەي» دەڭ. سودىگەر بۇ پىكرىڭىزگە

قوشۇلىدۇ. باشقىلار قۇدۇققا بېلىنى باغلاپ پۇتىچە چۈشكەن بولسا، سىز پۇتىڭىزدىن باغلاپ بېشىڭىزنى تۆۋەن قىلىپ چۈشۈڭ. قۇدۇق ناھايىتى چوڭقۇر، ھەم قاراڭغۇ. ئىشىكنى ئاچسىڭىز بىر باغ كۆرۈنىدۇ. شۇ ھامانلا قاپقارا بىر دىۋە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئالدىڭىزغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. سىز 39 ئادەمنىڭ بېشىنىڭ ياندىكى قازانغا قاتار تىزىلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىسىز. كۆزىڭىزگە يەنە بىر راۋاقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر قىز كۆرۈنىدۇ. قىزنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كېنىزەكلەر بار. دىۋە سىزنى چېپىۋېتىشكە تەمشەلگەندە، قىز ئۇنى توختىتىۋالىدۇ ۋە سىزنى ئالدىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇيدۇ. دىۋە سىزنى قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. سىز قىزنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن تۇرىسىز. قىز: «سىلەر جىنلارمۇ ياكى ئادەممۇ؟ ئالدىڭلاردا چۈشكەن ئادەم ئۆلۈك چىقسا قۇدۇققا يەنە چۈشتۈڭلارغۇ؟» دەپ سورايدۇ: سىز «ئەي مەلىكە، بىز 400 ئادەم، سۇسىز قالدۇق. قۇدۇققا چۈشمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆلۈپ تۈگىشىمىز. شۇڭا بىر ئامال قىلىپ بېقىشنى لايىق تاپقاندۇق» دەيسىز. قىز يەنە: «ئۇنداق بولسا ھەممە كىشى بېلىنى باغلاپ چۈشسە، سىز نېمىشقا تەتۈر چۈشتىڭىز؟» دەپ سورايدۇ. سىز: «قۇدۇقنىڭ ئاستىدا ھەر قايسىلىرىدەك مەلىكىلەر، شاھزادىلەر بولسا پۇتۇم ئۇلارنىڭ يۈزىگە توغرا كېلىپ قالمىسۇن دەپ ھۆرمەت قىلىپ، بېشىمچە چۈشتۈم. سىزگە ئايالىم گۈلجەمىلە سالام ئېيتتى» دەڭ. شۇ چاغدا مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر سەر ئالتۇننى بېشىڭىزدىن چاچىدۇ ۋە «گۈلجەمىلە دېگەن قىزدىن ئايلىناي، ئۇ ھازىر نەدە؟» دەپ سورايدۇ. سىز مېنىڭ بار جايىمنى ئېيتىپ بېرىسىز. قىز سىزگە پادىشاھلىق كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ ئۆزىنى نىكاھىڭىزغا ئېلىشىڭىزنى ئۆتۈنىدۇ. ئۇ مەندىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق، پېشمۇ ئون بەش ياش ئەتراپىدا، سىز قىزنى ئالىسىز. قۇدۇقتىن چىقسىڭىز، ھەممە سودىگەر سىزگە سالام قىلىدۇ ۋە: «ھەممەيلەن قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلۈك چىقسا، سىز پادىشاھ بولۇپ چىقىپسىز» دەپ سورايدۇ. سىز: «مەن ئەدەپلىك بولغىنىم ئۈچۈن پادىشاھ بولۇپ چىقتىم» دەيسىز. شۇنىڭ بىلەن قىز قىرىق تۇلۇمدا سۇ چىقارتىپ بېرىدۇ. سۇنى ئۇلار بىلەن بىللە ئىچىسىز. ماڭغان چاغدا قىز سىزگە: «باغدادقا بارغان ۋاقتىڭىزدا ۋە قايتىش يولىڭىزدا دۆلەتمەن بولىسىز. سىز دۆلەتمەن بولغاندا قۇدۇقتا يالغۇز قالغان مەندەك ئاياللىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ» دەپ، لېۋىڭىزگە لېۋىنى يېقىپ تۇرۇپ ئۆزىنى قويىدۇ. باشقىلار سىزگە ھۆرمەت قىلىدۇ. سىزگە ئۆز ماللىرىدىن زاكات بېرىشىدۇ. سىز باي بولىسىز. لېكىن مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بۇرۇنقىدەكلا ياخشى ئىشلەڭ. باغداد پادىشاھىنىڭ ئون ئالتە ياشلىق بىر قىزى بار، ئۇ ساھىبجامال بولغىنى بىلەن ئىككى كۆزى كورمەيدۇ. سىز باغدادقا چۈشكەن كۈنى «ھەرقانداق كىشى شاھنىڭ قىزىنىڭ كۆزىنى ساقايتسا، پادىشاھ شۇ كىشىگە قىزىنى ۋە پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ» دېگەن جاكارنى ئاڭلايسىز. سىز «قىزنى مەن ساقايتىمەن» دەڭ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، پادىشاھ سىزگە ھەممە گەپنى ئېيتىپ، قىزىنىڭ قېشىغا باشلاپ

بارىدۇ. سىز قىزنىڭ قېشىغا كىرگەندە، قىزنىڭ قۇچىقىدا بىر قارا مۇشۇكنى كۆرىسىز. ئىشىكتىن ناھايىتى چاققانلىق بىلەن كىرىسىز ـ دە، سول قولىڭىزدا مۇشۇكنى تۇتىسىز، ئوڭ قولىڭىزدا مەن بەرگەن مۇنۇ پىچاق بىلەن مۇشۇكنى بوغۇزلاپ، قېنىنى قىزنىڭ كۆزىگە تېمىتىسىز. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ. مۇشۇ پىچاقتىن باشقا ھەرقانداق پىچاقتا مۇشۇكنى بوغۇزلىغىلى بولمايدۇ. قىزنىڭ كۆزىنى ساقايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىسىز. تويدىن كېيىن شاھ پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنى سىزگە بېرىدۇ. پادىشاھنىڭ بېغىدا ئىككى كۆل بار، بىرى ئالتۇن بىلەن، بىرى كۈمۈش بىلەن ياسالغان. ئىككىلىسىدە سۇ بار، ئىككى چاق بار، ئوڭدىكى چاقنى چۆرىسىڭىز، كۈمۈش كۆلنىڭ سۈيى ئالتۇن كۆلگە چىقىدۇ. سولدىكى چاقنى چۆرىسىڭىز، ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيى كۈمۈش كۆلگە چىقىدۇ، سىز ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەتسىڭىز، كۆن چىقىش تەرەپتىكى تاغ باغرىدا بىر يول كۆرۈنىدۇ. شۇ يول بىلەن ماڭسىڭىز، ھەزرىتى ئىسكەندەردىن قالغان خەزىنىگە بارىسىز. سىز خەزىنىدىكى ئالتۇننى ئېلىپ پادىشاھقا تاپشۇرۇڭ. لېكىن پادىشاھ بۇ ئالتۇننى قوبۇل قىلماي، ھەممىنى سىزگە بېرىۋېتىدۇ. سىز بۇ ئالتۇننى شەھەردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىڭ. پۇقرالار تۆلەيدىغان باجنى سىز ئاشۇ ئالتۇن بىلەن تۆلىۋېتىپ، ئېشىپ قالغانلىرىنى شەھەردىكى بارلىق غېرىب ـ مۇساپىرلارغا تارقىتىپ بېرىڭ. بۇ ئالتۇن ناھايىتى جىق بولغاچقا، خېلى ئۇزۇن مەزگىل يېتىدۇ. ئاخىرىدا پادىشاھ ئاغرىپ قالىدۇ. پادىشاھ ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ: «مەن ئاغرىپ قالدىم. ساقىيىشىمدىن ئۈمىد يوق. تەختىمگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلۇم يوق، شۇڭا ئورنۇمغا بىر ئادەمنى سايلاڭلار» دەيدۇ. سىز يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلىغانلىقىڭىز، ئەلنى ئادالەت بىلەن سورىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ھەممە كىشى سىزنى پادىشاھلىققا سايلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ۋاپات بولىدۇ. سىز پادىشاھلىق تاجىنى كىيىسىز. يۇرت سورايسىز. مال ـ دۇنياغا ئىگە بولىسىز. ئەنە شۇ چاغدا غېرىب ۋە يوقسۇل چاغدا ئالغان مەندەك ئايالىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم زادىلا سوۋۇپ قالمايدۇ.

ئايال سۆزىنى تاماملاپ ئېرىنى يولغا سالدى. ھۇرۇن يولدا ياخشى خىزمەت قىلدى. 20 كۈن ماڭغاندىن كېيىن دېگەندەك بىر قۇدۇققا يېتىپ بېرىپتۇ. ھۇرۇن ئىشلارنى ئايالىنىڭ دېگىنى بويىچە بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

باغداد شاھىنىڭ قىزىنىڭ قۇچىقىدىكى مۇشۇك ئەسلىي دىۋە بولۇپ، قىزغا ئاشىق ئىكەن. ئۇ قىزنى ئېلىپ قېچىپ كوھىقاپقا ئېلىپ كېتەي دېسە، ئۆزىدىن چوڭ دىۋىلەرنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭا، ئۇ قىزنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويۇپ، مۇشۇك سىياقىغا كىرىۋېلىپ قىزنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ قىزنىڭ جامالىدىن ھۇزۇرلانغانىكەن.

ھۇرۇن ئايالىنىڭ دېگىنى بويىچە مۇشۇكنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى قىزنىڭ كۆزگە

www.uyghurkitap.com

تېمىتىپ ساقايتقاندىن كېيىن پادىشاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ قىزىنى يىگىتكە نىكاھلاپ قويۇپ، پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىنىمۇ بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارمۇ خۇددى ھۆرۈننىڭ ئايالى ئېيتقاندەك بوپتۇ. پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۆرۈن پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپتۇ ۋە يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. ئايالى بىللە ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئايالىنى ئەسلەپ، ئايال بار شەھەرگە بارماقچى بولۇپ تەييارلىق كۆرۈپتۇ. بۇ شەھەرمۇ ئۇنىڭغا قالغاچقا ئەل - يۇرت ئۇنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ھۆرۈن ئوردىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپلا ئۆيىگە قايتىپ، خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

ھۆرۈن مانا مۇشۇنداق قىلىپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ئەلنى ئەدلۇ - ئادالەت بىلەن سوراپ، بەختلىك ئۆتۈپتۇ① .

## شەمشنۇر

داقىيانۇسنىڭ زامانىسىدا يەتتە ئىقلىم پادىشاھى ھۆكۈم سۈرگەنىكەن، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان خەلەپ پادىشاھىدىن پادىشاھ خوجا ۋاپاغا ھەم كېردەنشا نامىچىغا بىر مەكتۇپ كەپتۇ. ئۇلار خەتنى ئېچىپ ئوقۇسا مۇنداق دەپ يېزىلغانىكەن: «جانابى ئۇلۇغ پادىشاھ خوجا ۋاپا ۋە دانىشمەن كېردەنشا نامىچى، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا ۋەزىرىم بىلەن ئوغلۇم سەپەر قىلدى، ئۇلارنىڭ تەشرىپىگە كۆڭۈل بولۇپ، ھەمدەم بولۇشۇڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. پادىشاھلار ئارىسىدىكى مۇنداق مۇناسىۋەتلەر ئەللىرىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. مۇشۇنداق ياخشىلىقلار بىز پادىشاھلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، دەپ سىلەرگە ئۈمىد باغلاپ، ئېھتىرام بىلەن: پادىشاھى خەلەپ.»

بۇ خەتنى ئوقۇپ، پادىشاھ خوجا ۋاپا ئانچە ئويلانمايلا مۇنداق دەپتۇ:

— ئاتا، مېنىڭمۇ بۇ توغرۇلۇق ئويلىغىنىم بار ئىدى، پادىشاھلارنىڭ ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشى تەگدىشى يوق ئىشلاردىن بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەلنى باشقۇرۇپ، پۇقراغا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن بۇ پەرز ھەم قەرز. شۇڭا مەن ئويلايمەنكى، خەلەپنىڭ ۋەكىللىرى كەلگۈچە يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتسەك، ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنىمۇ مېھمانىغا چاقىرىپ، چوڭ بىر ئەشرىكەت قىلساق، مۇتەپەككۇرلارنىڭ شۇ ئولتۇرۇشىدا ئۆزئارا سۆھبەتلىشىپ، سىر ئېلىشىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمىزنى بايان ئەيلىسەك، خۇدا ئالدىدا ۋە بەندىلەر ئالدىدا تەگدىشى يوق ساۋاب ئىش قىلغان بولاتتۇق، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— بولىدۇ، ئوغلۇم، سىز ئىنتايىن ياخشى پىكىر قىلدىڭىز، مۇبادا نېسىپ بولۇپ

---

①ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ناھىيە كونا شەھەر دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى دۇكاندىن: ھوشۇر قادىر(«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمى 8 – قىسىمدىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 – يىل نەشرى).

قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرەرمىز، ــ دەپتۇ كېردەنشا.

پادىشاھ خوجا ۋاپا شۇ كۈندىن باشلاپ ۋەزىر، ئۆلىما، لەشكەر ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن ئىككى ئاي تەييارلىق قىپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ چار بېغىدا مىڭلاپ قوي سويۇلۇپ، يۈزلەپ داش قازانلار ئورنىتىلىپ، تۈرلۈك تائاملار ھازىرلىنىپتۇ. تەييارلانغان مەخسۇس ئورۇنلارغا داستىخانلار سېلىنىپ، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك نازۇنېمەت تۆكۈلۈپتۇ. ھەرخىل شارابلار ھازىرلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتە نەغمە ـ ناۋا، داقا ـ دۇمباق قىزىپتۇ؛ بىر تەرەپتە دارۋازلار، ئۇسسۇللار ئوينىلىپتۇ.

يەتتە ئىقلىمدا، بۇ كەمگىچە ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئاجايىپ ئولتۇرۇش تارىخقا يېزىلىپتۇ. ئويۇن ـ تاماشا ئون ئىككى كۈندە ئاياغلىشىپتۇ.

قىرىق يىلدىن بېرى كېردەنشانىڭ زۇلمىدىن باشقىنى كۆرمىگەن پۇقرا خوجا ۋاپا پادىشاھ بولۇپ تەختكە ئولتۇرغاندىن بېرى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، راھەت كۆرۈۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇشۇپ، خوجا ۋاپاغا تۈگىمەس تەشەككۇرلەر ئېيتىشىپتۇ، كېچە كۈندۈز ئوردىدىن كەتمەي، خوجا ۋاپاغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرى، ۋەزىرلىرى، ئۆلىمالىرى ھەيران بوپتۇ. خوجا ۋاپاغا كۆپ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كېچىسى ھېكايە ئاڭلاش ئۈچۈن پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆلىما، خەلىپىلەر مەخسۇس تەييارلانغان ئايرىم خانىگە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. خوجا ۋاپا بۇ سۆھبەتتە ئەگەر ۋاقىت بولسا، خەلەپ پادىشاھنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى نېمە ۋەجىدىن مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئوغلى بىلەن ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ بۇ يۇرتقا سەپەر قىلىشىدىكى سەۋەبلىرىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاڭلاپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

ــ ئەي ئوغلۇم خوجا ۋاپا، مېھمانلار جەم بولۇپ قالدى، قىرىق پارىڭ قىلىدىغان، يا بولمىسا ھېكايە ئېيتىدىغان كىشىلەر بولسا چاقىرتسىڭىزچۇ؟ ــ دەپتۇ كېردەنشا. خوجا ۋاپانىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىڭبېشى بەش ـ ئالتە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ، قىزىقارلىق ھېكايە ئېيتىدىغان بىرەر ھېكايىچىنى ئىزدەپتۇ. ئەمما، تۈزۈكرەك بىر ئادەم تېپىلماپتۇ. ئاخىر ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئىزھار قىپتۇ.

خوجا ۋاپا:

ــ يەتتە يىلدىن بېرى مال بېقىپ، يېڭىدىن ئوردىغا كەلگەن بىر يېتىم بالا بار، ئۇنى ھېكايىگە ئۇستا، دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئەگەر بولمىغاندا شۇنى بولسىمۇ ئېلىپ كېلىڭ، ــ دەپتۇ.

مىڭبېشى ئۇدۇل بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئەي يېتىم! پادىشاھنىڭ ئەمرى: سېنى ھازىر يېتىپ كەلسۇن دەيدۇ، ــ دەپتۇ ـ دە، پادىچى بالىنى باشلاپ مۆتىۋەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

بالا سالام قىلىپ بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپتۇ.

يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرى بۇنى كۆرۈپ بىر – بىرىگە قارىشىپ، پىچىرلىشىپ، بالىنىڭ ھۆسنىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ. خەلىپىنىڭ شاھزادىسى بالىدىن ھېچ كۆز ئۈزەلمەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا:

– ھەي، كىتاب ئوقۇغانمۇ سەن؟ – دەپتۇ گېردەنشانىڭ بىر ئۆلىمالىرى نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ.

– يوقسۇ تەقسىر، كىتاب كۆرمىگەنمەن، – بالا شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ بالا.

– ئۇنداقتا، بۇ يەرگە يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ نېمىشقا كەلدىڭ؟ – دەپتۇ ھېلىقى ئۆلىما.

گېردەنشاھ ئاغزىنى خوجا ۋاپانىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ: «بۇ بالا ئۇلۇغلار ئالدىدا ھېچنېمە سۆزلەپ بېرەلمەي، بىزنى رەسۋا قىلمىغىيدى» دەپ پىچىرلاپتۇ.

– ئېيتىپ كۆرسۇن، ئاتا، – دەپتۇ خوجا ۋاپا، – كۆپ يىللار مال بېقىپ، ئېغىرچىلىقنى كۆرگەن كىشى كۆپ نەرسە بىلىشى مۇمكىن.

– ئەي يېتىم قول، قىزىقارلىق ھېكايە ئېيتالامسەن؟ – دەپ سوراپتۇ گېردەنشا.

– ھەممىنى ئېيتالايمەن، – دەپتۇ بالا.

– نېمىنى ئېيتىسەن؟ – دەپ سوراپتۇ گېردەنشا.

بالا ھېچ ھودۇقماي ۋە ئەيمەنمەي:

– ئاڭلىغاننى ئېيتايمۇ، بىلگەننى ئېيتايمۇ ياكى بولغاننى ئېيتايمۇ؟ – دەپتۇ.

– ئاڭلىغان، بىلگەندىن بولغان ئارتۇق، شۇنى ئېيت، – دەپتۇ خەلەپ پادىشاھىنىڭ ئوغلى.

شۇنىڭ بىلەن بالا ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

«بۇرۇندىن بۇرۇن، قەدىمىي زاماندىن كېيىن، ئاتام زامانىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ نۇر جامالىلىق بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا دۇنيادا ھېچنەرسە تەڭ كېلەلمەيدىكەن، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ھۆسنى بابىدا تەڭداشسىز گۈزەل قىز ئىكەن. كېچىسى تالاغا چىقسا، يۈزىدىن تۆكۈلگەن نۇر ئۈچ كۈنلۈك يەرگە چۈشىدىكەن. ئادىمىزات ئىچىدىن ئەمەس، پەرىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ مۇنداق چىرايلىق قىز تېپىلمايدىكەن.

پادىشاھ بۇ قىزى ئۈچۈن شەھەردىن يەتتە چاقىرىم نېرى بىر مەنزىرىلىك يەرگە مەخسۇس چارباغ ياساتقۇزۇپتۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىرىق قەۋەتلىك راۋاق ياسىتىپ، تاملىرىنى مەرمەردىن قوپۇرۇپتۇ. باغقا يەتمىش ئىككى تۈرلۈك گۈل، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك مېۋە تىككۈزۈپ، ئېرىق كۆللىرىدە مەرۋايىتتەك سۇلارنى ئاققۇزۇپتۇ.

چارباغ تەييار بولغاندا، بەش يۈز كېنىزەك، قىرىق ئاشپەز ۋە بىر ئىنىكئانىسى

بىلەن مەلىكىنى ئۇ يەرگە كۆچۈرۈپ چىقىپتۇ. مەلىكە ئۇچۇن كۈندە بۇ باغدا نەچچە مىڭ تۇرلۇك نەغمە ناۋالار چېلىنىپ، كۈندە نەچچە تۇرلۇك تائاملار تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ 12 ياشقا كىرگەن مەلىكىسىنىڭ داڭقى يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا يېتىپتۇ. تەرەپ ــ تەرەپلەردىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ.

پادىشاھ كەلگەن ئەلچىلەرگە:

ــ قىزىمنىڭ ئەركىنلىكى ئۆز قولىدا، قىزىم كىمنى ياقتۇرسا، شۇنىڭغا بېرىمەن، ــ دەپتۇ.

مەلىكە بولسا:

ــ بولىدۇ، بىراق يېشىم كىچىك، چوڭ بولغاندا ئۆزۈم خەۋەر قىلاي··· ــ دەپ ئەلچىلەرنى ئۆز يولىغا راۋان قىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ شەھەرگە قەشقەرىيە مەملىكىتىدىن بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىش ئىزدەپ كېلىپ قاپتۇ. بالا بىرنەچچە كۈن شەھەرنى ئايلىنىپتۇ. بىر يېمىش بازىرىنىڭ ئالدىدا يىراقتىن:

ــ پوش ــ پوش! ھاي ــ ھاي، ئەركەك بولساڭ ئۆزۈڭنى تارت! ــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەلق دۇكانلىرىنى تاراقلىتىپ ئېتىشىپ، ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ. بىردەمدىلا بازاردا ئەركەك جان قالماپتۇ. بۇ بالا ھاڭ ــ تاڭ بولۇپ تۇرسا، يىراقتىكى داقا ــ دۇمباق، نەغمە ــ ناۋانىڭ ئاۋازى يېقىنلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى بالا بىر قاپاق تېرەكنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۇۋاپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاجايىپ زىننەتلەنگەن مەپىگە پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ئولتۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ئوردىسىدىن ئۆزىنىڭ راۋىقىغا كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپتۇ. بالا: «پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ دۇنياغا داڭقى تارىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قانچىلىك چىرايلىقلىقىنى بىر كۆرەي» دەپ مەلىكە چۈشكەن مەپە تاغ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، بالا قاراپتىكەن، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ قىزىمۇ بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بالا «ئاھ » دەپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزىمۇ بالىدىن كۆزىنى زادىلا ئۈزەلمەپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزى ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن، چىرايى سارغىيىپ ھالى ناچارلىشىپتۇ. بۇنى سەزگەن ئىنىكئانىسى مەلىكىنىڭ يېنىدىن زادى كەتمەي ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. بارغانسېرى قىزنىڭ ھالى خارابلىششقا باشلاپتۇ.

ــ قىزىم، نېمە بولدىڭىز؟ بىردەمدىلا بىر قىسما بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئىنىكئانا.

ــ ئانا، مېھرىبان ئانا، مەن بايا بىر يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالدىم، ئانا، تېزرەك بېرىپ، شۇ يىگىتنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسىڭىز دەپ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئىنىكئانا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، مەلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان

كىنىزەكلىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ، مەپىگە چۈشۈپ، مېلىقى بالىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قارىسا، بالا ئەمدىلەتىن ھوشىغا كېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بالىنى مەپىگە سېلىپ، قىز بالىچە كىيىندۈرۈپ، قاراۋۇللارغا تۇيدۇرماي، يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. كېيىن ئۇنى مەلىكىنىڭ مېۋىلىرىگە قارايدىغان قول سۈپەتلىك ياساپ، چارباغقا ئەكىرىپ قويۇپتۇ.

بالا شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاشىقى مەلىكە بىلەن ۋىسال شارابىنى ئىچىپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە ئاشىقىنى چاقىرىپ، قولىغا ئون سەر ئالتۇننى تۇتقۇزۇپ:

— سىز مۇشۇ ئالتۇننى ئېلىپ، ئۆز شەھىرىڭىزگە قايتىپ ئېسىل ئىمارەت سالدۇرۇڭ، مال - ۋاران قىلىڭ. چىرايلىق كىيىنىپ، ئاتامغا ئەلچى ئەۋەتىڭ، سىز شاھزاتى بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئاتام سىزگە رازىلىق بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاتامنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى چاقىرىپ ئۆيىڭىزدە ئۇلارغا زىياپەت بېرىڭ؛ ئاتام ئۇلارنىڭ سۆزىنى يەرمايدۇ… ئارىدىن بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئاتامغا ئەلچى ئەۋەتىڭ، — دەپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ھىجران ياشلىرىنى تۆكۈپ خوشلىشىپتۇ. خوشلىشىش ئالدىدا ئۇلار بىر - بىرىگە: — بىز بىر - بىرىمىزگە مەڭگۈ سادىق بولىمىز، — دېيىشىپتۇ.

بالا ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا كېلىپ، ئاتا - ئانىلىرى، قوۋمى - قېرىنداشلىرى بىلەن دىدارلىشىپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپتۇ. ئاتا - ئانىسى پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ھېچ نەرسىسى قالماي، شەھەر سىرتىدا گەمە كولاپ، يولدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن تىلەمچىلىك قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن بالا ئاتا - ئانىسىنى پايتەختكە كۆچۈرۈپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ياخشى يەرنى سېتىۋېلىپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر بىنا تۇرغۇزۇپتۇ…

ئاندىن كېيىن بالا مەلىكىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە يۇرتقا زىياپەت بېرىپتۇ. بۇنىڭغا يەتتە ئىقلىمدىن سازچى، ئۇسسۇلچى، ئويۇنچىلارنى يېقىن كۆرگەن - بىلگەنلىرى بىلەن چاقىرتىپتۇ. مەلىكە ئېيتقان ئۈچ كىشىنى دېگەندەك ياخشى مېھمان قىپتۇ.

زىياپەت ئاخىرلىشىپ يۇرت ئەھلى تارقىلىشقا تەمشەلگەندە، بالا مەلىكىنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن كىشىلەرگە نۇرغۇن ئالتۇن ئىنئام قىلىش بىلەن بىرگە يەنە باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن مېھمان، سازەندە، ئۇسسۇلچى ۋە ئويۇنچىلارنىمۇ تولۇق رازى قىلىپ يولغا ساپتۇ. ھەممىيلەن بالىدىن رازى بولۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا راۋان بولۇشۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ داڭقى يەتتە ئىقلىمغا پۇر كېتىپتۇ.

بالا ئارىدىن بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپ، مەلىكىنىڭ دادىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ

ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن بالىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سوراپ: — قىزىم، خالىسا مېنىڭ قارشىلىقىم يوق، — دەپتۇ، كۆڭلىدە بولسا: — ھەي، ... يەتتە ئىقلىمنىڭ مەن - مەن دېگەن شاھزادىلىرىگە كۆز قىرىنى سالمىغان قىزىم سېنى نېمە قىلار... — دەپ ئويلاپتۇ. ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ گەپ - سۆزىدىن ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئۆزلىرىنىڭ بىھۇدە كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىپتۇ. سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئەلچىلەردىن بىرى:

— ئاۋارە بولمايلى، مۇشۇ يەردىنلا قايتىپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

— ياق، شۇنچە ئۇزۇن يەردىن مۇشۇ ئىشنى دەپ كەلدۇق، ئەڭ ياخشىسى مەلىكىگە بىر يولۇقۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كېتەيلى، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن گەپ بار، بىز ئەلچى، بىزنى ھېچكىم قوغلىۋەتمەيدۇ. ياخشىسى مەلىكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن جاۋابىنى ئېلىپ كېتەيلى، — دەپتۇ ئايال ئەلچى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنى ماقۇل كۆرۈشۈپ، ئەتىسى ئايال ئەلچىنى مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئايال دەككە - دۈككىدە مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولغان ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ ئاشىقىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى دەررۇ مەلىكىگە يەتكۈزۈپتۇ.

مەلىكە ئەلچىلىككە كەلگەن ئايالنى خانىسىگە كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ. ئايال كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە ھۆسىن - جامالى تەڭداشسىز بىر نازىنىن ئولتۇرغۇدەك. مەلىكىنىڭ ھۆسنى - جامالىنى كۆرۈپ: «ئۇ ئادەممۇ - پەرىمۇ؟!... خۇدايا، نېمىدېگەن گۈزەل قىز بۇ! مەلىكە يىگىتنىڭ تەلىپىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىغۇدەك. ئەڭ ياخشىسى ئاستا يولۇمغا راۋان بولغۇۋالسام بولغۇدەك» دېگەن تەشۋىشلەر ئىچىدە تۇرغاندا، مەلىكە:

— ئانا، سىز ئەنسىرىمەڭ، مەن سىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن ھەم تەلىپىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دەپ خۇش مۇئامىلە بىلەن قارشى ئاپتۇ. ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ يىگىتكە بولغان رازىلىق بەلگىسىنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يوللاپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ بىر پەس دېمى ئىچىگە چۈشۈپتۇ.

پادىشاھ شۇ زامان ۋەزىر، ئۆلىما ۋە يېقىنلىرىنى چاقىرىپ، قىزىنىڭ ھېلىقى يىگىتكە ياتلىق بولۇشقا رازى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىشقا ھەممەيلەن ھەيران بوپتۇ.

ئاخىر پادىشاھمۇ رازىلىق بىلدۈرۈپ، يەتتە ئىقلىمغا زىياپەت بېرىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەلىكە بالىنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپتۇ.

ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇلار بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ

ئىسمىنى شەمشىنۇر قويۇپتۇ. قىز يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئەقىل كارامىتىدىن ئاتا ـ ئانىلىرى، ھەتتا بوۋىلىرىمۇ ھەيران قاپتۇ. شەمشىنۇر ئاتا ـ ئانا ۋە بوۋىلىرىنىڭ يۇرتنى سوراشتىكى ناھەق ئىشلىرى ئۈچۈن كىچىكىدىنلا قايغۇرىدىغان، ھەقىقەت ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان بولۇپ ئۆسۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئانىسى ھەلىكە دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئاتا ـ بالا ئىككىسى زار ـ زار يىغلىشىپ، ئانىسىنى دەپنە قىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شەمشىنۇرنىڭ ئاتىسى ئۇنى بوۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ:

ـ ئاتا، مەن سىلىگە ئون نەچچە يىل كۈيۈئوغۇل بولدۇم، ياخشى ـ يامان بولسىمۇ ئالدىلىرىدا تۇردۇم، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن مەلىكە دۇنيادىن ئۆتتى؛ مانا يىلمۇ ئۆتتى، ئەمدى مەن ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىمنى، يۇرتۇمنى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمنى كۆرۈپ كېلەي، شەمشىنۇر سىلىنىڭ يانلىرىدا تۇرسۇن، ـ دەپتۇ.

پادىشاھ بىر پەس قايغۇغا چۆمۈپ، بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: ـ خەير، ئامالىم يوق، ـ دەپتۇ ـ دە، رازىلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈيئوغلى تەييارلىق قىلىپ، ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ، ئۇ مېڭىش ئالدىدا پادىشاھ:

ـ ئوغلۇم، سىز ئۆز ئوغلۇمدەك بولۇپ قالغانىدىڭىز؛ مەن قېرىدىم، سىمۇ بولمىسىڭىز مېنىڭ يۇرتنى باشقۇرۇشۇممۇ تەس. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلىرىڭىزنى ئېلىپ كەلسىڭىز، مۇشۇ يەردە ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىپ بىللە ئۆتسەك، سىز كەلگەندە پادىشاھلىقنى سىزگە بەرسەم، يۇرتنىڭ پىكرىمۇ شۇنداق، ـ دەپتۇ.

ئاتىسى ئۆز يۇرتىغا كېتىپ، ئاردىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شەمشىنۇر 12 ياشقا كىرىپتۇ. بۇ قىز شۇنداق چىرايلىق قىز بوپتىكى، ئۇنى كۆرگەن ئادەملەر شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىدىكەن. بۇ قىزنىڭ گۆزەللىكىگە ئاي بىلەن كۈنمۇ خىجىل بولىدىكەن. ـ ئادىمىزاتتىنمۇ مۇشۇنداق ھۆسىندار رەنا قىز تۇغۇلىدىكەن ـ ھە! ـ دەپ يۇرتنىڭ ھەممىسى ھەيران بوپتۇ.

شەمشىنۇر 13 ياشقا كىرگەندە، پادىشاھلارنىڭ ئەلچىلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ نەۋرىسىنىڭ ئۆز دادىسى كەلمىگۈچە بىر نېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بارلىق ئەلچىلەرنى قايتۇرۇپتۇ. پادىشاھ جامائەتنىڭ نەزىرى چۈشكەن نەۋرىسىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ پىر ئۇستازى خەلىپىگە تاپشۇرماقچى بوپتۇ.

بۇ خەلىپە بولسا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، يەتە ئىقلىم بويىچە مۇرىتى يەتتە مىڭغا يەتكەن ناھايىتى تەقۋادار، موللا، ئۆلىما كىشى ئىكەن. پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى بۇ كىشىنىڭ مۇرىتى ئىكەن.

ئۇ ھەر جۈمە كۈنى خەلىپىنى مەپە بىلەن ئۆز يېنىغا ئەكېلىپ، ئۇنىڭدىن دەرس ئاڭلايدىكەن ۋە ئەقىل ئۆگىنىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ خەلىپىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل سوراپ ئۆگەنگەندىن كېيىن:

— پىر ئۇستازىم، ئۆلۈپ كەتكەن قىزىمدىن بىر قىز نەۋرە قالغانىدى، كۆيئوغلۇم قىزىم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا سەپەر قىلىپ كەتكەنىدى، كۆپ يىل بولدى، كەلمىدى، كۆيئوغلۇم كېتەر چاغدا قىزنى ماڭا ئامانەت قويغانىدى. يەتتە ئىقلىمدىن كۆندە دېگۈدەك ئەلچى كېلىپ، مېنى بەك پەرىشان قىلدى. بالىنى ساقلاشتىنمۇ قورقۇپ قالدىم. نەۋرەمنى سىلىگە تاپشۇرسام، دادىسى كەلگۈچە سىلىنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرسا، تەرەتلىرىگە سۇ بەرسە، دېگەن ئويدا بولىۋاتىمەن…

— بولىدۇ، تەقسىر، — دەپتۇ ئۆلىما، — بىرلا دېگەن ھېچ ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. سىلىنىڭ نەۋرىلىرى مېنىڭ نەۋرەم. كىشىنىڭ ئامانىتىنى ياخشى ساقلاپ، ئاسراپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇش — ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە ساۋاب ئىشتۇر…

شەمشىنۇر خەلىپىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، خەلىپە ئۇنى «نامەھرەم» دەپ چەكلەپ، تالا — تۈزگىمۇ چىقارماپتۇ. بارا — بارا قىزنى بوسۇغىدىنمۇ ئاتلاتقۇزماپتۇ. ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزنى قورۇغا كىرگەن خوتۇنلار بىلەن ئۇچراشقىلى قويماپتۇ. خەلىپە ئاخىر ئۇنى ئەڭ ئىچكىرىدىكى بىر ئۆيگە بەنت قىپتۇ. ئۈچ كۈندە بىر يوقلايدىغان خەلىپە ئەمدى كۈندە بىر قېتىم قىزنىڭ ھال — ئەھۋالىنى سورايدىغان بوپتۇ. بارا — بارا قىزنى كۆرمىسە يۈرىكى چىدىمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كەچقۇرۇن خەلىپە باغدىن قايتىپ چىقىپ كېلىۋېتىپ، شەمشىنۇرنىڭ ئايەك جامالىنى غۇۋا كۆرۈپ قاپتۇ، شەمشىنۇر يۈزىگە رومال ئارتىۋالغاچقا، ئۇنىڭ شەمشىنۇر ئىكەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇ، تونۇماپتۇ، ئۇ قىزغا:

— ئاھ، پەرىمىدۇ، ئادەممىدۇ؟! — دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ…

پادىچى بالا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سول تەرەپتە ئولتۇرغان خەلىپە ئۆڭۈپ — ئاتىرىپ، «خۇدۇكى بارنىڭ مونىكى بار» دېگەندەك ئورنىدا ئولتۇرالماي:

— ھەي ئەخمەق، شۇم كاززاپ، نېمىلەرنى بىلجىرلاپ يۈرۈيسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بالا قورققىنىدىن جىم بولۇپ قاپتۇ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇشۇپ، بىر — بىرىگە قارىشىپتۇ.

— ئېيتسۇن، ئېيت ئوغلۇم، — دەپ ئەمىر قىپتۇ پادىشاھ خوجا ۋاپا.

— ئېيتسۇن، ئېيتسۇن، — دەپ تەرەپ — تەرەپتىن ۋارقىرىشىپتۇ ھەممەيلەن.

بالا يەنە پادىشاھ خوجا ۋاپانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بىر ھازادىن كېيىن، خەلىپە ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ خوتۇنلىرىدىن:

— بايا، باغدىن سۇپۇرگە ئېلىپ ماڭغان قايسىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەمشىنۇر سۇپۇرگە كۆتۈرۈپ يۈرەتتى، بەلكىم شۇدۇر، — دەپتۇ چوڭ خوتۇنى.

— ھە، … — دەپ قويۇپتۇ خەلىپە.

www.uyghurkitap.com

خەلپە شۇ كۈندىن باشلاپ شەمشىنۇرغا ئاشىق بوپتۇ. قىزنىڭ ئەھۋالىنى كۈندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سوراپ، جامالىنى كۆرۈپ چىقىدىغان بوپتۇ. شەمشىنۇر خەلپىنىڭ مۇنداق ھەددىدىن زىيادە يېقىنچىلىق قىلىشىدىن گۇمان قىلىشقا باشلاپتۇ. خەلپە كۈندىن ـ كۈنگە قىزنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ مەسچىتكىمۇ ۋە چاقىرىغان يەرلەرگىمۇ بارمايدىغان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خەلپە خالىي پۇرسەت ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. بىر كۈنى خەلپە بىر ئۆيگە كەپتۇ ـ دە، خوتۇنلىرىنى چاقىرىپ:

ـ بۈگۈن مېنىڭ چۈشۈمگە تىرەك مازاردىكى ئىنىم رەخمىدىنلەر كىرىپ قاپتۇ. سىلەر بۈگۈن شۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھال ـ ئەھۋاللىرىنى سوراپ، مېنىڭ ئەۋەتكەنلىكىمنى ئېيتىپ، مېھمان بولۇپ كېلىڭلار. يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئارتۇقچە قارىماڭلار. يۇزۇڭلار يەردە بولسۇن، ئانچە كەچ قالماي قايتىپ كېلىڭلار، ـ دەپ ئۇلارنى يولغا سېپتۇ.

خوتۇنلىرى خەلپىنىڭ بۇ كەڭچىلىكىگە ھەيران بولۇشۇپ، خۇشاللىقىدا ھېچنېمىنى ئويلىماي، ئوپۇل ـ تopۇل ياسىنىشىپ سوۋغا ـ سالاملىرىنى تەييارلاپ، مەپە بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ. خەلپە بولسا، ئاستا خوتۇنلىرىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپتۇ ـ دە، ئۇدۇل شەمشىنۇرنىڭ يېنىغا كىرىپ:

ـ قىزىم، ـ دەپ ئەنسىز ئاۋازدا چاقىرىپتۇ.

ـ لەببەي، ـ قىز خەلپىنىڭ يامان نىيىتىدىن خەۋەرسىز ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ـ ناماز ۋاقتى بولدى، ئاپتۇۋىنى ئېلىڭ، ـ دەپتۇ خەلپە.

شەمشىنۇر ئاپتۇۋىنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئېلىپ، شۇنداق سۇنۇشىغا خەلپە قىزنىڭ بىلىكىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ قۇچاقلاپ سۆيۈشكە تەمشىلىپتۇ. قىز بىرلا سىلكىنىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپتۇ ـ دە، بىر قەدەم نېرى قېچىپ، خەلپىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

ـ ھەي، قايسى يۇزۇڭ بىلەن ماڭا خىيانەت قىلماقچى بولۇۋاتىسەن، قېرى دەللە! ـ دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن خەلپە:

ـ سۈپ، سۈپ، سۈپ! توۋا قىل، ھازىر توۋا قىل! ماڭا ھاقارەت قىلغىنىڭ ئۈچۈن توۋا قىل!… ـ دەپتۇ.

ـ توۋا قىلمايمەن، سېنىڭدەك قارا يۈزلەر ئۈچۈن گۇناھكار بولسام بولاي، ـ دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ شەمشىنۇر.

ـ ئەخمەق، ئۈنۈڭنى چىقارما! ـ خەلپە شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ قىزنىڭ يۈزىگە كاچات سېپتۇ. قىز:

ـ مۇناپىق پوق ساقال، يوقال كۆزۈمدىن، ـ دەپلا قولىدىكى ئاپتۇۋىنى خەلپىگە ئېتىپتۇ. ئاپتۇۋا خەلپىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ يارىلىنىپ قان ئېقىشقا باشلاپتۇ.

خەلىپە شۇ يەردىلا ھوشىسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. شەمشىنۇر بېشىغا پۈركەنچىسىنى ئارتىپ، دەرۋازىدىن چىققان پېتى كېچىلەپ بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ ـ دە، كېچىنىمە كۆرمىگەندەك بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

ــ قىزىم، نېمىشقا كېچىلەپ يېنىپ كەلدىڭ؟ ــ دەپ سورىغاندا، قىز ئۇنىڭغا:

ــ سىلەر چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىلەر، سىلەرنى سېغىنىپ يېنىپ كەلدىم، ــ دەپ قويۇپتۇ.

ــ ھە، ــ دەپتۇ پادىشاھ، ــ قىزىم، كېچىلىرى تالا ـ تۈزگە چىقما، بالا ـ قازالارغا ئۇچراپ قالىسەن، پەخەس بول!ــ دەپتۇ.

خەلىپە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، يېنىدا ھېچ كىشى يوق. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، يوغان ئاق لاتا بىلەن بېشىنى تېڭىپ، كېچىنى كىرپىك قاقماي «ۋاي ـ ۋاي» لاپ ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ سوزۇلۇشى ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاسىسىغا تايىنىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

پادىشاھ ئەمدىلا ئوردىغا كىرگەندە، خەلىپە تەمتىرەپ كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

ــ ۋاي نېمە بولدىلا، كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا،ــ دەپ يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندا، ۋەزىر، ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ يېنىغا ئولىشىپتۇ. خەلىپە گەپنى نەدىن باشلىشىنى بىلمەي، بىر پەس تۇرۇپ قاپتۇ.

ــ ئېيتسىلا، خەلىپەم، ــ دەپ پادىشاھ غەزەپلىنىپ سۆزلەپتۇ، ــ ئېيتسىلا، مېنىڭ زامانىمدا سىلىنى چاك ئېتىدىغان قانداق مەخلۇقكەن ئۇ؟!

خەلىپە بېشىنى تۇتقان ھالدا:

ــ ئېيتسام سەت بولىدۇ، ئېيتمىسام دەرد بولىدۇ، بۇ ئىشقا… ــ دەپتۇ.

ــ قانداق ئىش؟ ــ دەپ سوراپتۇ يەنە پادىشاھ.

ــ ئەل ياتار ئالدىدا تەرەتكە چىقسام، باغنىڭ ئارقىسىدا ئىككى نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ۋاي، ئامانەتنى ئوغرىلاشقا كەلگەن بىر نېمىلەر بولمىسۇن يەنە، دەپ ئاستا ماراپ بارسام، نەۋرىڭىز بىر يىگىت بىلەن ئوينىشىپ تۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئۇ مەخلۇق تاش بىلەن بېشىمغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، ھوشۇمنى يوقىتىپ، شۇ يەردىلا يىقىلىپتىمەن. بىر ھازادىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرسام، ئىنسى ـ جىن يوق، مانا بولغان ئىش، ــ دەپتۇ خەلىپە پادىشاھنىڭ ئالدىدا.

پادىشاھ دەرغەزەپ بىلەن:

ــ جاللات! ــ دەپتىكەن دەررۇ ئىككى جاللات ھازىر بوپتۇ، پادىشاھ:

ــ ئاۋۇ نائەھلىنى ئېلىپ چىقىپ، كاللىسىنى ئېلىڭلار! ــ دەپ ئەمر قىپتۇ.

ھېكايە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاڭلاۋاتقانلاردىن گېر دەنشاھ:

ــ قوي، ئەخمەق! ھەممىسى يالغان، يالغاننى ئېيتىپ بىزنى مەسخىرە قىلما! ــ دەپ

ۋارقىراپتۇ. مەسلىنىڭ يېشلىپ كېلىۋاتقىنىنى بايقاپ، يۈرىكى ئويناپ كېتىپ بارغان پادىشاھ خوجا ۋاپا:

– ئېيتسۇن، ئاتا، بۇ دېگەن چۆچەك، – دەپ ئاتىسىنى بېسىپتۇ پادىچى بالا ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

– ئىككى جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قەدەملىرىنى راسلاپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، پادىشاھنىڭ ئەقىلدارى مۇنداق دەپتۇ:

– پادىشاھى ئالەم، ئۇنى ئۆلتۈرۈش سىز ئۇچۇن ئابرۇي ئەمەس. ئۇنداق قىلىش ئامانەتكە خىيانەت بولىدۇ، ياخشىسى قىزنى بىر جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتەيلى، شۇ يەردە ئۇنى يىرتقۇچلار تالاپ يەپ تۈگەتسۇن. ھايۋانلىق قىلغان بەندىنىڭ ئازابىنى ھايۋانلار بەرسۇن.

پادىشاھ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئەمىر قىپتۇ، لەشكەرلەر شەمشىنۇرنى يەتتە كۈنلۈك يول يۈرۈپ، بارسا كەلمەس بىر جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ. قىز بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقاندا بېشى قايغان، پۇتى تايغان ياقا مېڭىپتۇ. قورسىقى ئاچقاندا گىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپ، ئۈچ ئاي چۆل – جەزىرىدە ئاچ – يوق يۈرۈپتۇ.

پېژغىرىم تومۇز ئىسسىقتا دەشت چۆلنى كېزىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېتىپ بارسا، يىراقتىن بىر توپ چىنار دەرىخى ئۈستىدىن قاغىلار يەرگە چۈشۈپ، يەنە ئۇچۇپ چىنارغا قونغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، قىز مۇشۇ يەردە سۇ بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىپ شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. يىراقتىن بۇلاق سۈيىنىڭ كۈننىڭ نۇرىدا يۈلتۈزلاردەك جىمىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھاسىراپ – ھۆمىدەپ، سۇغا قىرىق چامدام قالغاندا، شەمشىنۇر ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇشقا قانچە غەيرەت قىلسىمۇ مىدىرلاشقا ھالى قالماپتۇ.

– ئەمدى گەپنى شەمشىنۇرنىڭ ئاتىسىدىن باشلايلى، – دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ پادىچى بالا، – ئاتىسى ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا نەق چۈش مەزگىلىدە، شەھەر پۇتۇنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن: كوچا – كوچىلاردا يۈزلىگەن – مىڭلىغان ئادەملەر ماكانسىز، كىيىمسىز، ئاچ – زېرىن ياتقان.

«ئاھ، خۇدا! قىسقىغىنا ۋاقىتتا بۇ شەھەرگە نېمە ئاپەت بولغاندۇ ئەمدى» دەپ ئۆز ئاتا – ئانىسىنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆزى سالدۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ كىرەي دېسە، قاراۋۇل.

– جان كېرەك بولسا، قايت ئارقاڭغا! – دەپ ۋارقىراپتۇ.

– بۇ كىمنىڭ جايى؟ – دەپ سوراپتۇ شەمشىنۇرنىڭ ئاتىسى.

– پادىشاھنىڭ، – دەپتۇ قاراۋۇل.

– بۇرۇن كىمنىڭ جايى ئىدى؟

— بىلمەيمەن، يوقال!...

شەمشىنۇرنىڭ ئاتىسى بىرنەچچە يىل ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ تەمتىرەپ يۈرۈپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن يەرلىرىنى تېپىپتۇ، يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ئاتا - ئانىسىغا گۈمبەز تۇرغۇزۇپ، نەزىر - چىراغ بېرىپ، تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، بىرنەچچە ئاي يول يۈرۈپ، قېيناتىسىنىڭ يۇرتىغا كەپتۇ. ئۇلار بىلەن ھالامەت كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ قېينئاتىسىدىن:

— ئاتا، قىزىم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغلۇم، سىز ئۇ مۇناپىقنى قىزىم دېمەڭ، ھايۋانغا ئوخشاش قىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۇنىڭ جاجىسىنى بەردى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇققان كۆيۈئوغلى ئۆيگە كىرىپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. شۇنداق ئەقىللىق قىزىنىڭ قانداقلارچە ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقىغا ئەجەبلىنىپتۇ. ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەپتۇ. «خەپ!» دېمەكتىن باشقىنى ئېيتالماپتۇ. قىزنى ئويلاۋېرىپ ئىچىگە دەرد - ئەلەم توشۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ قاتتىق كېسەلگە مۇپتىلا بوپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە داۋا بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ۋەزىر، ئۆلىما ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا پادىشاھلىقىنى كۆيۈئوغلىغا تاپشۇرۇپتۇ. كۆيۈئوغلى شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ بولۇپ، تەختتە ئولتۇرۇپتۇ...

شۇ كۈنلەردە خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوغلى 18 ياشقا كىرىپ، ئۆز تەۋەسىدە پالۋان بوپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، 200 يىگىتى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ، ھېچ ئولجا ئالالماپتۇ. تۇزۇكرەك بىر ئولجىنى قولغا چۈشۈرەلمىگىنىگە بەك خاپا بولغان شاھزادە يىگىتلىرىگە مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي يىگىتلىرىم، چۆل - باياۋاننى ئاختۇرغىنىمىزغا بىر ئايدىن ئارتۇق بولدى، كۆزگە چۈشكۈدەك بىرەر نەرسە ئالالمىدۇق. ئاتلىرىمىز ھاردى، تايغانلىرىمىز چارچىدى، ئۆزىمىزمۇ بىر يەرگە باردۇق. بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت بولمىسا كېرەك، خۇدا ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيدۇق، شۇنچە يۈرۈپ شەھەرگە قۇرۇق قول كىرسەك يۈزىمىزگە سەت بولىدۇ. خەلقىئالەم ئالدىدىمۇ ئۇياتقا قالىمىز.

— ئېيتقانلىرى توغرا، شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئوزۇق ئەكەلدۈرۈپ، يەنە بىرنەچچە كۈن ئوۋ ئوۋلاپ كۆرەيلى، — دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ ھەمراھلىرى.

شۇ ھازادا شاھزادىنىڭ قولىدىكى بۈركۈت بىر نېمىنى سەزگەندەك تىپىرلاپ جىم تۇرغىلى ئۇنىماپتۇ. شاھزادە دەررۇ ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ. قۇش بىر نېمىنى سەزگەندەك ئۇچۇپ ناھايىتى تېز لا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن بىر جىراغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. يىگىتلەر ئارقىسىدىن ئات چېپىپتۇ. ھېچ يەردىن ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا يىگىتلەردىن بىرسى يىراقتا بىر تۈپ چىنار ئۈستىدە قۇشنىڭ

قانىتىنى كېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ قارىسا، قۇش قانىتىنى ساڭگىلىتىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغۇدەك، يىگىتلەر ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ، قۇشنى ھېچ چۈشۈرەلمەپتۇ. شاھزادىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. شاھزادە يالغۇز چىنارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. قولىغا گۆشنى ئېلىپ:

— گاھ، گاھ! — دەپ گۆشنى قۇشقا كۆرسىتىپ بېقىپتۇ. لېكىن قۇش زادىلا چۈشمەپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، قۇش چىناردىن كۆتۈرۈلۈپ، قىرىق قەدەم نېرىغا چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە ئۇياقتا ئادەمزاتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. بارسا، بىر پەرى ياتقان. شاھزادە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە:

— خانقىز، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، سىز ئادەممۇ، پەرىمۇ؟! — دەپتۇ.

— ئاھ! سۇ… سۇ … سۇ … — دەپتۇ شەمشىنۇر ئارتۇق سۆز قىلىشقا مادارى يەتمەي.

شاھزادە قىزنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. قىز سۇنى ئىچكەندىن كېيىن، كۆزىنى ئېچىپ ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يىگىتنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ھەي قىز! سىز قايسى باغنىڭ گۈلىسىز، قايسى بوستاننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ نېمە ۋەجىدىن چۆل ـ باياۋانلارغا تاشلاندىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆتكەننى سىز سورىماڭ، بولغاننى مەن ئېيتماي، ئەگەر خالىسىڭىز ئېلىپ كېتىڭ. بولمىسا، سىزنى مەن كۆرمىدىم، سىز مېنى كۆرمىدىڭىز، — دەپتۇ شەمشىنۇر.

شاھزادە شەمشىنۇرنى ئېلىپ، ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. يىگىتلەر ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ شاھزادىگە قايتىپ كېتىشنى تەكلىپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرگە قايتىپتۇ. شاھزادە ئوردىغا كېلىپ، قىزنى ئانىسىغا ئەكىرىپ بېرىپ ئۇنى ياخشى كىيىندۈرۈپ، ياخشى كۈتۈشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئانىسى شەمشىنۇرنى ئىشەنچلىك ئىككى كېنىزەككە تاپشۇرۇپتۇ. كېنىزەكلەر ياخشى كىيىندۈرۈپ، ياخشى كۈتۈپ، قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن خەلەپنىڭ پادىشاھى خەۋەر تېپىپ، خوتۇندىن سوراپتۇ:

— ھەي خوتۇن، بىر ۋەقە ئاڭلايمەن، راستمۇ؟

— ئېيتىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇ شۇنداق چىرايلىق قىزكەنكى، ھۆر ـ پەرىلەر ئۇياقتا قالسۇن. بىر كۆرۈپلا مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشۈپ قالدى.

خەلەپ پادىشاھى ئەتىسى ئوغلىنى چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ئاناڭدىن ئاڭلىسام، ئوۋ قىلىش جەريانىدا بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپسەن، ئۇنى بىرگە ئەكەپسەن شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست ئاتا، شۇنداق بولدى، — دەپتۇ ئوغلى.

— ھىم!… — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇ كىمنىڭ بالا ـ ۋاقىكەن، قانداق سەۋەبلەر بىلەن

ئۇنى ئېلىپ كەلدىڭ؟

شاھزادە ئۇ قىزنى چۆل ـ جەزىرىدىن تېپىۋالغىنىنىلا ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىكاھىغا ئېلىش خاھىشىنى ئىزھار قىپتۇ.

ـ ئوغلۇم، سەن دېگەن يەتتە ئىقلىمنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق پادىشاھىنىڭ ئوغلى، باياۋاندىن تېپىۋالغان ئىگە ـ چاقىسىز قىزنى ئالساڭ ئوغلۇم، سەن گۆدەكلىك قىلما! ـ دەپتۇ پادىشاھ.

ـ ئاتا، راستىنى ئېيتسام، مەن ئىلگىرى چۈشۈمدە بىر قىزغا ئاشىق بولغانىدىم. مانا توغرا ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، شۇ چۈشۈمدىكى قىزغا ئۇچرىدىم. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن…

پادىشاھى خەلەپ بۇ سۆزدىن كېيىن لام ـ جىم دېمەپتۇ. ئەتىسى خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شەمشىنۇرنى چاقىرتىپتۇ. قىز يۈزىگە چۈمپەردە تارتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنى ـ جامالىدىن پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ، ئاخىر قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، قىزنى ئوغلىغا ئىكاھلاپ قويۇپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە شەمشىنۇر توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. يىل ئۆتۈپ، بالىنىڭ «دادا، ئانا» دەپ تىلى چىقىپتۇ. بالا بەش ياشقا كىرگەندە، چوڭ ئالىملارنىڭ سۆزىنى قىلىدىغان ئەقىللىق، چىرايلىق بىر بالا بوپتۇ.

شاھزادە ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، ئوغلى ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ قالىدىكەن. شۇنداق كۈنلەردە ئانىسى يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلاپ، كۆزى ياشتىن قۇرۇمايدىكەن. بىر كۈنى ئوغلى مەكتەپتىن كېلىپ ئانىسىنىڭ: «خۇدايىم، مۇشۇنداق كۈنلەردە ئاتا ـ ئانام يېنىمدا بولسىچۇ…» دەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شاھزادە ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، ئايالىنىڭ ياش تۆكۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ، ـ دە:

ـ ھەي خوتۇن، بېشىڭغا نېمە دەرد كەلدى؟ ئېيت، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىم؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ ياق، ھېچكىم ماڭا زۇلۇم قىلغىنى يوق! لېكىن مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەنلەرگە يىغلايمەن! ـ دەپتۇ شەمشىنۇر.

ـ ئېيت، ئىنتىقامىڭ بولسا ئالارمەن، ئارمىنىڭ بولسا يەتكۈزەرمەن، ـ دەپتۇ شاھزادە.

ـ ئېيتسام تىلىم ئاغرىيدۇ، ئېيتمىسام دىلىم… ـ دەپتۇ خوتۇنى.

ـ ئېيت، تارتىنما، سېنىڭ دىلىڭنىڭ ئاغرىماسلىقى ئۈچۈن نەپسىمنىڭ ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلىمەن! بولمىسا ئۇنىڭ ئامالىنى تاپارمەن، ـ دەپتۇ شاھزادە.

ـ دادام بار ئىدى مېنىڭ، بوۋام بار ئىدى مېنىڭ، ئانامدىن ئايرىلغان چاغدا، يەتتە ئىدى يېشىم؛ ئەمدى بار كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا دادامنى ۋە قوۋمى ـ

www.uyghurkitap.com



قېرىنداشلىرىمنى بىر كۆرسەم، دېگەن ئارمىنىم، ــ دەپتۇ خوتۇنى.

ــ نېمىشقا ئېيتمىدىڭ بۇ چاققا، ئەگەر بولسا داداڭ، بىر ئايغا قالماي يەتكۈزەرمەن ئۇياققا، ــ دەپ خوتۇننى بەزلەپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا شاھزادە ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

ــ ھەي ئاتا، كېلىنىڭىزدىن ئېچىلمىغان سىر بۈگۈن ئېچىلدى. ئۇ يەلتە ئىقلىمىنىڭ داڭلىق پادىشاھىنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. ئانىسى يەتتە يېشىدا ئۆتياشتىن ئۆتكەنىكەن. ئاتا ـ بوۋىسى ھايات ئىكەن. شۇلارنى كۆرسەم دەپ يىغلايدىكەن، ــ دەپتۇ.

پادىشاھى خەلەپ بىر پەس ئويلاپ:

ــ رىۋايەتلەر بويىچە بۇ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا، بۇ چاغقىچە تۇغقانلىرىغا خەۋىرىنى بەرمىگەنلىكىمىز ئۇيات ئىش بوپتۇ. ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىمىز ھەقلىق، ــ دەپتۇ خەلەپ پادىشاھى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خەلەپ پادىشاھى ناھايىتى كاتتا تەييارلىقلارنى قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، خوتۇنى ۋە ئۇلۇغ قول ۋەزىرىنى باش قىلىپ، 500 لەشكەر، ئۈچ قىز بىلەن كېلىنىنى ئاتىسىنىڭ ۋە بوۋىسىنىڭ يۇرتىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار كېزىپ ئىككى ئاي يول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلى بولغاندا، ئۇلار ھېلىقى بىر توپ چىنار تۈۋىگە كېلىپ، ئاتمىشىنچى كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

شەمشىنۇر ئادەتتىكىچە ئالاھىدە تىكىلگەن چېدىرغا كىرگۈزۈلۈپتۇ. ئەتراپىغا قىزلار، قاراۋۇللار قويۇلۇپتۇ. شەمشىنۇر چېدىردا يالغۇز يېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن چىنار تۈۋىدە تارتقان ئازاب ئوقۇبەتلىرىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار بىلەن بىللە كېلىۋاتقان خەلەپ پادىشاھىنىڭ ئۇلۇغ قول ۋەزىرى يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرىكەتلىنىپ، شەمشىنۇرنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئون قاراۋۇلنى يۆتكەپ، پادىشاھىنىڭ خوتۇنى ياتقان چېدىرنىڭ ئەتراپىغا قويۇپتۇ. قاراۋۇللارنىڭ بارلىق دىققىتىنى شۇ يەرگە بۇراپ قويۇپ، ئۆزى ئۇخلىماي، ئەتراپقا كۆز سالغان بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئىككى ئايدىن بېرى يول ئازابىنى تارتقان لەشكەر، كېنىزەك ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. پادىشاھىنىڭ خوتۇنىمۇ ئۆزىنى بىلمەي ئۇخلاپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقىپتۇ ـ دە، دەرھال ئۆز چېدىرىغا كىرىپ، يېشىنىپ، ئاق ئىشتان، ئاق كۆينەك كىيىپ، پىرىجىنى يېپىنىپتۇ. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ خەلەپ پادىشاھىنىڭ كېلىنىنىڭ چېدىرىغا كېلىپ، ئۇياق ـ بۇياققا بىر قارىۋېلىپ، چېدىرنىڭ بىر چېتىنى ئاستا قايرىپ، يەر بېغىرلاپ ئېڭىشىپ شەمشىنۇرنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ…

پادىچى بالىنىڭ ھېكايىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۆردە ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى:

— ھەي، يالغان جۆيلىمە! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئېيتسۇن، سىزنىڭ بالىنى چەكلەشكە ھېچ ھەققىڭىز يوق، ئۇنىڭ ئېيتقىنى يالغان ئەمەس، — دەپ دەرغەزەپ بوپتۇ خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوغلى.

ئېيت ئوغلۇم، ئېيتىۋەر! — دەپتۇ مېھمان چاقىرغان پادىشاھ خوجا ۋاپا.

بالا يەنە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— چېدىر ئىچىدە، خەلەپ پادىشاھنىڭ كېلىنى شەمشىنۇرنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن. شەمشىنۇر بولسا، ئۆتمۈشتىكى كۈنلىرىنى ۋە ئاتا - بوۋىسىنىڭ يېنىغا بارغاندا بولىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ، ئاللىقانداق خىياللارنى قىلىپ، تېخى ئۇخلىمىغانىكەن. ئۇ ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ياتاي دېگەندە، بېشىدىن ئايغىچە ئاپئاق كىيىنىۋالغان ئادەمنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن «ۋاي ئانام!» دەپ ئاغزىنى يېتىۋاپتۇ. شەمشىنۇر «خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ماڭا كەلگەن خىزىر بولسا كېرەك» دېگەن ئويغا كەپتۇ ۋە دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن:

— كىم سىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن، جېنىم! ··· مەن ۋەزىرمەن ··· مەن سىزنىڭ ئوت پىراقىڭىزدا كۆيۈپ يۈرگىنىمگە ئۈچ يىلدىن ئاشتى. بۈگۈن ئاران پۇرسەت تاپتىم، جېنىم، مېنى قوبۇل قىلىڭ، — دەپ شەمشىنۇرنى قۇچاقلاشقا ئۇرۇنۇپتۇ. شۇ زامان ۋەزىرنىڭ شۇم نىيىتىنى سەزگەن شەمشىنۇر:

— بەس، سىز مېنىڭ ئاتامدەك ئادەم، بۇ نېمىدېگەن ئىپلاسلىق! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئۈنۈڭنى چىقارما! ياخشىلىقچە مەن نېمە دېسەم شۇنى قىل! — دەپ ھەيۋە قىپتۇ ۋەزىر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ.

— ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن بالامنى ئۆلتۈر، ئاندىن كېيىن مېنى···

شەمشىنۇر كۆڭلىدە: «ئۇ بالىغا قول تەگكۈزەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بۇ يامان نىيىتىدىن يانىدۇ» دەپ ئويلىغانىكەن. ئەمما، ۋەزىر ھېچ ئويلانمايلا بالىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. چېدىرنىڭ ئىچى قانغا بويىلىپتۇ.

پادىچى بالا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىچىلا ھېكايىسىنى توختىتىپ، يەرگە قارىغان پېتى جىم تۇرۇپ قاپتۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى داڭقېتىپ بالىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قاپتۇ. سارايدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ساھىبخانىدىن بىر پىيالە سۇ سوراپتۇ. شۇ چاغدا خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوغلى شاھزادە دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى پىيالىنى تۇتۇپتۇ، بالا ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھزادىنىڭ قولىدىكى پىيالىنى ئېلىپ، دەم ئالماي ئىچىۋېتىپتۇ ۋە «ئۇھ···» دەپ چوڭقۇر بىر تىنىپتۇ - دە، پىيالىنى شاھزادىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. شاھزادىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، كۆزىدىن قونچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان يېشىنى پېشى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، يەنە ھېكايىسىنى داۋام قىپتۇ:

– ۋەزىر شەمشىنۇرنىڭ پەريادىدىن چۆچۈپ، قوغۇندەك يوگۇرۇپ ئۆز چېدىرىغا كىرىپ، ھېچنەرسە كۆرمىگەن ئادەم بولۇپ يېتىۋاپتۇ. شەمشىنۇر ئوغلىنىڭ قانغا بويىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر هازادىن كېيىن ئۇ هوشىغا كېلىپ، دەرھال كىيىنىپ، سىرتقا چىقىپتۇ - دە، ئوغلىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئېگەرلەنگەن تۇلپارىنى مىنىپ، ھەممىنى تاشلاپ، يولغا راۋان بوپتۇ. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدا كۈننى كەچ قىلىپ، ئاندىن قوي بېقىپ تۇرغان بىر قۇل بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

– ھەي بالا! مەن سېنى بۈگۈن ئازاد قىلغىلى كەلدىم، – دەپتۇ.

– ۋاھ! سىز مېنى نېمىدەپ ئازاد قىلىسىز؟ – دەپتۇ پادىچى بالا.

– قولۇڭغا پۇل، ئۈستۈڭگە كىيىم، ئاستىڭغا ئات بېرىمەن – دە، سېنى يولغا سالىمەن. ئۆزۈم سېنىڭ ئورنۇڭدا قۇل بولۇپ ئىشلەيمەن، – دەپتۇ شەمشىنۇر. قويچى بالا بۇ خۇدايى تائالانىڭ ماڭا ئەۋەتكەن رەھمىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

– ماقۇل، ئەگەر لايىق كۆرسىڭىز، – دەپتۇ.

شەمشىنۇر ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكنى، ئاستىدىكى ئېتىنى، يېنىدىكى بار پۇلنى بېرىپ، ھېلىقى بالىنى ئازاد قىلىپ، ئۆزى ئۇنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ، شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ كەچكىچە قوي بېقىپ، كېچىسى پادىشاھىنىڭ ئوردىسىنى تازىلاپ، سۇ چېچىپ، كېچە - كۈندۈز تىنماي ئىشلەپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئىشلەمچان، چېۋەر قۇلنى پادىشاھ ئۆز ئوردىسىغا ئەمىر قىلىپ ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، سۈيىنى توشۇپ، كىيىمىنى يۇيۇپ، ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ يۈرۈپ پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇ قۇلنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن، ئەر تۇرۇپ ئاياللارنىڭ ئىشىنى ئاياللاردىن ياخشى قىلىپ يۈرگىنىدىن ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ياخشى كۆرۈپ، ياخشى كىيىندۈرۈپ، ياخشى كۈتۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى خەلەپ پادىشاھدىن ئاڭلايلى: خەلەپ پادىشاھى كېلىنىنىڭ نېمە ۋەجىدىن بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېچ بىلمەي يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ نالىسىگە چىدالماي، نەچچە مىڭلاپ لەشكەر چىقىرىپ، ھېلىقى كېلىنىنى ئىزدەپ بارمىغان جاڭگاللىرى، ئاختۇرمىغان سەھرالىرى ۋە كىرمىگەن غار – تاغلىرى قالماپتۇ، لېكىن ھېچ يەردىن كېلىنىنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. يۈز مىڭ تۈرلۈك ئاماللارنى قىلىپمۇ ئوغلى شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالماپتۇ. شاھزادە شەمشىنۇرنىڭ پىراقىدا كۆيۈپ كۇل بولۇپ، مەيدىسىنى سوغۇق يەرگە چاپلاپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭ چىرايى كۈندىن - كۈنگە سامانىدەك سارغىيىپ، پەيدەك تۈزۈشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلەپ پادىشاھى يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. ئوغلىغا ئۆلۈك قول ۋەزىرىنى قوشۇپ، كېلىنىنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە ئۇزىتىپتۇ. بۇ ئىككىسى ئاتا

لا ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن قىيامەتلىك خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. نەچچە ئاي يول يۈرۈپ، كېلىنىنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپ، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنى قارشى ئاپتۇ…

ھېكايىچى بالا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۆردە ئولتۇرغان خەلىپە خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى خوجا ۋاپاغا تەرەپ ـ تەرەپتىن شىكايەت قىلىپ، بالىنى بۇ ئولتۇرۇشتىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن شۇ چاغدا خوجا ۋاپا دەرغەزەپ بىلەن:

ـ پادىشاھتىن ئەمىر، ئوغلۇم، ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ راست، ھەقىقەت بولسا، نۆزلە! ئوچۇقراق ئېيت! ـ دەپتۇ تاقەتسىزلىك بىلەن.

خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوغلىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپتۇ:

ـ ئېيت، ئايىماي ئېيت! كىملەر ئۇلار؟ ئوچۇق ئېيت!ـ دېگەندە، تۆۋەندە ئولتۇرغانلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپتۇ.

بالا ھالسىرىغان، ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

ـ ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ ھەقىقىي بولغان ئىش، مانا بۇ كىشى بولسا، خوجا ۋاپانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تەقىپ قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆي ـ زېمىنىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ، ئوردا قىلىۋالغان قەشقەرىيە مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ؛ مۇنۇ كىشى بولسا، مەلىكىگە خىيانەت قىلماقچى بولغان جانابى خەلىپە بولىدۇ؛ ئاۋۇ كىشى بولسا، نەۋرىسى شەمشىنۇرنى جاڭگالغا پالىغان بۇرۇنقى پادىشاھ گېردەنشاھ بولىدۇ؛ بۇ بولسا، خەلەپنىڭ كېلىنىنى ئاتىسىغا ئېلىپ كېلىۋېتىپ، چىنار تۈۋىدە بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، كېلىنىگە زورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولىدۇ؛ ئەمدى بۇ كىشى بولسا، چۆلگە پالانغان شەمشىنۇرنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، چۆل ـ باياۋاندىن ئېلىپ كېتىپ، ياخشى كۈتۈپ ئۆز نىكاھىغا ئالغان ئۆمۈرلۈك يولدىشى بولىدۇ؛ ھە، بۇ كىشى بولسا، قىزى شەمشىنۇرنى يەتتە يېشىدا ئاۋۇ گېردەنشاھقا ئامانەت قويۇپ، ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېنىغا سەپەر قىلغان قىزنىڭ ئاتىسى خوجا ۋاپا بولىدۇ.

مەن بولسام خوجا ۋاپانىڭ شەمشىنۇر دېگەن بىر تال ئارزۇلۇق قىزى بولىمەن!… دەپتۇ ـ دە، ئۇستۇۋېشىدىكى ئوغۇلچە كىيىمىنى يېشىپ تاشلاپ، يۈگۈرگەن پېتى ئاتىسى خوجا ۋاپانىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېرىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان بارلىق خەلق يىغلىۋېتىپتۇ. غەزەپلىك سادالار ياڭراپتۇ…

پادىشاھ خوجا ۋاپا شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئەمىر قىلىپ، ئەلنى يىغىپ، يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىدا خەلىپە، گېردەنشاھ، قەشقەرىيە مەملىكىتى پادىشاھى ۋە خەلەپ

پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇ يەردىلا ھۆكۈم ئىجرا بوپتۇ… يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىمۇ بۇنى ھېكايە قىلىپ سۆزلىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا مېڭىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاتا ـ بالا، ئەر ـ خوتۇن يېڭىباشتىن كۆرۈشۈپ، يۇرت سائادىتىدە، مېھىر ـ شەپقەت ئىچىدە خۇشال ـ خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ[①].

## چېچەن قىز چىمەنخان

بۇرۇنقى زاماندا بايمۇ ئەمەس، كەمبەغەلمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ چىمەنخان دېگەن بىر قىزى بولغانىكەن. ئۇ كىشى بىز ئاز ئوقۇمۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇرت ئەھلى ئۆزلىرى ھەل قىلالمىغان بىرەر مەسىلە بولسا، شۇ كىشىدىن مەسلىھەت سوراپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرى بىلەن قىلىنغان ئىشلار ھەر ۋاقىتتا توغرا ۋە ئوڭۇشلۇق چىقىدىكەن.

بىر كۈنى شۇ يۇرتنىڭ خانى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئوقۇمۇشلۇق كىشى بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ.

خان بۇ كىشىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

ــ مەن سېنى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، كىشىلەرگە مەسلىھەت بېرەلەيدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. قېنى، ئەگەر سەن شۇنداق ئوقۇمۇشلۇق بولساڭ، مەن سەندىن تۆت سوئال سوراپ باقاي. ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە شۇ سوئاللىرىمغا جاۋاب تېپىپ كەلسەڭ، مېنىڭ سارىيىمدا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەيسەن، ئەگەر جاۋاب تېپىپ كېلەلمىسەڭ، كاللاڭنى ئالىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا قۇلاق سال، ــ دەپتۇ خان، ــ بىرىنچىدىن، دۇنيادا نېمە ئەڭ يۈگۈرۈك؟ ئىككىنچىدىن، نېمە ئەڭ ئاچچىق؟ ئۈچىنچىدىن، نېمە ئەڭ تاتلىق؟ تۆتىنچىدىن، نېمە ئەڭ قاتتىق؟

ئۇ كىشى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كېتىپتۇ ـ دە، بېشىنى ساڭگىلىتىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئويلاپ ـ ئويلاپ سوئاللارغا توغرا جاۋاب تاپالماپتۇ. ئەتىسى دوستلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ:

ــ سىلەر مەسلىھەتكە موھتاج بولغاندا مەن سىلەرگە مەسلىھەت بەرگەنىدىم. مېنىڭ ھايات ـ ماماتىم سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلارغا باغلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرنى ھەم مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن ھەم خەيرلىشىش ئۈچۈن چاقىرغانىدىم، بەلكى سىلەر بىلەن باشقا دىدار كۆرۈشەلمەسمىز، ــ دەپتۇ ئۇ كىشى.

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىنىڭ 3 ــ قىسمىدىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ــ يىلى نەشرى)

— خوپ دوستۇم، قانداق مەسىلە ئىدى؟ بىلگىنىمىزچە مەسلىھەت بېرەمىز، ئېيت!— دەپتۇ دوستلىرى.

— تۇنۇگۈن مېنى خان ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپ ماڭا تۆت سوئال قويدى. ئەگەر شۇ سوئاللارغا ئۈچ كۈن ئىچىدە جاۋاب تېپىپ بېرەلمىسەم بېشىمنى ئالىدىغان بولدى، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— قېنى، قانداق سوئاللار ئىكەن؟ ئاڭلاپ كۆرەيلى، بەلكى ھەممىمىز بىرلىكتە توغرا جاۋابىنى تاپارمىز، — دەپتۇ ئۇنىڭ دوستلىرى.

— ئەمىسە ئېيتاي، قۇلاق سېلىڭلار، جاۋابىنى تېپىشقا ياردەم بېرىڭلار: دۇنيادا نېمە ئەڭ يۇگۈرۈك؟ نېمە ئەڭ ئاچچىق؟ نېمە ئەڭ تاتلىق، نېمە ئەڭ قاتتىق؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى.

بۇنى ئاڭلىغان دوستلىرىنىڭ بەزىلىرى: — دۇنيادا ئەڭ يۇگۈرۈك نەرسە شامال،— دەپتۇ. بەزىلىرى: — ياق، مىلتىقنىڭ ئوقىدىن يۇگۈرۈك نەرسە يوق، چۈنكى ئەڭ تېز ھەرىكەتنى ئوقتەك دەپ ئېيتىشىدۇ،— دەپتۇ. بەزىلىرى: — دۇنيادا ئەڭ ئاچچىق نەرسە زەھەر،— دەپتۇ، بەزىلىرى: — ياق، زەھەردىن ئاچچىق نەرسە يوق، چۈنكى جان ـ جانغا ئۆتۈپ كەتكەن سۆزنى زەھەردەك سانجىۋالدى دېيىشىدۇ، — دەپتۇ. بەزىلىرى: — دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە بال، — دەپتۇ، بەزىلىرى: — ياق، ناۋاتتىن تاتلىق نەرسە يوق. چۈنكى، ئەڭ تاتلىق نەرسە ناۋاتقا ئوخشىتىلىدۇ، شۇڭا لەۋلىرىڭ ناۋات يايرىم، دېگەن ناخشا بار، — دەپتۇ. بەزىلىرى: — دۇنيادا ئەڭ قاتتىق نەرسە تۆمۈر، — دەپتۇ. بەزىلىرى: — ياق، تاشتىن قاتتىق نەرسە يوق، چۈنكى كۆڭلى قاتتىق كىشىنى باغرىڭ تاشمىدى؟ دەپ ئېيتىشىدۇ، — دەپتۇ.

بۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئۇزاقتىن بېرى قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان چىمەنخان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە:

— توختاڭلار، ئاتىلار! بىر قارىماققا ھەممىڭلارنىڭ ئېيتقىنى توغرا. لېكىن مېنىڭچە، باشقىچىرەك بولسا كېرەك. ئويلىشىمچە، دۇنيادا ئەڭ يۇگۈرۈك نەرسە كۆڭۈل، ئەڭ ئاچچىق نەرسە دۈشمەن، ئەڭ تاتلىق نەرسە قېرىنداش، ئەڭ قاتتىق نەرسە يوقسۇزچىلىق، — دەپتۇ.

باشقىلار بۇ قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ قارىسا ناھايىتى توغرا كۆرۈنۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى:

— مانا بۇ توغرا جاۋاب، خانغا شۇنداق جاۋاب بېرىش كېرەك، — دېيىشىپتۇ.

چىمەنخاننىڭ ئاتىسى قىزىنىڭ تاپقان جاۋابىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئەتىسى خاننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. خان:

— خوش، قېنى قانداق جاۋاب تېپىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خان ئالىيلىرى، جاۋابلىرىم سىلىنى قانائەتلەندۈرەلەمدۇ ـ

قانائەتلەندۇرەلمەمدۇ بىلمەيمەن، ھەر ھالدا سوئاللىرىڭغا تۆۋەندىكىچە جاۋاب تېپىپ كەلدىم: دۇنيادا ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسە كۆڭۈل، ئەڭ ئاچچىق نەرسە دۈشمەن، ئەڭ تاتلىق نەرسە قېرىنداش، ئەڭ قاتتىق نەرسە يوقسۇزچىلىق، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

خان بۇ جاۋابقا ھەيران قېلىپ:

— بۇنى سەن ئۆزۈڭ تاپتىڭمۇ ياكى باشقا بىرى ئېيتىپ بەردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى يالغان ئېيتىپ ماختانغاندىن كۆرە راستىنى ئېيتىپ ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرۈپ:

— بۇنى قىزىم ئېيتىپ بەردى، — دەپتۇ.

— سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، لېكىن شۇ قىزىڭنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكىن. ئەگەر قىزىڭ تەختىمگە باستۇرۇپ كىرسىمۇ بېشىنى ئالىمەن، كىرمەستىن تاشقىرىدا توختاپ قالسىمۇ بېشىنى ئالىمەن، — دەپتۇ خان.

ئۇ كىشى يەنە چوڭقۇر قايغۇغا چۆكۈپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە:

— جېنىم قىزىم، ئۆزۈمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ سېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىم. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈمنىڭ ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمىدى، — دەپ قىزىنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— نېمە بولدى، دادا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي، قىزىم، مەن خانغا سەن ئېيتىپ بەرگەن جاۋابنى ئېيتقانىدىم، ئۆزۈڭ تاپتىڭمۇ ياكى باشقا بىرى ئېيتىپ بەردىمۇ دەپ سورىدى. مەن يالغان ئېيتىپ ماختىنىشنى نومۇس كۆرۈپ، قىزىم ئېيتىپ بەردى دېۋىدىم، قىزىڭنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكىن، ئەگەر قىزىڭ تەختىمگە باستۇرۇپ كىرسىمۇ بېشىنى ئالىمەن، كىرمەستىن تاشقىرىدا توختاپ قالسىمۇ بېشىنى ئالىمەن دەپ بۇيرىدى. ئەمدى نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، — دەپ تېخىمۇ يىغلاپتۇ ئۇ كىشى. چىمەنخان:

— ۋاي دادا، شۇنىڭغىمۇ شۇنچە كۆز يېشى تۆكەمسىز؟ خانغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، زادىلا قايغۇرماڭ، — دەپ خاننىڭ ئالدىغا كېتىپتۇ. نېمە بولاركىن دەپ دادىسىمۇ قىزىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

چىمەنخان خاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئىچكىرىمۇ كىرمەي، تاشقىرىدىمۇ قالماي، بوسۇغىنى دەسسەپ توختاپتۇ ۋە، خانغا تەزىم قىلىپ:

— خان جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم. جانابلىرىنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقلىرى بولسا بەجا كەلتۈرۈشكە جېنىم پىدا، — دەپتۇ.

خان بۇ قىزنىڭ بوسۇغىدا توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ئىچكىرى كىرمەي ياكى تاشقىرىدا تۇرماي بوسۇغىدا توختاپ قالدىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— جانابى ئالىيلىرى، مەرتىۋە ۋە بايلىقلىرىڭىزنىڭ زور ئىكەنلىكىگە قارىماي قول



www.uygurkitap.com

ئاستىلىرىدىكى ھەممە پۇقرا بەش كۈن بولسىمۇ يورۇق دۇنيادا ياشاشنى خالايدۇ. مەنمۇ شۇ پۇقرالارنىڭ بىرى، ياشاشنى خالىغىنىم ئۈچۈن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچەمدىكىن دەپ ئىچكىرى بىلەن تاشقىرىنىڭ خالىس ئوتتۇرىسى بولغان ۋە جانابلىرىنىڭ شەرتىدە تىلغا ئېلىنمىغان بوسۇغىدا توختاپ قالدىم، — دەپتۇ چىمەنخان.

كىچىككىنە قىزنىڭ ئاغزىدىن چىقمۋاتقان دانا سۆزلەرگە ھەيران قالغان خان:

— بولدى، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، ئەمدى ئىچكىرى كىرىپ، ئاتاڭغا بېيتىپ بەرگەن جاۋابلىرىڭنى قانداق بىلگەنلىكىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چىمەنخان ئىچكىرى كىرىپ يەنە بىر قېتىم تەزىم قىپتۇ ـ دە:

— مەن دۇنيادا ئەڭ يۇگۈرۈك نەرسىنىڭ كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ھەرقانداق كىشى كۆڭلىدە پۈتۈن ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ. دۇنيادا ئەڭ ئاچچىق نەرسە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، يېقىندا ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈشتى، سەۋەبىنى سورىسام، ئۇلار كۆپتىن بېرى بىر بىرىگە دۈشمەنلىشىپ يۈرگەنىكەن. دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، بىر كۈنى موماممنىڭ ئىككى ئوغلى سوقۇشۇپ كىچىكىنىڭ قولى چىقىپ كەتتى. ئەتىسى گورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام، كىچىكىنىڭ قولى چوڭىنىڭ بوينىدا، چوڭىنىڭ قولى كىچىكىنىڭ بوينىدا بىر تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇ. دۇنيادا ئەڭ قاتتىق نەرسە يوقسۇزچىلىق ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، بىر كۈنى دادام ئۆيدە يوق چاغدا بىزنىڭكىگە يىراقتىن مېھمانلار كېلىپ قالدى. ئۆيدە ھېچنېمە بولمىغاچقا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىرەر چىنە چايمۇ قۇيالماي ناھايىتى خىجالەت بولغانىدۇق، — دەپتۇ. خان بۇ قىزنىڭ چېچەنلىكىگە قايىل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى سارايغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئاپتۇ[①].

## تۆگىمەس بايلىق

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ دىلدار ئىسىملىك قىزىدىن باشقا بال ـ دۇنيا ھەم تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇدەك بىرەرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنى قىزىنى دۆلەت ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار، ئوقۇمۇشلۇق بىرەر كىشىگە ياتلىق قىلىپ، خاتىرجەم بولۇش ئىكەن. ئۇ ئەنە شۇنداق ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن قىزى دىلدارنى كىچىكىدىنلا مەخسۇس موللىدا ئوقۇتۇپتۇ. دىلدار بويىغا يەتكەندە شۇنداق بىلىملىق قىز بولۇپتۇكى، ئۇنىڭ تېبابەت، جەمئىيەت ۋە سودا

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىنىڭ 2 – قىسمىدىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 – يىل نەشرى).

ئىشلىرىدىكى مول بىلىملىرى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان كۆركەم ھەم نەپىس ھۆسىن خەتلىرى كىشىلەرنى ئاجايىپ بىر گۈزەللىك دۇنياسىغا ئېلىپ بارسا، شائىرانە ھېسسىياتلار بىلەن پۈتكەن نەزمىلەر كىشىنىڭ ئەس ـ ھوشىنى ئوغرىلاپ، تۈگىمەس خىيال دۇنياسىغا تاشلايدىكەن. دىلدار شۇنداق چىرايلىق ھەم گۈزەل چوڭ بولۇپتۇكى، زىلۋا قەددىگە خويمۇ ياراشقان تال ـ تال چاچلىرى كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ كېلىۋاتقان كۆكسى، كېچىسى ئاي، كۈندۈزى كۈنمۇ خىجىل بولىدىغان سوزۇك نۇرانە جامالى، ئىنچىكە قوشۇما قېشى ئاستىدىكى مۇھەببەت ئوتى ئەمدىلا يېنىشقا باشلىغان شەھلا كۆزلىرى ھەربىر ئەركەكنىڭ زوق ـ ھەۋىسىنى قوزغىماي قالمايدىكەن، دىلدارنىڭ نامى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، نۇرغۇن شەھەرلەرگە بېرىپ يېتىپتۇ. نۇرغۇن شاھزادىلەر ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇنىڭغا كاتتا بىر مەملىكەت پادىشاھىنىڭ ئوغلىدىن ئەلچى كەپتۇ. پادىشاھ كەلگەن ئەلچىدىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قىزى دىلدارنىڭ قېشىغا كىشى كىرگۈزۈپتۇ. دىلدار بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىرگەن كىشىدىن:

ـ مېنى ئالماقچى بولغان يىگىتنىڭ نېمە ھۈنىرى بار ئىكەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ، دىلدارنىڭ قېشىغا كىرگەن كىشى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ:

ـ ھۆرمەتلىك مەلىكەم، سىلىگە ئەۋەتكەن يىگىت خۇددى دادىلىرىدەك قېلىشمايدىغان كاتتا بىر ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى، تەخت ۋارىسى دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان قىز ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا:

ـ ئۇنداق بولسا سىز دادامغا ئېيتىڭ، ئۇ كىشى مېنىڭ لايىقىم ئەمەسكەن، ـ دەپ كىرگەن كىشىنى يولغا سېلىپتۇ. قىزدىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ يەنە بىر قانچە نۆۋەت كىشى كىرگۈزۈپتۇ. دىلدار قىز يەنىلا ماقۇل بولماپتۇ. ئانىسى كىرىپ ئەھۋالنى بىرمۇبىر ئېيتقانىكەن. بۇنىڭغىمۇ ھېچ كۆنمەپتۇ. پادىشاھ ھېچبىر ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. دىلدار قىزنىڭ ئالدىغا نى ـ نى شەھەرلەردىن ئەلچىلەر كەلسىمۇ، بىراق قىز يەنىلا «ھۈنىرى بارمىكەن؟» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ كەلگەنلەرنى يولغا سېلىپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ قىزىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ:

ـ ئەي قىزىم، ـ دەپتۇ پادىشاھ دىلدارغا قاراپ، ساڭا شۇنداق كاتتا، پۇل دېسە پۇلى، مال ـ دۇنيا دېسە، مال ـ دۇنياسى بار ئېسىل يىگىتلەر ئەلچى كەلدى. سەن نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ھۈنىرى بارمىكەن؟» دەپ يولغا سالىسەن؟ سېنىڭ ئىلمىم ـ بىلىم، ئەقىل ـ ئىدراكتا پۈتۈن شەھەرلەرگە نامىڭ كەتتى، لېكىن سەن مۇشۇ ئۆمۈرلۈك ئىشىڭغا كەلگەندە نېمانچە ئەقىلسىزلىك قىلىدىغانسەن؟ دىلدار دادىسىنىڭ

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەم دادىسىغا:

— ئى ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، سىز شانۇ شەۋكەتتە شۇنداق كاتتا، شۇنداقلا ماڭا ئاتا بولسىڭىزمۇ ئەقىل ـ پاراسەتتە تېخى نادان ئىكەنسىز، مەن سىزگە شۇنى ئېيتايكى، مال ـ دۇنيا، ۋەج ـ ئوقەت ۋاقىتلىق نەرسە، بەرىبىر تۈگەيدۇ. بىلىم، ھۈنەر ـ كەسىپ بولسا زامان ـ زامانلارغىچە ئۆز ئىگىسىگە ھەمراھدۇر. بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگۈچى ئەڭ قىممەتلىك تۈگىمەس بايلىقتۇر. شۇڭا مەن ئۆز لايىقىمنى بىرەر ھۈنەرۋەن، كەسىپ ئىگىسىدىن تاللىماقچىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ قىزىغا ھەرقانچە تەنبىھ قىلغان بىلەنمۇ قىزىنىڭ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئوردىدىكى بارلىق ئۆلىمالارنى يىغىپ ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— ھۈنەر ـ كەسىپ ئىچىدە قايسى ھۈنەر ئەڭ چاكىنا ھەم ئەسكىدۇر؟

ئۆلىمالار بۇ سوئالدىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قاپتۇ. ئاخىرى بىرى بۇ ھۈنەرنى ئەڭ چاكىنا دېسە، بىرى ئۇ ھۈنەرنى مەينەت دەپ بىر پىكىرگە كېلەلمەپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىرى:

— ھۈنەر ئىچىدە ئۈچۈلۈقچىلىق (توقۇم تىكىش) ئەڭ چاكىنا ھەم پاسكىنا ھۈنەردۇر. چۈنكى ئۈچۈلۈقنى كونا كىگىز، پايتىما، كونا لاتا ـ پىتىلاردىن تىكىدۇ. ئاخىرى ئېشەككە توقۇلىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۆز كۆڭلىدە، بۇ ھۈنەر تاللاپتۇ ـ دە، ئۆلىمالارنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

كەچتە نۆۋكەرلىرىدىن بىر قانچىنى چاقىرىپ، نەدىن بولمىسۇن بىر ئۈچۈلۈقنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇۋېتىپتۇ. نۆۋكەرلەر پۈتۈن شەھەرنى ئاختۇرۇپ بىر كوچىدا ئۈچۈلۈق تىكىۋاتقان كىيىملىرى كونا، چىرايىنى تەمرەتكە بېسىپ كەتكەن بىر كىشىنى ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ قىزى دىلدارنىڭ يېڭى ھەشەمەتلىك كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، كونا كىيىملەرنى كىيدۈرۈۋېتىپتۇ، قىزىدىن سۆز ئالمايلا:

— مەن سېنىڭ پىكرىڭ بويىچە بۇ ھۈنەرۋەن كىشىگە سېنى بەرمەكچى، ئەمدى ھازىردىن باشلاپ بۇ ئىككىڭلار بۇ شەھەردىن كېتىپ، ئۆز كۈنۈڭلارنى ئېلىڭلار. «ھۈنىرىڭلار» نىڭ قەدرىگە يېتىڭلار، مېنىڭ ئەمدى سەندەك قىزىم يوق، — دەپ ئىككىسىنى نىكاھ قىلىپ قويۇپ يولغا ساپتۇ.

دىلدار ئۈچۈلۈقچى بىلەن يىراق بىر يېزىغا بېرىپ، بىر كەپە ياساپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېرى ئۈچۈلۈق تىكىپ سېتىپ تاپقان پۇلىغا ئاش ـ ئوزۇق، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىپتۇ. يىگىتنىڭ يۈزىدىكى تەمرەتكە يوقاپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، بەستلىك بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ دىلدار بىلەن ئۈچۈلۈقچى بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇشۇپ، خاتىرجەم ياشاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى دىلدارنىڭ دادىسىنىڭ مەملىكىتىگە سىرتتىن يېغىلىق كەپتۇ. جەڭدە قانچە ئېلىشسىمۇ پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قېلىپ، پادىشاھ جېنىنى ئارانلا ئېلىپ يىراق

جاڭگاللىغا قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ قېچىپ يۈرۈپ جېنى تومشۇقىغا يەتكەندە باغۇ ـ بوستانلىق بىر قورۇغا يولۇقۇپتۇ. ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر دەم تۇرۇپتۇ ـ دە، نائىلاج تەۋەككۈل دەپ ھويلىغا كىرىپتۇ. قارىسا بىر كىشى ئۈچۈلۈق (توقۇم) تىكىۋاتقۇدەك، يۈزىگە چۈمبەل ئورىۋالغان بىر مۇزلۇم كىشى يىپ ئېشىۋاتقۇدەك، بۇ نەق مەلىكە دىلدار ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈلۈقچى ئېرى ئىكەن.

پادىشاھ ئەيمەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ بىر يولۇچى ئىكەنلىكىنى، يەيدىغان ئوزۇقى تۈگەپ بۇ يەرگە پاناھ تىلەپ كىرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۈچۈلۈقچى يىگىت بىلەن دىلدار ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ، ئالدىغا مەززە قويۇپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. بۇ چاغدا دىلدار شاھ دادىسىنى تونۇپتۇ ھەم ئۇنى راست سۆزلەشكە ئۈندەپتۇ. پادىشاھ نائىلاج بولغان ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپتۇ. ئاخىرىدا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپ بۇ ئىككى ئەر ـ خوتۇنغا قاراپ:

ـ مېنىڭ دىلدار ئىسىملىك ناھايىتى ئەقىللىق بىر قىزىم بار ئىدى. بىرنەچچە يىل بۇرۇن مەن ئۇنى بىر ھۈنەرۋەنگە بېرىپ شەھەردىن ھەيدىۋەتكەنىدىم، ئۇ دائىم: ــ پۇل، مال ـ دۇنيا دېگەن ھامان تۈگەيدۇ. مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان بايلىق ــ بىلىم ھۈنەردۇر، ــ دەيتتى. سىلەر بىر ئەھلى بىر ھۈنەرۋەن ئىكەنسىلەر، بىر ئۇبدان روزىغارىڭلارنى كۆرۈپ قىزىمنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدىم، ــ دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا دىلدار يۈزىدىكى چۈمبىلىنى ئۆرۈپ:

ـ دادا، قىزىڭىز دىلدار مەن بولىمەن، ـ دېگەنىكەن، پادىشاھ بۇ كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىشتىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، قىزى دىلدارنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئۆزىنىڭ بۇرۇن ھەقىقەتەن خاتا قىلغانلىقىنى، ئەمدى «ھۈنەر تۈگىمەس بايلىق» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقەتلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دىلدار بىلەن ئېرى شۇنىڭدىن كېيىن گۆلدەك ھۈنىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن قېرىپ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان شاھ دادىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، بىللە ھايات كەچۈرۈپتۇ[1].

## گۈزەللىك بۇلىقى

بۇرۇنىسىدا ئاينۇر ئىسىملىك بىر قىز بولغانىكەن، ئۇ دائىم چىرايىنىڭ سەتلىكىدىن ئاغرىنىدىكەن. ئەينەككە قارىغانسېرى بەك ھەسرەتلىنىدىكەن.

بىر كۈنى ئەينەككە قاراۋېتىپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى بۇنداق ھەسرەتلەنمەسلىكنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

ـ قانداق قىلسام چىرايلىق بولارمەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

---

①«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىنىڭ 12 ـ قىسمىدىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى.

— مەن چىرايلىق بولۇشنىڭ بىر ياخشى چارىسىنى بىلىمەن، — دەپتۇ ئانىسى، — سەن ئۇنى ئۆگىنىۋالساڭ چوقۇم چىرايلىق بولۇپ كېتىسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاينۇر بەك خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئانىسىدىن بۇ ياخشى چارىنى چاپسانراق ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئانىسى ئالدى بىلەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

بۇرۇن بىر قىز ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىكەن، بەك قەغىش ئىكەن، ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلمەيدىكەن. ھە دېسىلا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تاكاللىشىدىكەن. قەغىشلىق قىلغان چاغدا ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاكاللىشىدىكەن، قەغىشلىق قىلغان چاغدا ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى گۈزەل بولۇش ئىكەن. ئۇ خىلمۇخىل ياسىنىپ بېقىپتۇ. ئەمما ئەينەككە قارىسا يەنىلا سەت تۇرغۇدەك. بىر كېچىسى ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر كىتابنى ئوقۇپتۇ. كىتابتا يېزىلىشىچە، «گۈزەللىك بۇلىقى» دەيدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭغا چۆمۈلگەن قىز دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىز بولۇپ قالارمىش. ئەتىسى ئۇ كىتابتا يېزىلغىنى بويىچە گۈزەللىك بۇلىقىنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا ئاخىرى بۇ بۇلاقنى تېپىپتۇ. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى بۇلاققا ئاتماقچى بوپتۇ.

تۇيۇقسىز بۇلاقتىن بىر كىچىك پەرىزات چىقىپتۇ ـ دە، قىزغا:

— كەچۈرۈڭ، ھازىرچە سىزنىڭ بۇلاققا چۆمۈلۈشىڭىزگە بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ قىز خاپا بولۇپ.

— سىز ئالدى بىلەن ئۆيىڭىزگە قايتىپ بىر ئايغىچە قەغىشلىق قىلماڭ. ياخشى ئىش قىلىڭ، شۇندىلا بۇ بۇلاققا چۆمۈلۈشىڭىزگە بولىدۇ، — دەپتۇ كىچىك پەرىزات.

قىز ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. بىراق ئۇ ئىلگىرىكى قەغىشلىقىنى تاشلاپ، پەرىزات دېگەندەك قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئانىسىغا ياردەملىشىپتۇ. دادىسىنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بوپتۇ. لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى چىن كۆڭلىدىن قىلمىغاچقا، قىلغانلىرىمۇ يېتەرلىك بولماپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. قىز تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن گۈزەللىك بۇلىقىغا كەپتۇ. ئۇ بۇلاققا ئەمدىلا سەكرەي دەپ تۇرۇشىغا، كىچىك پەرىزات سۇ يۈزىدە پەيدا بوپتۇ ـ دە، ئۇنى توسۇۋاپتۇ.

— قىزچاق، — دەپتۇ ئۇ، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىز تېخى يېتەرلىك بولمىدى، قايتىپ يەنە بىر ئۈچ ئايغىچە ئالدىنقىدىنمۇ ياخشى مىجەزلىك بولۇپ ئاندىن كېلىڭ.

قىز ئىنتايىن ئازابلىنىپ پەرىشانلىق ئىلكىدە ئۆيىگە قايتىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشكە تىرىشىپ، كۆچى يەتكۈدەك ياخشى ئىشلارنىڭ

ھەممىسىنى قىپتۇ. ئۈچ ئاي بولغاندا، ئۇ خۇشال ـ خۇرام ھالدا بۇلاققا كەپتۇ. يەنە پەرىزات پەيدا بوپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ:

ـ يەنە ئالتە ئايدىن كېيىن كېلىڭ، ئاندىن تەلىپىڭىز ئورۇندىلىدۇ، ـ دەپتۇ. بۇ قېتىم قىز ئۆيىگە خۇشال ھالدا قايتىپتۇ، ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇ ئىنتايىن مۇلايىم، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، ئەمگەكچان، تىرىشچان بولۇپ قاپتۇ. قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ماختايدىغان بوپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالتە ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ، قىز ناخشا ئېيتقان ھالدا گۈزەللىك بۇلىقىغا يېتىپ كەپتۇ. قىز خېلى ئۇزاققىچە پەرىزاتنى كۈتۈپتۇ. لېكىن پەرىزات چىقماپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ بەك ئەجەپلىنىپتۇ. تۇيۇقسىزلا ئۇ بۇ يۈزىدە چىرايلىق بىر قىزچاقنى كۆرۈپتۇ.

پاھ بۇ كىمدۇ؟! ـ دەپ تاشلاپتۇ ئۇ، شۇ چاغدا پەرىزات پەيدا بوپتۇ ـ دە:

ـ بۇ سىزنىڭ شولىڭىز، قاراڭ، چىرايىڭىز گۈزەل بولۇپ قالدى، ئەمدى گۈزەللىك بۇلىقىغا چۈمۈلۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ـ دەپتۇ.

قىز ھاياجانلانغانلىقىدىن يىغلاپ ساپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلسا چىرايلىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەنىكەن...

ئاينۇرنىڭ ئانىسى ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولۇپ:

ـ قېنى ئويلاپ كۆرگىن، قانداق قىلساڭ چىرايلىق بولالايدىكەنسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

چىرايلىق بولۇشنىڭ چارىسىنى بىلىۋالغان ئاينۇر خۇشاللىق بىلەن:

ـ چىرايلىق بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ـ ئەخلاقلىق، ئەمگەكچان بولۇش ئىكەن! ـ دەپتۇ[①].

## 40 يالغان

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزى بولغانىكەن، بۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا ئايمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەن. قىز بويىغا يەتكەندە پادىشاھ:

ـ كىمكى 40 يالغان گەپ قىلىپ بەرسە كۈيئوغۇل قىلىپ، پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن. 40 يالغاننىڭ بىرى راست چىقسا كاللىسىنى ئالىمەن، ـ دەپ جاكارلاپتۇ. نۇرغۇن ئەزىمەت يىگىتلەر 40 يالغاننى دەپ بېرەلمەي كاللىسىدىن ئايرىلىپتۇ. بىر كۈنى 12 ياشلىق بىر تاز پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ـ پادىشاھئالەم، مەن 40 يالغان گەپ قىلىپ بەرگىلى كەلدىم، ـ دەپتۇ.

ـ قېنى شۇمتەك، گېپىڭنى باشلا، ـ دەپتۇ پادىشاھ مەنسىتمەسلىك بىلەن.

ـ تەقسىر گېپىمنىڭ ئىچىدە بىرەر راست گەپ بارمۇ ـ يوق. ئوبدان ئاڭلىسىلا،

①ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن لايقا يېزىسىدىن ئابلا مەتتوختى («ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىنىڭ 9 ـ قىسمىدىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى).

دەپتۇ بالا.

ــ قېنى باشلا، ــ دەپتۇ پادىشاھ تېرىكىپ.

بالا خوپ دەپ گېپىنى باشلاپتۇ:

ــ بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا مەن دادامنىڭ دادىسىنىڭ يىلقىسىنى باقتان. ئالتىنچى ئاي تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يىلقىلارنى كۆل بويىغا سۇغارغىلى بارسام كۆلنىڭ سۈيى بىر - بىر يېرىم مېتىر مۇز توڭلاپ كېتىپتۇ، مۇزنى كۆرۈپ، يىلقىلارنى قانداق سۇغىرارمەن دەپ ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بېشىمنى يۇلۇپ ئېلىپ ئىككى قولىقىمدىن تۇتۇپ بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر ئۇرۇۋىدىم، 1000 يىلغا سۇ ئىچكۇدەك كۆلچەك ئېچىلدى. يىلقىلارنى سۇغىرىپ بولۇپ، سانىماي قوتانغا سولاپتىمەن، بىر ۋاقىتتا يىلقىنى ساناپ باقاي دەپ قارىسام ئالتە غۇلاچلىق بىر ئالا بايتال يوق. ئالا بايتالنى ئىزدەش ئۈچۈن پىچاقنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، ئۇستىگە ھەسسەپ تۇرسام پىچاق ئېگىلىپ كەتتى، ئارقىدىنلا پىچاقنىڭ يۇقىرىقى ئۇچىغا غىلاپنى سانجىپ ئۇستىگە چىقسام غىلاپ ئېگىلمىدى، قارىسام ئالتە ئايلىق يىراق يولنىڭ چېتىدىكى ئۇنمىگەن چىغنىڭ تۈۋىدە ئالا بايتال قۇلۇنلاپ قويۇپتۇ. بۇنى ئەكىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتسام ئالدىمغا بىر دەريا يولۇقۇپ قالدى. دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن غىلاپنى قولۋاق قىلىۋىدىم، غىلاپ سۇغا چۆكمىدى، شۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆتۈۋىدىم. دېمىمنى ئېلىپ بىر ئاز مېڭىپ، ھېلىقى دەرياغا كەلدىم. ئاتنى دەرياغا سېلىۋىدىم چۆكۈپ كەتتى. مەن قىرغاققا چىقىپ، قۇلۇننى مىنىپ بايتالنى ئالدىمغا ئېلىۋىدىم چۆكمىدى، دەريادىن ئۆتۈپ شۇنداق قارىسام ئۇنمىگەن تېۋىلغىنىڭ تۈۋىدىن تۆرەلمىگەن بىر توشقان چىقىپ قاچتى. پۈتىمىغان چوماق بىلەن ئۇرۇۋىدىم كولىمىغان ئورىغا چۈشتى، توشقاننى سويۇۋىدىم، 80 پاتمان چاۋىسى، 70 پاتمان ماۋۇسى چىقتى. ئۇنىڭ مېيىنى ئېرىتەي دەپ، بايتالنى قوزۇققا باغلاپ قويۇپ، تېزەك تېرىۋاتسام بىر كەمدە پالاق - پۇلۇق قىلدى، تېزەكنى تۆكۈۋېتىپ يۈگۈرۈپ بارسام ئاتنى قوزۇققا باغلىدىم دەپ، ئاققۇنىڭ بويىنىغا باغلاپ قويۇپتىمەن. تېزەك تەردىم دەپ بۆدۈنە تېرىپتىمەن. ئىككى قازان تاپتىم، توشقان مېيىنى ساق قازاندا ئېرىتسەم ماي ئېقىپ كەتتى. تۆشۈك قازاندا ئېرىتسەم ئاقمىدى. توشقان مېيىنى ئېرىتىپ، بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە قاچىلىدىم، ئەمدى توشقان گۆشىدىن ئازراق يەي دېسەم بېشىم ھېلىقى مۇز چاققان يەردە قاپتۇ، شۇنداق قىلىپ كەچ كىردى، ئاخشىمى زېرىكىپ، ئۆتۈكۈمنى مايلىۋالاي دەپ مايلىسام، بىرنەچچە ئېغىز ئۆيدىكى ماي بىر پاي ئۆتۈكۈمگە ئاران يېتىپتۇ. بىر پاي ئۆتۈكنى مايلاپ بولۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، بىر چاغدا ئويغىنىپ قارىسام «سېنىڭ يامانلىقىڭدىن مايلىمىدى» دەپ ئۆتۈكلەر راسا مۇشتلىشىۋېتىپتۇ. ئىككىسىنى ئىككى يانپىشىمغا بېسىپ يېتىۋالدىم، بۇ ئىككىسىنى ئاجرىتىمەن دەپ، ھېرىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسام مايلىمىغان ئۆتۈكۈم يامانلاپ كېتىپتۇ، قېچىپ كەتكەن ئۆتۈكۈمنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن مايلىغان بىر پاي ئۆتۈككە ئىككى پۇتۇمنى تىقىپ

قوغلىدىم. قوغلا ــ قوغلا بىر مەھەللىگە بېرىپ قارىسام مايلىمىغان ئۆتۈكۈم بىر سىنىڭ تويىدا ئاش توشۇۋېتىپتۇ. مايلىمىغان ئۆتۈكۈم تىكىلگەن چىبىرغا مېنى باشلاپ كىرىپ «ئاخشام مېنىڭدىن بىر قوشۇق مېيىڭنى ئايىۋېدىڭ، ھېلىغۇ سەن ئىسكەنسەن، پۈتۈن جامائەتكە يەتكۈدەك ماي تاپتىم» دەپ ئالدىمغا بىر تاۋاق پولۇ قويدى.

تاز بالا 40 يالغاننى دەپ تۈگىتىپتۇ. پادىشاھ بالىنىڭ 40 يالغان گېپىگە قايىل بوپتۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، پادىشاھلىقىنى بېرىپتۇ ھەم ئايدەك گۈزەل قىزىنى ئاۋۇ بالىغا بېرىپ، كۆيئوغۇل قىلىۋاپتۇ.①

## شاگىرتنىڭ قاشتېشىنى پەرقلەندۈرۈشى

بىر كىشى ئوغلىنى دوستىنىڭكىگە قاشتېشى سېتىشنى ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بىر يىلغىچە دوستى بالىغا ھېچ نەرسە ئۆگەتمەپتۇ. پەقەت سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش، يەر سۈپۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا ساپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ بەلكىم بالامنىڭ چىدامچانلىقىنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىسى بولۇپ قالار، دەپ ئويلاپتۇ. ئىككىنچى يىلمۇ شۇ يوسۇندا ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئاچچىقىغا چىدىيالماي، دوستى بىلەن ھېسابلاشقىلى بېرىپتۇ. دادىسى دوستىدىن نارازى بولغان ھالدا: ــ سەن زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ كۆنىۋېي ئوغلۇمغا قارا ئىشلارنى قىلدۇرۇپ، ھېچنەرسە ئۆگەتمەپسەن؟ ــ دەپتۇ. دوستى: ــ ئۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتىم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا بىر خېرىدار قاشتېشىنىڭ راست ــ يالغانلىقىنى باھالاتقىلى كەپتۇ. دوستى ياش يىگىتنى ئايرىپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ياش يىگىت جۇرئەت قىلالمىغان ھالدا: ــ بولمايدۇ، سىز تېخى ماڭا ھېچنەرسە ئۆگەتمىگەن تۇرسىڭىز، مەن قانداق پەرقلەندۈرەلەيمەن؟ ــ دەپتۇ. ئۇ: ــ سەن كەلگەن بىرىنچى كۈنى مەن ساڭا بىر پارچە قاشتېشىنى سىلاپ بېقىشقا بەرگەن. ھازىر بېرىپ سىلاپ باققىن، ئەگەر ھېلىقى قاشتېشى بىلەن ئوخشاش تۇيغۇدا بولساڭ راست قاشتېشى، ئۇنداق بولمىسا يالغان، ــ دەپتۇ.

شاگىرت ئامالسىزلىقتىن سىناپ بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ سىلاپ بېقىپلا كەسكىنلىك بىلەن: ــ بۇ قاشتېشى يالغان ئىكەن، ــ دەپتۇ. خېرىدارمۇ قايىل بوپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئۇستازنىڭ ماھارىتىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، قەستەن بىر پارچە قاشتېشى ئەكەلگەن ئىكەن. ئاقىۋەتتە، شاگىرتىلا قاشتېشىنى باھالاپ چىقىپ، ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇش ئەسلىدىنلا بىر ئۆگىنىش باسقۇچى، ھەر سېكۇنت، ھەر دەقىقە گەپ ــ سۆز، ئىش ــ ھەرىكەتلىرىمىز توغرا يۆنىلىشتە بولۇشى كېرەك. دېمەك،***

---

①ئېيتىپ بەرگۈچى: جۇمەخۇن قاسىم، خاتىرىلىگۈچى: ھۆسەنجان ئۆمەر («غۇلجا خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى. «ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان. 1989 ــ يىل نەشرى)

***ئېسىل ئەخلاق ۋە ئەقىل ـ قابىلىيىتىمىزنى ئۆزىمىز شەكىللەندۈرىمىز.***

## تەڭرىنىڭ جازاسى

ياشانغان بىر يەھۇدى بوۋاي دەم ئېلىش كۈنىدە ئوغرىلىقچە گولف توپ ئوينىغىلى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇنى جازالاشنى قارار قىپتۇ.

بوۋاي باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، پەقەت توققۇز كالتەك ئويناماقچى بوپتۇ. ئۈچىنچى كالتەككە كەلگەندە، بوۋاي كالتەكنى بىرلا چۆرۈپ توپنى كامارغا كىرگۈزۈپتۇ، بوۋاي خۇشال بولغانلىقتىن قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ كېتىپتۇ. تۆتىنچى كاتەككە كەلگەندە، توپ يەنە بىر كالتەك بىلەنلا كاماغا چۈشۈپتۇ. بوۋاي ھاياجانلانغان ھالدا: — بۈگۈن ھەقىقەتەن ئامىتىم كەلگەن كۈن ئىكەن! — دەپتۇ. قالغان تۆت كاماغىمۇ بىرلا كالتەك بىلەنلا توپ چۈشۈرۈپتۇ.

بۇ قېتىم توققۇز توپنىڭ ھەممىسىنى بىرلا كالتەك بىلەن كاماغا چۈشۈرۈپتۇ. بۇ دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە كۆرۈلمىگەن ئەھۋال بولۇپ، بوۋاي خوشاللىقىدىن كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

تەڭرىنىڭ يېنىدا تۇرغان پەرىشتە چۈشەنمىگەن ھالدا: — سىز ئۇنى جازالايمەن دېگەن ئىدىڭىز؟ بىراق جازالىغىنىنى كۆرمىدىمغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تەڭرى كۈلۈپ تۇرۇپ: — مەن ئۇنى جازالاپ بولدۇم، — دەپتۇ. تەڭرى يەنە: — سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ ئەسلى بۇنداق كىشىنى ھەيران قالدۇرغان نەتىجە ۋە ھاياجاننىڭ كەيپىياتىنى باشقىلارغا دېمەسلىكى كېرەك ئىدىغۇ، سىزنىڭچە بۇ ئەڭ ياخشى جازا ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىزنىڭ خۇشاللىق ۋە شۇكرى ـ قانائەتسىز باشقىلارنىڭ ماختىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىدىن كېلىدۇ.***

## قوغلىشىش

چىغىر يولدا، خۇرجۇن ئارتقان بىر ئادەم ئالدىراپ مېڭىپتۇ. يەنە بىر ئادەممۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

ئارقىدا ماڭغان كىشى ئالدىدىكى كىشىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى خۇرجۇننى ئارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قوغلىشىپ بىللە يۈرۈشنى ئويلاپ قەدىمىنى تېزلىتىپتۇ. ئالدىدىكى كىشى تۇيۇقسىز ئارقىسىدا بىرەيلەننىڭ ئەگىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قەدىمىنى تېزلىتىپتۇ. ئارقىسىدىكى كىشى ئالدىدىكى كىشىنىڭ يۈگۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ تېز

قوغلاپتۇ.

ئالدىدىكى كىشى تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

ئارقىسىدا قالغان كىشى پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈپ كەتكۈچە قوغلاپمۇ يېتىشەلمەي، ئۇھ تارتىپ، بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئارام ئاپتۇ.

ئالدىدىكى كىشى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ، ئارقىسىدىكى كىشىنى يىراقتا قالدۇرۇپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئۇ مېنى تونۇمىدىغاندۇ؟ باياتىن نېمىشقا مېنى قوغلايدىغاندۇ؟ ھازىر نېمىشقا توختاپ قالدۇ؟ ئۇ زادى نېمە ئىش قىلماقچىدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ سوئاللار ئۇ بەند قىلىۋاپتۇ، ئۇ ئاخىرى مېڭىشتىن توختاپ، ئارقىسىغا قايتىپ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىشنى قارار قىپتۇ.

ئارقىسىدىكى كىشى دەم ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئالدىدىكى ئىز دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ھەمدە تېز سۈرئەتتە ئۆزى كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئالدىدىكى كىشى ئارقىسىدىكى كىشىنىڭ ئۆزىنى قوغلاپلا قالماستىن، ئەكسىچە قارشى يۆنىلىشكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە غەيرىيلىك ھەمدە سىرلىق ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇنى قوغلاشقا باشلاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ياش يىگىت، ھەيرانلىق ئىچىدە، يېنىدىكى بوۋايدىن: ــ ئىككى ئادەم قوغلىشىپ، توختاپ، زادى نېمە ئىش قىلماقچىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭغا: ــ بۇ تولىمۇ ئاددى، بىرسى قوغلىسا بىرى قاچىدۇ، قانچە تېز قوغلىغانسېرى، شۇنچە تېز قاچىدۇ. قوغلىغان ئادەم توختىسا قاچقان ئادەممۇ تەبىئىي ھالدا قاچمايدۇ، ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***تەپەككۇر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئاكتىپ تەپەككۇر ئادەمنى ئۆزلۈكسىز تەرەققىيات يۆنىلىشىگە باشلايدۇ. بىراق تەپەككۇرىمىز ئىككىلىنىش ۋە قورقۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز دائىم دېگۈدەك مەغلۇبىيەتنى ۋە ئوڭۇشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.***

## سىز كىم؟

بىر قېتىم ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيە يولدىشى بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا جېدەللىشىپ قاپتۇ، يولدىشى ئاچچىقىنى باسالماي ياتاق ئۆيگە كىرىپ

ئىشكنى تاقىۋاپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئايال پادىشاھ ئارام ئالماقچى بولۇپ، ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشكىنى چېكىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

— كىم؟!

— ئايال پادىشاھ، — ۋىكتورىيە تەكەببۇرلارچە جاۋاب بېرىپتۇ. بىراق ۋىكتورىيە بىر ئاز ساقلىغان بولسىمۇ، يولدىشى ئىشىكنى ئاچماپتۇ. ئۇ يەنە ئىشىك چېكىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ياتاق ئىچىدىن يەنە «كىم؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

— ۋىكتورىيە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسمىنى ئاتاپ، بىراق ئۇ يەنىلا تەكەببۇرلۇق ھېسسىياتىنى باسالماپتۇ. بۇ نۆۋەت تېخىمۇ ئۇزۇن ساقلاپتۇ، بىراق ئىچىدىن سادا كەلمەپتۇ، ئايال پادىشاھ يەنە ئىشىك چېكىپتۇ. بىراق ئۇ بۇ قېتىم بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، يولدىشى، — كىم؟ — دەپ سورىغاندا، يېقىملىق ئاۋازدا: — سىزنىڭ ئايالىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئوخشاشمىغان مۇھىتتا، بىز ئۆزىمىزنىڭ دىلىمىزنى توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك. سىزنىڭ سىرتتا قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەلدار بولسۇن، ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە سىز يەنىلا يېقىن ئادىمى ھېسابلىنىسىز.***

## ئاجايىپ مەرۋايىت

بىر ئادەم دوستىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. دوستى ئۈنچە - مەرۋايىت سودىگىرى بولۇپ، ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان خېرىدارلىرىنى كۈتۈۋالىدىكەن. ئۈنچە - مەرۋايىت سودىگىرى ئۇنى ئىسكىلاتقا باشلاپ بېرىپ، بىرلىكتە ئېكسكۇرسىيە قىپتۇ. يېشىل ئىچىگە لىق قاچىلانغان ئېسىل ئالماس ۋە مەرۋايىتلارنى كۆرۈپتۇ. بىراق بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تال مەرۋايىت پارقىرىمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەلىتە مەرۋايىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ مەرۋايىتنىڭ نېمىشقا ھېچقانداق گۈزەل تەرىپى يوق! — دەپتۇ.

ئۈنچە - مەرۋايىت سودىگىرى، — شۇنداقمۇ؟ — دەپلا، مەرۋايىتنى يېشىكتىن ئېلىپ، قولىدا مەھكەم سىقىپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن، قولىنى ئاچقان ئىكەن، بۇ مەرۋايىتنىڭ رەڭگارەڭ نۇرلىرى كۆزنى قاماپتۇ.

ئۇ بۇ رەڭگارەڭ نۇرلار سېھرىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: — بۇرادەر، سەن مەرۋايىتقا قانداق سېھىر ئىشلەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۈنچە - مەرۋايىت سودىگىرى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ: — بۇ بىر ئاقسىللىق تاش، بىز ئۇنى ھېسسىياتلىق تاش دەپ ئاتايمىز. پەقەت قول بىلەن سىقىپ قويساقلا، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ھەرخىل، ئاجايىپ گۈزەل نۇرلارنى چىقىرىدۇ، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

***تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ياكى ئىشلارنىڭ گۈزەللىكى ئىچكى تۇيغۇغا مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، بىزنىڭ قېزىشىمىزغا مۇھتاج. قېزىشقا ماھىر بولغان كىشىلا گۈزەللىكتىن ھۇزۇر ئالالايدۇ.***

## دوغا تىكىش

بىر جۈپ ئەر ـ ئايال بولۇپ، تۇرمۇشى يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. بىر كۈنى، ئۇلار ئۆيدىكى بىردىنبىر پۇلغا يارايدىغان ئېتىنى بازارغا ئاپىرىپ كېرەكلىك نەرسىگە تېگىشمەكچى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ يولدىشى بازارغا بېرىپ، ئالدى بىلەن ئاتنى ئىنەككە تېگىشىپتۇ، ئىنەكنى بىر قويغا تېگىشىپتۇ، ئارقىدىن قوينى سېمىز غازغا تېگىشىپتۇ، غازنى يەنە مېكىيانغا تېگىشىپتۇ، ئەڭ ئاخىرى مېكىياننى بىر خالتا سېسىق ئالمىغا تېگىشىپتۇ.

بىراق ھەر بىر قېتىم تېگىشكەندە، ئۇ ئايالىغا خۇشخەۋەرنى يەتكۈزۈشنى ئويلاپتۇ.

ئۇ بىر قاۋاقخانىدا، ئىككى ئامېرىكىلىق كىشىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇ بازاردىكى ئىشلارنى ئۇلارغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئامېرىكىلىق قەھ ـ قەھلەپ كۈلگەنچە، «ئايالىڭ سېنى تىللاپ تويغۇزۇپ قويىدىغان بولدى» دېيىشىپتۇ. بىراق ئۇ «ئايالىم ئۇنداق قىلمايدۇ» دەپتۇ. ئامېرىكىلىقلار بىر خالتا تەڭگىنى دوغا تىكىپ، ئۈچىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

يولدىشىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى خۇشال بولۇپ، يولدىشىدىن بازاردىكى بولغان ئىشلارنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. ھەر قېتىم يولدىشىنىڭ بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە تېگىشكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، توختىماستىن: «ۋاھ! بىزنىڭ كالا سۈتىمىز بار بولدى!»

«قوي، سۈتىمۇ يامان ئەمەس!»

«ئوھوي، غازنىڭ پەيلىرى ھەقىقەتەن چىرايلىق!»

«مېكىيان نۇرغۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدۇ!» دەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىردا يولدىشى بىر خالتا سېسىق ئالمىغا تېگىشكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا خۇشال ھالدا: «بىز بۈگۈن كەچتە ئالما يېيەلەيدىغان بولدۇق» دەپتۇ.

نەتىجىدە، ئىككى ئامېرىكىلىق بىر خالتا تەڭگىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

***ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ خۇشال ـ خورام يۈرۈشى ئايالىنىڭ خۇشاللىقنى دائىم ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانلىقىدا، زىيان تارتىشقا تۇگۇل، ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، ھەر ۋاقىت خۇشال كەيپىياتنى ساقلىغانلىقىدا.***

## لىق سۇ قاچىلانغان ئىستاكان

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر پىروفېسسورىنىڭ ياش ۋاقتىدا پەن تەتقىقاتى جەھەتتە تۆھپىسى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بىراق ياشانغاندا بولسا، دائىم ئارىسالدىلىق ئىچىدە يۈرۈپ، كۆپ يىلدىن بۇيان تەتقىقات نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئەمدىلا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققان بىر قانچە ئوقۇغۇچىسى ئالغا ئىلگىرىلەپ، نۇرغۇن تۈرلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پەن ھاياتىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئۇ تولىمۇ قايغۇرۇپتۇ، بىراق مەسىلىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۆزىگە بولغان گۇمانىي تۇيغۇلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ.

بىر قېتىم، ئۇ بىر ئاقىلدىن كۆرسەتمە بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئاقىل بولسا ھېچ نەرسە دېمەستىن، پەقەت بىر ئىستاكاننى ئېلىپ پىروفېسسورنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، ئارقىدىنلا ئىستاكانغا سۇ قۇيۇپتۇ. ئىستاكان ناھايىتى تېزلا توشۇپتۇ، بىراق ئاقىل توختىماستىن، ئاۋۋالقىدەك قۇيۇۋېرىپتۇ.

پىروفېسسور ئۇنى ئەسكەرتىپ: ــ ئىستاكان توشۇپ كەتتى، ــ دەپتۇ. ئاقىل پەرۋا قىلماستىن، پىروفېسسورغا: ــ بۇ لىق سۇ تولدۇرۇلغان ئىستاكان مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتىدۇ، سىزنىڭ بىلىم قاچىڭىز توشۇپ كېتىپتۇ، شۇڭلاشقا مۇشۇنداق باش ئاغرىقىغا قاپسىز، ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇشقا نىسبەتەن، بىز ئۆزىمىزنىڭ قەلبىمىزدىن ئازراق بوشلۇق قالدۇرۇپ قويۇپ، ھەر ۋاقىت يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغان قەلبىمىزنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.***

## پىروفېسسور ۋە قەلەندەر

ئىككى كىشى بىرلا ۋاقىتتا خۇداغا: ــ ھەممىگە قادىر ئاللا! بىزنى ياشلىقىمىزغا قايتۇرۇپ قويساڭچۇ......ــ دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. خۇدا ئۇلارنىڭ ئۆتۈنۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشنى ئېيتىپتۇ.

بىرىنچىسى: ــ مەن بولسام بىر پىروفېسسور، قورسىقىمدىكى بىلىم ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بولساممۇ، بىراق ئۆزۈمنى قىلچىلىكمۇ خۇشال ھېس قىلمايمەن، چۈنكى مېنىڭ گۈلدەك ياشلىقىم ئۆگىنىش ۋە تۈگمەيدىغان كىتاب ئارىسىدا ئۆتۈپ كەتتى. ماڭا مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى سۈرىدىغان يېتەرلىك ۋاقىت بولمىدى، مەن ئاشۇ خۇشال ـ خۇرام ياشلىق چاغلىرىمنى ئەسلەيدىغان

بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ.

ئىككىنچىسى: — مەن بولسام بىر قەلەندەر، مېنىڭ بۇ ئۆمرۈمدە خۇشاللىق تۇيغۇسى بولۇپ باقمىغان، قەيەرگىلا بارماي ھەممە كىشىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ كەلدىم. مەن ياش ۋاقتىمدا، ۋاقتىمنىڭ ھەممىسىنى مەنىسىز پاراڭلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپتىكەنمەن. مەن ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيمەن، شۇنداقلا ئەمگەكنىڭ ھەقىقىي مېۋىسىنى تېتىپ باققانمۇ ئەمەس. مەندە بار بولغان نەرسە پەقەت ئاچلىق ۋە دۆتلۈك، ھازىر ھەۋەس قىلىدىغىنىم بىلىم ۋە يېڭىلىق يارىتىش، ئاھ خۇدا! مېنى ياشلىقىمغا قايتۇرۇپ قويغىن! — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

— بولىدۇ، سىلەرنى ياشلىقىڭلارغا قايتۇرۇپ قوياي، — دەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ.

ئىككىسى كىشىلەر ئارىسىغا قايتىپ، ھاياتىنى 18 ياشتىن باشلاپتۇ. پىروفېسسور بارلىق كىتابلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ.

قەلەندەر بولسا، پۈتۈن زېھنىنى كىتابقا قارىتىپ، بىلىم دېڭىزىدا ئۈزۈپتۇ. ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۇ ئۆز غايىسىدىكى مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپتۇ.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. خۇدا ئۇلارنى چاقىرىپ، ياشلىقىدىكى ھېسسىياتىنى سوراپتۇ. پىروفېسسور خىجىل بولغان ھالدا، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قاپتۇ. چۈنكى، ئۇ قەلەندەر بولۇپ قالغان ئىكەن. قەلەندەر بولسا: — خۇدا! ھەممىتىڭگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت! مەن شۇنچە كۆپ يىل تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پىروفېسسور بولۇپ چىقىپ، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى ئاخىرى ھېس قىلدىم، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئۆزىڭىزنىڭ شارائىتىڭىزنىڭ ناچارلىقىدىن ئاغرىنماڭ، بىلىم ئىگىلىسىڭىزلا ئاندىن خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالايسىز.***

## ئورۇقلاشتىكى ئاجايىپ تەدبىر

بىر ئورۇقلىتىش كۇلۇبىنىڭ ئىناۋىتى خېلى يۇقىرى ئىكەن. چۈنكى نۇرغۇنلىغان سېمىز كىشىلەر بۇ كۇلۇبتا داۋالىنىپ ۋە چېنىقاندىن كېيىن، ئورۇقلاپ مۇرادىغا يېتىپتۇ.

بىر ئەر نۇرغۇن ئورۇقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇ بۇ كۇلۇبقا كېلىپ ئاخىرقى ئۈمىدىنى بۇ يەرگە باغلاپتۇ.

ئۇ بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، مەشقاۋۇل ئۇنىڭغا: — سىز

ھازىر ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، ئەتە بىرى ئۆيىڭىزگە بېرىپ قانداق قىلىشىڭىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ. دەرۋەقە، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، بىر ساھىبجامال ئايال ئىشىكتىن كىرىپ ئۇنىڭغا: — مەشقاۋۇل ماڭا ئەگەر سىز مېنى قوغلاپ يېتىشىۋالالىسىڭىز، مېنىڭ جۆرىڭىز بولىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى، — دەپتۇ. سىمىز ئەر خۇشال بولغان ھالدا ھەر كۈنى جېنىنىڭ بارىچە ئايالنى قوغلاپتۇ. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سىمىز ئەرنىڭ يۈگۈرەش سۈرئىتى تېزلىشىپتۇ، بىر كۈنى ئۇ ئايالنى تۇتۇۋالغىلى ئازلا قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، ئەتە ئازراق غەيرەت قىلسام، ئايالنى تۇتۇۋالالايمەن، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بىر نىيەتتە ئايالنى قوغلاشنى ئويلىغاچقا، يۈزىنىڭ ئورۇقلاش ئىشىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپتۇ. سىمىز ئەر كۆڭلىدە، بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن ئايالنى تۇتۇۋالمىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئىشىكنى ئاچقاندا، ئىشىك ئالدىدا تۇرغىنى ھېلىقى ساھىبجامال ئايال بولماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىياپىتىدىنمۇ نەچچە ھەسسە سىمىز ئايال ئىكەن. سىمىز ئايال ئۇنىڭغا: — مەشقاۋۇل سىزنى قوغلىشىمنى، ئەگەر مەن سىزنى قوغلاپ تۇتۇۋالسام، سىزنىڭ مېنىڭ بولىدىغانلىقىڭىزنى تاپىلىدى، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***قىزىقىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەگەر بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە نىسبەتەن قىزىقىشىمىز يۇقىرى بولسا، جەريان ھەر قانچە قىيىن ۋە ئۇزۇن بولغان تەقدىردىمۇ، خۇشاللىقنى ھېس قىلالايمىز ھەمدە ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۇنى تاماملىيالايمىز.***

## دىرېكتورنىڭ ئارام ئېلىش مەزگىلى

بىر چوڭ شىركەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي ئىشلار دىرېكتورى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، خىزمەتنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدىكەن. بىراق، ئۇ ھەر يىلدا ۋاقىت بەلگىلەپ ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇمايدىكەن.

شىركەتنىڭ بىر مۇھىم ھەمكارلىق تۈرى باشلانغاندا، بۇ دىرېكتور بىر قانچە كۈن رۇخسەت سوراپ ئارام ئالغىلى كېتىپتۇ. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا پىكىر بېرىپ ئەيىبلەپتۇ.

ئۇ: — مېنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىم بولدى، بىر يىلدىكى خىزمەتنى ئون بىر ئاي ئىچىدە ئورۇنلاپ بولغىلى بولىدۇ، بىراق ئون ئىككى ئاي سەرپ قىلىپ ئورۇنلاشقا مەن يارىمايمەن، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

***ھېكمەت:***

***ئۇزۇن مۇددەتلىك نېرۋا ياكى مۇسكۇللارنىڭ جىددىيلىكى ئادەمنى ئاستا ـ ئاستا چارچىتىپ قويىدۇ. بىر مەزگىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىمىزنى ئەركىن قويۇپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ روھىي ۋە جىسمانىيىتىمىزنى ئاسانلا ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز، پەقەت يېتەرلىك ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن كۈچلۈك زېھنىي كۈچىمىزنى خىزمەتكە ئاتىغىلى بولىدۇ.***

## شىرنىڭ ھۆركىرىشى

ھايۋاناتلار باغچىسىدا يېڭىدىن ئەكەلگەن كىچىك بىر شىر بولۇپ، ئۇنى قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ.

خىزمەتچى خادىملار ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر «ئۆي» ياساپ بېرىپتۇ ۋە ھەر كۈنى ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان يېمەكلىكلىرى بىلەن بېقىپتۇ. بىراق ئۇ يەنىلا خۇشال بولالماپتۇ. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى، ئىلگىرىكى دوستلىرىنى سېغىنىپ، توختىماستىن ھۆركىرەيدىكەن، بۇنىڭ بىلەن باشقا ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرلىكتە سۈرەن سېلىشقا باشلاپتۇ.

بىر خىزمەتچى خادىم شىرنىڭ بارغانچە ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بىر ساۋاپ قويماقچى بوپتۇ. ئۇ توك كالتىكى شىرغا ھەر تەگكەندە ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك ھۆركىرەشكە باشلاپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، بۇنى كۆرگەن باشقا بىر خىزمەتچى: — مەن سىناپ باقاي! — دەپتۇ.

ئۇ شىرنى ناھايىتى كىچىك بىر قەپەسكە سولاپ، يولۋاس تۇرىۋاتقان ئۆيگە ئېسىپ قويۇپتۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاس بۇنى ئۆزىگە بېرىلگەن ياخشى تائام دەپ قاراپ، كىچىك شىرغا قادىلىپتۇ. كىچىك شىر چۆچۈپ كەتكىنىدىن، بوراندەك ھۆركىرەپتۇ تېخىمۇ جانلانغان يولۋاس شىرغا قاراپ ئېتىلىپتۇ.

كىچىك شىر ئۆزىنى تۇگەشتىم، دەپ قاراپ غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپتۇ. قەپەس يەر يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز جايغا ئېسىلغاچقا، يولۋاس ھەر قانچە قىلىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. كىچىك شىر قورقۇپ كەتكىنىدىن، بىر كېچە ھۆركىرەپ چىقىپتۇ. ئۇ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە «ئۆي» گە قايتىپتۇ.

«ئۆي» گە قايتقان كىچىك شىر يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى بولمىغاچقا، ئارامخۇدا ئۇخلاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىز نېمىشقا دائىم ھەممە نەرسىدىن ئاغرىنىپ يۈرىمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز ئەزەلدىن ئەڭ يامان ئەھۋاللارنى ئۇچراتمىغانلىقىمىزدا. ھازىرقى بارلىقىڭىزنى قەدىرلەڭ، بىلىشىڭىز كېرەككى، بىز ئەڭ تەلەيلىك.***

## ئورۇندۇقسىز ساياھەت

بىر ئادەم دائىم كاماندىروپكىغا چىقىدىكەن. بىراق كۆپىنچە ۋاقىتتا ئورۇندۇقلۇق بىلەت سېتىۋالالمايدىكەن. ئۇ سەپەردە ئامالسىزلىقتىن باشقا ئورۇندۇقسىز يولۇچىلارغا ئوخشاش، ۋاگوننىڭ كارىدورى ياكى ئىككى ۋاگون تۇتاشقان جايدا ئارام ئالىدىكەن.

بىر قېتىم ئۇ قاتتىق چارچاپ كېتىپتۇ ۋە ۋاگوننىڭ تۇتاشقان جايىدىن قاتتىق ئورۇندۇقلۇق ۋاگونغا قاراپ بوش ئورۇن ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ قىستاڭچىلىق ئىچىدە، كارىدور ۋە ۋاگونلار تۇتاشقان جايدىن ئاران دېگەندە ئۆتۈپتۇ. بەش ۋاگون ماڭغاندىن كېيىن، قىستاڭچىلىق پەسكويغا چۈشۈپتۇ. كارىدوردىمۇ ئۆرە تۇرغان يولۇچى كۆرۈنمەپتۇ. ھايال ئۆتمەي  بىر  يولۇچى بېكەتتە پويىزدىن چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاخىرى بىر ئورۇندۇققا ئىگە بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ، پەقەت ھەرىكەت قىلىشنى خالىسىلا، ۋاگوندا بوش ئورۇن ھامان چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ.

كېيىن، بۇ كىشى كاماندىروپكىغا چىققاندا ئۆرە تۇرۇشنىڭ تەمىنى تېتىماپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىر ئامال قىلىپ جان ساقلاشنىڭ كويىغا چۈشكەن كىشى ئالدىغا بىر قەدەم بېسىشنى، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى خالىمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە ياخشىلىنىش بولمايدۇ.***

## تۈيۈقسىز كەلگەن خوشاللىق

بىر ئاددى خىزمەتچى بار بولۇپ، سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ تۈيۈقسىز بىر يورۇش ئۆي ۋە نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارغا مىراسخورلۇق قىلىش ھەققىدە چەت ئەلدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. بۇ تۈيۈقسىز كەلگەن خەۋەردىن ئۇ خۇشاللىق ئىچىدە ھەيرانلىقتا پېتىپتۇ.

ئۇ دەرھال چەت ئەلگە بېرىپ، تۈيۈقسىز كەلگەن مال ـ دۇنياغا مىراسخورلۇق قىلماقچى بوپتۇ.

خىزمەتداش، دوستلىرى ئۇنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ــ سېنىڭ ئەجدادلىرىڭ نېمىدېگەن پاراسەتلىك! ــ دەپتۇ. بىراق ئۇ ئەمدىلا ئايروپىلان بېلىتىنى تىزىملىتىپ تۇرۇشىغا، مىراستىكى ئۆينىڭ ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقى يېزىلغان يەنە بىر پارچە ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. ئۆينىڭ سۇغۇرتىسىنىڭمۇ ۋاقتى توشۇپ كەتكەچكە، ئازراقمۇ تۆلەمگە ئېرىشەلمەپتۇ.

ئۇ يەنە بۇرۇنقى تۇرمۇشىغا قايتىپتۇ. بىراق شۇندىن باشلاپ ھەر كۈنى ئاھ ئۇرۇپ تەڭرىنىڭ ئادىل ئەمەسلىكىدىن ئاغرىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. خىزمەتداشلىرىنىڭ

ئاۋۋالقى ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلىشلىرى شۇندىن ئىچ ئاغرىتىشقا ئالمىشىپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، ئۇنىڭ خىزمەتكە رايى قالماپتۇ.

خىزمەتداشلىرى ھەر قانچە تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كاللىسىدىن پەقەتلا ئۆتمەپتۇ، ھەتتا ئۆز تۇرمۇشىنى ئويلىغۇدەكمۇ مادارى قالماپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئادەم بىر خىل تۇراقلىق كەيپىياتنى يارىتالىغاندىلا ئېرىشكەن ۋە مەھرۇم بولغان نەرسىگە يۈزلىنەلەيدۇ.***

## مۇكەممەل يا

قەدىمقى زاماندا، بىر كىشى باشقىلار ھەدىيە قىلغان بىر ياغا ئېرىشىپتۇ.

يا ساندال دەرىخىدىن، تارىسى كىتىنىڭ پېيىدىن ياسالغان ئىكەن. يانىڭ ئوقى ھەم يىراققا، ھەم نىشانغا تېگىدىغانلىقىدىن ئۇ يانى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن.

بۇ ئادەم دائىم دېگۈدەك يانى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارايدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز بۇ يانىڭ بىر يېرى كەمدەك بىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يانى كۆزگە تېخىمۇ ئاسان چېلىقىدىغان قىلغىلى بولماسمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ يانى بىر ھۈنەرۋەننىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭدىن يانىڭ ئۈستىگە چىرايلىق رەسىم ئويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھۈنەرۋەن ئىككى ئاي سەرپ قىلىپ، چىرايلىق بىر ئوۋ رەسىمىنى ئويۇپتۇ. بۇ كىشى خۇشال بولۇپ: «جاھاندا گۈزەللىكتە بۇ ئوۋ رەسىمىنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن يا ئوقىدىن بىرىنى قولىغا ئاپتۇ ۋە: «ئۆزۈن بوپتۇ ئىشلەتمىگىلى، چوقۇم ياخشى بولۇپ كەتتى» دەپ ئويلاپ، يا ئوقىنى كۈچەپ تارتىۋاتقاندا، «پاس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا يا ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***دۇنيادا مۇكەممەل نەرسە بولمايدۇ. ئەگەر سىز مەلۇم بىر ئىشنى ياكى بىر نەرسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى ئويلىسىڭىز، چوقۇم ئەڭ زور دەرىجىدە بەدەل تۆلىشىڭىز كېرەك.***

## جاھىل دېھقان

ئىلگىرى بىر دېھقان بەش مو يەرگە زىرائەت تېرىپتۇ. بۇ يىلى دەل قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەچكە، دېھقان ئامالسىزلىقتىن يىراق يەردىكى دەريادىن سۇ توشۇپتۇ.

بىر ھۈنەرۋەن دېھقاننىڭ جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر سۇ

ئامبىرى ياساپ بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى، سۇ ئامبىرى بولغاندا كۆپ ئازادىلىك بولىدىغانلىقىنى ھەمدە دېھقانچىلىقتىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
بىراق، دېھقان: — ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. سىزنىڭ سۇ ئامبىرىڭىزنىڭ يۇتۇشىگە ساقلاپ تۇرسام، زىرائەتلىرىم قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلىدۇ. يەنىلا سۇ توشۇپ زىرائەتلىرىمنى سۇغىراي. مەن سىزنىڭ سۇ ئامبىرىڭىزغا ئېھتىياجلىق ئەمەس، — دەپتۇ. بىراق دېھقاننىڭ توشۇغان ئازغىنە سۇيى زىرائەتلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن قانداق چىقالىسۇن؟ بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئېتىزلىق پۇتۇنلەي تاقىر يەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىر قىسىم كىشىلەر يېڭى شەيئىدىن ئۆلگۈچە قورقىدۇ. ئۇلار كونىسىرى يېڭىلىنىۋاتقان يېڭىلىقلار ئىچىدە ئۆزىنى چەكلەپ قويۇپ، نەتىجىدە دەۋرنىڭ شاللىشىغا ئۇچرايدۇ.***

## تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشى

تاشپاقا ئەزەلدىن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە نەتىجە قازىنىپ كەلگەچكە بەكلا كۆرەڭ ئىكەن. بىر كۈنى، ئۇ توشقاننى يەنە بىر قېتىم بەسلىشىشكە تەكلىپ قىپتۇ.
بۇ قېتىم، تاشپاقا ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاش، باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلاپ ئاستا ـ ئاستا ئالدىغا ئۆمىلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ مۇساپىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تاماملاپ بولسىمۇ، توشقاننىڭ مۇساپە جەريانىدا ئارام ئالغىنىنى كۆرمەپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە بىر قىسىم ئويلارنى ئويلاپ ئىچى پۇشۇپتۇ. بىراق، يەنىلا قەتئىيلىك بىلەن ئاخىرقى نۇقتىغا قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ. تاشپاقا نىشانغا ئاز قالغاندا، توشقاننىڭ ئاللىبۇرۇن يېتىپ بېرىپ بولغانلىقىنى بايقاپتۇ.
تاشپاقا توشقاندىن: — سەن بۈگۈنكى مۇسابىقىدە مۇساپە جەريانىدا نېمىشقا ئۇيىنىمىدىڭ ياكى ئارام ئالمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
توشقان تاشپاقىغا قاراپ كۇلۇپ تۇرۇپ: — مەن نېمىشقا ئۇدا ئىككى قېتىم ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزگۈدەكمەن؟ مەن يا ئەخمەق بولمىسام! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مەغلۇبىيەتتىن تەجرىبە ـ ساۋاقنى يەكۈنلىگەندىلا، تېزلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.***

## چېقىلغان بايلىق ئىلاھى

بىر كەمبەغەل ھەمىشە بايلىق ئىلاھىدىن تېزراق باي بولۇشنى ئۆتۈنۈپ باش ئۇرسىمۇ، بىراق ئۇ بارغانسېرى نامراتلىشىپ كېتىپتۇ. ئەڭ ئاخىرى، ئۇنىڭ يوقسىزلىقتىن ئۆيدە تۆت تامدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالماي، غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇ بايلىق ئىلاھىنى تامغا بىرنى ئۇرۇپ، چۇل - چۇل قىلىۋېتىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر مۇنچە ئالتۇنلار چىقىپ، ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. كەمبەغەل ئالتۇنلارنى يىغىپ بولۇپ: — سېنى ھۆرمەتلەپ باش ئۇرسام، مېنى بارغانسېرى نامراتلاشتۇرۇۋەتتىڭ، سېنى چېقىۋەتسەم، ئەمدى شۇنچە كۆپ ئالتۇن بەردىڭ, — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەقىقەت بايلىق ئىلاھىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئالتۇنلارغا ئوخشايدۇ. دائىم ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەگەر سىز، غەيرەتكە كېلىپ بەزى نەرسىلەرنى چېقىۋەتمىسىڭىز ئويلىغان نەرسىڭىزگە ئېرىشەلمەي قالىسىز.***

## مېيخوا گۈلى

قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى بىر باي ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا كېلىپ مېيخوا گۈلىدىن ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇپتۇ. باي مېيخوا گۈلىگە قارىغانچە ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق قەلبىنى ئىگىلەپتۇ.

تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، باي ئىشىكنى ئاچقاندا، كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر قەلەندەر سوغۇقتا دۈگدىيىپ تۇرۇپتۇ. قەلەندەر مېيخوا گۈلى ھوپپىدە ئېچىلغان باغنىڭ ئارقىسىدا بىر كېچىنى سوغۇقتا ئۆتكۈزگەن ئىكەن.

قەلەندەر بىر جۈپ كۆزىنى بايغا تىكىپ: — ئەپەندىم، ماڭا يېگۈدەك بىر نەرسە بەرسىڭىز؟ قورسىقىم ئېچىپ چىدىيالمىدىم. — دەپتۇ.

باي ئاشخانىدىن بىر نەچچە پارچە نان كۆتۈرۈپ چىقىپ قەلەندەرگە بېرىپتۇ. قەلەندەر: — ئەپەندىم، ئۆيىڭىزدىكى مېيخوا گۈلىدىن تارالغان يۇراق كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدىكەن! — دەپتۇ ۋە قايتىپ كېتىپتۇ.

باي قەلەندەرنىڭمۇ مېيخوا گۈلىدىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىدىن ھەيرانلىق ھېس قىپتۇ. ئۇ ئۆزىمۇ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى مېيخوا گۈلىگە قارىغان بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ باقمىغان ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مېيخوا گۈلىگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ كىشى يۇرىكىنى مەست قىلىدىغان پۇرىقىنى پۇراپتۇ. ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم مېيخوا

گۈلنى ھەقىقىي بىر پۈرىغانلىقى ئۈچۈن ئىختىيارسىز كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بەزى ۋاقىتتا، بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىنى ئاسانلا ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. بىز پەقەت ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكىنىمىزدىلا، باشقىلارنىڭ سېھرىي كۈچىنى بايقىيالايمىز.***

## شوخ بېلىق

بىر كۈنى بېلىقجان سۇ ئۈستىگە چىقىپ، دېڭىز يۈزىدە دولقۇن بىلەن تەڭ قوغلىشىپ، كۆتۈرۈلۈپ ئويناپتۇ. ئۇ دولقۇندىن: — سەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق قايناق تۇرمۇشتا ياشامسەن، — دەپ سوراپتۇ. دولقۇن: — ھەر كۈنى، ھەر دەقىقە شۇنداق، بەزى ۋاقىتتا، يامغۇردا تېخىمۇ شۇنداق! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بېلىقجان ھاياجانلانغان ھالدا: — مەنمۇ بىر دولقۇن بولۇپ، ھەر كۈنى مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك ياشاشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېگىنىچە ئويۇنىنى داۋام ئېتىپتۇ.

ئۇزۇن ئويىنىمايلا ھېرىپ قاپتۇ ۋە: — دولقۇن مەن دېڭىز ئاستىدا ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلاۋاتىمەن، سەن مەن بىلەن بىرگە بارالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

دولقۇن جاۋاب بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىنلا بىر چوڭ دولقۇن تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىپتۇ. بېلىقجان ئامالسىزلىقتىن يالغۇز دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ ئارام ئالماقچى بوپتۇ.

بېلىقجان شۇ تەرىزدە ھەر كۈنى دولقۇن بىلەن بىرلىكتە ئويناپتۇ. بىراق ھەر قېتىم دولقۇنغا ئۆزى بىلەن دېڭىز ئاستىدا ئارام ئېلىشنى ئېيتقاندا دولقۇن جاۋاب بەرمەستىن كېتىپ قالىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يىراققا كېتىپ قاپتۇ.

دولقۇن ئۇنىڭغا: — مەنمۇ دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ ئارام ئېلىشنى بەكمۇ خالايمەن، بىراق، بۇنداق قىلسام بولمايدۇ! دېڭىز ئاستىغا چۈشسەملا ئۆلۈپ قالىمەن، — دەپتۇ.

بېلىقجان ئۆز ـ ئۆزىگە: — دولقۇندەك تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەقىقەتەن بىچارىلىك ئىكەن، ئارام ئالغىلى، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە بولغىلى بولمىسا، يەنىلا بىر بېلىق بولغان ياخشى ئىكەن! — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى دائىم سىزنىڭ ھەۋىسىڭىزنى قوزغايدۇ، ھەتتا غايىڭىزدىكى تۇرمۇشتەك ھېس قىلىسىز، بۇ پەقەت سىزنىڭ باشقىلارنىڭ بەختىنى كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ قايغۇسىنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپچىقىدۇ، ئەمەلىيەتتە، سىز ھەقىقەتەن بەختلىك، پەقەت سىز بەختنى ھېس قىلالمىغان.***

## تېيىز سۇدا توختاپ قالغان قولۋاق

ئىككى كىشى بىر قولۋاقنى ھەيدەپ ساياھەتكە ئاتلىنىپتۇ. ساياھەت جەريانىدا ئۇلار تولىمۇ گۈزەل بىر ئارالنى بايقاپتۇ ۋە قولۋاقنى ئارالغا يېقىن يەردە توختىتىپتۇ. ئارقىدىنلا ئىككىيلەن خۇشال - خۇرام ھالدا ئارالغا چىقىپتۇ.

ئۇلار ئالدىدا كەچ كىرگۈچە ئويناپ، قايتىدىغان ۋاقىتتا، قولۋاقنىڭ تېيىز سۇدا توختاپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى جىددىيلىشىپ قاپتۇ ۋە ھەر قانچە ئامال قىلىپمۇ قولۋاقنى ئېقىنغا چۈشۈرەلمەپتۇ. يەنە بىرسى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ساھىلدا يېتىپتۇ.

ئۇ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، بەخىرامان ياتقان ھەمراھىغا: — كېلىپ ياردەم بەرسەڭچۇ؟ ئەجەبا سەن ئازراقمۇ جىددىيلەشمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك: — ھازىر قانداقلا قىلغان بىلەن بەرىبىر، جىددىيلەشكەن بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بىر ئازدىن كېيىن دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە، قولۋاق ئۆزلۈكىدىن ئېقىنغا قايتىپ كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***نۇرغۇن ئىشلاردا ئالدىرىغان بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت سەۋرچان بولۇپ، مۇۋاپىق پۇرسەت چىققاندا تىرىشسىلا، ئاندىن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.***

## ئىككى ئاق قۇ

بىر باغچىدا ئىككى ئاق قۇ بار ئىكەن.

بىر ئاق قۇنىڭ سول قانىتى كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، چوڭراق كۆلچەكتە، ئەكسىچە، يېرىم ئاق قۇ كىچىك بىر كۆلچەكتە ياشايدىكەن.

بىر ساياھەتچى بۇ ئىشقا ئەجەپلىنىپ، باشقۇرغۇچى خادىمدىن سوراپتۇ.

باشقۇرغۇچى خادىم ئۇنىڭغا: — بۇنداق قىلىش ئاق قۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، — دەپتۇ. ئۇ يەنە چۈشەندۈرۈپ: — بىر قانىتى كېسىۋېتىلگەن ئاق قۇ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالمايدۇ، ئۇچۇپ كەتسىمۇ يەنە چۈشۈپ كېتىدۇ. كىچىك كۆلچەكتىكى ئاق قۇنىڭ قانىتى كېسىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇچقان ۋاقىتتا يېتەرلىك قانات قېقىش ئارىلىقى بولمىغانلىقتىن، سۇ ئۈستىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

***ئاق قۇنىڭ قانىتى بىز نىڭ غايىمىزگە ئوخشايدۇ، كېسىلگەن قاناتتا غايىمۇ بولمايدۇ. غايىسى بولمىغان كىشىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئاسمىنىمۇ بولمايدۇ، ئاقىۋەت «كىچىك كۆلچەك» تە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ، خالاس.***

## ئېشەكنى مەسخىرە قىلىش

بىر كىشى قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆمرىدە ھېچقاندىاق بىلىم ئۆگەنمىگەن ئىكەن. يېڭى توي قىلغان ئايالى ئۇنى «قانۇنشۇناسلىق» نى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىپتۇ.

ئۇ ئايالىغا: — مەن قىرىق ياشقا كىرىپ قالدىم، بۇ يېشىمدا ياشلارنىڭ ئارىسىدا يۈرسەم ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش چوڭايغاندا نېمىنى ئۆگىنەلەيمەن؟ — دەپتۇ.

ئايالى: — مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي، — دەپ دۈمبىسى يارىلانغان بىر ئېشەكنى يېتىلەپ كەپتۇ ۋە بوز توپا بىلەن دورىلىق ئوتنى ئېشەكنىڭ يارا ئېغىزىغا تېڭىپ قويۇپتۇ. بۇنداق قىلغاندا ئېشەك ساق كۆرۈنىدىكەن.

ئۇلار ئېشەكنى بازارغا ئاپىرىپتۇ.

بىرىنچى كۈنى، كىشىلەر ئېشەكنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بوپتۇ. بىراق ئالدىنقى كۈنگە قارىغاندا مەسخىرە قىلىدىغانلار ئازىيىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنگە بارغاندا ھېچكىم ئۇنداق قىلماپتۇ.

ئايالى ئۇنىڭغا: — بىرىپ ئۆگەنگىن! بۈگۈن كىشىلەر سېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلسە، ئىككىنچى كۈنى ئازلايدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار مەسخىرە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

***بىلىم ئىگىلەشنىڭ ياش چەكلىمىسى بولمايدۇ. ياش گەرچە چوڭ بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىدىن قورقماسلىق كېرەك. پەقەت ئىرادە بولغاندىلا، چوقۇم ئۆگەنگىلى بولىدۇ.***

## مەن ھېچنېمە تېرىمايمەن

ئەتىياز كېلىش بىلەن، ئېتىزلىقنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق تېرىقچىلىق ئىشلىرى باشلىنىپ، كىشىلەر ئالدىراش ئۇرۇق چېچىشقا باشلاپتۇ. بىر دېھقان ھېچنېمە تېرىماپتۇ. باشقىلارنىڭ ئېتىزلىقىدا ئۇرۇقلار بىخ چىقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېتىزى ئاۋۋالقىدەك تاقىر پېتى تۇرۇپتۇ.

قوشنىسى ئۇنىڭدىن: — سەن نېمىشقا ئېتىزىڭغا بۇغداي تېرىمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

دېھقان: — بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يامغۇر ياغمايدۇ، بۇغدايلىرىمنىڭ ئۇسسۇزلۇقتا ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. — ئۇنداقتا سەن نېمىشقا كېۋەز تېرىمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ خوشنىسى.

ئۇ يەنە: — كېۋەزنى قۇرت يەپ تۈگەتسە، يەنىلا ئوخشاش ھەممىسى بىكار بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

قوشنىسى چۈشىنەلمەي: — ئۇنداقتا سەن زادى نېمە تېرىماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ھېچنىمە تېرىمايمەن، بۇنداق قىلغاندا كۈچنى تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇغۇرتا بار، — دەپ بىلجىرلاپتۇ دېھقان.

مول - ھوسۇللۇق كۈز پەسلى يېتىپ كەپتۇ، بۇغداي تېرىغانلار بۇغدايلىرىنى، كېۋەز تېرىغانلار پاختىلىرىنى يىغىپ بوپتۇ. قىش يېتىپ كەلگەندە، ھېلىقى دېھقان يەي دېسە بۇغدىيى يوق، يوتقانغا پاختىسى يوق ئەھۋالدا قېلىپ، سوغۇق ھەم ئاچلىقتىن كېيىنكى تېرىقچىلىق پەسلى كەلگۈچە ئەڭ بىخەتەر جاي جەننەتكە يول ئاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھېچقانداق ئىش بولمىسا خەتەرمۇ بولمايدۇ. تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماسلىق. بىر ئادەم بىرەر ئىش قىلىشتىن خەتەردىن قورقسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.***

## باينىڭ ئالتۇن يوقىتىشى

بىر پىخسىق باي بولۇپ، مال - دۇنياسىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پۇلغا يارايدىغان بارلىق نەرسىلىرىنى سېتىۋېتىپتۇ. ئۇ پۇللىرىغا چوڭ بىر ئالتۇن سېتىۋېلىپ، ئۇنى تاغدىكى قاقاس يەرگە ئورەك كولاپ كۆمۈپ قويۇپتۇ. باي ھەركۈنى تاغقا بېرىپ ئالتۇنىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ كېلىدىكەن. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ھەرىكىتى بىر كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. بۇ كىشى بايغا ئەگىشىپ تاغقا بارغاندىن كېيىن، مەخپىيەتلىكنى بىلىپ قاپتۇ ۋە باي كەتكەندىن كېيىن ئالتۇننى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى، باي تاغقا كېلىپ ئالتۇنىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، بىرسى يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئىكەن، ئۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن: — سەن قاتتىق تاشتىن بىرنى ئورەككە كۆمۈپ قويۇپ، ئۇنى ئالتۇن دەپ قارىساڭ بولىدىغۇ، ئەلۋەتتە، سەن ئۇنى ئىشلەتمىگەندىن كېيىن ئالتۇننىڭ بىلەن تاشنىڭ پەرقى بولمايدۇ - دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئالتۇن بىلەن تاش ئوخشىمىغان قىممەتتىكى نەرسە. ئالتۇنغا نەرسە سىڭىشى ئۇلغىلى بولىدۇ، ئەكسىچە تاشقا سىڭىشى ئۇلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئالتۇننى ساقلاپ قويۇپ ئىشلەتمىسەك، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ تاشتىن نېمە پەرقى بولسۇن؟***

## ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىش

بىر كىشى تاغىسىدىن ئوقيا ئېتىشنى خېلى ياخشى ئۆگىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ماھارىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن دوستلىرىنى باشلاپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ بىر دوستىغا مۆككۈۋالغان ياۋا غازلارنى ھەيدەپ چىقىشنى ئېيتىپتۇ. ئۆردەكلەر چىقىپتۇ، ئەمدى ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا سول تەرەپتىن بىر ئۆچكە يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇ بىر ئۆچكىنى ئېتىش ئۆردەك ئاتقاندىن ئاسان ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ، ئوقيانى ئۆچكىگە توغرىلاپتۇ.

ئۆچكىنى ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا، ئوڭ تەرەپتىن بىر چىپار بۇغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، چىپار بۇغا ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋان، ئۆچكە قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلىسۇن، دەپ ئويلاپ، ئوقيانىڭ بېشىنى چىپار بۇغىغا قارىتىپتۇ.

ئۇ چىپار بۇغىنى ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا ، ئالدى تەرەپتىكى ئورمانلىقتىن بىر شۇڭقارنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ شۇڭقارنى ئاتماقچى بولۇپ ئوقيانى ئۇنىڭغا  توغرىلاۋاتقاندا، شۇڭقار شىددەت بىلەن ئۇچۇپ، كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ئۇ چىپار بۇغىنى ئېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قارىسا، چىپار بۇغا ئاللىبۇرۇن قېچىپ كېتىپتۇ. ئۆچكىنى ئىزدەپتۇ، ئۆچكىمۇ بىردەمدىلا يوقاپتۇ. ھېلىقى بىر توپ ئۆردەكلەرنىڭمۇ سايىسىنى تاپالماپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئېنىق نىشان بولغانىكەن، نىشاننى يوقىتىپ قويماسلىق كېرەك. ئەگەر كۆڭلىڭىزدە گۇمان پەيدا بولىدىكەن، ئۇ تاغدىن ئېگىز كۆرۈنۈپ، ئاخىرىدا سىز ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسىز.***

## ئالتۇن زەنجىر

بىر ياش يىگىت كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، كۆل بويىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. تۇساتتىن، ئۇ كۆلنىڭ تېگىدە بىر ئالتۇن زەنجىرنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال كۆلگە چۈشۈپتۇ. بىراق ئۇ قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ ئالتۇن زەنجىرنى تاپالماپتۇ.

ئۇ قىرغاققا چىقىپ، دېمىنى ئالغاچ سۇ سۈزۈلگىچە ئولتۇرۇپتۇ. سۇ سۈزۈلۈش بىلەن، ئالتۇن زەنجىر يەنە پەيدا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە كۆلچەككە چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com

ئىزدەپتۇ. ئاقىۋەت ئالدىنقى قېتىم بىلەن ئوخشاش نەتىجىلىنىپتۇ. ئۇ قىرغاقتا چىقىپ ئولتۇرۇپ، كۆلچەكتىكى ئالتۇن زەنجىرگە قارىغانچە ھاڭۋېقىپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا دادىسى كېلىپ، ئۇنىڭ نېمىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ: — دادا، قاراڭ، كۆلچەكتە بىر تال ئالتۇن زەنجىر تۇرىدۇ، مەن ئىككى قېتىم سۇغا چۈشۈپ ئىزدىگەن بولساممۇ، سېغىز لايدىن باشقا نەرسە چىقمىدى، — دەپتۇ. دادىسى سۇ ئاستىدىكى ئالتۇن زەنجىرگە قاراپ، ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ سايىسى، ئالتۇن زەنجىر بەلكىم دەرەخ ئۈستىدە بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئوغلىغا: — ئوغلۇم، سەن ياخشىسى دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ باق، ئالتۇن زەنجىرنى شۇ يەردىن تاپالىشىڭ مۇمكىن، — دەپتۇ. ئوغلى دەرەخكە چىقىپ، ھېلىقى ئالتۇن زەنجىرنى راستىلا شۇ يەردىن تېپىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئىشلارنىڭ يۈزەكى ئىپادىسىدىن قايمۇقۇپ قالماڭ، سىز چوقۇم يۈزەكىلىكتىن ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىشىڭىز كېرەك.***

## ئالدىغا ئىككى قەدەم ئېلىش

بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، مەلۇم دۆلەتنىڭ تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونى قوماندانى يۇقىرىدىن جىددى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئاخباراتنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ خەتىرى چوڭ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قول ئاستىدىكى بارلىق ئوفىتسېرلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇزۇن بىر سەپ قىلىپ تىزىلدۇرۇپتۇ ۋە ئۇلارغا جىددى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇپ بېرىپتۇ.

قوماندان ھەر بىر ئادەمگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ: — بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ خەتىرى چوڭ، كىم بۇ ۋەزىپىنىڭ خەتىرىدىن قورقماي ئۈستىگە ئېلىشنى خالىسا، ئالدىغا ئىككى قەدەم چىقسۇن، — دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، بىر نەپەر مەسلىھەتچى ئۇنىڭغا ئەڭ يېڭى ئۇرۇش ئەھۋالى تېلېگراممىسىنى بېرىپتۇ، قوماندان مەسلىھەتچى بىلەن قىسقىلا پاراڭلىشىپتۇ. ئۇ گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم قاتار سەپ بولۇپ تىزىلغان ئوفىتسېرلارغا قاراپ، قوشۇننىڭ ئاۋۋالقىدەك تۈز سەپ تۇزۇپ تۇرغانلىقىنى، بىرمۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم ئېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. قوماندانىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ: — ئەسكەرمىڭ كۈن بېقىلسا بىر كۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر ئەھۋال جىددىي، بىرمۇ ئادەم ئالدىغا ئىككى قەدەم ئېلىشنى خالىمامدۇ؟....— دەپتۇ.

ئاخىرىدا، سەپنىڭ ئەڭ ياقىسىدىكى بىر كىشى: — دوكلات قوماندان! بىز ھەممىمىز ئالدىمىزغا ئىككى قەدەم ئالغان، شۇڭلاشقا....— دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بەزى ۋاقىتتا كۆرگىنىمىزنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت ئەمەس، شۇڭلاشقا بىز بىر ئىشقا يولۇققاندا ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.***

# ئوخشىمىغان دۆچ كېلىش

ئۈچ ساياھەتچى بىرلا ۋاقىتتا بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ. ئەتىگەنلىكى سىرتقا چىقىدىغان ۋاقىتتا، بىر ساياھەتچى ھاسا، يەنە بىرسى بىر كۇنلۇك ئېلىۋاپتۇ، ئۈچىنچى ساياھەتچى ھېچنېمە ئالماپتۇ. كەچتە، ھاسا ئېلىۋالغىنى يىقىلىپ كەتكەنلىكتىن پۇتۇن بەدىنى يارا، كۇنلۇك ئېلىۋالغىنى بولسا پۇتۇن بەدىنى ھۆل بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. بىراق، ئۈچىنچىسىگە ھېچ نەرسە بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى ئىككى ساياھەتچى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئۈچىنچى ساياھەتچىدىن: — سىزگە نېمىشقا بىرەر ئىش بولمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۈچىنچى ساياھەتچى ھاسا ئېلىۋالغان ساياھەتچىدىن: — سىز نېمىشقا ھۆل بولماي، يارىلىنىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھاسا ئېلىۋالغان ساياھەتچى بولسا: — يامغۇر ياققان شۇ كۈنى كۇنلۇك ئېلىۋالمىغان بولسامۇ، يامغۇردىن پاناھلىنىدىغان يەر تېپىپ پاناھلانغان ئىدىم. شۇڭلاشقا ھۆل بولمىدىم، مەن پاتقاقلىق ئەگرى - توقاي يولدا كېتىۋاتقان ۋاقتىمدا، ھاسىنى تۇتۇپ ماڭغان بولسامۇ، نېمىشقا تاشلىنىپ تۇرىدىكەن يىقىلىپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

كېيىن، ئۇ يەنە كۇنلۇك ئېلىۋالغان ساياھەتچىدىن: — سىز نېمىشقا يامغۇردا ھۆل بولدىڭىز ئەمما يىقىلىپ كەتمىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ: — شۇ كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان، مەندە كۇنلۇك بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈرەكلىك ماڭغان ئىدىم. بىراق، قانداق بولۇپ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، مەن پاتقاقلىق ئەگرى - توقاي يولدا كېتىۋاتقاندا، مەندە ھاسا بولمىغانلىقتىن، تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن يول يۈردۈم، شۇڭلاشقا يىقىلىپ كەتمىدىم، — دەپتۇ.

ئۈچىنچى ساياھەتچى ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە: — بۇ سىلەرنىڭ ھاسا ئېلىۋالغىنىڭلارنىڭ يىقىلىپ كېتىپ، كۇنلۇك ئېلىۋالغىنىڭلارنىڭ يامغۇردا قالغانلىقىڭلارنىڭ ئەكسىچە مېنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك قايتىپ كەلگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. يول ياخشى ئەمەس ۋاقىتتا مەن ئېھتىيات بىلەن ماڭدىم، يامغۇر ياغقان ۋاقىتتا مەن يامغۇردىن پاناھلىنىشنى ئۆگەندىم، شۇڭلاشقا مەن يىقىلىپمۇ كەتمىدىم، بۇ سىلەرنىڭ بار تۇرۇپ پايدىلانمىغانلىقىڭلاردا، بۇ خىل ئەۋزەللىكلەر سىلەرگە باش ئاغرىقى ئېلىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ.

## لاياقەتلىك ياردەمچى

ئەمدىلا مەكتەپ پۈتكۈزگەن سېستىرا بىر دوختۇرخانىدا پىراكتىكا قىلىپ، ئارىلىقتا نەزەرگە ئېلىنىپ بىرەر بۆلۈمدە خىزمەتكە ئېرىشمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى، ماشىنا ھادىسىسىگە يولۇقۇپ جېنى ئاران قالغان بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىپ، بۇ سېستىرانى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ئوپېراتسىيە مۇتەخەسسىسىنىڭ ياردەمچىلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ ياردەملەشمەكچى بولغان مۇتەخەسسىس بۇ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئوپېراتسىيە ئاخىرلىشىپ يارا ئېغىزىنى تىكىدىغان ۋاقىتتا، سېستىرا كەسكىنلىك بىلەن دوختۇرخانا باشلىقىغا: — پىروفېسسور، بىز ئون ئىككى پارچە داكا ئىشلەتكەن، بىراق ئالغىنىمىزدا ئون بىر پارچە؟… — دەپتۇ. دوختۇرخانا باشلىقى مەنسىتمىگەندەك: — ئاللىبۇرۇن ھەممىسىنى ئېلىپ بولدۇق، دەرھال تىكىڭلار، — دەپتۇ.

سېستىرا قارشىلىق بىلدۈرۈپ: — بولمايدۇ، بىز ھەقىقەتەن ئون ئىككى پارچە ئىشلەتتۇق، — دەپتۇ.

دوختۇرخانا باشلىقى داۋاملىق بۇيرۇق قىلىپ: — تىكىشكە تەييارلىنىڭلار، — دەپتۇ.

سېستىرا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: — سىز بىر دوختۇر، بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، — دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كەسكىن چىرايىدا كۈلۈمسىرەش پەيدا بوپتۇ. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئالقىنىدىكى ئون ئىككىنچى داكىنى ئېلىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: — ئۇ مېنىڭ لاياقەتلىك ياردەمچىم، — دەپ ئېلان قىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***كىشىلىك ھاياتتا ئويلاپ باقمىغان نۇرغۇن سىناقلار بار. مەسئۇلىيەتچان بولۇش مەڭگۈلۈك توغرا تاللاش.***

## ئىشەنچسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چېن شىن ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئەمەلدارلىقنى دۇرۇس، پاك يۈرگۈزگەچكە، شۇ يەردىكى ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالار ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىكەن.

بىر قېتىم، ئۇ بىر دوستىنى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخنىڭ ئەتراپىدا ئەتىسى چۈش ۋاقتى بىلەن ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى چېن شىن بالدۇرلا كېلىپ، ئۇ خېلى ئۇزۇن ساقلىغان بولسىمۇ، دوستى

كەلمەپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە چۈشتىن كېيىن بولغۇچە ساقلاپتۇ.

چېن شىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستى دەرەخ ئاستىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھايىسىنىمۇ تاپالماي سەپراسى ئۆرلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ چېن شىنىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ: — ئادەم ئەمەس مەخلۇق! بىللە بېرىشقا دېيىشىپ قويغان تۇرساق ساقلىماي كېتىپ قالغىنىنى، — دەپ ۋايساپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا، چېن شىنىنىڭ ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن بالىسى ئۇ كىشىنىڭ ئېغىزى بېسىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ: — ۋاقتىدا رىئايە قىلماي كېلىش ئىشەنچسىزلىك، بالىغا ئۇنىڭ دادىسىنى تىللاپ بېرىش بۇ بىر ئەدەپسىزلىك! — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا خىجىللىقتا پېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***پەقەت گېپىدە تۇرالايدىغان كىشىلەرلا ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيدۇ.***

## سەپداش ئاتقان ئوق

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئىككى جەڭچى بىر كىچىك بازاردىن چىقىپ، جىددىي جەڭ ئىچىدە قوشۇندىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

ئىككىيلەن ئورمانلىقتا مىڭ جاپادا بىر بۇغىنى ئېتىپ، بۇغا گۆشى بىلەن نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر قانچە كۈنگىچە ئۇلار يېمەكلىك تاپالماي، پەقەت ئېشىپ قالغان ئازغىنە بۇغا گۆشىنى ياش جەڭچى مۈرىسىگە ئارتىپ يول يۈرۈپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە دۈشمەن قوشۇنلىرىغا ئۇچراپ قېلىپ، جىددىي جەڭ قارقىلىق، ئەپچىللىك بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنى تارمار قىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىخەتەر رايونغا كەلدۇق دەپ قارىغاندا، تۇيۇقسىز مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئالدىدىكى ياش جەڭچىنىڭ مۈرىسىگە ئوق تېگىپتۇ.

ئارقىسىدىكى جەڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ سەپدىشىنى قۇچاقلاپتۇ ۋە كۆڭلىكىنى يىرتىپ يارا ئېغىزىنى تېڭىپ قويۇپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇلار ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، كېچىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغان بولدۇق دەپ قاراپتۇ. بىراق ھېچكىممۇ ئېشىپ قالغان بۇغا گۆشىنى يېمەپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قوشۇن ئۇلارنى تېپىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، يارىلانغان جەڭچى ئۆزىنىڭ سەپدىشى تەرىپىدىن قۇچاقلانغان چېغىدا، ئۇنىڭ قولى تېگىپ كېتىپتۇ. ئۇ سەپدىشىنىڭ ئانىسىنى ئويلاپ ياشاپ قالماقچى بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇ سەپدىشىغا يول قويۇپتۇ. ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سەپدىشىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ كېلىشىنى ساقلىمايلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئانىسىغا تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ. شۇ كۈنى سەپدىشى تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سەپدىشىغا ئېتىلمىغانلىقىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

***ھېكمەت:***
***دۇنياغا ئازراق ئۆچمەنلىك ۋە بەختسىزلىك قالدۇرغان، كۆپرەك مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئىناقلىق قالدۇرغان كىشى يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدۇر.***

## بۆرگە بىلەن پىت

بىر پىت يىل بويى باينىڭ كارىۋىتىدا ياشايدىكەن، ئۇنىڭ قان سۈمۈرۈش ھەرىكىتى تولىمۇ ئاستا بولغاچقا، باي ئۇنى بايقىيالماپتۇ.

بىر كۈنى، بۆرگە پىتنى زىيارەت قىلغىلى كەپتۇ. پىت بۆرگىگە قارشى ئالدىرىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئارقىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: — بۇ باينىڭ كارىۋىتى تولىمۇ يۇمشاق، قېنى تاتلىق، بۈگۈن ئاخشام سەن قانغۇچە چېقىۋالالايسەن! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بۆرگىنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ.

باي چوش كۆرۈپ ئۇخلاۋاتقاندا، نەپسى تاقىلداپ تۇرالمايۋاتقان بۆرگە باينىڭ بەدىنىگە سەكرەپ چىقىپ قاتتىق بىرنى چېقىپتۇ. باي ئويغىنىپ دەرغەزەپكە كېلىپ، مالايغا قاراپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا بۆرگە بىرلا سەكرەپ قېچىپتۇ، بىراق ئاستا - ئاستا كېلىۋاتقان پىت قۇربانلىققا ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***كۈندىلىك تۇرمۇشتا دوست تاللاش ئەڭ مۇھىم، ياخشى دوست زور بايلىق، ئۇ سىزگە ھەر ۋاقىت مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. يامان دوست بىر ئاپەت بولۇپ، زىياندىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ.***

## مەغلۇپ بولغان كىچىك شىر

بىر كىچىك شىر بولۇپ، ئۆزىگە تولىمۇ تەمەننا قويىدىكەن. ئۇ باشقىلاردىن ئادەم ئەڭ ئەسكى ھايۋان دەپ ئاڭلاپ، راسا بىر ئەدىپىنى بېرىشنى ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كىچىك شىر ئۆيدىن ئايرىلىپ ئادەم ئىزدەشكە باشلاپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ ئۇ ئورۇق بىر ئېشەكنى ئۇچرىتىپتۇ، ئېشەكنىڭ دۈمبىسى تاياق زەربىسىدىن يېغىر بولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئېشەكتىن: — سەن ئادەمنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئاڭلىسام ئۇنى بەك ئەسكى دەيدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئېشەك پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ: — ئۇ ھەقىقەتەن بىر ۋەھشىي مەخلۇق، ئۇ ھەر كۈنى مېنى مىنىۋالغاندىن سىرت، يەنە دائىم تۈگمەن تارتقىلى سالىدۇ، تارتالمىسام قامچىسى بىلەن راسا ساۋايدۇ. ھە، راست، ئۇ ئالدىڭدىلا قالدى. مەن باياتىن

ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن قېچىپ چىقتىم، — دەپلا ئالدىراپ - تېنەپ قېچىپ كېتىپتۇ.

كىچىك شىر داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھېرىپ مادارى قالمىغان بىر تۆگە شىر تەرەپكە قاراپ كەپتۇ. شىر ئۇنىڭدىن: — سەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۆگە: — مېنىڭ ئارقامدىلا قالدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتا مەن قېچىپ چىقتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپلا بەدەر قېچىپتۇ. كىچىك شىر بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئادەمنى ئۇچرىتىپ: — سەن ئادەم بولامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇچرىغان ئادەم: — مەن بىر ياغاچچى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كىچىك شىر ئارقىدىنلا: — ياغاچچى دېگەن نېمە ئىش قىلىدىغان نەرسە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ياغاچچى كىچىك شىرغا كۈلۈپ تۇرۇپ: — ياغاچچى دېگەن ئۆي سالىدۇ، مانا مەن تۇرغۇن چىرايلىق ئۆيلەرنى سالغان. مەن ساڭا بىر ئۆي ياساپ بېرەي، سەن چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىسەن، — دەپتۇ.

ياغاچچى گېپىنى تۈگىتىپلا سايمانلىرىنى ئېلىپ، ناھايىتى تېزلا بىر ياغاچ قاپنى ياساپ پۈتتۈرۈپتۇ. ياغاچچى كىچىك شىرغا: — سەن ئۆيگە كىرىپ سىناپ باق، چوڭ - كىچىكلىكى قانداقراق بوپتۇ، مەن بىر كۆرۈپ باقاي. مەن چوقۇم ساڭا ئۆلچەملىك قىلىپ ياساپ بېرىشىم كېرەك، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كىچىك شىر قاپنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئارقىدىنلا ياغاچچى: — قۇيرۇقىڭنىمۇ ئىچىگە تىق، — دەپتۇ. شىر قۇيرۇقىنىمۇ ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. ياغاچچى ناھايىتى تېزلىك بىلەن قاپنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالغاندىن كېيىن، مىخلاپ ئېتىۋېتىپتۇ.

ئېشەك بىلەن تۆگە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، قورساقلىرى ئېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئادەم بار يەر ياخشىراق ئوخشايدۇ، ھېچ بولمىسا ئاچ قالمايدىكەنمىز دېگەننى ھېس قىلىپ، ئادەمنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادەم قاپنى تۆگىگە ئارتىپ، ئېشەكنى مىنىپ يەنىلا يولىغا راۋان بوپتۇ.

***ھېكمەت:***

***«ئۆزۈڭنىمۇ - ئۆزگىنىمۇ بىلسەڭ يېڭىلمەيسەن». دۈشمەننىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ، ئەڭ ياخشىسى يەڭگىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلما.***

## سەممىي دانىشمەن

خان ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ساقىيىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. ئۇ ۋەزىرلىرىگە: — مەن سىلەرنىڭ ماڭا بولغان كۆز قارىشىڭلارنى بىلگۈم بار. سىلەرچە مەن قانداقراق پادىشاھ؟ سىلەر ماڭا ھەقىقىي گەپنى قىلىشىڭلار كېرەك. قىلچىمۇ يوشۇرماسلىقىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنداق قىلساڭلار مەن سىلەرنىڭ ھەر

بىرىڭلارغا بىر مەرۋايىت تاش ھەدىيە قىلىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر بىر - بىرلەپ پادىشاھنىڭ ئالتۇن كۆرسىتىش ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھنى ماختاش سۆزلىرى بىلەن كۆككە كۆتۈرگىلى تۇرۇپتۇ. نۆۋەت بىر دانىشمەنگە كەلگەندە ئۇ پادىشاھقا: — مەن سۆز قىلماسلىقنى خالايمەن، چۈنكى ھەقىقەتنى سېتىشقا ئالغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ: — ئەگەر سۆزلىمىسەڭ، ساڭا ئىنئام بەرمەيمەن، سەن ھەقىقەتكە ئۇيغۇن قارىشىڭنى سۆزلىسەڭلا بولدى، — دەپتۇ.

دانىشمەن پادىشاھقا قاراپ قويۇپ، تەمكىنلىك بىلەن: — ئالىيلىرى، سىزگە بولغان كۆز قارىشىمنى ئېيتىشقا ئىجازەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن. ئولتۇرغان ھەممىمىزنىڭ ئوخشاش ئاجىز تەرەپلىرىمىز ھەم كەمچىلىكىمىز بار. سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭىز ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە باج - سېلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاۋام غۇلغۇلا قىلىشىۋاتىدۇ. مەن سىزنى خەلق سارىيىنى رېمونت قىلىش، زىيابەت قاتارلىق تەرەپلەردە بەكلا ئىسراپخور دەپ قارايمەن، — دەپتۇ.

دانىشمەننىڭ تەنقىدى پادىشاھنى چۆچۈتۈپ، ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سېپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ ھەر بىر ۋەزىرگە مەرۋايىت تاش ئىنئام قىلىش بىلەن بىرگە ھېلىقى دانىشمەننى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ.

ئەتىسى، بىر قىسىم خۇشامەتچىلەر خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ: — ئالىيلىرى، سىز بەرگەن مەرۋايىت تاشلار ساختا ئىكەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ جاۋاب بېرىپ: — بۇنىسى ماڭا ئايان، مېنىڭ سىلەرگە دەپ قويىدىغىنىم ئاشۇ مەرۋايىت تاشلار سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارغا ئوخشاش يالغان، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***سەمىمىيلىك بىر خىل ئېسىل ئەخلاق، سەمىمىي كىشىلەر باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.***

## گۇمانخور ئايال

بىر خانىم دائىم يولدىشىدىن گۇمانلىنىپلا يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ئورنىدا چاچ يۇدۇرۇۋاتقاندا، ھۆسن گۈزەللەشتۈرگۈچى خادىم ئۇنىڭغا شىۋىرلاپ: — مەن يېقىندىن بېرى يولدىشىڭىزنىڭ سىرتتا ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم، كۆپرەك ئېھتىيات قىلىڭ جۇمۇ! — دەپتۇ.

ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا: — مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھۆسن گۈزەللەشتۈرگۈچى ئۇنىڭغا: — سىز شەخسىي رازۋېدچىكتىن بىرنى تەكلىپ

قىلىپ، ئۇنىڭ نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىڭ، ــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. خانىم شۇ ھامان يوقىرى مائاش بىلەن بىر شەخسىي رازۋېدچىك ياللاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى رازۋېدچىك ئۇنىڭغا دوكلات قىلغاندا، تەقەززالىق بىلەن: ــ يولدىشىم تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن قەيەرگە باردى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بىر كىيىم ــ كېچەك دۇكىنىغا، ئاياللار ئايىغى مەخسۇس سېتىش دۇكىنىغا، يەنە بىر ئالىي دەرىجىلىك ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ئورنىغا··· ــ باردى دەپتۇ رازۋېدچىك.

خانىم تېخىمۇ جىددىيلىشىپ: ــ نېمە ئىش قىلغىلى باردى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

رازۋېدچىك: ــ ئۇ سىزنىڭ ئىزىڭىزغا چۈشۈپتىكەن، خانىم، ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***سىز باشقىلارغا قانداق قارىسىڭىز، باشقىلارمۇ سىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. بىز دۇنياغا گۈزەللىك بىلەن باقساق، دۇنيانىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلەيمىز.***

## ئۇماچ تەقسىملەش

يەتتە كىشى بىر ئۆيدە تۇرۇپ، ھەر كۈنى بىر قازان ئۇماچنى بۆلۈشۈپ ئىچىدىكەن. ئادەم سانى كۆپ بولغاچقا دائىم تويغۇدەك يېيەلمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ئۇماچنى تەقسىملەشتە، ھەر كۈنى بىر ئادەم نۆۋەت بىلەن تەقسىملەيدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىدىن بېرى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇماچ تەقسىملەيدىغان كۈندە بىر قېتىم تويۇۋالىدىغان بوپتۇ.

كېيىن، ئۇلار بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشىپ، ئەخلاقى دۇرۇس بىر كىشىنىڭ ئۇماچ تەقسىملىشىنى تەۋسىيە قىپتۇ. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن مەسىلە تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇماچ تەقسىملەيدىغان كىشىگە ياخشىچاق بوپتۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۈچ ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئۇماچ تەقسىملەش دائىمىي كومىتېتى ۋە تۆت ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ باھالاش كومىتېتى تەشكىللەپتۇ. بىراق، ئۇلار دائىم تالاش ــ تارتىش قىلىشىپ، ئۇماچ سوۋۇپ قالغاندا ئىچىشىپتۇ.

ئەڭ ئاخىرى، كۆپچىلىك ئەپچىل بىر چارە تېپىپ چىقىپتۇ يەنە: «يەتتە كىشى نۆۋەت بىلەن ئۇماچ تەقسىملەش، بىراق ئۇماچ تەقسىملىگۈچى چوقۇم باشقىلار تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر قاچا ئۇماچنى ئىچىشى كېرەك» ئىكەن.

ئاقىۋەت ئۆزى گەرچە ئاز يېسىمۇ، ھەر بىر كىشىگە تەڭ تەقسىملىگەنلىكتىن كۆپچىلىك خۇشال ــ خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com

***ھېكمەت:***

***پەقەت بىر ئادىل تۈزۈم ئورنىتىلغاندا، كىشىلەر ئاندىن ھەمكارلىقنى ئوگۈنۈشلۈق تاماملىيالايدۇ.***

## تەنقىدلەش ئۇبيېكتى

بىر ئات مىنىۋالغان كىشى كەچقۇرۇنلۇقى يولبويىدىكى مېھمانخانىغا كىرىپتۇ. تۈن كېچە، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، بىر ئوغرى ئاتنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، يولۇچى ئاتنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بايقاپ، ئاتقا تولىمۇ ئىچ ئاغرىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، مېھمانلار ئۆيدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇنازىرە قىلىشىنى باشلاپتۇ.

— سەن نېمانداق دۆت، ئاتنى ئېغىلنىڭ سىرتىغا باغلاپ قويساڭ، ئوغرىلىماي قالامدۇ؟

— تېخىمۇ دۆتلۈك قىلغىنى، ئاتنىڭ پۇتىنى باغلاپ قويماپتۇ ئەمەسمۇ؟

يولۇچى قايمۇقۇپ سارالڭ بولاي دەپ قاپتۇ. ئۇ ئاخىرى: — دوستلار سىلەر نېمىشقا ئارقا ـ ئارقىدىن مېنى ئەيىبلەيسىلەر، ئەجەبا مەن ئات ئوغرىسىمۇ؟ ئەجەپلىنەرلىكى، ئات ئوغرىسىنى بىرەرسىڭلارمۇ ئەيىبلىمەيسىلەر! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مۇنازىرىلەشكەندە ئۇبيېكتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، ئۇبيېكتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندا، ئاندىن كىشىنى قايىل قىلغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.***

## رەخت دۇكىنىدىكى قىسقا مېتىر

ئىلگىرى، بىر رەخت دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئادەتتىكى ئۆلچەملىك مېتىردىن سەل قىسقىراق ياغاچ مېتىرنى ئىشلىتىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ دۇرۇس سودىگەر بولۇشنى ئويلاپ، قىسقا ياغاچ مېتىرنى ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇ. بىراق، ئۇ باشقا دۇكانلارنىڭ ئانداقراق تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا بىر رەخت دۇكىنىغا كېلىپ خوجايىن ئالدىراش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەلگەن يىپ بىلەن دۇكاندىكى مېتىرنى ئۆلچەۋاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ ئۆلچەملىك مېتىر ئىشلەتكەندە، باشقا سودىگەرلەر ئىشلەتكەن مېتىرنىڭ ئۆزىنىڭ دۇكىنىدىكى مېتىردىن قىسقا ئىكەنلىكىنى بايقاپ

قاپتۇ. ئۇ ھېچبولمىغاندا بۇ دۇكان خوجايىنىدىن ئازراق بولسىمۇ ئۇزۇنراق مېتىر ئىشلىتىدىكەنمەن، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ۋىجدانىنى بىر ياققا چۆرۈپ تاشلاپ، ئاۋۋالقى قىسقا مېتىرنى تېپىۋاپتۇ.

**ھېكمەت:**

***بىر قىسىم كىشىلەر ئەيىبلەشكە، تەنقىدكە ئۇچرىغاندا، ھەمىشە دىققەت - نەزىرىنى باشقىلارغا تىكىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن چوڭراق خاتالىق ئۆتكۈزگىنىنى بايقىغان ۋاقتتا، ئۆزى - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئاۋۋالقىدەك يۈرىدۇ.***

## ئايال غوجايىن ۋە ئايال خىزمەتكار

غوجايىن بىر ئايال خىزمەتكارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا كېيىنكى ھەپتىنىڭ بىرى رەسمىي ئىشقا چۈشۈشنى ئېيتىپتۇ، ئاندىن ئۇ ئايال خىزمەتكارنىڭ بۇرۇنقى ئايال غوجايىنغا تېلېفون بېرىپ خىزمەتكارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىپتۇ. نەتىجىدە ئۇ ھەقىقەتەن كۆپ ماختاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ.

ئايال خىزمەتكار ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى، ئايال غوجايىن ئۇنىڭغا: — نەچچە كۈن ئىلگىرى، مەن سېنىڭ بۇرۇنقى ئايال غوجايىنىڭغا تېلېفون بەردىم، ئۇ ماڭا سېنى تولىمۇ سەمىمىي، ئىشەنچلىك، قورۇغان تائاملىرى بەك ئوخشايدۇ ھەم بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىدۇ. بىردىنبىر كەمچىلىكى ئۆي ئىشلىرىدا ئانچە دىققەت قىلمايدۇ، ئۆيئىچى دائىم مەينەت تۇرىدۇ، — دېدى. بىراق مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدىم. چۈنكى، سېنىڭ كىيىنىشىڭدىن تازىلىقنى تولىمۇ سۆيىدىغانلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ، مەن سېنىڭ ئۆيىنى رەتلىك، پاكىز تۇتالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

ئايال خىزمەتچى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەقىقەتەن تەسىرلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆيگە چاڭ - توزان قوندۇرماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىجىل، خۇشال - خۇرام بىرگە ئۆتۈپتۇ.

**ھېكمەت:**

***بىر ئادەمنى ماختاش ۋە ئىلھام بېرىشتىن ئېرىشكەن نەتىجە تەنقىد ۋە تىللاشتىن ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ.***

## ھۆسن تۈزەشتىن پەيدا بولغان كۆلۈمسىرەش

ھەمىشە ئۆزى يالغۇز يۈرىدىغان، ھېچقانداق دوستى يوق دەلدۈش بىر يىگىت بار ئىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ، ناۋادا چىرايىمدا ھەر چاغ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرسا چوقۇم دوستۇم تۇتالايمەن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىر ھۆسن تۈزەش دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ، مەڭگۈلۈك تەبەسسۇمغا ئېرىشمەكچى بوپتۇ. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كىشىلەر ئارىسىغا كەپتۇ. بىراق يەنىلا ھېچكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئەكسىچە بارغانسېرى يىراقلىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت چىرايى كۈلۈمسىرەپ يۈرگەن بىلەن قەلبى يەنىلا كۈلمەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «ئەخمەق ئىكەن دېيىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىر كىشى قەلبىدىن خۇشال بولغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىدىغىنى ھەقىقىي كۈلۈمسىرەش، ئەكسىچە، چىرايىڭىز گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولغان بىلەن يەنىلا ئوخشاش باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن قالىسىز.***

## چوڭ قاپاق

بىر كىشى ئادەتتە كۆپرەك كىتاب ئوقۇيدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، باشقىلارنى كۆز قىرىغىمۇ ئىلىپ قويمايدىكەن، باشقىلار ئىش بېجىرگەندە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپمۇ قويمايدىكەن.

بىر كۈنى، بىر كىشى ئۇنى كۆرگىلى كەپتۇ ھەمدە: — مەن ئىلگىرى سىزنىڭ تولىمۇ بىلىملىك ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغان، بۈگۈن سىزنى زىيارەت قىلغىلى كېلىشىم، ئالدىراپ يولغا چىقىپ، بىرەر ئالاھىدە سوۋغات تەييارلىيالمىدىم، پەقەت بىر قاپاق ئالغاچ كەلدىم، بۇ قاپاق تاشتەك قاتتىق، پوستىنىڭ قاتتىقلىقىدىن قاپاق ئىچىمۇ پىشىپ كەتكەن، بۇنداق قاپاق تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ، قېنى، لايىقىڭىزدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلارسىز، — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيلا: — بۇ قاپاق شۇنچە قاتتىق تۇرسا ئۇنى يا سۇ ئۇسىدىغان ساپلىق قىلىشقا بولمىسا، ئىچى قۇرۇق بولمىغاچقا، ھەتتا ئۇنىڭدا چاي ئىچكىلىمۇ بولمىسا، بۇنداق كېرىكى يوق نەرسىنى، مەن نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا: — ناۋادا، ئادەم مۇشۇ قاپاققا ئوخشاپ قالسا، ئۇنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىزنىڭ ئۆزىمىزگە نىسبەتەن تـوغرا بىر تـونۇشىمىز بولۇشـى، ھەرگىزمـۇ ئۆزىمىزگە تەمەننا قويماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنى تۆۋەنمۇ كۆرمەسلىكىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بىز باشقىلارنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولالايمىز ھەمدە ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايمىز.***

## چىغ قالپاق

بىر ياش يىگىت كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغان بولۇپ، شۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەيدىكەن، كېيىن ئۇ باشقا بىر دۆلەتكە ئىشلىمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. بۇ دۆلەتنىڭ پادشاھى ئۇنى شەخسەن كۈتۈۋالماقچى بوپتۇ.

ئۇ يۇقىرىغا قارىغاندا توساتتىن چىغ قالپىقى مايماق كىيىلىپ قاپتۇ، بىراق ئۆزى بۇنى ھېس قىلالماپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن: — سەن ئادەتتە قانداق كىتابلارنى ئوقۇدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەممىسى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ قائىدىلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياش يىگىت.

پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ: — سەن ئۆزۈڭنىڭ چىغ قالپىقىڭنى ئوڭشاپ كىيەلمىسەڭ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى سۆزلىمەيلا قوي! — دەپتۇ. نەتىجىدە ئۇ قوبۇل قىلىنماپتۇ.

***ھېكمەت:***
***قورسىقىدىكى كىچىككىنە ئۇماچقا تايىنىپ چوڭ سۆزلىگەن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئېغىزىدا شەھەر ئېلىشقا ماھىر كىشىلەردۇر.***

## ھۆل ياغاچتا ئۆي سېلىش

بىر ئادەم ئۆي سېلىش ئۈچۈن، ئۆز تەۋەلىكىدىن بىر توپ ياغاچنى كېسىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ ياغاچلارنى ئەمدىلا يۆتكەپ بولۇپ، ھۈنەرۋەنلەرنى تېپىپ، تېزدىن ئىش باشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

ھۈنەرۋەنلەر ئەمدىلا كېسىلىپ كەلگەن دەرەخلەرگە قاراپ باش لىڭشىتىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرسى: — بىز ھازىر ئىش باشلىيالمايمىز، چۈنكى بۇ ياغاچلار ئەمدىلا كېسىلىپ كېلىنگەن بولغاچقا سۇ تەركىبى كۆپ، ئۆي سالغاندىن كېيىن ئاسان قىيىپ كېتىدۇ. دەسلەپتە، بۇ خىل ياغاچتا سالغان ئۆي بىلەن قۇرۇق ياغاچتا سالغان ئۆينى سېلىشتۇرغاندا ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بىراق، ۋاقىت ئۇزارغانچە، ھۆل ياغاچتا سالغان ئۆي ئاسان ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى ھۈنەرۋەننىڭ گېپىگە پەرۋاسىز، سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ: — سىنىڭ

گېپىڭچە، ياغاچ ئاسان قېيىپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ بىراق سەن ھۆل ياغاچ قورۇسا چېكىيدىغانلىقىنى، لاي قورۇسا يەڭگىللەيدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ ئۆي سېلىپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ياغاچ ۋە لايلار قورۇشقا باشلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا قورۇغان ياغاچ يەڭگىل لايىنى كۆتەرەلەيدۇ، نېمە دەپ ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك؟ — دەپتۇ.

ھۇنەرۋەن ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. چۈنكى، ئۇلار پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدىلا ھۆل ياغاچتا سېلىنغان ئۆينىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھۇنەرۋەنلەر ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش باشلاپتۇ.

ئۇلار بارلىق قىيىنچىلىق ۋە قولايسىزلىقلارنى يېڭىپ، ئۆلچەملىك ياسالغان ئۆي شەكلىنى چىقىرىپ بوپتۇ. لاي بىلەن سۇۋاپ، يېڭى ئۆينى پۈتتۈرۈپتۇ.

شۇ كۈنلەردىن باشلاپ ئۇ تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇ تېزلا يېڭى، چىرايلىق ئۆيگە ئىگە بوپتۇ. ئۇ، بۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ قابىلىيىتىم بىلەن ھۇنەرۋەنلەرنى قايىل قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپتۇ. بىراق، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېڭى ئۆيىدىن مەسىلە چىقىپتۇ. يەنى ئۆي بارغانسېرى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقى غەم - قايغۇغا ئالمىشىپتۇ. ئۇ بىرەر كېلىشمەسلىككە دۇچار بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، سىرتقا كۆچۈرۈپ چىقىۋاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئۆي راستىلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەر قانداق شەيئىنىڭ قانۇنىيىتى بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغاندا، ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز. شۇڭلاشقا، ئىش قىلغاندا باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاش كېرەك.***

## كەترەنگۈل

ئىككى ياش دوست بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ بىرگە تۇرۇپتۇ. A دوست كەترەنگۈلنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، خىزمەتتىن سىرت ۋاقىتلاردا گۈل بازىرىنى ئايلىنىپ. كەترەنگۈلنىڭ يېڭى سورتى بار - يوقلۇقىنى ئاربلايدىكەن. ئۇ ئۆيدە نۇرغۇن كەترەنگۈل بېقىپتۇ. بولۇپمۇ گۈل جازىسى ئۈستىدىكى بىر قانچە تەشتەك تولىمۇ چىرايلىق ئېچىلىپتۇ. B دوستىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كەترەنگۈلنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

بىر قېتىم، Aنىڭ ئۆيىدىن تېلېفون كېلىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا B غا تاپىلاپ، كەترەنگۈللەردىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ.

A ئۆيگە قايتقۇچە بولغان بىر مەزگىلگىچە، B كەتىرمەنگۈللەرگە ياخشى قاراپتۇ. بىراق بىر كۈنى B كەتىرمەنگۈللەرگە سۇ قويۇۋاتقاندا ، ئېھتىياتسىزلىقتىن گۈل جازىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. بارلىق گۈل تەشتەكلىرى چېقىلىپ، كەتىرمەنگۈللەر چېچىلىپ كېتىپتۇ. نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ.

ئۇ كۆڭلىدە، A قايتىپ كېلىپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنىڭ يوقلۇقىنى بايقىسا، چوقۇم غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن A قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشنىڭ جەريانىنى بىلگەندىن كېيىن، B ئويلىغاندەك ئۇنداق خاپا بولۇپ كەتمەپتۇ، ئەكسىچە، كۈلۈپ تۇرۇپ B غا تەسەللى بېرىپ: — مېنىڭ كەتىرمەنگۈل بېقىشىم خۇشاللىق ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىم خۇشاللىقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەن ھەرگىزمۇ ئاچچىقلاش ئۈچۈن كەتىرمەنگۈل باقمىغان، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىز بىر خىل توغرا كەيپىياتتا مۇئامىلە قىلىشىمىز، قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، سالماقلىق بىلەن قارىشىمىز كېرەك.***

## ئۇچقۇر ئات بىلەن ئات باققۇچى

بىر ئات بولۇپ، ئۇنى مىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن يېقىنلىشىشمۇ بىر مۇشكۈل ئىش ئىكەن. ئەگەردە كىم ئۇنىڭغا قاراپ يېقىنلاشسا، ئۇ چىشلىمىگەن تەقدىردىمۇ تېپىدىكەن. شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

بىر كۈنى، ئات ئېھتىياتسىزلىقتىن لاي ئازگىلىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەتراپتىكى بىر قانچە چارۋىچى كېلىپ تاماشا كۆرۈشۈپ، چاۋاك چېلىشقا باشلاپتۇ ۋە: — چۆكۈپ ئۆلسەڭ ياخشى بولاتتى!— دېيىشىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، بىر ئات باققۇچى كېلىپ لاي ئازگىلىغا پېتىپ قالغان ئۇچقۇر ئاتنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. كېيىن ئۇنى تۇۋرۇككە باغلاپ قويۇپتۇ. چۈشتىن كېيىن، ئۇچقۇر ئاتنىڭ ئۈستىدىكى لايلار قۇرۇپ، چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىراق لايلار قۇرۇغانسېرى ئاتنىڭ دۈمبىسى قىچىشىپ ئارامسىزلىنىپتۇ. ئات باققۇچى سۈپۈرگە بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سۈپۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، تاراپ قويۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئۇچقۇر ئات شۇنداق راھەت ھېس قىپتۇ ۋە ئات باققۇچىغا مېھرى چۈشۈپ قاپتۇ. ئات باققۇچى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاتقا ئۈزەڭگە سېلىپ، بىرلا سەكرەپ، ئوتلاققا قاراپ ئۇچقاندەك مىنىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆپ قېتىم مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇچقۇر ئات يايلاققا كۆنۈپ، يايلاقتىكى ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***خاراكتېرى تۈز كىشىلەرگە قوپاللىق قىلسا، ئۇلار قوبۇل قىلالمايدۇ. بىز***

www.uyghurkitap.com

*مۇشۇنداق ئادەملەرگە يولۇققان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارغا ياخشى تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلى ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈش، كۆپرەك قائىدە ئارقىلىق قايىل قىلىشتىن ئىبارەت.*

## ئوخشاشمىغان پوزىتسىيە

ئىلگىرى، كەنتتە بىر كەمبەغەل كىشى بولۇپ، ئۇ ئەقىللىق بولۇپلا قالماي ئىشچان ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم قۇلاق سالمايدىكەن. ئۇ كەنتتىكىلەرگە قانداق پىكىر ياكى بىر نەرسە دېسۇن، ئۇلار ئېغىزغا كەلگىنىچە: — ئۇ نېمىنى بىلىدۇ؟ ئۇنىڭ گېپىمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ؟ چوقۇم يالغان ئېيتىۋاتىدۇ… — دېيىشىدىكەن.

كۆپ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، بۇ كىشى چوڭ بايغا ئايلىنىپتۇ. كەنتتىكى كىشىلەر ئۇنىڭ بېيىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، بىردەك كەنت باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈپتۇ.

بىر قېتىم ئۇ كەنتتىكىلەرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپتۇ. كىشىلەر يېرىم كۈندەك تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، ئۇ ئاخىرى: — ئاق كۆڭۈل كىشىلەر، سىلەر بىلەمسىلەر، مەن بىر غەلىتە ئىشقا يولۇقتۇم….

— قانداق ئىش ئىكەن؟ — كۆپچىلىك سوراپتۇ.

— بىر كۈنى مەن ئېتىمنى مىنىپ شەھەرگە كىرگەندە، يېڭى بىر ساپان سېتىۋالماقچى بولدۇم. گەرچە ئۆيۈمدىكىنى ئىشلەتكىلى بولسىمۇ، بۇ ساپاننى ئەرزان كۆرۈپ سېتىۋالدىم، ئۆيگە ئەكىلىپ ئىسكىلاتقا قويۇپ قويدۇم. مەن ئۇنى شۇ يەرگە قويۇپ لازىم بولغاندا ئىشلەتسەممۇ كېچىكمەيمەن، دەپ ئويلاپتىمەن. ئىسكىلاتقا قويۇپ قويغانغا بىر ھەپتە، بەلكىم ئىككى ھەپتە بولغاندۇ، مەن ساپالنىڭ تۆشۈك، تۆشۈك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بېرىپ قارىسام نۇرغۇنلىغان چاشقان تۇرىدۇ؛ ئەسلىدە ساپاننى چاشقانلار چىشلەپ تۆشۈك ئېچىۋېتىپتۇ. ھازىر ئۇنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بوپتۇ. ھەقىقەتەن نەس باستى كىشىنى!

— ھەقىقەتەن شۇنداق بوپتۇ، شۇنداق ئىش بولغان، شۇنداق بىر چاشقان باركى، ئۇنى كىچىك كۆرمەڭ، ئۇنىڭ چىشى بەك يامان، سىز نېمە قويۇپ قويسىڭىز، شۇنى يەۋېتىدۇ! — دەپتۇ بىر دېھقان.

مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى: — توغرا، توغرا! — دېيىشىپتۇ.

بۇ كىشى قاتتىق ھەسرەت چېكىپ تۇرۇپ: — ھەي، مانا بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەقىقەت، مەن ئىلگىرى نامرات دېھقان ۋاقتىمدا سىلەرگە دېگىنىمنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت ئىدى، سىلەر ئىشەنمەيتتىڭلار، دائىم مېنى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتىڭلار. ھازىر مەن باي بولدۇم. ئېنىقكى، مەن يالغان سۆزلىسەممۇ، بىراق سىلەر مېنىڭ سۆزلىگىنىمنى راست دەيسىلەر. سىلەر قانداق يەردە چاشقاننىڭ ساپاننى يەۋەتكىنىنى كۆرگەن؟ بىلىۋېلىڭلار، ساپان تۆمۈردىن ياسالغان تۇرسا… — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىر قىسىم كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۇل ۋە ھوقۇقنىڭ ئازدۇرۇش كۈچى بار. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ، ھەتتا شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ـ ناھەقنى پەرق قىلمايدۇ.***

## بايۋەتچىنىڭ رەسمى

بىر ياش رەسسام كىچىك بىر ئۆيدە تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى، بىر باي كىشى رەسسامنىڭ رەسىم سىزىۋاتقان يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ سىزغان رەسىمىنى كۆرۈپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر پارچە رەسىمىنى سىزدۇرماقچى بوپتۇ. ئىككى تەرەپ شۇنداق قىلىپ ئىش ھەققىنى ئونمىڭ يۈەنگە پۈتۈشۈپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن رەسىم پۈتكەندە، باي رەسىمنى ئالغىلى كەپتۇ. ئۇ رەسسامنىڭ تېخى نامى چىقمىغان رەسسام ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كېلىشىمنى بۇزماقچى بوپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «رەسىمدىكى بولسا مەن، ئەگەر رەسىمنى ئۆزۈم سېتىۋالمىسام، باشقىلار ئۇنى سېتىۋالمايدۇ، مەن نېمىشقا ئۇنچە جىق پۇل خەجلەپ سېتىۋالغۇدەكمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ رەسىمگە ئۈچ مىڭ يۈەن بېرەلەيمەن، دەپتۇ. ياش رەسسام بۇنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپلا قاپتۇ. ئۇ باينىڭ ئىشەنچسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىكەن. بايغا پۈتۈشكەن باھاغا ئەمەل قىلىشنى ئېيتىپتۇ.

باي: ــ قۇرۇق گەپنى ئاز قىل، بۇ رەسىمگە ئۈچ مىڭ يۈەن بېرىمەن، مەن سەندىن ئاخىرقى قېتىم سورايمەن، ئۈچ مىڭ يۈەنگە ساتامسەن، ساتمامسەن؟ ــ دەپتۇ.

ياش رەسسام باينىڭ قەستەنگە شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، غەزىپىنى باسالماي، قەتئىيلىك بىلەن: ــ ساتمايمەن؟ مەن ئۇ رەسىمنى ساتماسلىقتا رازىمەنكى، سېنىڭ ھاقارەتلىشىڭگە ئۇچراشنى خالىمايمەن! كەلگۈسىدە سەن قىلغان ئىشەنچسىزلىكىڭگە ئون ھەسسە بەدەل تۆلەيسەن! ــ دەپتۇ.

باي غادىيىپ كېتىپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، ياش رەسسام بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قايتىدىن رەسساملىقتىن تەلىم ئېلىپ، بىر قانچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق داڭلىق رەسسام بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. بىر كۈنى، باينىڭ بىر قانچە دوستلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولغىلى بېرىپتۇ. ئۇلار بايغا مۇنداق بىر غەلىتە ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ: ــ بىر قانچە كۈن ئىلگىرى بىر رەسسامنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان ئىدۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە رەسىمنىڭ باھاسى يۈز مىڭ يۈەن ئىكەن، قارىساق

رەسىمدىكى كىشى ساڭا قوۋيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، كىشىنى تېخىمۇ ئەجەپلەندۈرىدىغىنى بۇ رەسىمنىڭ ئىسمى (قوۋىمچى) ئىكەن، ــ دەپتۇ.

باي نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغىنىنى چۈشىنەلمەي، ئىلگىرى ئالمىغان ھېلىقى رەسىم ئېسىگە كەپتۇ.

ئاخىرى باي، ھېلىقى رەسسامنى ئىزدەپ تېپىپ يۈز مىڭ يۈەنگە ئۇزىنىڭ رەسىمىنى سېتىۋاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***باشقىلارنىڭ ئىشىغا ماقۇل بولغاندىن كېيىن، چوقۇم قىلىپ بېرىش كېرەك. ئىشەنچسىزلىك ئەقىلسىزلىقنىڭ ئىپادىسى، ئۇ ھامان بىر كۈنى سىزنى بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ.***

## ئۆۋچىنىڭ قۇش تۇتۇشى

بىر ئۆۋچى كۆل بويىدا تورىنى يېيىپ قۇش تۇتماقچى بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، تور ئىچىگە نۇرغۇن قۇشلار ئۇچۇپ كىرىپتۇ. ئۆۋچى ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە دەرھال تورنى يىغىپ قۇشلارنى تۇتۇشقا تەمشەلگەندە، ئويلىمىغان يەردىن تورنى ئېلىپ بىرگە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۆۋچى ئامالسىزلىقتىن تورنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بىر دېھقان: ــ بىكار ئاۋارە بولما، سېنىڭ سۈرئىتىڭ ھەر قانچە تېز بولسىمۇ، ئۇ قۇشلارغا يېتىشەلمەيسەن، ــ دەپتۇ.

بىراق ئۆۋچى ۋاز كەچمەي، قەتئىيلىك بىلەن: ــ ياق، سەن پەقەت چۈشىنەلمەيدىكەنسەن، ئەگەر توردا بىر قۇش بولغان بولسا، قوغلاپ يېتىشەلمەيتتىم، بىراق تورنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قۇش بار، مەن چوقۇم يېتىشەلەيمەن، ــ دەپتۇ.

دەرۋەقە، كۈن قارايغاندا، تور ئىچىدىكى قۇشلار ئۇۋىلىرىغا قايتماقچى بولۇشۇپ، بەزىسى كۆل تەرەپكە، بەزىسى ئورمان تەرەپكە، يەنە بەزىسى يايلاققا قاراپ ئۇچۇپتۇ. نەتىجىدە، ھەر قايسىسى ھەر تەرەپكە ئۇچقانلىقتىن، تور بىلەن قوشۇلۇپ ئۆۋچىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئەگەر بىر قوۋم ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق بولىدىكەن، ھېچ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.***

# قۇملۇقتىكى توغراق

چەكسىز كەتكەن قۇملۇقنىڭ ئىككى چېتىدە ئىككى كەنت بار ئىكەن. قارشى تەرەپتىكى كەنتكە بېرىش ئۈچۈن، ئىككىلا يول بار بولۇپ، بىرىدە، قۇملۇقنى ئايلىنىپ، ئاز دېگەندە يىگىرمە ئىككى كۈن ئەتراپىدا مېڭىش كېرەككەن. يەنە بىرى، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈش بولۇپ، پەقەت ئۈچ كۈنلا كېتىدىكەن. بىراق، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈش خەتەرلىك بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كېسىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق ھەممىسىنىڭ جەسىتى قۇملۇقتا قاپتۇ.

بىر كۈنى، بىر دانىشمەن بۇ يەردىن ئۆتۈۋېتىپ، كەنتتىكى كىشىلەرگە بىر ئامال كۆرسىتىپتۇ. ئۇ ھەر بىر قەدەم ئارىلىقتا بىر تۈپ توغراق تىكىشنى تاكى قارشى تەرەپتىكى كەنتكە بارغۇچە تىكىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەنە: — ئەگەر بۇ توغراقلار ئەلىيىمىز كېلىپ كۆكلەپ قالسا، سىلەر توغراقنى بويلاپ، كەنتكە بېرىپ - كېلىپ تۇرسەڭلا بولىدۇ. ئەگەر كۆكلىيەلمىسە، سىلەر قۇرۇپ كەتكەن كۆچەتنى بويلاپ ماڭساڭلار بولىدۇ، پەقەت ھەربىر ئۆتكەن كىشى كۆچەتنى تارتىپ قويۇپ، قۇم بېسىۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، — دەپتۇ.

نەتىجىدە، بۇ توغراقلارنىڭ ھەممىسى كۆچلۈك كۈن نۇرىدا قۇرۇپ، يول بەلگىسى بولۇپ قاپتۇ.

ئىككى كەنت كىشىلىرى بۇ يول بەلگىسىنى بويلاپ، ئۇن نەچچە يىل بېرىش - كېلىش قىپتۇ.

بىر يىلى يازدا، يىراقتىن كەلگەن بىرەيلەن قارشى تەرەپتىكى كەنتكە بارماقچى بوپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تاپىلاپ: — سەن توغراقلارنى بويلاپ ماڭساڭ بولىدۇ، بىراق سەن يىقىلىپ كەتكەن كۆچەتلەرنى چىڭراق سانجىپ، قۇملار كۆمۈۋەتكەنلەرنى ئۈستىگە تارتىپ قوي، — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم بىر قۇتا سۇ ۋە يېمەكلىك ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولدا دېگەندەك نۇرغۇنلىغان قۇملار بېسىۋالغان توغراققا يولۇقۇپتۇ، بىراق ئۇ: — مەن بەربىر بۇ بىر قېتىم ماڭىمەن، قۇم بېسىۋالسا مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى، — دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بۇ توغراقلارغا كۆز قىرىنى سالماپتۇ ھەمدە ھېلىقى يىقىلىپ قالغان توغراقلارغىمۇ پەرۋا قىلماپتۇ.

ئۇ ئادەم قۇملۇقتا كېتىۋاتقاندا، تىپتىنچ قۇملۇقتا شىددەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. نۇرغۇنلىغان توغراقلار قۇم ئاستىدا قېلىپ، ئىزناسىمۇ قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆت تەرەپكە قاتىراپ يۈرۈپ، بۇ قۇملۇقتىن چىقالماپتۇ.

**ھېكمەت:**
***باشقىلارغا ياردەم بەرگەنلىك ئۆزىڭىزگە ياردەم بەرگەنلىك. باشقىلارغا يول ئاچقانلىق ئۆزىڭىزگە يول ئاچقانلىق.***

## سەممىي ئەسكەر

ئۇرۇش يىللىرىدا، بىر گېنېرال ئالدىنقى سەپكە يارىلانغان بىر ئەسكەرنى كۆرگىلى بېرىپتۇ.

ئۇ بىر قېتىملىق جىددىي جەڭدە، بۇ جەڭچى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى توسالغۇنى تازىلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي بەدىنى بىلەن پۈتى ئاستىدىكى مىنانى پارتلىتىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپتۇ. گېنېرال ئىنتايىن تەسىرلەنگەنلىكتىن، بۇ جەڭچىنى كۆرۈپ كېلىشنى قارار قىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك تۆھپىكار ئوردېنىدىن بىرنى بېرىپتۇ.

گېنېرال دوختۇرخانىغا كەلگەندە، ئەسكەر ئويغىنىپتۇ. گېنېرال ئوردېننى ئۇنىڭغا تاقاپ قويغىلى كەلگەن ۋاقىتتا، ئەسكەر بېشىنى چايقاپ قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

گېنېرال ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: ــ يىگىت، بۇ پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئەڭ ئالىي ئوردېن! ــ دەپتۇ.

ئەسكەر: ــ سىز ئۇنى ھەقىقىي قەھرىمانغا بېرىڭ! ــ دەپتۇ.

گېنېرال: ــ سەن ئەجەبا ھەقىقىي قەھرىمان ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئەسكەر: ــ گېنېرال راست گەپنى ئېيتسام، ھېلىقى كۈنى مەن ئېھتىياتسىزلىقتىن تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ، ياندىكى مىناغا تېگىپ كەتتىم، ــ دەپتۇ.

گېنېرال ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر جەڭچىسىنىڭ بارلىقىدىن تېخىمۇ تەسىرلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىسسىق ياشلىرىنى ئېقىتىپ: ــ كىم سېنى قەھرىمان ئەمەس دەيدۇ؟ سەن شۇنىڭغا لايىق! بۇ خىل باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى چۈشەندۈرۈش قەھرىمانلىق ئەمەسمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، جەڭچى خاتىرجەم ھالدا كۆز يۇمۇپتۇ.

**ھېكمەت:**
***سەممىي بولۇشقا ئىرادە كېرەك، ئىرادە، ئۇ ئېسىل ئەخلاقتىن كېلىدۇ. بۇ جەڭچى گەرچە جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمان بولالمىسىمۇ، بىراق ئەخلاق جەھەتتە ئۈلگە بولدى.***

## ئەدەپسىز كىشى

ئىلگىرى، ئىككى نامرات ياش بىلىمدارجاھان كېزىپتۇ. ئۇلار بىر كىچىك بازارغا كەلگەندە، مۇشۇ يەرنىڭ باي ئائىلىسىدىن بىر كېچە قونۇشنى تەلەپ قىپتۇ. باي ئىككىيلەننىڭ جۇل ـ جۇل كىيىۋالغان كىيىمىنى كۆرۈپ، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا رەت قىپتۇ.

ئۇلار ئامالسىزلىقتىن باشقا يەردىن ئورۇن تېپىپتۇ.

ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى بىلىملىك ياشنىڭ نامى چىقىپ، ھەممە ئائىلىنىڭ ئېغىزىدا ئۇلار ماختاشقا سازاۋەر بوپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇلار يەنە ھېلىقى كىچىك بازاردىن ئۆتۈۋېتىپ، ئەينى يىللىرى ئۇلارغا ياردەم بەرگەن كىشىلەرنى يوقلىغىلى بېرىپتۇ. دەل كەلگەندەك ھېلىقى بايمۇ بار ئىكەن. ئۇ ئىككىيلەننىڭ پارقىراپ تۇرغان ئۇستىبېشىغا قاراپتۇ، چىرايلىق ئېتىغا، كىشىلەر ھۆرمەتلەيدىغان بىلىملىك ئىكەنلىكىگە ھەيران قېلىپ، ئىككىسىدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ ھەمدە ئەڭ ياخشى ئۆيىنى راسلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق ئۇلار: ــ ھازىر بىزنىڭ تۇرىدىغان جايىمىز بار، بۇ ئىككى ئات ئۆيىڭىزگە بېرىپ تۇرسۇن! ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئۆتمۈشتىكى سىز بۇگۈنگە كەلگەندە، كاتتا باي بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. كىشىلەرگە پايدا ئېلىش نەزىرىمىزدە قارىماسلىقىمىز كېرەك.***

## بەرداشلىق بېرىش

قەدىمكى زاماندا بىر كىشى بولۇپ، ئائىلىسى خېلى دۆلەتمەن ئىكەن. بىر كۈنى، ئۇنىڭ قوشنىسى بىر توخۇسىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ ۋە توخۇسىنى قوشنام ئوغرىلاپ كەتتى، دەپ تىللىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بولسا غەزىپى تېشىشقا باشلاپتۇ، بىراق دۆلەتمەن: ــ تىللىسا تىللاۋەرسۇن، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى، ــ دەپتۇ. يەنە بىر قوشنىسى، ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۇيىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە قويۇپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ ئۆيى زەيدىن خالىي بولالماپتۇ. ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولغاندا، ئۇ نەسىھەت قىلىپ: ــ بىر يىل ئىچىدە قانچىلىك يامغۇر ياغماقچىدى؟ يەنىلا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ ئەمەسمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ۋاقىت ئۆزارغانچە، قوشنىلار ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن تەسىرلىنىپتۇ. بىر يىلى، بىر تۈركۈم بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بۇلىماقچى

بولغاندا، ئۇ ئالدىن بىلىپ قېلىپ، قوشنىلارنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***كەڭ قورساقلىق ۋە بەرداشلىق بېرىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، ئەخلاق بولسا پەزىلەت بىلەن ياشاشنىڭ پاسلى.***

## ئىككى ئوغۇلنىڭ نەزىر بىدىكى رەسىم

ئىلگىرى، ئىككى دوست بولۇپ بىرىنىڭ ئىسمى ماك، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى گېئورگى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا يەتتە ياش بولۇپ، يېقىن دوستلاردىن ئىكەن.

ماكنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئىشچى ئىكەن ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا بەش قېرىندىشى بار ئىكەن. گېئورگى يالغۇز بالا بولۇپ، دادىسى بىر پىسخىك دوختۇرى ئىكەن.

بىر كۈنى، گېئورگى ماكنى ئۆيىدە بىرگە ئويناشقا چاقىرىپتۇ.

گېئورگىنىڭ دادىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر رەسىملىك كىتابنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بىر رەسىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

بۇ، بىر بۆجەن تاماق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان، ئانا توشقان بىر چەتتە قاراپ تۇرغان رەسىم ئىكەن. ماك كۆرۈپ: ــ بۆجەن تاماقتا تويمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە يەيدىغان نەرسە قالمىغانلىقى ئۈچۈن يىغلىدى. ئانا توشقان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. گېئورگى: ــ سەن دېگەندەك ئەمەس، بۆجەنگە يېگىلى نەرسە يوق ئەمەس، بەلكى يېگۈسى كەلمەي يىغلىغان، ئانا توشقان ئۇنىڭغا يېمىسەڭ بولمايدۇ، دېگەن، ــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. گېئورگىنىڭ دادىسى ئۇلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ: ــ تالاشماڭلار بالىلىرىم ، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارنىڭ ھەممىسى توغرا! ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***تۇرمۇشتا ئوخشاشمىغان مۇھىتتا ئىشلارغا ئوخشاشمىغان نەزىرىمىزدە قارايمىز، ئېرىشكەن نەتىجىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ. بىزدە «توخۇمۇ بىلگىنىنى چىللار» دېگەن تەمسىل بار. دۇنيا خىلمۇخىل، ھەرگىزمۇ بىر خىل ئۆلچەمدە ئۆلچەشكە، ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.***

# تۇل خوتۇن ۋە سودىگەر

بىر تۇل خوتۇن مۇزىكىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان سودىگەردىن ياردەم تەلەپ قىپتۇ. ئۇنىڭ يولدىشى بىر مۇزىكانت بولسىمۇ، بىراق ئالەمدىن ئۆتكىنىگە خېلى ۋاقىت بولغان بولۇپ، كىچىك قىزى بىلەن قالغان خوتۇننىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان ئىكەن.

سودىگەر بىردە بۇ تۇل ئايالغا، بىردە چىرايىدا مەيۈسلۈك ئەكس ئېتىپ تۇرغان قىزغا قاراپتۇ. ئۇلارنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى سودىگەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپتۇ. سودىگەر ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

ئاق كۆڭۈل سودىگەر ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ: — ھۆرمەتلىك خانىم، سىزگە قانچە پۇل كېرەك؟ — دەپ سەممىمىي ھالدا سوراپتۇ.

تۇل ئايال مەيۈس ئاھاڭدا: — پەقەت بەش دوللار بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشىڭىزغا يېتىدۇ، — دەپتۇ.

سودىگەر يېنىدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر قەغەزنى چىقىرىپ، بىر قانچە قۇر خەت يېزىپتۇ. ئارقىدىن تۇل ئايالغا بېرىپ ئۇنىڭغا: — بۇنى ئېلىپ يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بانكىدىن ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ.

تۇل ئايال ۋە ئۇنىڭ قىزى خۇشاللىقىدىن قولىدىكى قەغەزگە نېمىلەر يېزىلغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلماي، سودىگەرگە كۆپ رەھمەتلەرنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپ بانكىغا مېڭىپتۇ. بانكا خادىمى چەككە ئاساسەن، بەش دوللار ئەمەس، بەلكى 50 دوللارنى تۇل ئايالغا بېرىپتۇ.

تۇل ئايال بۇنچە كۆپ پۇلنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قاپتۇ. ئۇ: «ئەپەندىم، خاتالىشىپ قالمىغانسىز ھە! سىز ماڭا 50 دوللار بەردىڭىز، مەن بەش دوللار ئالماقچى ئىدىم!» دەپتۇ. بانكا خادىمى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چەكنى تەپسىلىي كۆرگەندىن كېيىن: — چەككە يېزىلغىنى 50 دوللار ئىكەن، — دەپتۇ.

تۇل ئايال سەل ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ھالدا ئۆز كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ: — بۇ چوقۇم خاتا بولۇپ قالدى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بانكا خادىمى تۇل ئايالنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، چەكنى بەرگەن سودىگەرنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ.

سودىگەر بانكا خادىمىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: — توغرا، مەن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، بەش دوللار ئەمەس، 50 دوللار دەپ يازغان. سىز بۇ تۇل ئايالغا 50 دوللار

www.uyghurkitap.com

بىرىنىڭ، مۇشۇنداق سەمىمىي ئادەملەرگە بېرىلگەن بۇ پۇللارنى سىزنىڭچە كۆپ دېيىشكە بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***سەمىمىي ھەرىكەت باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ياردىمىگە ئېرىشىدۇ.***

## قۇلۇپ ئېچىلغاندىن كېيىن

كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بىر قۇلۇپچى بوۋاي ھۈنىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شاگىرت تاللىماقچى بوپتۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرى ئىككى ياش يىگىتنى تاللاپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تېخنىكىلارنى ئۆگىتىپتۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئىككىسىلا ماھارەت جەھەتتە تېزلا ئىلگىرىلەپتۇ. بىراق ھەقىقىي ھۈنەرنى بىرسىگىلا مىراس قالدۇرۇشقا بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قۇلۇپچى بوۋاي ئۇلارنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. قۇلۇپچى بوۋاي ئىككى بىخەتەرلىك ئىشكاپىنى ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئۆيگە قويۇپ، ئىككى شاگىرتقا ئاچقۇزماقچى بوپتۇ. قايسىسى بۇرۇن ئاچسا شۇ غەلىبە قىلغان بولىدىكەن. نەتىجىدە، چوڭ شاگىرتى ئون مىنۇت سەرپ قىلىپ بىخەتەرلىك ئىشكاپىنى ئېچىپتۇ. ئىككىنچى شاگىرتى بولسا يېرىم سائەت ئۆتكەندە ئېچىپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چوڭ شاگىرتى ھەقىقىي ھۈنەرنى ئۆگىنەلەيدىغان بولدى دەپ قاراپتۇ. قۇلۇپچى بوۋاي چوڭ شاگىرتىدىن: — بىخەتەرلىك ئىشكاپىدا نېمە بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. چوڭ شاگىرتى: — نۇرغۇن پۇل بار ئىكەن، ھەممىسى يۈز يۈەنلىك پۇللار ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاي يەنە ئىككىنچى شاگىرتىدىن سوراپتۇ. ئىككىنچى شاگىرتى كۆڭلى غەش بولغان ھالدا: — ئۇستاز، مەن ھېچنېمىنى كۆرمىدىم، سىز ماڭا پەقەت قۇلۇپنى ئاچ دېدىڭىز، مەن قۇلۇپنىلا ئاچتىم، — دەپتۇ.

قۇلۇپچى ئۇستاز تولىمۇ خۇشال بولغان ھالدا، ئىككىنچى شاگىرتىنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا بۇ ھۈنەرنى تاراتقۇچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئېسىل پەزىلەت ھەرىكەتتىكى بەزى كەمچىلىكنى تولدۇرالايدۇ. بىراق ئېسىل پەزىلەتنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ.***

## جان كەتسىمۇ سىر ساقلا

مەلۇم كەنتتىن تۆت ئادەم بىر كۈنى سودىگەرچىلىك قىلغىلى يىراق شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. ئۇلاردىن ئۈچ ئادەم ئالدىدا، بىرى كەينىدە مېڭىپتۇ. ئۇ كەنت بويىچە ئەڭ نامرات ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ يۈكى ئەڭ ئېغىر بولۇپ، بىر تۈگمەن تېشىنى كۆتۈرۈۋالغانىكەن.

يېرىم يولغا كەلگەندە، ئۇلار بىر مەھەللىلىك بىر دېھقان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئالدىدا كېتىۋاتقاندا ئۈچەيلەن توختاپ ئۇنىڭدىن:

— ئاغىنە، بىز شەھەرگە كەتكەندە ئۆيىمىزدە قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

يۇرتدىشى:

— سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. ئاۋۇ تۈگمەن تېشى كۆتۈرۈۋالغاننىڭ قېچىرى ئۆلۈپ قالدى، — دەپتۇ.

— ھازىرچە ئۇنىڭغا ئېيتماي تۇرايلى، ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى، — دەپتۇ سودىگەرلەردىن بىرى.

— توغرا ئېيتتىڭ، — دەپتۇ يەنە بىرى، — ئۇ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىلىدۇ.

ئۈچىنچى سودىگەر زۇۋان سۈرمەپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزى ئىتتىك بولۇپ، بىرەر نەرسىنى ئاڭلاپ قالسىلا دەۋېتىپ ئارام تاپىدىكەن. شۇڭا، باشقىلىرى ئۇنىڭغا:

— ئاغزىڭغا ئاگاھ بول، ئەگەر بۇ ئىش ئاغزىڭدىن چىقىپ كېتىدىغان بولسا، ئەدىپىڭنى بېرىپلا قالماي، يەنە تېخى ساڭا تۈگمەن تېشىنى كۆتۈرتىمىز، — دەپتۇ.

— ياق، دېمەيمەن! — دەپتۇ ئاغزى ئىتتىك ئادەم.

ئۇلار شۇ گەپلەرنى دېيىشىۋاتقاندا، نامرات ئادەم تۈگمەن تېشىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئاغزى ئىتتىك ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ قىينىلىپ كېتىپتۇ. بىرەر يۈز قەدەمدەك مېڭىپ، ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي تىلىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپتۇ. نامرات ئادەم ئۆزىگە كەلگەن بالا - قازانى ئۇققاندىن كېيىن، بېشى ساڭگىلاپ، يۈكى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشقاندەك بىلىنىپتۇ. ھەمراھلىرى ئاغزى ئىتتىكنى ئەيىبلىشىپتۇ.

— سەن قانداق كاپالەت بەرگەنتىڭ؟

ئۇلار ئۇنى تازا دۇمبالاپتۇ. ئاندىن تۈگمەن تېشىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇپ تاكى كەنتكىچە ئاپىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئاغزى ئىتتىك ئادەم تۈگمەن تېشىنى خۇشاللىق بىلەن كۆتۈرۈپ دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ــ بۇ قانچىلىك ئېغىرتى. باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى دەۋەتمەسلىك ماڭا ھەقىقىي ئېغىر تۇيۇلىدۇ!

شۇڭا، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاغزى ئىتتىكلەر توغرىسىدا: تۈگمەن تېشىنى كۆتۈرۈش مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتىن كۆپ يېنىك، دەيدىغان بىر سۆز تارالغانىكەن.

***ھېكمەت:***

***كىشىلەر ئارا ئالاقىدە ئەڭ قىيىن ۋە مۇشكۇل ئىشنىڭ بىرى سىر ساقلاشتۇر. سىر دېمەكلىك مەخپىيەتلىك، يوشۇرۇن ئىش ۋە ياكى باشقىلارغا بىلدۈرۈلسە بولمايدىغان ئىش دېمەكلىكتۇر. دېمەككى، ئۇنى ھېچكىمگە دېمەسلىك كېرەك.***

***سىرىڭنى ھەرگىز باشقىلارغا ئېيتما. ئۇ سىر بولغانىكەن، ئۆزۈڭلا بىل، ھەر قانچە يېقىن دوستۇڭ ياكى ئەزىز بۇرادىرىڭ، قېرىندىشىڭ بولغان تەقدىردىمۇ سىر بەرمە. چۈنكى، ساڭا نىسبەتەن ئۆزۈڭدىنمۇ ئىشەنچىلىكرەك ھېچكىم يوق. سەن ساقلىيالمىغان سىرنى يەنە كىم ساقلىسۇن.***

***ئەگەردە بىراۋ ساڭا ئىشىنىپ سىر ئېيتسا، مەخپىيەتلىكنى دەپ بېرىپ قالسا، ئېسىڭدە بولسۇنكى، جان كەتسىمۇ كەتسۇن، ئۇنىڭ سىرىنى يەنە بىر ئىنسانغا دېگۈچى بولما. چۈنكى ئۇنىڭ بەرگىنى سىر ئەمەس، بەلكى ئىشەنچتۇر. ئۇ ساڭا ئىشىنىپ ئۆز مەخپىيەتلىكى، سىرىنى دېگەن ئىكەن، ئۇنى مۇقەددەس ئامانەت دەپ بىل ۋە ئېغىزىڭنى چىڭ يۇمۇپ ھېچكىشىگە تىنما. ئىشەنچكە يارىغان ئىنسان ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ...***

## پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيلى

پورى ئىسىملىك كاتتا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ بەش يۈز سودىگەر بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ، دېڭىزغا گۆھەر ئىزدەپ چىقىپتۇ.

كېمە دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا، دېڭىز ئىلاھى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، قولىغا بىر ئوچۇم تاتلىق سۇنى ئالغان ھالدا پوردىن سوراپتۇ:

ــ سېنىڭچە دېڭىز سۈيى كۆپمۇ ياكى بىر ئوچۇم تاتلىق سۇ كۆپمۇ؟

ــ مېنىڭچە بىر ئوچۇم تاتلىق سۇ كۆپ، ــ جاۋاب بېرىپتۇ پورى دېڭىز ئىلاھىغا، ــ چۈنكى دېڭىز سۈيى كۆپ كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچكىلى بولمايدۇ، ئۇسسىغان ئادەمگە نىسبەتەن ئۇ يوقتا ھېساب. لېكىن، بىر ئوچۇم تاتلىق سۇ ئىنتايىن ئاز كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇسساپ ئۆلەي دېگەن ئادەمگە بۇ سۇنى بەرگەندە ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ.

***ھېكمەت:***

***پايدىلىق ئىلىم، نەرسە زەررىچە بولسىمۇ، ئۇ ھامان پايدىسىز ئىلىم، نەرسىدىن كۆپ ۋە ئەزىزدۇر. قېنى كىم بىر مىسقال ياقۇتنى بىر خالتا پاخالغا***

*تېگىشىدۇ. كۆرمىلىك ئادەمگە ئەگەردە يېتىشكەن ئالىمدىن بىرنى ئەكەلسەڭ، ئاشۇ بىر توپ ئالامان جىمجىت سۈكۈتتە بىر ئالىمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشى بەرھەق.*

*ئەمما بۇ يەردە يەنە بىر نۇقتىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم. يەنى ئاشۇ پايدىلىق نەرسە قانداق يەردە قىممەتلىك بولىدۇ، قانداق يەردە پايدىسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئالتۇن قىممەتلىك نەرسە، ئۇ بىر دۆۋە ئوتۇنىدىنمۇ قىممەتلىك. ئەمما سوغۇقتىن كاسىلداپ تىترەپ كەتكەن بەندە ئۇچۇن ئوتۇن مۇھىممۇ، ئالتۇنمۇ؟ ۋە ئوخشاشلا ئوتۇنچى بوۋايغا نىسبەتەن، نامراتلىقتىن دۇمبىسى ئېچىلىپ قالغان بىچارە دېھقانغا نىسبەتەن ئوتۇن بەكرەك قىممەتلىكمۇ ياكى ئالتۇنمۇ؟ ئۆلۈش ئالدىدىكى ئادەم ئۈچۈنمۇ؟...*

*پىكىر قىلايلى، تەڭگىنىڭ يۈزى ئىككى بولغىنىدەك ھەربىر نەرسىدىمۇ ئىككى تەرەپ بار. ھەر قانداق نەرسىنىڭ پايدىلىق تەرىپى بىلەن پايدىسىز تەرىپىنى دەڭسەپ باقايلى.*

## كۆرمەي تۇرۇپ سۆزلىمە

بىر قارىغۇ كىشى بولۇپ، ئۇ باشقىلارنىڭ رەڭ ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلغىنىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ تەڭ گەپكە ئارىلىشىدىكەن. باشقىلار ئۇنىڭغا: ــ سىز رەڭنى كۆرمىگەن بولغاندىكىن، بىزنىڭ پارىڭىمىزغا ئارىلاشمىسىڭىزمۇ بولاتتى، ــ دېسە، قارىغۇ قايىل بولماي: ــ ھىم، مەن رەڭنى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەمدىم؟ بۇ بىلگىلى بولمىغۇدەك ئانچە سىرلىق نەرسە ئەمەس، رەڭ دېگەن ئاچچىق ئەمەس، بەلكى تاتلىق ئەرسە، ــ دەپتۇ.

كۆپچىلىكنىڭ پىخىلداپ كۈلگىنىنى ئاڭلىغان قارىغۇ دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ: ــ ياق، ئۇ تۆت چاسا ئەمەس، يۇمىلاق، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ئاخىر ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈپ سالغان. بۇنىڭدىن جىلە بولغان قارىغۇ دەرھال قوشۇمچە قىلىپ: ــ ياكى بولمىسا قاتتىق ئەمەس، يۇمشاق، ــ دەپتۇ.

كۆپچىلىك تېخىمۇ بەك كۈلۈپ كېتىپتۇ. قارىغۇ ئاچچىقى كەلگىنىدىن ۋارقىراپ: ــ ئۇنداق بولسا، خۇش پۇراق ئەمەس، سېسىق، ــ دەپتۇ.

كۆپچىلىك ئۆزىنى توختىتالماي ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپتۇ. قارىغۇ تۇساتتىن: ــ ھە، ئەمدى بىلدىم، ئەسلىدە ئۇ ناھايىتى جاراڭلىق ئاڭلىنىدىغان نەرسە ئىكەن, ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

*ماۋ زېدۇڭ «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغان كىشىنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى*

www.uyghurkitap.com

يوق» دېگەن ئىكەن. ھەقىقەتەنمۇ، ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈپ باقمىغان، ئىش - ھادىسىلەرنى ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزمىگەن كىشى ئۇ ھەققە پىكىر قىلسا ئالىجوقا، بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن.

بىلمەي تۇرۇپ ھەر قانداق ئىش - مەسىلىگە يالغان بىلىمدانلىق قىلىپ پىكىر قاتماڭ. ئۆزىڭىزگە نائېنىق مەسىلىلەردە سۈكۈت قىلىڭ. بىلىدىغانلارنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاڭ، ئۆگىنىڭ. بىلمەسلىك ھەرگىزمۇ ئۇيۇلىدىغان، نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. يالغان بىلىمدارلىق بىلمەسلىكتىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. بىزدە «چالا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈرەر» دەيدىغان ھېكمەت بار. ھەقىقەتەنمۇ بىلمەيدىغان تۇرۇقلۇق باشقىلارغا ئىش ئۆگەتمەن دەيدىغان ئىنسان ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دەپ كىشىلەرنى خاتا يولغا باشلىۋېتىشى ياكى بولمىسا ئۆزى كۈلكىگە قېلىشى مۇمكىن.

## يىرتىلغىنى كالپۇندارمۇ، بىزمۇ؟

بىر كىشى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا، تامغا ئېسىقلىق تۇرغان كالپۇندارنىڭ تۈنۈگۈنكى چېسلاسىنى يىرتىۋېتىپتۇ.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ كالپۇندار، — مېنى نېمىشقا يىرتىۋېتىسىز؟

— نېمىشقا يىرتىۋەتمەيمەن، سەن تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتتىڭ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— توغرا دېدىڭ، مەن تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتتىم، سەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق «تۈنۈگۈنكى چېسلا» لاردىن تالاي - تالايىنى يىرتىۋەتتىڭ، ئەمما سەن شۇ تۈنۈگۈندە نېمە قالدۇرۇپ كەتتىڭ؟

ھېلىقى كىشى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىزنىڭ ھاياتىمىز چەك - چېگراسى يوق نەرسە ئەمەس. ئۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ. ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلىسەك بىرەر يۈز ياشقا كىرەرمىز. تۇغۇلۇپلا كۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار. قاچان ئۆلىمىز، قانداق ئۆلىمىز بۇ بىزگە نامەلۇم... ئەمما ياشاۋاتقان ھەربىرىمىز ئۇچۇن ھەربىر مىنۇت ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ھەر ھالدا ئاز - تولا بولسىمۇ مەلۇم ۋە مەلۇم بولۇشى كېرەك...***

***ھاياتىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىمىز؟...***

***ھاياتىمىزدىن مەنە قالسۇن. بىز ئۆتۈپ كەتكەن ھەربىر مىنۇت ۋاقتىمىزنى ئويلىغاندا ئەپسۇسلانمايلى، پۇشايمان قىلمايلى. بەلكىم خۇشاللىق بىلەن مەن***

*مۇنۇ - مۇنۇ ئىشلارنى قىلالىسام دەپ مەيدە كېرىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەلىگۈدەك ياشايلى.*

*ۋاقىت ئۆتۈۋېرىدۇ، كالېندارنىڭ ۋاراقلىرى يىرتىلىۋېرىدۇ، بىز قېرىۋېرىمىز. ئەمما ھاياتتا بىردىنبىر يىرتىلمايدىغان، قېرىمايدىغان نەرسە ياخشى، مەنىلىك ئىش ئەمەلدۇر، ئۆمرىمىزنى مەڭگە يورۇكەيلى.*

## سېنىڭ دوپپاڭنى كىيمەيمەن

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئائىلە بار ئىكەن، ئائىلىدە ئەر - خوتۇن ۋە ئىككى بالىسى بىرگە تۇرىدىكەن. ئېرى سودىگەر ئىكەن، ھەر كۈنى كەنتلەرنى ئارىلاپ ئۆي - ئۆيلەردىن شېكەر سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، سېۋەت ياكى تاغارلارغا قاچىلىغاندىن كېيىن، سىرتقى جايلارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. شېكەرلەرنى يىغىپ قاچىلىغاندا ھەمىشە يەرگە ئاز - تولا شېكەر چېچىلىپ قالىدىكەن، ئەمما ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان تېجەشلىك ئايال ئىكەن. ھەر قېتىم ئېرى شېكەرلەرنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، يەرگە چېچىلىپ كەتكەن شېكەرلەرنى تېرىپ، تاغارغا قاچىلاپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قازناقتا قويۇپ قويىدىكەن، لېكىن بۇنى ئېرىگە ئېيتمايدىكەن.

ئىككىنچى يىلى يىل ئۆزگىلىدىغان مەزگىلدە شېكەر قىس بولۇپ، ئېرى ئىلاجىسىز سودىسىنى توختىتىپتۇ. شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا بىر قېتىم ئومۇمىي ھېسابات قىلىنىپ، بارلىق قەرز قايتۇرۇلىدىكەن. ھەرگىزمۇ كېلەركى يىلغا قويۇپ قويۇشقا بولمايدىكەن.

بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان، بۇ سودىگەرنىڭ تىجارىتى ئوڭۇشلۇق بولماپتۇ. بولۇپمۇ شېكەر قىس بولغان شۇ يىلى ئۇ دەسمايىسىدىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، خەققە قەرزدار بولۇپ قاپتۇ. قەرز كۆپ بولمىسىمۇ؛ ئەمما ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈنبويى ئەلەم ئىچىدە: «نەدىن پۇل تېپىپ بۇ قەرزنى قايتۇرارمەن؟» دەپ ئويلايدىكەن. كېيىن ئۇ بۇ ئىشنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ ھەم ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

ــ ئازراق شېكەر قالدۇرۇپ قويغان بولساق ياخشى بولاتتىكەن. خېلى كۆپ پۇلغا سېتىپ قەرزنىمۇ قايتۇرالايدىكەنمىز. بىراق، ھازىر ئازراقمۇ شېكەر يوق، قانداق قىلارمىز؟ ــ دەپتۇ.

ئېرىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خوتۇنى تۇساتتىن يەردىن تېرىۋالغان شېكەرلەرنى ئەسكە ئاپتۇ. ئۇ شەپە چىقارماي ئاستا مېڭىپ ئارقا تەرەپتىكى قازناققا كىرىپتۇ. تۆت كورە كەلگۈدەك شېكەر بار ئىكەن. خوتۇنى سۆيۈنگەن ھالدا بۇ ئىشنى ئېرىغا دەپ بېرىپتۇ. ئېرى ئارقا ھويلىدىكى قازناققا كىرىپ، خېلى كۆپ شېكەرنى كۆرۈپتۇ. كۆز ئالدىدا تۇرغان تۆت كورە شېكەرگە قاراپ خۇشاللىقىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقۇدەك بوپتۇ.

سودىگەر ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان، كۆيۈمچان خوتۇنىنىڭ ياردىمىدە زىياننى

پايدىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ خەۋەر پۈتۈن كەنتكە، ھەتتا يېزا بازىرىغا تارقىلىپتۇ.

بازاردا كىتاب ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان بىر ماگىزىننىڭ بار ئىكەن. ماگىزىن خوجايىنى بۇ ئىشنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، بۇ خوتۇنمۇ ئىبرىنىڭ ماختىنىشىغا ئىبرىشىشنى كۆزلەپتۇ. ئۇ ئۇبدان ئويلانغاندىن كېيىن بۇ ئىش ئۇنىڭغا شۇنداق ئاسان بىلىنىپ، ئۆزىنى بىر كۆرسەتكۈسى كەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ھەر كۈنى ئىبرىنىڭ يوق چېغىدىن پايدىلىنىپ، كىتاب، گېزىت، دەرسلىك، كالىندار قاتارلىقلارنى بىر نۇسخىدىن ساقلاشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. ئۇ ساقلىغان كىتاب، گېزىت قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ خېلى كۆپەيگەنلىكىنى كۆرۈپ، قىن قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئىبرىنى ئارقا ھويلىدىكى قازناقىقا باشلاپ بېرىپتۇ. ئىبرى بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. — سەن مېنىڭ قان - تەرىم بەدىلىگە تاپقان پۇلۇمغا چاقچاق قىپسەنغۇ، — دەپ نالە قىپتۇ. دۆت خوتۇنى باشقىلارنىڭ ئىشىنى ئۆلۈك ھالدا دوراپ يامان ئاقىۋەتكە قاپتۇ. گېزىت، دەرسلىك، كالىندار قاتارلىقلارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، كىم ئالىدۇ؟

ئىبرى ئاچچىقىنى بېسىپ، پەسكويغا چۈشۈپ، خوتۇنىغا مۇنداق دەپتۇ:

— باشقىلاردىن ئۆگەنگەندە كاللا ئىشلىتىش لازىم. جانلىق ئۆگىنىش، ھەرگىز ئۆلۈك ھالدا دورىماسلىق كېرەك. ئۆلۈك ھالدا دوراش ناھايىتى خەتەرلىك. ئۆلۈك ھالدا ئۆگەنگەندىن ئۆگەنمىگەن ياخشى.

***ھېكمەت:***

***بىزدە: «سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم، ساڭا ئوخشىمدىمەن يارىم» دەپ باشلىنىدىغان بىر قوشاق بولىدىغان. ئۇبدان مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسەك، ساڭا ياراشقان دوپپا ماڭا ۋە باشقىلارغا بەلكىم ياراشماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، دوپپىنىڭ ساڭا ياراشقانلىقى ئۇ دوپپىنىڭ چىرايلىق بولغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى سېنىڭمۇ چىرايلىقلىقىڭ ۋە دوپپىنىڭ ساڭا ماس كەلگەنلىكىدۇر.***

***ئىش قىلىش، ئۆگىنىشىمۇ دوپپا كىيىشكە تەدبىقلىساق، ساڭا ماس كەلگەن، سەندە ئوبدانلا ئۈنۈم بەرگەن ئۆگىنىش، ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى ماڭا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇسۇل بىر بولغان بىلەن ئۇنى ئىشلىتىدىغان ئادەم ئوخشاش بولمىغاچقا ئۇ ئوخشاش ئۈنۈم بەرمەيدۇ.***

***ئۆزىمىزگە يارىشىدىغان، چىرايىمىزغا ماسلىشىدىغان دوپپا كىيەيلى. ئۆز ئەھۋالىمىزغا ماس كېلىدىغان ئۇسۇل - چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ ئىشلىرىمىزنى يۈرۈشتۈرەيلى. ئۆلۈك ھالدا دوراش بىزنى ئوڭدا قالدۇرۇۋېتىدۇ.***

## بايقساڭ بايسەن

بىر يىگىت ھەمىشە ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن، تەلىيىنىڭ كاجلىقىدىن ئاغرىنىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئۆز - ئۆزىگە: — جىق پۇلۇم بولغان بولسا نېمىدېگەن

ياخشى بولاتتى! ئۇ چاغدا راھەت تۇرمۇش كەچۈرەتتىم، — دەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىر تاشچى بوۋاي ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. بوۋاي ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ:

— نېمىشقا ئاغرىنىسەن؟ بىلسەڭ سەن ھازىر ناھايىتى باي! — دەپتۇ.

— مەن قانداق باي بولاي؟ — دەپتۇ يىگىت تېڭىرقاپ، — مېنىڭ بايلىقىم نەدە؟

— مەسىلەن: كۆزۈڭنى دېيلى، سەن بىر كۆزۈڭنى ئويۇپ ئېلىپ بىرەر نەرسىگە تېگىشىشنى خالامسەن؟ — سوراپتۇ تاشچى بوۋاي.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ كۆزۈمنى ھېچقانداق نەرسىگە تېگىشمەيمەن، — دەپتۇ يىگىت ئالاقزادە بولۇپ.

— ئەمىسە، ئىككى قولۇڭنى كېسىۋېلىپ ساڭا كۆپ ئالتۇن بېرەي.

— ياق، قولۇمنى ئالتۇنغا تېگىشمەيسەن.

— دېمەك، سەن ناھايىتى باي. سەن نېمىشقا پېشانەڭنىڭ تەتۈرلۈكىدىن ئاغرىنىۋېرىسەن؟ مېنىڭ سۆزۈمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت: كۈچ بىلەن سالامەتلىك — بۇ تەڭداشسىز بايلىق، ئۇنى پۇل - مالغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

تاشچى بوۋاي سۆزىنى تۈگىتىپ يولىغا مېڭىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىز تولا ماللاردا بىباھا بايلىق — ئەڭگۈشتەرلەرنى بېسىپ يېتىپ بايلىق ئىزدەيمىز ھەمدە نامراتلىقىمىز، ھالىمىزنىڭ خارابلىقىدىن قاقشاپ - زارلايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ كاللا ئىشلەتمىگەنلىكىمىز، ئۆزىمىزدىكى بايلىقلارنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىمىزنىڭ دەلىلى.***

***ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىنىڭ مېڭىسى ھازىرغا قەدەر تېخى ئېچىلمىغان، بەش پىرسەنتىمۇ پايدىلىنىلمىغان ئىقتىداين كاتتا خەزىنە ئىكەن. ئىنساندا ئىقتىداين زور يوشۇرۇن تالانت ۋە ئىقتىدار بولۇپ، ئەگەر دە ئىنسان ئۆزىدىكى مۇشۇ خىل ئىقتىدارلىرىنى ئىشقا سالالىسىلا، ئۇ مۆجىزىلىك ئىشلارنى قىلىۋېتەلەيدۇ.***

***ئۆزىڭىزنى بايقاڭ، سىزدە ئەڭ ئېسىل نېمەت بولمىش ئەقىل - كاللا بار. پۇت - قولىڭىز، پۈتۈن بەدىنىڭىز ساپمۇساق ھالدا سىزنىڭ ئىشلىتىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىۇ. مانا بۇلاردىن پايدىلىنىڭ ۋە توختاۋسىز ئۆگىنىڭ، ئىشلەڭ، باش قاتۇرۇڭ. ئىنسان ئىشلىگەنگە ھېرىپ - چارچىمايدۇ.***

## ئىززەت قىلساڭ ئىززەت تاپارسەن

گۈزەل باھار پەسلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر تۈپ قاپاق تېرەك كۆرەڭلىگەن ھالدا يېنىدىكى ئۈجمە دەرىخىدىن:

— سېنىڭچە، ئىككىمىزنىڭ قايسىمىز ياخشى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭ، — دەپتۇ ئۈجمە كەڭ قورساقلىق بىلەن، — ماڭا قارىغاندا بويى-تۇرقۇڭ ئېگىز، قىياپىتىڭ يارىشىملىق، شاخ-يوپۇرمىقىڭ قويۇق، تاشلىغان سايەڭنىڭ دائىرىسى كەڭ، بۇ جەھەتتە سەن مەندىن ياخشى، ئەمما مېۋە چىقىرىپ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا، مەن سەندىن ئەۋزەل تۇرىمەن. دېمەك، ھەر قايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئەۋزەللىكىمىز بار.

قاپاق تېرەك ئۈجمىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاھانەت ھېس قىپتۇ-دە، تېرىكىپ، ئۈجمىنى ئەيىبلەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.

— تولا قايناپ كەتمە، ئاغىنە، — دەپتۇ ئۈجمە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن قاپاق تېرەككە قاراپ، — ياخشى-يامان دەپ ئاتىلىشنى ئۆزى بېكىتىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس! ئۇنى ئاممىنىڭ رايى بەلگىلەيدۇ، ئىشەنمىسەڭ، كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باق.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، بۇ يەرگە مەكتەپتىن يانغان بىر قانچە ئوقۇغۇچى يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۈجمە دەرىخىگە چىقىپ، پىشىپ ۋايىغا يەتكەن ئۈجمىلەرنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئۈجمە يەۋېتىپ، ئۈجمە دەرىخىنىڭ سېخىيلىقىنى، مېۋىسىنىڭ شېرىنلىكلىكىنى ماختاپ، ئۇنى تىككۈچى كىشىگە مەدھىيە سۆزلىرىنى ئېيتىشىپتۇ، ئەمما ھېچكىم قاپاق تېرەك توغرۇلۇق بىر ئېغىز سۆز ئاچماپتۇ، ھەتتا قاراپمۇ قويماپتۇ.

قاپاق تېرەك بالىلارنىڭ ئۈجمە ھەققىدىكى ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئىزا تارتىپتۇ ۋە ئۈجمىنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان بوپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كىشىلەر بىلەن ئەپ-ئىناق ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئۆتەي دېسەڭ باشقىلارغا ھامان ئىززەت ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىل.***

***بىزدە ھۆرمەتنى تاپىدۇ دەيدىغان گەپ بار. سەن بىراۋغا سىلىق-سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ قارشى تەرەپمۇ تەبىئىي ھالدا سىلىق مۇئامىلە قايتۇرىدۇ. ھەر قانچە قوپال، توڭ قاپاق ئادەممۇ سىلىق، ئەدەپلىك مۇئامىلىگە قوپاللىق قىلىشتىن ئۇيۇلىدۇ، ئەيمىنىدۇ. لېكىن ھەر قانچە ئىلمىي، ئەدەپلىك، سىلىق مۇئامىلىلىك مۆمىن ئادەممۇ قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرىسا ئەپتىنى بۇزۇپ قاتتىق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن.***

***باشقىلارغا سىلىق، ئەدەپلىك مۇئامىلە قىل ۋە ئۇلارنىمۇ ئەدەپكە چاقىر. ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئەدەپنى بىلمەيدىغان بەدقىلىقلىقىڭ، مەمەدانلىقىڭ بىلەن ياخشى كىشىلەرنىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشنى قىلما.***

# سۈزۈك سۇمۇ سېسىيدۇ

ئىككى ساپان بىر زاۋۇتتا، ئوخشاش تۆمۈردىن ياسىلىپتۇ. بىر ساپان دېھقاننىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن دەرھال يەر ئاغدۇرۇشقا ئىشلىتىلىپتۇ؛ يەنە بىرى، تىجارەتچىنىڭ دۇكىنىدا ساقلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ساپان يەنە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

دېھقاننىڭ قولىغا چۈشكەن ساپان گويا كۈمۈشتەك جىرىڭلاپ، كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرۇپتۇ، ھەتتا زاۋۇتتىن يېڭى چىققان چاغدىكىدىنمۇ بەك پارقىراپ كېتىپتۇ؛ تىجارەتچىنىڭ دۇكىنىدا ساقلىنىپ تۇرغان ساپان بولسا، ھەممە يېرى داتلىشىپ، ئېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىپتۇ.

— سەن قانداق قىلىپ مۇشۇنداق پارقىراپ تۇرالىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ داتلىشىپ كەتكەن ساپان.

— جېنىم بۇرادىرىم، مېنىڭ پارقىراپ تۇرۇشۇم ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمدىن بولدى، — دەپتۇ پارقىراپ تۇرغان ساپان. ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سېنىڭ داتلىشىپ، پارقىراق ھالىتىڭنى يوقىتىشىڭغا، سېنىڭ دائىم ئاشۇ دۇكاندا مىدىرلىماي يېتىپ ئۆمرۈڭنى بىكار ئۆتكۈزگەنلىكىڭ سەۋەب بولغان، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەر قانداق بىر نەرسىدە شۇنداق بىر ھېكمەت باركى، ئىشلىتىپ، ھەرىكەتلىنىپ تۇرسا ئۇ ئوڭاي بۇزۇلمايدۇ، ئەمما ئىشلەتمىگەن ھەر قانداق نەرسە ئىنتايىن تېز چىرىيدۇ، سېسىيدۇ، بۇزۇلىدۇ، كاردىن چىقىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز سۈپسۈزۈك پاكىز سۇنى بىر كۆلچەككە باشلاپ ھەپتە تۇرغۇزۇپ بېقىڭ. كۆرىسىزكى ئۇمۇ سېسىيدۇ، بۇزۇلىدۇ، قۇرتلايدۇ…***

***ئىنسانمۇ، ئىنساننىڭ مېڭىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. كەتمەن - ساپانى ئىشلەتكەنسېرى ئىتتىكلەپ، پارقىراپ كەتكەنگە ئوخشاش كاللىمۇ ئىشلەتكەنسېرى ئېچىلىدۇ ۋە ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدۇ. بىر ئىپلاس تىلەمچى بىلەن ئۇلۇغ ئالىمنىڭ كاللىسى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىرسى كاللىسىنى توختاۋسىز قىيىن مەسىلىلەرگە ئىشلىتىپ، ئويلىنىپ تۇرغاچقا ئۇ قالتىس ئەقىللىق بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما كەمبەغەل كاللىسىنى ھېچقانچە ئىشلەتمىگەچكە ئەقلى - زېھنى ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ.***

***كاللىمىزنى ئىشلىتەيلى، مېڭىمىزمۇ داتلىشىپ قالمىسۇن. مېڭىمىزدىن ئىبارەت سېپى مەڭگۈ يانماس شەمشەرنى زايا قىلىۋەتمەيلى.***

# كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز

بىر كۈنى نۇرغۇن ھايۋانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، «كىتاب نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپتۇ.

بويى ئەڭ ئېگىز كەلگەن پىل ھەزرەتلىرى سۆز باشلاپ:

— پېقىرغا مەلۇمكى، قەغەز ۋە كىتاب بامبۇك، دەرەخ پوستى ۋە ئوت - سامانلاردىن ياسىلىدۇ، لېكىن مەن يېڭى بامبۇك بىلەن يۇمران ئوت - سامانلارنى ياخشى كۆرىمەن. كىشىلەر كىتاب ئىشلەيمىز دەپ، مۇشۇنداق ئوبدان نەرسىلەرنى نېمىشقا ئىتتىقسىز قىلىپ قويىدۇ؟ كىتابتىكى باسما مېيىنىڭ پۇرىقى ئېخىمۇ جېنىمغا تېگىدۇ، — دەپتۇ.

كىچىككىنە مىتە قۇرت دەرھال بۇ گەپكە قارشى چىقىپ:

— پىل ھەزرەتلىرى، كىتاب — مېنىڭ جېنىم! قارىسىلا، مەن ئۇنى يەيمەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ياتىمەن، ئۇ بولمىسا مەن قانداقمۇ ھايات كەچۈرەلەيمەن؟ — دەپتۇ.

ھاكاۋۇر خوراز غەزىپىنى باسالماي كاركىراپ سۆزلەپتۇ:

— بەزىلەر، كىتاب — روھىي ئوزۇق دەيدىكەن. ئۇ ئالدامچىلىق! بىر كۈنى مەن بالىلارنىڭ رەسىملىك كىتابىدىن بىرنى تېپىۋېلىپ كەچكىچە ۋاراقلىسام، ئاشلىق ئۇۋاقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىر تال سامانمۇ يوق ئىكەن!

— كىتاب، ھەقىقەتەن بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى، — دەپتۇ چاشقان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — كىشىلەر ئەدىپىمىزنى بېرىدىغان ئۇسۇل - چارىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى كىتابتىن ئۆگىنىۋالىدۇ.

قارا ئېيىق دولىسىنى سىلكىپ، خۇشياقمىغان ھالدا:

— بەزىلەر، كىتاب ئوقۇسا ئەقىللىق بولىدۇ، دېيىشىدىكەن، لېكىن بىز ئېيىقلارنىڭ دىيارىدا نادانلىق بىلەن سەمىمىيلىك، دۆتلۈك بىلەن ئەقىللىق دېگەنلەر بىر مەنىدە، — دەپتۇ.

ھايۋانلار تالىشىپ بىرەر نۇقتىغا كېلەلمەي تۇرغاندا، قىزىل گالستۇك تاقىغان، مۈرىسىگە يوپكا ئېسىۋالغان بىر قىزچاق يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ھايۋانلار تەڭ ۋارقىرىشىپ قىزنى توختىتىپ، بۇ تالاش - تارتىشنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

قىزچاق ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— ئۆيۈمدە مەن ئوينايدىغان چىرايلىق رېزىنكە توپ بار، تەمى تاتلىق ئالما بار، لېكىن مەن كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتسەم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەگەر كىشىلەرنىڭ كۆرۈشىگە كىتاب بولمىسا، ھاياتلىقنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن! — دەپتۇ.

قىزچاق ئەنە شۇنداق دەپلا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ھايۋانلار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە چۈشىنەلمەي، گاڭگىراپ قاپتۇ. ئاخىر بولماي كىتابنىڭ ئۆزىنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

— مەن قىزچاقنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيمەن، — دەپتۇ كىتاب سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — ئەگەر قىزچاقنىڭ پىكرى سىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟

**ھېكمەت:**

***كىتاب بىلىملەر خەزىنىسى، كىتاب ئىنسانلارنىڭ بىلىم، تەجرىبىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى. كىتاب بولغاچقىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت مىراسلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. بىز كىتابتىن ئۆزىمىز بىلمەيدىغان ئىنتايىن كۆپ ئۇچۇر، بىلىملەرگە ئېرىشىمىز...***

***ھەقىقەتەنمۇ، نادان، جاھىل، بىلىمسىز كىشىلەر كىتابنى كۆزگە ئىلمايدۇ ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ «كىتاب ئوقۇمايمۇ بىر ئوبدان ياشىغىلى بولىدۇ، كىتاب ئوقۇمايمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» دېگەندەك پەلسەپىتىش گەپلەرنى تارقىتىشىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۈگۈنكى زاماندا كىتاب ئوقۇمايدىغان بىر ئادەمنىڭ، دۇنيانى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەنەلمەيدىغان بىر ئىنساننىڭ ئىشلىرىنى راۋرۇس بېجىرىپ ماڭالىشى بەكمۇ تەس. بىز بۈگۈن ئۆگىنىش ئارقىلىقلا راۋرۇس پۇت تىرەپ تۇرالايمىز.***

***كىتاب ئوقۇيلى، كىتابنى قەدىرلەيلى، كىتابسىز ئۆي گۆرگە ئوخشايدۇ.***

## پىشمىغان خىش كارغا كەلمەيدۇ

خىش پىشۇرىدىغان ئىشچى خام خىشلارنى بىر - بىرلەپ خۇمدانغا تىزىپتۇ. بىر پارچە خام خىش ئۆزىنىڭ ئوتتا كۆيدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ. يېنىدىكى خىشلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇرادەر، قورقمىغىن، بۇ ناھايىتى تەستە تېپىلىدىغان ياخشى پۇرسەت، بىز بۇ قېتىم چېنىققاندىن كېيىن چوڭ ئىشلارغا يارايمىز، — دەپتۇ.

خام خىش ھەمراھلىرىنىڭ بۇ سۆزىنى قىلچە ياقتۇرماپتۇ. ئۇ ئۇيان قىلىپ، بۇيان قىلىپ، ئاخىر بىر دۆۋە سامانىنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ خام خىش بۇ قېتىم خۇمداندىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ پىششىق خىشلار قاتارىغا كېلىپ قوشۇلۇۋاپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىشچىلار بۇ خىشلارنى يۆتكىمەكچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

تۇرغان ھېلىقى خام خىشنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنى بىر تەرەپكە چۆرۈۋېتىپتۇ، خام خىش ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ خۇشال - خۇرام ھالدا ئىش ئورنىغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ، ئەمما ئىش ئورنىغا كەلمەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن خام خىش يالغۇز قاپتۇ ۋە يامغۇر ياغقانچە ئۆزگىرىپ، ئاخىرى بىر چاڭگال توپىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىز مەيلى ئۆگىنىش ياكى تۇرمۇش سەپىرىمىزدە بولسۇن، ناھايىتى ئۇزاق، مۇشەققەتلىك يول - مۇساپىلەرنى باسىمىز ھەمدە كۆپ قىيىنچىلىق، جاپالارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز. بۈگۈن ھەر قانچە باياشات ياكى خاتىرجەم بولساقمۇ، ئەتە - ئۆگۈن قانداق قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلەرگە يولۇقىمىز، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا كىچىكىمىزدىن باشلاپ ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپلىمە چېنىقتۇرۇپ تۇرمىقىمىز لازىمدۇر.***

***قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەتتىن قاچماڭ. ئىشنىڭ ئاسىنىنى قىلىش كۆپ ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئەمما ئەڭ نوچى ئادەملەرلا ئاندىن ئىشنىڭ قىيىنىنى ھەل قىلىشتىن قاچمايدۇ ۋە ئۆزىنى جاپا ئارقىلىق چېنىقتۇرۇپ تاۋلايدۇ. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ بېقىڭ ھەمدە مۇمكىن بولسا ئاشۇلارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپ بېقىڭ. ئۆزىڭىزنى قىيىن ئىش - مەسىلىلەر ئارقىلىق تاۋلاڭ، چېنىقتۇرۇڭ. ھەرگىزمۇ چىدامسىز، بىلى بوش، ھۇرۇن، جاپادىن قاچىدىغان لامزەللەردىن بولۇپ قالماڭ. بىلىڭكى، بىلى بوشلارنى ھېچكىم كېرەك قىلمايدۇ.***

## بايقساڭ توپىمۇ ئالتۇن

بىر ياش يىگىت بار بولۇپ، ئاتىسى ئۇنى قانچە - قانچە قېتىملاپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەمىشە قورال ئالماستىن جاڭگاللىق ۋە قويۇق ئورمانلارغا كىرىپ كېتىۋېرىدىكەن.

— سەن يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئالماي ماڭىسەن، — دەيدىكەن ئاتىسى ئۇنىڭغا، — ئەگەر، بىرەر كىم ساڭا ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۆزۈڭنى نېمە بىلەن قوغدايسەن؟

ئوغلى كۈلۈپلا قويۇپ، ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى قۇلىقىنىڭ قېتىغا ئالمايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ شۇ سەۋەبتىن جازاغا ئۇچراپتۇ. ئۇ قويۇق ئورمانغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا قاراقچىلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا يىگىت ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان سۆزلىرىنى ئەسلەپتۇ. ئۇ ھەسرەت چەككەن ھالدا:

— ھەي، ئەگەر مەن يېنىمغا يىڭنە چاغلىق نەرسىنى ئېلىۋالغان بولسام، ئەسىرگە چۈشمەيتتىم، — دەپتۇ.

— راست شۇنداق ئويلامسەن؟ — دەپتۇ ئاتامان كۈلۈپ كېتىپ، — ئەمىسە، ساڭا

بىر تال يىڭنە بېرەيلى!

— ئەمما، بۇ يىڭنەڭ بەك قاشاڭ ئىكەن!

— نەدىكى، — دەپتۇ ئاتامان يېقىن كېلىپ قارىغاچ.

يىگىت ھوشيار تۇرغانىكەن، ئۇ ئاتامانىنىڭ بۇرنىغا يىڭنىنى تىقىۋېتىپتۇ. ئاتامان ئاچچىق چىرقىراپ كېتىپتۇ، قورالىدىن ئايرىلىپ، بۇرنىنى تۇتۇپ قاپتۇ. يىگىت قورالنى ئېلىپ ئاتامانىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. باشقا قاراقچىلار قورقۇپ تىكىۋېتىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاتىسىغا:

— ئاتا، دېگىنىڭ توغرا ئىكەن. بۈگۈن قاراقچىلار مېنى ئەسىرگە ئېلىۋالغانىدى. مەن بىر تال يىڭنىگە تايىنىپ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم، — دەپتۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر تال ئاددىي يىڭنىمۇ پالۋاننىڭ قولىدا كۈچلۈك قورالغا ئايلىنىدۇ.

***ھېكمەت:***

***ئەتراپىمىزدا ھەجىم، كۆرۈنۈش، شەكىل جەھەتتىن چوڭ - كىچىك، ئاددىي - مۇرەككەپ جىسىم، شەيئىلەر كۆپ. بىز ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەرزىمەس نەرسە قاتارىدا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيمىز. ئەمما، تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس رولى، ئەھمىيىتى بولۇپ، پايدىسىز نەرسە يوق. مەسىلەن: يەرگە چۈشكەن، ئايىغىمىز ئاستىدا يانجىلىپ تۇرىدىغان غازاڭ - يوپۇرماقلارنىمۇ كۆپىنچىمىز كېرەكسىز، ئەخلەت نەرسە دەپ ئويلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئاشۇ غازاڭلار چىرىپ، سىېسىش ئارقىلىق دەل - دەرەخلەرگە، ئوت - چۆپلەرگە ئوزۇقلۇق بولىدۇ، يەرنى مۇنبەتلەشتۈرىدۇ.***

***نەرسىلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىزنىڭ ئۇنى بايقاش، ئىشلىتىش ئۇسۇلىمىزغا باغلىق. ئىشلىتىشنى بىلسەك قاپاق پور چىقىپمۇ كاتتا ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا يارايدۇ. ئىشلىتىشنى بىلمىسەكچۇ، نادان، ئىلىمسىز كىشىنىڭ قولىدا ئالتۇنمۇ خارلىقتا قالىدۇ.***

## ئۇ شۇنداق نەرسكى…

خوجايىن لوقمانغا بىر قوينى بوغۇزلاپ، ئەڭ ياخشى يېرىنى پىشۇرۇپ، شىرەگە ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، لوقمان قوينىڭ يۈرىكى بىلەن تىلىنى ئەكەپتۇ.

ئەتىسى، خوجايىن ئۇنىڭغا قوي ئۆلتۈرۈپ، ئەڭ ناچار يېرىنى پىشۇرۇپ شىرەگە ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەكەلگىنى يەنىلا يۈرىكى بىلەن تىلى ئىكەن.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — خاپا بوپتۇ غوجايىن.

— ساپلىقىدىن ئېيتقاندا، يۈرەك بىلەن تىل ئەڭ ياخشى نەرسە، ئەسكىلىكىدىن ئېيتقاندا، يۈرەك بىلەن تىلدىن بەتەر ئەسكى نەرسە يوق، — جاۋاب بېرىپتۇ لوقمان.

**ھېكمەت:**

*ھەقىقەتەنمۇ، ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى نەرسىمۇ يۈرەك، تىل، ئەڭ يامان نەرسىمۇ يۈرەك ۋە تىلدۇر. ئەگەردە قەلب، يۈرەك يېقىشلىق، گۈزەللىك بىلەن تولغان بولسا، ئۇ ھالدا مۇنداق قەلبكە ئىگە كىشى كىشىلەرگە يامانلىق يەتكۈزمەس، ھەر قاچان سەمىمىي، كەمتەر، تىرىشچان، ئىشچان كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىزىدىنمۇ ئەدەپ ۋە ھۆرمەتكە ياتىدىغان ئەڭ ئېسىل دۇردانە سۆزلەر تۆكۈلۈپ تۇرۇر.*

*ئەگەردە قەلب يامان نىيەت، شۇم خىيال بىلەن تولغان بولسا، ئۇ ھالدا مۇنداق كىشى ھامان باشقىلارغا يامانلىق قىلىشتىن نومۇس قىلماس. كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدا ئاچ كۆزلەرچە ئۆزىنىڭ نەپسى - خاھىشىنىلا ئىزدەر ۋە تىلى قوپال، سەت، بىھايا سۆزلەر بىلەن بۇلغانغان كېلەر.*

*يۈرىكىڭنى ئىلىم - ئېرپان، ئەخلاق نۇرلىرى بىلەن يۇغىن ۋە تىلىڭنى ئەڭ شېرىن، تاتلىق سۆز - ئىبارىلەر بىلەن بېزىگىن. ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يامان يول بولمىش تىل ۋە يۈرىكىڭنى ياخشى باشقۇرالىساڭ، چوقۇمكى بەخت تاپىسەن.*

## سۆلەت كىيىمدە ئەمەس، ئىلىمدە

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، گۈل - چېچەككە تولغان گۈزەل بىر تاغنىڭ باغرىدا، ھەرخىل قۇش ۋە جان - جانىۋارلار جەم بولۇشۇپ قالغانىكەن. گەپتىن گەپ چىقىپ، ھۈنەر - ماھارەت توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قاپتۇ. ھەر كىم ئۆز ھۈنەر - ماھارىتىنى تونۇشتۇرۇشقا توغرا كەپتۇ. بۇلبۇل كەمتەرلىك بىلەن:

— مەندە ئالاھىدە سۆزلىگۈدەك ھۈنەر يوق. ئانچە - مۇنچە ناخشا ئېيتىشنى بىلىمەن، — دەپتۇ.

— مېنىڭ دوختۇرلۇقتىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار، — دەپتۇ تۆمۈر تۇمشۇق، — دەل - دەرەخ قوۋزاقلىرى ئىچىگە كىرىۋالغان زىيانداش قۇرتلارنى خەنجەردەك ئۇچلۇق تۇمشۇقۇم بىلەن چوقۇپ ئۆلتۈرۈپ، دەرەخلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايمەن.

— مەن قۇرۇقلۇقتىمۇ، سۇدىمۇ ياشىيالايمەن، ئاسماندا ئۇچالايمەن، — دەپتۇ غاز ئۇزۇن بويۇنلىرىنى سوزۇپ.

توشقان ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، كۆپچىلىككە تەكشى قاراپ قويۇپ:

— مەن سالپاڭ قۇلاق، كۆرۈمسىز بولغان بىلەن، ھەر ھالدا سەگەك. خېلى يىراقتىكى تىۋىشلارنىمۇ ئاڭلىيالايمەن، ئۆزۈممۇ چاققان، خېلى ئوبدان سەكرىيەلەيمەن، — دەپتۇ.

— مەن ھەممىڭلاردىن كىچىك، — دەپتۇ قارىغاي شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان قۇشقاچ، — لېكىن ئۇچۇشقا كەلگەندە ئانچە - مۇنچە كارامىتىم بار، خېلى تېز ھەم

يىراققا ئۇچالايمەن.

باشقىلارمۇ ئەنە شۇنداق ئۆز ھۇنىرىنى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ سورۇندا ئالىيىشىل كىيىملەرنى كىيىپ پوزۇر ياسىنىۋالغان توز قۇشمۇ بار ئىكەن. ئۇ باشقىلارنىڭ ھۇنەرلىرىنى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىر غازنىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— غاق - غاق، چىرايلىق توزچاق، سەندە نېمە ھۇنەر بار، ئاڭلاپ باقساق! — دەپتۇ. توز ئۆزىدە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر ھۇنەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئاتىكاچىلىق قىلىپ:

— مېنىڭ نېمە ھۇنىرىم بارلىقىنى كۆپچىلىك ئويلاپ تېپىڭلار! — دەپ قويۇپ، كۆلدىكى سۇغا چۈشكەن شولىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

سورۇندىكىلەر بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ، ئويلاشقا باشلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن تۆمۈر تۇمشۇق توزغا قاراپ:

— مەن ئۇزاقتىن بۇيان سېنى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن، سۆلەتىڭدىن ھەممىمىز ئەيمىنىمىز، لېكىن ئۇچۇشقا كەلگەندە قۇشقاچچىلىكمۇ كارامىتىڭ يوق. سېنىڭ تېشىڭ پال - پال، ئىچىڭ غال - غال. سەندىكى بىردىنبىر ھۇنەر ئۆزۈڭنى ياساش، تاپتىممۇ؟ — دەپتۇ.

— تاپتىڭ، تاپتىڭ! — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك تەڭلا كۈلۈشۈپ، — ئەي، توز، سەن تېشىڭنى بېزەيمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، بىلىم - ھۇنەر بىلەن ئىچىڭنى بېزىگىن!

ياسانچۇق توز گەپمۇ قىلالماي، پوكاندەك قىزىرىپ ئولتۇرۇپلا قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىز ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر تەرەپتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن ماختىنىپ يۈرىدىغانلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ كىيىمى، چىرايى، پۇلى، ھوقۇقى بىلەن ماختىنىدىغانلاردىنمۇ ئۆتە بىچارە كىشىلەر بولمىسا كېرەك.***

***چىرايى - تۇرقىنىڭ گۈزەللىكى، چىرايلىقلىقى بىلەن ماختىنىدىغانلار بىلمەيدۇكى، چىراي - تۇرق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەتلىشىدۇ. كۆرۈمسىزلىشىپ، قورۇق بېسىپ، سولىشىپ ئەسلىي گۈزەللىكىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ ھەم چىراي دېگەنگە چاي قۇيۇپ ئىچكىلىمۇ بولمايدۇ. چىراينىڭ، كىيىمنىڭ قولىدىن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ياكى ئۆزىگە نەپ يەتكۈزۈش دېگەندەك بىرەر پايدا - مەنپەئەتمۇ كەلمەيدۇ. قىسقىسى، چىرايى، كىيىمى بىلەن ماختىنىش ئەڭ ئەخمەقلىقتۇر.***

***بىلىمىمىز، ئىقتىدارىمىز بىلەن ماختىنايلى. ئىش قىلالايدىغانلىقىمىز بىلەن مەغرۇرلانساق مانا بۇ كۆرەڭلەشكە ئەرزىيدۇ. تېشىمىز پال - پال، ئىچىمىز غال - غال بوپقالمىسۇن.***

# مەن سۇ ئىسراپ قىلمىدىم

ياز كىرىپمۇ ئۇدا نەچچە ئاي ھۆل - يېغىن ياغمىدى. ئېتىزدىكى مايسىلارمۇ قۇرۇشقا باشلىدى. ئېقىنلاردىن سۇ، جاندارلاردىن سۈت تارتىلىپ كەتتى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالدى.

ئالتە ياشلىق بېيك ئورمانغا ماڭدى. ئۇنىڭ مېڭىشى تەبىئىي ئەمەس، ئىنتايىن ئالدىرىماي، ئېھتىيات قىلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ئورمانغا كىرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. يەنە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاستا قەدەملەر بىلەن ئورمانغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇنى بىر نەچچە رەت تەكرارلىدى. دادىسى ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىدىن بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك تۇيدۇرماستىن مارىلاپ ئەگەشتى.

دادىسىنى ھەيران قالدۇرغىنى بېيك ئالقىنىنى ئوچۇملاپ ئازراق سۇ كۆتۈرۈۋالغان، تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ، كۆچىنىپ كېتىۋاتاتتى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى، يوغان بۇغىدىن بىرى بېيكقا قۇلىقىنى تىكلىپ قاراپ تۇراتتى. بېيك بۇغىغا قاراپ ماڭغاندا دادىسى قورقۇپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئەمما بۇغىمۇ، بالىسىمۇ بىر - بىرىدىن قورقۇپ قاچىدىغاندەك قىلمايتتى. ئەكسىچە بېيك بۇغىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە، ئوچۇملىۋالغان سۇنى بۇغىغا تەڭلىدى. بۇغا ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى سۇنى پاك - پاكىز ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بېيك ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

دادىسى ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ كەلدى. بېيك ئۆيىگە كېلىپ تۇرۇبىنى ئىنتايىن ئاستا ئاچتى. ئالقىنىغا بىر تېمىم - بىر تېمىمدىن سۇ چۈشۈردى. قۇياش نۇرى ئۇنىڭ دۈمبىسىدە يالتىرايتتى. دادىسى شۇندىلا ئوغلىنىڭ ئۆزلىرىنى نېمىشقا ياردەمگە چاقىرمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئالدىنقى ھەپتىلا ئۇ سۇ ئويناپ تەنبىھ ئاڭلىغانىدى...

بېيكنىڭ ئالقىنى 20 مىنۇتلاردا سۇغا تولدى. ئۇ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا دادىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— مەن سۇ ئىسراپ قىلمىدىم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەمدە ئۇدۇللا يەنە ئورمانغا قاراپ ماڭدى. دادىسى بىر چەينەك سۇ ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئەمما بېيكنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىدى.

دادىسى ئورماننىڭ چېتىدە ئۆز ھاياتىدا كۆرگەن ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە — يەنە بىر ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەمىمىي ئىنتىلىشكە قاراپ تۇراتتى. كۆز ياشلىرى توختاۋسىز دومىلايتتى.

***ھېكمەت:***
***ئاق كۆڭۈللۈك ـــ غەمخورلۇقنىڭ ئۇرۇقى. غەمخورلۇق ـــ ئاق كۆڭۈللۈكتىن بىخلانغان گۈل - چېچەك.***

## كونۋېرتتىكى قۇياش

روژدېستوۋ بايرىمىدىن كېيىن، چارلىزنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغان دانىس ھەممەيلەنگە ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەيدانىدا چەك تارتىپ ئون دوللار يۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ، ھېلىقى ئون دوللارنى كۆز - كۆز قىلىپ باللارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقاردى.

چۈشتىن كېيىنكى ئويۇن ۋاقتىدا ساۋاقداشلار بىر - بىرلەپ سىنىپتىن چىقىپ كېتىشتى. چارلىزمۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، كۆزى تۇساتتىنلا دانىسنىڭ پارتىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئون دوللارغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ دەرھال ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ دانىسنى چاقىردى. ئەمما ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەن دانىس ئاڭلىمىدى. چارلىز ئون دوللارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئون دوللار، نۇرغۇن چىرايلىق ئويۇنچۇق، ئوقۇش قوراللىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئون دوللار، چارلىزغا ئوخشاش كەمبەغەل ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا تەڭداشسىز تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

ھېچكىممۇ بۇ ئىشنى بىلمەي قالدى. ئەمما ئۇنىڭ ئويلىمىغان تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ كېتىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز.

دانىس پۇلىنىڭ يىتۈپ كەتكەنلىكىنى مۇئەللىمگە دوكلات قىلدى. ئەمما ھېچكىم پۇل تېپىۋالغانلىقىنى ياكى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلمىدى. مۇدىر ئامالسىز دانىسنىڭ دادىسىنىڭ كېلىپ بۇ ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشىنى ئېيتتى. چارلىز ئىككىلىنىپ ئىقرار قىلىشتىن، شۇ سەۋەبلىك ئوغرى ئاتىلىپ قېلىشتىن قورقتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي دانىسنىڭ دادىسى ـــ كېلىشكەن، فورما كىيىۋالغان ساقچى يېتىپ كەلدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ساقچىدا قالغانىدى. دانىسنىڭ دادىسى باللارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ھەممەيلەنگە كۆكۈچ رەڭلىك پېچەتلەنگەن كونۋېرتتىن بىرنى تارقىتىپ بېرىپ چۈشەندۈردى:

ـــ ساۋاقداشلار، ھەممە كونۋېرتنىڭ ئىچىدە ئوپمۇ ئوخشاش قۇياشنىڭ رەسىمىدىن بىردىن بار. مەن ئۇزۇن يىل ساقچى بولغان، ئوغرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئەمما جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئاراڭلاردا ئوغرى يوق. پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزگەن بالا بار. ئەمما ئۇنىڭدا ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلىپ، تەن ئالغۇدەك جۈرئەت يوقكەن. ھەممىڭلار كونۋېرتنى ئۆيۈڭلارغا ئاپىرىپ ئېچىڭلار. ئەگەر خاتالىق

ئۆتكۈزمىگەن بولساڭلار، كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى يەنە شۇ پېتى سېلىپ پېچەتلەپ دانىسقا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولساڭلار كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى قۇياشنى ئېلىپ قېلىپ، كونۋېرتقا ئون دوللار سېلىپ پېچەتلەپ دانىسقا بېرىڭلار ۋە ئۆز خاتالىقىڭلارنى تەن ئالالىغۇدەك جۇرئەتكە ئىگە بولغاندا، ھېلىقى قۇياشنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار...

ئەتىسى دانىس يىغىلغان كونۋېرتلارنى ئۆيىگە ئەكىلىپ، كەچلىكى دادىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئېچىشقا باشلاپتۇ. دېگەندەكلا بىر كونۋېرتتىن ئون دوللار چىقىپتۇ...

بۇ ئىش ئاستا - ئاستا ھەممىسىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

كېيىن چارلىز ساقچى بولۇپتۇ. ئۇ جۇرئەتلىك، دۇرۇسلۇقى ۋە خىزمەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن ئەنزە بىر تەرەپ قىلىشتا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە مۇكاپاتلىنىپتۇ. ئۇيلىمىغان يەردىن مۇكاپات تارقىتىشقا تەكلىپ قىلىنغان كوماندىر دەل دانىسنىڭ دادىسى، ھېلىقى ساقچى ئىكەن. ئەلۋەتتە دانىسنىڭ دادىسى ئۇنى تونۇيالماپتۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزئارا كۆرۈشكەندىن كېيىن، چارلىز يانچۇقىدىن ساپسېرىق نۇر چېچىپ تۇرغان بىر قىزىل قۇياشنىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئاق يېرىگە: «مەن بۈگۈن ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. دانىسنىڭ ئون دوللار پۇلىنى ئېلىۋالدىم» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ دانىسنىڭ دادىسىغا بېرىپتۇ. دانىسنىڭ دادىسى بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن چارلىزغا كۈلۈمسىرەپ:

— توغرا، ئەمدى يادىمغا كەلدى. ھېلىقى قورقۇپ كەتكەن بالا سىزمۇ؟ — دەپتۇ ۋە قەغەزنى ئېلىپ، يالىلداپ تۇرغان مېدالنى چارلىزنىڭ ساقچى فورمىسىغا قاداپ قويۇپتۇ. ئاندىن ھەر ئىككىسى قەددىنى كېرىپ تىك تۇرۇپ بىر - بىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چاس بېرىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئاق كۆڭۈللۈك ئازغۇنلارنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلاردا ھاياتلىق ئىشەنچى تۇرغۇزالايدۇ.***

## «ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندىم

ئەننىنىڭ ناھايىتى كىچىك چاغلىرى. بىر كۈنى ئۇلار ئۆيىگە يېقىنلا يەردە بىر ئورۇق، يالىڭاياغ، كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈزى سوزۇنچاق بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى چاقىرىپ يەيدىغان نەرسە بەردى ھەمدە پاراڭلاشتى. ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ يول يۈرگەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. ئۇمۇ تاماقنا رەھمەت ئېيتىپ ئالدىرايدىغانلىقىنى، بارىدىغان جايلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى

ئېيتتى. ئۇنىڭ پىلانلىرى بەك كۆپ ئىكەن. يەنى ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭدا ئەڭ ياخشى ئالما ئۇرۇقلىرى بار ئىكەن. ئاق تاشلىنىپ قالغان نۇرغۇن يەرلەرگە مۇشۇ خىل ئالما ئۇرۇقىنى تىكسە، جەزمەنكى، ئامېرىكا ئىنتايىن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كەتكۇدەك. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئەننىنىڭ ئۆيىدىكىلەرگىمۇ ئالما ئۇرۇقى سوۋغا قىلدى ھەمدە بىر - بىرىگە بەخت تىلەپ خوشلاشتى.

ئەننى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ھېلىقى ئەرنىڭ ئالما ئۇرۇقى تارقىتىپ، تىكىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ھەممىلا يەردە ئاڭلاپ تۇردى. ئۇ توختىماستىن يۇرت ئارىلاپ ئالما ئۇرۇقى تارقىتىدىكەن، تىكىدىكەن، سوغۇق، قىش، قارمۇ ئۇنى توسۇپ قالالمايدىكەن. ئۇ ھەممە يەرگە ئالما ئۇرۇقى، بەخت تىلىكى قالدۇرۇپتۇ. شۇ يەرلەردە كەلگۈسىدە ئالمىلىق باغلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدىكەن.

ئەننى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەندە «ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندىم قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەننىلارنىڭ ئالمىلىق بېغىغا كىردى. ئۇنىڭ قۇرۇق يۈزلىرىگە تەبەسسۇم پارلاپ چىقتى. ئۇ ئەننىغا پۈتۈن ئامېرىكىنى ئايلىنىپ چىققانلىقىنى، ھازىر ئۇ تىككەن، تارقاتقان ئالمىلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالما، ئالما شەربىتى، ئالما قىيامى چىقىرىپ يەۋاتقانلىقىنى، ئالمىنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىگە ئايلانغانلىقىنى ھاياجان بىلەن ئېيتىپ بەردى.

ئەننى ئۇنىڭ سوۋغا قىلغان ئالما ئۇرۇقىغا رەھمەت ئېيتتى. بىردەم پاراڭلاشتى. «ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندى يەنە يولغا ماڭدى. ئۇنىڭ يەنە بارىدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار ئىدى...

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەننى ئۇنى قايتا كۆرمىدى. ئەمما ھەر قېتىم باغدىكى باراقسان ئۆسكەن ئالما دەرەخلىرىنى كۆرگەندە ئۇنى ئەسلەپ كۆڭلىدە رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرگە شادلىق تۇيغۇ ئاتا قىلغۇچى ئالما، ئالما ئۇرۇقى ئىدى.

***ھېكمەت:***

***ھەممە ئادەم «ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندىمگە ئوخشاشلا زېمىنغا مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ تارقىتالايدۇ.***

## پەرىشتە تەبەسسۇمى

ۋىلىيام ئۆيىدە ئاتا - ئانىسى، مەكتەپتە مۇئەللىملىرى، ساۋاقداشلىرى ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان كەپسىز، جېدەلخور بالا. ئەمما ئۇمۇ كىشىلەر خۇدادىن بەخت تىلىگەندەكلا كىشىلەردىن كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق تىلەيدۇ. ھەتتا خۇداغىمۇ يوشۇرۇنچە ئىلتىجا قىلىپ

باقتى: — ئى پەرۋەردىگار، مېنى ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئەقىللىق، نەمۇنىلىك بەندىلىرىڭ قاتارىدىن قىلغىن! — ئۇ تىلەپ قويدى. ئەمما ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋەردى.

ئۈچىنچى يىللىقنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمى. ئۇلارغا مارىيە ئىسىملىك يېڭى مۇئەللىمدىن بىرسى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. مارىيە مۇئەللىمە مۇنبەرگە قەدەم ئېلىشى ھامان سىنىپ ئىچى قايناپ كەتتى. ۋىلىيامنىڭ باشلىشى بىلەن ئىسقىرىش، تىل چاكىلدىتىش، كىتابلارنى چۆرۈش سىنىپنى بىر ئالدى. ئۇ بەكلا چىرايلىق ئىدى.

مارىيە مۇئەللىمە باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش قوپال چىرقىراپ: «جىم بولۇڭلار» دېمىدى. بەلكى ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىدى. ۋىلىيام جوزىغا مۇشتلاپ ھەممىنى بېسىقتۇردى. مارىيە مۇئەللىمە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئىسمىنى دوسكىغا يازماقچى بولۇپ، بور تاپالمىدى. ۋىلىيام كۆڭلىدە ئويۇن چىقىدىغان بولدى دەپ ئولتۇردى. لېكىن مارىيە مۇئەللىمە يەنە شۇ ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن:

— كىم ماڭا بور ئەكىرىپ بېرىدۇ؟ — دېدى. سىنىپ ئىچى يەنە بىر رەت چۇقان - سۈرەنگە تولدى. ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭلا بۇ ئىشنى جان دەپ بېجىرگۈسى باردەك قىلاتتى. مۇئەللىمە كۆپچىلىكنى تالاشماسلىققا دەۋەت قىلىپ، بىر - بىرلەپ سەپسېلىپ كېلىپ ۋىلىيامنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— ۋىلىيام، سەن بار، قارىسام قىزغىنلىق، تېتىكلىك، تەشكىللەش ئىقتىدارىڭ خېلىلا ياخشىدەك قىلىدۇ، ساڭا ئىشىنىپ قالدىم.

ئۇنى ھازىرغىچە ھېچكىم ماختاپ، تەرىپلەپ باقمىغان، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنى ئوسال، پەس كۆرۈپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى...

ۋىلىيام سىنىپتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، سىنىپنىڭ ئارقىسىدىكى چۆپلۈكنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇلغان بورنى تېزلا ئېلىپ كىردى. ئۇ بورنى مۇئەللىمەگە ئۆزىنىڭ ئىتائەتچانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئىككى قوللاپ تۇتقاندا تىرناقلىرىنىڭ ئۆسۈپ كىرغا توشقىنىنى، يېڭىدىن ساڭگىلاپ قالغان چۇۋۇق يېپلارنى، پاتقاقتا مىلەنگەن پۇچقاقلىرىنى ھەمدە يىرتىق ئاياغلىرىدىن چىقىپ قالغان پۇت بارماقلىرىنى خىجىللىق ئىچىدە كۆرۈپ ئۆتتى. ئەمما مارىيە مۇئەللىم بۇلارغا قاراپمۇ قويماستىن، ۋىلىيامنىڭ قولىدىكى بورنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە شۇ تاتلىق، ئىللىق پەرىشتىدەك يېقىملىق تەبەسسۇمى بىلەن قاراپ قويدى. ۋىلىيام ئۇنى راستتىنلا خۇدا ئەۋەتكەن پەرىشتە دەپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلىيام تۈزۈك ئادەم بولۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ تۇرغان بىر پەرىشتىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى.

***ھېكمەت:***

***ھېس قىلىڭ، پەرىشتە قېشىڭىزدىلا.***

# بىر تال پەلەي

سىرتتا قار ئارىلاش سوغۇق شامال ھۇشقىتماقتا. سوغۇقنىڭ تەسىرىدىنمۇ دۇكاندا خېرىدارمۇ ئاز قالغانىدى. شۇ ئەسنادا ئۇستۇۋېشى ئاددىيغىنە كەلگەن، تۇرقىدىن ئانا - بالىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئىككىيلەن كىرىپ كەلدى - دە، پەلەي تاللاشقا كىرىشتى. بىر ھازا تاللىغاندىن كېيىن ئانىسى بىر خۇرۇم پەلەينى تاللاپ ئوغلىنىڭ سول قولىغا كىيگۈزۈپ باقتى ۋە دەل كەلگەندىن كېيىن باھاسىنى سورىدى. 20 دوللار... ئۇ يانچۇقىدىن پارچە - پۇرات پۇللارنى ئېلىپ سانىغىلى تۇردى. بىر، ئىككى، بەش دوللار...

ـ خانقىز، ئىككى دوللار كەملەيدىكەن، ئەرزانىراق بېرەلمەسسىزمۇ؟

ــ ياق،ــ دېدى دۇكاندار كېسىپلا.

ئايال يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا باھا تالاشتى.

ــ پۇلۇم يەتمەيدىكەن... بولمىسا ماۋۇ بىر قولىنىڭكىنىلا ئالاي، ئايرىپ سېتىپ بېرەلەمسىز؟

ــ نەدە ئۇنداق ئىش باركەن؟ قېپقالغىنىنى كىمگە ساتىمەن؟

ئانا - بالا ئىككىيلەن ئامالسىز پەلەينى قويۇپ سىرتقا ماڭدى. ھۇشقىتىپ تۇرغان سوغۇق شامال ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا بالىنىڭ ئوڭ يېڭىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇچۇرۇپ توختىدى. بالىنىڭ ئوڭ قولى يوق ئىدى.

دۇكاندار قىزچاقنىڭ يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر نەرسە سانجىلغاندەك زىڭگىدە قىلىپ توختىدى ۋە ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا توۋلىدى:

ــ توختاڭ، مەيلى تاقلاپ سېتىپ بېرەي.

ئانا ئون دوللار تۆلەپ ئوغلىنىڭ قولىغا پەلەينى كىيگۈزۈپ خۇشاللانغان ھالدا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

دۇكاندار قىزچاق ساغلام، كۆچلۈك ئىككى قولىغا ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ چىقتى. ئۇ مۇشۇ قوللىرى بىلەن ھەددى - ھېسابسىز بايلىق يارىتالايدۇ. ئەشۇ بىر قولىدىن ئايرىلغان، مېيىپ ئادەملەر تېخىمۇ كۆيۈنۈش، غەمخورلۇققا موھتاج. ئۇ توساتتىنلا ناھايىتى پاكىز، راھەتبەخش تۇيغۇغا چۆمۈلگىنىنى ھېس قىلدى. كىچىككىنە ياخشىلىق، كاتتا قانائەت، مانا بۇ پۇل بىلەن قىممەتنىڭ پەرقى ئىدى.

***ھېكمەت:***

***ئاق كۆڭۈللۈكمۇ ئۇرۇق يامغۇر ۋە قۇياش نۇرىغا ئېھتىياجلىق بولغاندەكلا توغرا ئاڭغا موھتاج.***

## ئەڭ كاتتا مۇكاپات

بەنى ئىسىملىك بىر بالا بىر يازغۇچىغا خەت يېزىپ مۇنداق بىر ئىشنى ئالالا چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. يەنى ئۇ ئاپىسىنىڭ تاتلىق - تۇرۇملارنى تەييارلاشقا ياردەملىشىپ بېرىپ، ئېرىشكىنى ئارانلا قۇرۇق «ياخشى بالا» دېگەن تەرىپ. ئەمما دودەنلىك قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئۇكىسىنىڭ ئېرىشىدىغىنى تاتلىق - تۇرۇملار. ئۇ يازغۇچىدىن خۇدا راستىنلا ئادىلمۇ؟ ئادىل بولسا نېمىشقا جاپا چەككەنلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؟ دېگەنلەرنى سوراپتۇ. يازغۇچىمۇ بۇنىڭغا دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ بىر توي زىياپىتىگە بېرىپ، بەنىنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋابنى شۇيەردىن تېپىپتۇ:

تويدا نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن كېلىن ئۆزئارا ئۈزۈك ئالماشتۇرۇپتۇ. ئىككىيلەن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتىمۇ قانداق، ھەر ئىككىسى ئۈزۈكنى خاتا ھالدا قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ قولىغا سالپتۇ. پوپ بۇنى كۆرۈپ يۇمۇرستىك قىلىپ: ــ ئوڭ قول يېتەرلىك دەرىجىدە مۇكەممەل، مېنىڭچە ئاشۇ ئۈزۈك بىلەن سول قولۇڭلارنى بېزىگىنىڭلار ياخشىراق بولارمىكىن، ــ دەپتۇ.

ئوڭ قول دېگەن ئوڭ، مۇكەممەل. ئۇنى يەنە بېزەپ يۈرۈش ھاجەتسىز. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاشۇ ئەخلاقلىق ئادەملەرنىمۇ ماختاپ - تەرىپلەش ھاجەتسىز. ئوڭ قولنىڭ ئوڭ قول بولۇشى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا مۇكاپات.

يازغۇچى شۇ ئويلىرىنى بەنىگە خەت قىلىپ يېزىپتۇ: ــ سىز تۇغۇلۇشتىنلا ئاق كۆڭۈل قىلىپ يارىتىپتۇ، شۇنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭ مۇكاپات.

***ھېكمەت:***
***ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۇلۇغدۇر. ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى دەل ئەڭ كاتتا شان - شەرەپ.***

## ئانىغا سوۋغا

ئىككى ياش چېغىمدىلا مېڭە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ ئەقلىي قابىلىيىتى توسالغۇغا ئۇچرىغان بۇ پالاق بالىنىڭ دەرس ئۆگىنىشكە بەكمۇ تەس ئىدى. باشقىلار ئىككى - ئۈچ يۈز رەت يېزىپ بولغۇچە ئۇ ئارانلا تۆت - بەش قۇرلا خەت يازالايتتى. لېكىن چىرايلىق، قاملاشتۇرۇپ يازاتتى.

مۇئەللىم بىر قېتىم ئۇلارغا «ئارزۇيۇم» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ كېلىش

تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ يېرىم كۈن ئويلىنىپ ئاران ئۈچ ئېغىزلا گەپ يازالىدى. «مېنىڭ ئىككىلا ئارزۇيۇم بار. بىرى، ئاپام ھەر كۈنى ئىللىق كۈلۈمسىرەپ (ئەقىللىق قوزام) دېسە، يەنە بىرى، مۇئەللىم ھەر كۈنى ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ (سىز ھەرگىز دۆت ئەمەس) دېسە ئىدى».

بۇ ماقالە مۇئەللىمنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق تىترىتىپ ئۆتتى ھەمدە ئەڭ يۇقىرى نومۇر قويۇپ، سىنىپتا بارلىق ساۋاقداشلارغا ئۇنلۇك ئوقۇپ بەردى ھەمدە دانىمۇ دانە قىلىپ: «سەن بەك ئەقىللىق، ماقالەڭ ھەقىقەتەن تەسىرلىك چىقىپتۇ. خاتىرجەم بول، ئاپاڭ، مۇئەللىمىڭ، كۆپچىلىك سېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

ئۇ ماقالىسىنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەپ كېتىپتۇ. ئەمما ئاپىسىغا كۆرسەتمەپتۇ. ئۇ ئەڭ مۇۋاپىق بىر چاغنى، ئاپىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ساقلاپتۇ...

قۇياش پارلاپ تۇرغان يەكشەنبە. ئۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرغان ئاپىسىنى تاتلىق تىللىرى بىلەن چاقىرىپتۇ.

ــ ئاپا، ــ دەپتۇ ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە، ــ تۇغۇلغان كۈنۈڭگە بېرىدىغان سوۋغام بار.

ــ نېمە بېرىسەن بالام؟ ــ سوراپتۇ ئانىسى كۈلۈپ.

ــ مانا بۇ.

ئۇ ئاپىسىغا ماقالىسىنى سۇنۇپتۇ. ئاپىسى ماقالىنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرىنى زادىلا توختىتالماپتۇ ــ دە، ئوغلىنى چىڭگىدە قۇچاقلىۋاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بالىڭىزنى تەربىيەلەش ئارقىلىق دۇنيانى، بالىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيسىز.***

## مېنى بوشراق كۆمۈپ قويسىڭىز

ئۇرۇش مەزگىلىدە، بىر تۇرمىگە ئاياللار، باللاردىن بولۇپ ئىنتايىن كۆپ ئەسىرلەر قاماپدۇ ھەمدە دۈشمەنلەرنىڭ شەپقەتسىز قولىدا بىر - بىرلەپ قىرىلىشقا باشلايدۇ.

تۇرمىگە شۇ قەدەر ئۇماق، ساددا، تېتىك قىزچاقتىن بىرى ئانىسى بىلەن بىرگە قامالغانىدى. بىر كۈنى قىزچاقنىڭ ئانىسىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ قايتىپ كىرمەيدۇ... تۇرمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلگىنىنى بىلىشەتتى. ھەر كۈنى نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۆلۈم ھەممىنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى. ئەمما قىزچاق ئانىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، نېمىشقا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى سورىسا، باشقىلار كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە ئانىسىنىڭ دادىسىنى ئىزدەپ

كەتكەنلىكىنى، تېزلا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. قىزچاق ئىشىنىپ ئانىسى ئۆگىتىپ قويغان ناخشىلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ تاتلىق، چۈچۈك ناخشىسى مۇدھىش تۈرمە تاملىرىنى شامالدەك سۆيۈپ ئۆتەتتى. ئۇ گاھىدا كامىرنىڭ دېرىزىسىگە ئۈمىد بىلەن ئېسىلاتتى. ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى ئىستەيتتى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، قىزچاق يەنە مىڭلىغان ئەسىرلەر بىلەن قوشۇلۇپ چوڭقۇر قېزىلغان خەندەكلەرنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىندى. كىشىلەر ئۈنسىز، جىمجىت ئىدى، ئادەملەر بىر - بىرلەپ خەندەكلەرگە قانغا مىلىنىپ دومىلىماقتا. ئۆلۈم ھەممىگە قاراپ دېۋەيلەپ كەلمەكتە ئىدى. قانخور دۈشمەنلەر شەپقەتسىز قولىنى ھەربىر بىگۇناھ جاننىڭ ياقىسىغا، يۈرىكىگە ئۇزاتماقتا ئىدى...

بىر ئەسكەر قىزچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ قانغا بويالغان قولىنى قىزچاققا ئۇزاتقان شۇ دەقىقىدە قىزچاقنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ئەسكەرگە تىكىلدى ۋە دېدى:

— تاغا، مېنى بوشراق كۆمۈپ قويسىڭىز، بولامدۇ؟ بولمىسا ئانام كەلسە، مېنى تاپالمايدۇ...

ئەسكەرنىڭ سوزۇلغان قوللىرى قېتىپ قالدى. جازا مەيدانىدا ئىنتايىن ئاچچىق بىر يىغا، ئاندىن غەزەپلىك چىرقىراشلار كۆتۈرۈلدى.

قىزچاقنىڭ بىغۇبار، ساددا سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، ئۇلارغا ئۆلۈم ئالدىدا ئىنسانىي ئىززەت ۋە كامالىي قۇدرەتنى ھېس قىلدۇردى.

***ھېكمەت:***
***بىغۇبار، پاكىز سۆيگۈ ۋە ئىنسانىي قەلب ئالدىدا قانخورلار ئۆزىنىڭ رەزىل، پەسكەش ئەپتىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.***

## ئانىنىڭ جاۋابى

پارتىدىشى ئىمتىھاندا بىرىنچى بولۇشنى نىيەت قىلدىمۇ، جەزمەن بىرىنچى بولالايدۇ. ئەمما ئۇ ھەمىشە بىرىنچى بولۇشقا بەل باغلايدىيۇ، نەتىجىسى يىگىرمە بىرىنچى.

ئۇ مەيۈس ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئاپىسىدىن:

— مەن دۆتمۇ ئەمەس؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئوخشاش ئاڭلايمەن. ئوخشاشلا ئەستايىدىللىق بىلەن تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن. لېكىن، نېمىشقا ھە دېسىلا ئۇنىڭ كەينىدە قالىمەن؟

ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغىنىنى، ئەمما بۇ ئۆزىنى

ئىززەتلەش تۇيغۇسىنىڭ مەكتەپنىڭ دەرىجە تۈرغۇزۇش سىستېمىسى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى سېزىپ يەتتى ھەمدە ئوغلىغا جاۋاب بەرمىدى. ئەمما يەنە بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئوغلى 17 - بولۇپ يەنە شۇ سوئالنى سوراپ كىردى. ئۇ تۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار تالاي رەت دەيدىغان «سەن ئويۇنقېپى، تىرىشمايسەن...» دېگەندەك ئاھانەت گەپلەرنى نەچچە رەت تىلىنىڭ ئۇچىغا ئەكەلدىيۇ، دېيىشكە تىلى بارمىدى. ئەمما ئۇ بىر مۇكەممەل جاۋاب ئىزدەۋاتاتتى.

ئوغلىنىڭ نەتىجىسىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇ ئوغلىغا رىغبەت بولسۇن ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ دېڭىزغا ساياھەتكە باردى ۋە مۇكەممەل جاۋابنى شۇ يەردىن تاپتى. ئوغلىمۇ ئۆز نەتىجىسىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيدىغان بولدى. ئۆتكەن يىلى مەكتەپ پويىچە بىرىنچى بولدى ھەمدە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتتى. تەتىلدە ئۇ ساۋاقداشلىرى ۋە بىر قىسىم ئاتا ئانىلارغا ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئانىسى دېڭىز بويىدا تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى:

— يەم ئىزدەۋاتقان قۇشلارغا قارا، دولقۇن ھەر بىر رەت تۇرتىلىپ كەلگەندە، كىچىك بېلىقچى قۇشلار تېزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ ئىككى - ئۈچ قانات قېقىپلا ئاسمانىنىڭ قەھرىگە چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما دېڭىز چايكىسى قارىماققا ئاستا، دېۋەڭدەك كۆرۈنگەن، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشىگىمۇ ئۇزاق ۋاقىت كەتكەندەك كۆرۈنگەن بىلەن پايانسىز ئاتلانتىك ئوكياندىنمۇ بىمالال كېسىپ ئۆچۈپ ئۆتەلەيدۇ. مانا بۇ قالتىسلىق!

***ھېكمەت:***
***تالانت ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، ئۇ ئاستا - ئاستا توپلىنىپ، جۇغلىنىدىغان جەريان.***

## لىندا قانداق باي بولدى؟

لىندا ئامېرىكىدىكى بىر ئادەتتىكى ئائىلىدە تۇغۇلغان. بىر كۈنى ئۇنىڭ كىنو كۆرگۈسى كېلىدۇ. ئەمما يېنىدا پۇلى يوق ئىدى. دادىسىدىن پۇل سوراش كېرەكمۇ ياكى ئۆزى پۇل تېپىشى كېرەكمۇ؟

ئۇ تۇيۇقسىزلا بىر ماھىر سودىگەر بىلەن پاراڭلىشىپ قېلىپ، ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدۇ. سودىگەر ئۇنىڭغا ياكى باشقىلارغا ياردەملىشىپ پۇل تېپىش ياكى زېھنىنى ئۆزى بىلىدىغان، قىلالايدىغان ئىشلارغا قارىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

لىندا كۆپ باش قاتۇرىدۇ. ئەمما باشقىلارغا قانداق ياردەملىشىش توغرىسىدا ھېچ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

بىر كۈنى، ناشتا ۋاقتىدا دادىسى ئۇنى گېزىت ئەكىلىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇ ئىنتايىن ئاقىلانە بىر ئويغا كېلىدۇ. يەنى، قوشنىلىرىغا ئايدا بىر دوللار بەرسىلا، ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ گېزىتىنى ئىشىك تۈۋىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە ناھايىتى تېزلا 70 دوللارغا، 70 خېرىدارغا ئىگە بولىدۇ. بۇنىدىن ئىلھاملانغان لىنىدا تېزلا باشقا يوللارنىمۇ تېپىپ چىقىدۇ. يەنى كونا خېرىدارلىرىغا ھەر ئايدا يەنە بىر دوللاردىن قوشۇپ بەرسە ئەخلەتلەرنىمۇ توشۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ-دە، يەنە نۇرغۇن پۇل تاپىدۇ. ئۇ يەنە قوشنىلىرىنىڭ ئەرمەك ئىتلىرىغا، ئۆيلىرىگە قاراش، گۈل-گىياھلىرىنى سۇغۇرۇش دېگەندەك ئىشلارغا ياردەملىشىدۇ.

توققۇز يېشىدىلا، ئۇ بالىلار پۇل تاپالايدىغان ئىشلارنى يېزىپ چىقىدۇ. ھەتتا باشقا بالىلارنىمۇ ياردەملەشتۈرىدۇ. بىر كىتاب سودىگىرى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ 12 يېشىدىلا لىندا بازىرى ئىتتىك يازغۇچىغا ئايلىنىدۇ. 17 يېشىدا نەچچە مىليون دوللار پۇلى بار كاتتا بايغا ئايلىنىدۇ.

***ھېكمەت:***
***بايلىق ئىككى قول، بىر ئاقىل كاللىدىن چىقىدۇ.***

## 15 دوللارنىڭ ئىلھامى

ماك بىر ژۇرنالنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇھەررىرى ئىدى. بىر قېتىملىق سانغا ماقالە كەملەپ قالغاچقا ماك جىددىي ماقالىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى - دە، ئامالسىز تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان قوشنا قىزغا ماقالە ھاۋالە قىلدى. ئەمما ئۈچ كۈن ئۆتۈپ قىز سۆز - جۈملىلىرى قاملاشمىغان، مەنتىقىسىز بىر نەچچە بەت ئارگىنالنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ بۇ ماقالىنى ئىشلەتمەسلىك ئۈچۈن بىر ياققا تاشلاپ قويدىيۇ، يەنىلا قىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك ئەجرىنى يوققا چىقىرىشقا چىدىماي ئۆزى قايتا پىششىقلاپ يۇرۇپ ژۇرنالغا بېرىۋەتتى.

ماقالە 1600 خەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆلچەم بويىچە 15 دوللار قەلەم ھەققى بېرىلەتتى. ئەمما ئۇ قىزنىڭ جاپا تارتقىنىغا بۇنى ئاز كۆرۈپ، يېنىدىن يەنە ئون دوللار قوشۇپ، 25 دوللارنى قىزغا ئەۋەتىپ بەردى.

قىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئىلھاملىنىپ، يېزىقچىلىقتا مەپتۇن بولۇپ قالدى - دە، كېچە - كېچىلەپ يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاشلانغان قەدىمىنى توختىتىپ قويۇشنى، ئۆزىگە كۆيۈنگەنلەرنىڭ ئەجرىنى يەردە قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇ تىرىشسىلا تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

كېيىنچە ئۇ راستلا ھەقىقەتەن ئېسىل ئەسەردىن بىر پارچە يېزىپ چىقتى ۋە «نيۇيورك شەھەر گېزىتى» نىڭ مۇنەۋۋەر كىچىك يازارمىنىگە ئايلاندى ھەمدە مۇتلەق ئۇستۇنلۇك بىلەن خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇشقا كىردى.

15 دوللارلىق پۇرسەت، ئون دوللارلىق ئىلھام... ھەقىقەتەنمۇ سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنغان غەمخورلۇق بىر تاشتىن ئالماس تاۋلاپ چىقاردى.

*ھېكمەت:*
*تالانت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ.*

## سۇ توشۇش ۋە قۇدۇق قېزىش

بىر قۇملۇقنىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئۆيلۈك نامرات دېھقان ياشايدىكەن. قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاللا بۇلاق بار ئىكەن. ھەر ئىككى ئائىلە سۇنى شۇ يەردىن ئاپىرىپ ئىچىشى لازىم ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەر ئىككىيلەن بۇلاق بېشىدا ئۇچرىشىدىغان بوپتۇ ۋە دوستلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كېلىشىۋالغان چېغىدا بۇلاق بويىدا ئۇچرىشىپ بىردەم پاراڭلىشىدىكەن. ئاندىن ھەر ئىككىسى سۇ ئېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىدىكەن.

بىر كۈنى جەنۇبتىكى دېھقان سۇغا كېلىپ شىمالدىن كېلىدىغان دېھقاننى ساقلاپتۇ، ساقلاپتۇ. ئەمما ئۇ كەلمەپتۇ. «ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. ئەمما ئىككىنچى كۈنىمۇ، ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئۇ كەلمەپتۇ، ھەپتىمۇ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبتىكى دېھقان شىمالدىكىسىنى يوقلاپ بېرىش نىيىتىگە كېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ شىمالدىكى دېھقاننىڭ ئۆيىگە يېقىن بېرىپ قارىسا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقۇدەك. تاماقنىڭ پۇرىقىمۇ كېلىۋاتقۇدەك.

— ھەپتىدىن بېرى سۇ ئەكەلگىلى بارمىدىڭ، — دەپتۇ ئۇ دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ، — سۇ ئىچمەيدىغان بولۇپ قالمىغانسەن!

— ئەلۋەتتە سۇ ئىچىمەن... — دەپتۇ شىمالدىكىسى ۋە جەنۇبتىن كەلگەن دوستىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا باشلاپ چىقىپ بىر قۇدۇقنى كۆرسىتىپتۇ.

— بەش يىلدىن بېرى ئىزچىل مۇشۇ قۇدۇقنى قېزىپ كەلدىم. بىز ھازىر ياش، يىراق بولسىمۇ سۇ ئەكىلىشكە ماغدۇرىمىز بار. ئەمما قېرىساق قانداق قىلىمىز؟ ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ ھەپتە ئالدىدا، ئاخىرى قۇدۇقۇمدىن سۇ چىقتى. بەش يىللىق كۈچەش دېگىنە. ھەقىقەتەن جاپا تارتتىم. ئەمما ئەمدى بۇندىن كېيىن ئۇنچىۋالا ئۇزۇن يول مېڭىپ سۇ توشۇمىسامىمۇ بولىدۇ.

***ھېكمەت:***
***سۇ توشۇغاندا قۇدۇق قېزىشنى ئۇنتۇماڭ. مۇۋەپپەقىيەت ھۇزۇرلاردىن يىرگىنىدۇ.***

## ۋارونكا ۋە قوناق

ئىۋان كىچىك چاغلىرىدا ھەممە ئىشنى قىلىپ باققۇسى كېلەتتى. رەسىم سىزىش، گارمون چېلىش، سۇ ئۈزۈش، ۋاسكېتبول ئويناش... دېگەندەك. ئەمما بىر قېتىملىق مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئۇ ئارقىدىن سانىغاندا ئۈچىنچى بولۇپ قالدۇ.

دادىسى ئۇنىڭغا ئاچچىقلانمايدۇ، بەلكى بىر يەردىن بىر تال ۋارونكا ۋە بىر ئوچۇم قوناق تېپىپ كېلىپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ دەيدۇ:

— قاراپ تۇر، مەن ساڭا بىر تەجرىبە ئىشلەپ بېرەي.

دادىسى ئىۋانغا ۋارونكىنىڭ ئاستىغا قولىنى تۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ۋارونكىنىڭ ئۈستى ئېغىزىدىن بىرتال - بىرتالدىن قوناق تاشلايدۇ. ۋارونكىنىڭ تۆشۈكىدىن غىلدىرلاپ چۈشكەن قوناقلار ئىۋاننىڭ ئالقىنىغا چۈشىدۇ. دادىسى كەينىدىن بىر سىقىم قوناقنى بىراقلا تاشلايدۇ. بۇ قېتىم قوناقلارنىڭ ھەممىسى ۋارونكىنىڭ كىچىككىنە ئېغىزىغا كەپلىشىپ قېلىپ بىرسىمۇ ئۆتەلمەيدۇ.

— بۇ ۋارونكا دەل سەن، — دەيدۇ دادىسى ئىۋانغا، — ھەممە ئىشنى قىلىمەن دېسەڭ ھېچقايسىسىنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقالمايسەن. جەزمەن بىردىن كېلىشى كېرەك.

***ھېكمەت:***
***ھەر كۈنى بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىڭ، تۇرمۇشقا يەڭگىل كۆلۈپ باقالايسىز.***

## بىر مىنۇت

پېداگوگ روببېرت بىر ياشنىڭ مەسلىھەت سوراپ ئالغان تېلېفونىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەت، كۆرسەتمىگە تەشنا بۇ ياش بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولۇپتۇ.

كۆرۈشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى ياش كېلىپ قارىسا روببېرت ئەپەندىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئەمما ئۆي ئىچى ئىنتايىن رەتسىز، قالايمىقان تۇرغۇدەك.

— ئۆيىنى كۆردىڭىز، — دەپتۇ روببېرت ئەپەندى ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەيلا، — ئۆي بەك قالايمىقان، سىرتتا بىر مىنۇت ساقلاپ تۇرسىڭىز، يىغىشتۇرىۋالسام بوپتىكەن.

روبېرت ئەپەندى شۇنداق دەپ ئىشكىنى پەڭگىل يېپىپ قويۇپتۇ ۋە راستلا بىر مىنۇتقىمۇ بارمايلا ئىشكنى ئېچىپ مېھمانىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە باشلاپتۇ. يىگىت ئەمدى قاراپ ھەيرانۇھەس قاپتۇ. بايىقى پاراكەندىچىلىكتىن ئەسەرمۇ يوق. ھەممە نەرسە رەت - رېتى بىلەن تىزىلغان. پاك - پاكىز ئۆيئىچىدىن يېڭى قويۇلغان قىزىل ھاراق ۋە سۇس ئەتىر پۇراپ تۇرىدۇ.

— خوشە، — دەپتۇ روبېرت ئەپەندى يىگىتنىڭ ھاياتلىق، كەسىپ ھەققىدە ئېغىز ئېچىشىغا ساقلىمايلا، — ئېچىپ بولۇپلا كەتسىڭىز بولىدۇ.

— بىراق... — يىگىت داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، — مەن تېخى...

— ئەجەبا مۇشۇلار يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ روبېرت ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ ئۆي ئىچىنى كۆرسىتىپ، — كىردىڭىز، ئۆتكەن بىر مىنۇتنى كۆردىڭىز...

— چۈشەندىم، — دەپتۇ يىگىت ئەمدى گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، — بىر مىنۇت ۋاقىتتىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويدىڭىز. رەھمەت سىزگە.

روبېرت ئەپەندى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. يىگىت بىر رومكا قىزىل ھاراقنى ئىچىۋېتىپ چوڭقۇر رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ، خۇشال ھالدا ئۆيدىن ئايرىلدى.

***ھېكمەت:***
***ھاياتنىڭ ھەر بىر مىنۇتىنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئارزۇ قىلغان ھاياتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.***

## بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى

بىر يوقسۇل بوۋاي بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى تىكىش نىيىتىدە ئورەك كولاۋاتسا، خان ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ قېلىپ سوراپتۇ:

— بۇ كۆچەتنى تىكىپ مېۋىسىگە ئېغىز تېگەلەرسىزمۇ؟

— كۆچەت مېۋە بەرگۈچە ئۆلۈپ كەتسەم، بالىلىرىم ئۇنىڭ شېرىن - شەربىتىدىن زوق ئالار. خۇدا مەرھەمەت قىلىپ گۇناھ - كەبىرلىرىمنى ئەپۇ قىلىۋەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئەگەر سىز مۇشۇ ئەنجۈرنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تېگەلىسىڭىز، ئۆز قولىڭىز بىلەن ماڭىمۇ يەتكۈزۈپ بېرىڭ، مەنمۇ ئەنجۈرگە ئامراق، — دەپ كېتىپ قاپتۇ پادشاھ.

ئۈچ يىل ئۆتۈپ، بوۋاي تىككەن ئەنجۈرلەر غۇچچىدە مېۋە بېرىپتۇ. بوۋاي بىر سېۋەت ئەنجۈرنى ئېلىپ ئوردىغا ئەكىلىپ خان ئالىيلىرىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ سېۋەتتىكى ئەنجۈرنىڭ ئورنىغا لىققىدە ئالتۇن - كۈمۈش ھەدىيە قىلىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ چاكىرىنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ.

— شۇنچىۋالا قىلىشقا ئەرزىمدۇ بۇ قېرى؟ — دەپتۇ ئۇ چىدىماي.

— ئۆز ئەمگىكى، مېھنىتى بىلەن بايلىق، مېۋە ياراتقانلارنى ئىززەتلىسەم بولمامدۇ! — دەپتۇ پادىشاھمۇ مەمنۇنلۇق بىلەن.

چاكار دەرھال ئۆيىگە قايتىپ خوتۇنىغا خان ئالىيلىرىنىڭ ئەنجۈرگە ئامراقلىقىنى، بىر سېۋەت ئەنجۈر سوۋغات قىلسا، گەپ يوق بىر سېۋەت ئالتۇن - كۈمۈشكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، ئەتە ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى تاپىلاپتۇ.

ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشاللانغان ئايال ئەتىسى بىر سېۋەت ئەنجۈر ئەكىرىپ، ئالتۇن - كۈمۈش سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ خاننىڭ غەزىپى كەپتۇ - دە، ئەنجۈرلەرنى ئۆرۈۋېتىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

— مەن پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ مېھنەت تۆككەنلەرگە ئىنئام بەردىم. سەندەك ھىيلىگەر، مەككار جانباقتىلارغا بېرىدىغىنىم تاياق - توقماق!

خان چاكارنىڭ خوتۇنىنى ئون دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

***ھېكمەت:***

***مېھنەتكەشلەر مەرھەمەتكە ئېرىشىدۇ. لايغەزەل، جانباقتىلارغا ياغىدىغىنى لەنەت ۋە جازا.***

## پىروفېسسورنىڭ بىر سائەت دەرسى

بىر پىروفېسسور سودا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەجرىبە خاراكتېرىدىكى بىر سائەتلىك دەرس ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئېغىزى كەڭ بىر دانە بوتۇلكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا توشقۇچە شېغىل سېلىپ ئوقۇغۇچىلاردىن: — بوتۇلكا توشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توشتى، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ ھەممە ئوقۇغۇچى بىردەك.

پىروفېسسور ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن ئۇششاق دانچە شېغىللارنى بوتۇلكىغا تاشلاشقا باشلاپتۇ. چوڭ - چوڭ شېغىللارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قالغان يوچۇقلاردىن ئۇششاق دانچە شېغىللار شىرىقلاپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

— ئەمدى توشتىمۇ؟ — دەپتۇ پىروفېسسور يەنە شېغىل سېلىش مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن.

— ياق، — دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى، باشقىلارمۇ ئىشىنىڭ تېگىگە ئەمدىلەتىن يېتىشكە باشلاپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى!

پىروفېسسور ئەمدى بوتۇلكىغا قۇم تۆكۈشكە باشلاپتۇ. قۇم دانچىلىرى ئەڭ ئۇششاق ئارىلىقلاردىنمۇ شىرقىراپ ئۆتۈپ، بوتۇلكىنىڭ قېپقالغان يوچۇقلىرىنى

تەلتۆكۈس ئېتىپ تاشلاپتۇ.

— بوتۇلكا توشتىمۇ؟

— ياق!

ئەمدى ھەممە ئوقۇغۇچى گۇركىرەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پىروفېسسور كۇلۇمسىرىگىنىچە بىر چەينەك سۇ ئېلىپ كېلىپ تاكى بوتۇلكا تېشىپ كەتكۇچە سۇ قۇيۇپتۇ.

— بىزنىڭ چوڭ - چوڭ ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزنىڭ ئارىسىدا ھامان يوچۇقلار، ئاز - تولا ۋاقىتلار قالىدۇ، — دەپتۇ پىروفېسسور، — ئەشۇ قىسقا ۋاقىتلارنى ئىسراپ قىلىۋەتمەي ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالىساق، ھاياتىمىز ھەقىقەتەنمۇ تەلتۆكۈس مەنىگە تولىدۇ.

***ھېكمەت:***
***بوش ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىش بىزنى تېخىمۇ بەقۇۋۋەت قىلىدۇ.***

## ئىككى ئاننىڭ تەربىيەسى

ئىككى بالا بار ئىكەن. ھەر ئىككىسى رەسىم سىزىشقا قىزىقىدىكەن.

بىرىنچى بالىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا بىر تاختا قەغەز ۋە بىر باغلام قەلەم ئېلىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: — تىرىشىپ سىز ۋە سىزغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى تامغا چاپلاپ ماڭ، ئۆيگە كەلگەنلەر كۆرۈپ تۇرسۇن.

ئىككىنچى بالىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغىمۇ بىر تاختا قەغەز ۋە بىر باغلام قەلەم ئېلىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: — تىرىشىپ سىز، سىزىپ بولغانلىرىڭنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلا، ھېچكىمگە كۆرسەتمە.

ئۈچ يىلدىن كېيىن بىرىنچى بالا رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىپتۇ. بىر تامغا لىق تولغان رەسىملەر بىر - بىردىن رەڭدار، قۇرۇلمىلىرى خېلىلا پۇختا بولۇپ، كىشىلەرنى زوقلاندۇرىدىكەن.

ئىككىنچى بالا يەنىلا ئۆيدە سىزىۋېرىپتۇ، سىزغىنىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. ھېچ كىشىگە كۆرسەتمەپتۇ.

30 يىلدىن كېيىن بىرىنچى بالىنىڭ رەسىملىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئارتالماس، باشقىلارنى قىزىقتۇرالماس بولۇپ قاپتۇ.

ئىككىنچى بالا مۇشۇ چاغدا ئاندىن رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەكلا سەنئەت ساھەسىدە ئىنتايىن زور بەس - مۇنازىرە، زىلزىلە قوزغاپتۇ.

كىشىلەر بىرىنچى بالىنىڭ تامغا ئېسىلغان رەسىملىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئەخلەت

ساندۇقىغا تاشلاشقا باشلاپتۇ. ئەمما ئىككىنچى بالىنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلانغان رەسىملىرىنىمۇ ئەتىۋارلىشىپ تاملىرىغا چاپلاشقا باشلاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەدېسىلا ئۇنۇمنى كۆرەتتىم دەپ ئالدىراش، پىشمىغان، خام - خوتال بىر نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. تاقەت، چىدام، سەۋردىن بەرىكەت ياغىدۇ.***

## جىنايەتچىنىڭ پۇشايمىنى

— نېمىشقا مەكتەپكە بارمايسەن؟

دادىسى 15 ياشلىق ئوغلىدىن ئاچچىق بىلەن سورىدى. ئوغلى مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىماي ئۇنىڭ بەك - لا بېشىنى ئاغرىتىۋاتاتتى.

— ئوقۇشتىن زېرىكتىم، ئوقۇغۇم يوق، — دېدى ئوغلى پەرۋاسىزلا.

— ئۆگەنگەنلىرىڭ يېتەرلىك ئوخشىمامدۇ؟

— پارتىدىشىمدىن ئوبدان بىلەتتىم، ئۇچ ئاي بۇرۇن ئۇ مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. ئوقۇغۇسى يوقكەن. دادىسىنىڭ پۇلى بار ئوخشايدۇ، — ئوغلى شۇنداق دېگىنىچە تالاغا ماڭدى.

— توختا، — دېدى دادىسى، — ئوقۇمىساڭ مەيلى، ئەمما ئوقۇمىساڭ جەزمەنكى ئىشلەيسەن، بىكار تەلەپنى باقىدىغان ئەخمەق داداڭ يوق.

ئەتىسى ئۇ ئوغلىنى ئېلىپ تۈرمىگە بىر ئاغىنىسىنى يوقلاشقا باردى.

— سەن بىلەن كۆرۈشكىنىمگە بەكلا خۇشالمەن، — دېدى ئاللىقاچان جىنايەتچىگە ئايلانغان دوستى.

— مەن سېنى بۇ يەردە، بۇ ھالدا كۆرگىنىمدىن بەكلا ئەپسۇسلىنىمەن، — دېدى دادىسى.

— سېنىڭ ئەپسۇسلىنىشىڭ مېنىڭكىگە يەتمەس، — دېدى ئۇ ئازابلىنىپ، — ھەممىسى ياش چاغلىرىمدىكى تىرىشىپ ئوقۇمىغانلىقىمنىڭ، لايغەزەل، بىكار تەلەت، يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلىكىمنىڭ خاپىلىقى، ياخشى ئوقۇغان بولسام...

ئۇ بوغۇلۇپ توختاپ قالدى.

كېيىنچە توماس تىرىشىپ ئوقۇدى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ دادىسىنىڭ شىركىتىدە جان تىكىپ ئىشلىدى. كۈنلىرىمۇ ئىنتايىن باياشاتچىلىق ئىچىدە ياخشى ئۆتتى.

***ھېكمەت:***
***دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى دەل تىرىشىپ ئۆگىنىش.***

## قېرى تۆگىنىڭ تەجرىبىسى

بىر قېرى تۆگە قېرىپ ماغدۇرى ئۈزۈلەي دەپ قالغان بىر چاغدا يەنە بىر قېتىم «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان پايانسىز قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ غەلىبىلىك قايتىپ كەپتۇ.

ئات بىلەن ئېشەك تۆگىنى تەجرىبە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

— سۆزلىگۇدەك ئالاھىدە گەپمۇ يوق. نىشاننى بېكىتىۋېلىپ چىدامچانلىق بىلەن بىرقەدەم - بىرقەدەمدىن مېڭىپ قارارگاھىمغا يەتتىم شۇ، — دەپتۇ تۆگە سەممىيلىك بىلەن.

— مۇشۇلىما؟ — دەپتۇ ئات بىلەن ئېشەك ھەيرانلىقتا.

— ھەممىسى شۇ.

— ئا...، — دەپتۇ ئات تېرىكىپ، — كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان بىرەر ئالاھىدە گەپ چىقارمىكىن دېسەم، ئادەتتىكىلا ئىككى - ئۈچ ئېغىز گەپكەنغۇ.

— ۋاي دېگۇچىلىكى يوق گەپلەركەن، تازىمۇ...، — دەپتۇ ئېشەكمۇ نارازى بولۇپ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ھەر قانداق تەجرىبە ئەنە شۇنداق ئاددىي ئىدى. گەپ ئۇنى جان پىدالىق بىلەن ئىجرا قىلىشتا بولاتتى.

***ھېكمەت:***
***مۇۋەپپەقىيەتتە مەخپىيەت يوق. تىرىشىپ ئىشلىسىڭىزلا ئۇ سىزنىڭ.***

## مەن جەزمەنكى باتۇر بولىمەن

پەيشەنبە كەچ. بىر ئائىلە كىشىلىرى ماشىنىلىق ئۆيىگە قايتىۋاتاتتى. ماشىنىنى بالىلارنىڭ ئانىسى ھەيدەۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئۇسساپ كەتكەچكە ئوغلىنىڭ قولىدىكى سۇ بوتۇلكىسىغا ئېڭىشىپتۇ. رولدىكى قولى تېيىپ كېتىپ ماشىنا ئۇشتۇمتۇتلا ياندىكى جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى.

تۈم قاراڭغۇ، ئاسمان بۇلۇتلۇق، نە يۇلتۇز، نە ئاي يوق. ماشىنا ئۆرۈلۈپ توختىدى. ئانىسى كۆرۈنمەيدۇ...

چېقىلغان ئەينەكتىن ھۇشقىتىپ كىرگەن زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق دۆتېيىننى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ ئاپىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمىدى. چاقىرىپمۇ بىرەر سادا ئاڭلىيالمىدى. ئۇ قورقتى، ئەمما سىڭىللىرىنى ئويلاپ نەلەردىندۇر قولىغا چىققان ئەدىيالنى تارتىپ ھوشسىز ياتقان سىڭىللىرىغا يېپىپ قويدى ۋە دېرىزىدىن ئۆمىلەپ سىرتقا چىقتى. ھەممە ياق قاپقاراڭغۇلۇق. خېلىلا نېرىدا بىر دۇكاننىڭ چىرىغى

يېنىقلىق ئىدى. ئۇ ئۆمىلەشكە باشلىدى. دەرەخ شاخلىرى يۈز - كۆزىنى قانىتىپ ئېچىشتۇراتتى. ئەمما ئۇ قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرمىسا بولمايتتى.

ئالاھەزەل 20 مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ دۇكان ئالدىغا باردى. دۇكاندارنىڭ كىچىك بالىنىڭ تۇرقىغا قاراپلا ئەھۋالنى چۈشەندى - دە، ئادەم چاقىرىپ ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا قاراپ يۈگۈردى.

دۇتېيىنىڭ ئانىسى ۋە ئىككى سىڭلىسى دوختۇرخانىغا دەرھال يەتكۈزۈلۈپ قۇتقۇزۇپ قېلىندى. دوختۇرلار يەنە ئازراق كېچىككەن بولسا كۆپ قان چىقىپ كەتكەن ئانىنى قۇتقۇزۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىشتى.

ئامېرىكىدىكى بىر ژورنالنىڭ مۇخبىرى ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن دۇتېيىنىنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن: — ئانىڭىزنىڭ دېيىشىچە قاراڭغۇدىن بەكلا قورقىدىكەنسىز، ئەمما ھاۋا سوغۇق، ئانىڭىزنىمۇ تاپالمىغان، ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئاشۇ چاغدا قانداق كۈچ سىزنى نەچچە چاقىرىم يول مېڭىپ قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى؟ قورقمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىغاندا، سەل - پەل ئويلىغان دۇتېيىن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— شۇ چاغدا بەكلا قورقتۇم. ئەمما مەن باتۇرراق بولۇشۇم كېرەك ئىدى. ئانامنى تاپالمىدىم. ئىككى سىڭلىمنى بولسىمۇ باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق بىلەن قوغداپ، قۇتقۇزمىسام بولمايتتى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ خۇشال - خورام بىرلىكتە ياشىشىنى بەكلا ئۈمىد قىلاتتىم.

***ھېكمەت:***
***خەتەر يەتكەن چاغلاردا جەزمەن ئۆزىمىزنىڭ قەھرىمانى، باتۇرى بولالىشىمىز كېرەك.***

## سىپىنسوننىڭ كالتىكى

شۇ كۈنى كەچلىكى، ئانىسى سىپىنسونغا بۇندىن كېيىن يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا ئۆزى بېرىپ، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. سىپىنسون خۇشلۇقتىن ئۆزىنى نەچچە ياش چوڭىيىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ئۇ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. ئەمدى بىر دوقمۇشقا كېلىشى بىر توپ بىكار تەلەپ لۈكچەكلەر ئۇنى ئورىۋالدى ۋە ئۇنى ئىتتىرىپ يىقىتىپ، سېۋىتىنى، يېنىدىكى پۇلىنى تارتىۋالدى.

سىپىنسون تەمتىرىگىنىچە ئۆيىگە بېرىپ بولغان ئىشنى ئانىسىغا دەپ بەردى. ئانىسى ئۇنىڭ قولىغا ئالدىغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ۋە تېخىمۇ كۆپ پۇل تۇتقۇزۇپ، ئۇنى يېمەكلىك دۇكىنىغا يەنە يولغا سالدى. ئۇ يولبويى ھېلىقى



www.uyghurkitap.com

لۇكچەكلەرنىڭ ئەمدى ئۇچراپ بوزەك قىلماسلىقىنى تىلەپ ماڭدى. ئەمما ئۇلار يەنە دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— يەنە شۇ قارىۋاي شۇمتەكقۇ؟!

ئۇلار چۇرقىراشقىنىچە كېلىپ، ئارقىسىغا ئۇرۇلگىنىچە قاچقان سىپنسوننى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق يەرگە چۆرۈۋەتتى. سىپنسون يىغلىدى، يالۋۇردى. ئەمما ئۇلار قىلچە رەھىم قىلىپ قويمىدى.

سىپنسون يىغلىغان پېتى قايتىپ كەتكەندە، ئانىسى ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانىدى.

— ئۇلار مېنى ئۇردى.

ئۇ خىتىلداپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنىڭ پاناھگاھى بولمىش ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— كىرمەيسەن، — دېدى ئانىسى بۇيرۇق ئاھاڭدا.

سىپنسون داڭقېتىپ ئانىسىغا قاراپ قالدى.

— ئۇلار مېنى يەنە ئۇرىدۇ، — ئۇ يالۋۇرغاندەك يىغلىدى.

— يىقىلغان جايىڭدىن تۇرىسەن، — ئانىسىنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — بۈگۈن مەن ساڭا قەددىنى تىكىشنىڭ ئۆزىنى قوغداشنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتىپ قويمىسام زادى بولمايدۇ.

ئانىسى گېپىنى تۈگىتىپ ئۆيگە كىرىپ ھايال بولمايلا تېخىمۇ كۆپ پۇل، تىزىملىك ۋە يەنە بىر كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنى دۇكانغا قايتا ئەۋەتتى.

سىپنسون ئۆيگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن ئوقتەك ئېتىلىپ ماڭغانىدى. ئانىسى تېزلا ئۆيگە كىرىۋالدى ۋە «جاڭگىدە» ئىشىكنى يېپىپ شاراقلىتىپ زەنجىر سالدى. سىپنسونغا ئىككىلا يول قالدى. ئۇ قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى...

ئۇ قولىدىكى كالتەكنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە، نەپەسلىرى يېتىشمىگۈدەك ھاسىرىغان پېتى يولغا چۈشتى.

— يەنە كەپسەنغۇ، قارىۋاي شۇم...

ئۇلار تېزلا سىپنسوننى ئورىۋالدى. سىپنسوننىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كالتەكنى چىڭ سىقىمدىۋالغان بارماقلىرى تېخىمۇ كىرىشىپ كەتتى ۋە قايناپ-تاشقان غەزەپ بىلەن ئالدىغا ئۇچرىغىنىنى قارىقويۇق كالتەكلەشكە باشلىدى. ئەزەلدىن مۇنداق غەزەپلەنگەن ھالىنى كۆرۈپ باقمىغان بىكار تەلەپ نېمىلەر ئالدى-كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىشتى.

سىپنسون ئاخىرى دۇكانغا بېرىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋالدى. قايتقىچە كالتەكنى يەنە چىڭ سىقىمدىغان پېتى كەلدى. ئەمما بايىقى مۇتتەھەملەرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

شۇ كۈنى كەچلىكى سىپنسون ئاخىرى كالتىكىگە تايىنىپ ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ كوچىسىدا قورقماي مېڭىش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى.

***ھېكمەت:***
***دۈشمەنگە يولۇققاندا جاسارەت بىلەن تېخىمۇ قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ.***

## يىقىلغان بالا

بىر ئاتا 16 ياشقا كىرسىمۇ ئەرلەرگە خاس روھ يوق دەپ ئوغلىدىن ئاغرىنىپ ئەندىشە قىلىدىكەن. ئۇ ئاخىرى بىر چامباشچىغا ئوغلىنى يۇرەكلىك قىلىپ تەربىيىلەپ بېرىشكە بېرىپتۇ.

— بالىڭىز يېنىمدا قالىدۇ، — دەپتۇ چامباشچى، — ئالتە ئايغىچە كۆرۈشمەيسىز. ئالتە ئايغىچە مەن ئۇنى تۈزۈك ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىمەن.

يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇ ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بېرىپتۇ. چامباشچى بىر مەيدان مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ ماھارىتىنى ۋە تەربىيەلەش نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ. ئوغۇل بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى مۇسابىقىلىشىپتۇ. ئۇستازى قولىنى چىقىرىپ ئوغۇلنى بىر مۇشت سالغانىكەن، ئۇ موللاقلاپ چۈشۈپتۇ. ئەمما دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئېتىلىپ كەپتۇ. يەنە بىر مۇشت يەپ يىقىلىپ يەنە قوپۇپتۇ. ئارقا - ئارقىدىن يىقىلىپ قوپۇپ جەمئىي 12 قېتىم كەپتۇ...

— قانداق بالىڭىزدىن ئەرلەرگە خاس روھ - جاسارەتنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرەلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ چامباشچى.

— نەدىكىنى؟ مەن ئوغلۇمنىڭ يېرىم يىل تەربىيەلىنىپمۇ بىر مۇشتقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، بىر تاياق بىلەن يەر چىشلەپ يېتىپ قالىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن، — دەپتۇ ئاتا ئازابلانغان ھالدا.

— ئەپسۇس، — دەپتۇ چامباشچى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز يۈزەكى ھادىسە. ئەمما كۆردىڭىزمىكىن، ئوغلىڭىز يىقىلغان يېرىدىن يەنە دەست تۇرالىدى. ئەجەبا بۇ جاسارەت، ئىرادە ئەمەسمۇ؟ ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس جۇشقۇن روھ ئەمەسمۇ؟

دەرەخ قانچىكى چوڭقۇر يىلتىز تارتالىسا، شۇنچە تىك، مەغرۇر ئۆسىدۇ. مۇخالىپ كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭلاردىن باھارنىڭ شەپىسىنى بېرىدۇ. قوپۇش قېتىم سانى يىقىلىش قېتىم سانىدىن كۆپ بولىدىكەن، غەلىبە دېگەن شۇ.

***ھېكمەت:***
***قايتا ئورنۇڭدىن دەست تۇرالايدىغان جاسارەتلا بولىدىكەن، مەغلۇبىيەت ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس.***

## لەگلەكچاقنىڭ پەرۋازى

— ئۇچالمىغۇدەكمەن، — لەگلەكچاق لەيلەپ كېتىۋاتقان بۇرادىرىگە قورقۇش ئىلكىدە توۋلىدى، — ئۇچسامىلا يىقىلارمەنمىكىن؟
— سىناپ باقمامسەن؟ — لەگلەكجان توۋلىدى، — بولە، سىناپ باقمىساڭ ھەرگىز ئۆگىنەلمەيسەن.
— چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىمەن، — لەگلەكچاق يەنە قورقۇپ توۋلىدى.
— ئۇنداق بولسا قال، خوش، — لەگلەكجان پايانسىز كۆككە يول سالدى.
لەگلەكچاقنىڭ قاناتلىرى تىترەشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ سىناپ باقماقچى بولدى. دەسلەپ قورقتى. ئاستا ئۆرلىگەنسېرى دېدىللىشىپ تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلەشكە باشلىدى. ۋە تېزلا لەگلەكجانغا يېتىشىۋېلىپ خۇش بولغان، مەغرۇرلانغان ھالدا ئۆزگىلى تۇردى. پەستىكى باللار ئەمدى چۈمۈلىچىلىك قالدى. ئۇ ئارامبەخش ئاسماندا قۇشلار، بۇلۇتلارنىڭ تەبەسسۇمىغا ھەمجۆر بولدى.
— مەن بەك خۇش، — لەگلەكچاق ھەۋەس بىلەن توۋلىدى، — ئىرادە، جاسارەت بولسىلا تىرىشىپ سىنىغىلى، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىكەن.

***ھېكمەت:***
***تۇنجى قەدەم ئىرادىگە موھتاج. كېلىڭ، سىناپ بېقىڭ.***

## قۇياش دۇمبەمدە پارلايدۇ

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر گەدىنىدىكى ئىنتايىن كۆپ قەرزلىرىنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بولالمىغاچقا، تۈرمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن بىچارە ئوغلى ئامالسىز قارا ئىشچى، ئاقلامچى بولۇپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز جان تىكىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ دادىسىنى كېپىللىككە ئېلىپ چىقىشنىڭ كويىدىلا يۈرۈيدىكەن. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى مۆھلەت توشقان كۈنى، بالا ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا ئالالمايدۇ - دە، دادىسى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ كېتىدۇ. بالا تۆمۈر رىشاتكىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ھۆر - ھۆر يىغلاپ كېتىدۇ. ئەمما دادىسى مېھىرلىك نەزىرى بىلەن كۆلۈمسىرىگىنىچە ئوغلىنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگۈدەك مۇنداق بىر ئېغىز گەپنى قىلىدۇ:
— يىغلىما بالام، قۇياش دۇمبەمدە پارلايدۇ، مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ.
كېيىنچە بالا ئەنگلىيەدىكى ئەڭ كاتتا يازغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بالىنىڭ دادىسىغا نىسبەتەن، ئۆمۈر بىر قاراڭغۇ گۆرىستانغا ئايلانغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدىن

قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما قۇياشتەك پارلاق ئىشەنچ - ئېتىقاد ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مۇدھىش غەم تۇمانلىرىنى تارقىتىپ ئوغلىغا ئىشەنچ - ئىرادە بېغىشلىدى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ئوغلى مۇنداق يازىدۇ: «شۇ چاغدا مەندە ئىنتايىن كۈچلۈك ئارزۇدىن بىرى پەيدا بولدى. يەنى بىلىملىك، باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەم بولۇش. بۇ ئارزۇ مېنىڭ قەلبىمنى شوخشىتىپ، ئەس - ھوشۇمنى تەلتۆكۈس چىرمىۋالغانىدى».

***ھېكمەت:***
***ئىرادە بىر دەستە نۇرغا ئوخشايدۇ. ئۇ كۆلپەتلەرنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ.***

## ئاددىي جاۋاب

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى گرېتسىيە بۆگۈنكىدەك بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئەمەس، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پارچە - پارچە شەھەر دۆلەتلىرى ئىكەن.

ماكېدونىيە گرېتسىيەنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر دۆلىتى بولۇپ، ماكېدونىيە پادىشاھى پۈتۈن گرېتسىيەنى ئۆز ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ئۆتكۈزۈشنى بەكمۇ ئارزۇلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا شەھەر، دۆلەتلەرگە جەڭ ئېچىپتۇ ۋە سپارتالىقلاردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپتۇ.

سپارتالىقلار گرېتسىيەنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان، ئاددىي - ساددا، باتۇرلۇقى بىلەن، شۇنداقلا يەنە ئىنتايىن ئادەتتىكى تىللارنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن نامى چىققان خەلق ئىدى. ماكېدونىيە شاھى پۈتۈن گرېتسىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سپارتالىقلارنىمۇ ئىتائەتكە كىرگۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، سپارتالىقلارنىڭ زېمىنىغا يېقىن يەرگە ئەكەپتۇ ۋە ئۇلارغا ئالاقە ئەۋەتىپتۇ.

«تەسلىم بولۇپ ئىتائەتمىگە كىرمىسەڭلار، زېمىنىڭلارغا بېسىپ كىرىپ، پۈتكۈل تەئەللۇقاتىڭلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىمەن. شەھىرىڭلارغا كىرىپلا قالسام، ھەممە يەرنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سېلىپتۇ ئۇ ئالاقىدە.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ماكېدونىيە شاھى جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ. قەغەزگە بىرلا خەت يېزىپ قويۇلغانىكەن: «ئەگەر...».

***ھېكمەت:***
***خام - خىيالنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقماڭ.***

# ئېلسانىڭ جاۋابى

ئېلسا مۇنبەرگە كېلىپ توختىدى ۋە قولىنى پەستىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىنەر - بىلىنمەس پۇلاڭلىتىپ قويدى. ئېغىزى ئوچۇق، كۆزى بىر نۇقتىغا قادالغان، نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى دەماللىققا بىلەلمىدى. نېمىنى، قانداق دەيدۇ؟ ئۇ سۆزلىيەلمەيدۇ. مېڭە پالەچلىنىش كېسىلى ئۇنى كىچىك چېغىدىلا سۆزلەش ئىقتىدارىدىن ئايرىۋەتكەن. ئەمما ئۇ ئىنتايىن ياخشى ئاڭلىيالايدۇ. بالىلىقتىكى قان - ياشلىق، ئازابلىق كۈنلەر ئىچىدە ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن قەددىنى كېرىپ مۇشكۈللۈك بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان ۋە كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەنئەت پەنلىرى بويىچە دوكتۇرىغا ئايلانغانىدى.

— ئېلسا دوكتور، — بىر ئوقۇغۇچى تۆۋەن ئاۋازدا سورىدى، — كىچىكىڭىزدىنلا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قاپتىكەنسىز. ئۆزىڭىزدىن يىرگىنىپ، نەپرەتلەنمەمسىز؟

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قوپاللىق بىلەن سورالغان بۇ سوئالدىن بىئەپ ھېس قىلغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئەمما ئېلسا سوئال سورىغان ئوقۇغۇچىغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دوسكىغا مۇنۇلارنى يازدى.

1. مەن بەك ئوماق.
2. قول - پۇتۇم ھەقىقەتەن كېلىشكەن.
3. دادام - ئاپام مېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ.
4. رەسىم سىزالايمەن، ئەسەر يازالايمەن.
5. ئوماق بىر تال مۈشۈكۈم بار.
6...

سىنىپ ئىچى تىمتاسلىققا پاتتى. ھېچكىم چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئوقۇغۇچىلارغا قارىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بۇرۇلۇپ دوسكىغا مۇنۇلارنى يازدى: «مەن ئۆزۈمدە بار نەرسىلەرگىلا قارايمەن، ئۆزۈمدە يوق نەرسىلەر ھەققىدە قايغۇرۇپ ئولتۇرمايمەن».

سىنىپ ئىچىدە قىزغىن ئالقىش چاۋاكلىرى ياڭرىدى. ئېلسا ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا باقتى. كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى. مەڭزىدە مەڭگۈ ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان مەغرۇرلۇقنىڭ ئەكسى سۈپىتىدە بىر تامچە ياش چاقنىغىنىچە قېتىپ قالدى.

***ھېكمەت:***

***ھەقىقىي باتۇرلۇق ساڭا ئاتا قىلىنغان ھەممە نەرسىنى قورقماي قوبۇل قىلىشتۇر.***

## مەن تىلاۋەت قىلىپ بولدۇم

بىركان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ 38 كان ئىشچىسى كان ئاستىدا قاپتۇ. يەنە كېلىپ توختىماي ياغقان قار ھەممە ياقنى قېلىن قارغا كۆمۈپ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىنتايىن قىيىنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئاق يەرگە گۈلخان سېلىپ، بىر قىسىمى نۆۋەت بىلەن ئوت ئىسسىنىپتۇ. 30 ياشلاردىكى پوپتىن بىرى تىلاۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن تىلەيمىزكى...»

ھەممەيلەن مۇڭلۇق تىلاۋەت ئاۋازىدىن سۆكۈتكە چۆمۈپتۇ. بۇ چاغدا بىر مۇخبىر بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ، پوپنىڭ مۇقەددەس تىلاۋىتىنى پۈتۈن خەلققە ئاڭلىتىش مەقسىتىدە، ئۈنئالغۇنى ئېچىپتۇ. ئەمما باتارىيە سوغۇقتىن توڭلاپ كەتكەنىكەن. مۇخبىر ئۈنئالغۇنىڭ باتارىيەسىنى ئالماشتۇرۇپ بولغۇچە تىلاۋەتمۇ ئاخىرلىشىپتۇ.

— ھۆرمەتلىك پوپ، — دەپتۇ ھۆرمەت بىلەن، — مەن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى. بايا بىزنىڭ ئۈنئالغۇدىن چاتاق چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇڭلۇق تىلاۋىتىنى ئېلىۋېلىشقا ئامالسىز قالدۇق. ھازىر ئاپپاراتلار تەقلەندى، قايتا تىلاۋەت قىلىپ بەرسىلە بوپتىكەن.

پوپ بىر ئاز گاڭگىراپ:

— مەن ئاللىقاچان تىلاۋەت قىلىپ بولدۇم بالام، — دەپتۇ.

— پوپ، مەن مۇخبىر، — دەپتۇ مۇخبىر ئۆز سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ.

— مەن تىلاۋەت قىلىپ بولدۇم، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى، ئورنى بار. يەنە بىر قېتىم تىلاۋەت قىلىش سەمىمىيلىك جۈملىسىدىن ئەمەس.

— ئۆتۈنۈپ قالاي پوپ، — دەپ چىڭ چاپلىشىپتۇ مۇخبىر.

— ياق! — پوپ قەتئىيلىك بىلەن گەپنى كېسىپتۇ، — ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. مەن تېخى بايىلا تەڭرىگە تىلاۋەت قىلدىم، ئەمدى سىزگە تىلاۋەت قىلالمىدىم!

ئۇ ئۆرۈلگىنىچە كېتىپ قاپتۇ. مۇخبىرلار ئورنىدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***پوپ - ئىماملارنىڭ قەتئىيلىكى مۇقەددەس ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر.***

## كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان ئارزۇ

جىنس ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىپ بىر سەھرادا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ئۇنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا قىلىدىغان ئىشى تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش. ئەمدىلا

مەكتەپكە كىرگەن ئىككىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەلۋەتتە ئۇنچىۋالا مۇكەممەل ماقالىلەرنى يېزىپ چىقالمايتتى. يەنە كېلىپ يېزا بالىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى شەھەر بالىلىرىنىڭكىگە يەتمەمدۇ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوي - پىكىرلەرمۇ كۆپ ئۇچرىمايتتى. مانا بۇگۇنمۇ ئۇ «مېنىڭ ئارزۇيۇم» دېگەن تېمىدىكى ماقالە تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى توساتتىن بىر دەپتەرگە ھەيران قالغاندەك قادىلىپلا قالدى.

«دادام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مېنى دائىم چوڭ بولساڭ تىرىشىپ ئوقۇپ كاتتا ئالىم بولساڭ دەيتتى. ئانام مېنى ساقچى بولساڭ بولاتتى، دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما مېنىڭ ئالىممۇ، ساقچىمۇ بولغۇم يوق. مېنىڭ بىر ئىت بولغۇم بار. كېچە - كۈندۈز ئۆيگە قاراپسام دەيمەن. دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئانام بەكلا ئازابلاندى ھەم ئۆيدە ئانام ئىككىمىزلا قالغاچقىمۇ، ئانام بەكلا قورقۇنچاق، چۆچۈگەك بولۇپ قالدى. مەنمۇ بەكلا قورقىمەن. ئەمما ئانام ئىتنى ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ دەيدۇ. شۇڭا بىر ئىتقا ئايلانسام دەيمەن. ئۇنداق بولغاندا ئانام‌مۇ، مەنمۇ قورقمايتتۇق».

ماقالە ئىنتايىن قىسقا ئىدى. يەنە كېلىپ خاتا جۈملىلەرمۇ يەتكۈچە بار ئىدى. بۇ ئالەمدە ئىتقا ئايلىنىش ئارزۇسىدا بولىدىغاندىن يەنە كىم بار؟ مۇئەللىملەر بۇنداق ئارزۇ - خىياللارنىڭ ئانا - مانىسىنى بىرىدۇ. ئەمما مۇشۇ دەقىقىدە جىنس بىر ئىككىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىدىن قاتتىق سىلكىنىپ توختىدى، بۇرنى قىمىرلاپ كەتتى.

جىنس بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دەپتىرىگە چوڭ قىلىپ ئەلا بەلگىسىنى قويدى ۋە مۇنداق يېزىپ قويدى: «شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان ئارزۇ».

***ھېكمەت:***

***ئەمخورلۇق بالۇرلۇقنىڭ مەنبەسى. بىر ئېغىز چىرايلىق ئىلھاممۇ بەزىدە بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ.***

## مەن سېنىڭدىن پەخىرلىنىمەن

قۇياش پارلاپ تۇرغان چىرايلىق بىر كۈنى، بىر توپ بالىلار بىر مومايىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا مومايىنىڭ ئۆگزىسىگە تاش ئېتىپ ئۇنىڭ دومىلاپ يەنە قايتىپ چۈشۈشىنى تاماشا قىلىپ ئويناۋاتاتتى. ئاتقان تاش ئۇچبۇلۇڭ شەكىلدىكى قىيپاش ئۆگزىدىن دومىلاپ چۈشۈپ بالىلارغا ئوبدانلا ئويۇن بولۇپ بەرگەنىدى.

مېيكمۇ بىر تال تاشنى ئاتتىيۇ، ئەمما سىلىق تاش قولىدىن يانتۇ چىقىپ كەتتى — دەل «جاڭگىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، مومايىنىڭ دېرىزىسىنىڭ بىر كۆز ئەينىكى چۇل -

چۆل بولۇپ چىقىلىپ كەتتى. باللار توشقاندەك پىتىرىشىپ بىردەمدىلا نەلەرگىدۇر غايىب بولدى...

مېيىك بىر كۈن كەچكىچە قورقۇپ يۈردى. نەچچە كۈنلەرمۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىگە گەپ كەلمەيدۇ دەپ ئويلىدى. ئەمما بىر خىل گۇناھكارلارچە ئازابىي تۇيغۇسىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدى.

مېيىك ھەر كۈنى گېزىت توشۇيتتى. ئۇ مومايغا گېزىت ئەكىرىپ بەرگەندە، مومايىنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرىشى ۋە مۇلايىم سالىمى مېيىكنى تېخىمۇ ئۇيالدۇراتتى.

مېيىك ئاخىرى گېزىت توشۇپ تاپقان پۇلىغا مومايىنىڭ چېقىلغان ئەينىكىنى سېلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى ۋە ئۈچ ھەپتە تىرىشىپ يۈرۈپ يەتتە دوللار تاپتى. ئۇنىڭچە بۇ پۇلغا بىر كۆز ئەينەكنى گەپ يوق سالغىلى بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ، يەتتە دوللارنى قىيتىپ بىر پارچە خەت بىلەن مومايىنىڭ گېزىتلىرىنى قوشۇپ ئەتىسى مومايغا ئەكىرىپ بەردى ۋە مومايىنىڭ كۈلكىسىگە كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ يېنىپ چىقتى.

ئەتىسى موماي مېيىكنىڭ ھەر كۈنى گېزىت توشۇپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تاتلىق - تۈرۈم سوۋغا قىلدى. مېيىك خوشاللىقىدا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، پېچىنە يېگەچ گېزىت تارقىتىۋەردى. خېلىدىن كېيىن ئۇ تاتلىق - تۈرۈملار سېلىنغان سۇلياۋ خالتىدىن بىر پارچە كونۋېرتنى بايقاپ قالدى. كونۋېرتتا يەتتە دوللار ۋە «مەن سېنىڭدىن پەخىرلىنىمەن» دەپ يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز بار ئىدى.

***ھېكمەت:***
***جاسارەت دەل ئىشلارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان پاراسەت ۋە قەتئىيلىكنى كۆرسىتىدۇ.***

## تۈلكە بىلەن خوراز

ئورمانلىقى كەڭ كەتكەن بىر پارچە ئاق يەردە ياشايدىغان كىررى ئىسىملىك بىر خوراز بار ئىدى. ئۇنىڭ تاجى ئوتقاشتەك قىزىل، پەيلىرى ئالتۇندەك جۇلالىق، ئاۋازى قوڭغۇراقتەك ياڭراق ئىكەن.

ئۇ ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، دان تېپىپ يەپ قورسىقىنى توقلاپ، قاناتلىرىنى سىلكىپ قاققىنىچە چىللاپ - تاقلاپ سەكرەپ مېڭىپتۇ ۋە تۇساتتىنلا بىر رەڭدار كېپىنەكنى كۆرۈپ توختاپتۇ. چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدا مۆكۈپ ياتقان بىر تۈلكىنى سېزىپ قېلىپ قورققىنىدىن سەكرىگىنىچە چىللاپ قېچىپتۇ.

ــ قەدىرلىك بۇرادەر، نېمىگە قاچىسەن؟ ــ دەپتۇ تۈلكە، ــ سېنىڭ ناخشاڭنى ئاڭلاي دەپ بۇ يەردە مۆكۈپ تۇرغانتىم. قارا، ئاۋازىڭ پەرىشتىنىڭكىدەك سۈزۈك،

يىقىملىق، ئاناڭ - داداڭلار بىلەن يىقىن ئۆتەتتۇق. سەن بىلەمسۇ ئارىلىشىپ ئۆتسەم دەيمەن. ھە راست، داداڭ رەھىمەتلىك ئېيتىدىغان ناخشا ئېسىڭدە بارمۇ؟ ئۇ ناخشا ئېيتمىشتىن ئاۋۋال يەتكىچە قانات قېقىپ ئاۋاز سازلايتتى. ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ ئېيتىشقا باشلايتتى. سەنمۇ شۇنداق ئېيتىشنى ئۆگەنمەمسەن؟ شۇ تەرىقىدە ئېيتىپ بەرسەڭ، ئاڭلىسام بولاتتى. راستلا ئاڭلىغۇم بار. ئاۋازىڭ تېخىمۇ سازلىشىپ كەتتىمۇ قانداق، بىر كۆرسىتىپ قويمامسەن؟

كىررى تۈلكىنىڭ شېرىن - شېكەر گەپلىرىنى ئاڭلاپ، مەغرۇرلىنىپ قانىتىنى قېقىپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە نەچچىنى چىللىۋېتىپتۇ ۋە ناخشىسىنى باشلاي دەپ بولغۇچە تۈلكە ئۇنىڭ پوكىنىدىن كاپلا قىلىپ ئالغىنىچە ئۇۋىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

— ھەقىقەتەن تېز يۇگۇرەيدىكەنسەن! — دەپتۇ خوراز تۈلكىنىڭ پوكىنىدا خارقىراپ يېتىپ، — مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغان بولسام، خەلقئالەمگە تازا كۆز - كۆز قىلىۋالاتتىم، ئۇلارنى چاقىراتتىم - دە، قاراڭلار، مەن نېمىدېگەن ئەقىللىق، ھەم تېز يۈگۈرىمەن - ھە؟ بىردەم تۇرۇپ تازا مەززە قىلىپ بۇ ھاماقەت خورازنى يەپ تاماشا قىلىمەن، دەپ جاكارلايتتىم.

تۈلكە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بوپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى جاكارلاي دەپ ئېغىزىنى شۇنداقلا ئېچىشىغا خوراز پۇررىدە قىلىپ ئۇچقىنىچە بىر دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقىۋاپتۇ.

— زۇۋان سۈرمەيدىغان چاغدا جەزمەن سۆكۈت قىلىش كېرەككەن، شۇنداقمۇ تۈلكە؟ — خوراز شۇنداق دەپتۇ. تۈلكە ئامال يوق قۇيرۇقىنى ساڭگىلاتقان پېتى كېتىپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***شېرىن - شېكەر گەپلەر ئوڭايلا بىزنى قارىغۇلارچە مەمەدانلىققا ئېلىپ بارىدۇ.***

## يىلپىزنىڭ ئۆچ ئېلىشى

بىر يىلپىز بالىسى ئۇۋىسىدىن چىقىپ قالايمىقان چۆرگىلەپ يۈرۈپ بىر توپ پىلنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا چوڭ مەخلۇقلارنىڭ قېشىغا قەتئىي يولىماسلىق ھەققىدە تالاي رەت ئاگاھلاندۇرغانىكەن. مانا ئاڭلىمىغۇدى، پاتپاراق بولغان پىللار ئۇنى دەسسەپ چەيلىۋېتىپتۇ. بىر ئىت بۇنى كۆرۈپ دەرھاللا يىلپىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

— نېمە؟ — غەزەپلەنگەن يىلپىزلار ئاچچىقىدا ھۆركىرەپ كېتىپتۇ، — ئۇنى كىم ئۆلتۈردى. ئېيت؟ مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن قىساس ئالىمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— پىل، پىللار دەسسىۋەتتى.

— پىل؟! — يىلپىز تۇرۇپ قاپتۇ، — راستمۇ؟

— راست، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دەپتۇ ئىت.

ئانا يىلپىز ئۇيان - بۇيان چۆرگىلەپتۇ ۋە بېشىنى توساتتىن قاتتىق سىلكىنىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

— ياق، سەن خاتا كۆرۈپسەن، بالامنى ئۆچكىلەر ئۆلتۈرگەن گەپ. جەزمەن ئۆچكىلەر ئۆلتۈردى. مەن جەزمەن قىساس ئالىمەن.

ئۇ كېيىنى تۇگىتىپلا تاغدىن شىددەت بىلەن پەسكە قاراپ ئېتىلىپ مېڭىپتۇ ۋە غەزەپلەنگەن ئىككىسى ئۆچكىلەرگە چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئاجىزلارغا ئېلىپ بېرىلغان قىساس باتۇرلۇق جۇملىسىدىن ئەمەس.***

## ئىككىنچى ئوقيا

ئۆتمۈشتە شېۋىتسارىيە بوگۇنكىدەك ئەركىن، باياشاد دۆلەت ئەمەس ئىكەن. بۇرۇن ئۇ يەرگە گۆسلى ئىسىملىك بىر زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، خەلق ئىنتايىن ئېغىر مۇشكۈلچىلىكتە قاپتۇ.

بىر كۈنى، بۇ زالىم شاھ بىر كەڭ مەيدانغا بىر خادا قاداپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قالپىقىنى ئىلىندۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە شەھەرگە كىرگەن ھەر بىر ئادەمنى ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ. ئەمما ۋىليام·تور ئىسىملىك بىرلا ئادەم پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، ئىككى قولىنى قوشتۇرۇپ، مەسخىرىلىك نەزىرى بىلەن قالپاققا قارىغىنىچە تۇرۇۋېرىپتۇ. ئەسلا تازىم قىلماپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. باشقا شېۋىتسارىيىلىكلەرمۇ بۇنىڭدىن ئۆگەنسە دۆلەتنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىغان بۇ لەنەتگەردىنى قاتتىق جازالىماقچى بوپتۇ.

ۋىليام·تور تاغدا ياشايدىغان، ماھىر ئوۋچى ئىكەن. پۈتۈن شېۋىتسارىيەدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئوقياچىدىن يەنە بىرى يوق ئىكەن. پادىشاھ بۇنى بىلگەچكە ئۇ ئىنتايىن شەپقەتسىز ئۇسۇلدىن بىرى بىلەن بۇ ئەبلەخنى جازالىماقچى بوپتۇ. يەنى ۋىليامنىڭ ئوغلىنىڭ بېشىغا بىر تال ئالمىنى قويۇپ، ۋىليامنى شۇ ئالمىنى ئېتىپ چۈشۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. ۋىليام شاھتىن بۇنداق بىمەنە ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بالىسى قىمىرلاپلا قالسا ياكى ئۆزىنىڭ قولى تىترەپ كەتسە ياكى ئوقيا جايىدا تەگمەي قالسا ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس ئىدى.

— بالامنى ئۆلتۈرگۈزمەكچىمۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— ئەمدى گەپ قىلما، بىر ئوقيا بىلەن ئالمىنى ئېتىپ چۈشۈرسەن. ئاتالمىساڭ، ئەسكەرلىرىم ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرىدۇ.

ۋىليام گەپ قىلماي كىرىچنى تەقلەشكە كىرىشىپتۇ. بالا دادىسىنىڭ ماھارىتىگە ئىشەنگەچكە مىدىر - سىدىر قىلماي جىم تۇرۇپتۇ. دادىسى كىرىچنى قويۇۋېتىپتۇ. «ۋىششىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالما ئىككىگە پارچىلىنىپ يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ. كىشىلەر قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ زالىم شاھنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمىگىنىگە تەنتەنە قىلىشىپتۇ. ۋىليام ماڭار ۋاقتىدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا يەنە بىر ئوقيانى تاشلاپ قويۇپتۇ.

— ئەبلەخ، — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ غەزەپلىنىپ، — بۇ ئىككىنچى ئوقيانى نېمە قىلماقچى ئىدىڭ؟

— زالىم، قانخور، — ۋىليام مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ، — ئوقيا بالامغا تەگكەن بولسا، بۇ ئىككىنچى ئوقيا ساڭا تېگەتتى.

راستلا ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ۋىليام بۇ زالىم شاھنى ئۆلتۈرۈپ مىللىي قەھرىمانغا ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھوقۇققا تىز پۈكۈپ قالماڭ، زوراۋانلىق ئالدىدا تەمكىن جاسارىتىڭىزنى ساقلاڭ.***

## گوللاندىيەلىك كىچىك قەھرىمان

گوللاندىيەنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرى دېڭىزدىن تۆۋەن بولۇپ، شۇڭا ئۇلار ئىزچىل توسما ياساش، پۇختىلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەتتا بالىلارمۇ توسمىنىڭ ئۇنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى، كىچىككىنە يېرىق — يوچۇقنىڭمۇ ئىنتايىن زور ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغىنىنى بىلىدۇ.

پېتىرنىڭ دادىسى توسما كۆزەتچىسى. بىر كۈنى پېتىر توسمىدا ئويناۋاتاتتى. يامغۇر سۇ ئورنىنى خېلىلا كۆتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، دولقۇنلار توسمىغا شالاپشىتىپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— توسما دېگەن قالتىس نېمە جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — بۇ ئۇرۇلۇپلا كەتسە نېمە بولىدىغىنىنى بىلىپ بولمايدۇ. مۇشۇ گۈزەل تۇپراق سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ، دادام شۇڭىمۇ بۇنى «ئاچچىقى يامان سۇ» دەپتىكەن.

ئۇ يولبويىدىكى ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارنى ئويىنىغاچ، ياۋا توشقانلارنىڭ ئۇركۈپ قېچىشلىرىنى تاماشا قىلغاچ ئۆيىگە ماڭدى. قۇياش غەربكە قىيسىيىپ، گۇگۇم يېپىلىشقا باشلىغان چاغ ئىدى. «ئاپام جەزمەن يولۇمغا قاراپ تۇرغاندۇ» شۇلارنى ئويلىغان پېتىر قەدىمىنى ئىتتىكلەتتىيۇ، نەدىندۇر شىرقىرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ

توختاپ قالدى. ئۇ ئىنچىكە سەپسېلىپ توسمىدا كىچىككىنە بىر تۆشۈكنىڭ بارلىقىنى، سۇنىڭ شۇ يەرنى بويلاپ چۈشۈۋاتقىنىنى بايقىدى. ھەر بىر بالىغا بۇ يىرىقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى بەش قولدەك ئايدىڭ ئىدى.

پېتىر زور خەۋپنى ھېس قىلىپ يەتتى. بۇ يىرىقنىڭ بىر دەمدىلا چوڭىيىپ شىددەتلىك سۇ تاشقىنىغا ئايلىنىشى ھەتتا پۈتۈن ئەلنى يالماپ كېتىشىمۇ تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئۇ قولىدىكى گۈللەرنى تاشلاپ توسمىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى ۋە بىر ئاماللارنى قىلىپ يىرىقنى تاپتى. يىرىق تېخى كىچىك ئىدى. ئۇ قولى بىلەن بېسىۋېلىۋىدى، سۇ توختىمىدى... ئەمما قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. پېتىر جان - جەھلى بىلەن: — ئادەم بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. ئەمما ھېچكىم كەلمىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى.

ئۇ كاسىلداپ تىترەشكە باشلىدى. قوللىرى مۇزلاپ ھېچنەرسىنى سەزمىدى. دادىسىنى، ئانىسىنى، جاھاندىكى ھەممە ئادەمنى تولاپ چىقتى. ھېچكىم يوق...سۇ دەھشەت بىلەن لەڭ ئۇرۇپ توسمىغا ئۇرۇلاتتى. قولىنى مىدىرلاتسىلا شىرقىراپ سۇ ماڭاتتى. ئۇ دۈم يېتىپ قولىنى مىدىر - سىدىر قىلماي توسمىغا چاپلىشىپ ياتاتتى. «جەزمەن بەرداشلىق بەرمىسەم بولمايدۇ» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. شۇنداق قىلىپ بىر كېچە ئۆتتى... ئەتىسى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلدى — دە، كەتمەن، گۈرجەك ئېلىپ، كىشىلەرنى باشلاپ كېلىپ توسمىنى پۇختىلىدى ھەمدە توڭلاپ، كۆكىرىپ، تىترەپ كەتكەن پېتىرنى ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ بالىنىڭ جان تىكىپ گوللاندىيە ئاھالىسىنىڭ ھاياتىنى قوغدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە ئەتراپقا تارقىلىپ، كىشىلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان كىچىك قەھرىمانغا ئايلاندى.

***ھېكمەت:***

***مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلەر ئالدىدا مۇشەققەتكە قارىماي، دېڭىز دولقۇنلىرىدىنمۇ كۈچلۈك ئىرادە، كۈچ بىلەن تىرىششقا توغرا كېلىدۇ.***

## يەنە سەل چىدا

ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا قاتناش ھادىسىسىدە سول قولىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ رۇداۋچە ئېلىشىشنى بەكلا ئۆگەنگۈسى بار ئىكەن. ئۇ ئاخىرى بىر رۇداۋچە ئېلىشىش ئۇستىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. ئۆگىنىشىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن. ئەمما ئۇ ئۈچ ئايغىچە توختىماي بىر گۇمپىنىلا مەشىق قىپتۇ. شۇڭا سەل چۈشىنەلمەي: — باشقا گۇمپىلارنى ئۆگەنمەمدىم؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇستازىدىن.

ــ توغرا، ــ دەپتۇ ئۇستازى، ــ مۇشۇ گۇمپىنى پىششىقلا، مۇشۇنى ئۆگەنسەڭلا ساڭا كۇپايە.

بالا نېمىشقىلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇستازىنىڭ دېگىنىنى بويىچە مەشىق قىلىۋېرىپتۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇستازى ئۇنى مۇسابىقىگە ساپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىمەيلا دەسلەپكى ئىككى ئايلانمىدا رەقىبىنى يېڭىۋالدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەن. ئۈچىنچى ئايلانمىدا ئۇ سەل تەسرەك بولسىمۇ ئۆز گۇمپىسىنى جارى قىلدۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ رەقىبىنى يەنىلا يېڭىۋاپتۇ - دە، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىرىپتۇ.

ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە ئۇچرىشىدىغان ماھىرى ھەم ئېگىز ھەم كۈچلۈك، تەجرىبىلىك ئىكەن. رېپىر بالىنىڭ بىر قولىنىڭ يوقلۇقىنى، يەنە كېلىپ ياش، بەدەن قۇرۇلمىسى جەھەتتىن رەقىبىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ زەخملىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مۇسابىقىنى توختىتىشنى قارار قىپتۇ. ئەمما ئۇستازى ئۇنىماپتۇ ۋە بالىغا: ــ يەنە سەل چىدا، چىدىساڭلا يېڭىسەن، ــ دەپتۇ رىغبەتلەندۈرۈپ.

مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. رەقىبى خۇددى ئۇنى مەنسىتمىگەندەك ئۆزىنى بوش تۇتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ ھېلىقى ئۆزى باشتىن - ئاخىر مەشىق قىلىپ كەلگەن گۇمپىسىنى ئىشلىتىپ توختاۋسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ - دە، بىر قولى بىلەنلا بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ چېمپىيونلۇقىغا ئېرىشىپتۇ.

قايتىدىغان چاغدا بالا ئۇستازى بىلەن ھەر قېتىمقى ئۇچرىشىشتىكى ئىنچىكە ھالقىلارنى مۇلاھىزە قىلغاچ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا بالا غەيرەتلىنىپ سوراپتۇ:

ــ ئۇستاز، مەن زادى نېمىگە تايىنىپ چېمپىيون بولالىغاندىمەن؟

ــ بۇنىڭدا ئۈچ سەۋەب بار. بىرىنچى، سەن رۇداۋچە ئېلىشىشتىكى ئەڭ قىيىن بىر گۇمپىنى تولۇق ئىگىلىدىڭ. ئىككىنچى، ھەممىگە ئايانكى، سەن ئۆگەنگەن بۇ گۇمپىغا پەقەت سول قولۇڭنى تۇتۇۋېلىش ئارقىلىقلا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما سېنىڭ سول قولۇڭ يوق. ئۈچىنچى، سەن ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلىدىڭ.

***ھېكمەت:***
***بەرداشلىق بەرسىڭىزلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيسىز.***

## سەۋزە، تۇخۇم ۋە قەھۋە

بىر كۈنى قىزى دادىسىغا تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىكلىكى ھەققىدە زارلاپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى ئۇستا ئاشپەز ئىكەن. ئۇ قىزىنىڭ قاقشاشلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قىزىنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئوخشاش ئۈچ قازانغا ئوخشاش مىقداردا سۇ قۇيۇپ، بىرىگە بىر دانە سەۋزە، ئىككىنچىسىگە بىر دانە تۇخۇم، ئۈچىنچىسىگە بىر تال

قەھۋە پۇرچىقى سېلىپ 20 مىنۇت قاينىتىپتۇ. ئاندىن كېيىن توخۇم بىلەن سەۋزىنى ئىككى تەخسىگە ئېلىپ، قەھۋەنى بىر ئىستاكانغا قۇيۇپ، قىزىدىن بۇ نەرسىلەردە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

قىزى ئۈچ خىل نەرسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ: «ئەسلىدىكى قاتتىق، چورۇك سەۋزە يۇمشاپ كېتىپتۇ. ئەسلىدىكى ئاجىز، سۇيۇق توخۇم پىشىپ شاكىلى تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئېقى، سېرىقى پىشىپ ئۇيۇشۇپتۇ. قەھۋە پۇرچىقى ئېرىپ خۇش پۇراق، ئىچىشلىك قەھۋەگە ئايلىنىپتۇ». قىزى شۇلارنى دەپتۇ. دادىسىنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي سوراپتۇ:

— بۇ ئارقىلىق ماڭا نېمىنى كۆرسەتمەكچىسەن، دادا!

— ئوخشاش قازان، ئوخشاش سۇ، ئوخشاش ئوت، ئوخشاش ۋاقىتتا قاينىتىلغان ئۈچ خىل نەرسىنىڭ بۇ مۆھتىقا قارىتا كۆرسەتكەن ئۈچ خىل تەسىرىنى كۆردۈڭ. ھاياتنىڭ قايناملىرىدا ياكى سەۋزىدەك ئېرىپ يۇمشاپ كەت، توخۇمدەك قات ۋە ياكى قەھۋەدەك خۇش پۇراق چاچ، تۇرمۇش ھەر قانچە رەھىمسىز بولسىمۇ، ئۆز بارلىقىڭ بىلەن ئەتراپىڭغا ئىللىقلىق يەتكۈز. شۇندىلا تۇرمۇشۇڭ مەنىلىك بولىدۇ، غالىبلارغا ئايلىنالايسەن، ئەتراپىڭنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ گۈزەل، مەنىلىك قىلىشقا كۈچ چىقار.

***ھېكمەت:***
***قەيسەر ئىرادە بولىدىكەن، سىز ھامان كۆڭلۈڭلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايسىز.***

## «قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمى

— ساۋاقداشلار، ئۆزۈڭلار «قىلالمايمەن» دېگەن ئىشلىرىڭلارنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىپ ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار.

ئەننا مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا شۇنداق دېدى - دە، ئۆزىمۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، ئۆزى «قىلالمايمەن» دېگەن ئىشلارنى يېزىشقا باشلىدى. فىلوردا شىتاتىغا قاراشلىق بىر كىچىك بازارنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بۇ ئوقۇتقۇچىسى بۇگۈنكى دەرستە ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە مەزمۇندا تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇردى.

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە نۇرغۇن ئىشلارنى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە «توپ تېپەلمەيمەن»، «ئۈچ خانىلىقتىن يۇقىرى سانلار ئارىسىدىكى كۆپەيتىشكە دائىر مەسىلىلەرنى ئىشلىيەلمەيمەن»، «بېل بىلەن ياخشى ئۆتەلمەيمەن» دېگەندەك نۇرغۇن گەپلەر بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار يېزىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسىنى مۇنبەرگە قويۇلغان بىر قەغەز كوروپكىغا تاشلىدى. مۇئەللىم قەغەز كوروپكىنىڭ

ئېغىزىنى ئېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى باشلىغىنىچە تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كەلدى ۋە بىر يەردىن بىر دانە گۆرجەك تېپىپ كېلىپ، ئورەك كولاشقا باشلىدى.

بىردەمدىلا بىر دانە ئورەك كولاندى. مۇئەللىم «قىلالمايمەن» يېزىلغان قەغەز كوروپكىنى ئورەككە تاشلىدى. ئارقىدىن ئورەك كۆمۈلدى.

مۇئەللىم «قىلالمايمەن» دەپنە قىلىنغان ئورەكنى چۆرىدەپ تۇرغان باللارغا قاراپ سۆزلۈك ئاۋازدا:

— باللار ھازىر قول تۇتۇشۇپ، بېشىمىزنى ئېگىپ تۇرۇپ، تەزىيە بىلدۈرىمىز، — دېدى. ھەممەيلەن مۇئەللىمنىڭ دېگىنى بويىچە تەكشى قول تۇتۇشۇپ، باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە سۈكۈتتە تۇردى.

— دوستلار، بۈگۈن بىز قايغۇلۇق ھالدا «قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇرۇۋېتىمىز، — مۇئەللىم تەنتەنىلىك ھالدا ماتەم سۆزى قىلىۋاتاتتى، — «قىلالمايمەن» ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا بىز بىلەن ئىنتايىن ئىجىل - ئىناق ئۆتكەن. بىزگە جىق تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ھەر بىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىز ھەر كۈنى ھەر قانداق سورۇندا ھەتتا مەكتەپ، ھۆكۈمەت، يىغىن زاللىرى، زۇڭتۇڭ مەھكىمىلىرىدىمۇ ئۇچرىتىپ تۇراتتۇق. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش. بىزمۇ ماتەم مۇراسىمى ۋە ئورنىتىلغان خاتىرە تېشى ئارقىلىق ئۇنىڭ تىنچ - ئامان يېتىشىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بولمىش «قىلالايمەن» خان، «قىلغۇم بار» جان، «ھازىرلا قىلاي» ئاخۇنلارنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. گەرچە ئۇلارنىڭ ئابرۇيى، تەسىرى، ئىناۋىتى «قىلالمايمەن» ئەپەندى ئۆزلىرىنىڭكىدەك زور، كاتتا، يېقىشلىق بولمىسىمۇ ئۇلار ھەر بىرىمىزگە، پۈتۈن دۇنياغا تېخىمۇ ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ. بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز. «قىلالمايمەن» ئەپەندى خاتىرجەم يېتىڭ، سىزنىڭ ۋاپاتىڭىز بىزنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئالغا بېسىشقا ھەر قاچان ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ئامىن!

مۇئەللىم باللارنى سىنىپقا قايتۇرۇپ كەلدى. ھەممەيلەن خۇشاللىق ئىلكىدە تاتلىق - تۇرۇم يەپ، مېۋە شەربەتلىرىنى ئىچىشىپ «قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ ئىككىلەندۈرۈشىدىن قۇتۇلغىنىغا تەنتەنە قىلىشتى. ئەتىسى مۇئەللىم يەنە بىر پارچە قەغەزدىن قارىلىق بەلگىسى ياساپ سىنىپنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كىمنىڭ ئېغىزىدىن «قىلالمايمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا سىنىپقا چاپلاپ قويۇلغان قارىلىق بەلگىسىنى كۆرسىتىپ، «قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى تىرىشىپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدىغان بولدى.

***ھېكمەت:***

***«قىلالمايمەن» ــ ئۇ مەغلۇبىيەتنىڭ دادىسى، ئارزۇ – تىلەكلەرنىڭ دۈشمىنى.***

## تىلەمچىنىڭ رەسمى

بىر رەسسامنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پولنىڭ ئۇ قېتىدا بىر تىلەمچى ئولتۇرىدىكەن. رەسسام تۇرمۇشنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ، ھەممىدىن رايى قايتىپ مۇشۇ يولغا كىرىۋالغان بۇ تىلەمچىنىڭ رەسمىنى سىزىپ چىقماقچى بوپتۇ. ئەمما ئۇ بىر نەچچە مۇھىم يېرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپتۇ. يەنى ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىنى ئۆز غايىسى يولىدا چاقناۋاتقاندەك نۇرلۇق، سولاشقان يۈز تېرىلىرىنى پولاتتەك قەتئىي ئىرادە ۋە جاسارەت چىقىپ تۇرىدىغان چىڭ قىلىپ سىزىپتۇ ۋە رەسىم پۈتكەندىن كېيىن ھېلىقى تىلەمچىنى باشلاپ ئەكىرىپ رەسىمنى كۆرسىتىپتۇ. تىلەمچى رەسىمدىكى ئۆزى ئىكەنلىكىنى تونۇيالماپتۇ.

ــ كىم بۇ؟ ــ رەسسام تىلەمچىدىن سوراپتۇ. تىلەمچى ئىنچىكە سەپسېلىپ رەسىمدىكى ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ مەلۇم جايلىرىنىڭ ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىنى بايقاپ:

ــ بۇ مەن ئەمەستۇ؟... ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇ مېنىڭ نەزىرىمدىكى سىز، ــ دەپتۇ رەسسام.

ــ ئەگەر بۇ سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى مەن بولسام، ئۇنداقتا قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ كەلگۈسىدىكى مەن، ــ دەپتۇ تىلەمچى قەددىنى كېرىپ.

تىلەمچى ئۆزىدە تېخى ئىنسانغا خاس خىسلەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقاپتۇ ۋە خورجۇنىنى چۆرۈۋەتكىنىچە گۈس - گۈس دەسسەپ كېتىپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە تىقىپ يۈرۈۋەرمەڭ، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، بوشاشماستىن غەلىبىرى ئالغا بېسىڭ، مانا بۇ ھايات!***

## كېپىنەك زۈكۈتۈك

بىر تۆرقى كۆرۈمسىز، كېكەچ، بىر قولىقى يوق بالا بولغانىكەن. ئۆزىنىڭ كېكەچلىكىنى يوق قىلىش ئۈچۈن، ئۇ قەدىمكى بىر ئۇستا ناتىقنى دوراپ ئېغىزىغا تاش سېلىپ مەشىق قىلىپتۇ. تاش ئېغىز - تىلىنى ئاغرىتىۋەتكەچكە ئانىسى چىدىماي:

ــ بولدى، مەشىق قىلما، بىر ئۆمۈر سېنى مانا مەن باقىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ ئانا، ــ دەپتۇ ئۇ ئانىسىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ــ كىتابتا «ھەربىر چىرايلىق

كېپىنەك ئۆزىنى قايپساپ تۇرغان تۇخۇم لىچىنكىسىنى چېقىپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنالايدۇ» دەپ يېزىلغان ئىكەن. مەنمۇ جەزمەن بىر چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنىمەن.

كېيىن ئۇ راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ. ئەمدى تىرىشچان، ئاق كۆڭۈللۈكى، ئالاھىدە نەتىجىسى بىلەن ياخشى ئىناۋەت تىكلەپتۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھېسداشلىقى، ھۆرمىتى، قوللىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭ: «مەن دۆلەت ۋە خەلقنى يېتەكلەپ بىر چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنىمەن» دېگەن گېپى سايلام شوئارىغا ئايلىنىپتۇ ھەمدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىپتۇ. كىشىلەر سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنى «كېپىنەك زۇڭتۇڭ» دەپ ئاتىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئىرادە بىزنى مۈشكۈلچىلىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ پەرۋازغا يېتەكلەيدىغان ئالماس قانات.***

## بۆركۈت ۋە قۇلۇلە

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دۇنيادا بۆركۈت ۋە قۇلۇلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھايۋانلا ئېھرامنىڭ چوققىسىغا چىقالايدىكەن.

بۆركۈت بىلەن قۇلۇلە بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل جاندار. بىرى قەتئىي، سەزگۈر، كەسكىن، كۈچتۈڭگۈر؛ يەنە بىرى ئاجىز، ئاستا، دېۋەڭگەك. بۆركۈت شەپقەتسىز، قانخور، ھەتتا قېرىنداشلىرىغىمۇ رەھىم قىلمىپ قالمايدۇ. قۇلۇلە ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ھېچقانداق مەخلۇققا زىيان سالالمايدۇ. بۆركۈتتە مۇستەھكەم بىر جۈپ قانات بار. قۇلۇلىدا بىر تال ئېغىر قاپ بار. ئۇلار دەل بىرى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، يەنە بىرى يەردە ئۆمىلەپ يۇرۇشكە ماس ھالدا تۇغۇلغان. ئوخشايدىغىنى ئۇلار ئېھرامنىڭ چوققىسىغا چىقالايدۇ.

بۆركۈتنىڭ ئېھرامنىڭ چوققىسىغا چىقالىشى يىغىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قانىتىغا باغلىق. ئۇ بىر جۈپ مۇستەھكەم قانىتىغا تايىنىپ ئەڭ شەپقەتسىز، ئەڭ كۈچلۈك ھايۋاننىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ قانىتىنىڭ ياردىمىدە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھۆجۈمغا ئۆتۈپ، يەنە شۇنداق تېزلىكتە چېكىنەلەيدۇ ۋە بەدىنىنى زىيان - زەخمەتتىن ساقلاپ قالالايدۇ. قانات ئۇنىڭ جېنىغا باراۋەر. قانات بىلەن ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىكى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىكى باشقا جاندارلار بىلەن ئەمەس، ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۆركۈتلەر ھەر دائىم تۇخۇم تۇغۇپ، ئىككى دانە چۈجە چىقىرىدىكەن، بىللە باقىدىكەن، ئەمما مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ھەر ئىككىسىنى ئالغاچ قويۇپ، ھايات - ماماتلىق جەڭگە سالىدىكەن. كۈچلۈكى يەنە بىرىنى يېيىش ئارقىلىقلا ھايات قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىكەن. گەرچە بۇ ئىنتايىن شەپقەتسىزلىك بولسىمۇ، بۆركۈتلەر مانا مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەنىكەن.

ئەمما قۇلۇلە گەرچە ئىنتايىن ئاستا ھەرىكەت قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئۆز نىشانى ئۈچۈن بىر دەقىقىمۇ توختىماستىن جاھىللارچە تىرىشىش روھى ئۇنى ئېھرامنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ كىچىك، ئاجىز مەخلۇقنىڭ پارلاق چوققىغا چىقالىشى ئۇنىڭ بىرقەدەم - بىر قەدەمدىن توختاۋسىز ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئۇنىڭ ئېغىر قېپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇلۇلە قېپى ئىنتايىن پۇختا بولۇپ، ئۇنىڭ قوغداش ئەزاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ رەقىبىگە ئۇچرىغاندا چاققانلىق بىلەن قېپىنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ جېنىنى ساقلاپ قالالايدۇ. دۆت، ئاستا بولسىمۇ تىرىشچانلىق روھىغا ئىگە قۇلۇلە بۆركۈتكە ئوخشاشلا باتۇر جاندارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

***ھېكمەت:***
***چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىش كۈچىنىڭ قانچىلىكلىكىگە ئەمەس، بەرداشلىق بېرىش كۈچىنىڭ قانچىلىكلىكىگە باغلىق.***

## تەكرار مەغلۇبىيەت

پېتىر ئېسىگە كەلسىلا دادىسى قىمارۋاز، ئانىسى ھاراقكەش، ئۆيى جېدەل - ماجىرانىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا جېدەلدىن نېرى بولالمايدىغان چوڭ بولىدۇ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئوقۇشتىن چېكىنىپ، بىكار تەلەپلەر توپىغا قېتىلىپ كېتىدۇ. بىر كۈنى ئۇ توساتتىنلا ئۆزىگە سوئال قويىدۇ:

— مۇشۇنداق يۈرۈۋەرسەم، دادام - ئانامدىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟

ئۇ ئۆزىنىڭ بار - يوقى، كارخانا، سودا، پۇل... قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى مېڭىسىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىن ئارتىس بولۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭدا ھېچقانداق كەسپىي تەربىيىلىنىش ياكى ئوقۇش تارىخى دېگەندەك نەرسىلەر بولمىسىمۇ، ئۇ ئوقۇش تارىخى بىلەن ئۇنچىۋالا ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان بۇ يولدا تىرىشسىلا نان تېپىپ يېيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ، تىرىشىپ مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ ھەمدە كىنو شىركەتلىرىگە بېرىپ چولپانلارنى، رېژىسسور، كىرىشتۇرگۈچىلەردىن ئۆزىگە بىرەر رول بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمما ئۇ ئارقا - ئارقىدىن

رەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى بار دەپ ئويلاپ، ئەستايىدىللىق بىلەن پۇرسەت ئىزدەيدۇ. تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن كىنو شىركەتلىرىدە ئەڭ مەينەت، ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقىمۇ رازى بولىدۇ.

ئۇ چېكىنىپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش نىيىتىدە سىنارىيە يېزىپ ئاندىن رول ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ سىنارىيىنى پۈتكۈزۈپ، بىر رېژىسسورغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىگىمۇ رول تەقسىملەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالىدۇ. سىنارىيە يامان ئەمەس ئىدى. لېكىن ھېچقانداق تەجرىبىسى يوقلا بىر ئادەمگە رول بېرىشكە رېژىسسور ئۇنىمايدۇ - دە، يەنە رەت قىلىنىدۇ.

تالاي مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرايمۇ، ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى ۋە بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقىدىن يانمايدۇ. 1300 قېتىم رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭلا 20 قېتىمدىن ئارتۇق رەت قىلغان بىر رېژىسسور ئاخىرى ئۇنىڭغا رول بېرىشكە قوشۇلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

— سېنىڭ رولنى قانداق ئېلىشىڭنى بىلمەيمەن، ئەمما سېنىڭ بۇ كەسپكە بولغان ئوتتەك روھىڭ مېنى تەسىرلەندۈردى. ساڭا بۇ قېتىم ئەر باش پېرسوناژنىڭ رولىنى تەقسىملەپ بېرىمەن. ياخشى رول ئالالمىساڭ، ئەمدى بۇ نىيىتىڭدىن يانىسەن.

ئۈچ يىللىق يالۋۇرۇش، ئۈچ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇ تۇنجى رول ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بەخت ئىلاھى ئۇنىڭغا ئاخىرى كۈلۈمسىرەپ باقتى.

ئۇ ھازىر داڭلىق چولپانغا ئايلاندى. رېژىسسور كولۇمبۇ ئۇ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئىرادىسى، تەمكىنلىكى، بەرداشلىق بېرىش كۈچى راستىنلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ مۆجىزە يۈز بېرىشنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى مۆجىزىنى ئاكتىپلىق بىلەن ياراتقۇچى.»

***ھېكمەت:***
***پۇرسەتنى كۈتمەڭ، بەلكى ئۇنى يارىتىڭ.***

## قەيسەر ئۆمۈچۈك

ئوچۇق ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ ھەممە ياقنى ھۆلدىۋەتتى. خەنس كارىدورغا ئاز - تولا سۇ سېپىپ بېرىپ، تۇيۇقسىزلا لاي - پاتقاقلىشىپ كەتكەن تۈپىدا ماڭالماي قىينىلىپ قالغان بىر ئۆمۈچۈكنى بايقاپ قالدى. ئۇ بىر خىل سەسكىنىش تۇيغۇسىدا ئۇنى دەسسىۋەتمەكچى بولۇپ پۇتىنى كۆتۈردىيۇ، قورقۇپ تۈگۈلۈۋالغان ئۆمۈچۈككە ئىچى ئاغرىپ پۇتىنى ئاستا چۈشۈرۈۋالدى ۋە بىر تال تاياق ئېپىپ كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ قۇرۇق يەرگە قويۇپ قويدى. ئۆمۈچۈك ئىشەنمىگەندەك خەنسقا قاراپ قويۇپ خاتىرجەملىك بىلەن ئۆمىلەپ كەتتى.

يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلدى. نەمخۇش ھاۋاغا كىچىككىنە شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى قېتىلىپ تەبىئەت باشقىچە گۈزەل تۈسكە كىردى. خەنس كارىدوردا تۇرۇپ تەبىئەتنىڭ بۇ ئىزگۈ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىۋېتىپ، تۇساتتىنلا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر يېڭى ئۆمۈچۈك تورىنى بايقاپ قالدى. تور قۇياشنىڭ نۇرىدا شۇ قەدەر جۇلالىنىپ پارقىرايتتى. بايىلا پاتقاقتىن قۇتۇلۇپ جان كىرگەن ھېلىقى ئۆمۈچۈك تورنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئۇ شۇنداقلا قىمىرلىۋىدى، پۈتۈن تور ئۇسسۇل ئوينىغاندەك يەڭگىل تەۋرىنىپ توختىدى. خەنسچە بۇ ئىنتايىن چىرايلىق مەنزىرە رەسىمدىنمۇ قېلىشمايتتى.

***ھېكمەت:***
***ئۆمۈچۈكنىڭ پەتىنلىكى، چىدامچانلىقى ئۇنى بالا - قازادىن ساقلاپ قالالايدۇ.***

## ھاياتلىق دەرىخى

ئېمىلارنىڭ بوس ئىسىملىك دوختۇر قوشنىسى بار. ئەمما ئۇ دوختۇرغا ئەسلا ئوخشىمايدۇ. كىيىنىشى ناھايىتى كېلەڭسىز خىزمەت ئىشتىنى، چىخ قالپاق، تاقىۋېلىشى كۆك رەڭلىك كۆزەينەك، ئۇنىڭ كولۇمسىرەپلا تۇرغىنى تۇرغان.

بوس دوختۇر خىزمەتتىن بوشىغان چاغلىرىدا ئاساسەن كۆچەت، دەرەخلەر بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ئۇنىڭ 20 گېكتار كەلگۈدەك بېغى بار. ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك غايىسى مۇشۇ يەرلەرنى ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇش. ئۇ دەرەخلەرگىمۇ «جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق» دېگەن مەنتىقە بويىچە مۇئامىلە قىلىپ ئادەتلەنگەن.

ئۇ دەرەخلىرىنى سۇغارمايدۇ. بىر قېتىم ئېمى ئۇنىڭدىن نېمىشقا دەرەخلىرىگە سۇ قۇيمايدىغانلىقىنى سورىغىنىدا ئۇ دەرەخنى بەك ئەركە ئۆگىتىپ قويسا، بارا - بارا ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەتراپتىكى مۇھىت بىر ئاز جاپالىقراق بولمىسا نازۇك دەرەخلەرگىمۇ ئامالسىز جان كىرىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى.

ئۇ دائىم شۇنداق دەيتتى: «سۇغۇرۇلمىغان كۆچەتنىڭ يىلتىزى سۇغۇرۇلغان كۆچەتنىڭكىگە قارىغاندا چوڭقۇر، مۇستەھكەم بولىدۇ. ئۆزى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق سۇنى ئىزدىيەلەيدۇ، قەيسەر، چىدامىلىق كېلىدۇ.»

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆچەتلىرىگە سۇ قۇيمايتتى. دائىم نوكچا قىلىپ تۈگۈۋالغان گېزىتى بىلەن دەرەخلىرىگە تۇۋلاپ، ۋارقىراپ، ئۇرۇپ قوياتتى. ئۇ بۇنى دەرەخلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش دەپ ئاتىۋالغانىدى.

ئېمى ئوقۇغىلى كېتىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بوس دوختۇر ئالەمدىن ئۆتتى. ئېمى پات - پات ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالاتتى ۋە ئۇ 25 يىل ئاۋۋال تىككەن كۆچەتلەرنىڭ باراقسانلىشىپ، تىك، ئېگىز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقىنىنى كۆرەتتى.

ئېمىمۇ كۆچەت تىكىپ، ئۇنىڭغا تەر تۆكۈپ ئەي قىلىپ، سۇ قۇيۇپ باقتى. ئەمما

ئىككى يىلغىچە تۈزۈك ئۆسمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئازراق شامالغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە نازۇكلىشىپ كەتتى. ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈپ، پەپىلەپ ئاسراش ئۇنى ئەركە بالىدەك تېخىمۇ يۇمران، نازۇكلاشتۇرۇۋەتتى. ئەمما بوس دوختۇرنىڭ ئەزەلدىن قىيىنچىلىق، سۇسىزلىق ئىچىدە يوغىنىغان دەرەخلىرى ھېلىھەم شۇنچە مەغرۇر، ئەركىن، خاتىرجەم، تىك ئۆسمەكتە ئىدى.

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇش تېگىدىن جاپالىق جەريان. قەتئىي ئىرادە بولغاندىلا، ھاياتلىق دەرىخىمىز كەڭ، چوڭقۇر، پۇختا يىلتىز ئالالايدۇ.***

## بىر قاچا ئۆگرە

ئۇ ئانىسى بىلەن يەنە تاللىشىپ قالدى - دە، بۇرۇلغىنىچە ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قورسىقىمۇ ئاچقانىدى. ئەمما يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق.

ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى بىر موماي ئىدى. ئۇ قىزنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى، بوشاشقان ئەپتىگە سەپسىلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— بالام، تاماق يەمسىز؟ — دەپ سوراپ قويدى ئەتەي گەپ كوچىلاپ.

— يېيىشنىغۇ يەيتتىم، بىراق پۇل ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇمۇ ئوڭايسىز قىياپەتتە.

— ھېچقىسى يوق، سىزنى مېھمان قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن.

موماي ئۇنىڭ ئالدىغا ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر قاچا ئۆگرە ئەكېلىپ بەردى. قىز تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆز يېشى قىلغىنىچە ھاپىلا - شاپىلا ئاشقا دۈم چۈشتى.

— سىزگە بىرەر ئىش بولدىمۇ قىزىم؟ — دېدى موماي كۆيۈنۈپ.

— ياق، ھېچ ئىش يوق، — دېدى ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بىز تونۇشمايمىز. لېكىن سىز ماڭا بەكلا ياخشى مۇئامىلە قىلدىڭىز، تاماق بەردىڭىز. لېكىن ئاپامچۇ؟ مەن بىلەن ئۇرۇشىدۇ. يەنە تېخى بايىلا مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئىككىنچى بوسۇغىغا قەدەم باسقۇچى بولما دەيدۇ تېخى.

— قىزىم، — دېدى موماي ئۇنىڭ دادلاشلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ مەن سىزگە ئارانلا بىر قاچا ئۆگرە بەردىم شۇ. سىز شۇنىڭدىن مىننەتدار بوپسىزيۇ، ئەمما ئۇن نەچچە يىل تامىقىڭىزنى ئېتىپ، كىرىڭىزنى يۇيۇپ، غېمىڭىزنى يەپ كەلگەن ئانىڭىزدىن نېمىدەپ ئاغرىنىسىز؟ ئۇنىڭدىن نېمىدەپ مىننەتدار بولمايسىز؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمىدەپ ئۇرۇشىسىز؟...

قىز مومايىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە تامىقىنى ھاپىلا -

شاپىلا يەپ بولۇپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيىگە كەلمەي تۇرۇپلا نېرىدىن ئىشىك تۈۋىدە ھەر تەرەپكە ئەندىشە، تەقەززالىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئانىسىنى كۆردى. ئۇ قىزىنى كۆرۈپ خۇشلۇقتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى.

— تېز كىر بالام، تاماق ئېتىپ سېنى ساقلاپ تۇرغىلى نەۋاخ، بۇ چاغقىچە سېلىەرمۇ مۇزلاپ كەتتى...

ئانىسى خۇشلۇق بىلەن پىچىرلايتتى. قىزىنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى.

***ھېكمەت:***
***بىز بەزى ھاللاردا ياتلارنىڭ كىچىككىنە غەمخورلۇقىدىن ئالەمچە خۇش بولۇپ كېتىمىزيۇ، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۆلەۋاتقان تاغدەك زور بەدەللىرىنى كۆرەلمەيمىز.***

## تىلەمچى ۋە قىزچاق

سىئاتىلنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى بىر كوچىدا چاچلىرى ئاقارغان بىر تىلەمچىنىڭ كۇلۇمسىرىگىنىچە، ئىككى قولىنى سۇنۇپ كۈن بويى ئۆرە تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، بەزىلىرى ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىغىمۇ دىققەت قىلىپ قويمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ شۇ قەدەر سەمىمىي، ئازادىلىك ئىچىدە كۇلۇپ تۇرغىنى تۇرغان.

بىر ئوپېراتور ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى خېلى كۆزىتىپ، سۈرەتكە ئېلىۋالماقچى بوپتۇ ھەمدە تىلەمچىنىڭ رازىلىقىنىمۇ ئاپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن بىل ئىسىملىك بۇ ئوپېراتور ئۇنىڭ تىلەمچىلىك تۇرمۇشىنى سۈرەتكە ئېلىشقا باشلاپتۇ. تىلەمچى يەنىلا شۇ قەدەر تەبىئىي كۈلكىسى بىلەن قولىنى سۇنۇپ كىشىلەردىن پۇل تىلەپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

چۈشتىن كېيىنكى مەزگىللەردە، ئالتە - يەتتە ياشلار چامىسىدىكى رەتلىك مەكتەپ فورمىسى كىيىۋالغان بىر قىزچاق تىلەمچىگە يېقىنلاپ كەپتۇ ۋە باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرغان تىلەمچىنىڭ پېشىنى تارتىپتۇ. تىلەمچى ئېگىلىپ قىزغا يەنە شۇ كۈلكىسى بىلەن قاراپتۇ. قىز يانچۇقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى چىقىرىپ تىلەمچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ، تىلەمچى ئىنتايىن خۇش بولۇپ ئېگىلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەمدە يانچۇقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى چىقىرىپ قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. قىز ئىنتايىن خۇش بولۇپ تاقىلدىغىنىچە نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كىتىپ قاپتۇ.

بىلنىڭ مۆكۈپ تۇرۇپ سۈرەتكە ئېلىۋاتقان يېرىدىن سەكرەپ چىقىپ قىز بىلەن تىلەمچىنىڭ زادى نېمە مۇناسىۋەتتە بارلىقىنى سورىغۇسى كېلىپ كېتىپتۇ. ئەمما سۈرەتكە ئېلىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇكۈنلۈك سۈرەتكە

ئېلىش تاماملانغاندىن كېيىن، ئۇ كۆن بويى ئۆزىنى قىيىنىغان سوئالنى تىلەمچىدىن ئاخىرى سوراپتۇ.

— ناھايىتى ئاددىي. ئەمەلىيەتتە بىر تەڭگىدىن باشقا مۇناسىۋەت يوق، ئۇ كېلىپ ماڭا بىر تەڭگە بەردى. مەن قايتۇرۇپ ئىككى تەڭگە بەردىم،— دەپتۇ تىلەمچى چۈشەندۈرۈپ.

***ھېكمەت:***
***مەرد - سېخىيلار ھامان بەرگىنىدىن كۆپرەك نەپكە ئېرىشەلەيدۇ.***

## بىر تال مەڭ

ئامېرىكىدىكى بىر كىچىك بازاردا ئىنتايىن ئورۇق قىزدىن بىرى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ئەسلىدىنلا نامرات بۇ ئائىلىگە يەنە بىر قورساق غەلۋىسىنى قوشتى. دادىسىنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى كەلتۈرگىنى شۇ بولدىكى، قىزنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا سول مەڭزىدە تىرناقتەك چوڭلۇقتا بىر مەڭ بار ئىدى ۋە ئەسلىدىنلا كۆرۈمسىزرەك بۇ قىزنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. دادىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ قالدى ۋە ئۇچىنچى يىللىقتا قەدەر ئوقۇتۇپلا ئۇنى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىشلەمچىلىككە ئاپىرىۋەتتى.

قىزنىڭ تەقدىرى ئۇ 12 ياشقا كىرگەن يىلى تۇساتتىن ئۆزگەردى. شۇ چاغدا بىر داڭلىق پەيلاسوپ ئۇ ئىشلەۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ قالدى ۋە ئوت - چۆپ تۆۋىدە بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان قىزچاقنى كۆرۈپ، مەستلىكى كەلگەن ھالدا مۇنداق دەۋەتتى: «پاھ، كۆزلىرىدىن نۇر، پاراسەت چاقناپ تۇرىدىغان قىزكەنغۇ بۇ، كەلگۈسىدە جەزمەنكى داڭلىق ئادەم بولغۇدەك، مەڭزىدىكى مەڭ بەخت يۇلتۇزىنىڭ تىمسالى.»

پەيلاسوپنىڭ بىر ئېغىز گېپى قىزچاقنى ئاتا - ئانىسى ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەتىۋارلىق ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ قويدى. كىشىلەر ئۇنىڭ چىرايلىق، ئوماق، ئەقىللىقلىقىغا پاكىت ئىزدەپ بەس - بەستە ئۇنى تەرىپلىشىدىغان بولۇشتى. ھەۋەس ۋە قىزغىن ئىلھاملار ئىچىدە قىز ئۆزىدە تېخىمۇ زور ئىشەنچ تۇرغۇزدى ۋە ناھايىتى تېزلا ئالغا بېسىپ، ھەممىنىڭ دىققەت نەزىرىدىكى شەخسكە ئايلاندى. قىزنىڭ يۈزىدىكى مەڭ تېخىمۇ چوڭايغان بولسىمۇ، ئۇ ئەمدى كىشىلەر يىرگىنىدىغان ئەمەس، ھەۋەس، زوق بىلەن قارايدىغان نەرسىگە ئايلاندى. ھەقىقەتەنمۇ سەت ئۆردەك چۈجىسى چىرايلىق ئاق قۇغا ئايلاندى.

كېيىنچە قىز كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئېدىنبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەڭ ياش ئايال پروفېسسورىغا ھەم نوپۇزلۇق ئىجتىمائىي پائالىيەتچىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. لوندون شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقىنىڭ ياردەمچىلىكىنىمۇ ئىشلىدى.

ئەسلىدە بەختسىزلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان مەلىك باشقىچە چۈشەندۈرۈش بىلەن تەڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، بىر قىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى يورۇق نۇرغا ئورىدى.

***ھېكمەت:***
***ھەممە ئادەمدە يۇتمەس - تۈگىمەس خەزىنە بار. گەپ ئۇنى ئېچىش - ئىشلىتىشتە.***

## توكۇر دادا

تام ئېسىنى بىلسىلا دادىسى توكۇر، ئاددىيلا ئادەم ئىدى. تامچە ئۇنىڭ ۋاي دېگۈدەك يېرى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەدېسىلا ئانىسىدىن نېمىشقا بۇنداق ئادەم بىلەن توي قىلغان بولغىيتتىڭ؟ دەپ سوراپ تۇرۇۋالاتتى.

بىر قېتىم شەھەردە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. تام مەكتەپ ۋاسكېتبول كوماندىسىدىكى ئاساسلىق ھۇجۇمچى ئىدى. ئۇ ئانىسىغا: — مەيداندا سېنىڭمۇ بىللە تۇرۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى يالغۇز قالغاندا.

— دېمىسەڭمۇ، داداڭ بىلەن ئىككىمىز چوقۇم بارىمىز، بالام،

— دادامنى دېمىدىم، سەن بولساڭلا بولىدۇ، — دېدى تام سوغۇققىنا.

ئانىسى ھەيران قېلىپ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىۋىدى، ئۇ ئامالسىز:

— مۇسابىقە مەيداندا مېيىپلار بولۇپ قالسا، مۇسابىقىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىپ قالىدۇ، — دەپ قويدى.

— داداڭدىن يىرگىنىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئانا قايغۇرۇپ.

دەل شۇ چاغدا دادىسى كىرىپ قالدى - دە، كاماندىروپكىغا چىقىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، مۇسابىقىگە بارالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاق يول تىلەيمەن، دادا، — دېدى تام دەررۇلا.

— مەنمۇ مۇسابىقەڭگە ئۇتۇق تىلەيمەن، — دېدى دادىسىمۇ تامنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق ھەم قايغۇ ئىچىدە سىلاپ.

مۇسابىقە ئاخىرى تاملارنىڭ كوماندىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئوينىغانىدى. يولبويى ئۇ ھاياجانلىنىپ توختىماي مۇسابىقە توغرۇلۇق گەپ قىلىپ ماڭدى.

— داداڭ بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلىسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر - ھە؟! — دېدى ئانىسى.

— ئانا، بۇنداق خۇشال چاغدا ئۇنىڭ گېپىنى قىلمىساڭ قانداق؟ — دېدى تام. ئانىسى تاتىرىپ:



www.uyghurkitap.com

— ئېيتە، نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن؟ — دېدى زەردىلىك ئاھاڭدا.

— ھېچ ئىشقا، ئىشقىلىپ ھازىر ئۇنى تىلغا ئالغۇم يوق.

— ماڭا قارا، — دېدى ئانىسى غەزىۋىنى باسالماي، — مەن بۇ گەپنى دېمەي دېگەن. لېكىن ئەمدى بولمىدى. سەن داداڭنىڭ نېمىشقا توكۇر - ئاقساق بولۇپ قالغىنىنى بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن يىرگىنىسەن. ئىككى ياش چېغىڭدا بىز سېنى باغچىغا ئېلىپ باردۇق. ئۇيگە قايتاشىمىزدا سەن كەپسىزلىك قىلىپ، تۇيۇقسىزلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈگرەپ ماڭدىڭ. دەل شۇچاغدا ئوقتەك كېلىۋاتقان بىر ماشىنا سېنى سوقىۋېتەيلا دەپ قالدى. داداڭ سېنى دەپ ماشىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. سەن ساق قالدىڭ. ئەمما داداڭ ئېغىر يارىلىنىپ ئاخىرى بىر پۇتى ئاقساق ساقىيىپ قالدى.

تام ئەمدى جىمىپ، بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئانىسى يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— داداڭ سېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىڭگە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن دەپ بۇ ئىشنى ئىزچىل سەندىن يوشۇرۇپ كەلدى. مېنىمۇ ئېيتقىلى قويمىدى. قايسى كۈنى سەن مۇسابىقىگە مېنىڭ بىرىشىم، داداڭنىڭ بارماسلىقىنى ئېيتقان چېغىڭدىمۇ ئۇ سىرتتا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلاپتىكەن، ئۇ چىرايلىق يالغان گەپتىن بىرنى ئېيتىپ ئۆيدە قالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ كاماندىروپكىغا چىقمىدى. سېنى دەپ ئۆيگىمۇ كەلمەي سىرتتا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەپ يۈردى. سەن بۇنى بىلەمسەن؟

ئانىسى ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى. تام ھېچنىمە دېيەلمىدى. بوغۇزى قاپسىلىپ قالغاندەك تىنالمايلا قالدى. پەقەت كۆزىدە لىپمۇلىق ياش، قەلبىدە لىپمۇلىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە «دادا، مېنى كەچۈر!» دېيەلىدى.

***ھېكمەت:***

***ئاتا - ئانىلارغا ئىززەت بىلدۈرۈڭلار. ئۇلار سىلەرگە ئۇلۇغ ئادەملەر! ئۆتۈن - تىنىسىز قۇربان بەرگەن ئەڭ ئۇلۇغ ئادەملەر!***

## جورجنىڭ نارازىلىقى

ھەر كۈنى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا شەلپەر قادىغان تۆت نۆۋەتچى ئوقۇغۇچى ھۆرمەتتە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنى، مۇئەللىملەرنى كۈتۈۋالىدۇ. مۇئەللىمنى كۆرگەندە «ياخشىمۇسىز مۇئەللىم!» دەيدۇ، نۆۋەتچىلىككە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار تاللانغاچقا، ئۇلار ناھايىتى ئىپتىخارلىق بىلەن نۆۋەتچىلىكتە تۇرىدۇ.

جورج نۆۋەتچىلىككە تاللانغان كۈنى، رەتلىك كىيىنىپ خۇشال ھالدا سەھەر مەكتەپكە كەتكەنىدى. ئەمما چۈشتە يىغلاپ كېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز. مۇئەللىملەرگە ھۆرمەت بىلدۈرمىگەنلىكى سەۋەبلىك سىنىپ مۇدىرى ئۇنى نۆۋەتچىلىكتىن قالدۇرۇۋەتكەنىدى.

ــ كىرگەنلىكى مۇئەللىمگە «مۇئەللىم ياخشىمۇسىز!» دەپ ۋارقىرىدىم، لېكىن بىرمۇ مۇئەللىم جاۋاب قايتۇرمىدى. ماڭا ھېچكىم پەرۋامۇ قىلىپ قويمىسا مەن ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرەمتىم؟

ئاپىسى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ گەپ قىلمىدى. ئەمما ئەتىسى ئۇنى قوچىيا ئاپتوبۇسغا بىرگە ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئەمما ئورۇن قالمىغانىدى. ھېچكىم ئايالغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. جورج ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى.

ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، جورج ئاپىسىدىن سورىدى:

ــ مەن بايىقى ئاچاشقا ئورۇن بوشىتىپ بەرسەم رەھمەتمۇ ئېيتىپ قويمىدا؟

ــ بەلكىم ئېيتقاندۇ، سەن ئاڭلىمىغانسەن؟

ــ ياق، مەن قۇلاق سېلىپ تۇردۇم، ئۇ رەھمەت ئېيتمىدى.

ــ جورج، ئۇنتۇما، رەھمەتنى ساڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېيتىش ھاجەت ئەمەس. ھەقىقىي مىننەتدارلىق يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

***ھېكمەت:***

***مىننەتدارلىق ئېغىزدا ئەمەس، يۈرەكنىڭ چىن قېتىدا ساقلانغاندا بەكرەك قىممەتلىك بولىدۇ.***

## جىنىنىڭ مارجىنى

ــ ئاپا، مەن بۇنى ئالايچۇ؟

سېرىق چاچلىق، ئوماق قىز جىنىنى مال پوكىيىغا تىزىپ قويۇلغان چىرايلىق مارجاننى كۆرۈپ چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئانىسىغا دېدى.

ــ بىر دوللار 95 سېنتلىق مارجان ئىكەن قىزىم، ئەگەر راستتىنلا ئالغۇڭ بولسا، ئاز - تولا ئىش قىلىشىپ بېرىپ پۇلغا ئىشلىمىسەڭ بولمايدۇ، توغۇلغان كۈنۈڭگە ئاز قالدى. ئاچا - ھەدىلىرىڭ بېرىدىغان پارچە پۇللارنى يىغىپ قوي، ئېلىپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟...

قىزچاقنىڭ راستلا مارجان ئاسقۇسى كەلگەنىدى. ئۇ ئۆيدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىش قىلدى. قوشنىسى ماك ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە قىلىدىغان ئىشىگىز بولسا قىلىشىپ بېرەي، ماڭا پۇل بېرىڭ، مارجان ئالاتتىم دەپمۇ چىقىپتۇ تېخى... ئۇزۇن ئۆتمەي جىنىنى ئاخىرى ئۇ مارجانغا ئىگە بولدى. ئۇ خۇشلۇقىدىن ئۇخلىسىمۇ مارجىنىنى ئېلىۋەتمەي ئۇخلايتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا يۇيۇنغاندا مارجاننى ئېلىۋېتىپ يۇيۇنۇش، بولمىسا سىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىر كۈنى كەچلىكى، دادىسى جىنىنىغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن

«جېنىنى، مېنى ياخشى كۆرەمسىز قىزىم» دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى قىز تاتلىق ۋىچىرلاپ.

— ئەمىسە مارجىنىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، بولامدۇ؟

— ياق، دادا. سىزگە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان باشقا قورچاقلىرىمنى بېرەي، ئەمما بۇ مارجاننى بەرمەيمەن.

— ماڭا قورچاق لازىم ئەمەس، قىزىم. بولدى، ئۇخلاڭ، — دېدى دادىسى.

ھەپتىدىن كېيىن دادىسى يەنە شۇ گەپنى تەكرارلىدى.

— ماڭا ئامراق بولسىڭىز، مارجىنىڭىزنى بېرەتتىڭىز قىزىم.

— دادا، باشقا نەرسىنى دەڭ، بېرەي. بۇنى بېرەلمەيمەن.

— باشقىسى لازىم ئەمەس، قىزىم. ئۇخلاڭ، — دېدى دادىسى يەنە.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئاخشىمى دادىسى جېنىنىنىڭ ياتىقىغا ئاستاغىنە كىردىيۇ، جېنىنىنىڭ يەردە بەدەشقان قۇرۇپ، بىر نەرسىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى بايقىدى.

— نېمە بولدى قىزىم؟ — دېدى دادىسى ھەيران بولۇپ.

جېنىنى بۇدرۇق قوللىرىنى دادىسىغا ئۇزىتىپ، ياشتىن يۇيۇلغان مارجانلارنى دادىسىنىڭ ئالىقىنىغا تۆكتى.

— ئېلىڭ، دادا! سىزگە بېرەي.

قىزنىڭ يۇمران تېنى تېخىچە بوش تىترەپ تۇراتتى.

دادىسى ئۆزىنى تۇتالماي قىزىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ۋە يانچۇقىدىن پارقىراپ تۇرىدىغان كۆك رەڭلىك قۇتىدىن بىرنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن چىرايلىق مارجاندىن بىرنى ئېلىپ قىزىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى.

— بۇنى يۇيۇنغاندا ئېلىۋەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ قىزىم، بۇ ھەقىقىي مەرۋايىت مارجان. قاچان قىزىم ساختا مارجاندىن مېھرىنى ئۈزسە بېرەرمەنكىن دەپ يانچۇقۇمدا ساقلاپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغانتى...

قىزنىڭ بولاقتەك تىنىق، يوغان كۆزلىرىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

***ھېكمەت:***

***بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.***

## بىر تال ئەتىرگۈل

بازاردا چىرايلىق ئەتىرگۈل تامدىن ھويلا تېمى ھاسىل قىلىنغان چىرايلىق بىر ئۆي بار. باھار كەلسىلا ئەتىرگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ، بۇ يەرنى تولىمۇ چىرايلىق، خۇش

www.uyghurkitap.com

پۇراق تۇسكە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. بۇ مۇشۇ ئۆيلۈك كىررى ئەپەندى تىككەن گۈللەر. ئەر - خوتۇن ئىككىسى جېدەل - ماجىراسىز ئۆتمەيتتى. كىررى ئەپەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئايالىنىڭ مىجەزى تېخىمۇ ئوساللىشىپ كەتتى - دە، قولۇم - قوشنىلارمۇ ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولۇۋالدى.

ھاۋا ئوچۇق بىر چۈشتىن كېيىن، كىررى خانىم ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، ئەتىرگۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىدىن، گۈزەللىكىدىن زوق ئېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز لا ئۇ ئەتىرگۈللەر كەينىدە كىمدۇر بىرىنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى بايقاپ قالدى ۋە:

— كىم سەن؟ توختا، — دەپ ۋارقىرىدى ۋە — بۇياققا كەل، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

ھېلىقى گەۋدە گۈل كەينىدىن ئاستاغىنە چىقىپ كەلدى. كىررى خانىم تونۇدى. ئۇ يەتتە ياشلىق جىم ئىدى. كەينىگە بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋالغاندەك قىلاتتى.

— تىقىۋالغىنىڭ نېمە؟ — ۋارقىرىدى موماي. بالا تىترىگىنىچە ئارقىسىغا تىقىۋالغان نەرسىنى چىقاردى. بىر تال ئەمدىلا ئېچىلغان، نازۇك بەرگىلىرى جۇلالاپ تۇرغان ئەتىرگۈل ئىدى.

— ئوغرىلىدىڭما؟ — كىررى موماي تېخىمۇ قوپال ۋارقىرىدى. بالا قورققىنىدىن تۈگۈلۈپلا قالدى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

كىررى قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— يوقال، كەت!

— بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ، قورقۇنچ بىلەن سورىدى:

— بۇنى ئالغاچ كېتەي، ماقۇلمۇ؟

كىررى سەل ئەجەبلىنىپ: — كىمگە ئاپىرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن... بۇنى...

بالا سەل ھودۇقۇپ، قولىنى يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ياغاچ ئۆينىڭ بالىخانىسىغا چىنىدى. كىررى بىلەتتى. جىمنىڭ بەش ياشلىق بىر سىڭلىسى بار. تۇغۇلۇشىدىنلا كېسەل، ئەشۇ ئۆيدە يېتىۋاتىدۇ.

— سىڭلىڭغىما؟

— ھەئە، خانىم.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى... سىڭلىم بالىخانىنىڭ دېرىزىسى يېنىغا قويۇلغان كارىۋاتتا مۇشۇ ئەتىرگۈللۈك ھويلىغا قاراپ ياتىدۇ. بىر قېتىم ئۇ: «جەننەت ئاشۇمۇ؟ مېنىڭ ئەشۇ جەننەتكە بارغۇم، جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىغۇم بەكمۇ بار» دېگەنىدى. شۇڭا بۇ گۈلنى ئاپىرىپ بېرەي دېگەنىدىم...

كىررى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. جەننەت! مۇشۇ پاكار ياغاچ ئۆي، ئەسكى ئۆي جاھازلىرى، كۆرۈمسىز قاچا - قۇچىلارمۇ؟... ئۇ قاقشاپ، زارلاپ، دوزاختا ئوخشايدىغان

پەر دەپ ئاغرىنىپ كەلگەن مۇشۇ قورۇ جەننەتمۇ؟ ئۇ يولدىشى — ئۆزى دائىم ئۇرۇشىدىغان ھەمراھى تىككەن بۇ گۈللەرگە كۆكۈل كۆزى بىلەن قاراپ باقمىغانىدى. ئۇ نېمە قىلدى — ھە؟!... جەننەت ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى...

***ھېكمەت:***
***يېنىڭىزدىكى ئەتىرگۈلنى چەيلىمەڭ.***

## ئەڭ ياخشىسى ياش مەزگىل

— قانچە ياشلىق ۋاقىت ئەڭ پەيزى، ئەڭ ياخشى؟

تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى گۇرۇپپىسى مۇشۇ تېمىنى چۆرىدەپ نۇرغۇن كىشىنى زىيارەت قىپتۇ.

— ئىككى ئايلىق مەزگىل، — دەپتۇ بىر قىزچاق، — قۇچاقتىن چۈشمەيدىغان، ھەر ۋاقىت پەپىلىنىپ تۇرىسەن.

— ئۈچ ياشلىق چاغ، — دەپتۇ بىر بالا، — مەكتەپكە بارمايسەن. نېمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىلالايسەن. توختىماي ئوينايسەن.

— 18 ياش، — دەپتۇ بىر ياش، — تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرسەڭلا، ماشىنىنى ھەيدەپ خالىغان يېرىڭگە بارالايسەن.

— 25 ياش، — دەپتۇ 43 ياشقا كىرگەن، بەدىنى ئاجىزلاپ قالغان بىر ئەر، — كۈچ - قۇۋۋىتىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چاغلار — دە!

بىر موماي «45 ياش» دەپتۇ. چۈنكى بۇ چاغدا نەۋرە - چەۋرىلىرىڭ بىلەن ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگىلى بولىدىكەن.

بىرەيلەن دەم ئېلىشقا چىقىپ ئارامخۇدا كۈن ئالىدىغان 65 ياشنى ئەڭ پەيزى چاغ دەپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا زىيارەت قىلىنغىنى 90 ياشلىق بىر موماي ئىكەن. ئۇ: — ھاياتتىكى ھەربىر ياش، ھەممە مەزگىل شۇ قەدەر پەيزى، شۇ قەدەر ياخشى ئىكەن، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىزگە بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى بىباھادۇر. مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىڭ.***

## ئەخلەت تەرگۈچى بوۋاي

ئىۋان ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىر قېتىم كوچا دوقمۇشىدا ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەي قالغان ساۋاقداشلىرىغا ئىئانە يىغىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

— پەخەس بول، — دېدى بىر چاغدا كلاۋد ئۇۋاقتا ئىما قىلىپ، — ئاۋۇ قېرى ماۋۇ كىيىم - كېچەك بىلەن پۇللارغا چاڭ سالمىسۇن.

ئۇۋان بۇرۇلۇپ مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى سېسىق ئەخلەت ساندۇقىنىڭ قېشىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ھەر كۈنى ئەخلەت تېرىدىغان، چاچ - ساقاللىرى پاخپىيىپ كەتكەن، كىيىملىرى مەينەت بوۋاينى كۆردى. ئۇلار ھەر قېتىم بۇرنىنى تۇتۇپ كېتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەخلەت ساندۇقىنىڭ قېشىدا بۇ بوۋاي ئىلغۇچ بىلەن بىر نەرسىلەرنى تېرىپ خالتىسىغا تاشلاپ يۈرەتتى.

بوۋاي خالتىسىنى يۈدۈگىنىچە ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، قاپقارا، قاسماق قولىدا سىقىمدىۋالغان بىر دوللارنى ئۈستەلگە تاشلىدى - دە، كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ھەممەيلەن تاڭ قالدى. ئەشۇ سېسىق، مەينەت، كىر باسقان، ئەتىدىن - كەچكىچە بەدبۇي ئەخلەتتىن نېرى كەتمەيدىغان بوۋاينىڭ تېنىدىن ئۇلار كىشىنى قايىل قىلىدىغان سەمىمىي، ساددا، مەرىپەتكە تەشنا ۋۇجۇدنى كۆرگەندەك بولۇشتى.

***ھېكمەت:***

***كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، قەلب روھىغا قاراپ باھا بېرىڭ.***

## ئەينەك پارچىسى قاچىلانغان ساندۇق

بىر ئادەم بولغانىكەن. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قالغۇز قاپتۇ. ئۇ ئەسلىي سەيپۇڭلۇق قىلىپ جان باقىدىكەن. لېكىن بارا - بارا ئۇ ئىشىمۇ ئاقماي جان بېقىشىمۇ تەسكە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇچ ئوغلى بولسىمۇ، ھەممىسىلا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەچكە، كەمدىن - كەم يوقلاپ تۇرىدىكەن. كەلسىمۇ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، بارىنى يەپلا كېتىدىكەن. ئۇ قېرىغانسېرى باللىرىنىڭ يوقلاپ كېلىشىمۇ ئازلاپ، بارا - بارا كەلمەس بولۇپ قاپتۇ.

— ئۇلار ماڭا قارىماس بوپكەتتى، — دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ھەممىسى مېنىڭ يۈك بولۇپ قېلىشىمدىن قورقىدۇ.

ئۇ ئۇيان - بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىر ئەقىلگە كەپتۇ. ئەتىسىلا تۆمۈرچى دوستىغا بىر ساندۇق بۇيرۇتۇپتۇ. بىر كونا قۇلۇپ تېپىپتۇ ھەمدە بىر ئەينەكچى بۇرادىرىنىڭ قېشىدىن كارغا كەلمەس ئەينەك پارچىلىرىدىن بىر دۆۋە ئەكېلىپ ساندۇققا لىپمۇلىق قاچىلاپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ قويۇپتۇ.

— بۇ نېمە ساندۇق؟ — دەپتۇ ئوغۇللىرى ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە تۇساتتىنلا پەيدا بولۇپ قالغان ساندۇقنى كۆرۈپ.

— ئۇمۇ؟ ھېچنېمە! تاپقان - تەرگىنىم، — دەپ قويۇپتۇ بوۋاي ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە.

ئوغۇللار ئۇنى كۆتۈرۈپ بېقىپتۇ. تېپىپ بېقىپتۇ. ئېغىر، نېمىلەردۇر شاراقشىغۇدەك. ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كۆڭلىگە «دادامنىڭ ئۆمۈر بويى يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بولسا كېرەك» دېگەن ئوي كېچىپتۇ - دە، ھەممىسى مۇزاكىرىلىشىپ دادىسىنى نۆۋەتلىشىپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ چوڭ ئوغۇل بىر ھەپتە، ئوتتۇرانچىسى بىر ھەپتە، كىچىكى بىر ھەپتە بولۇپ، بوۋاي ئۆلگۈچە نۆۋەتلىشىپ قاراپتۇ ھەمدە دادىسىنى كاتتا ئۇزىتىپتۇ.

دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئىشىك - دېرىزىلەرنى ھىم تاقاپ، ھېلىقى ساندۇقلارنى تەمە بىلەن ئاچسا لىپمۇلىق ئەينەك پارچىلىرى تۇرغىدەك.

— ئاناڭنى!...— دەپتۇ چوڭ ئوغۇل غەزەپلىنىپ،— ئۆز بالىلىرىنىمۇ مۇشۇنداق ئالدىغان بارمۇ؟

— ئۇمۇ ئامالسىز مۇشۇنداق چارىنى ئويلاپ تاپقاندۇ؟— دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى ئازابلىنىپ،— بىزمۇ ئۆزىمىزگە ئالايلى، بىزمۇ مۇشۇ ساندۇقنى دەپلا ئۇنىڭ قېشىدىن كەتمەي پالاقشىدۇققۇ؟

— مەن ھەقىقەتەن نومۇس ھېس قىلىۋاتىمەن،— دەپتۇ كىچىكى يىغلاپ تۇرۇپ،— بىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىزگە قىلغان تەربىيىسىنى، بىز ئۈچۈن تۆككەن قان - تەرىنى نومۇسسىزلارچە ئۇنتۇپ كەتتۇق ۋە ئاقىۋەت مانا مۇشۇنداق رەسۋا بولدۇق.

ئەمما چوڭ ئوغۇل بولدى قىلماي ساندۇقنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ھەممىسىنى بىرمۇ - بىر ئاقتۇرۇپ چىقىپتۇ. پۇل - پۇچەككە ياتىدىغان ھېچنەرسە ئۇچرىماپتۇ. پەقەت ساندۇقنىڭ تېگىگە مۇنداق بىر جۈملە سۆز ئويۇقلۇق تۇرغىدەك:

— ئاتا - ئانىغا قاراش سىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىڭلار!

***ھېكمەت:***
***ئاتا - ئانىغا بولغان ۋاپادارلىق ئۇلارنىڭ قېرىشى بىلەن تۈگەپ كەتمىسۇن.***

## ئىسىم ۋە پېئىل

بىر ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا نۆۋەت بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارغا قېپقالغان دەرسلەرنى تەكرارلاپ بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلۇپتۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇلار دەرستە ئارقىدا قالمايدىكەن.

بىر ئوقۇتقۇچى بىر كۈنى بىر ئوقۇغۇچىغا دەرس تەكرارلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ ۋە ئىسمى، دوختۇرخانىدىكى ئورنى، تېلېفون نومۇرلىرىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ئوقۇغۇچىغا ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ قائىدە -

www.uyghurkitap.com

قانۇنىيەتلىرىنى تەكرارلاپ بېرىش ئىكەن.

دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن، دوختۇرلار ئۇنىڭغا بىمارنىڭ كېسەللىكىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى، يۇقۇملىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كىرىشتىن ئاۋۋال جەزمەن دېزىنفېكسىيىلەنگەن كىيىملەرنى كىيىپ كىرىش، بالىغا يېقىنلاشماسلىق، گەپ قىلغاندا ماسكا تاقاش... قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپتۇ.

ئۇ پاكىزلىنىپ، دېزىنفېكسىيە قىلىنغان كىيىملەرنى كىيىپ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن بەدىنى كۆيۈپ ئىنتايىن ئېغىر يارىلانغان بالىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. ئەمما نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كىرگەن ئىكەن بىر نەرسە دېيىشى كېرەك ئىدى.

— مەن سىزگە دەرس تەكرارلاپ بەرگىلى كەلگەن ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى، ئىسىم بىلەن پېئىل توغرۇلۇق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەكرارلاپ بەرمەكچىمەن...

ئۇ بۇنىڭ ئەڭ تايىنى يوق بىر سائەتلىك دەرس بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى بىر سېستراغا ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، — دەپتۇ سېسترا ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — سىز بىلمەيسىز، بىز ئۇنىڭدىن بەكلا غەم يېگەنىدۇق. ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ بەكلا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما سىز كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. داۋالاشقىمۇ ناھايىتى ياخشى ماسلاشتى. ياشاش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ھەتتا ماڭا خۇشاللىق، ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزىگە لىپمۇلىق ياش ئالغان ھالدا: — مەن ساقىيىمەن، شۇنداقمۇ؟ ساقايمايدىغان ئادەمگە ئالايىتەن بىر ئوقۇتقۇچى كېلىپ، ئىسىم، پېئىل توغرۇلۇق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەكرارلاپ بەرمەس ئىدى، توغرىمۇ؟ — دېدى...

***ھېكمەت:***

***ئۆز مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيىتىڭىزنى زىممىڭىزگە ئالغان چېغىڭىزدا، سىز بىلىپ - بىلمەي باشقىلارغا خاتىرجەملىك، ئىشەنچ ئاتا قىلىۋاتقاندەك بولىسىز.***

## ماكىنىڭ قەسىمى

قار ئەتىگەن ياغقانچە كەچ كىرگۈچە توختىمىدى. ئەتراپ قېلىن قار بىلەن قاپلاندى. بىر توپ بالىلار قاردىن پومزەك ياساپ ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بىرەيلەننىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. بىر بوۋاي چېكىسىنى تۇتقىنىچە ۋاي - ۋايلاپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. قىپقىزىل قان ئاپئاق قارغا بوۋاينىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى.

ئويناۋاتقان بالىلار پاتىراقشىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. ئەتراپتىكى كىشىلەر دەرھاللا بوۋاينىڭ قېشىغا توپلاشتى. ساقچىمۇ يېتىپ كەلدى. ھەممەيلەن:

— بوۋايغا قان پومزىكى ئاتقىنى زادى قايسىڭ؟ — دەپ ۋارقىراشتى.

ماك كارلىنىڭ چىراينىڭ تاتىرىپ، بەدىنىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى — دە، پومزەكنى ئۇنىڭ ئاتقانلىقىنى پەملىدى.

— كىم ئاتتى؟ — كىشىلەر يەنە توۋلىدى.

— ھەي، بولە، ئەمدى ئۆزۈڭگە ئال، قورقۇنچاقلىق قىلما، — دېدى ماك كارلغا مەدەت بېرىپ.

— لېكىن، مەن قەستەن قىلمىغان تۇرسام، — دېدى كارل غودۇڭشۇپ.

— قەستەن قىلمىساڭمۇ، ھامان مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەكتە؟

— قورقىمەن.

— كېلە، مەن بىللە باراي.

ماك ئۇنىڭ قولىدىن سۆرىگىنىچە ماڭدى. توپلىشىۋالغانلار قاراپلا بۇ ئىشنى كارلنىڭ قىلغانلىقىنى بىلدى. ساقچىلار كارلنىڭ قولىدىن يېتىلەپ بوۋاينىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بوۋاي قان ئېقىپ تۇرغان يۈزىنى قاماللىغانچە يەردە ئولتۇراتتى.

— ھەقىقەتەن دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى كارل پەس ئاۋازدا.

— تېزلىنىپ كەچۈرۈم سورىمامسەن؟ — دېدى كىمدۇر بىرى.

— بولدى قىلىڭلار، — دېدى يەنە بىرى بۇ چاغدا ئارىغا چۈشۈپ، — كىچىك بالىكەن. يەنە كېلىپ خاتالىقىنى تونۇدى.

كارل پاڭگىدە يىغلاپ تاشلىدى - دە، بوۋاينىڭ ئالدىدا تىزلاندى. بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— بولدى قىل، بالام. ئەمدى كەت، — دېدى مېھرىبانلىق بىلەن.

ئۆيگە كېتەر يولدا دادىسى ماكتىن:

— ئەگەر مۇشۇنداق ئىش سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ قالسا، مەسئۇلىيەتتىن قاچامسەن؟ — دەپ سورىدى ئەتەي.

— جەزمەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن، — دېدى ماك قەتئىيلىك بىلەن.

— قەسەن بېرەلەمسەن؟

— قەسەم بېرەلەيمەن، دادا.

***ھېكمەت:***

***مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش مۇستەقىللىق ئادىتىنىڭ، شۇنداقلا غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ ئىپادىسى.***

## ھەقىقىي ئېگىزلىك

— ئۆچەيلەننىڭ كالىفورنىيىگە بېرىش كىراسى نەچچە پۇل؟ — دېدى ئاتىكى بالىسىنى يېتىلدۈرغان بىر ئادەم بېلەت ساتقۇچىغا.

— چوڭلار بەش دوللار، بويى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىردىن ئېگىز بولسا چوڭلارغا ئوخشاشلا بېلەت ئالىدۇ. بالىلىرىڭىزنىڭ ئېگىزلىكى قانچىلىككىن؟

— كىچىكىنىڭ بويى بىر مېتىر 15 سانتىمېتىر، چوڭىنىڭ بىر مېتىر 22 سانتىمېتىر ئىدى. ئون دوللار تۆلەيدىكەنمەندە؟

بېلەت ساتقۇچى قىز كۈلۈپ:

— قارىڭا، سىزنى. پۇلغا تويۇپ كېكىرىپ كەتمىگەنسىز؟ چوڭىنىڭ بويىنىمۇ بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر دەپلا قويسىڭىز، بەش دوللار تېجەپ قالالايسىز ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ كۆزۈممۇ مېتىر بولمىغاندىن كېيىن، — دەپتۇ.

— دېگىنىڭىزمۇ توغرا، — دەپتۇ ئۇ ئادەممۇ، — ئەمما بالىلىرىم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بوي ئېگىزلىكىنى بىلىۋېلىشى كېرەكتە.

***ھېكمەت:***

***ياشلارنىڭ ئاتا - ئانىلارنىڭ تەربىيىسىگە بويسۇنۇش، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەش مەجبۇرىيىتى بار.***

## پادىشاھنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئەنگلىيىنىڭ ئالفرېد ئىسىملىك بىلىملىك ھەم ئەقىل - ئادالەتلىك بىر پادىشاھى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەنگلىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە دۆلەت دانىيەلىكلەرنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ئۇچراپتۇ. نەچچە قېتىم جەڭدىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيەسى تېرىپىرەن بولۇپ، پادىشاھ ئالفرېدمۇ قېچىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

ئۇ قېچىپ يۈرۈپ بىر ياغاچ كەسكۈچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن يەيدىغان ئاز - تولا نەرسە بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئايال كىيىملىرى جۇل - جۇل بۇ ئادەمنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئۇنى ئۆيىگە باشلاپتۇ ھەمدە:

— ئوچاقتىكى بۇ نانغا قاراپ قويۇڭ، ئىسسىسا شۇنى يەيسىز. ئەمما كۆيدۈرۈۋەتمەڭ، مەن چىقىپ كالىنى سېغىپ كىرمىسەم بولمايدۇ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئالفرېد ئەدەب بىلەن رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، ئوچاقنىڭ قېشىدا نانغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوي - خىيالى ئوچاقتىكى ناندا ئەمەس، كېيىنكى يولنى

قانداق بېسىش، ئەسكەرلىرىنى قانداق توپلاش... دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئىشى، ئۆزىنىڭ دۇنياسىدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياغاچ كەسكۈچىنىڭ ئۆيىدىلىكىنىمۇ، ئاچلىقىنىمۇ، نانغا قاراۋاتقانلىقىنىمۇ تامامەن ئۇنتۇپتۇ.

— ھۇ تىرىكتاپ، جانباقتى!

ئايال ۋارقىرىغاندىلا ئۇ ئۆزىگە كەپتۇ.

— قارا قىلغان ئىشىڭغا، سەن قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يېمەكچىمىدىڭ؟ ئەمدى پوقنى يە!

نان كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئالفرېد خىجىللىقتا نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئوتۇن كەسكۈچى قايتىپ كەپتۇ ۋە پادىشاھنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىززەت - ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ئايالىغا ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ:

— سەن تېخى بىزنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھىمىزنى تىللىدىڭمۇ؟

ئايال داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئەپۇ سوراپتۇ.

— ئەيىبلىشىڭىز توغرا، — دەپتۇ پادىشاھ ئايالنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، — مەن نانغا قاراپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىدىم، لېكىن مەن ئۇنى كۆيدۈرۈپ قويدۇم، جەزمەن جازالىنىشىم كېرەك. چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ھەر قانداق ئادەم ئۆزى گەدىنىگە ئالغان ھەر قانداق ئىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەكقۇ!؟ بۇ قېتىم ياخشى قىلمىدىم. ئەمما مۇنداق ئىش قايتا تەكرارلانمايدۇ. مەن چوقۇم بىر ياخشى پادىشاھ بولۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتىمنى تىرىشىپ ئورۇنلايمەن.

***ھېكمەت:***
***بۈيۈك ئىشلار كىچىك ئىشلارغا بولغان مەسئۇلىيەتتىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. رەھبەرلىك مەسئۇلىيەتتىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ.***

## بىر تال مىخ

پادىشاھ رىچارد Ⅲ دۈشمەنلەر بىلەن ھايات - ماماتلىق جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. بۇ ئەنگلىيىگە كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەسىلىسىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ ئىكەن.

جەڭ باشلىنىش ئەتىگىنى رىچارد ئاتباقارىغا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاتنى تاقىلىتىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئاتباقار تۆمۈرچىگە دەرھال ئاتنى تاقلاپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئەمما جەڭ باشلىنىشنىڭ ئالدىدىكى نەچچە كۈندە پۈتۈن جەڭچىلەر ئاتلىرىغا تاقا قويدۇرغاچقا، تۆمۈرچىنىڭ قېشىدا تۆمۈر قالمىغانىكەن. ئۇ بىر ئاز تۆمۈر تېپىپ

كەلمەكچى بوپتۇ.

— مەن ساقلاپ تۇرالمايمەن، — دەپتۇ ئاتباقار تىتىلداپ، — دۈشمەنلەر تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. پادىشاھ ئاتنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. نېمە بولسا شۇنىڭدا دەرھال تاقىلا، تۆمۈرچى.

تۆمۈرچى ئىزدەپ يۈرۈپ كىچىككىنە تۆمۈر پارچىسىدىن بىرنى مىڭ تەسلىكتە تېپىپتۇ ۋە شۇنى بىر نېمە قىلىپ يۈرۈپ تۆتكە پارچىلاپ يەتكۈزۈپ، ئاتنى تاقلاشقا باشلاپتۇ. ئەمما بىر تال مىخ كەملەپ قاپتۇ.

— ئازراق ساقلاپ تۇرسىلا، تەقسىر، — دەپتۇ تۆمۈرچى، — مىختىن بىرنى شاققىدە ياساپلا قېقىپ بېرەي.

— مەن ساڭا دېدىمغۇ ساقلاپ تۇرالمايمەن، — ئاتباقار غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ، — جەڭ كانايلىرىنىڭ تاتىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ بىر نېمە قىلىپ تۇرغۇزالامسەن؟

— تۇرۇشىنغۇ تۇرىدۇ، تەقسىر. ئەمما ئۇنچە چىڭ، پۇختا بولماي قالىدۇ، بۇ دېگەن جەڭ ئېتى.

— بولدى، بولدى، تۇرسىلا بولدى.

— لېكىن، مەن ئىشەنچ قىلالمايمەن، تەقسىر.

— تېز بول، قېرى، — ئات باقار توۋلىدى تىتىلداپ، — ھېلى بىكار ئىككىمىزنىڭ كاللىسى كېتىدۇ...

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ رىچارد شۇ ئاتنى مىنىپ، «ھۇررا» توۋلىغىنىچە قوشۇن باشلاپ، دۈشمەنلەرگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئەمما دۈشمەنلەرگە ئەمدىلا يېقىنلىشىشىغا ئات تۇيۇقسىز مۈدۈرۈپ كېتىپ، ئاتمۇ، پادىشاھمۇ موللاقلىغانچە ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. ئەسكەرلەر پادشاھنىڭ مولاقلاپ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ، پىتىراشقىنىچە تەرەپ-تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ.

رىچارد ئورنىدىن قوپۇپ: — ئات، ئات، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمما بىرمۇ ئەسكىرىنى تاپالماپتۇ. ئاڭغىچە دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۇنى قورشاۋغا ئېلىپ بوپتۇ...

— بىر ئات بىر دۆلەتنى ئوڭدا سالدى، — دەپ چىرقىراپتۇ ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

كىشىلەر كېيىن مۇنداق گەپ توقۇپتۇ: «بىر مىخنىڭ كەملىكىدىن بىر تاقا ئاجرىدى؛ بىر تال تاقا بىر جەڭ ئېتىنى يىدى؛ بىر دانە جەڭ ئېتى بىر قېتىملىق جەڭنى مەغلۇبىيەتكە سۆرىدى؛ بىر قېتىملىق جەڭ مەغلۇبىيىتى بىر دۆلەتنى يوق قىلدى!»

ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن مەغلۇبىيەت بىر تال مىختىن باشلانغانىدى.

***ھېكمەت:***

***كىچىككىنە پەرۋاسىزلىق غايەت زور بالا - قازاغا ھامىلدار.***

# ئادالەت قوڭغۇرىقى

ئاشۇر خانى چوڭ قوڭغۇراقتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، كەڭ مەيدانغا مۇنار ياساپ ئېسىپ قويۇپتۇ ھەمدە يەرگە تەگكۇدەك ئۇزۇن ئارغامچىدىن بىرنى قوڭغۇراقنىڭ ئۇرغۇچىسىغا ئۇلاپ قويۇپتۇ. ئاندىن بۇنىڭ ئادالەت قوڭغۇرىقى ئىكەنلىكىنى، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ، ھەتتا كىچىك بالا بولسىمۇ قوڭغۇراقنى ئۇرسا، تېگىشلىك، ھەققانىي بىر تەرەپ قىلىشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قوڭغۇراق سانسىز قېتىم جاراڭلاپ، نۇرغۇن ئەنزىلەرنىڭ ئەدلى - ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ بولۇشىغا سەۋەب بوپتۇ. ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قوڭغۇراقنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇلۇپ ئادەمنىڭ بويى يەتمەس بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئارغامچا تېپىپ بولغۇچە يېقىنلا يەردىكى بىر باغدىن ئۇزۇم تېلىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئەكىلىپ ئۇلاپ قويۇپتۇ.

ئاشۇر خانلىقىدا ياش چاغلىرىدا نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان، ھازىر قېرىپ خەزىنىگە قارىغۇچى چاكارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بىر ئەسكەر بار ئىكەن. ئۇ ھەممە مۈلكىنى سېتىپ، ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان ئېتىنىلا ئېلىپ قاپتۇ. ئۆزىنىڭ پۇل - تەڭگىلىرىنى ساناش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىكەن ھەمدە قانداق قىلسا يەنىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنىڭ كويىدىلا يۈرۈپ، ئاتقا يەم بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاتنى ئورۇقلىتىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان ھالغا ئەكەپ قويۇپتۇ.

— ئۇ قېرى ئاتنى بېقىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ بىر كۈنى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — قويۇۋەت، قېرى قاقۋاش، ئەمدى ئۆز جېنىنى ئۆزى باقسۇن.

ئۇ ئاتنى قويۇۋېتىپتۇ. ئات تاقىر تاغلاردا، سەھرا - مەھەللىلەردە ئوتلاپ، سوكۇلداپ يۈرۈپ ئۆزىنى بېقىپتۇ. ئەمما ھەممە يەردە ئۇر - ئۇرغا قېلىپ كۈن ئالمىقى بەكلا تەسكە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر كۈنى شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ. دىمىق ئىسسىق بولغاچقا كوچىلاردا ئادەممۇ يوق ئىكەن. ھەممەيلەن ئىشىكلىرىنى دۈملەپ ئۆيىگە بېكىنىپ ئولتۇرۇۋالغانىكەن. ئات ئايلىنىپ يۈرۈپ «ئادالەت قوڭغۇرىقى» نىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە قوڭغۇراققا ئېسىپ قويۇلغان تالنىڭ چۇلۋۇرىنى ئىشتىياق بىلەن سىلكىپ تارتىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. قوڭغۇراقمۇ جاراڭلاشقا، كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ توپلىنىشقا باشلاپتۇ ھەمدە ھەر يەرلەردە سوكۇلداپ، جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە لاغايلاپ قالغان ئاتنى تونۇپ، قازى - قۇززاتلارغا ئاتنىڭ ئەسلىي ئىگىسىنىڭ ھازىر پۇل - تەڭگە ساناپ بەخىرامان ئولتۇرغانلىقىنىمۇ دېيىشىپ، گۇۋاھلىق بېرىپتۇ.

قازى - قۇززاتلار ئادەم ئەۋەتىپ قېرى ئەسكەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنى ئىقرار قىلدۇرۇپتۇ ھەمدە دەرھال ئاتقا بىر ئىسسىق ئېغىل ياساپ بېرىش، ياخشى بېقىشنى

بۇيرۇپتۇ. ئات ئاخىرى ئىسسىق ئېغىلغا، ئەزەلدىن يەپ باقمىغان ئېسىل يەم - بوغۇزغا ئېرىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***كىشىلەر ئارىسىدىكى ئادالەتنىڭ ماھىيىتى دەل ئۆزئارا كۆيۈنۈش مەجبۇرىيىتىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت.***

## بايدىن قېپقالغان مىراس

بىر باينىڭ ئون ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ھەر بىر بالىسىغا 1000 دوللاردىن پۇل مىراس قالدۇرماقچى بولۇپتۇ. ئەمما ئۇيان - بۇيان بولۇپ 9500 دوللارلا پۇلى قاپتۇ. ھەمدە توققۇز ئوغلىغا 1000 دوللاردىن بەرسە، 300 دوللارنى دەپنە ئىشلىرىغا سەرپ قىلسا كىچىك ئوغلىغا 200 دوللارلا قالىدىكەن. ئۇ كىچىك ئوغلىغا:

— بالام، شۇنداق قىلىپ 200 دوللارلا بېرەلەيدىغاندەك قىلىمەن. ئەمما قايغۇرما، ئەڭ يېقىن دوستۇمدىن ئوننى ساڭا قالدۇردۇم. ئۇلار پۇلدىنمۇ قىممەتلىك، — دەپتۇ.

دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن توققۇز ئوغۇل ھەممىسى ئۆز ئىرىكچىلىكىگە چۇشۇپتۇ. كىچىكى ئاستا - ئاستا قولىدىكى پۇلنى خەجلەپ بوپتۇ. ئۇ قولىدا ئەڭ ئاخىرقى ئون دوللار قالغان ۋاقىتتا، دادىسىنىڭ بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ مېھمان قىپتۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ قىيىن كۈنگە قالغانلىقىنى، ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ئۇ ھايات چېغىدا ھەممىمىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، بىزمۇ سىزنىڭ بوينۇڭىنى قىستۇرمايمىز.

ھەممىسى شۇنداق دېيىشىپ بىر ئازدىن پۇل ۋە بىر بوغاز كالا تەييارلاپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. كالا تۇغقاندىن كېيىن موزىيىنى سېتىپ، يەنە تۇغدۇرۇپ سېتىپ دېگەندەك قىلىپ ئاخىرى كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ياخشى دوست بايلىق خەزىنىسىگە تەڭ.***

## يىغلىشىپ بېرەي

بىر ئانا كەچلىك تاماق ئېتىپ، قىزىنى شۇنچە ساقلاپ ئولتۇرسىمۇ قىزى مەكتەپتىن قايتىپ كەلمەي ئۇنى ئەنسىرىتىۋېتىپتۇ. قىزى قايتىپ كېلىشى ھامان ئانىسى ئاچچىقلاپ نەگە بارغانلىقىنى سورىغانىكەن، قىزى ساۋاقدىشى جېنىنىنىڭ ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۇشكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— سەن ۋېلىسىپىت ئوڭشاشنى بىلمەيتتىڭ، ساقلاپ تۇرغىلى، — ئانىسى يەنە

ۋارقىراپتۇ.

— ۋېلسىپېتقۇ ئوخشىيالمايمەن. ئەمما ئۇنىڭغا يىغلىشىپ بېرەلەيمەن - دە! ۋېلسىپېت ئوخشالمىغاندىن كېيىن، قولۇمدىن كېلىشىچە يىغلىشىپ بەردىم. دوست تۇرۇپ شۇنىمۇ قىلمايمۇ ئەمسە؟!

***ھېكمەت:***

***ھەقىقىي دوستلار بىرگە ئويناشنىلا ئەمەس، دەرد - كۆلپەتنىمۇ تەڭ ھەمشىرىك بولۇشنى بىلىشى كېرەك.***

## گالىپى خانىمنىڭ گۈللۈكى

گالىپى خانىم ئامېرىكىلىق پۇلدار ئايال ئىكەن. ئۇ كالىفورنىيە شتاتىنىڭ شەھەر سىرتىدا بىر گۈللۈك باغ يېتىشتۈرۈپتۇ. باغنىڭ چوڭ ھەم گۈزەللىكى تېزلا نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، بۇ يەر ئاۋات سەيلىگاھقا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار بەخىرامان كىرىپ تاماشا قىلىدىكەن. ياشلار يايپېشىل چىملىق ئۈستىدە بەزمە قۇرۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشسا، بالىلار گۈللۈكتە كېپىنەك قوغلايدىكەن. ياشانغانلار كۆلچەكتە بېلىق تۇتسا، ھەتتا بەزىلەر گۈللۈككە چېدىر تىكىپ، يۇلتۇزلۇق كېچىلەرنى مۇشۇ يەردە ئارامخۇدا، سالقىن ئۆتكۈزمەكچى بولىدىكەن.

گالىپى خانىم كىشىلەرنىڭ خۇشلۇق، تەنتەنە ئىچىدە كۈلۈپ - يايراپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ چىدىيالماي قاپتۇ. نېمىلا بولمىسۇن باغ ئۇنىڭدە؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىغا: «خۇسۇسىي باغ، سىرتتىن ئادەم كىرىش مەنئىي قىلىنىدۇ» دەپ خەت يېزىلغان تاختاي ئېسىپ قويۇپتۇ. ئەمما بۇ قىلچىمۇ كار قىلماپتۇ. كىشىلەر يەنىلا توپ - توپ بولۇپ كۆكۈل ئېچىش ئۈچۈن كېلىۋېرىپتۇ. ھەتتا بەزىلەر چىتلاقنى بۇزۇپ كىرىشكە باشلاپتۇ.

كېيىن گالىپى خانىم ئەپچىل ئامالدىن بىرنى ئويلاپ تېپىپتۇ. يەنە دەرۋازىنىڭ سىرتىغا يەنە بىر تاختاي ئاستۇرۇپتۇ. ئەمما بۇ قېتىم تاختايغا: «ھۆرمەتلىك جانابلار، باغچىمىزغا كۆكۈل ئېچىشقا كېلىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ئەمما بىخەتەرلىكىڭلار ئۈچۈن شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىزكى، باغچىغا بىر خىل زەھەرلىك يىلان پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ خىل يىلاننىڭ زەھىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، يېرىم سائەت ئىچىدە جىددىي قۇتقۇزۇلمىسا، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش تەس. ئەمما يەنىمۇ كۆچەپ ئەسكەرتىمىزكى، بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن دوختۇرخانىغا 50 مىنۇتتا بارغىلى بولىدۇ. دىققەت قىلغايسىلەر!» دەپ يېزىلغانىكەن.

بۇ چارە دېگەندەكلا قالتىس ئۈنۈم بېرىپتۇ. ئويۇنخۇمار كىشىلەر بۇ تاختاينى كۆرۈپلا ئالدى - كەينىگە قارىماي باغدىن ئايرىلىپتۇ.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، بەزىلەر گالىي خانىمنىڭ بېغىغا بېرىپ ھەيرانلىقتا شۇنى بايقاپتۇ: باغ چوڭ، ئەمما ماڭىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، چىم، گۈل - گىياھلار ياۋا ئۆتتەك ئۆسۈپ چاڭگاللىشىپ كېتىپتۇ ھەم راستتىنلا زەھەرلىك يىلانلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنچىۋالا چوڭ باغدا يالغۇز غېرىبسىنغان گالىي خانىم باغنىڭ بىر چاغلاردىكى كۈلكە - چاقچاق، شاد - خۇرام، كىشىلەرگە تولغان مەنزىرىسىنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيدىكەن.

ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىمۇ خۇددى بىر تال گۈزەل باغقا ئوخشايدۇ. باشقىلارنىڭ خۇشاللىق ئۇرۇقىنى چېچىشىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزمۇ بەھرىلىنىشنى بىلگەن چېغىمىزدىلا، قەلب بېغىمىز مەڭگۈ چۈللىشىپ كەتمەيدۇ.

***ھېكمەت:***

***دوستلۇققا ئېرىشەي دېسەڭ، دوستلۇق ئۇرۇقلىرىنى چاچ.***

## مۇمكىنمۇ!

بىر بالا تاغدا كىچىك شىر كۈچۈكىدىن بىرنى ئۇچرىتىپتۇ ھەم ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ بېقىپتۇ. بالا شىرغا ئەڭ ئېسىل يەملەرنى بېرىپ، يۇيۇپ - تاراپ كۆڭۈل قويۇپ قاراپتۇ. شىرمۇ بالىغا شۇ قەدەر ئىچەكەپ كېتىپتۇكى، بالىنىڭ تىزلىرىدا دومىلاپ، پۇت - قوللىرىنى يالاپ، بىرگە يۇگۇرۇپ ئوينايدىكەن. ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئايرىلماس قەدىناسلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ.

شىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئاستا - ئاستا يوغىناپ يوغان، كۈچكە تولغان بىر شىرغا ئايلىنىپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى بالا توساتتىنلا شىرغا مىنىپ ساياھەت قىلىش ئويىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە شىرنى مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. شىر رايىشلىق بىلەن بالا نەگە دېسە شۇ يەرگە مېڭىپتۇ. يولدا ئۇچرىغانلار ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

— شىر سىنى يېمەمدۇ؟ — دەپتۇ بەزىلەر تەئەججۇپلىنىپ.

— مېنى يېيىشى مۇمكىنمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ.

— سەن نېمىشقا ئۇنى يەۋەتمەيسەن؟ — دەپتۇ يولدا ئۇچرىغان ئىتلار شىرغا.

— ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇنى يېمەيمەن، — دەپتۇ شىر.

بىر كۈنى ئۇلار بىر پايانسىز قۇملۇققا ھەم بورانغا دۇچ كېلىپ يەيدىغان يەم، ئىچىدىغان سۇلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قاپتۇ. بالا شىرنى بەزلەپ:

— چىدا بۇرادەر، قۇملۇقتىن ئۆتۈۋالساقلا سېنى يەتكۈچە تويغۇزىمەن، — دەپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، شىر ئاچلىقىدا ئۇنى چۆرگىلەپ پىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، شىر ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىنى يالاشقا باشلاپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ شىر

ئۇنىڭ ئۈيەر - بۇيېرىنى بوش چىشلەشكە باشلاپتۇ. تۆتىنچى كۈنى شىر ئۇنىڭغا قاراپ چىشىنى ھىڭگايتىپتۇ. بەشىنچى كۈنى كۆزىگە قان تولغان شىر ئۆزىگە يەنە مىنىمەكچى بولغان ئېگىسىنى بىر ئىرغىپلا دۈم قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پارە - پارە قىلىپ تاشلاپتۇ. ئۇ تاكى ئۆلگۈچە شىرنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزىگە چىش سالغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***جاھاندىكى دوستلۇقلارنىڭ بەزىلىرى ئىللىق كۆيۈنۈش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. قىل سىغمىغۇدەك جانجىگەر دوستلارنىڭ بەزىلىرى تۇيدۇرمايلا جېنىڭىزغا زامىن بولىدۇ.***

## رەقىبلەر

روللىن مەكتەپ ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ ماھىر توپچىسى. پېتىرمۇ بۇ گۇرۇپپىغا يېڭىدىن قېتىلغان، روللىندىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن بولغان يېڭى ماھىر ئىدى. ئەمما پېتىر ھەدېسىلا روللىننىڭ ئۆزىگە يەتمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق پىتنە - پاسات تارقىتىشقا ئامراق ئىدى. روللىننىڭ بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك ھالدا پېتىرغا ئىلھام بېرەتتى.

بىر قېتىم روللىن پېتىرغا:

— ئۈچ نومۇرلۇق توپ تاشلاشقا قايسىمىز ياخشى؟ — دېدى.

— بىلىپ تۇرۇپ ئەتەي سورىغىنىڭ نېمىسى؟ ئەلۋەتتە سەن! — دېدى پېتىر پەرۋاسىزلا. ئەمەلىيەتتىمۇ روللىننىڭ ئۈچ نومۇرلۇق توپىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى 28.6% ، پېتىرنىڭ 26.4% ئىدى. ئەمما روللىن:

— خاتا دېدىڭ. سەن ياخشى ئاتىسەن. توپ ئېتىش ھەربىكىتىڭ ئۆلچەملىك، تەبىئىي، ناھايىتى تېخنىكىلىق، مەشىق قىلىپ بەرسەڭلا تېخىمۇ ئىلگىرىلىيەلەيسەن. ئەمما مېنىڭ ھەربىكىتىم خېلىلا خام، — دېدى ھەمدە يەنە قوشۇپ قويدى، — مەن ئاساسەن توپنى ئوڭ قولۇمدا كونترول قىلىمەن. سول قولۇم ئۇنچە ئەسقاتمايدۇ. ئەمما سېنىڭ ئوڭ - سول قولۇڭ ھەر ئىككىسى ناھايىتى ئەپچىل.

پېتىر بۇنداق ئىنچىكە نۇقتىلارنى ئويلاپ كەتمىگەنىدى. ئۇ روللىننىڭ بۇ ئېسىل پەزىلىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ھەمدە تېزلا ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتتى. مۇسابىقىدىمۇ ئىككىسى ياخشى ماسلىشىپ، نۇرغۇن مەيدان مۇسابىقىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. پېتىرمۇ 17 مەيدان مۇسابىقىدە ئەڭ كۆپ توپ تاشلىغان ماھىر بولۇپ روللىندىن ئېشىپ چۈشتى.

***ھېكمەت:***
***كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەڭ كۆپ ئادەمنىڭ ھىمايىسى ۋە ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈڭ، ھەتتا رەقىبىڭىزنىمۇ.***

## چوڭلار دىنمۇ ئەقىللىق بالىلار

بۇ يىل پاسخا بايرىمى بۇرۇن كەلدى. ئەتىياز كىرە - كىرمەيلا ئېتىز - باغلاردىكى، ھويلىلاردىكى دۆۋە - دۆۋە قارلار ئېرىپ، كوچىلاردا ئېرىقچە ھاسىل قىلىپ ئېقىشقا باشلىدى.

چىرايلىق كىيىنىۋالغان ئىككى قىزچاق يىغىندى سۇلار ئېقىۋاتقان كىچىك ئېرىقچە بويىدا ئۇچراشتى. ھەر ئىككىسى ئالدى بىلەن ئۆز كىيىملىرىنى بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىشتى، ئاندىن بىللە ئويناشقا چۈشتى. ئۇلار دەسلەپلىرىدە كۆڭلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇ كېچىپ ئويناشقاندى. بىردەمدىلا بىر - بىرىنىڭ ئايىغىدىن چاچرىغان لاي سۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كىيىملىرىنى بۇلغىۋەتتى ۋە مەينەت بولغان كىيىملىرىنى كۆرۈپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ھەر ئىككىسىنىڭ ئانىلىرى كېلىپ قېلىپ، قىزلىرىنىڭ ئۇستۋاشلىرىنى كۆرۈپ:

— كىيىمىڭلارنى نېمە قىلىشتىڭلار؟ — دېدى.

— ئۇ قەستەن قىلدى، — دېدى چوڭراق قىز دەرھاللا.

— ھۇ جوھۇتنىڭ قىزى!

ھەر ئىككى ئايال بىر - بىرىنى سەنلىشىپ، ۋارقىراپ تىللىشىشقا كىرىشتى. كىشىلەر ئۆي - ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئۇلارنى بېسىقتۇرماقچى بولدىيۇ، ئەمما ئۇلار كىشىلەرنىڭ توپلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ تىللىشىپ كەتتى.

ئۇلار تىللىشىۋاتقان چاغدا، بايىقى ئىككى قىز بىر چەتكە چىقىپ بىر - بىرىنىڭ كىيىمىدىكى لاي - پاتقاقلارنى سۈرتۈپ، يەنە ئېرىقنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئېرىقتىكى سۇغا تاش تاشلاپ، ئۆز ئويۇنىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئىككىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈشۈپ، قول تۇتۇشۇپ تاش تېرىپ سۇغا تاش ئېتىپ ئويۇن قىلماقتا ئىدى.

بىر موماي بۇ قىزىق ھالنى كۆرۈپ، تېخىچە تىللىشىۋاتقان ئىككى ئايالغا:

— نومۇس قىلمىدىڭلارمۇ كىچىك بالىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ سەتلەشكىلى؟ قاراڭلار، بايىلا ئۇرۇشقان بالىلارمۇ يەنە خۇشال - خورام ئويناۋاتامدۇ؟ ئەجەبا، سىلەر ئاشۇ كىچىك بالىلارچىلىك بولالمامسىلەر؟ ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا كۆپ ئەقىللىق ئىكەن، — دەپتۇ.

ھەر ئىككى ئانا خىجىللىقتا بىر - بىرىدىن ئەپۇ سوراپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***تىركىششىنى، دۈشمەنلىششىنى تاشلىغاندىلا دوستلاشقىلى، كەك قورساق بولغاندىلا دوستلۇقنى ئۈزۈنغىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.***

## سامساق يېپىشكە خۇشتار مۈزىكانت

ئۇ داڭلىق مۈزىكانت، ئەمما سامساق يېيىشكە بەك ئامراق. بىر داڭلىق مۈزىكانتقا نىسبەتەن بۇ ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق چاتاق ئادەت. بىتخوۋىنىنىڭ داڭلىق مۈزىكىلىرىنى چالىدىغان بىر مۈزىكانت شۇنچە كۆپ سامساق يەپ ئېغىزىنى سېسىق پۇرىتىپ يۈرسە ــ ھە؟!...

ئەمما ئۇ: «مەنمۇ بىر ئادەمغۇ، ئادەم دېگەندە ئۇنداق - مۇنداق كەمچىلىكلەر دېگەن ھامان بولىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ھەممىسىدە غەلىتە ھەۋەس، قىزىقىشلار بولىدۇ. مەندىمۇ شۇ» دەپ ئويلاپ ئۆزىنى بەزلەيدۇ ھەمدە سامساق يەپ بولغاندىن كېيىن دارچىن گۈلى يەپ ئېغىزىدىكى بەدبۇي پۇراقنى يوق قىلماقچى بولىدۇ...

بىر كۈنى ئويۇن قويۇپ، ئۇلار بىر كىچىك بازارغا كېلىدۇ. بۇ كۈزنىڭ راھەتبەخش بىر ئاخشىمى بولۇپ، ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا ئاتاپ بىتخوۋىنىنىڭ مۈزىكىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ بېرىپ، قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇ مۈزىكىنى ئورۇنلاپ بولغاندا، بېشىغا لېنتا چىگىۋالغان بىر قىزچاق ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلىدۇ. ئۇ ھاياجاندا قىزغىن قۇچاقلاپ ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويىدۇ.

ــ نېمانچە سېسىق، ــ دەيدۇ گۈل ئېلىپ چىققان قىز ئۇنىڭ ئېغىزىدىن كېلىۋاتقان چىدىغۇسىز سېسىق پۇراقتىن سەسكىنىپ، ــ تېخى بايىلا سامساق يەپتۇ ــ ھە؟! بولدى، قويۇۋەتسە بولاتتى، نېمانچە سېسىق...

قىزنىڭ چىرايلىرى پۈرۈشۈپ، قۇسۇپ سالغىلى تاسلا قاپتۇ ۋە بۇرنىنى تۇتقىنىچە سەھنىدىن يۈگۈرگىنىچە چۈشۈپ كېتىپتۇ. مۈزىكانت بۇنى بايقاپ خۇددى مۈزىكىنى ئورۇنلاپ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا نوتىنى ئۇنتۇپ قېلىپ مەسخىرىگە قالغاندەك ئىنتايىن بىئاراملىق ھېس قىپتۇ ھەمدە ئىككىنچىلەپ سامساق يېمەسلىككە قەسەم قىلىپتۇ. گۈل سوۋغا قىلغان قىزمۇ بۇندىن كېيىن ھەر قانداق سەنئەتكارغا مەيلى ھەر قانچە ئېسىل مۈزىكا ئورۇنلىسىمۇ ئىككىنچىلەپ گۈل سوۋغا قىلماسلىقنى نىيەت قىلىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ھەر نەرسە يولىدا بولسۇن، باشقىلارنى بىزار قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ.***

## مېغىز ئېلىش

بالىنىڭ ئۇستەل ئۈستىدىكى بوتۇلكىغا سېلىنغان مېغىزلاردىن ئېلىپ يېگۈسى كەپتۇ ۋە قولىنى تىقىپ بىر سىقىم مېغىزنى قامالالىغىنىچە تارتىپتۇ. ئەمما بوتۇلكىنىڭ ئېغىزى كىچىك بولغاچقا، بالىنىڭ قولى پاتماي كەپلىشىپ قاپتۇ.

— نېمە بولدى، بالام؟ — دەپتۇ ئانىسى كىرىپ بالىسىنىڭ بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ.

— مېغىز ئالاي دېگەنتىم، ئەمما قولۇم كەپلىشىپ قالدى.

— ئاچ كۆزلۈك قىلما بالام، — دەپتۇ ئانىسى، — بىردىن - ئىككىدىن ئالساڭ ئەلۋەتتە ئالالايسەن، تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىش ئارقىلىقلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ھېچ ئىشنى بىر ئىرغىپلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

***ھېكمەت:***
***بىراقلا نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشىمەن دېسىڭىز، ھەممىدىن قۇرۇق قالىسىز، ئاز - ئازدىن كېلىدۇ.***

## تاشلاشنى ئۆگەن

فرانكىلىننىڭ جىيەنى بوتىل ئىنتايىن ئەقىللىق، ھەر جەھەتتىن باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنى، بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسىتېت مەسلىھەتچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرىدىغان ئىرادىلىك بالا ئىكەن. كېيىن ئۇ ھەر تەرەپتىن يامان ئەمەس نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ. ئەمما كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ فرانكىلىندىن قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ.

— مەن بىلەن تاغقا چىق، شۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلەيسەن.

فرانكىلىن ئۇنى تاغقا ئېلىپ مېڭىپتۇ. تاغ يولىدا كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ئىنتايىن نۇرغۇن چىرايلىق تاشلار ئۇچراپتۇ. بوتىلنىڭ ئۇنى تېرىۋالغۇسى كېلىپ چىدىيالماي قاپتۇ. فرانكىلىن ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئەمما بىردەمدىن كېيىن ئۇ كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگىنىنى ئېلىۋېرىپ، بارا - بارا ئېغىرلىقتىن ماڭالماي قاپتۇ.

— تاغا، بولالمىدىم، تاغقا ھەرگىز چىقالمىغۇدەكمەن، قەدەممۇ ئالالمايۋاتىمەن.

— ئەمىسە، قانداق قىلساڭ بولار، — دەپتۇ فرانكىلىن كۈلۈپ.

— تاشلىۋېتەيمىكىن.

— ئەلۋەتتە تاشلايسەندە، تاش يۈدۈپ چوققىغا چىقىش مۇمكىنمۇ؟

بوتىل شۇندىلا چۈشىنىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئويۇن، بولار - بولماس ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئۆز ئارزۇسىغا يېتىپتۇ. چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىراي دېگەن ئادەم نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىپ زېھنىنى چېچىپ يۈرمەي، ئۆز ھەركىتىنى نىشانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، كەمچىلىك، خاتالىقلارنى تۈزەتكەندىلا ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

گېرمانىيە شائىرى گود مۇنداق دەيدۇ: «ھايات بىلەن ئويناشقانلار ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئۆزۈڭگە خوجايىنلارچە ئەمەس، چاكار، قۇللارچە مۇئامىلە قىل».

***ھېكمەت:***
***ۋاز كېچىشنى بىلىدىغانلارلا يۈكسەك چوققىلارغا چىقالايدۇ.***

## ئانا - بالا بېلىقلار

بالا بېلىقجان ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئانا، دوستلىرىم قارماقتىكى يەم مەززىلىك، ئەمما سەل خەتەرلىك دەيدۇ. بۇ ئېسىل يەمدىن بەھۇزۇر ھوزۇرلانغىلى بولماسمۇ؟

— بالام، — دەپتۇ ئانىسى، — قارماقتىكى نەرسە خەتەرلىك، ئەڭ بىخەتەر ئىش قارماققا يېقىن يولىماسلىق.

— لېكىن قارماقتىكى يەمنى ئەرزان، كۆپ سەرپ قىلىش ھاجەتسىز دېيىشىدىغۇ؟

— توغرا، ئۇ ھەم ئەرزان، ھەم قىممەت يەم. ئۇ جېنىڭ بەدىلىگە كېلىدۇ. بىلەمسەن، ئەشۇ يەم ئىچىدە قارماق بار.

— يەمنىڭ ئىچىدە قارماق بار - يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىمىز؟

— مېزىلىك، ئەرزان، كۆپ سەرپ قىلىش ھاجەتسىز نەرسىنىڭ ئىچىدە قارماق بار. ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

***ھېكمەت:***
***ئەڭ رەزىل، ئەڭ ۋەھشىي نەرسىلەر بەزىدە ئەڭ گۈزەل تونلارغا ئورۇنۇۋالىدۇ.***

## دېڭىز ۋە پادىشاھ

ئەنگلىيەنىڭ كانۇ ئىسىملىك بىر پادىشاھى ئۆتكەنىكەن. باشقا نۇرغۇن مەنسەپدارلارغا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ئەتراپىدا بىر توپ تەخسىكەش، قەسەمچى، مەدھىيەچى كىشىلەر بار ئىكەن. ئۇ ئوردىغا كىرىش ھامانلا، مەدھىيە، قەسىدىلەر ئۇزۇلمەي ياغىراشقا باشلايدىكەن.

— سىلى زامان تۆرەلگەندىن بېرىقى ئەڭ ئۇلۇغ شاھ.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك.

بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئوردىنى تىترىتىپ ئۆتەتتى. پادىشاھمۇ مۇنداق ئەخمىقانە مەدھىيە سۆزلىرىگە بارا - بارا ئۆچ بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ دېڭىز ساھىلىغا بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، مەدھىيىچى قەسىدىچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلارغا ئوبدان بىر ساۋاق بېرىپ قويماقچى بولۇپتۇ.

— مەن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ شاھ، شۇنداقمۇ؟ — ئۇ پادىشاھ ھەممەيلەندىن سوراپتۇ.

— بەرھەق، تەقسىر، — ھەممەيلەن بىردەك ۋارقىرىدى، — ئۆزلىرى تەڭداشسىز، سىلىدىن ئۇلۇغ خان تۆرەلمىگەن، بۇندىن كېيىنمۇ تۆرەلمەيدۇ.

— ئىقلىمدىكى پۈتۈن مەۋجۇدات بۇيرۇقۇمغا بويسۇنامدۇ؟

— شەكسىز ئىتائەت قىلىدۇ. ئالىيلىرى، جىمىكى نەرسە ئاياغلىرىغا باش قويۇپ، ئىتائەت قىلىدۇ. بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدۇ.

— خوش، ئۇنداق بولسا، دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا كۆرستىن بىرنى قويۇڭلار!

پادىشاھ تەييارلانغان كۆرسقا ئولتۇرۇپ، دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىغا قاراپ قويۇپ، ئەتراپىدىكىلەرگە دەپتۇ:

— بۇيرۇق قىلسام، دولقۇنلارمۇ توختامدۇ؟

ۋەزىر - ۋۇزرالار قايمۇقۇپ قاپتۇ.

— ئەي دېڭىز، — دەپتۇ پادىشاھ ۋارقىراپ، — دەرھال توختىشىڭلارغا پەرمان چۈشۈرىمەن. ئەمدى دولقۇنلىماڭلار.

ئۇ توختاپ دېڭىز دولقۇنلىرىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەمما دولقۇنلار يەنە شارقىرىغىنىچە دولقۇنلاپ كېلىپ كۆرسىنىڭ پاچاقلىرىنى يالاپ ئۆتۈپتۇ.

— قاپ يۈرەك دولقۇنلار، — ئۇ غەزەپلەنگەندەك قىياپەتتە ۋارقىراپتۇ، — ئارقاڭغا قايت، پەرمانىمغا بويسۇنامسەن!

دولقۇنلار يەنە كېلىپ پادىشاھنىڭ ئېتەكلىرىگىمۇ سۇ چاچرىتىپتۇ ھەمدە ئۆز رىتىمى بويىچە قىرغاققا ئۇرۇلۇپ يەنە قايتىپ سۇرلۇك شارقىراپ ئېقىۋېرىپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار پادىشاھنى ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ - نېمە دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ.

— قارىغاندا، — دەپتۇ پادىشاھ ئەتراپىدا قورقۇنچ بىلەن قاراپ تۇرغانلارغا، — مەن سىلەر دېگەندەك ئۇنچىۋالا قۇدرەتلىك ئەمەس ئوخشايمەن. بىلگەنسىلەر، مەن جاھاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ئەمەس. جاھاندا مەندىنمۇ ئۇلۇغ، مەندىنمۇ كۈچلۈك، مەندىنمۇ قۇدرەتلىك تەبىئىي كۈچلەر مەۋجۇت. بۇنىڭدىن كېيىن مېنى يالغان - ياۋىداق شېرىن - شېكەر گەپلەر بىلەن ئازراق مەدھىيەلەڭلار. كائىنات، تەبىئەت ھەممىدىن

ئۇلۇغ، بۈيۈك. مەدھىيىلەشكە مانا مۇشۇ راسا ئەرزىيدۇ.

پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ۋەزىر - ۋۇزرالار نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، خىجىللىقتىن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئۆزىڭىزنىڭ مەغرۇر - مۇغەمبەرلىكىڭىزنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك.***

## ھارۋىنىڭ ئاۋازى

بىر كۈنى جېك دادىسى بىلەن ئورمانلىقنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ.

— قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىدىن باشقا يەنە نېمە ئاڭلىدىڭ؟ — دەپتۇ دادىسى ئورماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا توختاپ.

جېك ئىنچىكىلىك بىلەن تىڭشاپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن:

— ھارۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، — دەپتۇ.

— توغرا، بىر قۇرۇق ھارۋا، — دەپتۇ دادىسى تەستىقلاپ.

— كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇق ھارۋىلىقىنى قانداق بىلەلىدىڭىز دادا، — دەپتۇ ئوغلى ھەيران بولۇپ.

— ئاۋازىنىڭ يەڭگىللىكىدىنلا ئۇنىڭ قۇرۇق ھارۋىلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس. قۇرۇق ھارۋا ھەممىدىن بەك تاراقشىيدۇ.

جېك چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ قىيىنچىلىق، قوپاللىق، مۇشكۈلچىلىككە ئۇچرىغاندىمۇ ئىزچىل دادىسىنىڭ شۇ گېپىنى ئەستىن چىقارماي كەلدى: «قۇرۇق ھارۋا ھەممىدىن بەك تاراقشىيدۇ».

***ھېكمەت:***
***نادانلار ھەر يەردە ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز ئەپتىبەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ، ئاقىللار ئۆز ئىلمىنى دائىم يوشۇرىدۇ.***

## سىناق

بىر شىركەت يۇقىرى مائاش بىلەن بىر شوپۇر تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ، قايتا - قايتا سىناق ئېلىپ بېرىپتۇ ھەمدە ئاخىرىدا ئۈچ شوپۇرلا ئېشىپ قاپتۇ. سىناق ئالغۇچى ئۇلاردىن ئوخشاش مۇنداق بىر سوئالنى سوراپتۇ.

— تىك قىيا قېشىدا بىر پارچە ئالتۇن بار. ماشىنىنى ھەيدەپ ئالتۇن قېشىغا بېرىش كېرەك. سىلەرچە قىرغاققا ئەڭ يېقىن ھەم چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن قانچىلىك ئارىلىق قالدۇرسا مۇۋاپىق؟

— ئىككى مېتىر، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— يېرىم مېتىر، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— قىيادىن قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى. نەتىجىدە ئۈچىنچىسى تاللىنىپتۇ.

*ھېكمەت:*
***ئالتۇنغا يېقىن بارماڭ، ئامال بار نېرى تۇرۇڭ.***

## ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇش

بىر موماي يول بويىدا بىر ئېگىز تامغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا تام خۇددى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ قاپتۇ ۋە يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارنى نېرىراق مېڭىش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

كىشىلەر مومايغا ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويۇپ تام بويلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. تام يىقىلماپتۇ. كىشىلەرنىڭ قولاق سالمىغانلىقىغا مومايىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. تام تۈۋىدىن نۇرغۇن كىشى ئۆتۈپتۇ. ئەمما ھېچقانداق چاتاق چىقماپتۇ. تۆتىنچى كۈنى، موماي ئۆز تۈيغۇسىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، تام تۈۋىگە بېرىپ كۆزىتىپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ تام تۈۋىگە بېرىشىغىلا، تام يىقىلىپ موماي ئاستىدا قېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

باشقىلارغا ئەقىل ئۆگەتكەندە سەگەكلىشىپ كېتىمىزيۇ، ئۆزىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرالمايمىز. شۇڭا دەيمىزكى، نۇرغۇن ھاللاردا، خەتەر بىزنىڭ يانبېلىمىزدە. ھوشيار تۇرايلى. ئۆزىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايلى!

*ھېكمەت:*
***باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئوڭاي، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇش بەك تەس.***

## ئىتنىڭ خۇيى قاۋاشتۇر

بىر كۈنى كەچتە، گۇگۇم پەيتىدە ئىككى ئاغىنە قىزغىن پاراڭ بىلەن خىرامان كېتىۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز بىر دەرۋازىدىن بىر ئالا تايغان يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇلارغا قاراپ قاۋاپتۇ، كەينىدىنلا ئۇ ھويلىدىن - بۇ ھويلىدىن بىر مۇنچە تايغانلار چىقىپ قاۋىشىپ كوچىنى بېشىغا كىيىپتۇ.

ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ بىرى يەردىن تاش ئېلىپ ئىتلارغا ئاتماقچى بوپتىكەن، يەنە بىرى دەپتۇ:

— ئەخمەقلىق قىلما، قاۋاشسا قاۋىشىۋەرسۇن! بەربىر ئىتنىڭ ئاغزىنى

ئېتەلمەيسەن، ئىتتىنىڭ خوي - پەيلى ماڭا مەلۇم، بۇ ئىتلارغا تەڭ تۇرمەن دېسەڭ، ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ، ئارقىمىزغا قارىماي يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى.

ئۇلار ئەللىك قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، دېگەندەك ئىتلارنىڭ قاۋىشى پەسلەپ، ئاخىر پۈتۈنلەي تىنجىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***كۆرسەنكى، سەن مۇۋەپپەقىيەت قازانساڭ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشسەڭمۇ، بىر ئوچۇم تەبىئىتى پەس كىشىلەر ئۇستۇڭدىن تورلۇك - تۈمەن سۆز - چۆچەك تارقىتىدۇ ۋە ھەتتا سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭدىن، سەممىيىتىڭدىن، قابىلىيىتىڭدىن گۇمانلىنىدۇ. ئەگەر سەن ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىساڭمۇ باشقىلار سېنى ھۇرۇن، تىرىشماس، لايغەزەل، بىكارچىلىقتا ئەيىبلەيدۇ. جەزمەنكى، باشقىلارنىڭ كەينىدىن پىتنە - پاسات، سۆز - چۆچەك تېرىغۇچىلار ئىنتقا ئوخشاش قاۋايدۇ، غاجايدۇ، تالايدۇ.***

***كىشىلەرنىڭ كەينىڭدىن تاپقان ھەر قانداق سۆز - چۆچىكىگە پىسەنت قىلما. ئەگەردە ئۆزۈڭنىڭ تەبىئىتى ۋە سەممىيىتىڭگە قارىتا گۇمان، شۈبھە بولمىسا ھېچكىمنىڭ سۆزى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ۋە ئۆزۈڭنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزەپ داۋاملىق ئالغا بېسىۋەر. نادان كىشىلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا قۇلاق سالما. ئىتلارنىڭ يىرگىنچلىك كاڭشىشلىرى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. سېنىڭ مەنزىلىڭ ھامان ئالدىڭدا.***

## ئىشلىگەن چىشلەيدۇ

بىر كۈنى، يولۇچى يول بويىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتسا، بىردىنلا ئورمانلىقتىن بىر بۆرە چىقىپ، يۈگۈرگىنىچە يولۇچىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، نېمە يەۋاتىسەن؟

يولۇچى ناندىن بىر پارچە ئېلىپ بۆرىگە بېرىپتۇ. بۆرە ناننى بىر يالماپ يەۋېتىپتۇ ۋە ئاغزى - بۇرنىنى يالاپ تۇرۇپ:

— ئىنسانلارنىڭ نېنى نېمىدېگەن مەززىلىك - ھە! مەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق مەززىلىك تائاملارنى يېيەلىگەن بولسام، ناھايىتى ياخشى بولاتتى! — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇغداي تېرىپ خالىغىنىڭچە يەۋەرگىن! — دەپتۇ يولۇچى.

— راستىمۇ بۇرادەر؟ ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ، نان تەييارلاشنى ئۆگىتىپ قويغىن، — دەپتۇ بۆرە.

يولۇچى بۆرىگە نان تەييارلاشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ.

— ئالدى بىلەن يەر ئاغدۇرۇش لازىم.

— دەرھال نان تەييار بولامدۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ ئىش ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. يەرنى ئاغدۇرۇپ بولۇپ ئورۇق سېلىش لازىم.

— شۇنىڭ بىلەن نان تەييار بولامدۇ؟
— ياق، خېلى كۈتىسەن، كۈزدە ئۆرۈق سالسا، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئۈنىدۇ، يازدا...
— يازدا نان تەييار بولامدۇ؟
— بىر ئاز كۈتىسەن، بۇغداي پىشقاندىن كېيىن ئورىسەن، باغلايسەن، ئاندىن كېيىن...
— ئاندىن كېيىن نان تەييار بولامدۇ؟ — دېگىنىچە ۋارقىراپتۇ بۆرە.
— ياق تېخى، ئۇنچىلەرنى خامانغا توشۇيسەن، تېپىسەن، سورۇپ ئادالايسەن، تۈگمەنگە ئاپىرىسەن.
— ئەمدىغۇ يېسەم بولار؟
— ياق، يېيىشكە بەكمۇ ئالدىراپ كەتمە! ئۇن تارتىسەن، خېمىر قىلىسەن، ئاندىن نان پىشۇرىسەن.
— ئۇ چاغدا يېيىشكە بولامدۇ؟
— ئەلۋەتتە. شۇ چاغدا تەييار بولىدۇ، خالىغىنىڭچە يەيسەن.
— بولدى قوي! نان يېيىشنى خالىمايمەن، تولىمۇ خۇشۇمنى كەتكۈزدى، — دەپتۇ بۆرە بىر ئۇھ تارتىپ.
— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ يولۇچى.
— بەكمۇ تەقەززا قىلىۋېتىدىكەن. سەن شۇنداق بىر ئەقىل كۆرسەتكىنكى، قورسىقىم بىراقلا تويسۇن.
— ناھايىتى ياخشى، ئۇنداقتا سەن ئاۋۇ ئوتلاقتا بارغىن، ئۇ يەردە بىر ئات تايچىقى بىلەن ئوتلاۋاتىدۇ، بېرىپ شۇ تايچاقنى يە، — دەپتۇ يولۇچى.
بۆرە خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئوتلاقتا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ۋە تايچاقنا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا:
— ئەي تايچاق! ئاۋۇ يەردىكى بىر يولۇچى سېنى يېيىشىمنى ئېيتتى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— قېنى، يېگىن، — دەپتۇ تايچاق ۋە شۇ ھامان ئانىسىنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. بۆرە غەزەپلەنگەن ھالدا:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ مېنىڭ بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىماقچىمۇ سەن؟ — دەپتۇ ۋە شۇئان ئاتقا ئېتىلىپتۇ. ئات ئۇنى بىر تەپكەنىكەن، ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۆرە يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا ئېتىلىپتۇ. ئات يەنە كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپكەنىكەن، بۆرە ئوڭدىسىغا يىقىلىپتۇ ۋە ئۆلگىلى تاس قاپتۇ. بۆرە مىڭ تەستە يولۇچىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:
— بولدى قوي! تايچاقنى يېيىشتىن خۇشۇم كەتتى.
— يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ يولۇچى.
— ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ پۇتلىرى ناھايىتى چوڭ ھەم كۈچلۈك ئىكەن.
يولۇچى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، بۆرىگە شۇنداق دەپتۇ:
— ئۇنداق بولسا، ئاۋۇ تەرەپتىكى چىمەنزارلىقتا بارغىن، ئۇ يەردە بىر قوچقار

ئوتلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ پۇتى كىچىك، بىرىپ شۇنى يە.

بۆرە يوگۇرگىنىچە چىمەنزارلىقتا بىرىپتۇ ۋە قوچقارنى كۆرۈپ:

ــ بۇرادەر، ئاۋۇ يەردىكى بىر ئادەم مىنىڭ سىنى يىيىشىمنى ئىيتتى، ئەمدى بۇنىڭغا نىمە دەيسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئەگەر ئۇ شۇنداق دىگەن بولسا، بۇنىڭغا نىمە دەيتتىم؟ پەقەت ساڭا دەيدىغان بىرلا شەرتىم بار. ئۇ بولسىمۇ، مىنى پارچە - پارچە قىلىپ يىمە، سەن دەريانىڭ قىرغىقىدا ئاغزىڭنى يوغان ئىچىپ تۇرغىن، مەن يوگۇرۇپ بىرىپ ئىچىڭگە كىرىپ كىتەي.

بۆرە دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ ئاغزىنى يوغان ئىچىپتۇ، قوچقار كەينىگە شوخشۇپ بىرىپ، بۆرىگە توغرىلىنىپتۇ. ئاندىن يوگۇرگەن پېتى كىلىپ بۆرىنى شۇنداق بىر ئۇسۇپتۇكى، بۆرە يەرگە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، بىر هازاغىچە هوشىغا كىلەلمەپتۇ.

بۆرە هوشىغا كىلىپ قارىسا، قوچقار كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ:

ــ مەن قوچقارنى يىدىممۇ يا يىمىدىممۇ؟ هەي، يىمىگەن بولسام كىرەك.

***ھېكمەت:***

***بىزنىڭ ئارىمىزدا تەر ئاققۇزمايلا، جاپا چەكمەيلا راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشكۇسى بار خىيالپەرەسلەر ئاز ئەمەس. ئۆگىنىش قىلمايلا ئىمتىهاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىشنىلا خىيال قىلىدىغان باللارنى نىمە دەيمىز؟ راست، ئۇلار ھەقىقەتەن خىيالپەرەسلەردۇر.***

***تۇرمۇش خىيالپەرەسلەرگە كۈلۈپ باقمايدۇ. بەخت جاپاغا چىداپ ئىشلەشنى بىلىدىغان، ئۆگىنىش، ئىشلەشتىن قاقشمايدىغانلارغا تەئەللۇق تۇيغۇ. ھۇرۇنلار نەتىجە، ھوسۇلغا ئېرىششنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما ئۈمىدلا قىلىپ قويىدۇ - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشلەشكە ئېرىنىدۇ، خۇشياقمايدۇ. سەن بەختنىڭ قېشىغا بىرىشقا ئېرىنسەڭ بەخت سىنىڭ ئالدىڭغا كىلىشكە ئېرىنمەيتتىمۇ؟***

***خىياللا قىلىپ قويماي، ئەمەلىي ئۆگىنەيلى، ئىزدىنەيلى، تىرىشايلى. تىرىشىدىغانلا بولساق، بىز چوقۇمكى، قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ئىشلەشنى بىلمىسەڭ چىشلەشنىمۇ ئۈمىد قىلمايلى.***

## كېسەلگە سەل قارىماڭ

تۆمۈر تۇمشۇق بىر تۈپ دەرەخنىڭ غولىغا قونۇۋېلىپ قۇرت چوقۇلىغىلى تۇرغانىكەن، دەرەخ ۋارقىراپ كىتىپتۇ:

ــ ماڭا چىقىلما! ماڭا چىقىلما! جىنىمنى ئاغرىتىۋەتتىڭ!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى كۈتۈپخانىسى

— دەرەخ ئەپەندى، تېنىڭىزدە قۇرت بار ئىكەن، مەن ئۇلارنى تۇتۇۋاتىمەن، — دەپتۇ تۆمۈر تۇمشۇق كۆيۈنگەن ھالدا.

— نېمە؟ قۇرت تۇتۇۋاتىمەن، مۇشۇنداق ياش ھەم ساغلام تېنىمدە قانداقمۇ قۇرت بولسۇن؟ سېنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىڭنى ئۇقمايمەنمۇ؟ سەن مېنىڭ ئالدىمدا نەيرەڭۋازلىق قىلمەن دېمەي، كۆزۈمدىن تېز يوقال! — دەپتۇ دەرەخ تېپىغەزەپلەنگەن ھالدا.

ياخشىلىقنى بىلمىگەن دەرەخكە ئاچچىقى كەلگەن تۆمۈر تۇمشۇق ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىرمۇ تۆمۈر تۇمشۇق بۇ دەرەخنىڭ قۇرتىنى چوقۇلماپتۇ.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، بۇ دەرەختىكى قۇرتلار كۆپىيىپ، «ياش»، «ساغلام» دەرەخنىڭ ئىچى پورلىشىپ كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ: كىچىككىنە كېسەل ۋاقتىدا شىپا تاپمىسا، چوڭايغانسېرى تېخىمۇ ئازاب كەلتۈرىدۇ. بىزدە كەمچىلىك بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ تەنقىد قىلىشىنى ۋە ياردەم بېرىشىنى قارشى ئېلىشىمىز، كەمچىلىكنى ۋاقتىدا تۈزىتىۋېلىشىمىز كېرەك. كىچىك كەمچىلىكلەرنى تۈزەتمىسەك، چوڭ خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قويىمىز.

***ھېكمەت:***

***مەيلى چوڭ بولايلى ياكى كىچىك بولايلى، ھەممىمىزدە مەلۇم دەرىجىدە ئەيىب - نۇقسان، كېسەللىك - كەمچىلىكلەر مەۋجۇت. بەزىمىزدە ھەتتا كىشلەرنى بىزار قىلغۇدەك ئېغىر ئىللەتلەر بار. بۇ ئىللەتلەر نەدىن كەلگەن؟***

***بىزدىكى ئەيىب - نۇقسانلارنى ھېچكىم بىزگە زورلاپ تېڭىپ قويغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز ئاستا - ئاستا شەكىللەندۇرۇپ يېتىلدۇرۇۋالغان. يەنى كىچىك چاغلىرىمىزدىن تارتىپ ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم بىر ئاجىزلىق تەرەپلىرىمىزگە سەل قاراش، ئۇنى دەررۇ تۈزەتمەسلىك سەۋەبىدىن بۇ ئەيىب - نۇقسانلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، چوڭىيىپ كەتكەن. بىزنىڭ بۇ تۇپەيلى ئاتا - ئانىمىزدىن ياكى ئۇستازلىرىمىزدىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق. بىز پەقەت ئۆز ئىللەتىمىزنى ۋاقتىدا بايقىمىغان، ھەتتا باشقىلار كۆرسىتىپ بەرسىمۇ ئېرەن قىلماي، تۈزەتمىگەن ئۆزىمىزدىن كۆرۈشىمىز كېرەك.***

***باشقىلار كەمچىلىكلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بەرسە، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلايلى ۋە نۇقسانلىرىمىزنى تۈزىتەيلى. ئىچىمىزدىن سېسىپ، قۇرتلاپ كەتمەيلى.***

## ئۆيناشنىڭمۇ ئورنى بار

ھويلىغا ساندۇقچىلار قاتار قويۇلغان بولۇپ، ئەتىيازدىن كۈچ پەسلىگىچە ھەسەل ھەرىلىرى تىنىم تاپماستىن ئۇچۇشۇپ، تاغ گۈللىرىدىن، چىلان چېچەكلىرىدىن،

ئاپتاپپەرەس گۈللىرىدىن شىرنىلەر ئەكىلىشەتتى.

— ئەي، چىرايلىق ھەسەل ھەرىلىرى، نېمانچە جىددىي ئىشلەيسىلەر، بىردەم ئارام ئېلىپ، مەن بىلەن ئوينىساڭلارچۇ، — دېدى داۋۇت بىر كۈنى قولىدىكى ھەسەل يۇقى پىيالىنى يالاۋېتىپ.

— بىز ئارام ئېلىپ ئوينىساق، ھەسەلنى كىم يىغىدۇ؟ — دېدى ھەسەل ھەرىلىرى.

داۋۇت ھەسەل ھەرىلىرىنى ئارام ئېلىپ ئوينىۋالسۇن دەپ ئويلاپ، ساندۇقچىلارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم يېپىپ بېكىتىپ قويدى.

ھەسەل ھەرىلىرى ساندۇق ئىچىگە كىرەلمىدى ۋە ھەسەلمۇ يىغالمىدى. داۋۇتنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغىنى نانغا ھەسەل سۈركەپ يېيىش ئىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا داۋۇت قولىدىكى بىر پارچە نانغا ھەسەل سۈركىمەكچى بولۇپ، ساندۇقنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— سۆيۈملۈك ھەسەل ھەرىلىرى، ماڭا ھەسەلدىن بىر ئاز بەرسەڭلارچۇ؟ — دېدى.

— بۈگۈن ساڭا ھەسەل يوق! — دېدى ھەسەل ھەرىلىرى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ داۋۇت.

— ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ھەسەل ھەرىلىرى، بىز سېنىڭ كاساپىتىڭدىن تۈنۈگۈن ھەسەل يىغالمىدۇق، سەنمۇ تۈنۈگۈن تاپشۇرۇق ئىشلىمەي ئوينىدىڭ.

— داۋۇت ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى چۈشىنىپ، ھەسەل ھەرىلىرىدىن ئەپۇ سورىدى:

— مېنى كەچۈرۈڭلار ھەرىلەر، — دېدى ئۇ سەممىي ھالدا، — بۈنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا توسالغۇ بولمايمەن، مەنمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا تېنىم تاپماستىن تىرىشىپ ئىشلەيمەن، قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىمەن، ئەلاچى بولۇپ ئوقۇيمەن، خەلق ھەم ۋەتەنگە ئۆز ئەجرىمدىن مول تۆھپىلەرنى قالدۇرىمەن!

***ھېكمەت:***

***بىز ئۆگىنىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا چارچايمىز، ھارغىنلىق ھېس قىلىمىز. بۇ، ھەممىمىزگە ئورتاق ھادىسە. ئاشۇنداق ھارغان - چارچىغاندا بىرەر پېرىم دەم ئوينىۋالغاننىڭ، كۆڭۈل ئاچقاننىڭ زىيىنى يوق. ئويۇنمۇ ماھىيەتتە ئوبدان دەم ئېلىش، تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش، ئىشلەش ئۈچۈندۇر. ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ ئىشلەش، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەندىمۇ ئۆگىنىۋېرىشنىڭ پايدىسى يوق. شۇڭا بەزى دانىشمەنلەر: «ئويناشنى بىلمىگەن بالا ئۆگىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ» دەيدۇ.***

***ئەمما ئويناشتىمۇ ۋاقىت، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى ئويۇن سىزنىڭ زۆرۈر ئىشلىرىڭىزغا تەسىر يەتكۈزمىسۇن. ئويۇن پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمىسۇن. ئىشنى قويۇپ ھەممىيلەن ئويۇنغا قىچىپ كەتمەڭلار. بەلكى نۆۋەت بىلەن ئېلىڭلار. يەنە بىرسى ئويۇن بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بولمىسا ئۇ خەقنىڭ كەينىدىن قۇيۇن چىقىدۇ.***

# ھۇرۇنلۇق بارلىق بىچارىلىكنىڭ يىلتىزىدۇر

قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، ھەممە يىگىتلەر بىر كەپىگە يىغىلىشىپ ئۇخلاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىگە:

— ئاغىنە، ئىشىكنى يېپىۋەتكىنە! — دەپتۇ.

— سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ نېمىشقا ئۆزۈڭ ياپمايسەن؟ — دەپتۇ يەنە بىرى.

ھەممىسى جىم بولۇپ قاپتۇ. كېيىن يەنە بىر يىگىت:

— ئاغىنە، ئىشىكنى يېپىۋەتكىنە! — دەپتۇ.

— بولدىلا، مۇشۇنداق ئۇخلاۋېرەيلى. كىم تەلەيلىك بولسا، شۇ ئامان قالىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىرى.

تۈن كېچىدە بىر شىر كېلىپ ئەڭ چەتتە ياتقان يىگىتنى چىشلەپ ئەكېتىپتۇ. بۇ چاغدا بىر يىگىت يەنە:

— ئاغىنىلەر، ئىشىكنى يېپىۋېتەيلى! شىر بىر دوستىمىزنى سۆرەپ ئەكەتتى! — دەپتۇ.

ئەمما باشقىلار:

— ئۆزۈڭ بېرىپ ياپقىن! — دېيىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىلگىرىكىدەك ئۇخلاۋېرىپتۇ.

نەتىجىدە شىر بىردىن - بىردىن ھەممە يىگىتلەرنى سۆرەپ ئەكېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئىش خۇشياقماس كىشىلەر ھەر قانچە زۆرۈر، مۇھىم ئىشنى كۆرسىمۇ «ۋاي، قويغىنا ئۇنداق ئىشنى، نېمە پايدىسى ئۇنى قىلغاننىڭ» دەيدۇ. ئەمما ئەقىللىق، ئىشچان كىشىلەر ھەر قانچە كىچىك ئىشنىمۇ سەل قارىماي قىلىدۇ، ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ.***

***ھۇرۇن كىشىلەر ئالدىدىكى ناننى ئېلىپ يېيىشتىنمۇ ئېرىنىدۇ، مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، «ماڭىلا مۇناسىۋەتلىكمىتى، باشقىلارغا نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ» دەپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. تەدبىرلىك كىشىلەر جان تىكىپ ئىشلەيدۇ ۋە مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان ئىش بولۇپ قالسا ئالدى بىلەن يەڭ تۈرۈپ بېجىرىدۇ ھەم باشقىلارغىمۇ ئاسانلىق يارىتىدۇ.***

***ھۇرۇنلارنىڭ چىرايىدا قان يوق، ئۈمىد يوق، نۇر يوق، ھالى خاراب، بەكلا بىچارە.***

***تىرىشچانلارنىڭ چىرايىدىن ئۈمىد، جاسارەت، ھاياتقا بولغان ئوتتەك مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ھۇرۇنلار خارلىققا، بالا - قازاغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر.***

## ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار

ھەممە ياقنى سۈتتەك يورۇتۇپ، زېمىن گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىۋاتقان تولۇن پەرىسى — تولۇن ئاي ئاسماندا كېتىۋېتىپ، يەردە پورەكلەپ ئېچىلغان بىر قىزىلگۈلنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قاپتۇ.

تولۇن ئاي قىزىلگۈلگە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭ زىلۋا قەددى - قامىتىنى، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان نازاكەتلىك جامالىنى بىر ھازاغىچە كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر ئەيىبنى سېزىپتۇ.

— سەن ھەقىقەتەن ھۆسن - جامالى كېلىشكەن بىر ئۈسۈملۈك ئىكەنسەن، — دەپتۇ تولۇن ئاي قىزىلگۈلگە قايىللىق بىلەن، — بىراق تېنىڭ تىكەنلىك ئىكەن.

— توغرا، — دەپتۇ قىزىلگۈل ئېتىراپ قىلىپ، — مەندە سەن دېگەن نۇقسان بار، ئەمما شۇنى بىلىشىڭ لازىمكى، دۇنيادا كەمچىلىكسىز ھېچقانداق نەرسە يوق. ئۆزۈڭنى مىسالغا ئالسام، سەن شۇنچە ئاپئاق ۋە يېقىملىق بولساڭمۇ، لېكىن يۈزۈڭدە داغ بار ئەمەسمۇ؟

تولۇن ئاي ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بوپتۇ ۋە قىزىلگۈل بىلەن ئۇچۇق - يورۇق ھالدا خوشلىشىپ، ئۆز يولىنى داۋام ئەتتۈرۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***شۇنداق، جاھاندا نۇقسان - ئېۋەنسىز ھېچكىم يوق. ھەممىمىز مەلۇم تەرەپتە مەلۇم ئاجىزلىق، كەمچىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىگە ئېسىلىۋالمايلى ھەمدە ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئاجىزلىقىنىمۇ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئارتۇقچىلىقىنى يوق قىلىۋەتمەيلى. ئۆزىمىزنىڭمۇ كەمچىلىكىمىز بارلىقىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تەن ئالايلى.***

***ئەمما، بىر نۇقتا ئېسىمىزدە بولسۇنكى، «ئاينىڭمۇ يۈزىدە داغ بار» دېگەننى دەستۇر قىلىۋالمايلى. يەنى، ھەممىلا ئىنساندا ئەيىب، نۇقسان بارغۇ، مەندىمۇ مۇنچىلىك كەمچىلىك بولسا نېمە بوپتۇ، مۇنچىلىك كىچىك كەمچىلىك قانچىلىك چوڭ ئىشلارغا تەسىر كۆرسىتەتتى دەپ ھەرگىزمۇ ئەيىب - نۇقسانغا سەل قارىمايلى. ماشىنىمۇ بىر تال ۋىنتىسى بولمىسا ھەرىكەتلىنەلمەي قالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا سەل قاراش سەۋەبىدىن كىچىككىنە ئاجىزلىق، سەۋەنلىكىمىز چوڭ ئىشلىرىمىزغا تەسىر يەتكۈزمىسۇن.***

***ئامالنىڭ بارىچە كەمچىلىكلەردىن ساقلىنايلى.***

## قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق

قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، يولۇچىلار كېچىدە ياققان گۈلخاندىن ئۆچمەي ئېشىپ قالغان بىر قوقاس دەرەخ ئاستىدا ۋالىلداپتۇ. بىراق ئۇ تۇتاشقۇدەك بىر نەرسە

www.uyghurkitap.com

تاپالماي ئۆچەي دەپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دەرەخزارلىققا مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىرلىكىم، ئۈستۈڭدە بىر تالمۇ يوپۇرماق يوق، قەھرىتان قىشتا ياپيالىڭاچ قاپسەن. ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي: تەقدىر ئىلاھى ساڭا نېمىداق شەپقەتسىزلىك قىلغاندۇ؟

— مەن قارغا چوڭقۇر پېتىپ تۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ دەرەخزارلىق، — شۇڭا چېچەكلىشىممۇ، يوپۇرماق چىقىرىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس.

— كېرەك يوق، — دەپتۇ قوقاس، — غەم قىلما، مانا مەن بىلەن دوست بول! مېنىڭ چوڭ ياردەم كۆرسىتەلەيدىغانلىقىمنى بەلكىم ئويلاپ باقمىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. مەن قۇياشنىڭ قېرىندىشى، قىش كۈنلىرى مېنىڭ كارامىتىم تېخى ئۈنىڭدىن زور. سەن بېرىپ پارنىكلارغا قاراپ باققىنا، قىشتا، جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كۈنلەردە ئۈسۈملۈكلەر ئۇ يەردە ئىسسىق، راھەت ئولتۇرۇپ، ھەرخىل چېچەكلەپ ماڭا تەزىم قىلىپ كېتىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى ماختاش ياخشى ئىش ئەمەس، قۇرۇق لاپ ئۇرغانىنى ئۆزۈممۇ يامان كۆرىمەن. لېكىن قۇياشنىڭ ئۆزىدىكى قۇدرەتكە كەلسەك، چاغلىق، ئۈنچىلىك ئۇلۇغ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ كۆرەڭ نۇرلىرى مەيلى قانچىلىك چاقناپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ يەرگە چاغلىقلا نۇر چۈشۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى ماڭا قارىغىنا، يېقىن كەلسەڭلا قارلىرىڭ دەرھال ئېرىپ كېتىدۇ. ئەگەر سەن مۇشۇ قىشتىمۇ باھار، يازدىكىدەك ياپيېشىل تۇراي دېسەڭ، كۆلەڭگەڭ ئاستىدىن ماڭا بىر ئاز ئورۇن بەرگىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تېزلا كېلىشىپتۇ. قوقاس تۇتىشىدىغان نەرسىگە ئېرىشىپ ئوتقا ئايلىنىپتۇ ۋە لاۋۇلداپ كۆيۈپ، يۇقىرىغا ئۆرلەپ شاخ - شۇمبىلارنى يالماشقا باشلاپتۇ، ئىس - تۈتەكلەر ئاسماننى قارا بۇلۇتتەك قاپلاپتۇ. رەھىمسىز ئوت پۈتۈن دەرەخزارلىقنى ئالا قويماي كۆيدۈرۈپ تۈگىتىپتۇ. بۇرۇن ئۆتكەن - كەچكەنلەر سايىدايدىغان بۇ چىرايلىق بۈك - باراقسانلىقتىن پەقەت كۆيۈپ چوچۇلا بولۇپ كەتكەن ياغاچلارلا قاپتۇ.

— ئوت بىلەن دوست بولغان دەرەخنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولماي قانداق بولاتتى.

***ھېكمەت:***

***دوست، ھەمراھ تاللاش ئىنتايىن نازۇك، مۇھىم ئىش. بىر قاراشتىلا بىز كىملەرنىڭ بىزگە دوست، كىملەرنىڭ بىزگە دۈشمەن ياكى دوست ئەمەس، ئادەتتىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولالمايمىز. شۇڭا، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىمىز تۈزۈك.***

***ئەتراپىمىزدا تۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ ساۋاقداشلىرىمىز، پارتىداشلىرىمىز، سىنىپداشلىرىمىز، يۇرتلۇقىمىز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا بىزنىڭ يېقىن دوست - بۇرادەرلىرىمىزدىن بولۇشى ناتايىن. ھەقىقىي دوست سەندىن نەپ كۆزلىمەيدۇ، مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئويلىمايدۇ.***

***بەلكى ئېغىر كۈنلەردىمۇ، خۇشال كۈنلەردىمۇ دوستلۇقنى ئەۋزەل بىلىدۇ ھەمدە ھامان دوستىغا ۋاپادار كېلىدۇ. دوستىغا يامانلىق قىلمايدۇ.***
***ياخشى، سەممىي كىشىلەر بىلەن دوستلاش. يامان قىلىق - ئادەتلەرگە ئۆگىنىپ قالغان كىشىلەر بىلەن دوستلاشما. بولمىسا بۇرنۇڭغا يېگىنىڭ يېگەن.***

## تۆھپە ھەممىگە مەنسۇپتۇر

نازۇنېمەتلىك ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، ھويلىدىكى بىر توپ ئۆرۈك دەرىخى ئۈستىدىكى ئالتۇندەك ساپسېرىق ئۆرۈكلەر ھەسەلدەك پىشىپ يېتىلگىنىدىن مەمنۇن بولۇپ، يېشىل ياپراقلارغا:

— بىزنىڭ مېۋە بولۇپ يېتىلىشىمىز سىلەرنىڭ بوران، يامغۇرلاردا بىزگە دالدا بولۇپ، بىزنى ئاسرىغانلىقىڭلارنىڭ نەتىجىسى، بىز سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز، — دەپتۇ.

ياپراقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىۋىرلىشىپ كېتىپتۇ - دە، مېۋىلەرگە:

— رەھمەت ئېيتىش توغرا كەلسە شاخقا ئېيتساڭلار بولىدۇ، شاخ سىلەرگە ئۆز ئۈستىدىن ئورۇن بەرمىگەن بولسا، قانداقلارچە بۇ ھالەتكە يېتەتتىڭلار؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاخلار:

— بۇنداق دېسەڭلار توغرا بولمايدۇ، غولنىڭ خىزمىتى ھەممىدىن ئارتۇق. ئۇ بىزنى باتۇر، كۈچلۈك تېنى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرمىغان بولسا، ھېچقايسىمىز مەۋجۇت بولالمايتتۇق، شۇڭا رەھمەتنى غولغا ئېيتىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

غول بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە گەۋدىسىنى تىك تۇتقان پېتى تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپتۇ:

— ھېچقايسىڭلار كىمگە رەھمەت ئېيتىش كېرەكلىكىنى بىلمىدىڭلار. يىلتىز بىزگە ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىپ، تەبىئەت دۇنياسىدا قەددى - قامىتىمىزنى تىك تۇتۇپ تۇرۇشىمىزغا ئىمكانىيەت ياراتتى، رەھمەت ئېيتىش توغرا كەلسە، يىلتىزغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ، — دەپتۇ.

غولنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن يەر ئاستىدىن پەس بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، يىلتىز سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ھەممەيلەن دىققەت قىلىپ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېپتۇ:

— مېنىڭ سىلەرگە سۇ، ئوزۇق يەتكۈزۈپ بەرگىنىم راست، لېكىن مەن بۇنى قەيەردىن ئالدىم؟ زېمىندىن ئالدىم، شۇڭا رەھمەتنى زېمىنغا ئېيتىشىمىز كېرەك.

زېمىن بۇ گەپكە قارىتا مۇنداق دەپتۇ:

— دېھقانلار سىلەرنى تىكىپ پەرۋىش قىلدى. ئەگەر ئۇلار تەر ئاققۇزمىغان بولسا، سىلەر قانداقمۇ بۇ قەدەر يوغان، مېۋىلىرى بولۇق، سالاپەتلىك دەرەخ بولالايتتىڭلار؟ سىلەر رەھمەتنى دېھقانلارغا ئېيتىشىڭلار كېرەك.

بۇنىڭ بىلەن ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ، كېيىن ئۇلار بىر ئېغىزدىن:

www.uyghurkitap.com

— توغرا، دېھقانلارغا رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك ئىكەن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ئۆي ئىگىسىنىڭ كەتمىنى ھويلىدا ئۆرۈلۈپ بەرىخىگە يۆلىنىپ، خېلىدىن بۇيان داۋام قىلغان سۆھبەتنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ سۆزنىڭ تۇگىشىگە ئۇلاپلا:

— مەنمۇ قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي، — دەپ گەپ باشلاپتۇ. يوپۇرماق، شاخ، غول، يىلتىز، زېمىن كەتمەنگە قارىشىپتۇ.

— پىشىپ يېتىلگەن مېۋىلەر يالغۇز بىرىڭلارنىڭ تىرىشچانلىقىڭلارنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ كەتمەن، — ئۇ ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالاھىدىلىكىڭلارغا ئاساسەن ئۆز روللىرىڭلارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزئارا ماسلىشىش ئارقىلىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭلارنىڭ ۋە دېھقان ئەجرىنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن نەتىجە ۋە رەھمەت ھەممىڭلارغا مەنسۇپ.

زېمىن، يىلتىز، غول، شاخ، يوپۇرماقلار بۇ گەپتىن ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ گۈللەپ - ياشناپ، مول مېۋە بېرىش نىيىتىگە كەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىزنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملىشىمىز يالغۇز ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگىلا باغلىق بولماستىن، ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئىشلارغا باغلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىنتايىن ياخشى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇتۇقى ھەرگىزمۇ يالغۇز ئۇنىڭلا نەتىجىسى ئەمەستۇر. ئاتا - ئانىسى ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرمىسە، ئۆگىنىش شارائىتىنى تەل قىلىپ ياردەم بەرمىسە، ئوقۇتقۇچىسى كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىمىسە، ئوقۇيدىغان مەكتەپ، سىنىپ، دەرسلىك، دەپتەر - قەلىمى بولمىسا، ساۋاقداشلىرى ئۇنى قوللاپ بەرمىسە، ئۇنىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىنمۇ؟***

***بىز مۇۋەپپەقىيىتىمىزنى كەڭ بىر دائىرە ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ چۈشىنىشىمىز ۋە بىزگە ياردىمى تەگكەن ھەر بىرەيلەنگە لايىقىدا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنى بىرەيلەن ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپتۇر. شۇڭا، تۆھپە ھەممەيلەنگە مەنسۇپتۇر.***

## ئۆزۈڭنى ئەر چاغلساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا

سۇپىنىڭ ئۈستىدە غادىيىپ تۇرغان ئۆتۆكباي پەگاھتىكى كالاچىبايغا:

— ئەي! كاۋچۇك خۇرۇم، پۇرۇم چورۇق، ياكىيو بۇرۇن، ئوتتۇرىسى يورۇق، پەگاھنىڭ دۇمباقچىسى، چوقاينىڭ گۇپپاڭچىسى. رەڭگىڭنىڭ سەتلىكىنى قارا، بولۇمسىز سۆرەلمە رەسۋا، پايتىمچىلىك ئىناۋىتىڭ يوق ئېزىلەڭگۇ - لەقۋا. سەنچۇ، مېنى بىلىپ قوي، كۆزۈڭنى يوغانراق ئېچىپ تونۇپ قوي! مەن چېتىكخان، شىبلىتجان

ھەدە - ئىنىلىرىڭدىن، ھېلىقى پايپاقلىق مىخباي، سىيرىتمىلىق پاكار خېنىم گېتىرئاي، ھەتتاكى، چۈسۈنكا بوۋىلىرىڭدىن، مەسىباي مومىلىرىڭدىنمۇ يۇقىرىمەن ئابرۇيدا. ئولتۇرىمەن زىلچە - گىلەم، كۆرپىلەردە بىر چىرايلىق ئەتىۋار. ھەر كۈنلۈكى خىزمىتىمدە، قول قوشتۇرۇپ تۇرار چوتكىباي، سېنىچۇ؟ سېنى ھېچكىم كۆزگە ئىلماس، پەس گاداي...، ــ دەپ سۆزلەپتۇ.

بىگۇناھ ھاقارەتلەنگەن كالاچباي ھەيران بولۇپ:

ــ ھوي، ھۆرمەتلىك ئۆتۈكباي، نېمە قىلدىم سىزگە، مېنى مۇنچە ياراتماي؟ ئېيتىڭا، سىز بىلەن تۆر تالاشتىممۇ ياكى سىزگە كۆز ئالايتتىممۇ ۋە ياكى بىرەر سۆز دارىتتىممۇ؟ تېخى مېنى ئىلمايسىز كۆزىڭىزگە، قاراپ بېقىڭ، مېنىڭسىز ئۆتكەن كۈنىڭىزگە! قايسى كۈنى مېنى ئۇنتۇپ چايغا كېتىپ، كەپسىز كەچتە قونچىڭىزغىچە لايغا پېتىپ، ئىچى - تېشىڭىز چىلىق - چىلىق، قورسىقىڭىز كۆپۈپ، ياتتىڭىزغۇ مەشنىڭ تۈۋىدە يېشىڭىزنى تۆكۈپ. ئەتىسى سىزنىڭ شور ئۆرلەپ كەتكەن رەڭگىڭىزگە قاراپ، خەقلەر دېيىشتى: «ئۆتۈكباينى بىرى كېچىچە ئاقارتتىمۇ ياكى ئۇ مۇشۇنداق كۈنلىرى يۇزىگە ئۇپا - ئەڭلىك ياقاتتىمۇ؟...» شۇ قېتىمدا، چوتكىباينىڭ ياردىمىدە ئاران كەلدىڭىز ئەسلىڭىزگە، قاراپ سۆزلەڭ، ئەسلى - ۋەسلىڭىزگە... سىز ئېيتقاندەك، مەن بۇ ئۆينىڭ چاكىرى، ھەممىڭلارنىڭ پاكىرى. ماڭا چاچرىغاي بارچە چاڭ - پاتقاق. ئۆتۈك غوجام، مەن بولغاچقا سىز شۇنچە پارقىراق! ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئۆزىنى بىلىش ئىنتايىن ياخشى خىسلەت. ئۆزىنى بىلىش ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئىقتىدارىنى بايقاش ھەمدە ئۆزىگە ئىشىنىش ئاساسىدا دادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈشنىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكى، ئاجىزلىقلىرىنىمۇ تونۇپ، ئىقرار قىلىشنى ھەم باشقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئارتۇق - كەم تەرەپلىرىنى ئېنىق بىلىدىغانلار تەكەببۇر كەلمەيدۇ. سەمىمىي، كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلايدۇ. ئۆزىنى بىلىشنى بىلمەيدىغانلار ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنى تەڭداشسىز چاغلايدۇ - دە، تەكەببۇرلۇق تۈپەيلى مەسخىرىگە قالىدۇ.***

***ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بار. ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆز - كۆز قىلىپلا باشقىلارنى چەتكە قاقماڭ، مەسخىرە قىلماڭ. ئۇنىڭ سىزدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان تەرىپى بولۇشىمۇ مۇمكىن. سىزنىڭ تولدۇرۇپ بولمايدىغان ئاجىزلىقىڭىز بولۇشىمۇ مۇمكىن. سەمىمىيلىك بىلەن باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىڭ ھەمدە بىرلىشىپ، كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاپ تېخىمۇ ئىلگىرىلەڭ.***

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىشلەتمىسە ئىنساننىمۇ دات باسار

ئۆز ۋاقتىدا بىسى تەگداشسىز ئۆتكۈر بىر قىلىچ تۆمۈر - تەرسەك دۆۋىسىدە ياتقانىكەن، بىرى ئۇنى تېپىۋېلىپ، بازارغا ئاچىقىپ بىر سەھرالىققا سېتىپتۇ.

بۇ سەھرالىق ئاغىنىمىز ئېلىپساتار بولمىغاچقا سېتىۋالغان قىلىچنى لازىملىق ئىشلىرىغا سالماقچى بوپتۇ، ئاۋۋال يېزىلىقلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۇنىڭغا ساپ بېكىتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن دەرەخ قوۋزىقىنى سويۇۋېلىپ سەھرالىقلار پەدىسىدە گوجەي ياساپتۇ، ئۇ قىلىچتا ئوتۇن كەسلەپتۇ، شاخ پۇتاپتۇ، چەنزە ياكى قوزۇق ياساپتۇ. تەبىئىيكى، بىر يىلغا بارمايلا قىلىچ گاللىشىپ ھەرە چىشىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، يۈزىمۇ داتلىشىپتۇ، ئەمدى ئۇنى بالىلار ئات قىلىپ ئوينايدىغان بوپتۇ.

بىر تۇپ پەلەكنىڭ ئاستىدا ياتقان كىرپە (بۇ چاغدا قىلىچمۇ پەلەكنىڭ تۈۋىگە تاشلىۋېتىلگەنىكەن) بىر كۈنى كەچتە قىلىچقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر قىلىچ شۆھرەتكە سازاۋەر ئىدى دېيىلىدىغان بولسا، بۈگۈن سېنىڭ سەھرالىقنىڭ ئىرادىسى بويىچە قوزۇق ئۇچلاپ، ئوتۇن كەسلەپ، ئاخىرى بىر نەچچە بالىنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغىنىڭ بەكمۇ نومۇسلۇق ئىش بوپتۇ.

— ئەگەر مەن، — دەپتۇ قىلىچ جاۋاب بېرىپ، — ياراملىق ئەسكەرنىڭ قولىدا بولغان بولسام دۈشمەننى ئالدىمدا تېز پۈكتۈرەتتىم، لېكىن بۇ يەردە مەندە «باتۇرغا ماھارەت كۆرسىتىدىغان مەيدان يوق» دېگەندەك ئەھۋالدا تۇرۇۋېتىمەن. ئۇلار مېنى ھەر قانچە پەسكەش ئىشلارغا سالسىمۇ ماڭا ئامال يوق. مېنى قانداق ئىشقا سېلىش كېرەكلىكىنى بىلمىگەندىكىن ھەممە گۇناھ شۇلاردا (بۇ مەسەل كرىلوۋنىڭ)

***ھېكمەت:***

***دەرھەقىقەت، ھەر قانچە ئېسىل شەمشەر - قىلىچمۇ جايىدا ئىشلىتىلمىسە قىغراقچىلىكمۇ كارغا كەلمەيدۇ. يالقۇن روزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئۇرۇش بولمىسا سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭكىدەك ئارغىماق بولسىمۇ سۆرەمگە سالىدىغان، ئوغۇزخاننىڭكىدەك ئۆتكۈر نەيزە بولسىمۇ تونۇرغا كۆسەي قىلىدىغان، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭكىدەك مىسران قىلىچ بولسىمۇ چامغۇر ئاقلاشقا ئىشلىتىدىغان گەپ.»***

***ئىنساننىڭ تالانت ۋە تەقدىرىمۇ خۇددى ئاشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. سەندە ھەر قانچە زور تالانت، تەڭداشسىز ئىقتىدار - قابىلىيەت بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ھەر مىنۇت - ھەر سېكۇنت ئىشلىتىپ، بىلەپ تۇرمىساڭ تەپەككۇرۇڭ گاللىشىدۇ ۋە بىلىم - ئىقتىدارلىرىڭ كونىرايدۇ، چېكىنىدۇ، ئۇنتۇلىدۇ. ئەڭ مۇنەۋۋەر تالانت ئىگىسى توختاۋسىز ئىزدىنىش ئىچىدىكى ئىنساندۇر. شۈبھىسىزكى، بىر كۈن ئىزدەنمىسەڭ بىر قەدەم چېكىنىشىڭ ياكى بىر قەدەم شۇك تۇرۇپ قېلىشىڭدا گەپ يوق. كۆپ ئىنسانلار توختىماي ماڭماقتا، سەن جىمجىت تۇرامسەن؟***

## ھاياتنىڭ مەنىسى زادى قەيەردە؟

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دېرىزىگە قويۇلغان سۇلياۋ گۈل كۆرەڭلىگەن ھالدا بېشىنى سوزۇپ تالادىكى ئەتىرگۈلگە:

— ئەي گۈل، چىرايلىرىڭ نېمانچە سەتلىشىپ كەتتى؟ تاجلىرىڭ چۈۋۈلۈپ تۈگىشىپلا كېتىپسەنغۇ، ئىسىت ساڭا، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش دېرىزىدە تۇرغان بولساڭ، چىرايىڭ ئۇنچىۋالا سەتلىشىپ كەتمەس ئىدى، — دېدى.

— شۇنداق، سۇلياۋ گۈل، مەن ساڭا ئوخشاش سۆلەتۋازلىق قىلىپ ياشاشنى خالىمايمەن. قۇرۇپ تۈگىسەممۇ كىشىلەرگە بىر ئاز مەنپەئەت بېرەلىسەملا بولدى.

— نېمە؟ سەن كىشىلەرگە قانچىلىك مەنپەئەت بېرەلەيسەن؟

سۇلياۋ گۈلنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا، قاياقتىندۇر بىر توپ ھەسەل ھەرىلىرى كېلىپ ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىلىرىگە قوندى ۋە ئۇنىڭدىن ھەسەل شىرنىسىنى سۈمۈرۈشكە باشلىدى، ئەمما ئۇ ھەرىلەر سۇلياۋ گۈلگە قاراپمۇ قويمىدى. بۇنى كۆرگەن سۇلياۋ گۈل لام - جىم دېيەلمەي قېتىپلا قالدى.

***ھېكمەت:***

***ھايات ھەممەيلەنگە ئوخشاش تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىشى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ئويۇن - تاماشادىن خۇشلۇق ھېس قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر قانچىلىك ئېسىل، كاتتا كىيىملەرنى كىيەلىسە ئۆزىنى شۇ قەدەر بەختلىك ھېس قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر تىرىشىپ ئىشلەپ ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلىسە خۇش بولۇپ كېتىدۇ. بەزىلەر كىتاب ئوقۇمىسا ھاياتنى مەنىسىز ئۆتكەندەك ھېس قىلىدۇ.***

***شۇنداق، ھاياتتىن مەنە ھېس قىلىش ھەربىر ئادەمنىڭ قىزىقىش، مىجەزىگە قاراپ ئوخشىمايدۇ. ئەمما ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ قارىغىنىمىزدا ئۆتكەن ھەربىر كۈنىمىزدىن خۇلاسە قىلغۇدەك، تىلغا ئالغۇدەك مەنىلىك بىرەر ئىش قىلالىساق، ئاندىن ئۇ كۈنىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئۆتتى دېسەك بولىدۇ. كىيىم كىيىش مەنە ئەمەس، ياخشى يېيىش ھاياتنىڭ تۈپ مەنىسى ئەمەس. ياخشى ئىش قىلىش، كىشىلەرگە، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈش، مانا بۇ ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر.***

## كۆچ نەدىن كېلىدۇ

كەنت باشلىقى كىلى ئالۋاستىنىڭ دەردىنى قاتتىق تارتىپتۇ. كېيىن، ئۇ ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈپ خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىشقا بەل باغلاپتۇ:

بىر كۈنى، كىلى ئالۋاستىنى ئىزدەپ يايلاقتا كېتىۋاتقاندا ئۇدۇلىدىن بىر كىشى

چىقىپ كەپتۇ. ئۇلار تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ كىشى:

— نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالۋاستىنى ئىزدەپ ماڭدىم، — دەپتۇ كەنت باشلىقى.

— نېمىشقا؟ — ئۇ كىشى يەنە سوراپتۇ.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كەنت خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچىمەن، — دەپتۇ كەنت باشلىقى.

— ئالۋاستى مەن بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

بۇنى ئاڭلىغان كەنت باشلىقى شۇئان ئۇنىڭغا ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. ئىككىسى ئۇرۇشۇشقا باشلاپتۇ. كىلى ئاخىر ئالۋاستىنى يېڭىپ، يەرگە يىقىتىپتۇ ھەم يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ بوغۇزلىماقچى بوپتۇ. لېكىن ئالۋاستى ئۇنى توختىتىپ:

— كەنت باشلىقى، سەل تەخىر قىلىڭ، سىز مېنى ئۆلتۈرسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ باقسىڭىز، — دەپتۇ.

— سۆزلە! — دەپتۇ كەنت باشلىقى.

— مېنى ئۆلتۈرسىڭىز سىزگە قىلچە پايدىسى يوق، — دەپتۇ ئالۋاستى، — مېنى قويۇۋەتسىڭىز، سىزگە پايدىلىق.

— نېمە پايدىسى بار؟ — سوراپتۇ كەنت باشلىقى.

— مېنى ئۆلتۈرمىسىڭىز، ھەر كۈنى سەھەردە ياستۇقىڭىزنىڭ ئاستىغا يىگىرمە رۇپىيە قويۇپ قويۇشقا ۋەدە بېرىمەن، — دەپتۇ ئالۋاستى، — بۇ ئىشنى ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىمەن.

كەنت باشلىقى كىلى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بوشىشىپ قاپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرسەم، ماڭا نېمە پايدىسى بار؟ ئۇ جاھاندىكى بىردىنبىر ئالۋاستى ئەمەسقۇ. ئالۋاستى دېگەن كۆرمىدىڭ. ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالسام، ھەر كۈنى يىگىرمە رۇپىيەگە ئىگە بولىدىكەنمەن! دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ كىلى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالۋاستى بىلەن توختاملىشىپ، ئالۋاستىنى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، كىلى ياستۇقىنىڭ ئاستىدا راستلا يىگىرمە رۇپىيە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كەنت باشلىقى خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

شۇ تەرىقىدە بىر ھەپتە داۋام قىپتۇ. كەنت باشلىقى بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماپتۇ. ئۇ: مەن ھېچبىر كۈچىمەيلا ئۇنىڭ خەزىنىسىنى ئىگىلىۋالدىم، دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە كەنت باشلىقى ئويغىنىپ، قولىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپتۇ. لېكىن، بىر تىيىنمۇ چىقماپتۇ. ئۇ پەرىشان بوپتۇ. كۆڭلىدە: «ئالۋاستى ئۇنتۇپ قالغان گەپ، ئەتە چوقۇم ئىككى كۈننىڭ پۇلىنى قويۇپ قويىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

لېكىن، ئەتىسىمۇ ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن پۇل چىقماپتۇ. كىلى يەنە بىر كۈن كۈتۈپتۇ. يەنىلا پۇل يوق، ئاخىرى ئۇنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ - دە، ئالۋاستىنى

ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

ئىلگىرىكى شۇ يايلاقنىڭ شۇ يېرىدە ئۇلار ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— ھوي ئالدامچى! — دەپتۇ كەنت باشلىقى ئالۋاستىغا، — بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

— مەن سېنى نېمىدىن رەنجىتىپ قويدۇم؟ — سوراپتۇ ئالۋاستى.

— سەن ھەر كۈنى ماڭا يىگىرمە روپىيە بېرىشكە ۋەدە قىلغان. دەسلەپتە ھەر كۈنى ئېلىپ تۇرغانىدىم. بىراق ھازىر، پۇلۇڭنى ئالمىغىلى ئۇدا بىر قانچە كۈن بولدى.

— كەنت باشلىقى، — دەپتۇ ئالۋاستى جاۋابەن، — مەن ساڭا ئۇدا بىر قانچە كۈن پۇل بەردىم. كېيىن بەرمىدىم. رازى بولمىساڭ كەل، بىز قايتا ئېلىشىپ باقايلى.

كەنت باشلىقى ئالۋاستىنى بىر قېتىم يېڭىۋالغاچقا، بۇ قېتىممۇ ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىپتۇ. بۇ قېتىم ئالۋاستى كەنت باشلىقىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپتۇ ھەم ئۇنى بوغۇزلىماقچى بوپتۇ.

— ئالۋاستى، مېنى ئۆلتۈرسەڭ مەيلى، ئەمما بىر سوئالىم بار، سورىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىل، — دەپتۇ كەنت باشلىقى.

— قېنى سورا، — ئالۋاستى ماقۇل بوپتۇ.

— بىر ھەپتە ئىلگىرى بىز ئۇچرىشىپ تۇتۇشقاندا، سېنى يېڭىۋالغانىدىم. ھازىر ئىككىمىزدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق تۇرۇقلۇق سەن مېنى يېڭىۋالدىڭ، بۇ نېمە سەۋەبتىن؟

— بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچى قېتىمدا سەن ھەقىقەت ئۈچۈن مېنىڭ بىلەن ئېلىشقانىدىڭ، لېكىن بۇ قېتىم سەن مېنى پۇل ئۈچۈن، شەخسىي ئۆچمەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىزدىدىڭ، شۇڭا مەن سېنى يېڭىۋالدىم.

كەنت باشلىقى يېڭىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ. شۇڭا، تۇنجى قېتىمدا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرماي، ئالۋاستىنى قويۇپ بەرگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئادەم مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن غەزەپلەنگەندە ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى تۇسۇۋالغۇسىز دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ھەقىقەتنى قوغداش، ئۆزىنىڭ يۇرتى، خەلقى، ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققاندا ئۆلۈممۇ، ھەر قانچە دەھشەتلىك مۇشەققەتمۇ مۇنداق ئادەمنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. يەنى مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ئاتالغان قايناق سۆيگۈ ۋە ئەقىدە كىشىگە باشقىچە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا يۇرتى، ۋەتىنىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت تۈپەيلى دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ جان بەرگەن نۇرغۇن قەھرىمان ئوغۇل - قىزلىرىمىز چىققان. ئەمما ھەقىقەت ئۈچۈن مۇھەببەت بېرەلمىگەن يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دۈشمەنگە سېتىلىپ مۇناپىقلىقمۇ قىلغان ۋە يەنە نومۇسسىزلارچە ئۆلگەن...***

***نىيەت بىزنى يا ئەزىز يا خار قىلىدۇ ياكى كۈچ - قۇدرەتلىك ۋە ياكى قۇۋۋەتسىز، جۈرئەتسىز قىلىۋېتىدۇ. ھەقىقەتكە بولغان ھالال ئەقىدىمىزنى مەھكەم ساقلايلى.***

## پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلىگىن

ناھايىتى چوڭ بىر پارچە قارا بۇلۇت ئىسسىقنىڭ دەستىدە چاك-چاك بولۇپ كاللا-مېڭىسى ئايلىنىپ كەتكەن زېمىننىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپتۇ ۋە قاغجىراپ قۇرۇغان ئېكىنزارلارغا قاراپمۇ قويماي، ھەممە يامغۇرىنى دولقۇنلاۋاتقان دېڭىزغا تۆكۈپتۇ. ئاندىن ئېگىز چوققىغا ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى بىلەن ماختىنىپتۇ.

— مېنىڭ قارىشىمچە، — دەپتۇ چوققا ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — سېنىڭ بۇ سېخىيلىقىڭنىڭ قىلچىمۇ پايدىسى يوق. مەن سېنىڭ ئىشىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىمەن. ئەگەر شۇ ئابزەمزەملەرنى ئېكىنزارلارغا تۆككەن بولساڭ، ئۇنىڭ يولى باشقىچە بولاتتى! سېنىڭ ئۇ سېخىيلىقىڭ ئاچارچىلىق ئىچىدە قالغان بىر جاينى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇراتتى. دوستۇم، سېنىڭ ياردىمىڭسىزمۇ دېڭىزدا سۇ دېگەن مولچىلىققۇ! (بۇ مەسەل كىرىلوۋنىڭ.)

***ھېكمەت:***

***ھەر قانداق بىر ياخشىلىقنىڭ كەينىگە جەزمەن ياخشى كۆڭۈل ۋە نىيەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ياخشىلىق، ياردەم، سېخىيلىق بەلەن گەپ. ئەمما نىيەت توغرىلانمىسا بەزىدە ياخشىلىق جايىغا بارالماسلىقى، ھەتتا ئەكسىچە ئۇنىڭ بىرىپ قويۇۋشىمۇ مۇمكىن.***

***بىز ئۆگىنىۋاتقان ئىلىممۇ دەل ئەنە شۇنداق. ئىلىم ئۆزى جانسىز نەرسە. يەنى ئۆلۈك تەجرىبە، تويلانمىلارنىڭ ئۆزى بىلىم سانىلىدۇ. ئەمما نىيەت ۋە ئۇ ئىلىمنى قانداق ئىشلىتىش ئاندىن ئىلىمگە جانلىقلىق، مەقسەت، مەنە بېغىشلايدۇ. ئەگەردە مەقسەت، نىيەت دۇرۇس بولمىسا، پايدىلىق ئىلىملەرمۇ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: فىزىكا پايدىلىق ئىلىم، ئەمما ئۇنى توغرا بولمىغان، خاتا نىيەتتە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھالاك قىلىۋېتىش تامامەن مۇمكىن.***

***ياخشىلىقنى جايىغا، لازىم يېرىگە ئىشلىتىشنى بىلەيلى. ئىلىمنى پايدىسىز تەرەپلەرگە قالايمىقان ئىسراپ قىلىۋەتمەيلى.***

## ئىززەت قانداق بولىدۇ؟

بىر دانىشمەن بىر باينىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە سېخىيلىقى بىلەن تونۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە يىرتىق، ئەسكى كىيىملەرنى كىيىپ، ئۇ باينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. باي دانىشمەنگە سوغۇق مۇئامىلە قىپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا تاماقمۇ بەرمەپتۇ. دانىشمەن ئامالسىز ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەتىسى دانىشمەن ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يەنە باينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بۇ

قېتىم باي پايپېتەك بولۇپ، ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ ھەم قوندۇرماقچى بوپتۇ. دانىشمەن كۈلۈپ قويۇپ، يېنىدىن پۇل چىقىرىپ باينىڭ جوزىسىغا قويۇپتۇ. باي ئېڭىرقاپ قېلىپ:

— نېمىشقا ماڭا پۇل بېرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

دانىشمەن دەپتۇ:

— تۈنۈگۈن مەن كونا كىيىملەرنى كىيىپ كەلگەنىدىم، ئالدىمغا پارچە - پۇرات نانمۇ قويمىدىڭ، بۈگۈن ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ كەلسەم، ئەزىز مېھمان قاتارىدا كۈتۈۋاتىسەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، سېنىڭ ھۆرمەت قىلىدىغىنىڭ ئادەم ئەمەس، بەلكى كىيىم ئىكەن. ئەقىللىق ئادەم ساڭا ئەقىللىقلارغا خاس سۆزلەر بىلەن رەھمەت ئېيتىدۇ. باي ئادەم ساڭا پۇلى بىلەن رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ پۇللارنى ساڭا مەن بەرمىدىم. بەلكى ساڭا مېنىڭ ئېسىل كىيىمىم بەردى.

دانىشمەن گېپىنى تۈگىتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپلا كېتىپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىزدە كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئىشلار يوق ئەمەس. يەنى ياخشى، سالاپەتلىك كىيىنىۋالغان، كاستيۇم - بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، چېچىنى رەتلىك تارىۋالغان بىر ئادەم بىزدە ياخشىراق ئىززەتكە ئېرىشىدۇ. ئەمما ئاددىيلىقچە كىيىنىۋالغان بىر ئادەم بەلكىم ھەر قانچە كاتتا ئالىم ياكى پەزىلەتلىك ئىنسان بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنچىۋالا دىققەتكە ئېلىنىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئىشەنمىسىڭىز ئالدىڭىزغا ئىنتايىن پەزىلەتلىك، بىلىملىك بىر ئالىم كۆرۈمسىز كىيىملەر بىلەن كەلسە ۋە يەنە تازا ئالىقاپ لۈكچەكتىن بىرى چىرايلىق، رەتلىك ياسىنىپ كىرسە، قايسىسىغا بەكرەك ئىللىق چىراي ئاچىسىزكىن، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭچۇ؟***

***كىشىلەرنىڭ تەقى - تۇرقى، كىيىنىشى مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان، ئادەمدۇر. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ھۆرمەت، ئىززەتكە كۇپايە. بىز كىيىمگە ئەمەس ئادەمگە ھۆرمەت كۆرسىتىشنى مۇھىم بىلەيلى.***

## دەڭسەپ يەيلى

خۇراسانلىق ئىككى دەرۋىش ھەمسەپەر بولۇپ، بىرلىكتە ساياھەتكە چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاجىز، ئىككى كۈندە بىر ۋاق تاماق يەيدىكەن. يەنە بىرى كۈچلۈك بولۇپ، كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق يەيدىكەن. كېيىن ئۇلار بىر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا جاسۇس دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلىنىپتۇ ھەم زىندان ئىشىكى لاي بىلەن چاپلىۋېتىلىپتۇ. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەملىكى مەلۇم بوپتۇ. كىشىلەر ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، كۈچلۈك ئۆلۈپ، ئاجىزى تىرىك قاپتۇ. بۇ چاغدا بىر

دانىشمەن دەپتۇ:

— ئەگەر بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولغاندا، ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولاتتى. چۈنكى، ئاۋۇ بىرى كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەچكە، ئاچلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي قىيىنىلىپ ئۆلگەن. مۇنۇ بىرى نەپسىنى تىزگىنلەپ كەلگەنلىكتىن، ئۆز ئادىتى بويىچە سەۋر قىلىپ ئامان قالغان.

كىمكى ئاز يېيىشنى ئادەت قىلسا،
چۈشسە كۈن بېشىغا، ئاسانلا يەڭگەي.
مولچىلىقتا كىم تېنىنى سەمرىتسە،
ئېغىر كۈن كەلگەندە ئاچلىقتىن ئۆلگەي.

***ھېكمەت:***

*بىر دانىشمەن بىر لوقما تائامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا مۇنچىلىك تائام سېنى كۆتۈرىدۇ، ئارتۇق يەۋالغىنىڭنى سەن كۆتۈرىسەن» دېگەنىكەن. ھەقىقەتەنمۇ، قۇۋۋەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزگە نورمال تاماق، غىزا بولسىلا كۇپايە. ئارتۇق يېگەن تائام ھەم بەدەنگە يۈك، يەنى ئەزالارنىڭ ھەرىكەت مىقدارىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ ھەم بىزنى لايغەزەل، ئاجىز قىلىۋېتىدۇ.*

*ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىچە، بىز يېگەن تائامدىن بەدىنىمىزگە بارىدىغان قۇۋۋەت ئىنتايىن ئاز ئىكەن. يەنى بەدىنىمىز بىز يېگەن غىزادىن ئۆزىگە لازىملىق ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى قۇۋۋەت ماددىسىنى سۈمۈرۈپ بولغۇچە، بۇ تائاملار بەدەندىن چىقىرىۋېتىلىدىكەن. قانچىكى كۆپ ھەرىكەت قىلىپ بەرسەك، ئاندىن يېگەن غىزانىڭ قۇۋۋىتى بەدەنگە بارىدىكەن. قانچىكى كۆپ يېگەن بىلەن كۆپ ھەرىكەت قىلماي ئولتۇرۇۋالساق يەنىلا شۇنچىلىك ئاجىز، زەئىپ بولۇپ قالىدىكەنمىز.*

*تاماقنى نورمال يەيلى، ھەرىكەتنى كۆپ قىلايلى. قۇۋۋەت تائامدىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ھەرىكەتتە، چېنىقىشتا.*

## تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق

بۇرۇنىسىدا ئافرىقىدا باي بىر ئادەم بولۇپ، ئىسمى ۋاقىت ئىكەن. ئۇنىڭ بىساتىدا ھەددى - ھېسابسىز ھەرخىل ئۆي قۇشلىرى ۋە چارۋا ماللىرى بار ئىكەن، يېرىنىڭ پايانى يوق ئىكەن، ئېتىزىدا ھەممە زىرائەت بار ئىكەن، يوغان تۆگە ساندۇقلىرى قىممەتلىك گۆھەر، جاۋاھىراتلار بىلەن تولغانىكەن، ئامبىرىدا ئاشلىقى دۆۋە - دۆۋە ئىكەن.

بۇ باينىڭ شۇنچە كۆپ بايلىقى بارلىقىنى ھەتتا چەت ئەللىكلەرمۇ بىلىپتۇ. شۇڭا، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى ئۇسسۇلچى، ناخشىچى، ئارتىسلارنى ئەگەشتۈرۈپ،

يىراق - يىراقلاردىن كەپتۇ. يەنە نۇرغۇن ئەلچىلەرمۇ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى: ئۇز ئېلىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ باينىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، رەڭگىرويى، بوي - تۇرقىنىڭ قانداقلىقىنى پۇقرالارغا سۆزلەپ بېرىش ئىكەن.

باي مال - چارۋا، كىيىم - كېچەكلىرىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئۆتەر سېخىي ئادەم يوق، دېيىشىپتۇ. يەنە تېخى، ۋاقىتبايىنى كۆرمىگەن ئادەم ياشىمىغانغا ھېساب دېيىشىدىغان بوپتۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋاقىتباي قېرىپتۇ. تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپ قاپتۇ، بايلىقى كۇنسېرى ئازىيىپتۇ؛ چارۋا ماللىرى تۈگەپتۇ، يەرلىرى قاغجىراپ، ئامبىرى قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. تېنى يىلدىن - يىلغا ئاجىزلىشىپ، ئاخىرى قەلەندەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

ئەمما، باينىڭ بەختسىزلىكىنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىكەن. شۇڭا، بىر كۈنى مەلۇم قەبىلە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، بايدىن ئەھۋال سورىماقچى بوپتۇ. قەبىلە باشلىقى ئەلچىلەرگە:

— سىلەر ۋاقىتباينىڭ ئېلىگە بېرىپ، ئامال تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈڭلار. سىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ كىشىلەر ئېيتىپ يۈرگەندەك باي، سېخىيمۇ ئەمەسمۇ، ئېيتىپ بېرىسىلەر، — دەپتۇ.

ئەلچىلەر يىراقتىكى ئەلگە قاراپ مېڭىپتۇ. خېلى كۈنلەر يۈرگەندىن كېيىن، باي ئولتۇرىدىغان ئەلگە يېتىپ بېرىپتۇ. شەھەر سىرتىدا ئورۇق، كىيىملىرى تىتىلغان بىر رەزگى بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ.

ئەلچىلەر:

— بۇ يەردە ۋاقىتباي بارمۇ؟ بولسا ئېيتىپ بەرسىڭىز، ئۇ قەيەردە ئولتۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي مەيۈس قىياپەتتە جاۋاب بېرىپتۇ:

— بار. ۋاقىت مۇشۇ يەردە، شەھەرگە كىرسەڭلار، كىشىلەر سىلەرگە دەپ بېرىدۇ.

ئەلچىلەر شەھەرگە كىرىپ، كىشىلەر بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ دەپتۇ:

— بىز ۋاقىتنى كۆرگىلى كەلدۇق، ئۇنىڭ نامى بىزنىڭ قەبىلىگىمۇ تارالدى. بۇ خىسلەتلىك ئادەمنى بەكمۇ كۆرۈپ باققۇمىز بار. قايتقاندىن كېيىن، ئۇنى قېرىنداشلارغا ئېيتىپ بەرمەكچىمىز.

ئەلچىلەر شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، بىر قېرى قەلەندەر ئاستا مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

بۇ چاغدا بىر كىشى:

— ۋاقىت دېگەن شۇ! دەل سىلەر ئىزدەۋاتقان ئادەم! — دەپتۇ.

ئەلچىلەر ئورۇق، قېرى، كىيىملىرى جۇل - جۇل قەلەندەرنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ.

— ئەجەبا، مۇشۇ ئادەم كىشىلەر تەرىپىنى قىلىپ يۈرگەن مەشھۇر ئادەممىا؟ — دەپ

www.uyghurkitap.com

سوراپتۇ ئۇلار.

ــ شۇنداق، مەن ۋاقىت بولىمەن، ھازىر مەن بەختسىز ئادەم بولۇپ قالدىم، ــ دەپتۇ بوۋاي، ــ ئۆتمۈشتە مەن ئەڭ باي ئىدىم. ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ كەمبەغەل بولۇپ قالدىم.

ئەلچىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ:

ــ ھەئە، تۇرمۇش ھامان مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەمما، بىز قايتىپ بېرىپ قېرىنداشلىرىمىزغا نېمە دەيمىز؟ ــ دەپتۇ.

بوۋاي بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ سىلەر قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قېرىنداشلىرىڭلارغا: ــ ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ۋاقىت ئالىلىقاچان ئىلگىرىكى قىياپىتىدىن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ــ دەڭلار.

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق. تۇنۇگۈنكى كاتتا باي زەردار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بەلكىم قولىدا پۇچۇق تىيىنمۇ يوق كۆك نامراتقا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. تۇنۇگۈنلا شادلىقتىن خۇشال ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەن بىر بەندە ئەتىلا غەم - قايغۇدا يىغلاپ ئولتۇرغان ھالدا ئۇچراپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.***

***قانداق قىلىمىز؟ تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق. دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭمۇ تىنىمسىز ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرىشىمىز لازىمدۇر. جاھاننىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزىنىڭ بىلىمى، تونۇشىنى تولۇقلاپ تۇرۇش بىزنى تېخىمۇ بەختلىك ۋە يېڭىلمەس قىلىدۇ. دەۋرنىڭ رىقابەت، خىرىسلىرىغا پەرۋا قىلماي بىخۇدلۇقتا يۈرسەك چوقۇمكى، دەۋرنىڭ كەينىدە قالىمىز.***

***تۇرمۇش مانا شۇنداق رەھىمسىز. تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز زەربىسىدىن ئامان - ئېسەن ساقلىنىپ قالايلى دېسەك، توختىماي ئىزدىنەيلى، بىلىم ئالايلى...***

## كىمدە ئەيىب يوق

بۇرۇن بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىچىككىدىن تارتىپلا ئۆزىگە كەمچىلىكى يوق دوست تاپماقچى بولسىمۇ، تاكى چېچى ئاقىرىپ كەتكۈچە بۇنداق ئادەمنى تاپالماپتۇ. ئۇ: ھايۋانات دۇنياسىدىن كۆڭلۈمدىكىدەك بىرەر دوست تېپىۋالسام ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ - دە، چوڭ ئورمانغا قاراپ يول ئاپتۇ.

بوۋاينىڭ دوست ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بەس - بەستە قارشى ئاپتۇ.

ــ ئىككىمىز دوست بولاتلى، ــ دەپتۇ مايمۇن يېڭىلا ئۈزگەن قىپقىزىل يوغان شاپتۇلنى بوۋايغا ئۇزىتىپ، ــ مەن ھەر كۈنى سىزگە ياۋا مېۋىلەرنى ئۈزۈپ بېرىمەن!

— بولمايدۇ! سېنىڭ بىر كەمچىلىكىڭ — ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ كەپسىز سەن، — دەپتۇ بوۋاي بېشىنى چايقاپ.

— ئىككىمىز دوست بولايلى! مەن ھەر كۈنى سىزگە ياردەملىشىپ ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىشىپ بېرىمەن، — دەپتۇ چوڭ پىل قىزغىن ھالدا ئۆزۈن خارتۇمىنى سوزۇپ بوۋاي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ.

— ياق! — دەپتۇ بوۋاي ئالدىراپ - تېنەپ قولىنى ئارقىسىغا يوشۇرۇپ، — سېنىڭ بىر كەمچىلىكىڭ - مىجەزىڭ بەك چۇس، ئاچچىقىڭ كەلسە كۆزۈڭگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ.

توز قانات - قۇيرۇقلىرىنى كېرىپ، پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناپ:

— ئىككىمىز دوست بولايلى، مەن ھەر كۈنى سىزگە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

— بولمايدۇ! — دەپتۇ بوۋاي توزغا قاراپمۇ قويماي، — سېنىڭ بىر كەمچىلىكىڭ سەن ئەتىدىن - كەچكىچە باشقىلار بىلەن گۈزەللىك تالىشىپ، ئۆزۈڭنىڭ گۈزەللىكىنى ماختايسەن.

— سىلەر ئادەمزاتلارنىڭ «كەمچىلىكى يوق دوست ئىزدەيدىغان كىشىنىڭ دوستى بولمايدۇ» دېگەن بىر سۆزۈڭلار بارغۇ، — دەپتۇ تاقەتسىزلەنگەن جىگدىچۇك، — سىز ئەمدى قايتىپ بېرىپ يەنە يەككە - يېگانە ياشاۋېرىڭ. بىزنىڭ بۇ يەردىن كۆڭلىڭىزدىكىدەك دوستنى مەڭگۈ تاپالمايسىز.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ھايۋانلار گۇرۇردە تارقىشىپ كېتىپتۇ.

كېيىن بىلىملىك، ئاق كۆڭۈل بىر كىشى بوۋايغا:

— باشقىلاردىن بىر ئازمۇ كەمچىلىكى بولماسلىقنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مۇھىمى، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىۋېلىشىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىش كېرەك، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىز بۇ دۇنيانى ھەر قانچە ئىزدەپ - ئاختۇرساقمۇ قىلچە ئەيىب - نۇقسانى يوق مۇكەممەل ئادەمنى تاپالمايمىز. ھەر قانداق بىر ئىنسان ھامان مەلۇم ئاجىزلىق، كەمچىلىكلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى دادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم ھەمدە ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزىمىزدىكى ئەيىب - نۇقسانلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.***

***مەيلى دوست تېپىڭ ياكى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ ئىزدەڭ ھامان كەڭ قورساق بولۇڭ. ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ مەلۇم كەمچىلىكىگىلا ئېسىلىۋالىدىغان ۋە ئۇنى شۇ تۇۋەپەيلىلا كەمسىتىدىغان ئىشنى قىلماڭ. بىلىشىڭىزكى، سىزمۇ ئەيىب - نۇقسانسىز ئەمەس، بەلكىم سىزنىڭ كەمچىلىكىڭىز باشقىلارنىڭكىدىنمۇ ئېغىر، يىرگىنىشلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. كەمچىلىكى بار ئىكەن دەپلا بىراۋنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئىلاجىنىڭ بارىچە باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىڭ. پەقەت دوستانە كۆيۈنۈش، كەڭ قورساقلىق ئارقىلىقلا***

www.uyghurkitap.com

*ئارىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى تۈگەتكىلى، مۇستەھكەم دوستلۇق ئورناتقىلى بولىدۇ.*

## ياماننىڭ يۇقى قالىدۇ

بىرى ئاغىنىسىدىن تۆگىنى بىر - ئىككى كۈن ئىشلىتىپ تۇرۇشقا سوراپتۇ. قولۇم - قوشنىدارچىلىقتا ئۆتنە بېرىم قىلىشتىن باش تارتىشقا بولمايدىغۇ. ئەگەر پۇل سورىسا ئۇنىڭ يولى باشقا، بۇنداق تەلەپ، ئەلۋەتتە رەت قىلىنىدۇ، دوستلارمۇ بۇنى ئېغىرغا ئالماسلىق كېرەك. لېكىن سورىغىنى بىر تۆگ ئىكەن، ئۇنىڭ تارتىشقۇدەك نېمىسى بولسۇن؟

تۆگ ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇلۇپتۇ. ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا سۇ قاچىلىغىلى بولىدىكەن، بىراق بىر يېرى تازا قاملاشماپتۇ. تۆگنى سورىغان كىشى ئۇنىڭدا ئىككى كۈنگىچە كونىراپ كەتكەن ھاراقنى ساقلىغانىكەن. ئەمدى بۇ تۆگغا دارىپلا كەتكەن نەرسە، پىۋا، لىمون سۈيى، ھەتتا يېمەكلىك بولامدۇ، ئىشقىلىپ ھەممىلا نېمە ئاچچىق ھاراق پۇراپ تۇرىدىغان بوپتۇ. نەچچە يىلغىچە تۆگنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا ھەرخىل ئاماللارنى قىلىپ بېقىپتۇ، ئۇنى قاينىتىپتۇ، ئاپتاپقا قاقلاپتۇ، ئىچىگە ئۇنداق - مۇنداق نەرسىلەرنى سېلىپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن قانداق قىلسىمۇ ئۇنىڭدىكى ھاراقنىڭ ھىدىنى يوقىتالماپتۇ. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە ئامال! ئاخىر ئۇنى يوقاتقىنى يوقاتقان بوپتۇ.

***ھېكمەت:***

***يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆگ ياغاچ بولسۇن ياكى تۆمۈر بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا بىر قېتىم قاچىلانغان سېسىق ھاراقنىڭ بەدبۇي پۇرىقى يەتمىدى. خوش، تۆگ ياغاچ، تۆمۈر، دېمەككى ھېسسىز، ئويسىز، جانسىز، خالىغانچە يۇغلى بولىدىغان نەرسە. ئۇنداقتا، بىز تۆگ بىلەن ئىنساننىڭ ھېس - تۇيغۇ تۈگى، ئامبىرى بولغان قەلب - يۈرەكنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى. يامان ئىللەت، چاكىنا قىلىق - ئادەت ئىنساننىڭ قەلبى - ۋۇجۇدىغا بىرەر قېتىم يۇقۇپ قالسا ئۇ چاغدا قانداق بولۇشى مۇمكىن؟***

***نۇرغۇنلىرىمىز بىرەر قېتىم ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىش قىلىپ قويغانغا نېمە بوپتۇ، دەپ ئويلايدىغانلاردىن. ۋەھالەنكى، بىلىش كېرەككى، بىر قېتىملىق يامان ئىش - قىلىق، ئادەتمۇ ئىنساننىڭ قەلب - ۋۇجۇدىغا ئاز بولمىغان يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان بۇ خىل يامان تەسىردىن ھەر قانچە قىلىپمۇ تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. يەنى تۆگدىن سېسىقچىلىكنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن يەردە ئالڭ، ھېس، تۇيغۇغا ئىگە قەلب - ۋۇجۇدتىن ياماننىڭ يۇقۇندىلىرى تامامەن يوتەتتىمۇ؟***

***ئەڭ ياخشىسى، قەتئىي يامانلىققا يولىماسلىق كېرەك.***

## قانداق ياشاش بەك مۇھىم

كەڭ ئېتىزلىقتىكى يول بويىدا بىر تۇپ تېرەك بار ئىكەن. ئۇنىڭ غوللىرى ئەگرى، ئىچى پور - كاۋاك ئىكەن. ئۇ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قوغۇنلۇققا بويىنىنى سوزۇپ قاراپ، كۆپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قوغۇنلارنى كۆرۈپتۇ، بىراق قوغۇننىڭ يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ، غوللىرى سولىشىپ قالغانىكەن، كاۋاك تېرەك قوغۇننىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ:

— ئەي قوغۇنجان، ئۆمرۈڭ نېمانچە قىسقا؟ سەن كۆپ مېۋە بەرگەچكە، ئاران بىر يىللا ياشىيالايدىكەنسەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا ئوخشاش مېۋە بەرمەي، ئۇزۇن يىل ياشىساڭ بولمامدۇ؟ مانا مەن قېرىپ، ئىچىم كاۋاك بولۇپ قالسامۇ، قىش - ياز ياشاۋاتىمەن، — دەپ ماختىنىپتۇ.

قوغۇن ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغىنىنى بىلسىمۇ، قىلچە ئۆكۈنمەي، مەردانىلىك بىلەن كاۋاك تېرەككە قاراپ:

— مەن مېۋە بەرمەي 100 يىل ياشىغاندىن، مېۋە بېرىپ بىر يىل ياشىغاننى ئەلا بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھايات ھەممىمىزگە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ئەڭ كاتتا تارتۇق، مۇكاپات. ئەمما بۇ كاتتا نېمەتتىن قانداق بەھرىلىنىش بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. بەزىلىرىمىز ھاياتىمىزنى ئويناپ - كۈلۈپ، ئەھمىيەتسىز ئويۇن - تاماشىلار بىلەنلا تۈگىتىۋېتىپ قالىمىز. يەنى تۇرمۇشتىن ياكى ئۆزىمىز تۇتامغا چىققۇدەك ئەھمىيەت، مەنىگە ئېرىشەلمەيمىز ۋە ياكى ئەتراپىمىزدىكىلەرنى خۇش قىلالمايمىز. ئۇلارغا ھېچبىر پايدا، خۇشلۇق يەتكۈزەلمەيمىز. مۇنداق ھاياتنى نېمە دېيىش مۇمكىن؟***

***ھايات ئاران بىرلا قېتىم كېلىدىغان قىممەتلىك پۇرسەت بولغانىكەن، ئۇنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزەيلى. بىزنىڭ ياشىغىنىمىزنىڭ پايدىسى بولسۇن. يەنى ئۆزىمىزمۇ مەنىلىك، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، بەخت لەززىتىنى ھېس قىلىپ ياشايلى، ئەتراپىمىزدىكىلەرمۇ بىزدىن خۇشلۇق تاپسۇن، بىز بىلەن ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلسۇن.***

## بالىنىڭ كۆزىدىكى دۇنيا

بايرام مەزگىلىدە بىر ئانا بەش ياشلىق ئوغلىنى شۇ يەردىكى ئاۋات سودا - سارىيىغا بىرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئانا كۆڭلىدە ئوغلىنى بۇ يەردىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭگارەڭ بېزەكلەرنى، ئەينەك رامكىلارنى، يېقىملىق ناخشا - مۇزىكىلارنى، ھەرخىل

www.uyghurkitap.com



قونچاق ۋە مودېللارنى چوقۇم ياقتۇرىدىغۇ دەپ ئويلاپتۇ.

بىراق ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن نېمە بولدىكىن ئوغلى ئېسەدەپ يىغلاپ، ئانىسىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىۋاپتۇ.

— نېمە كەيپىڭنى ئۇچۇرىسەن؟ ساڭا زادى نېمە بولدى، ئوغۇل بالا دېگەن بۇنداق يىغلىمايدىغان، — دەپ ئوغلىنى ئەيىبلەپتۇ. — ھە، بوغقۇچۇڭ يېشىلىپ كەتكەنىدى، — ئانا ئوغلىنى بىر چەتكە تارتىپ ئېڭىشىپ بوغقۇچىنى چېگىۋېتىپ ئىختىيارسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئانا تۇنجى قېتىم بەش ياشلىق ئوغلىنىڭ كۆزىدىكى دۇنيانى كۆرۈپتۇ. ئوغلىنىڭ كۆزىدىكى ئويۇنچۇقلار، سوۋغاتلار ياكى چىرايلىق سىزىلغان رەسىملەر كۆرگەزمىسى بولماستىن بەلكى قالايمىقان، ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قىستاڭچىلىق، ئالدىراش ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ پۇتلىرى ۋە كۆتۈرۈۋالغان چوڭ - چوڭ سومكىلىرىغا ئۇرۇلۇپ يۈرگەن بىچارە قىياپەت ئىدى.

ئانا دەرھال ئوغلىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ - دە، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ راينى بالىسىغا زورلاپ تاڭماسلىققا، ئۇنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىشقا قەسەم قىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئاتا - ئانا بولغۇچىلار بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا بالىلىرىنىڭ نەزىرى بىلەن دۇنيانى كۆزىتىشى، ئۆز ئىرادىسىنى خالىغانچە زورلاپ تاڭماسلىقى كېرەك.***

## ياردەمنىڭ ئالدى - كەينىدە

بىر كۈنى، يەسلىدىكى بالىلار ئوتتۇرىسىغا بىر داس سۇنى قويۇپ، ئويۇنچۇقلارنى لەيلىتىپ غۇژمەك بولۇپ ئويناۋاتاتتى.

بۇ ۋاقىتتا ئەمەدىلا ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەن بىر ئوغۇل ئۇلارنىڭ قىيا - چىياسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قىزىققان ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. قىستىلىپ كىرمەكچى بولۇۋىدى، كىچىك بولغاچقا كۈچى يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى.

تۇيۇقسىز ئۇ بىر ئورۇندۇقنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ، ئۈستىگە چىقىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا بالىنىڭ كىچىككىنە يۈزىگە ئۈمىدۋارلىق ھېسسىياتى تېپىپ چىققانىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بىر مۇئەللىم كېلىپ: «بىچارە قوزام، سەنمۇ كۆرگىن» دەپ ئۇنى كۆتۈردى. بالا داستىكى سۇ ۋە

لەيلەۋاتقان ئويۇنچۇقلارنى تولۇق كۆرەلىدى. بىراق ئۇنىڭ چىرايىدىن بايامقى قىزىقىش، ئۈمىدكە توشقان خۇشال كەيپىيات ئەمەس، بەلكى «مەن قىلالمىغاننى چوقۇم باشقىلار قىلىپ بېرىدىكەنغۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

***ھېكمەت:***

***ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ماسلوۋ مۇنداق دېگەن: ئېھتىياج كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بىۋاسىتە سەۋەب ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. كىشىلەردە بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي ئالاقە ئېھتىياجى قاتارلىق ئوخشىمىغان قاتلاملاردىكى ئېھتىياج بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۆزلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجىدۇر. بۇ خىل ئېھتىياج كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن كىشىدە ئۆزىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە قانائەتلىنىش تۇيغۇسى بولىدۇ.***

***شۇڭلاشقا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشى، توسالغۇ بولماسلىقى لازىم.***

## تۇخۇم ئىزدەش

ئوغلۇم بۇ يىل تۆت ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئويۇنغا قاتنىشىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. باشقا ئاتا - ئانىلار ھەممىسى بالىلىرىغا مەدەت بېرەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئەلۋەتتە. مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بالىلارنىڭ ھەممىسى باشلىنىش سىزىقىغا تارتىلغان لېنتا ئالدىدا يۈگۈرۈشكە تەييار بولۇپ تۇراتتى. «پاس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ لېنتا ئۈزۈلۈپ، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلدى. پەقەت ئوغلۇملا جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى.

— يۈگۈرە، غەيرەت قىل، تېز يۈگۈرە، — دەپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىم. بىراق ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغاندەك، ئورنىدا تۇرۇپ ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى. باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسى جېنىنىڭ بارىچە ئالدى - كەينىگە يۈگۈرۈپ يوشۇرۇنغان تۇخۇملارنى ئىزدەۋاتاتتى. بىردەمدىلا ئوغلۇم ئۇلاردىن 30 مېتىرچە كەينىدە قالدى. مەن كۆڭلۈمدە: «ھەي، ئۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم. ئوغلۇم تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرنى تەردى، ئارقىدىن يەنە بىرنى تەردى... بەش مىنۇت ئىچىدە بارلىق تۇخۇملار تېپىلىپ بولدى - دە، ئۇلار باشلىنىش نۇقتىسىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، تېپىۋالغان تۇخۇملىرىنى ئاتا - ئانىسىغا كۆرسىتىشكە باشلىدى. بەزىلىرى بىرنى، بەزىلىرى ئىككىنى، ئەڭ كۆپ تاپقانلىرىمۇ بەش - ئالتىنى تاپقانىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئوغلۇم يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ خالتىسى لىقمۇلىق تۇراتتى. مەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خالتىنى ئېچىپ ساندىم، توپتوغرا 12 ئىدى.

باشقا باللار تېنەپ ئالغا قاراپلا يۈگۈرگەن. بىراق ئوغلۇم ئەترابنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، تۇخۇملارنى بىر - بىرلەپ تېپىۋالغانىدى.

***ھېكمەت:***

***بىر بالىنىڭ بىلىدىغىنى بىلەن باشقا بالىنىڭ بىلىدىغىنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ. ھەربىر بالىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.***

***بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى باشقىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ «قارا، باشقىلارنىڭ بالىلىرى سەندىن كۆپ ياخشى، سېنىڭ قەيېرىڭ ئۇلاردىن كەم» دەپ ئەيىبلەيدۇ. بۇ، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، خاسلىقى ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز. بۇنداق ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئاسانلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.***

***بالىڭىزنى ئاستا - ئاستا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تەربىيەلەڭ، بەزىدە سىز كۆزىگە كىرىۋالمىسىڭىزمۇ بالىڭىز سىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشى قىلالىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلىڭ. ئۇلارغا ئۆزىگە تەۋە بولغان مۇھىت، شارائىت يارىتىپ بېرىڭ.***

## بىر بالا، ئىككى خىل تەربىيە

نىك ئوقۇش يېشىغا يېتىپ مەكتەپكە باردى. ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا مەكتەپ ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ، ھەيران قالارلىق بىلىندى. نىك مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ سىنىپنى ئاسالغا تېپىۋالغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولدى. چۈنكى سىنىپى دەرۋازىغا يېقىن بولغاچقا ئۇزاق يول ماڭمايتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ بۈگۈن رەسىم سىزىش دەرسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى. نىك رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرگەچكە كۆڭلىدە قەۋەتلا خۇش بولدى. شىر، يولۋاس، توخۇ، كالا، پويىز، پاراخوت دېگەندەك نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى سىزىشنى ئويلىدى.

ئۇ بويىقنى ئېلىپلا خۇشال كەيپىياتتا سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىراق مۇئەللىم باللارنىڭ ھازىر باشلىسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تاكى سىنىپتىكى باللار پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئولتۇرغاندىلا، ئاندىن گۈل سىزىشنى ئۆگىنەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

نىك گۈل سىزىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ناھايىتى خۇشال بولدى - دە، ھال رەڭ، قوڭۇر، كۆك بوياقلىرىنى ئېلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنى سىزىشقا باشلىدى.

بۇ ۋاقىتتا مۇئەللىم يەنە كۆپچىلىكنى ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىنىڭ گۈلنى قانداق سىزىدىغانلىقىنى ئۆگىنىشنى ئېيتتى.

مۇئەللىم دوسكىغا قىزىلگۈلدىن بىرنى سىزدى. ئۇنىڭ غولى يېشىل ئىدى. ئاندىن

بالىلارغا: — گۈل دېگەن مۇنداق بولىدۇ. سىلەر ھازىر سىزىشنى باشلىساڭلار بولىدۇ. چوقۇم مۇشۇ بويىچە سىزىڭلار، — دېدى.

نىك مۇئەللىمى سىزغان گۈل بىلەن ئۆزى سىزغاننى سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنىڭكىنى ياقتۇرۇپ قالدى. بىراق ئۇنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ مۇئەللىمنىڭ سىزغىنى بويىچە غولى يېشىل، قىزىلگۈلنى سىزدى.

باشقا بىر كۈنى مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ سېغىزلاي بىلەن نەرسە ياساشنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نىك سېغىز لايدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياساشنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

مۇئەللىم داس ياساشنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا نىك دەرھاللا سېغىز لاينى قولىغا ئېلىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى داسلارنى ياساشقا كىرىشتى.

بىراق مۇئەللىم ئاۋۋال ئۆزى قانداق ياساشنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىر داسنى ياساپ چىقتى.

نىك قولىدىكى داسقا، بىر مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى داسقا قاراپ ئۆزىنىڭ ياسىغىنىنى ياقتۇردى. بىراق ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ قولىدىكى داسنى قايتا يۇغۇرۇپ مۇئەللىمى ئۆگەتكىنى بويىچە باشقا بىر داسنى ياساپ چىقتى.

ناھايىتى تېزلا نىك مۇئەللىمنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىشىگىچە ساقلاشنى، مۇئەللىم كۆرسەتكەن ئۆلگىنى كۆرۈشنى ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. مۇئەللىمى ئورۇنلاشتۇرغانىنىلا قىلىپ ئۆزى قول سېلىپ، باشقا نەرسىلەرنى ئىجاد قىلمايدىغان بولدى.

نىكنىڭ ئائىلىسى باشقا بىر شەھەرگە كۆچكەچكە نىكمۇ مەكتەپ ئالماشتى. ئۇنىڭ بارغان يېڭى مەكتىپى تېخىمۇ يوغان، سىنىپلىرىمۇ دەرۋازا يېنىدىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن پەلەمپەيلەر ۋە كارىدورلاردىن ئۆتۈپ ئاندىن يېتىپ باراتتى.

بىرىنچى سائەتلىك دەرس رەسىم دەرسى بولۇپ، نىك ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ قانداق سىزىشنى ئۆگىتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى، بىراق مۇئەللىمى ھېچنەرسە دېمەي، پارتىلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى.

مۇئەللىم نىكنىڭ قىمىر قىلماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: — رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، بۈگۈن بىز نېمىنى سىزىشنى ئۆگىنىمىز، سىلەر ئۆز ئىقتىدارىڭلارنى جارى قىلدۇرۇپ نېمىنى سىزىشنى ئويلىساڭلار شۇنى سىزىڭلار، — دەپتۇ مۇئەللىمى. — ئۇنداقتا، مەن قانداق سىزىشىم، قايسى خىل بوياقنى ئىشلىتىشىم كېرەك، — دەپ سورىدى نىك. مۇئەللىمى ئۇنىڭغا: — قايسىنى ياخشى كۆرسەڭ، شۇنى ئىشلەتسەڭ بولىدۇ، ئەگەر ھەممە ئادەمنىڭ سىزغىنى ئوخشاش، رەڭگى بىر خىل بولسا، مەن ئۇنى كىمنىڭ سىزغانلىقىنى قانداق پەرقلەندۈرەلەيمەن، — دەپتۇ مۇئەللىمى.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن ئىنەك قىزىل، ھال، سېرىق، كۆك بوياقلىرىنى ئېلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گۈللەرنى سىزىشقا باشلىدى. ئىنەك بۇ مەكتەپنى ياقتۇرۇپ قالدى.

***ھېكمەت:***

***باللاردا سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن مۇستەقىل قاراش بولىدۇ. شۇ ئاساستا ئۇلار ئۆز قەلبىدە ئوخشاشمىغان دۇنيانى سىزىپ چىقىدۇ.***

***رەسىم سىزىش ئوقۇتۇشتىن بۇرۇنقى باللارنىڭ ئۆز ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ئۇسۇل، ئاتا - ئانىلار بۇ ۋاقىتتا بالا بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ قەلبىنى سىزىپ چىقىشى لازىم. نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا چوڭلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارنى چوڭلارنىڭ تەرتىپ ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالىدۇ، ئۇلارنى يارامىلىق قىلىشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۈرۈنىدۇ، بىراق ئاقىۋەتتە ئۇلار «گەپ ئاڭلىمايدىغان بالا» بىلەن «مەسئۇلىيەتسىز ئاتا - ئانا» غا ئايلىنىپ قالىدۇ.***

***باللارغا ئەركىن ئىدىيەۋى بوشلۇق بېرىڭ، ئۇلار ساغلام، خۇشال - خۇرام چوڭ بولسۇن.***

## مېنىڭ بىرلا يۈزۈم بار

بالىنىڭ بەش ياش ۋاقىتلىرى مىجەزى تەرسا، گەپ ئاڭلىمايدىغان ۋاقتى بولسا كېرەك، ئوغلۇم ھەر ئىشتا دائىم دادىسى بىلەن ئىككىلەننى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ.

يازلىق كانىكۇلنىڭ بىر كۈنى بىز ئۇنى سەھراغا ئويناتقىلى ئاپاردۇق، ئوغلۇم خۇشاللىقىدىن ھەرخىل قىلىقلارنى قىلاتتى. ئۇنىڭ قىلغان قىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئائىلىمىزنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ ئىدى. قايتايلى دېگەن ۋاقىتتا ئۇ يەنە كەپسىزلىك قىلىۋېدى، ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرغان دادىسى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تۈۋلىدى. ئوغلۇم خالىمىغاندەك قىلاتتى. دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن دادىسى ئۇنى ئىنتىزام، تەرتىپ دېگەنلەرگە رىئايە قىلمىدىڭ دەپ ئەيىبلەشكە چۈشتى.

ئالاھەزەل بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇنىڭ كەيپىياتى ئۆزگەردى. ئۇنىڭ بۇ ئوماققىنە چىرايى ئويلىغانلىرىنى يوشۇرالمايتتى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ دادىسىنىڭ تەنبىھىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

دادىسى ئۇنىڭغا: — بولمىسا يۈزۈڭنى ئۆزگەرتىۋېتىمەن، — دېۋىدى ئوغلۇمنىڭ كەيپىياتى دەرھاللا ئۆزگەردى - دە، دادىسىغا ئىنتايىن سەممىيلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن: — بىراق دادا مېنىڭ پەقەت مۇشۇ بىرلا يۈزۈم بار تۇرسا, — دېۋىدى. ئۇنى قار - يامغۇردەك ئەيىبلەپ تۇرغان دادىسى كۈلۈپ تاشلىدى - دە، ئوغلىنى قۇچاقلاپ ئوغلۇمنىڭ دېگەنلىرىنى سۆيۈنگەن ھالدا تەكرارلىدى ۋە ئۇنىڭغا: — توغرا، سېنىڭ پەقەت مۇشۇ چىرايىڭلار بار، ئاناڭ ئىككىمىز دەل سېنىڭ مۇشۇ چىرايىڭنى ياخشى كۆرىمىز, — دېدى.

***ھېكمەت:***

***بالىلار يېڭى شەيئىلەر بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغاندا ئۇلاردا دۇنياغا نىسبەتەن تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەردە ئاتا - ئانىلار ھەرخىل - ھەر ياڭزا تۇزۇملەرنىڭ، يەنى ساپادىن سەكرىمە، گىلەمنى مەينەت قىلما، بۇنداق نەرسىلەرنى يېمە، ئۇنداق قىلما دېگەندەك ئىشلار بىلەن بالىنى چەكلىۋالىدۇ، ئەلۋەتتە. بالىنى تۇزۇم بىلەن باشقۇرۇش ياخشى، بىراق سىز گىلەمنى سىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ مەينەت قىلىۋېتىشى تۇغرۇلۇق ئويلىنىپ باققانمۇ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باققانمۇ؟ ئۇلارنى ھەددىدىن ئارتۇق چەكلەش ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلىش ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى بوغۇپ قويىدۇ.***

***بالىغا نىشان بەلگىلىگەندە، ئۇ رىئايە قىلسا بولىدى. ئىنچىكە ھالقىلارغىچە چەكلەپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ. كۆپرەك ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىپ، يېتەرسىزلىكىنى ئازراق ئەيىبلەڭ. ئۇنىڭ تۇغما تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىدار، بىلىم ئىگىلەشكە يول قويۇڭ، خۇشاللىققا تولغان بالىلىق مەزگىلىدىلا دۇنيانىڭ سىرلىرى ھەققىدە ئىزدەنسۇن، تەپەككۇر قىلسۇن.***

## چاقماقتىن قورقۇش ۋە چاقماقتىن ھۇزۇرلىنىش

ئۇتا شىتاتىدا دىئاننا ئىسىملىك سۆيۈملۈك بىر قىز بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپكە ئۆزى بېرىپ كېلەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، شامال بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى - دە، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. ئۇ بىر مەيدان قاتتىق يامغۇرنىڭ بېشارىتى ئىدى.

دىئاننانىڭ ئاپىسى دىئاننانى مەكتەپتىن كەلگۈچە چاقماقتىن قورقارمۇ، چاقماق سوقۇۋېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي قالدى. گۈلدۈرماما ئاۋازى بارغانسېرى ئەدەپ، چاقماق ئۆتكۈر قىلىچتەك ھاۋانى كېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

دىئاننانىڭ ئاپىسى دەرھال ماشىنىنى ھەيدەپ قىزى قايتىدىغان يولنى بويلاپ ماڭدى. ئۇ قىزىنىڭ يالغۇز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىراق ھەر قېتىم چاقماق چاققاندا قىزى دەرھال مېڭىشتىن توختاپ، ئاسمانغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى، بۇ ئىش يەنە تەكرارلاندى. ئاپىسى ئاخىرى تاقەت قىلالماي قىزىنى چاقىرىپ ئۈنىڭدىن: — قوزام، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

دىئاننا: — ئاپا، ئاسمان مېنى رەسىمگە تارتىۋاتىدۇ، — دېدى.

***ھېكمەت:***

***بىز چوڭلارنىڭ نەزىرىدە بەلكىم بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس دەپ ئويلايمىز. بىراق بالىلارنىڭ قەلبى تەبىئەت ۋە سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن بىر خىل گۈزەل چۈشەنچىگە تولغان بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار بۇ نۇقتىغا***

*سەل قارايدۇ. باللارنىڭ دۇنياسى بىلەن چوڭلارنىڭ دۇنياسى ئوخشاشمايدۇ، بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز ئۇلارنى قوزغىتىش، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى تەربىيەلەش ئەمەس.*

## بىز ئادىمىيلىك كۆچەتلىرىنى تېرىيمىز

لوۋس تاغ باغرىدىكى تۇنجى ئەتىيازدا بىر باغچىدا مەن ۋە ئىككى پىراكتىكانت مايسا ئېتىزلىرىنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇقنى تىككەچ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. مېنىڭ سوئال سوراشقا ئامراق ئۈچ ياشلىق قىزىم پاتى قېشىمغا كەلدى. ئۇ ئالتۇن رەڭ بۇدۇرە چاچلىق قىز ئىدى. ئۇ قېشىمدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن: — ئانا سەن نېمىشقا ئۇرۇق تىكىسەن؟ — دەپ سورىدى، مەن بىر مائارىپچى تەلەپپۇزىدا ئويلىماستىنلا: — پاتى، ھازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى، بىز مايسا ئېتىزلىرىنى ئوغۇتلاپ بولدۇق، ئەمدى ئوغۇتلىغان يەرگە ئۇرۇق تىكىمىز، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— بىراق نېمە ئۈچۈن ئانا؟ — پاتى يەنە سورىدى. — بىز ئۇلارنى ئۆستۈرۈپ يېيىش، ئىچىش ئۈچۈن ئۆستۈرىمىز، بىز نۇرغۇن يەرلەرگە تېرىشىمىز كېرەك.

پاتى بۇ چوڭقۇر نەزەرىيەۋى گەپلەرنى چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى بولغاي، دەرھال مېنىڭ گېپىمنى تارتىۋېلىپ: — بىراق نېمە ئۈچۈن ئۇرۇق تىكىسىلەر ئاپا... — دەپ سورىدى. — پاتى بىز پالەك، ھەرخىل گۈللەرنى تېرىيمىز، يەنە... — بىراق نېمە ئۈچۈن؟ — پاتى ئۈزلۈكسىز تۇردە سوراۋەردى. — نېمە نېمە ئۈچۈن؟ — مەن ئاۋازىمنى يۇقىرى كۆتۈردۈم. پاتى كەسكىن ھالدا: — نېمىشقا سىلەر ئۇرۇق تىكىسىلەر، — دەپ سورىدى. بۇنداق دىئالوگ بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. مەن بىر تەرەپتىن ئەستايىدىللىق بىلەن مۇۋاپىق جاۋابنى ئىزدىگەچ، بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم. بىراق مەن ئاخىرى سەۋر قىلالماي، ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنى سىلكىپ تۇرۇپ: — پاتى بىز ئۇرۇق تىكىمىز، چۈنكى بىز بۇ ئىشنى ياخشى كۆرىمىز، — دېدىم.

— ھە! مەن چۈشەندىم، — ئەمدى تولۇق قانائەتلەنگەن پاتى ۋارقىرىغىنىچە سەكرەپ - تاقلاپ كېتىپ قالدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى ئەتىگىنى مەن ئەسلىي خىزمەت جەدۋىلى بويىچە ئون تۈپ كۆچەتنى يۆتكەپ تىككەندىن كېيىن تۆت پارچە يەرنى تۈزەشكە كىرىشتىم. بۇ ۋاقىتتا پاتى قېشىمغا كەلدى.

— ياردىمىم كېرەكمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ئامالىنىڭ بارىچە خالىمايدىغانلىقىمنى يوشۇرۇپ. مەن تۆت ياشلىق قىزنىڭ قانچىلىك ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. پاتى خۇشاللىقىدىن كەتمەننى ئېلىپ، ئۇنى لاي توپىغا سالدى. مەن ئۇنىڭغا كۆچەتنى يەرگە تىكىپ، تۈزلەپ بولۇپ سۇ قۇيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدۇم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ رازى بولغان ھالدا ئۆزى تىككەن كۆچەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ ئۇنى سىيلاشقا باشلىدى. ئۇ مېنى تەنقىدلەپ: — ئاپا، بۇ كىچىك كۆچەتلەرنى ئاۋايلا، ئاستىراق ماڭ، ئۇلارغا ناخشا ئېيتىپ بەر، ئۇلارنى ئەركىلىتىپ قويغىن، — دېدى ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

دەسلىپىدە ئاچچىقىم كەلدى. بۈگۈنكى بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاش سوْغا چىلاشتى. ئەتىگە قېپقالىدىغان بولدى، ۋاز كېچىش ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئازابلىق. بىراق قىزىمنى ئۈمىدسىزلەندۈرسەم بولمايدۇ – دە.

— ئېيتقىنىڭ توغرا، پاتى، — مەن ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «بىز سىلەرنى ئاسرايمىز... سىلەر بەك خۇشال... سىلەرنى ئىسسىتىپ قويايلى، پەرىشتە ئۇسسۇل ئوينىۋاتىدۇ» دېگەندەك ئاغزىمىزغا كەلگەن سۆزلەر بىلەن ناخشا ئېيتىپ كەتتۇق. بىر دەمدىن كېيىن سارائىلاردەك قالايمىقان توۋلىشىپ كەتتۇق.

تۇيۇقسىز پاتى يۈگۈرۈپ كېلىپ، مۈرەمگە ئېسىلدى. مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرغاچقا ئالدىمغا دۈملا چۈشتۈم – دە ئىككىمىز ئېتىز ئارىسىدىكى يولدا يومىلاقلىشىپ كۆلكىمىز بېسىقمايلا قالدى. پاتى مېنى قۇچاقلاپ مەڭزىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ: — مەن ساڭا ئامراق، ئاپا،— دېدى – دە، ئورنىدىن تۇرۇپ دوستلىرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. مەن يەنە ئىشىمغا قايتىپ كەلدىم. تاغدىكى ھەربىر گۈل، دەرەخلەر ھەممىسى ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

پاتى بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلغان ۋاقىتتا، مەن مۇنداق بىر داۋلىنى يەنى بىزنىڭ تىككىنىمىز ئۆسۈملۈكلا بولماستىن، بەلكى ئادىمىيلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

***ھېكمەت:***

***ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى ئىش قىلىۋاتقاندا باشقىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىشىغا باشقىلارنىڭ دەخلى قىلماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق نۇرغۇن ۋاقىتتا بىز بالىلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمەيمىز. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالمايمىز.***

***بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىزنىڭ ئۇرۇقنى پەرۋىش قىلغىنىمىزغا ئوخشاش كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەشكە موھتاج. ھەر دائىم بالا بىلەن جاپادىنمۇ، ھالاۋەتتىنمۇ تەڭ بەھرىمەن بولۇشىمىز، ئۇلارنىڭ سەبىي قىلىقلىرىغا چەكسىز سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.***

***ئەمەلىيەتتە، بالا تەربىيەلەش جەريانى كىشىلەرگە نىسبەتەن يەنە بىر قېتىم يۇقىرى ئۆرلەش جەريانى، بالىلىقتىن ھازىرغىچە بىزنىڭ ئۆگەنگىنىمىز پەقەت سۆيۈشلا بولماستىن، يەنە تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقى.***

www.uyghurkitap.com

## تېلېفون ئانا

بىر ئوغۇل بالا بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ئايرىلىپ كېتىپ، مومىسى بىلەن ئىككىسى بىرگە تۇراتتى.

ئۇ مەكتەپتە چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا بىر تەڭگىسىنى كۆتۈرۈپ، كارىدوردىكى تېلېفون بوتكىسىغا ئاقساقلاپ ماڭاتتى. ئەگەر تاسادىپىي ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسىڭىز، گۆدەك، ناھايىتى يېقىملىق «ئاپا، تاماق يېدىڭىزمۇ؟ مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە مېنى ئالغىلى كېلەمسىز؟ ماڭا ئويۇنچۇق ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىيالايسىز، بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن كۈلەتتى. چۈشلۈك دەم ئېلىش توشۇپ قوڭغۇراق چېلىنغاندا قىيمىغان ھالدا تۇرۇپكىنى قويۇپ تۇراتتى.

بىر كۈنى سىنىپتىكىلەر تۇيۇقسىزلا يىغىلغاندا ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇشقا ئۈلگۈرەلمەيلا كېتىپ قالدى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مۇئەللىم تۇرۇپكىنى ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن قولىغا ئالغاندا تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن چىقىۋاتقان «تۆۋەندىكى ئاۋاز 12 سائەت 30 مىنۇت، 15 سېكۇنت، تۆۋەندىكى ئاۋاز 12 سائەت 30 مىنۇت 8 سېكۇنت» دېگەن غەلىتە ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى.

شۇ ۋاقىتتا مۇئەللىمنىڭ كۆزىدىن چوڭ بىر بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.

***ھېكمەت:***

***مېھىر - مۇھەببەتكە ئېنتىلىش كىشىنىڭ خاسلىقى. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئورۇغۇنلىغان مېھىر - مۇھەببەتتىن مەھرۇم باللار بار. ئۇلار سىرتقى قىياپىتىدىكى قەتئىيلىك بىلەن ئىچكى دۇنياسىدىكى يېگانىلىقنى، تەنھالىقنى يوشۇرماقچى بولىدۇ.***

***مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى يېسىمغا، خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. باللاردا ئاتا - ئانىسى ۋە بارلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك، ئاغرىنىش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. ئاخىرىدا بالا ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. روھىي جەھەتتىن جەمئىيەتنىڭ يۈنىلىشىگە قارشى يۈنىلىشتە بولىدۇ. بىر ساغلام بالا مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇش سەۋەبىدىن ئاخىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ.***

***ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا - ئانىلار بالىڭىزغا غەمخورلۇق قىلىشقا سەل قارىماڭ!***

## مۇستەھكەم ئىشكمۇ يېرىلىدۇ

مەكتەپ زالىنىڭ ئىشىكى يېرىلىپ كېتىپتۇ.

بىچارە ئىشىك، ئورنىتىلغان كۈندىن باشلاپ تېپىكسىز بىر كۈننىمۇ باشتىن

كەچۈرۈپ باقمىدى. 15 - 16 ياشلىق بالىلارنىڭ پۈتى بىلەن تېپىپ ئېشىكنى ئېچىش - يېپىشى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەكتەپ ئاتايىن «پۇتىڭىزدا شەپقەت بولسۇن»، «پۇتىڭىزغا دىققەت قىلىڭ»، «مەن ئىشىك، مېنى قىينىماڭ»... دېگەندەك مەزمۇندىكى تەشۋىقاتلارنى ئىشىك بېشىغا چاپلاپ قويغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچنېمىگە ئۈنۈمى بولمىدى.

زالنىڭ ئىشىكى دۇم چۈشكەن كۈنى، نۇرغۇن مۇئەللىملەر مۇدىرغا ئەمدى تۆمۈر ئىشىك بېكىتىش توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىشتى. ئۇلارچە ئوقۇغۇچىلار تۆمۈر ئىشىككە پۇت ئېتىشقا پېتىنالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. مۇدىر كۈلگىنىچە ئۆزىنىڭ ئالىلىقاچان ئەڭ پۇختا ئىشىكتىن بىرنى زاكاس قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى.

يېڭى ئىشىك بېكىتىلدى ھەمدە دېگەندەك بىرمۇ تېپىلىك يېمىدى. بالىلار ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندا ئىختىيارسىز قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى - دە، قۇياشنىڭ چاقناق نۇرىدا تىنىمسىز ئايلىنىپ تۇرغان ئىشىكتىن ئۆتۈۋاتقاندا سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش تۇيغۇلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى.

بۇ ئىشىك شۇنچىۋالا مۇستەھكەممۇ؟ ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بالىلارنىڭ گۈزەل ئەكسىنى ھەر ۋاقىت ئەتتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلاردا ئىشەنچ ھاياتنى سۆيۈش، قەدىرلەش تۇيغۇلىرىنى ئويغاتقۇچى پاكىز، پارقىراق ئەينەك ئىشىك ئىدى.

***ھېكمەت:***

***ئىنسان، ھەتتا بالىلارمۇ ئىشەنچكە موھتاج. بالىلارغا ئىشەنسىڭىزلا ئۇلار سىزنى ئۈمىدسىز قويماس.***

***ئۆزىنىڭ مۇستەقىل گەۋدىلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قاراش شەكىللەندۈرگەن بالىلارنىڭ دۇنياسىنى چەكتىن ئاشقان ۋاستىلەر بىلەن مۇستەملىكە قىلىش ئۇلاردا قارشىلىق ئويغىتىشتىن باشقىنى قىلمايدۇ. ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلمىغان مەجبۇرلاشتىن ساغلام روھقا ئىگە پەرزەنت چىقمايدۇ. بالىلارغا ئىشەنچ بەرسەڭ بالىلار ساڭا بەختنىڭ تەمىنى تېتىتىدۇ.***

***بالىلارغا ئىشىنەيلى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتنى قەدىرلەش، سۆيۈنۈش ئېڭىنى ئويغىتايلى.***

## تەربىيە قانداق بولىدۇ؟

20 - ئەسىردىكى ئەڭ دەسلەپكى بالىلار مەرىپەت پېشىۋاسى دەپ تەرىپلەنگەن مونېتسىل خانىم ئۆزىنىڭ «ئۈچ ياشلىق مەزگىل بىر ھاياتنى بەلگىلەيدۇ» ناملىق كىتابىدا «ئىنسانىي دەرس» دېگەن تېمىدا بالىلارنىڭ ئىززەت سېزىمى توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھېكايە بايان قىلىدۇ.

بىر كۈنى، مەن بالىلارغا بۇرۇننى قانداق تاشلاش، يەنى قانداق مىشقىرىش ھەققىدە بىر سائەتلىك دەرس ئۆتمەكچى بولدۇم.

مەن ئۇلارغا قولياغلىق ئىشلىتىشنىڭ بىرقانچە خىل ئۇسۇلىنى كۆرسەتمەك ۋە ئاخىرىدا ئۇلارغا قانداق قىلغاندا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھېچقانداق دىققىتىنى تارتمايدىغان ھالدا بۇرۇن تاشلىغىلى بولىدىغانلىقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇلار مېنىڭ ئاۋاز چىقارمايلا ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ھەرىكىتىمنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇلار مېنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىشىم تۈگىشى بىلەنلا كىنوخانىدا چالغاندەك قارسىلدىتىپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. مەن ئەزەلدىن مۇنداق يۇمران قوللاردىن ھاياجان بىلەن ئۇرغۇپ چىققان مۇنداق كۈچلۈك چاۋاكنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئاڭلايمەن دەپمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم.

چۈشەندىمكى، مەن بۇ سەۋەبىي بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ سەزگۈر نۇقتىغا ھۇجۇم قىلالىغانىدىم. بالىلار بۇرۇننى تاشلاشتا ئىنتايىن قىينىلىدۇ ۋە ھەتتا چوڭلارنىڭ دائىم ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ھال شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار يەتكۈزىدۇ. ئەڭ يامىنى شۇكى، ئۇلار قولياغلىقلىرىنى يىتتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئەندىشە ئىچىدە، ئۇنى بوينىغا باغلىۋالىدۇ. چوڭلار بولسا بالىلارغا بۇرۇننى قانداق تاشلاش كېرەكلىكىنى ئۆگەتمەيدۇ. مېنىڭ ئۇلارغا بۇ قىيىن مەسىلىنى قانداق بېجىرىشنى ئۆگىتىپ ئېرىشكەن ئالقىشىم شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇلار ئادالەتلىك مۇئامىلىگە، پوزىتسىيەدە ھۆرمەت، يېڭى ئورۇنغا ئېرىشكەنىدى. بالىلاردا ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە ئىززەت سېزىمى بولىدۇ. چوڭلار بىلىپ - بىلمەي بالىلاردىكى بۇ خىل ئىززەت سېزىمىنى زىيانغا، بېسىمغا ئۇچرىتىدۇ.

مەن قايتىدىغان ۋاقىتتا چىرايىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان ئاشۇ ئۆسمۈرلەر رەھمەت سىزگە، رەھمەت سىزنىڭ دەرسىڭىزگە! دېگىنىچە چۇرقىرىشىپ بىنانىڭ ئالدىغىچە مېنى ئۇزىتىپ قويىدى.

— قايتىڭلار، بالىلار! — دېدىم مەن ئاخىرى. قېنى تام - توسۇقلارغا پۇتلاشماي، پۇتۇڭلارنىڭ ئۇچىدا يۈگۈرۈڭلار.

ئۇلار شادلىق ئىچىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولدى.

***ھېكمەت:***

***بالىلارغا سەل قاراش ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار ئاسان سادىر قىلىپ قويىدىغان ئاساسىي كەمچىلىك.***

***ئەگەر بىز ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانىغا سىز بالىڭىزغا سەل قاراۋاتىسىز؟ كەمسىتىۋاتىسىز دەيدىغان بولساق، ئۇلار ھەيران قېلىشى ۋە ئۆزىنى ئاقلاپ كېتىشى مۇمكىن. بىلىشىمىز كېرەككى، بالىلارنىڭ ئىقتىدارى باشقا نەرسە، ئاتا - ئانىلارنىڭ پوزىتسىيە ۋە ھەرىكىتى بولسا بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەنە***

***بىر باشقا مۇھىم نەرسە، ئاتا - ئانىلار بەلكىم چوڭ - چوڭ ئىشلاردا بالىلارنىڭ ئىقتىدارى، ھېسسىياتىغا ۋە يېتىلىشىگە سەل قارىماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئىش كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدۇ. بىر ئاتا بەلكىم بالىسىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىكى ئىستاكاننى چېقىۋېتىشىغا قايىناپ ۋارقىراپ كېتىشى مۇمكىن. بالا قەستەن قىلمىدى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقى تۈپەيلىدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان پەيتتە دادىسىنىڭ يەنە ئىستاكاننىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ بالىسىغا ئازار بېرىشى ئەمەلىيەتتە، دادىسىنىڭ ئىستاكاننى بالىسىدىن قىممەت - ئەتىۋار كۆرگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. دادا بەلكىم بالىسىنىڭ چوڭ بولغاندا كاتتا ئىشلارنى بېكىتىشنى چۈشەپ ئارمانلاپ ياتىدىغاندۇ. ئەمما ئۇ بالىسىنى بىر ئىستاكاننىڭ قىممىتىدىنمۇ پەس كۆرۈۋاتسا، بۇ بالىدا قانداقمۇ ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى يېتىلسۇن؟! ئەگەر بۇ ئىستاكاننى ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەس بىرەر مېھمان چېقىۋەتسە، ئاشۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەرقانچە بىباھا، قىممەت ئىستاكان بولسىمۇ، «ۋاي ھېچقىسى يوق، قانچىلىك نېمىتى؟» دەپ ئېغىزىدىن شۆلگەي ئاققۇزۇپ تەۋەززۇ قىلىپ كېتىشىگە گەپ كەتمەيدۇ. ئاتا - ئانىلار ئەڭ ئەزىز مېھمان بولغان ئۆز پەرزەنتىنى نېمىشقا بەزى - بەزىدە ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن كېلىپلا كېتىدىغان بىر ناتونۇش ئادەمچىلىكمۇ كۆزگە ئىلىپ قويمايدۇ؟ بىز ناھايىتى قىزغىن ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىنى ئۆز رايىمىز بويىچە يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئۇنى ئەڭ ئەقەللىي قىلغۇسى بار ئىشلاردىنمۇ توسۇپ ئادەتلەنىدۇق. ئەپسۇسكى، بالىلار تۇيۇقسىز زەربىلەرگە ئۇچراۋاتقان بالىلىق قەلبى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت، قەدىرلىنىش تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلالماي چوڭ بولۇۋاتىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بالىلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقىنىنىڭ ئەھمىيەتسىز، قەدىرسىز ئىشلاردەك سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ - دە، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاجىز، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ تايىنى يوق، چۈشكۈن، بىر لىكتاسما بالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.***

## بالىلارغا سەمىمىلىك كېرەك

پاك ئەپەندى ئىشخانىسىدا بوگوْن كەچتە بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا سۆزلەيدىغان نۇتقىغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ، بىر ئايال ئۆزىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا كېلىپ قالغانلىقىنى، ئەمما 7 ياشلىق بىر ئوغلىنىڭ بارلىقى، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتىش - ئېيتماسلىق ھەققىدە ئىنتايىن ئېغىر ئارىسالدىلىقتا قالغانلىقىنى ئۇزۇك - ئۇزۇك، ھەسرەتلىك ئاۋازلار بىلەن ئېيتىپ ئۆتتى. ئۇ پاك ئەپەندىنىڭ بالىلار پسىخىكىسى بويىچە يېتەكچى مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، دېمەككى ئۇ ياردەمگە موھتاج ئىدى. پاك ئەپەندى ئىنسانىنىڭ يۈرىكى كاللىسىدىن سەگەك ۋە ئۆتكۈر دەپ ئىشەنگۈچىلەردىن ئىدى. ئۇ ئايالنى ئوغلىغا قانداق قىلسا ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۆزى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ دەپ ئويلىدى - دە، ئۇنى بوگوْنكى نۇتۇقنى ئاڭلاپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. بوگوْنكى نۇتۇقمۇ بالىلارنىڭ ئۆلۈمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش

www.uyghurkitap.com

مەسىلىسى ھەققىدە بولاتتى.

كەچلىكى، پاك ئەپەندى زالغا ماغدۇرسىزلىنىپ ماڭغۇچىلىكىمۇ قالمىغان بىر ئايالنىڭ ئىككىيلەننىڭ يۆلىشى ئاستىدا كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. دەم ھېلىقى ئايال ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. پاك ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، ئەمەلىيەتتە چوڭلار بەختسىزلىك ھەققىدە ئېغىز ئېچىشتىن ئاۋاللا بالىلارنىڭ كۆڭلى ئىشنىڭ ئەسلىنى تۇيۇپ بولغان بولىدۇ. ئەمما چوڭلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرماي، بايان قىلىشتىن ساقلايدۇ. ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئوچۇق ئېيتىش ئۇنى يوشۇرۇشتىن كۆپ ئەلا ھەمدە بالىلاردىكى ئازابنى تېز يېنىكلىتىدۇ. بالىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ئائىلىسىنىڭ قايغۇ - زارىدىن تەڭ ھەمشېرىك قىلىش كېرەككى، ئۇلارنى يات ئادەمدەك بوسۇغا سىرتىدا قالدۇرماسلىق كېرەك ئىدى.

پاك ئەپەندىنىڭ گەپلىرى ئايالنى سەگىتتى، نۇتۇق ئارىلىقىدىكى ئارام مەزگىلىدە ئايال ئىنتايىن قىينالغان ھالدا سۆرىلىپ دېگۈدەك مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كۆزلىرىگە لىپمۇلىق ياش ئېلىپ ئۇرۇپ: — مەن بۇرۇنلا ھەقىقىي ئەھۋالنى بالامغا دېيىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان، — دېدى ۋە بۇگۈنلا بالىسىغا ئىشنىڭ راستىنى ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەتىسى ئەتىگىنى پاك ئەپەندى يەنە ئۇ ئايالنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ شۇ كۈنىلا ئۆيىگە قايتىپ ئۇخلاپ قالغان ئوغلىنى ئويغىتىپتۇ ھەمدە تۇزلۇك بىلەن: — رۇت، ساڭا بىر ئىشنى دېمىسەم بولمايدۇ، — دەپتۇ. بۇ چاغدا ئوغلى دەرھاللا ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ: — بالام، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن دەيسەنغۇ شۇ. شۇنداقمۇ ئانا؟ — دەپتۇ. ئانا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ ھۆركىرىشىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئوغلى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىدە ئۇزۇندىن بېرى ئانىسىغا بېرىشكە تەييارلاپ قويغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە تارتمىسىدىن بىر دانە قارا قەلەم قاپچۇقىنى ئېلىپ ئانىسىغا بېرىپتۇ. قاپچۇققا ئەگرى - بۈگرى قىلىپ «خوش ئانا! مەن سىزنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىكەن.

بەلكىم كىشىلەر بالىنىڭ راست ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن قانچىلىك ساقلىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئۇ راست گەپنى ئاڭلاپ ئۈچىنچى كۈنى ئانىسى راستلا، دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مېيىتساندۇقىغا ھېلىقى قارا قاپچۇق ۋە خەت سېلىپ قويۇلدى.

***ھېكمەت:***

***بالىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ئائىلىسىنىڭ قايغۇ - زارىدىن تەڭ ھەمشېرىك قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ يات ئادەمدەك بوسۇغا سىرتىدا قالدۇرماسلىق كېرەك.***

*بالىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش كېرەك. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بۇ قانۇنىيەتنى توغرا چۈشەنمەيدۇ ھەم توغرا ئىجرامۇ قىلمايدۇ. باراۋەرلىك دېگەن نېمە؟ باراۋەرلىك قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستىگە، ئىقتىدارىغا، ئەخلاقىغا ئىشىنىش ھەمدە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان قىممەت قارىشى، تۇرمۇش شەكلى بىلەن ئۇچرىشىشىغا رۇخسەت قىلىشنى دېرەك بېرىدۇ.*

*بالىلار ئاساسەن ئائىلىلەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇستەقىل، چىدامچان، ئىقتىدارلىق ئادەم قاتارىدا ھۆرمەت قىلىشنى كۈتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بەزى ئىشلارنى بالىلاردىن يوشۇرىدۇ. نەتىجىدە بالىلارمۇ بىلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ - دە، ئاخىرىدا ئۆيدىكى ئىشلار بىلەن كارى بولماس، پەرۋاسىز خاراكتېر يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. ئۆزىنى پەس كۆرىدۇ. مۇنداق ئادەملەردىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.*

## يالغانچىلىق مۇنداق تۈگەيدۇ

لېيتىنىڭ 17 ياشلىق مەزگىللىرى بولسا كېرەك. ئۇ ئەمدىلا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگەنگەن بىر كۈنى، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆيدىن 10 كىلومېتىرچە كېلىدىغان بىر جايغا مېھماندارچىلىققا ئاپىرىپ قويۇشنى ۋە كەچلىكى سائەت ئۇچتە ئېلىشقا كېلىشنى ئېيتتى. ئارىلىقتىكى توپتوغرا ئىككى سائەت ۋاقىت لېيت ئۇچۇن ئويناشقا كەڭتاشا يېتىپ ئاشاتتى...

ئۇ كىنوخانىغا كىرىپ كىنوغا بېرىلىپلا كەتتى ۋە سائەت بەش بولغاندىلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېلىشكەن جايغا قاراپ چاپتى. ئاتا - ئانىسى يولنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە تىتىلداپ ساقلاپ ئولتۇراتتى.

لېيت ھودۇقۇپ كەچۈرۈم سورىدى ھەمدە بۇرۇنلا يولغا چىققانلىقىنى، ئەمما ماشىنىدىن سەل چاتاق چىققاچقا رېمونتخانىدا ھايال بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ كىنو كۆرۈپ ئولتۇرۇپ كېچىكىپ قالغانلىقىنى ئۇقسا جەزمەن ئاچچىقلىنىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

دادىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزى چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك قاراپ قېتىپ قالدى.

— لېيت، ماڭا يالغان ئېيتىشىڭ شۇنچىۋالا زۆرۈرمۇ؟ بەكلا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دېدى دادىسى خۇرسىنغان ھالدا.

— راست دەۋاتىمەن، — دېدى لېيتمۇ ئۆزىنى ئاقلاپ. دادىسى ئۇنىڭغا يەنە بىر رەت قاراپ قويۇپ: — دېيىشكەن ۋاقىتتا كەلمىگەندىن كېيىنلا مەن رېمونتخانىغا تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتە قىلغانىدىم. ئۇلار سېنى كەلمىدى دېيىشتى، ماشىنىدىن چاتاق چىقىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، — دېدى.

لېيت ئاخىرى ئىشنىڭ راستىنى ئىقرار قىلدى.

— راستىنلا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى دادىسى، — ساڭا ئەمەس، بەلكىم ئۆزۈمگە غەزىپىم قايناۋاتىدۇ. سەن ماڭا يالغان سۆزلەشنى نومۇس ھېس قىلمىغانكەنسەن، مەن پەرزەنت تەربىيىسىدىن مەغلۇپ بولغان دادا ھېسابلىنىمەن. دادىسىغىمۇ راست گەپ قىلمايدىغان بىر بالىنى تەربىيىلىگەن گۇناھىم ئۈچۈن بۈگۈن ئۆيگە پىيادە قايتىمەن.

دادا شۇنداق دەپلا ئۆرۈلگىنىچە ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. لېيت يالۋۇردى، يېلىندى. كەچۈرۈم سورىدى... ئەمما قىلچىلىكمۇ پايدىسى بولمىدى. دادا بېشىنى چۆكۈرگەن چىرايىدا غەزەپ، ئۆي قايىنىغان ھالدا جىمجىت كېتىپ باراتتى.

10 كىلومېتىر يول ۋە جىسمانىي، روھىي جەھەتتىكى ھارغىنلىق دادىنى خېلىلا چارچاتتى. ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك بېسىم، چارچاش، نومۇس، ئىبرەت ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە قالغىنى بالا — لېيت بولدى. ئۇ ئىككىنچىلەپ يالغان ئېيتمايدىغان بولدى.

***ھېكمەت:***

***بالىسىنىڭ ئەيىبىنى ئاتا - ئانىدىن ئىزدەش كېرەك. بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ئاتا - ئانىلار مەسىلىنى ئۆزىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى، مەزمۇنىدىن ئىزدەپ باققىنى تۈزۈك، بالا تەربىيەلەش داۋاندا يۈگەرگەنگە ئوخشايدۇ. باسقان مۇساپىلىرىگە پات - پات قايرىلىپ قويۇش كىشىنى خاتا قەدەمدىن ساقلايدۇ.***

## مۇشكۇلات ئالدىدا

ھىندىستاننىڭ سابىق زۇڭلىسى گەندى خانىم سىياسىي ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئايال بولۇپلا قالماستىن، بالا تەربىيەسىدىمۇ نامى چىققان ئۈلگىلىك ئانىدۇر.

گەندى خانىم تۇرمۇشتا بەخت - ئازابنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقىنى تەن ئالىدۇ ۋە مائارىپنىڭ مەقسىتى دەل كىشىلەردە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك - تۈمەن ھادىسىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان ساغلام خاراكتېر يېتىلدۈرۈش دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى راجىق 12 ياش ۋاقتىدا بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيەگە دۇچ كېلىدۇ. جىددىيلىشىپ، قورقۇپ كېتىۋاتقان راجىققا دوختۇر ئوپېراتسىيەدە ھېچقانداق ئاغرىمايدىغانلىقىنى، قورقمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا روھىي تەسەللى بەرمەكچى بولىدۇ. ئەمما گەندى خانىم دوختۇرنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ ۋە ئوغلىغا سوغۇق قانلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

1. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئاغرىيدۇ، قىينىلىسەن.
2. ئاغرىقنى ھېچكىم تارتىشىپ بېرەلمەيدۇ، بەردەم بولۇشۇڭ كېرەك.
3. يىغلىغان، ۋارقىرىغان بىلەنمۇ ئاغرىق كۈچەيسە كۈچىيىدۇكى، ھەرگىز

پەسەيمەيدۇ.

ئوپېراتسىيەدىن كېيىن راجىق يىغلىمىدى، ۋايجانلىمىدى، بارلىق كەلگۈلۈككە چىدام بىلەن چىدىدى...

***ھېكمەت:***

***كىشىلەر ھاياتلىقتا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بالىلارنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى دورا، ئوكۇل ئۇردۇرۇش بولسا كېرەك.***

***بالىلىرىنىڭ ۋەھىمە قاپلىغان، پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتقان ھالدا «دورا يېمەيمەن، ئوكۇل ئۇرمىسۇن ۋايجان...» دېگەنىدەك چىرقىراپ - قاقشاشلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىسىز؟ بالىڭىزغا راستچىللىق بىلەن ئازاب - زەربىلەرنى قانداق قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ باقتىڭىزمۇ؟***

***ھاياتلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر مەيدان ئۇرۇشقا ئوخشايدۇ. بىر ساغلام خاراكتېر ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىنمۇ قەددىنى تىك كەرگەن پېتى چىقىپ كېتەلەيدۇ. ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن زارلاپ - زارلاپ يۇرمەيدۇ...***

***ئاتا - ئانىلار بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپلا ئازابنىڭ، قىيىنچىلىقنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار ھە دېسىلا «ئاغرىمايدۇ، بەك ئوڭاي، ئىېغىر ئەمەس، تەس ئەمەس...» دېگەنىدەك گەپلەر بىلەن بالىلىرىنى ئالدايدۇ - دە، بۇ خىل ئالداپ كۆنگەن بالا ھەقىقىي قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئوڭايلا تەمتىرەپ قالىدۇ ياكى زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تايىنىش، ۋاز كېچىش پسىخىكىسى ئېغىر بولۇپ قالىدۇ. بالىلارنى قىيىنچىلىقتىن ئېلىپ قاچماي، راستچىللىق بىلەن يۈزلەندۈرۈش ئۇلاردا ساغلام خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ.***

## ماھارەت قانداق يېتىلدۈرۈلىدۇ

بىر كۈنى، ھايۋانلار يېڭى دۇنياغا قانداق يۈزلىنىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى كېرەكلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ ھەمدە ھايۋاناتلارنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەيدىغان بىر مەكتەپ تەسىس قىپتۇ. تەسىس قىلىنغان دەرسلەر يۈگۈرۈش، ئۈمىلەپ مېڭىش، سۇ ئۈزۈش، ئۇچۇش قاتارلىقلار بولۇپ، ھەر قانداق بىر جاندار جەزمەن ھەممە دەرسلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى.

غازنىڭ سۇ ئۈزۈش دەرسىدىكى نەتىجىسى ھەتتا ئوقۇتقۇچىنىڭكىدىنمۇ ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇچۇش، يۈگۈرۈش دەرسلىرىدىكى نەتىجىسى ئىنتايىن ناچار بوپتۇ. ئۇنىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى بەك ئاستا بولغاچقا، ئۇ سۇ ئۈزۈشنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، توختىماستىن يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ. توشقاننىڭ يۈگۈرۈش نەتىجىسى ئىنتايىن ياخشى بولسىمۇ، سۇ ئۈزۈش نەتىجىسى بەك تۆۋەن بولغاچقا، ئۇ سۇ ئۈزۈش مەشىقى قىلىۋېرىپ تولىمۇ روھسىزلىنىپ كېتىپتۇ. تىيىننىڭ يامىشىش دەرسىدىكى نەتىجىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولسىمۇ، ئۇچۇش دەرسىدىكى ئۇچۇش تەلەپلىرىنى

ئاڭلاپلا ئۇ ئىنتايىن ئېغىر غەمگە پېتىپتۇ. ھەتتا ئۇچۇش مەشىقى قىلىشۋېرىپ يوگۇرۇش نەتىجىسىمۇ ھەددىدىن زىيادە تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ...

ئوقۇش باشلىنىپ ئۆزۈنىغا بارمايلا غاز تۇزۇك سۇ ئۈزەلمەي، توشقان بولۇشمۇ ئەسلىدەك تېز يوگۇرۇيەلمەس، تىيىن ھەدېسىلا دەرەختىن يىقىلىپ چوشىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئېتىز چاشقىنى ئىزچىل مەكتەپكە كىرىشكە ئۇنىماپتۇ ھەم ئۇ خىلدىكى دەرسلەرنى ئۆزىگە پايدىسىز دەپ قاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپتە كولاش دەرسىمۇ تەسىس قىلىنالماپتۇ. ئېتىز چاشقىنى باشقا چاشقانلار بىلەن بىرلىشىپ ئىنتايىن نەمۇنىلىك بولغانلار چاشقانلار مەكتىپىدىن بىرنى قۇرۇپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەربىر بالىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خاراكتېر خاسلىقى بولىدۇ. مۇشۇ خاسلىق ھۆرمەتلەنگەن ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېتىبار بېرىلگەندىلا ئاندىن پەرزەنتتىن چوڭ نەتىجىلەرنى كۈتۈش مۇمكىن.***

***نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار نام چىقارغان ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بالىلىق ئالىم ياكى چولپانلارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىش تەربىيە ئۇسۇل - ئادەتلىرىنى ئۆز بالىلىرىغا مەجبۇرىي تاڭىدۇ. ئەمما مەنتىقە جەھەتتىن ئالغاندا، بىر ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغان ئۇسۇلنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ماس كېلىشى ناتايىن.***

***ئەڭ ئالدى بىلەن بالىڭىزنى ھۆرمەتلەڭ. ئۇنىڭ خاسلىقىنى بايقاڭ. بالىنىڭ خاسلىقى ھەممىدىن مۇھىم. نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئۇسۇل مېتودىنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى، ئۆز بالىلىرىدىكى خاسلىقنى بايقاپ، يېتىلدۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرماستىن، ئۇ خاسلىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە بالىسىغا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يوق ئالاھىدىلىكلەرنى يۈكلەيدۇ. ئەگەر بالىڭىزدا مۇزىكىغا نىسبەتەن ئازراقمۇ قىزىقىش بولمىسا، ئۇنى ھەيدەپ يۈرۈپ مۇزىكا مەشىقى قىلدۇرۇشىڭىزنىڭ، ئۇنىڭغا «بېتخوۋېن» غا ئايلىنىسەن دەپ بېسىم ئىشلىتىشىڭىزنىڭ پايدىسى بارمۇ؟ ئاتا - ئانىلار ئۆز خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى پەرزەنتىنىڭ قىزىقىشى، ئالاھىدىلىكى بويىچە بالىسىغا تەربىيە ئۇسۇلى قوللىنىشى كېرەك. ئۇ داڭلىق يازغۇچى ئالىم، پەيلاسوپ ياكى مۇزىكانت بولمىسا مەيلىكى، ساغلام پسخىك خاسلىقى ۋە ئادىمىلىك ئىنتىلىشى ئۆلگەن مەجرۇھ بەندە بولۇپ قالمىغاي.***

## ئوك ۋە سول قول

بۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە بولۇپ ئۆتكەن ئىش. مۇئەللىم دەرس ئۆتۈۋاتقاندا بىر ئوقۇغۇچى ئىزچىل قول كۆتۈرەتتى، ئەمما سوئال سورىسا ئەسلا جاۋاب بېرەلمەيتتى، ئەمما قول كۆتۈرۈشتىن ھەرگىز قالمايتتى - دە، باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى قوزغاپ، ئىنتىزام بۇزۇلاتتى.

بىر قېتىم دەرستىن كېيىن، مۇئەللىم بۇ ئوقۇغۇچىدىن نېمىشقا مۇنداق

قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. ئەسلىدە ساۋاقداشلىرى ئۇنى قورقۇتۇپ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغانىدى. قول كۆتۈرمىدىمۇ، ساۋاقداشلىرى ئۇنى تېخىمۇ ئېغىر ھالدا مەسخىرە قىلىشقا چۈشەتتى. مۇئەللىم ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگەر دە راستلا بىلسە ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈش، بىلمىسە سول قولىنى كۆتۈرۈشنى تاپىلىدى.

ئاستا - ئاستا بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ مەغرۇرلۇق بىلەن سول قولىنى كۆتۈرۈش قېتىم سانى ئازىيىپ بېرىشىغا مۇئەللىم سورىغان مەسىلىلەرگە ناھايىتى ياخشى بېرىشكە باشلىدى. سەمىمىي كۆيۈم ۋە ئىززەت ئۇنى باشقىلارنىڭ مەسخىرىلىك نەزىرىدىن تارتىپ چىقارغانىدى.

***ھېكمەت:***

***بالىلارغا ئوڭ كۆزىمىزدە قارايلى، بالىلارغا ئەھمىيەت بېرىش ئۇلارنى غايەت زور ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ. ئەگەردە بالىلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسى سەل قاراشقا ئۇچرىسا، بالىلار ئاستا - ئاستا ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، ئۆزىنى كارغا كەلمەس ھېس قىلىپ قالىدىغان بولۇپ قالىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەپ چىقالمايدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ ھەربىر قىلىق - ھەرىكىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىمدۇر.***

***بالىلارنىڭ ئەڭ ناچار، ئەڭ ئوساللىشىپ كەتكەن ۋاقتى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سۆيگۈ، كۆيۈم، غەمخورلۇققا ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىدۇر. بالىلار ھەر جەھەتتىن كىشىنى رازى قىلارلىق چاغدا ئەمەس، ئۇ سىزنى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۇرگەن چاغدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بالىلارنىڭ چېكىنگەن ۋاقتى سۆيگۈگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىدۇر.***

## قۇلۇپقا ئۆزىنىڭ ئاچقۇچى كېرەك

ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكىگە يوغان قۇلۇپتىن بىرى ئېسىپ قويۇقلۇق. لوم تۆمۈر ئۆزىگە قالتىس ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ قۇلۇپنى بىر قايرىپلا ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ، پو ئاتتى. ئەمما قانچە ھەپىلەشسىمۇ قۇلۇپنى ئاچالمىدى. پولات ھەرىمۇ كۆرەڭلەپ كەلدىيۇ، ئۇيان قىلىپ، بۇيان قىلىپ لاپسىيىپ قايتتى. دەل شۇ چاغدا تولىمۇ كىچىك، ئەرزىمەس، ئەگرى - بۈگرى چىشلىق ئاچقۇچ پەيدا بولدى - دە، كۈچىمەيلا قۇلۇپنى شاققىدە ئېچىۋەتتى.

— مۇنۇ مايماق نېمىنى كۆر، — دېدى لوم تۆمۈر، پولات ھەرىلەر ھەيرانلىقتا، — سەن قانداقسىگە ئاچتىڭوي.

— مەن قۇلۇپنىڭ يۈرىكىنى بىلىمەن، — دېدى ئاچقۇچ سىلىقلىق بىلەن.

***ھېكمەت:***

***ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە يوغان قۇلۇپتىن بىرى بولىدۇ. مۇشۇ قەلب قۇلۇپنىڭ يۈرىكىنى چۈشىنىدىغانلارلا ئۇنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ.***

***بالا تەربىيەسى ماھىيەتتە بالىلارنىڭ قەلب قۇلۇپىنى ئېچىپ ئۇنىڭ پايانسىز قەلب ئالەمىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشتۇر. بالىنىڭ قەلب قۇلۇپىنى قانداق ئېچىشنى بىلمىگەن ئادەم بالا تەربىيەسىدە ئەسلا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. بالىغا لۇم تۆمۈر كېرەكمۇ؟ ھەرىدەك ئۆتكۈر، زەھەردەك سوغۇق سۆزلەر بالىنىڭ قەلبىدىن ھارارەت رۇجەكلىرىنى ئاچالامدۇ؟ قاتتىق - يىرىك ھۆجۇملار، ۋەھىمە، قورقۇتۇش بىلەن كىمنى قايىل قىلىش، تەربىيىلەش مۇمكىن. ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى تامامى سۈركىلىش بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. مائارىپنىڭ، پەرزەنت تەربىيەسىدىكى تامامى مەغلۇبىيەت بالىلارنىڭ ئارزۇ - خاھىشىنى بىلمەسلىك، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا كىرەلمەسلىكتىن كېلىپچىقىدۇ. ھەربىر قۇلۇپ پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىگە ماس ئاچقۇچتىلا ئېچىلىدۇ. بىر بالىنىڭ كۆڭلىمۇ ئۇنى چۈشىنىدىغان قەلبكە موھتاج، سىزدە شۇنداق قەلب بارمۇ؟***

## قىزچاقنىڭ تەسەللىيسى

قىزچاقنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان بىر دوستى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن قىزچاق مۇئەللىمى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ بېرىپتۇ.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىزچاقنىڭ ئانىسى ئەجەپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭدىن:

— سىلەر ساۋاقداشلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاپىسىغا تەسەللى بەردىم، — دەپتۇ قىزچاق.

ئانىسى يەنە: — سەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بەردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىزچاق: — مەن تېخى كىچىك، تەسەللى بېرىدىغان گەپلەرنى ئۇقمايمەن، شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يىغلىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***«باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىغا ھەمشېرىك بولۇش ئۇلارغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ تەسەللى.***

***تەسەللى گەپ ئەمەس بەلكى ئورتاق ھېسسىيات. بىر-ئۇنىڭ ئېقىۋاتقان يېشى، قايغۇ باسقان كۆزلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇندىمەسلىك ئىنسانىيلىق جۇملىسىدىن ئەمەس.***

***كۆيۈنۈش — ئىنسانلىقنىڭ ماھىيىتى. ئىنسانلىقنىڭ بۇ تۈپ ماھىيىتىگە يېقىنلىشىپ كىشىلەر ئارا ئورتاق غەمخورلۇق ئورنىتىشلا ھاياتىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. بولۇپمۇ بالىلارغا ئىنسانلار ئارىسىدىكى غەمخورلۇقنى ئىبارەت بۇ گۈزەل تۇيغۇنى ھېس قىلدۇرايلى، ئۆگىتەيلى.***

# كىتاب توشۇشنىڭ يەنە بىر مەنىسى

بالا دادىسىنىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتلىرىدىكى كىتابلىرىنى ئاستىنقى قەۋەتتىكى كەڭرەك بىر جايغا يۆتكىشىگە ياردەملەشمەكچى بولدى. ئەلۋەتتە، بالا دادىسىغا ياردەملىشىش توگۇل، ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ ئىشقا دەخلى يەتكۈزەتتى. ئەمما دادا ئۇچۇن بالىنىڭ قانچىلىك بىر نەرسە يۆتكەپ بېرىشىدىنمۇ بەكرەك ئىنسابى مۇھىم ئىدى.

كىتابلارنىڭ ئارىسىدىكى قېلىن، ئېغىرلىرىنى كۆتۈرۈپ پەلەمپەيدىن چۈشۈش بالىغا نىسبەتەن ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. بالا شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ، ئەمما تار پەلەمپەيدە ئېغىر كىتابنى كۆتۈرۈپ ماڭالماي قىينىلاتتى. ھەتتا كىتاب نەچچە قېتىم قولىدىنمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئاخىرى بالا ئۆزىنى ناھايىتى يارامسىز، كۈچسىز ھېس قىلىپ، پەلەمپەيدىلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەندەك قىلاتتى.

دادا بالىسىنىڭ ئازابلانغان ھالىتىنى كۆرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ۋە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كىتابنى ئېلىپ بالىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئاندىن بىر قولىدا بالىسىنى يۆلەپ پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئىش ئەنە شۇنداق داۋاملاشتى. بالا كىتابنى چىڭ قۇچاقلايتتى. دادا بىر قولىدا كىتاب كۆتۈرسە، يەنە بىر قولىدا بالىسىنى يۆلەپ ماڭاتتى. بالىنىڭ ۋەزىپىسى كىتاب يۆتكەش، دادىنىڭ ۋەزىپىسى كىتاب يۆتكەشتىنمۇ مۇھىم بولغان بالىنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن ئىشەنچ ساھىلىغا يۆتكەش ئىدى.

***ھېكمەت:***

***كۆزىتىپ ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىغاندا، كۆزنىڭ بولۇشى نەھاجەت. بالىنىڭ ھەربىر قىلىق - ھەرىكىتى ئىلھام، رىغبەتكە ئېرىشەلىگەندىلا، ئاندىن ئۇ ئىشەنچ تۇيغۇسىغا ئېرىشەلەيدۇ. بالىنى مەلۇم ئىشقا ياردەملەشتۈرۈش ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چىڭىتىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بالىدا ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشكىمۇ پايدىلىق. كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ كىچىككىنە كەمچىلىكى تۈپەيلى ئۇلارنى ئەيىبلەشكە چۈشىدۇ، ئەمما بالىسىنىڭ كەمچىلىكىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئۆزىدىكى پەرۋاسىزلىقنى كۆرمەي قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىشەنچ تۇيغۇسى بىر - بىرىگە باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئاتا - ئانىدىكى مەسئۇلىيەت بالىدىكى ئىشەنچكە ئۇل سالىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ پەرۋاسىزلىقى بالىلارنى بوشاڭ، ئىرادىسىز، چۈشكۈن، مەسئۇلىيەتسىز قىلىۋېتىدۇ. بالىڭىزغا كۆيۈم، مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغايسىز.***

## قايناق سۇ دېگەن نېمە؟

مەلۇم بىر بالىلار باغچىسى بىر قېتىم ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن بالىلار ئورتاق قاتناشقان پائالىيەت ئۆتكۈزۈپتۇ ھەمدە پائالىيەتتە مۇئەللىم پسىخىك سىناق ئېلىپ بارماقچى بوپتۇ. ئۇ ھەربىر بالىغا قايناق سۇ توشقۇزۇلغان ئىستاكاندىن بىرنى ئارقىسىدىن بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۈگۈن مەن كۆپچىلىكنى ئالاھىدە بىر خىل ئىچىملىكنى ئىچىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىمەن. كۆپچىلىك ئوبدان تېتىپ ئىچىڭلار، ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئىچىملىكنىڭ تەمى، ئىچكەندە پەيدا بولىدىغان سېزىمنى ئاتا - ئاناڭلارغا دەپ بېرىسىلەر، بولامدۇ؟

بالىلار تولىمۇ ھۇزۇر، ئەستايىدىللىق بىلەن قوللىرىدىكى ئىچىملىكنى قايتا - قايتا تېتىپ ئىچىشكە باشلاپتۇ.

— بەك تاتلىقمۇ، چۈچۈمەلمۇ ئەمەسكەن، — دەپتۇ بىرى.

— كوكاكولادىنمۇ بەكرەك ئىچىشلىككەن، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— راستلا تەملىككەن، دادا، ئاپا بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا مۇشۇنداق ئىچىملىك ئېلىپ بېرىڭلارچۇ؟ قىممەت ئەمەستۇ.

بۇ چاغدا مۇئەللىم بالىلاردىن يەنە سوراپتۇ:

— قېنى، ساۋاقداشلار بۇنىڭ قانداق ئىچىملىكلىكىنى كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

نۇرغۇن بالىلار بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتىپتۇ. بىرنەچچە ساۋاقداش: «ھەرقاچان چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان ئىچىملىكتۇ ھە» دېسە، يەنە بىر نەچچىسى: «ئىمپورت قىلىنغان ئىچىملىكلەر رەڭلىك بولار» دەپ كۆسۈرلىشىپتۇ. مۇئەللىم ئاخىرى بارلىق ساۋاقداشلارنى تەرتىپكە چاقىرىپ بۇ ئىچىملىكنىڭ ئەمەلىيەتتە قايناق سۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— قايناق سۇ دېگەن نېمە، مۇئەللىم؟ — دەپتۇ بىر نەچچە ساۋاقداش تەڭلا چۈشەنمىگەندەك.

سىنىپ ئىچى تىمتاس بولۇپ قاپتۇ. مۇئەللىم ھەيرانلىقتىن داڭ قاپتۇ. ئاتا - ئانىلارمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەن ھالدا بىر - بىرىگە تەئەججۇپ بىلەن قارىشىپ قاپتۇ. بەش - ئالتە ياشلاردىكى بالىلارنىڭ قايناق سۇدىن ئىبارەت ئەڭ تەبىئىي سۇيۇقلۇقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىكىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ كۈلگۈلۈكمۇ، يىغلىغۇلۇقمۇ؟

***ھېكمەت:***
***پېداگوگلارنىڭ بىردەك دەيدىغىنى، بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە***

***مەئىشەتلىك تۇرمۇشقا كۆندۈرمەيلى. قىيىنچىلىق باللارنىڭ تەن، ئىرادىسىنى چىنىقتۇرىدىغان مۇھىم ئامىل.***

***ھازىر، نۇرغۇن ئائىلىلەر بىر ياكى ئىككى پەرزەنتلىك. يەنە كېلىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالا نېمىنى خالىسا شۇ زامانلا تەل قىلىپ بېرىشكە ئادەتلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا، يۇقىرىدىكى ھېكايەتتە بايان قىلىنغاندەك، رەڭلىك، سوغۇق ئىچىملىكلەرگىلا كۆنگەن باللار قايناق سۇنىڭ تەمىنىمۇ بىلەلمەيدىغان ئەھۋاللار جەمئىيەتتە راستلا سادىر بولىۋاتقان ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. بۇ خىل تۇرمۇش مۇئامىلىسىدە يوغىنىغان باللار ھەممىدە ئاتا - ئانىسىغا تايىنىۋالىدۇ، تىرىشمايدۇ، ئىرادىسى ئاجىز، بوشاڭ تەبىئەتلىك بولۇپ قالىدۇ - دە، كىچىككىنە مەغلۇبىيەت تۈپەيلىمۇ ئوڭايلا چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.***

***باللارنى ھەددىدىن زىيادە مەئىشەت - پاراغەت ئىچىدە ئەركە ئۆگىتىپ قويمايلى. ئۇلار يوقسۇزلۇقنىڭ قانداقلىقىنى، قىيىنچىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ چوڭ بولسۇن، غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش ئۇلارنى زەيىپانە، بوشاڭ قىلىۋەتمىسۇن. لايىقىدا ئىشلىتىلمىگەن غەمخورلۇق بەزى ھاللاردا زەھەرلىك تەسىرمۇ بېرىپ قويىدۇ، ئېھتىيات قىلايلى.***

## چىرايلىق سۈت دېڭىزى

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق بىر دورا تەتقىقاتچىسى كىچىك ۋاقتىدا سۈت ئىچىشكە ناھايىتى ئامراق ئىكەن.

بىر قېتىم ئۇ ئۆزى سۈت ئىچمەكچى بولۇپ، توڭلاتقۇدىن سۈت قاچىسىنى ئېلىۋېتىپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماي، قاچا يانتۇ بولۇپ كېتىپ، قاچىدىكى سۈتنىڭ ھەممىسىنى پولغا تۆكۈۋېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە ئەمدى ئاپام راسا ئەدىپىمنى بېرىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاننىڭ ئۈستىگە ئاپىسى كىرىپ يەردىكى سۈتنى كۆرۈپلا: — ئوھۇي، مەن ئەزەلدىن بۇنداق كۆركەم سۈت دېڭىزىنى كۆرۈپ باقمىغان، نېمىدېگەن چىرايلىق، — دەپتۇ. ئاپىسىنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۇنىڭدىكى قورقۇنچلۇق كەيپىيات يوقاپ كېتىپتۇ، ئاپىسى ئارقىدىنلا: — سەن نېمىدېگەن يامان - ھە! ئاپاڭ تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بۇنداق چىرايلىق سۈت دېڭىزىنى كۆرۈپ باقمىغان، سەن ماڭا ياردەملىشىپ بۇ يەرنى تازىلىشىپ بېرەمسەن؟ — دەپتۇ.

ئۇ پول سۈرتكۈچ، سۈپۈرگىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئاپىسى بىلەن ئاشخانىسىنى پاكىز تازىلاپ چىقىدۇ. ئاپىسى ئاندىن ئۇنىڭغا توڭلاتقۇدىن سۈت، سۇ ئالغاندا ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ ئالغاندا تۆكۈلۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.

**ھېكمەت:**

*پسىخولوگلار «خاتالىق يۈز بېرىپ بولغاندا، ئۇنى يېتىشتۈرۈۋالغىلى، ئاچچىقلىنىش بىلەن ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. كىچىك بالىنى تەربىيەلەش، قورقۇتۇش بولسا تېخىمۇ كۆپ خاتالىقلارنى سادىر قىلىشقا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ قارايدۇ.*

*تۇرمۇشتا خاتالىققا نىسبەتەن توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك.*

## ئەڭ ياخشى سوۋغات

داڭلىق دراما ئارتىسى دېۋىد. بىرونا بىر نامرات ئەمما ئىللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان چاغدا ئۇ ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلمايدىغان ئەڭ ئېسىل سوۋغاتقا ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئەسلىمىسىدە: «ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە بەزى ساۋاقداشلىرىمغا ئاتا - ئانىسى ئېسىل كىيىملەرنى سوۋغا قىلدى. ھەتتا بەزى بايلار بالىلىرىغا ماشىنا ئېلىپ بەردى. مەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كېلىپ دادامدىن ماڭا نېمە سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم. دادام چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ، مېنىڭ قولۇمغا بۇ بىر تەڭگىنى ئاستا قولۇمغا بەردى.»

— دادام ماڭا بۇنىڭغا بىر پارچە گېزىت سېتىۋېلىپ بىر خەتنىمۇ قالدۇرماي تولۇق ئوقۇپ چىققىن، ئاندىن ئېلان سەھىپىسىنى ئاقتۇرۇپ ئۆزۈڭگە خىزمەت ئىزدە. دۇنيانى كېزىپ چىق، ئۇ ھازىر ساڭا مەنسۇپ بولدى، — دېدى.

«مەن شۇ ۋاقىتتا بۇ دادامنىڭ ماڭا قىلغان چاقچىقى دەپ ئويلاندىم. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەن قىسمىغا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتۈشكە بېرىپ، ئاكوپتا ئولتۇرۇپ ئائىلەم ۋە ئۆز تۇرمۇشۇم ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئاندىن دادامنىڭ ماڭا قانداق سوۋغا بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. مېنىڭ ئۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت، ماشىنا، يېڭى كىيىم، بىراق دادامنىڭ ماڭا بەرگىنى بولسا پۈتكۈل دۇنيا. بۇ، مەن ئېرىشكەن ئەڭ ئېسىل سوۋغات.»

**ھېكمەت:**

*بىزنىڭ بالىلارغا بەرگەن سوۋغىمىز ئۇنىڭ ئەقىل دۇنياسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولۇشى، ھەرگىزمۇ تەخسىدىكى يېمەكلىك بولماسلىقى كېرەك.*

*بالىغا بېرىلگەن مۇھەببەت ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، شامال - يامغۇرلارنى، ھەسەن - ھۈسەنلەرنى كۆرەلەيدىغان قانات بولۇشى كېرەك.*

*نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ بەختەرلىكىدىن ئەنسىرەپ سىرتقا يالغۇز چىققىلى قويمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ مۇستەقىللىقى، دادىللىقى ئازىيىپ، يۆلىنىشچانلىقى ئارتىپ بارىدۇ.*

***يۇقىرىقى ھېكايىدىكى ئاتىدەك بالىلارغا دۇنيانى بېرەيلى! مانا بۇ ئەڭ ئېسىل سوۋغات، ئەڭ ياخشى كۆيۈنۈشتۇر.***

## دادىغا سوۋغات

ئىشخانامدىكى ئىشكاپقا خاتىرە بۇيۇملىرى سېلىنغان بىر قەغەز خالتا قويۇلغان. ئۇ قىزىمنىڭ سوۋغىسى. ھەئە، ئادەتتىكىلا قەغەز خالتا، ئەمما مەن ئۇنى 14 يىلدىن بېرى قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

قىزىم ئەمدىلا مەكتەپكە كىرگەن چاغلار ئىدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەممىمىز ئەتىگەندىلا چۈشلۈك تامىقىمىزنى بىر خالتىغا ئېلىپ ئۆيدىن چىقاتتۇق. بىر كۈنى ئىشقا ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا قىزىم چۈشلۈك تامىقىم سېلىنغان خالتىنى تەييار قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ تاماقنى بېرىۋېتىپ ناھايىتى قوپال چاپلاپ، تىكىپ ياسالغان يەنە بىر خالتىنىمۇ سۇندى.

ــ خالتا ئىككى بولۇپ قالدىمۇ، قىزىم، ــ دېدىم مەن ئۇنى گەپكە سېلىپ.

ــ بىرسىدە تاماق، يەنە بىرسىدە باشقا نەرسە بار، دادا.

ــ نېمە نەرسە؟

ــ ئادەتتىكىلا نەرسە، سىزگە سوۋغام.

مەن ئۇنىڭ قولىدىكى ھەر ئىككى خالتىنى ئېلىپ سومكامغا سالدىم - دە، ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ ئىشقا ماڭدىم.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئاندىن قىزىم بەرگەن يەنە بىر خالتا دىققىتىمنى تارتتى. خالتىنى ئاچتىمىۇ، ھەيرانلا قالدىم. ھەممىسى ساپلا پارچە - پۇرات نەرسە - كېرەكلەر ئىدى: چاچ بوغقۇچ، ئۈچ تال تاش، بىر دانە سولياۋ دىنوزاۋۇر، پۇچۇق قېرىنداش قەلەم، قۇلۇلە قېپى، بامبۇك تاياقچە، دىڭ - دىڭ توپ، ئىككى تال شاكىلات، بىرنەچچە تەڭگە پۇل…

ئۆزۈمچە كۈلۈپ كېتىپتىمەن ۋە توساتتىنلا چۈشتىن كېيىن بىر مۇھىم يىغىن بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ، بۇ قالايمىقان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپلا ئەكىلىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ يىغىنغا كېتىپتىمەن.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، قىزىم تۇيۇقسىزلا ھېلىقى خالتىنى سوراپ قالدى.

ــ ئىشخانىدا قالدى، ــ دېدىمەن پەرۋاسىزلا، ــ نېمە گەپتى؟

ــ بۇ بىر پارچە قەغەزنى سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ــ ئەمدى بولسىمۇ سىزگە بېرەي، دادا ھە راست، بېرىپ خالتىنى ئېلىپ كېلەيلى.

ــ نېمىشقا؟

ــ خالتىدىكى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر، دادا ئۇ نەرسىلەرنى ھەقىچان سىزنىمۇ خۇش قىلالارمىكىن دەپ سىزگە بەرگەنىدىم. ئۇلار يوقاپ كەتسە ھەرگىز

بولمايدۇ، دادا دەرھال بېرىپ ئەكىلىۋالايلى، سىزنىڭمۇ ئۇلارنى يوقىتىۋەتكۈڭىز يوقتۇ…

ئۇنىڭ يۇمىلاق، چىرايلىق كۆزلىرىگە توساتتىنلا لىققىدە ياش ياماشتى.

— يا… ياق، بالام، — دېدىم مەن بوغۇزۇم غىققىدە بولۇپ، دۇدۇقلىغىنىمچە، — پەقەت ئۇ نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن شۇ.

— ئەتە ئالغاچ كېلەي، ماقۇلمۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بالام ئەتە جەزمەن ئەكېلىمەن.

ئۇ بوينۇمغا ئېسىلىپ ماڭا چىڭ گىرە سېلىۋالدى. مەن ئۇ بەرگەن كىچىككىنە باغاقچىغا كۆز يۈگۈرتتۇم. ئەمدىلا خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن قىزىمنىڭ ئىگرى - قىڭغىر خەتلىرىنىڭ ئارىسىدىن قۇياش پارلايتتى: «دادا، مەن سىزگە بەك ئامراق».

قىزىمنىڭ چىرايىغا قايتىدىن ئۇزاققىچە سەپسالدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئامراق ئەمەللىرىنى، ئۆزىنىڭ ئەڭ بىغۇبار تاتلىق تۇيغۇلىرىنى ھەدىيە قىلغانىدى. ئەمما مەن…

كېچىلەپ ئىشخانىغا ماڭدىم. بۇ ئۇزۇن يول تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك ئىدى. مەن تاشلىۋەتكەن، قىزىمنىڭ سەمىمىي كۆڭلى سىڭگەن نەرسىلەرنىڭ غەم - ئەندىشىسى مېنى تەرلىتىپ، ئالدىرىتىپ، تىت - تىت قىلىپ باراتتى. خۇداغا شۈكرىكى، ئۇ نەرسىلەر مەن تاشلىۋەتكەن ئەسكى چېلەكتە غىرىبسىنىپ ياتاتتى. كۆزلىرىمگە ياش كەلدى…

ئەتىسى ئەتىگەندىلا خالتىنى قىزىمغا قايتۇرۇپ بەردىم. خالتا مىجىلغان، كىرلەشكەندەك قىلاتتى. لېكىن، قىزىم كۆڭۈل بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇ ھەممە نەرسىنى قاتىرىسىغا تىزىپ قويۇپ، ماڭا ھەربىر نەرسىگە يوشۇرۇنغان ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مەلۇم بىر نەرسىگە ئامراقلىقىغا مەنە سىڭگەن ئىدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، بېشىمنى لىڭشىتقىنىمچە «ھە، چۈشەندىم» دەپ تەستىقلاپ تۇردۇم. ھەقىقەتەنمۇ، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلىغاندىم.

مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ماڭا يەنە بىر خالتا سوۋغا قىلدى، خالتا يېڭى ئىدى. ئەمما ئىچىدىكى نەرسىلەر ئەسلا ئۆزگەرمىگەنىدى. دېمەككى، مەن ئىشەنچكە، ھۆرمەتكە، سۆيگۈگە ئېرىشىۋاتاتتىم. خالتىنى ئاۋايلاپ ئالدىم ۋە ئۇنى ماڭا بېرىلگەن ئەڭ قىممەتلىك سوۋغات سۈپىتىدە قەدىرلەپ ساقلاپ كەلدىم. ئۇ مېنى تېخىمۇ ياخشى، پەزىلەتلىك ئىنسان بولۇشقا ئۈنسىز دەۋەت قىلىپ تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى…

***ھېكمەت:***

***ئاتا - ئانىلار بەزىدە باللىرىنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالغاندىلا، ئاندىن ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاتا - ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، ھەربىر بالا پەرىشتىدەك پاك ۋە بىغۇباردۇر. بالا تەگرىنىڭ بىزگە قىلغان سوۋغىسى. بۇ سوۋغا بىزگە ئىشىنىپ بېرىلگەنىكەن، بىزمۇ ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلمىقىمىز لازىمدۇر. پەرزەنتنىڭ كۆڭلى شۇ قەدەر نازۇك ۋە سۇرلۇكتۇر. پەرزەنتنىڭ سوۋغىتى بولسا ئىنسان ۋە ئىشەنچتىن باشقا نەرسە ئەسلا ئەمەس. ئۇ غەرەز، تەمەدىن خالىي ئەڭ پاكىز سوۋغاتتۇر. ئۇنى قەدىرلەيلى، باللارغا ئوتلۇق سۆيگۈ بېرەيلى. ئۇلارنى تېخىمۇ مەسئۇلىيەت بىلەن سۆيەيلى.***

## بالىنىڭ نەزىرىدىكى دادا

بىر قېتىملىق دەرستە مۇئەللىم سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلارنى «مېنىڭ دادام» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. باللار بەس - بەستە ئۆزلىرىنىڭ دادىسىنى تەرىپلەشكە چۈشۈپتۇ. بىرى دادىسىنىڭ قالتىس كۈچتۈڭگۈرلۈكىنى ماختىسا، يەنە بىرى دادىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا پۇختىلىقىنى، يەنە بىرى دادىسىنىڭ ھېكايە - چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستىلىقىنى بايان قىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا نۆۋەت سىنىپنىڭ ئەڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان ماك ئىسىملىك بالىغا كەپتۇ. ئۇ مۇنبەرگە چىقىپ ناھايىتى مەغرۇرلۇق بىلەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ: «مېنىڭ دادام» دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز چوققىلارغا چىقالايدۇ. ئەڭ چوڭقۇر ئوكيانىنىڭ تەكتىگىچە كىرەلەيدۇ. ئەڭ ۋەھشىي قانخور ھايۋاننى يېڭەلەيدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ نوچى ئويۇنچۇقلارنى ياسىيالايدۇ، ئەمما...

بالا سەل توختىۋاپتۇ. ھەيرانلىقتا داڭقېتىپ قالغان سىنىپتىكى پۈتۈن ساۋاقداشلار ئۇنى ئەمدى نېمە دەيدىكىن دەپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ئەمما، — ئۇ پەس، مەيۈس ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — قاچانلا قارىسىڭىز ئۇنىڭ تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا يېڭىلىپ ئولتۇرغىنىنى ئولتۇرغان.

***ھېكمەت:***

***بىر دانىشمەن: «بىر دادا مىڭ مۇئەللىمدىن ئەۋزەل» دېگەنىكەن. ھەقىقەتەنمۇ، بالىنىڭ نەزىرىدە دادا ئەڭ مۇقەددەس، قالتىس. ئەمما بىز دادىلار بالىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى قانچىلىك چۈشىنىمىز؟ بالىمىزغا قاراپ باقايلى. ئۇنىڭ باللىق دەۋرى ئاران بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بالىمىزنى تاشلىۋەتمەيلى، ئۇنىڭ قىزىقىشى، ئارزۇ - خاھىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويايلى. بالىمىز بىزنى چوڭ بىلگەنىكەن، شۇنىڭغا تۇشلۇق ئۇلار بىزدىن پەخىرلەنگۈدەك ئىش قىلايلى. ئېغىزىدا شەھەر ئالغان***

***بىلەن ئەمەلىيەتتە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ياللىراق نوچىلاردىن بولۇپ قالمايلى.***

## تالانتنىڭ يولى

كىچە - كۈندۈز ئوغلىنىڭ تالانتلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇلايدىغان بىر ئانا بار ئىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ بەش ياشلىق ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر داڭلىق خىمىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنى سوراپ، ئۆگىنىشكە بېرىپتۇ. خىمىك ئايالنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئەگرى - توقاي مۇۋەپپەقىيەت يولىنىمۇ، تەجرىبىسىنىمۇ دەپ بەرمەپتۇ، بەلكى ئۇنى تەجرىبىخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ - دە، بالىنىڭ ئالدىغا سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق قاچىلانغان بىر بوتۇلكىنى قويۇپتۇ.

بالا سارغۇچ سۇيۇقلۇققا خېلى ئۇزۇنغىچە قىزىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ ۋە بىر چاغدا بوتۇلكىغا قولىنى ئاستا سۇنۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ ناھايىتى ئەنسىز توۋلىغان ئاۋازى كەپتۇ. بالا ئانىسىنىڭ ۋەھىمە ئىلكىدە تاراقلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، دەرھاللا قولىنى تارتىۋاپتۇ. بۇ چاغدا ياندا تۇرغان خىمىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— مانا بۇ تالانتنىڭ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولى، — دەپتۇ. ئۇ كۈلگىنىچە قولىنى بوتۇلكىغا تىقىپ، — ئەمەلىيەتتە بۇ سېرىق بوياق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن سۇ، خالاس. قىلماقچى بولغان ئىشتىن قورقۇش، ۋەھىمە ھېس قىلىپ يېقىنلىشالماسلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى. بالىنى قورقۇتۇپلا تۇرسىڭىز ئۇ قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەت تامان يول ئالالىسۇن؟

***ھېكمەت:***

***بالىدا تۇغما ھالدا شەيئىلەرگە قىزىقىش بولىدۇ. ئاشۇ قىزىقىشقا ناھايىتى زور تالانت بىخلىرى يوشۇرۇنغان. قورقۇتۇش، چەكلەش، بالىنىڭ قىزىقىشىنى بوغۇش تۈپەيلى ئاشۇ تالانت بىخلىرى نابۇت بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.***

***ھەر قانداق تالانتلىق بالا قىزىقىشىنى ئۆز قولى بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزەلىسە، ئاندىن قىزىقىشى مۇقىم غايە، ئېتىقادقا ئايلىنىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ، كەڭ دائىرىلىك بىلىشكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەردە بالىلاردا قىزىقىش، ھەۋەستىن ئىبارەت بۇ ئوت بولمىسا، ئۇنى كەينىدىن يۆلەپمۇ غالىبلىق چوققىسىغا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بالىلاردىكى ھەۋەس، قىزىقىش ئوتلىرىنى ئۆچۈرمەيلى. بالىلاردىكى ئەڭ ساددا قىزىقىشنى قوللاش، قوزغاش ئارقىلىق ئۇلارنى تېخىمۇ ئۇلۇغ غايە، مۇۋەپپەقىيەت تەرەپكە يېتەكلەيلى.***

# خەت يېزىشمۇ تالانت

بارار - كېلەر يېتى قالمىغان بىر سەرگەردان يىگىت پارىژغا كەپتۇ ھەمدە دادىسىنىڭ بۇرۇنقى يېقىن دوستى چارلىز ئەپەندىنى بىرەر تىرىكچىلىك يولى تېپىشقا ياردەم بېرەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئىزدەپ كەپتۇ.

— ماتېماتىكىنى ياخشى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ چارلىز ئەپەندى يىگىتنىڭ ھال - ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن. يىگىت خىجىللىق ئىلكىدە باش چايقاپتۇ.

— تارىخ بىلەمسەن؟ جۇغراپىيە جەھەتتىكى ساۋاتىڭ قانچىلىك؟ قانۇندىنچۇ؟...

يىگىت بارا - بارا نومۇستىن بىرەر ئېغىز زۇۋانمۇ سۈرەلمەي قاپتۇ. ئۇ ھەر قانچە باش قاتۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغاندەك ئىش، تالانتتىن بىرەرسىنىمۇ تاپالماپتۇ - دە، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتماقچى بوپتۇ.

— ئادرېسىڭىزنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، مەن ئامالىنىڭ بارىچە تىرىشىپ كۆرەي، — دەپتۇ چارلىز ئەپەندى، — بەلكىم بىرەر ئىش تېپىلىپمۇ قالار.

يىگىت بىر ۋاراق قەغەزگە ئۆزىنىڭ ئىسمى، ئادرېسىنى يېزىپ قويۇپ، دەرھال چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئەمما ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا چارلىز ئەپەندىنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە ياڭرىغان خۇش ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— ھوي، خەتنى بىر ئوبدان چىرايلىق يازىدىكەنسىزغۇ، مانا. بۇمۇ تالانت، قابىلىيەت بولماي نېمە؟

«خەتنى چىرايلىق يېزىشمۇ تالانتمۇ؟ «يىگىت» نىڭ ئەقلى باشقىدىن جانلانغاندەك بوپتۇ. ئەجەبا خەت يېزىشمۇ تالانت بولىدىغان بولسا، ئۇ نېمە دەپ تېخىمۇ چىرايلىق، نەپىس قىلىپ يېزىشقا تىرىشمىسۇن.

نەچچە يىل ئۆتۈپ، بۇ يىگىت دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ ھەممىگە تونۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇ دەل 18 - ئەسىر فرانسىيە ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچى چوڭ دىيۇمادۇر.

***ھېكمەت:***

***نۇرغۇن باللارنىڭ ئالتۇندەك ئېسىل ۋاقتى، قىممەتلىك ئەقىل - زېھنى ئاتا - ئانىلار ئۆزى خالاپلا تۈزۈپ بەرگەن ئۆگىنىش پىلان - مەزمۇنلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ خوراپ كېتىۋاتىدۇ - دە، باللار ئۆزى خالايدىغان، ئۆزىگە كېرەكلىك نۇرغۇن بىلىم - ئۇچۇرلارنى ئۆگىنەلمەي قېلىۋاتىدۇ ياكى باللاردىكى تالانت نەزەرگە ئېلىنمايۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر بالىدا نۇرغۇن تالانت، ئىقتىدار ئېلېمېنتلىرى بار، ئەمما بۇ ئىقتىدار ئېلېمېنتلىرى بايقاش، ئاسراش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا موھتاج. بايقالمىسا ئالتۇننىڭمۇ قەدرى بولمىغانغا ئوخشاش. پەرۋىش قىلىنمىسا ئۇلۇغ تالانتمۇ خوراپ تۈگەپ***

*كېتىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئەستايىدىللىق بىلەن بالىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ، ئاشۇ خىل تالانت - ئالاھىدىلىككە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. بالىڭىزنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنىمۇ راۋۇرۇس توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇڭ. شۇندىلا ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ، يارامىلىق ئىنسانغا ئايلىنالايدۇ.*

## سەۋر سەۋرنى تۇغدۇ

— ئانا، باغچىغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلىمۇ، — دېدى قىزچاق ئاپىسىغا ئەركىلەپ. ئاپىسى بىر پارچە ماقالە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئىشلەۋاتقانىدى.

— ماقالىنى تۈگىتىۋالاي، بالام ئاندىن بارايلى، ماقۇلمۇ؟ — دېدى ئاپىسى.

— ياق، ھازىرلا بارىمىز.

— بالام، بۇ ئىنتايىن مۇھىم، جىددىي ماقالە. بۈگۈن تۈگەتمىسەم زادى بولمايدۇ. ئازلا قالدى بىردەم ئويناپ تۇرۇڭ، يېزىپ بولۇپلا ئاپىراي ماقۇلمۇ؟

بىردەمدىن كېيىن قىزچاق ئاپىسىنىڭ قېشىدا يەنە پەيدا بولدى. ئاپىسى ئۇنى يەنە بىردەم ئويناپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئاپىسى ئاخىرى ئىشنى تۈگەتتى ۋە بالىسىنى ئەمدى باغچىغا ماڭسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قىچقاردى.

— توختاپ تۇرۇڭ، ئاپا. بۇ ھېكايىنى كۆرۈپ بولغىلى ئازلا قالدى، — دېدى قىزچاق رەسىملىك كىتابتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

ئاپىسى ماقالىنى تاماملىغاچقا ئۇنىڭ دەرھال چىقىپ ھارغان كاللىسىنى ئارام ئالدۇرغۇسى بەكلا بار ئىدى. ئەمما ئۇ قىزىنىڭ رەسىملىك كىتابنى كۆرۈپ بولۇشنى ساقلىشى كېرەك ئىدى.

ئاخىرى، قىزى كىتابنى كۆرۈپ بولدى. ئانا - بالا ئىككىسى خۇشال ھالدا بىرگە ئۆيدىن چىقتى.

***ھېكمەت:***

*نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ئۆز رايى بويىچىلا ساقلىتىدۇ ياكى مەلۇم بىر ئىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەمما بالىسىنىڭ ئىشى تۈگىگۈچە ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇرالايدىغان ئاتا - ئانىلار كۆپ ئەمەس. بالىلارنىڭ رايى، قىزىقىشى، خاھىشى نۇرغۇن ئاتا - ئانىنىڭ نەزىرىدە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئۇلار بالىسىنى كۈنلەپ، ھەپتىلەپ، ئايلاپ، يىللاپ ساقلىتىدىيۇ، ئەمما بالىسى ئۈچۈن ئون نەچچە مىنۇتمۇ ساقلاشقا تاقەت قىلالمايدۇ.*

*بالىلار گۈزەل ئەخلاقنى ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ئۆگىنىدۇ. بالىلارنىڭ تاللاش - خاھىشى، ئەمگىكى تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ئۇمۇ باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ھەربىر ئىش، ھەر قانداق مۇئامىلە، قىلىق - ھەرىكەتتە بالىلىرىڭىزمۇ غۇرۇر،*

***تاللىشغا لايىقىدا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.***
***ئۆزىدە ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرۈش ئۆزىگىلا پايدىلىق ئىش بولۇپلا قالماستىن، پەرزەنتلەر ئۈچۈن كاتتا مەسئۇلىيەتتۇر.***

## يېتىلىشنىڭ پۇرسىتى

بىر ئانا بالىسىنىڭ مىجەز - پىسخىكىسى ۋە تۇرمۇشتىكى يۈرەكسىزلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ بىر پىسخىك دوختۇرنى ئىزدەپ بېرىپتۇ.

— بالىڭىز تۇنجى قېتىم ئاياغ بوغقۇچىنى چىگىپ چىگىلەشتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، سىز ئۇنىڭغا ئىككىنچىلەپ بوغقۇچلۇق ئاياغ ئېلىپ بەرمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

پىسخىك دوختۇر گەپ قىلمايلا سوراشقا كىرىشىپتۇ. ئايال ھەيرانلىق ئىلكىدە «ھەئە» دەپتۇ.

— بالىڭىز تۇنجى قېتىم قاچا يۇيۇپ، قاچا چېقىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى قايتا ئاشخانىغا يېقىن يولاتمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە.

— بالىڭىز تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىنى سەرەمجانلاشتۇرماقچى بولۇپ، ئىككى سائەتتە ئاران يىغىشتۇرۇپ بولغاندا ئۇنى لامزەللە، ئېغىر قوڭ، سۆرەلمە دەپ تىللىغانمىدىڭىز؟

ئايال ھەيرانلىقتىن دوختۇرغا قارىغىنىچە قېتىپ قاپتۇ.

— بالىڭىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ مۇناسىۋىتىڭىز، ھوقۇقىڭىزغا تايىنىپلا ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ھەۋىسى كەلگۇدەك نوچى خىزمەت تېپىپ بەردىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ئايال مىت قىلماپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپلا دوختۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا:

— سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بوغۇچتىن.

— ئەمدى قانداق قىلىمەن، — دەپتۇ ئايال يەنە.

— ئاغرىپ قالسا، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز دوختۇرغا ئاپىرىڭ؛ توي قىلار بولسا، ئۆزىڭىز ئۆي تۇتۇپ بېرىڭ؛ پۇلى قالمىسا، يەتكۈزۈپ بېرىڭ؛ ئەمدى مۇشۇنداق قىلماي ئامالىڭىز يوق. سىز يوق قىلىۋەتكەن تەرەققىي قىلىش، يېتىلىش پۇرسەتلىرىنى مەن نەدىن تاپاي، سىز تاقىۋەتكەن مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكلىرىنى مەن قانداق ئاچاي.

***ھېكمەت:***
***بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىدا بەزىدە ئىللىق ئازگاللار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ زىيادە كۆيۈمچانلىقى تۈپەيلى شەكىللىنىپ قالىدىغان مۇنداق ئىللىق ئەمما ئىنتايىن خەتەرلىك ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن بالىلارنىڭ***

***تاپىنغۇبىلىش پسخىكىسى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر بولۇپ كېتىدۇ - دە، ئۇلارنى بىر ئۆمۈر يېتىلەپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بالىلىرىمىز توغرا - خاتانى ئەمەلىيەتتىن ھېس قىلىپ تونۇسۇن، ئىرادىسى پىشسۇن، ئۇلار تۇرمۇشتىن ئۆزىگە كېرەكلىك تۇيغۇنى ئۆزى قول سېلىپ تېپىشنى ئۆگىنىۋالسۇن، چاپان بەرگەن ناندا قانچىلىك تەم بولسۇن؟ بالىلارنى كۆيۈم ئىچىدىلا زەيپانىلەشتۈرۈۋەتمەيلى.***

## مۇھەببەت

بۇ بىر راست يۈز بەرگەن ئىش.

ئۇزۇن يىل ئۇرۇش مەيدانىدا يۈرۈپ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر ياش بار ئىكەن. ئاتا - ئانىسى ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن، دائىم ئەسلەپ تۇرىدىكەن، بىر كۈنى ئۇلار تۇيۇقسىزلا ئوغلىدىن تېلېفون تاپشۇرۇۋاپتۇ.

— دادا، ئاپا، مەن ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلدىم. ھازىرلا ماشىنىدىن چۈشتۈم. لېكىن، بىر يېقىن دوستۇم مەن بىلەن بىرگە كەلگەنىدى، بىلىمەن سىلەر قارشى ئالامسىلەركىن يوق.

— ئەلۋەتتە، بالام ئاغىنەڭنى باشلاپ ئەكەل. سېنىڭ دوستۇڭ بىزنىڭمۇ دوستىمىز.

— لېكىن... ئاپا...

— نېمە لېكىن؟

— بەزى ئىشلارنى ھازىرلا دەپ قوياي دەيمەن. يەنى ئۇ ئۇرۇشتا مىناغا دەسسىۋېلىپ ئېغىر يارىلىنىپ، بىر پۇتى ۋە بىر قولىدىن ئايرىلىپ قالغان. يەنە كېلىپ بارىدىغان ھېچيېرى يوق. مەن ئۇنى بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بىرگە تۇرسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن، يەنى مەڭگۈ بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ ياشىساقكەن دەيمەن.

— بالام. بۇ...

— ئۇنىڭمۇ سىلەر بىلەن بەكلا بىرگە تۇرغۇسى بار، ئاپا راستلا.

— لېكىن، بالام ئىنتايىن ئەپسۇسكى، بىزگە تەس كېلەرمىكىن، بىز ئۇنىڭغا تۇرىدىغان باشقا يەر تېپىپ بېرىشكە ياردەملىشەيلى ماقۇلمۇ.

— يا، ئاپا. مەن ئۇنى سىلەر بىلەن بىرگە، بىر ئائىلە بولۇپ تۇرسا دېمەكچى.

— بالام، — دەپتۇ تېلېفوننى دادىسى ئېلىپ، نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلىدىغانسەن. بىر مېيىپ ئادەم بىزگە قانچىلىك ئېغىر بېسىم، يۈك ئەكېلىشى مۇمكىن. سەن بۇلارنى ياخشى ئويلان. بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق تۇرمۇشىمىز بار. بىز بۇ خىل يۈكنى كۆتۈرەلمەيمىز. تىنچ تۇرمۇشىمىزغا خاپىلىق تېپىۋېلىشنى خالىمايمىز. دەرھال قايتىپ كەل. ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت. ئۇمۇ بىر ئامال قىلىپ تىرىكچىلىك يولى تاپالايدۇ.

سەن ئۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟ دەرھال كەل، بالام... بىز...



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا تېلېفون تىت - تىت قىلىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بالىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتى…

سائەت ئۆتتى، كۈتۈۋېرىپ كۈنمۇ ئۆتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ساقچى ئىدارىسى تېلېفون بېرىپ بىر جەسەتنى تونۇۋېلىشنى ئۇقتۇردى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ساراسىمە ئىلكىدە بېرىپ كۆردىكى بىر يىگىت، ئۆزلىرى نەچچە يىللاپ كۈتكەن، ساقلىغان بالىسى غەرق قان ئىچىدە ياتاتتى. ئۇلارنى تېخىمۇ ھەيران قىلغىنى شۇ بولدىكى بالىسىنىڭ بىر پۇتى، بىر قولى يوق ئىدى…

ساقچىلار ئۇنىڭ بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئەر - خوتۇن ئىككىسى تېخىمۇ ئېغىر ئەسەبىي تىترەك ئىچىدە قالدى.

***ھېكمەت:***

***باشقىلارغا ئامراقلىق، كۆيۈنۈش ياكى يېقىنچىلىق ھېسسىياتىلا مۇھەببەتمۇ؟ مۇھەببەت تولىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە چوڭقۇر ساقلىقتۇر. مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ پايانسىز تۇيغۇ دېڭىزىدا سىز سىزگە شەپقەت زارلىقىدا تىكىلىپ تۇرغان بىر بەندىنى نېرىغا ئىتتىرەمسىز ياكى ئۆز قولۇڭىزغا سىغدۇرۇۋالامسىز؟***

***مۇھەببەت بەرگەنسېرى تۈگەپ قالىدىغان، ئاز قالىدىغان ماددىي مەھسۇلات ئەمەس، بەلكى قانچە كۆپ باشقىلارغا بېغىشلىغانسېرى ۋە ئىپادىلىگەنسېرى شۇنچە مول، بۈيۈكلىشىپ بارىدىغان ئىلاھىي تۇيغۇ. مۇھەببەتنى تار مەنىدە چۈشىنىۋالمايلى ۋە قەلب ئىشىكىمىزنى چىڭىماسلىق بىلەن تاقىۋالمايلى. ئىنسانىنىڭ كۆڭۈل ئالىمىگە سىغدىسىلا جاھان پاتىدۇ.***

## ئەركە بالا

ئاتا - ئانىسى تەرپىدىن ئىنتايىن ئەركە ئۆستۈرۈلگەن بىر بالا بار ئىكەن. ئائىلىسىدە ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ئىكەن. ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇ نېمە دېسە شۇنى جان دەپ قىلىپ بېرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈپ، كىچىك بالىلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان يېرىگە كېلىپ قاپتۇ. بالا ياغاچ ئاتقا چىقىۋاپتۇ - دە، شۇ بىر چىقىۋالغانچە سائەتلەپ ئويناپمۇ قەتئىي چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. جاھاندىكى جىمى تاتلىق گەپ، چىرايلىق نەسىھەتلەرمۇ كار قىلماپتۇ. شۇ چاغدا بىرەيلەن بالىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ قويۇپلا قايتىپ كەپتۇ. ئەتىدىن بېرى گەپ يېمىگەن بالا رايىشلىق بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— سىز نېمە دېگەنىدىڭىز؟ — دەپتۇ ئەر - خوتۇنلار ھەيران قېلىپ.

— ئەمدى چۈشمىسەڭ كۆتۈڭگە بىرنى يەيسەن دېدىم شۇ، — دەپتۇ ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا.

***ھېكمەت:***

*ھەسەل يەپ كۆنگەن بالا ھەسەلدىكى ئېسىل تەمنى بارا - بارا بىلەلمەس بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا بەزىدە ئاز - تولا ئاچچىق - چۈچۈك قوشۇمچىمۇ كېرەك بولۇپ قالىدۇ. غىزاغىمۇ ھەرخىل كۆكتات، تېتىتقۇلار لايىقىدا ئىشلىتىلسە [illegible] ئوخشايدۇ. بالا تەربىيەسىدىمۇ ئۇسۇل - چارىنىڭ ھەرخىل بولغىنى ياخشى، قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەر مۇۋاپىق ئىشلىتىلسە، بۇنىڭ بالىلاردا ساغلام پسىخىكا يېتىلدۈرۈشتە پايدىسى ئىنتايىن زور.*

## پادىشاھ مۇلازىمىتىگە لايىق كىشى

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن:

— پادىشاھلار مۇلازىمىتىگە قايسى تائىپە نامۇۋاپىق؟ — دەپ سورىدى.

ئارستوتېل ئېيتتىكى:

— پادىشاھلار خىزمىتىگە لايىق كىشى بىرىنچى، يالغان سۆزلىمەيدىغان؛ ئىككىنچى، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان؛ ئۈچىنچى، تەماگەر ئەمەس؛ تۆتىنچى، ھەرقانداق كىشىنىڭ ياخشى سۈپىتىنى ئېيتىدىغان كىشىدۇر. بۇنداق ئادەملەر ياخشى سۆزلىرى بىلەن ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە دوستلۇق ۋە مەقبۇللۇقنى ئېرىشەلەيدۇ. كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدىغانلار بارچە ئەل ئارىسىدا خار ۋە بىئېتىبار بولىدۇ.

## ياخشى تەدبىر ۋە مەسلىھەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى

دانىشمەن ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن مۇنداق سورىدى: ئىنسانلار يارىتىلىشتا ئوخشاش تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ رايى ياخشى تەرەپكە مايىل، يەنە بەزىلەرنىڭ رايى خاتا تەرەپكە ئېغىپ تۇرىدۇ؟ يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ نىيىتى ياخشى تەرەپكە مايىل بولۇپ، شۈبھىسىز پاك بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە خاتالىققا دۇچار بولۇپ قالىدۇ، ئەسلىدە ھەق ئىش بولىدىغان يەردە خاتا ئىش بولماسلىقى، خاتا ئىش بولىدىغان يەردە ھەق ئىش بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟

— ئادەملەر يارىلىشتا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن دانىشمەنلىك ۋە ئۆتكۈرلۈكتە ئوخشاش ئەمەس، — دېدى ئارستوتېل جاۋاب بېرىپ، — ئادەملەرنىڭ ھەربىرىدە بىر خىل سۈپەت نامايەندۇر. ئادەملەردە بۇ سۈپەتلەر ئايرىم - ئايرىم ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئىككى سۈپەت بىر سۈپەتكە قارىغاندا كۆپتۇر. شۇڭا بەندىلەرنىڭ بىرى ئەقىللىق، يەنە بىرى ئەقىلسىز بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئەقىللىق ئادەمنىڭ پەم - پاراستى كۆپ ھاللاردا توغرا تەرەپكە مايىل بولسىمۇ، لېكىن بەزى ھاللاردا خاتا تەرەپكىمۇ ئېغىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى ھەمىشە بىر خىل ئەھۋالدا تۇرمايدۇ. ھەر

دائىم باشقا - باشقا ھالەتلەردە بولىدۇ. كىشىنىڭ ئەقىل - پاراستى ھەرقانچە مول بولسىمۇ، لېكىن ئۇ غايىب ئىلىملەرنى بىلەلمەيدۇ. ئەتە يۈز بېرىدىغان ئىشنى بۆگۈن بىلىپ كېتەلمەيدۇ. غايىب ئىلىملەر ئەقىل - پاراسەتتىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىلىش ۋە پەملەشتىن ئەقىل ئىگىلىرى نادانلارغا قارىغاندا ياخشىراقتۇر. بىراۋنىڭ ئەقىل - پاراستى يېتەرلىك بولسا، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ياخشى ئىشلار رويابقا چىقىدۇ. ئۇنداق ئادەم، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. كامالەتكە يەتكەن ئەقىل ئىگىلىرىنىڭمۇ خاتالىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، جاھاندا خاتالاشمايدىغان ئىنسان يوق، ئەقىل ئىگىلىرىمۇ شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

## كىشىلەر قىش پەسلىگە نېمە ئۈچۈن خۇشتار

ئىسكەندەر ئارستوتېلغا مۇنداق سوئال قويىدى:

— قىش پەسلىدە ئادەملەر قانچىلىغان دىشۋارچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلاردىن بىرى شىۋىرغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەلگە ھەرەج ۋە قىيىنچىلىق يېتىدۇ. يەنە بىرى سوغۇق كۈچىيىپ، كىشىلەرنى ھالاكەتكە قىستايدۇ. يەنە بىرى ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇششۇك بىلەن قار - چاپقۇن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلمىغاندا، خالايىقنىڭ تەبىئىتى ۋە جىسمى ئېغىر ئازاب ۋە دىشۋارچىلىققا دۇچار بولىدۇ. خوش، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە سەۋەبتىن كىشىلەر يازدىن قىش پەسلىگە بەكرەك مايىل؟ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە بۇ مۇشكۈل ئىشنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، بۇنىڭ سىرىدىن بىزنى خەۋەردار قىلغايسەن.

دانا ھېكىم ئارستوتېل بۇ مەسىلىگە ئۆزگىچە قىياس ۋە مۇلاھىزە بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ ھېكمەتنىڭ سىرى شۇكى، خالايىقلارنىڭ قىشقا مايىل بولۇشى مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك ئىشنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. بىرىنچى ئىش، قىشنىڭ ھاۋاسى ھۆل سوغۇق بولىدۇ. ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىچە، ياز پەسلىدە تالڭ شامىلى ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ مىجەزىگە قۇرۇق ئىسسىقنى ئېلىپ كېلىپ، بەدەننى ھارارەتكە سالىدىكەن. ھۆل سوغۇق بولسا، بۇ خىل مىجەزنى تەڭشەپ نورماللاشتۇرىدۇ. يەنە بىر ئىش شۇكى، كىشىلەرنىڭ مىجەزى ئوتتۇراھال دەرىجىدە بولغاندا، ئۇلار ئەيش - ئىشرەت ۋە راھەت - پاراغەتنى خالاپ قالىدۇ. دانالار نەزىرىدە شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەيش - ئىشرەت، بەزمە - مەشرەپ ئۇزۇن ئۈچۈن قىش پەسلى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. كۈندۈزلىرى قار - يېغىنلىرىدا كىشىلەر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ. قىش كېچىلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىمۇ راھەت - پاراغەت ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. ئۇزۇن كېچىلەر بەزمە - مەشرەپكە ياكى شېرىن سۆھبەتكە ناھايىتى لايىقتۇر. بۇلاردىن توختىغاندىن كېيىن كىشىلەر تىنچلىنىپ، سۈكۈنات ئىچىدە ئۇخلاپ ئارام

ئالىدۇ. ئۇخلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەرنىڭ دىماغلىرى مەي – شاراب بىلەن نەمخۇش بولىدۇ. شۇندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى ئۇيقۇغا مايىل بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ۋە يېتەرلىك ئۇخلىغاندا بەدەن ساغلام بولىدۇ. ئۇيقۇ بىلەن كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى شادلىققا چۆمىدۇ، پۇتكۇل ئەزالىرىغا كۈچ – قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. ئۈچىنچى ئىش شۇكى، ھۆپىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىگە دەسمايە توپلاش ئۈچۈن قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئۇيقۇدىن قوپۇپ، ھۈنەر – كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۆتىنچى ئىش شۇكى، ئىلىم تەھلىل قىلىپ يېتىلگەن ۋە يول تاپقان ئالىملار كۈندۈزى ئىلىم تەھسىل قىلىش كۆڭلىگە تارتمىسا، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە چىراغلىرىنى ياندۇرىدۇ – دە كېچىنىڭ ئىككى بېشىدا ئىلىم مۇتائىلە قىلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاپ مېڭىسىنى دەم ئالدۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىرنەچچە خىل ئىشلار سەۋەبىدىن ئالەم ئەھلى قىشقا مايىل بولغان بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ قىشقا خۇشتار بولۇشىنىڭ بائىسىمۇ مۇشۇدۇر.

## سەپەر جاپا – مۇشەققەت تارتىشقا سەۋەب بولىدۇ

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن:

— سەپەردە رەنج – مۇشەققەت چېكىدۇ، كىشىنىڭ تەبىئىتى ھەرەج تارتىدۇ، قىيىنىلىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر سەپەر قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— سەپەردە قىيىنچىلىق كۆپ بولسىمۇ، لېكىن دانالار ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان، — دېدى ئارستوتېل تەپەككۇر بىلەن جاۋاب بېرىپ، — چۈنكى ئۇنىڭ كىشىگە ناھايىتى كۆپ پايدىسى بار. ھەربىر مۇشكۇلاتنىڭ ئارقىسىدىن ھالاۋىتى بار. مەسىلەن: ئاش – تاماق جاننىڭ راھىتى، تەننىڭ قۇۋۋىتىدۇر. ئەمما شۇنداق ئەزىز نەرسە ئوتنىڭ جاپاسىنى تارتمىغۇچە خاملىقتىن پىشىپ تەييار بولمايدۇ. ئالتۇننى ھەممە خالايىق ياخشى كۆرۈپ، ئەتىۋارلايدۇ. لېكىن ئۇمۇ ئوتتا كىرمىگۈچە تازىلانمايدۇ. سەپەر ئازابى دوزاخ ئازابىدىن كەم ئەمەس. بۇنداق ئازابلىق ئوتتا كۆيۈشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بىراق يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر سەپەرگە چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، مۇساپىرلارنىڭ ئالتۇن ۋۇجۇدى سەپەر ئوتلىرى بىلەن تاۋلىنىپ، ساپ ۋە پاك بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى سىناپ كۆرسە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك – شۈبھە تاپالمايدۇ. سەپەر قىلىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، بەدەن شۇ ئارقىلىق ساغلاملىققا ئېرىشىدۇ. ئاددىيسى بىر ئادەم بىرەر مەسىلىدە ئىككىلىنىش سەۋەبىدىن ئىختىيارسىز ھالدا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ قويغان تەقدىردىمۇ، شۇ تۇيەيلىدىن ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بۇزۇق ماددىلار ۋە زىيانلىق خىلىتلار ھەزىم بولۇپ كېتىدۇ. غىزاغا ئىشتىھا پەيدا بولىدۇ. شۇنچىلىك سەپەردىنلا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ. سەپەر قىلىشتىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ.

داۋالىنىق بىر خىل ھاۋا، بىر خىل سۇ، بىر خىل مۇھىتتا تۇرۇۋېرىشتىنمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئاغرىق ۋە زەئىپلىك يۈزلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى تازا ۋە يېڭى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكرار ئىستېمال قىلىشتىن زېرىكىدۇ. تەبىئىتى يېپيېڭى ۋە باشقا - باشقا نەرسىلەرگە مايىل بولىدۇ. بۇنىڭغا سەپەر ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. سەپەر تۇپەيلىدىن سۇ ۋە ھاۋا ئالمىشىدۇ. شۇڭا سەپەردىن كىشىلەرنىڭ تېنىگە ساغلاملىق، مۇقىملىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سەپەرگە ئالىملار رۇخسەت بېرىدۇ، دانالار ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرىنى ئېغىر ئالمايدۇ.

## ياشلىقنىڭ خاسىيىتى

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— يىگىتلىك مەزگىلىدە ھەر قانداق ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش ئاسان. يىگىتلىك دەۋرىدە كىشىنىڭ ھەممە ئىشقا زوق - ئىشتىياقى، لەززىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. كىشى قېرىغاندا ئۇنىڭدا ھېچ ئىشقا زوق - ھەۋەس، كۈچ - قۇۋۋەت قالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ياش ۋاقىتلىرىدا يامان ئىشلارغا كۆڭۈل بېرىپ، ياخشى ئىشلاردىن قاچىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەرگىن.

ئارستوتېل بۇ سوئالغا جاۋابەن مۇنداق سۆز باشلىدى:

— ئادەم كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭدا ئەقىل - ئىدراك ئاز، تەبىئىتى بىلىم ۋە پاراسەتلەردىن يىراقراق بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ھەممىشە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەقىل - ئىدراكنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن داۋاملىق نەپسىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئادەم بالىلىق دەۋردىن ئۆتۈپ، ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ دىلىنى ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى يورۇتىدۇ. بۇ مەزگىلدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى خىل كۈچ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئەقىل، يەنە بىرى، نەپسىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى كۈچلۈك بولۇپ، ياخشى ئىشلارغا كۆڭلىنى بەرسە، بۇنداق كىشى پۇتكۈل ئالەم خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئايلىنىدۇ. خالايىق ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نەپسى ئەقلىدىن كۈچلۈك بولۇپ قالسا، ئۇ تەبىئىي ھالدا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ. نەپسى ئۇنى ھەر قانداق ھاۋايى ھەۋەسكە، يامان، چاكىنا ئىشلارغا بۇيرۇسىمۇ رەت قىلىشقا ئىلاجسىز قالىدۇ. ئۇنى شۇ ھامان ئورۇندايدۇ. نەپسىنىڭ خاھىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا خاتا ۋە گۇناھلىق ئىشلارغا مايىلدۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ روھانىيىتىنى پاك ۋە تازا تۇتسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەقىل شامى يورۇتۇپ، مۇنەۋۋەر قىلىدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيدۇ. قېرىغاندىمۇ بارغانسېرى پاك ۋە دانىشمەن بولىدۇ. ھەر قانداق ئىشنىڭ بېشى ياشلىق دەۋردىن باشلىنىدۇ. كىشى

ياشلىقتا قايسى ئىشقا مايىل بولسا، قېرىغاندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ياققا تارتىدۇ. ياشلىقتا قانداق ئىشقا كۆڭۈل بەرسە، قېرىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن شۇنداق ئىش نامايان بولىدۇ.

## ھەممە ئىشنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسى بولىدۇ

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي دانا ئۇستاز، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر خۇسۇسىيىتى بار. كىمىكى يامان ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا يامان ئاقىۋەتتىن ئامانلىق يوقتۇر، ئەگەر ياخشىلىق قىلسا، شۇنىڭغا يارىشا ياخشى ئىقبال ۋە كېلەچەككە ئېرىشىدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ماڭا بايان قىلىپ بەرسەڭ.

— بۇ جاھاندىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى بولىدۇ، — دېدى ئارستوتېل جاۋاب بېرىپ، — بۇنداق خاسىيەتلەر ياكى ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە ئۆزىگە لايىق ھەقىقەت بار. ئەگەر بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتى ۋە ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىسە، ئۇنداق ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىپ قېلىشى بىر ئەيىبتۇر. بىلىمسىز نادان كىشىلەر بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن كۆز ئالدىدىلا نەپ ئېلىشنى ئىستەيدۇ. پايدا كەلتۈرمەيدىغان ئىشلارنى زادى قىلمايدۇ. ئۆزىگە پايدا يەتمىگەن ئىشلارنى قىلغۇچىلارنى كىچىك بالا، ساراڭ، ئەقىلسىز دەپ قارايدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى بىرەر ئىشنى قىلىشتا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدۇ. يىراقنى كۆزلەيدۇ. ياخشى ئويلىماي تۇرۇپ، ئىش باشلىمايدۇ. شۇڭا، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئاقىۋەت ۋە مەنپەئەتلەرنى بېرىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. دۇنيادىكى ياخشى - يامان ئىشلار ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئىش ياكى شەيئىنى ئوشۇقچە ياكى كېرەكسىز دەپ قالماسلىق كېرەك. بىرەر زەررىچىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىمۇ سەۋەبسىز ياكى بىكارچىلىقتىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىرەر ئىشقا مەشغۇل. ئۇلارنىڭ مەسئۇل بولغان ئىشىدا چوقۇم بىرەر خاسىيەت ياكى ئالاھىدىلىك بار. بۇ خاسىيەتلەر ئىچىدە جەزمەن بىرەر ھەقىقەت بار. شەيئىلەرنىڭ ئىش ۋە ئەپئالى ۋۇجۇدقا چىققاندا ئۇنىڭ ھەقىقىتى كۆپىنچە خالايىقتىن يىنھان تۇتۇلىدۇ. ئەمما، ئۇ يەنە ھامان ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇرۇقتىن قارىماققا ھېچقانداق ھەقىقەتنى چۈشەنگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن دېھقان ئېكىنزارغا ئارپا تېرىپ قويغان بولسا، بۇغداي ئورالمايدۇ. ئەگەر بۇغداي ئۇرۇقىنى چاچقان بولسا، ئارپا ئورالمايدۇ. قىزىلمۇچ ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشى ئاچچىق مېۋىگە ئېرىشىدۇ. شېكەر قومۇشى يېتىشتۈرگەن كىشى چوقۇم شېكەر ئالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئىشنىڭمۇ ياخشى - يامىنى بولىدۇ. ئەگەر ياخشى ئىش قىلغان بولسا،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. يامانلىق قىلسا، يامانلىق كۆرىدۇ. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولسا، ئىشلار ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

## تىرىشىپ بىلىمگىنى ئاشۇر

ئارستوتېل ئۆلۈمگە يېقىن، ئوغلىنى چاقىرىپ مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىكەن:

ــ ئوغلۇم، ئۆز ھاياتىمنى ئىلىم - ھېكمەتنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولۇش يولىدا سەرپ قىلدىم: ئىلىم - ھېكمەت نۇرى بىلەن كۆپ تۇگۈنلەرنى يەشتىم. ئەمما ئۆلۈمگە كەلگەندە چارە تاپالمىدىم. ساڭا قىلىدىغان ۋەسىيىتىم شۇكى: ئوغلۇم، مالدۇنيا ئارقىسىدا ئاشۇرۇلغان ئىززەت - ئابرۇيدا ۋاپا يوق. ھۆرمەت - ئىززەت، شان - شەرەپ، ئىلىم - ھېكمەتتە، ئىلىم - پەن نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن شان - شۆھرەت پانىي ۋە زاۋالىلىقنى بىلمەيدۇ، دۆلەت ۋە سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ.

ئوغلۇم، شاھلار سېنىڭ ئاتاڭنى ئىلىم - بىلىمى تۈپەيلىدىن قەدىرلىدى. ئۇنداق بولمىسا، ئاتاڭمۇ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئادەم ئىدى. شاھلار تەۋەلىكىدىكى ئادەم شاھلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشىدۇ ۋە باش قويىدۇ. ئالىملار بىلەن نادانلار ئوتتۇرىسىدا يەر بىلەن ئاسمانچە پەرق بار.

ئاتاڭنىڭ ئىلمى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ پادىشاھلار ئۈچۈن كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەكتىن پەرقى يوق ئىدى. ئۇلارغا تىزلىنىدىغان ۋە خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرىدىغان بىر ئاددىي چاكار بولاتتى، خالاس.

ئىززەت - ھۆرمەتكە لايىق بولاي، نامىم ئەبەدىي قالسۇن دېسەڭ، تىرىشىپ بىلىمىڭنى ئاشۇر!

## يامانلار سۆھبىتىدە بولما

بىر يىگىت ئەخلاقسىز، بەتقىلىق بىر ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ يۈرگەندە، ئارستوتېلغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ. يىگىت ئارستوتېلنى كۆرۈپ، نومۇس قىلغانلىقىدىن قىزىرىپ - بوزىرىپ كېتىپتۇ، ئارستوتېل يىگىتنىڭ ئۇيېلىپ قىزارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ:

ــ ئوغلۇم، سەندە ئۇيېلىش ئىپادىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، نومۇس قىلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان كىشىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلق سېنى ماختاشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئەدەپلىك، خۇش پېئىل، تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلپەتچىلىك قىلىشىڭنىمۇ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىمەن، دەپ ئۈمىد قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

بېيىت:

ھېچ ئۆلتۈرمايلا يامانلارنىڭ سۆھبىتىدىن،
پاك بولساڭمۇ سېنى قىلۇر شۇئان ئىپلاس.

## مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈڭ

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۆتىۋەر بىر ئادەمنىڭ سۆھبىتىدە ئارستوتېلنىڭ پەزىلىتى ۋە دانىشمەنلىكى كۆپ تەرىپ ۋە تەۋسىپ قىلىنىپتۇ. ساھىبخان بىر كۈنى ئارستوتېلنى كۆرۈپ، سۆھبىتىدىن پايدىلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنى سۆھبەتكە كېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئارستوتېلنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى ئەۋەتىپتۇ. ئارستوتېل سۆھبەتخانىغا كېلىپ، سالام بېرىپ، مەجلىس ئەھلى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ساھىبخانغا تەزىم قىلىپ:

— سۆھبىتىڭىزگە دەۋەت قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. مىڭ يىل راھەت - پاراغەتتە ھايات كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ. ساھىبخان ئارستوتېلنىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ:

— سۆھبىتىمىزدىن تېخى بەھرىمەن بولماي تۇرۇپ، مۇمكىن بولمىغان سۆزلەرنى ئاغزىڭىزدىن چىقاردىڭىز. بىر ئادەمنىڭ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟! بۇنداق سۆزنى ئېيتىش سىزدەك ئالىم ۋە دانىشمەن كىشىگە مۇناسىپمىكەن؟ — دەپتىكەن، ئارستوتېل:

— ئىنساننىڭ ھاياتلىقى پەقەت جىسمىنىڭ باقىيلىقى بىلەنلا ئەمەس. ئادەمنىڭ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرمەسلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. لېكىن ئۆلگەندىن كېيىن قالغان ياخشى نام يەنە بىر ھاياتتۇر. سىزنىڭ ئالىيجاناب، مەرھەمەتلىك، شەپقەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى خەلق ئۇنتۇماي، نام - شەرىپىڭىزنى دائىما ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. نامىڭىزنى كۆڭلىدە ئەبەدىي ساقلايدۇ، دېگەن مەقسەتتە مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈڭ دېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئوتنىڭ ئىشى

ئىسكەندەر زامانىسىدا بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

ئۇنىڭغا كىم دۇچ كەلسە، شۇئان ھالاك بولىدىكەن. ئىسكەندەرنىڭ دانىشمەنلىرى بۇ بالا - قازانى يوقىتىۋېتىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ھېچ نەتىجە چىقماپتۇ.

بۇ بالانى يوقىتىش چارىسىنى ئارستوتېل تېپىپتۇ: ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىنتايىن چوڭ بىر ئەينەك تەييارلاپتۇ. ئۇ ئەينەكنىڭ ئارقىسىغا بىر - ئىككى كىشى يوشۇرۇنۇپ تۇرغىلى بولىدىكەن. ئاشۇ ئەينەك سىغقۇدەك يوغان بىر هارۋا هازىرلاپ، ئەينەكنى هارۋىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئارستوتېل ئەينەكنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ -

دە، ھارۋىنى ھېلىقى مەخلۇق تۇرىدىغان جايغا يېقىنىراق كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

مەخلۇق ئادەم تىنىقىنى ئېلىپ، ھارۋا تەرەپكە كېلىشكە باشلاپتۇ. ھارۋىغا يېقىن كەلگەن مەخلۇقنىڭ كۆزى ئەينەككە چۈشۈپ، ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپتۇ - دە، بىرلا يىقىلىپ تىن تارتمايلا ئۆلۈپتۇ. ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن ناھايىتى ھەيران بولۇپ، ئارستوتېلدىن بۇ ئىشنىڭ ھېكمىتىنى سورىغانىكەن، ئارستوتېل مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي، ئىسكەندەر! يەر ئاستىدا نەچچە يىل ياتقان بەتبۇي چىرىندىلەرنىڭ سېسىقچىلىقىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ مەخلۇقنىڭ كۆزىدە زەھەرلىك ئۇچقۇن بار ئىدى؛ كىمگە كۆزى چۈشسە، شۇ كىشى دەرھال ئۆلەتتى. مەن ئالدىغا ئەينەك ئېلىپ باردىم، ئۇنىڭ ئەكسى ئەينەككە چۈشتى، نەزىرى ئۆزىگە تېگىلدى. ئۆز نەزىرى بۇ ئەكس ۋاستىسى بىلەن ئۆزىگە قايتتى ۋە ئۆز نەزىرى بىلەن ئۆزى ھالاك بولدى.

ئىسكەندەر ئارستوتېلغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. «ئوت كۆيدۈرۈش ئۈچۈن بىرەر نەرسە تاپالمىسا، ئۆزىنى كۆيدۈرىدۇ»، خالاس.

## ئوغۇلغا نەسىھەت

ئارستوتېل ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، مۇنداق دېگەنىكەن:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭگە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا غەيرەت قىل؛ ئالىم، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بول؛ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئال. نادان، بېخىل، ھەسەتخور، ئىككى يۈزلىمە كىشىلەردىن ھەزەر قىل. ھەركىم يالغانچى ۋە ھىيلىگەر بولسا، ھىممەت ۋە مەرھەمەتتىن يىراقراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توغرىلىق ۋە توغرا سۆزلۈك — ئېسىل پەزىلەتلىك، يالغانچىلىق — ئەسكىلىكنىڭ ئانىسى.

نادان دوست پايدا يەتكۈزىمەن، دەپ زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ؛ بېخىل ئادەمدىن بىرەر نەرسە سوراپ ئابرۇيۇڭنى تۆكمە؛ كۆڭلىدە كىر ۋە ئاداۋەت ساقلىغان ئادەم پۇرسەت تاپقاندا سېنى خاراب قىلىدۇ؛ ئىككى يۈزلىمە، پاسىق كىشى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن سېنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ.

## ئىنساننىڭ پەزىلىتى

ئارستوتېل يەتمىش ياشقا تولغاندا بەرباب چېلىشنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ، بۇنى كۆرگەن شاگىرتلىرى:

— ئاپئاق ساقىلىڭىز بىلەن بەرباب مەشىق قىلىشتىن ئۇيالمامسىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئارستوتېل ئارقىدىنلا:

— كۆزى كور ئادەملەر بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىۋاتقان تۇرسا، مەن كۆزۈمنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرسام، شۇ چاغدا ئۇيات بولار ئىدى. ھەرقانداق ئىلىم ۋە ھۈنەردىن خەۋەردار بولۇش، ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈش يولىدا تارتىش مۇمكىن بولغان ھەممە ئەزىيەت ۋە مۇشەققەتلەرنى بىلىش ئىنساننىڭ پەزىلىتىدۇر. جاھىل، تەرسا كىشىلا بۇنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەيدۇ ۋە پايدىسىنى بىلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## سۆز سەنئىتى

ئارستوتېلدىن شاگىرتلىرى:

— قانداق قىلساق خاتىرجەم، راھەت ۋە تىنچ ھايات كەچۈرىمىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئارستوتېل:

— ھەرقاچان، ھەر قانداق كىشىگە سۆز قىلماي، سۈكۈت قىلىڭلار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاگىرتلىرى يەنە:

— دائىم سۈكۈت قىلىپ يۈرۈۋېرەمدۇق. بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ، ئاخىر؟ — دېگەنىكەن، ئارستوتېل مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ.

— سۈكۈت قىلالمىساڭلار، سۆزلەڭلار، لېكىن قىسقا ۋە مەنىلىك سۆزلەڭلار، ئاغزىڭلاردىن زادىلا ئورۇنسىز سۆزلەر چىقمىسۇن. مەنىسىز ۋە تېتىقسىز سۆز، ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار.

***بېيت:***

***ياخشى سۆزدىن كۆرسەن مېھىر - ۋاپا،***
***نامۇناسىپ سۆزلىسەڭ يەتكەي جاپا.***

## ئېھتىياتچانلىق ئەڭ مۇھىم

ئارستوتېل شاگىرتلىرىغا مۇنداق بىر ئەمەلىي مىسال بىلەن تەلىم بەرگەنىكەن:

— كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم بىر قۇدۇق ئىچىگە يىقىلىپ چۈشكەن بولسا، بەختسىزلىكتە ھەر ئىككىسى باراۋەر، لېكىن كورلۇقى سەۋەبلىك ئۇ ئادەمنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ كور بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ پالاكەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممە ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئېچىنىدۇ، ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ. لېكىن كۆزى ئوچۇق ئادەمنى ھەممەيلەن ئەيىبلەيدۇ. كۆزى ساق تۇرۇپ ئېھتىياتسىزلىقتىن قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام كۆزگە ئىگە بولغۇچىلار شۈكرى قىلىپ، ھەر قانداق ئىشتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشى لازىم.

# ئىنسان تەبىئىتى باھار گۈللىرىگە مايىل

ئۇ دەۋرانىنىڭ داراسى بولغان ئىسكەندەر ئارىستوتېلدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— ئەي پەلەك مۇشكۈللىرىنى ئاسان قىلغۇچى ئالىم، ئىنسان بارلىق جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىكتۇر. قاچانكى باھار مەۋسۇمى يېتىپ كەلسە، بارلىق ئادەملەر شاد - خۇراملىقتا چۆمىدۇ. كۆڭۈلنى قىش غۇنچىدەك قىلسا، باھار پەسلى گۈلدەك ئېچىلدۇرىدۇ. بۇ پەسىلدە مۇنچىۋالا خۇشاللىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ خۇشاللىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئارىستوتېل بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ ھەقتە ھۆكۈمالار ناھايىتى كۆپ گەپلەرنى قىلىشقان، بۇلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلىمىسەممۇ جانابىڭىزغا ئايان. ئادەمنىڭ تەبىئىتىنىڭ گۈلگە مايىل بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈڭ كەلسە، بايان قىلاي. ئالىملار مەۋجۇداتلارنىڭ تەبىئىتىنى تۆت قىسىمغا بۆلگەن، بۇلارنىڭ بىرى ئىسسىق، يەنە بىرى سوغۇق، بىرى ھۆل، يەنە بىرى قۇرۇق. بۇلار يەنە قۇرۇق ئىسسىق ۋە قۇرۇق سوغۇق قاتارلىق بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. تۆت پەسىلمۇ يۇقىرىقى تۆت خىل تەبىئەتكە ماسلاشقاندۇر. باھار پەسلىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ ھاياتلىق تەبىئىتىدۇر. شۇڭا، بارلىق مەۋجۇداتلار باھارنى تىلەيدۇ. قالغان ئۈچ پەسىلنىڭ تەبىئىتى ئۈچ خىل سۈپەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەم دېيىشىدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەبىئەتنىڭ روھىيەتكە زىيىنى بار. شۇڭا باھار پەسلى ھەممە پەسىلدىن يېقىملىق، ھەممە كىشى باھارغا ھېرىسمەن، بارچە خالايىق ئاشۇ گۈل پەسلى بولغان باھارغا مايىل. باھار پەسلى ھاياتلىقنى ياشنىتىدىغان بولغاچقا، ھەممە جانلىق ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا تەلپۈنىدۇ.

# ھەدىيە بايانى

بىر باي ئارىستوتېلغا:

— مەن سىزگە يۈز تىللا ھەدىيە قىلماقچىمەن، سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — دېگەنىكەن، ئارىستوتېل:

— ھەدىيە قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى، ھەدىيە قىلمىساڭ، مەن ئۈچۈن ياخشى. چۈنكى، ماڭا پۇل ھەدىيە قىلغاندىن كېيىن، ھەر قەيەردە كىشىلەرگە: «مەن ئارىستوتېلغا يۈز تىللا ھەدىيە قىلدىم» دەپ ماختىنىپ، مىننەت قىلىپ يۈرىسەن. ھېچنەرسە بەرمىسەڭ، مىننەت قىلىپ يۈرۈشۈڭدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن، — دەپتۇ.

بېيت:

*كۆتمە دەردىڭگە داۋا پەسكەش، بېخىل كىشىلەردىن،*
*كىم چايان نىشى بىلەن تىكەن ئالغاي ئاياغلاردىن؟*

## ئادالەتنىڭ پايدىسى

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن:

— ئەي دانىشمەن ھېكىم، پادىشاھ بولغان كىشى ئۈچۈن ئادىل بولۇش جەزمەن زۆرۈر ئىكەن، ئۇنداقتا ئادالەتنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سورىدى.

ئارستوتېل بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەگەر پادىشاھ ئادالەتنى كەسىپ قىلسا، ئۇنىڭغا جىمى جاھان تەۋە بولىدۇ. پۈتۈن ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئادالەت سەۋەبىدىن پادىشاھلارنىڭ مەملىكىتى ئاۋاتلىشىدۇ، بېيىپ، گۈللىنىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ دۆلەت خەزىنىلىرى بايلىق بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. لەشكىرىي ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق تەرتىپكە چۈشىدۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىمۇ خۇشال ۋە روھلۇق بولىدۇ. بۇنداق پادىشاھ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىدىن چوقۇم غالىب كېلىدۇ. ئۇ قاچانكى بىر دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كەلسە، دۈشمەن مەملىكەت بىلەن ئۆز مەملىكىتىنىڭ كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ زور بىر كۈچكە ئىگە بولىدۇ - دە، يەنە بىر دۈشمىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. ئۇنداق پادىشاھنىڭ يۆقرالىرى بولسا ئۇنىڭغا غەلىبە - نۇسرەت تىلەپ، مەدەت بېرىدۇ، ھەمدەمدە بولىدۇ. يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئادىل پادىشاھنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ پۇقرالىرى ۋە لەشكەرلىرىمۇ قوللايدۇ؛ پۇقرالىرى ئادىل شاھنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن كېچىلىرى دۇئاغا قول ئاچىدۇ. لەشكەرلىرى بولسا، ئەپ تاپسىلا ئادىل شاھ تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز ئادىللىقى بىلەن ئاشۇنداق يول تاپسا، ئۇنىڭ جاھانغا ھۆكۈمران بولمىقى ئاساندۇر. ئادالەتنىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، ئەگەر بىرى ئادالەت تارازىسىنى راست تۇتسا، خەيرلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئەل بېشىدىكى مۈشكۈلچىلىكلەرنى يوق قىلسا، ئاۋام خەلقنى مېھنەت - مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتۈرسە، پۈتكۈل ئالەم خەلقى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولىدۇ. ئۇنىڭغا ياخشىلىق دۇئا قىلىدۇ. ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت ئۇنداق پادىشاھقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

## ئەپۇ قايسى چاغدا ياخشى

بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن مۇنداق دەپ سوئال سورىدى:

— ئەپۇ قايسى چاغدا ياخشىدۇ؟

— دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، — دېدى ئارستوتېل جاۋابەن، — قولغا چۈشۈرگەندە جازالاشتىن قول يىغساڭ، مانا بۇ زەپەر تاپمىقىڭنىڭ شۈكرىسىدۇر.

## مەقسەت مەنزىلىگە يېتىشنىڭ يولى

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن:

— مەقسەت مەنزىلىگە تېز يەتكىلى بولىدىغان يول قايسى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— خالايىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش كېرەك، — دېدى ئۇ دانىشمەن ئالىم جاۋاب بېرىپ، — يوقلۇق كوچىسىغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى يوق قىلىش لازىم. باي ۋە كۈچ قۇدرەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا خەير - ساخاۋەت ئۇلارنىڭ مەقسەت مەنزىلگە يېتىشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق يول ۋە ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇلدۇر. ھەر قانداق ياخشى ئىشلارنىڭ كىشىنى بەرىبىر مەقسەت مەنزىلىگە يەتكۈزىدىغانلىقى ئېنىق، بىراق خەير - ساخاۋەت ئەھلىنىڭ بۇ مەنزىلگە تېخىمۇ تېز يېتىپ بېرىش ئېھتىمالى بار. ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان كىشىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىدىن ئۈمىد كۆپرەك. بايلارنىڭ ساخاۋەت ئىشلىرى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتتىن خالىي ئەمەس: بىرى، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ساخاۋەت، يەنە بىرى، خالىسانە قىلىنغان ساخاۋەت. ئەگەر كىشى مەنمەنلىك ئۈچۈن ساخاۋەت قىلسا، بۇ ساخاۋەت قىلغانلىق بولمايدۇ. مەقسەت مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يوقلۇق مۇساپىسىنى بېسىش كېرەك. كىشى مەقسەت يولىدا ئۆزلۈكىنى يوق قىلغاندىلا، ئاندىن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. شەخسىيەت مەقسەت يولىدىكى قاراقچىدۇر. كىشى ئەگەر مەنزىلگە ئامان - ئېسەن يېتەي دېسە، قاراقچىدىن ھوشيار بولمىقى لازىمدۇر. ھەققە يەتمەكچى بولغان كىشى چوقۇم ئۆزلۈكىنى يوق قىلىش، بەلكىم ھەقتىن باشقىسىنى يوق بىلىش لازىم. چۈنكى كىشى شاھ بەزمىسىگە كىرمەكچى بولسا، چوقۇم قاراقچىدىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم. قاراقچى بىلەن ھەمكارلاشقان كىشى قانداقمۇ شاھ دەرگاھىغا داخىل بولالىسۇن، مەقسەت يولىدا ئۆزىنىڭ بار - يوقىنى، بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سەرپ ئەتكەن، جان ۋە جىسمى بىلەن مەقسەتكە بېرىلگەن، شۇ ئارقىلىق مەقسەت بىلەن بىر جان بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلانغان كىشىنىڭ تىلىكى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. بۇ ناھايىتى بۈيۈك مەرتىۋىدۇر. بۇ مەرتىۋىگە يەتكەن كىشىنىڭ ئىشى پۈتكەندە ھېساب.①

① «بۇلاق» 1992 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى

# ئىناقسىزلىق ھەممە مىللەتتە چەكلىنىدۇ

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن:

— ھەر قانداق ئىشتا ئىككى ئادەم ياكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇشى ياخشى ئەھۋال ئەمەس، ئۇنى ئەقىل - ئىدراك راۋا كۆرمەيدۇ. بىراق ئۆچمەنلىك قىلىش رۇس ئىش سانىلىدىغان، ئۆچمەنلىك قىلمىسا زىيىنى بولىدىغان ئىشلارمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ناھايىتى مۇشكۇل بىر سوئال بولدى، — دېدى ئۇ دانىشمەن ھېكىم جاۋاب بېرىپ، — ئاقىل كىشىلەر بەزى زىددىيەتنى رەت قىلسا، بەزى زىددىيەتنى توغرا تاپىدۇ. بىراق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئالەم ئەھلىگە زىيان يېتىشى مۇمكىن دەپ قارالسا ياكى ھەقىقەتەن زىيان يەتكىلى باشلىغان بولسا، يەنە بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇ كىشىنى بۇ زىيانلىق ئىشتىن توختىتىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، ياخشى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى توسقانغا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا قاتتىق - يىرىك سۆز بىلەن تەنبىھ بېرىپ، ئۇ ئىشتىن توختىتىش كېرەك. ئەگەر بۇ چارىمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇ چاغدا رەسمىي قارشى تۇرۇپ، ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن تىنچلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق بۇنداق قىلغاندا ياكى پايدىسى كۆرۈلۈشى ياكى زىيان كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، مۇنۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك: ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي ئېلىشىشتىن بۇرۇن، تەييارلىق ئىشنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. ئۆزىنى قارشى تەرەپ بىلەن ئوبدان سېلىشتۇرۇپ دەڭسەپ بېقىش كېرەك. ئەگەر ئۆزى ئۇنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان دەرىجىدە بولسا، ئۇ ھالدا بېلىنى چىڭ باغلاپ، قارىمۇقارشىلىق مەيدانىغا چىقسۇن. ئەگەر ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ قارشى تەرەپتىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىشنى بەك چوڭايتمىسۇن، ئىشنى ھەللىسىدىرەك بولدى قىلسۇن، غەلۋە - غوۋغانى ئازراق قىلسۇن. مۇبادا قارشى تەرەپنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئۆزىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشسە، غالىبىيەتنىڭ قارشى تەرەپكە مەنسۇپ بولۇش ئېھتىمالى چوڭراق بولسا، ئۇ ھالدا قارشى تەرەپكە سىلىق ۋە يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن نەسىھەت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنسۇن. ئۇنداق قىلمىغاندا قارشى تەرەپنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە ئاداۋىتىنى كۈچەيتىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن نەسىھەت قىلغۇچى تەرەپكە بالا - قازا يۈزلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، باشقىلارغا قارشى ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، بۇ تەرەپلەرگە ئوبدان دىققەت قىلىش، ھەر قانداق ئىشقا ئەقىل - پاراسەت بىلەن كۆزىتىپ، باش - ئاخىرىنى ئويلاپ قەدەم بېسىش كېرەك. ئادەمگە ئەقىل يولباشچى بولسىلا، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن زىيان - زەخمەت ئازراق كۆرۈلىدۇ.

# ئەقىل - ئىدراك يولباشچى

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي دانىشمەن ھېكىم، ھەر قانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭ خۇي - پەيلىدىن پايدا ياكى زىيان يېتىدۇ. ئەقىل - ئىدراك بىلەن بىر ئىشقا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆزەتسەڭ، تەمە قىلىش خارلىقنىڭ سەۋەبىدۇر؛ قانائەت قىلىش ئىززەت ۋە شاراپەت تېپىشنىڭ نىشانىسىدۇر. شاھلارمۇ ئۆز ئىشلىرىنىڭ توغرا، ساغلام بولۇشىغا دىققەت قىلسا، مۇشۇ ئارقىلىق ئەلنى رازى قىلىپ، دۇئاسىنى ئالسا، ئەلۋەتتە مۇرادىغا يېتىدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ نىجاتلىقىنى ئەلنىڭ رىزالىقى ۋە دۇئاسىدىن تاپىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى تاشلاپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئەلگە جەبىر - زۇلۇملارنى سالىدۇ؟ ئۆزىنىڭ شانۇ شەۋكىتى ۋە شاھلىق سەلتەنىتىگە شىكەستە يەتكۈزىدىغان ۋە ئۆزلىرىگە ۋە مەغلۇبىيەت، خارۇ زارلىق ئېلىپ كېلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن قىلىدۇ؟

ئۇ دانا پەيلاسوپ ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ مەسىلىگە ناھايىتە نازۇك مەنىلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئىلىم - ھېكمەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاسلىرى بۇنىڭغا نەچچە خىل جاۋاب بېرىدۇ. بەزى كىشىلەر ئەقىل - ئىدراكنى ئۆزىگە يولباشچى قىلىپ، ياخشى ئىشلار بىلەن يامان قىلىقلارنى پەرق ئېتىپ، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا نىيەت باغلايدۇ ۋە بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مەنپەئەت تاپىدۇ، ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز ۋە ئۇلۇغۋار مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلىش نەپسانىيەتكە ناھايىتى قىيىن كېلىدۇ. چۈنكى، پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ نەپسانىيىتى ئاسان ۋە راھەت ئىشقا خۇشتار كېلىدۇ. كىشى ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ مۇرادىنىلا ھاسىل قىلسا، چوقۇم باشقىلارغا زىيان سېلىپ، ئۇلارنى مۇراد ۋە مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەردە شۇنداق خۇسۇسىيەت باركى، ئۇلار پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى كۆرسە يامان دەپ قارىمايدۇ. لېكىن ئۇنى قىلىشنى خالىمايدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىش تەبىئىتىگە خۇشياقمايدۇ. نەتىجىدە يامان ئىشلارغا مايىل بولۇپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ بەخت - تەلىيى يار بېرىپ، ياخشى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ خاسىيىتىنى بىلىپ ئىش باشلىغاچقا مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: بىر كاتىپ بىرەر كىتابنى كۆچۈرۈپ چىقماقچى بولغان بولسا، ئۇ كاتىپ گەرچە ناھايىتى نەپىس خەتتات بولۇپ يۈزلەرچە ئىقبالغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ بۇ مەزگىلدە ئەتارىدا[1] يامان ئەھۋالدا بولسا، ئۇ كاتىپ كىتابقا ھەر قانچە تىرىشچانلىق

[1] ئەتارىد – ئاتارۇد (مىركۇرىي) سەييارىس. رىۋايەتلەردە بۇ يۇلتۇز يازغۇچىلارنىڭ ھامىيسى دەپ قارىلىدۇ.

كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ تاماملىيالمايدۇ. ئالىملار ياخشى – يامان ئىشلارنى يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل ئامىلغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ، بىراق ھەقىقەت ئىگىلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مەيلى بولسۇن، ئەزەلدە ئېرىشكەن قىسمەتنى قانچە پىكىر ۋە تەدبىر قىلغان بىلەن ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ خاھىشى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. بىر كىشى ئەگەر تەدبىر بىلەن بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسا ئۇنىڭ تەدبىرى تەقدىرگە ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. تەقدىر بىلەن تەدبىرنىڭ ماس كېلىشىنى ھەقىقەت ئەھلى «تەۋپىق (مۇۋەپپەقىيەت) تاپقانلىقى» دەپ قارايدۇ. ئەي بۈيۈك پادىشاھ، بۇ دەۋردە سەن مۇۋەپپەقىيەت تاپقۇچىسەن. بۇ مۇۋەپپەقىيىتىڭ تېخىمۇ زىيادە بولسۇن.

## ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ۋىسالنى ياقتۇرىدۇ

ئىسكەندەر دانىشمەن ئارستوتېلدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي ھېكىم، جەمئىيەت غوۋغاسىغا ئارىلىشىشنى دانا كىشىلەر ئانچە ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەب دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئەقىل ئەلدىن يىراقراق تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەقىل ـ ئىدراك ھىجرانغا مايىل بولىدۇ. بىراق نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ۋىسالنى بەك ياقتۇرىدۇ؟

ئارستوتېل چوڭقۇر ئويلىغاندىن كېيىن ئىسكەندەرگە مۇنداق ھېكمەتلەرنى بايان قىلدى:

— ئەقىل گەرچە جامائەتكە ئارىلىششنى مەنئى قىلسىمۇ، لېكىن ئىشق ساھەسىدە ئەقىلنىڭ ھۆكمى ئۆتمەيدۇ، چۈنكى ئەقىل ئىشقنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئىشق مۇھەببەت قايسى ئىشنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئۇنىڭغا ئەقىل - ئىدراك توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. توسقۇنلۇق قىلغان تەقدىردىمۇ پايدىسى بولمايدۇ. خالايىققا ھەممە ئىشتا ئەقىل - ئىدراك شۇ قەدەر يولباشچى بولىدۇ. ئەمما ئۇلارغا ئىشق - مۇھەببەت غوۋغاسى چۈشسە، ئەقىل قوشۇنى ئىشق لەشكەرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا پايمال بولىدۇ. ئىشق بارچە ئىشتا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئايانكى، ئىنسانغا جاندىن ئەزىزدەك نەرسە يوقتۇر. لېكىن ئىشق ساھەسىدە بولسا ئاشىقلار جانانىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇقراق ئەزىز بىلىدۇ. گەرچە جاندىن ئايرىلىش ئۆلۈمگە ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن جانانىدىن ئايرىلىش ئۆلۈمدىنمۇ يامانراق ئازابتۇر. بەدەن جاندىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ كىشىنىڭ جىسمى ۋە تەبىئىتىگە ناھايىتى كۆپ مۇشەققەتلەر يۈزلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۆز ھاياتىنى، جېنىنى شۇ قەدەر سۆيىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئادەت بويىچە بىر كىشى يەنە بىراۋنى ئۆز جېنى ۋە جىسمىدىنمۇ ئارتۇقراق سۆيسە ۋە ئەزىز بىلسە، ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە بولۇشنى ئىستىشى تەبىئىي.

ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىرراق ئازاب دەپ بىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

## كىشى ئۆز ۋەتىنىدە مۇرادقا يېتىدۇ

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— قەيەردە راھەت - پاراغەتلىك، گۈزەل قەسىر - ئايۋانلار بولسا كىشىنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭغا مايىل بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق تەپەككۇر قىلىپ كۆزىتىپ باقسام ئادەملەرنىڭ بۇنىڭغا خۇشى يوقكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىندانىدەك ۋەيرانە كۇلبىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى شاھ قەسىرىدىن، ھەتتا جەننەت بېغىدىنمۇ ئەلا بىلىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتىنى بايان قىلىڭ باقساڭ.

ئارستوتېل بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— دانالار بۇ ھەقتە خىلمۇخىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىدۇ. لېكىن ئەڭ ئۆتكۈر ۋە نازۇك پىكىرلىك ھۆكۈمالار بۇ ھەقتە مۇنداق ئورتاق تونۇشقان كەلگەن: «ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى بىر نەرسىگە ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئېرىششنى ئىستەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان خۇشال بولىدۇ. گادايلار ئۆزى ئادەتلىنىپ قالغان ۋەيرانە بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. شاھلار بولسا قەسىر - ئايۋانلارغا مايىل كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ھەر قانداق كىشىنىڭ تەبىئىتى بىر نەرسىنى ئادەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەت كۆپەيگەنسېرى ۋە كونارغانسېرى ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ كۆڭلى، مىجەزى ۋە تەبىئىتى دەل ئۆز تەبىئىتىگە تارتىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇ كىشىنىڭ ئىختىيارى ئەمەس، شۇڭا، بىر ئورۇنغا ئادەتلىنىپ قالغان كىشى ئۇ يەردىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ يەرگە قانچە كۆنۈپ قالغان بولسا، شۇنچە ئىچىكىپ كېتىدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. ئۇنىڭغا ئۆز تەبىئىتىنىڭ مايىللىقىدىن ئۆزگە چارە يوق».

## ئىنساننىڭ ئەسلىي مەقسىتى

ئىسكەندەر ئارستوتېلدىن:

— ئىنسان پۈتكۈل مەخلۇقاتلاردىن شەرەپلىك ۋە ئەلادۇر. چۈنكى ئۇنىڭ زاتى ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغاندۇر. بىراق بۇ نۇردىن ئىنساننىڭ كۆزى روشەنلەشمىگەن بولغاچقا، ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى خەزىنىلەرنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنى بىلمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ماھىيەت جەھەتتە ئىنسانلار يەنىلا باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىنسان ئەگەر ئىزدىنىدىغان بولسا، ھەر قانداق نەرسىنىڭ تېگى، ماھىيىتىگە

يېتەلەيدۇ، — دېدى ئارستوتېل جاۋاب بېرىپ، — شۇڭا ئۇ باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك. ئەمما باشقا ھايۋانلار بۇنداق سۈپەتلەردىن خالىيدۇر. بىز ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان سىرلار پۈتكۈل جاھان ئەھلىنىڭ بىلەلەيدىغىنىدىنمۇ كۆپرەكتۇر، بىراق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەققىدە بىلەلىگىنىنى بىلىدۇ، بىلەلمىگىنىنى توغرىسىدا ئارتۇقچە ئىزدەنمەيدۇ. ئىنسانلار گەرچە ئۆزىنى ئوبدان بىلمىسىمۇ، لېكىن تاشقى دۇنيا ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىنى بىلىمىمۇ ئۇلارنى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. تەلەپكارلىق رەنج مۇشەققىتى ۋە ئېرىشەلمەسلىك شىددىتى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئەزىز ۋە شەۋكەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولغان. چۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ-ئىستەكلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرى تېپىلغۇسىز گۆھەردۇر.

## دۇنيادىكى ئەڭ خەيرلىك ۋە ئاسان ئىش

بىر كۈنى، ئارستوتېلدىن بىر شاگىرتى:
— دۇنيادا ئەڭ خەيرلىك ئىش نېمە؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئارستوتېل:
— توغرا سۆزلەپ، توغرا ئىشلەپ ۋاپات بولۇش يالغانچىلىق قىلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەندىن كۆپ خەيرلىكتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
ئارستوتېلدىن شاگىرتلىرى يەنە:
— ئەڭ ئاسان ئىش نېمە؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئارستوتېل:
— ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئېرىشىش ناھايىتى قىيىن، ئەمما خەسىسلىك، پەسكەشلىككە چۈشۈش ناھايىتى ئاساندۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## شائىر سۆزى يالغاندۇر

رىۋايەت قىلىنىشىچە، نوشىرۋان ئادىل شائىرلارنى ھۇزۇرىغا يىغىپ مۇنداق دەپتۇ:
— بۇ نېمىدېگەن ئۇياتسىزلىق، سىلەر نېمىشقا مەندەك ئادىل شاھ دەۋرىدە يالغان شېئىر يازىسىلەر؟ ئاشىقنىڭ ئاھۇپىغانى سەھراغا ئوت قويارمىش، جانانىنىڭ كىرپىكى ئوق بولۇپ، ئاشىق يىگىتنىڭ كۆكسىگە سانجىلارمىش. بۇ سۆزگە كىم ئىشىنىدۇ؟ قىسقىسى، بۈگۈندىن باشلاپ كىم مۇشۇنداق يالغان شېئىر يازسا، كاللىسىنى ئالىمەن، مۈلكىنى ۋەيران قىلىمەن.
شۇ پەرماندىن كېيىن ئۇزۇن يىللارغىچە ھېچكىم شېئىر يازماپتۇ. ئاخىر بىر شائىر مۇنداق شېئىر يېزىپتۇ:

تالڭ ئاتسا يۇلتۇزلار ئۆچەر ئاسماندا،
خورازلار چىللىشار مازاندارلاندا.
خەلەپتە كەچقۇرۇن قۇياش پاتىدۇ،
كېچىسى ئادەملەر ئۇخلاپ ياتىدۇ.

نۇشىرۋان ئادىل ھېچبىر يالغىنى بولمىغان، باشتىن - ئاخىرىغىچە ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۇرگەن بۇ شېئىرنى ئوقۇپ، مۇرىسىنى قىسىپ، بېشىنى تاتىلاپ ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن، «شائىرلار ئۆزىنىڭ شۇ يالغىنىنى يېزىۋەرسۇن» دەپ قايتا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. «شائىر سۆزى يالغاندۇر» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## نوشىرۋان بىلەن ۋەزىر

نۇشىرۋان ئادىلدىن ۋەزىرى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى سورىدى. نۇشىرۋان ئادىل جاۋاب بەردى.

سوئال: كىشى ھاياتتا تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەك؟

جاۋاب: كۆڭۈلنى خۇش تۇتۇش، ھېچكىمگە دىل ئازار قىلماسلىق يولى بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

سوئال: ئۆمۈرنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئىلىم ھاسىل قىلىشقا سەرپ قىلىش لازىم.

سوئال: ئىلىم - بىلىمنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىلىم ئالغۇچى ئەگەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىناۋەتسىز كىشى بولسا، ئىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئۇ كىشى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ قالىدۇ. ئىلىم ئالغۇچى ئەگەر كەمبەغەل بولسا، ئىلىم ئارقىلىق باي بولىدۇ.

سوئال: توغرا يولنى قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىلىمنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن تونۇۋالغىلى بولىدۇ.

سوئال: توغرا يولنىڭ بەلگىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاچ كۆز نەپسى ئۇستىدىن غالىب كېلىش.

سوئال: نەپسىنى مەغلۇپ قىلىدىغان چارە - تەدبىر قايسى؟

جاۋاب: ئۇنىڭ خاھىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە رايىغا بارماسلىق.

سوئال: ئىززەت - ھۆرمەتنى ساقلايدىغان ئاساسىي خىسلەت نېمە؟

جاۋاب: كەم سۆزلۈك.

سوئال: ياخشىلىقنى ئالدى بىلەن كىمگە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئاتا - ئانىغا.

سوئال: يامانلىق قىلىشتا نېمىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك؟
جاۋاب: ئۆز نەپسىنى.
سوئال: بەخت - سائادەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى قانداق بولىدۇ؟
جاۋاب: بىرىنچى، ئىلىم ھاسىل قىلىش يولىدا ماڭىدۇ؛ ئىككىنچى، كەڭ قورساق بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئوچۇق چىراي ۋە خۇشخۇي كېلىدۇ.
سوئال: دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئىش قايسىدۇر؟
جاۋاب: ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشتۇر.
سوئال: مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئالامىتى نېمە؟
جاۋاب: كىشىلەرگە ئازار قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىش، كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىگە تىلەكداشلىق قىلىش، دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەسلىك.
سوئال: خورلۇقتىن قول ئۈزۈشنىڭ چارىسى نېمە؟
جاۋاب: ئۆزىنى ھەممىدىن تۆۋەن تۇتۇش.
سوئال: كىشىلىك ھاياتتا قانداق قىلغاندا خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟
جاۋاب: دوستلارغا مېھرىبان ۋە ئەستايىدىل بولۇش، باشقىلارغا قارىتا چېقىشقاقلىق يولىنى تۇتۇش — كىشىلەرنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدۇ.
سوئال: بۇ دۇنيادا قانداق ئىش ھاياتلىقتىن ياخشى ۋە ئۆلۈمدىن يامان ھېسابلىنىدۇ؟
جاۋاب: ھاياتلىقتا ئەڭ ئەۋزەلى ياخشى نام قالدۇرۇش؛ ئۆلۈمدىنمۇ يامىنى ئەسكى نام قالدۇرۇشتۇر.
سوئال: دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرى ئىچىدە قانداق نەرسە ئەڭ ياخشىدۇر؟
جاۋاب: ياخشى تەربىيەلەنگەن بالا؛ ھالال مېھنەتتىن قولغا كەلگەن بايلىق ۋە مەرتىۋە؛ خۇشخۇي ۋە ئەخلاقلىق ئايالدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك نەرسە — دۇنيا پاراغەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.
سوئال: گۇناھكارنىڭ داۋاسى نېمە؟
جاۋاب: گۇناھىغا تۆۋا قىلىشتۇر.
سوئال: دۆلەتمەن كىشىلەرگە نىسبەتەن قانداق ئىبادەتلەر لايىقتۇر؟
جاۋاب: ئۇلار ئۈچۈن موھتاجلارغا ياردەم بېرىش؛ مېھمانلارغا كىچىك پېئىل ۋە كەمتەرلىك بىلەن خىزمەت قىلىش ئەڭ ياخشى ئىبادەتتۇر.
سوئال: ئۇيقۇ ياخشىمۇ ياكى ئويغاقلىقمۇ؟
جاۋاب: زالىمغا ئۇيقۇ، ئادىلغا ئويغاقلىق ياخشى.
سوئال: تېۋىپ قانداق كېسەلنى داۋالاشقا ئاجىز كېلىدۇ؟
جاۋاب: ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈك كېسىلىنى.

## چېقىمچىنىڭ ئاقىۋىتى

نۇشىرۋاننىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىشىنى يامانلاپتۇ. نۇشىرۋان ئۇ چېقىمچىغا:

— ئۇ كىشى ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭنى ئەتراپلىق تەكشۈرىمەن. ئەگەر راست سۆزلىگەن بولساڭ، سېنى تەقدىرلەيمەن، چېقىمچىلىق قىلىپ يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، سەندىن نەپرەتلىنىمەن، سېنى دۈشمىنىم دەپ بىلىمەن ۋە ساڭا جازا بېرىمەن، چېقىمچىلىق قىلغان بولساڭ، توۋا قىل، كەچۈرىمەن، — دەپتۇ.

خىزمەتچى چېقىمچىلىق قىلغانلىقىغا توۋا قىپتۇ. نۇشىرۋان ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپتۇ.

## شاھلىقنى ساقلاش

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەردەشىر نۇشىرۋان ئادىل ئۆزىنى: «ئاغرىق!» دەپ ئېلان قىپتۇ. كېيىن ئۇ خىزمەتچىلىرىگە: — پۈتۈن مەملىكەتنى ئىستەپ، بىر كونا خىش تېپىپ كېلىڭلار! خىش قانچە كونا بولسا، شۇنچە ياخشى. مەن ئۇنى كېسەللىمنى داۋالاشقا ئىشلىتىمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى ئاختۇرۇپ كونا خىش تاپالماي، قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشىپتۇ. ئۇلار شۇ ھالدا نوشىرۋاننىڭ ئالدىغا كىرىپ: — ئەي شەھرىيار ئالەم! بىز مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاختۇردۇق. لېكىن كونا خىش چىققۇدەك خاراب بولغان بىرەر جاي بولمىغاچقا، بىرەر كونا خىش تاپالمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىلىشىپتۇ.

نوشىرۋان ئادىل خىزمەتچىلىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: — شۈكرى! مەملىكەت تىنچ، ئاھالە خاتىرجەم ئىكەن. مېنىڭ كونا خىش لازىم دەپ ئۇنى ئىزلىتىشىمدىكى مەقسەت، مەملىكەت ئىچىدە خاراب بولغان جاي بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ، قايتىدىن ئاۋات قىلىش ئىدى. سۆزۈڭلارغا قارىغاندا، خارابىنىڭ يوقلۇقى مەملىكەتنىڭ تىنچلىقىنى، ھېلىمۇ ئادالەتنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، — دەپ خۇش بوپتۇ.

— ئەي بەختلىك شاھ! سەن شۇنى بىلگىنكى، قەدىمكى زاماندىكى پادىشاھ ۋە مەملىكەت ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ھىممەتلىرىدىن بىرى يۇرتىنى ئاۋات، ئاھالىنى خاتىرجەم ۋە تۇرمۇشىنى پاراۋان، توق قىلىشتا كۆرۈنەتتى. ھەر قانداق يۇرت ئاۋات بولسا، ئۇ يەردە پۇقرا باي ۋە ئالىم، دانىشمەنلەر كۆپ بولىدۇ. ئۆلىمالار شۇنداق دېگەن: «ئەل ئادالەتلىك پادىشاھ بىلەن روناق تاپىدۇ؛ پادىشاھ قوشۇن ۋە ياخشى ئەمەلدارلىرى بىلەن، پۇقرا مال - مۈلۈك، خاتىرجەملىك، ئاۋاتلىق، توقلۇق، مەمۇرچىلىق بىلەن

راۋاج تاپىدۇ».

ئەي پادىشاھ، قەدىمكى زاماندىكى شاھلار، خاقانلاردىن بەزىلىرى خەلققە زۇلۇم قىلمايتتى، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىنىمۇ قاتتىق تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىدە، خەلققە زۇلۇم قىلغانلىرى بولسا، ئۇنى دەرھال جازالايتتى. چۈنكى زۇلۇم – ستەم، ئازاب – ئوقۇبەتتىن مەملىكەتنىڭ تېز خاراب، ئاھالىنىڭ خانىۋەيران بولىدىغانلىقىنى، خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى. قۇرۇق قول زورلۇق – زومبۇلۇق بىلەن شاھلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇلار ھەممىدىن ياخشى چۈشىنەتتى.

## ياخشىلىقنىڭ سىرى

بىر كۈنى نۇشىرۋان پادىشاھ تەختتە داد سوراپ ئولتۇرغانىدى. تۇيۇقسىزلا تەخت ئاستىدىن بىر چوڭ يىلان چىقتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ئەمما پادىشاھ نوشىرۋان ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇق قىلىپ:

— ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇنىڭ دادى بار، — دېدى. يىلان ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. پادىشاھ:

— ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىڭلار، — دېدى

خالايىق يىلاننىڭ ئىزىدىن ماڭغانىدى، يىلان بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. ئاندىن يەنە مىدىرلاپ قۇدۇق ئىچىگە كىرىپ قايتىپ چىقتى. خالايىق قۇدۇققا بېرىپ قارىسا، قۇدۇق ئاستىدا بىر ئۆلۈك يىلاننىڭ دۈمبىسىدە يوغان بىر سېرىقئېيشەك ياتقان. خالايىق ئۇزۇن بىر تال تۆمۈر زىخچە ياساپ، سېرىقئېيشەكنى سانجىپ ئالدى – دە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى ھەمدە ۋەقەنى پادىشاھقا سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ بىلدىكى، ئۆلۈك يىلان ئۇ يىلاننىڭ جۈپتى بولۇپ، ئۇنى سېرىقئېيشەك چېقىپ ئۆلتۈرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ يىلان ئالدىغا دادغا كەلگەنىكەن. پادىشاھ نۇشىرۋان سېرىقئېيشەككە جازا بەردى.

يەنە بىر كۈنى نۇشىرۋان شۇ ھالەتتە داد سوراپ ئولتۇرغانىدى. ھېلىقى يىلان ئوردىغا يەنە كىردى ۋە تەخت ئالدىغا كېلىپ ئاغزىدىن ئۇششاق قارا ئۇرۇقلارنى تاشلىدى. نۇشىرۋان ئۇرۇقلارنى تېرىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇ ئۇرۇقلارنى ئېلىپ بىلدىكى، يىلان بۇ ئۇرۇقلارنى پادىشاھنىڭ ساقايمىغان زۇكام ۋە مېڭە ئاغرىقى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنىكەن. نۇشىرۋان ئۇرۇقلارنى يېگەنىدى، ساقايدى.

دەرھەقىقەت، كىمكى بىرىگە ياخشىلىق قىلسا، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ياخشىلىق قايتار. خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك:

كىشى چاتقال ئەكسە ئاچچىق تاپار،
ۋەلې نەيشەكەر ئەكسە شېكەر تاپار.

## لايىق جاۋاب

ھىندىستان پادىشاھى نۇشىرۋانغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «پۈتۈن پارس زېمىنىنى بېسىۋالىمەن» دەپ كۆرەڭلەپ، پادىشاھ نوشىرۋاننى قورقۇتماقچى بوپتۇ. نوشىرۋان بۇنى ئاڭلاپ: «بۇ ئەسەبىي سۆزگە قارىتا ئاقىلانە جاۋاب بەرمەك لازىم» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ھىندىلىق ئەلچىنى چاقىرتىپ، قولىغا بىر تال كەبىرنى ئېلىپ:

— دۆلىتىڭىزلاردا بۇ گىياھتىن بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار، خارابىلىكتە بولىدىغان بۇنداق گىياھ دېگەن ئېلىمىزدە تولا گەپ، — دەپتۇ ئەلچى.

ئەمىسە، پادىشاھىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭكى، پادىشاھىڭىز ئالدى بىلەن ئۆز مەملىكىتىنى ئاۋات قىلىپ، ئاندىن باشقىلارنىڭ مەملىكىتىگە قەست قىلسۇن، يەنە شۇنى بىلسۇنكى، ئەگەر مەملىكىتىنىڭ قايسىبىر يېرىدىن بۇ گىياھنى تېپىۋالىدىغان بولسام، شۇ يەرنىڭ ھاكىمىغا قاتتىق جازا بېرىمەن، — دەپ ئەلچىنى قايتۇرۇپتۇ.

## نۇشىرۋاننىڭ ۋەسىيەت - نەسىھەتلىرى

نۇشىرۋان پادىشاھ ئۆز ۋەسىيىتىدە شۇنداق دېگەن: «كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، كېچە - كۈندۈز بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارىدۇ. ئادەم بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەندە، خاپا بولۇپ كۆڭۈلسىز بولمىغاي. يەنى شادلىق كېتىپ قايغۇ كەلسە، قايغۇ كېتىپ شادلىق كەلسە، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلما. ھۇنەرسىز (پەزىلەتسىز، بىلىمسىز) ئادەمنى دوست تۇتما. بۇنداق كىشى دوستلۇققا ۋە دۈشمەنلىككە يارىماس. ھەر قاچان بىر ئىشنى بىر قېتىم ئىشلەپ سەسكەنسەڭ، ئۇ ئىشنى قىلما. ئۆزى بىر نەرسە بىلمەي، ئۆزىنى بىلىملىك ھېسابلايدىغان ئادەمدىن ساقلان. ئۆز نەپسىڭگە ئادىللىق قىل، يەنى ئۆزۈڭنى قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلما. توغرا - ھەق سۆز ئاچچىق بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەق - توغرا سۆزلە. ئەگەر دۈشمەن ئىچكى سىرىمنى بىلمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغا سىرىڭنى ئېيتما. ئۆلۈغ كىشىلەرنى پەس كۆرمە. ھۇنەر - پەزىلەتسىز ئادەملەرنى تىرىك ھېسابلىما، ئۇلارنى ئۆلۈك دەپ بىل. ئەگەر تۇرمۇش مەئىشىتىمدە تارلىق - قىسىلىش بولمىسۇن دېسەڭ، ئىشلىگەن ئىشىڭنى ئىگىسىگە يارىتىشقا تىرىش. ئەگەر قايغۇلۇق بولماي دېسەڭ، پايدىسىز ئالدى - ساتتى قىلما. يەنى ئالدىن پايدا - زىياننى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، پايدىلىق

بولسا ئال ۋە سات. ھەممەتىسىز كىشىنىڭ نېنىنى يېگەندىن، ئاچ يۈرگەن ياخشى. تەجرىبە - سىناقتىن ئۆتمىگەن ئادەم مىڭ تۈرلۈك خەيرىخاھلىق قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمە، تايانما. ئۆزۈڭدىن تۆۋەن ئادەمگە موھتاج بولماقتىن قىيىن ئىش يوقتۇر. دۇنيا خەلقى ئارىسىدا پاسىق، كەمتەر ئادەم تەكەببۇر زاھىتتىنمۇ ياخشىراقتۇر. كېلەچەكتىكى غايىب نازۇنېمەتلەرگە ئىشىنىپ، قولۇڭدىكى نەق نېمەتنى بېرىۋېتىش غايەت زىيانلىقتۇر، ئەمما توغرا ئىشلاردا شۇنداق قاراش كېرەك، ھارام نەرسىلەرنى بېرىپ، كېلەچەكتىكى ھالال نەرسىلەرنىڭ ئۈمىدى بىلەن بولغاندا، ھارامدىن نەچچە باراۋەر ھالال نەرسە قولغا كېلىدۇ. بىر كىشىدىن بىر ھاجەت تىلىسەڭ، ئۇ ھاجەتنى راۋا قىلىش قولىدىن كېلىدىغان ئىمكانىيەتتى تۈرۈقلۇق ھاجىتىڭنى ئادا قىلمىسا، مۇنداق ئادەمدىن خەسىس، پەسكەش ئادەم بولماس. بىراۋ سېنىڭ ئالدىڭدا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئارقاڭدىن يامان دەپ يۈرسە، ئۇنىڭدىن مۇناپىقراق يەنە كىم بار؟ بىر ئادەمنى جەمئىيەت ئەدەپكە ئۆگەتمىسە، سەن ئۇنى ئەدەپكە ئۆگىتىمەن دەپ مۇشەققەت چەكمە، مۇشەققىتىڭ زايە بولىدۇ. يەنى بىر ئادەم دۇنيادا تۇرۇپ ياخشى - ياماننى كۆرۈپ، ئۆزى ئىبرەتلەنمىسە، ئۇنى تەرتىپكە كىرگۈزۈش مۇشكۈل. نادان ئادەمنى ياخشى سۆز بىلەن ياخشىلىققا ئۆگىتىمەن دەپ ئاۋارە بولما. چۈنكى دانالار ئېيتقانكى: «نادان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قىلغان ئىشىنى ئەقىللىق ئادەم دۈشمىنىگىمۇ قىلمايدۇ». ئەگەر خەلق سېنى ياخشى ئىشلىرىڭ بىلەن ياد ئەتسە، مەدھىيىلىسە، سەن كىشىنىڭ يامانلىقىنى سۆزلىمە. ئەگەر دوستلىرىم، يولداشلىرىم كۆپ بولسۇن دېسەڭ، ئاداۋەت تۇتما. ئەگەر دۇنيادا زەخمەت (جاپا) چەكمەي دېسەڭ ۋە ئىنسانىي ئۆمۈر كەچۈرەي دېسەڭ، ئۆز ئىشىڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما. ئەگەر خەلق مېنى ساراڭ دېمىسۇن دېسەڭ، ھاسىل بولمايدىغان نەرسىنى ئىزدىمە. ئەگەر ھۆرمەت - ئابرۇيۇم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، ھايانى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل. ئەگەر ئالدانمايمەن دېسەڭ، تەجرىبە قىلىنغان ئىشنى تاشلاپ، تەجرىبە قىلىنمىغان ئىشلارغا قول تىقما. ئەگەر ھۆرمەت پەردەم يىرتىلمىسۇن ۋە خەلق مېنى خارلىمىسۇن دېسەڭ، قول ئاستىڭدىكىلەرنى توغرا، پاك تەربىيىلىگىن. ئەگەر پۇشايمانغا دۇچار بولۇشتىن خاتىرجەم بولاي دېسەڭ، نەپسىڭگە ئەگىشىپ خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلىشقا كىرىشمە. ئەگەر زېرەك ئادەملەر جۈملىسىدىن بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈپ باق، يەنى بىراۋنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ياخشى - يامانلىقنى كۆرۈپ، يامان ئىش بولسا ئۇنى قىلىشتىن ساقلان، ئۆزۈڭدە بولسا، دەرھال تۈزەت. ئەگەر ياخشى ئىش بولسا، سەن ئۇ ئىشلارنى قىلغان بولساڭ، ياخشىلىقىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، ئەگەر يامان ئىش بولىدىكەن، ئۇنى سەن قىلما. ئەگەر خەۋپسىز بولاي دېسەڭ، خەلق بىلەن چېكىشمە، يەنى نىزالاشما ۋە خەلقنى رەنجىتكۈچى بولما، ئەگەر خەلق ئىچىدە ھۆرمەتلىك بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلا. ئەگەر خەلق مېنىڭ سۆزۈم بىلەن ئىش قىلسۇن دېسەڭ،

ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ سۆزىگە ئۆزۈڭ ئەمەل قىل. ئەگەر كامالەتلىك كىشىلەردىن بولاي دېسەڭ، كامالەتنىڭ نۇرى (تەنتەنىسى) نى كۆرسەتمىگەنلەردىن ئۆز سىرىڭنى يوشۇر. ئەگەر خەلق ئارىسىدا ھەممىدىن ئۇلۇغ بولاي دېسەڭ، نېمىتىڭنى مول قىل، نان - تۇز ھەققى ئۇچۇن ئىسمىڭ ئۇلۇغ بولىدۇ. ئەگەر مەرد بولاي دېسەڭ، كىشىدىن تەمە قىلما، كۆڭلۈڭدىن تەمەنى چىقىرىۋەت. ئەگەر بىراۋدىن قەرز ئالساڭ، شەك - شۈبھىسىز ئۇ ئادەمگە قۇل بولىسەن. ئەگەر ئادالەتلىك قىلغۇچىلاردىن بولاي دېسەڭ، قول ئاستىڭدىكىلەرنى ئوبدان تۇت، باشقىلارنىڭ زۇلمىدىن ئۇلارنى ساقلا، ھىمايە قىل. ئەگەر ئاۋام خەلقنىڭ ۋە نادانلارنىڭ تەنىسىدىن قۇتۇلاي دېسەڭ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا تەئەرۇز قىلما. ئەگەر يېتىشكەن كىشىلەردىن بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭگە لايىق كەلمىگەن ئىشنى خەلققىمۇ لايىق دەپ قارىما. ئەگەر كۆڭلۈمگە ئازار - زەخمەت يەتمىسۇن دېسەڭ، نادانلار بىلەن جېدەللەشمە. ئەگەر خەلقنىڭ سۆيۈملۈكى بولاي دېسەڭ، قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقنى خەلقتىن ئايىما. ئەگەر زىيان ۋە زىيانداشتىن يىراق بولاي دېسەڭ، قولۇڭنى قىسقا تۇت (خەلققە زىيان يەتكۈزمە).

## غەيرەت - شىجائەتلىك بول

ھېكايەت قىلىنىپتۇركى، ھەبەشىستان بىلەن يەمەن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ھەبەش ئەسكەرلىرى غەلىبىگە ئېرىشتى. يەمەن پادشاھى سەيىپ قېچىپ، نوشىرىۋاننىڭ ھۇزۇرىغا ياردەم تىلەپ كەلدى. نوشىرىۋان ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، قاماقتا ئېلىنغان ئوغرى، قاراقچى، ھەييار ۋە تۈرلۈك خىلدىكى يامان ئادەملەردىن بىر مىڭ سەككىز يۈز كىشىلىك قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، سەيىپقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. سەيىپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، يېتەرلىك ئوزۇقلۇق راسلاپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يەمەنگە يۈرۈش قىلدى. نەچچە مۇددەت يول يۈرۈپ، دەريادىن ئۆتۈپ، يەمەن قىرغىقىغا چىقتى. سەيىپ بۇ چاغدا ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۇندۇرۇپ، ئوزۇقلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى دەرياغا تۆكتۈرۈۋەتتى ۋە ئەسكەرلىرىگە شۇنداق دېدى:

«ئەي يارانلار! يەمەن ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدۇق. ئالدىمىزدا دۈشمەن بىلەن سوقۇشىدىغان ئىش تۇرۇپتۇ. سوقۇش قىلغان ئىكەنمىز غەلىبىگە ئېرىشىشىمىز كېرەك. بىز غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدىكەنمىز، دۈشمەنلەر بىزنى يوقىتىپ غەلىبىگە ئېرىشىدۇ...»

ئەسكەرلەر كېتىشكە كېمە، يېيىشكە ئوزۇق - تۈلۈك يوق ئەھۋالدا بۇ سۆزدىن دۈشمەننى يېڭىش ئىرادىسىگە كەلدى. جەڭگە چۈشۈپ شۇنداق باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدىكى، شۇنچە كۆپ ھەبەش لەشكەرلىرى ئۇلارغا بىر سائەتمۇ تۇرۇش بېرەلمىدى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، جەڭگە قاتناشقۇچىلار ھەرگىزمۇ قورقۇنچاقلىق قىلماسلىقى كېرەك.

رۇستەمى داستان شۇنداق دېگەنىدى: «مەن كېسەللىك تۈشىكىدە ئۇستىدە يېتىپ ئۆلمەكتىن جەڭ مەيدانىدا زىيان - زەخمەت تارتىشنى ئەلا كۆرىمەن».

ھەر كىشى دۇنيادا ياخشى نام ئېلىپ كەتكەن تۈزۈك،
ياخشى نام ئۆلمەيدۇ ھەرگىز، قىممىتى، قەدرى بۈيۈك.

پادىشاھلارنىڭ قايسىسىنىڭ غەيرەت - شىجائىتى يۇقىرى بولىدىكەن، ئېغىر مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈشكە تاقەت قىلىدىكەن، ئۇ مەقسەت مەنزىلىگە تېز يېتىپ بارالايدۇ. مۇراد ئۆيىدە مۇراد چېھرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

## شىجائەت ھەققىدە

نۇشىرىۋان ئەبۇزەرجەمھۇردىن: — نېمىنى شىجائەت دەيمىز؟ — دەپ سورىدى. ھۆكۈما ئەبۇزەرجەمھۇر: — كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتىنى شىجائەت دەيمىز؟ — دەپ جاۋاب بەردى. نوشىرىۋان يەنە ئۇنىڭدىن: — نېمە ئۈچۈن بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى شىجائەت بولمايدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەبۇزەرجەمھۇر: — كۆڭۈلدە قۇۋۋەت بولمىسا، قانداقمۇ بىلەكتە قۇۋۋەت بولىدۇ؟ بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتىگە تەۋەدۇر — دەپ مۇنداق بىر مىسالنى ئوتتۇرىغا قويدى:

باتۇرلاردىن بىرى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇۋۋىتى ئاجىزلاشمىغانىدى. ئۇ ئائىلىسىگە قايتىشقا توغرا كېلىپ، ئىككى كىشى يۆلەپ ئۇنى ئاتقا مىندۈردى. بۇنى كۆرگەن بىر ئەدەپسىز كىشى تەنە قىلىپ: — بۇ قېرى بىر قېتىم ئاتقا مىنىشتە ئىككى ئادەمنى ئاۋارە قىلدى. ئۇنى قانداقمۇ كۈچى بار دېگىلى بولسۇن؟! — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھېلىقى قېرى ئادەم: — ئۇنداق بولسا مېنى بۇ ئىككى ئادەم ئاتتىن يۆلۆپ ئېلىپ باقسۇن! ئالالامدۇ، قانداق؟ — دەپ ئېيتتى.

نوشىرىۋان بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ: — توغرا ئېيتتىڭ، راستتىنلا قولنىڭ قۇۋۋىتى كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتىگە تەۋە ئىكەن، — دەپ قايىل بولدى.

گەر كۆڭۈل بولسا قۇۋۋەتلىك، قولمۇ بولغاي بەقۇۋۋەت.

# شەربەت ۋە قىز

بىر كۈنى نۇشىرۋان ئادىل شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ بىر كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ، ئەسكەرلىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىپتۇ. ھاۋا بەك تىنجىق ئىكەن، ئۇ بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر قىشلاق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ ھالقىسىنى قاققانىكەن، ئۇ ئۆيدىن بىر قىز چىقىپتۇ.

نۇشىرۋان ئۆزىنىڭ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇ قىزدىن سۇ سوراپتۇ. قىز دەرھال ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ بىر ئانارنى سىقىپ، ئۇنىڭدىن چىققان شەربەتنى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىگە ئوتياشنىڭ يوپۇرمىقىنى سېپىپ ئاچىقىپ نوشىرۋان ئادىلغا تۇتۇپتۇ. نۇشىرۋان ئادىل ئۇ كۆكتاتنىڭ يوپۇرمىقىنى پۈۋلەپ شەربەتنىڭ يۈزىنى ئېچىپتۇ. كېيىن ئۇنى ئىچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن: — ئەي قىز، نېمە ئۈچۈن بۇ شەربەتنىڭ يۈزىگە يوپۇرماق سەپتىڭ؟! — دەپ سوراپتۇ.

قىز ئۇنىڭغا: — ئەي مېھمان، سەن يىراق يەردىن كەلگەن ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئۇسسىغاندەك كۆرۈنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قەستەن شەربەتنىڭ ئۈستىگە يوپۇرماق سەپكەنىدىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام، سەن ئۇنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچەتتىڭ، سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق شەربەتتىن ساڭا سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ قالاتتىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نوشىرۋان ئادىل ئۇ قىزنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ: — ئەي قىز، بۇ شەربەتنى سەن نەچچە ئاناردىن چىقاردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز ئۇنىڭغا: — بىر ئاناردىن چىقاردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نوشىرۋان ئادىل دەرھال ئۇ قىشلاقتىكى ئانار دەرىخىنى، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئانارنى، شەربەتنى ھېسابلاپ كۆرۈپتۇ. كېيىن ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان باجنى سۈرۈشتە قىپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان باج ناھايىتى تۆۋەن ئىكەن. نوشىرۋان ئادىل ئۆز - ئۆزىگە: — مەن شەھەرگە قايتقاندىن كېيىن بۇ قىشلاقنىڭ باجلىرىنى بىر ئاز ئۆستۈرەي، — دەپتۇ.

ئۇ يەردىن دوستلىرىنىڭ، ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. كەچتە ئۇ يەنە شۇ قىشلاققا چۈشۈپتۇ. بايىقى ئۆيگە كېلىپ ئىشىكىنى قاققانىكەن، يەنە ھېلىقى قىز چىقىپتۇ. نوشىرۋان ئادىل ئۇنىڭدىن شەربەت سوراپتۇ. قىز ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئاياقتا شەربەت ئېلىپ چىقىپتۇ. نوشىرۋان ئادىل ئۇ قىزدىن: — ئەي ئوماق قىز، سەن بۇ نۆۋەت بۇ ئاياقتىكى شەربەتنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كېچىكتۈرۈپ ئاچىقتىڭ؟! — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ شەربەتنى بۇ نۆۋەت تۆت ئاناردىن سىقىپ ئاچىقتىم. بۇرۇن بىرلا ئاناردىن

ئالغان، شۇڭا مەن تېزلا چىققاندىم،ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

نۇشىرۋان ئادىل ئۇ قىزدىن: ـــ نېمە ئۈچۈن بۇرۇن بىرلا ئانار دىن چىققان شەربەت ئەمدى تۆت ئانار دىن چىقتى؟!ـــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ قىز: ـــ ئېھتىمال شاھىمىزنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان بولسا كېرەك،ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ نۇشىرۋان ئادىل ئۇ قىزدىن: ـــ پادىشاھنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟!ـــ دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قىز: ـــ دانىشمەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان شۇنداق بىر ھېكمەتلىك گەپ بار: (پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، يۇرتتىن ئامانلىق، ھوسۇلدىن بەرىكەت كېتىدۇ) دېيىلگەن. مەن بۇنى ھازىرقى تۆت ئانار دىن چىققان شەربەتنىڭ چۈشتىكى بىر ئانار دىن چىققان شەربەتكە يەتمىگەنلىكىدىن بىلدىم،ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ نۇشىرۋان ئادىل ئۆزىنىڭ نىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بۇ قىزنىڭ ئانار شەربىتىنىڭ چىقىشىغا قاراپ بىلگەنلىكىنىڭ توغرىلىقىنى سېزىپتۇ. قىزنىڭ زېرەك ۋە توغرا سۆزلىگەنلىكىگە قايىل بوپتۇ. دەرھال كىشى قويۇپ، قىز ۋە قىزنىڭ ئائىلىسى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇ قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ.

## ھۇۋقۇشلار سۆھبىتى

قەدىمىي ئىران شاھلىرىدىن نۇشىرۋان ياش چاغلىرىدا ئادىل ئەمەس ئىكەن، زۇلۇمغا، جەبىر - جاپاغا يول قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ مەشھۇر دانىشمەن ۋەزىرى بۇزۇرجەمھىر بىلەن چۆلدە كېتىۋېتىپ، بىر يەردە بىر توپ ھۇۋقۇشلارنىڭ ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان نۇشىرۋان ۋەزىرى بۇزۇرجەمھەردىن سوراپتۇ:

ـــ سىزنى كىشىلەر تولغان دانىشمەن، ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلىدۇ، دەپ ئېيتىشىدۇ. بۇ قۇشلار نېمە ئۈچۈن ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ؟ ئۇلاردىن ئىككىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ نېمە ھەققىدە دەتالاش قىلىشىۋاتىدۇ؟

بۇزۇرجەمھەر ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ـــ ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن قۇدىلىشىۋاتىدۇ. ئوتتۇرىدا سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ بىرى يىگىتنىڭ، بىرى قىزنىڭ ئاتىلىرى، قىزنىڭ ئاتىسى: ـــ قىزىمنىڭ تويلۇق ھەققى ئۈچۈن قىرىق پارچە يەردىكى خارابىلىكنى بېرىشىڭ كېرەك. ئەگەر سورىغىنىمنى قوبۇل قىلمىساڭ، قىزىمنى بەرمەيمەن، سېنىڭ بىلەن قۇدا بولمايمەن،ـــ دەيدۇ. يىگىتنىڭ ئاتىسى: ـــ مەن قىزىڭغا تويلۇق بېرىشتىن باش تارتمايمەن، ھازىرچە تۆت پارچە خارابىلىك تەييار. شۇلارنى ئېلىپ تۇر، ھازىرقى پادىشاھ دائىم ئەيش - ئىشرەت بىلەن بولىۋاتىدۇ، مەملىكەتنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز،

كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىغا، داد - پەريادىغا قۇلاق سالمايدۇ. زالىملارنىڭ زۇلمىنى چەكلىمەيدۇ. ئۇ ئادىل پادىشاھ ئەمەس. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ يۇرت پات ئارىدا خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ساڭا قىرىق پارچە ئەمەس، سەكسەن پارچە خارابىلىكنى بېرىمەن. شۇنىڭغىچە سەۋر قىل، — دەيدۇ. قۇدىلاشقۇچىلار ئاشۇ ئىش ھەققىدە دەتالاش قىلىشىۋاتىدۇ.

بۇزۇرجمېھرنىڭ سۆزى ئانوشىرىۋانغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئادالەت ۋە ئىنساپنى شۇنداق مۇستەھكەم ئورنىتىپتۇكى، خەلق ئۇنى «نۇشىرىۋان ئادىل» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

## ئاتلارنىڭ پادىشاھى

بىر كۈنى نۇشىرىۋان مەملىكەتنى ئايلىنىپ كېلىش نىيىتىدە يولغا چىقىپتۇ. مۇلازىم ئاتنى ئەكېلىپتۇ. نوشىرىۋان ئاتقا مىنىۋاتقاندا ئېگەرنىڭ تارتمىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، نۇشىرىۋان يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

شۇ ھامان ئاتباقارنى جازالاش ئۈچۈن ئۇنى دەرھال چاقىرتىپتۇ.

ئاتباقار كېلىپ:

— شەھرىيار ئالەم، رۇخسەت قىلىڭ، بىر ئېغىز سۆزۈم بار، ئېيتىۋالاي، ئاندىن كېيىن نېمە قىلسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، — دەپتۇ.

— ئېيت، نېمە دېمەكچىسەن؟ — دەپتۇ نوشىرىۋان.

— ئەي پادىشاھىئالەم، سىز ئادەملەرنىڭ پادىشاھى بولسىڭىز، ئېتىڭىز ئاتلارنىڭ پادىشاھى. بۇ بىچارە تارتما ئىككى پادىشاھنىڭ تارتىشمىقىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن!؟ — دەپتۇ.

نۇشىرىۋان كۈلۈپ كېتىپ ئۇنى جازادىن ئازاد قىلىۋېتىپتۇ.

## پادىشاھ يەيدىغان تائام

نوشىرىۋان دەۋرىدە، شاھلار يەيدىغان بەزىبىر تائاملارنى پۇقرالارنىڭ يېيىشى مەنئى قىلىنغانىكەن. ئەگەر ئاشۇ تائامنى ئاددىي خەلقتىن بىرەر كىشىنىڭ يېگەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالسا، قاتتىق جازالىنىدىكەن.

بىر ئادەم نۇشىرىۋانغا يېقىن بىر ياساۋۇلنى مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا پادىشاھلار ئېغىز تېگەلەيدىغان ئالىي دەرىجىلىك تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ.

ياساۋۇل بۇ ئۆيدىن چىقىشى بىلەنلا قەغەز - قەلەم ئېلىپ: — مەن پالانى ئادەمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم، داستىخانغا پادىشاھلارغا خاس تائاملارنى كەلتۈرۈپ قويدى، شاھ ھەزرەتلىرىگە ئىخلاسىم چەكسىز بولغىنى ئۈچۈن، بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىۋاتىمەن، —

دەپ خەت يېزىپتۇ.

نۇشىرۋان قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇپ ئارقىسىغىلا:

«بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئېيتىدىغان ئەرزان رەھمەت ــ بارىكاللام يوق، ئەمما ئۇ ئادەمنى پادىشاھلار يەيدىغان تائامنى پىشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يامانلىقنى راۋا كۆرىدىغان ساڭا ئوخشاش يۈزسىز چېقىمچىلارنى مېھمان قىلغىنى ئۈچۈن جازالايمەن» دەپ خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ.

## قايسىسى لەززەتلىك

بىر كۈنى نۇشىرۋان ساراي ئاشپىزىنىڭ نان يېقىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. تونۇرنىڭ ئالدىدا تەرگە چۆمگەن ناۋاي يۇغۇرۇۋاتقان خېمىردىن بىر پارچە ئۈزۈپ تەرىنى ئېرتىۋېتىپ، يەنە خېمىرغا قوشۇپ نان راسلاشقا باشلاپتۇ. نوشىرۋان زوۋان سورمەپتۇ. ئەتىسى ناۋاينى چاقىرىپ:

ــ ئېيتقىنا، تائاملارنىڭ قايسىسى لەززەتلىك؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ناۋاي زېرەك كىشى ئىكەن، گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملەپ:

ــ داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن تائامنىڭ قانداق تەييارلانغانلىقىغا كۆزۈڭ چۈشمىگىنى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بىر مەنىدىكى سۆز

نۇشىرۋاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئىككى دەرۋىش شاھ سارىيىغا كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

ــ ياۋۇزلۇق كۆرمەي دېسەڭ، ياۋۇزلۇق قىلما، ــ دەپتۇ.

ئىككىنچىسى:

ــ ياخشىلىق قىلغان كىشى ھەمىشە ياخشىلىق كۆرگەي! ــ دەپتۇ.

نۇشىرۋاننىڭ ئەمرى بىلەن بىرىنچىسىگە مىڭ دىنار، ئىككىنچىسىگە ئىككى مىڭ دىنار بېرىشىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ئوردا ئەھلىدىن بىرى:

ــ ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزى بىر مەنىدىغۇ؟ نېمىشقا ئىككى خىل مۇكاپات بېرىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

نۇشىرۋان جاۋاب بېرىپ:

ــ بىرى يامانلىقنى تەرىپلىدى، ئىككىنچىسى ياخشىلىقنى، يامانلار بىلەن دوست بولۇپ سۆھبەتلىشىشتىن ۋە يامانلار بىلەن ھەمنەپەس ۋە ھەمتاۋاق بولۇشتىن يامان ئىش يوق - دە! ــ دەپتۇ.

## گەۋدىسى ئېغىر بولسا...

نۇشىرۋان پۇقرالىرىغا زۇلۇم سالغان بىر ئەمەلدارنى ھوزۇرىغا چاقىرىپتۇ. ئەمەلدار ۋاقتىدا كەلمەپتۇ. شۇ چاغدا نۇشىرۋان ئاشۇ ئەلنىڭ ھاكىمىغا: «ئەگەر كېلىشكە گەۋدىسى ئېغىرلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەڭگىلرەك كاللىسىنى ئەۋەتىپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ» دەپ خەت يېزىپتۇ.

## مۇلازىمنىڭ سەۋەنلىكى

بىر كۈنى نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىۋاتقاندا، خىزمەتكارنىڭ قولىدىن قەدەھ چۈشۈپ كېتىپ، شارابنى نۇشىرۋاننىڭ چاپىنىغا چاچرىتىۋېتىپتۇ.

نۇشىرۋان غەزەپلىنىپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، پالاكەت!؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، ئۇنى جازالىماقچى بوپتۇ.

— ئەرزىمەس بىر گۇناھىم ئۈچۈن ماڭا شۇنچە قاتتىق ئازار بەرسەڭ، كىشىلەر ساڭا مالامەت قىلىشى، سېنى بىلمەي قىلىنغان كىچىككىنە بىر گۇناھ ئۈچۈن بىر خىزمەتكارنىڭ قېنىنى تۆكتى، زالىم ئىكەن، دېيىشى مۇمكىن. مەن سېنى كىشىلەرنىڭ زالىم ئاتىشىنى خالىمايمەن. بۇ ئىشنى قەستەن قىلمىدىم، جازا بېرىدىغان بولساڭ، بىلمەي قىلغان ئەرزىمەس گۇناھىم ئۈچۈن ئەمەس، ئەتەيلەپ، قەستلەپ قىلغان چوڭراق گۇناھىم ئۈچۈن جازا بەر، — دەپتۇ خىزمەتكار.

نۇشىرۋان ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ.

## ھەر ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىش

رۇم ھۆكۈمدارى نۇشىرۋاندىن:

— بىر ئىمارەت ياساشقا كىرىشكەنىدىڭىز، ئىمارىتىڭىز پۈتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. نۇشىرۋان:

— ئىمارىتىمنى پۈتكۈزدۈم، مەن ھېچقاچان تاماملانمايدىغان ئىشنى قىلمايمەن، قايسى ئىشقا قەدەم قويسام، ئۇ ئىش ئاخىرلاشمىغۇچە ئۇنىڭدىن قول تارتمايمەن. بىر ئىشقا كىرىشكەن كىشى غەيرەت قىلىپ، باشلىغان ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشى لازىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

رۇم ھۆكۈمدارى نۇشىرۋاننىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ:

— بەللى، يۇنان دانىشمەنلىرىمۇ مانا شۇنداق دېگەنىدى، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

## ئەمىرنىڭ ئەرزى

نۇشىرۋاننىڭ ئاقىل ساخاۋەتلىك بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، شۇ ۋەزىر بىر ئەمىرنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ يۆلەيدىكەن. ئەمىرنىڭ ئېيتقىنى ئېيتقان، دېگىنى دېگەن ئىكەن.

بىر كۈنى ئاشۇ ئەمىرنىڭ پۇقرالىرىدىن بىرى نۇشىرۋاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەرزگە كېلىپ:

— سېنىڭ ئەمىرىڭ بىزگە ھەددىدىن ئارتۇق جەبىر - جاپا سېلىۋاتىدۇ، بىزدىن ئارتۇق خىراج تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

نۇشىرۋان ئاشۇ ئەمىرنى سارايغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بىراق ئەمىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا نۇشىرۋان ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ يۆلىگەن ۋەزىرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا جازا بېرىپتۇ.

بۇنىڭغا ھەممە ھەيران بولۇپ:

— شەھرىيارى ئالەم، گۇناھكار ئەمىرغۇ، سىز نېمىشقا ۋەزىرنىڭ ئەدىپىنى بەردىڭىز؟ — دېسە، نۇشىرۋان جاۋاب بېرىپ:

— جازالىنىغۇچى زالىمنى بىزگە يېقىن قىلغانىدى. مۇسانىڭ ئەلىمىنى ئەيسادىن ئالدۇق دېگەن شۇ، — دەپتۇ.

## دىيانەت بىرلە بول

بىر كىشى نۇشىرۋاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرنەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. نۇشىرۋان ھەيران بولۇپ:

— ئەجەب يۈرىكىڭ يوغان، جاسارەتلىك، قورقماس ئادەم ئىكەنسىنا! يېقىنلىرىمدىن بىرقانچىسىنى ئۆلتۈرۈپ چوڭ جىنايەت سادىر قىلساڭمۇ، قەھر - غەزىپىمدىن قورقماي، يەنە يېنىمغا يېتىپ كەپسەن؟! — دېگەنىكەن، ھېلىقى كىشى تەزىم قىلىپ:

— سىزنىڭ ئادالەت ۋە مەرھەمىتىڭىزنىڭ غايەت چەكسىزلىكىنى ياخشى بىلىمەن. گۇناھىم زور بولسىمۇ، ئەپۇ ۋە مەرھەمىتىڭىز ئۇنىڭدىنمۇ زور ۋە ئۇلۇغدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نۇشىرۋانغا ئۇنىڭ سۆزى يېقىپ قېلىپ، گۇناھىنى كەچۈرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭغا ئىنئام - ئېھسان بېرىپتۇ.

ئۇ ئورۇندا ئەھلىدىن بىرى:

— چوڭ بىر دۈشمەننى قولغا چۈشۈردىڭىز، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماي، ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ ئازاد قىلىۋەتتىڭىز، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىش سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالسام، نەپسىم شادلىنىدۇ، ئازاد قىلسام، ئۇنىڭ كۆڭلى شادلىنىپ، دۇنيادا نامىم ياخشىلىق بىلەن ياد قىلىنىدۇ، مانا شۇنى ئويلاپ، ئۇنى ئازاد قىلدىم، — دەپتۇ نۇشىرۋان.

بېيىت:

گەر ئۇلۇغلۇقنى تىلەر بولساڭ دىيانەت بىرلە بول،
كىم بۇدۇر مۇلكى سائادەت سادىغا بارماققا يول.

## ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز

نوشىرۋان زامانىدا بىر ئادەم كوچىدا: — ئۈچ ھېكمەتلىك سۆزنى مىڭ دىنارغا ساتىمەن! قېنى، ئالىدىغان ئادەم بارمۇ؟ — دەپ جار سېلىپ يۈرۈپتۇ.

بۇ سۆزنى نۇشىرۋان ئاڭلاپ، ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپتۇ - دە:

— قېنى، ئېيت! ئۇ قانداق ھېكمەتلىك سۆزلەر ئىدى؟ — دەپتۇ.

— ئاۋۋال پۇلنى تەييارلاڭ، ئاندىن ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

پۇل ئالدىغا قويۇلغاندىن كېيىن:

— بىرىنچى ھېكمەتلىك سۆزۈم شۇكى، سېنىڭ سەلتەنىتىڭدە دۇرۇس راق بىرەر ئادەم تېپىلمايدۇ؛ ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆزۈم شۇكى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلاردىن قېچىش ۋە ئۇلارسىز ياشاشنىڭ ھېچ ئىلاجى يوق؛ ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆزۈم يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان گەپلەردىن كېلىپچىقىدۇ. پادىشاھ ئادەملەرنىڭ قايسى دەرىجىدە ياخشى - يامان ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا پادىشاھ پۇقرالىرىنى توغرا باشقۇرالايدۇ، — دەپتۇ.

بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر نۇشىرۋانغا يېقىپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئادەمنى ماختاپتۇ ۋە تەييارلاپ قويۇلغان پۇللارنى ئۇنىڭغا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ، بىراق ئۇ كىشى پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ.

— ئېيتىدىغان سۆزۈڭنى ئېيتماستىنلا پۇلنى تەلەپ قىلغانىدىڭغۇ، ئەمدى نېمىشقا ئالمايسەن؟ — دەپتۇ نۇشىرۋان ھەيران بولۇپ.

شۇ چاغدا ھېلىقى كىشى:

— بىزنىڭ زامانىدىمۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئالتۇنغا ئالىدىغان ئادەملەر چىقارمۇ - چىقماسمۇ دەپ شۇنداق قىلدىم، خالاس! — دەپتۇ. مېنى بۇزىدۇ، — دېگەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

## مەملىكەتنىڭ زاۋال تېپىش سەۋەبى

بىر كۈنى نۇشرىۋان ئادىل ھۆكۈمالىرىدىن:

— مەملىكەت نەچچە نەرسىدىن زاۋال تاپىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ نەرسىدىن، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار، — بىرىنچى، پادىشاھلار مەملىكەت ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولغاندا؛ ئىككىنچى، رەزىل ۋە رىياكارلار ئەتىۋارلىنىپ مەنسەپ تۇتقاندا؛ ئۈچىنچى، ئەمەلدارلار پۇقرالارغا زۇلۇم قىلغاندا.

— بۇنىڭغا قانداق دەلىل - ئىسپاتلىرىڭلار بار؟

— ۋاقىتتىكى پادىشاھ مەملىكەت ۋە رەئىيەت ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولسا، مەملىكەتتە پىتنە - پاسات تولا بولىدۇ؛ خالايىق نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ غوۋغا - توپىلاڭلىرىدىن مەملىكەت ۋەيران بولىدۇ. يەنە بىرى، ھىممەتسىز ۋە پەسكەش كىشىلەر ئەتىۋارلىنىپ، مەنسەپ تۇتسا، مال - دۇنيا يىغماقتا ھېرىسلىق قىلىپ، كىشىلەردىن بىرەر نەرسە تەمە قىلىدۇ؛ كاتتىلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ؛ چوڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمايدۇ؛ بۇ ۋەجىدىن خالايىقنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ، ئامالسىزلىقتىن ئىتتىپاقلاشقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەرتىۋىسىدىن قالدۇرۇشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

ئېيتىپتۇرلاركى:

«دۆلەت پەسكەشلەر ئەتىۋارلىنىپ مەنسەپ تۇتقانلىق سەۋەبىدىن زاۋال تاپىدۇ».

## ئىشنىڭ ھەقىقىتى

نۇشرىۋاننىڭ زامانىدا ھۆكۈمالار پاراسەت بابىدا بىر كىتاب بەرپا قىلىپ بەرگەنىدى. نۇشرىۋان ھەمىشە ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. بىر كۈنى بىر پەتەك كىشى كىرىپ:

— ماڭا بىرى زۇلۇم قىلدى، — دەپ ئەرز قىلدى. نۇشرىۋان:

— مەن پاراسەت كىتابىدىن پەتەك كىشىلەرنىڭ خۇنۇك، ھىيلىگەر ۋە زالىم بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرگەن. بۇ ئالامەتلەر سەندە باردۇر. زۇلۇم قىلغۇچى سەن ئۆزۈڭ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئۇ مەندىنمۇ پەتەكراقتۇر، — دېدى.

ئاخىر ئۇ رەقىبىنى ھازىر قىلدى. بۇ كىشى راستلا ئەرز قىلغۇچىدىنمۇ پەتەك ئىكەن. نۇشرىۋان ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭلاپ، ئەرز قىلغۇچىنىڭ ھالىغا (دادىغا) يەتتى.

## يۆتكەلمىگەن تاش

نۇشىرۋان بىر كاتتا ئىمارەت سالدۇرۇشقا قەدەم قويغانىدى. قەتئىي ئىرادىلىك بىر نىشانىسى شۇكى، ھەر قانداق بىر سۆز بىراۋغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت يۈزىسىدىن تىلغا ئېلىنغان بولسا، تا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇ شۇ سۆزنىڭ زىتىدا سۆزلىمىگەي!

نۇشىرۋان كېتىپ باراتتى. بىر ھاممال ئۇنىڭ سالدۇرماقچى بولغان ئىمارىتىگە ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن ئېغىر بىر چوڭ تاشنى كۆتۈرۈپ ماڭغانىدى. نۇشىرۋان ھامماللىڭ مۇشەققەت تارتقىنىغا رەھىم قىلىپ:

— تاشنى يەرگە قويغىن، — دېدى. ئۇ ھاممال شۇ زامان تاشنى يەرگە قويدى. ئۇ تاش خېلى مەزگىل شۇ مەيداندا تۇردى. مۆلازىملىرىنىڭ ئاتلىرى ھەر قېتىم ئۆتكىنىدە ئۈركۈپ كېتەتتى. مۆلازىملار كېلىپ:

— يا سۇلتان، پالانى كۈنى بىر ھامماللغا ئېغىر تاشنى شەپقەت يۈزىسىدىن تاشلاتقانىدىڭىز، ئۇ كىشىدىن بۆلەك كىشى شۇ تاشنى يۆتكىيەلمەيدۇ. ھەر قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتەر بولساق، ئاتلىرىمىز ئۈركۈيدۇ. شۇ ھامماللغا ئەمر قىلسىڭىز، ئۇ تاشنى چەتكە ئېلىپ قويسا، — دەپ ئەرز قىلىشتى. پادىشاھ:

— ئۇ كۈنى تاشنى شۇ يەرگە تاشلا دەپ ھۆرمەتلەنگەنىدىم، ئەمدىلىكتە كۆتەر دېمەكىم نالايىقتۇر، — دېدى.

ئۇ تاش نوشىرۋاننىڭ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە شۇ مەيداندا تۇردى. كېيىن ھەم سەلتەنەت ئوغۇللىرىغا قالغان ۋاقىتتىمۇ، ئاتىسىنىڭ رايىنى قىلىپ تاشنى ئۇ يەردىن يۆتكىمىدى.

## ياۋاشلىق قانداق نەرسە

بىر كۈنى نۇشىرۋان ۋەزىردىن:

— ياۋاشلىق قانداق نەرسىدۇر؟ — دەپ سورىدى.

ۋەزىر دېدىكى:

— ياۋاشلىق ياخشى خۇي، ئەخلاقنىڭ تۈزىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق تائام تۇزسىز لەززەت بەرمەس. ياخشى خۇي — ئەخلاقلىق، ياۋاشلىق قوشۇلمىغۇچە شۆھرەت تاپماس. ياۋاشلىقنىڭ ئۈچ نىشانىسى باردۇر: بىرى، ئوچۇق چىراي بىر كىشىگە بىراۋ قوپاللىق بىلەن سۆزلىسە، ئۇنىڭ باراۋىرىدە شېرىن سۆزلىمەك؛ يامانلىق ئىشلىرى بىلەن كۆڭلىنى ئاغرىتسا، ئۇنىڭ باراۋىرىدە ياخشىلىق كۆرسەتمەك؛ ئىككىنچى نىشانىسى، ئاچچىق ئوتى شولا ئۇرغاندا، مۇلاھىزە يۇرگۇزۇپ جىم تۇرماقتۇر. چۈنكى سۆھبەت

يولىغا كىرگەنلەر غەزەپكە مۇشۇ تەرىقە بىلەن ئىلاج قىلىمىشۇ. ئۇچىنچى نىشانىسى، بىرسىدىن قەبىھ، يامان ئىش سادىر بولغاندا، ئۇنىڭغا ئەدەپ جازا بېرىش ۋاجىب (زۆرۈر) بولسىمۇ، ئەمما قۇدرىتى بار تورۇقلۇق ئاچچىقىنى بېسىپ ئەپۇ قىلماق.

## كۆڭلۈك نېمنى خالايدۇ

نۇشىرىۋاننىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ ۋە بىر مۇلازىمىنىڭ ئوغلى ئولتۇرغانىكەن، نۇشىرىۋان ئۆز ئوغلىدىن:

— ئوغلۇم، راستىنى ئېيت، سەن دۇنيادا نېمىلەرنى ئارزۇ قىلىسەن؟ كۆڭلۈڭ نېمىنى خالايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مالۇمۈلكۈم كۆپ بولۇش بىلەن شۆھرەت قازىنىشنى، دائىم مەي - شاراب ئىچىشنى، ئوۋغا چىقىش، ئەيش - ئىشرەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نۇشىرىۋاننىڭ ئوغلى.

— قېنى، سەن ئېيتقىنا، سېنىڭ كېلەچەكتىكى ئارزۇ - ئارمىنىڭ نېمە؟ — دەپ سورىغانىكەن، مۇلازىمىنىڭ ئوغلى:

— مېھىر - شەپقەتلىك، مۇلايىم ۋە خەير - ساخاۋەتلىك بولۇپ، خەلققە خىزمەت قىلىشنى، جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، ئاممىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ۋە ئالقىشىغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نۇشىرىۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، بۇ ئالىيجاناب ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ، يۈز - كۆزلىرىنى سىيلاپ ئەركىلىتىپتۇ ۋە:

— بارىكاللا، ئوغلۇم، شۇنداق بولۇش كېرەك، ئارزۇ - ئارمىنىڭغا، نىيىتىڭگە يەت، — ماختاپتۇ نۇشىرىۋان ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنى ئالاھىدە تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپتۇ.

بېيىت:

كىم خەلققە مېھىر - شەپقەت قىلمىغاي،
ئاڭلا ئەسلا بەخت - دۆلەت قونمىغاي.

## كاتتا يىغىلىش

بىر كۈنى نۇشىرىۋان ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالدىغا يۇنان، مۇبەد، فەررۇخزاد، بۇزۇرجمېھر ۋە باشقىلار كىرىپ كېلىشتى. نۇشىرىۋان ئۇلارغا دېدى:

— بۇ كاتتا يىغىلىش بولدى، كېلىڭلار، ھەربىرىمىز بىردىن ھېكمەتلىك سۆز قىلايلى، باشقىلار ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغاي!

ئالدى بىلەن مۇبەدكە قاراپ:

— سەن سۆزلە، — دېدى.

مۆبەد دېدى:

— ئىككى نەرسە باركى، ئۇلار بىر - بىرىدىن ياخشىدۇر. مەسىلەن: ھۈنەر مول بىلىمدىن، ياخشى ئىش ياخشى سۆزدىن ئەۋزەل.

نوشىرۋان:

— كەڭرەك چۈشەندۈر! — دېدى.

مۆبەد داۋاملاشتۇردى:

— ھەر كىمنىڭ ھۈنىرى بولمىسا، ئۇ قۇرۇق تام بىلەن تەڭ. ھەر كىمنىڭ سۆزى چىرايلىق بولسىمۇ، ئىشى يامان بولسا، پايدىسىز شامالغا ئوخشاشتۇر.

نوشىرۋان خۇرشىدكە قاراپ:

— سەن نېمە دەيسەن؟ — دېدى.

خۇرشىد:

— جاھاندا ئىككى نەرسە بار، ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسە يوق، بىرىنچىسى، خۇرسەنلىك؛ ئىككىنچىسى، بىئازارلىق! — دېدى.

نوشىرۋان:

— كەڭرەك چۈشەندۈر! — دېدى.

خۇرشىد:

— ھەر كىم بارىغا قانائەت قىلىپ، خۇرسەن ياشىسا، ھېچكىمگە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. كىمكى ھېچكىمگە ئازار بەرمىسە، ھېچكىمنى خاپا قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھېچكىمدىن خەۋپ يەتمەيدۇ، — دېدى.

— نوشىرۋان بۈزۈرجمېھرگە قاراپ:

— سەن نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

بۈزۈرجمېھر:

— ئەي نۇشىرۋان، ئادەملەر تۆۋەندىكى نەرسىلەرگە ئەمەل قىلمىسا، ھېچقاچان خۇرسەنچىلىككە ئېرىشمەيدۇ. مەسىلەن: بارىغا قانائەت قىلمىسا، قولى يەتمەيدىغان نەرسىگە ئىنتىلسە، ئۆزگىلەر قولىدىكى نەرسىلەرگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىسا! — دەپ جاۋاب بەردى.

نۇشىرۋان ئۇنىڭدىن يەنىمۇ كەڭرەك قىلىپ سۆزلەشنى ئۆتۈندى. ئۇ دېدى:

— خۇرسەن كىشى شۇنداقكى، نېمە تاپسا، شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ. تاپقىنىغا شۈكرى قىلىپ، ئۆمرىنى غەمسىز ئۆتكۈزىدۇ. ئاچ كۆزلۈك ئۆز جېنىنى قىيناشتۇر. ئاچ كۆز كىشى ھېچقاچان توغرا يولدا يۈرمەيدۇ، ھەمىشە كۆڭلى بىمار يۈرىدۇ. ھەر كىم ئۆزىنى ياخشىلىق يولىغا سالسا، ھەممە يامانلىقتىن ئامان بولىدۇ، جاھاندا تىنچ ۋە ئاسۇدە ياشايدۇ.

www.uyghurkitap.com

نۇشىرىۋان يۇنانغا قاراپ:

— سەن سۆزلە! — دېدى.

يۇنان شۇنداق جاۋاب بەردى:

— يەتتە نەرسە باركى، كىمكى بۇ يەتتە نەرسىگە ئەمەل قىلسا، دۇنيادا ياخشى ئاتلىق بولىدۇ. بىرىنچىسى، دانالارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلسا؛ ئىككىنچىسى، ھەممە ئىشنى ئۆز لايىقىدا قىلسا؛ ئۈچىنچىسى، ئادالەتلىك بولسا؛ تۆتىنچىسى، سەۋرچان بولسا؛ بەشىنچىسى، گەپ يېمەس، جاھىل بولمىسا؛ ئالتىنچىسى، پايدىدىن باشقىلارنى بەھرىمەن قىلسا؛ يەتتىنچىسى، كەمتەرلىك قىلسا.

نۇشىرىۋان ئۇنىڭدىن بۇ سۆزلەرنى كەڭرەك چۈشەندۈرۈشنى سورىدى. يۇنان دېدى:

— مەسلىھەت مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. ئادەملەر تاش بولسا، ئۇلار ئارىسىدىن بىرەر نادىر سۆز – مەرۋايىت چىقىشى مۇمكىن؛ ئىشنى ئۆز لايىقىدا مۇناسىپ قىلمىساڭ، زىيىنى تېگىدۇ؛ ئادالەتلىك ئىش قىلىنسا، بۇ ئىشقا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ، سەۋر ۋە چىدام بارچە مۇشكۇللەرنى يېڭىشنىڭ ئاساسىدۇر؛ بىزەڭلىك ۋە كاجلىق ئەڭ يامان خىسلەت؛ كەمتەرلىك ھەممىسىنىڭ ھەۋىسىنى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىتىدىغان يېقىملىق ئادەتتۇر.

نۇشىرىۋان بۇ ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى.

## يار جامالى

بىركۈنى مەجنۇن تولۇپ تاشقان ئاشىقلىق سەۋدايىلىقى بىلەن لەيلىنىڭ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، قەلبىدە ئىشق ئوتى يالقۇنلىغان مەستانە ھالەتتە بولۇپ، ئۇچرىغانلىكى تام – توسۇققا سۆيۈپ، كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلارنى تۆكەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— ئەي مەجنۇن، تام – توسۇققا سۆيگەن بىلەن ھېچ ئىش ھاسىل بولمايدۇ. تاش تاملاردا مەشۇقۇڭ جامالىنىڭ ئەكسى كۆرۈنمەيدىغان تۇرسا، ئۇنى سۆيۈشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سوراشتى.

مەجنۇن قەسەمياد قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سەمىمىي نىيەت بىلەن لەيلىنىڭ كوچىسىغا قەدەم قويدۇم. شۇڭا، لەيلىنىڭ جامالىدىن باشقا نەرسە كەلمەيدۇ. نەزمە:

كويىدا گەر كۆرمىسەممۇ ئۇنى مەن،
يار يۈزى دەپ تامنى كۆزگە سۈرىمەن.
بولمىسا گەر لەيلىنى سۆيمەك نېسىپ،
تۇپرىقىنى سۆيىمەن لەيلى بىلىپ.

لەيلىدۇر لەيلى كويىدا ھەممىسى،
ئاندا چۈشمەس كۆزگە ئۇندىن ئۆزگىسى.
بولسىمۇ يۈزلەرچە كۆز مەندە ئەگەر،
ھەر كۆزۈم يولىدا يۈزلەپ تەلمۈرەر.
ھەر قاچان باقسا ماڭا ئۇ بىر قىيا،
پادىشاھ بولغانغا تەڭدۇرمەن گادا.

## مۇھەببەت دېگەن

شەيخ مەنسۇر ھەللاجنىڭ زىنداندا مەھبۇس چاغلىرى ئىدى. شەيخ شىبلى شەيخ مەنسۇردىن سورىدى:

— مۇھەببەت دېگەن زادى قانداق نەرسە؟

— بۇ سوئالنى ھازىر سورىما، — دېدى شەيخ مەنسۇر ھەللاجى، — ۋاقتى كەلگەندە مېنى دارغا ئاسىدۇ، شۇ چاغدا بۇ سوئالىڭغا جاۋاب بېرىمەن.

شەيخ مەنسۇرنى دارغا ئاسقان ۋاقىتتا شەيخ شىبلى ئۆتكەنكى سوئالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. شەيخ مەنسۇر ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئەي شىبلى، مۇھەببەتنىڭ ئەۋۋىلى كۆيمەك، ئاخىرى ئۆلتۈرمەكتۇر. رۇبائىي:

ئاشىقلاردا بولمىغاي ھېچ ئەغياردىن ئەندىشە،
دائىم بولغاي دىلدا بىر دىلداردىن ئەندىشە.
دەردتىن جىسمى قۇرۇق چۆپ، ئۇندا كۆيەر ئىشق ئوتى،
لېكىن قىلماس ئۆرتەنمەك بىلەن داردىن ئەندىشە.

## كۈندەشلەرنىڭ ھىيلىسى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ئادەمنىڭ ئىككى خوتۇنى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى قېرى، بىرسى ياش ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ ساقىلى بولسا ماش گۈرۈچ يەنى، چار ساقال ئىكەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ چوڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ كۆزى بىر ئاز ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا خوتۇنى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ يۈز ۋە ساقاللىرىغا نەزەر سېپتۇ. ئاندىن ئۆز كۆڭلىدە: «بۇنىڭ قارا ساقاللىرىنى تاللاپ يۇلۇۋەتسەم، پۈتۈنلەي ئاق ساقاللىرى قالسا، ياش خوتۇنىنىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇيدۇ. ئېرىم ئۇنىڭ مۇئامىلىسىگە قاراپ بېقىپ ياش خوتۇنىغا بولغان مۇھەببىتى سۇسلىشىدۇ — دە،

پۈتۈنلەي مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېگەن خىياللارنى قىپتۇ. ئۇ ئېرىنىڭ قارا ساقاللىرىنى بىرىنمۇ قويماي يۇلۇپ تاشلاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى بۇ ئادەم ياش خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ قونۇپتۇ. بۇ خوتۇنمۇ كۆڭلىدە «بۇنىڭ ئاق ساقاللىرىنى يۇلۇۋېتەي. ئۇ چاغدا بۇ قارا ساقاللىرى بىلەن قېرى خوتۇنىنى خوتۇن قىلىشتىن نەپرەتلىنىدۇ - دە، ماڭا ئامراق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئېرىنىڭ ئاق ساقاللىرىنى پاك - پاكىز يۇلۇۋېتىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ كىشى ساقىلىنى سىيىلىغان ئىكەن، قولىغا ھېچ نەرسە ئۇرۇنماپتۇ. ئۇ خېلى پەرياد قىلغان بولسىمۇ ھېچ پايدىسى بولماپتۇ. نەزمە:

قىسما - قىسما ئۆتكۈسىدۇر كۈنىمىز،
باقمىغاي ھېچ بىرسىگە بۇ ئۆمرىمىز.

## ئەقىللىق بالا

سۇلتان مەھمۇدنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرى ئىدى. ئۇ غەزنەيىن باغلىرىنى سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. خوجە ئەھمەد ھەسەن مەيمەند سۇلتان مەھمۇد بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بۇ يەرگە بىللە كەلگەنىدى.

سۇلتان مەھمۇد بۇ يەردە ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ۋە خوجە ئەھمەدنى چاقىرىپ:

— ئاۋۇ يۈرگەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

خوجەئەھمەد دەرھاللا:

— ئۇ ئادەم ياغاچچى ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئۇنىڭ ئېتى ئەھمەد، — دېدى خوجەئەھمەد.

سۇلتان:

سەن ئۇنى تونۇمسەن؟ — دېۋىدى، ئەھمەد:

— تونۇمايمەن. چۈنكى ئۇ ئادەمنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئېتى ئەھمەد ۋە كەسپى ياغاچچى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

خوجە ئەھمەد:

— سىز مېنىڭ ئېتىمى ئاتاپ چاقىرىۋىدىڭىز، بۇ ئادەم جاۋاب بېرىشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەھمەد ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىم. ئۇ ئادەمگە دىققەت قىلسام، قۇرۇپ قالغان دەرەخلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ، ئويلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ

ئادەمنى ياغاچچىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
ــ ئۇ ئادەم بۇگۇن نېمە يەپتۇ؟ مۇشۇنى تاپالىساڭ سېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، ــ دېدى. خوجەئەھمەد:
ــ ئۇ ئادەم بۇگۇن يا ھەسەل، يا شىرنە يەپتۇ، ــ دېدى.
سۇلتان مەھمۇد ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا خوجەئەھمەدنى كۆرسىتىپ:
ــ بۇ بالىنى تونۇمسىز؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ مەن بۇ بالىنى تونۇمايمەن، ھازىر تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم.
سۇلتان يەنە:
ــ ئېيتىڭىز نېمە؟ نېمە ھۇنىرىڭىز بار؟ بۇگۇن نېمە يېدىڭىز؟ ــ دېگەنلەرنى سورىدى. ئۇ ئادەم:
ــ مېنىڭ ئېتىم ئەھمەد. ياغاچچىلىق ھۇنىرىم بار، بۇگۇن نان بىلەن ھەسەل يېدىم، ــ دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە خوجەئەھمەدتىن:
ــ سەن ئۇ ئادەمنىڭ ھەسەل يېگەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ئۇ كىشىنىڭ توختىماي لېۋىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىدىن چىۋىن نېرى بولمىدى. شۇنىڭغا قاراپ ئۇ كىشىنىڭ ھەسەل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە يېگەنلىكىنى بىلدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى خوجەئەھمەد.

## دورا نۇسخىسى (رېتسېپ)

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەخلاق - پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن، شېئىرىيەتتە پىشقان، ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكى بىلەن بىرەر ئىشنى قىياس قىلىشتا يەر يۈزىدە ئەڭ نادىر ئادەم ئىدى.
شۇ دەۋردە بىر ئادەم بار بولۇپ، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا تەڭداشسىز ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئالەمدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھاياتى ئاخىرلىشىپ قالغاندەك قالدى. چۈنكى ئۇ چاغدا كۆز كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئۇنىڭغا يېتىدىغان دوختۇر يوق ئىدى.
بىر كۈنى خەلىل ىبنى ئەھمەدنىڭ قېشىدا كىشىلەر ئۇ تېۋىپنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى ۋە ئۇئادەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ چاغدا خەلىل ىبنى ئەھمەد ئۇلاردىن:
ــ ئۇ تېۋىپنىڭ بىرەر پارچە دورا نۇسخىسى (رېتسېپ) مۇ قالماپتۇمۇ؟ ئەگەر بار بولسا شۇ بويىچە داۋا قىلساقمۇ بولاتتى، ــ دېدى.

— دورا نۇسخىسى تېپىلمىدى، — دېيىشتى كۆپچىلىك، خەلىل بىننى ئەھمەد:

— ئۇنىڭ دورا تارتىپ بېرىدىغان سايمان - قاچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

تېۋىپنىڭ بارلىق ئەسۋاب ۋە قاچا - قۇچىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. خەلىل بىننى ئەھمەد ئۇلارنى بىرمۇبىر پۇراپ چىققاندىن كېيىن ئون بەش خىل دورىنى تاللاپ ئالدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھېلىقى تېۋىپنىڭ ئۆيىدىن كۆز كېسەللىكىنىڭ دورا نۇسخىسى تېپىلدى. قارىغۇدەك بولسا، قارىغۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان دورا نۇسخىسى ئونئالتە خىل دورىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئونبەش خىلىنى خەلىل بىننى ئەھمەد پۇراپ تېپىپتۇ. ئەمما ئۇ بىر خىلنى بىلەلمەي قالغانىكەن.

## ئادىل خەلىپە

تومۇز كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى مۇستەنجىد خەلىپە ئۆزىنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بىرىگە:

— بىر ئۆيدىن زەرگەرنىڭ بولقا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئۆينىڭ ئىچىدە ئىشلەش تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش. قارىغاندا ئۇ بىر ئالدامچى بولسا كېرەك. شۇڭا ئوچۇق - ئاشكارا ئىش قىلىشتىن قورقۇپ، بۇ جاپانى ئۆزىگە راۋا كۆرۈپتۇ. سەن دەرھال شۇ مەھەللىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپقىن. زەرگەرنى قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن بىللە مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرىدى.

ھېلىقى مەھرەم بېرىپ زەگەرنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كىرىپ قارىسا، ئۇ تىللا سوقۇۋاتقان ئىكەن. مەھرەم زەگەرگە تىللالارنى كۆتۈرگۈزۈپ، خەلىپە مۇستەنجىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مۇستەنجىد ھېلىقى تىللالارنى ھەرقانچە تەكشۈرۈپمۇ ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالمىدى. ئاخىرى زەرگەردىن:

— سەن سوققان بۇ تىللالاردا ھېچقانداق گۇمان ۋە ئەيىب يوق ئىكەن. بۇنى نېمىشقا دۇكىنىڭدا ئاشكارا سوقماي، كېچىسى ئۆيۈڭدە سوقىسەن؟ — دەپ سوردى.

— ئەگەر دۇكاندا ئاشكارا سوقسام مەندىن تامغا بېجى ئالىدۇ. ئۆيدە يوشۇرۇن سوقسام تامغىغا ئالىدىغان باجنى ئۆزۈم راسخوتقا ئىشلىتىمەن. شۇڭا كېچىسى ئۆيدە ئىشلىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى زەرگەر. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلىپە مۇستەنجىدنىڭ زەرگەرگە ئىچى ئاغرىدى ۋە: — بۇنىڭدىن كېيىن دۇكىنىڭدا خاتىرجەم ئىشلەۋەرگىن. تامغا بېجى تۆلىمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى.

## ئەقىللىق سەيدە

مەجدۇددەۋلەنىڭ ئانىسى سەيىدە يولدىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەملىكەتنى ئۆزى

باشقۇرۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەنىدى. سەيىدە دائىم پەردىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ مەملىكەتنىڭ بارلىق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغىچە ئېنىق ئايرىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇنداقلا قوشنا مەملىكەت پادىشاھلىرىنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى ياخشى جاۋابلار بىلەن كۈتۈلىنى ئېلىپ ياندۇراتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۇنىڭ ئۇستىگە لەشكەر تارتتى ۋە ئالدىدا بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ: «ئەگەر جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ ماڭا بويسۇنۇپ، خۇتبىنى مېنىڭ نامىمغا قىلدۇرغىن. ماڭا باج تۆلەشنى ئۇستۇڭگە ئالغىن، بولمىسا جەڭگە تەييارلان!» دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى.

بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سەيىدە سۇلتان مەھمۇدقا مۇنۇ مەزمۇندا جاۋاب خەت يازدى:

«يولدىشىم ھايات ۋاقتىدا دائىم: مۇبادا سۇلتان مەھمۇد بۇ ئاجىز مەملىكىتىمىزگە قولىنى ئۇزىتىپ قالسا قانداق قىلارمىز دەپ غەم - ئەندىشە قىلاتتۇق. ئەمما بۇ ئەندىشىلەر يولدىشىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. مال - دۇنيا ۋە لەشكەرگە تايانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر سۇلتان مەن بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلسا، بىر ئاجىز ئايالغا غالىب كەلگەب بولىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق قەدىر - قىممىتى يوقتۇر ،بەلكى ئەيىب ۋە نومۇستۇر. چۈنكى شۇنداق بىر ئۇلۇغ سۇلتاننىڭ بىر ئاجىز ئايالغا زورلۇق قىلىشى مەردلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

مۇبادا سۇلتان ماڭا مەغلۇپ بولۇپ قالسا، تا قىيامەتكىچە كىشىلەر مېنى مەدھىيىلىشىدۇ. سۇلتاننىڭ نامى يېزىلغان قۇرلاردا بۇ ئىشنىڭ نومۇسلۇق ئىزلىرى ھەرگىزمۇ ئۆچمەيدۇ. چۈنكى دۇنيادا ھەربىر ئادەمنىڭ نامى قالىدۇ. ئەرلەرگە ئەيىب ۋە نومۇس كەلتۈرىدىغان بەزى ئىشلار ئاياللارنىڭ پەخىرلىنىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ...»

سەيىدەنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۇلتان ئوقۇپ كۆرسە، خەت ئەقىللىق مۇۋاپىق يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى بىكار قىلىپ ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى.

## ئادەمنىڭ رىسقى

خەلىپە ئەبۇ جەئپەر بىر كۈنى قەسرىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، قەسرىنىڭ ئالدىغا سۇ سېپىپ يۈرگەن ياشانغان بىر كوچا سۈپۈرگۈچىگە كۆزى چۈشتى. ئەبۇ جەئپەر بوۋاينى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ھاكىملارنىڭ ۋە پادىشاھلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. سىزلەردەك كەمبەغەللەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي ئېيتتىكى:

— پادىشاھ ۋە ھاكىملار بىر ئۆمۈر يەيدىغان رىسقىنى خەزىنىدىن بىراقلا ئېلىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ. بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەر كۈندىلىك رىسقىنى كۈندە ئاران تېپىپ يېيەلەيدۇ. شۇڭا بىزگە بۇيرۇلغان رىسقى نىسۋىمىز ئاسان تۈگەپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمىز.

خەلىپە ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز دەرھەم ئىنئام قىلىدى.

## خاسىيەتسىز دۇئا

ئەبۇجەئپەر خەلىپىلىك ئورنىدا ئولتۇرمىغان چاغلاردا ئەزھەر بىلەن ھەمىشە سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى خېلىلا مۇستەھكەم ئىدى.

ئەبۇجەئپەرنىڭ خەلىپىلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەزھەر بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىنىئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن باردى.

دەسلەپ بارغىنىدا ئۇ ئەبۇ جەئپەر بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلدى.

بايرام كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەزھەر ئەبۇ جەئپەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئەبۇجەئپەر ئۇنىڭدىن:

—نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئەزھەر:

سىزنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، خوشال بولۇپ سىزنى مۇبارەكلىگىلى كەلدىم، — دېدى. ئەبۇجەئپەر ئەزھەرگە مىڭ دىنار ئىنئام بېرىپ قايتۇردى.

ئىككىنچى يىلى يەنە شۇ كۈنى ئەزھەر ئەبۇجەئپەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەبۇجەئپەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ:سىزنى بىتاپ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدىم، — دېدى، ئەبۇجەئپەر ئۇنىڭغا يەنە مىڭ دىنار بېرىپ يولغا سالدى.

ئۈچىنچى يىلى ئەزھەر يەنە ئەبۇجەئپەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ قېتىمقى ئەزھەرنىڭ كەلگىنى ئەبۇجەئپەرگە خوشياقمىدى. ئۇ ئەزھەردىن:

— بۇ يىل كېلىشىڭگە نېمە سەۋەب بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىر چاغدا سىزدىن بىر دۇئانى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەمما ئۆگىنىۋالمىغان ئىكەنمەن، شۇ دۇئانى ئۆگىنىپ قويامدىكىن دەپ كېلىۋېدىم، — دېدى ئەزھەر.

ئەبۇجەئپەر ئېيتتىكى:

— ھەي ئەزھەر، ئۇ دۇئانىڭ ھېچقانداق خاسىيىتى يوق ئىكەن. چۈنكى ئۇزۇندىن بېرى سەن بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ ئۇ دۇئانى دائىم ئوقۇپ يۈردۈم. لېكىن ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. ئۇنداق خاسىيەتسىز دۇئانى ئۆگىنىمەن دەپ ئاۋارە بولمىغىن!

## ئەگەر ئادىل بولاي دېسڭىز...

خەلىپە مەئمۇننىڭ زامانىدا مەئمۇننىڭ كۆفەگە تەيىنلىگەن سەردارى ئۈستىدىن كۆفەلىكلەر ئەرز شىكايەتلەرنى قىلىشتى.

مەئمۇن ئۇ سەردارنى ھەرگىز خەلققە زۇلۇم سالمايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا مەئمۇن ئەزرز قىلىپ كەلگۈچىلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ سەردار توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلىدى. كۆفەلىكلەر:

— سەردار تولىمۇ زالىم، ئۇنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ، — دېيىشتى.

كۆفەلىكلەردىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەئمۇن غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا دەشنام بەردى. ئاندىن ئۇ سەردارنى ئادىل ۋە خەلقپەرۋەرلىكتە تەڭداشسىز، دەپ بىر مۇنچە ماختىدى. بۇ چاغدا كۆفەلىكلەردىن بىرى:

— راست ئېيتىسىز. بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تۆھمەت ۋە بۆھتان ئىدى. سىزنىڭ پەرمانىڭىز ھەقىقەتەن راست. ئەمما ئادالەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى شۇكى، ئادىللىق ھەممىگە تەڭ بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ باشلىقىمىز ئادالەت ۋە ئىنسابىتا تەڭداشسىز. ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن پەقەت بىز كۆفەلىكلەرلا بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز، باشقىلار مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئادىللىق قىلاي دېسڭىز بىر نەچچە ۋاقىت يەنە بىر شەھەرگە سەردار قىلىپ قويۇڭ. ئۇ شەھەرنىڭ كىشىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئادالىتى سايىسىدا ئاسايىشلىقتا ئېرىشسۇن. سىزگىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىدىن مەدھىيىلەر ياغسۇن، — دېدى.

مەئمۇن جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى ۋە ھېلىقى سەردارنى باشقا شەھەرگە يۆتكىۋەتتى.

## ئېتىقسىز چاقچاق

خەلىپە مۇتەۋەككىل بىننى مۇئتەسەم ھەمىشە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا ياقمايدىغان قىلىقنى قىلاتتى. بەزىدە شىرنىڭ زەنجىرىنى ئېلىۋېتىپ ئادەملەر يىغىلغان ئورۇنغا قويۇۋېتەتتى. بەزىدە تىرىك يىلانلارنى تۇتۇرۇپ كېلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ قوينىغا سالدۇرۇپ قوياتتى. ئەگەر ئۇ ئادەمنى يىلان چېقىۋالسا، زەھەر قايتۇرىدىغان «تەرياك» دېگەن دورا بىلەن زەھەرنى قايتۇرۇپ، يىلان چاققان ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالاتتى. بەزى چاغلاردا كوزىنىڭ ئىچىگە لىقمۇلىق چايانى توشقۇزۇپ ئەكەلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كوزىنى سۇندۇراتتى. چايانلار كىشىلەر ئارىسىدا ھەر تەرەپكە يامراپ كېتەتتى. ھېچكىم ھەرىكەت قىلىشقا ياكى قېچىشقا ئىمكانىيەت تاپالمايتتى. ئۇ ئەنە

www.uyghurkitap.com

شۇنداق نامۇۋاپىق ئويۇن - چاقچاقلارنى قىلاتتى.

بىر كۈنى مۇتەۋەككىلنىڭ ھۇزۇرىدا بىرەيلەن بىر سودىگەرنىڭ شەمشىرىنى ماختاپ، ھەددىدىن تاشقىرى تەرىپلەپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان مۇتەۋەككىل ئادەم ئەۋەتىپ ھېلىقى شەمشەرنى ناھايىتى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خاس قۇللىرىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن بارلىق غۇلاملارغا ئىشارەت قىلىپ:

— ھەممىڭلار شەمشەر تارتىپ مۇشۇ يىغلىغان كىشىگە ھۇجۇم قىلىڭلار، — دېدى.

باغىر باشلىق قۇللار خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە يۈگۈردى. فەتھ بىننى خاقان خەلىپىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئۇ قېچىپ بېرىپ خەلىپىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يىقىلدى ۋە:

— ئەي خەلىپە، سىزدىن كېيىن قېلىپ ھايات ياشاشنى خالىمايمەن. شۇڭا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆلەي، — دېدى.

بۇ مەيداندا ئەشقەت ھەييارمۇ بار ئىدى. ئۇ قاچقان پېتى بېرىپ بىر بورىنىڭ تېگىگە كىرىۋالدى ۋە:

— ئەي خەلىپە، مەن سىنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇن يىللار ئۆمۈر كۆرۈشنى خالايمەن، — دېدى.

## ئىككى خىل ئارزۇ

مۇستەنسىر خەلىپە بىر كۈنى ئۆز يېقىنلىرىدىن بىرى بىلەن بىللە خەزىنىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كىرىپ، ئالتۇن دىنار بىلەن لىق توشقۇزۇلغان بىر كۆلنى كۆردى. ئۇ:

— مەن مۇشۇ دۇنيالارنى ئىشلىتىپ تۈگەتكىچە ئۆمۈر كۆرەرمەنمۇ؟ — دېدى. ئۇنىڭ قېشىدىكى ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. مۇستەنسىر خەلىپە ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا كۈلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىر كۈنى بوۋاڭ ناسىر خەلىپە بىلەن بىللە بۇ خەزىنىگە كىرگەن ئىدىم. ئۇ چاغدا بۇ كۆل دىنارغا توشۇشقا ئىككى غېرىچ قالغان ئىكەنتۇق. ناسىر خەلىپە شۇ چاغدا «بۇ كۆلنى لىقمۇلىق دىنار بىلەن توشقۇزغۇچە مەن ئۆمۈر كۆرەرمەنمۇ» دېگەنىدى. بۇ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل ئارزۇغا ھەيران بولۇپ كۈلۈۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئادەم.

## ئەسكەرنىڭ خوتۇنى

ئەمىر لەيسىنىڭ قانۇن - تۈزۈمى شۇنچىلىك چىڭ ئىدىكى، لەشكەرلەر ئازغىنە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا ناھايىتى ئېغىر جازاغا ئۇرايتتى.

بىر كۈنى ئەمىر لەيس لەشكەرلىرىنىڭ ئات - ئۇلاق ۋە قورال - ياراقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولدى. ئۇ لەشكەرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ ئارىدا بىر ئادەم ئىنتايىن ئاۋاق بىر ئاتقا مىنىپ ئەمىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. بۇنى كۆرگەن ئەمىر قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى سەمرىتىپ، ئاتلىرىنى ئورۇقلىتىۋېتىدىغانلىقى ئاجايىپ ئىش ھە! — دېدى. ھېلىقى بىچارە ئادەم ئەمىرنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كېتىپ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە:

— مېنىڭ خوتۇنۇم ئېتىمدىن يۈز ھەسسە ئورۇق. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىمۇ ئەپكېلىپ ئالدىڭىزدىن ئۆتكۈزەي، — دېدى.

ئەمىر بۇ سۆز يېقىپ كەتكەچكە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىلدى.

## ھاتەم تەيىنىڭ پەزىلىتى

ھاتەم تەي بىركۈنى ئالىي زىيابەت تەييارلىدى ۋە ئۆز قەۋمى ئۇلۇغلاردىن بىر قانچىنى زىياپەتكە چاقىردى. يولدا كېتىۋاتقان بىر دىۋانە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى. ئۇ مېھمانلارغا قوشۇلۇپ ھاتەم تەيىنىڭ زىياپىتىگە كىردى. ھاتەم تەيىنىڭ نەزىرى دىۋانىگە چۈشتى - دە، دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تۆرگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ:

— ئەي ھاتەم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سورىاشتى. ھاتەم:

— سىلەرنى بۇ يەرگە مېنىڭ نازۇ نېمىتىم كەلتۈردى. ئەمما بۇ بىچارىنى بولسا، مېنىڭ ساخاۋىتىمنىڭ شۆھرىتى يەتكۈزدى. شۇڭا بۇنىڭ مەرتىۋىسى سىلەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

## دۇشمەنلىشىش ئىنتايىن يامان ئادەتتۇر

ئەي دوست، ھوشيار بولغىنىڭكى، جاھان ئەھلىدىن ۋاپا كەلمەيدۇ. ئۇلاردىن دوستانىلىك ناھايىتى يىراق. ئەگەر ياخشى ئويلايدىغان بولساڭ، جاھان ئەھلى ئارىسىدا تۈگىمەيدىغان بىر ھۈنەر بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆچلىشىش، ئاداۋەت بىلەن ئۆمرىنى زايە قىلىشتىن ئىبارەت. بىرنەچچە خىل ئادەملەر باركى، ئۇلار ھەمىشە ئاداۋەت ۋە دۇشمەنلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار بىلەن بىرى قاچانكى ھەمكارلاشسا، ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئازار بەرمەي قالمايدۇ. كىمكى بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىسە، ئۇنىڭغا دەل ھۈنەردىشى دۈشمەن بولىدۇ. بىرى بىرەر ئىشتا ماھارەت كۆرسەتسىلا، يەنە بىرىمۇ شۇ ئىشقا چاڭ سالىدۇ - دە، ھەر تەرەپتىن لاپ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىتلىشىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە

قارشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى كېچە - كۈندۈز كەم بولمايدۇ. ئەمما ئۇنداق ئىشلار كۆپىنچە ھۇنەرۋەنلەر ئارىسىدا بولماستىن، بەلكى دۆلەتمەنلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: پادىشاھلار يۇز مىڭلىغان چېرىكلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزئارا شاھلىقنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىشىپ، بىر - بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىشىدۇ. ھاكىملار بولسا، ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ئورۇنباسارى دەپ بىلىشىپ، ھاكىمىيەتنى تالىشىپ ئۆزئارا زىددىيەتلىشىدۇ. لەشكەر بېشى، قوماندان، چېرىك بەگلىرى لەشكەرلىرى ئىشلاردىكى ھوقۇق - ئىمتىيازنى تالىشىپ، بىر - بىرىگە ئورا كولايدۇ. ئۇلار پادىشاھقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، مەنسىپى قانچە ئۆسكەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىشىش شۇنچە كۈچىيىدۇ. بىلىشى ئازراق بولغان ئاددىي خەلقنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش، ئۆچلىشىش ئوردىدىكىگە ۋە دىۋان - مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكىگە قارىغاندا ئاز كۆرۈلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ۋەيرانچىلىق ۋە سورۇقچىلىقى يەنىلا دۈشمەنلىشىش ئۆچلىشىشتىن كېلىپچىققان. ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆچلىشىشى بىرنەچچە ئائىلىنى ۋەيران قىلىش بىلەن شۇ قاتاردا ئۆزىنىمۇ خاراب قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما دۈشمەنلىشىشنى پادىشاھلار ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۆز مەرتىۋىسىنى باشقا پادىشاھلاردىن ئۈستۈن بىلىپ، ئۇلارنى ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزۈشنى قەستلىسە، بۇنداق خىيال پۈتكۈل ئالەم خەلقىنى خانىۋەيران قىلىدۇ. بۇ گوياكى بىر توپان بالاسى. بۇ بەئەينى دەريالارنىڭ تاشقىنى، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ شىددەتلىك چايقىلىشىدۇر، بۇنداق مەملىكەتتە ئامانلىق ۋە ئاۋاتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇنداق بالا - قازا تاشقىنىدىن ھېچكىم ئامان قالمايدۇ. پۈتكۈل خەلق جەبىر - زۇلۇمغا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر ئىككى پادىشاھ دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلىسا، جاھان ئەھلى ئۇ ئىككىسىگە لەشكەر بولۇپ، ھەممىسى بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماستىن قىلىچ يالىڭاچلاپ، بىر - بىرىگە ھالاكەت تىغلىرىنى تەڭلەيدۇ. ئاتا بىر پادىشاھقا، ئوغۇل يەنە بىر پادىشاھقا لەشكەر بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بىر - بىرىگە يول قويمايدۇ. ئاداۋەت ۋە قەھرى - غەزەپ شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتىسى ئالدىرايدۇ. ئوغلىمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ. قېرىنداش قېرىنداشنىڭ بېشىنى كېسىشتىن تەپ تارتمايدۇ. دوستلار دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ. بىر ئۆيدىكى كىشىلەرمۇ بىر - بىرىدىن كېچىشىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئەھۋالدا يات كىشىلەر قانداق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق شىددەتلىك قارا بوران جاھاننى قاپلايدىغان بولسا، پىتنە - پاساتنىڭ چاڭ - توزانلىرى خالايىقنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز خۇدىنى بىلمەيدىغان، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان، ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدىغان بولىدۇ. جاھان ئەھلى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، بۇلاپ - تالايدىغان ۋە بىر - بىرىنى ۋەتەنلىرىدىن قوغلاندى قىلىدىغان ھادىسىلەر ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئالەم بىر ۋەيرانە خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. گەرچە جەڭ ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاداۋەتمۇ پەقەت ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ زىيان - زەخمەتلىرى، بالايىئاپەتلىرى پۈتكۈل خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئاشۇ ئىككى شاھنىڭ دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن سان - ساناقسىز ئاجىز بىچارىلەر ئاياغ ئاستىدا پايخان بولۇپ يانجىلىدۇ، ھالاك بولىدۇ. ئىككى پادىشاھ بىچارە پۇقرالارنىڭ جېنىغا رەھىم قىلماستىن جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزۈشۈپ، ئۆزئارا كۈچ سىنىشىدۇ. نەتىجىدە بىرى بىرىگە مەغلۇپ بولۇپ، يەنە بىرى غەلىبە قىلغان بولىدۇ. بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنداق كۈن ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرالىرى ئۈچۈن ئاپەت كۈنى، ياق، بەلكى قىيامەت كۈنىدۇر. بۇنداق پادىشاھلاردىن كۆرە، بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئىككى نامرات بىچارىنىڭ ھال - كۈنى ياخشىراقتۇر. چۈنكى ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويۇپ، بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، بىرى قوللىغاننى يەنە بىرىمۇ قوللاپ، بىرى قارشى تۇرغانغا يەنە بىرىمۇ قارشى چىقىپ، دوستانە ئۆتىدۇ. شۇڭا بىر - بىرىگە مۇخالىپ ئىككى پادىشاھتىن بىر - بىرىگە مۇۋاپىق ئىككى قەلەندەر ياخشىراق.

## ئاداۋەتنىڭ جاھالىتى ۋە ساداقەتنىڭ خاسىيىتى

شۇنداق بىر مەشھۇر ۋەقە باركى، چىڭگىزخان بىلەن خارەزمشاھ ئاداۋەتلىشىپ جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزگەندە ئالەم شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى، ئۇنى شەرھلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ۋاقتىكى، بۇ جەڭدە چىڭگىزخان غەلىبە قىلىپ، خارەزمشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى. ئاندىن خارەزمشاھنىڭ پۇقرالىرىغا ئاداۋەت قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئەلنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. جەبىر - زۇلۇم دېڭىزى قەھرى - غەزەپ قايناملىرىنى ھاسىل قىلدى. ئاتا ئوغۇلدىن، ئانا قىزىدىن خەۋەر ئالالماي پەرياد چەكتى. ھاياتلىق بىناسىنى ئەجەل ماتەملىرى تەۋرىتىشكە باشلىدى. ھېچ يەردە تىنچ - ئامانلىق قالمىدى.

ئەلقىسسە، شۇ ۋاقىتلاردا شام شەھىرىدە بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك ئىككى دوست بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى جېنىدىن بەكرەك ئەزىزلەيتتى. ئۇلارمۇ بىر كۈنى چىڭگىزخاننىڭ قەتلىئام قىلغۇچى سىپاھلىرىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ سىپاھلارنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان ۋە قاتىللىق خۇمارى تۇتقانىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلالايدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ ئىككى دوست ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. جاللاتلار بۇ ئىككىسىنى ئۆلۈم مەيدانىغا سۆرەپ كېلىشتى. بۇ ئىككى دوست بىر - بىرىگە جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىرىنىڭ بېشىغا كەلگەندى، يەنە بىرى نالە قىلغان ھالدا:

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇ بىردەم بولسىمۇ ئۆزۈنراق ياشىۋالسۇن، — دەپ

يالۋۇردى.

جاللات بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ يەنە بىرىنىڭ يېنىغا قىلىچ تەڭلەپ كەلگەندى، ئالدىنقىسى نالە - زار قىلىپ تىلەپ تۇرۇۋالدى:

— خۇدا ھەققى، ئۇنى بالدۇر ئۆلتۈرمىگىن، ئالدى بىلەن مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇنىڭ جان ئازابى تارتىپ قىينالغانلىقىنى كۆرۈش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاب، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.

دەل مۇشۇ چاغدا چىڭگىزخان ئۇخلاۋاتقانىدى، بۇ ئىككى دوستىنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغاندا، بىرەيلەن چىڭگىزخانغا: «بۇ ئىككىسىدىن مېھىر - مۇھەببەت، ۋاپادارلىق يولىنى ئۆگەن. خالايىققا جەبىر - زۇلۇم قىلىشىڭنى توختات. خارەزمشاھ سەن بىلەن ئۆچەكەشكەن بولسا، بۇ ئىشتا خالايىقنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئىككى پادىشاھ ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن جاھاننى بۇزۇپ، خاراب قىلدىڭلار. بۇ ئىككى دوست بولسا بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، ساداقەت - ۋاپادارلىق كۆرسەتتى. بۇلاردىن ئىبارەت ئال» دەپ بېشارەت بەردى. چىڭگىزخان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، قەتلىئام قىلىشنى دەرھال توختىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. ئۇ ئىككى دوستىنىڭ ساداقىتى، ۋاپادارلىقىدىن بىر مەملىكەتنىڭ خەلقى بالا - قازادىن نىجادلىققا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ چىن دوستلۇقى باشقا دىندا بولغان بۇ قەتلىئام قىلغۇچىلارغىمۇ تەسىر قىلىپ، ئالەم خەلقىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىغا سەۋەبچى بولدى. ھەرقانداق بىر كىشى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق يولىنى تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇلارغا بۇ تەمسىل قىيامەتچىلىككىچە يەتكۈدەك دەرس بولالايدۇ.

## مەجنۇننىڭ ھېكايىتى

بىچارە مەجنۇن قىش - ياز دېمەستىن ھەمىشە چۆل - جەزىرىلەردە سەرسان بولۇپ يۈرەتتى. ھاۋا قىزىغاندا ئۇ يۈرگەن چۆل دوزاختىن بىر نەمۇنە بولۇپ قالاتتى. بىراق مەجنۇننىڭ شۇنداق ئادىتى بار ئىدىكى، سايىدا تۇرمايتتى، ئۇ چۆلدە سايىمۇ تېپىلمايتتى. ئەگەر قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرى دەشتكە يامرىسا، ئۇ يەنىلا يۇرتىغا قايتمايتتى ياكى ئىسسىنىش ئۈچۈن بىرەر گۈلخان تەرەپكىمۇ مەيلى تارتمايتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل مايىللىقى لەيلى تەرەپتە ئىدى. لەيلى قەيەردە بولسا، ئۇنىڭ مەيلى شۇ ياققا تارتاتتى. ئۇ خۇددى تاڭ شامىلى گۈل تەرەپكە يۈرگەندەك جان - جىنىدىن دەردمەنلەرچە نالە - پىغانلار چېكىپ، لەيلى تەرەپكە قەدەم قوياتتى. بىر يىلى قىشتا ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولدى. مەجنۇن قۇيۇندەك پىرقىراپ يۈرۈپ، لەيلى تەرەپكە يېقىنلاپ قالدى. بۇ چاغدا گوياكى بۇلبۇلغا گۈلزارنىڭ پۇرىقى كەلگەندەك، ئۇنىڭ دىمىغىغا لەيلىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. بۇ چاغ قارا تون بولۇپ، شامال ئۇنىڭ دىمىغىغا يارنىڭ پۇرىقىنى كەلتۈرگەنىكەن. مەجنۇن شۇ ھامانلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قەدەملىرىنى ئۇرۇپ، لەيلىنىڭ

ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىككە تېگىش بىلەنلا ئىشىك ئېچىلدى. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆي ئىچىدە لەيلى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ جامالى قارا تۈندە تۇغقان قۇياشتەك پارلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ھەيرانلىق ۋە ئىشتىياق ئۇنىڭ جىنىغا قىيناقلارنى سالدى. تاقەتسىزلىك ئۇنى خاراب قىلدى. ئۇ لەيلىنىڭ ئالدىدا تۇپراققا باش قويۇپ، ئىككىلا ئالەمدىن ئىككىلا كۆزىنى يۇمغان ھالدا ياتتى. لەيلى بۇ ئەھۋالنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ھۇجرىسىدا ئۇنى پىنھان ساقلىدى. كىشى ئەقىل - ھوشىنى تەرك ئەتكەندە بۇنداق مۇرادىغا يېتەلىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئەقىل - ھوش دېگەنلەر ھارام بولسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشقنىڭ كارامىتىدۇر. ئىشق - مۇھەببەت ئىچىدىلا مۇشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئىشق - مۇھەببەت بولمىسا، بۇنداق ئىشلارمۇ بولمايدۇ. نەزمە:

نەۋائىغە، يا رەب، قەرىب ئەت ئانى،
قەرىب ئەتتىڭ ئېرسە نەسىب ئەت ئانى.

## ئىككى دوستنىڭ ھېكايىسى

خۇراسان شەھىرىدە بىر - بىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ئىككى دوست بار ئىدى. ئۇلار جاھاننىڭ ھاۋادىساتلىرىدىن زەربىگە ئۇچراپ، تىرىكچىلىك يولىنى تاپالماي ئاجىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىدا خارلىققا قېلىپ، دائىم كىشىلەرنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرايتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، كىشى نامرات ۋە بىچارە بولۇپ قالغان چاغلىرىدا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئازراق چېلىققان تۇزۇك. بۇنداق چاغدا ئادەملەرنىڭ كۆزىگە تولا كۆرۈنۈش خارلىق ۋە ھاقارەتكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇنچە - ياقۇتلار كىشىلەرگە ئاز چېلىققانلىقى ئۈچۈن ئەزىزلىنىدۇ، ئەتىۋارلىنىدۇ؛ ئېشەك مونچىقى تولا ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باھاسى بىر يارماققا يەتمەيدۇ.

بۇ ئىككى دوستتىن بىرى سەپەرگە چىقىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ سەۋەبتىن نادامەتتىن قۇتۇلدى. سەپەر جەريانىدا ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆردى. نېسىۋىسى ئۇنى ئاخىر يۇنان شەھىرىگە ئاپىرىپ چۈشۈردى. بۇ خۇددى ئۆلۈك ئادەم ئابىھاياتقا ئېرىشكەندەك ئىش بولدى. ئەزەلدە ئۇنىڭ ئىلىم - ھېكمەت ئىگىلەش قىسمىتى بار ئىدى. شۇڭا، بىرنەچچە مۇددەت ئۇ يەردە تۇرۇپ، ئالىم - ھۆكۈمالار بىلەن سۆھبەتداش بولدى. بۇ تۇپەيلىدىن ھېسابسىز ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەپ، ئۇستازلىق دەرىجىسىگە يەتتى. ھەركىمدە نىيىتىگە يېقىپ قابىلىيەت پەيدا بولىدۇ. شۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ زېھنى ئېچىلىپ، ئىلىم - ھېكمەتلىرىدىن خەۋەردار بولدى. ئۇ يەنە مۇشۇ ئىشقا قىلغان سەپىرى بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىپ، پەخىرلىنىپ ئولتۇرماستىن، يەنە سەپەر قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سەپىرى ھىندىستان مەملىكىتىگە چۈشتى. ئۇ

يەرگە بارغاندىن كېيىن ھىندىستان پادىشاھىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتتى. پادىشاھ ئۇنىڭ دانا ۋە بىلىملىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاردا كىشى قويۇپ: «كۆزۈمنىڭ نۇرى يېگانە ۋە پاكىز بىر قىزىم بار. ئۇنى شۇ دانىشمەنگە نىكاھلاپ قويسام، بۇ ئارقىلىق ئۇنىمۇ ئۆزۈمگە بالا قىلىۋالسام» دەپ سۆز ئاچتى. ئۇ دانىشمەن ھېكىم بۇ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىككى كۈن ئىچىدە تەييارلىقىنى پۈتكۈزدى. پادىشاھ ئۆز ۋەدىسى بويىچە بۇ ئىككى پەرزەنتنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشتى. پادىشاھلىق ئۇ دانىشمەنگە مىراس قالدى. ئۆز دىيارىدا قېپقالغان دوستى بۇ دانىشمەننىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال سەپەرگە چىقتى. پەلەكنىڭ زۇلمىدىن جىسمى پايمال بولغان ھالدا بۇ ئەلگە يېتىپ كەلدى. كۆردىكى، دوستى راستتىنلا پادىشاھ بولغانىدى. پادىشاھ بۇ دوستىنىڭ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدى.

ئۆز يۇرتىدا خارۇزار بولۇپ، كىشىلەر ئالدىدا مېھنەت ۋە مۇشەققەت چەككەن، ھاقارەتلەنگەن بىر ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ۋەزىرلىككە ئېرىشكەنلىكى سەپەرنىڭ خاسىيىتىدۇر. ئالدىدا سەپەر قىلغان دوستىنىڭ سەپىرى كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، سەلتەنەتكە سازاۋەر بولدى. ھەر كىم ئۆز ۋۇجۇدىدا سەيلە قىلىش يولىنى تۇتسا، ئۇ ئاخىرى ياخشى ئىشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئەي تەڭرىم، بۇ بىچارە سىدىقىمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا مەنىۋى جەھەتتىن سەيلە قىلىش يولىنى ئاتا قىلغايسەن.

## ھوشيار ئۇستاز نەسىھەتنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئىش ئۆتكەندە قىلغان پۇشايمىنىدىن پايدا تاپالمىغان غاپىل يىگىتنىڭ ھېكايىتى

ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى بىر ياش يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چىھرىمۇ دىلنى مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىدى. بىراق ئۇ ئۆز ياشلىقىنىڭ تەقەززاسىدىن بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ، قىش - ياز نەغمە ۋە شاراب بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ تەرىقەت ۋە ئەدەپ - ئەخلاق يولىدا پىر - ئۇستاز دەرىجىسىگە يەتكەن بىر ھەمسايىسى بار ئىدى، ئۇ يىگىت بىلەن تەڭ دېمەتلىك ۋە قوشنا ئىدى. بۇ يىگىتنىڭ ناشايان ئىشلىرى ۋە غەلۋە - ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇرغان ئۇستا كۆپ تەڭلىكتە قالاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا دائىم سىلىق ۋە يېقىملىق لەۋزى بىلەن پەندى - نەسىھەتلەرنى قىلاتتى. لېكىن ئۇ يىگىت نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي: «ياشلىق دېگەن راھەت - پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان، قېرىلىق بولسا، تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان مەزگىلدۇر. تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىقنى قېرىغان مەزگىلدە قىلغان ياخشى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ دائىم شاراب بىلەن كۆڭلىنى خۇش

قىلىپ، كۆننى ئۆتكۆزەتتى. ياشلىق مەزگىلى ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىدا مادار، تېنىدە قۇۋۋەت قالمىدى. ئۇ ئەمدى تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتلىنىپ قالغان پاسىقلىق ھەم زەئىپ - ناتىۋانلىق تۇپەيلىدىن ئىبادەت قىلالمىدى. قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قىلچىلىك زوق ۋە ھۇزۇر ئالالمىدى. ئۇ يىگىت شۇ ھالەتتە قېرىپ ئۆمرى ئاخىرلاشتى. بۇ چاغدا پىر - ئۇستاز ئۇنىڭ ياتقان يېرىگە كىردى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇستاز ئۇنىڭغا ئېچىنغان ھالدا بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— قانچە قېتىملاپ پەندى - نەسىھەت قىلغانىدىم، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا، — لېكىن سەن قۇلاق سالماي، ئورۇنسىز ئىشلارنى قىلدىڭ. بېشىڭغا مۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟

ئۇ كىشى لېۋىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ:

— ئۇ چاغدا مۇنداق تەجرىبە مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتمىگەنىدى. قېرىغان چېغىمدا بۇنداق زەئىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ياش ۋاقتىمدا ھەرگىز يامان ئىشلارغا يولىماس ئىدىم، — دېدى.

— مەن ساڭا نەسىھەت قىلغان چاغلاردا ئاتاڭ نەچچە ياشلاردا بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇستاز ئۇنىڭدىن.

ئۇ كىشى ھېسابلاپ كۆرۈپ:

— بىر يۈز ئون ئىككى ياشتا، — دەپ جاۋاب بەردى.

— شۇ چاغدا ئاتاڭمۇ سېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭدەك زەئىپ ھالەتتە بولغىيدى، — دېدى ئۇستاز كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەجرىبە بولامدۇ؟

ئۇ كىشى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قايىل بولدى.

## بۇلبۇلنىڭ ھېكايىتى

باھار كېلىپ گۈل ئېچىلغاندا، بىر باغنىڭ ئىچىدە بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى يارغانسىرى ئەۋجىگە چىقتى. بۇ باغدا دائىم تۇرۇشلۇق بىر قاغا بۇلبۇلنى ئەيىبلەپ تاپا - تەنە قىلغىلى تۇردى:

— ھەي بىھۇدە سۆزلەيدىغان ساراڭ، — دېدى ئۇ بۇلبۇلغا، — سېنىڭ ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ بىر ئاي ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ چىمەننى غەمكىن ۋە خامۇش ھالدا كېزىسەن. پەقەت بىر ئايلا نالە - زار، غەلۋە - غوۋغا قىلىسەن. سەندە بىرەر ئىشقا سالماقلىق، مۇقىملىق دېگەن نەرسە بارمۇ؟ مۇشۇنداق يەڭگىلتەكلىكىڭ ۋە تۇراقسىزلىقىڭ بىلەن چىمەن قۇشلىرىدىن ئۇيالماسەن؟!

— ئەي ئەقىلسىز، — دېدى بۇلبۇل قاغىغا جاۋاب بېرىپ، — سەن ئىشق دېگەننى

چۈشەنمەيسەن، مېنىڭ كۆيۈپ، ئۆرتىنىشلىرىمنى قانداقمۇ سېزەلەيسەن؟! باغدا ئون بىر ئاي گۈل يوق. شۇڭا، بۇ كۈنلەردە مېنىڭ تىرىكچىلىكىم خۇددى سېنىڭ رەڭگىڭدەك قارا بولىدۇ، مەندە غەم - غۇسسە ۋە دەرد - ئەلەم كېچە - كۈندۈز كەم بولمايدۇ. ئەمما باھار شامالللىرى ئەسكەندەر، گۈل ئېچىلىپ، جىلۋىلىنىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى چىن ئىپارىدەك خۇش پۇراق چېچىشقا باشلايدۇ. چىمەننىڭ گۈزەل ھۆسنى ماڭا ئىشق ئوتىنى زىيادە سالىدۇ. پەرياد - پىغان بىلەن ناۋا قىلىشىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. چىمەندىن چوڭ كەبى گۈل كېتىپ قالغاندا، مەن باغدا كىم بىلەن ھەمراھ بولىمەن؟ ساڭا ئوخشاش كۆمۈر بىلەنمۇ؟! ساڭا ئوخشاش قارا قوڭغۇزنىڭ ھاياتىغا گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى دەخلى قىلسا كېرەك. سەن ئاشۇ ھالىتىڭ بىلەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى قاچانمۇ چۈشىنەرسەن؟! شۇڭا ساڭا سۆزلىگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ سەن بىلەن سۆزلەشمىگىنىم ياخشىراق.

بۇلبۇل ئىشق دەردىنى يۇقىرىقىدەك بايان قىلغاندى، قاغا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالماي قارىداپ كەتتى. قاغا بەئەينى قىش كۈنلىرىدىكى بۇلبۇلدەك جىمىپلا كەتتى.

## بىر كەپتەرنىڭ ھېكايىتى

بىر خەۋەرچى كەپتەر بار ئىدى. ئۇ بىر ئاشىقنىڭ خېتىنى مەشۇقىغا يەتكۈزىمەن دەپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، غۇلاچلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. توساتتىنلا بىر پادىشاھ ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرۇپ تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ قاناتلىرىنى مەجرۇھ قىلىپ، ئۆيىگە سولىۋالدى. پەلەكنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ كەپتەر بىرنەچچە يىل سولاقتا ياتتى. گەرچە ئۇنىڭ سولانغان جايى جەننەتتەك گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەپتەرنىڭ نەزىرىدە زىنداندىنمۇ بەتتەررەك ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ كەپتەر پادىشاھنىڭ قەسرىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى. ئۇ خۇشال - خۇرام ھالدا ھاۋادا پەرۋاز قىلدى. ئۆزىنىڭ دىيارىنى ئىزدەپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە نەزەر سېلىپ، كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. نەچچە كۈنلۈك يولنى بىردەمدىلا بېسىپ، ئۆز دىيارىغا يېتىپ كەلدى. لېكىن دەۋران زۇلمى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يۇرتى ئۆزگىرىپ ۋەيران بولغانىدى. كەپتەر بۇ يەرگە مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئۆيىنى تاپالمىدى. لېكىن كەپتەر ئۇچۇشتىن قانات ياپماستىن، ئۆز ئۆيىنىڭ خارابىسىنى ئىزدىدى.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تام ئۈستىگە دانلارنى چېچىپ، ئۇ كەپتەرنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، تالايلىغان قاپقان - توزاقلارنى قۇردى، ناھايىتى كۆپ تىرىشىپ باقتى. لېكىن كەپتەر ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ ئىلتىپات قىلمىدى. توختىماستىن قانات قېقىپ نەچچە نۆۋەت دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ، ئۆز ئۇۋىسىنىڭ ئىمىنى ئىزدىدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن

ئىزدەپ، ئاخىر بۇزۇلغان ئۆۋىسىنىڭ تېمىنى تاپتى - دە، ئۇ يەرگە قونۇپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇ كەپتەرگە تونۇشلۇق بۇ ۋەيرانە ئۇۋا پادىشاھنىڭ ناتونۇش ئالتۇن قەسىردىن مىڭ مەرتىۋە ئەلادۇر. ھەقىقەت كۆزى بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساڭ، قۇشلار ئۇچۇن ياقۇت - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن قەپەستىن تىكەن - چاتقاللار بىلەن ئورالغان ئۆز ئۇۋىسى ياخشىدۇر.

## مەشرىقتە خەزىنىگە ئېرىشكەن بىر ئادەمنىڭ ھېكايىتى

بىر كىشى مەشرىقتە بىر خەزىنىنى تاپتى. ئۇ خەزىنە پۈتۈنلەي قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار بىلەن تولغانىدى. خەزىنىنىڭ ئىشىكىگە: «بۇ خەزىنىنى تاپقان كىشى مەغرىب دىيارىغا بارسا، پالان يەردە بۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق بىر خەزىنە بار. ئۇنىمۇ تېپىۋالسۇن» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. ئۇ خام تەمە كىشى بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن «ھەر ئىككىلا خەزىنىگە ئىگە بولاي» دەپ ئويلاپ، بۇ يەردىكى خەزىنىنى ئۆز جايىدا يوشۇرۇپ قويدى - دە، ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، مەغرىب تەرەپكە يول ئالدى. نەچچە يىل دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريا - دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ، يۈز مىڭلارچە بالا - قازا ۋە جەبىر - جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ئىزدىگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ خەزىنىنى تېپىش بىلەنلا ئەجىلى توشۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بىچارە يا بۇ خەزىنىدىن بەھرىمەن بولالمىدى ياكى ئۇ خەزىنىدىن پايدىلىنالمىدى. ئۆمۈر بويى تالاي جاپا - مۇشەققەتنى چېكىپ، ئاخىر جېنىدىن ئايرىلدى.

شۇنى بىلگىنكى، دەريا ۋە قۇرۇقلۇقلارنى بويسۇندۇرغان كىشى پادىشاھ ئەمەس، بەلكى ئۆز نېسىۋىسىگە ئېرىشكەن كىشى پادىشادىشاھتۇر. كىمكى بۇ مەنىنى چۈشىنىپ يېتەلىسە، شۇ كىشى ئەقىللىق ۋە بەختىيار كىشىدۇر.

ھېكمەت:

ئىسكەندەر سوقراتتىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي بۈيۈك دانىشمەن، شۇنى بايان قىلغىنكى، پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇ قورشاپ تۇرغان بولسا بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمىشقا ئۇ سۇ پۈتكۈل يەر يۈزىنى بېسىپ كەتمىدى. نېمە ئۈچۈن «رۇبئى مەسكۇن»دىن ئىبارەت بۇ تۆتتىن بىر قىسىم يەرگە كەلگەندە سۇ ئاز كېلىپ قالدى؟ مۇھىت دېڭىزىدىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان يەتتە چوڭ دېڭىز نېمە ئۈچۈن زېمىن يۈزىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالالمايدۇ؟ بۇنىڭدا قانداق سىر - ھېكمەت بار؟

— ئەي دېڭىز بىلەن تەڭداش پادىشاھ، — دېدى سوقرات جاۋاب بېرىپ، — ھۆكۈمالار ئالدىدا شۇ نەرسە ئايانكى، يەر تۈپتۈز ۋە ياپىلاق بولماستىن، بەلكى ئېگىز -

پەس ۋە يۇمىلاقتۇر. سۇ بولسا چوڭقۇر يەرگىلا مايىلدۇر. ئەگەر يامغۇر سەۋەبىدىن سەل كەلسە، ھامان ئۇ سەل ئېگىزدىن پەس يەرلەرگە قاراپ ئاقىدۇ. ئېگىز يەرلەرگە چىقمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا دېڭىز سۈيىمۇ ئېگىز يەرلەرگە چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىزلارنىڭ سۈيى يەر يۈزىنى پۈتۈنلەي بېسىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئۆزى بىر سىر. بۇ ھەقتە سۆزلەشكە تىل ئاجىزدۇر.

ئىسكەندەر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قايىل بولۇپ، سوقراتقا ئاپىرىن ئېيتتى.

## جاھان بەزمىسى

جاھان بەزمىسىنىڭ ساقىيلىرى شۇ قەدەر ھاياسىزكى، ئۇلار ئۆمۈر پىيالىسىگە ئۆلۈم زەھىرىنى قۇيۇشتا غاپىل بىلەن ھوشيارنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. ھايات بېغىنىڭ باغۋەنلىرى شۇ دەرىجىدە ۋاپاسىزدۇركى، ئۇلار تىرىكلىك شاخلىرىنى ئەجەل تىغى بىلەن كېسىشتە پادىشاھ بىلەن گادايىنى پەرق ئەتمەيدۇ. بۇ بولسا ئالەمدىن ئىبارەت چاڭ - توزاندىن ئېتەك سىلكىشكە ئىشارەت ۋە بۇ ھالاكەت گىردابىدىن قول ئۈزۈشكە بېشارەتتۇر.

ئەي كۆڭۈل، بۇ جاھان تۇراقسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ۋاپا كېلەرمىكىن دەپ تەمە قىلما. بۇ جاھان بىر چوڭ كېسەكتىنلا ئىبارەت، بۇ كېسەكتىن ئېتىكىڭنى يىراق تارتقىن. جاھاندىن ئىبارەت بۇ كېسەكنى چوڭقۇر دېڭىز ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى دېڭىزغا غەرق بولغان، تۆتتىن بىر قىسمىلا سۇ سىرتىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سەن لايغا بۇلغانمىسۇن دېسەڭ، سۇ ئىچىدىكى پالچىقتىن ئېتىكىڭنى تارتقىن. كۆڭلۈمنى كىر باسمىسۇن دېسەڭ، سۇ سىرتىدىكى چاڭ - توزاندىن يىراق تۇرغىن. بۇ پالچىق بىلەن توزاندىن تېز قاچقىن. چۈنكى ئۇنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان كىشى زادىلا قۇتۇلالمايدۇ. شاھ بەھراممۇ ئاشۇ پاتقاققا پېتىپ كەتكەنىدى، تاكى قىيامەتكىچە ئۇ پاتقاقتىن چىقالمايدۇ. كەيخۇسرەۋمۇ ئاشۇ توزان ئىچىدە غايىب بولغانىدى. ئۇنى ھېچ كىشى ئىزدەپ تاپالمىدى. ھەرقانداق بىر پادىشاھ جاھان مەملىكەتلىرىنى ئېلىپ، كانلار، دېڭىزلار ۋە خەزىنىلەرنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە جاھان ئۇلارنى دەردكە مۇپتىلا قىلدى، بەخش ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېلىپ ھالاك قىلدى.

ئىسكەندەرمۇ شاھلارنىڭ شاھى ئىدى، ئالىم ئىدى، ئەۋلىيا ئىدى ھەم پەيغەمبەر ئىدى، ئۇ قايسى ئىشقا قولىنى سۇنسا، ئۇنى قولغا كەلتۈرەتتى، قايسى ئىقلىمغا لەشكەر تارتسا، زەپەر قۇچاتتى، دۈشمەنلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، مۇرادىغا يېتەتتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كەيۇمەرس زامانىدىن تاكى ھازىرغىچە ھېچقانداق پادىشاھ قىلىپ باقمىغانىدى. ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان ئىشلار ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى، بۇ ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ يەتتە ئىقلىمنى ئىشغال قىلىپ، پۈتكۈل قۇرۇقلۇقتا ئات ئوينىتىپ، جاھاندا ئۆز دەۋرانىنى سۈرۈپ ئۆتتى. سەپەرگە چىقىپ يەتتە چوڭ دېڭىزنى،

بىر بۈيۈك دېڭىزنى ئايلىنىپ، ئۇ يەرنىڭ بايلىق خەزىنىلىرىنى قولغا چۈشۈردى. 12 مىڭ ئارالنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىگە تەۋە قىلدى. يەنە يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ يولىغا سېپىل سوقتۇردى، ئۇ سېپىلنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. يەنە تېخى پەلەك ۋە زېمىننىڭ سىرلىرى نامايان بولىدىغان ئۇستۇرلاب ۋە جاھاننامە ياساتتى. ئىلىم تەھسىل قىلىپ جاھان مەملىكىتىدە ئېچىلمىغان نۇرغۇن تىلسىملارنى ئاچتى، كۆپلىگەن يېڭى تىلسىملارنى ئاچتى، كۆپلىگەن يېڭى تىلسىملارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. يەنە نۇرغۇن دانىشمەن - ھۆكۈمالارنى ئۆزىگە يېقىن دوست قىلدى. ئۇ ئالىملارنىڭ ئالدىدا پەلەك مۈشكۈللىرىمۇ ئاسان بولاتتى. ئالەمدە ئۇنىڭ شاھلىق قۇدرىتى تەڭداشسىز ئىدى، ئىلىم - مەرىپەتتە، ئەۋلىيالىق ۋە پەيغەمبەرلىك جەھەتتىمۇ ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئېرىشكەنىدى. ھېچقانداق ئادەمگە نېسىپ بولمايدىغان بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولغانىدى. لېكىن ئاقىۋەت يەنە بۇ جاھان ئۇنىڭغىمۇ ۋاپا قىلماي، جاپا قىلدى. ئۇنىڭ نازۇك تېنىنى ئەجەل ئۇيقۇسى بىلەن ئاجىز قىلىپ، قارا تۇپراق ئۈستىگە تاشلىدى. بۇ مەككار پەلەك ئۇنى ئۆز ۋەتىنىدىن، ئانىسى ۋە پەرزەنتلىرىدىن جۇدا قىلىپ، دەشت ۋە دېڭىزلاردا سەرسان قىلدى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا كۆڭلىگە ئىزتىراپ ۋە ئىشتىياق پەيدا بولۇپ، جۇدا بولغان قاياشلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن شۇ قەدەر تېز ماڭدى. لېكىن يېقىنلاپ كېلىپ مۇرادىغا يېتىدىغان چاغدا ئۆلۈم ئوتى ئۇنىڭ جېنىغا ھارارەت سالدى. تەقدىر ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىپ، خۇددى بېلىقنى قىزىق قۇمغا تاشلىغاندەك ئىش قىلدى. ئۇنىڭ بېشىدا سىرداش قاياشلىرى يوق ئىدى. باياۋان ئىچىدە خەستە جېنى قاتتىق قىينالماقتا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈز تۈمەن دەردلىرىگە بىرمۇ داۋا تېپىلمىدى. بۇ ئىشلارغا ئەقىل ھەيراندۇر. جاھان ئىشلىرىغا ئارتۇقچە ھەۋەس قىلغۇچىلارغا بۇ ئەپسانە مەڭگۈلۈك ئاچچىق ساۋاق، ئەبەدىي ئىبرەتتۇر.

## لوقماننىڭ ھېكايىتى

ئاڭلىشىمچە، لوقمان ھېكىم ئۆز دەۋرىدە ياقا يۇرتقا قاتتىكى بىر ۋەيرانە جاھاندا ماكان تۇتقانىدى. ئۇ بەئەينى خەزىنىگە ئوخشاش ۋەيرانە ئىچىدە ئورۇنلىشىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنىڭ رەنج - ئەلىمىنى تارتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ جىسمىغا ئۇ بۇزۇق ۋەيرانە دال بولالمايتتى. مىڭ ياشقا كىرگەن چېغىدا، بىر ئادەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى:

— ئەي ھېكىم، — دېدى ئۇ ئادەم لوقمانغا، — سەن بۇ قەدەر دانىشمەنلىكىڭ بىلەن ئالەمنى يورۇتقان تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن جاھاننىڭ راھەت - پاراغىتىگە نائىل بولمايسەن؟ نېمىشقا ئوبدانراق جايدا تۇرماي، بۇ خارابە ئىچىدە ماكان تۇتىسەن؟

لوقمان ھېكىم ئۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ۋەيرانىدە نەچچە يىللاردىن بېرى ھۆۋقۇشتەك ياشاپ كېلىۋاتىمەن. بۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلىشتىكى مەقسىتىم بىھۇدە ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، زىيان تارتىشتىن ساقلىنىشتۇر. مەن غەم ۋە ھەسرەتكە قالماي دەپ بۇ ئالەمگە كۆڭۈل بەرمىدىم ۋە مۇشۇ ۋەيرانە ئورۇنغا ماكانلاشتىم. ھالبۇكى، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كېتىدىغان چېغىمدا، بۇ ۋەيرانىمۇ مېنىڭدىن ئېشىپ قالىدۇ. يوقلۇق سەپىرىگە قەدەم قويغىنىمدا، ھەتتا مۇشۇ بۇزۇق كەپىمۇ ماڭا ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. كىمكى بۇ جاھاندىن ئۆزىنى يىراق تۇتسا، ئۇنىڭ رەنجۇمۇشەققەتتىن قۇتۇلىدۇ.

## لوقماندىن سورالغان سوئال

بىر كىشى لوقماندىن:

— زامانداشلىرىڭدىن ھېچقايسىسى بىلىم ۋە دانىشمەنلىكتە ساڭا يەتمەيدىغان تۇرسا، ئەجەبا سەن بۇنچىۋالا ئىلىم - مەرىپەتنى كىمدىن تەلىم ئېلىپ ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سورىدى.

لوقمان ھېكىم مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— مەن بۇ بىلىم - ھېكمەتلەرنى دانىشمەنلەرگە شاگىرت بولۇش ئارقىلىق ئۆگەنمىدىم. مېنىڭ ئۆگەنگەن بىلىمىمگە نادان كىشىلەر ئۇستاز بولغان. نادانلار قانداق يامان ئىشنى قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلدىم. يامانلىقتىن قېچىپ، ياخشى ئىشلارغا يېقىن بولدۇم. جاھان ئەھلىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى نادانلىقتىن ئىبارەت. كىمكى ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتسا، ئۇ كىشى ئىلىم - ھېكمەت ساھەسىگە كىرگەن بولىدۇ. شۇڭا، دانالار جاھاندىن قول ئۈزۈشنى ئەلا بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. كىمكى خارابات خەزىنىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئۆز قەسرىنى ۋەيران قىلسا، بۇ بەخت - سائادەتنىڭ بېشارىتىدۇر. جاھاندىن قول ئۈزۈش پادىشاھلىقنىڭ شەرتىدۇر. چۈنكى كۆرۈنۈشتىكى خارابىلىكتىن روھىي جەھەتتىكى، ياق، بەلكى ماھىيەت جەھەتتىكى ئاۋاتلىق ھاسىل بولىدۇ.

## ئىسكەندەرنىڭ ئۆلۈم ئازابىدىن تال چۈشەنتەك تولغانغانلىقى

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئۆمۈر قۇياشىنىڭ زاۋاللىققا يېتەكلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ دۇنيادىن كېتىدىغان، جاھاننى، ياق، بەلكى جاننى تەرك ئېتىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى بىلدى. دەۋرانىنىڭ بۇ داراسى ئەجەل جامىدىن ئۆلۈم زەھرىنى ئىچمۇۋاتقان مۇشۇ ئېغىر كۈندە، ئۆزىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بېقىپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان ئانىسىنى يادىغا ئالدى. ئانىسى يادىغا يېتىش بىلەنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر ئوت تۇتاشتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ، خالايىققا قاراپ، خۇددى ئەجەل

شىۋىرغىنىدەك سوغۇق بىر ئاھ چەكتى. ئاندىن ئانىسىغا خەت يېزىپ، قەغەز يۈزىنى قارا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ۋەسىيەتلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كاتىپ، قەغەز ۋە قەلەم كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

سەھىپىلەرگە گۆھەرلەرنى چاچقۇچى، قەلىمى چاققان بىر كاتىپ بۇ دەردلىك سەھىپىنى ئېچىپ، قەلەمنى تەييارلىدى. ئۇنىڭغا ئىسكەندەر ئۆز ھېكمەتلىرىنى بايان قىلدى. كاتىپ قالدۇرماستىن يېزىشقا باشلىدى:

مەندەك ئەجەل قوشۇنى ئىلكىدە ئاجىز بولغان بىچارە ناتىۋاننىڭ بۇ بۇزۇلغان تېنىمنىڭ جېنى ھەم ۋۇجۇدۇم گۆھىرىنىڭ كېنى بولغان سەن ئانامغا دەيدىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ، يىراق يەرلەردە يۈرۈپ، سېنى جۇدالىق دەردى ۋە پۇرقەت ئازابىدا قويدۇم. بېشىمغا بىھۇدە خىياللار كىرىۋېلىپ، مېنىڭ ھۈنىرىم جاھاننى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدىم. لېكىن قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى خام خىيال ئىكەن. چۈنكى كۆڭلۈم ھەۋەس شارابلىرىنى ئىچىش بىلەن مەست بولۇپ قالغانىكەن. مېڭەمگە ھوش ۋە ئەقىل پەيدا بولغاندا، پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىسىت، سەن ئۈچۈن ئوغۇل بالىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىساممۇ، ساڭا قۇللۇق بەجا كەلتۈرۈپ ئۆتسەمچۇ! كاشكى، سېنىڭ بوسۇغاڭدىكى تۇپراق بولۇپ، مۇشۇنىڭ ئۆزىنى پادىشاھلىق دەپ بىلگەن بولسامچۇ! مانا ئەمدى مېنىڭ ئۇ ئارمانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇمغا پەلەك ھەسەتخورلۇق قىلىپ، تەقدىر يول بەرمەيۋاتىدۇ. بۇ خىجالەتچىلىك ئۈچۈن ئەمدى ئۆلەر ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەگەر سېنىڭ رازىلىقىڭ مەن بىچارىنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بەرمىسە، مېنىڭدەك ناتىۋاننىڭ ھالىغا ۋاي! يۈز قېتىملاپ ۋاي! مەن گەرچە سېنىڭ ئەمر - پەرمانىڭنى تۇتالمىغان بولساممۇ، لېكىن سەن مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلغايسەن. بۇ خېتىم قولۇڭغا تەگكەندە، مېنىڭ ھەممە ئەھۋالىم ساڭا ئايان بولىدۇ. بۇ چاغدا سېنىڭ ھاياتىڭغا ھاياجان چۈشۈپ، جىسمىڭ پارە - پارە بولغۇدەك ھالەتكە يېتىشى مۇمكىن. بىراق سەن جاھان ئەھلى ئىچىدىكى بىر ئەقىللىق ئانا، شۇنداقلا خەلقىم ئالدىدا مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى ئادا قىلىدىغان بىردىنبىر كىشى. شۇڭا تەقدىر ماڭا ھەرقانداق قىسمەتنى يازسا، ئۇنىڭغا سەنمۇ ماڭا ئوخشاش رازى بولساڭ، كۆڭۈل رىشتىڭنى مەندىن ئۈزسەڭ. كاچات ئۆرۈش بىلەن يۈزلىرىڭنى ئىپاردەك قارا قىلمىساڭ ۋە بۇ ئىپار ئۈستىگە ئاپئاق چاچلىرىڭنى كاپۇردەك چۇۋۇمىساڭ. مەن ئۈچۈن ماتەم ئاھاڭلىرىڭنى تۈۋلاش بىلەن جاھاننى ماتەم تۈنىدە قارا قىلمىساڭ. ئىچىڭنى قۇياشتەك ھارارەتكە تولدۇرۇپ، ياقاڭنى سۇبھىدەك يىرتمىساڭ. قۇياش گويا نۇر رىشتىلىرىنى چاچقىنىغا ئوخشاش ئاپئاق چاچلىرىڭنى سارغايغان يۈزلىرىڭگە چۇۋۇمىساڭ. باشقىلاردەك، يەنى ئوغۇل ماتىمى تۇتقان باشقا ئانىلاردەك يۈزلىرىڭنى تاتىلاپ، يارا قىلمىساڭ. ئەگەر سەۋر قىلىشقا، تاقەت قىلىشقا قۇۋۋىتىڭ

يەتمىسە، سەن تەييارلىق قىلىپ بىر چوڭ مەرىكە تۈزگىن. ئۇ مەرىكىگە ھېسابسىز كۆپ لەززەتلىك تائاملارنى تەييارلا. ئاندىن پۈتكۈل ئەتراپقا جار سالدۇرۇپ، ھەممە كىشىنى ئايۋىنىڭغا تەكلىپ قىلغىن. ئۇلار يىغىلغاندا داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن مۇلازىملارغا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاش تارتىشنى بۇيرۇغىن. ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا ئاش تارتىپ بولغاندا، سەن جاكارچىغا تاپشۇرغىن. ئۇ جاكارچى: (بۇ دۇنيادىن ئىبارەت ئاسمى گۈمبەز ئىچىدە ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرى ئۆلمىگەن كىشى بولسا، ئاشۇ كىشى بۇ ئاشلاردىن يېسۇن) دەپ جاكارلىسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن سەن داستىخىنىڭغا قاراپ باق. بىرەر ئادەم تائامغا قول سۇنامدۇ - يوق. ئەگەر بىرەر ئادەم ئاشقا قول ئۇزاتالىسا، سەنمۇ مېنىڭ ماتەممنى تۇتۇپ ئازاب چەككىن. ئەگەر ئۇ تائاملارغا ھېچكىم قول ئۇزاتمىسا ۋە ئۇنى يېمىسە، بۇنىڭدىن جاھاندا يېقىنلىرى ئۆلۈپ تۇپراققا كىرمىگەن بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولىدۇ. ھاياتنىڭ قائىدىسى شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن ئۆزۈڭگە تەسەللى تاپقىن. مېنىڭ ماتەمم دەردىدىن قۇتۇلۇپ، پۈتكۈل ئالەم ئەھلى بىلەن ھەمدەرد بولغىن. سەن ھەرقانچە بەختىيار ۋە يولباشچى بولساڭمۇ لېكىن يەنىلا باشقىلارغا ئوخشاشلا بىر بەندىسەن. شۇڭا ئۆزۈڭنى بارچە خالايىق بىلەن ئوخشاش بىلگەيسەن. ھەق رىزاسى ئۈچۈن تىرىشقايسەن. مەن خاھى ياخشى بولاي، خاھى يامان بولاي، بەرىبىر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم. ئەجەل ماڭا ئامانلىق بەرمىدى. گەرچە مەقسەت گۆھىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئەمدى پۇشايمان قىلغىنىم بىلەن پايدىسى يوق. ساڭا بىرنەچچە كۈنلۈك پۇرسەت بولسىلا، ھەقنى ئۇنتۇما. تائەت بىلەن بولغان مۇبارەك ۋاقىتلىرىڭدا بۇ ئۆلگەن غېرىب ئوغلۇڭنى ياد ئەتكىن، دۇئا بىلەن روھىمنى شاد قىلغىن.»

ئىسكەندەر پۈتكۈل مەقسەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاراق ئىچىگە يېزىلدى. ئاندىن ئۇنى قاتلاپ قويغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىغا بېرىپ، كۆڭۈل تىلەكلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— كېچە - كۈندۈز توختىماي مېڭىپ بۇ مەكتۇپنى ئانامغا يەتكۈزۈڭلار. ئەمدى مېنىڭ قۇياشىمنى ئىپاردەك قاپقارا بۇلۇت قاپلايدۇ. ئاپتىپىم ئۆچىدۇ. سىلەر مېنىڭ بېشىمدا ئىزتىراپقا چۈشمەڭلار. ھازا - ماتەممنى تۇتمىز دەپ جاھاننى خاراب قىلماڭلار. جەستىمنى تاۋۇتقا سېلىپ، كېچە - كۈندۈز دېمەستىن تېز ئىلگىرىلەڭلار. بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، جەسىتىمنى ئىسكەندەرىيىگە ئېلىپ بېرىڭلار. تىرىك ۋاقتىمدا ئۇ يەر ماڭا ۋەتەن بولغانىدى. ئۆلۈكۈمگىمۇ شۇ جاي دەپنىگاھ بولسۇن. مېنى تاۋۇتقا سالغان ۋاقتىڭلاردا چوقۇم بىر قولۇمنى تاۋۇتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇڭلار. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيرەت كۆزلىرى بىلەن، ياق، بەلكى ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالسۇن. قولۇمنىڭ بۇ پەنجىلىرى ۋە قاتار تىزىلىپ تۇرغان بارماقلىرى

جاھاندىن ۋە جاھان ئەھلىدىن ئۈزۈلدى. مەن گەرچە بۇ قوللىرىمغا پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ھەم بارلىق دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلارنىڭ بايلىقلىرىنى كىرگۈزگەن بولسامۇ، لېكىن ئەجەلنىڭ قوللىرى ئۆلۈم سەپىرىنىڭ ناغرىسىنى چالغاندا، بۇ جاھاندىن قوللىرىم خۇددى چىنار شېخىغا ئوخشاش قۇپقۇرۇق ھالدا كەتتىم، ھېچنەرسىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمىدىم. شۇڭا، ئالەم ئەھلى مېنىڭ قولۇمنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن. بۇ ئالەمنىڭ بايلىقلىرىغا ئارتۇقچە ھېرىسمەن بولمىسۇن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ تۈگىتىش بىلەنلا كۆز يۇمدى. ئۇ پانىي ئالەمنى ئىشغال قىلغانىدى. ئەمدى باقىي ئالەمنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ روھى يەردىن كۆككە قاراپ سەپەر قىلدى. ماتەمدىن يەر ۋە كۆك ئاستىن - ئۈستۈن بولدى. ئۆلۈم شىۋىرغانلىرى جاھاننى كېزىپ، ئالەم يۈزىنى قارا تۇپراق بىلەن قاپقاراڭغۇ قىلدى. بۇ شاھانە دەرەخنىڭ بېشى ئېگىلدى. تاج يەرگە چۈشتى، تەخت يۈز پارە بولدى. ئۈزۈكمۇ ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ يۈزلىرىنى يۇنۇپ، بۇدۇر - چوقۇر قىلىۋەتتى. سوغۇق شامال بارلىق ھېكمەت كىتابلىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى يىرتىپ ئۇچۇرۇپ كەتتى. كىشىلەرگە پەقەت ساۋات چىقىرىش تاختىسىلا قېپقالدى. پۈتكۈل ھېكمەت ئەھلى خۇددى كىتابقا ئوخشاش قارا كىيىم كىيدى، ئىلىم - مەرىپەتكە ئوخشاش قارا سىياھ ئىچىگە چۆمدى. يەر ۋە پەلەك ماتەم دەستىدىن چايقىلىپ كەتتى. لېكىن ئارىدىن يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر شاھنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يادىغا ئېلىپ، خالايىققا سەۋر قىلىش ھەققىدە ئاجىزانە خىتاب قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاھ - پىغان چېكىشنى قويۇپ، ئىسكەندەرنى ئۆز ۋەسىيىتىدە ئېيتىلغاندەك تەرتىپ بىلەن تاۋۇتقا سالدى. تاۋۇتنى بولسا مەپىگە سېلىپ، شاھ دېگەن مەنزىلگە قاراپ راۋان بولدى.

ئىسكەندەرنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئالدىن يولغا چىققان كىشى ئۇ خەتنى شاھنىڭ ئانىسىغا يەتكۈزدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئانىنىڭ مېڭىسىدىن ئەقىل - ھوشى چىقىپ كەتتى. ئۇ گوياكى بىر جانسىز جىسىمغا ئوخشاپ قالدى. بۇ ماتەم ۋە غەمدىن ئانا ئۆز كۆكسىنى يېرىپ، ئۆزىنى ھالاك قىلماقچى بولدى. ئەمما خەتنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئۆزىنىڭ غەمكىن جېنىغا تەسەللىي بەردى. ئىسكەندەرنىڭ يازغان خېتى بويىچە ئىش تۇتۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ۋەسىيەتنىمۇ بېشىدا توختىتالمىدى. ئۇ ئاھ ئوتلىرى بىلەن جاھاننى، ياق، بەلكى توققۇز قات ئاسماننى كۆيدۈرمەكچى بولاتتى. بىراق يەنە ئوغلىنىڭ سۆزلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، پىغان زەھرىنى ئىچىگە يۇتاتتى. بۇ دەرد ئوتىدا يوشۇرۇن ئۆرتىنەتتى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئوتلىرىدا جاھان ئۆرتىنەتتى. جىسمىدىكى تومۇرلار ۋە توقۇلمىلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ، قۇرۇغان سۆڭەكلىرىمۇ كۈل بولۇشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا خالايىق ئىسكەندەرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. پۈتكۈل تاغۇ باياۋانلارنى ماتەمدارلار قاپلىدى. كىشىلەر ئىسكەندەرنىڭ تاۋۇتىنى يەلكىلىرىدە قويۇپ،

ھەربىر قەدەم يولغا جانلىرىنى پىدا قىلغان ھالدا كەلمەكتە ئىدى. ئانا بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، يۈرەك بۇلۇڭىدىن چاقماقتەك ئوتلۇق بىر ئاھ چەكتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، بېلىنى باغلاپ، قوللىرىغا ھاسا تۇتقان ھالدا يولغا چىقتى. ئانا بۇ ئالەمنىڭ ئىچىنى داغلاپ، دەردمەنلەرچە قەدەم ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئانىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كۆرۈپ، ئاسمانمۇ ئۇياتتىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئانا يىراقتىن ئوغلىنىڭ تاۋۇتىنى كۆرۈپ، پەلەكنىڭ قىلىدىغان جاپالىرىنى قىلىپ، بۇ ھاياتلىق ئۈمىدىنى ئاخىر ئۈزۈپ تاشلىغانلىقىنى بىلدى. خالايىق پەلەكتىن بۇ خىل ھىيلە - نەيرەڭلەرنى كۆرۈپ، شۇنداق سۈرەن سېلىشتىكى، پەرىشتىلەرمۇ بۇ ئىشقا ھاياجانلانماي تۇرالمىدى.

ئانا تاۋۇت يېنىغا يەتكەندىن كېيىن، دەردمەنلەرچە ئاۋاز بىلەن مۇنداق خىتاپ قىلدى:

— ئەي ئەزىز مېھمىنىم، خۇش كەلدىڭ، كەلگەن قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن. مەن قېرىغان كېنىزەكنىڭ جېنى يولۇڭدا پىدا بولسۇن. بۇ ئالەم سارىيى ساڭا لايىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىزنى غۇربەتتە قويۇپ كېتىپ قالدىڭمۇ؟ بۇ دۇنيادىن ئىبارەت قارا تۇپراق سەندەك پاك نۇرغا قانداقمۇ لايىقىدا ماكان بولالىسۇن؟! شۇڭا، سەن ئۇ ئالەم بېغىنىڭ بوستانىنى مۇنەۋۋەر قىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتتۇڭ. ئەقىل - ئىدراك سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى مۇۋاپىق تاپىدۇ. ساڭا مۇشۇ ئىش بىلەن شادلىق ھاسىل بولغان بولسا، بۇ خۇشاللىقىڭغا بىزنىڭ رازى بولۇشىمىز زۆرۈر. بىراق ماڭا بۇ پەلەكتىن ۋە بىھايا دۇنيادىن شۇ قەدەر زۇلۇم يەتتىكى، سېنىڭدىن جەننەت ئىچىدە ئورۇن ياساشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. تەقدىر شۇ قەدەر ئاجايىپ ئويۇن ئوينىدىكى، قۇياش غايىب بولۇپ، يەنە قېرى پەلەك قېپقالدى. بۇنداق بولارىنى خىيال قىلغان بولسام، دەرد - ئەلەم مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتى. بۇنداق ئىشنى چۈشۈمدە كۆرگەن بولسام، شۇ ھامان يۈرىكىم يېرىلغان بولاتتى. تەقدىر ئىلكىدىن بۇ ئىش تۇيۇقسىز جېنىمغا تاقالدى. بۇ بالا - قازا سىلى تۇساتتىنلا جىسمىمغا يۈزلەندى. ئەگەر ئاشكارا ماتەمىڭنى تۇتالىغان بولسامىمۇ بۇنچىۋالا ئازاب چەكمەس ئىدىم. ئاق چاچلىرىمنى چۇۋۇپ، گاھ ھوشۇمغا كېلىپ، گاھى ھوشسىز بولۇپ، يۈزلىرىمنى تىرناپ، بۇ زەپىرانزارغا لالە گۈللەرنى ئېچىلدۇرغان بولسام، ياقىلىرىمنى يىرتىپ قارا كىگىز كىيىپ ماتەمىڭنى قىلسام، ھازا ئېچىپ، نالە - پەريادلىرىمنى پەلەككە يەتكۈزسەم، تاۋۇتۇڭ ئالدىدا جان بېرىپ، زەئىپ جىسمىمنى تېنىڭ ئۈستىگە تاشلىسام، شۇ ئارقىلىق بۇ پەلەك زۇلمىدىن خالىي بولۇپ، سەن بىلەن بىللە كەتكەن بولسام ئىدى، مېنىڭ غەم مېھنەتلىرىم ۋە دەرد - ئەلەملىرىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، سېنىڭ ماتەمىڭنى تۇتۇپ ھازا ئاچالمىدىم. بۇ جانىنى بېرىپ، سېنىڭ ئارقاڭدىن بارالمىدىم. چۈنكى ماڭا سەندىن بۇرۇن خېتىڭ يېتىپ كەلدى. ئۇ خەتتە قانداق ئىشلارنى ئىلتىماس قىلغان بولساڭ، سۆزۈڭنى قوبۇل قىلىش زۆرۈر ئىدى. گەرچە چەكسىز ئازابلىنىۋاتقان بولساممۇ لېكىن سۆزۈڭنى ئاڭلىماسقا ھەددىم يوق. چۈنكى بۇ خەتتە يېزىلغىنى خاقانىنىڭ ياكى قەيسەرنىڭ سۆزى ئەمەس،

بەلكى ئىسكەندەرنىڭ سۆزى. ئاھ، تېنىم قۇتسىدىكى پاك گۆھەر قېنى؟! سۇ ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ شاھى ئىسكەندەر قېنى؟!

ئانىنىڭ بۇ پىغانلىرىدىن خالايىق ئىچىگە ھاياجان چۈشتى. ئۇلار ئاھۇئەپىغان چېكىشكەن ھالدا شاھنى مەڭگۈلۈك ئارامگاھىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ تەننى دەپنىگاھقا يەتكۈزدى، ياق، بەلكى روھنى تەنگە يەتكۈزدى. قارا تۇپراقنىڭ باغرىنى يېرىپ، ئىسكەندەردىن ئىبارەت بۇ قۇياشنى شۇ تۇپراق ئىچىگە يوشۇردى. بۇ كونا پەلەك قۇياشنىڭمۇ قارا تۇپراققا پېتىشى بىر ئادەتتۇر. شۇڭا، ئىسكەندەرنىڭ نۇرلۇق جىسمىنى قارا تۇپراققا كۆمۈپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى يۈز تۈمەنلەرچە زىبۇزىننەتلەر بىلەن ياساپ چىقتى. ئۇ قەبرىگە پەلەك ئەتلىسىنى يوپۇق قىلدى. كىشىلەر نەچچە كۈنگىچە نالە - پىغان قىلىپ، شاۋقۇن - سۈرەن سېلىشتى. لېكىن بۇ دەردكە ھېچبىر داۋا تاپالمىدى. قانچە نالە - پەرياد چېكىشكەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئاخىر ھەممەيلەن قازانىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى توختىتىپ، خۇشاللىق ئادەتلىرىنى داۋام ئەتكۈزدى.

## ئۈچ خىل تاللاش

بىر باي گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكتىن ناھىيە يامۇلىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ. ناھىيە ھاكىمى ئۆزىنىڭ پاك، ئادىل ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بايغا ئۈچ خىل جازالاش ئۇسۇلىنىڭ بىرسىنى تاللاشنى بۇيرۇپتۇ. بىرىنچى جازا: 50 تىزىق كۆمۈش تۆلەش، ئىككىنچى جازا: 50 قامچا دەررە يېيىش، ئۈچىنچى جازا: بەش جىڭ سامساق يېيىش ئىكەن. باي پۇل خەجلەشتىن، تاياق يېيىشتىن قورقۇپ ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلنى تاللاپتۇ.

كىشىلەر چۇقان - سۈرەن سېلىشىپتۇ، باي سامساق يېيىشنى باشلاپتۇ. ئۇ بىرىنچى باش سامساقنى يەۋاتقاندا ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشىپ: — سامساق يېيىش ئەڭ يەڭگىل جازا بولدى، مەن ناھايىتى تېزلا بۇلارنى يەپ بولىمەن، — دەپتۇ. بىراق ئۇ يېگەنسېرى بىئاراملىق ھېس قىلىپ، ئىككى جىڭ سامساقنى يەپ بولغاندا، ئۇ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ئوتتا كۆيگەندەك پىژىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ دەرھال ناھىيە ھاكىمىغا باش ئۇرۇپ: — بېگىم، مەن 50 قامچا دەررە يېيىشكە رازى بولدۇم، سامساق يېمىسەم! — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ياساۋۇل باينىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، باينى بىر تاختاي ئۈستىگە ياتقۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇۋېلىپ، قامچىنى تۇز سۈيى بىلەن قىزىلمۇچقا چىلاپتۇ. باينىڭ قورققىنىدىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتىپتۇ. قامچا ئۇنىڭ بەدىنىگە تەگكەن ۋاقىتتا، باي جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپتۇ. ئونىنچى قامچىنى ئۇرغاندا باي چىدىيالماي، ھاكىمدىن: — ئادىل بېگىم، بولدى ئۇرمىسۇن، مەن يەنە چىدىيالمىدىم، مەن 50 تىزىق كۆمۈش تۆلەي، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com



***ھېكمەت:***

***بۇ دۇنيادا پۇل بىردىنبىر نەرسە ئەمەس، پۇل ئۇچۇن ئۆز بەدىنىنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشىغا چىداپ تۇرۇش ئەقىلسىزلىكتۇر.***

# سېتىۋېلىنغان ئەقىل - پاراسەت

قەدىمكى زاماندا ھەم نامرات، ھەم دۆت بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر ياخشى پۇرسەتنى تۇتۇۋالالىغانلىقتىن، تۇيۇقسىز پۇلى بار بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ. بىراق پۇلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ.

ئۇ بۇتخانىغا كېلىپ، بىر راھىبقا بۇ باش قېتىنچىلىقنى ئېيتىپتۇ. راھىب ئۇنىڭغا: — سەن ئىلگىرى نامرات ھەم ئەقىلسىز ئىكەنسەن، ھازىر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بايۋەچچە بوپسەن. بىراق يەنىلا ئەقىلىڭ يوق ئىكەن. سەن شەھەر ئىچىگە بېرىپ قاراپ باق، قەيەردە ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى بار بولسا، سەن پۇل بەرسەڭ، ئۇ ساڭا ئەقىل - پاراسەت ئۆگىتىپ قويىدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى شەھەرگە بېرىپ، ئۇچرىغانلا كىشىدىن ئەقىل - پاراسەتنى قەيەردىن سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

بىر دانىشمەن ئازراق پۇل ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: — سەن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىرىما. ئالدى بىلەن ئالدىڭغا قاراپ يەتتە قەدەم، ئاندىن كەينىڭگە يەتتە قەدەم ئالساڭ بولىدۇ. مۇشۇنداق ئۈچ قېتىم داۋاملاشتۇرساڭ، كاللاڭدا ئەقىل - پاراسەت پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي: — ئەقىل - پاراسەت مۇشۇنداق ئاسانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، غۇۋا قاراڭغۇدا ئايالىنىڭ بىر كىشى بىلەن بىرگە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، غەزىپى ئۆرلەپ، پىچاقنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، ئۇ كۈندۈزى سېتىۋالغان ئەقىل - پاراسەتنى ئويلاپ قېلىپ: — نېمىشقا سىناپ باقمايمەن؟ — دەپتۇ - دە، ئۇ ئالدىغا يەتتە قەدەم، ئارقىسىغا يەتتە قەدەم ئېلىپ، ئۇدا ئۈچ قېتىم داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئارقىدىن چىراغ يورۇتۇپ قارىسا، ئايالى بىلەن بىرگە ئۇخلىغان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىرەر قىيىن ئىشقا يولۇققاندا ئېغىر - بېسىق، سوغۇق قان بولۇش، ھەرگىز ئاچچىقنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئىش قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلىش باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان.***

# چاشقان تۇتىدىغان مۈشۈك

ئۇدا ئون ئىككى قېتىم نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە مەغلۇپ بولغان يىگىت بىر كۈنى يەنە ئون ئۈچىنچى قېتىم مۇسابىقىغە قاتناشماقچى بوپتۇ.

مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇ بىر پىروفېسسورنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. پروفېسسور ئۇنىڭغا: — مۈشۈك چاشقان تۇتىدىغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى چاشقانغا مەركەزلەشتۈرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئويلايدىغانغا زېھنىنى چاچمايدۇ، — دەپتۇ. يىگىت بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، پىروفېسسورغا رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ دانىشمەننىڭ سۆزىدىن بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالغانىكەن. ئۇ يەنە بىر قېتىم مۇنبەرگە چىقىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ تېمىسى — «ئۆسمۈرلۈكنى ئەسلەش» ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئالقىش ساداسىنى ياڭراتقاندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن نۇتۇقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ نۇتقى بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئەڭ ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ يىگىت ھەربىر ئىشنى قىلىشتا «چاشقان تۇتىدىغان مۈشۈك»تىن ئۆگىنىپ، دۇنيا بويىچە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپتۇ. ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكىدىكى داڭلىق كارخانىچى، مائارىپشۇناس، نۇتۇقشۇناس — دال. كانىنجى.

***ھېكمەت:***
***مەيلى نۇتۇق سۆزلەش ياكى باشقا ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتا بولسۇن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قىلىش كېرەك. ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىش قىلغان كىشىلا غەلىبە قىلالايدۇ.***

# كاتەك سىرتىدىكى توخۇ

بىر ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىسىنىڭ ئىسكىلاتىدا نەچچە يۈزلىگەن كىچىك كاتەكلەر رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، ھەربىر كاتەكنىڭ ئىچىگە پەقەت ئىككى مېكىيان سولانغانىكەن. قەپەس ئىنتايىن كىچىك بولغاچقا، مېكىيانلار ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئامالسىز ئىكەن. توخۇ كاتىكى ئالدىدىكى ئاپتوماتىك قۇرۇلما توخۇلارغا يېمەكلىك يەتكۈزۈپ بەرسە، توخۇ كاتىكى ئارقىسىدىكى يەتكۈزۈپ بېرىش بەلۋىغى ئۇلار قويغان تۇخۇمنى ئېلىپ كېتىدىكەن، بىراق يىراق بولمىغان يەردە يەنە ئون نەچچە توخۇلار ئەركىن يۈرىدىكەن. بىر خىزمەتچى خادىم بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دان چېچىپ باقىدىكەن.

بىر ئېكسكۇرسىيەگە كەلگەن مېھمان خىزمەتچى خادىمغا: — سىز ئۇلارنى كاتەككە

سولىماقچىمۇ؟ ياردىمىم كېرەكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خىزمەتچى خادىم: — رەھمەت سىزگە، مەن ئۇلارنى تۇتماقچى ئەمەسمەن! بۇ بىزنىڭ مەقسەتلىك ھالدا قەپەس سىرتىغا قويۇپ بەرگەن توخۇلار. ئەگەر قەپەس ئىچىدىكى ئاۋۇ بۇرادەرلەر بۇ بىرقانچە ئەركىن يۈرۈشكەن توخۇلارنى كۆرمىسە، روھىي جەھەتتىن جىددىيلىشىپ كېتىپ چېقىلىپ، تۇخۇم تۇغۇشنى توختىتىپ قويىدۇ. ئەگەر بۇ بىرقانچە «قاچقۇن ئۇنسۇز» لار بولمىسا، باشقا توخۇلار ئۇمىدىنى ئۈزۈشى، ھەتتا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**ھېكمەت:**

***ئۈمىد — ھاياتلىقنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، شۇنداقلا ياشاشنىڭ مەنبەسى. بىر ئادەم ئۈمىدتىن ئايرىلسا، قۇش قانىتىدىن ئايرىلغاندەك، قويلار ئوتلاقتىن يىراقلاپ كەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ.***

## تۆلكىنىڭ ياشاش يولى

ئانا تۆلكىنىڭ ئىككى بالىسى بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى خۇشال - خۇرام ھالدا، ئاتىنىڭ ئەتراپىدا سەكرىشىپ ياشايدىكەن. كىچىك تۆلكىلەر كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقاچقا، ئانا تۆلكە ئۇلارغا ياشاشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى قارار قىپتۇ.

ئۇ كىچىك تۆلكىلەرنى ئالدىغا چاقىرىپ: — يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن سىلەر ئاناڭلاردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىڭلارغا ياشايسىلەر، ئاناڭلار سىلەرگە تۆلكىنىڭ زېمىندىكى مەخپىيىتىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. سىلەر ھەر ۋاقىت ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، — دەپ سۆزلىرىنى بايان قىپتۇ، — بالىلىرىم، سىلەر توشقان، ئۆچكە قاتارلىق سىلەردىن ئاجىز ھايۋانلارنى ئۇچراتقاندا، ئۇلارغا نىسبەتەن تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ناۋادا يولۋاس، شىر قاتارلىق سىلەردىن كۈچلۈك ھايۋانلارنى ئۇچراتقاندا چوقۇم ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭلار بىلىدىغان بارلىق چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، ماختىشىڭلار كېرەك. ئەگەر سىلەر يېمەيدىغان بىر نەرسىگە ئۇچراپ قالغاندا ئۇچىنچى خىل ئامال — قېچىشىڭلار كېرەك. سىلەر پەقەت بۇ ئۈچ خىل ئامالنى ياخشى مەشىق قىلساڭلار، كۈنلىرىڭلار ئامان - ئېسەن ئۆتىدۇ، — دەپتۇ.

بىر كىچىك تۆلكە ئانىسىدىن: — بىز سەمىمىيەك بولساق بولمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئانا تۆلكە بالىسىغا: — بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز سىناپ بېقىپتىكەن، بۇ ئامالنى ئۆگىنىش كېيىنكى ئىككىسىنى ئۆگەنگەندىن ئۇنىمى ھەسسە قىيىن ئىكەن، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

***«ياشاش» ئۇچۇن كىشىلەر ھەرخىل ئامالالار بىلەن يالغان ئېيتىدۇ. سەمىمىي ياشىغاندا، سىز ياشاشنىڭ مەنىسىنى ۋە ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىسىز.***



www.uyghurkitap.com

## ھېس قىلغىلى بولمايدىغان «ئاغرىق»

بىر ياشانغان بوۋاي ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، بالىنىستىتا يېتىپ قاپتۇ. كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولغانلىقتىن، دوختۇر دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئېيتىپتۇ.

ئوپېراتسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن:

— ئوپېراتسىيە ئېغىزى ئاغرىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قايسى يېرىم ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىدىم! — دەپتۇ ئۇ. — قانداقسىغا ئاغرىمايدۇ، كىچىككىنە يەرنى كەسسىمۇ ئاغرىيدىغان تۇرسا، كۆكرەك قىسمىڭىزنى كېسىپ، ئارتېرىيە تومۇرىڭىزنى كېسىۋەتكەندە ئازراقمۇ ئاغرىق ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە كىشىلەر، — چۈنكى ئاغرىغان ۋاقىتنى مەن بىلمەيدىغان تۇرسام! مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئەڭ قورقىدىغىنىم، بەدىنىمگە شىلەنكە سالىدىغان ئىشلار. سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دوختۇر ماڭا 24 سائەت شىلەنكە ئېسىپ قويۇپتۇ. بىراق مەن ھوشۇمغا كەلگەن چاغدا، شىلەنكىنى ئاللىبۇرۇن ئېلىۋەتكەنىكەن!

***ھېكمەت:***

***قايغۇدىن يىراق تۇرۇشنى ۋە بەختكە ئېرىششنى ئويلىسىڭىز، نېمىنى بىلىش، نېمىنى بىلمەسلىكىڭىز كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ.***

## ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن ئىسكىرىپكا

ئويۇن قويىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، كىچىك ئىسكىرىپكىچىنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى باشقىلار ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئامالسىز كونا ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ سەھنىگە چىقماقچى بوپتۇ. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى باشقىلار ئوغرىلىغىچە كونا بىر بۇزۇق ئىسكىرىپكىغا ئالماشتۇرۇپ ئەدەپلەپ قويۇشنى ئويلىغان ئىكەن.

كىچىك ئىسكىرىپكىچى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشنى باشلاپتۇ. كونا ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسكىرىپكىسىنىڭ ئاۋازىغا يەتمەپتۇ. بىراق ئاستا - ئاستا، ئىسكىرىپكىدىن يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى تارقىلىپ، ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىشقا باشلاپتۇ. نومۇر كۆرسىتىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش سادالىرى گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ كېتىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، كىچىك ئىسكىرىپكىچى كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ ئىسكىرىپكىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن كونا ئىسكىرىپكىدا ئورۇنلىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تاماشىبىنلار ئىسكىرىپكىچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئالقىش ياڭرىتىپ كېتىشىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***سىرتقى كۆرۈنۈشنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشى ھەقىقىي ئەمەلىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، مۇۋەپپەقىيەت سىزنىڭ ئىچكى قابىلىيىتىڭىزگە تايىنىدۇ. ھەرگىزمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىكى ۋاسىتىگە تايانمايدۇ.***

## گۈللۈكتىكى مورچۇبا گۈلى

گۈللۈكتە بارچە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قارىتالمايدىغان بىر تۈپ مورچۇبا گۈلى گۈللۈكنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تولىمۇ ئاجىز ئۆسۈپتۇ. باشقا گۈللەر ئۇنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويماپتۇ.

ئەتىرگۈل مورچۇبا گۈلىگە ئەڭ يېقىن ئورۇندا بولۇپ، ئۇ غەزەپتىن: — سەن قەيەردىن كەلدىڭ، مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ يۈزۈمنى چۈشۈرۈۋاتىسەن، سەن ئەجەبا مېنىڭ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىمنى بىلمەمسەن؟ قارا، مېنىڭ گۈللىرىم شۇنچە رەڭدار، سۆيگەن يارغا سوۋغا قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى سوۋغا. بىراق، قارا سېنىڭ ئەپتىڭگە، نېمىدېگەن كۆرۈمسىز، دەرھال مەندىن يىراق تۇرغىن، — دەپتۇ.

لەيلىگۈلمۇ ئۇنىڭغا: — دېمىسىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ! تۇرقىنىڭ ئۆزىلا بىر ھاڭۋاقتىغا ئوخشايدىكەن، گۈلزارلىقىمىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ، — دەپتۇ.

قىزىلگۈل ئۇلارغا ئەگىشىپ: — سەن بىز بىلەن ھۆسن تالاشماقچى تېخى! — دەپتۇ.

— شۇنداق! ئۇ بىزنىڭ گۈللۈكىمىزگە نىسبەتەن بىر نومۇس... — دېيىشىپتۇ ئەتراپتىكى باشقا گۈللەرمۇ غودۇڭشىپ. مورچۇبا گۈلى بىر بۇلۇڭدا گەپمۇ قىلماي تۇرۇپتۇ. قىش يېتىپ كەپتۇ. ئەتىرگۈل، لەيلىگۈل ۋە قىزىلگۈل قاتارلىقلار توزۇپ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. پەقەت مورچۇبا گۈلىلا ئاۋۋالقىدەك بىر بۇلۇڭدا يېشىللىقىنى يوقاتماي قىش پەسلىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرۇپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ئەڭ جاپالىق مۇھىتتا ياشىغان كىشى ئەڭ ئېسىل ئەخلاقىقا ئىگە بولغان بولىدۇ. قۇرۇق سۆلەت، ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتىدىغان كىشىلەر ئەڭ ئاخىرى بۇ دۇنيادىن ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.***

## بىر – بىرىگە لايىق كېلىش

بىر بىلىملىك يىگىت بىلەن زىلۋا، گۈزەل قىز مۇھەببەتلىشىپتۇ. يىگىتنىڭ

ئۆيـىدىكىـلىرى: ــ قىـزنىڭ ئۆيـىدىكىـلەر بەك نامـرات ئىكەن، ئـائىلـىـمىزگـە مـاس كەلمەيدۇ،ــ دەپ قارشى تۇرۇپتۇ. يىگىت بولسا قەتئىي ئىرادىگە كەپتـۇ. ئەمما ئـۇزۇن ئۆتمەي، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆزى تونۇمايدىغان ھەمدە قىـلچىمـۇ ياخشى كۆرمەيدىغان بىر باي ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، يىگىت ئـۆزىنىڭ بىـر ھىجـران ئازابىدىـن ئېخىـمۇ چوڭقـۇر ھىجران ئازابىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىر ئادەم قـانداقلا ئەھـۋال ئاستىـدا بولمىـسۇن كەيپىياتىنى كونتـرول قىلالىغاندىلا، ئاندىن ئەڭ توغرا تاللىيالايدۇ ۋە قارار چىقىرالايدۇ.***

## ئۈمىد ۋە خىيال

بىر بويتاق يىگىت ئىلاھتىن بىر چىرايلىق قىز بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئىلاھ ئۇنىڭغا: ــ خىيال ئىسىملىك بىر قىز بار، بوي - تۇرقى زىلۋا، كېلىشكەن، پەقەت سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرساڭلا، ئۇ سېنىڭ بېشىڭغا كېلىدۇ،ــ دەپـتۇ. شۇنىـڭ بىلـەن ھېلـىقى بويتـاق يىگىـت كۆزىنى ئـىزچىـل يـۇمۇۋېلىـپ، خىيـال قىـز بىـلەن مۇڭدىشىپ ئۆتۈپتۇ.

بىر كـۈنى بىـر بـويتاق قىـز ئۇنىـڭ يېنىـدىـن ئۆتۈپ كېـتىۋېتىـپ، كۆزىـنى يۇمۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنداق قىلىـدىغانلـىقىنـى سوراپتۇ. ئـۇ خىيال قىزنى قوغداۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىزچاق ئۇنىڭغا: ــ مەن خىيـال قىزنىـڭ ئاچىسى، ئىسمىم ئۈمىد بولىدۇ. ئەگەر سەن كۆزۈڭنى ئېچىشنى خالىساڭ، مەن سېنىڭ يېنىڭدا قېلىشقا رازى،ــ دەپتۇ. ھېلىقى بويتاق يىگىـت: ــ بولمـايدۇ، ئەگەر مـەن كۆزۈمنى ئاچسام، خىيال قىز غايىب بولىدۇ. مەن خىيال قىزنى يـوقىتىـپ قويۇشنـى خالىمايمەن،ــ دەپتۇ.

ئۈمىد ئۇنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، يولىغا راۋان بوپتۇ.

بويـتاق يىگىـت دائىـم كـۆزىنى يـۇمـۇپ تۇرالمـايـدۇ - دە، ئۇ بىـر چـاغدا كۆزىـنى ئاچقانىكەن، ئۈمىـد قىزنىـڭ يىراقـتىكى سـايىسىـنى كۆرۈپتـۇ. يىراق ئۈمىـد قىـزمـۇ ناھايىتى تېزلا غايىب بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، بويتاق يىگىت «كـۆزۈمنى بالـدۇرراق ئاچسام بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىلىپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

***ھېكمەت:***
***خىيالنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە بار، يىراق ھەممىسى بىر دەملىك كۆپۈكتىن ئىبارەت، خالاس. ھەقىقىي نەرسىلەرگە ئىگە بولاي دېسىڭىز، ئۈمىد ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىڭ.***

www.uyghurkitap.com

## يول بويىدىكى مەنزىرە

سوقرات بىلەن بىرسى ئۈچرىشىپ، تولىمۇ يىراق بىر يەردىكى تاغنىڭ كۆركەملىكى بېرىپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل بولۇپ، ئۇ يەرگە بارغان كىشى پۈتۈنلەي مەنزىرە ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن.

بىر قانچە يىللاردىن كېيىن، ئىككىيلەن يەنە ئۇچرىشىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى تاغنىڭ تولىمۇ يىراقلىقتا بولۇپ، بىر ئۆمۈر ماڭسىمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يەرگە يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى بايقاپتۇ.

ھېلىقى كىشى ھەسرەت چەككەن ھالدا: ــ بىر نەچچە يىلدىن بېرى، مەن نۇرغۇن يوللارنى يۈردۈم، بىراق ھېلىقى يەرگە يېتىپ بارالمىدىم، مېنىڭ تىرىشچانلىقىم بىكار بولدى، بۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ!ــ دەپتۇ.

سوقرات كىيىمىدىكى چاڭ - توزاننى قېقىشتۇرۇۋېتىپ:ــ بۇ يولدا نۇرغۇن گۈزەل مەنزىرىلەر بار، ئەجەبا سەن دىققەت قىلمىدىڭمۇ؟ــ دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى: ــ مەن پەقەت نىشانغا قاراپلا ماڭدىم، يول بويىدىكى مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىدىغانغا رايىم يوق،ــ دەپتۇ.

سوقرات: ــ بۇ بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ، بىز بىر ۋاقىتتىكى بىر نىشاننى قوغلاشقاندا، يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك،ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىز يىراقتىكى بىر نىشاننى قوغلىشىۋاتقاندا، پەقەت ئالدىمىزغا قاراپ قالماسلىقىمىز، يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ بىزنىڭ ھۇزۇرلىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغانلىقىنىمۇ بىلىشىمىز كېرەك.***

## ساياھەت

بىر جۈپ ئامېرىكىلىق ئەر - ئايال دائىم دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى ئاساسەن سەپەر قىلىش بىلەن ئۆتىدىكەن. ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى داڭلىق قەدىمىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى ۋە ساياھەت رايونلىرىغا ھەتتا جەنۇبىي قۇتۇپقىمۇ بارغانىكەن.

يەنە بىر قېتىملىق دەم ئېلىش ۋاقتى يېتىپ كەپتۇ. ئەر - ئايال ئىككىسى قەيەرگە بېرىشنى ئويلىشىپتۇ. ئايالى: ــ توغرا، بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان كاناداغا ئىلگىرى پەقەت بىرلا قېتىم بارغان، ئۇ تېخى بۇرۇنقى ئىشلار،ــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

ماشىنا بىلەن كانادانى ساياھەت قىلىشنى قارار قىپتۇ.

بىر كۈنى، ھەشەمەتلىك بىر ماشىنا كانادانىڭ داڭلىق مەنزىرە رايونى لويس كۆلى بويىدا توختاپتۇ. بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ چىرايىدا قات - قات تەبەسسۇم پەيدا بولغان ھالدا ماشىنىدىن چۈشۈپتۇ، ئايال بىر تەرەپتىن خەرىتىگە قارىغاچ تۆت تەرەپنى كۆزىتىپتۇ.

ئۇ يولدىشىغا: ــ ھەي، قېئىر، بىز ساياھەت رايونلىرىنى كېزىپ بوپتۇق، ئەتە لويس كۆلىگە بارىدىغان بولدۇق. ــ دەپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان شۇ يەرلىك بىر كىشى ئۇلارغا: ــ بۇ يەر لويس كۆلى شۇ، ــ دەپتۇ. يولدىشى ئۇنىڭغا: ــ بىز ماڭايلى، يەنە بىر قانچە جايغا بېرىشىمىز كېرەك! ــ دەپتۇ.

خانىمى قەلەمدە قولىدىكى خەرىتىنىڭ بىر قانچە يېرىگە بەلگە قويۇپ قويۇپ، يولدىشىغا ئەگىشىپ ماشىنىغا چىقىپتۇ. ماشىنا ئىس كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

شۇ يەرلىك ھېلىقى كىشى: ــ ئۇلارنىڭ يەنە قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ــ دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ساياھەتنى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، ئۆيدە ياخشى ئارام ئالغان ياخشى، ياشاش جەريانى بىر قېتىملىق ساياھەتكە ئوخشايدۇ، ئالدىراپ يولغا چىقىشنى ئويلىماسلىقىمىز، توختاشقا تېگىشلىك يەردە ئارام ئېلىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئەركىن تۇتۇپ، يولبويىدىكى مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىشىمىز كېرەك.***

# ھويلىدىكى بىر تۈپ دەرەخ

بىرقانچە يىل بۇرۇن، قىزچاقنىڭ ئائىلىسى يېزىدىن شەھەرگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن.

ئۇلارنىڭ يېڭى ئۆيى بىر يۈرۈش ئىككى قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئاستىنقى قەۋىتى چوڭ قورۇ، قورۇ ئىچىدە ئىلگىرىكى ئۆي ئىگىسى تېرىپ قويغان كۆكتاتلىق بار ئىكەن. ئۇلار كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن قورۇدىكى كۆكتاتلىق قۇرۇپ كېتىشكە باشلاپتۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسلىدە كۆكتات ئۈنگەن يەردىن بىر تۈپ كىچىك كۆچەت ئۆسۈپ چىقىپتۇ. كۆپچىلىك بۇ كۆچەتنىڭ قايسى دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

بىر كۈنى قىزچاق كۆچەتنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىنى ئۈزۈۋېلىپ مەكتەپتىكى بىيولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىغا كۆرسىتىپتۇ. مۇئەللىمى يوپۇرماقنى كۆرگەندىن كېيىن: ــ بۇ گىلاس دەرىخى ئىكەن، ــ دەپتۇ. قىزچاق ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىغا بۇ كۆچەتنىڭ گىلاس دەرىخى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. كېيىن قىزچاقنىڭ بوۋىسى يېزىدىن

كېلىپ ئۆيگە كىرىشىگىلا ئۇ: — بوۋا قاراڭ، بىزنىڭ بۇ يەردە بىر تۈپ گىلاس دەرىخى بار! — دەپتۇ. بوۋىسى قاراپلا: — پاھ، بۇ گىلاس دەرىخمۇ؟ مەن گىلاس دەرىخىنى كۆرۈپ باقمىغان، — دەپتۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ گىلاس دەرىخى چېچەكلىگىلى باشلاپتۇ ئەمەسمۇ! — دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قىزچاقنىڭ ئۆيىدىكىلەر گىلاس دەرىخىنىڭ چېچەكلىشىنى، ئارقىدىن مېۋىسىنى تېتىپ بېقىشنى كۈتۈپتۇ. كۆچەت ئاخىرى چېچەكلەپ، كىچىك - كىچىك مېۋىلەرنى تۇتۇپتۇ، بىراق ئۇلار چوڭ بولغۇچە ھەممىسى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. كېيىن، قىزچاقنىڭ ئۆيى چېقىلماقچى بولغانلىقتىن، باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتمەكچى بوپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر ئىشچى بۇ كۆچەتنى كۆرۈپ: — بۇ كىمنىڭ ياڭاق دەرىخىدۇ؟ تېخىچە كۆچۈرۈپ كەتمىگىنىنى! — دەپتۇ.

قىزچاق ئىشچىدىن: — بۇ گىلاس دەرىخى ئەمەسمۇ؟ قانداقسىغا ياڭاق دەرىخى بولسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىشچى قىزچاققا بارمىقىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: — گىلاس دەرىخى؟ سىز يوپۇرماق ئاستىدىكى ياڭاق مېۋىسىگە قاراڭ، — دەپتۇ.

دەرۋەقە، بىر تال ياڭاق مېۋىسى ساڭگىلاپ تۇراتتىكەن. دېمەك، ئۇن يىلدىن بېرى، قىزچاقنىڭ ئۆيىدىكىلەر ياڭاق دەرىخىنى گىلاس دەرىخى دەپ قاراپتۇ. ئەگەردە ئۇ مېۋە بەرمىگەن بولسا، ئۇلار ھازىرغىچە گىلاس يېيىشنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتىكەن!

***ھېكمەت:***

***سىز باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان باھاسىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭىزدا، سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىڭىز بىكارغا كېتىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزنى توغرا تونۇشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق، ئۆزىڭىزنىڭ نەتىجىڭىز ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقىڭ.***

## ئىككى «ئالۋاستى»

ئۆزۈن زامانلاردىن بۇيان بىر كىم ئولتۇراقلاشمىغان قەدىمىي تۇرالغۇ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قورۇدا ئالۋاستى بولغانلىقتىن كۆپچىلىك قورقۇپ، ئىچىدە بىرەر كېچە قونۇش ئەمەس، بوسۇغىدىن ئاتلايدىغانغىمۇ جۈرئىتى يوق ئىكەن.

بىر كۈنى، ئۆزىنى جۈرئەتلىك دەپ ئاتىۋالغان بىر كىشى: — مەن قورۇغا بېرىپ بىر كېچە قونۇپ، ئالۋاستىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ ۋە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۆزىنى جۈرئەتلىك دەپ ئاتىۋالغان يەنە بىر كىشى كېلىپ، ئۇمۇ ئىچىدە قونۇشنى ئويلاپتۇ. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشكە تەمشەلگەندە، ئاۋۋال كىرىپ كەتكەن كىشى «ئالۋاستى ئىشىكنى ئىتتىرىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ قاراپ كۈچىنىڭ بارىچە ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئۇنى كىرگۈزمەپتۇ. ئىشىك سىرتىدىكى بۇ كىشى ئۆي ئىچىدە ئالۋاستى بار ئىكەن» دەپ قاراپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى

ئـالۋاستى دەپ قـارىشـىپ «ئـىبلىشـىپ» بىقـىپتۇ. ئـۇلار ئىشـىـنىڭ ئالـدى - كـەينىـنـى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولغۇچە تاڭ ئېتىپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بۇ دۇنيادا، ئالۋاستى مەۋجۇت ئەمەس، بىراق نۇرغۇن كىشىلەر ئالۋاستى دېگەن سۆزدىن قورقىدۇ. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قەلبىدە «ئالۋاستى» بار.***

## باغچىدىكى ياۋا غاز

بىر توپ ياۋا غاز باغچىدىكى كۆل بويىغا قونۇپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە بىر مەزگىل ياشاپ، كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، جەنۇبقا كېتىپ، قىشنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكچى ئىكەن.

باغچىدىكى ساياھەتچىلەر ياۋا غازنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە ئارقا - ئارقىدىن پىرەنىك، بىلىق قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تاشلاپ بېرىپتۇ، ياۋا غازلار ساياھەتچىلەر تاشلاپ بەرگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن «گۇررىدە» قىلىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ساياھەتچىلەر كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاستا - ئاستا يېمەكلىككە يېقىنلىشىپ، تېتىپ بېقىشقا باشلاپتۇ. كېيىن، ياۋا غازلار ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە زىيان سالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ھەر قېتىم ساياھەتچىلەر يېمەكلىك تاشلىغاندا تالىشىپ يەيدىغان بولۇشۇپتۇ. كۈنلەر - ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتۈپتۇ، ياۋا غازلار ساياھەتچىلەر بەرگەن يېمەكلىكنى يەپ، توپتەك سەمرىپ كېتىپتۇ.

كۈز پەسلى يېتىپ كەپتۇ. ياۋا غازلار ھەر كۈنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇلار جەنۇبقا قايتىشنى ئاۋارىچىلىك كۆرۈپتۇ.

قىش كۈنلىرى يېتىپ كەپتۇ. قارلار توختىماي يېغىشقا باشلاپتۇ، ساياھەتچىلەر بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلاپتۇ. ياۋا غازلار ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ھەم ئاچلىق ھەم سوغۇقتىن تىترىشىپ كېتىپتۇ. بىرقانچە ياۋا غاز جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق كېلەڭسىز بەدىنى ۋە سوغۇق ھاۋا ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەپتۇ.

ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇشقا باشلاپ، باغچا تاقىلىپتۇ. ياۋا غازلار يېمەكلىك تاپالمايلا قالماي، سوغۇق شامال ئۇلارنىڭ پەيلىرى ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئۆتكەن يىلقى مۇشۇ ۋاقىتنى ئەسلىشىپ بۇ جايدا تۇرۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئاچ كـۆز كىشىـلەر دائىم كـىچىككىنە نـەرسە ئۈچـۈن چـوڭ نەرسىـدىن مەھرۇم قالىدۇ. بەخت ئۆزىمىزنىڭ توختىماستىن كۈرەش قىلىشىمىز ئـارقىلىق***

قولىغا كېلىدۇ.

## پىلىكى يوق شام

بىر دۆۋە شام ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىن چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تالاي شام پۈتۈن ساندۇقتىكى شاملاردىن ئالاھىدە چوڭ ئىكەن.

بىر نەپەر ئىشچى ھېلىقى يوغان شامنى قولىغا ئېلىپ: — قاراڭلار، بۇ شام نېمىدېگەن يوغان – ھە! ئۇ چىقارغان يورۇقلۇق چوقۇم نۇرلۇق، كىم ئۇنى سېتىۋالسا، شۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بولىدۇ،— دەپتۇ. چوڭ شام بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەمدە ئەڭ يورۇق چىقىرالايدىغان، ئىگىسىنىڭ ئەڭ ياخشى سوۋغىسىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ.

دەرۋەقە، ماگىزىندا چوڭ شام خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ ۋە بىرىنچى بولۇپ سېتىلىپتۇ.

ھەمنەپەسلىرى ئۇنىڭ بۇنچە تېز سېتىلغانلىقىغا قاراپ ھەۋەس قىلىشىپتۇ. پەقەت بىر كىچىك شام: — ئۇ دېگەن بىر پىلىكى يوق شام، ئىشلەتكىلى بولمايدۇ،— دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، خېرىدار ھېلىقى يوغان شامنى كۆتۈرۈپ ئاچچىقىدا پوكەيگە تاشلىۋېتىپتۇ: — پىلىكى يوق شام ئىكەن ئەمەسمۇ، شام ھەرقانچە چوڭ بولغىنى بىلەن پىلىكى بولمىسا باشقىلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلالمايدۇ،— دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ بەلگىلەنمەيدۇ، ئەكسىچە ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا موھتاج.***

## قېچىپ كەتكەن چېكەتكە

ئاشخانا ئۆيدە بىر ئائىلىلىك قارا چېكەتكە تۇرىدىكەن، ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان قارا چېكەتكە ئىكەن. تولىمۇ خۇشال يۇرىدىكەن، تاماق يېگەندە ئازادە پاراڭلىشىپ، تاتلىق خىياللارنى سۇرىدىكەن، كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىدىكەن. ئانا چېكەتكە ھەر كۈنى باللىرىغا: — باللىرىم ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، پەقەت ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدىلا بەخت بار!— دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن.

بىراق، بىر كىچىك چېكەتكە سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشنى ئويلاپ، دېرىزىگە سەكرەپ چىقىپ، پارلاپ تۇرغان قۇياش، ھەرخىل گۈللەرنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ بىرلا سەكرەپ ئېتىزلىققا كېلىپ قاپتۇ. تالادىكى چېكەتكە ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ناخشا ئېيتىپ، سەكرىشىپ، تاغلارغا، جىلغىلارغا بېرىپتۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك چېكەتكىگە نىسبەتەن يېڭى بولغاچقا، بەكلا بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئويۇننى ئويناپ، كۈلكىسىگە قانغاندا، قوياش ئولتۇرۇشقا باشلاپتۇ. كىچىك چېكەتكە ئۆيىنى سېغىنىپتۇ. ئاپىسى، دادىسى، ئاكا - ئاچىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ بىرلىكتە تاماق يېيىشنى، ناخشا ئېيتىپ، پاراڭلىشىشنى ئويلاپتۇ. بىراق كىچىك چېكەتكە ئۆيىگە قايتىدىغان يولنى تونۇيالماپتۇ. ھەتتا ئۆز ئۆيىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ئۇ ھازىرغىچە يىغلاپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولنى سوراپ يۈرەرمىش.

***ھېكمەت:***
***ئائىلىدىكى خۇشاللىق چەكسىز بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن كىشى بەختلىك، خۇشال كىشىدۇر. بۇ بەختتىن ھۇزۇرلىنالىغان كىشى تېخىمۇ بەختلىك، تېخىمۇ خۇشال كىشىدۇر.***

## ۋېلىسىپىت

بىر كىشى تاللا بازىرىغا ۋېلىسىپىت بىلەن مال سېتىۋالغىلى بېرىپتۇ ۋە يېڭى ۋېلىسىپىتىنى تاللا بازىرى ئىشىكى ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. بىراق ئۇ تاللا بازىرىدىن چىققان ۋاقتىدا ۋېلىسىپىتىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئىشقا بارىدىغان ۋاقىتتىلا ئاندىن ۋېلىسىپىتىنىڭ تاللا بازىرى ئىشىكى ئالدىدا ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇ: — ۋېلىسىپىتىمنى باشقىلار ئوغرىلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، — دەپ ئويلاپتۇ. بىراق ئۇ تاللا بازىرىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ۋېلىسىپىتىنىڭ شۇ پېتى ئۆز ئورنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ۋېلىسىپىتنى مىنىپ چېركاۋغا تەڭرىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەپتۇ. بىراق، ئۇ دۇئادىن يېنىپ، چېركاۋنىڭ ئالدىغا چىققاندا توختىتىپ قويۇلغان ۋېلىسىپىت كۆزدىن غايىب بولغانىكەن.

***ھېكمەت:***
***تۇرمۇشتا ھەر ۋاقىت ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بەزىسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، بەزىسىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بەك بوشاڭ بولۇپمۇ، بەك چوڭقۇر ئويلاپمۇ كەتمەڭ.***

## سەكسەنپۇتنىڭ پۇتى

سەكسەنپۇت ئەمدىلا پەيدا بولغان ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ پۇتى بولمىسىمۇ، يىلانغا ئوخشاش تېز ماڭىدىكەن.

ئۇ شىر، يولۋاس، تۆلكە ۋە چاشقان قاتارلىق پۈتى بار ھايۋانلارنى كۆرگەندە ھەمدە ئۆزىدىن تېز يۈگۈرەيدىغانلىقىنى بىلگەندە كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەڭرىگە يالۋۇرۇپ: — ئاھ، خۇدا! ماڭا باشقا ھايۋانلارنىڭكىدىنمۇ كۆپ پۇت بەرگەيسىز، — دەپتۇ.

تەڭرى ئۇنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۇرۇپ، بېشىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە پۇت چىقىپتۇ. سەكسەنپۇت بەدىنىگە چىققان پۇتلاردىن قانائەتلەنگەن ھالدا خۇشاللىقىدىن: — ھا... ھا... مەن ھازىر ئاتقان ئوقتەك تېز ماڭىدىغان بولدۇم، ھېچكىممۇ ماڭا يېتىشەلمەيدۇ! — دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

بىراق، ئۇ ئەمدى «ئۇچۇش» قا تەمشەلگەندە، ئۆزىنىڭ پۇتلىرىنى كونترول قىلالمىغانلىقىنى، بەزى پۇتلىرى ئاستا، بۇ پۇتى ئۇ پۇتىغا دەسسىۋېلىپ ماڭالمايۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. نەتىجىدە سەكسەنپۇت ماڭالمايلا قالماي موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. نۇرغۇن ۋاقىت مەشىق قىلىش ئارقىلىق، سەكسەنپۇت ئاستا - ئاستا يول مېڭىشنى ئۆگىنىپتۇ، بىراق ئۇ ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ ئاستا ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***
***باشقىلارنىڭ ئىگە بولغىنى ھەرگىزمۇ بىز ئېھتىياجلىق بولغىنىمىز ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئويلىساق، ئۆزىمىزگە بەلكىم يۈك ۋە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشىمىز مۇمكىن.***

## يىتكەن چاچ قىسقۇچ

بىر پادىشاھنىڭ يەتتە مەلىكىسى بار بولۇپ، بۇ يەتتە مەلىكىنىڭ ھەممىسىنىڭ قاپقارا ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرى بار ئىكەن. پادىشاھ مەلىكىلەرگە ئامراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە يۈز دانە چىرايلىق چاچ قىسقۇچ سوۋغا قىپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى چوڭ مەلىكە كۆندىكىدەك چېچىنى تاراۋاتقاندا، بىر تال چاچ قىسقۇچنىڭ كەملىكىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى مەلىكە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ بىر تال چاچ قىسقۇچنى ئوغرىلىۋاپتۇ. ئىككىنچى مەلىكە ئۆزىنىڭ بىر تال چاچ قىسقۇچىنىڭ كەملىكىنى بايقاپ، ئۈچىنچى مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىدىن بىر تال چاچ قىسقۇچنى ئېلىۋاپتۇ. ئۈچىنچى مەلىكە بىر تال چاچ قىسقۇچىنىڭ كەملىكىنى بايقاپ، تۆتىنچى مەلىكىنىڭ بىر تال چاچ قىسقۇچىنى ئوغرىلىۋاپتۇ. تۆتىنچى مەلىكە ئاچىسىغا ئوخشاش، بەشىنچى مەلىكىنىڭ بىر تال چاچ قىسقۇچىنى ئېلىۋاپتۇ. بەشىنچى مەلىكىمۇ ئالتىنچى مەلىكىنىڭ بىر تال چاچ قىسقۇچىنى ئېلىۋاپتۇ. ئالتىنچى مەلىكە يەتتىنچى مەلىكىنىڭ چاچ قىسقۇچىنى ئېلىۋېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يەتتىنچى مەلىكىنىڭ توقسان توققۇز چاچ قىسقۇچى قاپتۇ.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قوشنا دۆلەتنىڭ شاھزادىسى تويۇقسىز ئوردىغا

كېلىپ پادىشاھقا: ــ تۇنۇگۇن مەن باققان بۇلبۇل بىر تال چاچ قىسقۇچنى ئېلىپ كەپتۇ، مەن بۇنى چوقۇم سىزنىڭ مەلىكىلىرىڭىزنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭكى دەپ ئويلىدىم، بۇنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دېيىشكە بولىدۇ. بىلمىدىم، بۇ قايسى مەلىكىنىڭ چاچ قىسقۇچى بولىدىكىن؟ ــ دەپتۇ.

مەلىكىلەر بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە: «بۇ چاچ قىسقۇچ مېنىڭكى» دەپتۇ. بىراق چېچىدا يۈز تال چاچ قىسقۇچ تولۇق بولغاچقا تولىمۇ پۇشايمان قىپتۇ. پەقەت يەتتىنچى مەلىكە ئالدىغا چىقىپ: ــ بۇ چاچ قىسقۇچ مېنىڭكى، ــ دەپتۇ ۋە بېشىنى سىلكىپتۇ. بىر تال چاچ قىسقۇچ كەم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەممە چاچلىرى ئالدىغا چۇشۇپ دولقۇنلىنىپ كېتىپتۇ، بۇ ۋاقىتتىكى مەلىكە كىشىنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن، شاھزادە ئىختىيارسىز خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ ۋە كىچىك مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***سىز دە كەملىك تۇيغۇسى بولغان ھامان ئۇنى تولۇقلاشقا ئۇرۇنماڭ، بەزى ۋاقىتتا، كەملىك تۇيغۇسىمۇ بىر خىل خۇشاللىققا ئەرزىيدىغان ئىش. ئۇ بەلكىم سىزگە بەخت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.***

## قەھۋەخانىدىكى تام رەسىمى

بىرقانچە ئاغىنىلەر قەھۋەخانىدا قىزغىن پاراڭغا چۇشۇپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى بەس - مۇنازىرە سەۋەبلىك قوللىرىنى سىلكىگەندە ئۇنىڭ قولى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مۇلازىمەتچىگە تېگىپ كېتىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى پەتنۇسنى چۇشۇرۇۋېتىپتۇ. ئىستاكاندىكى قەھۋەنىڭ ھەممىسى ئاپئاق تامغا چاچراپ كېتىپتۇ. دۇكان غوجايىنى تامدىكى چاچراپ كەتكەن قەھۋەنى كۆرۈپ ئۇلارغا تۆلەشنى بۇيرۇپتۇ.

ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ياندىكى ئۇستەلدىكى مېھمان دۇكان غوجايىنىنى بىر چەتكە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىپتۇ. ئارقىدىن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ ساياھەت سومكىسىدىن بىر پارچە رەسىمنى ئېلىپ، قەھۋە چاچراپ كەتكەن تامنىڭ ئۇستىگە چاپلاپ قويۇپتۇ. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەستىن، بۇلغانغان تامنى، بىر ئات خاتىرجەم ھالدا ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقان، ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە بىر ساھىبجامال قىز چۆپلۈك ئۇستىدە سوزۇلۇپ ياتقان رەسىم ئىگىلەپتۇ.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئارقا - ئارقىدىن ئالقىشلاپ، رەسسامنىڭ ماھارىتىنى ماختىشىپتۇ. بۇ رەسىم پۈتۈن قەھۋەخانىغا ھۆسن قوشۇپتۇ، غوجايىن خۇشال بولغان ھالدا تۆلىتىدىغان ئىشنى ئېغىزىغىمۇ ئالماپتۇ.

***ھېكمەت:***

***خاتا باسقان بىر قەدىمىڭىز ئۇچۇن ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەپ كەتمەڭ، چۈنكى***

قاشتېشىدىمۇ نۇقسان بولىدۇ.

## ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەنبەسى

دانىشمەن بىر ئۇستاز ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدا يەنە ئىككى شاگىرتنى قوبۇل قىپتۇ. چوڭ شاگىرتى ئەقىللىق، زېرەك، سۆزمەن، كىچىك شاگىرتى گەرچە ئېغىر-بېسىق كەم سۆز، ئەستايىدىل، پۇختا ئىكەن.

ئۇستاز دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا چوڭ شاگىرتىنى يېنىغا چاقىرىپ تەلىم بېرىدىكەن ھەمدە بىرقاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىكەن. لېكىن، كىچىك شاگىرتىنى ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدىكەن.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇستاز ئۆزىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شاگىرتلىرى ئىچىدىن بىرىنى ئىزباسار قىلىپ تاللىماقچى بوپتۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇستاز ھېلىقى كەم سۆز كىچىك شاگىرتىنى تاللاپتۇ. چوڭ شاگىرتى بۇنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىچە قايىل بولماي ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنىڭ مولىلىقى بىلەن ئىزباسار بولۇشقا ئەسلى مەن مۇناسىپ كېلەتتىم، دەپ قاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇستازىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ــ ئۇستاز، مەن سىزدىن نۇرغۇن ئەقىل - پاراسەت ۋە تەلىماتلارنى ئۆگىنىپ، مەلۇم ئىقتىدار يېتىلدۈردۇم، سىز نېمىشقا كىچىك شاگىرتىڭىزنى تاللىغانلىقىڭىزنى ھېچ چۈشەنمىدىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئۇستاز ئۇنىڭغا: ــ سەن گەرچە ئەقىللىق بولساڭمۇ بىراق چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىشنىڭ بەسىي مۈشكۈل. دۇرۇس، سەن مەندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىڭ، بىراق سېنىڭ ئۆگەنگەن نەرسىلەرگە بولغان چۈشەنچەڭ چوڭقۇر ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي ئەقىل - پاراسەت ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. خۇددى چېچەك بىلەن مېۋىگە ئوخشاش، دەرەختىكى چېچەك ئۆزىنىڭ مېۋە بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بىراق يىلتىزى بىلىدۇ، ــ دەپتۇ.

چوڭ شاگىرتى بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خىجىللىق ھېس قىلىپ، ئاستا چىقىپ كېتىپتۇ.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇستاز ئالەمدىن ئۆتۈپ، كىچىك شاگىرتى رەسمىي ئىزباسار بولۇپ، ئۇستازىنىڭ تونىنى كىيىپتۇ ۋە كېيىنچە ئۇ شۇ ئەتراپتىكى داڭلىق ئۇستاز بولۇپ قاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بىر ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى ئەگەردە ئەمەلىيەتتىن چېنىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىسە، ئاقىۋەت ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەكسىچە ئەمەلىيەتتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەندە، نۇرغۇن پاراسەتلەرنى ئىگىلىيەلەيدۇ.***



www.uyghurkitap.com

## رەت قىلىنغان سەدىقە

ئاپەتكە ئۇچراپ ئاچارچىلىقتا قالغان بىر توپ خەلق بىر كىچىك بازارغا كېلىپ، بازار باشلىقىنىڭ يېمەكلىك تارقىتىپ بېرىشىنى ساقلاپتۇ. بازار باشلىقى بولكا ۋە پىشلاقنى تارقىتىپ بىر ياشنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ياش يىگىت باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئالدىراپ بولكىنى ئالماپتۇ، ئەكسىچە بازار باشلىقىغا: ــ ئەپەندىم، سىز ماڭا بۇ يېمەكلىكنى بەردىڭىز، مەن قىلىدىغان ئىش بارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. بازار باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ: ــ مەن پەقەت سىلەرنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيمەن، سەن قىلغۇدەك نەدىمۇ ئىش بولسۇن؟ ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھېلىقى ياش يىگىت كەسكىنلىك بىلەن: ــ ياق ئەپەندىم، ئەگەر قىلغۇدەك ئىش بولمىسا، مەن سىزنىڭ يېمەكلىكىڭىزنى ئالالمايمەن! ــ دەپتۇ. بازار باشلىقى تەسىرلىنىپتۇ. بىراق ھەقىقەتەن ياش يىگىت قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا، ئۆزى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ياش يىگىتكە دۈمبىسىنى تۇتۇپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ.

كېيىن، ياش يىگىت كىچىك بازاردا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ ۋە بازار باشلىقىنىڭ قىزى بىلەن توي قىپتۇ. يىگىرمە يىلدىن كېيىن، بۇ ياش يىگىت بىر داڭلىق نېفىت سودىگىرى بوپتۇ.

**ھېكمەت:**

***بۇ ياش يىگىتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا نۇرغۇن ئامىللار بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۇ خىل ئەمگەك قىلماي ئېرىشىشنى رەت قىلىشى ھۆرمەتكە ئەرزىيدۇ. ھەيۋەتلىك سودا سارىيىمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان سېمونت، يۇختا خىش بولغاندىن سىرت ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان پولات چىۋىقتىن ئايرىلالمايدۇ.***

## كالا ئۆلتۈرۈش

ئېلگىرى، بىر كىشىنىڭ 250 تۇياق كالىسى بار ئىكەن. ئۇ دائىم كالىلىرىنى ئوت-چۆپ، سۇ مول بولغان يەرگە ئاپىرىپ تەبىئەتنىڭ ئاتا قىلغان مەنزىرىلىرىدىن ھوزۇرلاندۇرىدىكەن. بىر كۈنى كالىلار تۇيۇقسىز بىر كالىنى يولۋاس يەپ كېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا كالىنىڭ ئىگىسى: «مەن بىر كالامدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئەمدى كالىلىرىمنىڭ سانى تولۇق ئەمەس، بۇ كالىلارنىڭ ماڭا ئەمدى نېمە كېرىكى؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە كالىلىرىنى تاغنىڭ كەينىگە ھەيدەپ بېرىپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***مۇتلەق مۇكەممەل نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بىز پەقەت بۇ ئۇقۇمنى چۈشەنسەك، بالدۇرراق بۇ پاكىتنى قوبۇل قىلالىساق، ئىلگىرىلەشكە قاراپ قەدەم باسقان بولىمىز.***

## يول بويىدىكى كىچىك دۇكان

بىر جۈپ ئاق كۆڭۈل ئەر - ئايال يول بويىدا قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان كىچىك دۇكان ئېچىۋاپتۇ. ئۇلار پۇل تېپىشقا ئالدىراپ كەتمەپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، دۇكانىنىڭ ئىشىك بېشىغا: «ھاۋا ئىسسىق، يول يىراق، دۇكاندا ھەقسىز ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلىنىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان ۋىۋىسكىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇ ۋىۋىسكىنى كۆرگەن پىيادىلەر دۇكان ئالدىدا توختاپ سۇ ئىچىپ، كۆپ قىسىم كىشىلەر رازىمەنلىك بىلەن دۇكاندىن نەرسە - كېرەك سېتىۋاپتۇ. بۇ كىچىك دۇكان يېقىن - يىراقتىكى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كېتىپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى سېتىۋالىدىغان بوپتۇ. ناھايىتى تېزلا بۇ كىچىك دۇكان تەرەققىي قىلىپ كاتتا بىر تورلۇك ماللار دۇكىنىغا ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئاق كۆڭۈللۈك ئۇرۇقىنى چاچقاندا، مول - ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا، مەردلىك سىزگە خۇشال - خۇرام ھالدا ھەمراھ بولىسۇن.***

## ئورۇندۇقتا تايىنىپ مۈز تېيىلىش

قىزچاق مۈز تېيىلىشنى ئەمدىلا ئۆگەنگەن بولۇپ، ئازراقمۇ تېخنىكىسى بولمىغاچقا، ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئانىسى ئۇنىڭغا بىر ئورۇندۇقنى بېرىپ، ئورۇندۇقتا تايىنىپ تېيىلىشنى مەشىق قىلىشنى ئېيتىپتۇ. دەرۋەقە، ئورۇندۇقتا تايىنىپ تېيىلغاندىن كېيىن، قىزچاق ئاستا - ئاستا مۈز ئۈستىدە بىمالال تېيىلالايدىغان، كۆپ يىقىلىپ چۈشمەيدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئورۇندۇقتا تايىنىپ تېيىلىپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنىڭغا ئورۇندۇق ئىشلەتمەي تېيىلىپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. بىراق ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ئۇ ئورۇندۇقنى تەلەپ قىلغاندا، ئانىسى ئورۇندۇقنى يىراققا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئاخىرى، قىزچاق كۆپ قېتىم يىقىلىپ كېتىش ئارقىلىق، ئۆزى مۈز ئۈستىدە بىمالال تېيىلالايدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***ئەگەر سىز باشقىلارغا ياكى باشقا نەرسىلەرگە بولغان تايىنىشۋېلىش خاراكتېرىڭىزنى يوقاتمىسىڭىز، مەڭگۇ ئورنىڭىزدىن دەست تۇرالمايسىز. ھاياتلىقنىڭ جەريانى ئۆزىمىزنىڭ ئىككى پۇتى ئارقىلىق مېڭىشىمىزغا ئېھتىياجلىق، شۇندىلا ئاندىن ياشىغاننىڭ مەنىسى بولىدۇ.***

## سودىگەر بىلەن چولپان

بىر سودىگەر بىر ئايال چولپاننى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بىراق ئۇنىڭغا ئايال چولپاننىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئېنىق ئەمەس ئىكەن.

ئۇ ئايال چولپاننىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر شەخسىي رازۋېدچىك ياللاپ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى ئېيتىپتۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بۇ شەخسىي رازۋېدچىكقا ئاشكارىلىماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، شەخسىي رازۋېدچىك ئۇنىڭغا تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئەۋەتىپتۇ. دوكلاتتا: «بۇ خانىم ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆزىنى سۆيىدىغان، ھايا - ئىپپەتلىك، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشنى خالايدىغان ئايال ئىكەن. بىردىنبىر ئەپسۇسلىنىدىغىنى، يېقىنقى كۈندە، تەسىرى ياخشى بولمىغان بىر سودىگەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ئىكەن» دەپ يېزىلىپتۇ.

***ھېكمەت:***
***بىز دائىم باشقىلارغا گۇمانلىنىش ۋە ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىدە بولىمىز، بۇ خىل كۆزقاراش ئۆزىمىزدىن پەيدا بولغاچقا، ئۆلۈغ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە كۆز قارىشى يەنىلا ئېتىبارسىز قالىدۇ.***

## چاشقاننىڭ ساياھەت قىلىشى

بىر كىچىك چاشقان دېڭىز بويىغا بېرىپ ساياھەت قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى قارشى تۇرۇپ: ــ بەكلا يىراق تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە يەردە يوشۇرۇن خەتەر بار، بېرىشقا قەتئىي بولمايدۇ!ــ دەپتۇ. كىچىك چاشقان قەتئىي ھالدا: ــ مەن بېرىشنى قارار قىلىپ بولدۇم، مەن دېڭىزنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقىمەن، سىلەر مېنى توسىيالمايسىلەر!ــ دەپتۇ ۋە شۇ كۈنى سەھەردىلا يولغا چىقىپتۇ. ئۇ سەپەر جەريانىدا، مۈشۈك ۋە يىلاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. يەنە مەلۇم بىر قۇشنىڭ قوغلاپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىغىمۇ ئۇچراپتۇ. كىچىك چاشقان جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ھەر ھالدا ئامان قاپتۇ.

جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ، كىچىك چاشقان قىيا تاشنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ يېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ئويلاپ، تەنھالىق ھېس قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. بىراق ئۇ دېڭىز بويىغا بېرىش نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئىككىنچى كۈنى، ئۇ ئاستا - ئاستا بىر تاغقا يامىشىپ چىققاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇقچىلىق پەيدا بوپتۇ. كىچىك چاشقان ھاياجانلانغان ھالدا: — دېڭىز، مەن ئاخىرى دېڭىزنى كۆردۈم! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. كۆز يەتكۈسىز دېڭىز، ئالتۇن رەڭ دولقۇنلار بىر - بىرىنى قوغلاشقا ئۇرۇشماقتا ئىكەن. كىچىك چاشقان تاغ چوققىسىدا، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ، يۇلتۇزلارنىڭ ئاستا - ئاستا يورۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ، «ئەگەر ئاتا - ئانام مەن بىلەن بىرگە بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن تەڭ ھۇزۇرلىنالىغان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى - ھە!» دەپ ئويلاپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى غايىسى ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ. بىراق ھەر قانداق ئادەم ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ناتايىن. قەتئىي ئىرادىگە كەلگەندە، خەتەردىن قورقمىغاندا، توسالغۇلارنى يىمىرىپ تاشلىغاندا، ئويلىغان نىشانىمىزغا چوققۇم يېتەلەيمىز.***

## ھاياتلىقنىڭ قىممىتى

بىراۋ بىر تال سەرەڭگىنى يېقىپتۇ. ئوت يالقۇنى لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. يىراقتىكى شامال كۆيۈۋاتقان سەرەڭگىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشىگە چىدىماي ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىرلا پۈۋلەپ كۆيۈۋاتقان سەرەڭگىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

ئۆچۈپ قالغان سەرەڭگىنى ئىگىسى يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ. سەرەڭگە شامالنى كۆرۈپ: — شامال ئانا، سىز نېمىشقا مېنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

شامال جاۋاب بېرىپ: — ئوغلۇم، سېنىڭ ھاياتىڭنى ئوت يالقۇنى كۆيدۈرۈپ تۈگەشتۈرگىلى تۇرۇپتىكەن، شۇڭا مەن سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇۋالدىم، — دەپتۇ.

سەرەڭگە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەسرەت چېكىپ: — ھەي، شامال ئانا، سىز مېنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىمنىڭ ئەڭ زور قىممىتىنىڭ كۆيۈش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز، بىراق سىز مېنىڭ ھاياتىمدىكى چېقىنندەك يورۇقلۇقنى ئۆچۈرۈپ قويدىڭىز... — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بەزى ۋاقىتتا ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ئۆزىمىزنى كۆيدۈرۈپ، باشقىلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىشقا باغلىق.***

## ئەۋزەللىكنى نامايان قىلىش

قەدىمكى زاماندا بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ قازناق ئۆيى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن لىق تولغانىكەن. ئەمما ئۇ تولىمۇ باي بولسىمۇ، بىراق بىرمۇ ئوغلى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ قوشنىسى كەمبەغەل كىشى ئىكەن، بىراق ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن.

بىر كۈنى باي كەمبەغەل قوشنىسىنى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. باي كەمبەغەل كىشىنىڭ ئالدىدا ئۆز بايلىقلىرىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۇنى قازناققا باشلاپ كىرىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى چۈشلۈكى، كەمبەغەل كىشىمۇ باينى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. ئەسلىدە تاماق ئۈستىلىنى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان جايغا قويسا بولاتتىكەن، بىراق چۈشلۈكى كۈن نۇرى تاماق ئۈستىلىگە تىك چۈشىدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. كەمبەغەل كىشى تۆت ئوغلىنى چاقىرىپ كېلىپ، بىرلىكتە ئۈستەلنى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان سايە يەرگە يۆتكىۋېتىپتۇ.

كەمبەغەل كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ بايغا: — سىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭ بولسا، مېنىڭ تۆت (گۆھەر) ىم بار، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھەم كەمچىلىكىمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىزنى باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىگە سېلىشتۇرماڭ، سىزنىڭ كەمچىلىكىڭىز باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولۇپ قېلىشىنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.***

## ھەقىقەتنى تېرىۋېلىش

بىر كۈنى، بىر شاگىرت ئۇستازىدىن: — ئۇستاز، سىز ئىلگىرى ھەقىقەتنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، دېگەنىدىڭىز. ئۇنداقتا ھەقىقەت يول ئۈستىدىكى شېغىل تاشقا ئوخشاش، ھەر ۋاقىت ئۇچراتقىلى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇستازى جاۋاب بېرىپ: — ھەقىقەتەن توغرا، ھەر قانداق ئادەم ھەقىقەتنى تېرىۋالسا بولىدۇ، — دەپتۇ. شاگىرتى داۋاملىق سوراپ: — ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تېرىۋالمايدۇ؟ — دەپتۇ. ئۇستازى جاۋاب بېرىپ: — شېغىل تاشقا ئوخشاش ھەقىقەتلەرنى تېرىۋېلىشتا نەچچە قېتىم ئېگىلىشىدىغان ئىش. بىراق كىشىلەر دائىم ئۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***ھەقىقەتنى ھەممە جايدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بىراق بىز دائىم ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيمىز. چۈنكى بىز ئۇنى ئىگىشىپ تېرىشىشنى خالىمايمىز.***

## پاقا بىلەن مۈلى قۇلۇلىسى

قۇياش پارلاپ چىققان بىر ئەتىگەنلىكى كىچىك كۆلچەكتە تۇرىدىغان پاقا كۆلچەكتىن چىقىپ دۇنيانى ئايلىنىپ كۆزىنى ئاچماقچى بوپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يول يۈرمەيلا، نۇرغۇنلىغان گۈزەل، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەنزىرىلەرنى كۆرۈپتۇ ۋە ھەيران بولغان ھالدا: — ئەسلىدە سىرتقى دۇنيا ئەجەب چىرايلىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ تۇتاش كەتكەن تاغ تىزمىلىرى، كۆز يەتكۈسىز كەڭرى يايلاق، … ۋاھ، نېمىدېگەن گۈزەل! بۇ يەردە تېخى نۇرغۇنلىغان ياۋا گۈللەر خۇش ھىد چېچىپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ۋاي - ۋۇي، بىراقتا يەنە كۆز يەتكۈسىز چوڭ كۆلچەكلەر بار ئىكەن. مەن بېرىپ كۆرۈپ باقايچۇ! — دەپتۇ.

پاقا چوڭ - چوڭ چامداپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دېڭىز بويىغا كەپتۇ. ئۇ دېڭىز ساھىلىغا بېرىپلا، كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنى، زۇمرەتتەك چاچراپ تۇرغان بۇژغۇنلارنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەنە، دولقۇنلار قىرغاقتا ئېلىپ چىققان مۈلى قۇلۇلىسىنى كۆرۈپتۇ. پاقا ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ يەر ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن، بۈگۈن مېنىڭ كۆزۈم ئېچىلغاندەك بولدى!» دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ دىققىتى مۈلى قۇلۇلىلىرى ئىچىدىكى بىر بىرىنىڭ قۇلۇلە قېپىدىن ئاجراپ چىقىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ، قۇياش نۇرىدىن بەھرىلىنىۋاتقانلىقىغا چۈشۈپتۇ. ئۇنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى مۈلى قۇلۇلىسىنىڭ تولغان، ئاپئاق قىياپىتى، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان خۇش پۇراق، تەملىك گۆشى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلىپ، پاقا بىر ئالىيىپ قويۇپ: «مېنىڭ ئامىتىم ئوڭدىن كەلدى، بۇ يەردە يېيىشلىك تائام بار ئىكەن، بۈگۈن مەن تويغۇچە مەززە قىلىپ يېيەلەيدىغان بولدۇم!» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ بىرلا سەكرەپ قۇلۇلىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ، تىلىنى سوزۇپ يېمەكچى بوپتۇ. بىراق، ئۇ تىلىنى سوزۇپ، تارقاتقاندا سەل كېچىكىپ قاپتۇ ۋە قۇلۇلە قېپى چىڭ قىسىۋېلىپ، پاقىنى تۇتۇۋاپتۇ ھەم پاقا قۇلۇلىنىڭ تامىقىغا ئايلىنىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***دۇنيادا بىز كۆرۈپ باقمىغان ناھايىتى كۆپ ئاجايىپ نەرسىلەر بار، بۇ بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ ئېچىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. پەقەت ئۆزىمىزنى تولۇق چۈشەنسەك، ئاندىن مەغلۇبىيەتتىن مۇستەسنا بولالايمىز.***

## ئوۋ ئىتىنىڭ پۇتى

بىر كىشى پەلسەپىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىپتۇ. بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئوۋ ئىتىنى ئېلىپ سىرتقا ئايلانغىلى چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە، ئۇ ئىتىنىڭ يول مېڭىش ھالىتىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، پەلسەپەشۇناسقا خاس تەپەككۇر بىلەن ئويلىنىپ: «ئىت قانداق قىلىپ تۆت پۇتى بىلەن يول ماڭىدىغاندۇ؟ قائىدە بويىچە بولغاندا ئىككى پۇتى بىلەن ماڭسا بولاتتى. ھازىر ئىت بولسا تۆت پۇتى بىلەن مېڭىۋاتىدۇ. ئۇ قايسى پۇتىنى ئاۋۋال ئېلىشنى، قايسى پۇتىنى كېيىن ئېلىشنى قانداق بىلەر؟ ئاخىرىدا قالغىنى يەنە شۇ بىر پۇتىغۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ سوئاللىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ.

ئىت: — مەن ھاياتىمدا يول يۈرۈپ كەلدىم، بۇ مەسىلىنى مەن ئويلىشىپ باقمىغان، قانداق جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلمەيمەن، ھازىر مەن ياخشىراق بىر ئويلىنىپ ئاندىن ساڭا جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ ۋە ئۇ تۇرغان جايىدا چوڭقۇر ئويلىنىشقا چۆكۈپ، ئويلىغانسېرى مېڭىشى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ. نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ مىدىر - سىدىر قىلالمىغانلىقىنى بايقاپ، ئىككى تەرەپكە ئېغىناپ بېقىپتۇ، ئارقىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئوۋ ئىتى ئۇنىڭغا: — ئوخشاش مەسىلىگە نىسبەتەن، سەن باشقا ئىشلاردىن سورىمىساڭمۇ بولىدۇ. مەن ئاللىبۇرۇن ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***
***كىشىلىك تۇرمۇشنى پىرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىش ھاجەتسىز، بولمىسا، كۆڭلىڭىزدە تۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر پەيدا بولۇپ، چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئىدىيەڭىزمۇ سىزگە يۈك بولۇپ قالىدۇ.***

## ئوخشاشمىغان تەقدىر

ئىككى سەرگەردان بولۇپ، كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئۆتىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرسى بىر ئۆمۈر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ باقمىغان گېگانت ئادەم، يەنە بىرسى بىر توكۇر بولۇپ، ئۆمۈر بويى كېسەلدىن قۇتۇلالمىغانىكەن.

توكۇر گېگانت ئادەمنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا كۆنۈپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپلا ئۆتىدىكەن. ئىش يوق ۋاقىتلاردا ئۇ دائىم دۇئا قىلىپ: — ئۇلۇغ تەڭرىم! مېنى كۈندە مازاق قىلىدىغان بۇ گېگانت كىشىنى جازالاپ بېرىپ، مېنىڭ كەمچىلىكىمنى تولۇقلاپ بەرگىن، — دەيدىكەن. ئاخىرى، بىر كۈنى ئۇ شەھەرگە بېرىپتۇ، دەل شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ زور كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىككى چاكىرى

تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. بىرسى ئۇنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىسى، يەنە بىرسى خان ئائىلىسىنىڭ داڭلىق تېۋىپى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يۇقىرىقى مەملىكەتكە ئادەم ئەۋەتىپ قاۋۇل كىشى ۋە دوختۇر تېپىپ كېلىپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچى بوپتۇ.

ئاخىر، پادىشاھ نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدىن ئەڭ قاۋۇل كىشى ۋە داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى تېۋىپتىن بىردىن تاللىۋاپتۇ. كېيىن ئۇلارغا ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇيرۇق قىپتۇ. ھېلىقى قاۋۇل كىشى: — ئالىيلىرى، سىزبۇ شەھەردىكى ئەڭ قاۋۇل ھېسابلىنىدىغان كىشىنى چاقىرتىپ كەلسىڭىز، مەن ئۇنى بىر مۇشت بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— ماڭا جېنى ئاران قالغان توكۇردىن بىرنى بېرىڭ، مەن ئۇنى بىر ھەپتە ئىچىدە ساقايتىمەن، — دەپتۇ تېۋىپ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تېز سۈرئەتتە ئادەم ئەۋەتىپ ئاشۇنداق كىشىدىن ئىككىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار دەل ھېلىقى ئىككى سەرگەردانغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلار ئىككىسىنى شاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

ئالدى بىلەن قاۋۇل كىشى بىر مۇشت بىلەن گىگانت ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. كېيىن، تېۋىپ توكۇرنى تەكشۈرۈپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن كېسىلى تەلتۆكۈس قايتىپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بەزى ۋاقىتتا ئۆز ئالاھىدىلىكىمىز بىزگە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىشى، ئەكسىچە كەمچىلىكىمىز ئامەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.***

## تەقدىم قىلىش

ئالما دەرىخىنىڭ يېنىدا بىر تۈپ ئەتىرگۈل ئۈنۈپتۇ. ھەربىر كىشى ئۇنىڭ خۇش ھىدىغا مەپتۇن بوپتۇ. باشقىلارنىڭ ماختىغىنىنى ئاڭلىغان ئەتىرگۈل مەمەدانلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ: — كىم مەندەك مۇھىم؟ كىم مەن بىلەن بەسلىشەلەيدۇ؟ بارلىق گۈللەرنىڭ ئىچىدە مەن ئەڭ پۇراقلىق، مېنىڭ گۈلۈم كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ. بەرھەق، ئالما دەرىخى ھەقىقەتەن يوغان، بىراق ئۇ كىشىلەرگە قانداق خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلىدى؟ — دەپ كېرىلىپتۇ. ئالما دەرىخى جاۋاب بېرىپ: — سەن مەندىن يۇقىرى تۇرغۇدەك، قانداق ياخشى تەرەپلىرىڭ بار؟ سەن مەندەك ياخشى قەلب ئىگىسى بولالمايسەن، — دەپتۇ. ئەتىرگۈل: — سەن ئۆزۈڭنى ماڭا كۆز - كۆز قىلىدىغان قانداق سالاھىيىتىڭ بار؟ — دەپتۇ. ئالما دەرىخى ئۇنىڭغا: — سېنىڭ گۈلۈڭنى باشقىلارغا

تەقدىم قىلغاندىن سىرت، يەنە قانداق قارشى ئالغۇچىلىكىڭ بار؟ ئەكسىچە، كىشىلەر ماڭا قارىتىپ تاش ئاتسىمۇ، مەن ئۇلارغا مېۋە تەقدىم قىلالايمەن!— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

*ھېكمەت:*
*كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى تەقدىم قىلىشقا باغلىق. خۇشاللىق بىلەن تەقدىم قىلالىغان كىشى ئاخىرى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.*

## رەخت ۋە كونا چاپان

ئۇستىل ئۇستىگە قويۇپ قويۇلغان رەختنىڭ سۈپىتى تولىمۇ ياخشى بولۇپ، كۆركەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىچە: «مەن كەلگۈسىدە بىر چىرايلىق چاپان بولىمەن!» دەپ ئويلاپ، تۇيۇقسىز ماي داغلىرى بىلەن بۇلغانغان بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان كونا چاپان رەختنى كۆرۈپ قاپتۇ. رەخت ئۇنى مازاق قىپتۇ: — مەن سەن ئۇچۇن ئازابلىنىۋاتىمەن، سەن نېمىدېگەن بىچارە - ھە!— دەپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن، رەختنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭدىن بىر چاپان تىكىپتۇ. بىراق ئۇ سىرتقا چىقىدىغان ۋاقىتتا، يەنىلا بۇرۇنقى كونا چاپىنىنى كىيىۋاپتۇ. يېڭى چاپان كونا چاپاننى تونۇغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئۇ: — سەن نېمانداق تېزلا يەنە مېنىڭ ئورنۇمغا چىقىۋالدىڭ، سەن شۇنداق مۇھىم بولۇپ كەتتىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

كونا چاپان جاۋاب بېرىپتۇ: — ئۇلار مېنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىگىسىگە ئەكىرىپ، كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ، چاڭ - توزان، قۇم، لايلارنى چىقىرىۋەتتى. ئاندىن ئىسسىق - قىزىق سۇ بىلەن چايقىدى، مۇجىدى. ھازىر مەن مانا ئەمدى كۆپ جاپا تارتىشنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ،— دەپتۇ.

*ھېكمەت:*
*يەقەت جاپالىق چىنىقىش ئارقىلىقلا قەيسەر كىشىگە ئايلىنىپ چىقالايسىز. شۇندىلا ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتەلەيسىز.*

## ئىگە بولۇش ۋە مەھرۇم قېلىش

قەدىمكى زاماندا بىر مەملىكەتنىڭ مەلىكىسى كېسەل بولۇپ قېلىپ، پادىشاھ بىر ئېلان چاپلاپتۇ. ئېلاندا: «كىم مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتالىسا، مەلىكىنى شۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ قويىمەن ھەمدە كەلگۈسىدە تەخت ۋارىسى قىلىمەن» دېيىلگەنىدى. مەلىكە ئەخلاقلىق، چىچەن قىز بولسىمۇ، بىراق ئۆمۈر بويى كېسەلدىن خالىي بولالماي قىينىلىپ كەلگەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

خان ئېلاننى چاپلىتىپ بولۇشىغا، بىر كىشى يىراق يەردىن بىر خىل جاھاننامە ئەينىكى ئارقىلىق ئېلاننى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ئىككى ئىنىسى بار بولۇپ، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بوپتۇ. بۇ كىشىنىڭ چوڭ ئىنىسىنىڭ تۇلپاردىنمۇ تېز ئۇچىدىغان ئۇچار گىلىمى بار ئىكەن. ئىككىنچى ئىنىسىنىڭ مىڭ كېسەلگە شىپا بولىدىغان ئالمىسى بار ئىكەن. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ تېزلا خان ئوردىسىغا كەپتۇ. مەلىكە ئالمىنى يەپتۇ ۋە راستىنلا كېسىلى ساقىيىپ كېتىپتۇ. پۈتۈن مەملىكەت تەۋەسىدىكى كىشىلەر پادىشاھ ۋە مەلىكىگە ئوخشاش خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. بىراق ئۈچ قېرىنداشنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۈز بېرىپتۇ. — مەلىكىنى ماڭا ياتلىق قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر مەن ئېلاننى كۆرمىگەن بولسام بىز مەلىكىنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالمىغان بولاتتۇق، — دەپتۇ چوڭ ئاكىسى. — مەلىكە مېنىڭ! مۇبادا مېنىڭ ئۇچار گىلىمىم بولمىغان بولسا، مەلىكىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولاتتى، — دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى. — مېنىڭ ئالمام تۈگىدى، — دەپتۇ كەنجى يىگىت.

بۇ ھەقىقەتەن بىر قىيىن ئىش بوپتۇ! پادىشاھ ئامالسىز قېلىپ، ئالتۇن كۇرسىتا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتۇ: — بىر قىزنى ئۈچ ئەرگە ياتلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس... ئېلاندىكى ۋەدىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرسام بولار؟ بۇ ۋاقىتتا، مەلىكە كەنجى يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىپپەت - ھايانىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ: — مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ ھەممە نەرسىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز. ھازىردىن باشلاپ، مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز بولىمەن، — دەپتۇ.

— بولمايدۇ! قەتئىي بولمايدۇ! — دەپ قارشىلىق بىلدۈرۈپتۇ ئىككى ئاكىسى.

بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ جاكارلاپ: — بارلىقىنى تەقدىم قىلالىغان كىشىلا ئەڭ قەدىرلىك بولىدۇ. چوڭ ئاكىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى بار ئىكەن، ئوتتۇرانچى يىگىتنىڭ ئۇچار گىلىمى بار ئىكەن، ئۇنداقتا، سىلەر بۈگۈن كەچ مەلىكىنىڭ توي زىياپىتىگە گۇۋاھ بولۇپ ئويناپ قايتىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلالىغان كىشى ئەڭ قەدىرلىك بولىدۇ. ئۇ شۇندىلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.***

## قىزىل ئۇسسۇل ئايىغى

بىر جۈپ قىزىل ئۇسسۇل ئايىغى بولۇپ تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن، قىزچاق ئۇنى كىيىپ، ئۇسسۇل ئويناسا تېخىمۇ يەڭگىل، ھاياتىي كۈچكە تولغاندەك ھېس قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، قىزلار بۇ بىر جۈپ قىزىل ئاياغنى كىيگەندىن كېيىن، خۇشال

بولۇشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ بىر جۈپ قىزىل ئۇسسۇل ئايىغىنى كىيىپ ئۇسسۇل ئويناشنى ئويلايدىكەن. بىراق قىزلارنىڭ ھەممىسى خىيالەن يۈرۈپ، ھېچكىممۇ ئۇنى كىيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن. چۈنكى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ بىر جۈپ قىزىل ئۇسسۇل ئايىغى بولسا سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئەگەر كىم ئۇنى كىيىپ ئۇسسۇل ئوينىسا، مەڭگۈ توختىماي ئوينايدىكەن، تاكى ئۇسسۇلچىنىڭ جىسمانىي كۈچى خوراپ تۈگىگەنگە قەدەر توختىمايدىكەن.

بىر ياش، چىرايلىق قىز ئۇسسۇل ئويناشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ بۇ بىر جۈپ قىزىل ئۇسسۇل ئايىغىنىڭ سېھرىي كۈچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ھېچقانداق نەسىھەتنى ئاڭلىماي، ئاستاغىنە بۇ ئاياغنى كىيىۋاپتۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى تېخىمۇ يەڭگىللىشىپ ئۇسسۇلغا بولغان ھېسسىياتى ئۇرغۇپتۇ. ئۇ ھارماس قىزغىنلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە تولۇپتۇ. ئۇ قىزىل ئۇسسۇل ئايىغىنى كىيىپ، كوچا - كويلاردىن يېزا - قىشلاقلاردىن ئۆتۈپ ياشلىقى ئۇرغۇپ تېشىپتۇ. ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئۇسسۇلىغا قايىل بولۇشۇپ باش چايقىشىپتۇ. قىزچاقنىڭ ئۆزىمۇ زور قانائەت ۋە بەخت ھېس قىلىپ، ھېرىپ - چارچاشنى ئۇنتۇپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ. ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپ، قاراڭغۇ پەردىسى جاھانغا يېيىلىپتۇ. قىزچاقنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرگۈچى كىشىلەرمۇ ئۆيىگە قايتىپ ئارام ئېلىشىپتۇ. قىزچاقمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناشتىن توختىماقچى بوپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ پۇتى ئۆزىنىڭ كونترول قىلىشىغا بويسۇنماي قاپتۇ. چۈنكى قىزىل ئۇسسۇل ئايىغى توختىماي سەكرەپ كېتىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. قىزچاق توختاپ يامغۇردىن پاناھلىنىشنى ئويلاپتۇ، بىراق پۇتىدىكى ئۇسسۇل ئايىغى ئاۋۋالقىدەك توختىماستىن، قىزچاقنى ئېلىپ ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. ئامال بولمىغانلىقتىن، قىزچاق يامغۇردا داۋاملىق ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ.

قىزچاق ئۇسسۇل ئويناۋېرىپ ناتونۇش بىر ئورمانلىققا بېرىپ قاپتۇ. ئۇنى سەل قورقۇنچ بېسىپ، ئۆللۈق ئۆيىنى ئويلاپتۇ. بىراق قىزىل ئۇسسۇل ئايىغى يەنىلا توختىماستىن قىزچاقنى ئالدىغا سەكرىتىپ ئۇسسۇل ئوينىتىپتۇ. قىزچاق قاراڭغۇلۇقتا بىر تەرەپتىن يىغلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن داۋاملىق سەكرەپ كېتىۋېرىپتۇ.

بىر چاغدا، قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، جاھان ئىللىغان ۋاقىتتا، كىشىلەر يېشىللىققا پۈركەنگەن ئوتلاقتا قىزچاقنىڭ ئىككى پۇتى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن ھالەتتە بايقاپتۇ. قىزچاقنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغان قىزىل ئۇسسۇل ئايىغى بولسا چېچىلىپ تۈرۈپتۇ.

***ھېكمەت:***

***تۇرمۇشتا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان نەرسىلەر تولۇپ ياتقان***

*بولىدۇ. جەلپ قىلىش كىشىلەرنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ مەھرۇم قالدۇرۇشى مۇمكىن. پەقەت جەلپ قىلالدۇرىدىغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالىساق، ئاندىن تېخىمۇ خۇشال ياشايمىز.*

## تاشلىۋېتىشكە قىيمىغان كالا ئارغامچىسى

بىر كالا ئەركىنلىكى بوغۇلغان، مەنىسىز تۇرمۇشتىن بىزار بوپتۇ. بىر ئىت كۈندە دېگۈدەك قورسىقى تويمايدىكەن، بەزىدە ئىگىسى خاپا بولۇپ قالغاندا، تېخى ئۇنى تېپىپ، ئۇرۇپ كېتىدىكەن. شۇڭا ئىتمۇ ئىگىسىنىڭ ئىشىكىنى باقماسلىق قارارىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى كەچتە بىرلىكتە قېچىپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ، تاغ - دالىدا ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى، ئىت كالا باغلانغان دەرەخ يېنىغا كەپتۇ ۋە كالىنىڭ بۇرنىغا سېلىنغان ئارغامچىنى چىشلەپ ئۈزمەكچى بولغاندا، كالا ئۇنى توسۇۋاپتۇ. ئىت ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا: ــ سەن قارارىڭدىن يانغان ئوخشىمامسەن؟ ــ دەپتۇ. كالا بېشىنى چايقاپ: ــ ئۇنداق ئەمەس، مەن بۇ ئارغامچىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، ئۇ ماڭا بىرقانچە يىل ھەمراھ بولدى. مەن مۇشۇ پېتى كەتسەم ھېچنېمەم قالمايدۇ. ئۇنى ئېلىۋالاي. سەن ئۇنى يەنىلا دەرەخقە باغلاقلىق يېرىدىن يەشكىن، ــ دەپتۇ. ئىت ئامالسىزلىقتىن كالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تەسلىكتە كالا ئارغامچىسىنى دەرەختىن يېشىپتۇ. كېيىن ئۇلار بىرلىكتە كەڭ دالىغا قاراپ قېچىپتۇ.

ئىت ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ تاغ باغرىغا بېرىپ، كالىنى ساقلاپ ئارقىسىغا قارىغاندا، ئىگىسىنىڭ كالىنى يېتىلەپ ئارقىسىغا يانغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەسلىدە كالا ئىتنىڭ ئارقىسىدا قالغاچقا، ئويلىمىغان يەردىن ئۇزۇن ئارغامچا تاشقا ئىلىنىشىپ قېلىپ ھەرقانچە كۈچىسىمۇ، ئارغامچىنى چىقىرالماي تۇرغاندا، ئىگىسى ئۇنى تۇتۇۋالغانىكەن.

***ھېكمەت:***

***«جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتمەس»، ئېرىشىش مەھرۇم قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.***

## تالىپ ۋە بېلىقچى

بىر تالىپ پايتەختكە بېرىپ ئىمتىھانغا قاتناشماقچى بولۇپ، يولغا چىقماقچى بوپتۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ سەل چارچاپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرەخقە يۆلىنىپ ئۇخلاپ ئارام ئاپتۇ. تالىپ ئۆزىمۇ بىلمەي بىر قانچە سائەت ئۇخلاپتۇ.

ئۇ ئويغانغان ۋاقىتتا بېشى سەل قايغاندەك بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى دەريا بويىغا بېرىپ يۈزىنى يۇيۇپ سەگىدىۋالغاندىن كېيىن، يولغا راۋان بولماقچى بوپتۇ. ئۇ دەريا بويىغا بارغاندىن كېيىن، بىر بېلىقچىنىڭ چوڭ بىر بېلىقنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

تالىپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي: — ۋاھ! نېمىدېگەن چوڭ بېلىق بۇ! — دەپتۇ. بېلىقچى تالىپنى كۆرۈپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. تالىپ: — بۇنداق چوڭ بېلىقنى سىز قانداق قىلىپ تۇتۇۋالالىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. بېلىقچى كۈلۈپ تۇرۇپ: — ئەلۋەتتە، بۇنىڭغىمۇ ھۈنەر كېرەك! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سىز ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

— ئەمەلىيەتتە مەنمۇ بىر قانچە قېتىم سىناپ بېقىش ئارقىلىق ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم.

— ۋاھ، قانداق دەيسىز؟

مەن بۇ يەر شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بېلىق تۇتۇپ، ئەزەلدىن بۇنداق چوڭ بېلىقنى تۇتۇپ باقمىغان، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى بايقىغان ۋاقىتتا، شۇنداق خۇشال بولۇپ، ئۇنى قارماققا ئىلىندۇرۇشنى قارار قىلدىم.» تالىپ ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قېلىپ: — ئارقىدىنچۇ؟» — دەپ سوراپتۇ. — ئارقىدىن مەن ئىلگىرىكى بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلۇمغا ئاساسەن، قارماقنىڭ ئۇچىغا يەمچۈك ياساپ ئۇنى سۇغا تاشلاپ قويدۇم. كىم بىلسۇن، بېلىق يەمچۈككە پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى. مەن، بېلىق بەلكىم بۇ يەمچۈكنى كىچىك كۆرۈپ قالدى دەپ ئويلىدىم.

— ئۇنداقتا بۇ كىچىك يەمچۈكنى ئېلىۋېتىپ، چوڭراق يەمچۈككە ئالماشتۇرغان ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، شۇنداق قىلىپ مەن يەمچۈككە بىر كىچىك گۆشنى ئىلىپ تاشلىدىم، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئۇسۇل كارغا كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، چوڭ بېلىق قارماققا ئىلىندى. ئۇ يەمچۈكنى يېگەندە قارماق ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئىلىنىپ، قېچىشقا ئامالسىز قالدى.

تالىپ بېلىقچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەسرەت چەككەن ھالدا: — ھەي بېلىق، ھەي بېلىق، دەريادا شۇنچە كۆپ كىچىك بېلىق ۋە كىچىك راكلار تۇرسىمۇ، سەن بىر ئۆمۈر ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنالمىدىڭ. سەن ئېزىتقۇغا ئالدىنىپ، بېلىقچى ئىشكىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن چوڭ يەمچۈكنى يېدىڭ. سېنىڭ ئاچ كۆزلۈكۈڭ ئاخىرى سېنىڭ جېنىڭنى ئالدى! — دەپتۇ.

***ھېكمەت:***

***بۇ دۇنيادا قايمۇقتۇرىدىغان ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپ. سەللا دىققەت قىلمىساق، ئۇنىڭغا چۆكۈپ قالىمىز. شۇڭلاشقا بىز ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك.***

# پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن توپلاپ رەتلىگەن: «ئەجدادلار نەسىھىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى.
2. جىلى مۇھەممەت تەرجىمە قىلغان: «دانىشمەنلەر ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل 4ـ ئاي نەشرى.
3. مۇتەللىپ پالتاجى نەشرگە تەييارلىغان: «ھېكايەتلەر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى.
4. جېلىل مۇھەممەت تەرجىمە قىلغان: «ئاباينىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى.
5. ھەمىد زىيايېۋ (جېلىل مۇھەممەت تەرجىمىسى): «بەختلىك بولاي دېسىڭىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.
6. مەھمۇد ھەسەنىي تۈزگەن (يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق تەييارلىغان): «ئەدەب بوستانى ۋە ئەخلاق گۈلىستانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.
7. بالتاسار گراسئەن (ياسىن ھاۋازى، خەمىت نېئمەت تەرجىمىسى): «ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.
8. ئەزىزى، ھەجەرگۈل قاسىم نەشرگە تەييارلىغان: «دانالار دۇردانىلىرىدىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.
9. بالتاسار گراسئەن (ئالىمجان ئازات تەرجىمىسى): «ھېكمەتنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى.
10. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، جېلىل ئۆمەر تۈزگەن: «ئەدەب ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى.
11. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەب ـ ئەخلاق تەربىيىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.
12. ج. كاربو (مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى): «ھۆرۈنلارنىڭ بېيىش يولى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.
13. ئامېل بېكېرت (ئالىمجان ئازات تەرجىمىسى): «ياشلار ئۈچۈن 101 ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى.
14. رومان ۋىنسېنت پېيل (نىجات ئابدۇقادىر تەرجىمىسى): «جاپا چەككەنلەرنىڭ مەيۈسلىنىشكە ھەققى يوق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى.

15. يۇنۇس ئىلىياس ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان: «ئەدەبنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى.
16. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «سەرخىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر» (ئىككى قىسىم)، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.
17. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «تەربىيىلىنىشتىكى 99 پاراسەت»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.
18. ئامىنە كىچىك تۇران، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «بۇۋام ئېيتقان ھېكمەتلەر»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.
19. نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن تەرجىمىسى: «بايقىساڭ توپىمۇ ئالتۇن»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى.
20. مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تەييارلىغان: «ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.
21. شەمسۇلمائالى قابۇس (ئابدۇرېشىت ئىسلامى تەرجىمە قىلغان): «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى.
22. شەيخ سەئىدى (رەھمىتۇللا جارى تەرجىمە قىلغان):«گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى.
23. ئۇبۇلھەسەن ئابدۇللا مۇقەففا (نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا نەشرگە تەييارلىغان): «كەلىلە ۋە دىمنە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.
24. نەۋائى (ئابدۇرېھىم توختى نەشرگە تەييارلىغان): «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى.
25. مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئابدۇلغەفۇر (پەرىدە ئىمىن، پەخرىدىن ئىمىن نەشرگە تەييارلىغان): «قىسسەسۇل غەرايىپ»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى 1994 ـ يىل 8 ـ ئايدا تۈزۈپ باستۇرغان.
26. موللا سىدىق يەركەندى (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن نەشرگە تەييارلىغان): «پەرھاد ـ شىرىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.
27. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ ھەر قايسى ناھىيە ـ شەھەرلەردە نەشر قىلىنغان توپلاملىرى.
28. موللا سىدىق يەركەندى (ئابدۇقەييۇم خوجا نەشرگە تەييارلىغان): «سەددى ئىسكەندەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.
29. موللا سىدىق يەركەندى (مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان): «بەھرام ـ دىلئارام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.
30. تۇرغۇن يىلتىز، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «نەۋائىي دۇردانىلىرى»،

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.

31. ئەسقەر ھۈسەيىن تۈزگەن: «نەۋائى خەزىنىسى» (1 ـ 3)، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى.

32. ئەسقەر ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى (مەتقاسىم ئەكرەم نەشرگە تەييارلىغان): «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق سانلىرى.

33. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «قۇتادغۇبىلىك،تىن جەۋھەرلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.

34. ئەللامە زەمەخشەرى، ئەلشىر نەۋائى (توختى تىللا تەرجىمىسى): «ئالتۇن ھالقىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.

35. سوقرات قاتارلىقلار (شۆھرەت مۇھەممىدى تەرجىمىسى): «پەزىلەتنامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.

36. سوقرات قاتارلىقلار (جاسارەت تاش تەرجىمىسى): «خۇلقنامە»، 2006 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.

37. سوقرات قاتارلىقلار (شۆھرەت مۇھەممىدى تەرجىمىسى): «تەربىيەتنامە»، 2006 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى.

38. شاھ رەسۇل زۇنۇن تۈزگەن (يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان): «دۇردانىلەر خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.

39. «مەسەللەر خەزىنىسىدىن»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى.

40. مۇستاپا مۇھەممەت، جېلىل مۇھەممەت توپلىغان: «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى.

41. «ئېزوپ مەسەللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى.

42. ئەخمەت ھاشىم توپلاپ رەتلىگەن: «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى.

43. مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېردىن: «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (2)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى.

44. ئېلبېرت خۇببارت (مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى): «مەڭگۈلۈك ھەمراھ ـ ئەقىل پاراسەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى.

45. مۇھەممەتتۇرسۇن يۇسۇپ، ئابدۇلباقى ھاجىم نەشرگە تەييارلىغان: «ئاز ـ ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى.

46. خې چېڭۋېي تۈزگەن (غوپۇر قادىر تەرجىمىسى): «قەترىگە يوشۇرۇنغان



www.uyghurkitap.com

دېڭىز»، شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2003 ــ يىل نەشرى.
47. ئابلىمىت ياقۇپى، يۇنۇس ئېلىياس ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان: «ئەجدادلار ئۆگۈتى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ــ يىل نەشرى.
48. گۈلزار مەمتىمىن، ئۆمەرجان تۇرسۇن تۈزگەن: «بالدۇر بېلىشكە تېگىشلىك 10 ئىش»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ــ يىل نەشرى.
49. نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن: «چۆچەكلەرنىڭ چۆچىكى»، قولىيازما ماتېرىيال.
50. ئۆمەرجان تۇرسۇن تۈزگەن: «بىر ئاتىنىڭ نەسىھىتى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ــ يىل نەشرى.
51. «بۇلاق»، «يېڭى قاشتېشى»، «قەشقەر»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «تەرمىلەر» قاتارلىق ژۇرناللار ۋە «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

www.uyghurkitap.com

# تېببىي ۋە تەربىيەۋى ھېكايەتلەر

تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم، ئەكبەرجان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرنىسا ئۆمەر
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: غالىپ شاھ
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2007 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىل 12 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/16 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 60.5 باسما تاۋاق
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4247-9
تىرازى: 3001—6100
باھاسى: 100.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى : (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001